دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى

هيۇگو (فرانسىيە)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

هيۇگو (فرانسىيە)

پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

۹۴



پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى

ISBN 978-7-228-14230-9

9 787228 142309 >

定价:73.00元

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هيۇگو (فىرانسىيە)

# پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن ئەھمىدى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

巴黎圣母院：维吾尔文/（法）雨果（Hugo,V.）著；伊明·艾合买提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2011.7
ISBN 978-7-228-14230-9

Ⅰ.①巴… Ⅱ.①雨… ②伊… Ⅲ.① 长篇小说 — 法国 — 近代 Ⅳ.① I 565.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第056171号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 阿扎提·阿里玛斯 |
| 责任校对 | 沙娜瓦尔，再米拉 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 1/32开本 |
| 印　　张 | 27.5 |
| 版　　次 | 2011年7月第1版 |
| 印　　次 | 2011年7月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1—3000 |
| 定　　价 | 73.00 元 |

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى»نىڭ ئاپتورى ۋىكتور هيۇگو (1802 ــ 1885) فىرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ بىرى، فىرانسىيە رومانتىزم ئەدەبىيات ھەرىكىتىنىڭ داھىيسى، باشقىلارنىڭ ئاتىغىنىدەك «فىرانسىيەنىڭ شېكىسپېرى». هيۇگو 1802 ـ يىلى 26 ـ فېۋرالدا فىرانسىيەنىڭ بېسانسون دېگەن يېرىدە ئوفىتسېر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسىغا ناپولېئوننىڭ ئاكىسى، ئىسپانىيە پادىشاھى جوسېف بوناپارت گېنېراللىق ئۇنۋانى بەرگەن بولۇپ، ئۇ پادىشاھنىڭ يېقىن ئەمەلدارى بولغان. هيۇگو بالىلىق چاغلىرىدىلا دادىسىغا ئەگىشىپ ئىتالىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە بارغان، 1814 ـ يىلىغا كەلگەندە پارىژدا ئولتۇراقلاشقان. هيۇگو كىچىكىدىنلا تالانتلىق، ئەقىللىك بالا بولغاچقا، توققۇز يېشىدىن باشلاپ شېئىر يازغان، ئون بەش يېشىدا يازغان «كىتاب ئوقۇشنىڭ شادلىقى» فىرانسىيە باكالاۋۇر ئىنستىتۇتىنىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولغان. يىگىرمە يېشىدا ئېلان قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى «مەدھىيە ۋە ژۇرنال» پادىشاھ لۇئى XVIII نىڭ يىللىق پۇلىغا ئېرىشكەن. ئائىلىسىنىڭ تەسىرى تۈپەيلى، ئۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدە يازغان شېئىرلىرىدا مونارخىزم ۋە روھانىيلىق مەدھىيەلەنگەن. تۇنجى رومانى «هان ئىسلاند» يازغۇچى نوتىييەنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولغان. نوتىييە بىلەن تونۇشۇش ئارقىلىق، هيۇگو ئىجادىيەتتە رومانتىزمغا يۈزلىنىپ، تەدرىجىي رەۋىشتە رومانتىزم ئېقىمىنىڭ سەركەردىسى بولۇپ قالغان. هيۇگو 1827 ـ يىلى ئۆزى ئىجاد

قىلغان دىراما «كىلونۋېر»غا ئۇزۇن بىر پارچە كىرىش سۆز، يەنى رومانتىزملىق ئېقىمنىڭ مەشھۇر ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىتابنامىسىنى يازغان. ئۇ كىرىش سۆزدە چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك بىلەن ساختىلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇكنى سېلىشتۇرۇشنىڭ پىرىنسىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كىلاسسىزملىق سەنئەت قاراشلىرىغا قارشى چىقىپ، رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەرغىب قىلغان. كىرىش سۆز فىرانسىيە ئەدەبىي تەنقىدچىلىك تارىخىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. دىراما ئوينالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا يېزىلغان كىرىش سۆز ئەدەبىيات تارىخىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ھۆججەتكە ئايلانغان ھەمدە فىرانسىيە رومانتىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە غايەت زور رول ئوينىغان.

ھېيۇگو ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا جەمئىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان يولنى تاللاپ، 19 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيەدە يۈز بەرگەن بارلىق زور ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بېشىدىن كەچۈردى. 1830 ـ يىلى 7 ـ ئايدا «ئىيۇل ئىنقىلابى» پارتلاپ، قايتا تىرىلگەن فېئودال بوربون خانىدانلىقى ئاغدۇرۇلدى. ھېيۇگو ئىنقىلابنى چىن قەلبىدىن قوللىدى، ئىنقىلابچىلارنى قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. «فېۋرال ئىنقىلابى» باشلانغاندا، ھېيۇگو ئاللىقاچان تەۋرەنمەس جۇمھۇرىيەتچىلەردىن بولۇپ قالغان بولغاچقا، ئاساسىي قانۇن تۈرغۈزۈش يىغىنىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، شۇنداقلا فىرانسىيە خەلق پارلامېنتىدىكى سوتسىيال دېموكرات سول ئېقىمدىكىلەرنىڭ رەھبىرى بولدى. كېيىنچە، لۇئى بوناپارت سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىدى. ھېيۇگو دەرھال بايانات ئېلان قىلىپ، سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى چىقتى ھەمدە جۇمھۇرىيەتچىلەر تەشكىللىگەن سىياسىي ئۆزگىرىشكە قارشى قوزغىلاڭغا قاتناشتى. بىراق، قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولدى. لۇئى

www.uyghurkitap.com

بوناپارت تەختكە چىقىپ، فىرانسىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. تېررورلۇق سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى شەپقەتسىزلىك بىلەن باستۇردى. ھېيۇگو بىريۇسسېلغا قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇ ئون توققۇز يىلغا سوزۇلغان سەرگەردانلىق تۇرمۇشتا، باشتىن - ئاياغ جەڭگىۋارلىقنى ساقلىدى، ئىجادىيەتنى بوشاشتۇرمىدى. ئاچچىق سىياسىي كىنايە بىلەن ناپولېئون Ⅲ نىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا شىددەتلىك ئوت ئاچتى. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇ تەسىرى زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. پەقەت بىر يۈز ئەللىك كۈن ۋاقىت ئىچىدىلا، تىرىشچانلىق بىلەن قەلەم تەۋرىتىپ «تەقدىر تىرىلوگىيەسى»نىڭ بىرى بولغان «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى»نى يېزىپ تاماملىدى (ئۇنىڭ قالغان ئىككىسى «خارلانغانلار» بىلەن «دېڭىزدىكى مېھنەتكەشلەر» ئىدى). بۇ ئارقىلىق دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىق بەدىئىي ماھارىتىنى تەلتۆكۈس ئىپادىلەپ بەردى.

«پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» ھېيۇگونىڭ رومانتىزملىق ئالاھىدىلىك بىلەن تويۇنغان كاتتا رومانى. روماننىڭ سۇژىتلىرى مۇرەككەپ، جىددىي ۋە جانلىق، ئەقىلنى لال قىلىدىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىشچان، دراماتىك خۇسۇسىيەتكە باي، رىۋايەت تۇسىگە ئىگە بولۇپ، تۆت يۈز يىل بۇرۇنقى فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى Ⅸ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكى تارىخىي چىنلىقنى بەدىئىي يوسۇندا قايتا ئىپادىلەپ بەرگەن. ئۇ ئوردا بىلەن دىنىي جەمئىيەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئېغىز - بۇرۇن يالىشىدىغانلىقى، خەلق ئاممىسىنى قاتتىق قاقشىتىدىغانلىقى شۇنداقلا خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ ئىككى رەزىل كۈچ بىلەن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنى نامايان قىلغان. رومان سېلىشتۇرما ئىجادىيەت ئۇسۇلىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دىنىنىڭ ساختىلىقىنى پاش قىلغان، تەركىدۇنياچىلىقنىڭ بىتچىت

بولغانلىقىنى جاكارلىغان. تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىنى، دوستلۇقى ۋە مۇھەببىتىنى، ئۆزىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە باشقىلارنى قۇتۇلدۇرىدىغان ئالىيجاناب روھىنى مەدھىيىلىگەن. روماندىن ھيۇگونىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ شانلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ.

«پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى»دا ئوقۇرمەننىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان بىر ھېكايە بايان قىلىنىدۇ: 1482 - يىلى پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىدا تاشقى قىياپىتى ۋە مىجەز - خاراكتېرى بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم تۇرمۇش كەچۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى خوجايىن، يەنە بىرى مالاي. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىرى سالاپەتلىك ياردەمچى ئېپىسكوپ كلاۋدې، يەنە بىرى تەق - تۇرقى بەتبەشىرە، قوڭغۇراق چالىدىغان كۋاسىمدو. سىرتقى قىياپىتىدىن نومۇسچان كۆرۈنىدىغان، ئىچكى دۇنياسى رەزىللىك بىلەن تولغان كلاۋدې كوچا - كويدا ئويۇن كۆرسىتىپ جان باقىدىغان سىگان قىزى ئەسمېرالداغا يامان نىيەتتە بولىدۇ. بىر كۈنى كېچىدە كۋاسىمدونىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ئۇ قىزنى بۇلاپ قاچماقچى بولىدۇ. قەددى - قامەتلىك، ياش كاپىتان فوبۇس سىگان قىزى ئەسمېرالدانى قۇتۇلدۇرۇۋالىدۇ. ئەسمېرالدا ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. ئىككىيلەن خالىي بىر جاينى تېپىپ كۆرۈشۈۋاتقاندا، ھەسەتخورلۇق ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقان كلاۋدې پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كاپىتان فوبۇسنى زەخىملەندۈرىدۇ ھەمدە گۇناھنى ئەسمېرالداغا دۆڭگەپ قويىدۇ. ئەسمېرالدا سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىدۇ. جازانى ئىجرا قىلىدىغان چاغدا، ئەسمېرالداغا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرگەن كۋاسىمدو كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرىدۇ ۋە بۈۋى مەريەم چېركاۋىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. لېكىن، ئىچى يامان كلاۋدې دىنىي جەمئىيەتنى كۈشكۈرتۈپ، ئەسمېرالدانى ئايال پېرىخون قاتارىغا چىقىرىدۇ. سوت مەھكىمىسىمۇ بۈۋى مەريەم

چېركاۋنىڭ پاناھلانغۇچىلارغا پاناھلىنىش ھوقۇقى بېرەلەيدىغان مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكىدەك قائىدىگە ھۆرمەت قىلماي، ئەسمېرالدانى قولغا ئېلىشنى قارار قىلىدۇ. ئەسمېرالدا بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولغان تۆۋەن قاتلامدىكى ئەزىمەتلەر ئۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. كۋاسىمىدو ئۇلارنى ئەسمېرالدانى قولغا ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى دەپ ئويلاپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىدۇ. ئاخىرىدا، پادىشاھ لۇئى IX بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتىدۇ. كلاۋدې توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلاپ، ئەسمېرالدانى ئەپقاچىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇشقا زورلايدۇ. ئەسمېرالدا ئۇنىڭغا بوي بەرمەيدۇ. كلاۋدې ئۇنى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىگە تۇتۇپ بېرىپ، بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراق بىناسىنىڭ ئۈستىدىن ئەسمېرالدانىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى تاماشا قىلماقچى بولىدۇ. كلاۋدېنىڭ رەزىل قىلمىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كۋاسىمىدو بۇ ئەھۋالغا چىداپ تۇرالماي، غەزەپ ۋە نەپرەت ئىچىدە ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ياردەمچى ئېپىسكوپنى بىنادىن ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئاندىن ئۆزى يالغۇز قەبرىستانلىققا بېرىپ، ئەسمېرالدانىڭ جەسىتىنى ئىزدەپ تاپىدۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىدا يېتىپ ئۆلۈپ كېتىدۇ. كىشىلەر بىرنەچچە يىلدىن كېيىن، قەبرىستانلىقتىكى بىر گەمە ئۆيگە كىرىپ بىر ئەر بىلەن بىر قىزنىڭ بىر ـ بىرىنى قۇچاقلاپ ياتقان ھالەتتىكى سۆڭەكلىرىنى ئۇچرىتىدۇ. بۇ دەل كۋاسىمىدو بىلەن ئەسمېرالدا بولۇپ چىقىدۇ.

ھيۇگو بۇ روماندا، رېئال دۇنيا ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەن سىگان قىزى ئەسمېرالدا بىلەن بەتبەشىرە مەجرۇھ كۋاسىمىدونى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئوقۇرمەنلەرگە سۇنىدۇ؛ ياردەمچى ئېپىسكوپ كلاۋدې بىلەن ئاقسۆڭەك ھەربىي فوبۇسنى ساختىلىق، رەزىللىك، خۇنۇكلۇكنىڭ تىپى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىككىسىنى

رەھىمسىزلىككە، ساختا روھ ۋە جىنايى ھاۋايى ــ ھەۋەسكە ۋەكىل قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. مەيلى كلاۋدې ياكى فوبۇس بولسۇن، مەيلى كۋاسىمدو ياكى ئەسمىرالدا بولسۇن، ئۇلار مۇتلەق رەۋىشتە ئىچكى دۇنياسىدىكى پارچىلىنىش بىلەن توقۇنۇش، شۇ چاغدىكى ئىلاھىي قۇدرەت بىلەن ئىنسانىي ھوقۇق، ئادالەت بىلەن رەزىللىك، نادانلىق بىلەن ئويغىنىش ھەمدە زۇلمەتلىك تۇزۇم بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ــ ماماتلىق ئېلىشىشنى باشتىن كەچۈرىدۇ ۋە ئاخىرىغا بېرىپ پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولىدۇ. ھيۇگو تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدىغان ۋەقەلىك بىلەن جانلىق ۋە رەڭدار دىراماتىك كۆرۈنۈشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۇرۇپ، رومانىنىڭ كۆرۈشچانلىقىنى كۈچەيتكەن، شۇنداقلا قويۇق رومانتىكلىق ئۇسلۇب ئارقىلىق ئۆزئارا يورۇتۇش، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسەرنىڭ بەدىئىي تەسىرلەندۇرۇش ئىقتىدارىنى ۋايىگە يەتكۈزگەن.

«پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى»دا تەسۋىرلەنگىنى تىپىك تىراگېدىيە: دەھرىيلىكتە ئۇچىغا چىققان شاللاق ياردەمچى ئېپىسكوپ كلاۋدې خۇدانىڭ ھېكمەتلىرىگە ئىشەنمەيدۇ، كىمياگەرلىككە ئىشىنىدۇ. ھاۋايى ــ ھەۋەسنىڭ تورتكىسىدە ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلماقچى بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى ۋە ئۆزى سۆيگەن ياكى سۆيمىگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇزۇل ــ كېسىل ۋەيران قىلىدۇ. بۇ بىرىنچى تىراگېدىيە. ھەققانىي ۋە ئاق كۆڭۈل كۋاسىمدو تۇغما بەتبەشىرە ۋە ئەمالىقى، گاسلىقى تۈپەيلى بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئەزىمەتلەرنىڭ ئەسمىرالدانى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا، چېركاۋ ئالدىدىكى مەيداندا ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسايدۇ. بۇنى ئاز دېگەندەك، ئەسمىرالدانى تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرى بىللە ئۇلارغا ئالدى ــ كەينىدىن زەربە بېرىدۇ. نەتىجىدە، تۆۋەن قاتلامدىكى بۇ «يارىماس

www.uyghurkitap.com

پۇقرالار»نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى تىراگېدىيە. بىگۇناھ سىگان قىزى ئەسمېرالدا جاھىل، زۇلمەتلىك كۈچ تەرىپىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا نابۇت قىلىنغان جاپاكەش ئاۋامنىڭ ئەزاسى بولۇش سۈپىتىدە ئۇلارنىڭ ئەڭ جانلىق، ئەڭ تەسىرلىك ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. لېكىن، ئۇ ئۆزىنى قانداق ئاقلىشىدىن، شۇنداقلا ئادالەتنى ياقلايدىغان ئادەملەرنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن قانچىلىك تىرىشچانلىقىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا دارغا ئېسىلىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ ئۈچىنچى تىراگېدىيە. «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى» ئىنسان قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان پاساھەت بىلەن، شۇ زۇلمەتلىك دەۋردىكى جىمىكى ئاۋام پۇقرالار ھەرگىز قۇتۇلالمايدىغان تىراگېدىيەنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ھالبۇكى، قاتمۇقات قاراڭغۇ پەردە ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان پادىشاھ لۇئى XI دەل مۇشۇ تىراگېدىيەدىكى ئەڭ چوڭ قاتىل، ئۇ ۋەكىللىك قىلغان زۇلمەتلىك كۈچ تەرىپىدىن رەھىمسىزلەرچە نابۇت قىلىنغان بىگۇناھ پۇقرا دەل مۇشۇ تىراگېدىيەدىكى باش پېرسوناژ.

«پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى»غا ئارقا كۆرۈنۈش بولغان بۈۋى مەريەم چېركاۋى گوت ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ خەزىنىسى. ھيۇگو ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن تارتىپ ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيگەن، قىزىققان، ياشلىق دەۋرىدە ئۇنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن. ئۇ ئاز دېگەندىمۇ ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى فىرانسىيە جەمئىيىتى بىلەن تونۇشقان، بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىغا كۆپ قېتىم كىرگەن. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئەتراپلىق ئۆگەنگەن. فىرانسىيەلىكلەر شان - شەرەپ ھېس قىلىدىغان بۇ قەدىمي بىنا ئۆزىگە جۇغلانما قىلغان مەخپىيەتلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلىگەن. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ «پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى»دەك مۇشۇنداق كاتتا

ئەسەرنى ئىجاد قىلىشىغا ئاساس سالغان. ھيۇگو ئۆزى بىۋاستە ھېس قىلغان ئىنچىكە تەپسىلات ۋە نازۇك تەسىراتلارنىڭ ياردىمىدە روماندىكى بۇ مەشھۇر بىناغا ھاياتىي كۈچ بەرگەن. بۇۋى مەريەم چىركاۋى ئۇنىڭ پاساھەتلىك قەلىمى ئاستىدا پەۋقۇلئاددە جانلىق بىر شەيئىگە ئايلانغان. رومانتىزمنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر، ۋەكىللىك ئەسىرى ھېسابىدىكى بۇ ئەسەر ــــ «پارىژ بۇۋى مەريەم چىركاۋى» ئاپتورنىڭ ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئەسلىي قىياپىتىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ھەقىقىي ئىپادىلەش ماھارىتىنى، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىر فىرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. رومانتىكىلىق شەكىل، تەسىرلىك سۇژىت، جانلىق كۆرۈنۈش ئارقىلىق گۈزەل ھەمدە سەلتەنەتلىك بولغان تەقدىر سىمفونىيەسىنى يازغان.

ھيۇگونىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ھاياتى ئاتمىش يىلدىن ئۇزاق داۋام قىلدى، ئىجادىيەت كۈچى ئاجىزلىمىدى. پۈتكۈل ئۆمرى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىدە ئىنسانپەرۋەرلىك، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش، مۇھەببەت ئارقىلىق «رەزىللىك»نى تىزگىنلەش ئىزچىل رەۋىشتە يېتەكچى ئورۇندا تۇردى. 19 ـ ئەسىر فىرانسىيەدىكى ئەڭ مەشھۇر يازغۇچى، ئەدەبىي تەنقىدچى، سىياسىي ئوبزورچى، شېئىرىيەتتىكى ئىسلاھاتچى، رومانتىزملىق دىرامىنىڭ قۇرغۇچىسى ھيۇگو ناھايىتى كۆپ ئەسەر يازدى. ئەدەبىياتنىڭ ھەر خىل ژانىرى، جۈملىدىن شېئىر، دىراما، ھېكايە، ئەدەبىيات نەزەرىيەسى، سىياسىي ئوبزور قاتارلىقلارنى ھەممە يەرگە كېڭەيتتى. يىگىرمە ئالتە شېئىر توپلىمى، يىگىرمە توملۇق نەسرىي ئەسەرلىرى، ئون ئىككى توملۇق دىراما توپلىمى، يىگىرمە بىر توملۇق پەلسەپە ئەسەرلىرى بولۇپ، يەتمىش توققۇز تومدىن كۆپرەك ئەسىرى جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

ھيۇگو ئۆز ھاياتىدا دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش ئېقىمىغا ئەگەشتى. ئۇ فىرانسىيە ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئىنقىلابىي

ئىدىيەگە ئىگە ئۇلۇغ يازغۇچى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە غەربلىكلەر بىلەن شەرقلىقلار بىردەك دۇچ كېلىدىغان زور ئىجتىمائىي تېمىلارنى، ئالايلۇق: مۇستەبىتلىك بىلەن ئىنسان ھوقۇقى، قانۇن بىلەن ھەققانىيەت، نامراتلىق بىلەن باياشاتلىق، ئىنقىلاب بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك قاتارلىقلارنى بەدىئىي رەۋىشتە يورۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، جۇڭگولۇق ئوقۇرمەنلەر ئۇنى ئۆزىگە ئىنتايىن يېقىن كۆرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۇ يەنە سەگەك ئىجتىمائىي ئاڭ، رېئال ئەھمىيىتى بار ئۆتكۈر تېمىلار، قايناپ تېشىۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسى ۋە ئوتتەك كۆيۈپ تۇرغان ئۈمىدۋار غايە ئارقىلىق ئاددىي ئاۋامنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىنى، تىركىشىشى ۋە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى چىنلىق بىلەن جانلىق تەسۋىرلەپ بەردى. بۇ تەسۋىرلەر قويندىن شەرقلىقلار ئۆزىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى، مەنىۋى جەھەتتە ئەسەر پېرسوناژلىرى بىلەن ئورتاق ھەمدەردلىك پەيدا قىلدى. ئەدىبلەر ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر، ئەڭ ئۇلۇغ جامائەت ئەرबابى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ ئۆمۈر بويى مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرىنى قوللىدى؛ دېموكراتىيە ۋە جۇمھۇرىيەت پائالىيەتلىرىنى قوللىدى ۋە ئۇنى مەدھىيەلىدى. تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشقا قارشى تۇردى. 1861 ـ يىلى ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسى يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتكەندە، ھيۇگو نارازىلىق خەت ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيە، فىرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيەسىنىڭ شەرق مەدەنىيىتىنى ۋەيران قىلىشتەك جىنايى قىلمىشىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلىدى. ئۇ ھەققانىي سۆزلەر بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ: «فىرانسىيە ئىمپېرىيەسى بۇ قېتىمقى غەلىبىدىن يېرىم زاڭ مالغا ئىگە بولدى. ئۇ ساددىلىق بىلەن ئۆزىنى مۈشۈ مال ـ مۈلۈكنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى چاغلاپ، يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنىڭ شانۇشەۋكىتىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسىلەرنى كۆرگەزمە قىلىۋاتىدۇ. مەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە فىرانسىيەنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئۆز جىنايىتىنى تونۇپ، بۇ بايلىقنى تالان ـ تاراج قىلىنغان جۇڭگوغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەپ يازدى.

هيۇگو فىرانسىيە خەلقىگە تەئەللۇق، ئەينى چاغىنىڭ ئۆزىدە ئۇ پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە تەئەللۇق. ئۇنىڭ ئۇلۇغ روھى، ئۆلمەس ئەسەرلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى.

تەھرىر ھەيئىتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم


بىرىنچى باب ........................ 3
1. زال ........................ 3
2. پىررې گرىنگورى ........................ 29
3. كاردىنال جانابلىرى ........................ 45
4. خوجايىن ياكوئىس كوپپىنول ........................ 58
5. كۋاسىمودو ........................ 73
6. ئەسمىرالدا ........................ 86

ئىككىنچى باب ........................ 93
1. چاربىدىستىكى قايىنامدىن سىللادىكى خادا تاشقىچە ..... 93
2. گرىۋ مەيدانى ........................ 98
3. چىدىغانغا چىقارغان ........................ 102
4. كېچىدە ساھىبجامالنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ تاپقان ئاۋارىچىلىك ........................ 120
5. «ئاۋارىچىلىك ...»نىڭ داۋامى ........................ 128
6. چېقىلىغان ئىدىش ........................ 131
7. توي كېچىسى ........................ 166

ئۈچىنچى باب ........................ 183
1. بۈۋى مەريەم چېركاۋى ........................ 183
2. پارىژغا نەزەر ........................ 199

تۆتىنچى باب ........................................................ 242

1. ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ........................... 242

2. كلاۋدې فروللو ....................................... 248

3. بۈۋى مەريەم چېركاۋىدىكى قوڭغۇراق چالغۇچى ...... 256

4. ئىت ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى ........................... 268

5. كلاۋدې فروللونىڭ داۋامى .......................... 270

6. نەزەردىن چۈشكەنلەر ............................. 281

بەشىنچى باب ........................................................ 283

1.ساينت مارتىن موناستىرىنىڭ باشلىقى ................ 283

2. «بۇ بىرى يەنە بىرىنى يەۋېتىدۇ» ......................... 301

ئالتىنچى باب ........................................................ 331

1. قەدىمكى دەۋر ئەدلىيە ساھەسىگە ئادىل باھا بېرىش كېرەك ........................................................ 331

2. چاشقان كامىرى ........................................... 348

3. كۆممىقوناق قوتۇرمىچى ھەققىدە ھېكايە ........................ 355

4. بىر تامچە ياشقا بىر تامچە سۇ ............................ 387

5. كۆممىقوناق قوتۇرمىچى ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ ئاخىرى ........................................................ 405


## ئىككىنچى قىسىم


يەتتىنچى باب ........................................................ 409

1. ئوغلاقنى تايىنىپ سىر ساقلىغانلىقنىڭ خەتىرى ......... 409

2. پوپ بىلەن پەيلاسوپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەم ........................................................ 432

3. قوڭغۇراق ........................................................ 447

4. تەقدىر ........................................................ 450

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

5. قارا كىيىملىك ئىككى ئادەم ........................ 472
6. كاپىتان فوبۇس شاتوپىر ........................ 481
7. ئالۋاستى روھانىي ........................ 487
8. دەرياغا قارايدىغان دېرىزە ........................ 499

سەككىزىنچى باب ........................ 516
1. خازانغا ئايلىنىپ قالغان تەڭگە ........................ 516
2. خازانغا ئايلانغان تەڭگىنىڭ داۋامى ........................ 531
3. خازانغا ئايلانغان تەڭگىنىڭ ئاخىرى ........................ 539
4. كۆپۈككە ئايلانغان ئارزۇ ........................ 544
5. ئانا ........................ 568
6. ھەر كاللىدا ھەر خىيال ........................ 575

توققۇزىنچى باب ........................ 605
1. قىزىتما ........................ 605
2. دۈمچەك، يەكچەشمە، توكۇر ........................ 624
3. گاس ........................ 631
4. ساپال بىلەن خىرۇستال تەشتەك ........................ 635
5. قىزىل دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچى ........................ 656
6. قىزىل دەرۋازا ئاچقۇچىنىڭ داۋامى ........................ 659

ئونىنچى باب ........................ 665
1. گرىنگورى بىرناردىن كوچىسىدا ئويلاپ تاپقان ئەپچىل چارە ........................ 665
2. تىلەمچى بولۇپلا كەتكىنە ........................ 683
3. ياشىسۇن خۇشاللىق ........................ 687
4. كالانپاي ئاغىنە ........................ 700
5. فىرانسىيە پادىشاھى لۇئىنىڭ تىلاۋەتخانىسى ........................ 735
6. كىچىك مەشئەل ........................ 787

7. شاتوپىر ياردەمگە كەلدى ............................... 789

ئون بىرىنچى باب ......................................... 792
1. پوپۇچ ................................................... 792
2. «ئاق كىيىملىك پەرىزات» ............................. 846
3. فوبۇسنىڭ تويى ........................................ 860
4. كۋاسىمدونىڭ تويى...................................... 862

www.uyghurkitap.com

*Notre Dame De Paris*

# بىرىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## 1. زال

بۈنىڭدىن ئۈچ يۈز قىرىق سەككىز يىل ئالتە ئاي ئون توققۇز كۈن بۇرۇنقى بىر كۈنى پارىژ كونا شەھەر رايونى، ئۇنىۋېرسىتېت رايونى ۋە يېڭى شەھەر رايونىنىڭ ئۈچ قات سېپىلى ① دىكى قوڭغۇراقلارنىڭ ھەيۋەتلىك ساداسى شەھەر ئاھالىسىنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتتى.

ئەمەلىيەتتە، 1482 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تارىختا ئەستىلىك بولغۇدەك بىرەر ئىش يۈز بەرگەن كۈن ئەمەس ئىدى. تاڭ ئاتار ـ ئاتمايلا پارىژ ئاھالىسىنى بىسەرەمجان قىلغان ئوپۇر ـ توپۇرنىڭمۇ يېزىپ قويۇشقا ئەرزىگۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ كۈنى پىكارد②لىقلار ۋە بۇرگوندى③ لىقلار شەھەرگە باستۇرۇپ كىرمىگەن، پوپلارنىڭ جەسەت ساندۇقىنى

---

① كونا شەھەر بۈگۈنكى كۈندە ئارالچە شەھەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ سېنا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بولۇپ، پارىژنىڭ قەدىمىي باشلىنىش ئورنى. شەرقىي تەرىپىدە بۈۋى مەريەم چېركاۋى بىلەن ئەدلىيە سارىيى بار. ئۇنىۋېرسىتېت رايونى سېنا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا، يەنى جەنۇبىي قىرغىقىغا توغرا كېلىدۇ. يېڭى شەھەر رايونى سېنا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقى، يەنى شىمالىي قىرغىقىدا بولۇپ، پارىژنىڭ ھازىرقى بىر قىسمى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارىژدا ئۈچ قات قەلئە سېپىلى بار ئىدى.

② پىكارد ــ فىرانسىيەنىڭ شىمالىي رايونى، شۇ چاغلاردا فىرانسىيە ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى بىر ئۆلكە.

③ بۇرگوندى ــ فىرانسىيەنىڭ غەربىي رايونى، قەدىمكى دەۋردە فىرانسىيە پادىشاھلىقىدىكى كىنەزلىكلەرنىڭ بىرى. پىكارد بىلەن بۇرگوندىدا شۇ چاغلاردىكى كۈچلۈك فېئودال بەگلىك مەۋجۇت ئىدى.

كۆتۈرۈۋېلىپ كوچا ئايلىنىدىغان مۇراسىمنى ئېلىپ بېرىلمىغان ياكى بولمىسا ئوقۇغۇچىلار لاستىكى ئۇزۇمزارلىقتا توپلىنىپ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپمۇ يۈرمىگەن، ھۆرمەتكە سازاۋەر پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ شەھەرگە كىرىش مۇراسىمىمۇ ئۆتكۈزۈلمىگەن، ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى ئوغرى جىنايەتچىنى دارغا ئاسىدىغان ئىشمۇ بولمىغانىدى. ھەتتا 15 ـ ئەسىردىكى ئالپتە كېيىنگەن ۋە بېشىغا پەي تاقىغان بىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغان داغدۇغىلىق مەنزىرىمۇ شەكىللەنمىگەنىدى. ناھايىتى كەلسە، ئىككى كۈن ئىلگىرىلا فلاندىر[①]لىق ئەلچىلەر فلاندىر مەلىكىسى مارگېرىت بىلەن ۋەلىئەھد[②] نىڭ تويىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن پارىژغا يېتىپ كەلگەنىدى، خالاس. بوربون كاردىنالى بۇ ئىشتىن شۇنداق خاپا بولدىكى، ئۆتى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. شۇنداقتىمۇ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئەپتىدىن سەھرالىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدىغان فلاندىرلىق ئەلچىلەرنى يالغاندىن ھىجىيىپ بولسىمۇ قارشى ئالدى. بوربوندىكى ھۆكۈمەت سارىيىدا مەسخىرىلىك، قىزىقارلىق، كومېدىيەلىك تىياتىرلارنى ئويناپ چىقىشنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ كۈنى قاتتىق يامغۇر ياغدى. چېلەكتە قۇيغاندەك چۈشۈۋاتقان يامغۇر سارايىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىگە تارتىلغان نەپىس پەردىلەرنى چىلىق ـ چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى.

ژان دې تىرويىس [③] نىڭ سۆزى بويىچە ئالغاندا، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى «پارىژدىكى جىمى جامائەت چەكسىز ھاياجانغا

---

① فلاندىر ــ ياۋروپادىكى قەدىمىي رايونلارنىڭ بىرى. 1668 ـ يىلىدىن كېيىن ئىككىگە بۆلۈنۈپ، فىرانسىيە بىلەن بېلگىيەگە قارام بولغان.

② ۋەلىئەھد ــ لۇئى Ⅺ نىڭ ئوغلى. 1683 ـ يىلى تەخت ۋارىسى بولۇپ، چارلېز Ⅷ دەپ ئاتالغان، مارگېرىت مەلىكە بىلەن توي قىلمىغان. مارگېرىت ئاۋستىرىيەلىك مارگېرىت مەلىكە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە بۇرگۇندى كىنەزى فرانسۇۋا Ⅱ نىڭ قىزى، كەلگۈسىدىكى خانىش سۈپىتىدە فىرانسىيە ئوردىسىدا چوڭ بولغان. كېيىنچە ۋەلىئەھد بىرىتانىيەلىك ئاننا بىلەن توي قىلغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارغا ياتلىق بولغان.

③ ژان دې تىرويىس ــ 15 ـ ئەسىردىكى فىرانسىيەلىك تارىخشۇناس.

www.uyghurkitap.com

چۆمۈلگەندى.» ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئېپىفان①بايرىمى بىلەن ئادەم ئەخمەق قىلىش بايرىمى تارىختا تۇنجى مەرتەم بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلمەكچى بولغانىدى.

شۇ كۈنى گرېف مەيدانىدا گۈلخان يېقىلىدىغان، بىراكۈي چېركاۋنىڭ ئالدىغا ماي دەرىخى تىكىلىدىغان، ئەدلىيە سارىيىنىڭ زالىدا مىراكىل تىياتىرى ② ئوينىلىدىغان بولغانىدى. ئۈستىگە بېغىر رەڭ كىمخاب چاپان كىيگەن، مەيدىسىگە كۈمۈشتەك ئاپپاق كىرىست تاقىغان مەھكىمە جاكارچىلىرى بىر كۈن ئىلگىرىلا ھەرقايسى يول ئېغىزلىرىغا بېرىپ، كانايدەك كاركىراپ چىقىدىغان ئاۋازى بىلەن بۇ ئىشنى جامائەتكە ئۇقتۇرغانىدى.

شەھەر ئاھالىسى كۈن چىقماي تۇرۇپلا ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى قۇلۇپلاپ، دۇكانلىرىنى تاقاپ، تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گۈلخاننى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. بەزىلىرى مىراكىل تىياتىرىنى كۆرۈشنىڭ كويىدا بولاتتى. يەنە بەزىلىرىنىڭ ماي دەرىخىنى تاماشا قىلغۇسى بار ئىدى. لېكىن، پارىژلىقلار ئەزەلدىن تارتىپلا ھالىنىڭ چوڭلۇقىدا داڭ چىقارغان خەقلەردىن ئىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر گۈلخاننى كۆرۈپ باقسام دەپ ئويلايتتى. چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردە گۈلخان يېقىش پەسىلگە يارىشىدىغان بىر ئىش ئىدى ياكى بولمىسا ئۇلار مىراكىل تىياتىرىنى كۆرۈشنىڭ خىيالىدا بولاتتى. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب، بۇ تىياتىر تام ـ تورۇسلىرى مەھكەم، ئىشىك ـ دېرىزىلىرى ھىم

---

① ئېپىفان بايرىمى — «ئىنجىل»دا يېزىلغىنى بويىچە ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈچ قېتىم پەيدا بولغان. كاتولىك دىنى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈننى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنى خاتىرىلەش بايرىمى قىلىپ بېكىتكەن.

② مىراكىل تىياتىرى — ئوتتۇرا ئەسىردىكى تىياتىرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇ بۈۋى مەريەم، ئەيسا ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان.

ئېتىلگەن ئەدلىيە زالىدا ئوينالماقچىدى. بۇلارنىڭ ئەكسىچە ماي دەرىخى قىيا ـ چىياغا ئامراق بۇ ئادەملەرنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قالغاندەك ئىدى. چېچەكلىرى شالاڭلىغان ماي دەرىخى براكۇي چېركاۋىنىڭ ئالدىدىكى قەبرىستانلىقتا غۇيۇلداپ سوقۇۋاتقان سوغۇق شامالدا يېتىم بالىدەك لاغىلداپ تىترەيتتى.

ئەدلىيە سارىيىغا تۇتىشىدىغان بىرنەچچە يول ئادەم بىلەن لىقمۇلىق تولغانىدى. ئۇلار فلاندىرلىق ئەلچىلەرنىڭ مىراكىل تىياتىرى بىلەن ئەخمەقلەر پادىشاھىنى تاللايدىغان سايلامنى كۆرۈش ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدى. سايلام ئەدلىيە سارىيىنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلمەكچىدى.

ئەدلىيە سارىيىنىڭ زالى گەرچە دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ زال دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، بىراق مۇنداق چاغدا بۇ زالغا قىستىلىپ كىرىش ئوڭايغا چۈشىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى (راستىنى ئېيتقاندا، سوۋال① شۇ كۈنلەردە موندال خان سارىيىدىكى بۇ زالنى ئۆلچەپ باقمىغانىدى). سارايىنىڭ ئالدىدىكى مەيداننى ئادەم دېڭىزى دېسىمۇ ئوشۇقلۇق قىلمايتتى. مىدىرلاۋاتقان باشلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى. مەيداننىڭ ياقىسىدىكى بەش ـ ئالتە يول ئېغىزى دېڭىزغا قۇيۇلۇۋاتقان دەريا ئېغىزىنىڭ ئۆزى ئىدى. دەريا سۈيىدەك لۆمۈلدەۋاتقان ئادەملەر مۇشۇ يەردىن دېڭىزغا قاراپ ئاقاتتى. ئۇلار بەئەينى دولقۇنغا ئوخشاش گاھ ئۆرلەيتتى، گاھ پەسلەيتتى، بىنالارنىڭ بۇرجىكىگە، ئۆيلەرنىڭ لەمپىسى ئاستىغا تارقىلاتتى، ئۆلچەمسىز كۆلچەكتەك بولۇپ قالغان مەيداننىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىدە خادا تاشتەك چوقچىيىپ ئۆرە بولاتتى. سارايىنىڭ گوت ② ئۇسلۇبىدا قوپۇرۇلغان ئېگىز ئالدى تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا كەلگەندە، ئۇ يەردىكى چوڭ

① ھېنرى سوۋال (1623 ــ 1676) ــ فرانسىيەلىك تارىخشۇناس، «پارىژ تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

② گوت ئۇسلۇبى دېگەن بۇ سۆز ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

پەلەمپەيدىن ئىككى ئېقىن بولۇپ بۆلۈنەتتى، تىنىم تاپماي ئىلگىرىلەيتتى، ئۇياندىن ـ بۇيانغا ئۆتەتتى، شۇنداقلا قاق ئوتتۇرىدىكى پەلەمپەيدە تارقىلاتتى، ئاندىن ئىككى تەرەپتىكى يانتۇلۇقتا غايەت زور دولقۇنغا ئايلىنىپ، پەسكە قاراپ كۆۋرەيتتى. پەلەمپەيدىن مەيدان ئۇستىگە ئۇزۇلمەي تۆكۈلۈۋاتقان ئادەم ئېقىنى خۇددى تومەن مىتىر ئېگىزلىكتىن كۆلگە چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىغا ئوخشايتتى. توۋلاۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى، كۆلكە ساداسى، ئاياغ تىۋىشى ئالەمنى مالەم قىلاتتى. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قىيقاس ـ سۈرەن بارغانسېرى كۈچىيەتتى. ناگان ـ ناگاندا پەلەمپەيگە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئېقىنى كەينىگە چېكىنگەندەك بولاتتى، ئاندىن تۇرۇپلا يەنە ئالدى تەرەپكە تەۋرەيتتى ياكى تۇرغان ئورنىدا چۆرگىلەپ، ئالدىغا ماڭالمايتتى. پارىژ گۇبېرناتورىنىڭ ئوقياچىلىرى ياكى ئىجرائىيە ئەمەلدارلىرى تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن چاغدا مۇشۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقاتتى. بۇ ئەسلىدىكى گۇبېرناتور مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىگە، ئامانلىق ساقلاش ئەترىتىدىن قوراللىق ساقچى ئەترىتىگە، ئاندىن بۈگۈنكى پارىژ ژاندارما ئەترىتىگە مىراس قالغان، ھەقىقەتەنمۇ ماختىسا بولىدىغان ئەنئەنە ئىدى.

ھەممىلا يەردە ئادەملەرنىڭ مىدىرلاۋاتقان بېشى، ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە، دېرىزىنىڭ ئالدىغا، تۈڭلۈكنىڭ ئەتراپىغا، ئۆگزىگە جەم بولۇپ، بەخىرامان ھالدا ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئىچىگە، مەيداندىكى ئادەملەر قاينىمىغا نەزەر سالاتتى. ئۇلار چۆرىدەپ تۇرۇپ ئويۇن ـ تاماشا كۆرۈشكە ئامراق، بۇنىڭدىن ئارتۇق تەلىپى يوق، ئادەملەردىن ھاسىل بولغان تامنىڭ كەينىدىن بىرەر ئىشنى كۆرۈۋالالىسىلا بولدى قىلىدىغان، كۆڭلى ئارامىغا چۈشىدىغان كىشىلەردىن ئىدى.

ناۋادا 1830 ـ يىلىدا ياشاۋاتقان بىز 15 ـ ئەسىردىكى پارىژلىقلارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە

ئەدلىيە سارىيىدىكى زالغا (بۇ زال 1482 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە كىچىك ئىدى) كىرگەنلىكىمىزنى، بىر ـ بىرىمىزنىڭ پېشىنى تارتىپ قىستاشقانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلالىساق، كۆز ئالدىمىزدا ئاجايىپ سەلتەنەتلىك بىر كۆرۈنۈش شەكىللەنگەن بولاتتى. كۆز ئالدىمىزدىكى قەدىمىي نەرسىلەر نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتكەن، ھەممە نەرسە بىزگە ئادەتتىن تاشقىرى يېڭى ۋە قىزىق تۇيۇلغان بولاتتى.

ئەگەر ئوقۇرمەنلەر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنى ئىشقا سېلىپ، بىزنىڭ ئاشۇ كالانپاي پەلتو ياكى ئۇزۇن يوپكىلارنى كىيگەن، چەۋەندازلارچە ياسانغان ئادەملەر ئارىسىدا بىر ـ بىرىمىزنى ئىتتىرىپ زالغا كىرىۋاتقان ئەلپازىمىزنى پەرەز قىلالىسا، ئۇلار قانداق بىر مەنزىرىنى ھېس قىلغان بولار ئىدى؟

ئۇلار ئالدى بىلەن قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ كېتىدىغان قىيقاس ـ سۈرەندىن بېشى قېيىپ، كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتكەن بولاتتى. بېشىمىزنىڭ چوققىسىدىلا ئويما پەنەركە بىلەن زىننەتلەنگەن چوققىلىق قوش ئەگمىلىك تورۇس، تېخىمۇ ئۈستىدە ھاۋا رەڭ سىرلانغان تەكشىلىكتىكى ماگنولىيەگۈلىنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن سىزمىسى، ئايىغىمىزدا ئاق ـ قارا ئارىلاش مەرمەر تاش ياتقۇزۇلغان يول، بىرنەچچە قەدەم نېرىدىلا چوققىلىق قوش ئەگمىنىڭ ئېگىلىش نۇقتىسىنى تىرەپ تۇرغان قاتار كەتكەن يەتتە تال چوڭ تۈۋرۈك، باشتىكى تۆت تۈۋرۈكنىڭ چۆرىسىدە مىلىچمال يايمىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ئۇلاردىكى ئەينەك بۇيۇم ۋە ياپراق ئالتۇنلاردىن كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان نۇرلار چاقنايدۇ. ئاخىرىدىكى ئۈچ تۈۋرۈكنىڭ ئەتراپىدا دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان بىرنەچچە ئورۇندۇق، بۇ ئورۇندۇقلار دەۋاگەرلەرنىڭ ۋاكالەتچىلىرى ئولتۇرىدىغان جاي، ۋاكالەتچىلەرنىڭ ئىشتىنى ۋە ئادۋوكاتلارنىڭ پەلتولىرى بىلەن تولا سۈركىلىپ، ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ كەتكەن. زالنىڭ

www.uyghurkitap.com

كەڭ ۋە ئازادە كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزلىرىدىكى ئىشىكنىڭ قاناتلىرى تولىمۇ ئىخلاس بىلەن نەقىشلىك ئىشلەنگەن، شۇنچىكى كۆركەم، زالنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئېگىز تامغا چوقچىلىق ھەمدە ئۈزۈن ئەگمىلىك دېرىزە چىقىرىلغان، بۇ دېرىزىلەرگە رەڭگارەڭ گۈللۈك ئەينەكلەر ئورنىتىلغان. ئىشىك ـ دېرىزە ۋە تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى بىكار جايلارغا پاراموند ① تىن باشلانغان فىرانسىيە پادىشاھلىرىنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغان. كۆپلۈكىدىن ئەڭ ئاخىرىدىكىسىگە كۆز يەتمەيدۇ. بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئىچىدىكى ئاجىز، قورقۇنچاق پادىشاھلارنىڭ ئىككى قولى يانغا چۈشكەن، گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك كۆزىنى يەردىن ئالالمايدۇ. باتۇر، جەڭگىۋار پادىشاھلار بېشىنى تىك تۇتۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، تۇرقىدىن قەيسەرلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەگمە تورۇس، تۈۋرۈك، تام، دېرىزە كېشەكلىرى، ئويما پەنەركە، ئىشىك قاناتلىرى ۋە ھەيكەللەر سۇۋارى ھەل بېرىلگەن بولغاچقا، ئالتۇندەك تاۋلىنىدۇ. بۇلار بىزگە خىرە ـ شىرە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. مىلادىيە 1549 ـ يىلىغا كەلگەندە دوبرىيول بۇلارغا مەدھىيە ئوقۇغان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى دېگۈدەك چاڭ ـ توزان ۋە ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئىچىدە قالغانىدى.

بىز بۇ تۆت چاسا چوڭ زالنىڭ ئىچىدىكى مەنزىرىنى يەنە مۇنداق تەسەۋۋۇر قىلالايمىز: زىمىستان قىشنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇق، زالنىڭ ھەممە يېرىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان، رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئادەملەر ۋارقىراپ ـ جارقىراپ، تامنى ياقىلىغان پېتى ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرەيدۇ، تۈۋرۈك ئەتراپىدا چۆرگىلەيدۇ. بىزگە بۇ زالدىن قالدىغان تەسىرات ئاساسەن مۇشۇ. بىز بۇ يەردە ئۇنىڭ تېخىمۇ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى سىلەرگە تەپسىلىي دەپ بېرىشكە تىرىشىمىز.

① پاراموند ــ پەرەڭلەرنىڭ ئەپسانىسىدىكى پادىشاھ، مىلادىيە 5 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، راۋايلاك ھېنرى IV ① نى قەستلەپ ئۆلتۈرمىگەن بولسا، ئەدلىيە سارىيىدىكى ئارخىپخانىمۇ راۋايلاكنىڭ دەۋا دېلوسىنى ساقلاپ يۈرمەيتتى. ئۇنىڭ شېرىكلىرىمۇ جىنايى پاكىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن پەيلىنى بۇزۇپ ئەدلىيە سارىيىغا كەلمىگەن، ئارخىپخانىنى كۆيدۈرۈۋەتمىگەن، بىچارە ئەدلىيە سارىيىمۇ قوشۇلۇپلا قۇربانلىق بولۇپ كەتمىگەن، يەنى 1618 ـ يىلىدىكى زور ئوت ئاپىتى يۈز بەرمىگەن بولاتتى. قەدىمىي ئەدلىيە سارىيى چوڭ زال بىلەن بىرلىكتە بۈگۈنگە قەدەر كۆتۈرۈپ تۇرىۋەرگەن بولاتتى. مەن بۇ ھەقتە ئوقۇرمەنلەرگە: «ئۆزۈڭلار بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭلار!» دەپ قويساملا كۇپايە. مۇشۇنداق قىلغاندا ئاۋارىچىلىكتىن ھەممىمىز بىراقلا قۇتۇلىمىز. مەنمۇ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن. سىلەرمۇ ئوقۇپ باقايلى دەپ ئاۋارە بولمايسىلەر. بۇ بىزگە ھەرقانداق چوڭ ۋەقەنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئالدىنئالا بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ، دەيدىغان ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەلۋەتتە، راۋايلاكنىڭ شېرىكى بولماسلىقىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. شېرىكى بولغان دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ 1618 ـ يىلىدىكى ئوت ئاپىتى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق. مۇنداق ئىككى سەۋەبنى كۆرسىتىش بىلەنلا بۇ ئىشنى بولدى قىلالايمىز. بىرى، 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە، كەڭلىكى بىر چى، ئېگىزلىكى بىر يېرىم چى كېلىدىغان بىر يۇلتۇز كۆيگەن پېتى ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشكەن. ئىككىنچىسى، تېئوپىل ② ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى تۆت مىسرا شېئىرى ئارقىلىق بۇ ئىشنى ئىزاھلىغان:

① ھېنرى IV (1553 — 1610) — فىرانسىيە پادىشاھى. 1610 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى فىرانسىۋا راۋايلاك تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن.

② تېئوپىل — قەدىمكى دەۋردىكى ئېپىسكوپلارنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش ئادرېسى

ئۇ ئەدلىيە ئىلاھەسى پارىژدا،
ئويناپ چىققان ئاقماس بىر ئويۇن.
بەكمۇ كۆپ پارا يەپ قويغاچقا،
ئوت قويۇپ سارايىنى قىلغان كۆمپەيكۇم.

بىزنىڭ 1618 ـ يىلى ئەدلىيە سارىيىغا ئوت كېتىشىنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە نېمە دېيىشىمىزدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇنىڭغا سىياسىي، تەبىئىي ۋە ياكى شېئىرىي پۇراقلا تويۇنغان چۈشەندۈرۈش بېرەيلى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئوت ئاپىتىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ھېلىمۇ ياخشى، شۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدىن كېيىن، بولۇپمۇ كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق رېمونت ئارقىلىق، ئاپەتتىن ئامان قالغان نەرسىلەر پاك ـ پاكىز ئادالانغان بولدى. ئەڭ بۇرۇنقى بۇ ساراي چىرايلىق يىگىت فىلىپ ① نىڭ دەۋرىدىمۇ بولىدىغان، لېكىن ئۇ لوئۇرى سارىيىدىنمۇ كونا بولۇشقا قارىماي، ئەمدىلىكتە ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى. كىشىلەر پادىشاھ روبېرت ② بىنا قىلغان، ھىلگالدۇ مەدھىيەلىگەن بۇ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشنىڭ ئىزنالىرىنى كۆپ مەرتىۋە ئىزدەپ باققان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قالدۇقلىرىدىن ھېچ نەرسە تاپالمىدى. ساينت لۇئى③ توي قىلغان كېچىسى ياتقان ئۆي قانداق بولىدۇ؟ ساينت لۇئى بىلەن يوئىن ۋىللى ④ ئىككىسى دېلو تەھقىقلىگەن ھېلىقى باغچە نەدە قالدى؟ شۇ چاغدا ئۇ ئۇچىسىغا بىغىر رەڭ پەيسىمان كىمخاب چاپان،

① چىرايلىق يىگىت فىلىپ شاھ (1268 — 1314) — فىلىپ Ⅳ، 1285 ـ يىلىدىن 1314 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.
② پادىشاھ روبېرت (970 — 1031) — ئىخلاسمەن روبېرت Ⅱ دەپمۇ ئاتىلىدۇ. 996 ـ يىلىدىن 1031 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.
③ ساينت لۇئى (1214 — 1270) — فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى Ⅺ، 1226 ـ يىلىدىن 1270 ـ يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.
④ يوئىن ۋىللى (1224 — 1317) — فىرانسىيەلىك تارىخشۇناس، كېيىنچە لۇئى Ⅺ نىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان.

پاختا بىلەن يۇڭ ئارىلاش رەختتىن تىكىلگەن كەڭ جىلىتكە كىيىپ، قارا سوكنىدىن تىكىلگەن پەلتوغا ئورىنىپ گىلەم ئۈستىدە يېتىپ ئارام ئالغانىدى. پادىشاھ سىگىسمۇند ① نىڭ ئوردىدىكى ياتاق ئۆيى نەدە؟ چارلېز Ⅳ نىڭچۇ؟ ② «زېمىنى يوق ژان»③ نىڭ ئوردىدىكى ھاردۇق ئالىدىغان ئۆيىچۇ؟ شۇ يىللىرى چارلېز Ⅵ ④ كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقىنى ئېلان قىلغان ھېلىقى پەلەمپەي نەگە كەتتى؟ مارسېل ⑤ بىر پارچە ياپىلاق تاشنىڭ يېنىدا ۋەلىئەھدگە كۆرستىپ تۇرۇپلا روبېرت دې كىلېرمون ⑥ بىلەن چامپاگنېنىڭ مارشالىنى قەتل قىلغانىدى، شۇ ياپىلاق تاش ھازىر نەگە كەتتى؟ يالغان پاپا پىندىكىنىڭ پەرمانى پارچە - پارچە قىلىپ يىرتىپ تاشلانغان چاغدىكى يان ئىشىك بۈگۈن بارمۇ؟ ھەزىلكەشلەردەك كىيىنىپ پەرمانىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن خادىم ھېلىقى يان ئىشىكتىن چىقىپ بارلىق شەھەر ئاھالىسىگە تۇۋا قىلغانىدى. ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان زال، ئۈنىڭدىكى چوقىلىق ئەگمىلەر، ھەيكەللەر، تۈۋرۈكلەر، مۈرەككەپ بېزەلگەن بولىسمۇ چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتكەن

---

① پادىشاھ سىگىسموند (1368 — 1437) — مۇقەددەس رىم ئىمپېرىيەسىنىڭ پادىشاھى.

② چارلېز Ⅳ (1316 — 1378) — گېرمانىيە پادىشاھى، 1346 - يىلىدىن 1378 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

③ «زېمىنى يوق ژان» (1167 — 1216) — ئەنگلىيە پادىشاھى ھېنرى Ⅱ نىڭ ئوغلى، فىرانسىيە پادىشاھى ئاۋگۇستىنىڭ قوللىشى بىلەن ۋەتىنىگە ئاسىيلىق قىلغان، مۇشۇ سەۋەبلەرگە كۆرە «زېمىنى يوق ژان» دەپ ئاتىلىدۇ.

④ چارلېز Ⅵ (1368 — 1422) — فىرانسىيە پادىشاھى، چارلېز Ⅴ نىڭ ئوغلى، 1380 - يىلىدىن 1422 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

⑤ ئايتىيان مارسېل (1316 — 1358) — بەزى ماتېرىياللاردا 1315 - يىلى تۇغۇلغان دېيىلىدۇ. فىرانسىيەلىك سىياسىيون، پارىژ سودىگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى، بۇرژۇئازىيەنىڭ پادىشاھلىق سىياسىي تۈزۈمىگە قارشى ۋەكىلى. 1358 - يىلى پارىژدا ئىنقىلاب قوزغاپ، ئوردىغا باستۇرۇپ كىرگەن ھەمدە ۋەلىئەھدنىڭ ئىككى نەپەر نائىبىنى ئۆلتۈرگەن.

⑥ روبېرت دې كىلېرمون — لۇئى Ⅺ (ساينت لۇئى)نىڭ ئالتىنچى ئوغلى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

غايەت يوغان تورۇسلار ئەمدى نەدە؟ ھېلىقى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئۆيلەرچۇ؟ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان تاش شىر بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قۇيرۇقىنى چىڭ قىسىپ، سولومونىنىڭ تەختى ئالدىدىكى شىردەك مۇلايىم قىياپەتتە زوراۋانلىقنىڭ ئەدلى ـ ئادالەتكە بويسۇندۇرۇلغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى، لېكىن ئۇ دەرۋازىنىڭ ئىخلاس بىلەن ياسالغان نەقىشلىك قاناتلىرى، گۈللۈك ئەينەك سېلىنغان دېرىزىلىرىمۇ كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ بىر چاغلاردا بىسكورنىتنى ئەيىۋھەنناس دېگۈزگەن، گۈل چېكىلگەن تۆمۈر قورالارچۇ؟ دۇخانكى ياسىغان سىپتا ياغاچ سايمانلار قېنى؟... بۇ تەڭداشسىز سەنئەت بۇيۇملىرى ئاي ـ يىللارنىڭ ئۆتۈشى، ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلى قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولدى؟ گوت ئۇسلۇبىدىكى سەنئەت بىلەن گاللىيە تارىخى ھېلىمۇ ياشاۋاتقان بىزدەك ئادەملەرگە نېمىلەرنى قالدۇردى؟ سەنئەت جەھەتتە بىزگە قالغىنى ئارخىتېكتور دې بوروس لايىھەلىگەن ھەم پاكار، ھەم قوپال ئەگمە گۈمبەزلا بولدى، سايىنت گېرۋى چېركاۋىنىڭ كېلەڭسىز دەرۋازىسى بىز بىلىدىغان سەنئەتنىڭ ئورنىغا چىقتى. تارىخنىڭ بىزگە قالدۇرغىنىمۇ باترۇ① دەك بىرنېمىلەرنىڭ ھېلىقى چوڭ تۈۋرۈكلەر توغرىسىدىكى تېتىقسىز قاراشلىرىدىنلا ئىبارەت بولدى، خالاس.

بۇلارنىڭ كارايىتى چاغلىق، بىز يەنىلا ئەدلىيە سارىيىنىڭ ھەيۋەتلىك زالىغا قاراپ باقساق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

بۇ تۆت چاسا چوڭ زالنىڭ بىر تەرىپىدە مەرمەر تاش بىلەن قوپۇرۇلغان سەھنە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى دۇنيا بويىچە يېگانە دېيىشكە ئەرزىيتتى. ئۇ خۇددى يەر بېجى تىزىملىنىدىغان دەپتەردىكى «بۇ مەرمەر تاشنىڭ دۇنيادا

① باترۇ (1604 — 1681) — فرانسىيەلىك ئادۋوكات.

جوۋپتى يوق» دېگەن گەپكە ئوخشايتتى. كارگانتۇۋا ① مۇ بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ ئەقلى لال بولىدىغان يەردە ئىدى. يەنە بىر تەرىپىگە چاققان بىر چېركاۋ ياسالغان بولۇپ، لۇئى XI ئۇ يەردىكى بۆۋى مەريەم ھەيكىلىنىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ تىزلىنىپ ئولتۇرغان ھەيكىلىنى قويدۇرغانىدى. لۇئى XI پادىشاھ چارلېز بىلەن ساينت لۇئىنى تەڭرىنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولغان ئەۋلىيالارغا ئوخشايدۇ دەپ قاراپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ ھەيكىلىنى ھېلىقى بىرمۇنچە خان ـ پادىشاھلارنىڭ قاتارىدىن قالدۇرۇۋەتكەن ھەمدە ئۇ يەردىكى ئىككى ئويۇقنىڭ بىكار بولۇپ قېلىشى بىلەنمۇ كارى بولمىغانىدى. كىچىك چېركاۋنىڭ پۈتكىنىگە ئاران ئالتە يىل بولغاچقا، ئۇ يەنىلا يېڭى كۆرۈنەتتى. ھەممە يېرىدىن دېگۈدەك نەپىس بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ نازاكىتى بەرق ئۇرۇپ تۇرغاندەك ئىدى. تەڭداشسىز ئويما نەقىشلەر، نازۇك ياسالغان مېتال بۇيۇملار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇلار بىزگە گوت ئۇسلۇبىدىكى سەنئەت دەۋرىنىڭ ئاللىقاچان ئاياغلاشقانلىقىدىن، بۇ سەنئەتنىڭ ئەمدىلىكتە 16 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللەنگەن مەزگىلىدىكىدەك تەسەۋۋۇرغا باي ئىلاھىي مەنزىلگە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇدۇل ئىشىكنىڭ تۆپىسىدىكى كۈن چۈشۈپ تۇرىدىغان، گۈل شەكىللىك كىچىك ئەينەك دېرىزە ئىنتايىن چىرايلىق زىننەتلەنگەن بولۇپ، گۈللۈك جىيەكتەك يۇلتۇزغا تەققاس بولالايتتى، ئۇنى بىر داڭلىق ئەسەر دېيىشكە ئەرزىيتتى.

زالنىڭ مەركىزىدە، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا ئويۇن كۆرىدىغان سۇپا بار ئىدى. فلاندېرلىق ئەلچىلەر بىلەن باشقا ئېسىلزادە مېھمانلارنىڭ تىياتىر كۆرۈشىنى كۆزدە تۇتۇپ، سۇپا ئۈستىدە كالاۋاتۇن بىلەن توقۇلغان مەخمەل سېلىنمىلار سېلىنغانىدى.

مراكىل تىياتىرى ئادەتتە ئاشۇ مەرمەر تاشلىق سەھنىدە

① گارگانتۇۋا ــ فىرانسىيەلىك يازغۇچى رابلى يازغان «گىگانت ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھالى»دىكى باش پېرسوناژ، يەپ تويمايدىغان، قارنى يامان ئادەم.

www.uyghurkitap.com

ئوينىلاتتى. ئادەملەر مۇشۇ ۋەجىدىن ئەتىگەندىن باشلاپلا تەييارلىققا كىرىشكەندى. مەرمەر تاشلىق سەھنىنىڭ ھەممە يېرىدىن ئەدلىيە سارىيىدىكى پۈتۈكچى ئەمەلدارلارنىڭ ئايىغىدىن قالغان ئىزنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار سەھنىنىڭ ئۈستىگىلا ئېگىز سايىۋەن راسلىغانىدى. زالغا كىرگەن تاماشىبىنلار سەھنىدىكى ئويۇننى پەستە تۇرۇپلا كۆرەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇ ۋاقىتلىق بولسىمۇ سېپى ئۆزىدىن تىياتىر سەھنىسىگە ئايلانغانىدى. سايىۋەننىڭ بىر بېشىغا پەردە تارتىلدى. ئۇنىڭ كەينى ئارتىسلار ۋاقىتلىق كىيىم ئالماشتۇرىدىغان ئۆي بولدى. تىياتىر سەھنىسى بىلەن كىيىم ئالماشتۇرىدىغان ئۆي بىر شوتا بىلەن ئايرىلدى. شوتىنىڭ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ۋاخىنىسى مەيدانغا كىرىدىغان، مەيداندىن چىقىدىغان ئېغىز بولدى. ئادەتتىكى پېرسوناژلار، مۇشۇ شوتا ئارقىلىق سەھنىگە چىقاتتى. بۇرۇنقى چاغلاردىكى تىياتىر سەنئىتى بىلەن سەھنە دېكوراتسىيەسى شۇنچىلىك دەرىجىدە ئاددىي ئىدى!

مەرمەر تاشلىق سەھنىنىڭ تۆت بۇرجىكىدە بىردىن تۆت نەپەر قورۇقچى بار ئىدى. مەيلى بايرام كۈنلىرى بولسۇن، مەيلى جازا ئىجرا قىلىدىغان كۈن بولسۇن، ئۇلار ھەمىشە ھەيكەلدەك قېتىپ، تۇرغان ئورنىدىن مىدىر - سىدىر قىلمايتتى.

تىياتىر ئورۇنلاش ئەدلىيە سارىيىدىكى سائەتنىڭ ئون ئىككىگە سوقۇشىنى ساقلىماقتا ئىدى. ۋاقىت بەك كېچىككەندەك قىلاتتى. لېكىن، باشقا ئامال يوق، ئۇلار ھېلىقى ئەلچىلەرنىڭ رايىغا باقمىسا بولمايتتى.

بىراق، جامائەت قاق سەھەردىلا كېلىشۋالغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولغانىدى. بەزىلەر تاڭ ئاتار - ئاتمايلا ئۆيىدىن چىقىپ، ئەدلىيە سارىيىنىڭ پەلەمپىيىدە كۈتۈپ تۇرغان بولغاچقا، توڭلاپ لاغىلداپ كەتكەنىدى. بەزىلەر ئالدىغىراق بېرىۋېلىش ئۈچۈن، ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئالدىدا ساق بىر كېچە تۈنەپ چىققانىدى. ئادەملەر تېشىپ كېتەي دەپ قالغان

دەريا سۈيىدەك ئۈلغىيىپ، بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، تامنى ياقىلاپ ئېگىزرەك جايغا ياماشماقتا ئىدى، تۈۋرۈكنىڭ ئەتراپىغا يېپىلماقتا، ئۆينىڭ ۋاسىلىرىغا، تامدىن ـ تامغا، دېرىزىنىڭ راملىرىغا قەدەر يامرىماقتا ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئۆگزىسىگە، ئۇيما نەقىش بىلەن بېزەلگەن دوقمۇشلارغىچە چىققانىدى. ئەلچىلەر تېخىچە كەلمىگەن بولغاچقا، ئادەملەر ھەم ئۈمىدسىزلىنىپ، ھەم چارچاپ، سەۋر قاچىسى توشاي دەپلا قالغانىدى. بىرلىرىنىڭ جەينىكى بىرلىرىنى نىقتىۋېتەتتى، بىرلىرى مىخ تاپانلىق ئايىغى بىلەن بىرلىرىنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالاتتى، ئۇلار كىچىككىنە بىر ئىشقىمۇ ھازىرلا تۇتۇشۇپ قالىدىغاندەك ئىدى. ئادەملەر تۇۋلىشاتتى، تاكاللىشاتتى. ئەيتاۋۇر، ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئالدى قايناپ كەتكەن قازاننىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئەمدى ئۇلار فلاندېرلىق ئەلچىلەرگە تاپا ـ تەنە قىلغىلى، ئۇلارنى سەت گەپ بىلەن تىللىغىلى تۇردى، شەھەرنىڭ گۇبېرناتورىنى، بوربون كاردىنالىنى، سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى، ئاۋستىرىيەلىك مەلىكە مارگېرتنى، چېركاۋنىڭ مۇلازىملىرىنى بولۇشىچە قارغىدى. ئىسسىغىنى بىلەن سوۋۇپ كەتكىنىنىڭ تايىنى يوق ھاۋانى، پارىژدىكى ئېپىسكوپنى، ئەخمەقلەر پادىشاھىنى، تۈۋرۈكلەر بىلەن ھەيكەللەرنى، چىڭ تاقالغان دەرۋازىنى، ئېچىۋېتىلگەن دېرىزىلەرنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاپ رەسۋاسىنى چىقاردى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ھەممە نەرسە سەت كۆرۈندى، ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، خاتىرجەملىكى بۇزۇلدى. توپ ئىچىدىكى بەزى ئوقۇغۇچىلار، چاكار ـ چۆرىلەرنىڭ مەسخىرىسى ۋە دارىتما گەپلىرى ئۇلارنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ بۇزۇپ، غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان جامائەتنى ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك قىلىۋەتتى.

ئادەملەر توپى ئىچىدە قاراپ تۇرۇپلا چاتاق تېرىيدىغان بەزى ئالىقاناتلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار دېرىزىنىڭ گۈللۈك ئەينەكلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىرىۋېتىپ، ئۇ يەردىن تامنىڭ ئۈستىگە چىقاتتى ـ دە، ھەدەپ ئۆيانىدىن ـ بۇيانغا كۆز يۈگۈرتەتتى، گاھ زالدىكى ئادەملەرنى زاڭلىق ئېتەتتى، گاھ مەيداندىكى ئادەملەرنىڭ چېشىغا تېگەتتى، باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىنى دورايتتى، بىشەملەرچە قاقاقلاپ كۈلەتتى، تېتىقسىز ئاۋازى ئارقىلىق باشقا ئولپەتلىرى بىلەن دوست تارتىشاتتى. ئۇلاردا ئەتراپىدىكى ئادەملەردە بولۇۋاتقان زېرىكىش ياكى ھارغىنلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. ئۇلار مۇنداق چاغلاردا كۆڭۈلنى خوش قىلىش ئۈچۈن، كۆز ئالدىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىچىدىلا ئويۇن چىقىرىش لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا سوزۇلغان بىمەنە كۈتۈۋېرىشتىن قۇتۇلغىلى بولاتتى.

ــ ژان فروللو دې مولېندىنو، بۇ سەنغۇ! ــ دەپ توۋلىدى توپ ئىچىدىكى چاچلىرى قوڭۇر سېرىققا مايىل بىر يىگىت، ئۇ يۈز ـ كۆزى چىرايلىق بولغىنى بىلەن، چىرايىدىن مۇغەمبەرلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ تۈۋرۈكنىڭ ئۈچىدا ئولتۇرۇۋېلىپ يەنە توۋلىغىلى تۇردى، ــ سېنى تۈگمەنچى جوننىس دېسەكمۇ بولغۇدەك! قارا ئىككى پۇتۇڭغا، بەئەينى شامال تۈگمىنىنىڭ چاقى، قاچان كەلدىڭ؟

ــ ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ ــ دېدى ژان فروللو ئۇنىڭغا جاۋاب ياندۇرۇپ، ــ كەلگىنىمگە تۆت سائەتتىن ئاشتىغۇ دەيمەن! بۇ تۆت سائەت توۋا ـ ئىستىغپار ۋاقتىمغا ھېساب بولۇپ كەتكەن بولسا تازا قاملىشاتتى. سايىنت چېركاۋىغا بارغىنىمدا سائەت دەل يەتتە بوپتىكەن، سىتسىلىيە پادىشاھىنىڭ بىبىلىيە ئوقۇيدىغان بىرىنچى مىسساغىمۇ ئۈلگۈردۈم دېگىنە!

ــ ئۇلار قالتىس ئوقۇيدۇ، ــ دېدى بىرى گەپكە قوشۇق سېلىپ، ــ ئاۋازى كىيىۋالغان قالپىقىنىڭ ئۈچىدىنمۇ ئىنچىكە! پادىشاھ ئالىيلىرى سايىنت ژان ئەپەندىگە مىسسا ناخشىسىنى تەقدىم قىلىشتىن بۇرۇن، سايىنت ژان ئەپەندىدىن لاتىن تىلىدا ئېيتىلىدىغان مۇناجاتنى پروۋېنسىلىقلارنىڭ تەلەپپۇزىدا ئېيتسا

بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورايدۇ تېخى !
— مۇنداق دەڭلار، — دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى توپ ئىچىدىكى بىر مومايىنىڭ غوتۇلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، — بۇنىڭغا ستسلىيە پادشاھىنىڭ ئۆلمىگۈر بىبلىيە ئوقۇيدىغانلىرىنى ياللامدىكەن تېخى ! سوراپ باقايچۇ، بىر قېتىملىق مىسساغا پارىژ پۇلىدىن مىڭ لىۋر ① كېتىدۇ. بۇ پۇل يەنە كېلىپ پارىژنىڭ كۆكتات بازىرىدا سېتىلىدىغان بېلىقنىڭ بېجىدىن چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟
— شۇم ئېغىزلىق قىلما، ئالجىغان قېرى، — بېلىقچى مومايىنىڭ يېنىدىكى قاپىقى تۈرۈلۈپ كەتكەن سېمىز بىرى چالۋاقاپ كەتتى، — بىر مەيدان مىسسا مۇراسىمى دېگەن ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىش. ئەجەبا، سىلەر پادشاھ ئالىيلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسۇن دەمسىلەر؟ — ئۇ خۇددى بېلىقچى مومايىنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان بەتبۇي پۇراقتىن قورققاندەك بۇرنىنى تۇتۇۋالدى.
— توغرا دېدىڭىز، — دەپ ۋارقىرىدى تۈۋرۈكتىكى ئويما نەقىشنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇۋالغان پاكىنەك ئوقۇغۇچى، — سىز ئوردا جەمەتىنىڭ يۇڭ ـ تېرە دۇكىنىدىكى خوجايىن گىللىپ لېكۇرنو ئەپەندىغۇ دەيمەن !
«ئوردا جەمەتىنىڭ يۇڭ ـ تېرە دۇكىنىنىڭ خوجايىنى» دېگەن گەپ بىلەن تەڭ پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى.
— لېكۇرنو ! گىللىپ لېكۇرنو ! — دەپ توۋلاپ كەتتى بىرى.
— مۈڭگۈزلۈك، يۈڭلۈق ② دەڭلار تېخى ! — دەپ يانداشتى يەنە بىرى.
— ھەي، كۈلگۈدەك نېمىسى بار ! — تۈۋرۈكنىڭ ئۈچىدا ئولتۇرغان ھېلىقى پاكىنەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — گىللىپ

① لىۋر — پارىژ بازارلىرىدىكى پۇلنىڭ نامى.
② لېكۇرنو دېگەن سۆز فىرانسۇزچىدىكى «مۈڭگۈزى بار» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكۇرنو جانابلىرى ئوردا غوجىدارى ژان لېكۇرنونىڭ ئىنىسى، ۋىنسېننىستىكى باش ئورمان مۇھاپىزەتچىسى مايىت لېكۇرنونىڭ ئوغلى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى پۇلدار ئادەملەر. يەنە كېلىپ ئاتا ـ بالا ئىككى ئەۋلاد يېڭى ئەمەلدارلاردىن!

چاقچاق بارغانسېرى چېكىگە چىقىۋاتقان بولغاچقا، يۇڭ ـ تېرە دۇكىنىنىڭ خوجايىنى زوۋان سۈرمەي جىم تۇردى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى ئۇنىڭغا مىختەك قادالدى. ئۇ ھۇپپىدە ئېسىلىپ ھاسىرىدى، يۈز ـ كۆزىدىن تەر قۇيۇلدى. چىدىيالماي بىرەر كامار بولسا كىرىپ كەتكۇدەك ھالغا يەتتى، ئىمزا تارتتى، غەزەپلەندى، گۆشلۈك يۈزى شەلپەردەك قىزاردى. شۇ تۇرقىدا ئەتراپتىكىلەرنىڭ دىققىتى ئۆزىگىلا مەركەزلىشىپ قالغانىدى.

جامائەت ئىچىدىن لېكۇرنوغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ھەم دوغىلاق، ھەم پاكار بىرى ئۇنىڭ بۇ تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلۇپ قېلىشىغا ياردەم قولىنى ئۇزارتتى.

— بىر ئوقۇغۇچىنىڭ تەپ تارتمايلا بىر مۆتىۋەرگە مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلغىنى نەدە بار؟ بۇرۇنقى چاغ بولىدىغان بولسا يەتكۈچە دۇمبالاپ، تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرىدىغان مۇنداق نېمىلەرنى! — قارىماققا ئۇمۇ لېكۇرنودەك سالاپەتلىكلەرنىڭ بىرى ئىدى.

ئالامان يەنە چۇرقىراشقا باشلىدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، شۇنچە چوڭ گەپ قىلىۋاتقان كىم ئۇ، كىم دەيمەن؟ شۇملۇقنى چىللايدىغان ھۇۋقۇشنىڭ ئۆزىلىغۇ بۇ؟

— كىم دەمسىلەر! — دېدى بىرى، — مەن ئۇنى تونۇيمەن. بۇ خوجايىن ئاندرى مۇسىنىرغۇ!

— ئۇ، — دېدى ئىككىنچى بىر ئادەم، — ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى تىللاپ رەسۋاسىنى چىقارسا بولىدىغان تۆت كىتابخانا خوجايىنلىرىنىڭ بىرى!

— بۇ ئەبلەخ كىتابخانىسىدىكى ھەممە نەرسىنى ‹تۆت› بىلەن ئۆلچەيدۇ دەڭلار، — ئۈچىنچى بىرى تېخىمۇ ئېزىپ ئىچۇرگىلى

تۇردى، — ئالايلۇق، توت دۆلەت، تۆت ئىلىم، توت مېدىتسىنا ئالىمى، توت سايلىغۇچى، تۆت كىتابخانا خوجايىنى···

— «تۆت»، دېگەن بۇ سان يوقالسۇن، — دېدى ژان فروللو.

— مۇسىنىر، بىز سېنىڭ كىتابلىرىڭنى كۆيدۇرىۋېتىمىز!

— مۇسىنىر، خىزمەتكارلىرىڭنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز!

— مۇسىنىر، خوتۇنۇڭنىڭ يۈرىكىنى زېدە قىلىۋېتىمىز!

— ئۇنىڭ خوتۇنى ئۇداردى ئاق كۆڭۈل جومباق جۇمۇ!

— تۇل قالسىمۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ چىرايى بىلەن جاننى ئىلىپ جاڭگالدا قويىدۇ دەڭلار!

— ئىلاھىم، سىلەرنى ئىبلىس پارچىلاپ يەۋەتكەي، — دېدى ئاندىرى مۇسىنىر ئۇلارنى قارغاپ.

— تىلىڭنى تارت، ئاندىرى خوجايىن، — تېخىچە تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى ئويما نەقىشتە ئولتۇرغان فروللونىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — سەكرەپلا چۈشىدىغان بولسام، كاللاڭنى يېرىۋېتىمەن !

ئاندىرى خوجايىن لەپپىدە قاراپ، تۈۋرۈكنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن گەدەنكەش فروللونىڭ ئېغىرلىقىنى، ئۇنىڭ شۇ ئېغىرلىق بىلەن چۈشۈۋاتقان چاغدىكى تېزلىكىنى مۆلچەرلەپ باقتى - دە، گەپ قىلالماي غىققىدە بولۇپ قالدى.

ژان فروللو جەڭ مەيدانىدا غەلىبە قىلغان غالىبلەردەك گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

— ئاكام ياردەمچى ئېپىسكوپ بولسىمۇ، قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلماي قويمايمەن !

— ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكىلەر ئۆتۈپ كەتكەن گالۋاڭ نېمىلەر، بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق كۈندە باشقىلار بىزنىڭ ئىمتىيازىمىزغا ھۆرمەت قىلمىسىمۇ مەيلى. لېكىن، شەھەر رايونىدا ماي دەرىخى تىكىلدى، گۈلخان يېقىلدى، كونا شەھەر رايونىدا ئەخمەقلەر پادىشاھى بىلەن فلاندىرلىق ئەلچىلەر بار بولدى. ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدا ھېچ نەرسە يوق ئەمەسمۇ؟

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىۋېرستېت رايونىدا چوڭ مۇبېرت مەيدانى بار؟ — دېدى دېرىزىدە ئولتۇرۇۋالغان بىر ئوقۇغۇچى.

— مەكتەپ مۇدىرىنى يوقىتايلى! سايلىغۇچىلارنى، مېدىتسىنا ئالىملىرىنى يوقىتايلى! — ژان ئاغزىنى بۇزغىلى تۇردى.

— ئاندىرى خوجايىنىنىڭ كىتابلىرىمۇ بار، — دېدى بىرى ژاننىڭ گېپىگە ئۇلاپ، — ئۇنىڭ كىتابلىرىنى بۈگۈن كەچتە گايلاردقا ئېلىپ بېرىپ گۈلخان ياقايلى!

— پۇتۇكچىنىڭ شىرەسىنىمۇ ئېلىپ كېتەيلى! — دېدى ئۇنىڭ يېنىدىكى بىرى.

— ئىبادەتخانا مۇلازىملىرىنىڭ كالتەكلىرىنىمۇ!

— ئاقساقالنىڭ تۇكۇرۇك قاچىسىمۇ بار!

— مېدىتسىنا ئالىملىرىنىڭ قورسىقىنىمۇ قوشۇپ!

— سايلىغۇچىلارنىڭ بېلەت ساندۇقى!

— مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئورۇندۇقىمۇ قالمىسۇن!

— يوقىتايلى! — كىچىك ژاننىڭ گېلى يىرتىلىپ كەتكۇدەك بولدى، — ئاندىرى خوجايىنىنى، ئىبادەتخانا مۇلازىملىرىنى، پۇتۇكچىلەرنى يوقىتايلى! تېئولوگلارنى، دوختۇرلارنى، بۇيرۇقۋازلىق قىلىدىغانلارنى يوقىتايلى! مېدىتسىنا مۇتەخەسسىسلىرىنى، سايلىغۇچىلارنى، مەكتەپ مۇدىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى!

— قىيامەت قايىم بولۇۋاتامدۇ نېمە! — دېدى ئاندىرى غوتۇلداپ، ئاندىن دەرھال قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.

— مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گېپىنى قىلساق، ئۆزىمۇ كېلىپ قالدىغۇ! — دېرىزىدە ئولتۇرغان بىرى مۇدىرنىڭ مەيداندىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ توۋلاپ كەتتى.

— بىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرى تىباۋۇتنى كەلدى دېدىڭمۇ، راستمۇ؟ — دېدى ژان فروللو. ئۇ يوغان تۈۋرۈكنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ تۇرغان بولغاچقا، نېرىدا بولۇۋاتقان ئىشلارنى

كۆرەلمەيتتى.

— شۇنداق، — دېيىشتى قالغانلارمۇ، — دەل شۇ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆزى جانابىي تىباۋۋت!

ئۇ راستتىنلا مەكتەپ مۇدىرى تىباۋۋت ئىدى. مۇشۇ دەقىقىدە ئۇ ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى مۇھىم ئەربابلار بىلەن بىرلىكتە مەيداندىن ئۆتۈۋاتاتتى. ئەلچىلەرنى قارشى ئېلىشقا كەلگەنلەرمۇ سەپ تۈزۈپ تەييار بولغانىدى. ئوقۇغۇچىلار دېرىزىنىڭ ئالدىدا بىر ـ بىرىنى قىستاپ چاۋاك چالاتتى. لېكىن، بۇ چاۋاكلاردىن قانداقتۇر مەسخىرە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. مەكتەپ مۇدىرى ھەممىسىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. بىر يولىلا ئېتىلغان زەمبىرەكلەرنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق ـ مېڭىسىنى يەپ كەتتى.

— ياخشىمۇسىز، مۇدىر! ئوبدان تۇردىڭىزمۇ؟

— بۇ قېرى قىمارۋاز بۇ يەرگە نېمە ئىش قىلغىلى كەلگەندۇ؟ شىشىخاللاردىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيغانمىدۇ؟

— ئۇنىڭ قېچىر مىنىپ ماڭغان چاغدىكى تۇرقىنى كۆرگەنمىدىڭلار؟ قۇلىقى قېچىرنىڭ قۇلىقىدىنمۇ ئۇزۇن دەڭلار ئۇنىڭ!

— ياخشىمۇسىز، تىباۋۋت جانابلىرى! قاراڭلار بۇ قېرى قىمارۋازنى! ئالجىپ قالغىنى بىلەن ئامىتى بار دەڭلار!

— سىزنى خۇدا پاناھىدا ساقلىغاي! تۈنۈگۈن كەچتىمۇ ئالتە قاتار ئوينىغانسىز؟

— قاراڭلار ئۇنىڭ چىرايىغا، ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇغۇ؟ ئويۇن ـ تاماشىدىن، قىماردىن باش كۆتۈرسە شۇنداق بولىدۇ ـ دە! ياكى باشقىلار ئۇنىڭ بوينىنى تولغىۋەتكەن، ياكى يۈزىنى مورلىۋالغان، يا بولمىسا تاياق يېگەن دەڭلار!

— تىباۋۋت، نەس باسقان ئەبلەخ! شەھەر رايونىغا كېلىپ، نەگە بارىمەن دەيسەن؟

— ئۇ چوقۇم تىبادىت كوچىسىدىكى قىمارخانىغا بارىدۇ، —

ئويغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېدى ژان فروللو.

ئادەملەر ئۇنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي تىللىدى، كانايلىرىنى كېرىپ بولۇشىچە مەسخىرە قىلدى، ئالقىنىنى ئاغرىپ كەتكۈچە چاۋاك چالدى.

— مۇدىر جانابلىرى، سىز ئىبادەت كوچىسىغا بېرىپ قىمارخانا ئىزدەيسىز شۇنداقمۇ؟ بۇ قىمارۋاز ئىبلىسنىڭ ئۆزىلا جۇمۇ!

ئەمدى ئۇلار تىغ ئۇچىنى باشقا ئەربابلارغا يۆتكىدى.

— ئىبادەتخانا مۇلازىملىرىنى يوقىتايلى! ئەمەلدار كالتەكچىلەرنى يوقىتايلى!

— روبىن پوسسىپىيان! سەن دەپ باققىنا، ئاۋۇ ئەبلەخ كىم؟

— گىبېرت دې سۇيلى! ئاۋتون ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي مۇدىرى!

— ھەي، ئالە ماۋۇ ئاياغنى، سېنىڭ تۇرغان ئورنۇڭ مېنىڭكىدىن ئەپلىك، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتقىنا!

— سېسىق ئالما بولغان بولسا، باش ـ كۆزىنى رەسۋا قىلاركەنمىز!

— مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغان ئاۋۇ ئالتە ئىلاھىيەتشۇناسنى كۆمپەيكۇم قىلايلى!

— ئاۋۇ تەرەپتە تۇرغان بىرنەچچىسى ئىلاھىيەتشۇناسمۇ؟ مەن تېخى ئۇلارنى ساينت ژېنېۋيېۋې ئىنستىتۇتىدىكىلەر شەھەر رايونىغا سوۋغا قىلغان ئالتە ئۆردەكمىكىن دەپتىمەن!

— دوختۇرلارنى يوقىتايلى!

— قالايمىقان دەتالاش ۋە كۈلكە ـ چاقچاقلارنى يوقىتايلى!

— ساينت ژېنېۋيېۋې ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرى جانابلىرى، ساڭا شىلەپەمنى ئېلىپ تۇرۇپ سالام بېرىمەنۇ، لېكىن سېنى شىلەپەم بىلەن ئۇرۇپ مىجىۋېتىمەن! سېنىڭ ماڭا ئۇۋال قىلغانلىقىڭ راست! سەن مەندەك بىر نورماندىيەلىكنىڭ

ئورنىنى قاراپ تۇرۇپ بورگىس ئۆلكىسىدىن كەلگەن ئاكانىيو
پالزابادقا ئالماشتۇرۇۋەتتىڭ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىتالىيەلىك ئىدى!

— راستىنلا ناھەق ئىشقۇ بۇ! — ئوقۇغۇچىلار گۇررىدە بولۇشۇپ كەتتى، — ساينت ژېنېۋيېۋى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇدىرىنى يوقىتايلى!

— جانابىي يوھىم دالادىھور! لۇئى داھوللى! لامبېرت ھوكتېمپېن !

— ئاۋۇ گېرمانىيەلىك دوختۇرنى بوغۇپ ئۆلتۈرەيلى! ئۇنى جەھەننەمگە يولغا سېلىپ قويايلى!

— ساينت چېركاۋىدىكى قارا ياغلىق ئارتىۋالغان پوپنىمۇ ساق قويمايلى!

— كۆل رەڭ نوركىدىن مۇراسىم كىيىمى كىيىۋالغان ئاۋۇ بىرىنى ئۇنتۇپ قالمايلى!

— ۋاي - ۋۇي، سەنئەتكارلارمۇ كەلدىغۇ ! قوڭۇر رەڭ پلاش كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇغۇ! ئاۋۇ قىزىل پلاش نېمىدېگەن چىرايلىق!

— ئۇلار ناھايىتى كەلسە مۇدىر جانابىنىڭ يارىشىملىق قويىرۇقلىرىغۇ !

— دېڭىزدا توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە ماڭغان ۋېنىتسىيەلىك كېنەزگىلا ئوخشاپ قاپتۇ!

— ھەي، ژان ! ساينت ژېنېۋيېۋېدىكى كانونىنىڭ ئەزالىرى كەلدى !

— ئۇلار كۆزىمىزدىن يوقالسۇن!

— كلاۋدي چور ئاقساقال ! كلاۋدي چور دوكتورا! سەن مارىيا لاگىرفاردنى ئىزدەپ يۈرمىگەنسەن؟

— ئۇ دېگەن گلاتىگنىنىڭ ئاشنىسى!

— لۇكچەكلەرنىڭ كاتتىبېشى بىلەن بىللە يېتىپتىكەن - دە !

— بىر قېتىم بىللە ياتسا تۆت دېنىرس تاپىدۇ !

— يالىڭاچ يېتىپ بېرىدىغاندۇ، تايىنلىق !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— نەق مەيداندىلا بىر ئىش قىلىپ باقامسەن؟

— ساۋاقداشلار، ئاۋۇ كىشى پىكاردىلىق سايىلىغۇچى سىمون سەنگو ئەپەندى، خوتۇنى بىلەن بىللە ئاتىنىڭ ساغرىسىغىلا ئولتۇرۇۋاپتۇ!

— رىتسارنىڭ كەينىگە قايغۇ - ھەسرەت مىنگىشىۋاپتۇ دېگىنە!

— يارايسەن، سىمون ئەپەندى!

— ياخشىمۇسىز، سايىلىغۇچى جاناب!

— كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، سايىلىغۇچى خانىم!

— ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئوچۇق كۆرەلەيدىغىنى قالتىس بولدى - دە! — ژان دې مولېنىدىنو ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇ ھېلىمۇ ھېلىقى تۆۋرۈكنىڭ يوپۇرماق شەكىللىك ئويما نەقىشلىرى ئۈستىدە ئىدى.

ئوبدانلا ئەدىپىنى يېگەن ئۇنىۋېرسىتېت رايوندىكى كىتابخانىنىڭ خوجايىنى ئاندرى مۇسىنىر ئوردا جەمەتىدىكى يۈك - تېرە سودىگىرى گىللې لىكورنونىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى..

— ئەپەندى، سىزگە دېسەم ئاخىر زامان بولغاندەكلا قىلىدۇ! مۇنداق بېشەملىك قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى ئەزەلدىنلا كۆرمىگەنىدىم. يېقىنقى دەۋر ۋە ھازىرقى دەۋردىكى ئۆلمىگۈر كەشپىياتلارنىڭ شورى قۇرۇسۇن، دەل شۇلار ھەممە نەرسىنى خاراب قىلىۋاتىدۇ. زەمبىرەك، كونا زەمبىرەك، زىنىت توپ، بولۇپمۇ مەتبەئە تېخنىكىسى دېگەنلەر گېرمانىيەدىن تارقالغان ۋابانىڭ ئۆزى. بۇنىڭدىن كېيىن قول بىلەن كۆچۈرىدىغان ئىشلار تۈگەيدۇ. باسمىخانىدا بېسىلىدىغان كىتابلار كىتابچىلىق كەسپىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىدۇ. ئاخىر زامان دېگەن مۇشۇ!

— دەرۋەقە! — دېدى يۈك - تېرە سودىگىرى، — ئوخشاش ئىشتىن بىرنى دەپ بېرەي. ماۋۇق رەختلەرنىڭ بازىرى چىقىپ كەتتى، سېتىلىشى شۇنچە ئىتتىك، يۈك - تېرە بازىرىدا سودا

قالمىدى!

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، سائەتنىڭ ئون ئىككىگە سوققان قوڭغۇراق ئاۋازى ئاڭلاندى.

«ۋاي...» دېيىشىپ قالدى كىشىلەر بىر ئېغىزدىن. ئارقىدىنلا تازا ئەۋجىگە چىقىۋاتقان غۇلغۇلا شىپپىدە توختىدى. ھەممەيلەن ئۆيلىرىدىن - بۆيانغا مىدىرلىغىلى تۇردى. يۆتەل ئاۋازى ۋە ياغلىقلىرىنى ئېلىپ بۇرنىنى سۈرتكەن ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئادەملەر پايپېتەك بولۇپ، ئۆزلىرىنى رۇسلىۋالدى. بەزىلەر ئولتۇردى، بەزىلەر پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، ئۆرە بولدى، تۇزلەندى ياكى ئۇچ - تۆتتىن بىر يەرگە توپلىشىپ تۇردى، بارا - بارا ئەتراپ تىنچىپ قالدى. كۆپىنچىلىرى بويۇنلىرىنى سوزدى، ئېغىزلىرىنى كامارەك ئاچتى. ھەممەيلەننىڭ كۆزى مەرمەر تاشلىق سەھنىگە تىكىلدى. ھېلىقى تۆت نەپەر قورۇقچى تۆت پارچە رەڭلىك ھەيكەلدەك قەددىنى تىك تۇتۇپ، ئورنىدىن قىمىر قىلمىدى. ئادەملەر سەھنىگە يەنە بىر قېتىم قارىدى، لېكىن دەرۋازا بۇرۇنقى پېتى چىڭ ئېتىكلىك ئىدى. ئويۇن كۆرىدىغان سۇپىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. فلاندېرلىق ئەلچىلەرمۇ ئۆز ئورنىغا يېتىپ كەلمىگەنىدى. ئادەملەر چىڭقىچۇش پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. فلاندېرلىق ئەلچىلەر بىلەن مىراكىل تىياترىنى ساقلىدى.

قاملاشمىغان ئىش بولۇۋاتاتتى!

بىر مىنۇت، ئىككى مىنۇت، ئۇچ مىنۇت، تۆت مىنۇت، بەش مىنۇت... چارەك ۋاقىت ئۆتتى، سەھنە يەنىلا بوش - بىكار، ھېچقانداق شەپە بولىدىغاندەك ئەمەس، ئادەملەرنىڭ تىت - تىتلىقى ئاچچىققا ئۆزگەردى.

زەھەردەك گەپ - سۆزلەر دەسلەپىدە بىلىنەر - بىلىنمەس لەيلەپ يۈرگەن بولدى. ئادەملەر: «مىراكىل تىياترى باشلانسا بولاتتى!» دېيىشىپ بىر - بىرىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، پەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاۋازدا غوتۇلدىدى. نارازىلىقىنىڭ بوران ـ چاپقۇنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن مەيىن شامالدەك سۈركىلىپ ئۆتۈپ تۇرۇشىغا، ژاننىڭ ئاۋازى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى.

ــ مىراكىل تىياتىرى باشلانسۇن! فلاندىرلىق ئەلچىلەر بىشىنى يېسۇن! ــ ژان تۇۋرۇكنىڭ ئويما نەقىشلىك جايىدا ئويۇندىن ـ بۇيانغا يىلاندەك ئۆمىلىگىلى تۇردى. ئۇ جۇدۇنى ئۆرلەپ يىرىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى.

جامائەت ئۇنىڭغا بولۇشۇپ، ئالقىش ياغراتتى.

ــ مىراكىل تىياتىرى باشلانسۇن! ــ دېدى ئۇلار ۋارقىراپ، ــ فلاندىرلىقلار ئۆلسۇن!

ــ مىراكىل تىياتىرى دەرھال ئوينالسۇن، ــ دېدى ژان، ــ بولمىسا مەن ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنى ئېسىۋېتىمەن!

ــ بەلەن گەپ بولدى، ــ دېيىشتى جامائەت تۇۋلىشىپ، ــ ئالدى بىلەن ماۋۇ بىرنەچچە قورۇقچىنى ئېسىۋېتەيلى!

قىيا ـ چىيا يەر ـ زېمىننى بىر ئالدى. بىچارە قورۇقچىلار قورقىنىدىن چىرايى تامدەك بولۇپ كەتتى، كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ بىر ـ بىرىگە قارىدى. ئادەملەر ئۇلار تەرەپكە يوپۇرۇلدى. قورۇقچىلار ئۆزلىرى بىلەن جامائەتنى ئايرىپ تۇرغان ئاجىز ياغاچ رىشاتكىنىڭ ئېگىلىپ ئىگىلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇردى.

ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى!

ــ ئالغا! ــ دەپ تۇۋلىدى ئادەملەر، قىيقاس ـ سۈرەن ئاسماننى چاك كەلتۈردى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، پەردە بىردىنلا ئېچىلىپ، بىرەيلەن ئالدىغا چىقتى. ئادەملەرنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى چىپپىدە توختىدى. ئۇلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى خۇددى سېھىرگەرلىك قىلىۋاتقاندەك، دەرھاللا بىر قىزىقسىنىشقا ئالماشتى.

ــ جىم بولۇڭلار!

ئۇ ئادەم پۈت ـ قولى كالۋالىشىپ، دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ئاران ئۆرە تۇراتتى، ئاخىر ئۇدۇل مېڭىپ مەرمەر تاشلىق سەھنىنىڭ گىرۋىكىگە كەلگەندە جامائەتكە قاراپ توختىماي تەزىم قىلدى. يىقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈۋاتقان بەدىنى تىبخىمۇ پاكارلىشىپ، خۇددى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغاندەكلا بىلىندى.

— خانىملار، — دېدى ئۇ، — ئەپەندىلەر! مەن شەرەپلىك هالدا سىلەرگە شۇنى جاكارلايمەنكى، بىز كاردىنال جانابلىرىنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى بىر ئىبرەت تىياتىرىنى ئويناپ چىقماقچى. تىياتىرنىڭ نامى «بۈۋى مەريەمنىڭ هۆكمى»، مەن يۇپىتېر①نىڭ رولىنى ئويناپ چىقىمەن. كاردىنال جانابلىرى ئابايا ئاۋستىرىيە گېرتسوگىنىڭ ئەلچىلىرىگە هەمراھ بولۇپ يولغا چىققانىدى، ئۇلار هازىر باۋدىت دەرۋازىسىدا ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرىنىڭ نۇتقىنى ئاڭلاۋاتىدۇ. شۇڭا، بىردەم هايال بولىمىز. كاردىنال جانابلىرى كېلىشى بىلەنلا تىياتىرىمىزمۇ باشلىنىدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، مراكىل تىياتىرى ئوينالمىدى دېگەن تەقدىردىمۇ، مۇشۇ يۇپىتېرنىڭ لەپپىدە پەيدا بولۇشى تۆپەيلى هېلىقى تۆت نەپەر قورۇقچى ئامان قالغانىدى. بىزنىڭ بەختكە يارىشا بۇ هېكايىنى شۇنداق توقۇۋېتىشىمىزدىمۇ بۈۋى مەريەم ئالدىدا مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئالغانلىقىمىز سەۋەب بولغانىدى. مۇنداق چاغدا كىمدۇر بىرلىرىنىڭ «تەلىيىمىزگە هەرقانداق ئىلاھ بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا چات كىرىپ يۈرمىگەي» دەيدىغان كونا مۇقامنى توۋلاپ بىزگە قارشى چىقىشى مۇمكىن ئىدى. يۇپىتېر ئۇستىگە ساۋۇت كىيگەنىدى. ساۋۇتنىڭ تۈگمىلىرى ئالتۇندەك پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. بېشىدا ئالتۇن يالىتىلغان كۈمۈش دۇبۇلغا بار ئىدى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق ياسانغانىدىكى، هاڭۋېقىپ قاراپ قالغان جامائەت

① يۇپىتېر — رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھ.

بىراقلا تىنچىدى. ئۇنىڭ ساقىلى ئىككى مەڭزىنى بويلاپ پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولىدىكى يۆگەكلىك قاتتىق قەغەزگىمۇ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولۇپ، ئۇستىگە مىخ قېقىلغان، ئۇزۇن ـ قىسقا ئالتۇن ياپراقچىلار ئورنىتىلغانىدى. دىتى بار كىشىلەر ئۇنىڭ چاقماق پەيدا قىلىدىغان سەھنە سايمىنى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايتتى. ئىككى پاچىقىغا گىرىپك ئۇسلۇبىدىكى زىبۇ ـ زىننەتلەر ئورالغانىدى. بۇنىڭغا پەمى يەتمىگەنلەر ئۇنى مۇشۇ سۈرلۈك تۇرقىغا قاراپ پېررى ① جانابلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچى ئەترىتىگە بىرىتانىيەدىن كەلگەن مەرگەن ئوخشايدۇ، دەپمۇ قالاتتى.

## 2. پېررى گىرىنگورى

ھېلىقى ئادەم نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا، جامائەت ئۆزلىرىمۇ تۇيمىغان ھالدا ئۇنىڭ ئۇستىبېشى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەممە نارازىلىقنى بىر ياقا قايرىپ قويغانىدى. لېكىن، ئۇ گېپىنى «كاردىنال جانابلىرى كېلىشى بىلەنلا تىياتىرىمىزمۇ باشلىنىدۇ» دېگەن ئېچىنىشلىق سۆز بىلەن ئەمدىلا ئاياغلاشتۇرۇۋىدى، جامائەت قايتىدىن ئۆرىتۆپە بولغىلى تۇردى. ھېلىقى ئادەمنىڭ باش ـ كۆزىگە تىل ـ ئاھانەت ياغدى.

—— دەرھال باشلانسۇن! مىراكىل تىياترى دەرھال باشلانسۇن! مىراكىل تىياترى دەرھال باشلانسۇن! —— دەپ چۇرقىراشتى ئادەملەر. قىيقاس ـ سۈرەننىڭ ئىچىدىن ژان دې مولىيندىنونىڭ ۋارقىرىغىنى ئاڭلاندى.

—— دەرھال باشلانسۇن! —— ژاننىڭ ئاۋازى نىمپىستىكى②

① پېررى —— كىنەز پېررى (1446 —— 1472) فىرانسىيە پادشاھى چارلىز VII نىڭ تۆتىنچى ئوغلى.

② نىمپىس —— فىرانسىيەنىڭ گارد ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى.

ئەسەبىي مۇزىكىلاردىن چىقىۋاتقان نەيىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

— يۈپىتېرنى يوقىتايلى! بوربون كاردىنالىنى يوقىتايلى! — روبىن پوسىسىپىيان بىلەن دېرىزىنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان يەنە بىر ياش يىگىتنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى يېتىپ كەلدى.

— مىراكىل تىياترىنى دەرھال باشلاڭلار! — ئالامانىنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلەي دېمەيتتى، — دەرھال باشلاڭلار! ئەگەر دەرھال باشلىمىساڭلار ئادەم ئۆلتۈرىمىز! كومېدىيە ئارتىسلىرى بىلەن كاردىنالنى قوشۇپ دارغا ئاسىمىز! ...

بىچارە يۈپىتېرنىڭ جان - ئىمانى چىقىپلا كەتتى، چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى، قولىدىكى يۆگەكلىك قاتتىق قەغەزمۇ يەرگە چۈشتى. ئۇ دۈبۈلغىنى بېشىدىن ئېلىپ، لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا جامائەتكە ئېھتىرام بىلدۈردى، تىلى كالۋالاشتى.

— كاردىنال جانابلىرى ... ئەلچىلەر ... فلاندىرلىق مارگېرىت خېنىم ... — دېيەلىدى ئۇ ئارانلا. نېمىدېگەن بىلەن ئۇ دارغا ئېسىلىشتىن قورقاتتى.

مەيلى ئۇنى جامائەت دارغا ئاسسۇن، مەيلى كاردىنال دارغا ئاسسۇن، بارىدىغان يېرى تەگسىز ھاڭ — مۇنداقچە ئېيتقاندا دارغا ئېسىلاتتى.

تەلىيىگە يارىشا بىر ئادەم ئارىغا چۈشۈپ، ئۇنى بۇ بالا - قازادىن ساقلاپ قالدى، ئۇنىڭغا ھامىيلىق قىلدى.

رېشاتكىنىڭ ئىچى تەرەپتە، مەرمەر تاشلىق سەھنىگە يېقىنراق بوش جايدا تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرغان بىرى باردەك قىلاتتى. لېكىن، تۈۋرۈك توسۇپ تۇرغاچقا، ئۇنى ھېچكىممۇ ئوچۇق كۆرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى قارا بىجىدىن تىكىلگەن كىيىمى كونىراپ كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. بويى ئېگىز، رەندە سىيلىغۇەتكەندەك ئورۇق، چىرايى تاتىراڭغۇ بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرى چاقناپ تۇراتتى، چاڭ يۇمۇلغان لەۋلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانداقتۇر بىر خىل كۆلۈمسىرەۋاتقان ھالەت ئىپادىلىنەتتى. گەرچە پېشانىسىغا ۋە ئىككى مەڭزىگە قورۇق ياماشقان بولسىمۇ، تەق ـ تۇرقىدىن ياش ۋە كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ مەرمەر تاشلىق سەھنىگە قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، شۇمشىيىپلا قالغان يۈپىتېرغا قول ئىشارىتى قىلىپ، ئۇنى يېنىغا چاقىردى. لېكىن، تەمتىرەپ قالغان يۈپىتېر بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى.

بۇ ئادەم ئالدىغا يەنە بىر قەدەم ماڭدى.

— يۈپىتېر، — دەپ توۋلىدى ئۇ، — يۈپىتېر دەيمەن!

ئۇ يەنىلا ئاڭلىمايۋاتاتتى.

كېلىۋاتقان ئادەم تاقىتى تاق بولۇپ، يۈپىتېرنىڭ ئالدىدىلا توختىدى.

— مىچېل گىبورن! — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— مېنى چاقىرىۋاتقان كىم؟ — دەۋەتتى يۈپىتېر ئۇيقۇسىدىن ئەمدىلا ئويغانغاندەك.

— مەن چاقىرىۋاتىمەن! — دېدى قارا بىجىدىن كىيىم كىيگەن ئادەم ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ.

— ھە! — يۈپىتېرنىڭ كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ كەتتى.

— تىياتىرنى ھازىرلا باشلا! — دېدى ھېلىقى ئادەم، — جامائەتنى رازى قىلماي بولمايدۇ. سوت ئەمەلدارلىرىغا چۈشەنچە بېرىشكە ئۆزۈم مەسئۇل، سوت ئەمەلدارلىرى بېرىپ كاردىنال جانابلىرىغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتسا بولىدۇ.

يۈپىتېر يەڭگىل تىنىپ قويدى.

— ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان جامائەتكە قاراپ، — بىز تىياتىرنى ھازىرلا باشلايمىز!

— يۈپىتېر، بىز ساڭا سالام يوللايمىز! جامائەت، تەنتەنە قىلىڭلار!

— ئوبدان ئىش بولدى، — جامائەت گۇرۇلدەپ كەتتى.

ئۇلار ئۇبدان ئىش بولدى دېيىشىپ يۇپىتېرنى چاۋاك بىلەن كۆمۈۋەتتى. بۇ چاغدا يۇپىتېر پەردىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى. سەھنىدە ئالقىش سادالىرىدىن تىترەۋاتقان پەردىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

ھېلىقى ئادەم خۇددى كورنېل ① يازغان تىراگېدىيە «سىد»دىكى «بوران ـ چاپقۇننى ئەپچىللىك بىلەن پەسكويغا چۈشۈردى» دەپ تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژدەك، بايىقى مالىمانچىلىقنى تىنچىتىپ بولغاندىن كېيىن ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىگەندەكلا غىپپىدە تۈۋرۈكنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇلۇققا قايتتى ۋە ھېچقانداق شەپە چىقارماي ئەسلىدىكى جايىدا تۇرىۋەردى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ مىچېل گىبورن بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىگە زەن سېلىۋاتقان ئىككى قىز ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ قالدى.

— مۇئەللىم، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى ۋە ئۇنى يېقىنراق كېلىشكە شەرەتلىدى.

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، لىنارد، — دېدى يېنىدىكى قىز، — ئۇ سەن ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى بىر ئادەم، شۇڭا ئۇنى مۇئەللىم دەپ چاقىرماي، ئەپەندى دېسەڭلا بولغىنى.

يەكشەنبىلىك ئازادە كىيىم كىيىۋالغان بۇ قىزنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى.

— ئەپەندى، — دەپ توۋلىدى لىنارد ئىسىملىك قىز.

ھېلىقى ئادەم تۈۋرۈكنىڭ يېنىدىن ئۇلارغا قاراپ ماڭدى.

— مەن ياردەملىشىدىغان بىرەر ئىش بارمىدى، خان قىزلار، — دېدى ئۇ ئىككىيلەندىن قىزغىن ئەھۋال سوراپ.

— يوقسۇ ! — دېدى لىنارد خىجىل بولۇپ، — دوستۇم گىسگوت لاگىنسىنىڭ سىزگە گېپى باردەك قىلىدۇ.

— ياقەي، — گىسگوتنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ كەتتى، —

① كورنېل (1606 — 1684) — فىرانسىيەلىك داڭلىق دىراماتورگ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىنارد سىزنى مۇئەللىم دەپ چاقىرىۋىدى، مەن ئۇنىڭغا ھەممەيلەننىڭ سىزنى ئەپەندى دەپ تونۇلايدىغانلىقىنى دەپ قويدۇم.

ئىككى قىز بەكلا ئىزا تارتتى بولغاي، تەڭلا يەرگە قارىۋالدى. لېكىن، ھېلىقى ئادەم بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىككى قىز بىلەن مۇڭداشقۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، كۈلۈمسىرىگەن پېتى ئۇلارغا يېقىنلاشتى.

— خان قىزلار، مەن بىلەن قىلىشىدىغان گېپىڭلار يوقمۇ؟

— قىلىشقۇدەك نېمە گەپ بار دەيسىز؟ — گىسگوت ھودۇقۇۋاتقاندەك ئىدى.

— راستىنلا قىلىشىدىغان گېپىڭىز يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى لىنارد.

ھېلىقى ياش يىگىت كەينىگە بىرقەدەم داجىپ، مېڭىشقا تەرەددۇت قىلدى. بىراق، گەپ كوچىلاشقا ئامراق ئىككى قىز ئۇنى ئوڭايلا قويۇپ بېرىدىغاندەك قىلمايتتى.

— ئەپەندى، — گىسگوتنىڭ گېپى ئىچىقىنى ئىچىۋەتكەن سۇدەك شارىلداپ توختىمىدى، — سىز مىراكىل تىياتىرىدا بوۋۇق مەريەمنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئەسكەرنى تونۇمسىز؟

— سىز يۈپىتېرنىڭ رولىنى ئويناپ چىقماقچى بولغان كىشىنى دەيسىزغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى ياش يىگىت.

— شۇنداق، توغرا دېدىڭىز، — دېدى لىنارد، — كالانپاي بىر ئايالغۇ ئۇ؟ ئۇنداقتا سىز يۈپىتېرنى تونۇيدىكەنسىز ـ دە؟

— مىچېل گىبورن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى يىگىت، — ئۇنى تونۇيمەن، خان قىز!

— ئۇنىڭ بۇرۇتى بەك يارىشىملىق! — دېدى لىنارد.

— ئۇلار ئوينىماقچى بولغان تىياتىرنىڭ كۆرگۈچىلىكى باردۇر ـ ھە؟ — دەپ سورىدى گىسگوت قورقۇمسىراپ.

— قالتىس تىياتىر دەڭە، خان قىز، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى يىگىت ئىككىلەنمەيلا.

— ئۇ قانداق تىياتىر ئۆزى؟ — دېدى لىنارد.
— «بۇۋى مەريەمنىڭ ھۆكمى» ناملىق تىياتىرى. ئەگەر خان قىز، سىز ئىلتىپات قىلسىڭىز ...
— ياق! بولدىلا، — دېدى لىنارد.
بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، ھېلىقى يىگىت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
— بۇ مەسخىرە تىياتىرى ئەمدىلەتىن پۈتكەن يېڭى تىياتىر. ھازىرغىچە ئوينىلىپ باقمىغان!
— شۇنداقمۇ، — دېدى گىسگوت، — ئىككى يىل ئىلگىرى پاپانىڭ ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان چاغدا ئوينالغان تىياتىرمۇ يېڭى بولىدىغان، شۇ كۈنى چىرايلىق ئۈچ نەپەر قىز بۇ تىياتىرنى ئورۇنلاشقا قاتناشقانىدى ...
— ئۇلار سۇ پەرىسىنىڭ رولىنى ئېلىپ چىققان!
— قىپيالىڭاچ دەڭلار، تېخى، — دېدى ھېلىقى يىگىت ئۇلارنىڭ سۆزىنى تولۇقلاپ، لىنارد ئىزا تارتىپ پەسكە قارىۋالدى. گىسگوتمۇ ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىۋېلىپ، بېشىنى تۆۋەن قىلدى. ياش يىگىت كۈلۈپ كەتتى.
— كۆرگۈچىلىكى بار تىياتىر! — دېدى ئۇ، — لېكىن بۈگۈن ئوينىلىدىغان مەسخىرە تىياتىر مەخسۇس فلاندېر مەلىكىسىگە ئاتاپ يېزىلغان.
— تىياتىردا سەھرا ناخشىلىرى ئېيتىلامدۇ؟
— سەھرا ناخشىلىرى؟ ئۇ مەسخىرىلىك تىياتىرغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ ـ دە! ناۋادا قىزىقچىلىق قىلىدىغان تىياتىر بولغان بولسا مەيلىدى!
— ئەپسۇس، — دېدى گىسگوت، — ئۆتكەن قېتىم ئوينالغان تىياتىردا بەزى يىگىت ـ قىزلار يورىكىنى قاپتەك قىلىپ فوگىت كۆلچىكىدە بىر ـ بىرى بىلەن ئويناشقان، مۇناجات ۋە سەھرا ناخشىلىرىنى ئېيتىشقان، بىرمۇنچە ئۇسسۇلنى ئورۇنلاپ چىققانىدى.

— مۇنداق قىلىش پاپانىڭ ئەلچىلىرىگە باب كەلگەن بىلەن، — دېدى ھېلىقى يىگىت قوپاللىق بىلەن، — مەلىكىگە لايىق كەلمەيدۇ!

— ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا، — دېدى لىنارد ئۆزىنىڭ گېپىنى تولۇقلاپ، — تۆۋەن ئاۋازلىق مۇزىكا شۇنچە يېقىملىق، شۇنچە لەرزان ئورۇنلانغانىدى.

— يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارنىڭ قانچىلىك خۇش بولۇپ كەتكىنىنى دېمەيلا قويايلى، — گېپىگوتمۇ گەپكە ئارىلاشقىلى تۇردى، — فونتانلىق كۆلچەكنىڭ ئۈچ كۆزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھاراق، سۈت، ئارىلاشما ئىچىملىك ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى يايرىتىۋەتكەنىدى دەڭە !

— فوگىت كۆلچىكىدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان جايدىكى تىرنىتىدا، — دېدى لىنارد، — ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەتل قىلىنىشىغا ئائىت ئاۋازسىز تىياتىر ئورۇنلانغانىدى.

— شۇنداق ئېنىق يادىمدا تۇرىدۇ، — دەپ تووۋلاپ كەتتى گېپىگوت، — ئەيسا ئەلەيھىسسالام كىرىستتا مىخلانغان، ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىدە بىردىن ئىككى جاللاتمۇ بار ئىدى.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇلار پاپانىڭ ئەلچىلىرى ھازىر بولغان چاغدىكى مەنزىرىنى ئەسلەپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي كېتىشتى.

— بەزى ئارتىسلار رەسسامنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەن كۆرۈنۈشتە كىيگەن كىيىملەر ئۆزىگە بەك يارىشىپتىكەن !

— ساينت ئىننوسېن بۇلىقىنىڭ قېشىدا بىر ئوۋچىنىڭ مارالنى قوغلاپ كەتكىنىنى دېمەمسەن، تايغاننىڭ ھاۋششى بىلەن بۇرغىنىڭ ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە ئاڭلانمىغانىدى.

— پارىژدىكى قۇشخانىغا ۋاقىتلىق ياسالغان سەھنىدە دىئىپى قەلئەسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان تىياتىر ئوينالغانمۇ، تېخى!

— پاپانىڭ ئەلچىلىرى تىياتىر كۆرۈپ دەل قەلئەگە ھۇجۇم قىلىدىغان كۆرۈنۈشكە كەلگەندە، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ كاللىسى

ئېلىنغان يەرلىرىچۇ !

— ئارتىسلار چاتىلىي دەرۋازىسىنىڭ قارشى تەرىپىدە ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى يەتكۈچە نامايان قىلغانىدى !

— پاپانىڭ ئەلچىلىرى ئۈچچاڭگى كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، كىشىلەر ئىككى مىڭدىن كۆپ ھەر خىل ئۇچار قۇشلارنى قويۇۋەتكەنغۇ، نەقەدەر چىرايلىق ئىش بولغانىدى ـ ھە، لىنارد !

— بۇگۇنكى تىياتىر ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى، — ھېلىقى يىگىت ئۇلارنىڭ جاۋۇلداشلىرىغا چىداپ تۇرالماي، ئاخىر ئاغزىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولدى.

— سىز بۈگۈنكى مىراكىل تىياتىرىنى چوقۇم ياخشى دەپ ھۆددە قىلالامسىز؟ — دەپ سورىدى گىسگوت.

— ئەلۋەتتە ! — يىگىت شۇنداق دەپ بولۇپ، تەمكىنلىك بىلەن قوشۇپ قويدى، — بۈگۈنكى سەھنە ئەسىرىنىڭ ئاپتورى ئۆزۈم بولىمەن، خان قىزلار !

— بۇ راستمۇ؟ — ئىككى خان قىز ھەيران بولغان ھالدا سورىدى.

— راست ! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ مەغرۇر قىياپەتتە، — ژان مارچاند دەرەخ كېسىپ، سەھنىنىڭ جازىلىرىنى قۇراشتۇرۇپ، تاملىرىنى ئۆرە قىلىپ يۇرگەندە، مەنمۇ سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ پۈتكۈزدۈم، ئىسمىم پېررى گرىنگورى.

«شىد»نىڭ ئاپتورى كورنېل «مەن كورنېل بولىمەن» دېگەندىمۇ، مۇنداق كېرىلىپ كەتمىگەن بولاتتى.

ئوقۇرمەنلەر چوقۇم دىققەت قىلدى، يۇپىتېر پەردىنىڭ كەينىدە غايىب بولغاندىن كېيىن گىسگوت بىلەن لىنارد ئىككى خان قىزنىڭ ساددا ھەمدۇسانالىرىغا، بۇ ھەمدۇسانالار تۇپەيلى يېڭى مەسخىرە تىياتىرى ئاپتورىنىڭ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ كېتىشلىرىگە قەدەر، خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ھەيران قالارلىقى، بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئالدىدىلا قىيقاس ـ سۈرەن سېلىۋاتقان جامائەت، شۇ تاپتا

مەسخىرە تىياتىرىنىڭ ئوينىلىشىنى سەۋر ـ تاقەت ئىچىدە كۈتۈپ تۇرىۋەردى. بۇ ئەھۋال مۇنداق بىر مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى، يەنى جامائەتنى ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى جىلە بولماي ساقلاپ تۇرۇشقا ئۈندەشكە توغرا كەلسە، ئۇلارغا ئويۇن ھايال ئۆتمەي باشلىنىدۇ، دەپ قويۇشنىڭ كۇپايە قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىۋاتاتتى.

لېكىن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ژان ئوكايلا تىنچىپ قالىدىغانلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى.

— ھەي، ھەي! — جامائەت ئۆزىگە ھاي بېرىپ، تىياتىرنىڭ ئوينىلىشىنى كۈتۈۋاتقاندا، ئۇ تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى، — يۈپىتېر! بۇۋى مەريەم! ھەممىڭلار ئالدامچى! چاقچاق قىلىۋاتامسىلەر ياكى راست ئويۇن قويامسىلەر؟ تىياتىرنى باشلاڭلار! بولمىسا غوۋغا چىقارماي قويمايمىز!

ژاننىڭ ۋارقىراشلىرى تەسىر كۆرسەتتىمۇ، ئاقىۋەت تىياتىر باشلاندى.

بىردەملىك گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلىگەن سىمفونىيەدىن كېيىن، پەردە ئېچىلدى. يۈز ـ كۆزلىرىگە ئوپا ـ ئەڭلىك سۈرتكەن. ھەر خىل رەڭلىك سەھنە كىيىملىرىنى كىيىۋالغان تۆت نەپەر ئارتىس شوتىنىڭ پەلەمپىيىدىن ئارتىلىپ سەھنىگە چىقتى ـ دە، بىر قاتار بولۇپ تىزىلغاندىن كېيىن جامائەتكە قاراپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. سىمفونىيە ۋاقىتىنچە توختىدى، مىراكىل تىياتىر باشلىناي دەپ قالغاندى.

ئارتىسلارنىڭ تەزىم بەجا كەلتۈرۈشلىرىگە قاراپ، جامائەت گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. دەقىقە جىمجىتلىق ئاياغلىشىپ، تىياتىرنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئوقۇرمەنلەر تىياتىرنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەسۋىرلىمىگەنلىكىمىزنى ئەپۇ قىلىدۇ دەپ ئويلايمەن. چۈنكى، جامائەتنىڭ دىققىتى بۈگۈنكى كۈندىكىگە ئوخشاش ئارتىسلارنىڭ قانداق رولنى ئويناپ

چىقىدىغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرىگە مەركەزلەشكەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭدىن يامانلىغىلى بولمايتتى. گەرچە ئارتىسلار يېرىمى سېرىق، يېرىمى ئاق ئىككى خىل رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىشلىتىلگەن رەختلەر بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنەتتى. بىرىنچى ئارتىسنىڭ ئۇچىسىدىكىسى ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ رەڭگىدىكى كىمخاب بولۇپ، ئۇ قولىغا خەنجەر تۇتۇۋالغانىدى؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئۇچىسىدىكى يىپەك رەخت بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئىككى ئالتۇن ئاچقۇچ بار ئىدى؛ ئۈچىنچىسى كاناپ رەختتىن كىيىم كىيگەن بولۇپ، قولىغا تارازا ئېلىۋالغانىدى. تۆتىنچىسىنىڭ كىيىمى يىپ رەختتىن بولۇپ، ئۇ تۆمۈر گۈرجەكنىڭ سېپىنى چىڭ سىقىمدىۋالغانىدى. ناۋادا مۇشۇ روشەن بەلگىلەرگە قاراپمۇ، ئۇنىڭ زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمىسا، ئۇنداقتا ئۇلار كىيىۋالغان ئۇزۇن تونلارنىڭ گىرۋىكىگە كەشتىلەنگەن خەتلەرگە قاراشقا توغرا كېلەتتى. كىمخاب تونغا «مەن ئېسىلزادە خېنىم» دېگەن خەت، يىپەك تونغا «مەن مىسسىيونېر» دېگەن خەت، كاناپ تونغا «مەن ئايال سودىگەر» دېگەن خەت، يىپ رەختلىك تونغا «مەن ئىشلەمچى» دېگەن خەت كەشتىلەنگەنىدى. ئىككى ئەر ئارتىسنىڭ ئۇچىسىدىكى تون كالتە، بېشىغا كىيگەن تەلپىكىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. ئىككى ئايال ئارتىس كىيگەن تون سەل ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلار بېشىغا تۆت چاسا ياغلىق چىگىۋالغانىدى. قەستەن بىلمىگەنگە سېلىۋالمىسىلا، مۇقەددىمىدىكى قاپىيەلىك سەھنە سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېلىقى ئىشلەمچىنىڭ ئايال سودىگەرنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى، مىسسىيونېرنىڭ ئېسىلزادە خېنىمنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بار ئىدى. بۇ ئىككى جۈپ ئەر ـ ئايال ئالتۇندىن ياسالغان دېلفىننى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئۇنى دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق ئايالغا سوۋغا قىلىشى لازىم ئىدى. ئۇلار دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىپ شۇنداق بىر چىرايلىق ئايالنى ئىزدىشى، گۈلكۈندا خانىشنى، تاتار خاقانىنىڭ مەلىكىسى تىرىبىزونىدنى ۋە باشقا گۈزەللەرنى بىر - بىرلەپ رەت قىلغاندىن كېيىن ئەدلىيە سارىيىنىڭ مەرمەر تاشلىق سەھنىسىگە قايتىشى، جامائەتكە كۆپتىن - كۆپ ھېكمەتلىك سۆز ۋە پەند - نەسىھەتلەرنى سۆزلەپ بېرىشى كېرەك ئىدى. بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن پەند - نەسىھەتلەر سەنئەت ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئىمتىھانىدا ئىشلىتىلىدىغان بولسا، ئىمتىھان بەرگۈچىلەر ھېچقانچە ئىنجىقلىمايلا ئىلمىي ئۇنۋان ئالغان بولاتتى.

كارامەت بىر ئىش يۈز بېرىۋاتاتتى.

تۆت نەپەر ئارتىس ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ئوقۇۋاتقان ھېكمەتلىك سۆز ۋە پەند - نەسىھەت ئۇگۇتلىرىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئاڭلاۋاتقانلار ئىچىدە ھېچكىممۇ تىياترنىڭ ئاپتورى پېررى گرىنگورىدەك ئەستايىدىل بولالمايتتى. ھېچكىمنىڭ يۈرىكىمۇ ئۇنىڭ يۈرىكىدەك تېپچەكلەپ سوقمايتتى. ھېچكىمنىڭ بويىنىمۇ ئۇنىڭ بويىنىدەك ئۇزۇن سوزۇلمايتتى. ئۇ باياتىن مۇشۇنداق خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىدىن، چىرايلىق ئىككى خان قىزغا ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى دەۋەتكەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ تىياتىر باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۆزى يۆلىنىپ تۇرغان تۈۋرۈكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، سەھنىدىكى تىياترنى ئارامخۇدا تىڭشاپ باقماقچى، كۆرۈپ باقماقچى، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىپ باقماقچى بولدى. تىياتىر باشلانغان چاغدىكى جامائەتنىڭ ئالقىش ساداسى ھېلىمۇ ھەم ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. ئۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك تىياتىر ئاپتورى ئۆزى يازغان ئەسەر جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن دەقىقىدە پەيدا بولىدىغان تەنتەنە ئىچىگە غەرق بولغانىدى.

پېررى گرىنگورى قولىدىن ئىش كېلىدىغان شەخس ئىدى!

مۇنداق دېيىش ئۇنىڭغا ئارتۇق كەتمەيتتى. لېكىن، خۇشاللىق ئۇزاققا بارمايلا، بىرلىرى بۇ خۇشاللىقنىڭ بىلىگە تېپىۋەتتى.

جامائەتنىڭ ئارىسىدا قىستىلىپ يۈرگەن جۇل ـ جۇل كىيىملىك تىلەمچىگە ھېچكىممۇ دىققەت قىلمىغانىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ چۆنتىكىدىن چىشىنىڭ كاۋىكى تولغۇدەكمۇ بىرنەرسە ئۇغرىيالمىغاچقا، كۆزگە چېلىققۇدەك بىر يەردە ئولتۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلماقچى، ئۇلاردىن خەير ـ سەدىقە ئالماقچى بولدى. تىياترنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى ناخشا باشلىنىشى بىلەن تەڭ، سەھنىنىڭ ئۇدۇلىدىكى تۇۋرۇككە يامىشىپ، رېشاتكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى لەمپىدىن ئورۇن ئالدى. كىيىملىرىنىڭ ساق يېرى يوق، سول بىلىكىنى باشتىن ـ ئاياغ جاراھەت بېسىپ كەتكەن بولغاچقا، قاراشقا تاقەت قىلالمىغان كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ پۇل بېرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. مۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىپ تىلەپ يۈرۈشىنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق ئىدى.

تىياترنىڭ مۇقەددىمىسى ئوڭۇشلۇق داۋاملىشىۋاتاندا، ئۇ لام ـ جىم دېمەي تۇرىۋەردى. بىراق، دەل شۇ ئەسنادا ئۇنى نەس باستى. تۇۋرۇكنىڭ چوققىسىدا ئولتۇرغان ژان فىروللو ئۇنى تونۇپ قالدى. تىلەمچىنىڭ كۆز بويامچىلىقى ئۇنىڭ ئىچىنى ئىلەشتۇرگەنىدى.

— ھەي ! — دەپ توۋلىدى ژان خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي، — بۇ كېسەل كۆرپىسى تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپتۇغۇ!

تىياترغا پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن جامائەت بۇ ياش قۇلاق كەستىنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشى بىلەن بىراقلا ئۆرۈتۆپە بولۇپ كەتتى.

ژاننىڭ بۇ قىلىقى پاقا بىلەن لىققىدە تولغان كۆلچەككە قارىتىپ تاش ئاتقاندەك ياكى بولمىسا ئۇچۇپ كېتىپ بارغان قۇشلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزگەندەك بولدى. گەرچە بۇ ئوخشىتىش ئۇنچىلىك جايىدا چىقمىغاندەك بولسىمۇ، لېكىن ژاننىڭ بىر ئېغىز سۆزى جامائەت ئىچىدە قانچىلىك تەسىر قوزغىغانلىقىنى

تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. گرىنگورى خۇددى تۈك سوقۇۋەتكەندەك تىترەپ كەتتى. مۇقەددىمە ئۈزۈلۈپ قالغاندى. ئادەملەر لەپپىدە ھېلىقى تىلەمچىگە كۆز تاشلىدى. بىراق، ئۇنىڭدا قىلچە تەمتىرەيدىغان ئالامەت يوق ئىدى. ئەكسىچە باي بولىدىغان پۇرسەت يېتىپ كەلدى، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن ئاغزىنى ئۆمەللىدى.

— رەھىم قىلىپ، ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار!

— ھىم! — دېدى ژان، — باغلىشىمەنكى، بۇ كىلوپىن تروللىيف! ھەي، بۇرادەر! سېنىڭ جاراھىتىڭ تۈنۈگۈن پاچىقىڭدا ئىدىغۇ؟ بۈگۈن قانداقلارچە بىلىكىڭگە يۆتكىلىپ قالدى؟

ئۇ گەرچە تىلەمچىنىڭ يامان يېرىنى ئېچىۋەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا بىر كۈمۈش تەڭگىنى ئۇنىڭ قالپىقىغا تاشلىدى. قالپاق تىلەمچىنىڭ جاراھەت باسقان بىلىكىگە قويۇلغان بولۇپ، قارىماققا تولىمۇ سەت كۆرۈنەتتى. تىلەمچى ئۇنىڭ سەدىقىسىنى رەت قىلمىدى، كىنايىلىك سۆزلىرىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى، بايىقى ئېچىنىشلىق ئاۋازى بىلەن تىلەپ ئولتۇرىۋەردى.

— رەھىم قىلىڭ، ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار!

قاملاشمىغان بۇ گەپ جامائەتنىڭ تىياتىر كۆرۈۋاتقان چاغدىكى پىكىر يولىنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار روبىن پوسسىيان بىلەن ئىستۇدېنتلارنىڭ باشلامچىلىقىدا بولۇشىچە چاۋاك چېلىپ، مۇقەددىمىگە دەخلى قىلغىنىغا قارىماي قوش ئاۋازلىق ناخشىدەك چىقىۋاتقان ھېلىقى ئىستۇدېنتنىڭ چىرقىراق ئاۋازى بىلەن تىلەمچىنىڭ مۇناجاتىتەك بوغۇق ئاۋازىغا ئالقىش ياغدۇردى.

گرىنگورىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇ ئېسىنى يىغىۋېلىپ، سەھنىدىكى تۆت نەپەر ئارتىسقا ۋارقىرىدى:

— داۋاملاشتۇرۇڭلار! نان قېپىلار! داۋاملاشتۇرۇڭلار!

شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشىنى بۇزغان ئىككى ئادەمگە قارايدىغان كۆزى يوق ئىدى.

شۇ ئەسنادا بىرى ئۇنىڭ پېشىدىن تارتقاندەك قىلدى. ئۇ قايرىلىپ قاراپلا ھەم ئاچچىقلاندى، ھەم تېرىكتى. كۆلكىسى كەلگەن بولسىمۇ كۈلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۈلۈشى لازىم ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ پېشىدىن تارتقىنى باشقا ئادەم ئەمەس، بەلكى ھېلىقى چىرايلىق خان قىز گىسگوت لاگنىس ئىدى.

— ئەپەندى، — دېدى خان قىز، — ئۇلار داۋاملىق ئوينامدۇ؟

— ئەلۋەتتە! — دەپ جاۋاب قايتۇردى گرىنگورى، بۇ سوئالدىن ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئۇنداقتا ئەپەندى، سىز ماڭا چۈشەندۈرۈپ قويغان بولسىڭىز ...

— ئۇلارنىڭ يەنە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەنمۇ؟ ئاڭلىسىڭىزلا بولىدىغۇ؟

— ياقەي، ئۇلارنىڭ ئابايا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سورىماقچىدىم.

گرىنگورى جالاقلاپ تىترەپ كەتتى. بۇ خۇددى بىرى يېغىرىغا تېگىپ كەتكەندەك ئەھۋال ئىدى.

— بۇ دۆت ئايال ئەجەب چىشىمغا تەگدى، — چىشىنىڭ يېرىقىدىنلا چىققان بۇ سۆزنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىلا ئاڭلىيالايتتى.

شۇ مىنۇتتىن باشلاپ، ئۇنىڭ گىسگوت بىلەن خۇشى قالمىدى.

ئارتىسلار تىياترنى يېڭىباشتىن باشلىدى، جامائەتمۇ قايتىدىن بېرىلىپ ئاڭلىغىلى تۇردى. لېكىن، ئادەمنى ھاياجانلاندۇرىدىغان خېلى كۆپ سۆزلەر ئۆتۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى كۆرۈنۈشنىڭ ئۇلىنىدىغان يېرى تۇيۇقسىزلا ئۈزۈلۈپ، تازا ئوبدان قولاشمىغانىدى. بۇ دەل گرىنگورى تولا باش قاتۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكۈچە كۈچەپ يازغان

جاي ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، ئادەملەر ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى، ھېلىقى ئىستۇدېنتنىڭمۇ ئاغزى بېسىقتى، تىلەمچىمۇ قالپىقىدىكى تەڭگىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سانىغىلى تۇردى، ئارتىسلارمۇ تىياترنى داۋاملاشتۇردى.

بۇ ھەقىقەتەن ياخشى يېزىلغان تىياتىر ئىدى. ئاز ـ پاز رەتلىگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى كۈندە ئويناپ چىقسىمۇ بولىۋېرەتتى. گەرچە ۋەقەلىكى سەل ئۇزۇن، مەزمۇنىدىكى بەزى يەرلىرىدە قۇرۇق گەپ تولا بولسىمۇ، لېكىن ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئەمەس، خېلىلا تەلەپكە لايىق ئىدى. ئاق كۆڭۈل گرىنگورى تىياترنىڭ چۈشىنەرلىك بولۇشىغا ئىنتايىن دىققەت قىلىدىغانلاردىن ئىدى. تۆت نەپەر ئارتىس جامائەتنىڭ ئويلىغىنىدەك دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ رايوننى ئارىلاپ چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئالتۇندىن ياسالغان دېلفىننى قوبۇل قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان نامزاتنى تاپالمىدى، ئۇلارنىڭمۇ چارچاپ ھالى قالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئەمدىلىكتە بۇ خاسىيەتلىك بېلىقنى[①] ، فلاندېرلىق مارگېرىت مەلىكىنى، ۋەلىئەھد تۇغۇلغان يۇرت ئامبوۋاس[②] نى مەدھىيەلىدى. تىياتىر مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئىشلەمچى بىلەن مىسسىيونېرنىڭ، ئېسىلزادە خېنىم بىلەن سودىگەر ئايالنىڭ تەرلەپ ـ پىشىپ پۈتۈن دۇنيانى چۆرگۈلەپ چىققىنى بىلەنمۇ كارى بولماي، تولىمۇ غېرىبسىنغان ھالەتتە تاماملاندى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقان ۋەلىئەھد ياش، چىرايلىق، ساغلام، كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئۇ «فىرانسىيەدىكى شىر» دەپ نام ئالغان

---

① فىرانسۇز تىلىدىكى «دېلفىن» دېگەن سۆز «ۋەلىئەھد» بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا، كۆپ ھاللاردا دېلفىن بېلىقى ۋەلىئەھدگە ئوخشىتىلىدۇ.

② ئامبوۋاس ـــ فىرانسىيەنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئاندىل ـ لۇۋار ئۆلكىسىگە قاراشلىق بىر شەھەر. چارلېز Ⅷ نىڭ تۇغۇلغان يۇرتى.

كىشىنىڭ ئوغلى، خان جەمەتىدىكى جىمىكى گۆزەل ئەخلاقنىڭ مەنبەسى ئىدى. مۇنداق قورقۇمسىزلىق بىلەن قىلىنغان ئوخشىتىش ماختاشقا ئەرزىيتتى. ھەجۋىي شېئىر ۋە توي شېئىرلىرى ئەۋج ئالغان بۇ دەۋردە دېلفىنىنى شىر پادىشاھنىڭ ئوغلىغا ئوخشىتىشنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق ئىدى. دەل مۇشۇنداق ئاز ئۇچرايدىغان، پەقەت پاندال ① نىڭ ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان مۇشۇ ئەسەردىلا بۇ خىل قىزغىن مەدھىيەنى ئىپادىلىگىلى بولاتتى. لېكىن، ئەگەر مۇنداق ئىدىيەنى تەنقىدچىلەرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن شائىرلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا توغرا كەلسە، ئۇلار ھېچبولمىغاندا ئىككى يۈز مىسرا يازماي بولدى قىلمايتتى. گۇبېرناتورنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، مراكىل تىياتىرى چىڭقىچۇش مەھەلدىكى سائەت ئون ئىككىدىن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتكە قەدەر ئوينىلىدىغان بولغاچقا، ئارتىسلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ بارلىق ھۈنىرىنى ئىشقا سالمىسا بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە جامائەتمۇ بۇ تىياتىرنى يارىتىپ قالغانىدى.

سودىگەر ئايال بىلەن ئېسىلزادە خېنىم تاكاللىشىدىغان يەرگە كەلگەندە، ئىشلەمچىنىڭ ئاغزىدىن شۇنچىكى يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان مىسرالار ئېتىلىپ چىقتى:

مەن ئورمانلىقتا ئەزەلدىن تارتىپ،
كۆرمىگەن مۇنداق بىر غەلىتە ھايۋان!

دەل مۇشۇ پەيتتە، ھىم ئېتىكلىك دەرۋازا تۇيۇقسىزلا گۇلدۇر ـ غالاپ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئېچىلىپ كەتتى.

ــ كاردىنال جانابلىرى كەلدى، ــ دەپ جاكارلىدى دەرۋازىۋەن ئۈنلۈك ئاۋازدا.

---

① پاندال (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 518 ــ 438) ــ قەدىمكى يۇنان شائىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ لىرىك شېئىرلىرى بىلەن داڭلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3. كاردىنال جانابلىرى

گرىنگورىغا ئۇۋال بولدى! ئادەمنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالىدىغان مۇنداق سەلتەنەتلىك پەيتتە، مەيلى ساينت ژاننىڭ ئىككى ھەسسە ماتېرىيالدىن ياسالغان پوجاڭزىسىدىن چىقىدىغان ئاۋاز بولسۇن، مەيلى يىگىرمە پىلىكلىك بەردەنگىدىن تەڭلا ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاۋازى بولسۇن ياكى بىللىدىكى زەمبىرەك مۇنارىغا توختىتىلغان قەدىمىي زەمبىرەكنىڭ ئاۋازى بولسۇن (1465 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى پارىژ قورشاۋدا قالغان يەكشەنبىدە، مۇشۇ قەدىمىي زەمبىرەكنىڭ بىر پاي ئوقى يەتتە نەپەر بۇرگۇندىلىكنى جەھەننەمگە ئۇزاتقانىدى) ياكى ئىبادەتخانا ئامبىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئوق ـ دورىلار پارتلىغان چاغدىكى ئاۋاز بولسۇن، بۇ ئاۋازلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا دەرۋازىۋەننىڭ «بوربوندىكى كاردىنال جانابلىرى كەلدى» دېگەن سۆزىدىن بەكرەك ھەيۋەتلىك ئاڭلانمىغان بولاتتى.

گرىنگورى كاردىنال جانابلىرىدىن ئەيمەنمىدىغان ياكى ئۇنى مەنسىتمەيدىغانلاردىن ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن قورقۇپ كېتىدىغان يەردىمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنى تەكەببۇر، ھالى چوڭ دېيىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. ھازىرقى گەپپىمىز بويىچە ئالغاندا، ئۇ ئالىيجاناب ۋە كەسكىن، مۇلايىم ۋە چىقىشقاق، مېڭىسى ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەركىنلىك پەلسەپىسى بىلەن تولغان، كاردىنال جانابلىرىغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدىغان، مىجەزى مۆتىدىل كىشىلەردىن ئىدى. ئۇ قەدىدىنى تىك تۇتۇپ ياشايدىغان، مەڭگۈ بەل قويۇپ بەرمەيدىغان پەيلاسوپ ھەمدە يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى كىرىت پادىشاھى مىنوسنىڭ قىزى ئارىئادنىي ① تاشلاپ بەرگەن

① ئارىئادنىي ــ يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى كىرىت پادىشاھى مىنوسنىڭ مەلىكىسى، سىرلىق ئوردىغا ئېزىپ كىرىپ قالغان تېسۇسنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭ چىقىپ كېتىشىگە ياردەم قىلغان.

يىپنى بويلاپ، ئىنسانىيەتنىڭ سىرلىق ئوردىلىرىدىن چىقىپ كېتەلەيدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ھەرقانداق دەۋردىن مۇشۇنداق ئادەملەرنى تاپقىلى بولاتتى. ئۇنداق ئادەملەر جىمىكى دەۋرنىڭ ھەرقانداق ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىپ كېتەلەيتتى. ناۋادا بىزنىڭ گىرىنگورىمۇ شۇ قاتاردا ساناشقا توغرا كەلسە، ئۇنىڭغىمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ مۇشۇنداق شان ـ شەرەپ ئىنئام قىلىنسا، ئۇنىڭمۇ 15 ـ ئەسىر ئادەملىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قېلىشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. يوپ دۇبىرېئول مۇشۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ روھىي ئىلھامى ئاستىدا 16 ـ ئەسىردىلا: «مەن پارىژلىق، پارىژلىق دېگەن سۆز بىلەن ئەركىنلىكنى ياقلىغۇچىلار دېگەن سۆزنىڭ ئوقۇلۇشى بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدۇ. ① مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا، مەنمۇ ئەركىنلىكنى ياقلىغۇچى. چۈنكى، پارىژلىقلار دېگەن بۇ سۆز گىرېك يېزىقىدا ئەركىن سۆزلىگۈچى دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. مەن ھەتتا كاردىنال جانابلىرى بىلەن ۋەلىئەھد كونت ئالىيلىرىنىڭ تاغىسى ۋە ئاكا ـ ئۇكىلىرى ئالدىدىمۇ ئەركىنلىك ھەققىدە گەپ قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايمەن. مەن ئۇلارنى ھۆرمەتلەيمەن. ئۇلارنىڭ خىزمەتكارلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بولغىنىغا قارىماي، بىرەرىنىڭمۇ دىلىغا ئازار بەرگۈم كەلمەيدۇ» دەيدىغان يالقۇنلۇق جۈملىلەرنى يېزىپ قالدۇرغانىدى.

پېررې گىرىنگورى كاردىنال جانابلىرىنىڭ ۋاقىتسىز پەيدا بولغىنىدىن نەپرەتلەنگەن ۋە بۇ ئىشنى ئۇنچە چوڭ بىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بەردى. چۈنكى، ئۆز زامانىسىدا شائىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغان، ئادەتتە كونا كىيىملەرنى كىيىپ يۈرىدىغان بۇ يىگىت كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىيالمايدىغانلاردىن بولغاچقا، تىياتىرنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى دارىتما گەپلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن

① پارىژلىقلار دېگەن سۆز بىلەن ئەركىنلىكنى ياقلىغۇچىلار دېگەن سۆزنىڭ فىرانسۇز تىلىدىكى ئوقۇلۇشى بىر ـ بىرىگە يېقىن كېلىدۇ.

مەنسەپدارلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويارمەنمۇ دەپ خاۋاتىرلىنىپ يۈرمىگەنىدى، فىرانسىيەنىڭ شىر پادىشاھىغا ئوقۇلىدىغان ھەمدۇسانالارنى جامائەت ئاڭلىسا نېمە بولار، دەپ ئەنسىرەپمۇ كەتمىگەنىدى. دېمىسىمۇ، ئادەملەر ئۆزلىرىدىكى تۇغما خۇي ـ مىجەز بويىچە تۇرمۇشتىكى مۇنداق دەبدەبىلىك تەرەپلەرگە ئۆزىنى ئاۋارە قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئارزۇسى تىياتىردىن ئۆزلىرىگە تەئەللۇق ئىززەت ـ ھۆرمەتنى تېپىۋېلىشلا بولاتتى. مېنىڭچىمۇ ئەگەر شائىرلاردىكى تۇغما خۇي ـ مىجەزنى «ئون» ئۇلۇشى بىلەن ھېسابلاشقا توغرا كەلسە ۋە ئۇنىڭغا خىمىكلارنىڭ تەھلىلىنى قوشسا، خۇددى رابېلايىس ① ئېيتقاندەك «ئۇنىڭدىكى ئوندىن بىر ئۇلۇشىنىڭ قىزغىنلىقتىن، ھەۋەس ـ ئىشتىياقتىن، ئوندىن توققۇز ئۇلۇشىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتتىن كېلىدىغانلىقىنى» بىلىۋېلىش تەسكە توختىمايتتى. گرىنگورى دەل مۇشۇنداق گادىرماچ خىيال بىلەن بەند بولۇۋاتقاندا دەرۋازا ئېچىلىپ، كاردىنال جانابلىرى سورۇنغا كىرىپ كەلگەنىدى. گرىنگورىنىڭ كۆڭلىدىكى ئوندىن توققۇز ئۇلۇشنى ئىگىلىگەن ھېلىقى ئىززەت ـ ھۆرمەت جامائەتنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تېز سۈرئەت بىلەن كۆچەيدى، باش ـ ئايىغىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئەسەبىيلىككە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىز بايىلا شائىرلارنىڭ تۇغما خۇي ـ مىجەزىدىن ئايرىپ چىققان ئىشتىياق بەجايىكى تۈنجۇقۇپ قالغاندەك، ئازراقمۇ ئىزنا قالدۇرماي ھەش ـ پەش دېگۈچە نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. بۇ ئىشتىياق گەرچە تۇغما خۇي ـ مىجەزنىڭ ئاران ئوندىن بىر ئۇلۇشىنى ئىگىلىسىمۇ، لېكىن ئۇ شۇ تۇغما خۇي ـ مىجەزنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى ئىدى. ئەگەر شائىرلاردا تۇغما خۇي ـ مىجەزنىڭ ئوندىن بىر ئۇلۇشىنى ئىگىلەيدىغان بۇ

① رابېلايىس (1494 ــ 1553) ــ فىرانسىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى داڭلىق يازغۇچى، «گىگانت ئادەملەرنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى.

خىل ئىشتىياق كەمچىل بولۇپ قالسا، ئۇلاردىكى رېئاللىق بىلەن ئىنسانلارغا بولغان مۇھەببەتمۇ پۇچەكلىشىپ، ئانا تۇپراق بىلەن ئېلىپ بارىدىغان مۇڭدىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولمايتتى. جامائەت (بەزى تېجىمەللەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا) تىياتىردىن ئىنتايىن رازى بولغانىدى. بۇ ئەھۋالدىن گرىنگورىنىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى، بەكمۇ ھاياجانلاندى. توي مۇراسىمى توغرىسىدىكى مىسرالار تولۇق يەرلىك مۇنازىرە بىلەن تويۇنغان بولغاچقا، كۆرۈۋاتقان، ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى «ئەيىۋھەنناس !» دەپ ياقىسىنى تۇتتى. چىڭراق تىنىشنىمۇ ئەستىن چىقىرىپ، قانائەت سۈيىدە چۆمۈلدى. مېنىڭچىمۇ، گرىنگورىنىڭ جامائەتنىڭ خۇشاللىقىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى جەزم قىلىشقا بولاتتى. لېكىن، ئۇلار لافونتايىن ① ئۆزى يازغان كومېدىيە «فلۇرنېسالىقلار»نىڭ تۈنجى مەرتەم ئوينالغانلىقىنى كۆرگەن چاغدا: «قانداق يارىماس ئاپتورنىڭ ئىشى بۇ، قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق قاملاشمىغان شېئىرنى يازغان بارمۇ؟» دەپ سالغىنىدەك غەلىتە سوئالنى سورايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كۆرۈرمەنلەردىن: «بۇ داڭلىق ئەسەرنى كىم يازغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟» دەپ سورىغۇسى كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئوزايىدىن كاردىنال جانابلىرىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇشى ئۇنىڭغا قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. كاردىنال جانابلىرىنىڭ سورۇنغا قەدەم تەشرىپ قىلىشى بىلەن تەڭلا، جامائەتنىڭ كەيپىياتى قايناۋاتقان قازاننىڭ ئۆزىلا بولۇپ كەتتى. ئۇلار خۇددى ئالدىنئالا ۋەدىلىشىۋالغاندەك، باشلىرىنى بىراقلا كاردىنال تەرەپكە قايرىدى. باشقا ھەرقانداق ئاۋاز ئۇلارنىڭ

---

① لافونتايىن (1621 — 1695) — فىرانسىيەلىك شائىر.

قولىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن «كاردىنال ! كاردىنال !» دېگەن ۋارقىراشلار ئاڭلىناتتى. تومەن مىلىك ئەپسۇس، مۇقەددىمە يەنە بىر قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغانىدى.

كاردىنال سەھنە پەلەمپىيىدە بىرپەس تۇرغان ئارىلىقتا، جاماقەتكە مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇنداقلا بىر قاراپ قويغان بولسىمۇ، جاماقەتنىڭ قىيقاس ـ سۈرەنلىرى زالنى بىر ئالدى. ئۇلار كاردىنالنىڭ مۇبارەك جامالىنى ئوچۇقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بويۇنداپ قارىدى.

ئۇ ھەقىقەتەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغىغۇدەك كېلىشكەن شەخس ئىدى، ئۇنى كۆرۈۋېلىش ھەرقانداق بىر كومېدىيەنى كۆرگەندىنمۇ ئارتۇق ئىش ئىدى. چارلېز ئىسىملىك بۇ ئادەم بوربوندىكى كاردىنال، لىئوندىكى ئارخىئېپىسكوپ ۋە گىراف، گاللىيەدىكى باش ئېپىسكوپ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىروتېردىكى ئاقسۆڭەكلەردىن بولمىش ئاكىسى لۇئى XI نىڭ قىزى بىلەن توي قىلغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھ بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت شەكىللەنگەنىدى. ئانىسى ئاگنىس بۇرگۇندى تەرەپتىن ئالغاندىمۇ، ئۇنىڭ باتۇر چارلېز ① بىلەن ئوخشاشلا قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتى بار ئىدى. گاللىيەدىكى بۇ باش ئېپىسكوپنىڭ خاراكتېرىدە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئالدامچىلىق قىلىشلىرى، تەخسىكەشلىكى مانا مەن دەپلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋەت ئۇنىڭغا بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدىغان ئاۋارىچىلىك تېپىپ بېرەتتى، ئۇ بەئەينى بىر قېيىققا ئوخشاش ھەم لۇئىدىن ئايلىنىپ ئۆتمىسە، ھەم چارلېزدىن ئۆزىنى قاچۇرمىسا بولمايتتى. بۇ ئىككىيلەن

---

① باتۇر چارلېز (1433 ــ 1477) ــ بۇرگۇندىلىك گىراف، فىرانسىيەنىڭ شۇ دەۋردىكى ئەڭ زور فېئودال يەر ئىگىسى.

چاربىدىستىكى قاينام بىلەن سىللا ① دېكى خادا تاشنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. كىنەز نېمورىس بىلەن مارشال سايىنت پول ② مۇ ئۇلارغا تاقابىل تۇرالمىغانىدى.

كېرەملىك تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن، كاردىنالنىڭ ھايات سەپىرى ئوڭۇشلۇق داۋاملاشتى. ئۇ ھېچقانداق خېيىم ـ خەتەرگە يولۇقمايلا رىمغا يېتىپ بارالىدى. گەرچە ئۇ قارشى قىرغاققا يېقىنلاشقان، شۇنداقلا قىرغاققا چىقىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن سىياسىي ھاياتىدىكى خىلمۇخىل بالا ـ قازا ئېسىگە كەلگەن ھامان ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەك بېسىپ، خاتىرجەم يۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. مۇشۇ ۋەجىگە كۆرە، نەگىلا بارسا 1476 ـ يىلى «مەن ئۇچۇن زۇلمەتلىك كېچە بىلەن يورۇق كۇندۇز گىرەلەشكەن بىر يىل بولدى» دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈردى. دېمىسىمۇ، شۇ يىلى ئانىسى — بوربون كىنەز خانىم ئالەمدىن ئۆتتى، ئارقىدىنلا نەۋرە ئاكىسى — بۇرگۇندى كىنەزمۇ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلدى. كېيىنچە نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئۆلۈمىگە ئۇھ تارتىپ يۈرۈپ، ئانىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش تۈپەيلى پەيدا بولغان قايغۇ ـ ھەسرەت ئازراق يېنىكلىگەندەك بولدى.

بىراق، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەن ياخشىچاق، كاردىناللىقتا ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيىدىغان ئادەم ئىدى. كونبويى دېگۈدەك چاللۇۋا خان جەمەتىنىڭ سارىيىدىكى ئۇزۇمزارلىقتىن چىقمايتتى، رىچارد لاگارمۇيىس، توماس لاسايلاردەك ئادەملەرنى دەپ كۆڭلىنى يېرىم

① چاربىدىس — ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى ئىنتايىن خەتەرلىك قاينام، ئورنى سىتسىلىيە دېڭىزىنىڭ يېنىغا توغرا كېلىدۇ. دېڭىزدا سەپەر قىلىدىغانلار بۇ قاينامدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، قارشى تەرەپتىكى سىللادىن چىقىپ تۇرغان خادا تاشلارغا سوقۇلماي قالمايتتى. بۇ ئەھۋال ئوردا ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدىكى نىزا ـ جاڭجاللارغا مىسال قىلىنغان.

② نېمورىس (1433 — 1477) — پارىژ گۇبېرناتورى، لۇئى XI بىلەن كۆپ مەرتەم قارشىلاشقانلىقى ئۇچۇن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان؛ سايىنت پول (1417 — 1462) فىرانسىيە مارشالى، توپىلاڭ كۆتۈرۈش جىنايىتى بىلەن لۇئى XI تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ يۇرمەيتتى. قېرى مومايلارغا قارىغاندا ياش قىزلارغا كۆپرەك سەدىقە بېرەتتى. مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلى پارىژ پۇقرالىرى ئۇنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. نەگىلا بارمىسۇن، قانداشلىق جەھەتتە مەرتىۋىسى يۇقىرى بىرمۇنچە ئېپىسكوپ، پوپ دېگەنلەر ئۇنى چۆرىدەپ ماڭاتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈنۈشتە سىلىق ـ سىپايە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆتۈپ كەتكەن سۆيۈق ۋە تەنتەك نېمىلەر ئىدى، ھاراق ـ شارابتىن، كەيپ ـ ساپادىن قول ئۈزمەيتتى. گۇگۇم چۈشكەن چاغلاردا، ساينت گېرمائىندىكى ئىخلاسمەن مۇخلىسلار بوربون مەھكىمىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، چىراغلارنىڭ تاڭ ئاتقۇچە ئۆچمەي يانىدىغانلىقىنى كۆرەتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇلارنىڭ قويقا چېچى ئۆرە بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، بۇ يەردىكىلەر كۈندۈزى مۇناجات ناخشىلىرىنى توۋلاپ، دۇئا ـ تەكبىر ئېيتقىنى بىلەن، كەچ بولغان ھامان قەدەھلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە سوقۇلغاندىكى جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى ئىچىدە پاپا بىنېدىست XII نىڭ مەي ئىلاھىغا بېغىشلانغان مەدھىيەلىرىنى ئوقۇيتتى. دەل مۇشۇ بىنېدىست XII ئارقىمۇئارقا ئۈچ قېتىم تاج كىيگەنىدى.

گۇمان قىلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، ئۇ كاردىنال بولغانلىقى ھەمدە يۇقىرى ئابرۇي ـ ئىناۋەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاستا مېڭىپ سورۇنغا كىرىپ كەلگەندە، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇ كىيلىشتىن ئىلگىرىكى ئاچچىقىغا ھاي بەردى، ئۇنىڭغا يامان نىيەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ يۈرمىدى. يەنە بىر ياقتىن ئالغاندا، ئەخمەقلەرنىڭ پادىشاھىنى سايلاپ چىقىدىغان مۇشۇنداق كۈندە، كاردىنالغا خوش دەپ ئولتۇرۇشنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. شۇنداقلا پارىژلىقلار كۆڭلىدە غوم ساقلايدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تىياتىر مۇددەتتىن بۇرۇن باشلانغان بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئۇنىڭغا بولغان مەھلىيالىق كاردىنالنىڭ نوپۇزىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنى

تىياتىردىن رازى بولدى دېيىشكە بولاتتى. لېكىن، بوربوندىكى كاردىنال جانابلىرى تەق - تۇرقى كېلىشكەن چىرايلىق يىگىت ئىدى. كىيىۋالغان قىزىل تون خويمۇ ياراشقان، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۇدەك رەڭدار ئىدى. سورۇندىكى جامائەتنىڭ يېرىمىنى دېگۇدەك ئىگىلەيدىغان چوكانلارنىڭ يۇرىكى ئېغىپ كەتكەندەك بولدى. كاردىنال جانابلىرى تىياتىر باشلىنىپ بىرھازادىن كېيىن كەلگەن بولغاچقا، ئۇنى يەنىلا تىللاپ پۇسكايتىش ئادىللىق بولمايتتى. نىملا دېگەنبىلەن، ئۇ رەتلىك كىيىنگەن، چىرايىدىن ھېچقانداق ئېۋەن - قۇسۇر تاپقىلى بولمايدىغان بىر ئەر ئىدى.

ئۇ مىيىقىدا كۇلۇپ، سورۇنغا كىرىپ كەلدى. جامائەتكە سالام بېرىپ، ئۆزىنىڭ كاتتا زات ئىكەنلىكىنى بىلدۇردى. پەرۋاسىزلىق بىلەن قەدەم تاشلاپ، يۆلەنچۇكى بار ئورۇندۇققا يېقىن كەلدى. ئورۇندۇققا رەڭدار مامۇق سېلىنچا سېلىنغانىدى. قارىغاندا بۇ كاردىنالنى دەپلا تەييارلانغان ئورۇندۇقتەك قىلاتتى.

كاردىنال سەھنە تەرەپكە قاراپ مېڭىۋاتقاندا، جامائەت ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ھەمراھلىرىغا، ھېلىقى ئېپىسكوپ ۋە پوپلارغا، بۇگۇنكى زامان تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئاقىللار ئۆمىكىگە قىزىقسىنىپ نەزەر تاشلاشقا ئۇلگۇردى. زالنىڭ ئىچى كۆۋرىگەندەك بولدى. خۇشال بولغىنىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ئادەملەر قوللىرىنى شىلتىپ ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشتى، ئۇلارنىڭ ئىسىم - فامىلىلىرىنى ئاتاشتى. ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرى تونۇيدىغان بىر كىشىنىمۇ چالا قويمىدى. ئېسىمنى يوقاتمىغان بولسام، ئاۋۇ بىرى مارسېلنىڭ ئېپىسكوپى بىشوپ، يېنىدىكىسى ساينت دىنىسنىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپى، يەنە بىرى ساينت گېرمائىن چېركاۋىنىڭ پوپى روبېرت دې لېسپىناس ئىدى. بۇ ئادەم لۇئى XI نىڭ شاللاق ئاشنىسىنىڭ ئىنىسى ئىدى. ئادەملەر قىلىشىۋاتقان گەپنىڭ ئورامىدىن ئۇلارنىڭ بۇ كىشىلەرنى ياراتمايۋاتقانلىقى ئېنىق

www.uyghurkitap.com

ئىدى. بولۇپمۇ بەزى سۆزلەر قۇلاققا مۇشت بىلەن ئۇرغاندىنمۇ ئېغىر ئىدى. سورۇندىكى ئىستۇدېنتلارغا كەلسەك، ئۇلار بۇ كىشىلەرنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي تىللاپلا كەتتى. چۈنكى، بۇ كۈن ئۇلارنىڭ بايرىمى ـــ ئادەم ئەخمەق قىلىش بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن ئىدى ! ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بىلەن مەكتەپلەر بىرلىكتە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان شادلىق بايرىمى ئىدى! بۇ كۈندە قىلمايدىغان قىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىشقا بولاتتى، شۇنداقلا بۇنداق قىلىقنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق ۋە مۇقەددەس ئىش ھېسابلىناتتى. توپنىڭ ئىچىدە يەنە سىمون كاترىلىپتا، ئاگنىس لاگادىن، روبىنا پىدىبو قاتارلىق ئەقلىدىن ئازغان، تاپتىن چىقىپ كەتكەن خوتۇنلارمۇ بار ئىدى. مۇشۇنداق بىر گۈزەل كۈندە، دىنىي جەمئىيەتتىكىلەر بىلەن پاھىشە ئاياللار بىللە ماڭغاندىكىن، تەڭرىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىنسا نېمە بوپتۇ؟ ئادەملەر قالايمىقان ۋارقىراش - جارقىراشلار ئىچىدە ئۇلارنى بولۇشىچە تىللاپ رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتتى، تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەنلىكى سېسىق گەپنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتمەي دەپ تۈگەتتى. بۇ ياشلار، بۇ ئىستۇدېنتلار باشقا كۈنلەردە ساينت لۇئىنىڭ كۆيدۈرۈپ تامغا باسىدىغان دەھشەتلىك جازاسىدىن قورقمايدۇ دەمسىلەر؟ نەس باسقان ساينت لۇئى ! ئۇ ئادەملەرنىڭ ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۆزىگە قىلچە ھېيىقماي تىل - ئاھانەت ياغدۇرۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندۇر! سۇپىغا ئەمدىلەتىن پۈتىنى ئالغانلار، كۆل رەڭ تون كىيگەن بىرى، ئاق تون كىيگەن بىرى، بېغىر رەڭ تون كىيگەن بىرى دەرھاللا ئادەملەرنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندى. ژان فروللو دې مولېندىنوغا كەلسەك، ئاكىسى ياردەمچى ئېپىسكوپ بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، كاردىنالغا مىختەك قادالدى - دە، گېلى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى.

ـــ ئۇنىڭ هاراققا چىلىشىپ قالغان تونىغا قاراڭلار!

بىزنىڭ بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېيتماي - تېمىتماي كۆتۈرۈپ چىققانلىقىمىزدىكى سەۋەبنى ئوقۇرمەنلەر چۈشىنەلەيدۇ. چۈنكى، ھېلىقىدەك ۋارقىراشلار ئەتراپىنى چاڭ كەلتۈرگەن قىيقاس - سۈرەن ئىچىدە كۆمۈلۈپلا قېلىۋاتاتتى. ئادەت بويىچە ئالغاندىمۇ، ئادەملەرنىڭ بۈگۈنكى چېكىدىن ئاشقان ھەرقانداق قىلمىش بىلەن كارى يوق، كاردىنالنىڭمۇ بۇ ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلگۈدەك ھەپىلىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بىر ئىش بىلەن پۇچۇلانماقتا ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەس - يادى ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا دېگۈدەك ۋاقىتتا سەھنىگە كىرىپ كەلگەن فلاندېرلىق ئەلچىلەردە ئىدى.

ئۇنىڭ غەرىزىنى ئۇققىلى بولمايدىغان سىياسىيون دېگىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈرگۈندىدىكى نەۋرە سىڭلىسى مارگېرىت بىلەن ۋېيىن ئۆلكىسىدىكى نەۋرە ئاكىسى ۋەلىئەھد چارلېز ئالىيلىرىنىڭ تويىدىن بىرەر چاتاق چىقىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىمەيتتى. ئاۋستىرىيە كىنەزى بىلەن فىرانسىيە پادىشاھى ئارىسىدىكى دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ قانچە ئۇزاق داۋاملىشىشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيتتى ياكى بولمىسا ئەنگلىيە پادىشاھى قىزىنىڭ كەمسىتىلگەنلىكىگە قارىتا قانداق خىيالدا بولىدىغاندۇ دېگەنلەرگىمۇ باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى دەككە - دۈككىگە سالالمايتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئوخشاشلا چاللۇۋا سارىيىدىكى ئۈزۈمزارلىقتا مەززىلىك مەيلەرنىڭ كەيپىنى سۈرەلەيتتى. لۇئى XI نىڭ شۇ خىلدىكى بىرنەچچە بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقىنى (دوختۇر كۋاكىتىئونىڭ خىمىيەلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈپ) ئېدۋار IV ① كە سەممىيلىك بىلەن سوۋغا قىلىدىغانلىقى، ھامىنى بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇنىڭ ئېدۋارد IV نىڭ ئىسكەنجىسىدىن

① ئېدۋارد IV (1442 — 1483) — ئەنگلىيە پادىشاھى. 1461 - يىلىدىن 1483 - يىلىغا قەدەر تەختتە ئولتۇرغان.

قۇتۇلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويمايتتى. «ھۆرمەتكە سازاۋەر ئاۋستىرىيە كىنەز ئالىيلىرىنىڭ ئەلچىلىرى»مۇ كاردىنالغا ھېچقانچە ئاۋارىگەرچىلىك تېپىپ بېرەلمەيتتى. لېكىن، باشقا جەھەتلەردە ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزماي قويمايتتى. بوربوندىكى كاردىنال چارلېز، ئىززەت ـ ئىكرامغا لايىق فىرانسۇز ۋە ھاراق شىرەسىدىكى بۇ دائىملىق مېھمان پۇۋغا ئامراق فلاندېرلىقلارنى، ئۇلارنىڭ قاتارىدىكى بۇرژۇئازلارنى، ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئەمەلدارلارنى خەلقئالەم ئالدىدا قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىشى ۋە كاتتا زىياپەت تەييارلاپ مېھمان قىلىشى لازىم ئىدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ يۈزىنى تۆكىدىغان ئىش ئىدى! بۇنى ئۇ پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىش ئۈچۈن قىلمۇۋاتقان، ئۆزى ئەڭ يىرگىنىدىغان بىر ئىش دېيىشكە بولاتتى.

دەل مۇشۇ چاغدا دەرۋازىۋەن «ئاۋستىرىيە كىنەز ئالىيلىرىنىڭ ئەلچىسى كەلدى!» دەپ توۋلىدى. كاردىنال ھەممە ئادەمگە تونۇش بولۇپ كەتكەن قىياپەت بىلەن، ھېچنېمە بولمىغاندەك ئەركىن ـ ئازادە ھالدا دەرۋازا تەرەپكە قايرىلدى. جامائەتنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا دەرۋازا تەرەپكە ئۆرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

ماكسىمىلىيان① نىڭ قىرىق سەككىز ئەلچىسى يانمۇيان تىزىلىپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار بوربوندىكى كاردىنال چارلېزنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋە دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەربابلىرى بىلەن مۇتلەق ئوخشىمايتتى، بىر ـ بىرىدىن قاۋۇل ۋە سالاپەتلىك ئىدى. ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقىنى ساينت بىرىدىندىكى ياردەمچى ئېپىسكوپ، ئالتۇن يۇڭلۇق قوي پەرمانى ② نىڭ مەسئۇلى پوپ ژان بىلەن گېنت شەھىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەدلىيە ئەمەلدارى ياك دې كۋادوبى ئالىيلىرى ئىدى. سورۇندىكى جامائەت

① ماكسىمىلىيان (1459 ــ 1519) ــ گېرمانىيە پادشاھى. 1493 ـ يىلىدىن 1519 ـ يىلىغا قەدەر تەختتە ئولتۇرغان.

② ئالتۇن يۇڭلۇق قوي پەرمانى ــ بۇرگۇندى كىنەزى فىلىپ 1429 ـ يىلى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان ئەمىر ـ پەرمان.

پىخىلداپ كۆلۈۋېتىشتىن ئۆزلىرىنى ئاران تۇتۇپ جىم تۇرغان ھالدا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىسىملىرىنى ۋە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئەمەل ناملىرىنى دەرۋازىۋەنگە مەلۇم قىلىشلىرىغا قۇلاق سالدى. ئاللىقاچان مېڭىسى قوچۇلۇپ كەتكەن دەرۋازىۋەنمۇ ئۇلارنىڭ غەلىتە ئىسىملىرىنى ۋە نام ـ ئەمەللىرىنى جامائەتكە يەتكۈزۈپ تۇردى. ئۇلار لۇۋان شەھىرىدىكى كونسۇل لوئىس روئېلوف، بىريۇسسېلدىكى كونسۇل كلاس دىتولد، فلاندېرنىڭ باشلىقى پاۋىل دىبائۇست، ئانتۋېرپ شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ژان كولېگىن، گېنت شەھىرىدىكى باش كونسۇل گېئورگى دې لاموري بىلەن گىلدولف فون دىرھاگ يەنە ژان پىننوك، ژان دىما ئىرزىل قاتارلىقلار ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇلار ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى، كونسۇللار، شەھەر باشلىقلىرى ياكى ئەلچىلەر، ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر توپ ئادەملەر ئىدى. قەددىنى تىك تۇتۇپ، تەمكىن مېڭىۋاتقان بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇچىسىدا مامۇق ئارىلاش كىمخابتىن تىكىلگەن بايراملىق كىيىملەر بار ئىدى، باشلىرىغا قارا مامۇقتىن توقۇلغان تەلپەك كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭ چۆرىسىگە سىپرۇس ئارىلىدىن چىقىدىغان ئالتۇن يىپتىن چۇچا تۇتۇلغانىدى. گەپنى قىسقارتساق، ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈز ـ ئابرۇيلۇق فلاندېرلىقلاردىن ئىدى. سالاپىتى ۋە ياخشى نىيەتلىك ئادەملەردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان تاشقى قىياپىتى رېمبراند ① سىزغان كەچكى مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن رەسىملەردىكى قارا رەڭلىك ئارقا كۆرۈنۈشتىن گەۋدىلىنىپ تۇرغان كۈچلۈك ۋە سۈرلۈك ئادەملەرنىڭ قىياپىتى بىلەن قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىپ كېتەتتى. خۇددى ئاۋستىرىيەلىك ماكسىمىلىيان ئۆزىنىڭ باياناتىدا بۇ ئادەملەرنىڭ ئەخلاقىدا قەتئىي مەسىلە يوقلۇقىغا ئىمانىم كامىل دەپ سۆزلىگىنىدەك،

① رېمبراند (1606 ــ 1669) ــ گوللاندىيەلىك رەسسام، ھەيكەلتىراش.

www.uyghurkitap.com

ئۇلاردىكى ئېھتىياتچانلىق، باتۇرلۇق، قابىلىيەت، ساداقەت ۋە كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان باشقا پەزىلەتلەرنىڭ ھەممىسى ھەربىرىنىڭ پېشانىسىغا پۈتۈپ قويۇلغاندەك ئىدى.

لېكىن، بۇلارنىڭ قاتارىغا كىرمەيدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، ئەقىللىك، ھوشيار، ئېغىزى بىلەن بۇرنى ھەم مايمۇننىڭكىگە، ھەم دىپلومات خادىملىرىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى. كاردىنال ئالدىغا ئۈچ قەدەم مېڭىپ، تازا كېلىشتۈرۈپ سالام قىلدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم ناھايىتى كەلسە «گېنت شەھىرىدىكى مەسلىھەتچى ۋە پېنسىيونېرلىق پۇلى بىلەن جان باقىدىغان گۇئىللائۇم روم ئىدى» خالاس!

گۇئىللائۇم رومنىڭ ھېچقانچە نام ـ ئاتىقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ زادى نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلارمۇ ئىنتايىن ئاز ئىدى. بىراق، ئۇ ئاز ئۇچرايدىغان تالانت ئىگىسى بولۇشقا لايىق ئىدى. ناۋادا ئىنقىلاب يۈز بېرىپ قالسا، ئۇنىڭ قالتىس ئىشلارنى تەۋرىتەلەيدىغانلىقىغا جەزم قىلغىلى بولاتتى. لېكىن، 15 ـ ئەسىردە ئۇ خۇددى سىن سىمون ① ئېيتقاندەك بەزى ئۇششاق ـ چۈششەك سۇيىقەستلەرنى پىلانلاپ، «لەخمە ئىچىدە كۈن ئۆتكۈزىدىغان»لاردىن ئىدى. ئۇ چەت ئەللەر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ يۈرگەن بولغاچقا، ياۋروپا بويىچە لەخمە كولايدىغان بىرىنچى شەخس ② دەپ نام ئالغانىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك لۇئى XI غا ئەقىل ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن دوست

---

① كىنەز سىن سىمون (1675 — 1755) — لۇئى رىروفوۋا، فىرانسىيەدىكى ئەسلىمە يازىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچىلارنىڭ بىرى، كىنەز ئورلىيان ھاكىمىيەت بېشىدىكى مەزگىلدە، دۆلەت ئىشلار كاتىپى بولغان. 1721 ـ يىلى فىرانسىيەلىك ئىسپانىيەدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى بولغان. لۇئى XIV نىڭ دەۋرىدىكى ئوردا تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «ئەسلىمە» ناملىق كىتابنىڭ ئاپتورى.

② بۇ سۆز ئۇنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

تارتىشاتتى، پادىشاھنىڭ بەزى مەخپىي ئىشلىرىغا قول تىقاتتى. جامائەت ئەلۋەتتە بۇ ئىشلارنى بىلمەيتتى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇلار كاردىنالنىڭ ۋاي دەپ كەتكۈدەك ھېچقانداق نېمىسى يوق قالاندېرلىق بۇ ئەمەلدارغا ھەددىدىن زىيادە ئىلتىپات كۆرسەتكەنلىكىگە كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى.

## 4. خوجايىن ياكوئىس كوپپېنول

گېنت شەھىرىنىڭ مەسلىھەتچىسى كاردىنال بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا ئۇنىڭ بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. شۇ ئارىدا ھەم ئېگىز، ھەم قاۋۇل، مۈرىلىرى كەڭ، يۈزى يوغان بىرەيلەن قىستىلىپ كېلىپ گۇئىللائۇم روم بىلەن بىللە زالغا كىرمەكچى بولدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ تۈلكىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئىتنىڭ ئۆزىلا ئىدى. بېشىغا يۇڭ قالپاق، ئۇچىسىغا خۇرۇم پەلتو كىيىۋالغان بولغاچقا، مەخمەل كىيىملەرنى كىيگەن ھېلىقى بىر توپ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. دەرۋازىۋەن ئۇنى خاتا يول ماڭغان ھارۋىكەش دەپ ئويلىغان چېغى، دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى توسۇۋالدى.

— ھەي، بۇرادەر! بۇ يەردىن ماڭساڭ بولمايدۇ!

خۇرۇم پەلتو كىيگەن كىشى قولىنى ئۇزارتىپلا ئۇنى دۈشكەلىۋەتتى.

— سەن ئەبلەخ نېمە قىلاي دەيسەن؟ — ئۇنىڭ ھۆركىرىگەندەك چىقىۋاتقان ئاۋازى زالدىكى جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتتى، — سەن مېنىڭ ئۇلار بىلەن بىر يولدىكى ئادەم ئىكەنلىكىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟

— ئىسمىڭ نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ياكوئىس كوپپىنول.

— نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟

— پايپاق دۇكىنىدىكى سودىگەر، گېنت شەھىرىدىكى پايپاق دۇكىنى!

دەرۋازىۋەن ئىككىلىنىپ قالدى. جامائەتكە كونسۇللارنى، شەھەر باشلىقلىرىنى مەلۇم قىلىشقۇ بىر گەپ، لېكىن بىر پايپاق ساتىدىغان سودىگەرنى مەلۇم قىلىش قاملاشمايدىغان ئىش ئىدى. كاردىنال پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتتى. جامائەتمۇ ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ قاراپ تۇرۇۋەردى. كاردىنال جانابلىرى ئىككى كۈندىن بۇيان فلاندىرلىق بۇ بىر ئوچۇم ئىت ئېيىقلارنىڭ جامائەت ئالدىدا كۈلكىگە قالماسلىقى ئۈچۈن تولا باش قاتۇرۇپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كېتەي دەپلا قالغان تۇرسا، ئەمدىلىكتە ئادەمنى تەڭلىكتە قويىدىغان سەتچىلىك يۈز بېرىۋاتاتتى. دەل شۇ چاغدا گۇئىللائۇم روم ھىيلىگەرلەرچە ھىجىيىپ دەرۋازىۋەنگە يېقىنلاشتى.

— سەن ئۇنى گېنت شەھىرىدىكى كونسۇلنىڭ كاتىپى ياكوئىس كوپپىنول دەپ مەلۇم قىلساڭ بولىدۇ، — دېدى پەس ئاۋازدا.

— دەرۋازىۋەن، — دەپ توۋلىدى كاردىنال ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ، — گېنت شەھىرىدىكى كونسۇلنىڭ كاتىپى ياكوئىس كوپپىنولنى مەلۇم قىل!

چاتاقنىڭ چوڭى ئەمدى چىقتى. گۇئىللائۇم روم بۇ ئىشنى ئۆزۈم يالغۇز بىر تەرەپ قىلىۋېتىمەن دەۋاتقاندا، كاردىنالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى.

— ياق! تەڭرى ئالدىدا قەسەم قىلىمەن! — ئۇنىڭ ئاۋازى بەئەينى گۈلدۈرمامىنىڭ ئۆزى ئىدى، — ئېنىق ئاڭلاۋاتامسىلەر؟ مەن گېنت شەھىرىدىكى پايپاق دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان سودىگەر ياكوئىس كوپپىنول، سىلەرگە تەڭرىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ بېرەي! پايپاق دۇكىنىدىكى سودىگەر بولىمەن، پايپاق

سىتىشمۇ قالتىس ھۇنەر ! چوڭ كىنەز ئالىيلىرىمۇ دۆۋىلەپ قويغان پايپاقلىرىمنىڭ ئارىسىدىن نەچچە قېتىملاپ ئۆزىنىڭ پەلىيىنى ئىزدىگەن دەڭلار ! ①

جامائەت گۇررىدە بولۇشۇپ كەتتى، كۇلكە ـ چاقچاق، چاۋاك ئاۋازلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. پارىژلىقلار مۇنداق ياپتا گەپنى تازا چۈشىنىدىغانلاردىن بولغاچقا، ئاڭلىغان ھامان گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ تۇرالماي كېتىشەتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە كوپپېنول ئاددىي پۇقرا ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ئەتراپىدىكى جامائەتمۇ ئوخشاشلا ئاددىي پۇقرالاردىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە بىلىپ يېتەلەيتتى. ھەتتا ئۇلار ئارىسىدا ھېچقانداق توسالغۇ يوق دېيىشكىمۇ بولاتتى. فلاندىردىكى پايپاق دۇكىنىدا ئىشلەيدىغان سودىگەرنىڭ ھاكاۋۇرلۇق بىلەن قىلغان گەپلىرى ئوردىدىكى ئېسىلزادىلەرنىڭ يېغىرىغا تەگدى، ئاددىي پۇقرالارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى، سۆز بىلەن ئىزھار قىلغىلى بولمايدىغان داغدۇغىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەلۋەتتە، بۇ خىل كەيپىيات 15 ـ ئەسىردە تېخى خېلىلا گۇڭگا بولسىمۇ، لېكىن تەپ تارتمايلا كاردىنال جانابلىرىغا ھۇرپىيەلىگەن پايپاق دۇكىنىدىكى بۇ سودىگەرنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئاددىي پۇقرالاردىن ئىكەنلىكى ئايان بولدى ! كاردىنالدىن تارتىپ ساينت ژېنېۋيېۋې ئىنستىتۇتىدىكى باش كاھىنىنىڭ (كاردىنالنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ماڭىدىغان) مۇلازىملىرىغا قەدەر ھەممىسى باشقىلارغا ئىتائەت قىلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلىشقا كۆنۈپ كەتكەنلەردىن ئىدى.

كوپپېنول كاردىنال جانابلىرىغا تەكەببۇرلۇق بىلەن سالام بەردى. كاردىنال ھەتتا لۇئى XI مۇ ئەيمىنىدىغان بۇ خوجايىننىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ۋە ئۇنىڭغا سالام بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

---

① «پەلەي» بىلەن «گېنت شەھىرى» فىرانسۇزچە ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

گۇئىللائۇم روم دەل فىلىپ دې كومىن ① ئېيتقاندەك «ئەقىللىك ۋە رەھىمسىز ئادەم»، بۇ ئادەم ئۆزىدىكى ئۇستۇنلۇكنى كۆلۈمسىرەش ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ھەر ئىككىيلەننىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ بولدى قىلدى. شۇ تاپتا كاردىنالنىڭ مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقى ۋە تىت - تىت بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. كوپپېنول ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن تەمكىن، شۇنداقلا ئىنتايىن تەكەببۇر قىياپەتتە ئىدى. شۇ تاپتا كاردىنالنى پايپاق سودىگىرىنىڭ نام - ئەملىمۇ مېنىڭكىگە ئوخشاش سىرلىق ئىكەن دەپ ئويلاۋاتىدۇ، دېيىشكە بولاتتى. بۇ يەردىكى سەۋەب، مارگېرىتنىڭ ئانىسى مارىيې دې بۇرگۇندىمۇ كوپپېنولدەك مۇشۇنداق بىر سودىگەردىن كاردىنالنى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ھېيىقاتتى! ئاۋام پۇقرانى باتۇر چارلېزنىڭ قىزىنىڭ ئەتىۋارلىق مەھرەملىرىگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتالايدىغىنى كاردىنال جانابلىرى ئەمەس ئىدى؛ ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گېپى گېنت شەھەر ئاھالىسىنى ئۇنچىلىك دېدەيگە سالالمايتتى. شەھەر ئاھالىسىنى باغرى تاش قىلىۋېتەلەيدىغىنى فلاندىر مەلىكىسى دارىنىڭ تۆۋىگە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەتىۋارلىق مەھرەملىرىنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ يالۋۇرسىمۇ، زار - زار يىغلىسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغىنى، ھايات - ماماتلىق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتالايدىغىنى دەل مۇشۇ پايپاق سودىگىرى ئىدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپلا قويسا، جاھاندا بىرلا مەن دەپ يۈرىدىغان گويى دېھومبىركورت، گۇئىللائۇم ھۇگونتتەك غوجاملارنىڭمۇ كاللىسى يەرگە چۈشەتتى.

بىچارە كاردىنالنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان مالامەت بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىگەندەك قىلاتتى. مۇشۇنداق بىر مېھماننىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇش پېشانىسىغا پۈتۈلگەن بولسا، دېمەك ئۇنىڭ بۇ پېشكەللىككە بەرداشلىق بېرىشى لازىم ئىدى.

① فىلىپ دې كومىن (1447 — 1511) — فىرانسىيە پادشاھى لۇئى XI نىڭ يېقىن ئادىمى ۋە مەسلىھەتچىسى، يىلنامىچى.

تىياتىر باشلانغاندا سەھنە يېنىدىكى رېشاتكىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە يامىشىپ چىقىۋالغان ھېلىقى قارام تىلەمچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەندۇر! ئەزىز مېھمانلاردىن ھېچقايسىسىمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. مىسسىيونېرلار ۋە ئەلچىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇددى غازدەك قاتار بولۇپ سورۇنغا كىرىۋاتقاندا، ئۇ تۈۋرۈكنىڭ چوققىسىدا پۇتىنى ئالماپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك ئەركىن - ئازادە ئولتۇرىۋەردى. ئادەملەرمۇ دەسلەپتە باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭ ھاكاۋۇر قىلىقلىرىنى بىلمەي قالدى. ئۇمۇ بۇ ئىشلارنىڭ ئەكسىچە زالدىكى ئىشلار بىلەن كارى بولماي، بىغەم ھالدا بېشىنى گىلدىڭلىتىپ، قىيقاس - سۈرەنلەرنى پەسەنتىگە ئالمىغان ھالدا: «رەھىم قىلىپ، ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار!» دەپ توۋلاۋەردى. ئېھتىمال، سورۇندىكى مىغ - مىغ ئادەم ئىچىدە كوپېپېنول بىلەن دەرۋازىۋەننىڭ جېدەل - ماجىراسىغا نەزەر - كۆزىنىمۇ سالمىغان بىردىنبىر ئادەم دەل مۇشۇ تىلەمچى ئىدى.

لېكىن، بىردەمدىلا ئادەملەرنىڭ ھېسداشلىقىنى ئۇتۇۋالغان، ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغان گېنت شەھىرىدىكى پايپاق دۇكىنىنىڭ ھېلىقى خوجايىنى قېرىشقاندەك سۇپىنىڭ ئالدىدىكى بىرىنچى رەتتىن ئورۇن ئالدى. بۇ دەل ئابايا بىز تىلغا ئالغان تىلەمچىنىڭ بېشى ئۇستىگىلا توغرا كېلىدىغان ئورۇن ئىدى. فلاندېرلىق ئەلچى ئايىغى ئاستىدىكى تىلەمچىگە لەپپىدە قارىۋېلىپ، ئۇنىڭ ياماق بىلەن تولۇپ كەتكەن دولىسىغا پاققىدە ئۇرۇپ قويدى. قاراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. تىلەمچىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر قارىۋالدى، ھەر ئىككىيلەننىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى. ئۇلار شۇ دەمدە خۇددى ۋەدىلەشمەيلا ئۈچرىشىپ قالغان قەدىناسلارغا ئوخشايتتى. پايپاق سودىگىرى جامائەتنىڭ نېمىلەرنى ئويلىشى بىلەنمۇ ھېسابلىشىپ تۇرماي، يۈز - كۆزىنى

www.uyghurkitap.com

جاراھەت بىسىپ كەتكەن تىلەمچى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە پەس ئاۋازدا مۇڭداشقىلى تۇردى. كلوپىن تروللىپفىنىڭ ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكى ئالتۇن رەڭ پەردىنىڭ قارشىسىدا بەئەينى ئاپىلسىنىڭ ئۈستىدە ئۆملەۋاتقان كۆك قۇرتقىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

زالدىكى جامائەتكە بۇ كارامەت ئىش يېڭىلىق تۇيۇلدى بولغاي، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۇتۇپ تۇرالماي چۇرقىرىشىپ كەتتى. زادى نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان كاردىنال ئەھۋالنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىپ بېقىش نىيىتىدە ئالدىراپ ـ سالدىراپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە سەل ـ پەل يانتۇ بولدى. لېكىن، ئۇ پەقەت تروللىپفىنىڭ يىرتىق كىيىمىنىڭ بىر بۇرجىكىنىلا كۆرەلىدى. ئۇ بۇ تىلەمچى بىرنەرسە تىلەۋاتامدۇ ـ نېمە دېگەن بەرگە كېلىپ، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

— سوتچى ئەپەندى، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — مۇنۇ ئەبلەخنى دەرياغا تاشلاپ كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار !

— تەڭرىنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ شۇنى دەپ قوياي، كاردىنال جانابلىرى، — دېدى كوپپېنول كلوپىننىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم !

— ھەببەللى ! — دەپ توۋلاشتى جامائەت، كوپپېنول شۇ مىنۇتتىن ئېتىبارەن بۇ يەردىمۇ گېنت شەھىرىدىكىگە ئوخشاشلا «جامائەتنىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولدى»، يەنە خۇددى فىلىپ دې كومىن ئېيتقاندەك «ئېغى بىلەن بېغىنىڭ تايىنى يوق بۇنداق سورۇندا، پەقەت ئاشۇنداق مىجەزدىكى ئادەملەرلا جامائەتنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولالايتتى.»

كاردىنال لېۋىنى چىشلەپ، يېنىدا تۇرغان سايىنت ژىنىۋىيېۋىنىڭ باش كاھىنىغا:

— كىنەز ئەپەندىنىڭ مارگېرىت مەلىكىنىڭ تويى ئۈچۈن قاراپ تۇرۇپ شۇنچىۋالا ئەلچىنى ئەۋەتكەنلىكى نېمىسى، ئېتىقسىزلىققۇ بۇ ! — دېدى پەس ئاۋازدا.

— جانابلىرى، — دەپ جاۋاب بەردى باش كاھىن، — فلاندېرلىق بۇ ھاڭۋاقتى چوشقىلارنى دەپ يۈزىڭىزنى تۆكۈۋالىدىغان بولدىڭىز. گۆھەرنى چوشقا قوتىنىغا تاشلىغاندەك بىر ئىش بولدى - دە!

— چوشقىلارنى گۆھەرنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كەلگەندەك ئىش بولدى دېگەن تۈزۈك، — دېدى كاردىنال كۈلۈمسىرەپ.

ئۇچىسىغا ئۇزۇن تون كىيىشىۋالغان ھېلىقى بىر توپ ئادەملەر بۇ سۆز ئويۇنىدىن ئوبدانلا رازى بولغاندەك ئىدى. كاردىنالنىڭ كۆڭلىمۇ تەسكىن تاپتى. نېمىلا بولسۇن، ئۇ كوپپېنولدىن ئۆچىنى ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىدىغان بۇ گەپلىرىگىمۇ جامائەت ئالقىش ياڭراتتى.

بىز ئەمدى ئوقۇرمەنلەر ئىچىدىكى چۈشەنچە بىلەن تەسەۋۋۇرنى يىغىنچاقلىيالايدىغانلاردىن سوراپ باقايلىچۇ، سىلەر بىز تەمىن ئەتكەن مەنزىرىگە قاراپ، غايەت زور تۆت چاسا ئەدلىيە سارىيى ھەققىدە روشەن بىر تەسىراتقا كەلدىڭلارمۇ؟ زالنىڭ مەركىزىدىكى ئارقا تەرىپى غەربىي تامغا تۇتاشقان چوڭ سەھنە شۇنچىكى كۆركەم ۋە ئازادە ئىدى. ئالتۇندەك سېرىق پەردىلەر كۆزنى قاماشتۇراتتى. كاتتا ئەمەلدارلار ۋە مۆھىم ئەربابلار دەرۋازىۋەن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، كىچىك ۋە چوققىلىق ئەگمە ئىشىكتىن ئۆتۈپ زالنىڭ ئىچىگە كىردى. بىرىنچى رەتتىن ھېلىقى ئەزىز مېھمانلار ئورۇن ئالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇلغۇن تېرىسىدىن پەلتو كىيگەن، بەزىلىرى مەخمەل كىيىملەرنى كىيىۋالغان، يەنە بەزىلىرى مۇراسىم كىيىملىرىنى يېپىنىۋالغانىدى. سۇپىنىڭ ئەتراپى لىق ئادەم، شاۋقۇن - سۈرەننىڭ ئايىغى ئۈزۈلەي دېمەيتتى. ئۇلارنىڭ كۆزى سۇپىغا مەركەزلەشكەن بولسىمۇ، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، پەس ئاۋازدا غۇلغۇلا قىلىشاتتى. بۇ قىزغىن مەنزىرە ھەقىقەتەن كۆرۈشكە ئەرزىيتتى. لېكىن، زالنىڭ يەنە بىر بېشىدا، سەھنىنىڭ ئاستى - ئۈستىدە رەڭگارەڭ كىيىم بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇتتەك قېتىپ تۇرۇپ كەتكەن تۆتەيلەن كىم بولدى؟ سەھنىنىڭ يېنىدىكى قارا كىيىم كىيىۋالغان، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن كىشىچۇ؟ ۋاي ئىسىت! سۆيۈملۈك ئوقۇرمەنلەر، بۇ پىررې گرىنگورى ئەمەسمۇ؟

بىز ئۇنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇپ كەتتۇقمۇ نېمە؟

ئۇ ئەنسىرەيدىغان ئىش دەل مۇشۇ ئىدى!

كاردىنال زالغا قەدەم تەشرىپ قىلغاندىن باشلاپ، گرىنگورى تىياتىرنىڭ مۇقەددىمىسىنى قۇتۇلدۇرۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، بىردەممۇ ئارام ئالالمىغانىدى. ئالدى بىلەن ئىككى تايىن بولۇپ تۇرغان ئارتىسلارغا داۋاملىق ئويناشنى تاپىلاش ئۈچۈن بولۇشىچە ۋارقىرىدى. بىر قولىنى ئۇن قىلالماي، گىسگوت بىلەن لىناردتىن ئەتراپتىكى ئادەملەرنى داۋاملىق ئويۇن كۆرۈشكە دەۋەت قىلىشقىلار دەپ ياردەم سورىدى. ئاخىرىغا بېرىپ ھېچكىمنىڭمۇ بۇ گەپلەرگە قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىنى بايقاپ، نائىلاج ئارتىسلارنى ۋاقىتلىق توختاپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. بۇ بىر توختاش ئالاھازەل چارەك سائەتكە سوزۇلدى. شۇنداق قىلىپ بارلىق تىرىشچانلىق بىكارغا كەتتى. كاردىنال تەرەپكە قايرىلمىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرۈش سۆپىسىدىكى كاتتا ئەمەلدار، ئېپىسلىزادە غوجاملار ۋە ھېلىقى ئەلچىلەرگە قاراش بىلەن بەند بولدى. كۆرۈش سۆپىسى زالدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان بىردىنبىر جايغا ئايلاندى. دېمىسىمۇ مۇقەددىمە كۆرۈرمەنلەرنى سەل - پەل زېرىكتۈرۈپ قويغاي دەۋاتقاندا كاردىنال يېتىپ كەلدى - دە، قورقۇنچلۇق تەۋرىنىشنىڭ پىلىكىگە ئوت تۇتاشتۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەھنىدىمۇ ئوخشاش بىر كۆرۈنۈش تەكرارلىنىۋەردى. ئىشلەمچى بىلەن كاھىن، ئېپىسلىزادە ئايال بىلەن ئايال سودىگەرنىڭ ماجىراسى تۈگىمەي كەتتى. تىياتىرنىڭ مەززىسى قالمىدى! ئادەملەر ئۇلارنىڭ بىرلا ئۆزگىرىپ فلاندىرلىق ئەلچى، ھەمراھ بولۇپ ماڭغان كاھىن بولۇپ قېلىشىنى ياكى كاردىنالنىڭ

تونىنى، كوپپېنولىنىڭ خۇرۇم پەلتوسىنى كىيگەن جانلىق، ھاياتى كۆچى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، مىدىرلىيالايدىغان، قىستىيالايدىغان پېرسوناژغا ئايلىنىشىنى خالىدىكى، گرىنگورى لايىھەلىگەن ئاق ـ سېرىق رەڭلىك كىيىمنى كىيىپ سەھنىگە چىقىۋالغان قورچاق ئادەمنىڭ ئۇ يەردە بۇتتەك قېتىپ شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىنى كۆرۈشتىن باش تارتتى.

شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ شائىرىمىز گرىنگورى زالنىڭ ئىچى ئاز ـ پاز بولسىمۇ تىنچىپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، يەنە بىر ئەپچىل چارىنى ئويلاپ تاپتى.

— ئەپەندى، — دېدى ئۇ يېنىدىكى بىرەيلەنگە قاراپ، — ئورۇنلاۋەرسە بولارمۇ؟

سېمىز ئادەمنىڭ خېلى تاقىتى باردەك قىلاتتى.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— مىراكىل تىياتىرىنى دەيمەن!

— ئىختىيارىڭىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئادەم ئويلانمايلا.

ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بۇ جاۋاب گرىنگورى ئۈچۈن يېتەرلىك ئىدى. ئۇ ئۆزى بىۋاسىتە بىر ئىش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، توپنىڭ ئىچىگە جان ـ جەھلى بىلەن قىستىلىپ كىرگىلى تۇردى.

— مىراكىل تىياتىرىنى قايتىدىن باشلاڭلار! قايتىدىن باشلاڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— تىلىڭنى چاينىما! — ژان دې مولېندىنونىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، — ئۇ نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىدۇ؟ ئەڭ ئىچى تەرەپتە تۇرغان ئاۋۇ بىرىنى دەيمەن! (گرىنگورى تۆت ئارتىسنىڭ ئاۋازىنى تەڭلا دوراپ سۆزلىگەچكە، ژان دې مولېندىنو قايمۇقۇپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى.) ساۋاقداشلار! مىراكىل تىياتىرى تۈگىمىدىغۇ؟ ئۇلار تىياتىرنى باشتىن باشلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. مۇنداق قىلىش ئادىللىق بولمىدىغۇ دەيمەن!

— يول قويمايمىز! يول قويمايمىز! — دەپ ۋارقىرىدى

www.uyghurkitap.com

ئوقۇغۇچىلار، — يوقالسۇن مراكىل تىياتىرى ! مراكىل تىياتىرىنى يوقىتايلى !

گرىنگورىغا بۆلەكچە جان كىرگەندەك ئىدى، ئاۋازى تېخىمۇ چوڭ چىققىلى تۇردى.

— قايتىدىن باشلانسۇن ! قايتىدىن باشلانسۇن !

بۇ ۋارقىراش كاردىنالنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويدى.

— باش سوتچى ئەپەندى، — دېدى ئۇ ئۆزىدىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدىكى قاپىقىدىن قار يېغىپ تۇرىدىغان تەلەتى سۆرۈن ئۇزۇنتۇراغا، — بۇ ئەبلەخلەر زەمزەم قاچىسىغا يىقىلىپ چۈشمىگەن بولغىيدى؟ ئاۋازى نېمانداق سەت چىقىدۇ بۇ نېمىلەرنىڭ؟

باش سوتچى قوش ماكانلىق هايۋان ئىدى، شۇڭا ئۇنى ئەدلىيە ساھەسىدىكى شەپەرەڭ دېيىشكە بولاتتى. ئۇ ھەم چاشقان، ھەم ئۇچار قانات ئىدى؛ سوتچى بولغىنى بىلەن ھەم ئەسكەر ئىدى.

ئۇ كاردىنالنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلغاچقا، تولىمۇ ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە جامائەتنىڭ بۇ قەدەر ئەدەپسىزلىك قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئۇنىڭغا كىكەچلەپ تۇرۇپ دوكلات قىلدى. ئۇنىڭ سۆزىچە كاردىنال جانابلىرى چىڭقىچۈش سائەت ئون ئىككىدە ئۇلگۇرۇپ كېلەلمىگەچكە، جامائەت بەك تەقەززا بولۇپ كېتىپ، تىياتىر بالدۇرراق باشلىنىپ قالغانىدى.

كاردىنال قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— ئەمەلىيەتتە، ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مۇدىرلىرى مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندىمۇ، بۇنىڭدىن بۆلەك چارە تاپالمايدۇ ! سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق گۇئىلائۇم روم ئەپەندى؟

— جانابلىرى، — دېدى گۇئىلائۇم روم، — تەلىيىمىزگە يارىشا ئالدىنقى يېرىم مەيدان تىياتىرنى كۆرمەپتىمىز، بۇمۇ بىزگە پايدا، شۈكۈر قىلساق بولار !

— بۇ ئەبلەخنىڭ يەنە ئويىنىشىغا يول قويىمىزمۇ؟ — دەپ

سوريدى سوتچى.

— ئويناۋەرسۇن! ئويىنغىلى قويايلى! — دېدى كاردىنال، — ماڭا بەربىر، مۇشۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي دۇئا ـ تەكبىر ئېيتىۋالىمەن!

سوتچى مۇنبەرنىڭ يېنىغا بېرىپ، كۆپچىلىكنى تىنچلىنىشقا ئىشارەت قىلدى.

— خالايىق! — دەپ تووۋلىدى ئۇ، — ئۇ يېزا ـ بازارلاردىن كەلگەن پۇقرالار! بىرلىرى تىياتىرنى باشتىن باشلىسۇن دەۋاتىدۇ. بىرلىرى دەرھال توختىسۇن دەۋاتىدۇ. كۆپچىلىكنى رازى قىلىش ئۈچۈن، كاردىنال جانابلىرى تىياتىرنى داۋاملىق ئورۇنلاشقا بۇيرۇق قىلدى!

بۇ گەپكە ھەر ئىككى تەرەپ ئۇنىغان بولسىمۇ، لېكىن تىياتىرنىڭ ئاپتورى بىلەن جامائەت كاردىنالغا بىرھازا تاپا ـ تەنە قىلدى.

سەھنىدىكى ئارتىسلارغا قايتىدىن جان كىرىپ، تىياتىرنى داۋاملىق ئورۇنلاشقا تۇتۇش قىلدى. گرىنگورىمۇ ئۆزى يازغان بۇ ئەسەرنى جامائەت تولۇقى بىلەن كۆرىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئۇمىدى ھايال ئۆتمەيلا خىيالىي چۈشكە ئوخشاش بىراقلا غايىب بولدى. جامائەتنىڭ غۇلغۇلىسى بىردەملىك بولسىمۇ پەسكويغا چۈشكەن چاغدا، كاردىنال گەرچە تىياتىرنى داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولسىمۇ، مۇنبەردىكى ئەزىز مېھمانلارنىڭ تېخى تولۇق كېلىپ بولالمىغانلىقىنى گرىنگورى بايقىمىغانىدى. فلاندېرلىق بەزى ئەلچىلەر ئەمدىلەتىن كىرىۋاتاتتى. دەرۋازا قورۇقچىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى كاركىراپ چىقىدىغان ئاۋازى بىلەن ئۇزۇلدۇرمەي مەلۇم قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مەلۇم قىلىشلىرى تىياتىردىكى دىيالوگ بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. تىياتىر يېرىملىشاي دەپ قالغاندا، دەرۋاز قورۇقچىسىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن چىقىۋاتقان گەپ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۆزلەرنى ئارتىسلارنىڭ دىيالوگى ئىچىگە قىستۇرۇشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتنى ئوقۇرمەنلەر تەسەۋۋۇر قىلالايتتى.

— ياكوئىس شارمولوۋ ئالىيلىرى، چېركاۋ سوتىنىڭ سوتخانىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى!

— ژان دې ھارلى، پارىژ كېچىلىك چارلاش ئاتلىق ئەسكەرلەر ئەترىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ۋە ھەربىي ئەمەلدارى!

— گالىيوت دې گېنولاك بېگىم، رىتسار، پرۇۋسالىق لورد، پادىشاھنىڭ زەمبىرەكچىلەر ئەترىتىنىڭ باشلىقى!

— دروكىس راگوئىر ئالىيلىرى، فىرانسىيە پادىشاھىنىڭ چامپاگنىي ئۆلكىسى بىلەن برىي ئۆلكىسىدىكى ئورمان - كۆللەرنى چارلاش ئەمەلدارى!

— لۇئى دې گراۋىل بېگىم، پادىشاھنىڭ چەۋەندازى، مەسلىھەتچىسى ۋە غوجىدارى، فىرانسىيە دېڭىز فىلوتىنىڭ باش قوماندانى، ۋىنسىننىس ئورمان مۇھاپىزەتچىسى!

— دېنىس مىركىر ئالىيلىرى، پارىژدىكى ئەمالار مەكتىپىنىڭ مۇپەتتىشى! ۋەھاكازالار...

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇ ئەبجەش قىستۇرمىلار جامائەتنىڭ تىياتىر سۇژىتلىرىغا ئەگىشىپ مېڭىشىغا دەخلى يەتكۈزمەكتە ئىدى. بارغانسېرى قىزىۋاتقان تىياتىر ۋەقەلىكىنىڭ جامائەتنىڭ نەزىرىدىن چەتتە قېلىۋاتقانلىقى گرىنگورىنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئادەمنى مەھلىيا قىلالايدىغان مۇنداق تىياترىنىڭ يەنە بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. تىياتىردىكى تۆت نەپەر ئارتىس ئۆزلىرىنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىغا كۆڭۈلدىكىدەك جور تاپالماي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ غەم يەۋاتقاندا، پەلتوسىنىڭ پېشىگە قېيىق شەكىللىك پارىژچە كەشتە تىكىلگەن ساھىبجامال ۋېناس ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى ۋە ۋەلىئەھدىنىڭ قېشىغا تارتىنمايلا بېرىپ ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قويدى. يۇپىتېر

ئۇنىڭغا ھەمدەم بولدى. كېيىم يۆتكەش ئۆيىدىن ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ چىقىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى. گۈزەل ئىلاھە ۋېناس ۋەلىئەھدكە ياتلىق بولاي دەپ قالغان ئارىدا، ئاق لىباسقا ئورالغان، قولىغا ئاق جۇخارگۈلى تۇتقان (مارگېرىت مەلىكىگە سىمۋول قىلىنغان) بىر قىز يېتىپ كېلىپ، ۋېناس بىلەن ئۇستۇن - تۆۋەنلىكنى تالاشقىلى تۇردى. تىياترنىڭ ۋەقەلىكىدە جىددىي بۇرۇلۇش ھاسىل بولدى. ھېچكىم - ھېچكىمنى يېڭەلمىگەن بولغاچقا، ۋېناس، مارگېرىت مەلىكە ۋە ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلار بۇۋى مەريەمنىڭ بۇ ئىشتىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىغا قوشۇلدى. سەھنىدىكى يەنە بىر مۇھىم پېرسوناژ مىسوپوتامىيە پادىشاھى توم پىدىل ئىدى. گەرچە ئۇمۇ پەلەمپەي ئارقىلىق سەھنىگە چىققان بولسىمۇ، لېكىن تىياترنىڭ يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلى بىرنەچچە قېتىم ئۈزۈلۈپ قالغانلىقىغا كۆرە، جامائەت بۇ كىشى ئالىدىغان رولنىڭ تىياتىر ۋەقەلىكى بىلەن زادى قانداق باغلىنىشى بارلىقىنى، بۇ رولنىڭ ۋەقە تەرەققىياتىغا زادى قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلەلمىگەنىدى.

ئەھۋال مۇشۇنداق بولدى، ئېسىل تىياتىر جامائەتنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار تىياترنىڭ ۋەقەلىكىنى چۈشەنمىدى. كاردىنال سورۇنغا ھازىر بولغاندىن باشلاپلا پەيدا بولغان كۆزگە كۆرۈنمەس بىر سىرلىق يىپ جامائەتنىڭ نەزىرىنى زالنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى مەرمەر تاشلىق سەھنىدىن غەرب تەرەپتىكى كۆرۈش پەشتىقىغا يۆتكىۋەتتى. جامائەتمۇ خۇددى جىن چاپلاشقاندەك، كۆزىنى شۇ يەردىن ئۈزەلمەي قالدى. ھاياجانلىنىپ تۇرالماي كېتىشتى. ئەمدىلەتىن يېتىپ كەلگەن مۆتىۋەرلەر ۋە ئۇلارنىڭ چويلىدا توختىمايدىغان نام - ئەمەللىرى، ئەپتى ۋە ئۇستىبېشى جامائەتنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋەتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ بىر پاجىئە ئىدى! گىسگوت بىلەن لىنارد ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى سەۋر - تاقەتلىك سېمىز ئادەمدىن باشقا ھېچكىممۇ

www.uyghurkitap.com

مراكىل تىياتىرنى بىرىلىپ ئاڭلىمىدى، كۆرۈشنى خالىمىدى. گىسگوت بىلەن لىنارد ئىككىسىمۇ پەقەت گرىنگورى ئۇلارنىڭ يېنىدىن تارتىپ قويغاندىلا سەھنىگە كۆز يۈگۈرتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىچارە مراكىل تىياتىرى تاشلاندۇق نەرسىگە ئايلاندى! گرىنگورىنىڭ كۆرۈۋاتقىنىمۇ ئادەملەرنىڭ يان تەرىپى بولدى، خالاس!

گرىنگورىغا شان ـ شەرەپ بېغىشلايدىغان شېئىر دېكلاماتسىيە سەھنىسى بارا ـ بارا ئادەملەرنىڭ قەلب دۇنياسىدىن ئۆرۈلۈپ كېتەي دەۋاتقاندا، گرىنگورىنىڭ يۈرىكى پۇچۇلىنىپ چەككە يەتتى! ئويلاپ باقمامدۇق، ئۇ يازغان ئەسەر بىرھازا كېچىكىپ ئوينالغاندا، ساقلاۋېرىپ تاقىتى تاق بولغان جامائەت سوتچى ئەپەندى بىلەن سەن ـ پەن دېيىشىپ قالغاندىغۇ! تىياتىر باشلىنىۋىدى، ئۇلار گرىنگورىنىڭ بۇ كاتتا ئەسىرىگە قۇلاق سېلىشتىن ۋاز كەچتى، ئۇنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى. تىياتىر باشلىنىش ئالدىدا ئۇلار نەقەدەر تەقەززا بولغانىدى ـ ھە! جامائەتنىڭ ئىچىدىكىنى بىلمەك نېمانچە مۇشكۇل! ئۇلار تېخى بايىلا سوتچى ئەپەندىنىڭ بىرنەچچە قورۇقچىسىنى دارغا ئېسىۋەتمەكچى بولغان ئەمەسمىدى؟ ئەگەر تىياتىر ئاشۇ گۈزەل ۋە تاتلىق دەقىقىگە يېتىپ باشتىن قايتالىسا ئىدى، گرىنگورى ئۆزىنىڭ ھەممە نېمىسىنى ئايىمىغان، ھەتتا جېنىنىمۇ تەقدىم قىلىشقا تەييار بولاتتى!

مېھمانلارنىڭ ھەممىسى تەخ بولدى، دەرۋازىۋەنمۇ غىڭشىپ ناخشا توۋلاشتىن توختىدى. ئارتىسلارمۇ تىياتىرنى ئۈزۈلۈشلۈك ھالدا باشلىۋەتتى. گرىنگورىنىڭمۇ كۆڭلى ئەمىن تاپتى. جامائەتمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىققىتىنى تىياتىرغا مەركەزلەشتۈردى. دەل مۇشۇ چاغدا، ھېلىقى پايپاق سودىگىرى كوپېپنول ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوقلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەلتۈرگۈدەك سۆزلەرنى قىلغىلى تۇردى.

— پارىژنىڭ شەھەر ئاھالىسى، — دېدى ئۇ، — سەھرالىق

قېرىنداشلار ! تەڭرىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىمەنكى، سىلەرنىڭ بۇ يەردە نېمە ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىڭلارنى پەقەت چۈشەنمىدىم ! ئاۋۇ بىرنەچچىسى بۇلۇڭدىكى سەھنىدە بىر ـ بىرى بىلەن مۇشتلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ، ئەجەبا، سىلەر دەۋاتقان ئاتالمىش مىراكىل تىياتىرى مۇشۇمۇ؟ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئۇپرىتىپ كاپشىغىنىدىن بۆلەك نېمىسى بار؟ چارەك سائەتتە ئاران بىر مۇشت ئاتىدىكەنغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاخىرقى بىر مۇشت دەڭلار تېخى ! مۇشتلىشالمىدى دېسەكلا بولمىدىمۇ؟ نېمىدېگەن قاملاشمىغان قىلىق بۇ ! بىر ـ بىرىنى قارغاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان توخۇ يۈرەك نېمىلەرغۇ بۇ ! لوندوندىكى يا بولمىسا روتتېردامدىكى مۇشتلاشچىلارنى تەكلىپ قىلىدىغان ئىش ئىكەن، ئۇلارنىڭ مۇشتلىرى يەر ـ زېمىنىدىن چاڭ چىقىرىۋەتكەن بولاتتى ! سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىيالىغان بولاتتى دېسەڭلارچۇ ! كۆرگۈچىلىكى بار ئىدى ـ دە ! قاراڭلار بۇ نان قېپى ئارتىسلار، ئۇلار نىقابلىق ئۇسسۇل ياكى قانداقتۇر باشقا بىر ئويۇننى ئوينىغان بولسىچۇ كاشكى ! ئادەملەر باشتىلا بۇ تىياتىرنى ئەمەس، بەلكى ئەخمەقلەر پادىشاھىنى سايلاپ چىقىپ، ئادەم ئەخمەق قىلىش بايرىمىنى تەبرىكلەيمىز دېگەندەك قىلىۋىدى. بىز گېنت شەھىرىدىمۇ ئەخمەقلەر پادىشاھى سايلايدىغان ئىشنى قىلاتتۇق. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ سىلەردىن قالغۇچىلىكىمىز يوق ! بىز بۇ ئىشنى مۇنداق قىلىدىغان، يەنى ئالدى بىلەن مۇشۇ يەردىكىگە ئوخشاش بىر توپ ئادەمنى يىغىپ، ئۇلارنى نەقىشلىك دېرىزىنىڭ كۆزنىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ چىرايىنى بەتبەشىرە ھالەتكە كەلتۈرۈشكە، سەت ئاۋاز بىلەن كۈلۈشكە بۇيرۇيتتۇق. كىم ئەڭ سەت كۈلەلىسە، جامائەت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭ ئەخمەقلەر پادىشاھى بولغانلىقىغا تەنتەنە قىلاتتى. ئەخمەقلەر پادىشاھىنى مۇشۇ تەرزدە سايلىسا ئاندىن قىزىق بولمامدۇ ! ئويناشنى

www.uyghurkitap.com

خالامسىلەر؟ بۇ ئاۋۇ بىكار تەلەپلەرنىڭ قۇرۇق گېپىنى ئاڭلىغاندىن مىڭ مەرتىۋە ياخشى! ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، ناۋادا ئۇلارمۇ ئەخمەقلەر پادىشاھىنى سايلاشقا قاتنىششقا ماقۇل كەلسە، چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ، سەت كۆلەلىسە، سىناپ باقايلى دېسە بىزگىمۇ خۇشياقىدۇ. قانداق، ئەپەندىلەر؟ بۇ يەردە سەت قىلىقنىڭ ئەۋرىشكىسى بولالايدىغان ھەددى ـ ھېسابسىز يىگىت ـ قىزلار تۇرۇپتۇ، بىزمۇ فلاندىرلىقلارنى دوراپ، كۆڭلىمىزنى ئېچىپ باقايلى! چىرايى سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە سەت ئادەملەرنىڭ كۈلكىسىنىڭمۇ ئەڭ سەت بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەيلى!

گرىنگورى بىرنەچچە جۈملە سۆز بىلەن ئۇنىڭغا پەشۋا بەرمەكچىمۇ بولدى. لېكىن، ئۇ ئاچچىق، قالايمىقانچىلىق ۋە غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. پايپاق سودىگىرى جامائەتنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ بولغانىدى. ئۇنىڭ تەكلىپى ھەش ـ پەش دېگۈچىلا ئادەملەرنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى، ھەرقانداق قارشى پىكىرمۇ ئەمدى كارغا كەلمەيتتى، ھەممە ئىشنى مەيلىگە قويۇۋېتىش كېرەك ئىدى. گرىنگورى قولى بىلەن يۈزىنى قاماللىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ دىمونتىنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى ئاگامېمنون①غا قارىغاندا بەختلىك ئىدى، چۈنكى ئۇ چىديالمىغان چاغدا پەلتوسى بىلەن بېشىنى چۈمكىۋالغانىدى.

## 5. كۋاسىمىدو

ئەخمەقلەر پادىشاھىنى سايلاشنىڭ تەييارلىقى بىردەمدىلا

① ئاگامېمنون — گومېر يازغان ئېپوس «ئىلىيادا»دىكى قەھرىمان شەخس. دىمونت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4 ـ ئەسىردە ياشىغان گرېتسىيەلىك رەسسام.

پۈتتى، كوپپېنولىنىڭ ئۆيلىغانلىرى روياپقا چىقمىغانغا ئاز قالدى. كۆپچىلىك پۈتى قولىغا تەگمەي شاپاشلاپ، مەرمەر تاشلىق سەھنىنىڭ ئۈدۈلىدىكى كىچىك چېركاۋنى ئوڭشاپ، ۋاقىتلىق ئۆيۈن كۆرسىتىدىغان سورۇن قىلىپ پۈتكۈزدى. بەتبەشىرە چىرايلارنىڭ دېرىزىدىن ئۆزىنى كۆرسىتىشىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، نەقىشلىك دېرىزىدىكى ئەينەكنى چېقىۋېتىپ، ئۈنىڭ تاش كېشەكلىرىنىلا قالدۇردى. دېرىزە يەر يۈزىدىن خېلىلا ئېگىز بولغاچقا، كىمدۇر بىرلىرى ئىككى سوغىنى تېپىپ كېلىپ، ئۈنى بىر ـ بىرىنىڭ ئۈستىگە دەستىلەپ تۇرغۇزدى. ئەمدى كىملا بولسۇن سوغىنىڭ ئۈستىگە چىقسىلا، ھېچقانچە كۈچىمەيلا دېرىزىدىن بېشىنى كۆرسىتەلەيدىغان بولغانىدى. ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرۇش ئۈچۈن، بېشىنى چىقىرىپ ئۆزىنى نامايان قىلىدىغان ھەربىر نامزات مەيلى ئۇ ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن، يۈز ـ كۆزىنى يۆگەپ كىچىك چېركاۋدا تۇرۇپ تۇرىدىغان بولدى. ھايال ئۆتمەيلا، چېركاۋنىڭ ئىچىدە يىغىنە تاشلىسا يەرگە چۈشمىگۈدەك قىستاڭچىلىق شەكىللەندى. ئارقىدىنلا دەرۋازا مەھكەم تاقىۋېتىلدى. گرىنگورىغا ئوخشاشلا كۆڭلى سوۋۇغان كاردىنال دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش باھانىسىدە ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنى باشلاپ شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭ ئىچىدىن بەدەر تىكىۋەتتى. گەرچە كاردىنال سورۇنغا كەلگەن چاغدا جامائەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، كېتىدىغان چاغدا ئۈنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمىدى. پەقەت گۇئىللائۇم روملا ئۈنىڭ مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىپ، قۇيرۇقىنى قىسقان پېتى غايىب بولغىنىغا دىققەت قىلىپ تۇردى. جامائەتنىڭ مايىللىقى كۈننىڭ نۇرىغا ئوخشاش تىنىمسىز ئۆزگەرمەكتە ئىدى. ئۇ دەسلىپىدە زالنىڭ بىر بېشىدا توختىغانىدى، كېيىن زالنىڭ مەركىزىدە توختىدى، ئەمدىلىكتە بولسا زالنىڭ يەنە بىر بېشىغا يۆتكەلدى. مەرمەر تاشلىق سەھنە ۋە كىمخاب بىلەن زىننەتلەنگەن مۇنبەردىكى كۆڭۈللۈك دەقىقىلەر جىمىدە ئۆتۈپ كەتتى. كۈن

www.uyghurkitap.com

نۇرى لۇئى XI نىڭ كىچىك چېركاۋىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. كىچىك چېركاۋنى كۈلكە ــ چاقچاق، شاۋقۇن ــ سۈرەن بېسىۋالدى. فلاندىرلىقلار بىلەن پۇقرالار بىر يەرگە جەم بولدى.

چىرايىنى سەتلەشتۈرىدىغان ئويۇن باشلاندى. دېرىزىدىن قاپىقى تەتۈر ئۆرۈلگەن، ئاغزى يىلاننىڭ ئاغزىدەك ئېچىلغان، پېشانىسى مۇنارخىيە دەۋرىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر كىيگەن ئۆتۈكنىڭ قونچىدەك قورۇلغان بەتبەشىرە بىر چىراي تۇنجى بولۇپ كۆرۈندى. بۇ چىرايىنىڭ سەتلىكىدىن جامائەت تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولدى. ناۋادا گومېر بۇ ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا، جامائەتنى ئولىمپىس تېغىدىكى ئىلاھلار، ئەدلىيە سارىيىنىڭ زالىنى ئولىمپىس تېغى دەپ قالغان بولاتتى. ئەلۋەتتە، گرىنگورىنىڭ ئەسىرىدىكى بىچارە يۇپىتېر ئۈچۈن بۇ تاغ ھەممەيلەنگە قارىغاندا بەكرەك تونۇش ئىدى. ئارقىدىنلا باشقىلارمۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى ... بولۇپ قاتار ئويۇن كۆرسەتتى. ئادەملەر چاۋاك چالدى، يەرگە تېپىچەكلىدى، ئەقلىدىن ئازغۇدەك بولدى. ئۈچ بۇرجەكلىك، پەلەمپەي شەكىللىك، كونۇسسىمان، بىرلىيارت قىرلىق غەلىتە يۈزلەر جامائەت بىلەن ئارقىمۇئارقا يۈز كۆرۈشتى. غەزەپ، ئاچچىق، شاللاقلىق، ھاياسىزلىق ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايلار جامائەت ئالدىدا زاھىر بولدى. ئەمدىلەتىن تۇغۇلغان بوۋاقلاردىن تارتىپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان بوۋايلارغىچە بولغان ھەر خىل ياشتىكىلەرنىڭ چىرايىمۇ چالا قالمىدى. ھەر خىل جىن ــ ئالۋاستىلارنىڭ يۈزى، يەنى لۇپېركالىيەدىن تارتىپ ئىبلىس شاھزادە پېتىرىفىد شۇنداقلا ھايۋان سىياقى يۈزلەرنىڭ ھەممىسى بىر ــ بىرلەپ ئۆتتى. ئۇلار خۇددى گېرمان پىلون[①] نىڭ پارىژدىكى يېڭى كۆۋرۈككە ئورناتقان ھەيكەللىرىدىكى ئاجايىپ ــ غارايىپ كۆرۈمسىز جىن ــ شەيتانلار تۇيۇقسىز تىرىلىپ قالغاندەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يۈگۈرۈپ كېلىشتى،

① پىلون (1537 ــ 1590) ــ فىرانسىيەلىك ھەيكەلتىراش.

كۆزلىرىدىن ئوت ياندۇرۇپ، ئادەملەرگە يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك تىكىلدى. يەنە خۇددى ۋېنىتسىيەدىكى شادلىق بايرىمىدا يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان ئادەملەردەك دۈربۈن ئالدىدا ئۆرىتۆپە بولدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئوخشاش بىر يۈز كالېيدوسكوپتا ھەر خىل ئۆزگەرگەندەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى. بۇ مەنزىرە خۇددى ئۆزىدە قانداقتۇر پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچ باردەك ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى لال قىلدى، ھەتتا بۇگۈنكى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىكى ئوقۇرمەنلەرمۇ مۇئەييەن بىر ئۇقۇمغا ئىگە بولالمايدىغان ئەھۋال يۈز بەردى.

ئادەملەردىكى تەنتەنە كەيپىياتى بارغانسېرى فلاندېرلىقلارغا ئوخشاپ قالغىلى تۇردى. تېنىئېر[1] نىڭمۇ ئۇنى جايىدا تەسۋىرلەپ بېرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سالۋاتور روزا مەي ئىلاھىنىڭ نەزىرى كۆنىگە ئاتاپ سىزغان رەسىم بىلەن بۇ سورۇننىڭ قانچىلىك پەرقى بار دەيسىلەر؟ مۇشۇ مىنۇتتا ئىستۇدېنت، ئەلچى، شەھەر ئاھالىسى، ئەر ـ ئايال دەيدىغان جىمىكى نام ـ ئاتاق ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتتى. كلوپىن تروللېف، گىللىس لىكورنى، مارىيە كۋاترىلىۋا، روبىن پوسسېپيان قاتارلىقلارنىڭمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان يېرى قالمىدى. شۇنچە چوڭ زال ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىشەملىك قىلىسا بولىدىغان، پۇخادىن چىققۇچە ئوينىسا بولىدىغان سورۇنغا ئايلاندى. ھېچكىممۇ بىر ـ بىرىدىن قورۇنۇپ يۈرمىدى: ئاغزىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان گەپلەر چىقتى. كۆزلىرىدىن بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان نۇر چاقنىدى. چىرايىدىن ھەر خىل ئىپادىلەر ئەكس ئەتتى. شاۋقۇن ـ سۈرەندىن ئاسمان دۈم كۆمتۈرۈلگەندەك بولدى. ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان غەلىتە چىرايلار دېرىزە كۆزنەكتە پەيدا بولدى. قىيا ـ چىيا

---

[1] تېنىئېر ــ تارىختا ئىككى تېنىئېر ئۆتكەن. چوڭ تېنىئېر (1582 ــ 1649)، كىچىك تېنىئېر (1610 ــ 1690) ئىككىيلەن ئاتا ـ بالا، ھەر ئىككىسى فلاندېرلىق رەسسام. بۇ يەردىكىسى كىچىك تېنىئېر بولۇشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىشىۋاتقان ئادەملەر خۇددى ئوتقا چۈشكەن ئوتۇندەك گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ۋارقىراپ ـ جارقىراۋاتقان ئادەملەر توپى ئىچىدىن چىقىۋاتقان قۇلاقنى پاڭ قىلىدىغان ئاۋازلار قانىتىنى تەۋرىتىپ ئۇچۇۋاتقان قۇرت ـ قوڭغۇزلارنىڭ چىرىلداشلىرىغا ئوخشاپ كەتتى.

— ھەي ! نەس باستىغۇ !

— قارىغىنا، نېمانچە سەت نېمە بۇ !

— بۇ تېخى ھېچ گەپ ئەمەس !

— نۆۋەت كىمگە كەلدى !

— گۈئىللائۇم موگېرىي، بۇرنۇڭ كالىنىڭ تۇمشۇقىغىلا ئوخشايدىكەنغۇ، ئىككى مۈڭگۈزلا كەم قاپتۇ. شۇ چاغدا كالىنىڭ ئۆزىلا بولار ئىكەنسەن. ھېچقايسىڭلار ئۇنىڭغا ھەرگىز ياتلىق بولماڭلار !

— يەنە بىرەيلەن !

— بەللى، بۇ پاپانىڭ قورسىقىغىچۇ ! چىرايىنى تۇرۇۋالغان بۇ كىشى كىم بولدى؟

— ھەي ! كۆز بويامچىلىق قىلماي چىرايىڭنى كۆرسەتسەڭ ھېساب !

— ماۋۇ بېشىنى يەيدىغان پېررېت كالىلىبوتقۇ ! بۇ سەتەڭنىڭ مۈشۈكنداق ھۈنىرى بار !

— قاملاشتى ! تازا قاملاشتى !

— تۇنجۇقۇپ ئۆلەي دېدىم !

— ماۋۇ ئۆلۈمتۈك قۇلىقىنى چىقىرالمايدىكەن دەڭلار !

ئادەملەرنىڭ گەپ خالتىسى تېشىلىپ كەتكەندەكلا ئىدى.

مۈشۈ مەھەلدە ئاغىنىمىز ژان نېمە قىلىپ يۈرگەندۇ؟ ئادەملەر ئۇنىڭ سەيناادا بولۇۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنى پىسەنتىگە ئالماي، تۈۋرۈكنىڭ چوققىسىدا بەخىرامان ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە ساراڭلىق قىلىپ بىلىنى تولغاۋاتقان ھالىتى بەئەينى ماچىتقا

يامىشىۋاتقان بۇزغۇنغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ۋارقىرىغاندەك بولدى، لېكىن ئاۋازىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىنى پەستىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن بېسىپ كەتتى دېگىلى بولمايتتى.

لاسسىدە بوشىشىپ كەتكەن گرىنگورى ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، تەمكىنلىكى ئەسلىگە كەلدى. ئۆزى دۈچ كەلگەن تەتۈر قىسمەتكە بەرداشلىق بېرىپ، پەقەت گەپ قىلىشنىلا بىلىدىغان ئارتىسلارغا «تىياتىرنى داۋاملاشتۇرۇڭلار !» دەپ ئۈچىنچى قېتىم مۇراجىئەت قىلدى، ئاندىن مەرمەر تاشلىق سەھنىنىڭ ئالدىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈردى. ھەتتا كىچىك چېركاۋنىڭ دېرىزىسىدىن يۈزىنى چىقىرىپ، ئاۋۇ ۋاپاسىز نامەردلەرنىڭ ئالدىدا سەت قىلىقتىن بىرنى قىلىشنى، كۆڭلىنى خۇش قىلىپ بېقىشنىمۇ ئويلاپ باقتى.

«مۇنداق قىلىشنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق، — دەپ ئويلىدى گرىنگورى، — ئۆزۈمنى كەمسىندۈرۈپ نېمە كەپتۇ ماڭا ! ئۈچ ئالمەن دېيىشىمۇ ئۆتۈپ كەتكەن تېتىقسىزلىقتۇ، ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ باقمامدىمەن ! شېئىرنىڭ ئۇلۇغۋار كۈچىدىن دەرگۇمان بولماسلىق كېرەك، ئاۋام پۇقرانى ئويغىتىدىغىنىمۇ شېئىر تۇرسا ! روھىمنى كۆتۈرۈپ، ئاخىرىغىچە چىداپ باقاي ! كىمنىڭ ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، چىرايىنى سەتلەشتۇرىدىغان ئويۇن ئۆتۈپ چىقامدۇ ياكى مېنىڭ تىياتىرىممۇ، كۆرۈپ باقمامدۇق !»

ھەي ! دېمىسىمۇ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدىغان ئىش يۈز بەردى ! ئۇ تىياتىرنىڭ بىردىنبىر كۆرۈرمىنى بولۇپ قالدى ـ دە ! ئالدىنقى ئىككى قېتىمقىغا قارىغاندا تېخىمۇ ئوسال بولغىنى، جامائەتنىڭ ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئىدى. يان تەرىپىنى قىلىپ تۇرغان ئادەمدىن بىرىمۇ كۆرۈنمىدى.

خاتالاشقاندەك قىلىمەن. گرىنگورى بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇۋاتقان يەنە بىرى ھېلىقى سەۋر ـ تاقەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىمىز ئادەم ئىدى. ئۇ گرىنگورىغا دۈمبىسىنى قىلىۋالمىغانىدى. گىسگوت بىلەن لىناردىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئاللىقاچان ئەخمەقلەر پادىشاھىنى سايلايدىغانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى.

بۇ بىردىنبىر سادىق كۆرۈرمەن گرىنگورىنى تەسىرلەندۈردى. ئۇ يېقىنراق بېرىپ، ئۇ كىشىنىڭ بىلىكىنى مىدىرلاتتى. سىمىز كۆرۈرمەن بۇ چاغدا رىشاتكىغا يۆلەنگەن پېتى ئۇخلاپ قالغانىدى.

— ئەپەندى، — دېدى گرىنگورى، — سىزگە كۆپ رەھمەت!

— ئەپەندى، — سىمىز كىشى بىرنى ئەسنىۋېتىپ جاۋاب قايتۇردى، — نېمىگە رەھمەت بىلدۈرۈۋاتىسىز؟

— مەن سىزنىڭ نېمىدىن بىزار بولغىنىڭىزنى بىلگەن يەردە، — دېدى گرىنگورى، — بۇ ۋاراڭ - چۇرۇڭ سىزنىڭ ئارامخۇدا تىياتىر كۆرۈشىڭىزگە ھالاقەت يەتكۈزدى. لېكىن، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىز تارىخنىڭ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالىدۇ. نام - شەرىپىڭىز نېمىكىن؟

— رىنائولد چاتىيو، پارىژدىكى چاتېلې سوت كوللېگىيەسىنىڭ تامغا باشقۇرغۇچىسى، خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن!

— ئەپەندى، سىز بۇ يەردە شېئىر ئىلاھىنىڭ يېگانە ۋەكىلى!

— بۇ مەرتىۋىگە لايىق ئەمەسمەن، ئەپەندى، — دېدى تامغا باشقۇرغۇچى.

— پەقەت سىزلا ئەستايىدىللىق بىلەن تىياتىر كۆرۈۋاتىسىز، — گرىنگورى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىزنىڭ مۇشۇ تىياتىر ھەققىدىكى تەقرىزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار!

— ھەي، ياقەي — سىمىز كىشى ساڭگىلاپ كەتكەن قاپىقىنى ئاچالماي ئاران جاۋاب قايتۇردى، — بۇ راستىنلا ئادەمگە ئاراملىق بېغىشلايدىغان تىياتىر ئىكەن!

گرىنگورى ئۇنىڭ گېپىگە زورمۇزور قوشۇلغان بولدى.

چۈنكى، مۈشۈ ئەسنادا تەبرىكلەش بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن شاۋقۇن - سۈرەن ئۈلارنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىۋەتكەنىدى. قارىغاندا ئەخمەقلەر پادىشاھى سايلىنىپ بولغاندەك ئىدى.

— كارامەت ئىش بولدى! قالتىس ئىش بولدى! بەلەن ئىش بولدى! — دەپ توۋلايتتى ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن.

دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئېيتقۈسىز بىر بەتبەشىرە چىراي كۆرۈندى. ئۈنىڭدىن سەل - پەل ئىلگىرى خېلى كۆپ بەتبەشىرە چىرايلار، بەش بۈرجەكلىك، ئالتە بۈرجەكلىك، ھەتتا كۆپ بۈرجەكلىك يۈزلەر جامائەتنىڭ ئالدىدا زاھىر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدىكىسى جامائەتنىڭ تەسەۋۋۈرىغا سىغمايدىغان، كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتەلەيدىغان شۈنچىكى بەتبەشىرە چىراي ئىدى. ئۈجۈر - بۈجۈرىنى دېمەي تۈرايلى، يالغۈز ئۈنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغان تەق - تۈرقىلا جامائەتنى «ئەيىۋھەنناس!» دېگۈزۈۋېتىدىغان دەرىجىدە ئىدى. ھەتتا ئۆزىنىڭ دۆلىتىدە ئەخمەقلەر پادىشاھى سايلىمىنى تولا كۆرگەن پايپاق سودىگىرى كوپپېنولمۇ ۋارقىرىغان پېتى ئورنىدىن دەس تۈرۈپ كەتتى. نامراتلارنىڭ بىرى ھېسابلانغان كلوپېن تروللېفنىمۇ قانچە سەت دېسە، شۈنچە سەت دېيىشكە ئەرزىيتتى، لېكىن ئويلىمىغان يەردە ئۈنىڭدىنمۇ بەتتەر بەتبەشىرە بىرى چىقىپ قالدى! كلوپېن تروللېف تەن بەرمەي تۈرالمىدى!

بىز بۇ ئادەمنىڭ بەتبەشىرە چىرايىنى ئوقۇرمەنلەرگە ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيمىز: ئۈنىڭ يۈمۈلۈپ قالغاندەك قىيسىق سول كۆزىنى چوشقىنىڭ يالىدەك تىك، قىزىل رەڭگە مايىل قاشلىرى يېپىۋالغانىدى. ئوڭ كۆزىنىڭ ئۈستىدە قوش مۈشتەك ئۆسمە گۆش ساڭگىلاپ تۈراتتى. ئۈنىڭ كاۋىدەك يوغان بۈرنى توت بۈرجەك بولۈپ، ئاغزى ئاتنىڭ تۈيىقىغا ئوخشايتتى. گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى قۈرغاق ۋە قېلىن، بىر تال چىشى پىلنىڭ چىشىدەك سىرتقا چىقىپ قالغانىدى. قالغان چىشلىرى سېپىلنىڭ كۈنگۈرىسىدەك ئوڭغۈل - دوڭغۈل، ئېگىز - پەس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئىچكى ئىككى تەرەپكە ساقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. چىرايىدىن مەنىستىمەسلىك، ھەيرانلىق ۋە چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئەگەر بىزنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىمىز ئەقىلنى لال قىلغۇدەك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلمىسە، ئۇنىڭ بەتبەشىرە قىياپىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن بەسى مۈشكۈل.

سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئادەمنى تەبرىكلىدى. ئۇلار كىچىك چىركاۋغا بەس - بەستە قىستىلىپ كىرىپ، بۇ تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن ئەخمەقلەر پادىشاھىنى سىرتقا كۆتۈرۈپ چىقتى. جامائەتنىڭ ھەيرانلىقى، تىلىنى چاكىلدىتىشلىرى ئەۋجىگە چىقتى. ئەسلىدە بۇ ئادەم تۇغما ھالىتىدىلا مۇشۇنداق بەتبەشىرە ئادەم ئىدى.

تىخمۇ تەپسىلىيرەك سۆزلىسەك، ئۇنىڭ تەق - تۇرقى بىشىدىن تارتىپ ئايىغىغىچە ئىپتقۇسىز سەت ئىدى. قاپاقتا ئوخشاش يوغان كاللىسىدا قوڭۇر رەڭ چاچ پاخپىيىپ تۇرغان، ئىككى تارغىقىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسى تۆگىنىڭ لوككىسىدەك ئۆرلەپ چىققانىدى. يول ماڭغان چېغىدا، ئۇنىڭ مەيدىسىنىڭمۇ خۇددى دۈمبىسىگە ئوخشاشلا تۇخۇ تۆشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ساغرىسى بىلەن ئىككى پۇتىمۇ غەلىتە ئىدى. پاچىقى تىشى تەرەپكە قاراپ شۇنداق ئىگىلگەنىدىكى، پەقەت ئىككى تىزىلا ئاران بىر - بىرىگە تېگىپ تۇرالايتتى. بۇ پاچاقلار ئالدى تەرەپتىن قارىغاندا دەستىسى جۈپلەنگەن ئىككى ئورغاققىلا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ پۇتى بىلەن بىر جۈپ قولى ئىنتايىن گۆشلۈك ئىدى. گەرچە ئۇ تۇغۇلۇشىدىلا مۇشۇنداق غەلىتە بولسىمۇ، لېكىن چىدامىلىق، ئەقىللىك، قورقۇمسىز ئادەم ئىدى. ئەلپازى شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ھەرقانداق ئادەم ئەيمەنمەي قالمايتتى. كۈچ - قۇدرەت بىلەن گۈزەللىكنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ گارمونىك مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت بولسىمۇ، لېكىن

جامائەت تەرىپىدىن بايىلا ئەخمەقلەر پادىشاھى قىلىپ سايلانغان بۇ ئادەم بۇ قانۇنىيەتكە يېقىن كەلمەيدىغاندەك ئىدى.

ئەيتاۋۇر ئۇ ھېلىلا چېقىشۋېتىلگەن، تىخىچە يەملەپ بولۇنمىغان سەت ۋە كېلەڭسىز ھەيكەلنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

ئۇ چېركاۋ ئىشىكىدە پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ، جامائەت ئۇنى تونۇۋالدى.

— كۋاسىمىدوغۇ بۇ! ھېلىقى قوڭغۇراق چالىدىغان ئادەم! كۋاسىمىدو، بۈۋى مەريەم چېركاۋىدىكى دۈمچەك! يەكچەشمە كۋاسىمىدو! خامۇت پۇت كۋاسىمىدو! ئوبدان بوپتۇ! جايىدا ئىش بوپتۇ!

جامائەت شۇ چاغدىلا چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ھەم پاكىنەك، ھەم دوغىلاق، بەدىنىنىڭ ئېگىزلىكى بىلەن توغرىسى تەڭمۇتەڭ، بىر ئۇلۇغ ئادەم ئېيتقاندەك «بېلىنىڭ تۆۋىنى تۆت چاسا»، سىكلوپىن ① سىياقىدىكى بۇ ئادەمنى ئوچۇق كۆرگەن بولدى. ئۇ ئۇستىگە يېرىمى قىزىل، يېرىمى بىغىر رەڭ، قوڭغۇراق شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن پەلتو كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قىياپىتى راستىنىلا ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە سەت ئىدى!

بۇ بىچارىنىڭ لەقىمى كۆپ ئىدى.

— ئىككى قات ئاياللار ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلىسە بولغۇدەك، — دېدى ئىستۇدېنتلار.

— ھامىلىدار بولغۇسى بار ئاياللار ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئاگاھ بولمىسا چاتاق چىقىدۇ، — دېدى ژان.

قىز - چوكانلار ئىزا تارتىپ يۈزلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى.

— ھوي! شۇم ئېغىز مايمۇن، — دېدى بىرى.

— سەتلا ئەمەس، يىرتقۇچنىڭ ئۆزىلىغۇ! — دېدى يەنە بىرەيلەن.

---

① سىكلوپىن — ياۋروپا ئەپسانىلىرىدىكى يەكچەشمە گىگانت ئادەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— جەھەننەمدىن چىققان ئىبلىسقىلا ئوخشايدىكەن! — دېدى ئۇچىنچىسى.

— بۇۋى مەريەم چىركاۋنىڭ يېنىدا ئۆي تۇتسام نەس باسىدىغان ئوخشايدۇ! ھەر كېچىسى ئۇنىڭ ئۆگزىدە مېڭىپ يۈرگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ ياتىمەن!

— مۈشۈكلىرى بىلەن بىللە دېگىنە تېخى!

— دائىم ئۇنى بىزنىڭ ئۆگزىدە كۆرىمەن!

— ئۆتكەن كەچتە، ئۇ بىزنىڭ تۈڭلۈككە كېلىپ ماڭا چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. مەن ئۇنى باشقا ئەر كىشى ئوخشايدۇ دەپتىمەن. بەكلا قورقۇپ كەتتىم!

— ئۇ چوقۇم جىنلارنىڭ كېچىلىك يىغىلىشىغا جابدۇنغان! ئۇ بىر قېتىم بىزنىڭ قاڭالتىر ئۆگزىگە سۈپۈرگىسىنى ئېتىۋەتتى!

— ۋاي - ۋۇي، قۇسقۇمنى كەلتۈرۈپ!

— تۇفى!

ئەرلەر ئەكسىچە جىنىنىڭ بارىچە چاۋاك چېلىپ، قىن - قىنىغا پاتماي كېتىشتى.

كۋاسىمدو غۇلغۇلىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. لېكىن، ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، چىرايىغا جىددىي تۈس بېرىپ، ئادەملەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرىگە پەرۋاسىز ھالدا چىركاۋنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرىۋەردى.

روبىن پوسسىبىياننىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشقۇسى كېلىپ قالدى - دە، ئاستا مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. بىراق، كۋاسىمدو ئۇنىڭ راستتىنلا چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەي، بىلىدىن ئالغان پىتى ئون نەچچە قەدەم نېرىغا ئېتىۋەتتى، ئاندىن پۈشۈلداپمۇ قويماي ئۆز جايىغا قايتتى.

كوپپىنول خوجايىن تۇۋا دەپ ياقىسىنى تۇتتى ۋە ئۇدۇل مېڭىپ كۋاسىمدونىڭ قېشىغا كەلدى.

— تەڭرى ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى ئۇ، — سەن

ئۆمرۈمدە كۆرگەن ئەڭ بەتبەشرە ئادەم ئىكەنسەن! ھېلىغۇ پارىژ، رىمدىمۇ سەندىن باشقىسى ئەخمەقلەر شاھى بولالمىغۇدەك!

ئۇ بىر ياقتىن سۆزلەپ، بىر ياقتىن قولىنى كۋاسىمدونىڭ مۈرىسىگە قويدى. كۋاسىمدو قىمىرلىمىدى. كوپپېنول سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بولىدىغان ئوغۇل بالا ئىكەنسەن! سېنى مېھمان قىلغۇم بار. ئازراق پۇل خەجلىۋەتسەممۇ مەيلى، بولامدۇ؟

كۋاسىمدو زۇۋان سۈرمىدى.

— مۆرىمەيسەنغۇ! گاچىمۇ سەن؟

راستىنى ئېيتقاندا، كۋاسىمدو گاچا ئىدى.

كوپپېنولنىڭ قىلىقى ۋە دوستانە بولمىغان مۇئامىلىسى كۋاسىمدونى جىلە قىلدى. ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ ئاغزىنى ھاڭدەك ئاچتى ـ دە، قاتار كەتكەن ئېگىز ـ پەس چىشلىرىنى ھىڭگايتتى، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى، كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇقنىڭ ئالامىتى پارتلاپ چىققاندەك بولدى. شۇ ئەسنادا، فلاندېرلىق بۇ ئۆزۈنتۈرا ئادەم خۇددى مۈشۈكنى كۆرگەن پىستە كۈچۈكتەك تۈگۈلۈپ كەينىگە داجىپ كەتتى.

شۇ دەقىقىدە، بۇ بەتبەشرە ئادەمنىڭ يېنىدىكى جامائەت پاتىپاراق بولۇپ، بىراقلا كەينىگە چېكىندى. ھېچبولمىغاندا كۋاسىمدو بىلەن ئون بەش قەدەم كېلىدىغان ئارىلىقتا قورقماستىن تۇرالايدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىدى. بىر مومای كوپپېنولغا كۋاسىمدونىڭ گەپ قىلالمايدىغانلىقىنى دەپ قويدى.

— گاچا! — پايپاق سودىگىرى فلاندېرلارچە كۈلۈۋەتتى، — ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ! بۇ سېپى ئۆزىدىن ئەخمەقلار شاھى بولمىدىمۇ؟

— مەن ئۇنى تونۇيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ژان، ئۇ كۋاسىمدونى يېقىنراق ئارىلىقتىن كۆرۈش ئۈچۈن، ئاقىۋەت تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىدىن پەسكە چۈشتى، — ئۇ ياردەمچى ئېپىسكوپ ئاكامنىڭ چېركاۋىدا قوڭغۇراق چالىدىغان بىرنېمە،

www.uyghurkitap.com

ياخشىمۇسەن كۋاسىمدو !

— جىن كۆرۈۋاتامدىمەن، نېمە ! — دېدى روبىن پوسسىبېيان، ئۇ خېلى يىراققا يىقىلىپ چۈشكەچكە، بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىۋاتقاندەك قىلاتتى، — تۈنجى قېتىم كۆرگىنىمدە، ئۇ دوك ئىكەن. يول ماڭغان چېغىدا مانا خامۇت پۈت ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. زەن سېلىپ قاراپ بېقىپ، يەكچەشمە ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. سۆزلەشكەندە ئۇنىڭ گاچا ئىكەنلىكى ئاشكارا بولدى. بۇ پولىپېم ① نىڭ تىلى بولغان بىلەن، كارغا كەلمىسە نېمە پايدىسى !

— ئۇ گەپ قىلغۇسى كەلگەندە يەنىلا گەپ قىلالايدۇ، — دېدى ھېلىقى موماي، — ئۇ تولا قوڭغۇراق چېلىپ، قۇلىقى پاڭ بولۇپ قالغان، تۇغما گاچا ئەمەس.

— تۇغما گاچا بولۇپ قالغان بولسا ياخشى بولاتتىكەن، — دېدى ژان ئەزۋەيلەپ.

— نېمىلا بولسۇن، بىر كۆزى كۆرەلەيدىكەن، — دەپ گەپ قىستۇردى روبىن پوسسىبېيان.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ژان ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئۇ يەكچەشمە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكىنى بىلگەن، بۇ پۈتۈنلەي ئەما بولغاندىنمۇ ئازابلىق ئىش دەڭلار !

بۇ چاغدا تىلەمچىلەر، مالايلار، يانچۇقچىلار، ئىستۇدېنتلار ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، ئۇلاش ـ چولاش ئىسكىلاتقا كىرىپ، كىيىم ئىشكاپىنى ئاچتى ـ دە، ئەخمەقلەر پادىشاھىغا ئىشلىتىدىغان قەغەز قالپاق، يالغان تون قاتارلىقلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى، كۋاسىمدو جامائەتنىڭ ئۆزىنى ياساندۇرۇشلىرىغا پەخىرلەنگەن ھالدا مۇلايىملىق بىلەن بويسۇندى. مۇنداق نەرسىلەرنى كىيىۋاتقانلىقىغا پەرۋايىم پەلەك دەپ قاراپ تۇرىۋەردى.

---

① پولىپېم — ياۋروپا قەدىمىي ئەپسانىلىرىدىكى ئەڭ داڭلىق يەكچەشمە گىگانت ئادەم.

بىرپەستىن كېيىن ئەخمەقلەر دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى ئۇنى رەڭدار نەقىشلەنگەن ئۇن ئىككى پۇتلۇق تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئادەملەرمۇ تەختىراۋاننى چۆرىدەپ بىللە يولغا چىقتى. كۋاسىمىدو كېلىشكەن، تەندۇرۇس، قاۋۇل ـ ساغلام ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ سەت ۋە مايماق پۇتلىرى ئاستىدا شاپاشلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ سىكلوپىن سىياقىدىكى تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدا سۆز بىلەن ئىزھار قىلىپ بولمايدىغان تەكەببۇرلۇق ۋە شادلىق جىلۋىلەندى. ئۇنى ئېلىپ ماڭغان قوشۇن ئادەت بويىچە ئالدى بىلەن ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئىچىدىكى كارىدورنى بىر نۆۋەت ئايلىنىشى، ئاندىن شەھەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىدىن ئۆتۈشى لازىم ئىدى.

# 6. ئەسىرلەردا

خاتىرجەم بولۇش ئۈچۈن، ئوقۇرمەنلەرگە شۇنى دەپ بەرگۈم بار، ئادەملەر شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ ئەخمەقلەر پادىشاھىنى سايلاش بىلەن بولۇپ كەتكەندە، گىرىنگورىدىن ئىلھاملانغان ئارتىسلارنىڭ مىراكىل تىياترىنى داۋاملىق ئورۇنلىغانلىقى ماڭا ناھايىتى زور تەسەللى بولدى. شائىر گىرىنگورىمۇ ئۆزى يازغان تىياتىردىن قانغۇدەك ھوزۇرلاندى. ئۇ ئاخىرقى دەقىقىغىچە بەرداشلىق بېرىشكە، تىياترنى تولۇق ئورۇنلاپ بولۇشقا بەل باغلىغان، جامائەتنىڭ دىققىتىنى سەھنىگە قايتۇرۇپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىغانىدى. كۋاسىمىدو، كوپپېنول ۋە ئەخمەقلەر پادىشاھىنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ۋارقىراپ ـ جارقىراپ زالدىن چىققاندا، تورالماي قالغان جامائەتمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن سىرتقا قاراپ ئاقتى. گىرىنگورىنىڭ دىلى يايراپ كەتكەندەك بولدى. «ئەمدى قاملاشتى، — دېدى ئۇ، — نېمىلا بولسۇن، بۇ

تېجىمەللەر كۆزۈمدىن يوقالدى !» لېكىن يامان بولغىنى، جامائەتنىڭ ھەممىسى تېجىمەل بولۇپ چىققانىدى. زالنىڭ ئىچى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئاردا بوش ـ بىكار بولۇپ قالدى.

شۇنداقتىمۇ، زالدا يەنە بىر قىسىم ئادەملەر قېلىپ قالغانىدى. زالنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە چېچىلىپ كەتكەن بۇ ئادەملەر ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ، زالدىكى تۈۋرۈكلەرنى چۆرىدەپ تۇرماقتا ئىدى. لېكىن، بۇلار بايىقى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن جاق تويۇپ، دېمىنى ئېلىشقا ئاران ـ ئاران ئۈلگۈرگەن قېرى ـ چۈرى، كىچىك بالىلارلا ئىدى. يەنە بىرنەچچە ئىستۇدېنت دېرىزىگە ياماشقان پېتى كۆزلىرىنى ئالاق ـ جالاق قىلىپ تالاغا قارىماقتا ئىدى.

«بۇنىڭغىمۇ شۈكۈر، ـــ دەپ ئويلىدى گرىنگورى، ـــ شۇنچە كۆپ جامائەت تىياتىرنىڭ چۈشۈرگىسىنى ئاڭلاپ باقماپچىغۇ ! ئۇلار ئاز بولغىنى بىلەن، يەنىلا ئەدەبىياتتىن ھۇزۇر ئالالايدىغان سەرخىللاردىن ئەمەسمۇ !»

ھايال ئۆتمەيلا، بۇۋى مەريەم سەھنىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭغا ئۇلىشىپلا سىمفونىيە ئورۇنلىنىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، سىمفونىيە قېرىشقاندەك ۋاقتىدا ئورۇنلانمىدى. گرىنگورىنىڭ مۆلچەرىدىكى كۆرۈرمەنلەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان مەنزىرە شەكىللەنمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئوركېستىرنىڭ مۇزىكانتلىرى ئەخمەقلەر پادىشاھىغا ئەگەشكەن قوشۇن بىلەن بىللە ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. گرىنگورى شەھەر ئاھالىسىنىڭ بۇ تىياتىرنى بارلىق زېھنى بىلەن كۆرۈپ بېقىشنى ياكى ئۇلارنىڭ تىياتىر مەزمۇنى ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىپ بېقىشنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە ! ئۇ شەھەر ئاھالىسىنىڭ تىياتىر ۋەقەلىكى توغرىسىدىكى كۆڭۈل سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېقىش ئۈچۈن، ئىختىيارسىز ھالدا تۈۋرۈك چۆرىسىدە توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ قېشىغا ماڭدى. گرىنگورىنىڭ قۇلىقىغا ئۇلارنىڭ تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىۋاتقان پارچە ـ پۇرات گەپلىرى يېتىپ

كەلدى.

— چىنتو ئەپەندى، سىز دې نىمورنىڭ ناۋار بىناسىنى بىلەمسىز؟

— بىلمەمدىغان، براكوي چېركاۋىنىڭ قارشىسىدىكى بىنانى دەيسىزغۇ؟

— شۇنداق! مالىيە مىنىستىرلىقى ئۇنىڭ ھەر يىللىقىنى قاراپ تۇرۇپلا ئالتە پارىژ لىۋر بىلەن تارىخشۇناس گۇئىللائۇم ئالېكساندىرغا ئىجارىگە بېرىپتۇ!

— ئۆي ئىجارىسى شىددەتلىك ئۆرلەۋېتىپتۇ - دە!

— ھەي، — دېدى گرىنگورى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — ھەرھالدا تىياترنى كۆرۈۋاتقانلارمۇ بار ئىكەنغۇ!

— ساۋاقداشلار! چاقىقان قاراڭلار! — دېرىزىگە مىنىپ ئولتۇرغان بىرى توۋلاپ كەتتى، — ئەسمېرالدا! ئەسمېرالدا مەيدانغا قاراپ كېلىۋاتىدۇ!

بۇ ئادەمنىڭ يۇرىكىنى ئويىنىتىۋېتىدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە بىر ئىسىم ئىدى! ھېلىقى ياش يىگىتنىڭ توۋلىشى بىلەن تەڭ، زالدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېرىزىگە قاراپ يۇگۇردى، دېرىزىگە يامىشىپ چىقىپ تالا تەرەپكە قارىدى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن شۇ بىرلا ئىسىم تەكرارلانغىلى تۇردى.

— ئەسمېرالدا! ئەسمېرالدا!

زالنىڭ سىرتىدىنمۇ ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈرگۈدەك ئالقىش سادالىرى ئاڭلاندى.

— ئەسمېرالدا دېگەن نېمە گەپتۇ! — گرىنگورى قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ كۆكسىگە قويدى. ئۈمىدسىزلىك چېكىگە يەتكەندى.

— ئاھ، خۇدا! — دەۋەتتى ئۇ، — دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى ئادەملەرمۇ قالماپتۇغۇ!

بۇ دەل سەھنىدىكى يۇپىتېرنىڭ گۈلدۈرماما - چاقماقلىرىنى ئەكىلىپ رول ئالىدىغان ۋاقتى ئىدى. لېكىن، ئۇ سەھنىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەس تەرىپىدە قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرۇۋاتاتتى. گرىنگورى كەينىگە بۇرۇلۇپ مەرمەر تاشلىق سەھنىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، تىياترىنىڭ يەنە بىر قېتىم ئۆزۈلۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، غەزەپتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك بولدى.

ــ مىچېل گىبورن ! ــ دەپ ۋارقىرىدى شائىر يىرىلغۇدەك بولۇپ، ــ نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ نۆۋەت ساڭا كەلدىغۇ ! تېز بول !

ــ بولمىدى ! ــ يۈپىتېر سالپايغان هالدا جاۋاب بەردى، ــ ئاپايا بىر ئىستۇدېنت شوتىنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالدى.

گرىنگورى بىر قاراپلا شوتىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. سەھنىنىڭ ئاستى ـ ئۈستى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى.

ــ ئەبلەخلەر، ــ دەپ غوتۇلدىدى ئۇ، ــ شوتىنى ئېلىپ كېتىپ نېمە قىلىدۇ؟

ــ شوتىغا چىقىپ تۇرۇپ ئەسمىرالدانى كۆرىدۇ ـ دە ! ــ يۈپىتېر بەكمۇ بىچارە هالەتتە ئىدى، ــ ئۇ بۇ شوتىنى بىكارغىلا تۇرىدىكەن دەپ كۆتۈرۈپ كەتتى.

بۇ گرىنگورى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى زەربە ئىدى. ئۇ تەقدىرگە تەن بەردى.

ــ كۆزۈمدىن يوقىلىڭلار، ــ دېدى ئۇ ئارتىسلارغا، ــ ناۋادا ئىنئام ئېلىپ قالسام، سىلەرنى چوقۇم ئۇنتۇپ قالمايمەن !

گرىنگورى سۇكۇت ئىچىدە كۆپچىلىكنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، زالدىن چىقتى. بېشى ساڭگىلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. چىرايى غەمكىن تۇس ئالدى. شۇ تاپتا ئۇ مەغلۇپ بولۇپ جەڭ مەيدانىدىن يانغان گېنېرالغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى پەلەمپىيىنى بويلاپ پەسكە قاراپ ماڭدى.

«پارىژلىقلار هاڭۋاقتى ئېشەكنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ ! ــ دەپ غودۇڭشىدى ئۇ پەسكە چۈشۈۋېتىپ، ــ مىراكىل تىياترىنى

كۆرمىز دەپ كېلىپ، تۇزۇكرەكمۇ كۆرمىدى! ئۇلار كەلسە ـ كەلمەس ئادەملەرگە قىزىقىدۇ، كىلوپىن تروللېيفقا، كارىدىنالغا، كوپېپىنولغا، ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان كۋاسىمىدوغا كۆڭۈل بۆلىدۇ، لېكىن بۇۋى مەريەمگە قاراپمۇ قويغۇسى كەلمەيدۇ! بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، بۇۋى مەريەمنى بالدۇرلا بۇ تېجىمەللەرگە بېرىۋېتەركەنمەن! سىلەر ھۇرۇنلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرگىلى بولمىغۇدەك! مەن جامائەتنىڭ چىرايىنى كۆرەرمەن دەپ كەلسەم، ئۇلارنىڭ پەقەت دۇمبىسىنىلا كۆرۈش نېسىپ بولدى! مەن دېگەن شائىر، لېكىن ئۇلار مېنى مەلھەم ساتىدىغان ئالدامچى قاتارىدا كۆردى! كارايىتى يوق! گومېرمۇ گىرېتسىيەنىڭ نامرات سەھرالىرىدا تىلەمچىلىك قىلىپ كۈننى ئۆتكۈزگەن! ناسومۇ موسكۋادا سەرگەردان بولغان، ئاخىرىدا موسكۋانىڭ كوچىسىدا ئۆلۈپ كەتكەن! ئەسمېرالدا دېگەننىڭ نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى بىلىپلىۋالسام، ئىبلىس تېرەمنى تەتۈر سويۇۋەتسىمۇ مەيلى! ئىپلاس، بۇ گەپنىڭ مەنىسى نېمە بولدى؟ مىسىردىكى سېھىرگەرلەر ئوقۇيدىغان ئەپسۇندەكلا قىلىدۇغۇ!»

www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## 1. چاربىدىستىنكى قايىنامىدىن سىللادىكى خادا تاشقىچە

ياڭۋاردا كۈن بەك تېز كەچ بولىدۇ. گرىنگورى ئەدلىيە سارىيىدىن چىققاندا خېلى ئوبدانلا قاراڭغۇ چۈشكەنىدى. يېپىلىپ كېلىۋاتقان گۈگۈم گرىنگورىنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقتى. چۈنكى، ئۇ مۇشۇ كەمدە ھەم گۈگۈمدا، ھەم جىمجىت كوچىدىن بىرنى تېپىپ، ئوي ـ خىيالىنى تىزگىنسىز ئاتتەك ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى ئويلاپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئۇنىڭ قەلبى بۈگۈن كۈندۈزدە جانغا زامىن بولغۇدەك دەرىجىدە شىكەستىلەنىدى، شۇڭا ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى پۇراق بىلەن تويۇنغان، بېشى قايغان، پۈتى تايغان تەرەپكە كېتىۋېرىدىغان تەپەككۇرىغا مەلھەم بەرمەكچى بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرغا قەدەر قونىدىغان جاي تاپالماي سوكۇلداپ يۈرگەچكە، پەقەت ئاشۇ پەلسەپىلا ئۇنىڭغا پاناھ جاي بولالايتتى. مىراكىل تىياتىرى ئۇزۇل ـ كېسىل تۈگەشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ پىرىستاننىڭ ئۇدۇلىدىكى سۇ ئۈستى كوچىسىدىن ئىجارە ئالغان ئۆيگە بارالمايتتى. ئۇ ئەسلىدە توي مۇراسىمىغا ئاتاپ يازغان شېئىرىنىڭ بەدىلىگە ۋالىي جانابلىرىدىن ئاز بولسىمۇ ئىنئام ئېلىپ، چارۋا بېجىنىڭ ھۆددىگىرى گۇئىللائۇم دولكىس سىرغا ئالتە ئايلىق ئون ئىككى سو ئۆي ئىجارە پۇلىنى بېرىۋېتىشنى ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى ھەممە بىساتى ئۈچىسىدىكى كالتە ئىشتاننى، كۆڭلەكنى ۋە مايكىسىنى قوشقاندىمۇ بىر سوغا يارىمايتتى. گرىنگورى ساينت چاپپىلدىكى

تۇرمە ئورنىدا ئىشلىتىۋاتقان ئامبارنىڭ ئىشكى تۇۋىدە دېمىنى رۇسلىۋېلىپ، كېچىنى نەدە ئۆتكۈزۈش ھەققىدە باش قاتۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ مۇنچە قىلىپ كەتمىسىمۇ بولىۋېرەتتى. پارىژ كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىلكىدە ئىدى. شۇنداقتىمۇ، تۇزۇكرەك بىر يەرنى تېپىش كېرەك ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆتكەن ھەپتە موزدۇزچىلار كوچىسىدىكى مەسلىھەتچىلەر ئەمەلدارىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئات مىنگەندە دەسسەپ چىقىسا بولىدىغان تاشنى كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ شۇ چاغدىلا تىلەمچىلەر ياكى سەرگەردان شائىرلار بۇ تاشنى ياستۇق قىلسا بولىدىكەن دېگەننى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ كەرەملىك خۇدانىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق بىر دىتنى ئاتا قىلغانلىقىغا مىڭ قەتلە رەھمەت ئېيتتى ۋە ئەدلىيە سارىيى ئالدىدىكى مەيداننى كېسىپ ئۆتۈپ كونا شەھەر رايونىدىكى سىرلىق ئوردا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەردىكى نىلون كوچىسى دەمسەن، موزدۇز كوچىسى دەمسەن، يەھۇدىيلار كوچىسى دەمسەن، ئەيتاۋۇر شۇ خىلدىكى ھەم زەي، ھەم قاراڭغۇ، ھەم كونا كوچىلارنى ئوڭايلا تاپقىلى بولاتتى. كوچىلارنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى توقىقۇز قەۋەتلىك بىنالار بۇگۇنكى كۈندىمۇ ئوخشاشلا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ غىپپىدە كىرىپ كېتەي دەۋاتقاندا، كەينى تەرەپتىن ھە - ھۇ قىلغان ئاۋاز، ئوپۇر - توپۇر ئاياغ تىۋىشلىرى ئاڭلاندى. مەشئەل كۆتۈرۈپ، داقا - دۇمباقلىرىنى تورۇڭلىتىپ مۇزىكا ئورۇنلاۋاتقان بىر توپ ئادەم كوچىدىن توغرىسىغا ئۆتۈپ گرىنگورى تەرەپكە كېلىۋاتقانىدى. ئۇلار ئەخمەقلەر پادىشاھىنىڭ ئادەملىرى ئىدى! ئۇلارنىڭ ھەيۋىسى، ئۇلارنىڭ جاھانغا پاتماي قېلىۋاتقان كىبىرى گرىنگورىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى يەنە بىر مەرتىۋە دەپسەندە قىلدى. گرىنگورىنىڭ ئۇلاردىن يىراقراق بىر جايغا كەتكۈسى كەلدى! ئۇنىڭ مىراكىل تىياتىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بۇزۇلغان كۆڭلى ئەمدىلەتىن ئورنىغا چۈشەي دەۋاتقاندا، بۇ ئىشتىن كۆڭلى يەنە شىكەستىلەندى. تىياتىرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈزۈل ـ كېسەل بەربات بولۇشى، بايرام بىلەن مۇناسىۋەتلىك جىمىكى ئەسلىمە، ئۇنى بايرام ھەققىدە ئويلاندۇرىدىغان ھەممە ئىش پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھەسرەتكە مۇپتىلا قىلغانىدى.

ئۇ سايىنت مىچېل كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا تەمشەلدى. كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا بىر مۇنچە كىچىك بالا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ، پوجاڭزا ئېتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

ــ ئۆلمىگۈر پوجاڭزا، ــ دەپ تىللىۋەتتى كەيپى ئۇچقان گرىنگورى ۋە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئوۋچاڭگى كۆۋرۈككە كېلىپ قالدى. كۆۋرۈكنىڭ ئۈستى چىراغ يورۇقىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. ئۈچ ـ تۆتتىن بولۇپ بىر يەرگە توپلىشىۋالغان ئادەملەر گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، كۆۋرۈك بېشىدىكى ئىستىھكامىنىڭ تېمىغا ئېسىلغان ماي بوياق رەسىملەرنى تاماشا قىلىشىۋاتاتتى. ئۇ يەردىكى يوغان ئۈچ پارچە ماي بوياق رەسىمنىڭ بىرى پادىشاھنىڭ، بىرى ۋەلىئەھدنىڭ، يەنە بىرى مارگېرىت مەلىكىنىڭ رەسىمى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتە پارچە كىچىك ماي بوياق رەسىم بار ئىدى. ئۇلارغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاۋستىرىيە كىنەزى، بوربوندىكى كاردىنال، جىننى فرانس خانىم، ھارامدىن تۇغۇلغان بوربونلۇق بىر جاناب، نام ـ ئەمەلى ئانچە مەشھۇر بولمىغان بىرەيلەننىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى.

ــ رەسسام ژان پورباۋۇل تەلەيلىك ئىكەن، ــ دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى گرىنگورى قىستىلىپ يۈرگەن ئادەملەرگە قاراپ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ رەسىملەرگە قاراۋېرىشكە پەقەت رايى بارماي، شارتتىدە ئۆرۈلدى. مېڭىپ ـ مېڭىپ يەنە بىر كوچىنىڭ ئاغزىغا باردى. كوچىنىڭ ئىچى قارىماققا تولىمۇ قاراڭغۇ ھەمدە تىمتاس ئىدى. گرىنگورى مۇشۇ كوچىنى بويلاپ مېڭىۋەرسەم بايرامنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىدىن خالاس بولىدىغان بولدۇم دەپ جەزم قىلدى. ئۇ ھەق ئىشتىن بىرنى قىلدىم دېگەندەك ھېچ نەرسىگە قارىماي ئۆزىنى كوچىغا ئاتتى.

لېكىن، بىرنەچچە قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى. پۇتلىشىپ كەتكەن نەرسە ماي دەرىخى بولۇپ چىقتى! بۇ ئالىي سوت مەھكىمىسىدىكى پۈتۈكچىلەر شۇ كۈنى ئەتىگەندە مەھكىمە باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىغا قويۇش ئۈچۈن ئەكەلگەن دەرەخنىڭ ئۆزى ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى، گرىنگورى قورقۇمسىز ئادەم بولغاچقا، بۇ يېڭى زەربە ئالدىدىمۇ ھودۇقۇپ قالمىدى. ئۆملىگەن پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋا ئىشلار سوتخانىسى بىلەن جىنايى ئىشلار سوتخانىسىدىن ئۆتتى، ئاندىن پادىشاھلىق باغچىسىنىڭ تېمىنى ياقىلاپ دەريانىڭ بويىغا كەلدى. دەريا ساھىلىغا تاش ياتقۇزۇلمىغانىدى. شۇڭا، ھەممە يەر چىلىق ـ چىلىق پاتقاق ئىدى. گرىنگورى ئۆيغا بىر دەسسەپ، دۆڭگە بىر دەسسەپ كونا شەھەر رايونىنىڭ ئەڭ غەربىگە يېتىپ كەلدى، ئۇ بۇ يەردە بىر ـ ھازا ئۆرە تۇرۇپ كېچىكنىڭ قارشىسىدىكى ئارالغا تىكىلدى. كېچىنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدا كىچىك ئارال خۇددى قارا سۇركەپ قويغان مونەك بىرنەرسىدەك كۆرۈنەتتى. بۇگۈنكى كۈنلەردە بۇ ئارال ئاللىقاچان بىرونزا ئات بىلەن يېڭى كۆۋرۈكنىڭ تېگىدە قالغانىدى. ئاقۇچ جىمىرلاپ تۇرغان دەريا سۈيى گرىنگورى ئارالغا ئۆتىدىغان يولنى توسۇپ تۇراتتى. خىرە ـ شىرە يورۇقتا ھەرە كۆنىكىدەك كىچىك ئۆيلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار كېمە ھەيدەيدىغانلارنىڭ كېچىلىك قونالغۇسى ئىدى.

«كېمە ھەيدىگۈچى بولۇش ياخشى ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى گرىنگورى، — قانداقتۇر بىرەر شان ـ شەرەپ ئۈستىدە خىيال سۈرۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق، باشقىلارنىڭ توي مۇراسىمىغا شېئىر يازىمەن دەپ يۈرمىسىمۇ بولىدۇ! پادىشاھنىڭ تويى، بۇرگۇندىلىك كىنەز خانىم سەن بىلەن مۇناسىۋەتسىز! كۆپ يوپۇرماقلىق دەستارگۈلنىمۇ تونۇمايسەن، ئاپرېلدا ئوت ـ چۆپلەر ئىچىدە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئېچىلىپ سېيرىڭغا يەم ـ خەشەك بولىدىغان مارگېرىتگۈلى①نى تونۇساڭلا بولىغىنى ! مەنچۇ، شائىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، باشقىلار تەرىپىدىن كەمسىتىلدىم، ئاچلىق، سوغۇق ئىسكەنجىگە ئالدى، قەرزگە بوغۇلدۇم، ئون ئىككى سو ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىدىم. ئايىغىمنىڭ چەمى پانارنىڭ ئەينىكىدىنمۇ نېپىزلەپ كەتتى. ساڭا رەھمەت، كېمىچى ! سېنىڭ كىچىك كۆلبەڭ كۆز ئالدىمنى نۇر بىلەن پۈركىدى، كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالدى، پارىژنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرىنى ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئۇنتۇدۇم !»

كۆلبىدىن سايىنت ژان ئاتقان پوجاڭزىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ دەھشەتلىكرەك پارتلاش ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز گرىنگورىنى شائىرانە خىياللار ئىچىدىن ئويغىتىۋەتتى. كېمىچىلەرمۇ پوجاڭزا ئېتىپ بايرامنى تەبرىكلىمەكتە ئىدى.

پوجاڭزىنىڭ كۈچلۈك پارتلاش ئاۋازى گرىنگورىنى راستىنلا قورقۇتۇۋەتتى. ئۇ لاغىلداپ تىترەپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە شۈركۈنۈپ كەتتى.

— ھۇ ئاناڭنى ئۆلمىگۈر بايرام ! — دەۋەتتى گرىنگورى، — نەگىلا بارسام ئەگىشىپ شۇ يەرگە بارغىنىڭ نېمىسى؟ ئاھ، خۇدا ! ئۇنىڭ باردىغان يېرى يوقتەك كېمىچىلەرنىڭ قېشىغىمۇ كەلگىنىنى كۆرمەمدىغان !

سېينا دەرياسىنىڭ سۈيىگە قاراپ تۇرغان گرىنگورىنىڭ خىيالىغا تۇيۇقسىزلا قورقۇنچلۇق بىرنەرسە كەلدى.

— ھەي، — دېدى ئۇ، — دەريا سۈيى ئۇنچە سوغۇق بولمىسا ئىدى، سەكرەپ چۈشۈپلا ئۆزۈمنى بېلىقلارغا يەم قىلىپ بەرگەن بولاتتىم !

بايرام ئۇنىڭ بىلەن قەدەممۇقەدەم قارشىلاشماقتا، ئۇنى قاچالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقتا، ئۇنى

① فىرانسۇز تىلىدا كۆپ يوپۇرماقلىق دەستارگۈل بىلەن «مارگېرىت» ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. بۇ يەردىكى گەپ فلاندىر مەلىكىسى ئۈستىدە بارىدۇ.

ئۇمىدسىزلەندۈرمەكتە ئىدى. ئاخىر ئۇ ئەخمەقلەر پادىشاھىنىڭ سايلىمىدىنمۇ نېرى بارالماپتىمەن، ژان پورباۋۇلنىڭ ماي بوياق رەسىملىرى، ماي دەرىخى، گۇلخان ۋە پوجاڭزىلاردىنمۇ ئۆزۈمنى ئېلىپ قاچالماپتىمەن، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ بايرامنىڭ تەنتەنە مەركىزىگە — گرېۋ مەيدانىغىلا بارمايمەنمۇ، دېگەن نىيەتكە كەلدى.

«ئۇ يەردە، — دەپ ئويلىدى گرىنگورى، — ھېچبولمىغاندا گۇلخانغا قاقلىنىپ ئۆزۈمنى ئىسسىتىۋالىمەن. شەھەر رايونىدىكى جامائەت زىياپىتىدە پېچىنە - پىرەنىكلەرنىڭ ئۈۋۇقىنى تېرىپ يەپ كەچلىك قورسىقىمنى غەملىۋالىمەن.»

## 2. گرېۋ مەيدانى

بۈگۈنكى گرېۋ مەيدانىدا بەزى پارچە - پۇرات سۇس ئىزنالاردىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق. مەيدانىنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە مۇنارسىمان چاققان بىر بىنا بار. بىنانىڭ تېمىغا ئويۇلغان قاپارتما ھەيكەللەرنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت ھاك سۇرتۈۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەينى يىللىرىدىكى گۈزەللىكىنى ئەمدى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭمۇ پارىژدىكى بىر تالاي قەدىمىي ئۆي - ئىمارەتلەرگە ئوخشاش تېز ئارىدىلا يېڭى ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىچىدە كۆمۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمەيلا كۆزىمىزدىن غايىب بولۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس!

مۇنارسىمان بۇ بىنا لۇئى XV نىڭ دەۋرىدە سېلىنغان ئىككى كونا ئۆينىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، شۇ چاغدىمۇ گرېۋ مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ بىناغا سەپسالغان ئادەملەرنىڭ كۆڭلىدە خۇددى ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە ئوخشاشلا ھېسداشلىق ۋە ئېچىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولاتتى. كىشىلەر 15 - ئەسىردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياسالغان گوت ئۇسلۇبىدىكى بۇ قەدىمىي مەيداننىڭ سىياقىدىن مۇنارسىمان كىچىك بىناغا چاپلاپلا سېلىنغان ئاساسلىق قۇرۇلۇشنىڭ قىياپىتىنى ھېچقانچە كۆچىمەيلا تەسەۋۋۇر قىلالايتتى.

ئۆز زامانىسىدىكى گرېف مەيدانى ھازىرقىدەكلا پەلەمپەي شەكىللىك ئىدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپى پىرىستان بولۇپ، قالغان ئۈچ تەرىپىگە ھەم ئېگىز، ھەم تار، خۇددى كۇيە سۈركەپ قويغاندەك قاتار ـ قاتار كەتكەن قاپقارا ئۆيلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ رەڭگارەڭ قۇرۇلۇشنى پەقەت كۈندۈزدىلا تاماشا قىلغىلى بولاتتى. چۈنكى، بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ھەممە يېرىدە تاش ھەيكەل ياكى ئويما ياغاچ ھەيكەل بار ئىدى. تېرە ئاشلاش كوچىسىنىڭ بىر تەرىپىگە سېلىنغان مۇنارنىڭ بىرىنچى قەۋىتى يۇمىلاق ئەگمىلىك ئۇسلۇبتا ياسالغانىدى. بۇ مۇنار مەيداننىڭ بىر بۇرجىكىدە بولۇپ، ئالدى تەرىپى سېينا دەرياسىغا قارايتتى. گۈگۈم چۈشكەن چاغدا، بۇ يەردىن پەقەت مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى ھېلىقى رەتسىز قاپقارا ئۆيلەرنى ئاران ـ ئاران پەرق ئەتكىلى بولاتتى. كۆزگە چېلىقىدىغىنىمۇ پەقەت شۇ ئۆيلەرنىڭ چوققىلىق ئۆگزىسىلا ئىدى. ئۇ چاغلاردىكى شەھەر قۇرۇلۇشى ھازىرقى قۇرۇلۇش بىلەن ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئۆيلەرنىڭ ئالدى ھازىرقى شەھەر بىنالىرىنىڭكىدەك كوچىغا ياكى مەيدانغا قارىمايتتى. ئارقا تەرىپى مەيدانغا ياكى كوچىغا قارىتىپ سېلىناتتى. بۇ ئۆيلەر ئىككى يۈز يىل ئىلگىرىلا رېمونت قىلىنغان بولغاچقا، ئەمدىلىكتە بىز دەۋاتقان ئەھۋالنى كۆرگىلى بولمايتتى.

مەيداننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مەركىزىي ئورۇندا قۇرۇلمىسى قوپال، ئۇسلۇبى مورەككەپ، يانمۇيان سېلىنغان ئۈچ قۇرۇلۇش قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئۈچ ئىسمى بولۇپ، بۇ ئىسىملار ئۇنىڭ تارىخىنى، ئۇنى ياساشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇسلۇبىنى ئىزاھلاپ بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ بىر ئىسمى ۋەلىئەھد سارىيى ئىدى. چۈنكى، چارلىز V

تەختكە ۋارىسلىق قىلىشتىن بۇرۇن مۇشۇ جايدا تۇرغانىدى. ئۇ يەنە تۆرلۈك ماللار سودا سارىيى دەپ ئاتىلاتتى. چۈنكى، ئۇ بىر چاغلاردا باش ۋالىي مەھكىمىسى بولغانىدى. يەنە بىر ئىسمى تۆۋرۈكلۈك ساراي ئىدى. چۈنكى، ئۇ قاتار كەتكەن تۆۋرۈكلەر بىلەن ياسالغانىدى. بىز ئۇ يەردىن پارىژدەك مۇشۇنداق چوڭ شەھەردە بولۇشقا تېگىشلىك ھەممە نەرسىنى تاپالايتتۇق، يەنى ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشقا ئىشلىتىدىغان كىچىك چېركاۋ بار؛ سوتخانا قىلغىلى بولىدىغان زال بار؛ زۆرۈر چاغلاردا ئادەملەر پادىشاھنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن مۇشۇ يەردە مۇنازىرىلىشەلەيدۇ. ئۈستۈن قەۋىتىدە قورال - ياراغ ئامبىرى بار. چۈنكى، پارىژ شەھەر ئاھالىلىرى مۇنازىرە ياكى ئىمتىيازلىقلارنىڭ ئايىغىغا باش ئۇرۇش بىلەن ئىشنىڭ پۈتمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار خىللانغان قوراللارنى ساقلاپ قويۇش زۆرۈر دەپ قارايدۇ.

گرىۋ مەيدانىدا جازا سوپىسى بىلەن دار جازىسى بار. ئۆز ۋاقتىدا كىشىلەر ئۇنى سوتچى ۋە شوتا دەپ ئاتايتتى. جازا سوپىسى بىلەن دار جازىسى مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىدا بىر - بىرىگە يانداش جايلاشتۇرۇلغان بولغاچقا، بەكمۇ سەت كۆرۈنەتتى ۋە ئادەمنى ئەيمەندۈرەتتى. قانچىلىغان ساغلام تەن مۇشۇ يەردە جېنىدىن ئايرىلغانىدى. ئەللىك يىل ئۆتكەندىن كېيىن سايىنت ۋاللىر كېسەللىكى① يامراپ كەتتى. ئۇ دەل داردىن قورقۇش تۈپەيلى پەيدا بولغان ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كېسەللىك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كېسەللىك خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئادەملەر ئۆزى پەيدا قىلغانىدى. يەنە كېلىپ بوكادورنىڭ سۈرلۈك ۋالىي مەھكىمىسى تۆۋرۈكلۈك سارايىنىڭ ئورنىنى ئالغاچقا، شۇ چاغدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە،

① سايىنت ۋاللىر كېسەللىكى — بۇ يەردە سايىنت ۋاللىردىكى ئاقسۆڭەك ۋاندا بوۋاكىرنىڭ چارلېز VIII ، لۇئى XII ۋە فرانسوۋا I قاتارلىقلار ئۈچۈن كۆپ قېتىم ئىتالىيەگە قوشۇن باشلاپ بارغانلىقى ۋە زور تۈركۈمدىكى ئادەملەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغانلىقى مەسخىرە قىلىنىدۇ.

گرىف مەيدانى بۇ سۇرلۇك، قاباھەتلىك مەنزىرىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ كەلدى.

ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنىمۇ دەپ قويۇش لازىمكى، ئۈچ يۈز يىل بۇرۇنقى ئۆلۈم جازاسىدا تۆمۈر چىغرىق، تاش دار قاتارلىق جازالاش قوراللىرى ئىشلىتىلگەنىدى. جازالاش سورۇنلىرى گرىف مەيدانى، كۆكتات بازىرى، خانىش مەيدانى، دې تراھوردىكى كرېست، چوشقا بازىرى، ئاڭلىغان ھامان ئادەمنى سۈر باسىدىغان لاچىنتاغ، مۇھاپىزەتچىلەر قوۋۇقى، مۇشۇك مەيدانى، ساينت دېنى دەرۋازىسى، ئوت ــ چۆپ مەيدانى، باۋدېت دەرۋازىسى، ساينت ياكوئىس دەرۋازىسى قاتارلىق جايلارغىچە تارقالغانىدى. گۇبېرناتور، ئېپىسكوپ، دىنىي ئىشلار جەمئىيىتى، پوپ ۋە ھايات ــ ماماتلىق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان موناستىر باشلىقلىرىدىن ئىبارەت بىرمۇنچە «شوتا» تېخى بۇنىڭ سىرتىدا، سېينا دەرياسىدا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسىنىمۇ ھېسابلاپ يۈرمىدۇق. ئادەمنى خاتىرجەم قىلىدىغىنى شۇكى، ئۆلۈم جازاسىنى ئىجرا قىلغاندا ئىشلىتىدىغان دۇبۇلغا، خىلمۇخىل قىيناش ئۇسۇللىرى، بىر ــ بىرىگە ئوخشىمايدىغان جازا تۈرلىرى شۇنداقلا چاتېلېدىكى سوتخانا قىيناپ سوراق قىلىش ئۈچۈن ھەر بەش يىلدا بىرنى ياساپ چىقىدىغان خورۇم كارىۋات بۇگۈنكى كۈندە داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىشتىن قالدى. فېئوداللىق جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ ئالجىغان قېرىنىڭ قانۇنغا تەكرار ــ تەكرار تۈزىتىش كىرگۈزۈشى ئارقىلىق يۇقىرىدىكى دەھشەتلىك جازا ۋە شەپقەتسىز قانۇن بۇ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلدى. لېكىن، پارىژدەك مۇشۇنداق كاتتا شەھەردە، گرىف مەيدانىنىڭ شەرمەندىچىلىك قاپلىغان بۇرجىكىدە ئىزا ــ ئەلەمدىن بوغۇلۇۋاتقان بىر دار يەنىلا ئۆرە تۇراتتى. بۇ دار بەجايىكى جىنايەتلىك ئىش قىلغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ بەدەر تىكىۋەتكەن جىنايەتچىدەك كۆنبويى دەككە ــ دۇكە ئىچىدە قىلىۋاتاتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

# 3. چىدىغانغا چىقارغان

پېررى گرىنگورى گرىۋ مەيدانىغا كەلگۈچە دىرىلداپ تىترەپ شىيىندەك قېتىپ قالدى. ئۇۋچاڭگى كۆۋرۈكىدىكى مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە ژان پورباۋۇلنىڭ ماي بوياق رەسىملىرىگە قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن شامال تۈگمەن كۆۋرۈكى تەرەپتىن ماڭدى. لېكىن، شامال تۈگمىنىنىڭ توختىماي ئايلىنىۋاتقان چاقىدىن چاچرىغان سۇ ئۇنىڭ كىيىملىرىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. تىياتىرنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بەكلا روھى چۈشۈپ تېخىمۇ توڭلاپ كەتتى. تاقىتى تاق بولغان گرىنگورى ئارتۇق ئويلىنىپ يۈرمەي، مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخانغا قاراپ ماڭدى. لېكىن، بىرمۇنچە ئادەم ئوتنىڭ چۆرىسىدە توپلىشىپ يۈرەتتى.

«ئۆلگۈر پارىژلىقلار! — دېدى گرىنگورى ئۆز - ئۆزىگە. ئۇ دىراماتورگ بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان مونولوگقا بەك ئۇستا ئىدى، — ئۇلارنىڭ گۈلخاننى چۆرىدەپ قاتمۇقات ئورىۋالغىنىنى قارىمامدىغان، گۈلخاننىڭ ئالدىغا قىستىلىپ بېرىشىم مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس! بىرەر ئاشخانىنى تېپىپ سەل - پەل ئىسسىنىۋالغان بولسام ئوبدان بولاتتى. كەشمىمۇ سوغۇق سۇغا بۇرنى - قۇلىقىغىچە تويدى، ئۆلمىگۈر شامال تۈگمىنى ئۇستىبېشىمنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى! يوقالسۇن، پارىژنىڭ ئېپىسكوپلىرى! لەنەتگەردى شامال تۈگمەنلىرىمۇ يوقالسۇن! ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان ئىش، بىر ئارخىئېپىسكوپقا شامال تۈگمىنىنى كىم قويۇپتۇ؟ ئەجەبا، ئۇنىڭ شامال تۈگمىنىگە ئېپىسكوپ بولغۇسى بارمىدۇ؟ ئەگەر ئۇ مېنىڭ قارغاشلىرىمنى ئاڭلاشنى خالىسا، تازا

www.uyghurkitap.com

كېلىشتۈرۈپ قارغىغان بولاتتىم. ئۇنىڭ چېركاۋىنى قارغايتتىم! ئۇنىڭ شورى قۇرۇغۇر شامال تۈگمەنلىرىنى قارغايتتىم! بولدىلا، ئاۋۇ كالۋالار گۈلخاندىن يىراقلاشتىمۇ - قانداق، شۇنى كۆرۈپ باقايلىچۇ! قورسىقى بىلەن ئۈچىسىدىن غەم يېمەيدىغان ھۇرۇنلارغۇ بۇلار! ئۇلار نېمىگە قاراپ تۇرىدىغاندۇ؟ ئوتسىنىۋاتامدىغاندۇ؟ نېمىدېگەن راھەت! ئۇلار دۆۋىلەگلىك ئوتۇنلارنىڭ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلىۋاتامدۇ نېمە؟»

ئۇ يېقىنراق بېرىپ، ئادەملەرنىڭ قاتمۇقات ئوراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. گۈلخاننى چۆرىدەپ تۇرغان ئادەملەر يالغۇز ئىسسىنىش ئۈچۈنلا كەلمىگەندەك، گۈلخاندىن بۆلەك قانداقتۇر بىر گۈزەل كۆرۈنۈشكە مەھلىيا بولۇپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ياش بىر قىز گۈلخان بىلەن ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوش يەردە ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئادەممۇ ياكى پەرىشتىمۇ ۋە ياكى مالائىكمۇ؟ ھەممە نەرسىگە گۇمانىي نەزەر بىلەن قارايدىغان پەيلاسوپ، شائىر گرىنگورى قىزنىڭ ئادەم ياكى پەرىزات ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي، گېلى غىققىدە بولدى. كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۇ مەنزىرىدىن گاڭگىراپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ئۇ قىز بويى ئانچە ئېگىز بولمىسىمۇ، لېكىن زىلۋا بوي، كېلىشكەن، بەكلا جازىبىدار ئىدى. شۇڭا، قارىماققا ئېگىز كۆرۈنەتتى. ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرى سەل - پەل قوڭۇر رەڭگە مايىل بولۇپ، كۈننىڭ نۇرىدا رىم چوكانلىرى ياكى ئاندالۇتسىيە ① ئاياللىرىنىڭ چېچىدەك پارقىراق چاچلاردىن ئىدى. بىر جۈپ كىچىك پۇتىغا ئاندالۇتسىيە پاسونىدىكى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان نەپىس ئۇسسۇل ئايىغىنى كىيىۋالغانىدى. ئۇ مۇشۇ ئاياغ بىلەن مۇنداقلا سېلىپ قويغان ئىران نۇسخا گىلەم ئۈستىدە تىنىمسىز چۆرگىلەيتتى.

① ئاندالۇتسىيە — ئىسپانىيە ئۆلكىلىرىنىڭ نامى.

ئالدىڭدىن شارتتىدە ئۆتتۇپ قالغان چاغدا، ئوت يېنىپ تۇرغان قاپقارا كۆزلىرىدىن يۈرەكنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر نۇر چاقنايتتى.

ئادەملەر داڭ قېتىپ تۇراتتى. ئۇلار ئېسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئىدى. پەرىزات يەڭلىغ بۇ قىز ھېسسىپتەك چىڭ، يۇملاق ۋە سىلىق ئىككى بېلىكىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ باسكا دۇمبىقىنى چېكىپ قوياتتى. ئۇنىڭ دۇمباقنىڭ رىتىمىغا ئەگەشكەن ھالىتى يەڭگىل ئۇچۇۋاتقان سېرىق ھەرىگە ئوخشايتتى، ئىنچىكە بېلى ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك جانلىق مىدىرلايتتى. ئۇنىڭ ئالتۇن رەڭ مايكىسىدىن پۈرلىشىپ قالغان بىرەر جايىنى تاپقىلى بولمايتتى. يوپكىسىنىڭ ئېتىكى لەرزان پىرقىراشلىرىغا ماسلاشقان ھالدا كۆتۈرۈلەتتى، ئۇزۇن ۋە چىرايلىق پاچىقى ئېچىلىپ قالاتتى. ئىككى مۈرىسى ئوچۇق، قاپقارا چاچلىرى يالتىراپ، كۆزلىرى يېنىپ تۇرىدىغان بۇ قىز ئىنسانلار ئارىسىغا چۈشكەن ھۆر ـ پەرىنىڭ ئۆزى ئىدى!

«دېمىدىمۇ! — ئويلاپ قالدى گرىنگورى، — ئۇ تامدىن تامغا يۈگۈرىدىغان پاتمىچۇقىغا نېمانچە ئوخشايدۇ! ياق، ئۇ ئورمانلىقتىن چىققان پەرىشتە! مەبۇد! مېنىلىيان تېغىدىكى ئايال كاھىن!»

دەل شۇ چاغدا قىزنىڭ بىر تال چاچ ئۆرۈمىسى چۇۋۇلۇپ، چاچ قىسقۇچ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— خاتالىشىپتىمەن! — دەۋەتتى گرىنگورى، — ئۇ بۇخېمىيە① لىك ساھىبجامال ئىكەنغۇ!

جىمىكى خىيالىي تۇيغۇ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانىدى.

① بۇخېمىيە — قەدىمكى ئوتتۇرا ياۋروپادىكى بىر دۆلەتنىڭ نامى. بۈگۈنكى چېخ جۇمھۇرىيىتىنىڭ چېگراسى ئىچىگە توغرا كېلىدۇ. بۇخېمىيە مىللىتى كېيىنكى كۈنلەردە باشقا سەرگەردان مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىپ ھەددىدىن زىيادە زور سەرگەردان ئاھالە تۈركۈمىنى شەكىللەندۈرۈپ ياۋروپا زېمىنىدا ئۇزاق مەزگىل سەرسان بولۇپ ياشىغان. فىرانسىيەلىكلەر ئۇلارنى بۇخېمىيەلىك دەپ ئاتايدۇ. ئەنگلىيەلىكلەر ئۇلارنى سىگان دەپ ئاتايدۇ. رۇسىيەلىكلەرمۇ سىگان دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

قىز يەنە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ يەردىن ئىككى تال خەنجەرنى ئېلىپ، خەنجەرنىڭ ئۇچىنى پېشانىسىغا تىرەپ ئايلاندۇردى، ئۆزى خەنجەرنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ پىرقىراشقا باشلىدى. توغرا! ئۇ سېپى ئۆزىدىن بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال ئىدى. گىرىنگورى ئۇ ئويناۋاتقان ئۇسسۇلدا چوقۇم جادۇگەرلىكنىڭ سېھرىي كۈچى بار دەپ قاتتىق گۇمانلاندى ۋە ئازراق كەيپى ئۇچقاندەك بولدى. لېكىن، بولۇۋاتقان ئىشلار گۇلخاننىڭ يورۇقىدا تولىمۇ ئاشكارا ئىدى، گۇلخان قاراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ چىرايىنى شەلپەردەك قىزارتىۋەتكەن، ھېلىقى قىزنىڭ چىرايىنىمۇ يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادەملەرنىڭ مىدىرلاۋاتقان سايىسى ۋە ئاجىز يورۇقلۇق مەيداننىڭ بۇرجەكلىرىگىچە چۈشكەن بولۇپ، تۆۋرۈكلۈك سارايىنىڭ كونىراپ كەتكەن قاپقارا ئالدى تېمىدا، تاش دارنىڭ جازىلىرىدا سۇس ئەكس ئېتەتتى.

ئوتنىڭ يورۇقىدا يۈز ـ كۆزى قىزىرىپ كەتكەن ئالامان ئىچىدىكى بىرى بۇ ئۇسسۇلچى قىزغا ھەممىدىن بەك دىققەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئوتتۇز بەش ياشلار ئەتراپىدىكى گومۇش، تەپسە تەۋرىمەيدىغان، سۆرۈن تەلەت بىر ئەر كىشى ئىدى. ئەتراپىدىكى كىشىلەر توسۇۋالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ قانداق كىيىم كىيگەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايتتى. چوققىسىدىكى بىرنەچچە تال شالاڭ چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، كەڭ پېشانىسىغىمۇ قورۇق ياماشقانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان بىر خىل ياشلىق نۇرى بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىن ئوتقا ئوخشاش بىر خىل ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇۋاتقاندەك، ۋۇجۇدىغا كۈچلۈك بىر شەھۋانىي ھەۋەس يوشۇرۇنغاندەك ئىدى. ئۇ بۇخېمىيەلىك بۇ ساھىبجامالغا يەۋەتكۈدەك تىكىلەتتى. ئۇن ئالتە ياشلىق قىزنىڭ ئۇچقاندەك پىرقىراشلىرى ئالدىدا، جامائەتمۇ ئۆزىنى قويۇشقا يەر تاپالمىغاندەك ھاياجانلىناتتى. قىزنىڭ لەۋلىرىدىكى غىپپىدە غايىب بولغان كۈلۈمسىرەشكە ئۈلىشىپلا خورسىنىش پەيدا

بولاتتى، قىزدىكى كۆلۈمسىرەش خورسىنىشتىمۇ بەكرەك ئەلەملىك ئىدى.

ھېرىپ ھاسىراپ كەتكەن قىز ئاخىر توختىدى. ئۇنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىغان جامائەت ئالقانلىرى ئېچىشىپ كەتكۈچە چاۋاك چالدى.

— گالى ! — دەپ توۋلىدى بۇخېمىيەلىك قىز.

گرىنگورى چىرايلىق بىر ئوغلاقنىڭ كېلىشۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ قاردەك ئاپپاق يۇڭلىرى كۆزنى چاقناتقۇدەك پارقىرايتتى. كۆزلىرىدىن زېرەك ۋە چاققان ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، مۈڭگۈزى بىلەن تۇيىقى سېرىق ئىدى. بوينىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن زەنجىر ئېسىلغانىدى. ئابايا ئۇ گىلەمنىڭ بۇرجىكىدە ئىگىسى ئوينىغان ئۇسسۇلغا قاراپ تۈگۈلۈپ ياتقان بولغاچقا، گرىنگورى ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى.

— گالى ! — دېدى ئۇسسۇلچى ساھىبجامال، — نۆۋەت ساڭا كەلدى !

ساھىبجامال قىز زوڭ ئولتۇرۇپ، قولىدىكى دۇمباقنى ئوغلاققا يېقىن قىلدى.

— گالى ! — دەپ سورىدى قىز، — ھازىر نەچچىنچى ئاي؟

ئوغلاق بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ دۇمباقنىڭ يۈزىگە بىر قېتىم تەگكۈزدى. ھازىر راستىنلا 1 - ئاي بولغاچقا، تاماشىبىنلار چاۋاك چېلىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.

— گالى ! — دەپ سورىدى قىز دۇمباقنى تەتۈر ئۆرۈپ، — بۈگۈن ئايغا نەچچە بولدى؟

گالى پۇتىنى كۆتۈرۈپ دۇمباقنىڭ يۈزىگە ئالتە قېتىم چەكتى.

— گالى ! — بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال دۇمباقنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، سوئال سوراشنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

گالى تۆيىقىنى دۈمباقىقا يەتتە قېتىم تەگكۈزدى، دەل شۇ ئەسنادا تۇۋرۇكلۇك ساراي تەرەپتىن قوڭغۇراقلىق سائەتنىڭ جاراڭلىشىغان ئاۋازى يېتىپ كەلدى. جامائەت دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ساناپ باقتى، سائەت جىقمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس، ساق يەتتە قېتىم جاراڭلىدى.

جامائەت گالى ئىسىملىك بۇ ئوغلاقنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، «توۋا» دەپ ياقىلىرىنى تۇتۇشتى.

— بۇنىڭدا چوقۇم بىر جادۇگەرلىك بار! — توپ ئارىسىدىن زەھەرگە ئوخشاش ۋەھىمىلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ گەپنى قىلغان دەل ئابايا بۇخېمىيەلىك قىزغا يەۋەتكۈدەك تىكىلگەن تاقىر باش ئەر كىشى ئىدى.

ساھىبجامال قىزنىڭ تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. بۇ گەپنى قىلغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن شارتتىدە كەينىگە قايرىلدى، لېكىن ھېلىقى ئاۋاز بىردەمنىڭ ئىچىدىلا جامائەتنىڭ قىيقاس ـ سۈرەنلىرى ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالغانىدى.

جامائەتنىڭ ئالقىش ساداسى ساھىبجامال قىزنىڭ خاپىلىقىنىمۇ نەلەرگىدۇر ھەيدىۋەتكەنىدى. ئۇ يەنىلا ئوغلاقتىن سوئال سوراشقا تەمشەلدى.

— گالى، ئاھالە رايونىدىكى تاپانچىلىقلار ئەترىتىنىڭ كاپىتانى گىچارد گراندرىم مۇقەددەس شام بايرىمى ① نى قانداق تەبرىكلەيدۇ؟

گالى كەينى ئىككى پۇتى بىلەن ئۆرە بولدى ـ دە، مىڭىپ تۇرۇپ مەردى. ئۇ شۇنچىلىك سالاپەت ۋە نازاكەت بىلەن ماڭدىكى، كاپىتاننىڭ ياسالما ئىخلاسمەنلىكىنى ئۆز ئەينى دورىۋەتتى. ئادەملەر ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ تىبلىقىپ قالغىلى تاس قالدى. «گالى!» دەپ ۋارقىرىدى كىشىلەر چاۋاك چېلىپ، ساھىبجامال قىزنىڭ ئويۇنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.

① مۇقەددەس شام بايرىمى — ھەر يىلى 2 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇ ئوغلاقتىن يەنە سوئال سورىدى:

— ئوردا سوتخانىسىنىڭ تەپتىشى ياكوئىس شارمولۇي ئەپەندى قانداق ۋەز ئېيتىدۇ؟

ئوغلاق قۇيرۇقىنى يەرگە چىڭ تىرەپ ئولتۇردى ـ دە، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قالايمىقان پۇلاڭلاتقىلى تۇردى. ناۋادا ئۇ ئاغزىنى ئېچىپ فىرانسۇزچە ياكى لاتىنچە تىل بىلەن قاملاشسۇن، قاملاشمىسۇن، بىر ـ ئىككى ئېغىز گەپ قىلالىغان بولسا، ھەممە ئادەم شارمولۇي ئەپەندى ئۆزى سۆزلەۋاتىدۇ دېگەن بولاتتى.

— بۇ بىدئەتلىك ! ئىلاھلارغا قىلىنغان ھاقارەت ! — بۇ يەنىلا ھېلىقى تاقىر باشنىڭ ئاۋازى ئىدى.

بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال يەنە كەينىگە بۇرۇلدى.

— ۋاي ! — دەپ سالدى ئۇ، — يەنىلا ھېلىقى مۇتتەھەمغۇ ! — ئۇ ئادىتى بويىچە لەۋلىرىنى يالاپ قويىدى، ئاغزىنى ئۈمەللىدى، ئارقىدىن لەيلەۋاتقاندەك يەڭگىل قەدەم ئېلىپ، دۇمباقنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئۆرۈگەن پېتى خەير ـ سەدىقە يىغىش ئۈچۈن جامائەتنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

چوڭ ـ كىچىك كۈمۈش، مىس تەڭگىلەر دۇمباقنىڭ ئۈستىگە يامغۇر تامچىسىدەك تورۇكلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ شارتتىدە بىرنى چۆرگۈلەپ گرىنگورىنىڭ ئالدىغا كەلدى. گرىنگورى يانچۇقىدا ھېچنېمە يوقلۇقىنى ئېنىق بىلسىمۇ، قولىنى ئالمان ـ تالمان يانچۇقىغا سېلىپ، يانچۇقىنى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئاختۇرۇپ چىقتى. «ئۆلدۇمغۇ !» دېدى گرىنگورى ئوڭايسىزلانغان ھالدا. لېكىن، ساھىبجامال قىز ئۇنىڭ ئالدىدىلا ئىدى. ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرى گرىنگورىغا تىكىلگەنىدى. ئۇ قولىدىكى دۇمباقنى گرىنگورىغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇل چىقىرىشىنى كۈتۈپ تۇردى. گرىنگورى ئىنجىقلاپ كەتتى، پېشانىسىدىن چىققان تەر مونچاقتەك ئاقتى.

ئەگەر ئۇنىڭ يانچۇقىدا پىرونىڭ بىرلىيانتى بولغان تەقدىردىمۇ، ئىككىلىنىپ تۇرمايلا بۇ ساھىبجامال قىزغا تەقدىم قىلىشۇەتكەن بولاتتى. مانا ئەپسۇس، ئۇ كۆڭلەردە ئامېرىكا قىتئەسى تېخى بايقالمىغان بولغاچقا، گىرىنگورنىڭ قولىدا پىرونىڭ بىرلىيانتى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئىنتايىن مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندا تاسادىپىي يۈز بەرگەن بىر ئىش ئۇنى بۇ مۇشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

— ھەي، مىسىرنىڭ تومۇزغىسى ! — مەيداننىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بىر يېرىدىن چىرقىراق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، — كۆدە - كۆرپەڭنى يىغىشتۇرماي نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟

ساھىبجامال قىز چۆچۈپ كەتتى بولغاي، تېزلىك بىلەن قايرىلدى. بۇ قېتىم ئىشنى بۇزۇۋاتقىنى ھېلىقى تاقىر باش ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ ئاۋازدىن ھەم زەھەر چاچراۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ھەم ئۇنىڭدا دىنىي ئەھكاملاردەك تەقۋادارلىقمۇ بار ئىدى.

چىرقىراق بۇ ئاۋاز بۇخېرمىيەلىك ساھىبجامالنى قورقۇتۇۋەتكەنىدى.

بۇ ئىش مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە قىيغىتىپ يۈرگەن باللار ئۈچۈن پۇتمەس - تۈگىمەس خۇشاللىق ئېلىپ كەلگەندەك ئىدى.

— بۇ رولاند مۇناردىكى گاداي راھىبەغۇ ! بۇ خالتىلىق كەمپىرنىڭ ئادەم تىللىغىنى نېمىسى، — باللار كۈلگىنىچە توختىماي ۋارقىرىدى، — ئۇ كەچلىك تامىقىنى يېمىگەنغۇ دەيمەن ! يۈرۈڭلار، ئاھالە رايونىدىكى زىياپەتكە بېرىپ، بۇ كەمپىرگە ئاشقان - تاشقان نەرسىلەردىن ئازراق بولسىمۇ يىغىش قىلىپ بېرەيلى !

باللار گۈررىدە قىلىشىپ تارقالدى - دە، شەھەر ئاھالىسىگە زىياپەت بېرىدىغان تۈۋرۈكلۈك سارايغا قاراپ چاپتى.

گىرىنگورى ئۇسسۇلچى قىز ھودۇقۇپ قالغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە تىكىۋەتتى. بالىلارنىڭ ۋارقىراش – جارقىراشلىرى گىرىنگورىنىڭ تېخىچە كەچلىك تاماق يېمىگەنلىكىنى سەمىگە سېلىپ قويدى. شۇ ئەسنادا ئۇ خۇددى بالىلار بىلەن يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە چۈشكەندەك ئەلپازى بىلەن زىياپەت سورۇنىغا قاراپ ئېتىلدى. لېكىن، بالىلار ئۇنىڭدىن تېز چىققانىدى. ئۇ ھاسىراپ – ھۆمۈدەپ زىياپەت بولۇۋاتقان جايغا يېتىپ بارغاندا، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى تائاملار پاك – پاكىز تۈگىگەن، ھېلىقى كەپسىز بالىلار بەش يارماققا بىر قاداق بېرىدىغان بولكىنىڭ ئۇۋاقلىرىنىمۇ قويماي يىغىشتۇرۇپ بولغانىدى. بىردىنبىر ئېشىپ قالغان نەرسە ئەتىرگۈللەر ئىچىدىكى نەپىس ئىشلەنگەن بىرنەچچە تال نەرگىسگۈل بولۇپ، ئۇنى ماتىۋى بىتىرنى 1434 – يىلى مۇشۇ تاملارغا سىزغانىدى. لېكىن، نەرگىسگۈلنى كەچلىك تاماق ئورنىدا يېگىلى بولمايتتى.

ئاچ قورساق ئۇخلاش ئەلۋەتتە قاملاشمايدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇخلايدىغان يەرنىڭ يوقلۇقى قورساقنىڭ ئاچلىقىغا ئوخشاشلا يامان ئىش ئىدى. گىرىنگورىدا بولكا يوق، تۇرالغۇ ئۆيىمۇ يوق، ئادەم دېگەننىڭ نېمە يوق بولسا، شۇنىڭغا ئېرىشكۈسى كېلىدۇ. ئۇ يۈپيېرىنىڭ ئىنسانلارنى ياراتقان چاغدا ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئاللىقاچان تۇيۇپ يەتكەنىدى. ئەقىل – پاراسەتلىك ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئۇنىڭ ئاتالمىش پەلسەپەسى ئۆزىنىڭ تەقدىرى بىلەن زادى چىقىشالمايتتى. گىرىنگورى ئۇچۇن ئالغاندا، ھازىرقى ۋاقىتنى ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ زور پالاكەت باسقان ۋاقىت دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچلىقتىن كوركىراپ كەتتى.

گىرىنگورى كەلسە – كەلمەس خىيالغا غەرق بولۇپ، تېخىمۇ شۈمشىيىپ كەتتى. نەدىنىدۇر كېلىۋاتقان يېقىملىق ناخشا ئاۋازىدىن ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. ناخشا ئېيتىۋاتقىنى دەل

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بايىقى بۇخىمىيەلىك ساھىبجامال ئىدى.

قىزنىڭ ناخشا ئاۋازى ئوينىغان ئۇسسۇلىغا، رۇخسارىغا ئوخشايتتى، ئېيتقۇسىز دەرىجىدە ئادەمنى مەھلىيا قىلاتتى، شۇنچىلىك غۇبارسىز، شۇنچىلىك سۈزۈك، سېھىرلىك، بەئەينى پىنھان لەپىلدەۋاتقان قاناتنىڭ ئۆزى ئىدى. بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن مېلودىيە ۋە نەدىن كېلىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان رىتىم، ئاھاڭدىكى ئۆتكۈر ۋە ئاددىي مۇزىكا بۆلەكلىرى، بۇلبۇل ئاڭلىسىمۇ لېۋىنى چاكىلدىتىدىغان سېھىرلىك ئاۋاز، ئارقىسىدىنلا داۋاملىشىپ چىقىۋاتقان يېقىملىق ئىلتىجا، ئۇلاردىكى گاھ ئۆرلەش، گاھ پەسىيىش ناخشا ئېيتىۋاتقان ساھىبجامالنىڭ يۇمران كۆكسىگىلا ئوخشايتتى. چىرايلىق مەڭزىدىكى ھېلىدىن - ھېلىغا بىلىنىپ تۇرغان قىزغىنلىق، پاكلىق ۋە سەممىيلىك كىشىنى ھاياجانغا سالاتتى. ئەيتاۋۇر ئۇ شۇ تاپتا، تۇرۇپ ئەقلىدىن ئازغان قىز، تۇرۇپ ئايال پادىشاھنىڭ ئۆزى ئىدى.

گىرىنگورى ئۇنىڭ قايسى تىلدا ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا بۇ ناخشىنىڭ تىلىنى ساھىبجامال قىز ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ھېسسىياتى تېكىستىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تازا ھەملەشمەيۋاتقاندەك ئىدى. مەسىلەن، تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقار - چىقمايلا ئاڭلىغان ئادەمگە بۇ قىز خۇدىنى يوقىتىپ قويدىمۇ، نېمە دەيدىغان تۇيغۇ بېرەتتى:

تۇۋرۇك يېنىدا تۇرغان كىشىلەر،
ئالدىدا تۇراتتى قىممەتلىك بىر قاپ.
يېپيېشىل تۇغ - ئەلەم ئۇنىڭ ئىچىدە،
ئۈستىگە سىزىلغان سۈرلۈك بىر نىقاب.

ھايال ئۆتمەيلا ئۇ يەنە بىر كۇپلېت ناخشىنى باشلىدى:

قارىغىنا ئەرەب چەۋەنداز،
تەق – تۇرقى سۇرلۇك نەقەدەر.
مۇرىسىگە ئوقيا ئېسىلغان،
بەلبېغىدا كارامەت خەنجەر.

گرىنگورى ئاڭلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىپ كەتتى. لېكىن، قىزنىڭ ناخشىسىدىكى ئاھاڭ ئورمانلىقتا ئۇچۇۋاتقان قۇشتەك شۇنچىكى ئەركىن، شادلىق بىلەن تولغانىدى. مۇشۇ دەقىقىدە بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال ئاجايىپ خاتىرجەم، كۆڭلىدە غەم – قايغۇدىن ئەسەر يوقتەك قىلاتتى.

بۇخېمىيەلىك قىزنىڭ ناخشىسى گرىنگورىنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى. بىراق، بۇ ئاق قۇنىڭ سۇ يۈزىگە سۈركىشىپ ئۆتكىنىدەكلا ئىش ئىدى. گرىنگورى ناخشىنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كەتكەن، ئەتراپىدىكى ئىشلارنى تەلتۆكۈس ئەستىن چىقارغانىدى. بۇ بىرنەچچە سائەتتىن بۇيانقى ئەڭ كۆڭۈللۈك دەقىقىلەر بولۇپ قېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ پەقەت مۇشۇ دەقىقىدىلا ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشلىرىدىن خالاس بولغانىدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇ بىردەمدىلا رېئاللىقتىكى ئازاب دەرياسىغا يېڭىباشتىن غەرق بولدى.

ھېلىقى ئايال، بۇخېمىيەلىك ساھىبجامالنىڭ ئۇسسۇلىنى ئۈزۈپ قويغان كەمپىر ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئۈزۈۋېتىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم پەيدا بولدى.

— جەھەننەم تومۇزغىسى! زۇۋانىڭنى يىغمامسەن؟

بۇ ئاۋاز ھېلىھەم مەيداننىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدىن چىقىۋاتاتتى.

قورقۇنچتىن ئەندىكىپ كەتكەن بىچارە تومۇزغا ناخشىسىنى بىردىنلا توختاتتى. گرىنگورى قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ ۋارقىرىدى:

www.uyghurkitap.com

— ھەي، بىسى يانغان ھەرە! چالغۇنىڭ تارىنى ئۈزۈۋەتتىڭغۇ! جامائەتنىڭ ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، بۇ قارغىش تەگكۈر كەمپىرگە لەنەت ياغدۇردى.

— ئۆلسەڭچۇ، خالتىلىق قېرى جادۇ! — دەپ قارغىدى ئۇنى بىرنەچچەيلەن. شۇ تاپتا ئەگەر ئەخمەقلەر پادىشاھىنىڭ قوشۇنى جامائەتنىڭ دىققىتىنى تارتمىغان بولسا، قاراڭغۇ بۇلۇڭغا يوشۇرۇنۇۋالغان بۇ قېرى جادۇگەر بۇخېمىيەلىك ساھىبجامالغا ھۇجۇم قىلغانلىقى تۈپەيلى ئۇبدانلا جاجىسىنى يېگەن بولاتتى. نامايىشچى قوشۇن پارىژنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئايلىنىپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى مەشئەللەرنى پۇلاڭلاتقان پېتى شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىپ گرېف مەيدانىغا يېتىپ كەلدى.

نامايىش قىلىپ ماڭغان ئالامان ئەدلىيە سارىيىدىن ئايرىلغان چاغدىكى كۆرۈنۈش ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە چوقۇم بار. ئۇلار يول بويى كوچا ـ كويلاردا لەلەڭلەپ يۈرگەن قاراقچىلارنى، ئوغرىلارنى، يانچۇقچىلارنى ۋە تىلەمچىلەرنى توپقا قوشۇۋالغان بولغاچقا، گرېف مەيدانىغا قايتا كەلگەندە ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن بولۇپ قالغانىدى.

ھەممىنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقىنى سەرگەردانلار ئىدى. يول باشلاۋاتقىنى مىسىر كىنەزى بولۇپ، گىرافلار ئۇنىڭ يېنىدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقىنىچە قەدەم تاشلايتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىكىسى قالايمىقان كىشىلەر توپى ئىدى. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئارىلىشىپ كەتكەن، كىچىك باللار ئانىلىرىنىڭ مۈرىسىدە ئولتۇرۇپ مىشىلدايتتى. ھەممەيلەن، مەيلى كىنەز بولسۇن، مەيلى گىراف بولسۇن، مەيلى ئاۋام پۇقرا بولسۇن، جۇل ـ جۇل كىيىم بىلەن ئىدى. ئەڭ كەينىدە كېلىۋاتقانلار «قەلەندەرلەر پادىشاھلىقى»دىكىلەر، يەنى باشقىچە ئېيتقاندا فىرانسىيەدىكى بالا ئوغرىلار ئىدى. دەرىجە پەرقى بويىچە ئورنى ئەڭ تۆۋەن بولغانلار تۆتتىن قاتار بولۇپ، ماھارەتتىكى يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكنى

بىلدۈرىدىغان بەلگىلەرنى تاقاپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭاتتى. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەجرۇھلار، پۇت ـ قولى ناكار بولغانلار ئىدى. يالغاندىن ئىشسىز بولۇۋالغانلار، سەجدە قىلغۇچىلارغا ئوخشاش ياسىنىۋالغانلار، غالجىر ئىت چىشلىۋېلىپ يارىدار بولغانلار، تازلار، بېشى زەخىملەنگەنلەر، ھاراقكەشلەر، ھاسا تايىنىۋالغان مېيىپلەر، يانچۇقچىلار، كۆيۈپ قالغانلار، ۋەيران بولغان سودىگەرلەر، مەجرۇھ بولۇپ قالغان ئەسكەرلەر، يېتىم ـ يېسىرلار، كاتولىك دىنى جەمئىيىتىدىكى يالغان ئىش بېجىرگۈچىلەر، يالغاندىن ماخاۋ كېسەللىكى بولۇپ قالدىم دەۋالغانلار ھەممىدىن جىق ئىدى. گومېر ھېلىغىچە ھايات بولغان تەقدىردىمۇ بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ يېزىپ بولالمايتتى. «قەلەندەرلەر پادىشاھلىقى»نىڭ ئاتامانى گراند كايوس يالغاندىن ماخاۋ كېسەللىكى بولۇۋالغانلار بىلەن يالغان ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىككى چوڭ ئىت سۆرەپ مېڭىۋاتقان چاققان ھارۋىغا تۇگۇلۇپ يېتىۋالغان بولغاچقا، ئۇنى دەرھال تونۇۋالماق تەس ئىدى. «قەلەندەرلەر پادىشاھلىقى»نىڭ ئارقىسىدىكىلەر «گالىلې ئىمپېرىيەسى»نىڭ ئادەملىرى ئىدى. «گالىلې ئىمپېرىيەسى»نىڭ پادىشاھى گۇئىللائۇم رۇسسو ھاراق بىلەن بۇلغانغان بىغىر رەڭ تون كىيگەن ھالدا تەكەببۇرلۇق بىلەن قەدەم تاشلايتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى بىر نەچچە سېرىك ئارتىسى تاياق ـ توقماقلىرىنى ئوينىتىپ يول ئاچاتتى. ئىككى تەرىپىدە سەۋلىجانچىلار، مۇلازىملار ۋە مالىيە خادىملىرى ماڭاتتى. ئەڭ كەينىدىكىلەر سوت مەھكىمىسىنىڭ پۇتۇكچىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇچىسىغا قارا كىيىم كىيگەن، قوللىرىغا گۇل بىلەن بېزەلگەن ماي دەرىخى ئېلىۋالغان، سېرىق رەڭلىك تۇم شاملارنى كۆتۈرۈپ، سەببات كۇنلىرى ئورۇنلايدىغان مۇزىكىنى چېلىپ مېڭىۋاتقانلار ئىدى. كىشىلەر توپىنىڭ مەركىزىدە ئەخمەقلەر دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى تەختىراۋان كۆتۈرۈۋالغان، تەختىراۋانىڭ چۆرىسىگە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان

www.uyghurkitap.com

شاملار قادالغانىدى. ۋابا كېسەللىكى يامراپ كەتكەن مەزگىلدىكى سايىنت ژېنېۋېيېۋې چېركاۋىنىڭ مۇقەددەس تەكچىسىگىچە مۇنچىۋالا شام يېقىلمىغانىدى. يېڭىدىن سايلانغان ئەخمەقلەر پادىشاھى قولىدا سەۋلىجان تۇتۇپ، ئۇستىگە تون يېپىنغان، بېشىغا تاج كىيگەن، روھلۇق قىياپەت بىلەن تەختىراۋاندا ئولتۇراتتى. ئۇ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى قوڭغۇراق چالىدىغان دۇمچەك كۋاسىمىدو ئىدى.

بۇ قىزىقچى قوشۇننىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدە ئورۇنلىنىۋاتقان مۇزىكا بىر ـ بىرىگە ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئۇسلۇبى بار ئىدى. بۇخېمىيەلىكلەر بالىق ① قا تەڭكەش قىلىپ ئافرىقىنىڭ ئالاھىدە كىچىك دۇمبىقىنى ئۇرۇپ ماڭاتتى. «قەلەندەرلەر پادىشاھلىقى»دىكى پۇقرالار بىلىدىغان مۇزىكا يوقنىڭ ئورنىدا بولغاچقا، ئۇلار پەقەت يەتتە تارلىق چالغۇ، قوي مۈڭگۈزى، ھەتتا 12 ـ ئەسىردىكى سېھتار قاتارلىق چالغۇلارنىلا ئىشلىتەتتى. ئەڭ كەينىدە كېلىۋاتقان «گالىلىي ئىمپېرىيەسى»دىكى پۇقرالارنىڭمۇ ئۇلاردىن ئارتۇق يېرى يوق ئىدى. ئۇلار سېھتارنىلا چالالايتتى. بۇ چالغۇ تېخى سەنئەتنىڭ ئىپتىدائىي باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، پەقەت «لا»، «رەي»، «مى»نىلا ئورۇنلىغىلى بولاتتى. لېكىن، ئەخمەقلەر پادىشاھىنىڭ ئەتراپى يېپ بازىرىدەك قىزىپلا كەتكەنىدى. يالغۇز ئەڭ يۇقىرى ئاۋاز، ئىككىنچى دەرىجىدىكى يۇقىرى ئاۋاز ۋە ئوتتۇرا ئاۋازنى تەڭ ياڭرىتىۋاتقان سېھتارنىڭ بىرىكمىسىنىلا شۇ دەۋردىكى ئەڭ كۈچلۈك مۇزىكا دېيىشكە بولاتتى. ئۇزۇن نەي بىلەن كاناي قوشۇلسا ئالامەت ئىش بولۇپ كېتەتتى. ھەي ! ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدىن چىقمىغان بولسا، بۇ دەل گرىنگورى ئىگىدارچىلىق

① بالىق ــ بىر خىل ئاددىي تارلىق چالغۇ ئەسۋاب.

قىلغان ئۇركېستىرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئەدلىيە سارىيىدىن گىرىپ مەيدانىغىچە بولغان يولدا كۋاسىمدونىڭ چىرايىدىكى غەم - ئەندىشە خۇشاللىق ۋە مەغرۇرلۇققا ئۆزگەردى. ھەقىقەتەن ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش يۈز بېرىۋاتاتتى. ئۇ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئىززەت - ھۆرمەت ئۆزىگە ئاتا قىلىۋاتقان خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولغانىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇ باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلەنگەن، كەمسىتىلگەن، چىرايى كۆرۈمسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئەتراپىدىكىلەرنى سەسكەندۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ پاك بولغىنىغا قارىماي، قۇلىقى ئوچۇق ئاڭلىيالايدىغان ۋە كۆزى ئېنىق كۆرەلەيدىغان پادىشاھ - خانلارغا ئوخشاشلا ئۆز پۇقرالىرى ئورۇنلىغان مۇزىكىدىن راھەتلەندى. ئۇنىڭ پۇقرالىرى گەرچە بىر ئوچۇم قاپاقباشلار، مەجرۇھلار، ئوغرى - قاراقچىلار ۋە تىلەمچىلەر بولغان بولسىمۇ، بۇلار كارايىتى چاغلىق ئىدى. نېمىدېگەن بىلەن ئۇلار ئۆزىنىڭ پۇقرالىرى، ئۆزى بولسا تەختتە ئولتۇرغان پادىشاھ ئىدى. ئۇ پۇقرالىرىنىڭ مەسخىرىلىك ئالقىش - تەنتەنىلىرىنى ۋە ئىنتائەتمەنلىك بىلەن بىلدۈرۈۋاتقان ھۆرمىتىنى قوبۇل قىلدى. ئەلۋەتتە، ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئۇ دوك بولسىمۇ، جىسمانىي جەھەتتە يەنىلا ساغلام ئىدى. گەرچە خامۇت پۈت بولسىمۇ، لېكىن مېڭىش - تۇرۇشى ئوبدانلا چاققان ئىدى. گەرچە ئۇ قوڭغۇراق چالىدىغانلا ئادەم بولسىمۇ، لېكىن قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان ۋەھشىي ئادەم ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىشتىن خېلىلا ھېيىقاتتى، ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى.

يېڭىدىن سايلانغان ئەخمەقلەر پادىشاھى كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە بولغان، شۇنداقلا ئۆزىدە بارلىققا كەلگەن تەسىراتنى قانچىلىك چۈشىنەلىسە، شۇنچىلىك چۈشەندى. لېكىن، بۇ ھەقتە بىزنىڭ ئېنىق بىرنەرسە دېيەلىشىمىز ناتايىن ئىدى. ئۇنىڭ ئوي -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

خىيالىلىرى كەمتۈك بەدىنىگە نەزەربەند قىلىنغان بولغاچقا، مۇشۇ دەقىقىدە بۇ ئەھۋالنى سەل - پەل گۇڭگا، خىرە ھالەتتە ھېس قىلالىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىدىكى بۇ تۇغما مېيىپلىكنى بىلىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ غەمكىن چىرايىغا نېمىلا بولسۇن قان يۈگۈرگەنىدى.

كۇۋاسىمىدو غەلىبە تەنتەنىسىدىن مەستخۇش بولۇپ، تەخترىۋاۋاننىڭ ئېگىز - پەس ئىرغاڭلىشىغا پەرۋاسىز ھالدا تۈۋرۈكلۈك سارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىر ئەر كىشى توپ ئارىسىدىن سەكرەپلا دېگۈدەك چىقىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئەخمەقلەر پادىشاھىنىڭ سالاھىيىتىگە سىمۋول بولىدىغان ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مەرتىۋە ھاسىسىنى دەرغەزەپ بىلەن تارتىۋالدى. ئادەملەر تولۇمدىن توقماق چىققاندەك تاسادىپىي يۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن ئېسەنگىرەپ قېلىشتى.

يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سەكرەپ چىققان بۇ ئادەم دەل ھېلىقى جامائەت ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ بوخېمىيەلىك ساھىبجامالنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈپ تۇرغان تاقىر باشنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ ۋەھىمىلىك سۆزلىرى بىلەن ئۇسسۇلچى قىزنى قورقۇتقان، ئۇنى يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان ھېلىقى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ جامائەت ئارىسىدىن تۇيۇقسىز ئوتتۇرىغا چىققىنىغا دىققەت قىلىپ كېتەلمىگەن گرىنگورى ئەمدىلىكتە بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى.

— ئۆزى شۇ! — دېدى گرىنگورى دىنىي خادىملارنىڭ مۇراسىم كىيىمىنى كىيىۋالغان بۇ ئادەمدىن ھەيران بولۇپ، — ئۇ مېنىڭ خېرمېس ① چە ئوقۇتقۇچىم دوم كلاۋدې فروللوغۇ؟ ئۇ زادى نېمە قىلماقچى؟ ئاۋۇ يەكچەشمە ئۇنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋەتمەي بولدى قىلمايدۇغۇ دەيمەن!

① خېرمېس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئون ئىككى باش ئىلاھەنىڭ بىرى، زېۋس ۋە باشقا ئىلاھلارنىڭ ئەلچىسى، شۇنداقلا ھايۋاناتلار، سودا، قاتناش ۋە تەنتەربىيە ھەرىكىتىگە مەسئۇل ئىلاھ، ئوغرىلارنىڭ پىرى. ھيوگو بۇ يەردە خېرمېسنى مىستىتسىزمنىڭ ۋەكىلى ئورنىدا كۆرسىتىدۇ.

راست دېگەندەك، كۋاسىمدو بىرلا چىرقىراپ تەختىراۋاندىن سەكرەپ چۈشتى. قورقۇنچاق ئاياللار پوپنىڭ ئەجىلى توشتى دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ھەممىسىلا بۇ ئىشنى كۆرمەسكە سېلىشۋالدى.

لېكىن، ئەھۋال مۇنداق بولۇپ چىقمىدى. كۋاسىمدو بىرلا تاقلاپ پوپنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا شۇنداقلا قاراپ قويۇپ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن يەرگە تىزلاندى.

پوپ ئۇنىڭ بېشىدىكى تاجنى ئېلىۋەتتى. قولىدىكى سەۋلىجاننى سۇندۇردى، ئالتۇن رەڭ تاۋلىنىپ تۇرغان شاھانە تونىنى يىرتىپ تاشلىدى.

كۋاسىمدو قولىنى قوۋۇشتۇرغان پېتى بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرىۋەردى.

ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىلا چۈشىنىدىغان قول ئىشارىتى بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشتى، لېكىن ئېغىز ئېچىپ سۆزلەشمىدى. ئۆرە تۇرۇۋاتقان پوپ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۇدەك ئەھۋالدا ئىدى، ئۇ كۋاسىمدونى قوپال ھەرىكەتلىرى بىلەن تازا قورقۇتتى. كۋاسىمدو ياردەمچى ئېپىسكوپنى بىر بارمىقى بىلەنلا بىر ياقلىق قىلىۋېتەلەيدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قىلچە قارشىلىق كۆرسەتمىدى، ياردەمچى ئېپىسكوپقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قىمىرلىماي تۇرىۋەردى.

پوپ ئاخىر كۋاسىمدونىڭ بىلىكىنى جان ـ جەھلى بىلەن سىلكىدى، ئۇنىڭغا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن مېڭىشنى شەرەت قىلدى.

كۋاسىمدو ئورنىدىن تۇردى.

ئەخمەقلەر دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى شۇ چاغدىلا ئەس ـ ھوشىنى تاپتى، ئەخمەقلەر پادىشاھىنى قوغداش كېرەكلىكى ئۇلارنىڭ ئېسىگە كەلدى ۋە ئەخمەقلەر پادىشاھىنى تەختتىن چۈشۈرۈۋەتكەن ئادەمنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولۇشتى.

بۇخىمىيەلىكلەر، ئوغرى ـ يانچۇقچىلار، سوت مەھكىمىسىنىڭ پوتۇكچىلىرى پوپنى ئورىۋېلىپ ۋارقىرىغىلى تۇردى.

كۋاسىمدو پوپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىككى مۇشتىنى چىڭ تۈگدى، ئەلپازى بۇزۇلغان يولۋاستەك چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ۋە پوپقا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى.

پوپنىڭ چىرايى شۇ زامانلا سۇرلۇك تۇس ئالدى، ئۇ كۋاسىمدونى بىر ئىشقا شەرەتلەپ قويۇپ، ئۈندىمەستىن ماڭدى.

كۋاسىمدو ئالدىدا يول ئېچىپ ماڭدى. ئادەملەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ئارقىسىغا ياندى.

كۋاسىمدو بىلەن پوپ ئىككىيلەن توپتىن ئايرىلىپ مەيداندىن چىقتى. تاماشا كۆرۈشكە ئامراق بىرمۇنچە ئادەم ۋە بىكار تەلەپ كىشىلەر ھەرىكە ئوخشاش غوڭۇلدىغان پېتى ئۇلارغا ئەگەشتى. كۋاسىمدو ئەمدىلىكتە پوپنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، كېلىۋاتقان ئادەملەرگە يۈزلەندى ـ دە، ياردەمچى ئېپىسكوپنى مۇھاپىزەت قىلغان ھالدا داجىپ مېڭىشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىقماق، تولغان بەستى، قاپىقىدىن قار ياغدىغان خوي ـ پەيلى، تىكلىشىپ كەتكەن قاشلىرى، تورمەل بولۇپ كەتكەن بۇلجۇڭ گۆشلىرى، قاۋانىڭكىدەك ھىڭگاڭ چىشلىرى، ياۋايى ھايۋاندەك ھۆركىرەشلىرىگە تايىنىپ، قولىنى شۇنداقلا بىر كۆتۈرۈپ ياكى شۇنداقلا بىر ئالىيىپ، پۈتكۈل جامائەتنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا ئىدى.

ئىككىيلەن بىر تار كوچىغا بۇرۇلدى. ئادەملەر ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىۋېرىشكە پېتىنالماي، كۆزلىرىنى پارقىراتقان ھالدا قاراپلا تۇردى. كۋاسىمدونىڭ يىرتقۇچلاردەك خىرىس قىلىشلىرى ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا چېكىنىمەكتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى.

— غەلىتە ئىش بولدى، — دېدى گىرېنگورى، — لېكىن مەن كەچلىك تاماق ئۈچۈن نەگە بارسام بولا؟

## 4. كېچىدە ساھىبجامالنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ تاپقان ئاۋارىچىلىك

گىرېنگورى قارامىلىق بىلەن ئوغلاق يېتىلىۋالغان قىزنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى ـ دە، كەينىدىن مېڭىپ قايچا ـ پىچاق كوچىسىغا كىردى.

«نېمىشقا ئىزىغا چۈشمىگۈدەكمەن؟» دېدى گىرېنگورى ئۆزىگە ئۆزى.

گىرېنگورى پارىژ كوچىلىرىدىكى كونكرېت ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش روھىنى قولدىن بەرمىگەن پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئادەمنىڭ تەسەۋۋۇرىنى تازا ئۇرغۇتىدىغان ئىش چىرايلىق بىر قىزغا ئەگىشىپ مېڭىش شۇنداقلا بۇ قىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ مېڭىۋېرىش ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدى. مۇنداق ئەھۋالدا، ئۇ ئەركىن ئىرادىسىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋاز كېچەلمەيتتى، باشقا بىرىنىڭ ھەرىكىتىگە ئۆز رازىلىقى بىلەن بويسۇنالايتتى، ئۇ ئادەممۇ نېمە ئىش يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى قىلچە تۇيمايتتى. گىرېنگورى قۇللۇق بىلەن ئەركىنلىك، ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان مۇستەقىللىق بىلەن قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىش ئارىسىدىكى مۇشۇ خىل سۇس ھالەتنى ياقتۇراتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ كاللىسىدىكى مۇرەسسە ـ مادارا خىيالىلا مۇرەككەپ بولغاچقا، ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ قالغان ھەرقانداق ئىش ئالدىدا تەمتىرەپ قالىدىغانلىقىنى ساقلاشنى خالايتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلاردىكى تۈرلۈك ـ تۈمەن ئادەت ئارىسىدا ئارىسالدى بولۇپ

www.uyghurkitap.com

ياشاشمۇ بەربىر ئىدى، چۈنكى بۇ ئىككى تەرەپ ئاخىرقى ھېسابتا بىر ـ بىرىنى يوققا چىقىرالايتتى. ئۇ ئۆزىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە ئوخشىتىشقا ئامراق ئىدى. ئىككى پارچە ماگنىت تاش بۇ قەبرىنى قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپكە تارتىپ تۇرغاچقا، ئۇ ئەبەدىلئەبەد گۈمبەز بىلەن يەر يۈزى، چوققا بىلەن ئويمان، ئەرشئەلا بىلەن زېمىن ئارىسىدا مۇئەللەق تۇرالايتتى.

ئەگەر گرىنگورى بىزنىڭ مۇشۇ دەۋردە ياشىغان بولسا، ئۇ چوقۇم قەدىمىيلىك بىلەن رومانتىكلىق ئارىسىدا بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ كەتمەي، مۇرەسسە ـ مادارا يولىدا چىڭ تۇرغان بولاتتى !

ئەپسۇس، ئۇ بۈگۈنگىچە ئۆمۈر كۆرەلمىدى، ئۇ ئۈچ يۈز ياشقا كىرەلەيدىغان ئىپتىدائىي ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلى قۇرۇق قالغان بۇ بوشلۇقنى ھېچكىم تولدۇرالمايتتى. بۇ ئەھۋالنى بۈگۈنكى كىشىلەر چوڭقۇر ھېس قىلالايتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، گرىنگورى ئۆزىنىڭ بۇ كېچىدە نەگە بېرىپ پاناھلانسا بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، تۈن قاراڭغۇدا كېتىپ بارغان بىر يولۇچىنىڭ ئىزىغا چۈشۈش، بولۇپمۇ چىرايلىق بىر قىزنىڭ كەينىدىن مېڭىش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى.

مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇ خېلى جىق ئىشلارنى ئويلاپ قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ساھىبجامال قىز شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى، شۇ كۈنى ئادەتتىكىدەك تىجارەت قىلىشقا ئىجازەت ئالغان مەيخانىلارنىڭمۇ تاقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدىغان ھېلىقى ئوغلاقمۇ ئىلاجسىز يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

«نېمىلا بولسۇن، ئۇنىڭ تۇرىدىغان جايى باردۇ، — دەپ خىيالغا چۆمدى گرىنگورى، — بۇخېمىيەلىك ئاياللار ئاق كۆڭۈل، كىم بىلىدۇ؟ ...»

بۇ جۈملىدىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئىچىگە دەۋېتەي دەپمۇ دېگىلى بولمايدىغان گادىرماچ ئوي ـ پىكىرلەر يوشۇرۇنغاندەك ئىدى.

لېكىن، ئۇ تاقىلىش ئالدىدا تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى دۇكاننىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، دۇكاندارلارنىڭ ئۆزئارا دېيىشىۋاتقان ئۇششاق ـ چۈششەك گەپلىرى ئۇنىڭ ھېلىقى كۆلكىلىك خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

ئىككى بوۋاينىڭ ئۆزئارا سالاملىشىپ دېيىشكەن گەپلىرى ئاڭلاندى.

— تىباۋۇت فېرنىكلى خوجايىن، ھاۋانىڭ ئىنتايىن سوغۇقلۇقىنى بىلدىڭىزغۇ دەيمەن؟ (گرىنگورى قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا بۇنى ھەممەيلەندىن بەكرەك ھېس قىلغانىدى).

— ھە، شۇنداق! بونىفاس دىسوم خوجايىن! بۇ يىلمۇ ئۈچ يىل ئىلگىرىكى 80 ـ يىلى [1] دەك بىر باغلام ئوتۇننى سەككىز سوغا ئالارمىز؟

— ھەي، ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، تىباۋۇت خوجايىن! ئالاھازەل 1407 ـ يىلى سېينت مارتىن بايرىمىدىن مۇقەددەس شام بايرىمىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەممە يەر ئاق قار، كۆك مۇز بولۇپ كەتكەنىدى دەڭە! سوغۇق شۇنداق قاتتىق بولغانىدىكى، سوت مەھكىمىسىنىڭ پۈتۈكچىلىرى ئۈچ ھەرپنى يېزىپ بولغۇچە قەلىمىنىڭ ئۇچىدا مۇز توڭلاپ قېلىپ، سوت خاتىرىسىنى ئۈزۈلدۈرمەي يېزىشقا مۇمكىن بولمىغانىدى!

سەل نېرىدا، بىرنەچچە قوشنا ئۆيلۈك ئايالنىڭ قولىغا شام

[1] بۇ يەردە 1480 ـ يىلى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئېلىپ دېرىزىنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقى كۆرۈندى. سوغۇق تۇماندىن بولسا كېرەك، شامنىڭ كۆيۈۋاتقان يېپىدىن چاراسلاپ ئاۋاز چىقاتتى.

— ئېرىڭىز ھېلىقى بولمىغۇر ئىشنى سىزگە دەپ بەرگەندۇر ـ ھە، بۇدراكوي خانىم؟

— دېمىدى، سىز قايسى ئىشنى دېمەكچى، توركۋانت خانىم؟

— چاتېلي سوتخانىسىدىكى ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنى بىجىرىدىغان گىللىس گودىننىڭ ئىتىنى فلاندىرلىق ئەلچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى ئۇركۇتۇۋېتىپتۇ. نەتىجىدە ئۇ ئات سىلىشتىن موناستىردىكى قىلىپ ئاۋرىلوتنى تېپىپ يىقىتىۋېتىپتۇ!

— راست دەۋاتامسىز؟

— راست!

— ھېلىمۇ ياخشى، شەھەرلىكلەرنىڭ ئېتى بولغاچقا، ئۇنچە قاتتىق تەيمەپتۇ، ئەگەر رىتسارلارنىڭ ئېتى بولغان بولسا ئىشنىڭ يوغىنى چىقار ئىكەن!

گەپنىڭ تۈگىشى بىلەن تەڭ دېرىزىمۇ يېپىلدى. لېكىن، گرىنگورىنىڭ خىيالى يەنە بىر قېتىم ئۈزۈلدى.

لېكىن، گرىنگورى يەنىلا تەلەيلىك ئىدى. ئۇ ئالدىدا كېتىپ بارغان بۇخېمىيەلىك قىز بىلەن گالىغا قاراپ، ئۈزۈلۈپ كەتكەن خىيالىنى بىردەمدىلا ئۇلاپ ئۈلگۈردى. ئۇ ئىككىيلەن راستتىنلا ئىنتايىن كېلىشكەن، نازۇك، جەلپكار ياراتقۇچىلاردىن ئىدى! گرىنگورى ئۇلارنىڭ ئىنچىكە پۇتلىرىنى، نازاكەتلىك قىياپىتىنى قانغۇدەك تاماشا قىلدى. ھەتتا ئۇ ئىككىيلەن گرىنگورىنىڭ كۆزىگە بىر گەۋدە بولۇپمۇ كۆرۈندى. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە دوستلۇق جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككىسى بويىغا يەتكەن قىزنىڭ ئۆزىلا ئىدى. زىلۋالىق، شوخلۇق، قەدەملىرىنىڭ چەبدەسلىكى جەھەتتىنمۇ ئۇلارنى ئوخشاشلا ئۆچكە دېيىشكە بولاتتى.

كوچا ئاسمىنى بارغانسېرى قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى، پىيادە

كېتىپ بارغانلارمۇ بارغانسېرى ئازايدى، كېچىلىك يورۇشنى مەنئى قىلىش قوشۇغۇرىقى چېلىنغانغىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. ئاندا - ساندا يالغۇز كېتىپ بارغانلار ئۇچرايتتى، بەزىدە بىرەر دېرىزىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقى كۆرۈنۈپ قالاتتى. گىرىنگورى بوخېمىيەلىك قىزنىڭ ئارقىسىدىن تاپ باستۇرۇپ مېڭىپ «مەسۇملار قەبرىستانلىقى»① غىچە كەلدى. بۇ ئەتراپ تار يول، خالتا كوچا، ئاچا يول بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، خۇددى مۇشۇك تارتىپ بۇزۇۋەتكەن يىپتەك مۇرەككەپ، چىگىچ بىر جاي ئىدى.

— بۇ كوچىلار نېمانچە قالايمىقان! — دېدى گىرىنگورى. ئۇ ئەگرى - توقاي چىغىر يولدا ئۇياقتىن - بۇياققا چۆرگىلەپ ئايلىنىپ قالغىلى تاس - تاس قالدى. لېكىن، ھېلىقى چىرايلىق قىز خۇددى ئۆزىگە تونۇش يولدا كېتىپ بارغاندەك، قەدەملىرى شۇنچىكى يەڭگىل ئىدى. ناۋادا گىرىنگورى كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىدىغان جايدا كۆكتات بازىرىدىكى سەككىز بۇرجەكلىك جازا سوپىسىنى كۆرۈپ قالمىغان بولسا، ئۆزىنىڭ زادى نەدە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان بولاتتى. جازا سۇپىسىنىڭ چىش شەكىللىك چوققىسىدىكى قارا سايە ۋېردىلېت كوچىسىدىكى دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان چىراغ يورۇقىدا كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى.

ساھىبجامال قىزنىڭ گىرىنگورىغا دىققەت قىلغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغانىدى. ئۇ بىرنەچچە قېتىم كەينىگە قايرىلىپ، گىرىنگورىغا ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قويىدى. ھەتتا كېتىپ بارغان يولىدىن چىپپىدە توختاپ، بولكا ساتىدىغان ئۆينىڭ يېرىم ئوچۇق دېرىزىسىدىن چۈشۈۋاتقان سۇس چىراغ يورۇقىدىن پايدىلىنىپ گىرىنگورىغا بېشىدىن - ئايىغىچە سەپ سالدى.

---

① مەسۇملار قەبرىستانلىقى — پارىژدىكى جامائەت قەبرىستانلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. 1186 - يىلىدىن 1786 - يىلىغا قەدەر بۇ يەر جەسەت دۆۋىلەيدىغان جاي بولغانىدى.

گرىنگورىمۇ ئۇنىڭ كۆندۈزدە كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش ئاغزىنى ئۆمەللەپ قويۇپ كېتىۋەرگەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى.

قىزنىڭ ئاغزىنى ئۆمەللىشى گرىنگورىنى يەنە بىر قېتىم تۇۋى يوق خىيال دەرياسىغا تاشلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىنى مۇنداق كېلىشتۇرۇپ ئۆمەللىشىدە چوقۇم مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىش ئالامەتلىرى بار ئىدى. گرىنگورى بېشىنى تۆۋەن قىلدى، قەدەملىرىنى ئاستىلاتتى، ئايىغى ئاستىدىكى شېغىل تاشنى ساناۋاتقاندەك بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئارىلىقنى ئۇزارتىشقا تىرىشتى. بوخېمىيەلىك قىز يەنە بىر دوقمۇشتىن قايرىلىپ، گرىنگورىنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قاتتىق چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

گرىنگورى ئالدى تەرەپكە ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

كوچىنىڭ ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن، كوچىنىڭ بۇرجىكىدىكى بۈۋى مەريەم ھەيكىلىنىڭ رېشاتكىسىدا كۆيۈۋاتقان شام بار ئىدى. گرىنگورى ئاجىز شام يورۇقىدا بوخېمىيەلىك قىزنىڭ ئىككى ئەر كىشىنىڭ قۇچىقىدا تېپىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇلار قىزنىڭ ئاغزىنى ئەتمەكچى، ئۇنىنى ئۆچۈرمەكچى بولاتتى. قورقۇپ كەتكەن ئوغلاق بېشىنى ئەگكەن ھالدا ئېچىنىشلىق مەرەيتتى.

— كېچىلىك چارلىغۇچىلار، تېز كېلىپ ئادەم قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ توۋلىدى گرىنگورى ۋە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىغا ئېتىلدى. ئىككى ئەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى شارتتىدە قايرىلىپ گرىنگورىغا تىكىلدى، ئۇ كۋاسىمدو ئىدى.

گرىنگورى قاچمىدى، لېكىن ئالدىغىمۇ ماڭمىدى.

كۋاسىمدو ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ، بىرلا ئىتتىرەردى ـ دە، گرىنگورىنى نەچچە قەدەم نېرىدىكى ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە ئېتىۋەتتى، ئاندىن بوخېمىيەلىك قىزنىڭ بىلىدىن كاپلا ئېلىپ، خۇددى بىر تال لۆڭگىنى مۈرىسىگە ئارتقاندەكلا قىلدى ـ دە، ئۇنى كۆتۈرگەن پېتى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تېزلىك بىلەن

غايىب بولدى. شېرىكى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ كەتتى. ئىگىسىدىن ئايرىلغان ئوغلاقمۇ ئېچىنىشلىق مەرىگەن ھالدا ئۇلارنى قوغلاپ ماڭدى. شۇم پېشانە بوخېمىيەلىك قىزنىڭ «قوتۇلدۇرۇڭلار! قوتۇلدۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالدى.

— توختا ئەبلەخ! ئادەمنى قويۇۋەت! — ياندىكى تۆت كوچا ئاغزىدىن تۇيۇقسىزلا گۈلدۈرمامىدەك دەھشەتلىك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاۋاز بىلەن تەڭلا ئارغىماق ئاتقا مىنگەن بىرەيلەن سۇرلۇك ۋە ھەيۋەتلىك ئەلپازدا قاراڭغۇلۇق قوينىدىن چىقىپ كەلدى.

بۇ كىشى پادىشاھنىڭ ئوردىسىدىكى گىۋاردىيە كاپىتانى بولۇپ، باشتىن ـ ئاياغىچە تولۇق قوراللانغان، قولىدا قىلىچ بار ئىدى.

ئۇ داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان كۋاسىمدونىڭ قۇچىقىدىن ھوشىنى يوقاتقان بوخېمىيەلىك قىزنى شارتتىدە تارتىپ چىقاردى ـ دە، ئېگەرنىڭ ئالدىغا توغرىسىچە ياتقۇزدى. بەتبەشىرە دۇمچەك خۇددى قورقۇنچلۇق چۈشتىن ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، گىۋاردىيە كاپىتانغا شىددەت بىلەن ئېتىلدى ۋە قولىدىن چىقىپ كەتكەن ئولجىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋالماقچى بولدى. شۇ ئەسنادا گىۋاردىيە كاپىتانىدىن ئايرىلماي كېلىۋاتقان ئون نەچچە ئادەم قوللىرىغا قىلىچ ۋە ئوقيا تۇتقان ھالدا پەيدا بولۇپ قالدى. پادىشاھ ئوردىسىدىكى گىۋاردىيەنىڭ بىر تارمىقى بولغان بۇ ئەترەت پارىژ گۇبېرناتورى روبېرت دېستوتىۋىلنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن كېچىلىك چارلاشقا چىققانىدى.

گىۋاردىيەدىكىلەر كۋاسىمدونى قورشاۋغا ئېلىپ تۇتقاندىن كېيىن، ئارغامچا بىلەن چەمبەرچاس باغلىدى. كۋاسىمدو بار ئاۋازى بىلەن ھۆركىرىدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئاغزىدىن كۆپۈك ياندى. ئەگەر بۇ ئىش كۈندۈزدە يۈز بەرگەن بولسا، كېچىلىك چارلاش ئەترىتىدىكىلەر كۋاسىمدونىڭ

ئاچچىقتىن تىخىمۇ سەتلىشىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپلا بەدەر تىكنۆەتكەن بولاتتى. لېكىن، ھازىر ھېچ نەرسىنى پەرق ئەتكىلى بولمىغۇدەك قاراڭغۇ ئىدى. گىۋاردىيەدىكىلەر ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە سەت چىرايىنى كۆرەلمەيتتى.

كۇۋاسىمدونىڭ شېرىكى پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە قېچىپ كەتكەنىدى.

بوخىمىيەلىك قىز ئىگەرگە چاپلىشىپ تۇرۇپ ئۆزىنى رۇسلىدى، ئىككى قولىنى گىۋاردىيە كاپىتانىنىڭ مۈرىسىگە ئاستا تەگكۈزۈپ، كۆزىنى ئۇزمەي بىرھازا قارىدى. كاپىتانىنىڭ مەردانە تەق - تۇرقى، ئۆزىگە قىزغىنلىق بىلەن ياردەم قولىنى سۇنغانلىقى بوخىمىيەلىك قىزنى تەسىرلەندۈردى. ئارىدىكى جىمجىتلىقنى ئالدى بىلەن قىز بۇزدى. ئۇ تىخىمۇ مۇلايىم، تاتلىق بىر ئاۋاز بىلەن:

— ئوفىتسېر جانابلىرى، ئىسىم - فامىلىڭىزنى سورىسام بولامدۇ؟ — دېدى.

— گىۋاردىيە باشلىقى كاپىتان فوبۇس شاتوپېر ! — دەپ جاۋاب بەردى ئوفىتسېر يېگىت قەددىنى تىك تۇتۇپ، — خىزمىتىڭىزگە تەييارمەن، چىرايلىق قىز !

— رەھمەت سىزگە !

ساھىبجامال گىۋاردىيە كاپىتانى مەمنۇنىيەت بىلەن بۇرۇتىنى سىلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاتنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشتى - دە، كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. چاقماقمۇ ئۇنىڭدەك تېز سۈرئەت بىلەن يوقالمىغان بولاتتى.

— تەڭرى گۇۋاھ بولسۇن، — دېدى گىۋاردىيە كاپىتانى كۇۋاسىمدونى باغلىغان تاسمىنى تىخىمۇ چىڭىتىشقا بۇيرۇق قىلىپ، — بۇ قىزنى ئۆز ھىمايەمگە ئالغىنىم ئالغان !

— كاپىتان ! — دېدى بىر چەۋەنداز، — نېمە قىلاي دەيسىز؟ بۇلبۇل ئۇچۇپ كەتكەن بىلەن، شەپەرەڭ يەنىلا بار.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

## 5. «ئاۋارىچىلىك ...»نىڭ داۋامى

كوچا بۇرجىكىدىكى بۇۋى مەريەم ھەيكىلىنىڭ ئالدىغىلا يىقىلىپ ھوشىدىن كەتكەن گرىنگورى ئاستا ـ ئاستا ئېسىگە كەلدى. دەسلەپىدە ئۆزىنى تاتلىق بىر چۈشنىڭ قوينىدا لەيلەپ يۈرگەندەك ھېس قىلدى، بۇ خىلمۇخىل خىيالىي تۇيغۇ، پەرىشتە سۈپەت بۇخېمىيەلىك قىز ۋە ئويناقلاپ تۇرىدىغان ئوغلاق بىلەن كۆۋاسىمىدونىڭ گۈرزىدەك ئېغىر مۇشتى بىرلىشىپ كەتكەن جايىدەك بىلىندى. لېكىن، تاتلىق چۈش ئۇزاققا سوزۇلمىسا كېرەك، گرىنگورى ياپىلاق تاشتىن سۆڭەكنى سىرقىرىتىدىغان سوغۇقنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە، بىراقلا سەگەكلەشتى. «مۇزنىڭ ئۆزلىگۇ بۇ !» دېدى گرىنگورى ۋە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ يول ياقىسىدىكى يەر ئاستى ئېرىقىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرغۇسى كەلدى، لېكىن بېشى قاتتىق قېيىپ بولالماي قالدى. ئۇنىڭدا مىدىرلىغۇدەكمۇ مادار بولمىغاچقا، يېتىۋەرمەكتىن بۆلەك ئامال تاپالمىدى. بۇرنىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، يەر ئاستى ئېرىقتىن چىقىۋاتقان سېسىق پۇراققا چىداشقا مەجبۇر بولدى.

«پارىژنىڭ پاتقاقلىرى !» دېگەن ئوي گرىنگورىنىڭ كۆڭلىدىن كەچتى. لېكىن، پاتقاق بىلەن تىنىپ كەتكەن بۇ يەر ئاستى ئېرىقىنىڭ ئۆزى دەم ئالىدىغان بىردىنبىر قونالغۇ ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن گرىنگورى بۇ پاتقاقنى ئەلۋەتتە ھېچ نەرسە قىلالمايتتى. پارىژنىڭ پاتقاقلىرىنىڭ مۇنداق سېسىق، مۇنداق بەتبۇي بولۇشىدا ئۇنىڭدا چوقۇم ئۇچۇشچان نىتراتلارنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھېچبولمىغاندا نىكولا فىلامېل بىلەن كىمىياگەرلەر مۇشۇنداق قارايتتى ...

«كىمىياگەر» دېگەن سۆز بىلەن تەڭلا گرىنگورىنىڭ يادىغا

ياردەمچى ئېپىسكوپ كلاۋدىي فروللو كەلدى. ئۇ بايىلا سادىر بولغان زوراۋانلىقنى ئېسىگە ئالدى. بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال قىز ئىككى ئەرنىڭ قۇچىقىدا تىپىرلاۋاتقاندا، كۋاسىمدونىڭ قىلمىشىغا ھەمدەم بولغان يەنە بىر ئادەم بار ئىدى ئەمەسمۇ؟ گرىنگورىنىڭ كۆز ئالدىدىن ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ قاپىقىدىن قار ياغىدىغان تەكەببۇر چىرايى غىل - پال ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. «غەلىتە ئىشقۇ بۇ!» دەپ ئويلىدى گرىنگورى. ئۇ مۇشۇ دەلىل - ئىسپاتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پەرىزىدىكى «غايىبانە مەنزىرە»نى بارلىققا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. ھالبۇكى بۇ شۇ ئەسنادا ئۇ بىرلا سىلكىنىپ رېئاللىققا قايتتى ۋە چىداپ تۇرالماي ۋارقىراپ تاشلىدى.

— ۋاي - ۋۇي! چوكا مۇز بولۇپ كېتەمدىمەن، نېمە!

يەر ئاستى ئېرىقىنىڭ ئىچىدە تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغاندەك قىلاتتى. چىپىلداپ ئېقىۋاتقان سۇ تامچىلىرى گرىنگورىنىڭ بەدىنىدىكى ھارارەتنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. بەدىنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى بېرىپ - بېرىپ يەر ئاستى ئېرىقىدىكى سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى بىلەن ئوخشاش بولۇپ قالدى.

بۇ ئازابنىڭ ئاخىرى چىقماي تۇرۇپلا يەنە بىر ئازاب يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

بۇ ئازابنى ئېلىپ كەلگەنلەر پارىژنىڭ كوچىلىرىدا كۈنبويى يالاڭ ئاياغ لاغايلاپ يۈرۈپ تېجىمەللىك بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان، ئىگە - چاقىسىز بولغانلىقى تۈپەيلى ياۋايىلىشىپ كەتكەن سەرگەردان شۇمتەكلەر ئىدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باللار بىز كىچىك چاغدا، مەكتەپتىن يانغىنىمىزنى كۆرۈپ قالسىلا بىزنى تاش ئېتىپ بوزەك قىلاتتى. ئەمدىلىكتە بۇ بىر ئوچۇم چاتاقچى باللار قاقاقلاپ كۈلۈپ، قالايمىقان توۋلاپ، گرىنگورى ياتقان كوچىنىڭ ئاغزىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئەتراپتىكى پۇقرالارنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى بولار دېگەننى ئويلاپمۇ قويمىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلار نېمە ئۈچۈندۇر يوغان بىر تاغارنى سۆرىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ يول ماڭغاندىكى پالاق - پۇلۇق قەدەم ئاۋازىنىڭ ئۆزىلا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇيقۇسىنى هارام قىلاتتى. يېرىم جان بولۇپ قالغان گرىنگورى بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىدى.

— هىننىكون داندىش ! ژان پىنسبورد ! — دەپ ۋارقىراشتى باللار، — دوقمۇشتىكى تۆمۈرچى ئىسداش موبۇن هېلىلا ئالەمدىن ئۆتتى. بىز بېرىپ بۇ قېرىنىڭ پاخال بورىسىنى ئېلىپ كېلەيلى - دە، گۈلخان ياقايلى، بۇ فلاندېرلىق ئەلچىلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى قارشى ئېلىش مۇراسىمى بولسۇن !

ئۇلار تاشلىغان پاخال بورا دەل گرىنگورىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. باللار ئۇلاش - چولاش بولۇپ گرىنگورىنىڭ يېنىغىلا كەلدى. لېكىن، ئۇلار بۇ يەردە بىر ئادەمنىڭ مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقانلىقىغا دىققەت قىلمىدى. بىرى دەرهال بىر تۇتام پاخالنى ئېلىپ، بۈۋى مەريەم هەيكىلىنىڭ ئالدىدىكى شامدىن ئوت تۇتاشتۇرۇپ كەلمەكچى بولدى.

«نەس باستىغۇ مېنى ! — دەپ غوتۇلدىدى گرىنگورى، — ئەمدى ئىسسىپ بىر يەرگە بارامدىمەن - نېمە؟»

ئەهۋال ناهايىتى خەتەرلىك ئىدى. ئوت بىلەن سۇدىن كېلىدىغان قوش زەربە ئۇنى تۇگەشتۇرمەي قويمايتتى. گرىنگورى ئېمىمەن دەپ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى چىشلىگەن چاغدىكىدەك زورۇقۇپ باقتى، يەنە خۇددى يالغان پۇل ياسىغانلىقى ئۈچۈن قايناۋاتقان ياغقا تاشلىنىش ئالدىدىكى جىنايەتچىدەك قېچىپ كېتىشكە تەييارلاندى. شۇ دەقىقىدە ئۇ پۇرژىنىدەك بىرلا قاڭقىپ ئۆرە بولدى. ئۈستىدىكى بورىنى بىر يانغا چۆرۈۋەتتى، ئاندىن ئۈچقاندەك چىقىپ كەتتى.

— ئېھ، بۈۋى مەريەم ! — دەپ چۇرقىراشتى باللار، — تۆمۈرچى خوجايىن تىرىلىپ قالدى !

باللار قىيا - چىيا بىلەن قاچقىلى تۇردى. ئۇلار قورقۇپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

نەتىجىدە ھېلىقى پاخال بورا مۇشۇ قېتىملىق جەڭنىڭ خوجايىنى بولۇپ قالدى. دىنىي سوتچى بىلىلفورت پوپ بىلەن كورروزېت مۇشۇ رايوندىكى پوپنىڭ ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىلا ھېلىقى پاخال بورىنى داغدۇغا ئىچىدە تېپىپ كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنى ساينت ئوپپۇرتىن چېركاۋىدىكى ساقلاش ئۆيىگە قويۇپ قويغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تاكى 1789 ـ يىلىغا قەدەر، شۇ چېركاۋدىكى مۇقەددەس بۇيۇملارنى ساقلاشقا مەسئۇل بولغۇچىلار ئاشۇ پاخال بورىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ جىق پۇل تاپتى. ئادەملەر ماۋكونسىل كوچىسىدىكى بۇۋى مەريەم 1482 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 7 ـ كۈنىگە ئۆتىدىغان بۇ خاسىيەتلىك كېچىدە پانىي دۇنياغا روھىنى كۆرسىتىپ تۆمۈرچىنىڭ ئەرۋاھىنى قوغلىۋەتكەن، بۇنىڭ سەۋەبى ھېلىلا ئۆلگەن تۆمۈرچى ئۆزىنىڭ ئەرۋاھىنى بورىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، داۋاملىق بىمەنە چاقچاق قىلماقچى بولغان، دەپ ئۇزاققىچە سۆزلەپ يۈرۈشتى.

## 6. چېقىلغان ئىدىش

گرىنگورى ھاسراپ ـ ھۆمۈدەپ بىرھازا يۈگۈردى، لېكىن قېچىپ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى. بىرنەچچە قېتىم يەر ئاستى ئېرىقىغا يىقىلىپ چۈشتى، كوچىنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدىكى بۇرجەككە بېشى تېگىپ كەتتى. كوچا يولىدىن، خالتا كوچىدىن، ئاچال ئېغىزىدىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتتى. كۆكتات بازىرىدىكى ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان ئەگرى ـ بۈگرى كونا يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھاياتلىقى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئىسەنگىرەش ئىچىدە تۇرۇپمۇ «يول ۋە يول بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەپ قالتىس جايىدا ئېيتىلغان بۇ لاتىنچە سۆزنىڭ ئىچكى مەنىسى ھەققىدە ئويلاندى، شائىر گرىنگورى

چىپپىدە توختاپ قالدى. باشتا ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قىلىۋاتقاندەك بولدى. ئارقىدىنلا گاڭگىراپ قالدى. قولىنى پىشانىسىغا قويۇپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ كەتتى. «گرىنگورى ئەپەندى، راستتىنلا قاپاقباش ئىكەنسەن، — دېدى ئۇ، — سەن ھېلىقى چاتاقچى بالىلاردىن قورقۇپ قاچقىنىڭ بىلەن، ئۇلار سەندىن قورقۇپ جان - ئىمانى چىقىپ كەتتى. ساڭا شۇنى دەپ قوياي، سەن شىمال تەرەپكە قاراپ قاچقاندا، ئۇلار سانداللىرىنى سۆرىگەن پېتى جەنۇبقا قاچقاندى. بۇ يەردە پەقەت ئىككىلا ئېھتىماللىق بار: بىر بولسا بالىلار قاچقان چاغدا ئالاقزادە بولۇپ كېتىپ، كارىۋىتىڭغا ماتراس ئورنىدا ئىشلەتسەڭ بولىدىغان پاخال بورىنى ئېلىپ كېتىشنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ بۇۋى مەريەم سىېنىڭ مراكىل تىياتىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققانلىقىڭ ئۈچۈن ئىنئام قىلىپ بەرگەن نەرسە ئىدى؛ بىر بولسا بالىلار قېچىپ كەتمەي، بورىغا ئوت يېقىپ يانغىن پەيدا قىلدى. ئوتقا ئۆزۈڭنى قاقلاپ ئىسسىنىۋېلىشىڭ، ھۆل بولغان كىيىملىرىڭنى قۇرۇتۇۋېلىشىڭ مۇمكىن ئىدى. مەيلى كارىۋات بولسۇن، مەيلى ئوت بولسۇن، ھەممىسى تەڭرى ساڭا ئاتا قىلغان سوۋغات بولالايتتى. ماۋكونسىل كوچىسىدىكى مېھرىبان بۇۋى مەريەمنىڭ مۇشۇ سەۋەبلەرگە كۆرە ئىسداش موبوننى ئۇ دۇنياغا ماڭدۇرۇۋەتكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. سەن بىغەرەزلىك قىلىپ خۇددى پىكاردىلقلار فىرانسۇزلاردىن خۇدۇكسىرىگەندەك ئۆلەر - تىرىلىشىڭگە باقماي بەدەر تىكىۋەتتىڭ، بۇرۇن ئىنتىزار بولۇپ ئىزدىگەن نەرسىنى قاراپ تۇرۇپلا تاشلىۋەتتىڭ. سەن راستتىنلا ئۆتۈپ كەتكەن كالۋا !»

ئۇ قايرىلىپلا كەينىگە ياندى، بىر ياقتىن قايسى تەرەپكە مېڭىۋاتقانلىقىنى پەملىدى، يەنە بىر ياقتىن ئىككى قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئەتراپىغا قۇلاق سالدى. تۇمشۇقىنى سوزۇپ پۇراپ باقتى. ئۆزىگە بەخت - سائادەت ئېلىپ كېلىدىغان ھېلىقى بورىنى تېپىش ئۈچۈن قىلمىغان چارىسى قالمىدى. لېكىن،

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئىش ئىدى. كۆز ئالدىدا قاتار مىنگىشىپ كەتكەن ئۆي، ئىتنىڭ چىشىدەك ئېگىز ـ پەس، چوڭ ـ كىچىك كوچىدىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ راستىنلا بىر نەرسىگە پېتىپ قالغاندەك، يا ئالدىغا، يا كەينىگە ماڭالمىدى. بۇ تار كوچىلار تورنېل ① بىناسىدىكى سىرلىق ئوردىدىنمۇ مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ سەۋر قاچىسى توشۇپ، ئۆزىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى.

— لەنەتگەردى كوچىلار! سەنلەرنى قارغىش تەگكۈر ئىبلىس قولىدىكى تۆمۈر ئارىنىڭ ئۆزىدەكلا ياساپتىكەنغۇ!

بۇ بىر ۋارقىراش بىلەن ئۇنىڭدىكى جىددىيلىك پەسكويغا چۈشكەندەك بولدى. شۇ ئەسنادا ئۇچىيدەك ئۇزۇن بۇ كوچىنىڭ يەنە بىر بېشىدىن ئەتراپىنى قىزىللىق بىلەن يورۇتۇپ كەتكەن ئوتنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. گرىنگورىغا يېڭىباشتىن جان كىردى.

«تەڭرىگە تەشەككۇر! يولنىڭ بويىدا كۆيۈۋاتقان مېنىڭ بورام بولمىسۇن يەنە! — ئۇ ئۆزىنى كېچىدە يولدىن ئېزىپ قالغان ماتروسقا ئوخشىتىپ، تولىمۇ ئىخلاسمەن ئاۋازدا قوشۇپ قويدى، — بۇۋى مەريەمنىڭ ئىلاھىي نۇرىغا مىڭ قەتلە ھەشقاللا!»

ئۇ بۇۋى مەريەمگە يۈزلىنىپ دۇئا قىلدىمۇ ياكى ھېلىقى بورىغا يۈزلىنىپ دۇئا قىلدىمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم. لېكىن، ئۇ قىڭغىر ـ قىيسىق، پاتقاق بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئەگرى ـ بۈگرى ئۇزۇن كوچىدا ھېچقانچە ماڭار ـ ماڭمايلا غەلىتە بىر ئىشقا دۇچ كەلدى. قارىغاندا، بۇ ئۇزۇن كوچا ئىنس ـ جىن ئاياغ باسمايدىغان كوچىلاردىن ئەمەستەك قىلاتتى. يول بويى ئېنىق سۈپەتلىگىلى، تۇزۇكرەك ئىلغا قىلغىلىمۇ بولمايدىغان ئاللىقانداق بىرنېمىلەر كوچىنىڭ بېشىدىكى ئوتنىڭ يورۇقىغا قاراپ مىدىرلاۋاتقاندەك ئىدى. بۇ نېمىلەر خۇددى يېرىم كېچىدە يۇمران ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ، يىراقتىكى

① تورنېل — پارىژدىكى يەنە بىر پادىشاھلىق ئوردا.

پادىچى ياققان گۈلخان تەرەپكە ئىرىنچەكلىك بىلەن ئۆمىلەۋاتقان قوڭغۇزغا ئوخشايتتى.

ھەرقانداق نەرسىدىمۇ يانچۇقىدا تىيىننىڭ تايىنى يوق نامرات ئادەمدىكىدەك تەۋەككۈلچىلىككە باي روھ بولمايتتى. گرىنگورى ھەدەپ مىڭىۋەردى ۋە ھايال ئۆتمەيلا ھۇرۇنلۇقىدىن ھەممىسىنىڭ كەينىدە قالغان ئۆلۈمتۈك قۇرتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ يەنە ئازراق يېقىنلاپ، ئۇنىڭ پۇتى ناكار بىچارە بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ ئادەم ئىككى قوللاپ يەرگە تايىنىپ، بىر ئۆرە، بىر پەس بولۇپ تاقلاپ مېڭىۋاتاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ياردار بولۇپ، پەقەت ئالدى ئىككى پۇتىلا قالغان ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. گرىنگورى بۇ ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈكنىڭ يېنىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئادەم يۈزلۈك ئۆمۈچۈك لىككىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ قالدى.

— رەھىم قىلىپ، ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار! بېگىم، ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭ! — دېدى ئۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئاۋاز بىلەن.

— يوقال كۆزۈمدىن! سېنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭنى بىلسەم، سەن بىلەن بىللە ئىبلىسقا يەم بولغان بولاتتىم! — دېدى گرىنگورى قايناپ.

ئۇ قەدىمىنى توختاتماي مېڭىۋەردى.

ئۇ بىر توكۇر ئادەمنى قوغلاپ يەتتى ـ دە، ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئۇستىبېشىغا زەن سېلىپ قارىدى. شۇ چاغدىلا بۇ ئادەمنىڭ بىر پۇتى ئاقساق، بىر قولىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلدى. قولىدىكى ھاسا بىلەن بىر پۇتىغا باغلانغان ياغاچ پۇت بۇ ئادەمنى تامچىلار ئىشلىتىدىغان تاختىپەرگە ئوخشىتىپ قويغانىدى. نەپىس كىلاسسىك ئوخشىتىشنى بەك بىلىدىغان گرىنگورى ئۇنى ۋولكان ① نىڭ ئۈچ پۇتلۇق ھەرىكەتچان جازىسىغا قىياس قىلىپ ئۇلگۇردى.

---

① ۋولكان — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئوت ئىلاھى شۇنداقلا مېتال تاۋلاش ئىلاھى، چىرايى ئىنتايىن سەت دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

توكۇر ئادەم يېقىن كېلىپ گرىنگورىغا سالام بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— جاناب، بولكا ئالغۇدەك پۇل بەرگەن بولسىڭىز! — دەپ تۇۋلىدى.

— ئۇ ماڭا گەپ قىلىۋاتامدۇ! نېمانداق چۈشەنگىلى بولمايدىغان تىل بولدى بۇ؟ ئەگەر ئۆزى چۈشەنگەن بولسا، چوقۇم مەندىن تەلەيلىك، — دېدى گرىنگورى.

ئۇشتۇمتۇتلا ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ئىش كېلىپ، پېشانىسىغا ياقىدە بىرنى ئۇردى. «ئۇلاردىن سوراپ باقايچۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئۇلار بۇگۈن ئەتىگەندە دېيىشكەن ‹ئەسمېرالدا› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە بولغىيدى؟»

گرىنگورى تېزرەك مېڭىشقا تەمشەلدى، لېكىن قانداقتۇر بىر نەرسە يەنە بىر قېتىم يولىنى توسقاندەك بولدى. بۇ «سولتەك»، ئېنىقراقى بۇ «ئادەم» چاڭگا ساقال، چىرايى يەھۇدىيلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان پاكىنەك ئەما بولۇپ چىقتى.

ئۇ قولىدىكى تاياق بىلەن يەرگە توكۇلدىتىپ ئۇرۇپ، تىمىسقىلىغان ھالدا قەدەم تاشلايتتى. ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدىغان بىر ئىت بار ئىدى. ئۇ ئادەم ۋېنگىرلاردىكى دىمىقىدا سۆزلەيدىغان ئادەت بويىچە گرىنگورىغا ئىلتىجا قىلغىلى تۇردى:

— رەھىم قىلىپ ئاتىغىنىڭىزنى بەرگەن بولسىڭىز!

— ئەمدى قاملاشتى، — دېدى گرىنگورى، — نېمىلا بولسۇن، خرىستىيانلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغاندىن بىرى چىقتى! مەندە خەير - ساخاۋەت بېرىشكە ئامراق قىياپەت بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن، يېنىمدا يارماقنىڭ پۇچۇقىمۇ يوق، بۇرادەر، — ئۇ مۇشۇ گەپنى دەۋېتىپ ئەما ئادەم تەرەپكە قايرىلدى، — ئۆتكەن ھەپتە ئەڭ ئاخىرقى كۆڭلىكىمنى سېتىۋەتتىم. ناۋادا سىلەر پەقەت سىسېرو① نىڭ تىلىنىلا بىلىدىغانلاردىن بولساڭلار، شۇنى يەنە بىر قېتىم سەمىڭلارغا

① سىسېرو (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 106 — 43 - يىللار) — قەدىمكى رىمدىكى سىياسىيون، ناتىق، سىسېرونىڭ تىلى دېگەن سۆز بۇ يەردە لاتىن تىلىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

سىلىپ قوياي، مەن ئۆتكەن ھەپتىدە ئەڭ ئاخىرقى كۆڭلىكىمنى سېتىپ خەجلىدىم!

گرىنگورى گېپىنى تۈگەتتى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپلا يولغا چۈشتى. لېكىن، ھېلىقى ئەمامۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا قەدەملىرىنى ئىتتىكلەتتى. پۇتى ناكار، بىلىكى يوق ئىككى مېيىپمۇ ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ، ياغاچ پۇتىنى سۆرەپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۈچ تىلەمچى مۇشۇ ھالەتتە بىچارە گرىنگورىنى تاپ باستۇرۇپ قوغلاپ، ئۇنىڭدىن خەير ـ سەدىقە تەلەپ قىلىپ توختىمىدى.

— رەھىم قىلىپ، ئاتىغىنىڭىزنى بەرگەن بولسىڭىز! — دېدى ئەما ئاۋازىنى سوزۇپ.

— ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! — دېدى توكۇر ئادەم.

— بىر پارچە بولكا بېرىڭ! — دېدى بىلىكى يوق بىرى خورسىنىپ.

— ئاھ! بابىتا ① ! — دەپ توۋلىۋەتتى گرىنگورى قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ.

گرىنگورى يۈگۈردى. ئەما، توكۇر، بىر بىلىكى يوق ئۈچەيلەنمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمىدى.

گرىنگورى يۈگۈرە ـ يۈگۈرە يەنە بىر كوچىغا كىردى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىردىنلا ئەما، توكۇر، بىلىكى يوق، يەكچەشمە، ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى. ئۇلار يېقىنلا جايدىكى ئۆيلەردىن، خالتا كوچىلاردىن، گەمىلەردىن بىر ـ بىرلەپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇلار ۋارقىرايتتى، ھۆركىرەيتتى، توۋلايتتى، يىقىلىپ، مۈدۈرۈپ، بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ دېگۈدەك چىراغ يېنىپ تۇرغان يەرگە ئېتىلاتتى، يامغۇردا قالغان قۇرتلاردەك پاتقاق ئىچىدىن ئۆمىلەپ چىقاتتى.

گرىنگورى ھېلىقى ئۈچ نەپەر مېيىپ ئادەمدىن ھەرگىز قۇتۇلالمىدى. ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەش

---

① بابىتا — بۇ ھەر خىل تىلدا سۆزلىشىدىغان ئادەملەر يىغىلىپ قالغان جاي نامى.

تەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قالغان گرىنگورى تەشۈنۈش ئىچىدە قالدى. ئۇ توكۇر ئادەملەردىن ئەگىپ ئۆتتى، پۇتى يوق ئادەملەردىن ئاتلاپ ئۆتتى، شۇنداقتىمۇ تېخىمۇ كۆپ توكۇرلارنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇ بەئەينى يوشۇرۇن خادا تاشلارنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قېلىپ، بىر قەدەممۇ ماڭالمايۋاتقان ئەنگلىيەلىك كاپىتاننىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇ دەرھال كەينىگە قايتىش نىيىتىگە كەلدى، لېكىن كېچىككەنىدى. ھېلىقى ئادەملەر ئۇنىڭ چېكىنىش يولىنى قامال قىلىۋالغانىدى. ئۈچ نەپەر تىلەمچى كانىدەك چاپلىشىپ كېلىۋاتقان بولغاچقا، گرىنگورىغا داۋاملىق ئالدىغا ماڭماقتىن باشقا يول يوق ئىدى. گرىنگورىنىڭ ئوي - پىكرى قالايمىقانلاشتى، كۆڭلىدە ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

گرىنگورى شاپاشلاپ مېڭىۋېرىپ كوچىنىڭ تۈگەيدىغان يېرىگە كەلدى. بۇ يەر كەڭ كەتكەن مەيدان بولۇپ، ئۇ يەر - بۇ يەرگە يېقىلغان چىراغلارنىڭ سۇس نۇرى يېرىم كېچىدىكى يېيىلىپ كېلىۋاتقان تۇمان ئىچىدە ئاجىز جىمىرلايتتى. گرىنگورى مەيداندىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ، قەدىمىنى تېزلەتتى ۋە تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان ئۈچ نەپەر مېيىپنى تاشلىۋەتمەكچى بولدى.

— نەگە قاچىسەن؟ — پۇت - قولى ناكار ھېلىقى توكۇر بىرلا ۋارقىراپ قولىدىكى ھاسىسىنى نەلەرگىدۇر چۆرۈۋەتتى - دە، خۇددى يەل تاپان ئادەملەردەكلا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇنى پارىژ كوچىلىرىدا ئاز ئۇچرايدىغان يەل تاپان دېيىشكە بولاتتى.

دەل شۇ ئەسنادا ھېلىقى بىر پۇتى يوق تىلەمچى شارتتىدە ئۆرە بولۇپ، قولىدىكى خۇمىرىنى گرىنگورىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ قويدى. ئويلىمىغان يەردىن ئەما تىلەمچى چوغدەك يېنىپ تۇرغان ئىككى كۆزىنى يوغان ئېچىپ گرىنگورىغا يەۋېتىدىغاندەك چەكچىيىپ قارىدى.

— نەگە كېلىپ قالدىم؟ — دەپ تۇۋلاپ سالدى قورقۇپ كەتكەن شائىر.

— مراكىل رايونى ① ! — دېدى تۆتىنچى بىرى گەپكە قوشۇق سېلىپ.

— قىزىق ئىش، — دېدى گىرىنگورى، — مەن ئەمالارنىڭ ئالىيجاناپلىقىنى، ئاقساقاللارنىڭ يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇنداقتا تەڭرى نەدە قالدى؟

جاۋاب ئورنىدا ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىچارە شائىر ئەنسىزلىك ئىچىدە ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ۋەھىمە قاپلىغان مراكىل رايونىغا كېلىپ قالغانىدى. دۈرۈس ئادەملەر ئەزەلدىن تارتىپ مۇنداق ۋاقىتتا بۇ يەرگە ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. بۇ شۇنداق بىر سىرلىق چەمبىرەك ئىدىكى، چاتېلې سوتخانىسىنىڭ ئەمەلدارلىرى ياكى گۇبېرناتور مەھكىمىسىنىڭ كاتىپباشلىرى قاراملىق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپلا قالىدىغان بولسا، چوقۇم ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتەتتى. بۇ يەر ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسى، پارىژنىڭ يۇزىگە چۈشكەن بەتبەشىرە جاراھەت ئىدى. بۇ يەر جىنايەتنىڭ، تىلەمچى - دىۋانىلەرنىڭ، سەرگەردانلارنىڭ يەر ئاستى ئېرىقى ئىدى. ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىدىكى يەر - جاھاننى بىقىسىتىۋېتىدىغان مەينەت سۇلار ھەر كۈنى مۇشۇ يەردىن ئېقىپ، كەچ بولغاندا يەنە مۇشۇ يەرگە ئېقىپ كېلەتتى. بۇ يەر ناھايىتى چوڭ ھەرە كۆنىكى ئىدى، ھەر كۈنى ئاخشىمى جەمئىيەتتىكى رەڭگارەڭ ئەركەك

① مراكىل رايونى — شۇ چاغدىكى پارىژنىڭ بىر رايونى، زور تۈركۈمدىكى تىلەمچىلەر، تېجىمەللەر، سەرگەردانلار مۇشۇ رايونغا مەركەزلەشكەن. ئۇلار مېيىپ - مەجرۇھ قىياپىتىدە ياسىنىپ تىلەمچىلىك قىلىپ ياكى ئوغرىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن، قايتىپ كەلگەندە نورمال ئادەمگە ئايلانغان. بۇ «مۇقەددەس ئەرۋاھنىڭ كارامىتى» دېگەن سۆزدىن كەلگەچكە، مراكىل رايونى دەپ ئاتالغان.

ھەرىلەر ھەددىدىن زىيادە مەينەت نەرسىلەرنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ مۇشۇ يەرگە كېلەتتى. بۇ يەر يالغان كېسەللىكلەرنى ياسايدىغان دوختۇرخانا ئىدى. بۇخېمىيەلىكلەر، راھىبلىقنى تاشلىغان موناخ ــ راھىبلار، چۈشكۈنلەشكەن ئالىم ــ ئۆلىمالار، دۆلەت تەۋەلىكى ئوخشاش بولمىغان بۇزۇقلار: ئىسپانلار، ئىتالىيانلار، گېرمانلار، دىنى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل داشقاللار: يەھۇدىي دىنى، خىرىستىيان دىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ مۇرتلىرى، بۇتقا باش ئۇرىدىغانلار مۇشۇ يەردە پاناھلىناتتى. ئۇلار كۈندۈزى ھەممە يېرىنى يىرىڭلىق چىيقان بىلەن تولدۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلغىلى چىقاتتى، گۇگۇم چۈشكەندە شارتتىدە ئۆزگىرىپ ئوغرى ــ قاراقچى بولاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ يەر چوڭ ھەجىملىك ھۆسن تۈزەيدىغان گىرىمخانا ئىدى. شۇ دەۋردىكى پارىژ كوچىلىرىدىن ئۆتىدىغان ئوغرىلار، پاھىشىلەر ۋە قاتىللاردىن تەشكىللەنگەن مەڭگۈلۈك كومېدىيەنىڭ رول ئالغۇچىلىرى ئۆزلىرىگە مۇشۇ يەردە گىرىم قىلاتتى، «ئويۇن» تۈگىگەندىن كېيىن گىرىملىرىنى مۇشۇ يەردە يۇياتتى.

بۇ تولىمۇ كەڭرى، لېكىن تولىمۇ رەتسىز مەيدان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوبدانراق تۈزلەنمىگەنلىكى ياكى ئۈستىگە بىرنەرسە ياتقۇزۇلمىغانلىقى كۆزگە چېلىقىپلا تۇراتتى. شۇ چاغدىكى پارىژنىڭ ھەممە مەيدانلىرىغا ئوخشاش ئۇتتۇر كەلگەن يەرگە گۈلخان يېقىلاتتى. گۈلخاننىڭ چۆرىسىگە ئولاشقان تەندۈرۈس بولمىغان غەلىتە شەكىلدىكى ئادەملەر ئۇياندىن ــ بۇيانغا ماڭاتتى، تىنىم تاپماي غەلۋە ــ غوۋغا قىلاتتى. قۇلاققا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان كۈلكە، كىچىك باللارنىڭ يىغىسى ۋە ئاياللارنىڭ غەيۋەت قىلىشىۋاتقان گەپ ــ سۆزلىرى ئاڭلىناتتى. بۇ ئادەملەرنىڭ قاللىسى ۋە بىلەكلىرى كۆچلۈك ئوت يورۇقىدا يەرگە ئاجايىپ ــ غارايىپ سايە تاشلايتتى. ئوتنىڭ يورۇقى بەزىدە يەر ئۈستىدە ئۇياندىن ــ بۇيانغا سىلكىنەتتى، تەۋرىنەتتى، ئۇنىڭ ئىچىگە غەلىتە شەكىلدىكى كۆرۈمسىز ئالۋۇن

ئاربلاشقاندەك بولاتتى. ئادەمگە ئوخشايدىغان بىرەر ئىت ياكى ئىتقا ئوخشايدىغان بىرەر ئادەم ئارىلىقتا قىستۇرۇلۇپ ئۆتۈپ قالاتتى. ئادەم بىلەن شەيئىلەرنىڭ چەك ـ چېگراسى بۇ يەردە بەجايىكى ئالۋاستىلار ئوردىسىدىكىدەك تۈپ يىلتىزىدىن يوقىلاتتى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ، ھايۋانلارنىڭ، ياش بىلەن جىنسىنىڭ، ساغلام ئادەم بىلەن كېسەل ئادەمنىڭ پەرقى يوقتەك ھالەت شەكىللىنەتتى. ھەممە نەرسە ئۆز ئارا ئارىلىشىپ، ئۈست ـ ئۈستىگە دەستىلىنىپ، ئەبجەش بىر نەرسە بولۇپ قالاتتى. بۇ يەردىكى ئادەملەرنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋالغىلى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن مۇشۇ مۇكەممەل توپنىڭ ھەرقانداق ئالاھىدىلىكىنى تاپقىلى بولاتتى.

گرىنگورى لىپىلداپ يېنىۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا بۇ غايەت زور مەيداننىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن كونا ئۆيلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئالدى تېمى مايماق كېتىپ يېرىلغان، ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ بىر ـ ئىككى دېرىزىسىدىن غۇۋا چىراغ يورۇقى چىقىپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇق بىلەن چۈمكەلگەن بۇ ئۆيلەر باشلىرىنى بىر يەرگە قىلىپ قاتار تۇرغان، قاشلىرىنى يىمىرىپ، كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈۋاتقان قېرى مومايلارغا ئوخشايتتى.

بۇ يېپيېڭى بىر دۇنيا، بۇ دۇنيادىكى ھەممىلا نەرسە شۇنچىكى ناتونۇش، ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان نەرسىلەر، ئۇلار شۇنچىكى بەتبەشىرە، تېتىقسىز، بىمەنە، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىدى.

گرىنگورى قورقۇشقا باشلىدى. ئۈچ تىلەمچى خۇددى ئۈچ ئامبۇرغا ئوخشاش ئۇنى چىڭ قىسىۋالغانىدى. ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئۇياندىن ـ بۇيانغا يۆتكىلەتتى، ھۆركىرەپ توۋلايتتى، قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك چىرقىرايتتى. نەس باسقان گرىنگورى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزىنى ئۇنتۇلاپ، بۈگۈن شەنبە كۈنى ① ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى ئويلاپ باقماقچى بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئەخمىقانە ئىش ئىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسى بىلەن ئوي - پىكرى ئاللىقاچان ئۈزۈلگەنىدى. ئۇ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىدىن دەرگۇمان بولدى، كۆرۈۋاتقانلىرى بىلەن ھېس قىلغانلىرى ئارىسىدا تېڭىرقىدى، ئۆز - ئۆزىگە «ئەگەر مەن راستىنىلا مەۋجۇت بولسام، مەن كۆرۈۋاتقان ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس؟ ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت بولمىغان بولسا، مەن مەۋجۇتمۇ؟» دېگەن قىيىن سوئالنى قويدى.

قىيا - چىيا قىلىۋاتقان توپ ئىچىدىن سۈزۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئۇنى شاھىنشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار!

«كىرەملىك بۈۋى مەريەم، سەن ھەممىگە قادىرسەن! — گرىنگورى ئىچىدە پىچىرلىدى، — بۇ يەرنىڭ شاھىنشاھى بىرەر سەركە بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە!»

— شاھىنشاھ بىلەن كۆرۈشەيلى، شاھىنشاھ بىلەن! — دېيىشتى ئالامان.

ئۇلار گرىنگورىنى سۆرەپلا ئېلىپ ماڭدى، دېمىسىمۇ ئۇنى ھەرقانداق ئادەمنىڭ سۆرەپ مېڭىشىغا ھەددى بار ئىدى. لېكىن، ئۈچ نەپەر تىلەمچى گرىنگورىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان، ئۇلار ئادەملەرنى ئىككى تەرەپكە ئىتتىرىپ ۋارقىرىدى:

— ئۇنى بىز تۇتۇپ كەلگەن!

شائىرنىڭ ئۈچىسىدىكى كونىراپ كىيگۈچىلىكى قالمىغان كۆڭلەك مۇشۇنداق ئۇياق - بۇياققا تارتقۇچلاش نەتىجىسىدە يىرتىلىپ پارە - پارە بولۇپ كەتكەنىدى.

قورقۇنچلۇق مەيداندىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، گرىنگورىنىڭ قېيىۋاتقان بېشى ئوڭلىنىپ قالغاندەك بولدى. بىرنەچچە قەدەم

① غەرب دۇنياسىدىكى رىۋايەتلەردە جىن - ئالۋاستىلار ھەپتىنىڭ 6 - كۈنى كەچتە ئارام كۈننى خاتىرىلەيدۇ دېيىلىدۇ.

ماثار ـ ماثمايلا ئۆزىدىكى ھەقىقىي سىزىمى ئەسلىگە كەلدى، ئەتراپىدىكى مۇھىتقا كۆنۈپ قالىدىغان ھالغا يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جەھەننەمگە سەپەر قىلىدىغان يولدا ئەمەس، بەلكى رېئال دۇنيانىڭ پاتقاقلىرىدا كېتىپ بارغانلىقىنى؛ دەرەختىكى دىۋە ـ پەرىلەرنىڭ دۆشكەلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر ئوچۇم ئوغرى، قاراقچىلارنىڭ ئىتتىرىشى بىلەن مېڭىۋاتقانلىقىنى؛ شۇ تاپتا ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇۋاتقىنى ئۆزىنىڭ روھى ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي جىسمانىي ھاياتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى تېخىمۇ يېقىندىن، تېخىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن كۆزىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. ئۇ مانا مۇشۇنداق بىر كىچىك قاۋاقخانىغا يېقىنلىغانىدى.

مىراكىل رايونىنى راستىنلا قاۋاقخانا دېيىشكە بولاتتى. لېكىن، ئۇ ھېلىقى ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك قاۋاقخانىسى ئىدى. بۇ يەردىكى مەينىڭ رەڭگى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان قاندەك توق قىزىل ئىدى.

جۇلدۇر كىيىمەن ئادەملەر گرىنگورىنى يالاپ مېڭىپ كۆزلىگەن نىشانغا كەلگەن چاغدا، كۆز ئالدىدا ئايان بولۇۋاتقىنى ئۇنى شېئىرىي تۇيغۇغا قايتۇرۇپ كېلىدىغان مەنزىرىگە ئوخشىمايدىغانلا بىر نەرسە بولۇپ چىقتى، ئەكسىچە گرىنگورى تۇرمىگە يېتىپ كەلگەندەكلا بولدى. بۇ يەر دەل شېئىرىي تۇيغۇغا كەمبەغەل، ياۋۇزلۇق يامراپ تۇرغان رېئال دۇنيا ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش 15 ـ ئەسىردە يۈز بەرمىگەن بولسا، بىزنىڭ گرىنگورىنى مىكېلانجېلو ① دەۋرىدىن بىراقلا كاللوت ② دەۋرىگە موللاق ئاتتى دېيىشىمىزگە توغرا كېلەتتى.

غايەت زور بىر پارچە دۈگىلەك ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىدە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئوتنىڭ قىپقىزىل يالقۇنى تېخىچە

① مىكېلانجېلو (1475 ــ 1564) ــ ئىتالىيەلىك ھەيكەلتىراش، رەسسام ۋە شائىر.

② كاللوت (1592 ــ 1635) ــ فىرانسىيەلىك رەسسام، ھەيكەلتىراش.

www.uyghurkitap.com

بىرنەرسە قاچىلانمىغان تۆمۈر داڭقاندىن يۇقىرىغا قاراپ ئېتىلاتتى. تۆمۈر داڭقاننىڭ چۆرىسىگە بىرنەچچە سۇنۇق شىرە ئوڭدا ـ دۈمدە تىزىپ قويۇلغاندى. شىرەنى تىزغان ئادەملەر ئەقەللىيسى گېئومېترىيەدىكى ئاددىي ساۋاتتىنمۇ خەۋەرسىز بولسا كېرەك، شۇڭا شىرەلەرنى بەكمۇ قالايمىقان تىزغاندى. ئۇلار ھېچبولمىغاندا شىرەلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن چاپلىشىدىغان بۇرجىكىنى مۇنداق سەت ئورۇنلاشتۇرمىغان بولسا ياخشى بولاتتى. شىرەدىكى ئۈزۈم ھارىقى بىلەن ئارپا ھارىقى قاچىلانغان بىرنەچچە بوتۇلكا ئوتنىڭ يورۇقىدا پارقىرايتتى. شىرەنىڭ يېنىغا ئولىشىۋالغان ئادەملەر ئوتقا ئۇزاق قاقلانغىنى ئۈچۈنمۇ ياكى ھاراقنىڭ كەيپىدىنمۇ ئەيتاۋۇر، ئۇلارنىڭ يۈزى ئوتقاشتەك قىزارغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كالانپاي بىر ئەر سېمىزلىكىدىن ئۆزىنى يىغىشتۇرالماي قالغان بىر پاھىشە ئايالنى قۇچاقلاپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك كۈلمەكتە ئىدى. قارا گەپ بويىچە سۆزلىگەندە «يالغان ئەسكەر» دەپ ئاتىلىدىغان بىرى ئىسقىرتقان ھالدا يالغان جاراھەت ئۈستىدىكى بىنتلارنى يېشىپ، ئەتىگەندىن باشلاپلا چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن ساغلام تىزىنى ھەرىكەتلەندۈرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان بىر يالغان ئاغرىق ئەتە قاق سەھەردە ئۆزىنىڭ يالغاندىن زەخىملەنگەن پۇتىغا سۇرتۇش ئۈچۈن، كالا مېيى بىلەن كالا قېنىنى ھەدەپ ئارىلاشتۇرۇۋاتاتتى. نېرىراقتىكى ئىككى شىرەنىڭ يېنىدا، تاۋاپچىلارنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان يالغان تاۋاپچى «مۇقەددەس ئايال پادىشاھ»نىڭ نادامەت ناخشىسىنى ئېيتماقتا ئىدى. يەنە بىر يەردە ياش بىر تىلەمچى ياشانغان بىرىدىن تۇتقاقلىق كېسەللىكىنى دوراشنى ئۆگەنمەكتە ئىدى. ياشانغان تىلەمچى ئۇنىڭغا سوپۇن پارچىسىنى ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن قانداق قىلغاندا ماغزاپ چىقارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قېشىدىكى يالغاندىن سۇلۇق ئىششىق بولىۋالغان بىمار «گىرىمنى يۇيۇپ»، ئىششىقنى ياندۇرماقتا

ئىدى. بەتبۈي پۇراققا چىدىيالمىغان تۆت ـ بەش ئايال ئالدامچى ئالمان ـ تالمان بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋالدى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە ئوغرىلاپ كەلگەن بىر كىچىك بالىنى تالىشىپ، بىر ـ بىرى بىلەن جېدەللەشمەكتە ئىدى. بۇ مەنزىرە دەل ئىككى ئەسىر كېيىن ياشىغان سائۇۋالنىڭ دېگىنىدەك «ئوردا بۇنداق مەنزىرىگە ئىنتايىن كۈلكىلىك، قىزىق بىر ئىش دەپلا مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنداق ئىشلار پادىشاھنىڭ كۆڭۈل ئېچىشىغا ماتېرىيال بولالايتتى. شۇنداقلا ئۇنى بوربوندىكى كىچىك ئوردىنىڭ سەھنىسىدە ئويناپ چىقىدىغان تۆت پەردىلىك بالېت تىياتىرى ‹زۇلمەتلىك كېچە›نىڭ مۇقەددىمىسى قىلغىلى بولاتتى.» مۇشۇ تىياتىرنى 1653 ـ يىلى كۆرگەن بىرەيلەن: «مراكىل رايونىدىكى ھەدېسىلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مۇنداق مەنزىرىنى ھېچكىممۇ مۇنداق ئەينەن ئورۇنلاپ باقمىغان. بېنسېرادې ① مۇشۇ ئىشنى دەپ ئەڭ چىرايلىق شېئىرلارنى يازغان» دېگەنىدى.

نەگىلا قارىساڭ بەتقىلىق كۈلكە ۋە شاللاق ناخشا ئاۋازى، ئادەملەر ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ كۈلەتتى، كىمدۇر بىرلىرىنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، بىرلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئۆسەك سۆز قىلاتتى، باشقىلارنىڭ نېمىدەپ سۆزلىشىۋاتقانلىقى بىلەن كارى بولمايتتى. ھاراق بوتۇلكىلىرى چېقىلاتتى، جېدەل ـ ماجىرا بولاتتى، بوتۇلكىنىڭ سۇنغان پارچىلىرى ئەسلىدىلا يىرتىلىپ كەتكەن كۆڭلەكلەرنى يەنە بىر قېتىم يىرتىپ ئۆتەتتى.

يوغان بىر ئىتنىڭ ئوتقا قاراپ ئولتۇرغىنىنى ئولتۇرغانىدى. مانا، بىرنەچچە كىچىك بالىمۇ بۇ سورۇنغا قوشۇلدى. ئوغرىلاپ كەلگەن ھېلىقى كىچىك بالا يىغلىغىلى تۇردى، خەقنىشلىك قىلىپ زادى تىنچىمىدى. يەنە بىر سېمىز ئوغۇل بالا لام ـ جىم دېمەيلا كېلىپ، ئېگىز بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇردى، ئېڭىكى

---

① بېنسېرادې (1613 ـــ 1691) ـــ لۇئى XIII، لۇئى XIV دەۋرىدىكى فىرانسىيە ئوردا شائىرى.

شىرەنىڭ گىرۋەكىگە ئاران يەتتى. يەنە بىر بالا شامنىڭ ئىچىنى چۇۋۇلۇۋاتقان يىغىنى بارمىقى بىلەن شىرەنىڭ ئۈستىگە سۈركىگىلى تۇردى. ئەڭ ئاخىرقى بىرى پاتقاق لايغىلا زوڭ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئاۋاق بەستى يوغان قازانغا گەپ ـ سۆزسىز پىتىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ ساپالنىڭ سۇنۇقى بىلەن قازاننىڭ چۆرىسىدىكى قىسماقنى قىرغىلى تۇردى. قىسماقنى ھەربىر قىرغاندا، قازاندىن ستراديۋارىس ① نى ھوشىدىن كەتكۈزىدىغان سەت ئاۋاز چىقاتتى.

گۇلخاننىڭ يېنىدىكى ھاراق تۈكىنىڭ ئۈستىدە بىر تىلەمچى ئولتۇراتتى. ئۇ دەل تەختتە ئولتۇرغان تىلەمچى شاھنىڭ ئۆزى ئىدى.

ھېلىقى ئۈچ تىلەمچى گرىنگورنى قەلەندەرلەر پادىشاھىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، جىمىكى قىيقاس ـ سۈرەن، پەلىپەتىش ئوينىلىۋاتقان ئۇسسۇللار چىپپىدە توختىدى. پەقەت ھېلىقى كىچىك بالىلار قازاننىڭ قىسمىقىنى قىرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

گرىنگورى چوڭراق بىرنى تىنىشقىمۇ، كۆزنى يەردىن ئۈستۈن قىلىشقىمۇ پېتىنالمىدى.

ــ بۇرادەر، شىلەپەڭنى ئېلىۋەت! ــ دەپ تۇۋلىدى گرىنگورنى يالاپ كەلگەن ئۈچ تىلەمچىنىڭ بىرى. گرىنگورى ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماي تۇرغاندا، يەنە بىر تىلەمچى كېلىپ ئۇنىڭ شىلەپىسىنى ئېلىۋەتتى، بۇ شىلەپە بەك كونىراپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاپتاپنى توسۇش، يامغۇردىن پاناھلىنىشتا يەنىلا كارغا كېلەتتى. گرىنگورى كۆزى قىيالمىغان ھالدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

دەل شۇ چاغدا تۈكىنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ ئولتۇرغان

---

① ستراديۋارىس (1644 ــ 1737) ــ ئىتالىيەدىكى مەشھۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياسىغۇچى.

قەلەندەرلەر پادىشاھىنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— بۇ ئەبلەخنى نەدىن سورايمىز؟

گرىنگورىنىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ قالدى. بۇ ئاۋاز جاراڭلىق، كۈچلۈك، ۋەھىمىلىك چىقىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئاۋازنى نەدىدۇر بىر يەردە ئاڭلىغاندەك ئىدى. شۇ كۈنى چۈشتىن ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاۋاز مىراكىل مەيدانىدىكى ئالامانىڭ ئىچىدىن «رەھىم قىلىپ ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار!» دېگەندەك قىلغانىدى. گرىنگورى بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇڭنىڭ ئۈستىدىكى ئادەمگە زەن سېلىپ قارىدى. بۇ ئادەم كلوپىن ترولىپۇ ئىدى.

كلوپىن ترولىپۇ قەلەندەرلەر پادىشاھىنىڭ بەلگىسىنى تاقىۋالغان بولسىمۇ، كىيىۋالغان كىيىمى يەنىلا كونىراپ كەتكەن يىرتىق كىيىم ئىدى. بىلىكىدىكى يالغان جاراھەت ئەمدىلىكتە نەگىدۇر يوقالغانىدى. قولىدا سوتخانىنىڭ ئىجراچىلىرى يول ئاچىدىغان چاغدا كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئاق رەڭلىك تاسما قامچا، مۇنداقچە ئېيتقاندا شۇ چاغلاردا «ئادەم قوغلايدىغان دەررە» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل جازا قورالى بار ئىدى. بېشىغا كىيىۋالغان چەكلىكى يۇمىلاق ئېگىز شىلەپە ئاران ـ ئاران پاتقان بولغاچقا، ئۇنىڭ كىچىك بالىلار كىيىدىغان قالپاق ياكى پادىشاھلار كىيىدىغان تاج ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۇرگىلى بولمايتتى. چۈنكى، بۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. گرىنگورى مىراكىل رايونىدىكى قەلەندەرلەر پادىشاھىنىڭ ئەدلىيە سارىيىنىڭ زالىدىكى ھېلىقى قارغىش تەگكۈر قەلەندەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. نېمە ئۈچۈنكى، گرىنگورى ئۈمىدلىنىپ قالغاندەك بولدى.

— ئەپەندى، — گرىنگورى دۇدۇقلاپ قالدى، — ھەزرەتلىرى ... جانابىي ئالىيلىرى ... مەن سىزنى نېمىدەپ ئاتىسام بولار؟

ئۇ قارشى تەرەپنىڭ مەرتىۋىسىنى يۇقىرى پەللىگە چىقاردى ـ يۇ، لېكىن قانداق قىلغاندا يەنىمۇ ئۆرلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياكى قانداق قىلغاندا چۈشۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي، يەنىلا ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراشقا مەجبۇر بولدى.

— ئالىيلىرى بولامدۇ، جانابلىرى بولامدۇ ياكى بۇرادەر بولامدۇ، نېمە دېسەڭمۇ بەربىرا! لېكىن ۋاقىتنى چىڭ تۇت، سېنىڭ ئۆزۈڭنى ئاقلىغۇدەك بىرنەرسەڭ بارمۇ؟

«ئۆزۈمنى ئاقلايمەنمۇ؟ — دەپ ئويلىدى گرىنگورى، — مېنىڭ مۇنداق گەپ بىلەن ئىقىم كېلىشمەيدۇ!»

ئۇ يەنە دۇدۇقلىغىلى تۇردى.

— مەن بۇگۇن ئەتىگەندىكى ھېلىقى ...

— توگەشتىڭ! — ترولىيپ ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — ئىسمىڭنى مەلۇم قىل، بەچچىغەرا! تولا جۆيلىمە! قولاق سېلىپ تىڭشا! سېنىڭ ئالدىڭدا قۇدرەتلىك ئۈچ رەھبەر تۇرۇپتۇ: مەن كلوپىن ترولىيف تۇنىس شاھى، قەلەندەرلەر پادىشاھلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى، گراند كايۇسنىڭ ۋارىسى؛ ئاۋۇ بىرى ماكىياس ھونياد سىپكالى، مىسىر بىلەن بۇخېمىيەنىڭ كىنەزى، مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىماي بىر جالاپ خوتۇن بىلەن يومىداقلىشىپ يۈرگەن ئاۋۇ بودەك گالىلي ① نىڭ پادىشاھى گۇئىللائۇم رۇسسو. بىز ئۇچەيلەن سېنى سوتلايدىغان سوتچى. سەن قارا گەپ قىلماي، قەلەندەرلەر پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىغا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن سوقۇنۇپ كىرىپ، بۇ رايوننىڭ ئىمتىيازىدىن پايدىلانماقچى بولدۇڭ. سەن ياكى ئۆلۈمتۈك، ياكى ئۈچ قوللۇق ۋە ياكى كوچا - كويدا لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپ بولمىغانىكەنسەن، ياكى سەندەك ئالىيجاناب ئادەملەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئوغرى، قەلەندەر، سەرگەردان بولمىغانىكەنسەن، ئۇنداقتا چوقۇم جازالىنىشىڭ كېرەك. سەن مۇشۇ تائىپىگە ياتىدىغان ئادەممۇ؟ ئۆزۈڭنى ئاقلاپ باقە، قېنى!

— ھەي! — دېدى گرىنگورى، — مەن مۇنداق شانۇ -

---

① گالىلي — پەلەستىندىكى بىر رايون.

شەۋكەتكە لايىق ئەمەسمەن، مەن يازغۇچى ...

— بولدى بەس! — ترولليېف ئۇنىڭ گېپىنى يەنە بىر قېتىم بۆلۈۋەتتى، — سىېنى هازىرلا دارغا ئاسىمىز. گەپ مۇنداق، ئالىيجاناب شەھەرلىك ئەپەندى! بىز قانغا قان، جانغا جان ئالىدىغان ئادەملەر! سىلەر قانۇن تۈزۈپ تىلەمچىلەرنى ئەدەپلىگەنىكەنسىلەر، تىلەمچىلەرمۇ بۈگۈن سىلەرگە كېلىشتۈرۈپ جاۋاب قايتۇرىدۇ! ئەگەر بەك رەھىمسىزلىك قىلغان بولساق، بۇنى ئۆزۈڭلاردىن كۆرۈڭلار! بىز ئۆزىنى دۇرۇس ئادەم چاغلايدىغان بىر ئەربابنىڭ بويىنىغا سىرتماق چۈشكەن چاغدىكى ئادەم سىياقىدىن چىقىپ كېتىدىغان سەت چىرايىنى كۆرۈپ باقماقچى! مۇشۇ ئەھۋالدىلا ئۇ ئىززەت ـ ئابرۇيى بىلەن دارغا ئېسىلغان بولىدۇ. يېقىن كەل، ئاغىنە! يىرتىق كىيىملىرىڭنى رازىلىقىڭ بىلەن سېلىپ ماۋۇ خانىملارغا بېرىۋەت، ھەمىيېنىڭنى چىقار، ئۇنىڭدىكى پۇللارغا ماۋۇ قەلەندەرلەر هاراق ئىچسۇن. ئەگەر يەنە باشقا هۈنىرىڭ بولسا، ئاۋۇ ياقتىكى گەمىدە ساينت پېررې ئاكوس بوف چېركاۋىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن تاش بۇت بار، بەش مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋال، روھىڭنى تاپشۇرۇپ بەرگىن. ئاندىن مەن سېنى دەرهال دارغا ئېسىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىمەن، كۆپچىلىكنىڭمۇ كۆڭلى خۇش بولۇپ قالىدۇ.

بۇ گرىنگورى ئۈچۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق نۇتۇق ئىدى.

— كلوپىن ترولليېفنىڭ سۆزى بەئەينى مۇقەددەس پەدەر پاپا ۋەز ئېيتقاندەكلا بەلەن سۆز بولدى، — دېدى گالىلىي پادىشاهى ئاۋازىنى بولۇشىچە چىقىرىپ، ئۇ هاراق بوتۇلكىلىرىنى سۇندۇرۇپ، شىرەنىڭ يۈزىنى ئېگىزلەتمەكتە ئىدى.

— پادىشاھ ئالىيلىرى، — دەپ گەپ باشلىدى گرىنگورى، مۇنچىلىك باتۇرلۇقنىڭ ئۇنىڭغا نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. گەپ ـ سۆزى دانىمۇدانە، ناهايىتى كەسكىن ئىدى، — خىيالىڭلارغىمۇ كىرىپ چىقمىغاندۇر، مەن شائىر گرىنگورى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۈگۈن ئەتىگەن ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئالدىدىكى زالدا ئوينالغان مىراكىل سەھنە ئەسىرىنى مەن يازغان !

— ھە ! ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن ـ دە، جاناب ! — دېدى كلوپىن، — شۇ چاغدا مەنمۇ زالدا ئىدىم. تەڭرى گۇۋاھ بولسۇن ! ھەي، ئاغىنە، چۈشتىن ئىلگىرى سەن بىزدىن جاق تويغانىدىڭ، ئەجەبا، مۇشۇ ئەھۋال سېنى دارغا ئاسماسلىقنىڭ سەۋەبى بولالامدۇ؟

«پېشانەمگە پۈتۈلگەننى كۆرمەي ئىلاجىم يوقتەك قىلىدۇ» گرىنگورى شۇنداق خىيالغا كەلدى ـ يۇ، يەنىلا سىناپ باقماقچى بولۇپ دېدى؛

— نېمىشقا شائىرلار قەلەندەر بولالمايدىكەن؟ ئېزوپ ① مۇ سەرگەردان بولۇپ ياشىغان، گومېر ② مۇ قەلەندەرچىلىك قىلغان. مېركورى ③ يانچۇقچى بولغان ...

كلوپىن ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تېپىۋەتتى.

— ئادەم چۈشەنمەيدىغان گەپلىرىڭ بىلەن بىزنى ئەخمەق قىلىمەن دېمە خۇنپەر، زۇۋانىڭنى ئۈچۈر ! سېنى ئېسىۋەتسەكلا قىلىدىغان قىلىق تاپالمايدىغان بولىسەن !

— كەچۈرۈڭ، قەلەندەرلەر پادىشاھى جانابلىرى، — گرىنگورى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، رەددىيەگە تەييارلاندى، — ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ... سەل ـ پەل تەخىر قىلىڭ ... مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ ... ئۆزۈمنى ئاقلاشلىرىم تاماملانماي تۇرۇپلا مېنى ئېسىۋەتسىڭىز بولماس ...

ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئەتراپتىكى قىيا ـ چىيا ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالدى. پەقەت ھېلىقى كەپسىز بالىنىڭ قازاننى

① ئېزوپ — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 6 ـ ئەسىردىكى قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن مەسەل يازغۇچى. «ئېزوپ مەسەللىرى»نىڭ ئاپتورى.

② گومېر — قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر شائىرى. ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇپ، نۇرغۇن جايلاردا بولغان.

③ مېركورى — رىم ئەپسانىلىرىدىكى پېرسوناژ، يۇپىتېرنىڭ ئوغلى.

قىرىۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، قېرى بىر موماي لىققىدە ياغ قۇيغان قازاننى گورۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچ پۇتلۇق جازىغا قويۇۋېتىپ، قازاندىكى ياغ پورۇقلاپ قاينىغىلى تۇردى. بۇ ئەھۋال خۇددى بىر توپ ئويۇنچى بالا يۇزىنى يۆگىۋالغان بىرىنى قىيقاس - سۈرەن چىقىرىپ قوغلاپ كېتىۋاتقانغا ئوخشايتتى.

كلوپىن تروللېفۇ، مىسىر كىنەزى، گالىلې پادىشاھى ئۈچەيلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشتى. گالىلې پادىشاھى غەرق مەست بولۇپ خۇدىنى يوقاتقانىدى.

— تىنچلىنىڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى كلوپىن تروللېفۇ كانىيى يىرتىلغۇدەك، لېكىن چوڭ قازان بىلەن ياغ قايناۋاتقان قازان ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى پىسەنتكە ئالمىغاندەك ئىدى. دەرغەزەپ بولغان تروللېفۇ تۆگىنىڭ ئۈستىدىن لىككىدە كۆتۈرۈلدى - دە، ئالدى بىلەن چوڭ قازاننى تېپىۋەتتى، قازاندىكى باللار ئون نەچچە قەدەم يىراقلىققا ئۇچۇپ چۈشتى. تروللېفۇ ياغ قايناۋاتقان قازاننىمۇ بىرنى تەپتى، ياغ بىر تېمىممۇ قالماي كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلدى. شۇ چاغدىلا ئۇ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ، بۇت سۇپىسى ئۈستىدە سالاپەت بىلەن ئولتۇردى. كىچىك بالىنىڭ يىغىسى ۋە ھېلىقى مومايىنىڭ كەچلىك تاماقنىڭ يوققا چىققانلىقى تۈپەيلى قىلىۋاتقان تاپا - تەنىلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپمۇ قويمىدى.

تروللېفنىڭ قول ئىشارىتى بىلەن كىنەز، پادىشاھلار، مۇھىم شەخسلەر ۋە يالغان تاۋاپچىلار تاقا شەكىللىك دائىرە ياساپ گرىنگورىنى ئارىغا ئالدى ۋە ئۇنى مىدىرلىيالماس قىلىپ قويدى. دائىرىنىڭ چۆرىسىدىكىلەر ھەممىسى دېگۈدەك يالغان زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىۋالغان، قوللىرىغا تۆمۈر ئارا، كىچىك پالتا ئالغان، ئىككى پاچىقى ۋە بىلەكلىرى ئوچۇق، يۈز - كۆزى پاسكىنا، كالۋا چىراي، يىگىنە يەۋالغاندەك ياداڭغۇ، جۇلدۇر - كىيىن ئادەملەر ئىدى. كلوپىن تروللېفۇ جۇلدۇر كىيىن بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادەملەر ئورنۇۋالغان يۇمىلاق شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئاقساقاللار مەھكىمىسىنىڭ گۇبېرناتورى ياكى قەبىلە باشلىقىدەك ئەلپازى بىلەن بوگۇنكى مەخپىي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلماقتا ئىدى. بۇ يەردە ئۇنىڭلا دېگىنى ھېساب ئىدى، ھەممە ئىشقا ئۆزىلا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى. ئۇ چوقچىيىپ تۇرغان تۆگىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرغاچقىمىكىن، چىرايىدىن ھاكاۋۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى، سۇرلۇك ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى، كۆزىدىن قانداقتۇر بىر سوغۇق نۇر چاقنايتتى. تەلۋىلەرچە تەق ـ تۇرقى بۇ سەرگەردان تائىپىنىڭ ھايۋان بولاي دەپ قالغان قىياپىتىنى تۈزەتكەندەك ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ياۋا تۇڭگۇزلار توپىدىكى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى دېيىشكە بولاتتى.

— قۇلاق سال، — ئۇ سۆزلەۋېتىپ يېرىك ئالقىنى بىلەن گرىنگورىنىڭ ئۇچلۇق ئېڭىكىنى سىلاپ قويدى، — مېنىڭ سېنى دارغا ئاسمايدىغانغا ھېچقانداق ئاساسىم يوق. سەن دەرۋەقە بۇ خىل جازادىن يىرگىنىسەن، ئۇنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى ئاددىي، سىلەر ئالىيجاناب شەھەر ئاھالىسى دارغا ئېسىش جازاسىنى بەك ئېغىر ئالىسىلەر، ئۆگىيلىقچە قوللانمايسىلەر. ھازىر سەن بۇ جازادىن خالاس بولىدىغان بىر چارە بار، مۇشۇ توپقا قوشۇلۇشنى خالامسەن؟

بۇ تەكلىپنىڭ قانداق ئۈنۈم بېرىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولاتتى. گرىنگورى ئۆزىنىڭ تۈگىشىپ بىر يەرگە بارغىنىغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپلا قالغان، تەقدىرگە تەن بەرگەن يەردە، مۇنداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتماي بولمايتتى.

— ئەلۋەتتە خالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قاتنىشىمەن!

— سەن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ئەسكىلىك قىلىدىغان قاراقچى بولۇشنى خالامسەن؟

— خالايمەن!

— ئەركىن شەھەر پۇقراسى بولۇشنى خالامسەن؟ — يەنە سورىدى تۇنىس شاھى.
— خالايمەن !
— قەلەندەرلەر پادىشاھلىقىنىڭ پۇقراسى بولۇشنى خالامسەن؟
— خالايمەن !
— قەلەندەر بولۇشنى خالامسەن؟
— خالايمەن !
— چىن كۆڭلۈڭدىن؟
— چىن كۆڭلۈمدىن !
— سەمىڭگە سىلىپ قويماي، — دېدى كلوپىن تروللىپۇ، — مۇشۇنداق بولغاندىمۇ ئوخشاشلا دارغا ئېسىلىسەن.
— قۇرۇق گەپ ! — دەۋەتتى گرىنگورى.
— بىراق، — دېدى كلوپىن تروللىپۇ تەمكىنلىك بىلەن، — ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دارغا ئېسىلىسەن. ئوبدانىراق مۇراسىم ئۆيۈشتۇرىمىز، پارىژ شەھەر ئاھالىسى پۇل تاشلايدۇ. سېنى بىر بۆلەك دۇرۇس ئادەملەر كېلىپ، تاشتىن ياسالغان چىرايلىقراق دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرىدىغان قىلىمىز. بۇمۇ بىر خىل تەسەللى !
— ئىلاھىم، دېگىنىڭىزدەك بولار، — دېدى گرىنگورى.
— شۇنداقتىمۇ ئەپسۇسلىنىدىغان بەزى ئىش بار. ئەركىن شەھەر پۇقراسى بولغاندىن كېيىن ئەخلەت پۇلى، نامراتلىق پۇلى ۋە چىراغ پۇلى دېگەنلەرنى تاپشۇرمايسەن. پارىژدىكى شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ بۇلارنى تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار !
— ئەلۋەتتە شۇنداق، — دېدى شائىر، — قوبۇل قىلىمەن. قەلەندەر، تىلەمچى، ئەركىن پۇقرا، قاراپ تۇرۇپ ئەسكى ئىش قىلىدىغان ئوغرى ـ قاراقچى بولىۋېرىمەن. ھەرقانداق قۇۋلۇق ـ شۇملۇقتىن يانمايمەن. ھۆرمەتلىك قەلەندەرلەر پادىشاھى ئالىيلىرى، ئەمەلىيەتتە مەن بۇرۇنلا شۇنداق بولۇپ بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۈنكى، مەن بىر پەيلاسوپ، جىمىكى مەۋجۇداتلاردا پەلسەپە بولىدۇ. جامائەتنىڭ ھەممىسى پەيلاسوپنىڭ كاللىسىدا بولىدۇ. بۇ سىزنىڭ بىلگەنلىرىڭىز بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىش!

قەلەندەرلەر پادىشاھىنىڭ قاپىقى تۈرۈلدى.

— سەن مېنى كىم چاغلاۋاتىسەن، بۇرادەر! سەن بۇ يەردە بىزگە ۋېنگىرىيەدىكى يەھۇدىيلارنىڭ قارا گېپىنى بىلجىرلاۋاتىسەنغۇ؛ مەن ئىبرانىي تىلىنى بىلمەيمەن. قاراقچى بولغانلىكەنسەن، دېمەك يەھۇدىي ئەمەس دېگەن گەپ! مەن ئوغرىلىق دېگەنلەرنى ياراتمايمەن، مەن مۇنداق ئىشلاردىن ئاللىقاچان قولۇمنى يۇيۇۋەتكەن، ئادەم ئۆلتۈرۈش، كاللا كېسىش دېگەنلەر مېنىڭ ئىشىم؛ ھەميان ئوغرىلايدىغان ئىشنى قىلمايمەن!

قەلەندەرلەر پادىشاھىنىڭ ئاچچىقى كەلدى بولغاي، سۆزلىرى بارغانسېرى ئۈزىراپ، قولاشماي كەتتى.

گرىنگورى كەچۈرۈم سوراشقا ئالدىراپ، ئىچى تىت ـ تىت بولدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، ھەزرەتلىرى! بۇ ئىبرانىي تىلى ئەمەس، لاتىن تىلى!

— ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مەن يەھۇدىي ئەمەس، — كلوپىن ئاچچىقىدىن چىچاڭشىپ كەتتى، — سېنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمىسەم بولمىغۇدەك، بەچچىغەر! يەنە تېخى سېنىڭ يېنىڭدىكى ۋەيران بولغان سودىگەر قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئاۋۇ يەھۇدىيمۇ بار، ھامىنى بىر كۈنى ئۇنىمۇ دۇكاننىڭ پوكىيىگە يارماقنى مىخلىغاندەك مىخلىۋەتمەيدىغان بولسام!

كلوپىن سۆزلەۋېتىپ ساقىلى ئۆسۈپ كەتكەن ۋېنگىرىيەلىك پاكىنەك يەھۇدىينى ئىما قىلدى. ئۇ دەل لاتىن تىلىدا «رەھىم قىلىپ ئاتىغىنىڭلارنى بېرىڭلار!» دەپ، گرىنگورىنى گەپكە سالغان ھېلىقى قەلەندەر ئىدى. ئۇ باشقا ھەرقانداق تىلدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، قەلەندەرلەر پادىشاھىنىڭ مۇنچىۋالا چىچىلىپ كېتىشلىرى ئالدىدا ئۆزىنى يوقىتىپ قويغۇدەك ھالغا

يەتتى.

كلوپىن ھەزرەتلىرى ئاخىر تىنچىدى.

— مۇتتەھەم! — دېدى ئۇ بىزنىڭ شائىرغا چالۋاقاپ، — سەن قەلەندەر بولۇشنى راستىنلا خالامسەن؟

— ئەلۋەتتە، — شائىر جاۋاب قايتۇردى.

— خالىغان بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ، — ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان كلوپىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ياخشى ئارزۇ - ئۈمىد كەچلىك تاماقتىكى بىر تال غولپىيازچىلىكمۇ نەپ بەرمەيدۇ. پەقەت جەننەتكە كىرىدىغان چاغدىلا ئاز - پاز ئەسقاتىدۇ. لېكىن، جەننەت بىلەن قەلەندەرلەر دۆلىتى بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ئىككى دۇنيا. ئەگەر توپقا قېتىلغۇڭ كەلسە، ئالدى بىلەن قولۇڭدىن نېمە ئىش كېلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىڭ كېرەك. ھەميان ئوغرىلاشنى ئىسپاتلاپ بېرەلەمسەن؟

— سىلەرگە نېمە لازىم بولسا، شۇنى ئوغرىلاپ بېرىمەن، — دېدى گرىنگورى.

كلوپىننىڭ قول ئىشارىتى بىلەن دائىرىدىن چىققان بىرنەچچە قەلەندەر ئاستى تەرىپى كەڭ تاختاي بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان ئىككى قوزۇقنى كۆتۈرگەن پېتى بىردەمدىلا قايتىپ كەلدى. ئۇلار ئىككى قوزۇقنى يەرگە مىدىرلىمايدىغان قىلىپ توختىتىپ، ئۈستىگە توغرا لىمدىن بىرنى قويدى. قارىماققا يۆتكەشكە قولايلىق بىر دار پەيدا بولدى. گرىنگورىنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئەمدىلىكتە ھېچ نەرسە كەمچىل ئەمەستەك قىلاتتى. ھەتتا بويۇنغا سالىدىغان سىرتماقمۇ توغرا لىمنىڭ ئۈستىدىن ساڭگىلاقلىق ئىدى.

«ئۇلار زادى نېمە قىلماقچى؟» گرىنگورى دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويدى. دەل شۇ چاغدا كىچىك كولدۇرمىلارنىڭ جىرىڭشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. گرىنگورىنىڭ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالغان يۈرىكى يەنە ئۆز ئورنىغا چۈشتى.

تىلەمچىلەر ئۆزلىرى ياساپ چىققان يالغان ئادەمنى بوينىغا سىرتماق سېلىپ بىردەمدىلا ئېسىۋەتتى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ قۇشقاچلارنى قورقۇتىدىغان قارانچۇق ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. قارانچۇقنىڭ ئۇچىسىغا شەلپەر رەڭ كىيىم كىيدۈرۈلگەن، ئۇنىڭغا كاستىلىيان ① دېكى ئوتتۇز قېچىرغا يەتكۈدەك كىچىك كولدۇرمىلار ئېسىلغانىدى. ساناپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ كىچىك كولدۇرمىلار سىرتماقنىڭ مىدىرلىشىغا ئەگىشىپ جىرىڭلايتتى، بارا - بارا ئاجىزلاپ، ئاخىر تىمتاس بولۇپ قالاتتى. قارانچۇقمۇ سائەتنىڭ مایاتنىكىدەك ئاستا - ئاستا توختايتتى.

كلوپىن قارانچۇقنىڭ پۇتى ئاستىدىكى بۇزۇق ئورۇندۇقنى گرىنگورىغا شەرەت قىلدى.

— ئۇستىگە چىق !

— ئۆلدۇمغۇ ! — دېدى شائىر، — يىقىلىپ چۈشسەم بوينۇم ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك ! بۇ ئورۇندۇق مارتىيا ② نىڭ ئىككى مىسرالىق شېئىرلىرىغا نېمانچە ئوخشايدۇ، بىر پۇتى بەش بوغۇم، بىر پۇتى ئالتە بوغۇم، مېيىپنىڭ ئۆزىلىغۇ !

— ئورۇندۇققا چىق ! — كلوپىن بۇيرۇقنى يەنە بىر تەكرارلىدى.

گرىنگورى ئورۇندۇققا چىقتى، بېشى بىلەن ئىككى بىلىكى بىرنەچچە قېتىم ئىرغاڭلىغاندىن كېيىن مىڭ تەستە چىڭ تۇرۇۋالدى.

— ئەمدى، — دېدى قەلەندەرلەر پادىشاھى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئوڭ پۇتۇڭنىڭ بىغىشى بىلەن سول پۇتۇڭنى ئىلمەكلە، ئاندىن سول پۇتۇڭنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۆرە بول.

— جانابلىرى، — دېدى گرىنگورى، — سىز مېنى يىقىلىپ

---

① كاستىلىيان — ئىسپانىيەدىكى بىر شەھەر.

② مارتىيا (تەخمىنەن مىلادىيەنىڭ 40 — 104 - يىللىرى) — قەدىمكى رىم شائىرى.

مېيىپ بولۇپ قالسۇن دېمەيدىغانسىز؟
كلوپىن بېشىنى چايقىدى.
— ئاڭلاپ تۇر، ئاغىنە، گېپىڭ بەك جىق بولۇپ كەتتى. ئىككى ئېغىز لا گەپ قىلساڭ كۇپايە. مېنىڭ دېگىنىمدەك قىل، پۇتۇڭنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇر، شۇنداق قىلساڭ قارانچۇقنىڭ يانچۇقىغا قولۇڭنى يەتكۈزەلەيسەن، ئوبدان ئاختۇرۇپ، ھەمىيانىنى تارتىپ چىقار. قىلالىساڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە كولدۇرمىلار جىرىڭلاپ كەتمىسە، تىلەمچى بولغىنىڭ شۇ. ئاندىن سېنى بىر ھەپتە دۇمبالايمىز، شۇنىڭ بىلەن ئىش تۈگەيدۇ.
— ئاھ، تەڭرىم! بۇنىڭغا مەن بىرنېمە دېيەلمەيمەن، — دېدى گرىنگورى، — ناۋادا مەن كولدۇرمىنى جىرىڭلىتىۋەتسەمچۇ؟
— دارغا ئېسىلىسەن، بىلدىڭمۇ؟
— ئازراقمۇ چۈشىنەلمىدىم! — دېدى گرىنگورى.
— يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي. سەن قارانچۇقنىڭ بەدىنىنى سىلاشتۇرۇپ، ھەمىيانىنى قولۇڭغا ئېلىشىڭ لازىم. ئەگەر بىرەر كولدۇرمىنى جىرىڭلىتىۋەتسەڭ چوقۇم دارغا ئېسىلىسەن، چۈشەندىڭمۇ؟
— چۈشەندىم، — دېدى گرىنگورى، — ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
— ناۋادا ھەمىيانىنى ئالالىساڭ، كولدۇرمىمۇ جىرىڭلاپ كەتمىسە، يانچۇقچى بولغىنىڭغا ھېساب! لېكىن، بىز سېنى ساق بىر ھەپتە دۇمبالىشىمىز كېرەك، ئەمدى بىلدىڭمۇ؟
— يوقسۇ، ھەزرەتلىرى، مەن تېخىمۇ گاڭگىراپ قېلىۋاتىمەن، دارغا ئېسىلمىغان تەقدىردىمۇ بىر ھەپتە تاياق يەيدىكەنمەن، بۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟
— يانچۇقچى بولىسەن دېدىمغۇ! يانچۇقچى بولۇش ئۇچۇن ئازراق تاياق يېسەڭ يەنىلا چىقىش قىلىدۇ ئەمەسمۇ! بىز سېنى قامچىلىساق ئۆزۈڭگە ياخشى، بەرداشلىق بېرەلىگەن بولىسەن! — دېدى كلوپىن تولۇقلاپ.
— مىڭ تەشەككۇر! — دېدى شائىر جاۋاب بېرىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھەي، چاققان بول ! — كلوپىن توۋشنى تېپىپ داراڭشىتۋەتتى، — قارانچۇقنى سىلاپ باق. يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ قويای، ئىشنى پۇتكۇزگەن تەقدىردىمۇ، بىرەر - بېرىم كولدۇرمىنىڭ جىرىڭلىغىنىنى ئاڭلاپ قالىدىغان بولسام، قارانچۇقنىڭ ئورنىغا ئۆزۈڭ چىقىسەن !

كلوپىننىڭ سۆزلىرى قەلەندەرلەر پادىشاھلىقىنىڭ پۇقرالىرىغا بەك ياراپ كەتتى بولغاي، ئالقىش سادالىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئۇلار دارنى چۆرىدەپ، گىرىنگورىغا ئىچ ئاغرىتىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قاقاقلاپ كۈلۈشتى. گىرىنگورى ئۆزىنىڭ ئۇلارغا ئەرمەك بولۇۋاتقانلىقىنى ئاخىر ھېس قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن ھوشيار بولۇش لازىملىقىنى بىلدى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇ جىمىكى خام خىيالدىن ۋاز كېچىپ، كۆز ئالدىدىكى جاپالىق ۋەزىپىنى تاسادىپىي ھالدا بولسىمۇ ئورۇنلاشقا بەل باغلىدى ۋە تەۋەككۈل قىلىپ بىر ئېيتىشىپ باقمايمۇ دېگەن يەرگە كەلدى. ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن قارانچۇق بولۇپ تۇرغان يالغان ئادەمدىن ئۆزىگە مەدەت تىلىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ قارانچۇق يالغان ئادەمدىكى ئادەمگەرچىلىك تىلەمچىلەرگە قارىغاندا جىقراقتەك قىلاتتى. تىلىنى ساڭگىلىتىپ تۇرغان كولدۇرمىلار ئۇنى چىقىشۋېلىش ئۇچۇن ۋىشىلداپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان زەھەرلىك يىلانلارغا ئوخشايتتى.

— ئاھ، — دەۋەتتى گىرىنگورى پەس ئاۋازدا، — مېنىڭ ھاياتىم مۇشۇ كولدۇرمىلارنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلاپ كېتىشىگە باغلىق بولۇپ قالغان بولسا - ھە ! — ئۇ ئىككى قولىنى جۈپلەپ، — كولدۇرمىلار، جىرىڭلاپ سالماڭلار، ھەرگىز جىرىڭلىماڭلار ! — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇ تېخىچە كلوپىننى بىرنەرسە دېگۈزۈش خىيالىدا ئىدى.

— تۇيۇقسىز شامال چىقىپ كەتسىچۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— شۇنداق ئەھۋال يۈز بەرسىمۇ دارغا ئېسىلىسەن ! —

كەسكىن جاۋاب بەردى كلوپىن.

گرىنگورىنىڭ جازانى كېچىكتۈرۈش، جازانى قىسقارتىش ياكى بۇ جازادىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىنىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، قەتئىي نىيەتكە كەلدى - دە، ئوڭ پۇتىنىڭ بېغىشى بىلەن سول پۇتىنىڭ پاچىقىنى ئىلمەكلىدى، ئاندىن سول پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، بىر قولىنى يۇقىرى ئۇزارتتى. لېكىن، قولىنى ھېلىقى يالغان ئادەمگە ئەمدى تەگكۈزۈشكە، ئۇچ پۇتلۇق ئورۇندۇقتا تۇرغان بەدىنى ئىختىيارسىز ھالدا تەۋرەپ كەتتى، ئۆزىمۇ تۇيمىغان ھالدا قارانچۇقنى تۇتۇپ سالدى - دە، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ، پالاققىدە يىقىلىپ چۈشتى. مىدىرلاپ كەتكەن قارانچۇقمۇ ئىككى قوزۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا لەپەڭشىپ جىم تۇرمىدى. ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان كولدۇرمىلاردىن قۇلاق - مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك ئاۋاز چىقتى.

— نەس باستى! — گرىنگورى يىقىلىۋاتقان چاغنىڭ ئۆزىدىلا ۋارقىراپ تاشلىدى، ئۆلگەن ئادەملەردەك يەرگە چاپلىشىپ، مىدىر - سىدىر قىلمىدى.

ئۇ بېشى ئۈستىدىكى كولدۇرمىلارنىڭ جىرىڭلىغىنىنى ئاڭلىدى، تىلەمچىلەرنىڭ ئالۋاستىدەك سەت كۈلگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى، كلوپىن تروللېفنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

— بۇ خۇنپەرنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ چىڭ ئېسىۋېتىڭلار!

تىلەمچىلەر گرىنگورىنى سۆرىدى، ئۇلار ھېلىقى قارانچۇقنى بالدۇرلا ئېلىۋېتىپ، گرىنگورىنى ئاسىدىغان يەرنى بىكارلاپ بولغانىدى.

قەلەندەرلەر پادىشاھلىقىدىكى ئادەملەر ئۇنى ئورۇندۇققا چىقاردى. كلوپىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سىرتماقنى بوينىغا سالدى، ئاندىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى ۋە:

— خەير - خوش، ئاغىنە! رىم پاپاسىدەك تەلەيلىك بولۇپ كەتسەڭمۇ، يەنىلا قاچالمايدىغان بولدۇڭ! — دېدى.

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار! — گرىنگورى

www.uyghurkitap.com

ئېيتقۇسىز بىر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، يەنىلا بىرنەرسە دەپ باققۇسى كەلدى. ئۇ كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ تۆت ئەتراپىغا باقتى، ھەممە ئادەم ئۇچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشمەكتە، ئۆزىنىڭ ھايات قېلىشىدىن قىلچىمۇ ئۈمىد قالمىغاندەك ئىدى.

— بىللىۋگىنى دەيتوئىل، — قەلەندەرلەر پادشاھى ئېگىز بويلۇق بىر يانچۇقچىنى تۇۋلىدى، بۇ ئادەممۇ دەرھال ئالدىغا ئۆتتى، — لىمنىڭ ئۈستىگە چىق!

بىللىۋگىنى دەيتوئىل توغرا لىمغا شۇنداق چاققان ياماشتىكى، گرىنگورى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپلا ئۇنىڭ ئاللىقاچان لىمغا چىقىپ بولغانلىقىنى كۆردى.

— ئەمدى، — دېدى كلوپىن، — قىزىل يۇزلۇك ئاندىرى، ئالىقانلىرىمنى ئۈرۈشۈمغىلا سەن بېرىپ ئورۇندۇقنى تېپىۋەت؛ فرانس چانتې رى پرونې، سەن بېرىپ بۇ ئەبلەخنىڭ پۇتىدىن تارت؛ بىللىۋگىنى دەيتوئىل، سەن ئۇنىڭ گەجكىسىدىن تۇتۇپ پەسكە باس، ئۈچۈڭلار تەڭلا كۈچەپ ئىشنى تۈگىتىڭلار، ئېنىق ئۇقتۇڭلارمۇ؟

گرىنگورى لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— تەييار بولدۇڭلارمۇ؟ — دېدى كلوپىن تروللېف ئۈچ نەپەر تىلەمچىگە. ئۇلار خۇددى چېۋىنىنى كۆرگەن ئۆمۈچۈكتەك، گرىنگورىغا ئېتىلىشقا ئاراتلا تۇراتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىچارە گۇناھكار بىكاردىن - بىكار يەنە بىردەم قىينىلىدىغاندەك ئىدى. كلوپىن ئەكسىچە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، كۆيۈپ بولالمىغان بىرنەچچە تال ئوتۇننى ئوچاق تەرەپكە تېپىۋەتتى.

— تەييار بولدۇڭلارمۇ؟ — ئۇ يەنە بىر قېتىم سورىۋېلىپ، قولىنى سوزغىلى تەمشەلدى. بىر سېكۇنتتىن كېيىن ھەممە ئىش ئاخىرلىشاتتى.

لېكىن، كلوپىن خۇددى تۇيۇقسىزلا بىر ئىش يادىدىن كەچكەندەك، ئەمدىلەتىن سوزغان قولىنى شارتتىدە توختىتىۋالدى.

— تۇرۇپ تۇرۇڭلار ! — دېدى ئۇ، — ئۇنتۇغىلى تاس قاپتىمەن ... ئادەت بويىچە، بىرەر ئايال ئۇنىڭغا ياتلىق بولۇشنى خالامدۇ - يوق دېگەن سوئالنى سورىماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئەر كىشىنى دارغا ئېسىشقا بولمايدۇ. ئاغىنە، بۇ سەن ئۈچۈن ئاخىرقى پۇرسەت، بىرەر ئوغرى ئايالنى ئەمرىڭگە ئېلىشقا ئۇنىمىساڭ، ئۇ چاغدا سىرتماق بىلەنلا توي قىلىسەن !

بۇخېمىيەلىكلەرنىڭ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن بىمەنە تۇيۇلىدىغان بۇ قانۇنى ھېلىمۇ ھەم ئەنگلىيەنىڭ دىنىي قانۇنلىرىدا ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرۇۋاتىدۇ. «ۋىرىتېنىنىڭ كۆزىتىش دوكلاتى»نى كۆرسەك، بۇنى ئېنىق بىلىۋالالايمىز.

گرىنگورى «ئۇھ» ! دەپ تىنىۋالدى. بۇ ئۇنىڭ يېرىم سائەت ئىچىدە ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

— ۋاي - ۋۇي ! — كلوپىن تەختتە قايتىدىن ئولتۇردى، — بولدى، چوكانلار، قىزلار ! ئايال پېرىخونلاردىن تارتىپ ئۆلمىگۈر چىشى مۇشۇكلەر، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى قايسى جالاپنىڭ بۇ لايغەزەلگە خوتۇن بولغۇسى بار؟ كولىت لاشارون ! ئىلىزابېت تۇۋائىن ! سىمون يودوئىن ! مارىيە پىدىپ ! تونى لالونگى ! برناردى فانوئىل ! مىچېل گېنائىل ! كلاۋدې روك ئورىل ! ماتىرىنا گىرورى ! ئىسابىللاتىر ! ھەممىڭلار كېلىپ قاراپ بېقىڭلار ! بىر ئەرنى ھەقسىز بېرىۋېتىمەن، كىمگە لازىم؟

گرىنگورىنىڭ مۇشۇ ھالەتتە بىرەرىنى جەلپ قىلغۇدەك يېرى قالمىغانىدى. ئايال قەلەندەرلەر بۇ تەكلىپكە مىتمۇ قىلىپ قويمىدى.

— لازىمى يوق، كېرەك ئەمەس ! ئېسىۋېرىڭلار، كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالسا بولدى ! — دەپ ۋارقىراشتى ئۇلار. تەلىيى تەتۈر كېلىۋاتقان گرىنگورى ئۇلارنىڭ ۋارقىراشلىرىنىلا ئاڭلىدى، خالاس !

شۇنداقتىمۇ توپنىڭ ئىچىدىن ئۈچ نەپەر ئايال چىقىپ، ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

باش ـ ئايىغىغا سەپسالدى. بىرىنچىسى چاسا يۈز كەلگەن بودەك بىر قىز ئىدى. ئۇ گرىنگورىنىڭ يىرتىق چاپىنىغا زەن سېلىپ قاراپ چىقتى. چاپانىنىڭ تېشىلىپ كەتكەن يەرلىرى كاشتىدان پىشۇرىدىغان تاۋىنىڭ تۆشۈكىدىن قېلىشمايتتى. پوندىلەك قىز چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ غوتۇلدىدى:

— رەختىنىڭ پۈرۈچلىرىغۇ بۇ ! — شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا گرىنگورىغا قارىدى، — قالپىقىڭغا قاراپ باقاي !

— چۈشۈپ قالدى، — دېدى گرىنگورى.

— قۇلاقچاڭچۇ؟

— باشقىلار بۇلاپ كەتتى.

— كەشىڭچۇ؟

— چەمى ئۇپراپ كەتتى.

— پۇل قاپچۇقۇڭچۇ؟

— بىر تىيىنمۇ يوق، — دەپ جاۋاب بەردى گرىنگورى كېكەچلەپ.

— ئۇنداقتا سېنى دارغا ئاسسا بولغۇدەك، رەھمەت ئېيتىشنى ئېسىڭدىن چىقارما ! — پوندىلەك قىز گېپىنى تۈگىتىپ كەينىگە قايرىلدى.

يۈز ـ كۆزىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن، ئۆڭى كۆمۈرگە ئوخشاش قاپقارا، چىرايى تولىمۇ سەت، كۆرۈمسىز ئادەملەر توپلىشىپ قالغان مراكىل رايونىدىمۇ بەتبەشىرە ئادەملەرنىڭ بىرىنچىسى بولالايدىغان ئىككىنچى ئايال گرىنگورىنىڭ ئەتراپىدا بىرھازا ئايلاندى. گرىنگورى بۇ ئايالنىڭ ماڭا كۆزى چۈشۈپ قالامدۇ ـ نېمە دەپ بەك ئەنسىرىدى. كىم بىلسۇن، ئۇمۇ چىشىنى يېرىپ:

— ئۇرۇقلا نەرسىغۇ بۇ ! — دەپ قويۇپلا كېتىپ قالدى.

ئۈچىنچىسى تېرىلىرى يۇمران، چىرايى ئادەتتىكىدەك، خېلىلا قاملاشقان قىز ئىدى.

— مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ! — دەپ ئۆتۈندى گرىنگورى

زەئىپ ئاۋازدا.

قىز ئىچ ئاغرىتقاندەك بولۇپ، ئۇنىڭغا خېلى ئۇزاققىچە سەپسېلىپ قارىدى، ئاندىن يەرگە قاراپ، قولى بىلەن يوپكىسىنىڭ ئېتىكىنى تۈزەشتۈردى. قارىغاندا، ئۇ ئىككىلىنىۋاتقاندەك ئىدى. گرىنگورى ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئىدى.

— بولمىغۇدەك، — دېدى قىز ئاخىرىدا، — گۇئىللائۇم لونگىيودىن تاياق يەيدىغاندەك قىلىمەن ! — مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇپلا ئۇمۇ توپنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— بۇرادەر ! — دېدى كلوپىن، — سەن راستتىنلا بىتەلەي ئىكەنسەن !

مۇشۇ گەپتىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ تۈگىنىڭ ئۈستىدە ئۆرە بولدى ـ دە، كىمئارتۇق قىلىپ مال ساتىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ئاۋازىنى دوراپ ۋارقىرىدى:

— ئۇنىڭغا ئىگە بولىدىغان ئادەم يوقمۇ؟

ئادەملەرنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ ئۈچىيى ئۈزۈلگۇدەك كۈلدى.

— ئۇنى ئالىدىغانلار بارمۇ؟ بىر، ئىككى، ئۈچ !

كلوپىن دار تەرەپكە ئالدىنى قىلدى.

— پۈتتى ! — دېدى ئۇ.

بىللىۋىگنى دەيتوئىل، قىزىل يۈزلۈك ئاندىرى، فرانس چانتى پرونى ئۈچەيلەن شاپاشلىغان پېتى گرىنگورىنىڭ يېنىغا كەلدى.

دەل شۇ چاغدا قەلەندەرلەر پادىشاھلىقىنىڭ پۇقرالىرى گۈرۈلدەپ كەتتى.

— ئەسمېرالدا ! ئەسمېرالدا !

گرىنگورى تېنى جۇغىندە بولۇپ، قىيقاس ـ سۈرەن كۆتۈرۈلگەن تەرەپكە قارىدى. ئادەملەر ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ يولنى بىكارلىدى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىرەيلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

تۇپنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى.

بۇ بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال ئىدى.

— ئەسمېرالدا ! — دەۋېتىپ يۈرىكى ئويناپ كەتكەن گرىنگورى كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ سېھىرگەرلىكتەك بىلىنگەن بۇ ئىسىمنىڭ كۈندۈزى يۈز بەرگەن بىر تالاي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

بۇ ئەتىۋارلىق جانىۋار مىراكىل رايونىغا ئۆزىدىكى گۈزەللىك بىلەن جازىبىدارلىقىنى نامايان قىلغىلى كەلگەندەك ئىدى. دىمىسىمۇ شۇنداق، ئاۋۇ ئايال تىلەمچىلەر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قېقىپ قويغان قوزۇقتەك قىمىر قىلماي جىم تۇردى. ئۇلارنىڭ بەتبەشىرە چىرايى بۇ قىزنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن باشقىچە رەڭ تۇزدى.

ئۇ ئەسمېرالدا يەڭگىل قەدەم تاشلاپ، شۇنچىكى نازاكەت بىلەن جازالانغۇچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ھېلىقى چىرايلىق ئوغلاق گالىمۇ قىزغا ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. گرىنگورى بىشى قېيىپ، كۆزلىرى تورلاشقاندەك بولدى. ساھىبجامال قىز ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— سىلەر بۇ ئادەمنى دارغا ئاسماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى چىرايى جىددىي تۇس ئالغان قىز كلوپىندىن.

— شۇنداق، سىڭلىم ! — دېدى قەلەندەرلەر پادىشاھى، — ناۋادا سەن ئۇنىڭغا تېگىشىنى خالىساڭ، ئۇ چاغدا باشقا گەپ بولىدۇ !

ساھىبجامال ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ:

— مەن ئۇنىڭغا تېگىمەن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان گرىنگورى ئۆزىنىڭ ئەتىگەندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە راستىنىلا چۈش كۆرۈۋاتقىنىغا قەتئىي ئىشەندى. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇ يەنىلا چۈش كۆرۈۋاتاتتى.

ئۆزگىرىش گەرچە ئادەمنى ھاياجانغا سالغۇدەك تەسىرلىك

بولسىمۇ، لېكىن بەك تۇيۇقسىز يۈز بەرگەنىدى.

سىرتماق بوشىتىلدى، گرىنگورى ئورۇندۇقتىن پەسكە چۈشتى. ئۇ تاسادىپىي سادىر بولغان بۇ يېڭىلىق ئالدىدا گاڭگىراپ قالغانىدى. ئۇنىڭ روھىي ئالەمىدە شۇنداق كۈچلۈك زىلزىلە پەيدا بولدىكى، ئۇ بەرداشلىق بېرەلمەي لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

مىسىر كىنەزى لام - جىم دېمەيلا بىر ئىدىشنى كۆتۈرۈپ كەلدى. بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال ئۇنى گرىنگورىغا تەڭلىدى.

— يەرگە تاشلاڭ! — دېدى ئۇ.

ئىدىش چېقىلىپ تۆت پارچە بولۇپ كەتتى.

— ئىنىم، ئۇ ئەمدى سېنىڭ ئايالىڭ؛ سىڭلىم، ئۇ سېنىڭ ئېرىڭ. ئۆي تۇتۇش مۆھلىتى تۆت يىل بولىدۇ. مېڭىڭلار! — مىسىر كىنەزى ئىككى قولىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۇلارنىڭ پېشانىسىغا تەگكۈزدى.

## 7. توي كېچىسى

ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا، شائىر ئۆزىنى ئىشىك - دېرىزىلىرى ھىم ئېتىلگەن، ئەگمە تورۇسلۇق ئىسسىق بىر ئۆيدە كۆردى. بىرنەرسە ئېلىشقا ئەپلىك بولارمىكىن دەپ، يېمەك - ئىچمەك سېلىنىدىغان جاۋەننىڭ يېنىدىكى شىرەگە يېقىنراق ئولتۇردى. «جانغا ئارام بېرىدىغان بىر كارىۋات، مۇڭداشقىلى بولىدىغان بىر قىز بولغان بولسا» دەپ ئويلىدى ئۇ. بۈگۈنكى ئاجايىپ ئۇچرىشىش سېھىرلىك تۈس ئالغىنى ئۇچۇنمىكىن، ئۆزىنى ئەپسانىلەردىكى پېرسوناژغا ئوخشاتقۇسى كەلدى. ئىككى باشلىق يالماۋۇزنىڭ ئارىسىدىكى ئوچاقنىڭ ئۆز جايىدا ياكى ئەمەسلىكىنى بىلگۈسى كەلگەندەك، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ئەتراپىغا قارىدى. ئۇنىڭ خىيالىچە پەقەت ئوچاقتىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆكۈچ تۈتۈنلا ئۇنى جەھەننەمدىن جەننەتكە يولغا سېلىپ قويالايدىغاندەك ئىدى. شۇڭا، ئۇ رېئاللىقنى قولدىن بەرمەسلىك، بەھوش بولۇپ يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆچىسىدىكى كۆڭلەكنىڭ تۆشۈكىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى. مۇشۇ ئەسنادا تۇرلۇك - تۈمەن بەھۇدە خىياللار كۆڭلىدىن كەچتى، ھاياتلىقنىڭ جىمىكى ئۇمىدى پەقەت مۇشۇنداق قىلىشقىلا باغلىق بولۇپ قالغاندەك ئىدى.

ئالدىدىكى ياش قىز ئۇنىڭغا قاراپ قويايمۇ دېمەيتتى، قىز ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا توختىماي ماڭاتتى. بىردەم ئورۇندۇققا پۈتلىشىپ، ئۇنى ئۆرۈۋېتەتتى، بىردەم سۆيۈملۈك ئوغلىقى بىلەن بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى، تۇرۇپ - تۇرۇپ لەۋلىرىنى دومسايتىپ قوياتتى. ئۇ گىرىمگورىنى ئۆزگە قانغۇدەك قارىۋالسۇن دەپ ئويلىدىمۇ، شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، سىزنىڭمۇ باللىق چاغلىرىڭىز بولغان، ياكى بولمىسا تەلىيىڭىز ئوڭدىن كېلىپ، تا بۈگۈنگە قەدەر كىچىك بالىدەك تۇرۇۋاتىسەن. سەن چوقۇم ھاۋا ئوچۇق كۈنلەردە شىرىلداپ سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىغا نەچچە قېتىملاپ بارغان، توپ - توپ چاتقاللارنىڭ يېنىدىن نەچچە قېتىم ئۆتۈپ، گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلەۋاتقان، دەرەخلەرنىڭ ئۈچىدىن سۈركىشىپلا دېگۈدەك ئۆتۈۋاتقان ھاۋا رەڭ ياكى يېشىل يىڭناغۇچلارنى قوغلاپ ئوينىغان (ماڭا كەلسە، مەن باللىقىمنى كۈنبويى شۇنداق ئۆتكۈزگەن، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ گۈزەل مىنۇتلار ئىدى). قۇيۇنغا ئوخشاش غۇيۇلداپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان بۇ كىچىك جانىۋارنىڭ تىنىمسىز پىلدىرلاۋاتقان، تۇتقىلى بولمايدىغان بىغىر رەڭ قاناتلىرىنى ئىچ - ئىچىڭدىن سۆيۈنۈپ، دىققەت - ئېتىبارىڭ بىلەن تاماشا قىلغانلىرىڭ چوقۇم يادىڭدىن چىقمىدى. ئۇچۇشنى بىلىدىغان بۇ جانىۋار شۈنچىلىك خىيالىي، گىرىمسەن، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان، كۆرگىلىمۇ بولمايدىغان، تۇتقىلىمۇ بولمايدىغان نەرسىدەك ئىدى. لېكىن، ئۇ

ئاخىرىغا كېلىپ بىر تال گۈلنىڭ شېخىغا قونغاندا، سەن دېمىگىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ بىر جۈپ نېپىز قانىتىغا، پارقىراق، سىلىق تونى بىلەن خىرۇستالدەك سۈزۈك كۆزلىرىگە تۈجۈپىلەپ زەن سالاتتىڭ، ھەيرانۇھەس بولاتتىڭ، ئۇنىڭ قاراڭغۇلۇق قوينىدا يەنە بىر قېتىم غايىب بولۇپ كېتىشىدىن، پايانى يوق ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتىڭ. ئەگەر سەن مۇشۇ تاتلىق تۈيغۇلارنى قايتا ئېسىگە ئالالىساڭ، گىرىنگورىنىڭ ئەسمىرالداغا شۇنچە ئەستايىدىل، ئىنچىكىلەپ سەپسېلىۋاتقاندىكى ھېسسىياتىنى ئوڭايلا پەرەز قىلالايتتىڭ. بۇ سىلاپ باققىلى، شۇنداقلا كۆرگىلى بولىدىغان بەدەن ئىدى. لېكىن، گىرىنگورى بۇ بەدەننى ئىلگىرى پەقەت ئۇ پىرقىراپ ئۇسسۇل ئوينىغاندىلا كۆرگەنىدى.

گىرىنگورى چوڭقۇر قوينىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدىلا ئۇيقۇدىن ئويغانغان ئادەمدەك قاپاقلىرىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى قىزغا قارىدى. ئاندىن ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىدى: «ئەجەبا! ھېلىقى ھەممەيلەن ‹ئەسمىرالدا› دەپ توۋلاپ يۈرگەن قىز مۇشۇمۇ؟ يولدىلا ئۇسسۇل ئوينايدىغان ئۇسسۇلچى! بۈگۈن چۈشتىن ئىلگىرى مېنىڭ تىياتىرىمنى قاپ بەلدىن ئۈزۈپ قويغان قىز مۇشۇغۇ! بۈگۈن كەچتە مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان قىزمۇ مۇشۇغۇ! ھەم تالانتلىق ئۇسسۇلچى، ھەم ماڭا شەپقەت قىلغان پەرىشتە! دېمىسىمۇ ئۇ نېمانچە چىرايلىق! ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، خەتەرلىك ئەھۋالدىمۇ ماڭا ئىگىدارلىق قىلغان بولسا كېرەك! —
گىرىنگورى تۇيۇقسىزلا ئېسىنى تاپقاندەك بولدى، خىيالىي تۈيغۇلارنىڭ قوينىدىن رېئاللىق دۇنياسىغا قايتتى، — لېكىن، ئۆزۈمنىڭ قاراپ تۇرۇپلا ئۇنىڭ ئېرى بولۇپ قالغانلىقىمنى چۈشەنمەيۋاتىمەنغۇ!»

ئۇ تولا ئويلاپ كاللىسى قوچۇلۇپ كەتتى، كۆزلىرىدىن ھەۋەس ئۇچقۇنى چاقنىغاندەك بولدى، ئاستا مېڭىپ قىزغا

يېقىنلاشتى. چىرايىغا جىددىيلىك يۈگۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن شەرم ـ ھايانى قولدىن بەرمىدى. بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال قورقۇپ كېتىپ كەينىگە داجىدى.

— نېمە قىلاي دەيسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ زەردە بىلەن.

— سۆيۈملۈك ئەسىرالدا، سىز ماڭا نېمىشقا مۇنداق سوئال قويىسىز، — گرىنگورى شۇنداق ھاياجانلانغاندىكى، قىلغان گېپىدىن ئۆزىمۇ ھەيران بولدى.

— نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى بىلمىدىم، — بۇخېمىيەلىك قىزنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— بۇ قانداق گەپ؟ — گرىنگورى بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى مىراكىل رايونىدىكى قائىدە ـ يوسۇننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىلا قالغانىدى، — ئەجەبا، مەن سىزگە مەنسۇپ ئەمەسمۇ، سۆيۈملۈك دوستۇم! سىزمۇ ماڭا تەئەللۇق ئەمەسمۇ؟

گرىنگورى شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ئۆزىنى باسالمىدى بولغاي، قىزنى قۇچاقلىۋالدى.

بۇخېمىيەلىك ساھىبجامال خۇددى يىلانبېلىقىدەك چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قۇچىقىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇ بىرلا تاقلاپ ئۆينىڭ يەنە بىر بۇرجىكىگە باردى ـ دە، بېلىنى ئەگكەندەك بولۇپ، ئارقىدىنلا ئۆزىنى رۇسلاپ ئۆرە بولدى. ئۇ قولىدا ئۆتكۈر بىر خەنجەرنى سىقىملىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق تېز بولدىكى، گرىنگورى ئۇنىڭ خەنجەرنى نەدىن ئالغانلىقىنىمۇ كۆرەلمىدى. قىز ئاچچىقلاندى، جىلە بولدى، لەۋلىرىنى دومسايتتى، بۇرنىنىڭ چاناقلىرى مىدىرلىدى، ئىككى مەڭزى ئالمىدەك قىزاردى، كۆزىنىڭ قارىچۇقىدىن ئوت ياندى. ئوغلاق گالى بىرلا سەكرەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، گرىنگورى بىلەن ئېلىشىدىغان ئەلپازدا ئۇنىڭغا ئېتىلدى. چوقچىيىپ تۇرغان مۈڭگۈزى پارقىراپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىدا

يۈز بەرگەنىدى.

يىڭناغۇچ ھەرىگە ئايلاندى، ئەمدى ئادەمنى چېقىۋالسىلا بولاتتى.

بىزنىڭ پەيلاسوپ ئىبسەنگىرەپ، تۇرغان ئورنىدا داڭ قېتىپ قالدى، بىردەم ئوغلاققا، بىردەم قىزغا كۆز يۈگۈرتتى.

— كېرەملىك بۇۋى مەريەم! ھازازۇل خوتۇندىن بىراقلا ئىككىسى پەيدا بولدىغۇ! — گاڭگىراپ قالغان گرىنگورى ئاخىر ئېغىز ئاچتى، — ئىككىلىسى بىشەم خوتۇنلاردىن ئىكەنغۇ!

بۇخېمىيەلىك ساھىبجامالمۇ قاراپ تۇرىۋەرمىدى.

— جەزم قىلىمەنكى، سىز ئۆتۈپ كەتكەن ساراڭ ئىكەنسىز!

— كەچۈرۈڭ، خان قىز، — گرىنگورى كۈلۈمسىرىدى، — ئۇنداقتا سىز نېمىشقا ماڭا ياتلىق بولۇشنى خالاپ قالدىڭىز؟

— ئەجەبا، مەن سىزنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كېتىشىڭىزگە قاراپ تۇرسام بولارمىدى؟

— دېمەك، — شائىر گېپىنى داۋام قىلدى، چۈنكى مۇھەببەت توغرىسىدىكى خىيالىي تۇيغۇ ئۇزۇل - كېسىل بەربات بولغانىدى، — سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قويۇش ئۈچۈنلا مەن بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بوپتىكەنسىز - دە؟

— سىز مېنى باشقا خىيالى بار دەپ ئويلاپ قالغانمىدىڭىز؟

— بوپتۇ، — گرىنگورى لېۋىنى چىشلىدى، — مەنغۇ مۇھەببەت ئىلاھى يۈپىتېر تەرەپتىن ئالغاندا تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ باققان ئادەم ئەمەس. بىراق، ئىدىشنى يەرگە تاشلاپ چۇل - چۇل قىلىۋەتكەنىنىڭ نېمە پايدىسى بولدى؟

شۇ تاپتا ئەسمېرالدا بىلەن ئوغلاق ھەر ئىككىسى ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىدىغان قىياپەتتە ئىدى، بىرى قولىغا خەنجەر ئالغان، بىرىنىڭ مۈڭگۈزلىرى دىڭگايغانىدى.

— ئەسمېرالدا خان قىز، — دېدى شائىر، — يارىشىپ قالايلى. سىز خۇپپىيانە ھالدا خەنجەر ئېلىپ يۈرسىڭىز بولمايدۇ. بۇ گۇبېرناتورنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىغا خىلاپ، سىز بىلمەيدىغان

www.uyghurkitap.com

يەردە ئەمەس، بىر ھەپتە بۇرۇن نوئىل لىسكىرىۋائىن يېنىدا خەنجەر ئىلىپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن بەش - ئون سو جەرىمانە تۆلىدى. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، شۇنىڭغا ھۆددە قىلىمەنكى، سىزنىڭ ماقۇللۇقىڭىزنى ئالماي تۇرۇپ سىزگە قول تەگكۈزمەيمەن. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، سىز ماڭا ئازراق كەچلىك تاماق بەرگەن بولسىڭىز!

راستىنى ئېيتقاندا، گرىنگورىمۇ دېسپرېئو ① ئەپەندىگە ئوخشاش ئۇنداق خوتۇنپەرەس ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنى نارەسىدە قىزلارغا پايلاپ تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىدىغان رىتسار ياكى ئۇۋچى دېيىشكە تېخىمۇ بولمايتتى. ئۇ مۇھەببەتكە نىسبەتەن خۇددى باشقا ئىشلارغا مۇئامىلە قىلغان چاغدىكىدەك پۇرسەت كۈتۈشكە ئامراق، قارشى تەرەپ بىلەن بەلگىلىك ئارىلىق ساقلىيالايدىغانلاردىن ئىدى. بولۇپمۇ قورسىقى ئېچىپ ئۈچيى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالاي دەۋاتقاندا بىر ۋاخلىق كەچلىك غىزانىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىرايلىق بىر قىزنىڭ ھەمراھ بولۇشى ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى مۇھەببەتتىكى تاسادىپىيلىق تەسۋىرلىنىدىغان دىرامىلاردا بولىدىغان مۇقەددىمە بىلەن خاتىمە ئارىلىقىدىكى بىر ئابزاس تاتلىق لىرىك چېكىنىش ئىدى.

شىرە ئۈستىگە بىردەمدىلا بىر پارچە بولكا، بىر پارچە تۇزلانغان چوشقا گۆشى، قورۇلۇپ كەتكەن بىرنەچچە تال ئالما بىلەن بىر بوتۇلكا پىۋا تىزىلدى. گرىنگورى ئالدىدىكى نەرسىلەرنى ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرىدەك چاينىمايلا يۇتقىلى تۇردى. ۋىلكا بىلەن تەخسىلەرنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلۇپ جاراڭلىشى ئۆينى بىر ئالدى. قورساقنى تويدۇرۇش ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ ئورنىغا ئۆتكەنىدى.

ھېلىقى چىرايلىق قىز گرىنگورىنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ تاماق يېيىشىگە لام - جىم دېمەي قاراپ تۇردى. بۇ چاغدا

① دېسپرېئو (1636 — 1711) — فرانسىيەلىك شائىر، ئوبزورچى.

ئۇنىڭ باشقا بىر ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپلا كۇلۇمسىرەپ قوياتتى، ئايىغى تۇۋىدە تۇگۇلۇپ ياتقان ئوغلاقنىڭ بېشىنى سىلايتتى.

گۇگۇم قويىنىدىكى شام تاماقنى ئاچ قالغان بۆرىدەك يېيىش بىلەن خىيالىي تۇيغۇ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بۇ مەنزىرىگە يورۇق چاچاتتى. قورسىقى تويغان گرىنگورى شېرەدە پەقەت بىرلا ئالمىنىڭ ئېشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇڭايسىزلانغاندەك بولدى.

— ئەسمېرالدا خان قىز، — دەپ سورىدى ئۇ، — سىز يېمەمسىز؟

قىز بېشىنى چايقاپ، خىيالچان كۆزلىرى بىلەن ئۆينىڭ تورۇسىغا قارىدى.

«ئۇ نېمىنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ — گرىنگورى قىزنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى قىياس قىلغاچ ئۇ قاراۋاتقان تەرەپكە كۆز يۇگۇرتتى، — تورۇستىكى ئاۋۇ بەتبەشىرە تاش ئويما ئۇنى مۇنچىلىك مەپتۇن قىلمايۋاتقاندۇ، سەتلىكىنى قارىمامدىغان! ئۆزۈمنى ئۇنىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقامدىمەن يا!»

گرىنگورى گېلىنى قىرىپ قويدى.

— ئەسمېرالدا خان قىز!

قىز ھېچنېمىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك ئىدى.

— ئەسمېرالدا خان قىز! — گرىنگورى ئاۋازىنى بەكرەك چىقىرىپ توۋلىدى.

بۇ توۋلاشمۇ بىكار كەتتى. قىزنىڭ كۆڭلى باشقا يەردە ئىدى. گرىنگورىنىڭ ئاۋازىدا قىزنى ئۆزىگە قارىتالىغۇدەك جەلپكارلىق يوق ئىدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە يەنىلا ھېلىقى ئوغلاق ئىگىسىنىڭ يېشىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس تارتىپ، ئۇنىڭ تاتلىق خىياللىرىغا بەرھەم بەردى.

— ساڭا بىرنەرسە لازىممۇ، گالى؟ — ئەسمېرالدا خۇددى كۆرۈۋاتقان چۈشىدىن تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر خىيال ئىچىدە گاللىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

— قورسىقى ئاچتى، — دېدى گرىنگورى بۇ گەپنى جايىدا قىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ.

ئەسمېرالدا بولكىنى ئۇشتۇپ، بىر پارچىسىنى ئالقىنىغا قويدى. خۇشال بولغان گاللىنىڭ كالتە قۇيرۇقى لىكىلداپ كەتتى.

قىزنىڭ قانداقتۇر بىر خىيال بىلەن داۋاملىق بەند بولۇشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك، دەپ ئويلىغان گرىنگورى دادىللىق بىلەن ئىنتايىن بىر نازۇك مەسىلىنى تىلغا ئالدى.

— مېنىڭ سىزنىڭ ئېرىڭىز بولۇشۇمنى خالىمامسىز؟

— ياق، — دېدى قىز ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ.

— ئاشىقىڭىز بولسامچۇ؟

— ياق، — قىزنىڭ كالپۇكلىرى دومسايدى.

— دوستىڭىز بولسام قانداق؟ — دېدى گرىنگورى.

قىز ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي، سەل - پەل ئويلىنىپ قالدى.

— ئېھتىمال شۇنداق بولار !

«ئېھتىمال» دېگەن بۇ سۆز گرىنگورى ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئۇنىڭغا جان كىرگەندەك بولدى.

— دوستلۇقنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىز؟

— بىلىمەن، — دېدى بۇخېمىيەلىك قىز، — دوستلۇق دېگەن ئاكا - سىڭىللارچە ھېسسىيات، ئۇ قولنىڭ ئىككى بارمىقىغا ئوخشايدۇ، بىر - بىرىگە تېگىشىپ تۇرىدىغان، لېكىن بىرلىشەلمەيدىغان روھ !

— مۇھەببەتچۇ؟

— ئاھ، مۇھەببەت ! — قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، كۆزلىرىدىن نۇر چاقنىدى، — ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرىكىپ بىر ئادەم بولۇشى. بىر يىگىت بىلەن بىر قىزنىڭ ۋىسال

شادلىقىغا چۆمۈپ پەرىشتىگە ئايلىنىشى. ئۇ دېگەن بىر جەننەت!

كوچىدا ئۇسسۇل ئوينايدىغان بۇ قىزنىڭ چىرايى مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشۇ ھالىتىدىن گرىنگورى ئىنتايىن تەسىرلەندى. قىزنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ شەرقلىقلارغا خاس مەردانىلىك يېغىپ تۇرغان سۆزلىرى بىلەن ئاجايىپ ماسلاشقانىدى. ئۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى، قىزىلگۈلدەك غۇبارسىز لەۋلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس مىدىرلىدى، يارىشىملىق، كىر قونمىغان پېشانىسى كۆڭلىدىكى تاتلىق خىياللاردىن سىرلىق تۇس ئالدى، بوشقىنا پۈۋلەپ قويۇش بىلەن تەڭلا بىر قەۋەت نېپىز مانان قالغان ئەينەكتەك جىلۋىلەندى. ئۇنىڭ ھەم قويۇق، ھەم قارا قاشلىرى ئاستىدىن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل نۇر چاقنىدى. بۇ نۇر ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئۆزگىچە رەڭ بەرگەندەك، ئۇنى تېخىمۇ نازاكەتلىك قىلىپ قويىدى. خۇددى رافائېل ① بۇۋى مەريەمنىڭ رەسىمىنى سىزغاندا ئويلىغاندەك مەسۇم قىزلاردىلا بولىدىغان پاكلىق، ئانىلاردىلا بولىدىغان مېھرىبانلىق، ئىلاھلاردىلا بولىدىغان مەنىۋى جەلپكارلىق بىر گەۋدىگە مۇجەسسەم بولدى.

— قانداق ئادەم سىزنىڭ ياخشى كۆرۈشىڭىزگە نائىل بولالايدۇ؟ — گرىنگورى يەنە ئاسماقچىلاپ سورىدى.

— راۋرۇس ئوغۇل بالا!

— مەنچۇ، — دەپ سورىدى ئۇ، — مەن ھېساب ئەمەسمۇ؟

— بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن، قولىدا قىلىچ تۇتقان، ئۆتۈكىنىڭ ئۆكچىسى كەينىگە سېرىق رەڭ شپور بېكىتىلگەن ئەر!

— بولدى قىلىڭ، — دېدى گرىنگورى، — ئېتى بولمىسا ئوغۇل بالا ھېسابلانمامدۇ؟ كۆڭلىڭىز چۈشۈپ قالغان بىرەرى بارمۇ؟

---

① رافائېل (1483 — 1520) — ئىتالىيەلىك رەسسام، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئۈچ مەشھۇر زاتنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مۇھەببەتنى دەۋاتامسىز؟
— مۇھەببەت !
قىز ئىچىنى تىكىشىغاندەك بىردەم تۇرۇۋالدى. ئاندىن ئۆزگىچە تەلەپپۇز بىلەن جاۋاب بەردى:
— بۇ تەرىپىنى تېزلا ئايدىڭلاشتۇرىمەن !
— نېمىشقا بوگون كەچتە ئەمەس، — دېدى شائىر مۇلايىم ئاۋازدا، — ئۇ نېمىشقا مەن ئەمەس؟
— مەن پەقەت مېنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالالايدىغان ئوغۇل بالىغىلا كۆڭۈل بېرەلەيمەن.
گرىنگورى ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. بۇ گەپنىڭ ئىككى سائەت ئىلگىرىكى خەتەرلىك پەيتتە ئۇنىڭ مەيدىسىنى كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقالمىغانلىقىغا قىلىنىۋاتقان تەنە گەپ ئىكەنلىكىنى بىلدى. بوگون كەچتە يۈز بەرگەن باشقا قورقۇنچلۇق ئىشلاردىن ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولغان ھېلىقى ئەھۋال شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ پېشانىسىغا ياققىدە بىرنى ئۇردى.
— شۇنداق، — خان قىز. مەن گەپنى ئەسلىي مۇشۇ ئىشتىن باشلىسام بوپتىكەن. مېنىڭ بېپەرۋالىقىمنى ئەپۇ قىلىڭ. سىز كۋاسىمدونىڭ ئالىقىنىدىن قانداقلارچە قۇتۇلدىڭىز؟
بوخېمىيەلىك ساھىبجامالنىڭ تېنى جۇغىدە قىلىپ قالدى.
— ئاھ، قورقۇنچلۇق دومچەك ! — ئۇ قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇپ چىرقىراپ تاشلىدى، تىترەپ لاغىلداپ كەتتى، سوغۇق ئۇنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتۈۋاتقاندەك بولدى.
— بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بولدى، — دېدى گرىنگورى ئەزۋەيلەپ، — لېكىن سىز زادى قانداق قۇتۇلۇپ قالدىڭىز؟
ئەسمىرالدا كۈلۈمسىرىدى، ئۇھ تارتىپ خورسىندى، لېكىن گەپ قىلمىدى.
— ئۇ نېمىشقا سىزنىڭ پېيىڭىزگە چۈشىدۇ؟ — گرىنگورى گەپنى ئەگىتىپ، كونا خامانى قايتىدىن سورىغىلى تۇردى.
— بىلمىدىم، — دېدى قىز، ئۇ ياندۇرۇپلا گرىنگورىغا سوئال

قويدى، — بىراق سىزمۇ مېنىڭ پېيىمغا چۈشتىڭىزغۇ، سىز نېمىشقا شۇنداق قىلدىڭىز؟

— راست گەپنى قىلسام، — دەپ جاۋاب بەردى گرىنگورى، — مەنمۇ ھېچ بىلمىدىم!

ھەر ئىككىيلەن بىرھازاغىچە ئۈن چىقمىدى. گرىنگورى ۋىلكا بىلەن تەخسىنى ئۇرۇپ قويدى. قىز بەجايىكى تامنىڭ كەينىدىكى بىرنەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەك كۆلۈمسىرەيتتى. ئۇ بىردىنلا تازا ئېنىق ئۇقىلى بولمايدىغان ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى:

پەيلىرى رەڭدار كىچىك قۇش،
سۆكۈتكە چۆمگەندە، يەر ـ زېمىن ...

ئۇ بىردىنلا توختاپ، گالىنى سىلاپ قويدى.

— قولىڭىزدىكى بۇ ئەتىۋارلىق جانىۋار تولىمۇ چىرايلىق، — دېدى گرىنگورى.

— بۇ مېنىڭ سىڭلىم، — دېدى قىز.

— خەقلەر سىزنى نېمىشقا «ئەسمېرالدا» دەپ چاقىرىدۇ؟

— مەن بۇنى بىلمەيمەن!

— شۇنداقتىمۇ بىرەر سەۋەبى باردۇ؟

قىز مەيدىسىدىن تەسۋىگە ئۆتكۈزۈلگەن ئېللىپىس شەكىللىك چاققان بىر قاپچۇقنى چىقاردى. قاپچۇقتىن ئەتراپقا ئەنبەرنىڭ پۇرىقى تارقالدى. يېشىل يىپەك ياغلىققا ئورالغان بۇ قاپچۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياقۇتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر تال يېشىل رەڭلىك مارجان پاتۇرۇپ قويۇلغانىدى.

— مۇشۇنىڭ سەۋەبىدىنمىكىنتاڭ، — دېدى قىز.

گرىنگورى قاپچۇقنى ئېلىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزارتتى، قىز قولىنى شارتتىدە تارتىۋالدى.

— تەگكۈچى بولماڭ، بۇ دېگەن تىلتۇمار، سىز ئۇنىڭ سېھرىي كۈچىنى بۇزۇۋېتىسىز ياكى بولمىسا ئۇنىڭ سېھرىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

كۆچىدىن ئۆزىڭىزگە كۆڭۈلسىزلىك تېپىۋالىسىز.
شائىرغا بۇ ئىش بارغانسېرى قىزىق تۇيۇلدى.
— كىم بەرگەن؟
قىز بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، تىلتۇمارنى مەيدىسىگە سېلىۋەتتى. گرىنگورى يەنە بىرنەچچە ئىشنى سورىدى، لېكىن قىز پەرۋا قىلمىدى.
— «ئەسمېرالدا»نىڭ مەنىسى نېمە؟
— بىلمەيمەن!
— قايسى دۆلەتنىڭ تىلى؟
— مىسىرنىڭ تىلىغۇ دەيمەن.
— مېنىڭچىمۇ شۇنداقتەك قىلىدۇ، — دېدى گرىنگورى، — سىز فىرانسىيەلىكمۇ؟
— بىلمەيمەن.
— ئاتا ـ ئانىڭىز بارمۇ؟
قىز يەنە بىر قەدىمكى ناخشىنى باشلىۋەتتى:

دادىسى ئۇنىڭ قۇشلار ئىچىدە شاھ،
ئانىسى مۇناسىپ ھەمراھ بولۇشقا.
كۆۋەجىگەن سۇلاردىن ئۆتسەم،
كېمىلەر، قېيىقلار بىھاجەت ماڭا.
دادىسى ئۇنىڭ قۇشلار ئىچىدە شاھ،
ئانىسى مۇناسىپ ھەمراھ بولۇشقا.

— نېمىدېگەن چىرايلىق ناخشا، — دەۋەتتى گرىنگورى، — سىز فىرانسىيەگە نەچچە يېشىڭىزدا كەلگەن؟
— كىچىك چېغىمدىلا!
— پارىژغىچۇ؟
— ئۆتكەن يىلى. بىز پاپال دەرۋازىسىدىن شەھەرگە كىرىۋاتقاندا، بىر توپ تورغاي قومۇشلۇقتىن ئۇچۇپ چىقىپ

كۆككە كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ 8 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى. مەن بۇ يىل قىش پەسلىنى بەك سوغۇق بولغۇدەك دېگەنىدىم.

— دەرۋەقە ئۆتكەن يىلى قىشتا بەك سوغۇق بولغانىدى، — دېدى گرىنگورى گەپنىڭ ئۇزۇلۇپ قالمىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ، — مەنمۇ توختىماي قولۇمنى هورداپ، سوغۇق قىش پەسلىدىن ئاران ئۆتۈۋالغانىدىم. سىزدە ئالدىن كۆرەلەيدىغان تۇغما ئىقتىدار بار ئىكەن ـ دە؟

قىز بۇ گەپنىمۇ پىسەنتىگە ئالمىدى.

— ئۇنداق ئەمەس!

— سىلەر مىسىر كىنەزى دەپ ئاتىغان هېلىقى كىشى مۇشۇ رايوننىڭ كاتىپىشىمۇ؟

— شۇنداق.

— شۇ كىشى ئىككىمىزنىڭ نىكاھ مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلغانىدى، — دېدى شائىر قورۇنغان هالدا.

قىز ئادىتى بويىچە يەنە ئاغزىنى دومسايتىپ قويدى.

— مەن تېخىچە سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى بىلمىدىمغۇ؟

— مېنىڭ ئىسمىمنى دەمسىز؟ پېررې گرىنگورى!

— مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزدىنمۇ چىرايلىق يەنە بىر ئىسمنى بىلىمەن.

— سىز بەك يامان قىز ئىكەنسىز، — دېدى شائىر، — بىراق كارايىتى چاغلىق! قانداق قىلسىڭىز مەيلى، خاپا بولمايمەن. ئوبدانراق تونۇشساق مېنى ياقتۇرۇپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. سىز ماڭا شۇنچىۋالا ئىشىنىپ، ئۆزىڭىزنىڭ هاياتى هەققىدە سۆزلەپ بەرگەنىكەنسىز، مەنمۇ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي. سىز ئىسمىمنىڭ پېررې گرىنگورى ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز. مەن گونىس دېگەن جايدا پۇتۇكچى بولغان بىر ئىجارىكەشنىڭ ئوغلى. يىگىرمە يىل ئىلگىرى، پارىژ قەلئەسى قورشاۋغا ئېلىنغان چاغدا دادامنى بۇرگۇنىدىلا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. ئانامنى پىكاردلىقلار قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. شۇڭا، ئالتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېشىمدىلا يېتىم قالدىم، كېيىدىغان كەش يوق، شېغىل يوللاردا يالاڭ ئاياغ مېڭىپ كۈن ئۆتكۈزدۈم. ئالتە يېشىمدىن ئون ئالتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا قانداقلارچە هايات قالغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. مېۋە ـ چېۋە ساتىدىغان ئاياللار بىرەر ـ يېرىم تال قارا ئۆرۈك بېرەتتى. بولكا پىشۇرىدىغانلار بىرەر پارچە بولكا بېرەتتى. كەچ بولغاندا چارلىغۇچىلارنى تۇتۇۋېلىپ تۈرمىگە سولىۋېتەتتى، ئۇ يەردە شال پاخىلىنى تۆشەك قىلىپ بىر كېچىنى ئۆتكۈزەتتىم. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىمۇ مېنىڭ بوي تارتىپ، ياداڭغۇ ئادەم بولۇشۇمغا دەخلى قىلالمىدى. خۇددى هازىر سىز كۆرۈپ تۇرغانغا ئوخشاش. قىش پەسلىنى روهىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۈنگە قاقلىنىپ ئۆتكۈزدۈم، ساينت ژاندىكى گۈلخانىنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىمۇ گۈرۈلدەپ كۆيۈپ تۇرۇشى كۆلكىلىك بىر ئىش ئىدى. ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتاي دەپ ئويلىدىم، ھەر خىل كەسىپ بىلەن تىنىمسىز رەۋىشتە ئېتىنىشىپ باقتىم. ئەسكەر بولدۇم، لېكىن باتۇرلۇقۇم يېتەرلىك بولمىدى؛ موناخ بولدۇم، لېكىن تەقۋادارلىقىم يېتەرلىك بولمىدى؛ كۆرگۈلۈكۈمنى كۆردۈم. ھەممە نەرسىدىن ئۈمىدىمنى ئۈزگەندە، ياغاچچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ شاگىرت بولدۇم، لېكىن ئاجىز كېلىپ قالدىم. ئوقۇتقۇچى بولاي دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمەيتتىم. بۇنى ئەلۋەتتە باھانە دېيىشكە بولمايتتى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزۈمنىڭ ھېچقانداق ئىشقا يارىمايدىغانلىقىمنى بىلدىم. بىرەر ئىشنىمۇ ئەپلەشتۈرەلمىگەندىكىن شائىر بولغۇم كېلىپ قالدى. ئىككى جۈملە گەپنى قاپىيە بىلەن قۇراشتۇرسىلا، ھەرقانداق تېجىمەلمۇ شائىر بولالايتتى. ئوغرىلىق بىلەن جان باقىدىغان بىرنەچچە ئاغىنەم گۇرۇھقا قوشۇلۇشقا ئۈندىدى، لېكىن نېمىلا دېگەنبىلەن شائىر بولۇش ئوغرى بولغاندىن ياخشى ئىدى. تەلىيىمگە يارىشا، بىر كۈنى پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپى

كلاۋدې فروللوغا يولۇقۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا تولىمۇ ئېتىبار بىلەن قارىغاچقا، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا تايىنىپ قورسىقىمدا ئۆمىچى بار شائىرلاردىن بولۇپ قالدىم. لاتىن تىلىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئىگىلىدىم، سىسېرونىڭ دۇرۇتلىرىدىن تارتىپ سېلىپستىن مەزھىپىدىكى پوپلارنىڭ دۇئا كىتابلىرىغا قەدەر ھەممىنى بىلىدىغان دەرىجىگە يەتتىم، پېداگوگىكا، پوئېتىكا، فونېتىكا، ھەتتا كىمىياگەرلىكتەك ئەڭ يۇقىرى ئەقىل - پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان پەنلەرگىمۇ كۈچۈم يېتىدىغان بولدى. مەن يەنە بۈگۈن ئەتىگەن ئەدلىيە سارىيىنىڭ زالىدا ئوينالغان مىراكىل تىياتىرىنىڭ ئاپتورى. بۇ شېئىرىي تىياتىر جامائەتنىڭ قارشى ئېلىشىغا نائىل بولدى، يېنىشلاپ - يېنىشلاپ ياڭرىغان ئالقىش سادالىرى بىلەن كۆمۈلدى. مەن يەنە 1465 - يىلى كۆرۈنگەن غايەت زور قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز مەزمۇن قىلىنغان ئالتە يۈز بەت ئەتراپىدىكى چوڭ بىر ئەسەرنىمۇ يازدىم. باشقا مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ قولغا كەلتۈردۈم. ئىشچى بولدۇم، ژان مانگو زەمبىرىكىنى ياساشقىمۇ قاتناشتىم. خەۋىرىڭىزدە بولۇشى مۇمكىن. تۇنجى قېتىم سىناق قىلغاندا، زەمبىرەك ئوقى چارېنتون كۆۋرۈكىدە پارتلاپ، تاماشا كۆرۈۋاتقان يىگىرمە تۆت ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغانىدى. ئەمدى بۇ نىكاھقا قاراپ بېقىڭ، مەنمۇ ئوبدان جورا بولالايدىغان يەردە ئىدىم. ئاجايىپ ھۈنەرنى بىلەتتىم، بۇنى كېيىنكى كۈنلەردە ئوغلىڭىزغىمۇ ئۆگىتىپ قويالايتتىم. پارىژدىكى ئېپىسكوپنى دوراش دەيلى، قارىغىش تەگكۈر بۇ ساختىپەز سۇ چىغىرىقىدىن چىققان كاشىلىنى ئوڭلاپ قويماي، شامال تۈگمەن كۆۋرۈكىدىن ئۆتىدىغان يولۇچىلارنىڭ ئۈستىبېشىنى چىلىق - چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن يازغان مىراكىل تىياتىرىغا تۈزۈك ھەق بەرگەن بولسا، خېلى پۇللۇق بولۇپ قالغان بولاتتىم. ئاخىرىدا شۇنى دېگۈم بار. مەن سىزنىڭ تاپىلاشلىرىڭىزغا تولۇقى بىلەن ئىتائەت

www.uyghurkitap.com

قىلىمەن، جىسمىم، روھىم، بىلىمىم، ماقالىلىرىم ھەممىسى
سىز بىلەن بىللە ياشاشقا تەييار ! ناۋادا سىز ئەر ـ خوتۇن بولۇش
مۇۋاپىق دېسىڭىز، ئەر ـ خوتۇن بولايلى، ئاكا ـ سىڭىل بولۇش
مۇۋاپىق دەپ قارىسىڭىز، ئاكا ـ سىڭىل بولۇشۇپ ئۆتەيلى !
گرىنگورى جىمىپ قالدى. يۈرەك سۆزلىرىنىڭ ساھىبجامال
قىزدا قانداق ئىنكاس پەيدا قىلىدىغانلىقىنى كۈتتى. قىز كۆزىنى
يەردىن ئالماي جىم تۇراتتى.
ــــ فوبۇس، ــــ دېدى قىز ئاخىر پەس ئاۋازدا، ئاندىن شائىر
تەرەپكە قايرىلدى، ــــ فوبۇس دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟
گرىنگورى بايىقى گەپلىرىنىڭ بۇ سۆز بىلەن قانداق
مۇناسىۋەت بارلىقىنى چۈشەنمىدى. لېكىن، ئۇ ئۆز بىلىمىنى
كۆز ـ كۆز قىلىش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن رازى
ئىدى.
ــــ بۇ لاتىن تىلى، ــــ دېدى ئۇ كۆرەڭلەپ، ــــ قۇياش دېگەن
گەپ !
ــــ قۇياش، ــــ دەپ تەكرارلىدى قىز، ــــ ئۇ ئىنتايىن
كېلىشكەن بىر ئوقياچىنىڭ ئىسمى، ئۇ بىر ئىلاھ !
ــــ ئۇ بىر ئىلاھ ! ــــ مىسىرلىق قىز بۇ سۆزنى يەنە بىر
قېتىم تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدا قانداقتۇر بىر ئوي ـ خىيال،
بىر خىل ھېسسىيات باردەك قىلاتتى.
دەل مۇشۇ چاغدا قىزنىڭ چاچ قىسقۇچى يەرگە چۈشۈپ
كەتتى. گرىنگورى دەرھال ئېگىلىپ ئۇنى ئالدى. لېكىن،
قەددىنى رۇسلاپ ئۆرە بولغاندا قىزمۇ، ئوغلاقمۇ غايىب
بولغانىدى. ئىشىككە دەم سېلىنغان ئاۋاز ئاڭلاندى.
ــــ ئۇ ماڭا بىر كارىۋاتنىمۇ قالدۇرغاندۇر ! ــــ دېدى بىزنىڭ
پەيلاسوپ.
گرىنگورى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئايلاندى. لېكىن، كارىۋات
قىلسا بولغۇدەك ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى. پەقەت تۆت ئەتراپىغا
گۈل چېكىلگەن يوغان ياغاچ ساندۇقلا بار ئىدى. گرىنگورى

ساندۇق ئۈستىگە يانپاشلاۋېتىپ خۇددى مىكرومىگا ① ئالپېس تېغىدا ياتقاندەك تۈيغۇغا كەلدى.

«بولدىلا، شۈكۈر قىلاي، — ئۇ ئوبدانراق يېتىش ئۈچۈن ئۇياق ـ بۇياققا مىدىرلاپ قويدى، — بۇ راستتىنلا غەلىتە بىر توي كېچىسى بولدى. ئارماندا قالدىم. ئىدىشنى چېقىۋېتىپ نىكاھ قىلىش نېمىدېگەن ئاددىي ـ سادداً ئۇسۇل ـ ھە ! لېكىن، ماڭا تازا باب كېلەتتى !»

① مىكرومىگا — ۋولتېر يازغان رومان «مىكرومىگا»دىكى ئاسمان بۆرىسى (يۇلتۇزلار تۈركۈمى)دىن كەلگەن گىگانت ئادەم.

# ئۈچىنچى باب

## 1. بۈۋى مەرىيەم چىركاۋى

پارىژ بۈۋى مەرىيەم چىركاۋى سەلتەنەتلىك، بۈيۈك قۇرۇلۇش سۈپىتى بىلەن بۇگۈنگە قەدەر كۆتۈرۈلۈپ تۇرماقتا. ئاي ـ يىللار ئېقىن سۇدەك ئۆتتى، لېكىن بۇ چىركاۋنىڭ گۈزەللىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋەردى. ۋاقىت بىلەن ئادەم ئۇنى كۆپ قېتىم بىللە زەخىملەندۈردى، ۋەيران قىلدى، ئۇنىڭ ئۇلىغا بىرىنچى تاشنى قويغان ئىمپېراتور چارلېمان ① بىلەن قۇرۇلۇش تاماملىنىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى تاشنى قويغان فىلىپ ئاۋگۇست ② نى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر ئىختىيارسىز ھالدا خورسىندى ۋە غەزەپلەندى.

بۈۋى مەرىيەم چىركاۋى كاتولىك دىنى چىركاۋلىرىنىڭ ئارىسىدىكى قېرى خانىش، ئۇنىڭ يۈزىدىكى ھەربىر قورۇقنىڭ يېنىدىن بىردىن جاراھەت ئىزىنى تاپقىلى بولىدۇ. مۇشۇلارغا كۆرە، بىز «ۋاقىت بۇزدى، ئادەملەر دەم تارتتى» دېگەن بۇ لاتىنچە سۆزنى «ۋاقىت كور، ئىنسانلار ئېشەك» دەپ تەرجىمە قىلساق تازا جايىغا چۈشىدۇ.

مۇبادا بىز بۇ قەدىمىي چىركاۋنىڭ گەۋدىسىدىكى ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى جاراھەتلەرنى ئوقۇرمەنلەر بىلەن بىللە بىرىپ كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولساق، بىز ئۇنىڭغا ۋاقىتتىن

---

① چارلېمان I (742 ـــ 814) ـــ جەنۇبىي ستىرى پادشاھى، فىرانسىيە پادى- شاھى، كېيىنچە پۈتكۈل ياۋروپاغا پادشاھ بولغان.

② ئاۋگۇست (1165 ـــ 1223) ـــ فىرانسىيە پادشاھى فىلىپ II.

كەلگەن بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىنتايىن كىچىك ئىكەنلىكىنى، ئادەملەردىن، بولۇپمۇ سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئادەملەردىن كەلگەن بۇزغۇنچىلىقنىڭ ئىنتايىن ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. ئۇلارنى «سەنئەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئادەملەر» دەپ ئاتاشتىنمۇ مۇۋاپىق سۆز يوق. يېقىنقى ئىككى ئەسىر مابەينىدە بەزى ئەبلەخلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قۇرۇلۇش سەنئەتكارى دېگەن نامغا ئىگە بولدى.

بىرنەچچە مۇھىم مىسالنى كۆرسەتسەكلا كۇپايە. ئۇنىڭ ئالدى تېمى شۇنچىلىك كۆركەم ئىدىكى، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغان قۇرۇلۇش ناھايىتى ئاز تېپىلاتتى. ئۈچ يەردىكى چوققىلىق تۇرۇسلۇق دەرۋازا كارىدورى، يىگىرمە سەككىز پادىشاھنىڭ ھەيكىلى ئويۇلغان بۇت تەكچىسى، قاق ئوتتۇرىدىكى يۇملاق گۈللۈك دېرىزە، ئىككى تەرەپتىكى ئۇنى قوغداپ تۇرىدىغان كىچىك دېرىزىلەر خۇددى پوپقا ھەمراھ بولىدىغان كاھىن ۋە يارىدەمچى كاھىنلارغا ئوخشايتتى. ئۈچقۇلاق شەكىللىك ئېگىز ۋە ھەشەمەتلىك ئايلانما دالاننىڭ تورۇسىنى كىچىك تۈۋرۈكلەر يۆلەپ تۇراتتى. ئەڭ ئاخىرىدا يەنە ئاۋۇ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان لەمپە، رەڭگى قاپقارا غايەت زور ئىككى قوڭغۇراق مۇنارى، ئۇلار ئاستى - ئۈستىگە دەستىلىنىپ تولىمۇ ھەيۋەتلىك بىنا بولۇپ شەكىللەنگەن ھەمدە مۇشۇ ھەيۋەتلىك بىنالارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بىلەن ئىنتايىن ماسلاشقانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمىزدا شۇنچىكى رەتلىك، توپ - توپ بولۇپ نامايان بولاتتى، شۇنداقلا سان - ساناقسىز ئويما نەقىشلەر، ھەيكەللەر، قاپارتما گۈللەر بىلەن بېزەلگەن قاڭالتىرلار ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە خۇددى سۈكۈت ئىچىدە تۇرغاندەك سۈرلۈك، تەمكىن قىياپەت ئاتا قىلغانىدى. بۇنى كاتتا تاش سىمفونىيە، ئىنسانىيەت بىلەن مىللەتنىڭ بۈيۈك قۇرۇلۇشى دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى ھەم ئاددىي، ھەم مۇرەككەپ، بەئەينى ئاچا - سىڭىل «ئىلئادا» بىلەن «ئودېسسا»غا ئوخشايتتى. ئۇ شۇ

دەۋردىكى ھەر خىل كۆچلەرنىڭ بىر ياقىدىن باش چىقارغانلىقىنىڭ خاسىيەتلىك مەھسۇلى ئىدى. ئۇنىڭغا قويۇلغان ھەربىر پارچە تاشتىن سەنئەتكارلار بىلەن ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن ئۇستاملار بىرلىكتە ئىجاد قىلغان كارامەت بىر رېئاللىقنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ ئىنسانلارنىڭ ئىجادىيىتى، شۇنداقلا ئىلاھلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئوخشاش قۇدرەتلىك ۋە يارقىن رېئاللىق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ئىلاھلارنىڭ ئىككى خىل خاراكتېرىنى — ئۇلاردىكى ئۆزگىرىشچانلىق بىلەن ئەبەدىيلىكنى تارتىۋالغانىدەك ئىدى.

بۇ يەردە دىيىلىۋاتقان مۇشۇ چېركاۋنىڭ ئالدى تېمى توغرىسىدىكى تەسۋىر ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل چېركاۋغىمۇ لايىق ئىدى. بىز بۇ يەردە تىلغا ئالغان پارىژدىكى مۇشۇ چېركاۋ توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ئەسىردىكى جىمىكى خىرىستىيان چېركاۋلىرىغا تەئەللۇق بولالايتتى. مۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب ئۇلار مەنتىققە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئۆزلۈكىدىن تاناسىپ بولالايدىغان سەنئەتنى ئۆزىگە مەنبە قىلغانىدى. بۇ گىگانت ئادەمنىڭ پۇتىنىڭ بارمىقىنى ئۆلچەپ كۆرۈپلا، ئۇنىڭ بوي ئېگىزلىكىنىمۇ بىلگىلى بولغانىدەك بىر ئىش ئىدى.

يەنىلا بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئالدى تېمىغا قايتىپ كېلەيلى. بۇ سەلتەنەتلىك، بۈيۈك چېركاۋغا ئىخلاس ۋە ھۆرمەت ئىلكىدە تۇرۇپ نەزەر تاشلىغاندا، بەزى يىلنامىچىلارنىڭ ئېيتقىنىدەك «ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىدىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى.»

چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئالدى تېمىدىن مۇنداق مۇھىم ئۈچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى: ئالدى بىلەن ئۇنى بىر چاغلاردا يەر يۈزىدىن غايەت ئېگىز كۆرسىتىدىغان ئون بىر باسقۇچلۇق پەلەمپەي نەلەرگىدۇر غايىب بولغانىدى؛ ئىككىنچىسى، ئۈچ يەردىكى دەرۋازا كارىدورىنىڭ تۆۋىنىگە

چىقىرىلغان بۆت تەكچىلىرىدىكى بىر قاتار ھەيكەل كۆزدىن يوقالغانىدى؛ يەنە بىرى، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئايلانما كارىدورىدىكى فىرانسىيەنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پادىشاھلىرىغا ئاتالغان يىگىرمە سەككىز ھەيكەل بۇ يەردىن ئېلىۋېتىلگەنىدى. ئۇلار چىلدېبېردىن باشلىنىپ، قولىغا ئىمپېرىيەنىڭ زېمىنىغا سىمۋول قىلىنغان يۇملاق شارنى تۇتۇپ تۇرغان فىلىپ ئاۋگۇستقىچە بولغان پادىشاھلارنىڭ ھەيكىلى ئىدى.

ۋاقىتنىڭ ئېقىن سۇدەك ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇپۇق قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدىغان قۇدرەت بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلىدى، ئاخىرىغا بېرىپ تاش پەلەمپەيلەرنى كۆمۈۋەتتى. لېكىن، پارىژ كوچىلىرىدىكى يول يۈزى كۈنسايىن كۆتۈرۈلۈپ چېركاۋنى ھەيۋەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار قىلىپ كۆرسەتكەن ئون بىر باسقۇچلۇق پەلەمپەينى تەدرىجىي رەۋىشتە يالماپ كەتكەن بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنى تارتىۋالغىنىدىن كۆپ بولدى، يەنى چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىنى ئىلكىگە ئالغان بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدىكى تىنىپ كەتكەن تۇتۇق رەڭ بۇ قەدىمىي بىنانى تېخىمۇ جازىبىدارلىققا ئىگە قىلغانىدى.

بىراق، ھېلىقى ھەيكەللەرنى كىم چېقىۋەتتى؟ ھېلىقى بۆت تەكچىلىرىنى كىملەر بوش ـ بىكار قىلىپ قويدى؟ مەركىزىي ئەگمە دەرۋازىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا يەنە كىملەر يېڭىدىن چوقۇلۇق ئەگمە ياسىدى؟ يەنە كىم بىسكورنېتتىكى ئەرەبچە گۈللۈك نەقىشلەرنىڭ يېنىغا لۇئى XV ئۇسلۇبىدىكى مۇنداق قوپال، كۆرۈمسىز ياغاچ دەرۋازىنى تۇرغۇزۇشقا جۈرئەت قىلالىدى؟ ئۇلار ئادەملەر، ئارخىتېكتورلار، بىزنىڭ دەۋرنىڭ سەنئەتكارلىرى ئىدى.

ناۋادا بىز بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقساق، ئۇ يەردىكى كىرىستوپنىڭ چوڭ ھەيكىلىنى كىم ئۆرۈۋەتتى دەپ سورىماي تۇرالمايمىز. بۇ ھەيكەل پۈتۈن دۇنياغا داڭلىق، ھەممىلا ئادەم ماختايدىغان، ئەدلىيە سارىيىدىكى چوڭ زال،

www.uyghurkitap.com

ستراسبۇرگدىكى ئۈچلۈق مۇنارغا ئوخشاش قىممەتلىك ئابىدە ئىدى. ئىلگىرى ئالدى ـ كەينىدىكى ئوردا ـ قەسىرگە، يۇمىلاق تۈۋرۈكلەر ئارىسىغا تىمتاس هالدا زىننەت بەرگەن سان ـ ساناقسىز هەيكەللەر ياكى تىزلانغان، ياكى ئۆرە تۇرغان ۋە ياكى ئاتقا مىنگەن يىگىت ـ قىزلارنىڭ، باللارنىڭ، پادىشاهلارنىڭ، ئېپىسكوپلارنىڭ، ساقچىلارنىڭ هەيكەللىرى، تاشتىن ياسالغان ياكى مەرمەردىن ياسالغان، ئالتۇندىن، كۈمۈشتىن، بىرونزىدىن ۋە ياكى مومدىن ياسالغان هەيكەللەرنى يەنە قايسى تەربىيە كۆرمىگەن نائەهلىلەر سۈپۈرۈپ تاشلىدى؛ بۇنىڭغا جاۋابكار بولىدىغىنى ۋاقىت ئەمەس.

ئەسلىدىكى ئىكونالار تەكچىسى ۋە مۇقەددەس بۇيۇملارنى قويىدىغان تەكچىلەر بىلەن لىق تولغان گوت ئۇسلۇبىدىكى هەشەمەتلىك مېهرابنى مۇئەككەللەرنىڭ بېشى بىلەن تەڭ لەيلەپ يۈرگەن بۇلۇتلار ئويۇلغان ئېغىر مەرمەر تاشلىق مېيىت ساندۇقىغا ئالماشتۇرۇۋەتكەنلەر كىم؟ بۇ يىلنامىسى خاتا ئويۇلغان كېلەڭسىز بىر پارچە تاشنى ئاناكنورىس ياسىغان كارولىن ① خاندانلىقىدىكى ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولغا پاتۇرۇپ قويغان كىم؛ ئەجەبا، بۇنى لۇئى XIV نىڭ لۇئى XIII نىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قىلغان ئىشى دېگىلى بولامدۇ؟

دەرۋازا كارىدورىنىڭ تورۇسىدىكى يۇمىلاق گۈللۈك دېرىزە بىلەن يېرىم يومىلاق شەكىللىك ئارقا ساراي ئارىسىدىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنى مەهلىيا قىلغان، كۆزنى ئالا چەكمەن قىلىپ هەيران قالدۇرغان رەڭلىك ئەينەك دېرىزىلەرنىڭ ئورنىغا ئوزايىدىن مۇز چىقىپ تۇرىدىغان رەڭسىز ئەينەكنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنلەر كىم؟ بۈگۈنكى كاردىناللار مەدەنىي يادىكارلىقلارغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنى قالتىس

① كارولىن خاندانلىقى فىرانسىيە ئىككىنچى ئەۋلاد خاندانلىقىنى كۆزدە تۇتىدۇ. مىلادىيە 751 ـ يىلىدىن باشلانغان. 987 ـ يىلىغا كەلگەندە، يەنى لۇئى V ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ۋارىسى بولمىغانلىقى تۈپەيلى ئاخىرلاشقان.

چاغلاۋاتىدۇ، ۋاندال ① كاردىناللىرى ئۆزلىرىنىڭ چېركاۋلىرىغا تەپ تارتماستىن سېرىق ھاك سۇركەۋاتىدۇ. 16 ـ ئەسىردىكى مۇناجات ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغانلار كۆرسە نېمە دەپ قالار؛ ئۇلار چوقۇم بۇ رەڭنىڭ جاللاتلار تەرىپىدىن تۇرمىنىڭ تېمىغا سۇرتۇلىدىغان رەڭ ئىكەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرىدۇ! بوربون ئوردىسىمۇ ئوردا غوجىدارى ئاسىيلىق قىلغاندىن كېيىن تاملارغا مۇشۇنداق رەڭنى ئىشلەتكەن. ساۋۋالنىڭ گېپى بويىچە ئالغاندا «ئۇ نېمىلا بولسۇن، سۇپىتى ئىنتايىن ياخشى رەڭ» بولغاچقا، يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆچۈپ كەتمىگەن. لېكىن، ئۇ بۇ مۇقەددەس جاينىڭ مۇشۇ رەڭ تۈپەيلى ھەممە بالايىئاپەتنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەن بولسا، قورقۇپ قېچىپ كەتكەن بولاتتى!

مۇبادا بىز يۈزلىگەن، مىڭلىغان ياۋايى قىلمىشلارنىڭ يادنامىسى بولۇپ قالغان بۇ خارابە ئىزلىرىنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ بىر يانغا قويۇپ، ئۇدۇل ماڭغان پېتى چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىگە چىقساق، ئاۋۇ سۆيۈملۈك كىچىك قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ قانداقلارچە بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورىماي تۇرالمايمىز.

ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ فىرانسىيەدە ئوتتۇرا ئەسىردىن يادىكار قالغان داڭلىق سەنئەت ئىزنالىرى تەتۈر قىسمەتلەرگە دۇچ كەلدى. بىز ئۇنىڭ خارابىلىرىدىن ئېغىرلىق دەرىجىسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۈچ خىل زىيان ـ زەخمەتنى تېپىپ چىقالايمىز. بۇ زىيان ـ زەخمەت ئالدى بىلەن ۋاقىتتىن كەلدى، ۋاقىت چېركاۋنىڭ سىرتقى يۈزىنى تىنىمسىز رەۋىشتە يالىدى، ئۇپراتتى، بارغانلا يېرىدە بىلىنەر ـ بىلىنمەس يېرىقلارنى پەيدا قىلدى؛ ئىككىنچىسى، سىياسىي

---

① ۋاندال مىللىتى — ياۋروپالىقلار بۇ مىللەتنى «ياۋايى مىللەت» دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئەسلىدە بالتىق دېڭىزى بويلىرىدا ياشىغان. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گاللىيە، ئىتالىيە، رىم ۋە شىمالىي ئافرىقا قاتارلىق جايلارغا تاجاۋۇز قىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلاب بىلەن دىنىي ئىنقىلاب تەلۋىلەرچە، قارىغۇلارچە ئېتىلىپ كېلىپ، ھەيكەل ۋە ئويما نەقىشلەرنىڭ يارىشىملىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ يۇمىلاق گۈللۈك دېرىزىلىرىنى سۇندۇردى، ئەرەبچە گۇل چېكىلگەن مېداليونلار بىلەن مارجانلارنى ئۇزۇپ، پارچە ــ پارچە قىلىۋەتتى، ھەيكەللەرنى چاقتى. ئۇلار گاھىدا دىنىي ئامىللار، گاھىدا سىياسىي ئامىللار سەۋەبىدىن مۇشۇنداق ساراڭلىق قىلدى. ئەڭ ئاخىرقىسى شۇ بولدىكى، «ئەدەبىيات ــ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى» بىلەن باشلانغان قالايمىقانچىلىق ۋە ھەشەمەتچىلىك مودىغا ئايلانغاندىن بۇيان، كېلەڭسىز ۋە تۇتۇرۇقسىز يېڭىدىن ــ يېڭى قىلىقلار بارغانسېرى ئەدەپ، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇقەررەر رەۋىشتە زاۋاللىققا يۈزلىنىشى داۋامىدا ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشقانلىقى ئۈچۈن، يېڭى مودا، يېڭى شەكىلدىن كېلىدىغان زىيانكەشلىك ئىسلاھاتتىنمۇ بەكرەك ھەددىدىن ئاشتى. بۇ خىل پاسون ــ فورمىلار سەنئەتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى ئۇزۇل ــ كېسىل ۋەيران قىلىپ، بىنالارنى شەكلىدىن تارتىپ سىمۋول بولىدىغان مەزمۇنلارغا قەدەر، ئىچكى مەنتىقىتىدىن تارتىپ سىرتقى كۆرۈنۈشكە قەدەر ھەرىدىدى، يونۇدى، پارچىلىدى، بۇزۇپ تۈگەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە يېڭى مودا پەيدا بولدى، مودا دېگەن بۇ نېمە ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئاتالمىش پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى پەش قىلىپ، گوت ئۇسلۇبىدىكى بىنالارنىڭ پۈتمەيۋاتقان يارا ئىزلىرى ئۈستىگە ۋاقتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدىغان، قىلچە بەدىئىي زوقلىنىش بېرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى چاپلىدى. مەرمەر تاشلاردىكى بەلباغ، مېتال بۇيۇمدىن ياسالغان شار شەكىللىك زىبۇ ــ زىننەتلەر، ئېللىپىس شەكىللىك زىبۇ ــ زىننەتلەر، ئېللىپىس شەكىللىك، قاينامسىمان، بۇرما شەكىللىك پەرداز جابدۇقلار، پەردە، بېزەك، چۈچا، تاش ئويما، سېمىزلىكىدىن ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغان

مۇھەببەت ئىلاھى، پۈۋلەپ قويغاندەك ھۆپپىدە بالا پەرىشتە قاتارلىقلار دەسلەپتە كاتېرىن دې مېدىش[1] نىڭ ئىستىقامەتخانىسىدىكى زىبۇ - زىننەتلەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتتى. ئىككى ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن سەنئەتنىڭ قىين - قىستاقتا ئېلىشى ئارقىلىق دۇبار[2] نىڭ مېھمانخانىسىدا ھەممە نەرسە تەلتۆكۈس تۈگىدى.

يۇقىرىدىكى بايانلارنى يىغىنچاقلىساق، ئالاھازەل ئۈچ خىل بالا - قازا گوت سەنئىتىنىڭ رەڭگىروينى بۇزدى ۋە ئۆزگەرتىپ تاشلىدى، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. ۋاقىت يۈزەكى جاراھەت ۋە يىمىرىلىشنى پەيدا قىلدى؛ لۇتېر[3] دىن مىرابىئو[4] غىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلاب بىزگە ۋەيران بولغان، چەيلەنگەن ئىزنالارنى قالدۇردى. پىروفېسسورلار ۋىترۇۋىي[5] بىلەن ۋىگنولى[6] نىڭ نەزەرىيەسى بويىچە گىرېكلارنىڭ، رىملىقلارنىڭ ۋە ياۋايى مىللەتلەرنىڭ قىلىقىنى دوراپ بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنى پارچىلىدى، كەستى، ئورنىنى يۆتكىدى، بىر - بىرىدىن ئاجراتتى، چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلدى. ئەپلاتونچىلار شانلىق گوت سەنئىتىنى بوغۇپ تۇنجۇقتۇردى. ۋاقىت بىلەن ئىنقىلابنىڭ بۇزغۇنچىلىقى خېلى ئوچۇق - ئاشكارا بولغان

---

① كاتېرىن دې مېدىش (1519 — 1578) — فىرانسىيە خانىشى، ھېنرى II نىڭ ئايالى. ھېنرى III بىلەن چارلېز XI نىڭ ئانىسى. چارلېز XI كىچىك چاغدا نائىب پادىشاھ بولغان.

② دۇبار (1743 — 1793) — لۇئى XV تەرىپىدىن ئەتىۋارلانغان كىنەز ئايال.

③ لۇتېر (1483 — 1546) — گېرمانىيەلىك دىنىي ئىسلاھاتچى.

④ مىرابىئو (1749 — 1791) — فىرانسىيەدىكى داڭلىق سىياسىي ئەرباب ۋە ناتىق.

⑤ ۋىترۇۋىي — مىلادىيەدىن بىر ئەسىر بۇرۇن ياشىغان قەدىمكى رىم ئارخىتېكتورى، «بىناكارلىق توغرىسىدا» ناملىق كىتاب يازغان.

⑥ ۋىگنولى (1507 — 1573) — ئىتالىيەلىك ئارخىتېكتور، مىكېلانجېلودىن كېيىن ساينت پېررې چېركاۋىنىڭ رېمونت قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولغان. «بىنانىڭ بەش خىل سىستېمىسى» ناملىق كىتابنى يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولسا، ئارزۇ ـ ھەۋەسلىرى چاكىنا، پەزىلىتى ناچار، پەرق قىلىش ئىقتىدارى تۆۋەن بىر توپ ئارخىتېكتورلار چىۋىنگە ئوخشاش يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تېخىمۇ ئەسكىلىك قىلدى. ئۇلار قاراپ تۇرۇپلا لۇئى XV نىڭ دەۋرىدىكى كۆكچىچەكنىڭ شەكلىنى پارتېنون ئىبادەتخانىسى① نىڭ شانۇشەۋكىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان گوت ئۇسلۇبىدىكى گۈللۈك گىرۋەكلەرنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. سەنئەتنى مۇشۇ تەرىقە ئاياغ ئاستى قىلىش ئەقلى يوق ئېشەكنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغان شېرنى تەپكىنىگە ئوخشاش ئىش بولدى. ئۇلار باراقسان قېيىن دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يالماۋاتقان قۇرتقا ئوخشاش، سەنئەتنىڭ بۇ ئۇلۇغۋار ئوردا ـ سارايلىرىنى غاجاپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى زىدە قىلىۋەتتى.

روبېرت سىنالى ياشىغان دەۋر تولىمۇ ئۇزاقتا قالدى! ئۇ شۇ زامانلاردىلا پارىژ بۈۋى مەريەم چىركاۋىنى ئېپىسوستىكى داڭلىق دىئانا ئىبادەتخانىسى② بىلەن سېلىشتۇرۇپ باققانىدى. ئۇ ئىبادەتخانا ئۆز ۋاقتىدا «قەدىمكى غەيرىي دىن مۇخلىسلىرىنى ئەيىۋەنناس دېگۈزگەن» كاتتا ئىبادەتخانا ئىدى. ئېروستاتنىڭ نامىمۇ ئۇ مۇشۇ ئىبادەتخانىغا ئوت قويۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تارىخنىڭ بېتىدىن ئورۇن ئالغانىدى.③ شۇنداقتىمۇ، روبېرت سىنالى گاللىيەلىكلەر ياسىغان بۈۋى مەريەم چىركاۋى مەيلى ئۇزۇنلۇق، مەيلى ئېگىزلىك، مەيلى كەڭلىك، مەيلى قورۇلما

---

① پارتېنون ئىبادەتخانىسى ئافىنا قەلئەسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 ـ ئەسىردە ياسالغان، گىرېكلەر ئافىنادا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان مۇقەددەس ساراي.

② دىئانا ئىبادەتخانىسى — رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئاي بىلەن ئوۋغا مەسئۇل ئىلاھە.

③ ئېروستات — قەدىمكى يۇناننىڭ ئېفېس قەلئەسىدىن بولۇپ، تارىختا نام قالدۇرۇش كويىدا دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى دەپ ئاتالغان دىئانا ئىبادەتخانىسىغا ئوت قويغان.

جەھەتتە بولسۇن، دىئانا ئىبادەتخانىسىغا قارىغاندا تېخىمۇ داڭلىق دېگەندى.

لېكىن، پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى سىرتقى كۆرۈنۈشىدە نۇقسان يوق، قۇرۇلمىسى مۇقىم، مەلۇم بىر تۈرگە ياتىدىغان قۇرۇلۇش دېيىشكە بولمايتتى. ئۇ ھەم رومانىس شەكلىدىكى چېركاۋ ئەمەس، ھەم گوت ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋمۇ ئەمەس ئىدى. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇ پەقەت بىر خىل تىپقىلا مەنسۇپ بولىدىغان چېركاۋ قاتارىغا كىرمەيتتى. پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى تورنىس ئىبادەتخانىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭدىن پالاستەك يېيىلىپ كەتكەن كېلەڭسىزلىكنى، ئېگىز ۋە يۇمىلاق ئەگمە تورۇسنى، سوۋۇن تەلەت شەكلىنى، ھالقىسىمان يۇمىلاق ئەگمىلىك قۇرۇلۇشلاردا بولىدىغان سەلتەنەت قاتارلىقلارنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ بورگىس چوڭ چېركاۋىغىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭدا چوققىلىق ئەگمە ھالەتتىكى قۇرۇلۇشلاردا بولىدىغان ھەشەمەت، ئەتراپى بوك - باراقسان دەرەخلىك مەنزىرە يوق ئىدى. ئۇنى يۇمىلاق ئەگمىلەرنىڭ تېگىدە قېلىپ بېلى پۈكۈلۈپ كەتكەن قاراڭغۇ، سىرلىق، پاكار قۇرۇلۇشلارنىڭ قاتارىغا قويۇشقىمۇ بولمايتتى. ئۇنداق چېركاۋلارنىڭ تورۇسى مىسىر ئۇسلۇبىغا يېقىن، پۈتۈنلەي دېگۈدەك تەسۋىرىي شەكىللىك بولغاچقا، ھېچقانداق بىرنېمىسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. نەزىر - چىراغ ئىشلىرىدا لازىم بولىدىغان ۋە سىمۋوللۇق مەنىسى بار بېزەك - نەقىشلەرنىڭ كۆپىنچىسى گۈل - گىياھ بولماستىن، ئەكسىچە ئۇچار قۇشلارنىڭ، ھايۋاناتلارنىڭ نەقىشلىرى ئىدى. ئۇلارنى ئارخىتېكتورلارنىڭ قولىدىن چىققان ئەسەر دېگەندىن كۆرە، ئېپىسكوپلارنىڭ ئىجادىيىتى دېسە جايىغا چۈشەتتى. ئۇلار سەنئەتنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تۈرەلمىلىرى بولۇپ، ھەممىسىدىن غەربىي رىم ئىمپېرىيەسى دەۋرىدە باشلىنىپ ئىستېلاچى

www.uyghurkitap.com

گۇئىللائۇم ① بىلەن ئاخىرلاشقان ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىتى بىلەن مىللەتارىزمىنىڭ روھى پۇراپ تۇراتتى. بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى باشقا خىلدىكى چېركاۋلار بىلەن بىرلىكتە تىلغا ئېلىشقىمۇ بولمايتتى. رەڭلىك سىزما سىزىلغان ئەينەكلىك چوڭ دېرىزە ۋە ئويما نەقىش بىلەن تولۇپ كەتكەن مۇنداق چېركاۋلار ئاسماننىڭ قەرىگە قادالغاندەك ئۇچلۇق، تەق - تۇرقى قوپال ۋە ھەددىدىن زىيادە ئېگىز، ئەركىن سىياسىينىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە شەھەر - بازار ۋە شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ خۇي - پەيلىنى ئىپادىلەيتتى. بۇ سەنئەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تۆرەلمىسى بولۇپ، تەسۋىرىي يېزىق ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋلار قاتارىغا كىرمەيتتى، ئۆزگەرمەيدىغان، چۆشەنگىلىمۇ بولمايدىغان چېركاۋلاردىن دېگىلىمۇ بولمايتتى. بۇ خىل ئۆزگىرىش ئەھلىسەلىپىنىڭ شەرققە قىلغان يۈرۈشتىن قايتىپ كېلىشى بىلەن تەڭ باشلىنىپ، لۇئى XI خاندانلىقىدا تاماملانغانىدى. پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى بىرىنچى خىل تىپقا ياتىدىغان نوقۇل رىم ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋمۇ ئەمەس، ئىككىنچى خىل تىپقا ياتىدىغان نوقۇل ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋمۇ ئەمەس ئىدى.

پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋى بولۇپمۇ خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنىڭ پاساھەتلىك ئەۋرىشكىسى ئىدى. خاتىرىلەش قىممىتى بار ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ قۇرۇلۇشنىڭ تاملىرىدىن، تاشلىرىدىن دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىنى تاپقىلى بولاتتى، ئۇنىڭغا دۆلىتىمىزنىڭ ئىلىم - پەن تارىخى بىلەن سەنئەت تارىخى يېزىلغانىدى. ئاۋالقى، گىل رەڭ كىچىك دەرۋازا 15 - ئەسىر گوت ئۇسلۇبىدىكى نەپىس سەنئەتنىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسىگە

① ئىستېلاچى گۇئىللائۇم (1027 — 1087) — نورماندىيە كىنەزى. ئەنگلىيە پادىشاھى خارولد II نى مەغلۇپ قىلىپ شۇ يەرگە ھۆكۈمران بولغان. 1066 - يىلىدىن 1087 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان.

يەتكەن دېسەك ئارتۇق كەتمەيتتى. زالدىكى يوغان ئېغىر تۇۋرۇكلەر بىزنى ساينت گېرمائىن دىسپېرېس چېركاۋىنىڭ كارولىن ئۇسلۇبىدىكى موناستىر دەۋرىگە ئېلىپ بارالايتتى. گىل رەڭلىك كىچىك دەرۋازا بىلەن تۇۋرۇكلەر ئارىسىدىكى ھۇنەر - سەنئەتتە ساق ئالتە يۈز يىللىق پەرق بار ئىدى. ھەتتا كىمياگەرلەرمۇ دەرۋازا كارىدورىدىكى نەقىشلەردىن ئۆزلىرى قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشەلەيتتى. مۇشۇلارغا كۆرە، ساينت ياكوئىس دېلا بۇچىر چېركاۋىغىمۇ ئۇلارنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، رومانىس ئۇسلۇبىدىكى ئىبادەتخانىلار، پەلسەپىۋى مەنىگە باي چېركاۋلار، گوت ئۇسلۇبىدىكى سەنئەت، ساكسون سەنئىتى، گىرېگوۋا VII ① نى ئەسلىتىدىغان كېلەڭسىز يۇمىلاق تۇۋرۇكلەر، لۇتېر پېشۋالىرىدىن نىكولا فىلامېل ② نىڭ سىرلىق سىمۋولىزمى، پاپالارنىڭ ھوقۇقىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە پارچىلىنىشى، ساينت گېرمان دىسپېرېس چېركاۋى، ساينت ياكوئىس دېلا بوچىر چېركاۋى قاتارلىقلار پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قۇرۇلمىسىغا سىڭگەن، ئۇنىڭ بىلەن بىرىككەن ۋە ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. پارىژدىكى قەدىمكى چېركاۋلارنىڭ مەركىزى ھېسابىدىكى بۇ چېركاۋ سوزۇلۇپ ياتقان غەلىتە مەخلۇققا ئوخشايتتى، ئۇنىڭ بېشى مۇشۇ چېركاۋ، قول - پۇتلىرى يەنە بىر چېركاۋ، ساغرىسى يەنە باشقا چېركاۋ بولغاچقا، ئۇ بارلىق قەدىمىي چېركاۋلارغا خېلىلا ئوخشاپ كېتەتتى.

بىز بۇ خىل ئەجەش قۇرۇلما سەنئەتكارلار، ئارخېئولوگلار،

---

① گىرېگوۋا VII (1020 — 1085) — 1073 - يىلدىن 1085 - يىلغىچە رىمدا پاپا بولغان. دىنىي ئەھكاملارنى قوغداش ئۈچۈن ھېنرى IV بىلەن ئۇزاققىچە ئېلىشقان.

② نىكولا فىلامېل — قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن غايەت كۆپ مال - مۈلۈككە ئىگە بولغان سىرلىق شەخس دەپ تەرىپلىنىدۇ. ئۇ بۇ بايلىقنى كىمياگەرلىكنىڭ مەخپىي رېتسېپىغا تايىنىپ تاپقان دەيدۇ. تۆۋەندە تىلغا ئېلىنىدىغان ساينت ياكوئىس دېلا بوچىر چېركاۋى ئۇنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىر قىسمى.

www.uyghurkitap.com

تارىخشۇناسلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالايدۇ، بىزنىمۇ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئىپتىدائىي ساددىلىقىدىن خەۋەرلەندۈرەلەيدۇ، دەپ ئېيتالايمىز. چۈنكى، ئۇ قەدىمكى يۇناننىڭ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان چوڭ ھەجىملىك بىنالىرىغا، مىسىرنىڭ پىرامىدالىرىغا شۇنداقلا ھىندىستاننىڭ غايەت زور مۇنارلىرىغا ئوخشاش ئىدى. بۈيۈك بىنالار كۆپ ھاللاردا شەخسنىڭ مۈلكى ئەمەس، بەلكى جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى بولاتتى. ئۇلارنى قانداقتۇر تالانت ئىگىلىرىنىڭ ئىجادىيىتى دېگەندىن كۆرە، مېھنەتكەش ئامما ياراتقان سەنئەتنىڭ جەۋھىرى دېيىش كېرەك ئىدى. ئۇلار مىللەتنىڭ بايلىقى، ئەسىرنىڭ جۇغلانمىسى، ئىنسانلار دۇنياسى داۋاملىق يۈكسەلگەندىن كېيىن ھاسىل بولغان تىندۇرما ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ھەر خىل شەكىللەر بىلەن بارلىققا كەلگەن قاتلام ئىدى. ھەرقايسى دەۋرنىڭ بوران - چاپقۇنى بىر قەۋەت، بىر قەۋەتتىن توپا دۆۋىلەيتتى. ھەرقايسى دەۋر ئادەملىرى ئۇنىڭغا يەنە بىر قەۋەتتىن مەزمۇن قوشاتتى. ھەربىر ئادەم ئۇنىڭغا بىر پارچىدىن خىش قوياتتى. قۇندۇز بىلەن ھەسەل ھەرىسى شۇنداق قىلاتتى، ئىنسانلارمۇ شۇنداق ئىشلەيتتى. بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ بۈيۈك ئابىدىسى بولغان بابىل مۇنارى ① مۇ كاتتا ھەرە كۆنىكى ئىدى.

چوڭ چىركاۋلارمۇ ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغلارغا ئوخشاش بىرنەچچە ئەسىرنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىناتتى. كۆپ ھاللاردا سەنئەتتە ئۆزگىرىش يۈز بېرەتتى - يۇ، قۇرۇلۇش تېخى تاماملانمىغان بولاتتى. لېكىن، بۇ قۇرۇلۇش سەنئەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ، ئۈن - تىنسىز رەۋىشتە داۋاملىق ياسىلىۋېرەتتى. يېڭى بىناكارلىق سەنئىتى ئۆزى بايقىغان قۇرۇلۇشقا مەھكەم چاپلىشىپ، ئۇنىڭغا سىڭىپ كىرەتتى ۋە ئۇنى

---

① بابىل مۇنارى — «ئىنجىل»دىكى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىچاقىلىرى تەرىپىدىن ياسالغان ئىنتايىن چوڭ مۇنار.

ئاسسىمىلياتسىيە قىلاتتى، ئۇنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە راۋاجلاندۇراتتى، ئىمكانىيەت يار بەرسە ئۇنى ياساپ پۈتكۈزەتتى. قۇرۇلۇش مۇشۇ تەرزدە تەبىئىي ھەمدە شەپە چىقارمايدىغان قانۇنىيەتكە ئاساسەن ھەرقانداق توسالغۇغا پەرۋا قىلماي، ئىنجىقلاپمۇ ئولتۇرماي، قارشىلىقىمۇ دۇچ كەلمەي تاماملىناتتى. بۇ ھېچكىممۇ تۇيۇپ بولالمايدىغان ئۇلاش، دەرەخلەرنىڭ تېنىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ ئايلانما ئېقىمى، قايتىلىنىش خاراكتېرىنى ئالغان تېرىقچىلىق ئىدى. ئوخشاش بولمىغان قاتلامغا تەئەللۇق نەچچە خىل سەنئەتنى بىر بىنانىڭ گەۋدىسىدە بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ رېئاللىق ھەققىدە نەچچە پارچە چوڭ ئەسەرنى، ھەتتا ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي تارىخىنى يېزىپ چىققىلى بولاتتى. ئىنسانلار، سەنئەتكارلار، شەخسلەر بۇ غايەت زور بىنالاردا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى قالدۇرمايتتى. ھالبۇكى، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتى شۇ يەرگە ئۇيۇپ قالغان ۋە مەركەزلەشكەن بولاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆزىلا ئارخىتېكتور، خەلقنىڭ ئۆزىلا تامچى ئىدى.

بىز بۇ يەردە پەقەت ياۋروپادىكى خىرىستىيان بىناكارلىق سەنئىتىنىلا تەتقىق قىلىۋاتىمىز. ياۋروپادىكى خىرىستىيان بىناكارلىقى شەرق بىناكارلىقىنىڭ سىڭلىسى. ئۇنىڭ غايەت زور قۇرۇلما قاتلىمىدىن تەركىب تاپقانلىقى ئوڭايلا كۆزگە چېلىقىدىغان ئالاھىدىلىك بولۇپ، بۇ قاتلامنى ھەم ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل، ھەم ئۆزئارا دەستىلەنگەن ئۈچ قىسىمغا، يەنى رومانىس قاتلىمى[1]، گوت قاتلىمى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى قاتلامغا ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا،

---

① رايون، كىلىمات ۋە تۇر بويىچە لومبارد قاتلىمى، ساكسون قاتلىمى، ۋىزانتىيە قاتلىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ تۆت خىل بىناكارلىق سەنئىتى بىر گەۋدىگە مۇجەسسەم بولغان تەقدىردىمۇ، ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ھەممىسى ھالقىسىمان يۇملاق ئەگمىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە بارلىققا كېلىدۇ. (ئاپتورنىڭ ئىزاھى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىز گىرېك ـ رىم قاتلىمى دەپ ئاتايدىغان ئۈچ بۆلەككە بۆلۈشكە بولاتتى. رومانىس قاتلىمى بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ چوڭقۇر قاتلام بولۇپ، يېرىم يۇمىلاق شەكىل بۇ خىل بىنالاردىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىك ئىدى. بۇ خىل بىنا يېقىنقى دەۋردىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش قاتلىمىدا يېڭىباشتىن پەيدا بولغاندا، ئۇنى رىم ئۇسلۇبىدىكى تۈۋرۈكلەر داۋاملاشتۇردى. چوققىلىق ئەگمىلىك قورۇلۇشلار ئىككى قاتلامنىڭ ئارىلىقىغا جايلاشتۇرۇلدى. بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ ھەرقانداق بىر قاتلىمىغا ياتىدىغان بىنالارنى ناھايىتى ئوڭايلا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. ئۇلار ئۆز ئالدىغا يەككە ھالەتتىمۇ يەنىلا مۇكەممەل بىنالاردىن ھېسابلىناتتى. يۇمىگېس راھىبخانىسى، رېيمىس چېركاۋى، ئورلېئاندىكى سايىنت كروييكس قاتارلىقلار مۇشۇ تىپقا تەئەللۇق ئىدى. لېكىن، بۇ ئۈچ قاتلامنىڭ گىرۋىكى قوياشنىڭ چۆرىسىدىكى يەتتە خىل رەڭگە ئوخشاش دائىم دېگۈدەك ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتەتتى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئارىلاشما تىپلىق قورۇلۇش، ئۆتكۈنچى خاراكتېردىكى قورۇلۇشلار بارلىققا كەلدى. ئۇنىڭدىكى بەزى قورۇلۇشلارنىڭ ئاستى قىسمى رومانىس ئۇسلۇبىدا، ئوتتۇرا قىسمى گوت ئۇسلۇبىدا، باش قىسمى گىرېك ـ رىم ئۇسلۇبىدا ياسالدى. مۇنداق قورۇلۇشلارنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ساق ئالتە يۈز يىل سەرپ بولدى. ھالبۇكى، بۇ تىپتىكى قورۇلۇش كەمدىن ـ كەم ئىدى، دىتامپىستىكى ئاساسلىق مۇنار مۇشۇ خىلدىكى قورۇلۇشقا مىسال بولالايتتى. ئەكسىچە، دەستلەنگەن قۇرۇلمىلىق بىنالارنى ھەممە يەردىلا كۆرگىلى بولاتتى. ئالايلۇق، پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىدىن ئىبارەت ئەگمە شەكىللىك بۇ بىنانىڭ ئەڭ باشتا ئورنىتىلغان بىرنەچچە تۈۋرۈكى ئۇنىڭ رومانىس قاتلىمىدا ئىدى. بۇ ئەھۋال سايىنت دېنىس چېركاۋىنىڭ دەرۋازا ئايلانمىسى بىلەن سايىنت گېرمائىن دېسپىرېس چېركاۋىدىكى زالنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتەتتى. يەنە

مەسىلەن، بوشىرۋىلدىكى يېرىم گوت ئۇسلۇبى بىلەن قۇرۇلغان چىرايلىق زالنىڭ رومانىس قاتلىمى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە سوزۇلغانىدى. لۇئانىسىدىكى چوڭ چېركاۋمۇ شۇنداق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ مەركىزى ئۇچلۇق مۇنار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش مەزگىلىدىكى ئۇسلۇب بولمىغان بولسا، ئۇنى سېپى ئۆزىدىن گوت ئۇسلۇبىدىكى بىنا دېيىش لازىم ئىدى. ①

چويلىدا توختىمايدىغان بەزى كىچىك ئۆزگىرىشلەر ئارىسىدىكى پەرق بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ يۈزەكى قىسمىدىلا ساقلىنىپ، تاشقى كۆرۈنۈشكە ئاز ـ پاز تەسىر كۆرسەتكىنى بىلەن، خىرىستىيان چېركاۋلىرىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى ھېچقانداق قىلالمىغانىدى. بۇ چېركاۋلارنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرى ۋە ھەرقايسى بۆلەكلىرى يەنىلا مەنتىقىقە ئۇيغۇن ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بىرەر چوڭ چېركاۋنىڭ سىرتىدىكى ئويما نەقىشلەر ۋە گۈللۈك بېزەكلەر قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىن يەنىلا قەدىمكى رىم چېركاۋلىرىنىڭ دەسلەپكى شەكلىنى تاپقىلى بولاتتى. چېركاۋلارنىڭ تەرەققىياتى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئوخشاش بىر خىل قانۇنىيەتكە ئەمەل قىلغانىدى. ئۇلار خۇددى كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ كۆيمىسۇن دېگەندەك باشتىن ـ ئاياغ ئۆزئارا گىرەلىشىپ كىرىپ كەتكەن شەكىللىك قوشماق ئىبادەتخانىلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. تۆۋەن تەرىپى بىر قاتار تۈۋرۈكلەر بىلەن ئايرىلغان بولۇپ، ھەرقانداق چاغدا چوڭ زال ئارقىلىق ئىككى يېقىدىكى كارىدورغا چىققىلى بولاتتى. زال ئىچىدىكى مۇراسىم خادىملىرىمۇ مۇشۇ يەردىن ئۆتەلەيتتى. بۇ يەر ئوخشاشلا زالدىكى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھاردۇق چىقىرىدىغان ئارامگاھ بولالايتتى. مۇشۇ ئالدىنقى شەرت ئىپتىراپ قىلىنغان ئەھۋالدا، كىچىك نەزىر ـ چىراغ سۇپىسى،

① ياغاچ بىلەن ياسالغان چوققىلىق ئۆگزىنىڭ بىر بۆلىكى 1823 ـ يىلى كۆيۈپ كەتكەن. (ئاپتورنىڭ ئىزاھى)

www.uyghurkitap.com

ئۆدۈل ئىشىك، قوڭغۇراق مۇنارى، ئەگمىلىك تورۇسلارنىڭ سانىنى دەۋرنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە سەنئەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ئۆزۈكسىز ئۆزگەرتىپ تۇرۇش مۇمكىن ئىدى. نەزىر - چىراغ مۇراسىملىرىغا لازىملىق نەرسىلەر تەييارلانغان ھامان، بىناكارلىق سەنئىتى ئۇنى ھەق - دادىغا يەتكۈزۈپ روياپقا چىقىرالايتتى. ئالايلۇق، ھەيكەل، رەڭلىك ئەينەك دېرىزە، گۈللۈك يۇملاق دېرىزە، ئەرەب نۇسخىسىدىكى گۈللۈك تىرەك، ھەرە چىشلىق ئويما نەقىش، تۈۋرۈك، قاپارتما نەقىش قاتارلىق تەسەۋۋۇرغا سىغمىدىغان جىمىكى نەرسىنى جاي - جايىدا تىزغىلى، گۈرۈپپىلاشتۇرغىلى بولاتتى. شۇڭا، گەرچە ھېلىقى قۇرۇلۇشلار تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا تىكىشى توختىمىغاندەك ئۆزگىرىشچان كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىچكى قىسمى رەتلىك ۋە بىرلىككە كەلگەن كۆرۈنۈشتە كۆزگە چېلىقاتتى. دەرەخنىڭ چوڭ غولى ھامان ئۆز پېتى تۇراتتى، بىراق شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى كۈندە بىر قېتىم رەڭ تۈزۈپ، تىنىمسىز رەۋىشتە ئۆزگىرىپ چوڭ بولاتتى.

## 2. پارىژغا نەزەر

ئابايا بىز پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىن ئىبارەت بۇ نەپىس بىنانى ئەسلىي ھالىتىگە ياندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇپ باقتۇق ھەمدە ئۇنى 15 - ئەسىردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان كۆرۈنۈشكە ئىگە قىلدۇق. ئەمدى ئۇنىڭ كۆركەم ھۆسنىنىڭ ئاساسەن كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز. شۇنداقتىمۇ بىز ئەڭ مۇھىم بىر ئىشنى، يەنى پارىژنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشىگە ئۇنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدا تۇرۇپ نەزەر سالغانلىقىمىزنى ئەستىن چىقارغاندەك قىلىمىز.

دەرۋەقە، ناۋادا بىز قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ تېمىدىكى بۇرمىسىمان تىك پەلەمپەيدىن تېنەپ - تەمتىرەپ بىرھازا ماڭىدىغان بولساقلا، ئاخىرىغا كەلگەندە كۆزىمىز پاللىدە يورۇپ، ئۇ يەردىكى چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى بالىخانىغا چىقالىتتۇق - دە، شەھەرنىڭ جىمىكى گۈزەللىكى مانا مەن دەپ نامايان بولغان بولاتتى. ناۋادا كىمدۇر بىرى گوت ئۇسلۇبىدىكى بۇ شەھەرنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئۆز پېتى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالىغان بولسا، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاش ھېسسىياتقا كېلەلەيتتى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مۇنداق شەھەردىن ئاران بىرنەچچىسىلا، ئالايلۇق باۋارىيەدىكى نۇرنبېرگ شەھىرى، ئىسپانىيەدىكى ۋىكتورىيە شەھىرى، نىسبەتەن كىچىكرەكلىرىدىن بىرىتانىيەدىكى ۋىترې شەھىرى، پىرۇسسىيەدىكى نورخاۋزىن شەھەرلىرىلا قالدى.

ئۈچ يۈز يىل بۇرۇنقى پارىژ، 15 - ئەسىردىكى پارىژ كۆلەم جەھەتتە كارامەت كاتتا شەھەر ئىدى. ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقان پارىژلىقلار ئۇنىڭدا شۇ دەۋردىن ئېتىبارەن بارلىققا كەلگەن مەھەللىۋى ئىلگىرىلەشنى خاتا مۆلچەرلەۋاتىمىز. پارىژنىڭ مەھەللىۋى قۇرۇلۇشى لۇئى XI دىن باشلاپ كۆپ بولغاندىمۇ ئاران ئۈچتىن بىر ھەسسە كېڭەيدى، خالاس! بىراق، شەھەرنىڭ گۈزەللىك جەھەتتە قولدىن بېرىپ قويغانلىرى ئۇنىڭ مەھەللىۋى كېڭىيىشتە قولغا كەلتۈرگەنلىرىدىن كۆپ بولدى.

ھەممەيلەنگە مەلۇم، پارىژ بۈگۈنكى كۈندە كونا شەھەر رايونى دەپ ئاتىلىدىغان، قارىماققا بۆشۈككە ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك ئارالدا ئاپىرىدە بولغانىدى. ئارالنىڭ قىرغىقى ئۇنىڭ ئەڭ باشتىكى سېپىل، سېينا دەرياسى ئۇنىڭغا ئەڭ دەسلەپكى سېپىلنى ئوراپ تۇرغان خەندەك بولغانىدى. پارىژ ئۇدا بىرنەچچە ئەسىر ئاشۇ كىچىك ئارال ھالىتىدە تۇرىۋەردى. ئۇنىڭ بىرى شىمال تەرەپكە، بىرى جەنۇب تەرەپكە جايلاشقان ئىككى كۆۋرۈكى ھەم شەھەر دەرۋازىسىنىڭ، ھەم قورغاننىڭ رولىنى ئوينىدى.

چوڭ چاتىلى دەرۋازىسى ئوڭ قىرغاقتا، كىچىك چاتىلى دەرۋازىسى سول قىرغاقتا بولدى. كېيىنچە، يەنى تۈنجى خانىدانلىق بۇ قىستا - قىستاڭ كىچىك ئارالدا مىدىر - سىدىر قىلالمىغان ھالغا يەتكەندىلا سېينا دەرياسىدىن ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلدى ۋە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ چوڭ - كىچىك چاتىلى دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا، سېينا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى سەھرا دالالىرىدا ئەڭ دەسلەپكى شەھەر سېپىلىنى ۋە بىرنەچچە راۋاقنى قۇرۇپ چىقتى. بۇ قەدىمىي سېپىلنىڭ قالدۇقلىرى بىرنەچچە ئەسىر ساقلىنىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدىن خاتىرىمىزدىكى سارقىندىلار ۋە ئۇ يەر - بۇ يەردىكى پارچە - پۇرات ئىمزالاردىن بۆلەك، ئالايلۇق بوتي دەرۋازىسى ياكى بودويىر دەرۋازىسى ۋە ياكى باگودا دەرۋازىسى① دىن باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ شىددەتلىك كەلكۈنى شەھەر ئىچىدىن شەھەر سىرتىغا يامراپ ھېلىقى سېپىلنى ئۆرۈپ تاشلىدى، دەم تارتىپ تۈگەتتى. فىلىپ ئاۋگۇست تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ كەلكۈنى ھەممە يەرگە يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يېڭى توسما ياساپ، پارىژنى ھەم يوغان، ھەم مۇستەھكەم قورغانلاردىن شەكىللەنگەن مۇنارسىمان بىنالارنىڭ قورشاۋىغا نەزەربەند قىلدى. يۈز يىل ئۆتۈۋىدى، تۇرالغۇ ئۆيلەر بارا - بارا قويۇلۇپ، ئۆزئارا قاپىسلىپ قالدى، كۆلچەكنىڭ سۈيىدەك ئۆرلىدى، ئاسمانغا بوي تارتىپ، ھەدەپ ئېگىزلىگىلى تۇردى. يىرىسلىۋەتكەن سۇدەك ئېتىلىپ چىقىپ، قوشنىلىرىدىن ئۈستۈنرەك بولۇشقا، بويىنىنى سوزۇپ يېڭى ھاۋادىن نەپەسلىنىشكە تەمشەلدى. كوچىلار بارغانسېرى تارىيىپ، چاپانىنىڭ يېڭىدەك بولۇپ قالدى. ھەتتا مەيدانلارغىمۇ ئۆي سېلىنىپ، بىر ئوبدان ئازادە سەينالار تۈگىدى. نەتىجىدە بۇ ئۆيلەر فىلىپ ئاۋگۇستنىڭ سېپىلىدىن تورمىدىن قاچقان

① باگودا دەرۋازىسى — بوتي دەرۋازىسىنىڭ لاتىنچە ئاتىلىشى.

جىنايەتچىلەردەك قېچىپ چىقىپ، ئويناقلاپ، پۈت ـ قولىنى تەرتىپسىز هالدا ئايدالاغا قاراپ سۇندى. ئۇلار چېچىكى چاي بولغاندەك قىن ـ قىنىغا پاتماي، شەهەر سىرتىدىكى جايلاردا يېڭىدىن ـ يېڭى گۈللۈكلەرنى بەرپا قىلدى. ئاللاهازەل 1367 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇ شەهەر خېلىلا چوڭلاپ قالدى ـ دە، يېڭى سېپىل سوقمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. چارلېز V كە كەلگەندە، ئۇ سېينا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا يەنە بىر سېپىلنى ئۆرە قىلدى. دېمىسىمۇ، پارىژدەك مۇنداق بىر شەهەرنىڭ بىر ئىزىدا تۇرىۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. راست گەپنى قىلساق، مۇشۇنداق بىر شەهەرلا دۆلەتنىڭ پايتەختى بولالايتتى. مۇنداق شەهەرلەر نەق سۇ ئامبىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنىڭغا شۇ دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈس ئالغان، جۇغراپىيەلىك، ئېتىكىلىق، ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تويۇنغان ئېقىنلىرىنىڭ هەممىسى ئېقىشى، بىر مىللەتتىكى بارلىق ئېقىنلارنىڭ ئۇنىڭغا جەم بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنى مەدەنىيەتنىڭ قۇدۇقى ياكى ئېرىق ـ ئۆستىڭى دېيىشكە بولاتتى. ئۇ يەردە سانائەت، سودا، ئەقىل ـ ئىدراك ۋە نوپۇس، مۇشۇ دۆلەتنىڭ جېنى، هاياتىي كۈچى ۋە روهى بىلەن مۇناسىۋەتلىك جىمىكى نەرسە ئەسىرمۇ ـ ئەسىر توپلىنىشى ۋە تىندۇرما هاسىل قىلىشى زۆرۈر ئىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، چارلېز V نىڭ سېپىلى بىلەن فىلىپ ئاۋگۇستىنىڭ سېپىلى تەقدىرداش ئىدى. 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، شەهەر سېپىلى ئۆرۈلۈپ چۈشتى، ۋەيران بولدى. شەهەر سىرتىدىكى مەهەللىلەر تېخىمۇ نېرىغا ماڭدى. 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئەڭ دەسلەپكى سېپىللار تەدرىجىي يوسۇندا چېكىنىپ قەدىمىي كونا شەهەر رايونىغىلا تەئەللۇق بولۇپ قالدى. شەهەر سىرتىدا يېڭى بىر شەهەر قەد كۆتۈردى.

پارىژ بىزنى ئۆزىدە ياشاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، 5 ـ ئەسىردىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئۈچ قات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سېپىللىرىنى بۇزدى. شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ سېپىللار ئۆزىنىڭ دىنىدىن يۇز ئۆرۈگەن جۇلىئان دەۋرىدىكى چوڭ ـ كىچىك چاتپىلى دەرۋازىلىرىدىن باشلاپ راۋاجلانغانىدى. لېكىن، بۇ شەھەر خۇددى بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆتكەن يىلى كىيگەن كىيىملىرى كىچىك كېلىپ بۆسۇلۇپ كەتكەنىدەك، ئۆزىنىڭ تۆت قات سېپىلىنى چاك ـ چېكىدىن بۆسۇۋەتتى. لۇئى XI نىڭ زامانىدا بەزى جايلاردىن ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ قاينىمىدىن قەدىمىي سېپىلدىكى مايماق كەتكەن راۋاقلارلا قالدى. ئۇلار پايانسىز دېڭىزدا چوقچىيىپ تۇرغان خادا تاشلاردەك ۋە ياكى يېڭى پارىژنىڭ قوينىغا چۆكۈپ كەتكەن قەدىمىي پارىژنىڭ تاقىم ئاراللىرىدەك ھالغا كېلىپ قالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پارىژ ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پەقەتكىنە بىرلا سېپىلدىن، يەنى لۇئى XV ياسىغان ھېلىقى سېپىلدىن، پاتقاق بىلەن بۇلغانغان كونا سېپىلدىنلا ھالقىپ ئۆتەلىدى. بۇ ئەھۋالنى شۇ سېپىللارنى ياسىغان پادىشاھلارغا ئاتاپ يېزىلغان: «پارىژنى چۆرىدىگەن سېپىللار پارىژنى قاڭغىر قاقشاتتى» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىسە تازا باب كېلەتتى.

15 ـ ئەسىردىكى پارىژ يەنىلا ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئۈچ رايونغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر رايونىنىڭ ئۆزىگە خاس قىياپىتى، تەق ـ تۇرقى، ئالاھىدىلىكى، ئۆرپ ـ ئادىتى، ئارتۇقچىلىقى ۋە تارىخى بار ئىدى. بۇ ئۈچ رايون بىز باشتا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، كونا شەھەر رايونى، ئۇنىۋېرسىتېت رايونى ۋە شەھەر ئاھالىسى رايونىدىن ئىبارەت ئىدى. كونا شەھەر رايونى كىچىك ئارالنى تولۇق ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۈچ رايوننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ كىچىك رايون ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ قالغان ئىككى رايوننىڭ ئانىسى ھېسابلىناتتى ياكى بولمىسا ئۆسكىلەڭ، چىرايلىق ئىككى قىزنىڭ ئارىسىدا تۇگۈلۈپ تۇرغان قېرى مومايغا ئوخشايتتى. سېينا دەرياسىنىڭ سول

قىرغىقىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت رايونى تورنېل مۇنارىدىن نېسلى مۇنارىغىچە باراتتى. تورنېل مۇنارىنىڭ ئورنىنى بۈگۈنكى ھاراق بازىرى، نېسلى مۇنارىنىڭ ئورنىنى بۈگۈنكى بانكا دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى سېپىل ئۆز ۋاقتىدا جۇلىئان سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ياسىغان ئېتىزلىقنىڭ ئىچىگە پېتىپلا كەتكەنىدى. ساينت ژېنېۋيېۋې دۆڭلۈكى شەھەر سېپىلىنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. بۇ ئەگرى - بۈگرى شەھەر سېپىلىنىڭ ئەڭ ئېگىز جايى پاپال دەرۋازىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنى بۈگۈنكى پارتېنون ئىبادەتخانىسىغا يېقىنراق جايغا توغرا كېلەتتى. شەھەر ئاھالىسى رايونى ئۈچ رايوننىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭى بولۇپ، ئورنى سېينا دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدا ئىدى. دەريا دامبىسى گەرچە پىرىستان قۇرۇش تۈپەيلى بىرنەچچە يەردىن ئۈزۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا سېينا دەرياسىنى ياقىلاپ بىللى مۇنارىدىن ياغاچ مۇنارغا قەدەر داۋاملاشقانىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالاھازەل بۈگۈنكى ئاشلىق ئامبىرىدىن تۈيلېر سارىيىنىڭ ئارىلىقىغا تەڭ كېلەتتى. بۇ تۆت مۇھىم ئورۇن دەل سېينا دەرياسى بىلەن پايتەخت سېپىلىنىڭ كېسىشكەن جايىدا ئىدى، يەنى تورنېل مۇنارى بىلەن نېسلى مۇنارى سول قىرغاقتا، بىللى مۇنارى بىلەن ياغاچ مۇنارى ئوڭ قىرغاقتا بولۇپ، ئۇلار «پارىژدىكى تۆت مۇنار» دەپ ئاتىلاتتى. شەھەر ئاھالىسى رايونى شەھەرنىڭ سىرتىغا ئۇنىۋېرسىتېت رايونىغا قارىغاندا بەكرەك چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتكەنىدى. شەھەر ئاھالىسى رايونىدىكى سېپىل (چارلېز V نىڭ سېپىلى)نىڭ ئەڭ ئېگىز جايى ساينت دېنىس دەرۋازىسى بىلەن ساينت مارتىن دەرۋازىسىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنى بۈگۈنگىچە ئۆزگەرمىگەنىدى.

بىز ئابايا ئېيتقاندەك، پارىژدىكى بۇ ئۈچ چوڭ رايون ئۆز ئالدىغا بىردىن شەھەر ئىدى. لېكىن، ئۇلار ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، مۇكەممەل قۇرۇلما شەكىللەندۈرەلمىگەچكە، قالغان ئىككى رايوندىن ئايرىلىپ قالسا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايتتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئەلۋەتتە، بۇ ئۈچ رايوننىڭ تاشقى قىياپىتى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايتتى. كونا شەھەر رايوندا چىركاۋ كۆپ، شەھەر ئاھالىسى رايوندا ئوردا ـ قەسىرلەر كۆپ، ئۇنىۋېرسىتېت رايوندا ئالىي ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى كۆپ ئىدى. ئەگەر بىز كونا پارىژنىڭ ئانچە مۇھىم بولمىغان ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ باشقۇرۇشى توپەيلى داش قازاندىكى ئۇماچتەك بولۇپ كەتكەن ئومۇمىي ئەھۋالىنىلا سۆزلىسەك، كىچىك ئارالنى ئېپىسكوپلارنىڭ تەۋەلىكىدە، ئوڭ قىرغاقنى سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ تەۋەلىكىدە، سول قىرغاقنى ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرلىرىنىڭ تەۋەلىكىدە دېيىشكە بولاتتى. پارىژ گۇبېرناتورى ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئەمەس، بەلكى پادىشاھلىق جەمەتىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممە ئىشقا كۈچى يېتەتتى. كونا شەھەر رايوندا پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋى، شەھەر ئاھالىسى رايوندا لوئۇرې سارىيى بىلەن گۇبېرناتور مەھكىمىسى، ئىنستىتۇت رايوندا سوربون ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسى بار ئىدى. شەھەر ئاھالىسى رايوندا كۆكتات بازىرى، كونا شەھەر رايوندا دوختۇرخانا، ئۇنىۋېرسىتېت رايوندا كاھىنلار مەيدانى بار ئىدى. ئىستۇدېنتلار سول قىرغاقتا ـــ كاھىنلارنىڭ چىملىقىدا جىنايەت سادىر قىلاتتى. ئاۋادا ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرلىرى ئۆزىنى پادىشاھتىن كۈچلۈك چاغلاپ ئوتتۇرىغا چىقالمىسا ۋە جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئىستۇدېنتنى ياندۇرۇپ كېلىپ ئۇنىۋېرسىتېت قورۇسىدا بىر تەرەپ قىلالمىسا، بۇ ئىستۇدېنتلار يەنىلا ئوڭ قىرغاقتىكى لاچىنتاغدا جازاغا تارتىلاتتى. چۈنكى، ئىستۇدېنتلار ئۆزى ئوقۇۋاتقان مەكتەپتە دارغا ئېسىلسا بولىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە ئىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىستۇدېنتلاردىكى ئىمتىياز ۋە ئۇلاردىكى تېخىمۇ پەۋقۇلئاددە ئىمتىيازلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى پادىشاھنىڭ نەزىرىدە توپىلاڭ ۋە ئىسيان

كۆتۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. پادىشاھلار خەق ئىسيان كۆتۈرمىگەن ئەھۋالدا ھېچقانداق ئىشقا مەرھەمەت كۆرسەتمەيتتى. بۇ ئۇلاردىكى ئەزەلدىن ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان قانۇنىيەت ئىدى. ساداقەت دېگەن گەپكە كەلسەك، قەدىمكى بىر پارچە ھۆججەتتە ئوچۇقتىن ـ ئوچۇقلا «شەھەر پۇقرالىرى پادىشاھقا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈپ، بىرمۇنچە ئىمتىيازغا ئېرىشىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھقا بولغان ساداقەتسىزلىكىنى نامايان قىلىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى.

15 ـ ئەسىردە سېينا دەرياسىدىكى بەش كىچىك ئارال يەنى، ئىلگىرى ھەر يوغان دەرەخلەر ئۆسكەن، ئەمدىلىكتە پەقەت پاكار چاتقاللارلا قالغان لوۋېر ئارىلى؛ ئېپىسكوپلارنىڭ سۈيۈرغاللىق يېرى ھېسابىدىكى ۋاخىس ئارىلى بىلەن بۇۋى مەريەم ئارىلى (17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئادەملەر بۇ ئىككى ئارالنى تۇتاشتۇرۇپ ئۆي ـ ئىمارەت بىلەن تولدۇرۇۋەتتى، بۇگۈنكى كۈندە ئۇ ساينىت لۇئى ئارىلى دەپ ئاتىلىدىغان بولدى)، ئەڭ ئاخىرىدا كونا شەھەر رايونىدىكى ئارال بىلەن ئۇنىڭ باش تەرىپىدىكى نېئوف ئارىلى پارىژ سېپىلىنىڭ ئىچىگە ئېلىندى. نېئوف ئارىلى كېيىنكى كۈنلەردە يېڭى كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىكى پاتقاقتا چۆكۈپ تۈگەشتى. شۇ چاغدىكى كونا شەھەر رايوندا بەش كۆۋرۈك بولۇپ، تاش بىلەن ياسالغان بۇۋى مەريەم كۆۋرۈكى، ئوۋچاڭگى كۆۋرۈكى، ياغاچ بىلەن ياسالغان شامال تۈگمەن كۆۋرۈكى ئوڭ قىرغاقتا، تاش بىلەن ياسالغان كىچىك كۆۋرۈك بىلەن ساينىت مىچېل كۆۋرۈكى سول قىرغاقتا ئىدى. بۇ بەش كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگىمۇ ئۆي سېلىنغانىدى. ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدا فىلىپ ئاۋگۇست تەرىپىدىن ياسالغان ئالتە دەرۋازا بولۇپ، ئۇلار تورنېل مۇنارىدىن باشلانغان ساينىت ۋىكتور دەرۋازىسى، بوردىل دەرۋازىسى، پاپال دەرۋازىسى، ساينىت ياكوئىس دەرۋازىسى، ساينىت مىچېل دەرۋازىسى، ساينىت گېرمائىن دەرۋازىسى قاتارلىقلار

ئىدى. شەھەر ئاھالىسى رايونىدىكى چارلېز V تەرىپىدىن ياسالغان ئالتە دەرۋازا بىللى مۇنارىدىن سانىغاندا، رەت تەرتىپى بويىچە ساينت ئانتوئىن دەرۋازىسى، ئىبادەتخانا دەرۋازىسى، ساينت مارتىن دەرۋازىسى، ساينت دېنىس دەرۋازىسى، مونتمارت دەرۋازىسى ۋە ساينت ھونۇر دەرۋازىسى ئىدى. سېپىلدىكى بۇ دەرۋازىلار ئىنتايىن كۆركەم شۇنداقلا ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى، ئۇنى بۇزۇش ئۇنداق ئوڭايغا توختىمايتتى. شەھەرنى قورشاپ تۇرىدىغان سېپىلنىڭ تۇۋىدىلا ھەم كەڭ، ھەم چوڭقۇر خەندەك بار ئىدى. قىشلىق كەلكۈن مەزگىلىدە سېينا دەرياسىدىن كېلىدىغان سۇ ناھايىتى شىددەتلىك بولغاچقا، ئادەملەر كەچ بولار – بولمايلا سېپىل دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، سېپىلنىڭ ئىككى بېشىدىكى قاپقاقلارنى توم تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلىۋېتەتتى. پارىژ مۇشۇ بىر كېچىنى ئۆندەرەپ كەتمەي خاتىرجەم ئۆتكۈزۈۋالاتتى.

ناۋادا پارىژدىكى بۇ ئۈچ رايونغا ئېگىز جايدىن نەزەر سېلىشقا توغرا كەلسە، ھەربىر رايوننىڭ كوچىلىرى شۇنداق قالايمىقان كۆرۈنەتتىكى، ئالدىراپ ئېنىق بىر نەرسە دېگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۈچ بۆلەكنىڭ يەنىلا مۇكەممەل بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. يانمۇيان جايلاشقان ئىككى چوڭ كوچىنىڭ شەھەردىكى ئۈچ رايوننى جەنۇبتىن شىمالغا تۈز سىزىق ھالىتىدە كېسىپ ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سېينا دەرياسى بىلەن كېسىشكەنلىكى ۋە ئۈچ رايوننى بىر – بىرى بىلەن تۇتاشتۇرغانلىقى، ئادەملەرنىڭ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇ رايوندىن بۇ رايونغا يۈگۈرۈپ كىرىۋاتقانلىقى كۆزگە تاشلىناتتى. بىرىنچى كوچا ساينت ياكوئىس دەرۋازىسىدىن ساينت مارتىن دەرۋازىسىغا تۇتىشاتتى، ئۇنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى بىر بۆلىكىمۇ ساينت ياكوئىس دەپ ئاتىلاتتى. كونا شەھەر رايونىدىكى بۆلىكى يەھۇدىيلار كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى. شەھەر ئاھالىسى رايونىدىكى بۆلىكى ساينت مارتىن كوچىسى

دېيىلەتتى. ئىككىنچى كوچىنىڭ سېينا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى بۆلىكى چىلتار كوچىسى دەپ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ ئارالدىكى بۆلىكى چېلەكچىلەر كوچىسى ئىدى. ئوڭ قىرغاقتىكى بۆلىكى ساينت دېنىس كوچىسى دېيىلەتتى. سېينا دەرياسىنىڭ بىر تەرىپىدە ساينت مىچېل كۆۋرۈكى، يەنە بىر تەرىپىدە ئۆۋچاڭگى كۆۋرۈكى بولغاچقا، ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى ساينت مىچېل دەرۋازىسىدىن ئۇدۇل مېڭىپ شەھەر ئاھالىسى رايونىدىكى ساينت دېنىس دەرۋازىسىغا چىققىلى بولاتتى. گەرچە يوللارنىڭ نامى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن چوڭ كوچا باشتىن ـ ئاخىر يەنىلا ئىككى ئىدى. بۇ ئىككى كوچىنى پارىژنىڭ ئىككى قان تومۇرى دېيىشكە بولاتتى. ئۈچ شەھەر رايونىدىكى باشقا كوچىلار يا بولمىسا ئۇنىڭدىن باشلىناتتى، يا بولمىسا ئۇنىڭغا يېغىلاتتى.

پارىژنىڭ ھەممە يېرىنى ئۆزئارا باغلاپ تۇرغان بۇ ئىككى ئاساسلىق كوچىدىن باشقا، شەھەر ئاھالىسى رايونى بىلەن ئۇنىۋېرسىتېت رايونىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە بولغان كوچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار سېينا دەرياسى بىلەن پاراللېل مېڭىپ، تومۇرغا ئوخشايدىغان ھېلىقى ئىككى كوچا بىلەن كېسىشكەن جايدا تىك بۇلۇڭ بولۇپ شەكىللىنەتتى. مۇشۇ ئەھۋالغا كۆرە، شەھەر ئاھالىسى رايونىدىكىلەر ساينت ئانتوئىن دەرۋازىسىدىن ساينت ئونۇر دەرۋازىسىغا ئۇدۇل بارالايتتى. ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدا ساينت ۋىكتور دەرۋازىسىدىن ساينت گېرمائىن دەرۋازىسىغا ئۇدۇل بارغىلى بولاتتى. بۇ ئىككى چوڭ يول ھېلىقى ئىككى چوڭ كوچا بىلەن كىرېست ھالىتىگە كېلىپ تورسىمان گىرەلىشەتتى. پارىژنىڭ سىرلىق قەسىرلەردەك گادىرماچ شەھەر كوچىلىرى يېيىلىپ تۇرغان تورغا ئايلىناتتى. بىراق، ئەستايىدىل زەن سالغاندا، پەرق قىلىش تەسكە توختايدىغان بۇ تورنىڭ ئىچىدىن ئۇنىۋېرسىتېت رايونى بىلەن شەھەر ئاھالىسى رايونىدىكى ئۆزئارا قىستىلىپ تۇرغان ھېلىقى

www.uyghurkitap.com

ئىككى كوچىنىڭ بىر تىلغا ئالغان كۆۋرۈكلەر ئارقىلىق يەنىلا سېپىل دەرۋازىسىغا قەدەر بارىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. تەكشىلىك گېئومېتىرىيەسىدىكى بۇ نەرسىلەر هازىرمۇ ئۆز پېتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

لېكىن، 1482 ـ يىلى پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدىن قارىغاندا كۆرۈنگەن ئەھۋال زادى قانداق ئىدى؟ بىز ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئېنىق سۆزلەشكە تىرىشىۋاتقان ئىش دەل مۇشۇ !

هاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ قوڭغۇراق مۇنارىغا چىققان ھەرقانداق ئادەمنىڭ سان ـ ساناقسىز ئۆگزە، تۇرخۇن، كوچا، كۆۋرۈك، مەيدان، ئېگىز مۇنار ۋە بالىخانىلارنى كۆرۈپ كۆزى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ياپىلاق قىلىنى تاملار، چوقىلىق تورۇسلار، ئىمارەتلەرنىڭ بۇرجىكىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان راۋاقلار، 11 ـ ئەسىردىكى چوققىلىق تاش مۇنارلار، 15 ـ ئەسىردىكى ياپىلاق تاش بىلەن ياسالغان تورۇسلىرى چوققىلىق تۆت چاسا مۇنارلار، قەلئەلەرنىڭ ياغلاپ قويغاندەك سىلىق يۇمىلاق مۇنارلىرى، چېركاۋلارنىڭ گۈل نۇسخا بېزەكلەر بىلەن زىننەتلەنگەن تۆت چاسا مۇنارلىرى، ئۇلارنىڭ چوڭلىرى چوڭ، كىچىكلىرى كىچىك، بەزىسى كېلەڭسىز، بەزىسى چاقچاقان، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆرە بولغانلىقى تۇپەيلى كۆرۈپمۇ ئۇلگۈرگىلى بولمايتتى. ئادەم خۇددى سىرلىق ئوردىغا كىرىپ قالغاندەك كۆزى تورلىشاتتى. رەسىم سىزىلغان ۋە ئويما نەقىش چىقىرىلغان، ياغاچ بىلەنلا ياسالغان ئېللىپىس شەكىللىك دەرۋازا ئايلانمىلىرى، پەلەمپەيلەرنىڭ ئۈستىگىلا قوندۇرۇلغان ئەپچىل ھۆجرا ئۆيلەر، يانمۇيان تۈۋرۈكلەر بىلەن ئورالغان ھەيۋەتلىك لوئوري سارىيى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانداقتۇر بىر ئىلاھىي ھۈنەر ـ سەنئەت ئارقىلىق ئۇستاتلىق بىلەن لايىھەلەنگەندەك شۇنچىكى كۆركەم، شۇنچىكى ھەشەمەتلىك، شۇنچىكى سەلتەنەتلىك، سىياقىدىن سەنئەت دۇردانىلىرى

چېچىلىپ تۇرغاندەك گۈزەل ئىدى. شۇنداقتىمۇ كۆرۈۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزى بۇ رەڭدار قۇرۇلۇشلارغا كۆنگەندىلا، ئۇلارنىڭ قاتارىدىكى ئاساسلىق ئىمارەتلەرنى ئايرىۋېلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىققا كېلەتتى.

ئالدى بىلەن كۆزگە چېلىقىدىغىنى كونا شەھەر رايونى ياكى سائۇۋالنىڭ سۆزى بويىچە «ئارال شەھەر» بولاتتى. سائۇۋالنىڭ ئەسەرلىرىدە تارازىنى باسالمايدىغان قۇرۇق گەپ قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بەزىدە تاسادىپىي يوسۇندا «ئارال شەھەر بەئەينى سېپىنا دەرياسىدىكى پاتقاقتا كىرىپ كېتىپ، زوڭ ئولتۇرۇپ قالغان كالانپاي كېمىگە ئوخشايتتى» دەيدىغان ئوبرازلىق سۆزلەرمۇ چېلىقىپ قالاتتى. ئارال شەھىرىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى كېمىگە ئوخشايدىغان بولغاچقا، كېمە شەكىللىك يوللۇق بەلگىلەرنى تەتقىق قىلىدىغانلار ئۇنىڭغا بەكرەك كۆڭۈل بۆلەتتى. فاۋۇن بىلەن پاسكۇۋىرا①نىڭ خاتىرىلىگەنلىرى بويىچە پارىژنىڭ قەدىمىي قورال ـ ياراغلىرىدىكى كېمە شەكىللىك يولۇق بەلگە نورمانلىقلار شەھەرنى قورشاۋغا ئالغان ۋاقىتتا ئەمەس، بەلكى ئۆز زامانىسىدىلا باشلانغانىدى. يوللۇق بەلگىنى بىلىدىغانلار ئۇچۇن يوللۇق بەلگە ئالگېبىرا ياكى تىلنىڭ ئۆزى بولالايتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئومۇمىي تارىخنىڭ كېيىنكى يېرىمى دەل يوللۇق بەلگىلەر بىلەن يېزىلغانىدى. بۇ ئەھۋال يۇقىرىدىكى تارىخنىڭ ئالدىنقى يېرىمى رومانىس ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋلارغا سىمۋوللۇق بېزەكلەر بىلەن يېزىلغانغا ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئىلاھىي ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى تەسۋىرىي يېزىقىدىن كېيىنكى فېئودالىلىق دەۋرىنىڭ تەسۋىرىي يېزىقى ئىدى.

شۇڭا، كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ كېمە بېشى غەربكە، قۇيرۇقى شەرققە قارىغان ھالدا نامايان بولاتتى. ئالدىمىزنى كېمىنىڭ

① پاسكۇۋىرا (1529 ــ 1615) ــ فىرانسىيەدىكى قانۇنشۇناس، مەدەنىيەت ـ تارىخ ئالىمى، «فىرانسىيە ئۈستىدە تەتقىقات» ناملىق ئەسەرنى يازغان.

بىشى تەرەپكە قىلىپ تۇرغاندا، بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن قەدىمىي ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەتتى. ئۇلارنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان ساينت چاپىل چىركاۋىنىڭ قاڭالتىرلىق يۇمىلاق ئۆگزىسى بەجايىكى ساغرىسىنى قوڭغۇراق مۇنارىسىغا تەگكۈزۈپ تۇرغان پىلغا ئوخشاپ كېتەتتى. قوڭغۇراق مۇنارى ئەتراپلىق لايىھەلەنگەن، كۆركەم ياسالغان، ئىنچىكە زىننەتلەنگەن بولۇپ، تەشمە نەقىشلىك كونۇسسىمان مۇنارنىڭ ئۆگزىسى سۈزۈك ئاسماندا شۇنچىكى چىرايلىق، شۇنچىكى ئوچۇق كۆرۈنەتتى. بۇۋى مەريەم چىركاۋىنىڭ ئالدىدىكى ئۈچ كوچا ئۇدۇل بىرىپ، بىرمۇنچە كونا ئۆي - ئىمارەتلەر چوقچىيىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك مەيداندا جەم بولاتتى. مەيداننىڭ جەنۇبىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ئالدى تېمى سۇرلۇك كۆرۈنەتتى، ئۆگزىسى سەپكۈن چۈشكەندەك ياكى بولمىسا زىبدە بولۇپ كەتكەندەك كۆرۈمسىز ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن سول ۋە ئوڭ، شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى كۆرۈنۈشلەر كۆزگە چېلىقاتتى. كونا شەھەر رايونىدەك مۇشۇنداق تار بىر يەردە قاراپ تۇرۇپلا يىگىرمە بىر چىركاۋ ۋە ئۇلارنىڭ قوڭغۇراقخانىلىرى قەد كۆتۈرگەنىدى. ساينت دېنىس چىركاۋىنىڭ قۇرت يەپ ئويمان - چوڭقۇر بولۇپ كەتكەن رومانس ئۇسلۇبىدىكى پاكار قوڭغۇراقخانىسى، ساينت پىررى چىركاۋى، ساينت لاندرى چىركاۋىنىڭ نەپىس چوقچىلىق ئۆگزىسى قاتارلىقلارنىڭ ياسالغان يىلى، شەكلى، كۆلىمى ھەرگىزمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى.

بۇۋى مەريەم چىركاۋىنىڭ كەينى، يەنى شىمال تەرىپى گوت ئۇسلۇبىدىكى ئايلانما كارىدورلۇق موناستىر، جەنۇب تەرىپى ئېپىسكوپنىڭ يىرىم رومانس ئۇسلۇبىدىكى قورۇ - جايى، شەرق تەرىپى چۆلدەرەپ كەتكەن تېررىئان ساھىلى ئىدى. بىر - بىرىگە يانداپ سىلىنغان بۇ ئۆيلەرنىڭ قاتارىدىن، قورۇ - جايلارنىڭ چوقچىيىپ تۇرغان ئۆگزىسى ۋە ئەڭ ئۈستۈنكى

دېرىزىگە يېقىن تۇرغان تاش تۇرخۇندىن چارلىز VI نىڭ دەۋرىدە يوۋنال دېس ئۇرسىنس① تۇرغان سارايىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن نېرىدا پالوس بازىرىدىكى قارىماي كىگىز بىلەن يېپىلغان، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن تاختايلىق ئۆيلەر، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سايىنت گېرمائىن چېركاۋىدا يېقىندىن ياسالغان ياپىلاق ھەمدە 1458 ـ يىلى فېبۋىس كوچىسىنىڭ بىر بېشىغىچە كېڭەيتىلگەن مۇناجاتخانا بار ئىدى. بۇ يەردە يەنە ئۆتكۈنچىلەر تىقما ـ تىقما بولۇپ كېتىدىغان ئاچا يول، كوچىنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئۆرە قىلىنغان دار، قىلىپ ئاۋگۇست مەزگىلىدە ياسالغان ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان چىرايلىق يول بار ئىدى. ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان بۇ يولنىڭ بىر بۆلىكى ئات چاپتۇرىدىغان جاي قىلىپ ئايرىلغانىدى. 16 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئورنىنى لېئاگۇچە يول ياساش ئۇسۇلى بىلەن ياسالغان شېغىل يول ئىگىلىدى. مۇشۇلارغا ئۇلىشىپلا ياۋا ئوت ـ چۆپ ئۆسۈپ كەتكەن ئارقا ھويلا ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى پەلەمپەيلىرىنى ئاران پەرق ئەتكىلى بولىدىغان راۋاق كۆزگە چېلىقاتتى. بۇ خىل ئۇسلۇب 15 ـ ئەسىردە مودا بولۇپ كەتكەنىدى. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بوردولپېينىڭ بەزى كوچىلىرىدىن ئۇنىڭ قالدۇقىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئەڭ ئاخىرىدا كۆرىدىغىنىمىز سايىنت چاپېل چېركاۋىنىڭ ئوڭ يېقىدىكى، كونا شەھەر رايونىنىڭ غەربىي دوقمۇشىغا يېقىن يەردىكى ئۆي ـ ئىمارەتلەر بولۇپ، ئەدلىيە سارىيى ۋە قاتار كەتكەن مۇنارلىق بىنالار دەريانىڭ قىرغىقىنى بويلاپ سېلىنغانىدى. پادىشاھلىق باغچىنىڭ ئىچىدىكى كونا شەھەر رايونىنىڭ غەربىگە سايە تاشلاپ تۇرىدىغان باراقسان دەل ـ دەرەخلەر نېئوف ئارىلىنى توسۇپ تۇراتتى. سېينا دەرياسىنىڭ سۇيىگە كەلسەك، پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدىن پەسكە قارىغاندا، بۇ ئارالچە

---

① يوۋنال دېس ئۇرسىنس (1360 ـــ 1431) ـــ 1388 ـ يىلىدىكى پارىژ شەھەر باشلىقى.

شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئېقىۋاتقان سۇنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى. سېپىنا دەرياسى كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدا كۆرۈنمەيدىغان ھالەتتە ئىدى. كۆۋرۈكلەر ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئاستىدا قالاتتى.

ناۋادا سەن نەزەر دائىرەڭنى كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە يۆتكىسەڭ، ئۇ يەردىكى ئۆيلەر قارىماققا ياپيېشىل كۆرۈنەتتى، چۈنكى دەريادىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان نەم ھاۋانىڭ تەسىرى تۈپەيلى بۇ ئۆيلەرنىڭ تېمى ۋە ئۆگزىسى ئاللىبۇرۇن موخ بىلەن قاپلىنىپ بولغانىدى. ناۋادا سول تەرەپتىكى ئۇنىۋېرسىتېت رايونى تەرەپكە قارىساڭ، سەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغانلىرى ھەم پاكار، ھەم قوپال ياسالغان بىر توپ راۋاق بولۇپ چىقاتتى. ئۇ يەردىكى كىچىك چاتېلي دەرۋازىسى قوينىنى يوغان ئېچىپ كۆۋرۈكنىڭ ئاخىرىنى قۇچاقلىۋالغاندەك بىلىنەتتى. ناۋادا سەن شەرقتىن غەربكە، تورنېل مۇناردىن نېسلى مۇنارىغا قەدەر سەپ سالساڭ، قاتار كەتكەن ئۆيلەر، نەقىشلەنگەن ۋاسلار، رەڭدار ئەينەكلىك دېرىزىلەر بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرىنى دەستىلەپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. ناۋادا يولغا قارىساڭ، ئىككى تەرەپتىكى ئاخىرىغا چىققىلى بولمايدىغان ئەگرى - بۈگرى تاملار كۆزۈڭگە چېلىقاتتى. ئۇلار بەزىدە تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىز بىنالارنىڭ ئالدى تېمى ياكى بۇرجەكلىرىنىڭ دالدىسىدا توسۇلۇپ قالاتتى. مۇنداق بىنالار ئۆزلىرىنىڭ ھويلىسى ۋە گۈللۈكى، يان ئۆي ۋە مېھمانخانىلىرى بىلەن بىللە، خۇددى بويى ئېگىز تەمبەل خوجايىن بىر توپ مالايلىرىنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندەك، ھېلىقى ئېگىز - پەس، تار پۇقراۋى ئۆيلەرنىڭ قاتارىغا قىستىلىپ قالغان بولاتتى. پىرىستاندا مۇنداق چوڭ بىنالاردىن بەش - ئالتىسى بار ئىدى. يېقىنلا جايدىكى تورنېل مۇنارىنىڭ قورۇق تېمىدىن بېرناردىن ئىبادەتخانىسى بىلەن بىرلىكتە پايدىلىنىدىغان بۇ بىنالار لورراييندىن نېسلى بىناسىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، بۇ بىنادىكى ھەيۋەتلىك مۇنار بىر چاغلاردا پارىژنى ئەتراپىدىكى

يۇرتلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا بەلگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك قارا تېمى قۇياش نۇرىنى ھېچبولمىغاندا ئۈچ ئاي توسۇۋالاتتى.

سېينا دەرياسىنىڭ بۇ قىرغىقىدىكى دۇكانلار قارشى قىرغاقتىكىدەك كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئىستۇدېنتلار ھۇنەرۋەنلەردىن كۆپ ئىدى. گەپنىڭ ئوچۇقى ساينت مىچېل كۆۋرۈكىدىن نېسلى مۇنارىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەريا قىرغىقىدا پىرىستان يوق ئىدى. سېينا دەرياسى ساھىلىدىكى باشقا جايلار، ئالايلۇق بېرناردىن ئىبادەتخانىسى ئەتراپىدىكى دەريا قىرغىقى ھېچنېمە يوق قاقاسلىق ئىدى؛ يەنە مەسىلەن، ئىككى كۆۋرۈكنىڭ ئارىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۇلى سۇغا چىلىشىپ تۇراتتى. دەريا قىرغىقىدىن كىرچى ئاياللارنىڭ قىيا - چىيالىرى ئۇزۇلمەيتتى، ئۇلار ئەتىدىن - كەچكىچە تۇۋۇلىشاتتى، مۇڭدىشاتتى، ناخشا ئېيتىشاتتى. بۇگۈنكى كىرچى ئاياللاردەك، كىر كىيىملەرنى قولىدىكى كالتەك بىلەن ئۇراتتى، بۇ پارىژلىقلارنىڭ كۆڭلى خۇش بولىدىغان بىر ئىش ئىدى.

ئۇنىۋېرسىتېت رايونىنى بىر قاراپلا بېشىدىن - ئايىغىچە رەتلىك، مۇستەھكەم گەۋدە دېيىشكە بولاتتى. بېجىرىم، قېلىن يېپىلغان، رەتلىك نەچچە ئونمىڭ ئۆگزە بىر خىل گېئومېتىرىيەلىك شەكىل بىلەن پىلانلانغان بولۇپ، ئېگىزدىن قارىغاندا ئوخشاش بىر ماددىدىن ھاسىل بولغان كىرىستالدەك كۆرۈنەتتى. قىرىق ئىككى ئوقۇتۇش ئورنى ئۇنىۋېرسىتېت رايونىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تەكشى تارقالغانىدى. بۇلۇڭقا تاقىشىپ تۇرغان بۇ كۆركەم قۇرۇلۇشنىڭ ئۆگزىلىرى شۇنچىكى قىزىقارلىق، ھەممىسىلا بىر ھۇنەرۋەننىڭ قولىدىن چىققاندەك ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇلار پەقەت گېئومېتىرىيەلىك شەكىلدىكى كىۋادرات ياكى كۇب ئىدى، خالاس! چۈنكى، گېئومېتىرىيە ئۆزئارا ماس بولۇشنى تەكىتلەيتتى. شۇڭا، پۈتكۈل قۇرۇلۇش شۇنداقلا قاراشقا مۇرەككەپ كۆرۈنگىنى بىلەن، قالايمىقان ئەمەس

www.uyghurkitap.com

ئىدى. كېيىنكى كۆنلەرگە كەلگەندە مەۋجۇت بولۇشتىن قالغان بىرنەچچە ھەشەمەتلىك مېھمانخانا، ئالايلۇق نېۋېر مېھمانسارىيى، رىم مېھمانسارىيى، رېيمىس مېھمانسارىيى قاتارلىقلار سول قىرغاقتىكى سۈرەتكە ئوخشاش يارىشىملىق ئۆگزىلەرنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن كلۇن سارىيى سەنئەتكارلارغا تەسەللى بولىدىغان تەرىقىدە بۇگۈنكى كۈنگە قەدەر قەد كۆتۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنارسىمان بۇ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا چېقىۋېتىلدى. كلۇن سارىيىغا يانداش ياسالغان جۇلىئان كۆلچىكى يۇمىلاق ئەگمە دەرۋازىلىق رىم ئۇسلۇبىدىكى قەسىرلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايلىق قۇرۇلۇش ئىدى. يەنە بىرمۇنچە ئىبادەتخانا – چېركاۋلار ھېلىقى بىنالارغا قارىغاندا تېخىمۇ نەپىس، تېخىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ، سىياقىدىن تەقۋادارلىق چىقىپ تۇرغاندەك ئىدى. ئادەمنىڭ كۆزىنى پاللىدە يورۇتۇۋېتىدىغان قۇرۇلۇش قاتارىدا ئالدى بىلەن بېرناردىن ئىبادەتخانىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ قوڭغۇراق مۇنارىنى ساناشقا بولاتتى. يەنە بىرى ساينت ژېنېۋېيېۋې ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە ساق تۇرغان چاسا مۇنارىنى كۆرگەن ئادەم بۇزۇپ تاشلانغان باشقا مۇنارلارغا بەكمۇ ئەپسۇسلىناتتى ھەم ئۇنىۋېرسىتېت، ھەم موناستىر ھېسابىدىكى سوربون ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىنىڭمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان زالىدىن بۆلەك ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. ئەمدى كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى تۆت بۇرجەكلىك ماتۇرىن موناستىرى ۋە ئۇنىڭغا قوشنا ساينت بېنوئىت موناستىرى بولۇپ، دەل قولىمىزدىكى كىتاب يەتتىنچى قېتىملىق قايتا نەشردىن سەككىزىنچى قېتىملىق قايتا نەشرىگىچە بولغان ئارىلىقتا، كىمدۇر بىرلىرى ئۇنىڭ ھويلىسىغا تەپ تارتمايلا تىياتىر سەھنىسى ياساشقا پۇرسەت تاپتى. ئۇنىڭ يېنىدىكىسى فرانسىكان ئۇيۇشمىسىنىڭ موناستىرى بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت زور ئۈچ تېمى بىر – بىرىگە

چاپلىشىپ تۇرغاندەكلا ئىدى. يەنە ئازراق ماڭغاندا نەپىس بالىخانىلىرى بار ئاۋگۇست موناستىرىغا بارغىلى بولاتتى. بۇ پارىژنىڭ غەربىدىكى نېسلى موناردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان كونىگورىلىك قۇرۇلۇش ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مەكتەپلەر موناستىر بىلەن پانىي ئالەمنى باغلاپ تۇرىدىغان ئۆتكۈنچى ھالقا بولۇپ، قاتار كەتكەن ئېگىز بىنالار بىلەن چېركاۋلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى. ئۇلار ئاددىي - ساددا، لېكىن سالاپەتلىك ئىدى. ئويما نەقىشلىرىنىڭ گۈزەللىكى ئوردا - قەسىرلەردىن، قۇرۇلۇشىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشى چېركاۋلاردىن قېلىشمايتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ قۇرۇلۇشلاردىن بۈگۈنكى كۈندە ھېچقانداق ئىزنا قالمىغانلىقى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇراتتى.

ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى چېركاۋلار خېلى كۆپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە خېلىلا ھەيۋەتلىك ئىدى. ساينت جۇلىيئاننىڭ ھالقىسىمان يۇمىلاق ئەگمىسىدىن تارتىپ ساينت سىۋىلاننىڭ ئۇچلۇق ئەگمىسىگە قەدەر ھەرقايسى مەزگىلدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنى نامايان قىلالايتتى. بۇ چېركاۋلار تۆۋەندىكى ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرالايتتى، خۇددى بىر پۈتۈن گەۋدىدىكى گارمونىيەگە يېڭى بىر گارمونىيەنى قوشقاندەك، ئويۇق چىقىرىلغان چوققىلىق تورۇسلىرى، تەشمە نەقىشلىك قوڭغۇراقخانىلىرى، ئىنچىكە ۋە ئۇچلۇق مۇنارلىرى بىلەن چوققا تاملاردىكى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان زىننەت سىزىقلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. چوققىلىق تورۇسلار، قوڭغۇراقخانىلار، مۇنارلارنىڭ سىزىقلىرى ئەمەلىيەتتە مۇشۇ بۇرجەكلىك ئىمارەتلەرگە ھەشەمەت قوندۇرىدىغان كۆپتۈرمىچىلىك ئىدى.

ئۇنىۋېرسىتېت رايونىنىڭ يەر يۈزى ئېگىز - پەس ئىدى. ساينت ژېنېۋېيېۋې تېخى پارىژ شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا خۇددى غايەت زور لامپا شېشىسىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. بۇۋى

www.uyghurkitap.com

مەريەم چىركاۋىدىن پەسكە قارىغاندا، ئەگرى - بۈگرى تار كوچىلار (بۈگۈنكى لاتىن رايونى)، قالايمىقان سېلىنغان قاتار - قاتار ئۆيلەر تاغنىڭ ئۈستىدىن دەريا قىرغىقىغىچە سوزۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. بەزىلىرى دۆڭدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقاندەك، بەزىلىرى دۆڭگە يامىشىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى، چوققىلىق تورۇسلىرى ئۈنىۋېرسىتېت رايونىنىڭ چەت ياقىسىدا غەلىتە شەكىل بىلەن دەستىلىنىپ، مايماقلىشىپ ھەرە چىشىدەك شەكىل ھاسىل قىلغانىدى. ئارىلىقتىكى بوش - بىكار جايلاردىن يېشىل موخ بىلەن قاپلانغان قېلىن تاملار، پۇختا قوپۇرۇلغان يۇمىلاق مۇنارلار، قارىماققا ئىستىھكامدەك كۆرۈنىدىغان كۈنگۈرىلىك سېپىل دەرۋازىلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. بۇلار ئاۋگۇست سېپىلىنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. سېپىلنىڭ سىرتىدىكى يېشىل چىملىقتىن ئۈچەيدەك سوزۇلغان يوللار كېسىپ ئۆتەتتى. ئىككى قاسناقتىكى مەھەللە ئۆيلىرى شەھەردىن يىراقلىغانسېرى شالاڭلاپ قالاتتى. بەزى مەھەللە - بازارلارنىڭ نام - ئاتىقى خېلىلا چوڭ ئىدى. تورنېل مۇنارىدىن ئۆتكەن ھامان ساينت ۋىكتور بازىرى بولۇپ، بازار ئىچىدىلا بېۋرى دەرياسىدىن ئۆتىدىغان كۆۋرۈك، سېمىز لۇئى ① نىڭ قەبرە تەزكىرىسى ساقلانغان ئىبادەتخانا، ئۈچلۈق مۇنارى سەككىز بۇرجەك قىلىپ ياسالغان بىر چىركاۋ بار ئىدى. ئۇنىڭ چۆرىسىگە 11 - ئەسىر مەزگىلىدىكى چاققان تۆت قوڭغۇراقخانا جايلاشقانىدى. شۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان يەنە بىر چىركاۋ لىيودىۋىك چىركاۋى بولۇپ، ئۇ ھېلىمۇ ھەم چېقىلمىغانىدى. ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ ساينت مارسېئو بازىرىغا بارغىلى بولاتتى. بۇ يەردە ئۈچ چىركاۋ، بىر موناستىر بار ئىدى. سول تەرەپتىكى گوبېلىن تۈگمىنى بىلەن ئۇنىڭ قاردەك ئاپپاق تاملىرىدىن ئۆتكەندە ساينت

① سېمىز لۇئى ــ بۇ يەردە لۇئى VI نى كۆزدە تۇتىدۇ.

ياكوئىستىكى شەھەر رايونى باشلىناتتى. ئۇنىڭ تۆت كوچا ئېغىزىغا ئويما نەقىشلىك نەپىس ئىشلەنگەن كىرېست ئورنىتىلغانىدى. سايىنت ياكوئىس چېركاۋى شۇ چاغلاردا گوت ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇش ئىدى، سايىنت ماگلوئىر چېركاۋىنىڭ 14 ـ ئەسىردە ياسالغان ئاساسلىق سارىيى ناپولېئون تەرىپىدىن يەم ـ خەشەك ئامبىرى قىلىنغانىدى. شەھەرنىڭ سىرتىدىمۇ بۇۋى مەريەم چېركاۋى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى ۋىزانتىيە ئۇسلۇبىدا زىننەتلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى ئېتىز ـ ئېرىق بىلەن قورشالغان، كىچىك گۈللۈكى بار چاتېلې موناستىرى بىلەن جىن ـ ئالۋاستىلار گاھ ئاشكارا، گاھ پىنھان پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ۋاۋېرت خارابىلىكى ئىدى. غەرب تەرەپكە قارىغان هامان رومانىس ئۇسلۇبىدىكى ئۈچ تورۇسلۇق سايىنت گېرمائىن دىسپىرېس ئىبادەتخانىسى كۆرۈنەتتى. سايىنت گېرمائىن بازىرى بۇ كۈنلەردە ئاللىقاچان ئون ـ يىگىرمە كوچىدىن تەركىب تاپقان مىسسىيونېر تەۋەلىكىدىكى سۇيۇرغاللىق رايون بولۇپ قالغانىدى. سايىنت سۇلپىس موناستىرىنىڭ قوڭغۇراقخانىسى بازارنىڭ بۇرجىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىن جايدىن سايىنت گېرمائىن بازىرىنىڭ رەسمىي سودا مەيدانىغا ئايلانغان تۆت چاسا بازارلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭغا يانداپلا موناستىرنىڭ جازا سۇپىسى بار ئىدى. ئۇ قوغۇشۇن بىلەن قۇيۇلغان كونۇسسىمان ئۆگزىسى بار كۆركەم يۇملاق مۇنارلىق قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇنىڭمۇ نېرىسىدا كاھىش پىشۇرىدىغان خۇمدان، خۇمدان كوچىسى، دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى تۈگمەن، ماخاۋ كېسەللىكى دوختۇرخانىسى قاتارلىقلار كۆزگە چېلىقاتتى. ماخاۋ كېسەللىكى دوختۇرخانىسى يەككە ـ يېگانە كىچىك بىر ئۆي ئىدى. لېكىن، ئادەمنى ئۆزىگە بەكلا تارتىدىغىنى ئىبادەتخانا قورۇسى بولۇپ، كۆرگەنلىكى ئادەمنىڭ خېلى ئۇزاققىچە كەتكۈسى كەلمەيتتى. بۇ چوڭ ئىبادەتخانا ھەم چېركاۋغا ئوخشايتتى، ھەم ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قورۇ ـ جايىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوخشايتتى. پارىژدا ئېپىسكوپ بولغانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ قورۇدا بىر كېچە قونۇشنى شەرەپ چاغلايتتى. ئارختېكتورلار ئۇنىڭغا چوڭ چىركاۋلاردا بولۇشقا تېگىشلىك سالاپەت بىلەن كۆركەملىكنىڭ ھەممىسىنى ئاتا قىلغان، ئۇنىڭغا كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك نەپىس ئويما گۈللۈك دېرىزىلەرنى بېكىتكەن، كۆركەم بۇۋى مەريەم سارىيىنى، ھەيۋەتلىك ياتاقخانا، كەڭ ــ كۇشادە گۈللۈكلەرنى ياسىغانىدى.

ئۇنىۋېرسىتېت رايونىنىڭ مەنزىرىسىنى قانغۇدەك كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئوڭ قىرغاقتىكى شەھەر ئاھالىسى رايونىغا قارايدىغان بولساق، ئۇ يەردىكى كۆرۈنۈشنىڭ تۇيۇقسىزلا ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. شەھەر ئاھالىسى رايونى ئەمەلىيەتتە ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىن خېلىلا چوڭ، لېكىن ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدەك رەتلىك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ روشەن ھالدا پىرقانچە دائىرىگە بۆلۈنگەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. شەرق تەرەپتىكى تا ھازىرغىچە سازلىق دەپ ئاتىلىدىغان دائىرە كامۇلوگېنىس بىر چاغلاردا قەيسەر[1]نىڭ قوشۇنلىرىنى قايمۇقتۇرۇپ رەسۋا قىلغان ئوتتۇرا رايون ئىدى ئەمدىلىكتە ئۇ يەرگە سېلىنغان ئوردا ــ قەسىرلەر، چوڭ ــ چوڭ قۇرۇلۇشلار دەريانىڭ بويىغا قەدەر سوزۇلغانىدى. ياھۇ سارىيى دەمسەن، سانس سارىيى دەمسەن، بارىئاۋ سارىيى دەمسەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خانىش سارىيى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ تاش ئۆگزىلىرىگە ھەم يېنىك، ھەم ئەپچىل مۇنارلىق راۋاقلار چىقىرىلغان بولۇپ، سايىلىرى سېينا دەرياسىغا چۈشۈپ تۇراتتى. بۇ تۆت بىنا نونايىندىرستىن سېلىستىن موناستىرغىچە بولغان بوش جاينى ئىگىلىگەنىدى. گەرچە بۇ ھەشەمەتلىك سارايلارنىڭ ئالدىدىكى سۇنىڭ ياقىسىدا

---

[1] قەيسەر (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 100 ــ 44 ـ يىللىرى) ــ رىم ئىمپېرا-تورى. قول ئاستىدىكى قوماندانلاردىن رايبىئانى گالىيەگە ھۇجۇم قىلغاندا، گالىيەلىكلەرنىڭ رەھبىرى كامۇلوگېنىس دۇشمەننى تۇزاققا دەسسىتىش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى.

قىيسايغان، ئۆرۈلگەن، ۋەيران بولغان تام ۋە قاشالار ئادەملەرنىڭ ئالدى تامنىڭ چىرايلىق بۇرجەكلىرىنى، تاش رامغا ئېلىنغان كىرېست شەكىللىك دېرىزىلەرنى، ئويما نەقىش بىلەن بولۇشغا زىننەتلەنگەن ئەگمە دەرۋازىلارنى، مەڭگۈ رەڭگى ئۆچمەيدىغان ئېگىز تاملارنى سىنچىلاپ تاماشا قىلىشلىرىغا ھالاقىت يەتكۈزمەيتتى. بۇ سارايلارنىڭ كەينىدىكى مۆجىزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان سايىنت پول بىناسىنىڭ قورۇق تېمى تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇ گاھىدا سېپىل بىلەن قاشا چۆرىدىۋالغان قەلئەگە، گاھىدا كۆككە تاقاشقۇدەك ئېگىز دەرەخلەر تۈپەيلى توسۇلۇپ قالىدىغان كارتىسېئان موناستىرىغا ئوخشاپ قالاتتى. بۇ بىنانىڭ كۆلىمى چوڭ، سىرتقى كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، فىرانسىيە پادىشاھى بىر چاغلاردا مەرتىۋە جەھەتتە ۋەلىئەھد بىلەن بۇرگوندى كىنەزىگە تەڭ كېلەلەيدىغان يىگىرمە ئىككى نەپەر شاھزادىنى ۋە ئۇلارنىڭ مۇلازىملىرى بىلەن ھەمراھلىرىنى مۇشۇ جايدا مېھمان قىلغانىدى. باشقا ئاقسۆڭەكلەر، پارىژغا زىيارەتكە كەلگەن پادىشاھلار، ئوردا بىنالىرىدا تۇرىدىغان ئەتىۋارلىق ئەمەلدارلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش: شۇ زامانلاردا شاھزادىلەر تۇرىدىغان ئۆيلەر پارات زالىدىن تارتىپ ئىلتىجاخانىغىچە ھېسابلىغاندا ئون بىر زالدىن كەم ئەمەس ئىدى. راۋاقلار، مۇنچىلار، ئىسسىنىش ئۆيلىرى، تۇرالغۇ ئۆيلەر بىلەن تۇتىشىدىغان «زاپاس بوش يەرلەر»مۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ھەرقايسى پادىشاھلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئايرىم كۈتۈۋالىدىغان مېھمانلىرىغا تەييارلانغان پەۋقۇلئاددە باغچىلارمۇ بۇ قاتاردا ئەمەس ئىدى. ئاشخانىلار، يەر ئاستى ئامبارلىرى، ئىشخانىلىرى، ئائىلىۋى تاماقخانا، قورۇتۇش ئۆيى بىلەن ھاراق ساقلايدىغان ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يېمەكلىك تەييارلايدىغان يىگىرمە ئىككى دۇكان: كالتەك توپ، چويلا توپ ئوينايدىغان، ماھارەت كۆرسىتىدىغان ھەر خىل مەيدانلار؛

www.uyghurkitap.com

قۇشلارنى باقىدىغان ساتما، بېلىق باقىدىغان كۆلچەك، هايۋاناتلارنى باقىدىغان باغ، ئات باقىدىغان ئېغىل قاتارلىقلار: كۇتۇپخانا، قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتى، قۇيمىچىلىق ئورنى قاتارلىقلارمۇ باشقا بىر گەپ ئىدى. بۇ شۇ دەۋردىكى پادىشاھ سارىيى، لۇئۇرې سارىيى، سائىنت پول سارىيى قاتارلىقلارنى شەھەرنىڭ ئىچىدىكى شەھەر دېيىشكە بولاتتى.

بىز تۇرۇۋاتقان قوڭغۇراق مۇناردىن قارىساق، سائىنت پول سارىيىنىڭ يېرىمى بىز بايىلا تىلغا ئالغان تۆت سارايىنىڭ دالدىسىدا توسۇلۇپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. چارلىز V ئوردا يېنىدىكى ئۈچ سارايىنى رەڭدار ئەينەكلىك دېرىزە ۋە كىچىك تۈۋرۈكلۈك كارىدور ئارقىلىق ئۇستىلىق بىلەن ئوردىغا تۇتاشتۇرغان ھەمدە ئۈچ سارايىنىمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. ئەنە ئاۋۇ بىرى كىچىك مىس سارىيى، ئۇنىڭ ئۆگزىسى يەڭگىل سالاسۇن بىلەن چۆرىدەلگەنىدى؛ ئاۋۇ بىرى موناستىر باشلىقى سائىنت مائۇرنىڭ سارىيى بولۇپ، سىرتىدىن قارىماققا ھەيۋەتلىك قەلئەدەك كۆزگە تاشلىناتتى، ئۇنىڭغا غايەت زور مۇنار، كۆپمە كۇنگۇرە، ئېتىش تۆشۈكى ۋە تۆمۈر چۇشۇرگە ياسالغان، ئىبادەتخانىنىڭ نەقىشلىك سىزىقچىلىرى ئاسما كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىدىكى كېسەك ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ساكسون ئۇسلۇبىدىكى دەرۋازا قاناتلىرىغا ئويۇلغانىدى؛ يەنە بىرى كىنەز ئېتامپېسنىڭ سارىيى، ئۆگزىسىدىكى بالىخانا ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولغاچقا، يېرىمى ئۇچۇپ كەتكەن خوراز تاجىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. باراقسان ئۆسكەن ئۈچ ـ تۆت تۈپ قېرى دۇپ دەرىخىنى، توپ ـ توپ ئاق قۇۋلارنىڭ سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدە ئوينىشىۋاتقانلىقىنى، سۈرەتتەك رەڭدار بىرمۇنچە كاتتا ھويلا ـ ئارانلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئەتىۋارلىق ئەمەلدارلارنىڭ ياسىداق قورۇ ـ جايلىرى، ساكسون ئۇسلۇبىدىكى

تاش تۇۋرۇكلەرگە قوندۇرۇلغان پاكار ئەگمىلەر، قاتار كەتكەن تۆمۈر رىشاتكىلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان ھۆركىرەشلەر ئاڭلىناتتى. ① مۇشۇلارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن كاھىشسىمان زىننەتلەنگەن بۇۋى مەريەم مۇناجاتخانىسىغا نۆۋەت كېلەتتى. سول تەرەپتىكىسى گۇبېرناتورنىڭ قورۇ ـ جايى بولۇپ، ئىككى يېقىغا چاققانغىنا تۆت ئېغىزلىق ئۆي سېلىنغانىدى. قاپ ئوتتۇرىدىكىسى بايىلا تىلغا ئالغان ساينت پول سارىيى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى تېمى چارلېز V تىن تارتىپلا زىننەتلىنىپ كەلگەنىدى. ھالبۇكى، ئىككى ئەسىر بۇرۇن ياشىغان ئارخىتېكتورلار يوقىلاڭ خىياللار بىلەن، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە قالايمىقان ۋە ئارتۇقچە نەرسىلەرنى قوشۇپ قويغانىدى: ئالايلۇق، ئىبادەت زالىنىڭ ئەگمە تورۇسى، دەم ئېلىش كارىدورى ۋە چوققا تام، بىرمۇنچە ئانىمومېتىر دېگەنلەر قىلىمىسىمۇ بولىدىغان ئىش ئىدى. سارايىنىڭ ئىككى تەرىپىگە يانمۇيان ئىككى مۇنار ياسالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆگزىسى كونۇس شەكىللىك ئىدى.

ناۋادا بىز كۆزىمىزنى شەھەر ئاھالىسى رايونىنىڭ ئۆگزىلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر ئازگالدىن، يەنى ساينت ئانتونى كوچىسىدىن يۆتكەپ، يىراق ـ يىراقتا سوزۇلغان كونۇس شەكىللىك تىياتىرخانا شەكلىدىكى سارايلاردا توختاتساق، ئۇ يەردىكى ئاساسلىق ئۆي ـ ئىمارەتلەر بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان بولاتتى، بىزمۇ ئانگولىمنىڭ قورۇ ـ جايىنى كۆرەلەيتتۇق. ئۇ بىرقانچە ئەۋلاد پادىشاھلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ياسالغان زور قۇرۇلۇش بولۇپ، بەزى جايلىرى قارىماققا يېڭىدىن ئاقلانغاندەك ئىنتايىن سەت ئىدى، ئومۇمىي گەۋدە يېقىدىن ئالغاندىمۇ ھاۋا رەڭ چاپانغا قىزىل ياماق سېلىپ قويغاندەك ئىدى. لېكىن،

① فىرانسۇزچىدا «ئەتىۋارلىق ئەمەلدار» دېگەن گەپنىڭ يەنە بىر مەنىسى «شىر»، بۇ يەردىكى «ئەتىۋارلىق ئەمەلدار»لار شىرغا مىسال قىلىنغان.

زامانىۋى ئۇسلۇبتا سېلىنغان بۇ قورۇلۇشنىڭ ھەم ئۇچلۇق، ھەم ئېگىز چىقىرىلغان قوغۇشۇن قاڭالتىرلىق ئۆگزىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈككە ئوخشايدىغان سىزىقچىلار ئويما نەقىش بىلەن پاتۇرۇلغانىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن، نەقىشلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن جىپسىلاشتۇرغان غەلىتە كۆرۈنۈشلۈك بۇ ئۆگزە بۇ قەدىمىي قورۇلۇشنىڭ سۇرلۇك خارابىلىرى ئىچىدە ئۆزگىچە قىياپەت بىلەن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئادەملەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. خارابىلىكتىكى بىرنەچچە قەدىمىي مۇنار ئۇزاق يىللاردىن بېرى رېمونت قىلىنمىغاچقا يېرىلغان، قىيسايغان، مايماق كەتكەن بولۇپ، ئېچىلىپ كەتكەن قورساققىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئايغىدىكىسى تورنىل سارىيى ئىدى. بۇ يەردە ئۇچلۇق مۇنارلار، قوڭغۇراقخانىلار، تۈرخۇنلار، ئايلانما پەلەمپەيلەر، بىر قىلىپتىن چىققاندەك ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەشمە نەقىشلىك پانۇسلار، شىپاڭ ـ بالىخانىلار ۋە مۇنارسىمان بىنالار قەد كۆتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ئېگىز ـ پەس شەكلى بەئەينى تاش تىزىپ قويغان يوغان شاھمات تاختىسىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. مەيلى چامپور ① دا بولسۇن، مەيلى ئالھامبرا ② دا بولسۇن، دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق جايلىرىدىمۇ بۇنىڭدەك ھەيۋەت، بۇنىڭدەك غەلىتە بىنالارنى تاپقىلى بولمايتتى.

تورنىل سارىيىنىڭ ئۇڭ تەرىپىدە خۇددى كۆيە سۇرتۇپ قويغاندەك بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ كەتكەن قاپقارا مۇنارسىمان بىنالار بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ كۆزىگە ئەتراپى خەندەك بىلەن ئورالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاساسلىق بىنالىرىدىكى ئېتىش

---

① چامپور ــ يەر نامى. فىرانسىيەنىڭ روبىۋا شەھىرىدە. فىرانسىيە كارولى فرانسۇۋا I نىڭ ئوردىسى قورۇلغان جاي.

② ئالھامبرا ــ ئىسپانىيەنىڭ گىرىناردا شەھىرىگە ئەرەب پادىشاھلىرى تەرەپىدىن سېلىنغان داڭلىق ئوردا.

تۆشۈكى دېرىزىلەردىنمۇ كۆپ ئىدى. ئاسما كۆۋرۈك مەڭگۈ ئېسىقلىق پېتى تۇراتتى. تۆمۈر توسۇق مەڭگۈ تاقاقلىق بولاتتى، كۆنگۈردىن ئېگىشىپ قارىغاندا قارا قاغىنىڭ تۇمشۇقىدەك زەمبىرەككە ئوخشايتتى. بۇ دەل باستىلىيە ① تۈرمىسى ئىدى.

ئادەمنى شۈركۈندۈرىدىغان بۇ بىنانىڭ تۈۋىدە، ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ تۇرغان زەمبىرەكلەرنىڭ ئاستىدىكى ئىككى راۋاقنىڭ ئوتتۇرىسىدا سايىنت ئانتونى دەرۋازىسى يوشۇرۇنغانىدى. تورنېل سارىيىدىن چارلېز V نىڭ سېپىلىغىچە بولغان ئارىلىق باراقسان ئۆسكەن دەل ـ دەرەخ، گۈل ـ گىياھ، رەت ـ رەت ئېتىز ۋە خان جەمەتىنىڭ ئورمانلىرى بولۇپ خۇددى يۇمشاق يېشىل گىلەمدەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئەگرى ـ توقاي گىرەلىشىپ كەتكەن چىغىر يوللارنى، كۆكىرىپ تۇرغان دەل ـ دەرەخلەرنى كۆرگىلى، لۇئى XI كوئىكتېرگە ھەدىيە قىلغان داڭلىق دادېئالوس باغچىسىنى تونۇۋالغىلى بولاتتى. ئۇردا ئاسترونوملىرىنىڭ رەسەتخانىسى ئازغىن ئۇردا بىنالىرىنىڭ ئۈستىدە يېتىمسىرەپ قالغان يالغۇز تۇۋرۇكتەك بويىنىنى قىسىپ تۇراتتى. تۇۋرۇكنىڭ چوققىسىدا كىچىك ھۇجرا بار ئىدى. قورقۇنچلۇق مۇنەججىملىك شۇ ھۇجرىدا بولاتتى.

بۇ جاي دەل بۇگۈنكى كۇندىكى ئۇردا ئالدى بازىرى ئىدى.

بىز ئەسلىدە ئوقۇرمەنلەرگە ئاساسىي ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ بەرمەكچى بولغانىدۇق، لېكىن بۇ يەردە پەقەت ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىسىلا تونۇشتۇرۇلدى. ئەمدى پادىشاھلىق ئوردىغا كەلسەك، ئۇ يېڭى شەھەرنىڭ شەرقىي دوقمۇشىدا بولۇپ، دەل چارلېز V نىڭ سېپىلى بىلەن سېينا دەرياسى ئۇچرىشىدىغان قىسىلچاققا توغرا كېلەتتى. شەھەر ئاھالىسى رايونىنىڭ مەركىزى رەت ـ رەت پۇقراۋى ئۆيلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە كونا شەھەر رايونىدىكى ئۇچ كۆۋرۈكنىڭ ھەممىسى

---

① باستىلىيە ــ پارىژدىكى چوڭ تۈرمە، 1789 ـ يىلى چوڭ ئىنقىلاب مەزگىلىدە چېقىۋېتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ يەردىن دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىغا ئۆتەتتى. كۆۋرۈك ئاستىغا ئالدى بىلەن پۇقراۋى ئۆيلەر، ئاندىن پادىشاھلىق ئوردا سىلىنغانىدى. مىشچانلارنىڭ پۇقراۋى ئۆيلىرى ھەرە كۆنىكىنىڭ تۆشۈكىدەك قىستا ـ قىستاڭ بولغىنىغا قارىماي، ئۆزگە تۇشلۇق چىرايلىق يەرلىرىمۇ بار ئىدى. پايتەخت ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىسى دېڭىزدىكى دولقۇندەك قالتىس سەلتەنەتلىك كۆرۈنەتتى. ئالدى بىلەن بازارنىڭ ئەتراپىدىكى كوچىلارنى تىلغا ئالساق، ئۇلار شۇنداق ئىرماش ـ چىرماش، خىلمۇخىل ئىدىكى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلاردىن تۆت تەرەپكە چېچىلىپ تۇرغان تالا ـ تالا نۇرغا ئوخشايتتى. ساينت دېنىس كوچىسى بىلەن ساينت مارتىن كوچىسى شاخلىرى بىر ـ بىرى بىلەن قۇچاقلاشقان، يىلتىزلىرى ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن ئىككى تۈپ چوڭ دەرەخكە ئوخشايتتى. ئۇنىڭدىن قالسا پۇتكۇل رايونغا ئۆمۈچۈك تورىدەك يېيىلغان ئەگرى ـ توقاي كوچىلار ئىدى، سىمونت كوچىسى، ئەينەكچىلىك كوچىسى، تېكىسراندىر كوچىسى قاتارلىقلار مۇشۇنداق كوچىلاردىن ئىدى. چىرايلىق بەزى بىنالار نۇرغۇن بالىخانىلارنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى. ئوۋچاڭگى كۆۋرۈكنىڭ بېشىدىنلا چاتېلې دەرۋازىسى باشلىناتتى. كۆۋرۈكنىڭ ئارقىسىدىن شامال تۇگمەن كۆۋرۈكىدىكى سۇ چىغرىقىنىڭ ئاستىدىن ئېقىۋاتقان سېينا دەرياسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. چاتېلې دەرۋازىسى دىنغا ئاسىيلىق قىلغۇچى جۇلىئاننىڭ دەۋرىدىكى رىم ئۇسلۇبىدا ياسالغان راۋاق بولۇشتىن ئاللىقاچان قالغانىدى. ئېشىپ قالغىنى پەقەت 13 ـ ئەسىردە خەرسەڭ تاشلار بىلەن قوپۇرۇلغان راۋاقلا ئىدى، خالاس. مۇنداق راۋاقنى تۆمۈر جوتۇ بىلەن چوقۇغان تەقدىردىمۇ، ئۈچ سائەت ھەپىلىشىپ مۇشتەك تاشنى چوقۇپ چىقارغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدىن بۆلەك يەنە ساينت ياكوئىس دېلا بوچېر چېركاۋىنىڭ ھەشەمەتلىك تۆت چاسا قوڭغۇراقخانىسىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. قوڭغۇراقخانىنىڭ بۇرجەكلىرى ئويما نەقىش بىلەن تولۇپ

كەتكەن بولغاچقا، بىر قاراشقىلا ناھايىتى يېقىملىق بىلىنەتتى. ئۇ 15 ـ ئەسىرگە كەلگەندىمۇ پۈتمىگەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا نائىل بولغان قۇرۇلۇش ھېسابلىناتتى. بولۇپمۇ ئۇلارنى زوقلاندۇرغىنى تېخى ئورنىتىپ بولۇنمىغان غەلىتە تۆت مەخلۇق ئىدى. ئۇلارنىڭ قىياپىتى قارىماققا يېگى پارىژدىن كونا پارىژنىڭ سىرىنى يېشىپ بەر دەپ سوراشقا كەلگەن سفىنكسلارغا ئوخشايتتى. ئۇلارنى ھەيكەلتىراش خارت 1526 ـ يىلى يىگىرمە فىرانكىنىڭ بەدىلىگە ئورناتقانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىز باشتىلا ئوقۇرمەنلەرگە قىسقىچە تونۇشتۇرغان گرېف مەيدانىدىكى تۈۋرۈكلۈك ئۆي، مۇنداقچە ئېيتقاندا سايىنت گېرۋائىس چېركاۋى ئىدى. كېيىنچە ياسالغان ئاتالمىش «سۆلەتلىك» چوڭ دەرۋازا ئۇنىڭ شان ـ شۆھرىتىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى. سايىنت مارمېرى چېركاۋىنىڭ چوققىلىق ئەگمىسى يەنىلا يېرىم يۇملاق ئىدى. سايىنت ژان چېركاۋىنىڭ گۈزەللىكىدىن ھەممەيلەن تىلىنى چاكىلدىتاتتى. دۇتراخوئىردىكى كىرېستىنىڭ پەلەمپىيى كۇنبويى مىغ ـ مىغ ئادەم بىلەن تولۇپ كېتىدىغان كوچا ئېغىزىدا ئىدى. بۇ يەردە يەنە بىر قاراپلا ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان، فىلىپ ئاۋگۇستىنىڭ دەۋرىدىن باشلاپ ئاران ئۆرە تۇرغان سېپىلنىڭ قاتمۇقات خارابىلىك ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتكەن ئىزنالىرى، پىچەكگۈلنىڭ پېلەكلىرى ئاستىدا كۆرۈنمەس بولۇپ قالغان راۋاقلار، ئۆرۈلگەن دەرۋازىلار، ئەسلىنى يوقىتىپ غەلىتە بولۇپ قالغان ۋەيرانە تاملار بار ئىدى. پىرىستاندىكى سان ـ ساناقسىز دۇكانلار، قان پۇراپ تۇرىدىغان قۇشخانىلار، يەم ـ خەشەك پىرىستانىدىن تارتىپ ئېپىسكوپنىڭ سوتخانىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كېمە بىلەن تولۇپ كەتكەن سېينا دەرياسىمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. ئاخىر بىزدە 1682 ـ يىلىدىكى پارىژنىڭ يېگى شەھىرىگە، يەنى شەھەر ئاھالىسى رايونىنىڭ مەركىزىدىكى پەلەمپەي شەكىللىك دائىرىگە نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك بىر تەسىرات بارلىققا كېلەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئېگىز ساراي ۋە پۇقراۋى ئۆيلەردىن باشقا، شەھەر ئاھالىسى رايونىدا شەرقتىن غەربكە قاراپ تىزىلىپ كەتكەن موناستىرلار ئۇنىڭ ئۈچىنچى بۆلىكى ئىدى. بۇ موناستىرلار ۋە چېركاۋلار شەھەر ئاھالىسى رايونىنى چۆرىدەپ دېگۈدەك، پارىژدىكى خەندەكلەرنىڭ كەينىدە ئىككىنچى ئىچكى شەھەر قورۇقىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، تورنېل سارىيىدىكى گۈللۈكنىڭ يېنىدا، ساينت ئانتونى كوچىسى بىلەن كونا چېركاۋ كوچىسى ئارىلىقىدا كاتىرىن ئىبادەتخانىسى بىلەن كەڭ كەتكەن چىمەنزارلىق بار ئىدى. بۇ چىمەنزارلىققا پارىژنىڭ سېپىل تېمى پاسىل ئىدى. كونا ـ يېڭى ئىككى ئىبادەتخانا كوچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى ئىبادەتخانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەمنى سۈر باسىدىغان ئېگىز مۇنارى گۈنگۈرلىك قاشا تامنىڭ ئىچىدە يالغۇز چوقچىيىپ تۇراتتى. يېڭى چېركاۋ كوچىسى بىلەن ساينت مارتىن كوچىسىنىڭ ئارىلىقىدا ساينت مارتىن موناستىرى بار ئىدى. ھەيۋەتلىك ۋە مۇستەھكەم سېلىنغان بۇ چېركاۋ گۈللۈك بىلەن قورشالغان بولۇپ، قاشا تامدىكى كۆتۈرمە زەمبىرەكخانىلار قەدەمدە بىر دېگۈدەك كۆپ ئىدى. قوڭغۇراقخانا گوياكى پاپانىڭ ئېگىز قالپىقىغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ مۇستەھكەم ۋە كۆركەملىكىگە ساينت گېرمائىن دېسپرېس چېركاۋىلا تەققاس بولالايتتى. ساينت مارتىن كوچىسى بىلەن ساينت دېنىس كوچىسي ئارىلىقىدا تىرىنىت چېركاۋىنىڭ قۇرۇق تاملىرى بار ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدىكىسى ساينت دېنىس كوچىسى بىلەن مونتورگوئىل كوچىسى ئارىلىقىدىكى راھىبەلەر موناستىرى ئىدى. ئۇنىڭغا يېقىنلا جاي مراكىل رايونىدىكى ھېلىقى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن ئۆگزىلەر بىلەن ۋەيران بولغان تاملار ئىدى.

تۆتىنچى بۆلەك بۈگۈنكى ئوڭ قىرغاقتا توپلاشقان ئۆگزىلەر ئۈستىدە نامايان بولاتتى. سېپىلنىڭ غەربىي بۇرجىكى بىلەن سېينا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قىرغاق ئارىسىغا قىستىلىپ لوئۇرې سارىيىغىچە كەلگەنلىرى رەتمۇرەت ئوردا

سارايلىرى ۋە قورۇ - جايلار ئىدى. فىلىپ ئاۋگۇستىنىڭ كونا لوئۇرې سارىيى پەۋقۇلئاددە يوغان قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مۇنارى ئەتراپىغا يىگىرمە ئۈچ چوڭ مۇنار ۋە بىرمۇنچە كىچىك مۇنار ئورۇنلاشقانىدى. ئۇلار يىراقتىن قاراشقا ئالانسون سارىيى بىلەن گوت ئۇسلۇبىدىكى بوربون سارىيىنىڭ ئۆگزىلىرىگە ئوپمۇئوخشاش ئىدى. مۇناردىكى غەلىتە مەخلۇق، پارىژنى قوغدىغۇچى ئىلاھ، ئۇنىڭ مەڭگۈ تىك تۇرىدىغان يىگىرمە تۆت كالىلىسى، شۇنداقلا قاڭالتىر ياكى كاھىششىمان ياپىلاق تاش بىلەن يېپىلىپ ئالتۇندەك نۇر چېچىپ تۇرىدىغان غايەت زور جىسمى، ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك شەكلى ئارقىلىق يېڭى شەھەرنىڭ غەربىي قىسمىنى روياپقا چىقارغانىدى.

شەھەر ئاھالىسىنىڭ چەت - چېتى كۆرۈنمەيدىغان، قەدىمكى رىملىقلار «چوڭ ئارال» دەپ نام بەرگەن بۇ تۇرالغۇ رايونىنىڭ شەرق ۋە غەرب قاسىنىقىدا قاتار كەتكەن ئوردا سارايلىرى سېلىنغانىدى. شەرقىي تەرەپتىكىسى لوئۇرې سارىيى، غەرب تەرەپتىكىسى تورنېل سارىيى، شىمال تەرەپتىكىسى موناستىرنىڭ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تېمى ۋە چوڭ كۆلەمدىكى چىمەنزارلىق ئىدى. شۇنداقلا قارايدىغان بولساڭ، ھەممە نەرسە ئۆزئارا گىرەلەشكەن، بىر گەۋدىگە مۇجەسسەم بولغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ سان - ساناقسىز ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ ئۆگزىلىرى ياكى كاھىش بىلەن، ياكى ياپىلاق تاش بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئۇست - ئۇستىگە دەستىلەنگەندەك ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەتتى. بۇ ئۆگزىلەردە ئويما نەقىش بىلەن تۈجۈپىلەپ بېزەلگەن قىرىق تۆت قوڭغۇراقخانا بار ئىدى. ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن بۇ كوچىلارنىڭ بىر تەرەپتىكى چېگراسى چاسا مۇنارنىڭ ئېگىز تېمى ئىدى (ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى مۇنارنىڭ ھەممىسى يۇمىلاق ئىدى). يەنە بىر تەرەپتىكى چېگراسى كېمە بىلەن توشۇپ كەتكەن سېنا دەرياسى

www.uyghurkitap.com

ئىدى. مانا بۇلار دەل 15 ـ ئەسىردىكى شەھەر ئاھالىسى رايونىنىڭ ئەھۋالى ئىدى.

سېپىلنىڭ سىرتىدا، شەھەر دەرۋازىسىغا يېقىن رايونلاردا سېلىنغان ئۆيلەرنى ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى ئۆيلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا سان جەھەتتىلا ئاز بولۇپ قالماي، ئورۇن جەھەتتە بەك تارقاق ئىدى. باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ كەينىدىكى يىگىرمە نەچچە ئېغىز كەپە ئويما نەقىشلىرى چىرايلىق فاۋبىن كىرىپستى بىلەن شەھەر ئەتراپىدىكى ساينت ئانتونى موناستىرىنى چۆرىدەپ سېلىنغانىدى. ئۇ يەردىن ئازراق ماڭغاندا بۇغدايلىقتا تۇتىشىپ تۇرغان پوپىنگورت مەھەللىسىگە، يەنە سەل ئۆتۈپ كورتىل مەھەللىسىگە بارغىلى بولاتتى. ئۇ ھەممىلا يېرىدە قاۋاقخانىلىرى بار، شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدىغان مەھەللە ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدىكىسى ساينت لاۋرېنت بازىرى بىلەن ئۇنىڭدىكى چېركاۋ بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقخانىسى ساينت مارتىن دەرۋازىسىنىڭ ئۇچلۇق مۇنارى بىلەن بىر گەۋدە بولغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ يەردە يەنە ساينت دېنىس شەھەر رايونىغا ئۇلىنىدىغان ساينت لاندرى چېركاۋى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىكىسى بور قاتلاملىق يانتۇ دۆڭدىكى مونتمارت رايونى بولۇپ، مونتمارت دەرۋازىسىنىڭ سىرتى ئاق رەڭلىك سېپىلنى چۆرىدەپ تۇرىدىغان قانال ئىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ يەردىكى چېركاۋلار تۈگمەنگە ئوخشاش جىق ئىدى، ئەمدىلىكتە تۈگمەندىن باشقىلىرى قالمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ھازىرقى جەمئىيەت ھاياتلىقنى ساقلاپ قالىدىغان ئاشلىقنىلا ئېھتىياج ئىدى. مۇشۇنداق مېڭىۋەرگەندە لوئۇرې سارىيىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خېلىلا كۆلەملىشىپ قالغان ساينت ھونۇر رايونىنى، ياپپېشىل كۆكىرىپ تۇرغان بىرتاگىن مەھەللىسى بىلەن چوشقا بازىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. چوشقا بازىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ساختا پۇل ياسىغۇچىلارنى قايىنىتىپ ئۆلتۈرۈشكە ئىشلىتىدىغان قورقۇنچلۇق چوڭ قازان ئورنىتىلغانىدى. سىلەر

كورتىل مەھەللىسى بىلەن ساينت لاۋرېنت بازىرى ئارىلىقىدىكى چۆلدە چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭگە دىققەت قىلغان بولۇشۇڭلار مۇمكىن، دۆڭنىڭ تۆپىسىدىكى گىياھ ئۇنمەيدىغان تاقىر تۇزلەڭدە ئۆرە تۇرغان نەرسە يىراقتىن قارىغاندا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تۇۋرۇكتەك كۆرۈنەتتى، لېكىن ئۇ پارتېنون ئىبادەتخانىسىمۇ ئەمەس، ئولىمپىيە تېغىدىكى زېۋس ئىبادەتخانىسىمۇ ئەمەس، بەلكى لاچىنتاغ① دىكى دار ئىدى.

ئەگەر بىزنىڭ ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىنالار توغرىسىدىكى كالتە بايانلىرىمىز ئوقۇرمەنلەرنىڭ كۆڭلىدە كونا پارىژغا قارىتا تۇزۇكرەك تەسىرات پەيدا قىلالمىغان بولسا، ئۇنداقتا بىز يەنە بىرنەچچە ئېغىز گەپنى ئارتۇق قىلىپ ئومۇمىي خۇلاسە چىقىرىشقا تىرىشىپ كۆرىمىز. پارىژنىڭ مەركىزى ھېسابىدىكى بۇ ئارال شەھىرى دېڭىز تاشپاقىسىغا تازا ئوخشايتتى. تەڭگىسىمان كاھىش بىلەن يېپىلغان چوڭ كۆۋرۈكلەر دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ دۈمبىسىدىن سوزۇلۇپ چىققان پۇتلىرىدەك ئىدى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە پۇختا سېلىنغان، زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان، قىستا ـ قىستاڭ، شاۋقۇن ـ سۈرەنلىك، پەلەمپەي شەكلىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت رايونى، ئوڭ تەرىپى يېرىم يۇمىلاق ھالەتتىكى ئازادە شەھەر ئاھالىسى رايونى بولۇپ، ھەممىسى بىرمۇنچە گۈللۈك ۋە تارىخىي بىنالار بىلەن تەركىب تاپقانىدى. كونا شەھەر رايونى، ئۇنىۋېرسىتېت رايونى ۋە شەھەر ئاھالىسى رايونىدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ دائىرىگە مەرمەر تاشنىڭ ئۈستىدىكى سىزىقچىلاردەك گىرەلىشىپ كەتكەن ھەددى ـ ھېسابسىز كوچىلار يېيىلغانىدى. پوپ دۇبرىئول «ئانا سېينا» دەپ تەرىپلىگەن سېينا دەرياسى شەھەرنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى. قۇملۇق دۆمبەل، كۆۋرۈك ۋە كېمە بىلەن لىقىدە تولۇپ تۇرىدىغان بۇ دەريانىڭ تۆت ئەتراپى كەڭ كەتكەن دالا بولۇپ، ھەر

① لاچىنتاغ — پارىژدىكى قەدىمىي جازا مەيدانى، دار ۋە يەر ئاستى قەبرىستانلىقى ئىنتايىن كۆپ جاي.

خىل زىرائەتلەر تېرىلىدىغان نەچچە مىڭ پارچە ئېتىز كۆركەم مەھەللە ـ بازارلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشاتتى. سول تەرەپكە ماڭسا ئىسسى بازىرى، ۋائوگىرا بازىرى، ۋانۋار بازىرى، مونتروگ بازىرى، بارگېنتىل بازىرى قاتارلىقلار بار ئىدى، سول تەرەپكە ماڭسا يەنە ئون ئىككى يېزا ـ بازار بولۇپ، كونفىلان بازىرىدىن ئېپىسكوپ قەلئەسىگىچە بارغىلى بولاتتى. يىراق شەرق تەرەپتە ۋىنىسسىنىس ئورمانلىقى بىلەن تۆت چاسا ياسالغان يەتتە كۆزىتىش مۇنارى كۆرۈنەتتى؛ غەرب تەرەپتە بىسېترى رايونى بىلەن ئۇنىڭ چوققىلىق، بۇرجەكلىك مۇنارى كۆزگە چېلىقاتتى؛ شىمالىي ياقتا ساينت دېنىس چېركاۋى بىلەن ئۇنىڭ چوققىلىق ئۆگزىسى بار ئىدى. بۇ 1482 ـ يىلى قارا قاغىلار بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قوشغۇراق مۇنارىغا قونۇپ تۇرۇپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىغاندا كۆرگەن پارىژ ئىدى.

مۇشۇنداق بىر شەھەر ھەققىدە ۋولتېر: «لۇئى XIV تىن ئىلگىرى ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىنىڭ ئاران تۆتلا چىرايلىق بىناسى بار ئىدى» دېدى. بۇ تۆت بىنا سوربون ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىسى، مېھىر ـ شەپقەت جىلغىسىدىكى راھىبەلەر موناستىرى ۋە يېقىنقى دەۋردىكى لوئۇرې سارىيى ئىدى. تۆتىنچىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇ تىلغا ئالمىدى. ئۇ بەلكى لىيۇكسېمبۇرگ سارىيى بولۇشى مۇمكىن. ۋولتېر تەلىيىگە يارىشا ئۆزىنىڭ «ياۋاش ئادەم» ① ناملىق ئەسىرىنى يۇقىرىقى نۇقتىلار ئاساسىدا يازماي ياخشى قىلدى، بولمىسا ئۇ مۇشۇ ئىشقا كۆرە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئالۋاستىغا ئوخشاش كۈلەلەيدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بولاتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش دەل بىر ئادەمنىڭ ئۆز كەسپى بولمىغان سەنئەتتىن قىلچە خەۋەرسىز تۇرۇپمۇ يەنىلا داڭلىق تالانت ئىگىلىرىدىن بولالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

① «ياۋاش ئادەم» ــ ۋولتېرنىڭ داڭلىق رومانى، كىتابنىڭ نامى روماندىكى باش پېرسوناژنىڭ لەقىمىدىن ئېلىنغان.

موللېر رافائىل بىلەن مىكېلانجېلونى «شۇ دەۋرنىڭ مىگنارى»①
دەپ، بۇنى ئۆزىچە ئۇلار ئۇچۇن ئەڭ چوڭ ماختاش دەپ بىلگەن
ئەمەسمىدى؟

بىز يەنىلا 15 ـ ئەسىردىكى پارىژغا قايتىپ كېتەيلى !

شۇ چاغدىكى پارىژ يالغۇز چىرايلىق شەھەر بولۇپلا قالماي، قۇرۇلمىسىمۇ رەتلىك شەھەر ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىر بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن تارىخنىڭ بىرىكمىشىدىن بارلىققا كەلگەن مەھسۇلات، شۇنداقلا تاش توغرىسىدىكى يىلنامە ئىدى. ئۇ رومانىس ئۇسلۇبى بىلەن گوت ئۇسلۇبىدىن ئىبارەت قوش قاتلاملىق قۇرۇلۇشتىن تەركىب تاپقان شەھەر ئىدى. مانا ئەمدى رومانىس قاتلىمىنىڭ يوقالغىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى، جۇلىئان كۆلچىكىلا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قىلىن قاتلاملىرىغا بوي بەرمەي، تەرسالىق بىلەن ياشاپ كەلدى. كېلىتىك قاتلىمىغا كەلسەك، يەرنى ھەرقانچە كولاپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئىزنالىرىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەللىك يىل ئۆتۈپ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى يېتىپ كەلدى، ئۇ پارىژنىڭ سەلتەنەتلىك، ئۆزگىرىشچان رەتلىك قۇرۇلمىسىغا ئادەمنىڭ كۆزىنى ئالا چەكمەن قىلىۋېتىدىغان يېڭى تەسەۋۋۇر ۋە بىناكارلىق سىستېمىسىنى ئاتا قىلدى. رومانىس ئۇسلۇبىدىكى تەڭداشسىز ھالقىسىمان يۇملاق ئەگمىلەرنىڭ، يۇنان ئۇسلۇبىدىكى تۈۋرۈك ۋە گوت ئۇسلۇبىدىكى يۇملاق ئەگمىلەرنىڭ يولىنى ئاچتى. سىلىق، مۇكەممەل ئويما نەقىشلەرنى، ئەرەبچە چوڭ سۈپەت گۈللۈك بېزەكلەرنى ۋە ياپراقسىمان گۈللۈك بېزەكلەرنى، باشقا يۇرتنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان لۇتېر ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق ئۇسلۇبىنى ئېلىپ كىردى. بىۋاسىتە كۆزىتىش جەھەتتە بۇرۇنقىدەك گارمونىك تۇيغۇ ھاسىل قىلالمىسىمۇ، لېكىن مۇشۇ سەۋەبلەرگە كۆرە، پارىژ تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ

---

① موللېر (1622 ــ 1673) ــ فىرانسىيەلىك دراماتورگ. مىگنارى (1606 ــ 1668) ــ فىرانسىيەلىك رەسسام.

كەتكەندەك بولدى. لېكىن، بۇ شانلىق تارىخىي پۇرسەتنىڭمۇ قۇيرۇقىنى قوم باستى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئىككى بىسلىق خەنجەر سۈپىتىدە، بىر بىسى بىلەن ئۆي ـ ئىمارەت قۇرۇلۇشىغا ھېرىسمەن بولسا، يەنە بىر بىسى بىلەن ئۇنىڭغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىغا ئەلۋەتتە سورۇن لازىم ئىدى. شۇ تۈپەيلى گوت ئۇسلۇبىدىكى پارىژ پەقەت قىسقا مەزگىللىك مۇكەممەللىككىلا ئىگە بولالىدى. ساينت ياكوئىس دېلا بوچېر چېركاۋى پۈتمەي تۇرۇپلا، كىشىلەر كونا لوئۇرې سارىيىنى چېقىشقا تۇتۇش قىلدى.

بۇ چوڭ شەھەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەسلىدىكى ھۆسن ـ چىرايىدىن كەتتى. رومانىس ئۇسلۇبىدىكى پارىژ گوت ئۇسلۇبىدىكى پارىژنى تۇگەشتۈرۈۋىدى، ئەمدىكى نۆۋەت رومانىس ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزىگە كەلدى. بىراق، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە قانداق پارىژنىڭ دەسسەيدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟

كاتېرىن دېمېدىس دەۋرىدىكى پارىژ تۈيلېرى سارىيىدا ئىدى ①، ھېنرى II دەۋرىدىكى پارىژ گۆبېرناتور مەھكىمىسىدە ئىدى؛ بۇ ئىككى بىنانىڭ ئۇسلۇبى ھېلىمۇ شۇنداق سەلتەنەتلىك، ھېنرى IV دەۋرىدىكى پارىژ خانلىق ئوردا مەيدانىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى

① ئادەملەر بۇ گۈزەل سارايىنى كېڭەيتمەكچى، رېمونت قىلماقچى، قايتىدىن قۇرماقچى بولۇشتى، لېكىن بۇ سارايىنى ۋەيران قىلغانغا باراۋەر ئىدى. بۇ ئەھۋالدىن بىزنىڭ كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ، ئاچچىقىمىز كېلىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى مەزگىلىدىكى نادىر ئەسەرلەرگە ھازىرقى زامان ئارخىتېكتورلىرى تولىمۇ يەڭگىللىك قىلدى. بىز ئۇلاردىن قاپ يۈرەكلىك قىلماسلىقنى ئۈمىد قىلىمىز. تۈيلېرى سارىيىنى بۇزۇپ ـ چاقىمىز دېيىش ۋاندالىلىق پىيەنچۈكلەرنىڭمۇ يۈزى قىزىرىدىغان يەردە، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ياۋايى قىلمىشى مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئاسىيلىق، تۈيلېرى سارىيى 16 ـ ئەسىر سەنئىتىدىكى سەرخىل ئەسەر، 19 ـ ئەسىردىكى تارىخنىڭ بىر سەھىپىسى، بۇ ساراي پادىشاھلارغا تەئەللۇق ئەمەس، خەلققە تەئەللۇق ! ئۇ مۇقەددەس ساراي، ئەسلىي قىياپىتى بويىچە ساقلىنىپ قېلىنىشى كېرەك ! ئۇنىڭ پېشانىسىدە، يەنى ئۇنىڭ ئالدى تېمىدا ئىنقىلابتىن قالغان ئىككى تاتۇق بار. بىر تېمىغا 8 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئوق تەگكەن، يەنە بىر تېمىغا 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئوق تەگكەن.

تېمى پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلغان، تاملىرىنىڭ بۇرجىكى تاش بىلەن تۇرغۇزۇلغان، ئۆيلىرى ئۈچ خىل رەڭدە زىننەتلەنگەنىدى؛ لۇئى XIII دەۋرىدىكى پارىژ مېھىر ـ شەپقەت جىلغىسىدىكى راھىبەلەر موناستىرىدا بولۇپ، ئۇ بەھەيۋەت چوڭ قۇرۇلۇش ئىدى. ئۇنىڭ ئەگمە تورۇسى گۈل سېۋىتىنىڭ تۇتقۇچىغا ئوخشايتتى. تۈۋرۈك ئارىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇمىلاق ئايۋانلار تۆگىنىڭ لوكىسىدەك كۆرۈنەتتى؛ لۇئى XIV نىڭ دەۋرىدىكى پارىژ ھەيۋەتلىك، كۆركەم، سۈرلۈك كۆرۈنىدىغان مېيىپلەر ساناتورىيەسىدە ئىدى؛ لۇئى XV نىڭ دەۋرىدىكى پارىژ ساينت سۇلپىس موناستىرىدا ئىدى، ئۇنىڭدىكى بەزى بۇرمىسىمان پەلەمپەيلەر جۇلالىنىپ تۇرغان بۇلۇتلار، جۇخارگۈللۈك نەقىشلەر تاشتىن قىلىنغانىدى؛ لۇئى XVI نىڭ دەۋرىدىكى پارىژ پارتېنون ئىبادەتخانىسىدا بولۇپ، ئۇ رىمدىكى ساينت پېررې چېركاۋىنىڭ قاملاشمىغان تەكرار نۇسخىسى ئىدى. بۇ بىنا ئاللىقاچان سول تەرەپكە قىڭغىيىپ، تىك تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى؛ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدىكى پارىژ مېدىتسىنا تېخنىكومىدا ئىدى. قەدىمكى يۇنان بىلەن رىمنىڭ ئۇسلۇبى ئارىلىشىپ كەتكەن بۇ بىنا مىلادىيە 3 ـ يىلى مىنوس ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدىكى ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى بىلەن پارتېنون سارىيىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ناپولېئون دەۋرىدىكى پارىژ ۋېندوم مەيدانىدا بولۇپ، ئۇ يۈكسەك ۋە ئۇلۇغۋار پارىژ ئىدى، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە زەمبىرەكنى ئېرىتىپ قۇيۇپ چىققان يوغان مىس تۈۋرۈك بار ئىدى؛ قايتا تىرىلىش مەزگىلىدىكى پارىژ سودا بازىرىدا بولۇپ، زالدىكى قاردەك ئاپپاق تۈۋرۈكلەر يالاپ قويغاندەك سىلىق تامنى يۆلەپ تۇراتتى، تۆت چاسا ياسالغان بۇ قۇرۇلۇشقا يىگىرمە مىليون پۇل سەرپ بولغانىدى.

پارىژنىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا ياسالغان مەلۇم ساندىكى بۇ قۇرۇلۇشلار مەيلى ئۇسلۇب، مەيلى پاسون، مەيلى شەكىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جەھەتتە بولسۇن، بەلگىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇ بىنالار بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. لېكىن، بىلىدىغان ئادەملەر ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئوڭايلا پەرقلەندۈرەلەيتتى. تۈزىتىشكە ماھىر ھەرقانداق ئادەم بىر ئەسىرنىڭ روھىنى، بىر پادىشاھنىڭ سىياقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ دەرۋازىنى قانداق قاقىدىغان قىياپىتىنىمۇ يېڭىباشتىن بايقىيالايتتى.

شۇڭا، ھازىرقى پارىژنىڭ نوقۇل ئۇسلۇبتىكى تاشقى كۆرۈنۈشى يوق ئىدى. ئۇ بىرقانچە ئەسىرنىڭ ئۇنىۋېرسال مەنزىرىسى ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇنىڭ ئەڭ جازىبىدارلىق تەرەپلىرى كەلمەسكە كەتكەن، ئۇنىڭغا پەقەت ئۆي - ئىمارەتلەر قوشۇلغانىدى، خالاس! لېكىن بۇ ئۆي - ئىمارەتلەر قانداق ئۆي - ئىمارەتلەر بولىدى؛ پارىژنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سۈرئىتى بويىچە، ئۇ ھەر ئون بەش يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرغان بولغاچقا، بىنالاردىكى تارىخىي مەنىنىڭ بەلگىلىرىمۇ ھەر كۈنى يوقىلىپ تۈرۈشقا يۈزلەندى. خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە قۇرۇلۇشلار بارغانسېرى ئازايدى. ئادەملەر ئۇلارنىڭ ھېلىقى ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا تەدرىجىي يوقىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىنى چەكچەيتكەن ھالدا كۆرۈپ تۇردى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىلكىدىكى تاشتىن قوپۇرۇلغان پارىژ نەۋرە - چەۋرىلەرنىڭ قولىدا گەج پارىژ بولۇپ قالدى.

يېڭى پارىژنىڭ ھازىرقى قۇرۇلۇشلىرى توغرىسىدىكى گېپىمىزنى غەرەزلىك ھالدا قىسقارتىۋەتتۇق، لېكىن بۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ يوسۇندا باھا بېرىلمىسىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. سوۋفل ئەپەندى سالدۇرغان ساينت ژېنېۋيېۋى ئىبادەتخانىسى ئەلۋەتتە ساۋۋا ئۆلكىسىدىكى تاشتىن ياسالغان ئەڭ چىرايلىق تورت دېيىشكە بولاتتى. ئۆزلىرىنىڭ شانۇشەۋكىتى ئارقىلىق شەرەپ ئۇنۋانى ئالغان پولكىنىڭ بىناسىمۇ ئىنتايىن قالتىس ياسالغان تورت دېيىش كېرەك. بۇغداي بازىرىدىكى يۇمىلاق ئۆي ئەنگلىيەلىك چەۋەندازلار شوتىنىڭ ئۇچىغا ئىلىپ قويغان

كەپكىگە ئوخشايدۇ. ساينت سۇلپىس ئىبادەتخانىسىدىكى ئىككى قوڭغۇراق مۇنارى بەئەينى ئىككى چوڭ بۇرغىنىڭ ئۆزى. ئېگىلىپ سەتلەشكەن توك سىملىرى ئۆگزىدىكى ئەڭ سۆيۈملۈك زىننەت بۇيۇمى بولۇپ قالغان. ساينت روچ چېركاۋىنىڭ يوغان دەرۋازىسىغا پەقەت رېئاكۇيىندىكى ساينت توماس چېركاۋىنىڭ گۈزەللىكىلا تەڭ كېلەلەيدۇ. ئۇنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە ئەيسا ئەلەيھىسسالام رىيازەت چەككەنگە ئائىت قاپارتما ھەيكەل بىلەن ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ياغاچ قۇياشنىڭ ھەيكىلى بار، ھەر ئىككىلىسى ئىنتايىن قىممەتلىك، سەرخىل يادىكارلىق، ئۆسۈملۈك باغچىسىدىكى بۇرمىسىمان رەڭدار چىراغلارمۇ ئۇستاتلىق بىلەن ئىجاد قىلىنغان ئەسەر قاتارىغا كىرىدۇ. سودا بازىرىغا كەلسەك، ئۇنىڭ ئايلانما كارىدورى گىرېك ئۇسلۇبىدا، ئىشىك ـ دېرىزىلىرىدىكى يۇمىلاق ئەگمىلەر رىم ئۇسلۇبىدا، چوڭ ئەگمە تورۇسلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى دەۋرىدىكى ئۇسلۇبتا ياسالغان. بۇ ئىنتايىن ئۆلچەملىك، ئىنتايىن پاكىز سېلىنغان قۇرۇلۇش، تەق ـ تۇرقى ئېلىپتەك تۇز ۋە نەپىس، تۇرخۇنلىرى يارىشىملىق ھالدا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، مۇنداق كېلىشكەن ئۇسلۇب ئافېنادىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. يەنە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەرقانداق بىر قۇرۇلۇشنىڭ ئالاھىدىلىكى چوقۇم ئۇنىڭ ئىستېمال ئەمەلىيىتى بىلەن ماسلاشقان بولۇشى لازىم، ئۇنىڭ پەۋقۇلئاددە تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ئۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگۈدەك بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق ئەھۋالدا خانلىق ئوردا، تۆۋەن پالاتا، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدىغان، ھەربىي گازارما، قەبرىستانلىق، چېركاۋ، تىياتىرخانا ئورنىدىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدىغان، ھەر جەھەتتىن كارغا يارايدىغان قۇرۇلۇشنى كۆرگەن ئادەم ھەيران قالمايدۇ، بىز كۆرۈۋاتقان بۇ قۇرۇلۇش سودىغا لايىقلاشتۇرۇپ ياسالغاندەك قىلىدۇ. ھەرقانداق بىر قۇرۇلۇش يەنە كىلىماتقا ماسلىشىشىنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆزدە تۇتقان بولۇشى لازىم. سودا بازىرى روشەن ھالدا پارىژنىڭ ئىزغىرىن، يامغۇر كۆپ ياغىدىغان كىلىمات ئالاھىدىلىكىگە ماس ياسالغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ شەرق ئۇسلۇبىدىكى تۈپتۈز ئۆگزىسى بار، قىش پەسلىدە قار ياغقاندا سوپۇرۇۋەتمەك ئوڭاي، ئاپايا بىز تىلغا ئالغان كۆپ خىل ئىستېمالغا كەلسەك، بۇ قۇرۇلۇش ئۇ ئىشنى بەكمۇ ئەپلەشتۈرۈپ تاماملىغان. ئۇ فىرانسىيەدە سودا بازىرىنىڭ رولىنى ئوينىغان بىلەن، ئەگەر گېرمانىيەدە بولۇپ قالسا، ئۇلار ئۇنى چوقۇم چېركاۋ قىلىدۇ. ئارخىتېكتورلار مېڭىسىنىڭ قېتىدىكى چىقىپ كەتكۈچە ئويلىنىپ، ئالدى تامنىڭ گۈزەل سىياقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش ئېھتىماللىقى بولغان قوڭغۇراقخانىنى ئاران تەستە يېپىۋېتىشكە ئۇلگۇرگەن. بىراق، باشقىچە ئېيتساق، ناۋادا مۇشۇ سارايىنى ئايلىنىدىغان ئايلانما كارىدور بولغان بولسا، كاتتا دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈنلىرى ۋاستىچىلەر بىلەن دەللاللار تەمكىنلىك بىلەن گەپ ساتقان ۋە پو ئاتقان بولاتتى.

شەكسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پەۋقۇلئاددە يۇكسەك سەۋىيەگە يەتكەن، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان قۇرۇلۇشلاردىن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تاماشا قىلىشقا ئەپلىك، قىزىقارلىق، ھەر خىل كۆرۈنۈشتىكى ئىنتايىن چىرايلىق كوچىلارمۇ بار ئىدى. ئالايلۇق، رىۋولى كوچىسى شۇنىڭغا مىسال بولالايتتى. مۇبادا بىر كۈنى شارغا ئولتۇرۇپ پارىژغا نەزەر سېلىشقا توغرا كەلسە، ئىشىنىمەنكى كۆز ئالدىمىزدا جىمىرلاپ جىلۋە قىلىدىغان رەڭدار سىزىقلار، تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان چىرايلىق مەنزىرىلەر، كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھەر خىل شەكىللەر بولغان بولاتتى، چۈنكى ئاددىي مەنە بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئۇلۇغۋارلىق پەرۋاسىز تۇرغان چاغدىكى گۈزەللىكتىن كېلەتتى.

لېكىن، سېنىڭ بۇگۈنكى پارىژنى قانچىلىك ماختىسا ئەرزىيدۇ دەيدىغان ھېسسىياتتا بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، مەن

يەنىلا سېنىڭ قەلبىڭدە 15 ـ ئەسىردىكى پارىژنى قايتا قۇرۇپ چىقىشىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن! ئەقىلنى لال قىلىدىغان شۇنچىۋالا كۆپ چوقىلىق ئۆگزىلەر، ئېگىز مۇنارلار ۋە قوڭغۇراقخانىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئالتۇندەك چاراقلاۋاتقان قۇياش نۇرىنى كۆزىتىش كېرەك ئىدى؛ يىلاننىڭ قاسىرىقىدەك تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان سېينا دەرياسىنى، ئۇنىڭ سېرىق رەڭ بىلەن يېشىل رەڭگە مايىل دولقۇنلىرىنىڭ بۇ كىگانت شەھەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن كۆۋەجەپ ئېقىپ ئۆتكەنلىكىنى، ئارالدىكى قىيا تاشلارغا ئۇرۇلۇپ پارچىلانغانلىقىنى، كۆۋرۈكنىڭ گۈندىسىغا سوقۇلۇپ تەرەپ ـ تەرەپكە چاچرىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش كېرەك ئىدى؛ قېنىق ھاۋا رەڭلىك ئاسمان گۈمبىزىگە قەدىمكى پارىژنىڭ گوت ئۇسلۇبىدىكى سىيماسىنى، ئۇنىڭ سان ـ ساناقسىز تۇرخۇن يېنىدىكى قويۇق مانا لەيلىگەندەك كۆرۈنىدىغان قىياپىتىنى، يەنە ئۇنىڭ تۇن قاراڭغۇسى ئىچىدە غايىب بولۇۋاتقان ئەھۋالىنى سىزىپ چىقىش كېرەك ئىدى؛ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ سىرلىق ئوردىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىنالار ئارىسىدا بىر ـ بىرىنى يوقىتىۋاتقانلىقىنى ۋە بىر ـ بىرىنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى، يورەكنى ئوينىتىدىغان گۈزەل بىر مەنزىرىنى پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش كېرەك ئىدى؛ ئاينىڭ غۇۋا يورۇقىنى باشلاپ كېلىپ، ئاۋۇ ئېگىز مۇنارلارنى تۇمان قوينىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چىقالايدىغان قىلىش كېرەك ئىدى؛ ياكى بولمىسا، پارىژنىڭ قارا رەڭلىك رۇخسارىنى يەنە بىر مەرتىۋە نامايان قىلىپ، ئۆتكۈر بۇرجەكلىرىنى كۆز ـ كۆز قىلىۋاتقان چوققىلىق ئۆگزىلەر بىلەن چوققا تاملارنى قايتىدىن زۇلمەت ئىچىگە چۆكتۈرۈۋېتىش، كۈن ئولتۇرۇپ گۇگۇم چۈشۈۋاتقان چاغدىكى كۆك پەردىسىدە ئۇلارنىڭ ئاكۇلا چىشىدەك ئېگىز ـ پەس كۆلەڭگىسىنى ئاپىرىدە قىلىش كېرەك ئىدى. ئاندىن، قەدىمكى پارىژ بىلەن بۈگۈنكى پارىژنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا بولاتتى!

ناۋادا سەن ھازىرقى پارىژ ساڭا بىرەلمەيدىغان تەسىراتنى قەدىمكى پارىژدىن ئىلىشقا نىيەت قىلساڭ، ئۇنداقتا كاتتا بايرام ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر كۈنى، ئالايلۇق پاسخا بايرىمى، تروئىتسا بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەتىگەنلىكى تاڭ قۇياشى شەرقتىن كۆتۈرۈلۈش بىلەن تەڭلا پارىژنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولىدىغان ئېگىز بىر يەرگە چىقساڭ، ئەتىگەنلىك قوڭغۇراقنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى، قۇياش نۇرى بىلەن پۈركەنگەن زەڭگەر ئاسماننى كۆرگىلى بولاتتى. مىڭلىغان چېركاۋدىن كېلىۋاتقان قوڭغۇراق ئاۋازى بىر چېركاۋدىن يەنە بىر چېركاۋغا يېتىپ باراتتى، بەجايىكى سازەندە مۇزىكا باشلىنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندەك ئەھۋال يۈز بېرەتتى. دەسلىپىدە ھەربىر قوڭغۇراقنىڭ تىترەك ئاۋازى تاڭ نۇرى بىلەن زىننەتلەنگەن كۆك ئاسمانغا ئۆرلەيتتى. ئارقىدىنلا، قوڭغۇراق ئاۋازلىرى بارغانسېرى كۈچىيىپ، تەدرىجىي يوسۇندا بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشاتتى، بىر - بىرىگە سىڭىپ كېتەتتى، بىرىپ - بىرىپ ھەيۋەتلىك بىر سىمفونىيەنى ھاسىل قىلاتتى. مۇنداق چاغدا بىرلا گەۋدىدىن چىقىۋاتقان مۇزىكىلىق رېزونانس سان - ساناقسىز قوڭغۇراقخانىدىن ئۇزۇلمەي كۆتۈرۈلۈپ، پارىژنىڭ ئاسمىنىنى بىر ئالاتتى، ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى، دەبدەبىلىك تىترەڭگۈ ئاۋازنى ئۈپۈقچە ئېلىپ باراتتى. ھالبۇكى، بۇ گارمونىك ئاۋاز دېڭىزىدىن ھېچقانداق ئەبجەش نەرسىنى تاپقىلى بولمايتتى. قانچە پايانسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يەنىلا شۇنداق سۈزۈك، غۇبارسىز بىلىنەتتى. سەنمۇ شۇ تۇرقۇڭدا توپ - توپ نوتىلارنىڭ ھەربىر قوڭغۇراقتىن شۇنچىكى ناز - كەرەشمە بىلەن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلەلەيتتىڭ، ياغاچ كولدۇرما ۋە غايەت زور قوڭغۇراقتا ھەمدەم بولۇپ گاھ چىرقىراق، گاھ بوغۇق ئاۋازلىق بىلەن ماسلاشقان بولاتتى؛ نوتىلار كۈمۈش قوڭغۇراقلاردىن لەرزان قەدەم تاشلاپ، جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئۇچۇپ چىقىۋاتقاندەك، ياغاچ كولدۇرمىلاردىن بوغۇلۇپ،



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىترەپ، مۆدۈرۈپ ـ سوقۇلۇپ چىقىۋاتقاندەك دىققىتىڭنى تارتاتتى؛ سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ساينىت ئىئوستاش چىركاۋىدىكى يەتتە قوڭغۇراقتىن گاھ پەسكويغا چۈشۈپ، گاھ يۇلقۇنۇپ، گاھ چىپپىدە توختاپ قىلىپ، گاھ شارتتىدە ئۇلىنىپ چىقىۋاتقان، تىنىمسىز ئۆزگىرىش ياساۋاتقان پەللىدىن ئالاھىدە مەمنۇن بولغان بولاتتىڭ؛ ئاۋۇ ياقتىن ساينىت مارتىن چىركاۋىنىڭ خىرىلداپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلىرى، بۇياقتىن باستىلىيە تۈرمىسىدىكى ئېچىنىشلىق، مۇڭلۇق مۇزىكا ئاھاڭلىرى، يەنە بىر ياقتىن لوئۇرې سارىيىدىكى چوڭ قوڭغۇراق مۇنارىدىن كېلىۋاتقان ئەر ناخشىچىنىڭ تۆۋەن ئاۋازلىق ناخشىسى، كونا ئوردىدىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقىلاتتى. بۇۋى مەريەم چىركاۋىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدىكى قوڭغۇراق ئاۋازى خۇددى بولقىنىڭ زەربىسى تۈپەيلى سەندەلدىن ئۇچۇۋاتقان ئۇچقۇنغا ئوخشاش چاچرايتتى. ساينىت گېرمائىن دېسپىرېس چىركاۋىدىكى مۇزىكىلىق قوڭغۇراقتىن توختىماي كېلىۋاتقان ئۈچ قاتلاملىق مۇزىكىنىڭ ھەر خىل ئاھاڭلىرى قۇلاققا كىرەتتى. بۇ ھەيۋەتلىك مۇزىكىنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئورۇنلىنىدىغان مەرغۇللىرى ئارىسىغا بۇۋى مەريەم موناستىرىدىكى بۇۋى مەريەمگە بېغىشلانغان مۇناجات قىستۇرۇلغان بولاتتى. ئۇ خۇددى يۇلتۇز بىلەن بېزەلگەن تاجغا ئوخشاش گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. تۆۋەندە، مۇشۇ سىمفونىيەنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا چىركاۋ ئىچىدىكى ناخشا ئاۋازلىرىدىن ئەگمە تورۇسلاردىكى تىترەۋاتقان بوشلۇقنى بويلاپ سىرغىپ چىقىۋاتقان ئاھاڭلارنىڭ بارلىقىنى خىرە ـ شىرە پەرق قىلغىلى بولاتتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاشقا ئەرزىگۈدەك ئوپېرا ئىدى. ئادەتتىكى كۈندۈز كۈنلىرى پارىژدىن ئاڭلىنىدىغىنى شاۋقۇن ـ سۈرەن، گۇلدۇر ـ غالاپ ئاۋازلار بولاتتى، مۇنداق چاغدا شەھەر سۆزلەيتتى؛ كېچىسى شەھەر ئارامخۇدا نەپەس ئالاتتى؛ ئەمدىلىكتە بولسا شەھەر ناخشا

www.uyghurkitap.com

ئېيتماقتا ئىدى. مۇشۇ دەقىقىدە مۇزىكىلىق قوڭغۇراقلاردىن تەڭ قەدەم بىلەن چىقىۋاتقان سادالارغا قۇلاق سال! بەش يۈز مىڭ ئادەمنىڭ پىچىر - پىچىرلىرىنى ئاڭلاپ باق! سېپىنا دەرياسىنىڭ ھەسرەت - نادامىتىنى، مەيىن شامالنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ئىزتىراپلىرىنى، ئۇپۇقتا يېقىن تاغ چوققىلىرىدىكى تۆت ئورمانلىقنىڭ فىسگارموندا ئورۇنلاۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتقان مۇڭلۇق تۆت قاتلاملىق ئاھاڭنى تىڭشاپ كۆر! دەپ باققىنا، قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن كولدۇرما ئاۋازىنىڭ بىرىكمىسى ئالدىدا، مۇزىكىنىڭ مۇشۇ گىگانت پىچى ئالدىدا، يەر يۈزىدىن ئۈچ يۈز غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى بۇلۇت قوينىدا بىرلا ۋاقىتتا ياڭراۋاتقان بىرونزا قوڭغۇراقلار ئالدىدا، سېپى ئۆزىدىن ئوركېستىرغا ئوخشاپ قالغان مۇشۇ چوڭ شەھەر ئالدىدا، گۈرۈلدەپ سوقۇۋاتقان بوران - چاپقۇندەك مۇشۇنداق بىر سىمفونىيە ئالدىدا بۇنىڭدىنمۇ سەلتەنەتلىك، بۇنىڭدىنمۇ شانلىق، بۇنىڭدىنمۇ يارقىن بىرنەرسە بۇ دۇنيادا بارمىدۇ؟

# تۆتىنچى باب

## 1. ئاق كۆڭۈل ئادەملەر

مۇشۇ ھېكايە يۈز بەرگەن دەۋردىن ئون ئالتە يىل ئىلگىرى، پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، پارىژ بۈۋى مەريەم چېركاۋىدا سەھەرلىك مىسسانى تۈگەتكەن كىشىلەر چېركاۋنىڭ ئالدى كارىدورىنىڭ سول تەرىپىدىكى سايىنت كىرىستوپىنىڭ ھەيكىلى ئالدىدىكى ياغاچ كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇلغان بىر بوۋاقنى كۆرۈپ قالدى. چەۋەنداز ئانتونى دېس ئېسار جانابلىرىنىڭ تاش ھەيكىلىمۇ 1413 ـ يىلىدىن باشلاپ تاكى ئادەملەر ئۇنى قىلچە ھېيىقمايلا چېقىۋەتكەنگە قەدەر ئاشۇ چوڭ ھەيكەلنىڭ ئالدىدا تىزلانغان پېتى تۇرىۋەرگەنىدى. شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە بۇ يەردىكى ياغاچ كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇلغان بوۋاق رەھىمدىل جامائەتنىڭ ئۆزىنى بېقىۋېلىشىغا ئىنتىزار ئىدى. ياغاچ كارىۋاتنىڭ ئالدىدا ئادەملەر ئاتىغانلىرىنى سېلىپ قويسا بولىدىغان مىس جاۋۇر بار ئىدى.

مىلادىيە 1467 ـ يىلى پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، بۇ يەردىكى ياغاچ كارىۋاتقا تاشلاپ قويۇلغان ھېلىقى بوۋاق ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغانلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ قويغاندەك قىلاتتى. چۆرىدەپ تۇرغانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاياللار ئىدى. بولۇپمۇ يېشى چوڭ ئاياللار كۆپ ئىدى.

ھەممىنىڭ ئالدىدا ياغاچ كارىۋاتقا يېقىنراق تۇرغان تۆت ئايال بوۋاقنىڭ ئۈستىگە بەكرەك ئېگىشتى. بۇ ئاياللارنىڭ كۈل رەڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

رومىلى ۋە قارا نىمچىسىدىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ بىرەر خەير ـ ساخاۋەت كوللېكتىپىدىكى ئايال مۇدىرلاردىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. لېكىن، ھۆرمەتكە سازاۋەر سىرلىق بۇ تۆت ئايالنىڭ نام ـ شەرىپى نېمىشقىدۇر بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى غەلىتە ئىش ئىدى. ئۇلار ئاگنېس لاھېرىم، ژاننى دېلا تارمى، ھېنرىيت لاگۋالتىر، گۋاشىر لاۋئىولىت بولۇپ ھەممىسىلا تۇل ئاياللاردىن ئىدى. ئۇلار ئېتىن ھوۋادرى چېركاۋىدىن شۇ يەردىكى ئاقساقاللارنىڭ تەلىپى بويىچە پېررىي داللىنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاشقا كەلگەن راھىبەلەر ئىدى.

لېكىن، بۇ تۆت راھىبەنىڭ ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاشقا كېلىشى پېررىي داللىنىڭ ئەھكاملىرىغا ئىتائەت قىلغانلىقتىن بولغان دېيىلسە، ئەمدىلىكتە ئۇلار قىن ـ قىنىغا پاتماي خۇشال بولۇپ مىچىل دېبىراك بىلەن پىسادىكى كاردىنالنىڭ خالىغانچە گەپ قىلماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلماقتا ئىدى.

ـــ ئاچا، نېمە بۇ؟ ـــ ئاگنېس گۋاشىردىن سورىغاچ كارىۋاتتا تۇگۇلۇپ ياتقان كىچىك جانلىققا سەپسالدى. قارىماققا ئۇ جانلىق شۇنچىۋالا جىق ئادەمنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەندەك ئىدى.

ـــ ناۋادا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بالا تۇغسا، ـــ دېدى ژاننى، ـــ بۇ زامان نېمە بولۇپ كېتەر؟

ـــ بالا تۇغۇشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، ـــ دېدى ئاگنېس، ـــ لېكىن، مۇشۇنداق بىر بالىغا تىكىلىپ قاراشنىڭ ئۆزىلا گۇناھ!

ـــ ئۇنىڭ ھېچبىرىمۇ ئادەم بالىسىغا ئوخشىمايدۇ، ئاگنېس.

ـــ چالا تۇغۇلغان مايمۇندەك قىلىدۇ، ـــ دېدى گۋاشىر تازا ئوبدان بىر قارىۋېلىپ.

ـــ غەلىتە ئىشقۇ بۇ! ـــ دەپ قوشۇپ قويدى ھېنرىيت

لاگۋالتىر.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئاگنېس ئۇلارنىڭ سەمىگە سېلىپ، — لۇتېر يەكشەنبىسىدىن كېيىن ئۇچىنچى قېتىم يۈز بەرگەن مۆجىزە دېيىش كېرەك. بىر ھەپتە ئىلگىرى ئاۋبىر ۋىلللىردا ئۆز روھىنى نامايان قىلىپ، ئىخلاسمەن مۇخلىسلارنى مازاق قىلغۇچىنى ئېغىر جازالىغان، بۇ يەنە مۇشۇ ھەپتىدىكى ئىككىنچى مۆجىزە ئىدى!

— تاشلاندۇق بۇ بالا بەتبەشىرە مەخلۇقنىڭ ئۆزىلىغۇ! — دېدى ژاننى.

— ئۇنىڭ يىغىسىدىن بىبلىيە ئوقۇيدىغانلارمۇ قورقۇپ زوۋانى تۇتۇلۇپ قالغۇدەك، — دېدى گۋاشىر ژاننىنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا، — ئۇنىڭغا پەس قىل، شۇمتەك!

— ئاڭلىسام رېيمىسنىڭ ئېپىسكوپى بۇ مەخلۇقنى پارىژنىڭ ئېپىسكوپىغا بەرگەنمىش! — دېدى لاگۋالتىر ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە، — دېدى ئاگنېس لاھېرم، — ئۇ بىر ھايۋان، ياۋايى ھايۋان، يەھۇدىيلاردىن ياكى مېكىجىندىن تۇغۇلغان نەرسە، ئەيتاۋۇر ئۇ غەيرىي دىنىدىكىلەرنىڭ پۇشتى، كۆيدۇرۇۋېتىش ياكى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك!

— بىرەرى بېقىۋالمىسا ياخشى بولاتتى، — دېدى لاگۋالتىر.

— ئاھ، خۇدا! — توۋلاپ كەتتى ئاگنېس، — مۇبادا ئادەملەر بۇ غەلىتە مەخلۇقنى ئېپىسكوپ جانابلىرىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى دەريا بويىدا تۇرۇشلۇق يېتىملەر مەكتىپىگە باققىلى بەرسە، ئۇ يەردىكى ئېمىكئانىلارنى نەس باسىدۇ دېگەن گەپ. ماڭا نۆۋەت كېلىپ قالغان بولسا، ئۇنى ئەمەس، يالماۋۇزنىلا ئېمىتكەن بولاتتىم.

— ئاگنېس، — دېدى ژاننى، — تولىمۇ ساددا ئىكەنسەن! — بۇ مەخلۇقنىڭ ھېچبولمىغاندا تۆت ياشلىق بالا ئىكەنلىكىگە كۆزۈڭ يەتمىدىمۇ؟ ئۇ چوقۇم سۈت ئەمگەندىن گۆش يېگەننى

www.uyghurkitap.com

ياخشى كۆرىدۇ.

دەرۋەقە «بۇ كىچىك شۇمتەك» (بىزنىڭ ئۇنىڭغا باشقا ئات قويۇش ئىمكانىيىتىمىز يوق ئىدى) ئەمدىلەتىن تۇغۇلغان بوۋاق ئەمەس، بەلكى تاغار ئىچىدىكى تۆت ئەزايى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان ھەرىكەتچان گۆش ئىدى. تاغارنىڭ ئاغزىدىن ئۇنىڭ بېشىنىلا كۆرگىلى بولاتتى. تاغارنىڭ سىرتىغا شۇ چاغدىكى پارىژ ئېپىسكوپى گۇئىللائۇم چارتىرنىڭ باش ھەرپى يېزىپ قويۇلغانىدى. كۆرۈنۈپ تۇرغان ھېلىقى باش قانچىلىك سەت دېسە، شۇنچىلىك سەت ئىدىكى، ئۇنىڭدىن پەقەت بىر تۇتام قىزىل چاچنى، بىرلا كۆزنى، ئېچىلىپ تۇرغان ئاغزىنى ۋە ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە تال چىشنى پەرق ئېتىش مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقاتتى، ئاغزىدىن يىغا ئاۋازى چىقاتتى، چىشلىرى بىرەرنى چىشلەيدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنى تاغارنىڭ ئىچىدە يۇلقۇناتتى. توۋا دەپ ياقىسىنى تۇتقان ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيدى، كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

قول ئىلكىدە بار ئېسىلزادە خېنىم ئالوئىس دې گوندىلاۋۇر شىلەپىسىنىڭ جىيىكىدىن ئۇزۇن رومىلى ساڭگىلاپ تۇرغان ئالتە ياش چامىسىدىكى چىرايلىق بىر قىزنى يېتىلىگەن ھالدا كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن ھېلىقى شور پېشانە كىچىك مەخلۇققا سەپسالدى. يېپەك ۋە ماۋۇق تىۋىت كىيىملەرگە پۈركەلگەن ئوماق قىز فلوئىر دې لىس نازۇك بارماقلىرى بىلەن كارىۋاتقا يىل بويى ئېسىقلىق تۇرىدىغان تاختاينى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىكى «تاشلاندۇق بالىلارنى قويۇش ئورنى» دېگەن خەتلەرنى ئوقۇدى.

ھېلىقى خانىم كۆڭلى ئاينىغاندەك بولۇپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن پېتى كەينىگە ئۆرۈلدى.

— قانداق گەپ بۇ! ئادەملەرنىڭ كىچىك بالىنى بۇ يەرگە قويۇپ قويغىنى نېمىسى!

ئۇ مىس جاۋۇرغا بىر تال كۈمۈش تەڭگىنى تاشلاپلا يولىغا

راۋان بولدى. كۈمۈش تەڭگە بىرنەچچە مىس يارماقنىڭ ئارىسىدا باشقىچە كۆرۈندىمىكىن، ئىتتىن ھۇۋادرى چىركاۋدىن كەلگەن تۆت نامرات راھىبەنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

ھايالسىزلا خان جەمەتىنىڭ سۆرلۈك، لېكىن كۆپ ئىشنى بىلىدىغان دىنىي ئىشلار كاتىپى روبېرت مىستىرىكول بىر قولىدا پومپىيىپ كەتكەن مىسسا كىتابىنى تۇتۇپ، بىر قولىدا ئايالى گوئىللىمىت مايرېسنى يۆلەپ توپىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالدى.

— تاشلىۋېتىلگەن بۇ بالا، — دېدى روبېرت بوۋاققا تازا بىر قارىۋېلىپ، — فىلېگتون دەرياسىنىڭ بويىدىن تېپىۋېلىنغاندەك قىلىدۇ!

— يەنە كېلىپ يەكچەشمە، — دېدى گوئىللىمىت خانىم، — بىر كۆزىنىڭ ئورنىغا ئۆسمە ئۆسكەن!

— ئۇ ئۆسمە ئەمەس، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى روبېرت مىستىرىكول، — ئۇ دېگەن تۇخۇمدان. ئۇنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىرنەرسە بار. ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇنداق بىر تۇخۇمدان بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوخشاشلا بىر سەت نەرسە بار بولىدۇ. ئۇ نەرسە يوغىناپ ...

— بۇنى نەدىن بىلىسىز؟ — گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى گوئىللىمىت مايرېس.

— مەن ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى دىنىي ئىشلار كاتىپى جاۋاب ئورنىدا.

— كاتىپ ئەپەندى، — دېدى گۋاشىر — تاشلىۋېتىلگەن مۇنداق بوۋاق نېمىنىڭ بېشارىتى؟

— ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكنىڭ بېشارىتى! — دېدى مىستىرىكول.

— خۇدا ئۆزۈڭ بار! — دەۋەتتى توپ ئىچىدىكى بىر موماي، — ئۆتكەن يىلقى پەۋقۇلئاددە چوڭ ۋابا كېسەللىكىمۇ بىكارغا يۈز بەرمەپتىكەن - دە! مۇشۇ كۈندە ئادەملەر ئەنگلىيە ئارمىيەسى پات ئارىدا ئالفرې ئارقىلىق قورۇقلۇققا چىققۇدەك دېيىشىدۇغۇ!

— خانىش بولىدىغان قىزمۇ 9 - ئايدا پارىژغا كېلەلمەيدۇ، دەڭلار ! — دېدى يەنە بىرى.
— تىرىكچىلىك تەسكە توختايدىغان بولدى - دە،
— مېنىڭچە، — دېدى ژاننى دېلا تارمى، — پارىژ پۇقرالىرىنى دېسە بۇ بالىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتسە بولىدۇ، بۇ ئۇنىڭ بۇ يەردە ياتقىنىدىن ياخشىراق !
— ئوتتۇننى جىقراق قالاش كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى ھېلىقى موماي.
— بولىدىغان گەپ، — دېدى مىستىرىكول.
توپ ئىچىدىكى ياش بىر مىسسىيونېر راھىبەلەرنىڭ ۋە دىنىي ئىشلار كاتىپىنىڭ سۆزلىرىنى بىرھازاغىچە ئاڭلاپ تۇردى. ئۇ چىرايى سۇرلۇك، پېشانىسى كەڭ، ئورا كۆزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ گەپ قىلماي لا توپنى يېرىپ ئۆتۈپ، ھېلىقى «كىچىك مەخلۇق»قا زەن سېلىپ قاراپ چىقتى، ئارقىدىنلا قولىنى بالىنىڭ بېشىغا ئۇزارتتى. بۇ دەل ۋاقتىدا بولۇۋاتقان ئىشتەك قىلاتتى. چۈنكى، ھېلىقى تەقۋادار راھىبەلەر كۆرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاغزىنى تەمشىگىلى تۇرۇشقانىدى.
— بۇ بالىنى مەن بېقىۋالىمەن، — دېدى ھېلىقى پوپ.
ئۇ شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، بالىنى تونىنىڭ ئىچىگە يۆگەپلا توپتىن ئايرىلدى. چۆرىدەپ تۇرغانلار كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. پوپ ھايال ئۆتمەيلا قىزىل قاناتلىق دەرۋازىنىڭ يېنىدا كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ شۇ چاغلاردا بۈۋى مەريەم چېركاۋىدىن موناستىرغا تۇتىشىدىغان كارىدور ئىدى.
ژاننى دېلا تارمى ئېيسىنى يىغىپ لاگۋالتېرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:
— ئاچا، مەن سىزگە بۇ ياش مىسسىيونېر كلاۋدې فروللونى پېرىخون دېگەندىم، ئېسىڭىزدە باردۇ؟

# 2. كلاۋدي فروللو

كلاۋدي فروللو ھەقىقەتەن ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيەگە تەئەللۇق، يېقىنقى زامان تىلى بويىچە ئالغاندا ئالىي دەرىجىلىك شەھەر پۇقراسى ياكى كىچىك ئاقسۆڭەكلەردىن ئىدى. بۇ ئائىلە موناخ پاكلىبتىنىڭ قولىدىكى ئەسلىدە پارىژنىڭ كاردىنالىغا قارايدىغان تىرىكاپتىكى سۇيۇرغاللىق يەرگە ۋارىسلىق قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى يىگىرمە بىر كورپۇس ئۆيىنىڭ جېدەل ـ ماجىراسى 13 ـ ئەسىردىن تارتىپ ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقانىدى. مۇشۇ سۇيۇرغاللىق يەرلەرنىڭ ئىگىسى كلاۋدي فروللو پارىژ ۋە ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى يەر ـ زېمىنىنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تالىشىدىغان بىر يۈز قىرىق بىر نەپەر ئاقسۆڭەكنىڭ بىرى بولغاچقا، ئادەملەر ئۇنىڭ نام ـ شەرىپىنىڭ تانكارۋىل سارىيى (فرانس لېزىر جانابلىرىنىڭ تەئەللۇقاتى) بىلەن دوۋر ئىنىستىتۇتى ئارىلىقىدىكى ساينت مارتىن چېركاۋىنىڭ ئارخىپىدا تىزىملاقلىق ئىكەنلىكىنى بۇرۇنلا بىلگەن يەردە ئىدى.

كلاۋدي فروللونىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ تېخى كىچىك چېغىدىلا ئۇنى ئۆمۈرۋايەت دىنىي ۋەزىپە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، دەپ كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ لاتىن تىلىنى، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يول مېڭىشنى، ئۇنىنى پەس قىلىپ سۆزلەشنى ئۆگەندى. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى بالدۇرلا ئىنىستىتۇت رايونىدىكى تورچ ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىگە ئوقۇشقا بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مىسسا دەستۇرى بىلەن لۇغەت دۆۋىسى ئارىسىدا چوڭ بولدى.

ئۇ غەمكىن، ئەستايىدىل، ھەرقانداق ئىشقا جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان بالا بولۇپ چىقتى. تىرىشىپ ئۆگەندى، ئۆگەنگەن

نەرسىلەرنى تېز ئۆزلەشتۈردى. دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇستە ۋارقىراپ ـ جارقىرايدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. فوۋارى كوچىسىدىكى پىيەنچۈكلەر بىلەنمۇ ئاپاق ـ چاپاق بولمىدى. «باشقىلارنىڭ يۈزىگە كاچاتلاش ۋە بىر ـ بىرىنىڭ چېچىدىن تارتىش» دېگەننىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمىدى. 1463 ـ يىلىدىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن «ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى ئالتىنچى قېتىملىق غەلىيان» دەپ ئاتالغان توپىلاڭدىمۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. مونتايگۇدىكى باشقىلار «كىچىك تېجىمەل» دەپ لەقەم قويغان نامرات ئوقۇغۇچىلارنى زاڭلىق ئېتىدىغان ئىشلارنى قىلمىدى. كۆل رەڭ، ھاۋا رەڭ، بىغىر رەڭ رەختلەردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن فورمىلارنى كىيىپ ھۆكۈمەت راسخوتى بىلەن ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۈستىدىن كۈلۈپمۇ يۈرمىدى.

ئەكسىچە، ئۇ ساينت ژان دې بوۋايس كوچىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ دەرس ئاڭلىدى. ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئالىم ساينت پېررې دې ۋال ھەر نۆۋەت دىنىي قائىدە ـ قانۇنلاردىن دەرس سۆزلەيدىغان چاغدا، كلاۋدې فروللو ئۇنىڭ كۆزىگە بىرىنچى بولۇپ چېلىقىدىغان ئوقۇغۇچىغا ئايلاندى. ئۇ ۋەز مۇنبەرگە ئالدىنى قىلىپ، تاش تۈۋرۈككە يۆلەنگەن ھالدا ئولتۇراتتى ـ دە، بىر قولىدا سىياداننى تۇتۇپ، قەلىمىنىڭ سىپىنى چىشلەپ، دەپتەرنى ئۇپراپ ھالى قالمىغان ئىشتاننىڭ تىزىغا قويۇپ خەت يازاتتى. قىش كۈنى مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن قولىنى ھورداپ تىنمايتتى. ھەر دۈشەنبە ئەتىگەندە، كېۋ ساينت دېنىس مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلغاندا، تېئولوگىيە دوكتورى مىلېس دىلىسلىر كلاۋدې فروللونىڭ مەكتەپ دەرۋازىسىغا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ بىرىنچى بولۇپ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرەتتى. بۇ مىسسىيونېر ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئون ئالتە يېشىدىلا تېئولوگىيە پەنلىرى بويىچە ھەرقانداق بىر چېركاۋدىكى پوپ

بىلەن تەڭ ئۇلتۇرۇپ، تەڭ قوپالايدىغان دەرىجىگە يەتتى. تېئولوگىيە جەھەتتە پارلامېنتتىكى پوپلار بىلەن مۇنازىرىلىشەلەيدىغان بولدى، پېداگوگىكا جەھەتتە سوربون ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىدىكى ھەرقانداق دوكتور بىلەن يۇقىرى - تۆۋەنلىكنى تالىشالايدىغان دەرىجىدە بىلىم ئىگىلىدى.

ئۇ مۇشۇ دەرسلەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىن قانۇن ئىلمى بىلەن ھەپىلىشىپ باقتى. «ھېكمەت دانىشمەنلىرى» بىلەن «چارلېمانىنىڭ قانۇنلىرى»غا قەدەر ئوقۇدى. بىلىم ئېلىش ئىستىكى كۈچىيىپ، ھېسپالدىكى ئېپىسكوپ تېئودۇرنىڭ دىنىي يارلىقلىرىنى، ۋورمدىكى ئېپىسكوپ بۇكاردنىڭ دىنىي يارلىقلىرىنى، كارتىردىكى ئېپىسكوپ يوئىسنىڭ دىنىي يارلىقلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگەندى. پاپا گىرىگورى XI نىڭ تاللانغان ماقالىلىرىنى، ھونۇرى III نىڭ «تەپەككۇر يۇكسەكلىكى»نى ئوقۇپ چىقتى. 618 - يىلىدىكى ئېپىسكوپ تېئودۇردىن باشلاپ 1227 - يىلىدىكى پاپا گىرىگورىغىچە بولغان ئارىلىقتا ھەرىكىم ھەرنېمە دەپ، بىر - بىرىگە يول قويماي قالايمىقانلىشىپ كەتكەن يۇقىرىلار قانۇنى بىلەن دىنىي قانۇنلارنى زىر - زەۋەرىگىچە ئىگىلەپ، ھەممىسىنى ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك ئېنىق سۆزلىيەلەيدىغان بولدى.

قانۇن دەستۇرلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۇ نىشانىنى مېدىتسىنا بىلەن ئەركىن پەنلەرگە يۆتكىدى ①. ئۆسۈملۈك دورا ئىلمى، مەلھەم دورا ئىلمى، تەرلەش كېسەللىكى، يىقىلىپ زەخىملىنىش، قان چىرىش كېسەللىكى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى. ياكوئىس دىسپار ئۇنى ئىچكى كېسەللىكلەر دوختۇرى دېسە، رىچارد ھىللايىن تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى دەپ ماختىدى. ئۇ مىسسىيونېرلىقتىن ئۆتۈپ ئوقۇتقۇچى، ئىلىم - پەن ساھىبى بولۇپ قالدى. ئۇ لاتىن تىلىنى، گىرېك تىلىنى ۋە

① ئەركىن پەنلەر ئوتتۇرا ئەسىردە گىراماتىكا، لوگىكا، ئىستىلىستىكا، گېئو- مېترىيە، مۇزىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىبرانىي تىلىنى ئۆگەندى. بۇ شۇ چاغلاردا ناھايىتى ئاز ئادەملەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئىدى. ئۇ بىلىم ئىگىلەش ۋە ئۇنى جۇغلانما قىلىش جەھەتتە كەم ـ كوتىسىز سەۋدايى بولدى. ئون سەككىز يېشىدا تۆت پەن بويىچە كامالەتكە يەتتى. بۇ ياش يىگىتنىڭ تۇرمۇشىدا ئۆگىنىشتىن بۆلەك مەقسەت يوقتەك ئىدى.

ئالاھازەل مۇشۇ ۋاقىتتا، يەنى 1466 ـ يىلىدىكى ھەددىدىن زىيادە پىژغىرىم ياز پەسلى بىر قېتىملىق ۋابا كېسەللىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. پارىژنىڭ ۋىكونتىغا تەۋە قىرىق مىڭدىن كۆپرەك ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلدى. ژان دې تىروۋىسنىڭ خاتىرىلىگەنلىرى بويىچە «پادىشاھنىڭ ئارنول ئەپەندىدەك سەمىمىي، ئەقىللىك، خۇشخۇي ئادەم»مۇ بۇ بالا ـ قازادىن ئامان قالمىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئىنستىتۇت رايونىدىكى ۋابا كېسەللىكى قاتتىق يامراپ كەتكەن جاي تىركاپ كوچىسى بولۇپ، كلاۋدىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇشۇ كوچىدىكى ئۆزلىرىگە تەئەللۇق سۇيۇرغاللىق يەردە ئىدى. ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ چۆچۈپ كەتكەن بۇ ياش ئالىم شاپاشلىغان پېتى ئاتا ـ ئانىسى تۇرۇشلۇق ئۆيگە يېتىپ باردى. لېكىن، ئۇلار ئالدىنقى كۈنى كەچتىلا ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. يۆگەكتىكى كىچىك ئىنىسىلا ھايات قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يۆگەكتە يېتىپ يىغلىغىنى يىغلىغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ كلاۋدىنىڭ بىردىنبىر قېرىندىشى بولۇپ قالدى. ياش يىگىت بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئېغىر غەم ـ قايغۇ ئىچىدە ئۆيدىن چىقتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھاياتلىقنى بىلىم ئىگىلەش دەپلا بىلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە تۇرمۇش بىلەن تونۇشۇشقا قەدەم قويماي بولمىدى.

بۇ قېتىمقى ئاپەت كلاۋدىنىڭ ھاياتىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. دېمەك، ئۇ ئون توققۇز يېشىدا ھەم قارا يېتىم، ھەم ئىنىسىغا ئاكا بولۇپ، ئائىلە باشلىقلىق يۈكىنى زىممىسىگە ئالدى. ئۇ مەكتەپ قوينىدا كۆرۈۋاتقان چۈشىدىن بىراقلا

ئويغىنىپ، رېئال تۇرمۇشقا قايتتى. دىلى ئېزىلگەن بۇ يىگىتنىڭ قولىدىكى كىچىك بالىغا، يەنى ئىنىسىغا راۋرۇس ئاتىدارچىلىق قىلغۇسى كەلدى. ئۆزىنىڭ جىمىكى مۇھەببىتىنى مۇشۇ بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىشقا سەرپ ئېتىشكە بەل باغلىدى. ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن كىتابىنىلا ياخشى كۆرەتتى. مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن باشلاپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ غەلىتىلىكىنى، ئۇنىڭ ئادەمگە ئاجايىپ تاتلىق تۇيغۇلارنى ئاتا قىلالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

بۇ ھېسسىيات بارا ـ بارا كۈچىيىپ ئاجايىپ بىر باسقۇچقا قەدەم قويدى، ھازىرغا قەدەر ھاياتلىقنىڭ تەمىنى تېتىپ باقمىغان كلاۋدېغا تۇنجى مۇھەببەتكىلا ئوخشاپ قالدى. دەرۋەقە، ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن باشلاپلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلدى، موناخ بولدى، قىرائەتخانىغا بېكىنىۋېلىپ، ھەممە نەرسىنى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى. ھازىرغىچە پەقەت پەن ئارقىلىقلا ئەقىل ـ پاراسەتنى ئاچقىلى بولىدۇ، ئەدەبىيات ئارقىلىقلا تەسەۋۋۇر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، دەپ كەلگەن بىچارە ئىستۇدېنت ئۆز روھىنىڭ ئورنى زادى نەدە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە چولىسى تەگمىدى. مانا ئەمدى گۆدەك ئىنىسى، يۈگەكتىكى ھېلىقى بوۋاق ئۇنىڭ قۇچىقىغا بەجايىكى ئەرشئەلادىن چۈشكەندەك توككىدە پەيدا بولۇپ، ئۇنى يېڭىچە ئادەم قىلىپ قويدى. ئۇنىڭغا بۇ ئالەمدە سوربون ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىدىكى نەزەرىيە بىلەن گومېرنىڭ شېئىرلىرىدىن باشقىمۇ نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى، ھېسسىيات دېگەن نەرسىنىڭ ئادەمگە تولىمۇ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. مېھرىبانلىق بىلەن مۇھەببەت بولمىغان ھاياتلىق خۇددى مايسىراپ كەتكەن هارۋا چاقىدەك قالايمىقان غىچىرلىغاندىن باشقا سادا چىقىرالمايتتى. بۇ ئىشتا تېخى ئۇنى ئەيىبلىگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ بىر خىيال بىتچىت بولسا، يەنە بىر خىيال ئالدىنقى خىيالنىڭ ئورنىنى ئالىدىغان، خىيالنىڭ

ئۇرنىنى يەنىلا خىيال ئىگىلىدىغان ياشتا ئىدى. شۇڭا، ئۇ قېرىنداشلىقنىڭ بولغىنىلا يېتەرلىك، پەقەت ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسىنىلا ياخشى كۆرۈپ ياشىسا، بۇ ھاياتنىڭ ئاغرىنغۇدەك يېرى قالمايدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى.

شۇنداقلا كلاۋدىي ئۆز مىجەزىدە ئەزەلدىنلا بار بولغان ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى كىچىك ژانغا تەقدىم قىلدى. ئۇنى چىن قەلبىدىن شۇنچىكى ئىخلاسمەنلىك ۋە يەكدىللىك بىلەن ئاسرىدى. ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان، يۇۋۇلسە ئۇچۇپ كەتكۇدەك ئاجىز، يۇمران ھاياتلىق، يېتىملىكتىن باشقا تايانچى يوق قارا يېتىم ئۇنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىدا زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئۇ يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان ئادەم بولغاچقا، كىچىك ژاننىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن چەكسىز سۆيۈنۈش ئىچىدە باش قاتۇردى. ئۇنىڭغا خۇددى ئىنتايىن نازۇك، ئىنتايىن قىممەتلىك بىرنەرسىگە كۆڭۈل بۆلۈۋاتقاندەك كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى. ئۆز ئىنىسىغا ئاكىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى مېھرىبان ئانا بولدى.

كىچىك ژان ئانىسى تۇغۇپ كەتكەندە تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، كلاۋدىي ئۇنى بىر ئېمىكئانىغا تاپشۇردى. ئۇ تىركاپىتىكى يەر ـ مۈلۈكتىن باشقا، گېنتىلىدىكى تۈگمەنگىمۇ ۋارىسلىق قىلغانىدى. بۇ تۈگمەن ۋېنكېستىتىكى دۆڭدە ئىدى. تۈگمەننىڭ ئايال خوجايىنى مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزىنىڭ كىچىك قىزىنى ئېمىتىۋاتقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ يەر ئىنىستىتۇت رايونىدىن بەك يىراق ئەمەس ئىدى. مۇشۇ ئەھۋالدا، كلاۋدىي ئىنىسى ژاننى ئايال خوجايىنغا ئېمىتىشكە بەردى.

ئۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن زىممىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، تۇرمۇشقا ناھايىتى جىددىي مۇئامىلە قىلىدىغان بولدى. ئىنىسىدىن خەۋەر ئېلىش ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىگە تەسەللى بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلىم تەتقىقاتى ئۈچۈنىمۇ

ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئىنىسىنىڭ ياراملىق ئادەم بولۇشى ئۈچۈن بېغىشلاش نىيىتىگە كەلدى، توي قىلماسلىق، پەرزەنتلىك بولماسلىق، ئىنىسىنىڭ بەختى ۋە بايلىقىنى ئۆزىنىڭ بەختى ۋە بايلىقى دەپ بىلىشكە قارار قىلدى. مۇشۇ تۈپەيلى ئۆزىنىڭ دىنىي ۋەزىپىسىنى بۇرۇنقىدىنمۇ بەك بەجانىدىل ئىشلىدى. ئىقتىدارى، بىلىمى، ئۇنىڭ پارىژ ئېپىسكوپلىرى قاتارىدىكى ۋاسساللىق سالاھىيىتى ئۇنىڭ دىنىي جەمئىيەتتىكى يۇقىرىغا ئۆرلەيدىغان يولىنى راۋانلاشتۇردى. يىگىرمە ياشقا كىرگەندە، رىمدىكى ۋاتىكاننىڭ ئىجازىتى ئارقىلىق بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا ئەڭ ياش پوپ بولۇپ تەيىنلەندى ھەمدە مىسسا مۇراسىمىنى كېچىكىپ باشلىغانلىقى سەۋەبلىك ئاتىلىپ قالغان «يالقاۋ قەسىدىخانا»غا ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنى قولغا ئالدى.

ئۇ رىسالە ـ دەستۇرلارنىڭ ئىچىگە ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك كىرىپ كەتتى. بىر سائەتتە شامال تۈگمىنىگە بېرىپ ئىنىسىنى يوقلاپ كەلگەندىن باشقا چاغلىرىنىڭ ھەممىسىدە كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرمىدى. مۇنداق ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش بۇ ياشتىكى ئادەملەردە ئاز ئۇچرايدىغان ئەھۋال ئىدى. شۇڭا، ئۇ ناھايىتى تېزلا موناستىردىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەننىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولدى. ئۇنىڭ بىلىم جەھەتتىكى نام ـ ئاتىقى موناستىردىن جامائەت ئارىسىغا تارقالغۇچە سەل ـ پەل ئۆزگىرىش ياسىدى، خالاس ! جامائەتنىڭ ئۇنى «پېرىخون» دەپ ئاتىغانلىقى ئۇ چاغلاردا ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى.

پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى كلاۋدې «يالقاۋ قەسىدىخانا»دا مىسسا بىلەن بەند بولدى. قەسىدىخانا زالىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بۇۋى مەريەم ھەيكىلىگە يېقىنلا يەردە ئىدى. ئۇ ئەمدىلا ياتاي دەۋاتقاندا، تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقنىڭ كارىۋىتىنى چۆرىدەپ تۇرغان بىر موماينىڭ گېپى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىققىتىنى تارتتى.

ئۇ ھېلىقى بەتبەشىرە، شور پېشانە كىچىك جاننىڭ قېشىغا يېقىن باردى. بوۋاقنىڭ كۆرۈمسىزلىكى، تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىنكى ئېچىنىشلىق تەقدىرى ئىنىسىنى ئېسىگە سالدى. «ناۋادا مەنمۇ ئۆلگەن بولسام، سۆيۈملۈك كىچىك ژانمۇ ئوخشاشلا مۇشۇنداق يامان كۈنگە قالغان، مۇشۇ كارىۋاتقا تاشلىۋېتىلگەن بولاتتى» دېگەن خىيال كاللىسىدىن غىل ـ پال ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. بۇ خىيال قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، شۇنداق تېزلىك بىلەن يوقالدى. كلاۋدېنىڭ ئىچى سىيرىلدى. ئۇ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاققا قول ئۇزارتتى.

ئۇ بوۋاقنى تاغاردىن ئېلىپ، ئۇنىڭ راستتىنلا بەكلا كۆرۈمسىز بالا ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ بىچارە بايقۇش سول كۆزىگە ئۆسمە ئۆسكەن، بېشى ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىسىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھەم دومچەك، ھەم توخۇ تۆش، خاموت پۇت بولغىنىغا قارىماي، جىسمىدىن قانداقتۇر بىر ھاياتىي كۈچ ئۇرغۇپ تۇرغاندەك ئىدى. گەرچە ئۇ بۇ بالىنىڭ نېمىدەپ ئىڭراۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ساغلام بىر بەدەننى ۋە كۈچ ـ قۇدرەتنى سەزگەندەك بولدى.

بالىنىڭ سەتلىكى كلاۋدېنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى. ئۇ «شۇ تۇرقىدا ئىنىمغا بولغان كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن بۇ بالىنى چوقۇم قاتارغا قوشىمەن، ناۋادا كىچىك ژان بىلىپ ـ بىلمەي بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسا، مۇشۇ ساخاۋىتىم بىلەن بولسىمۇ ئۇنىڭ گۇناھىنى يۇيىمەن» دەپ قەسەم ئىچتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بۇ خەير ـ ساخاۋەتنى ئىنىسىنى كۆزدە تۇتۇپ قىلدى، ئىنىسىنى دەپ بىر قېتىم ھەققانىيەت بايرىقىنى كۆتۈردى.

كلاۋدې ئۆزى ئاسرىۋالغان بۇ بالىنى چوقۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۋاسىمدو ① دەپ ئىسىم قويدى. ئۇ مۇشۇنداق

① كۋاسىمدونىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى پاسخا بايرىمىدىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىسىم قويۇش ئارقىلىق ياكى ئۇنى بېقىۋالغان كۈننى خاتىرىلەشنى ۋە ياكى بۇ بىچارە جاننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئەيىبناق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشنى ئويلىدى بولغاي، بۇنى ھېچكىم بىلمىدى. دەرۋەقە، كۋاسىمدو يەكچەشمە، دۈمچەك، خاموت پۇت ئىدى، ئۇنى زورغا بولسىمۇ ئادەم سىياقى بار دېيىشكە بولاتتى.

## 3. بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى قوڭغۇراق چالغۇچى

1482 ـ يىلىغا كەلگەندە، كۋاسىمدو چوڭلا ئادەم بولدى. بېقىۋالغان دادىسى كلاۋدې فروللونىڭ تەۋسىيەسى بويىچە بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا قوڭغۇراق چېلىۋاتقىنىغىمۇ خېلى يىللار بولدى. بۇ ئارىدا كلاۋدې ئۆزىنىڭ شەپقەتچىسى لۇئى بېئامۇننىڭ غەمخورلۇقى بىلەن ياردەمچى ئېپىسكوپلۇققا تەيىنلەندى. مۇنداق بولۇشىدا، گۇئىللائۇم كارتىر 1472 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بېئامون ئۆزىنىڭ ھامىيسى، پادىشاھ لۇئى XI نىڭ ساتىراشى ئولىۋېر دائىمنىڭ كېپى بىلەن پارىژنىڭ باش ئېپىسكوپلۇقىغا ئولتۇرغانىدى.

شۇنداق قىلىپ، كۋاسىمدو پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا قوڭغۇراق چالغۇچى بولدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولغان مەلۇم يېقىنلىق مۇناسىۋىتى قوڭغۇراق چالىدىغان بۇ ئادەم بىلەن چېركاۋنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى. ئائىلە نەسەبىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە چىرايىنىڭ سەتلىكى سەۋەبلىك، بالا چېغىدىن تارتىپلا پانىي دۇنيادىن يىراقلاشقان، ئۆزىگە پاناھلىق بەرگەن دىنىي چەمبىرەكنىڭ سىرتىدىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر ياشاشقا ئادەتلەنگەن بۇ ئادەمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى ھەربىر باسقۇچتا، بۇ چېركاۋ ئۇنىڭغا شاكال بولدى ياكى كاتەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولدى، ئائىلە بولدى، ۋەتەن بولدى، شۇنداقلا پۈتۈن ئالەم بولدى.

ئۇنىڭ بىلەن بۇ بىنا ئارىسىدا، چوقۇم بىر خىل سىرلىق ۋە بىنورمال ماسلىشىش مەۋجۇت دېيىشكە بولاتتى. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئەگمە چوققىلىق ئۆگزىلەر ئاستىدىكى خىلۋەت، قاراڭغۇ بۇرجەكلەردە بويىنىنى سوزۇپ، مۈكچەيگەن پېتى دەلدۈگۈنۈپ مېڭىشنى ئۆگەندى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزى، ھايۋانلارنىڭكىدەك پۈت ـ قولى، قاراڭغۇ ۋە زەي يەردە ئۆسۈپ يېتىلگەن بەئەينى ئۈمىلىگۈچىلەرگە ئوخشاپ قېلىۋاتقان سىياقى رومانىس ئۇسلۇبىدىكى تۇۋرۇكلەرنىڭ ئەتراپىغا ئاجايىپ ـ غارايىپ سايىلىرىنى قالدۇردى.

كېيىنچە، ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئۆزىمۇ تۇيىمىغان ھالدا قوڭغۇراق مۇنارىدىكى ئارغامچىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ قوڭغۇراق چالغان ھالىتى بېقىۋالغان دادىسى كلاۋدېغا كىچىك بالىنىڭ تۇنجى مەرتىۋە ئاغزىنى ئېچىپ گەپ قىلىۋاتقىنىدەك بىلىندى.

كۋاسىمىدو چېركاۋدا مۇشۇ تەرىقىدە كۈن ئۆتكۈزدى، ئۇخلىدى، چېركاۋغا بېقىنىپ ئاستا ـ ئاستا ئۆسۈپ چوڭ بولدى. تالا ـ تۈزگە چىقىپ قويايمۇ دېمىدى. دائىم دېگۈدەك چېركاۋنىڭ سىرلىق تەسىرىدىن خالىي بولمىدى. ئۇ بەجايىكى ئۆزىنى چېركاۋغا شۇنداق ئاتىۋەتتىكى، بىرىپ ـ بىرىپ چېركاۋ بىلەن بىر تەن بولۇپ كەتتى. ھەتتا بىز ئۇنى ئۆزىنىڭ تومپىيىپ ـ بۈرتۈپ چىقىپ قالغان جايلىرىنى چېركاۋنىڭ ئويمان يەرلىرىگە كىرگۈزۈۋەتتى دېسەكمۇ بولاتتى. ئۇ چېركاۋنىڭ پۇقراسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولۇپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇلۇلە يوغىناۋېرىپ ئۆزىنىڭ قېپىنى ھاسىل قىلغان بولسا، ئۇمۇ ئۆسۈۋېرىپ چېركاۋنىڭ شەكلىگە كىردى. چېركاۋ ئۇنىڭغا قونالغۇ، كاتەك، بەئەينى قاپ بولدى. ئۇنىڭ بىلەن بۇ قەدىمىي چېركاۋ ئارىسىدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەبىئىي ھېسسىيات بارلىققا كەلدى. بىر ـ بىرىنى ماگنىتتەك تارتىپ بىر ـ بىرىدىن نېرى كېتەلمىدى. شۇنداق

دېمىشكە بولىدۇكى، ئۇ چېركاۋغا خۇددى تاشپاقا ئۆزىنىڭ قېپىغا تايانغاندەك تايانىدى، ئويمان ـ چوڭقۇر، ئېگىز ـ پەس چېركاۋ ئۇنىڭغا قاپنىڭ رولىنى ئوينىدى.

بىر ئادەم بىلەن بىر چېركاۋ ئارىسىدىكى پەۋقۇلئاددە، ئىرماش ـ چىرماش، خۇددى بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەندەك ماسلىشىشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن بەزى ئوخشىتىشنى قوللانساق ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ. بۇ قونالغۇ كۋاسىمودوغا ئوبدانلا ياراشتى. ئۇ چېركاۋنىڭ ھېچ يېرىنى ئالا قويماي، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە ئارىلاپ چىقتى. ئەڭ ئېگىز يېرىغىچە يامىشىپ باقتى. كىشىلەر ئۇنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ سىرتقى تېمىدىكى تىك جايلاردا تامدا يۈرىدىغان پاتمىچۇقتەك چاپلىشىپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. بۇ بىر جۈپ قوڭغۇراق مۇنارى شۇنچە ئېگىز، ئادەم ئەيمەنگۈدەك سۈرلۈك بولغىنىغا قارىماي، كۋاسىمودو ئۇنىڭ ئۈستىدە بېشى قايماي، قىلچە قورقماي تۇرالىدى. بۇ ئىككى مۇنار ئۇنىڭ ئالقىنىدا شۇنچىكى مۇلايىم، ئوڭايلا ياماشقىلى بولىدىغان نەرسىگە ئايلاندى، ئادەملەر كۋاسىمودو ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇۋاپتۇ، دەپ قېلىشتى. تىنىمسىز سەكرەش، ئۆمىلەش، چېركاۋنىڭ ئىچكى جايلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش نەتىجىسىدە ئۇ مايمۇندەك ياكى بۆكەندەك سەزگۈر بولۇپ قالدى ياكى خۇددى كالابرىيە ① دىكى تېخى ئايىغى چىقماي تۇرۇپلا سۇ ئۈزۈشنى بىلىدىغان بالىلاردەك، كىچىككىدىنىلا دېڭىزدا ئويناپ چوڭ بولغاندەك چاققان بولۇپ كەتتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، يالغۇز ئۇنىڭ جىسمىلا ئەمەس، ھەتتا روھىمۇ چېركاۋنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلغاندەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭدىكى روھنىڭ بۇ كۆرۈمسىز قوپال بەدەندە قانداق ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى، ئۆزىدە قانداق ئادەتلەرنى يېتىلدۈرگەنلىكى ھەققىدە بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى.

① كالابرىيە ـــ ئىتالىيەنىڭ بىر رايونى، ئاپىننىنېس يېرىم ئارىلىدا.

www.uyghurkitap.com

كۋاسىمىدو يەكچەشمە، دومچەك، خاموت پۇت بولۇپ تۇغۇلدى. كلاۋدىي بەك جىق كۈچ سەرپ قىلىپ، تولىمۇ سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئۇنىڭغا سۆزلەشنى ئۆگەتتى. لېكىن، تەقدىر خۇددى بۇ يېتىم ئوغلاق بىلەن قەستەن قىرىشقاندەك بىر ئىشنى قىلدى، يەنى ئۇ ئون تۆت يېشىدا بۈۋى مەريەم چېركاۋىدا قوڭغۇراق چالغۇچى بولدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا يەنە بىر مېيىپلىك قوشۇلدى. قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىنى يىرتىۋەتتى، ئاخىر ئۇ پاك بولۇپ قالدى. تەبىئەت ئۇنىڭ پانىي دۇنياغا قانغۇدەك بىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇلۇغ ئېچىپ بەرگەن بىردىنبىر دەرۋازا مەڭگۈلۈك تاقالدى.

دەرۋازىنىڭ تاقىلىشى بىلەن تەڭ، كۋاسىمىدونىڭ مەنىۋىيىتىگە ئېچكىرىلەپ كىرەلەيدىغان خۇشاللىق بىلەن يورۇقلۇقنىڭ نۇرىمۇ ئۈزۈلدى. ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى زۇلمەت ئىچىگە شۇڭغۇدى. بۇ شور پېشانىنىڭ ھەسرىتى ئۇنىڭ مېيىپلىكى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ تولۇقلاندى، داۋالاش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۇ گاسلىق ئۇنى خۇددى ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەيمەك دېگەندەك گاچا قىلىپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ، تەنھا قالغاندىن باشقا چاغلاردا گەپ قىلمايدىغان بولۇۋالدى. كلاۋدىي قاتتىق باش قاتۇرۇپ ئازادلىققا چىقارغان ئۇنىڭ تىلى جاھىللىق بىلەن ئۆزىنى پىنھانغا ئالدى. شۇڭا، ئۇ ئىلاجىنىڭ يوقىدىن گەپ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالغان چاغلاردا، تىلى ئېغىرلىشىپ، كالۋالىشىپ كېتەتتى، بۇ تىل بەئەينى داتلىشىپ قالغان گىرەچىدەك قېتىۋالاتتى.

ئەمدى، ئەگەر كىمدىكىم كۋاسىمىدونىڭ كۆپتەك قاۋۇل تاشقى قىياپىتىدىن چوڭقۇرلاپ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى ئۇستىدە ئىزدەنسە، ئەگەر كىمدىكىم بۇ كالانپاي گەۋدىنىڭ پىنھان جايلىرىنى قىدىرىپ تەكشۈرسە، ئەگەر كىمدىكىم بۇ نۇرسىز بەدەننى

يورۇتۇپ بېقىشقا بەل باغلىسا، بۇ قاشاڭ جانلىقنىڭ گۆگۈم قوينىغا چۆككەن ئىچكى دۇنياسىنى ئاختۇرۇپ باقماقچى بولسا، قاراڭغۇ بۇرجەكلىرىنى بىلىپ باقماقچى بولسا، ئىچىگە بەند قىلىنغان روھىغا يورۇقلۇق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنداقتا ئۇ راخىت كېسەللىكى تۇپەيلى نورمالسىز چوڭ بولغان بۇ بەختسىزنىڭ نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ۋىنىتسىيەدىكى ھەددىدىن زىيادە پاكار، قۇتىدەك كىچىك قاڭالتىر ئۆيدە تۈگۈلۈپ ياتقان مەھبۇس ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى.

ئادەمنىڭ پېشانىسىغا نەسلىكنىڭ تامغىسىنى باسىدىغان مۇنداق فىزىيولوگىيەلىك قۇرۇلما تۈنجى بولۇپ ئۇنىڭ نەرسىلەرگە تۇتىدىغان مۇئامىلىسىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. ئۇ ھەتتا بىۋاسىتە ئىنكاس قايتۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇنىڭ تاشقى ئالەم بىلەن بولغان ئارىلىقى بىزدىنمۇ بەكرەك يىراقلاپ كەتتى.

ئۇنى بەختسىز قىلىپ قويغان ئىككىنچى ئاقىۋەت ئۇنىڭدىكى ۋەھشىيلىك بولدى.

ئۇ ھەقىقەتەن ۋەھشىي ئادەم ئىدى، چۈنكى ئۇ ئەسلىدىلا قىلىقسىز ئىدى. ھالبۇكى ئۇنىڭ قىلىقسىزلىقى ئۇنىڭ سەتلىكىدىن ئىدى. خۇددى بىزنىڭ مىجەزىمىز ئۆزىمىزگە تۇشلۇق مەنتىق ياراتقاندەك، ئۇنىڭ خۇي - پەيلىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق مەنتىق ئاتا قىلدى.

ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئۇ كۈچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى. خۇددى ھوببېس ① ئېيتقاندەك: «شىجائىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان باللار ۋەھشىي كېلەتتى.»

شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ھەققىدە ئادىل گەپ قىلماي بولمايتتى: ئۇنىڭ تۇغما خاراكتېرىنى ۋەھشىي ئەمەس دېيىشكىمۇ بولاتتى.

---

① ھوببېس (1588 — 1679) — ئەنگلىيەلىك پەيلاسوپ.

ئۇ ھاياتلىقىنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باسار ـ باسمايلا ئۆزىنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن يىرگىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ئارىغا ئالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. بارا ـ بارا بۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈردى. ئۇ باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپ ـ سۆزلەرنىڭ ئەبەدىلئەبەد ئۆزىنى مازاق قىلىش ۋە قارغىشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلدى. كۇاسىمودۇ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۆزىگە نىسبەتەن نەپرەتلىنىشتىن باشقا ئىشنى يولۇقتۇرمىدى. مۇشۇ تۈپەيلى ئۇمۇ نەپرەتلىنىشنى ئۆگەندى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان ۋەھشىيلىك ئۇنىڭدىمۇ بولدى. ئادەملەر ئۇنى زەخىملەندۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان قورالنى ئۇمۇ قولىغا ئالدى.

قىسقىسى، ئۇ باشقىلار بىلەن روبىرو بولمىسا بولمايدىغان چاغدىلا باشقىلارغا ئۆرۈلۈپ قارايتتى. چۈنكى، بۇنىڭسىزمۇ چېركاۋنىڭ ھەمراھلىقى ئۇنىڭغا يېتىپ ئاشاتتى. چېركاۋنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەرمەر تاشلىق ھەيكەللەرنى كۆرگىلى بولاتتى. پادىشاھ ـ خان، مۇرىت ـ مۇخلىس، ئېپىسكوپ دېگەنلەر تولا گەپ ئىدى. ھېچبولمىغاندا ئۇلار ئۇنى يۈزىدىن ـ يۈزىگە مازاق قىلمايتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن نەزەر سالاتتى. باشقا جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ھەيكەللىرىمۇ كۇاسىمودوغا ئۆچ ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇلارمۇ كۇاسىمودوغا ئوخشاش بەتبەشىرە ـ دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار باشقىلارنى مازاق قىلسا قىلاتتىكى، ئۇنى مازاق قىلمايتتى. مۇرىت ـ مۇخلىسلار ئۇنىڭ بىلەن دوست ئىدى، ئۇنىڭغا بەخت تىلەيتتى. جىن ـ ئالۋاستىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن دوست ئىدى، ئۇنى باشقىلارنىڭ بوزەك ئېتىشىدىن قوغدايتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلار بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق مۇڭدىشاتتى. بەزىدە بىرەر ھەيكەلنىڭ ئالدىدا نەچچە سائەتلەپ ئولتۇراتتى، ئۆزى يالغۇز ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. ناۋادا توساتتىن بىرەرى كېلىپ قالسا، مەشۇقىغا



www.uyghurkitap.com

ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن دەپ خۇدىنى يوقىتىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالغان يىگىتلەردەك دەس ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر تىكىۋېتەتتى.

چىركاۋ ئۇنىڭغا يالغۇز جەمئىيەتلا ئەمەس، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەبىئەت دۇنياسى ئىدى. ئۇ گۈل ـ گىياھلارنىڭ رەسىمى سىزىلغان رەڭدار ئەينەكلىك دېرىزىلەر ئالدىدا، باشقا ئوت ـ چۆپلەر خىيالىغىمۇ كىرمەيتتى؛ ساكسون ئۇسلۇبىدىكى تۇۋرۇكلەرنىڭ چوققىسىغا تاشتىن ئويۇپ چىقىرىلغان ياپراقلار بىلەن ئۇچار قۇشلار ئالدىدا، باشقا گۈل ـ چىمەنزارلارنى ئويلاپمۇ قويمايتتى؛ چىركاۋدىكى بىر جۈپ قوڭغۇراق مۇنارى ئالدىدا، باشقا تاغلارنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى؛ پەستىكى قىيقاس ـ سۈرەنلىك پارىژ ئالدىدا، ھەرقانداق پايانى يوق دېڭىز ـ ئوكيانىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى.

مېھرىبان ئانىغا ئوخشايدىغان بۇ بىنادا كۋاسىمودو ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭ روھىنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ھۆرلۈككە چاقىرىدىغان، قايغۇ ـ ئەلەم تۈپەيلى پۈرلىشىپ قالغان مەنىۋى قاناتلىرىغا جان كىرگۈزىدىغان، ئۇنى بەختلىك قىلالايدىغان نەرسە ئاشۇ قوڭغۇراق ئىدى. كۋاسىمودو بۇ قوڭغۇراقنى سۆيەتتى، ئاسرايتتى، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتى، ئۇنىڭ ھالىغا يېتەتتى. ئاسمانغا بىگىزدەك قادىلىپ تۇرغان قوڭغۇراق بىناسىدىكى قوڭغۇراق بىلەن ئەگمە دەرۋازىنىڭ تۆپىسىدىكى چوڭ قوڭغۇراققا ئۇنىڭدا ئۆزگىچە مۇھەببەت بار ئىدى. كىرىست شەكىللىك دېرىزىنىڭ ئۈستىدىكى قوڭغۇراق بىناسى بىلەن ھېلىقى بىر جۈپ قوڭغۇراق مۇنارى قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئۇچار قۇشلارنى باقىدىغان ئۈچ يوغان قەپەستەك بىلىنەتتى. قەپەستىكى قۇشلار ئۇنى تۇۋلايتتى، ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. گەرچە مۇشۇ قوڭغۇراقلارنىڭ ساداسى ئۇنىڭ قۇلىقىنى پاڭ قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ قوڭغۇراقلارنى يەنىلا ياخشى كۆرەتتى. ئانىلارمۇ ئۆزىگە ئەڭ جىق جاپا سالىدىغان بالىسىغا بەكرەك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىنى ئادرېسى

ئامراق كېلىدۇ ـ دە.

دەرۋەقە، قوڭغۇراقتىن جاراڭلاپ چىقىدىغان ئاۋاز كۋاسىمىدو بىردىنبىر ئاڭقىيالايدىغان ئاۋاز ئىدى. بۇ قوڭغۇراقلار بايرام كۈنلىرى خۇددى پىخىلداپ كۆلۈۋاتقان بىر توپ قىزلاردەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىرغاڭلايتتى. ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن كۆيىدىغىنى مارىيې ئىسىملىك چوڭ قوڭغۇراق بولۇپ، ئۇ يېنىدىكى كىچىكرەك قەپەسكە سېلىنغان سىڭلىسى جاكۇلىن بىلەن بىللە جەنۇب ياقتىكى قوڭغۇراق مۇنارىغا ئېسىلغانىدى. جاكۇلىن ئۇنى چېركاۋغا تەقدىم قىلغان ژان مونتاگۇنىڭ ئايالىنىڭ ئىسمى بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ شۇنچىۋالا چوڭ سوۋغىنى تەقدىم قىلغىنىغا قارىماي، يەنىلا دارغا ئېسىلىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغانىدى. يەنە بىر قوڭغۇراق مۇنارىدا ئالتە قوڭغۇراق، ئاخىرقى قوڭغۇراق بىناسىدا كىچىك ئالتە قوڭغۇراق بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا بىر قوڭغۇراق ئەرشكە چىقىش بايرىمى كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت بىلەن پاسخا بايرىمىنىڭ هارپا كۈنى ئەتىگەنگىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قېتىم چېلىناتتى. دېمەك، كۋاسىمىدو تۇرىدىغان بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا هەممىسى بولۇپ ئون بەش قوڭغۇراق بار ئىدى. هالبۇكى، ئۇنىڭ ئەڭ ئىچى كۆيىدىغىنى مارىيې ئىسىملىك هېلىقى چوڭ قوڭغۇراق ئىدى.

قوڭغۇراق بىرلا ۋاقىتتا چېلىنغان كۈنلەردە، كۋاسىمىدونىڭ قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئىدى. هەر قېتىم قوڭغۇراق چالىدىغان چاغدا، ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇنىڭغا «قېنى، ئەمىسە !» دەپ قويسىلا ئىش پۈتەتتى. ئۇ قوڭغۇراق بىناسىنىڭ بۇرمىسىمان پەلەمپىيىدىن قۇيۇندەك چىقىپ كېتەتتى، ئۇنىڭ سۈرئىتى هەتتا تۆۋەنگە چۈشكەندىنمۇ تېز بولاتتى. ئۇ ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلاشقۇدەك بولۇپ، هېلىقى چوڭ قوڭغۇراق قويۇلغان ئۆيگە كىرەتتى ـ دە، خۇددى مەجنۇن سۆيەت ئادەملەردەك، قوڭغۇراققا لام ـ جىم دېمەستىن بىرهازا قاراپ تۇراتتى. ئاندىن قوڭغۇراقنى ئالقىنى

بىلەن ئۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يۇمشاق ـ سىپايە سۆزلىشىپ كېتەتتى. ئۇ خۇددى ئىككىنچى قېتىم ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدىكى ئاتنى كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى ئويلاپ ئىچ ئاغرىتقاندەك بولاتتى. ئۇمۇ شۇنداق بىردەملىك تەسەللىدىن كېيىن قاتتىق بىرنى ھۆركىرەپ، تۆۋەن قەۋەتتىكى تۇم ئارغامچىغا ئېسىقلىق قوڭغۇراققا بۇيرۇق چۈشۈرەتتى. چىغرىق غىچىرلايتتى، ھېلىقى يوغان قوڭغۇراق ئاستا ـ ئاستا تەۋرىنىشكە باشلايتتى. كۋاسىمدو تويۇقسىزلا قاتتىق بىر ۋارقىرىۋېتەتتى ـ دە، ئارقىدىنلا ساراڭ بولۇپ قالغاندەك قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ توۋلايتتى، قوڭغۇراق تېخىمۇ تېز تەۋرىنىپ ھەددىدىن زىيادە يوغان دائىرە ھاسىل قىلغاندا، كۋاسىمدونىڭ كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ، پاللىدە يورۇپ كېتەتتى. ئەڭ ئاخىرقى خور باشلىناتتى. پۈتكۈل قوڭغۇراق مۇنارى مىدىرلاۋاتقاندەك بولاتتى، ياغاچ كۆتۈرمە، قوغۇشۇن تاختاي، تاش پارچىلىرى گۈرۈلدەپ سادا چىقىراتتى. بۇ ئاۋازلار پەستىكى قەۋەتنىڭ ياغاچ قوزۇقلىرى ئارقىلىق مۇنارنىڭ ئۆگزىسىدىكى رېشاتكىغا قەدەر ئۆرلەيتتى. خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتكەن كۋاسىمدونىڭ ئاغزىدىن ئاپپاق كۆپۈكلەر بۇژۇلدايتتى. ئۇ ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭاتتى، پۈتكۈل بەدىنى قوڭغۇراق بىناسى بىلەن تەڭ ئىرغاڭلايتتى. ئەسەبىيلەشكەن بۇ چوڭ قوڭغۇراقنىڭ ھاڭدەك ئېچىلىپ تۇرغان بىرونزا كانىيى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئوڭ ـ سولدىكى كارىدورغا قاراپ يۇلقۇناتتى، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇردەك گۈرۈلدەيتتى، بۇ ئاۋازنى ئۈچ ـ تۆت چاقىرىم نېرىدىنمۇ ئاڭلىغىلى بولاتتى. كۋاسىمدو ھاڭدەك ئېچىلغان ھېلىقى كانايىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قوڭغۇراقنىڭ تەۋرىنىشىگە ماس ھالدا گاھ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، گاھ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، قوڭغۇراقنىڭ ئالەمنى مالەم قىلىدىغان تىنىقلىرىنى ئىچىگە دەم

www.uyghurkitap.com

تارتىپ، گاھ ئىككى يۈز نەچچە فىرانسۇز چىسى كېلىدىغان چوڭقۇرلۇقتا قارايتتى، گاھ قۇلاق تۈۋىدە تىنىمسىز جاراڭلاۋاتقان قوڭغۇراقنىڭ بىرونىزا تىلىغا تىكىلەتتى. بۇ كۋاسىمدو بىردىنبىر ئاڭلىيالايدىغان، ئۇنىڭ مۇتلەق تىمتاس ھالەتتىكى روھىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتەلەيدىغان ئاۋاز ئىدى. ئۇ پەقەت مۇشۇ ئاۋاز ئىچىدىلا چاراقلاپ يانغان قۇياش نۇرىدا قانتىنى كەرگەن قۇشتەك سوزۇلۇپ ئارام ئالالايتتى. قوڭغۇراق ئىككى تەرەپكە پۇلاڭلاپ ئۆزگە يېقىنلاشقاندا خۇددى چىۋىننى كۆرگەن ئۆمۈچۈكتەك ئېتىلىپ بېرىپ، قوڭغۇراق ئارغامچىسىغا ئېسىلاتتى. بوشلۇقتا ساڭگىلاپ تۇرۇپ، قوڭغۇراق بىلەن بىرلىكتە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچاتتى. مۇئەللەقتە تۇرغان بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئىككى قۇلىقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئىككى تىزىنى ئۇنىڭغا مەھكەم چاپلايتتى، پۇتى بىلەن دەسسەپ تۇرۇپ، بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىغا تايانغان ھالدا قوڭغۇراقنىڭ تەۋرىنىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتەتتى. مۇنداق چاغدا قوڭغۇراق مۇنارىمۇ قوشۇلۇپ تەۋرەيتتى. كۋاسىمدو ھۆركىرەيتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، قاراسلىغان ئاۋازلارنى چىقىراتتى. كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى. قۇيقا چاچلىرى ئۆرە بولاتتى. مەيدىسى تۆمۈرچىنىڭ كۆرىكىدەك ئاۋاز چىقىراتتى. سۈرلۈك تۇس ئالغان قوڭغۇراقمۇ ئۇنىڭ بەدىنى ئاستىدا ھاسىرايتتى، چىرقىراپ كېتەتتى. بۇ ھالدا، بۇۋى مەريەم چېركاۋى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن قالاتتى، كۋاسىمدومۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولاتتى. بۇ يەردە پەقەت چۈشكە ئوخشاش خىيالىي مەنزىرە، تۈتۈق بەرمەيدىغان قۇيۇن، شارىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇردىن باشقا نەرسە بولمايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى شاۋقۇن - سۈرەن قويىندىكى بىھوشلۇق، دۇلدۇلغا مەھكەم ئېسىلغان ئەرۋاھ، يېرىمى ئادەم، يېرىمى قوڭغۇراق سىياقىدىكى مەخلۇق، بىرونىزا

ئالۋاستىغا چاپلىشىۋالغان ئاستولپوس ① ئىدى، خالاس!

بۇ غەلىتە ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى پۈتكۈل چىركاۋنى قانداقتۇر بىر خىل ھاياتىي كۈچ بىلەن تويۇندۇرغاندەك ئىدى. كىشىلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئالغاندا، بۇ ئادەمنىڭ بەدىنىدىن قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق نەپەس گۈپۈلدەيتتى. بۇ نەپەس بۇ قەدىمىي چىركاۋنىڭ جىسمىدا تىنىمسىز مىدىرلايتتى، بۇۋى مەريەم چىركاۋىدىكى ھەربىر پارچە تاشنى دىگۈدەك ھەرىكەتكە كەلتۈرەتتى. چىركاۋدا ئۇ بولسىلا، ئادەملەرگە دەرۋازا ئايلانمىسى ۋە كارىدوردىكى ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى تىرىلگەندەك، جىم تۇرمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. دىمىسىمۇ، بۇ چىركاۋ ئۇنىڭ قولىدا كۆندۈرۈلگەن ياۋاش جانلىقنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كۋاسىمدونىڭ ئىلكىگە ئۆتكەن، كۋاسىمدو ئارقىلىق بىجىرىم ھالەتكە كەلگەن، كۋاسىمدونى مۈرىسىگە قونۇپ ئولتۇرغان پەرىشتە دەپ بىلگەن يەردە ئىدى، ئۇنىڭغا كۋاسىمدو بولغىنى ئۈچۈنلا تىنىق كىرگەن دىيىشكە بولاتتى. كۋاسىمدونىڭ چىركاۋ ئىچىدە بارمايدىغان يېرى يوق ئىدى، ئۇنى چىركاۋنىڭ ھەرقانداق يېرىدە ئۇچراتقىلى بولاتتى. كىشىلەر دەككە - دۈككە ئىچىدە بۇ كۆرۈمسىز پاكىنەكىنىڭ بەزىدە قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۇچىغا يامىشىپ مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغانلىقىنى، ئۆملەۋاتقانلىقىنى، ئېڭىشكەن پېتى تۆۋەنگە سيرىلىۋاتقانلىقىنى، بىر لەمپىدىن يەنە بىر لەمپىگە سەكرەۋاتقانلىقىنى، رىۋايەتلەردىكى ئىبلىستەك ھەيكەللەرنىڭ قورسىقىدىن بىرنېمىلەرنى ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. بۇ كۋاسىمدونىڭ قاغا ئۇۋىلىرىنى مالتىلاۋاتقان ۋاقتى ئىدى. ئۇلار يەنە بەزىدە تەق - تۇرقى غەلىتە، ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان بىرىنىڭ چىركاۋنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى، بۇ

① ئاستولپوس — ئەنگلىيە چۆچەكلىرىدىكى شاھزادە، ئۇنىڭ قولىدا پەرىشتە تەقدىم قىلغان بىر بۇرغا بولۇپ، ئۇنىڭدىن چىققان قورقۇنچلۇق ئاۋازغا ھېچكىم چىدىيالمايتتى.

كۆاسمىدونىڭ خىيال سۈرۈۋاتقان چاغلىرى ئىدى؛ بەزىدە ئۇلار خاپان باش، پۈت ـ قولى مايماق ـ سايماق بىر قارا نەرسىنىڭ قوڭغۇراق بىناسى ئاستىدىكى ئارغامچىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا پۇلاڭلاۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلاتتى، بۇ ئەلۋەتتە كۆاسىمىدونىڭ كەچلىك ئىبادەتكە قوڭغۇراق چالغان ياكى جامائەتنى ئىبادەتكە چاقىرىپ قوڭغۇراق چالغان كۆرۈنۈشى بولاتتى. كىشىلەر بەزى كېچىلىرى قورقۇنچلۇق بىر سايىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۆگزىسى بىلەن يېرىم يۇمىلاق سارايىنىڭ گۈللۈك رىشاتكىسى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرگەنلىكىنى چېلىقتۇراتتى، بۇ يەنىلا بۈۋى مەريەم چېركاۋىدىكى دۈمچەك كۆاسىمىدو بولۇپ چىقاتتى. مۇشۇلارغا كۆرە، چېركاۋ ئەتراپىدىكى كىشىلەر چېركاۋدا پانىي دۇنيادىن ھالقىغان، ۋەھىمىلىك غەلىتە بىر نەرسە بار، ھەممىلا يەردە ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرىنى، كامارەدەك ئېچىلغان ئېغىز ـ لىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشاتتى. ئۇلار بۇ غەيرىي چېركاۋنى كېچە ـ كۈندۈز ھىمايە قىلىپ تۇرغان سۆرۈن تەلەت تاش ئىت، تاش ئەجدىھا، تاش شىرلارنىڭ تۇرۇپلا ھۆركىرىگەن ئاۋازلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتى. ناۋادا مىلاد بايرىمى ئاخشىمى ھېلىقى چوڭ قوڭغۇراق جامائەتنى كېچىلىك مىسساغا چاقىرىپ قالسا، ئۇلارغا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆككەن چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىدىن ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرىدىغان ۋەھىمە يامراپ چىقىۋاتقاندەك، دەرۋازىنىڭ ئايلانما كارىدورى خۇددى ئۆزلىرىنى كاپ قىلىپلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى ئويما نەقىشلىك دېرىزە ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇۋاتـ ـقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ يەردە كۆاسىمىدونىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى. ئەگەر بۇ ئىش مىسىردا يۈز بەرگەن بولسا، ئادەملەر ئۇنى ئىبادەتخانىدىكى ئىلاھ بىلىپ، بىشىدا كۆتۈرگەن بولاتتى. لېكىن، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئادەملەر ئۇنى ئىبلىس ياكى ئىبلىسنىڭ ئەرۋاھى دەپ قارايتتى.

كۋاسىمدونىڭ تەسىرىنىڭ شۇنچىۋالا زور ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر زامانلاردا مۇشۇ چىركاۋدا ياشىغانلىقىنى بىلگەنلەر ئۈچۈن، بۈگۈنكى كۈندىكى بۇۋى مەريەم چىركاۋى چۆلدەرەپ قالغان، ھاياتىي كۈچىنى يوقاتقان، ئۆلۈك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغاندى. دىمىسىمۇ بۇ غايەت زور گەۋدە ئەمدىلىكتە ئىچى كاۋاك بولۇپ، روھى چىقىپ كەتكەن ئىسكىلىتنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغاندى. بۇرۇن سەلتەنەتلىك بىر روھ پاناھلانغان بۇ جاي، قارىماققا ئىككى كۆزنىڭ ئورنىدا كامارلا قالغان قۇرۇق كاللىنىڭ ئۆزىلا ئىدى، بۇ كاماردىن چاقنايدىغان نۇرمۇ ئاللىقاچان كۆزدىن يىتكەنىدى.

## 4. ئىت ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى

كۋاسىمدو ھەرقانداق ئادەمگە يامان كۆزى بىلەن قارايتتى، ئۇلارنى ئۆچ كۆرەتتى. لېكىن، بىرلا ئادەم بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇ بۇ ئادەمنى ھەتتا بۇۋى مەريەم چىركاۋىدىنمۇ ئارتۇق بىلەتتى. ئۇ كلاۋدې فروللو ئىدى.

دىمىسىمۇ بۇ ھەممەيلەنگە چۈشىنىشلىك ئىش ئىدى. كلاۋدې ئۇنى بېقىۋالغان، چوقۇندۇرغان، ئېمىككئانا تېپىپ ئۇنى ئەمدۈرگەن، پەيلەپ ئادەم قاتارىغا قوشقانىدى. كۋاسىمدو تېخى كىچىك چېغىدا ئىت قوغلاپ كەتسە ياكى كەپسىز باللار بوزەك ئەتمەكچى بولسا، كلاۋدىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋالاتتى. كلاۋدې فروللو ئۇنىڭغا سۆزلەشنى، كىتاب ئوقۇشنى، خەت يېزىشنى ئۆگەتتى. ئاخىرىغا بېرىپ ئۇنى قوڭغۇراق چالىدىغان ئادەم قىلىپ قويدى، خۇددى جولېتتانى رومېئو①غا ئېلىپ بەرگەندەك، ھېلىقى چوڭ قوڭغۇراقنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى.

① شېكىسپېرنىڭ داڭلىق تىراگېدىيەسى «رومېئو — جولېتتا» دىكى ئەر - ئايال پېرسوناژ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇشۇلارغا كۆرە، كۋاسىمودونىڭ ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقى زىيادە چوڭقۇر، قىزغىن، چەكسىز ئىدى، گەرچە بېقىۋالغان دادىسى چىرايى ئېچىلمايدىغان چۈس ئادەم بولسىمۇ، گەپلىرى قىسقا ۋە توڭ بولسىمۇ، بەزىدە ھەتتا كىشى چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يەتسىمۇ، لېكىن كۋاسىمودونىڭ ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىقى بىردەممۇ سۇسلاپ قالمايتتى. ئۇنى ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ ئەڭ پەس مالىيى، قۇلىقى يۇمشاق خىزمەتكارى، ھوشيار مۇھاپىزەتچىسى دېيىشكە بولاتتى. بۇ شور پېشانە قوڭغۇراق چالغۇچى ئىككى قۇلىقى پاڭ بولۇپ قالغاندىن كېيىن، كلاۋدې بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قول ئىشارىتى بىلەنلا ئىپادىلىگىلى بولىدىغان سىرلىق بىر تىلنى پەيدا قىلدى. بۇ تىلنى پەقەت شۇ ئىككىيلەنلا بىلەتتى. شۇڭا، ياردەمچى ئېپىسكوپ كۋاسىمودو موڭدىشالايدىغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ بۇ دۇنيادا پەقەت ئىككىلا نەرسە بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئۇنىڭ بىرى بۇۋى مەريەم چىركاۋى، يەنە بىرى كلاۋدې فروللو بولدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ قوڭغۇراق چالغۇچىنىڭ قەلبىدىكى نوپۇزىغا ھېچقانداق نەرسىنى تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. ياردەمچى ئېپىسكوپقا باغلانغان رىشتە ھەرقانداق نەرسىدىن چىڭ ئىدى. كلاۋدې شەرەتلەپلا قويسا، كۋاسىمودو ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىنمۇ سەكرەپ چۈشۈشكە رازى ئىدى. كۋاسىمودونىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە كۈچلۈك تۇرۇپمۇ يەنە بىر ئادەمنىڭ جېكىلەشلىرىگە قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىشى كىشىنى ئەجەبلەندۈرەتتى. شەكسىزكى، بۇ بالىنىڭ دادىغا بولغان ۋاپادارلىقى، بىر كۆڭۈلنىڭ يەنە بىر كۆڭۈلگە بولغان مەپتۇنكارلىقى ئىدى. بۇ تۆت ئەزايى بىجىرىم بولمىغان ئاجىز بىر بەندىنىڭ باشقىلارغا سىر بەرمەيدىغان، پەملىك، تەكەببۇر شۇنداقلا قولىدا ھوقۇقى بار يەنە بىر ئادەمنىڭ سىزغان

سىزىقىدىن چىقمايدىغانلىقى ئىدى. لېكىن، يەنە دېسەك يەنە شۇ، بۇ يەردە ھەممىنى بېسىپ چۈشۈۋاتقىنى ھېلىقى مىنىنەتدارلىق بولۇپ، بۇ مىنىنەتدارلىقنىڭ راۋاجى ھەرقانداق بىر ئىش بىلەنمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىدى، مۇنداق ئەھۋالنى نورمال ئادەملەردىن ھەرگىز تاپقىلى بولمايتتى. قىسقىسى، كۋاسىمىدونىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپقا بولغان ئامراقلىقى ئىت - ئېشەكلەرنىڭ ئۆز ئىگىسىگە بولغان ساداقىتىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى.

## 5. كلاۋدې فروللونىڭ داۋامى

1482 - يىلى كۋاسىمىدو يىگىرمە ياشلارغا، كلاۋدې فروللو ئوتتۇز ئالتىلەرگە كىرىپ قالدى. بىرى بالاغەتكە يەتتى، يەنە بىرى بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق تولا ئۆتۈپ، ئېغىر - بېسىق بولۇپ قالدى.

كلاۋدې فروللو ئەمدىلىكتە تورچ ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىنىڭ بىر چاغلاردىكى ئاددىي ئىستۇدېنتى، شۇنداقلا تاۋى نازۇك باللارنىڭ ھىمايىچىسىمۇ ئەمەس ئىدى. كۆپ نەرسىنى بىلىدىغان، يەنىمۇ كۆپ نەرسىنى بىلىشكە ئىنتىلىدىغان ياش خىيالپەرەس بولۇشتىنمۇ ئاللىقاچان قالغانىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ باش روھانىيلار توپى ئىچىدىكى ئىككىنچى كاتتىباش، يەنى يوساسىنىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپى، پانىي ئالەمدىكى ئادەملەرنىڭ روھىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتىدىغان تەلەپچان ۋە خىيالچان بىر پوپ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مونتلېرى بىلەن كاتافوردىكى ئىككى رايونغا ۋە يېزا - كەنتلەردىكى بىر يۈز يەتمىش تۆت نەپەر يەرلىك مىسسىيونېرغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ سۇرلۇك ۋە كەسكىن ئادەم بولغاچقا، مۇناجاتخانىنىڭ ئېگىز ۋە چوققىلىق ئەگمىسىدىن ئاستا - ئاستا

پەسكە چۈشكەندە مۇناجاتخانىدىكى يەكتەك كىيىۋالغان كىچىك بالىلار، ساينىت ئاۋگۇستىنىدىكى جامائەت ۋە بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا ئەتىگەنلىك ئىبادەتكە كەلگەن مىسسىيونېرلار ئۇنىڭدىن تەپ تارتماي تۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ھەيۋىسى ۋە سالاپىتى ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ بېشىنى ساڭگىلاتقان پېتى جىم تۇرغان كىشىلەر پەقەت ئۇنىڭ تاقىر بېشىنىلا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايتتى.

ئەلۋەتتە، كلاۋدىي فروللو ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى ۋە ئىنىسىنى تەربىيەلەشتىن ۋاز كەچمىدى. بۇ ئۇنىڭ ھاياتىدىكى چوڭ ئىككى ئىش ئىدى. لېكىن، ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان بۇ ئىككى ئىشقا ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا چىچەك چىققىلى تۇردى. بۇ ئىش خۇددى پاۋۇل دىئاكرى ① نىڭ «ۋاقىت ئۇزارغانسېرى، ئەڭ ياخشى تۇزلانغان گۆشمۇ سېسىيدۇ» دېگىنىدەك بولدى. كىچىك ژان تۇغمىدە چوڭ بولغاچقا «ژان فروللو تۇگمەن» دەيدىغان لەقەمگە نائىل بولدى. ئۇنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى كلاۋدىي فروللونىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك بولمىدى. ئاكىسى ئۇنى تەقۋادار، سەممىي، قولىقى يۇمشاق ئوقۇغۇچى بولار دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ئۇ خۇددى باغۋەننىڭ ئەجرىنى زايە كەتكۈزۈۋەتكەن كۆچەتتەك، قەستەن ئاپتاپ چۈشىدىغان ۋە ساپ ھاۋا لەيلەپ يۈرىدىغان تەرەپكە قاراپ قىڭغىر ئۆستى. ئۇنىڭ غۇژمەك ـ غۇژمەك شاخلىرى يالقاۋلىقتا، شاللاقلىقتا ۋە نادانلىقتا قاراپ بوي تارتتى. گەرچە ئۇنىڭ چىچەنلىكى ۋە قىزىقچىلىقى كلاۋدىنى ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرۈپ تۇرغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئىنتايىن بىشەم ئالىقاپ

① پاۋۇل دىئاكرى (720 ـــ 799) ـــ قەدىمكى ئىتالىيە لومبارد خانلىقىدا ئۆتكەن تارىخشۇناس، شائىر. «لومباردلىقلارنىڭ تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى. لومبارد خانلىقى مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئىتالىيەگە بېسىپ كىرگەن گېرمانلار تەرەپىدىن قۇرۇلغان قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇپ، 774 ـ يىلىغا كەلگەندە فىرانسىيە ئىمپېراتورى چارلېمان تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان.

ئادەم بولۇپ چىقتى، كىلاۋدېنى قاپىقى ئېچىلمايدىغان قىلىپ قويدى. كىلاۋدې ئۇنى ئۆزى بىر چاغلاردا بىرنەچچە يىل ئىلىم تەھسىل قىلغان تورچ ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىگە تۇتۇپ بەردى. شۇ چاغلاردا كىلاۋدې دېگەن بۇ فامىلىنى ئۆزىگە شان ـ شەرەپ بىلگەن بۇ ئىلاھىي قەسىر ئەمدىلىكتە بۇ فامىلىدىن ئۆزىنى ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئەھۋال كىلاۋدېغا تېخىمۇ جىق باش ئاغرىقى تېپىپ بەردى. ئۇ ئىنىسىنى گېلى قۇرۇپ، لېۋى گەز باغلاپ كەتكۈچە ئەيىبلىدى، يامان گەپلەر بىلەن تىللىدى، ژانىمۇ غىڭ قىلماي جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. قارىماققا تىياتىردىكى ھەزىلكەشلەرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ تېجىمەلدە ئازراق ۋىجدان باردەك ئىدى. لېكىن، ئۇ دەككىسىنى يەپ بولغاندىن كېيىنلا ئۆزى بىلگەن سەنەمگە ئويناۋەردى، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلدى. ئۇ بەزىدە چۈجە ـ خوراز (ئىنىستىتۇتتىكى يېڭىدىن كەلگەن ئىستۇدېنت)لارنى بوزەك ئېتەتتى. يېڭىدىن كەلگەن ئىستۇدېنتلارنى بوزەك ئېتىدىغان بۇ قىممەتلىك ئەنئەنە بۈگۈنكى كۈندىمۇ بار. ئۇ يەنە بەزىدە بىر بۆلەك ساۋاقداشلىرىنى كۈشكۈرتۈپ، بىرەر قاۋاقخانىغا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرەتتى ـ دە، قاۋاقخانا خوجايىنىنى «ھۇجۇم كالتىكى» بىلەن ياتقۇزۇۋېتىپ، ئۇ يەردىكى نەرسە ـ كېرەكلەرنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ ماڭاتتى. ھەتتا گەمىدىكى ھاراق تۈڭلىرىنىمۇ ساق قويمايتتى. شۇڭا، تورچ ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىدىكى ياردەمچى مۇپەتتىش كىلاۋدېغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن بىر پارچە دوكلات سۇندى، ئۇنىڭغا تېخى ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان لاتىن يېزىقى بىلەن «مەيخورلۇق بىر قېتىملىق مۇشتلىشىشقا سەۋەب بولدى» دېگەنلەرنى قوشۇپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ كىشىلەر ژانىنىڭ تاپتىن چىقىپ گىلاتىگىن ① كوچىسىدا لاغايلاپ يۈرىدىغانلىقىنى

① گىلاتىگىن كوچىسىدا قىمارخانا كۆپ ئىدى.

www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ يۈردى. بۇ ئەمدى ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بىر ئۆسمۈر ئۈچۈن ئېيتقاندا راستتىنلا قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى. بۇ ئىشلاردىن يۈرىكى زىدە بولۇپ كەتكەن كلاۋدىي بېشىنى ئىچىگە تىققان پېتى ئىلىم ـ پەننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىلىم ـ پەن دېگەن بۇ قوشكېزەك ئاچا ـ سىڭىل ئۇنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەيتتى. گەرچە ئۇنىڭدىن تېگىدىغان نەپ بەزىدە يوقنىڭ ئورنىدا بولسىمۇ، لېكىن دېگەن يېرىدىن چىقالىسىلا، ئۇ سېنى رازى قىلماي قويمايتتى. شۇنداق قىلىپ، كلاۋدىينىڭ قورسىقىدىكى ئۇماچ بارغانسېرى كۆپەيدى. ئالغان بىلىمى بارغانسېرى چوڭقۇرلىدى. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، بۇ پوپ بارغانسېرى سالماق، بارغانسېرى غەمكىن بولۇپ قالدى. بىزنىڭ چۈشەنچىمىز بويىچە، ئەقىل ـ پاراسەت، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە شجائەت ئارىسىدا مەلۇم تەكپۇڭلۇق بولۇشى كېرەك ئىدى.

كلاۋدىي ياش ۋاقتىدا ئىنسانلار جۇغلانما قىلغان بىلىملەرنىڭ ئىچىدىكى ئىجابىي نەرسىلەرنى، ھەتتا ئۇنىڭ سىرتىدا قالغانلىرىنى، قانۇنغا ئۇيغۇن دائىرىدىكى ھەممە بىلىمنى تەلتۆكۈس ئۆگەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزى «ئەمدى بىر باشقا چىقتىم» دېمىسىلا ئالغا ئىلگىرىلەشتىن توختىمايدىغاندەك، بىلىمگە بولغان ئىشتىياقىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن مېڭىۋېرىدىغاندەك قىلاتتى. «يىلان تۇمشۇقىدىن قۇيرۇقىغىچە مىدىرلايدۇ» دېگەن بۇ قەدىمىي ئىبارە ئىلىم ـ پەنگە تازا باب كېلىدىغان سۆز ئىدى. كلاۋدىيمۇ ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە كۆرە، بۇ ئوخشىتىشنى ئوبدان چۈشەنگەن يەردە ئىدى. يالغان گەپ قىلمايدىغان بەزى مۆمىن كىشىلەر: «ئىنسان قانۇنغا ئۇيغۇن بىلىمنى قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەيمەنمەيلا قانۇنسىز بىلىملەرنىڭ ئىچىگە موللاق ئاتىدۇ» دەيتتى. ئەتراپتىكىلەرمۇ كلاۋدىي ئەقىل ـ پاراسەت دەرىخىدىكى ھەممە مېۋىنىڭ تەمىنى تېتىپ باقتى، ئاغزى بەتتام بولغاندا، چوقۇم چەكلەنگەن مېۋىنىمۇ چىشلەپ باقىدۇ، دەپ قارايتتى. دەرۋەقە، ئۇ ھەرقانداق

بىر ئىلمىي يىغىندىن قۇرۇق قالمىدى. ئىلاھىيەت ئاكادېمىيەسىدىكى لوگىكا ئىلمىي يىغىنىدىن تارتىپ ساينىت ھىلائىرنى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلغان پەلسەپە ئىلمىي يىغىنىغىچە، ساينىت مارتىننى چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلغان دىنىي ئەھكاملار بەس ـ مۇنازىرىسىدىن تارتىپ بۆۋى مەريەم چېركاۋى يېنىدىكى مۇقەددەس بۇلاق بويىدا چاقىرىلغان فىزىيولوگىيە ئىلمىي يىغىنىغىچە ھەممىنى چىتلاپ چىقتى. بۈيۈك تۆت ئاشپەز — تۆت بۈيۈك پەن — ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ يېيىشىگە رۇخسەت قىلغان ئېسىل تائاملارنى چالا قويماي يېدى. لېكىن، قورسىقى تويغۇدەك يېمەي تۇرۇپلا ئۇلاردىن زېرىكتى. ئاللىقاچان بىر يەرگە بېرىپ قالغان تەبىئىي پەنلەرنى تېخىمۇ يىراقتىن، تېخىمۇ چوڭقۇر جايلاردىن قىدىرىپ باقماقچى بولدى. ئۇنىڭ روھى ئېكسپېدىتسىيەگە ئاتلانغانلىقى، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچكىرىسىگە بېرىپ ئۇ يەردىكى خىمىكلار، ئاسترولوگلار، كىمياگەرلەر بىلەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرماقچى بولغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. بۇ سىرلىق ئورۇندۇقنىڭ يەنە بىر بېشىدا ئوتتۇرا ئەسىردىلا ئاۋېررويى[1]، پارىژنىڭ ئېپىسكوپى گۇئىللائۇم ۋە نىكولا فىلامېل قاتارلىقلار ئولتۇرۇپ بولغانىدى. يەتتە شامدانىنىڭ يورۇقىدا كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان بۇ ئورۇندۇق شەرقتىكى سولومون[2]، پىفاگور[3]، زوروئاستىر[4] لارنىڭ قېشىغىچە سوزۇلغانىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئادەملەر مۇشۇنداق پەرەز

---

[1] ئاۋېررويى (1126 — 1198) — ئەسلىي ئىسمى ئىبنى روشد. ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر ئەرەب مۇتەپەككۇرى، پەيلاسوپ، مېدىتسىنا ئالىمى. ئەرەب پەلسەپىسىگە ئاساس سالغۇچى، ئىسپانىيەدىكى كوردوۋا شەھىرىدە تۇغۇلغان.

[2] سولومون (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 970 — 931 ـ يىللار) — ئىسرائىلىيەنىڭ ئەقىل ـ پاراسەتلىك پادىشاھى، داۋىد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى.

[3] پىفاگور (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 570 — 480 ـ يىللار) — قەدىمـ ـكى يۇنان پەيلاسوپى، ماتېماتىكى.

[4] زوروئاستىر — ئاتەشپەرەسلىكنىڭ ئاساسچىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەك ئادرېسى

قىلىشاتتى.

ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ مەسۇملار قەبرىستانلىقىنى پات ـ پات زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە 1466 ـ يىلىدىكى ۋابا كېسەللىكى ئۇ ئائىلىگە ئېلىپ كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە ئورنىتىلغان ھەيۋەتلىك كىرېستقا قارىغاندا ئۇنىڭ يېنىغىلا قويۇرۇلغان نىكولا فىلامېل بىلەن كلاۋدې پېرنىل① نىڭ ئۆزگىچە ھەيكىلىگە بەكرەك مايىل ئىدى.

ئادەملەر ئۇنىڭ لومبارد كوچىسى بىلەن مېڭىپ، دېس ئېكرىۋان كوچىسى بىلەن مارىۋا ئوت كوچىسى كېسىشىدىغان يەرگە كەلگەندە، شۇ يەردىكى بىر كىچىك ئۆيگە غىپپىدە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قالاتتى. بۇ نىكولا فىلامېل ياسىغان ئۆي بولۇپ، ئۇ 1417 ـ يىلى مۇشۇ ئۆيدە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ ئۆي تاشلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئۆيگە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىمىياگەر بىلەن ئىلمى ھېكمەتچىلەرمۇ كېلەتتى. تامغا ئۆز ئىسىملىرىنى ئويۇپ، بۇ زاتقا بولغان ھۆرمىتىنى ئىپادىلەيتتى. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بۇ تام بۇزۇلۇپ، ئەمدىلىكتە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپلا قىلىۋاتاتتى. قوشنىلارنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇلار كلاۋدېنىڭ ئىككى گېرەمنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى كولاۋاتقانلىقىنى ھاۋا ئۆتۈشىدىغان كامارىدىن كۆرۈپ قېلىشقانىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، گېرەمدىكى تۆۋرۈكلەرگە نىكولا فىلامېل ئۆزى يازغان شېئىرلار ۋە تەسۋىرى يېزىقلىرى ئويۇلغانىدى. ئادەملەر ئۇستاز فىلامېل «سىنتاش»نى مۇشۇ ئىككى گېرەمگە كۆمگەن، دەپ قارايتتى. ماگىستىرىدىن تارتىپ پوپ فاسپىككە قەدەر ئۆتكەن كىمىياگەرلەر بۇ گېرەمنى ئىككى ئەسىر مابەينىدە توختىماي

① كلاۋدې پېرنىل ــ نىكولا فىلامېلنىڭ ئايالى.

كولاپ، يەرنىڭ يۈزىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكەن، تاكى بۇ ئۆي چاك - چېكىدىن بۆسۈلۈپ ئۆرۈلگەن چاغدىلا بولدى قىلىشقانىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپنى بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى سىمۋوللۇق ئەھمىيەتكە ئىگە دەرۋازا پېشايۋىنىغا پەۋقۇلئاددە مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ دېيىشكە بولاتتى. دەرۋەقە، بۇ دەرۋازا پېشايۋىنى پارىژدىكى باش ئېپىسكوپ گۇئىلللائۇم تاش بىلەن يازغان تىلسىمنامىنىڭ ئۆزى ئىدى. چېركاۋ بىناسىنىڭ باشقا يەرلىرىدە مەڭگۈ ئۇزۇلمەيدىغان مۇناجات كۈيلىرى جاراڭلايدىغان تۇرۇقلۇق، باش ئېپىسكوپنىڭ قاراپ تۇرۇپلا دەرۋازا ئايلانمىسىغا مۇنچە ئوسال پېشايۋاننى چىقارغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇنى چوقۇم دوزاخقا غەرق قىلىش لازىم ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ كلاۋدې يەنە كېلىپ سايىنت كىرىستوپنىڭ چوڭ ھەيكىلى بىلەن چېركاۋنىڭ ئالدى ئايلانمىسىغا كىرىش ئېغىزىدىكى ئادەملەر مەسخىرە قىلىپ «مونسېئورلېگرىس» دەپ ئاتايدىغان ھەددىدىن زىيادە ئېگىز ھەيكەلنى تەتقىق قىلىشقا ئامراق ئىدى. شۇنداقتىمۇ جامائەت دىققەت قىلىغان بولسا كېرەك، كلاۋدې چېركاۋنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا ئورنىتىلغان رېشاتكىدا ئولتۇرۇپ، دەرۋازىنىڭ پېشايۋىنىدىكى ئويما نەقىشلەرگە كۆزىنى مىت قىلماي قاراپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. گاھ بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ، پۈتىنىڭ ئالىقىنىدا چىراغ كۆتۈرگەن سەۋدايى قىزلارغا، گاھ بېشىغا چىراغ قويۇپ تىك تۇرغان ئەقىللىك قىزلارغا سەپسالاتتى. نىكولا فىلامېلنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە كۆمۈلمىگەن بولسا، ئۇ چوقۇم مۇشۇ يەرگە كۆمۈلگەن بولۇپ چىقاتتى. شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى، بۇۋى مەريەم چېركاۋى مۇشۇ كۈنلەردە قۇلاق ئاڭلىمىغان، كۆز كۆرمىگەن غەلىتە بىر تەقدىرگە دۇچ كېلىۋاتاتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كلاۋدې بىلەن كۋاسىمىدودىن ئىبارەت قايناتسا قېنى قوشۇلمايدىغان ئىككى ئادەم بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

بولمىغان ئىككى خىل ئۇسلۇبدا ياخشى كۆرۈپ قالدى ھەم جاھىل، ھەم قوپال، يېرىمى ئادەم سىياقى، يېرىمى ھايۋان سىياقىدىكى بىرى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ھەم چىرايلىق، ھەم مەردانە تۇرقىغا، ئۇنىڭ مۇكەممەل گەۋدە ھالىتىدىكى سەلتەنەتى بىلەن گۈزەللىكىدىن بەرق ئۇرۇۋاتقان گارمونىك لاتاپىتىگە مەپتۇن بولدى. ئەقىللىك، قىزغىن، تەسەۋۋۇرى مول بىرى ئۇنىڭدىكى ئەزگۈ جازىبىدارلىقىقا، ئۇنىڭدىكى ئەپسانىۋى خاراكتېرگە، ئۇنىڭ قات - قېتىدىكى خۇددى قوي تېرىسىگە يېزىلغان يېڭى خەتلەرنىڭ ئاستىدىن خىرە - شىرە كۆرۈنىدىغان كونا خەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان يوشۇرۇن مەنىلەرگە، ئالدى تامدىكى ئويما نەقىشلەرنىڭ سىمۋوللۇق ئەھمىيىتىگە مەھلىيا بولدى. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بۇۋى مەريەم چېركاۋى ئىنسانلارنىڭ ئەقىل - پاراستى ئۈچۈن ئۈزۈكسىز رەۋىشتە تەمىنلەپ كېلىۋاتقان، تېگى - تەكتىگە يەتكىلى بولمايۋاتقان تېپىشماقلار ئىدى.

شەكسىزكى، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ گرېف مەيدانىنى كۆرگىلى بولىدىغان ھېلىقى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ قوڭغۇراق قويۇلغان ياغاچ رېشاتكىسى يېنىغا ئۆزىگە مەخسۇس ئىنتايىن سىرلىق كىچىك بىر ئۆي سېلىۋالدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالمىغان ھەرقانداق ئادەم، ھەتتا باش ئېپىسكوپىنىڭمۇ ئۇ ئۆيگە كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مۇنارنىڭ چوققىسىدىكى قاغا - قۇزغۇنلارغا قوشنا بولۇپ تۇرغان بۇ ھۇجرىنى ئىلگىرىكى باش ئېپىسكوپ ھيۇگو دې بېسانسون ① ياساتقان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ شۇ چاغلاردا ئەپسۇن ئوقۇيدىغان جايى ئىدى. ئۆيىنىڭ ئىچىدە زادى نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، لېكىن كېچىلىرى تېررېئان دەريا ساھىلىدا مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەر قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كىچىك

---

① ھيۇگو دى بېسانسون — بېسانسېئو ھيۇگو Ⅱ (1326 — 1332).

كۆزنەكتىن يېنىۋاتقان غەلىتە قىزىل نۇرنى كۆرەلەيتتى، بۇ نۇر ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تەڭ ئارىلىق تاشلاپ پەيدا بولاتتى ـ دە، لاپپىدە يېنىپ، لاپپىدە ئۆچۈپ قالاتتى. ئۇنى چىراغنىڭ نۇرى دېگەندىن كۆرە، ئوتنىڭ يورۇقى دېگەن تۈزۈك ئىدى. قاراڭغۇدا، شۇنچە ئېگىز يەردە يېنىۋاتقان بۇ قىزىل نۇر ئادەملەرنى تەئەججۇپلەندۈرەتتى. كوچىدىكى ئاياللار: «بۇ چوقۇم ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ بىرنەرسىنى پۇۋلەۋاتقىنى، مۇنداق ئېگىز جايدا لىپىلداۋاتقان يورۇق دوزاخنىڭ يورۇقى» دېيىشەتتى.

بۇ ئىشلارنىڭ پېرىخونلۇق ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ دەلىللىگىلى بولمايتتى. لېكىن، ئۇ يەردىن دائىم دېگۈدەك تۈتۈن چىقىدىغان بولغاچقا، ئادەملەرنىڭ بۇنى ئوتنىڭ يورۇقى دەپ گۇمان قىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. شۇڭا، ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ نام ـ شەرىپى كىشىنى چۆچۈتىدىغان بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغانىدى. شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش زۆرۈركى، مەيلى مىسىرنىڭ ئىلىم ـ پەنلىرى بولسۇن، مەيلى سېھىرگەرلىك، پېرىخونلۇق بولسۇن، ھەتتا ئادەملەرگە ياخشى نىيەت بىلەن ياردەم بېرىشنى خالايدىغان جادۇگەرلىك بولسۇن، بۈۋى مەريەم چېركاۋىدىكى لاۋازىملار ياردەمچى ئېپىسكوپنى جەھەننەمدىن چىققان ئەرۋاھ، ئۇ جادۇگەرلىكنىڭ ئۇۋۇسىغا مۆكۈنۈپ، پىتنە ـ پاسات بىلەن بەتنىيەتلىكنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئىزدەيدىغان ئادەم دەيدىغان يەرگە يەتتى. يۇقىرالارمۇ خاتالاشمىدى. سەللا كاللىسى بار ئادەملەر كۋاسىمدونى ئالۋاستى، كلاۋدېنى پېرىخون دەپ جەزملەشتۈردى. ئۇلارنىڭ پەرىزىچە بولغاندا، قوڭغۇراق چالىدىغان كۋاسىمدو ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان مۆھلەت توشقان ھامان، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ روھىنى بېرىلگەن ھەق ھېسابىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەتتى. شۇڭا، ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۆزىنى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن قانچە خالىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھېسابلايدىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان تەقۋادار يىگىت ـ قىزلارنىڭ نەزىرىدە يۈز ـ ئابرۇيى تۆكۈلۈپ بولغان قاتاردا ئىدى. ئەڭ كالۋا ئادەممۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىن چىقىۋاتقان پېرىخونلۇقنىڭ ھىدىنى پۇرىيالايتتى.

ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان ئادەمنىڭ ھاياتلىق سەپىرىدە ياشنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئويلىمىغان ئوڭۇشسىزلىقلار پەيدا بولغاندەك، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ئوڭۇشسىزلىقلار يۈز بېرىدۇ. ئادەملەر ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇنىڭدىمۇ مۇشۇنداق ئالامەتلەرنىڭ بولۇۋاتقىنىنى بىلىپ قالدى، ئۇلار بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ كەتكەن ئوزايىدىن روھىي دۇنياسىنى كۆرەلەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسى نېمىشقا تاقىر بولۇپ قالغان بولغىيدى؟ ئۇ نېمىشقا بېشىنى ساڭگىلىتىپ يول ماڭىدۇ؟ نېمىشقا ھەدېسىلا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ يۈرىدۇ؟ قانداق يوشۇرۇن ۋەسۋەسە ئۇنى مۇشۇنداق ئازابلايدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەندە، بىر ـ بىرىگە جۈپلىشىپ كېتەي دەپ قالغان قاشلىرى نېمىشقا ئۇرۇشقاق خورازلاردەك ھۈرپىيىپلا تۇرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئارانلا قالغان بىرنەچچە تال چېچى نېمىشقا ۋاقىتسىز ئاقىرىپ كەتتى؟ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقىنى ئىچكى دۇنياسىدىكى قانداق يانغىندۇ ـ ھە؟

مۇشۇ ئىشلار سادىر بولۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى كەسكىن ئېلىشىشنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەزى ئالامەتلەر ئاللىقاچان يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. قەسىدىچىلەر سىنىپىتىكى باللار ئۇنىڭ چىركاۋ ئىچىدە ئۆزى يالغۇز ئويىنىدىن ـ بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى پات ـ پات كۆرۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ كىشىنى دەككە ـ دۈككىگە سالىدىغان قاراشلىرىدىن قورقۇپ كەتكەن باللار دەرھال قاچاتتى. قەسىدىچىلەر سىنىپىدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان پوپلار ئۇنىڭ ھېچكىم ئاڭقىرالمايدىغان بەزى گەپ ـ سۆزلىرىنى مىننەتدارلىق قەسىدىسىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالاتتى. تىررىئان دەرياسىنىڭ بويىدا ئولتۇرۇپ مىسسىيونېرلارنىڭ كىر كىيىملىرىنى يۇيىدىغان

ئاياللار يوساستىكى بۇ ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ كېيىمىدە تىرناقنىڭ پېتىپ كەتكەنلىكى ياكى پۇت بىلەن تېپىشكەنلىكى تۈپەيلى يىرتىلغان جايلارنى كۆرۈپ قالاتتى.

لېكىن، ئىشلار مۇشۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ تېخىمۇ سۇرلۇك، تېخىمۇ تەلەپچان بولۇپ كەتتى. خۇي - مىجەزى ۋە شارائىت ۋەجىدىن، ئەزەلدىن تارتىپ قىز - ئاياللارنى كۆرگەن هامان يىراقتىن ئەگىپ ماڭىدىغان بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە ئۇلاردىن ئۆزىنى تېخىمۇ بەك تارتىدىغان بولۇپ قالدى. يېپەك كىيىملەرنىڭ شىلدىر - شىلدىر قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسىمۇ، شىلەپىسىنى دەرهال چۈشۈرۈپ، كۆزىنى تۇسۇۋالىدىغان هالەتكە يەتتى. ئۇ بۇ جەهەتتە شۇنچىلىك مۇتەئەسسىپ ئىدىكى، 1481 - يىلى دېكابىردا پادىشاهنىڭ قىزى بىيۇزى خانىم بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى موناستىرنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەندە، تەرىنى تۇرۇپ، ئۇنىڭ كىرىشىنى رەت قىلغان هەمدە باش ئېپىسكوپنى ئاگاهلاندۇرۇپ 1334 - يىلىدىكى سايىنت بارتولوم تۈنەك بايرىمى هەققىدە يېزىلغان قارا تاشلىق كىتابتىكى مىسسىيونېرلارنىڭ «مەيلى قېرى، مەيلى ياش، مەيلى توي قىلغان، مەيلى توي قىلمىغان هەرقانداق ئايالنى قوبۇل قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ» دېگەن بەلگىلىمىلەرنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى. شۇ چاغدا باش ئېپىسكوپمۇ بوش كەلمىگەن، رىم پاپاسىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەلچىسى ئېدونىڭ «بەزى ئېسىلزادە ئاقسۆڭەك ئاياللارنى بىكاردىن - بىكار رەت قىلماسلىق لازىم» دېگەن پەرمانىنى كۆرسىتىپ نارازىلىق بىلدۈرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۆز گېپىدىن يانماي، پاپانىڭ پەرمانى 1207 - يىلى جاكارلانغان، قارا تاشلىق كىتابتىكى بەلگىلىمىلەردىن ساق بىر يۈز يىگىرمە يەتتە يىل بۇرۇنقى ئىش، ئۇ ئەمەلىيەتتە كېيىنكى پەرمان جاكارلانغان هامان ئەمەلدىن قالغان، دەپ پەقەت يول قويمىغان. ئاخىرىدا ئىش مەلىكىنى قوبۇل قىلماسلىق بىلەن تاماملانغانىدى.

كىشىلەر ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ قاچانلاردىن باشلاپ

مەسىرلىق قىزلار بىلەن سىگان قىزلىرىدىن ئىنتايىن يېرگىنىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدى. ئۇ ھەتتا باش ئېپىسكوپتىن بۇخېمىيەلىك ئاياللارنىڭ بۇۋى مەريەم چېركاۋى ئالدىدىكى مەيداندا ئۇسسۇل ئويناپ، دۇمباق چېلىشىنى چەكلەش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈشىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىماس قىلدى. ئۇ دەل مۇشۇ ۋاقىتتىن ئېتىبارەن، نەم تارتىپ كۆكىرىپ كەتكەن كونا ئارخىپلار ئىچىدىن ئەر ـ ئايال پېرىخونلارنىڭ مۇشۇك، چوشقا ياكى ئۆچكە بىلەن سۈيىقەست پىلانلاپ جادۇگەرلىك قىلغان قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئوتقا تاشلانغانلىقى ياكى دارغا ئېسىلغانلىقى توغرىسىدىكى دېلولارنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ كەتتى.

## 6. نەزەردىن چۈشكەنلەر

بىز باشتىلا دېگەندەك، چېركاۋ ئەتراپىدىكى چوڭلار ۋە كىچىك باللارنىڭ مەيلى كلاۋدې بىلەن، مەيلى كۋاسىمدو بىلەن بولسۇن، ئوخشاشلا خۇشى يوق ئىدى. ئۇلار بۇ ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ، بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا يېقىن جايدىكى تار ـ خىلۇەت، زەي پۇراپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ كوچىلاردىن كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىنى يۈزىدىن ـ يۈزىگە سەت گەپلەر بىلەن تىللايتتى. تەنە گەپلەر بىلەن مەسخىرە قىلاتتى، زاڭلىق قىلاتتى. كلاۋدې بوينىنى غازنىڭ بويىنىدەك سوزۇپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېتىۋېرەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا تىل تەگكۈزىدىغان بۇ شۇم ئېغىزلار ئۇنىڭ كىشىنى ئەيمەندۈرىدىغان پېشانىسىنىلا كۆرەلەيتتى.

ئىككىسىنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان بۇ قىسمەت رېگنىر ① يازغان «شائىرلار» دېگەن شېئىرىدىكى: «خىلمۇخىل كىشىلەر

① ماتىلان رېگنىر (1573 ـــ 1613) ـــ فىرانسىيەدىكى ھەجۋىي شائىر. فىرانسىيە شېئىرىيىتىدىكى بالوك مەزھىپىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى.

ماڭار شائىر كەينىدىن، ئۇلار بەئەينى مۇشۇكياپىلاق كەينىدىن ۋىچىر - ۋىچىر سايراۋاتقان ئوماق قۇشقاچ» دېگەن مىسرالارنىڭ ئۆزى ئىدى.

ناگان - ناگاندا بەزى كەپسىز، جىنىدىن تويغان باللار ئۆزىنىڭ پارە - پارە بولۇپ كېتىش خەۋپىگە قارىماي، كۋاسىمدونىڭ دۇمچەك دۈمبىسىگە يىڭنە سانجىپ ئوينايتتى. بەزىدە چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، لېكىن شەرم - ھايانى بىلمەيدىغان قىزلار ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ پېشىدىن تارتىپ تۇرۇپ ناخشا ئېيتاتتى، «سېنى تۇتتۇق ئالۋاستى! توختاپ تۇرمامسەن» دەپ چىشىغا تېگەتتى. بەزىدە دەرۋازا ئالدىدىكى پەلەمپەينىڭ قاراڭغۇ دالدىسىدا تىزىلىپ ئولتۇرغان ئايالار، ياردەمچى ئېپىسكوپ بىلەن قوڭغۇراق چالىدىغان دوكنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. ھايال ئۆتمەيلا غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلەپ: «ھەي، ماۋۇ ئادەمنىڭ روھى ئاۋۇ بىرىنىڭ جىسمىغا ئوخشايدىكەن!» دەپ كۇلۇشەتتى. بەزىدە مەكتەپتىن يانغان ئوقۇغۇچىلار ياكى يولدا تاش تېپىپ ئويناۋاتقان باللار شارتتىدە قاتار بولۇپ، ئۇلارغا بىر ياقتىن سالام بەرگەچ، يەنە بىر ياقتىن لاتىن تىلىدا: «ۋاي - ۋۇي! بۇ كلاۋدې بىلەن توكۇرغۇ!» دېيىشىپ قىيقاس - چۇقان كۆتۈرۈشەتتى.

ھالبۇكى، ياردەمچى ئېپىسكوپ بىلەن قوڭغۇراق چالىدىغان ئادەمنىڭ بۇ تىل - ئاھانەتلەردىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشلارنى سەزمەيتتى. چۈنكى، كۋاسىمدو گاس ئىدى، كلاۋدېنىڭ خىيالى بولسا ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولاتتى. چاقچاق گەپلەرنىڭ بىرىمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## 1. ساينت مارتىن موناستىرىنىڭ باشلىقى

كلاۋدىينىڭ نامى تەرەپ ـ تەرەپكە پۇر كەتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا تېپىنىپ زىيارەت قىلغىلى كېلىدىغانلارمۇ كۆپەيدى. ئۇ بىيۇژى خانىم بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا يۇز بەرگەن بىر قېتىملىق زىيارەت ئۇنىڭ كۆڭلىدە بەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغاچقىمىكىن، بۇ زىيارەتنى خېلىغىچە ئېسىدىن چىقارماي يۈردى.

قاش قارايغان مەھەل، كلاۋدىي ئىشخانىسىدىن چىقىپ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ موناستىرىدىكى ھېلىقى مەخپىي ھۇجرىغا قايتتى. ھۇجرا ئىچىدە بۇلۇڭدىكى ئاغزى ھىم ئېتىلگەن بىرنەچچە دورا بوتۇلكىسىدىن باشقا نەرسىنىڭ ھەممىسىنى چاڭ ـ توزان بېسىپ كەتكەنىدى. تامنىڭ ھەممە يېرى ياكى نوقۇل ئىلىم ـ پەن ئاتالغۇلىرى بىلەن ياكى بولمىسا ئۇ ئۆزى داڭلىق چاغلىغان يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرىدىن ئېلىنغان دىنىي ھېكمەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ ماقالە قەغىزى يېيىقلىق شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تۈچ شامدانىنىڭ يورۇقىدا ئېچىلىپ تۇرغان كىتابنىڭ ئۇستىگە جەينىكىنى قويدى. بۇ ھونورىيۇس دېئاۋتۇن يازغان «تەقدىرچىلىك ۋە ئەركىن ئىرادە توغرىسىدا» ناملىق كىتاب ئىدى. ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن تېخى بايىلا قولغا چۈشۈرگەن بىر پارچە يېرىم تاۋاق نەشر بۇيۇمىنى بىر بەت ـ بىر بەتتىن ۋاراقلىدى. بۇ ئۇنىڭ ھۇجرىسىدىكى بىردىنبىر نەشر بۇيۇمى ئىدى. ئۇ چوڭقۇر

خىيالغا چۆمۈپ، ئاللىنىمىلەرنى ئويلاۋاتقاندا ئىشىك چېكىلدى.
— كىم؟ — دەپ توۋلىدى ئۇ بەئەينى سۆھبەتكە تالىشىۋاتقاندا باشقىلار تەرىپىدىن قوغلانغان ئىتنىڭ خىرىلدىغىنىدەك ئاۋاز بىلەن. ئىشىك سىرتىدىن:
— ئاغىنىڭىز ياكوئىس كوئىكتېر، — دېگەن جاۋاب ئاڭلاندى.
كىرگەنلەرنىڭ بىرى پادىشاھنىڭ دوختۇرى بولۇپ، ئاللاھازەل ئەللىك ياشلار چامىسىدا ئىدى. كۆزلىرىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرغان مەككارلىق ئالدىدا، ئۇنىڭ ئۆلۈكنىڭكىدەك جانسىز چىرايى ئۇنچە بىلىنىپ كەتمەيتتى. يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ ھەمراھى بولسا كېرەك، ھەر ئىككىيلەن كۆل رەڭ چېكىت چۈشۈرۈلگەن قېنىق قىزىل رەڭلىك تون كىيىپ، بەللىرىنى بەلباغ بىلەن باغلىۋالغانىدى. قارىماققا، ئۇلارنىڭ كىيىمى ئۆزلىرىگە ناھايىتى چىڭ كەلگەندەك ئىدى. ھەر ئىككىيلەننىڭ بېشىدا بىر خىل رەختتىن تىكىلگەن، ئوخشاش رەڭلىك قالپاق بار ئىدى. ئۇلار قولىنى يانچۇقىغا سالغان، كىيىنىۋالغان ئۇزۇن تونلىرىنىڭ پېشى پۇتىنىڭ دومبىسىگىچە تېگىپ تۇراتتى، بېشىدىكى قالپىقى كۆزىنى توسۇۋالغۇدەك دەرىجىدە چۆكۈرۈلگەنىدى.
— خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئەپەندىلەر، — ياردەمچى ئېپىسكوپ شۇنداق دېگەچ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى، — مۇنداق كەچتىمۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىماپتىكەنمەن، قەۋەت خۇش بولدۇم!
ياردەمچى ئېپىسكوپ تەكەللۇپ قىلدى، خاۋاتىرلىنىش ۋە سىناق نەزىرى بىلەن دوختۇرغا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھىغا سەپسېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى.
— تىرېكاپتىكى داڭلىق ئۆلىما كلاۋدې فروللونى زىيارەت قىلغاندا، كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى دوختۇر كوئىكتېر. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى سېپى ئۆزىدىن ياقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۇرتلۇق ئادەملەرنىڭ تەلەپپۇزى ئىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ بىلەن دوختۇر ئۆزئارا سالاملاشتى. شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە، ئۆلىما ـ ئالىملار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە مۇشۇ تەرتىپتە ئامان ـ ئېسەنلىك سورىشاتتى. لېكىن، ئۆزئارا ئامان ـ ئېسەنلىك سوراش ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆچ ـ ئاداۋەتنى توسۇپ قالالمايتتى. ھېلىمۇ ھەم شۇنداق، بىرەر ئۆلىما يەنە بىر ئۆلىمانى ماختاپ ئۇچۇرۇۋاتقاندا، ئۇنىڭ خۇشامەت گەپلىرى ھەسەل ئارىلاشتۇرۇلغان بىر بوتۇلكا زەھەرگىلا ئوخشاپ قالاتتى.

كلاۋدي فروللو ياكوئىس كوئىكتىيرنىڭ ياغلىما گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كەسپىتىكى قولايلىقتىن، بولۇپمۇ پادىشاھنىڭ كۆپ قېتىم ئورۇن تۇتۇپ بېتىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئەھلى جامائەتنى قاقتى ـ سوقتى قىلغانلىقىغا كىلىشتۇرۇپ دەككىسىنى بەردى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پادىشاھنىڭ كېسىلىنى كۆرۈش كىمىياگەرلىك بولۇپ، راست ئالتۇننى ئىزدەپ ئاۋارە بولغانغا قارىغاندا تېزرەك نەپكە ئېرىشكىلى بولاتتى.

ــ شۇنداق ! كوئىكتىير ئەپەندى. جىيەن ئوغلىڭىز، ھۆرمەتكە سازاۋەر پىيرري ئەپەندىنى باش ئېپىسكوپلۇققا كۆتۈرۈلدى دەپ ئاڭلىدىم، ناھايىتى خۇش بولدۇم، جىيەن ئوغلىڭىز ئامىئېنسىنىڭ ئېپىسكوپى بولدىغۇ دەيمەن؟

ــ شۇنداق، ياردەمچى ئېپىسكوپ جانابلىرى، بۇمۇ خۇدانىڭ شاپائىتى دەڭە !

ــ ئېسىڭىزدە باردۇ؟ مىلاد بايرىمى كۈنى ئىقتىسادىي مۇپەتتىش مەھكىمىسىدىكىلەرنى باشلاپ ماڭغاندا، تولىمۇ سۆلەتلىك بولۇپ كېتىپتىكەنسىز !

ــ نېمىلەرنى دەيدىغانسىز، كلاۋدي جانابلىرى، مەن بىر مۇئاۋىن غوجىدارغۇ شۇ.

ــ سىز سايىنت ئاندىرى كوچىسىدا ياسىتىۋاتقان ھەشەمەتلىك قورۇ پۇتەي دەپ قالغاندۇ؟ ئۇنى لۇئۇرى سارىيى دېسەكمۇ

ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. بولۇپمۇ دەرۋازىغا ئويۇلغان ئۆرۈك دەرىخى بىلەن ھېلىقى قوش مەنىلىك سۆزگە بەك ئىچىم كۆيىدۇ ھەم «ئۆرۈكلۈك ھويلا»، ھەم «كوئىكتېرنىڭ ھويلىسى»[1] دەڭە.

— كلاۋدىپ جانابلىرى، مەن بۇ قورۇلۇشقا ناھايىتى جىق پۇل خەجلىۋەتتىم. قورۇ - جاي پۈتكەن ھامان ۋەيران بولۇپ كېتىشىم مۇمكىن.

— تۇرمە بىلەن ئەدلىيە ئەمەلدارلىقىدىن كىرىدىغان كىرىمىڭىز بارغۇ؟ ئۇنىڭدىن بۆلەك تېخى كىلوسىردىكى ئۆيلەرنىڭ، گۈش دۇكىنىنىڭ، مېھمانخانىنىڭ، ماگىزىنىنىڭ ئىجارىسىنى يىغىسىز! قولىڭىزدا بىر ئوبدان سۈت چىقىدىغان سىيىر تۇرسا!

— بۇ يىل پوئىسىدىكى يېرىمدىن ھېچقانچە ھوسۇل ئالالمىدىم.

— لېكىن، سىزنىڭ تىرېئىل، ساينىت يامېس، ساينىت گېرما - ئىنوردىن يىغىۋالىدىغان ئىجارىڭىز ئەزەلدىنلا ياخشى ئىدىغۇ؟

— بىر يۈز يىگىرمە لىۋر دەڭە، ئۇنىڭ ئۈستىگە پارىژ پۇلى ئەمەس.

— سىز يەنە پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسىدىنمۇ مائاش ئالىسىز، بۇ دېگەن مۇقىم كىرىم تۇرسا!

— راست دەيسىز، بۇرادەر كلاۋدىپ. بىراق، پۇلىگىنى قورۇقىدىن ھەر يىلى قىلىدىغان كىرىمىم ئاتمىش تىللاغىمۇ يەتمەيدۇ.

كلاۋدىپ بىر ياقتىن كوئىكتېرنىڭ پۇتىغا ھۆل خىش قويۇپ، بىر ياقتىن ئۇنىڭ يېغىرىغا تېگىپ، پۇخادىن چىققۇدەك مەسخىرە قىلىۋالدى. كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپلەرنىڭ تېگىگە رەھىمسىزلىك، ئىچى قارىلىق يوشۇرۇنغانىدى. بۇ دەل تەلىيى ئوڭدىن كەلمىگەن ئادەم قول

[1] فىرانسۇز تىلىدا «ئۆرۈكلۈك» بىلەن كوئىكتېرنىڭ ئاتىلىشى يېقىن كەلگەچ-كە، بۇ يەردە كوئىكتېر پادىشاھنىڭ چاپىنىدا تەرلەيدۇ، دەپ مەسخىرە قىلىنىدۇ.

ئېلكىدە بار ئىپلاس بىر ئادەم بىلەن تۇتۇشۇپ قالغاندا دېيىشىدىغان گەپلەرنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئەپسۇسكى، قارشى تەرەپ كۆز ئالدىدىكى بۇ ئادەمنىڭ سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدى.

— شۇنداق ھۆددە قىلالايمەنكى، — كلاۋدې ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇنداق ساغلام تۇرغىنىڭىزدىن بەك سۆيۈندۇم.

— رەھمەت، كلاۋدې جانابلىرى !

— شۇنى سوراپ باققۇم بار، — كلاۋدېنىڭ ئاۋازى بىردىنلا چىڭ چىقىپ كەتتى، — پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كېسىلى قانداقراقكىن؟

— داۋالانغان پۇلنى تولۇق بېرەلىگۈدەك ھالى يوق، — دوختۇر مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ يېنىدىكى ھەمراھىغا لەپىدە قاراپ قويدى.

— ئاز بولۇپ قالدى دەۋاتامسىز، بۇرادەر كوئىكتېر؟ — دەپ سورىدى ھەمراھ بولۇپ كىرگەن كىشى.

بۇ ئادەمنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ھەيرانلىق ۋە نارازىلىق ئالامەتلىرى ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ بۇ ناتونۇش كىشىگە بولغان دىققىتىنى قوزغىدى. راستىنى ئېيتقاندا، كلاۋدې ئۆزىنىڭ كۆزىگە غەلىتە كۆرۈنۈۋاتقان بۇ ئادەمنى مەخپىي ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرگەندىن باشلاپلا كۆزىتىپ تۇرغانىدى. كلاۋدې ئۇنىڭ پادىشاھ لۇئى XI نىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى ياكوئىس كوئىكتېرغا يان باسىدىغانلىقىنى دېمىسە، كوئىكتېرنىڭ مۇنداق ناتونۇش بىرىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا بىللە ئېلىپ كىرىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، دوختۇر ئۆزىنىڭ ھەمراھىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىغاندا، كلاۋدېنىڭ چىرايى بىرقىسما بولۇپ كەتتى.

— ئېسىم قۇرۇسۇن، كلاۋدې ! ھەمراھىمنى تونۇشتۇرۇپ

قوياي. ئۇ سىزنىڭ نام ـ شەرىپىڭىزنى تولا ئاڭلاپ، زىيارەت قىلىش نىيىتىدە مۇشۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلغانىدى.

— ئەپەندى، سىزمۇ ئىلىم تەھسىل قىلامسىز؟ — دەپ سورىدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كوئىكتېرنىڭ ھەمراھىغا تىكىلدى. ناتونۇش كىشىنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ ئادەمنى ھودۇقتۇرىدىغان سوغۇق نۇر چاقنىدى.

چىراغ نۇرى ئاجىز بولغىنىغا قارىماي، ئاتمىش ياشلار ئەتراپىدىكى بۇ قېرى ئادەمنىڭ ئوتتۇرا بوي، دوغىلاق كەلگەن قامىتىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. قارىماققا ئۇ كېسەل بولۇپ قالغاندەك ئىدى. نۇر يېغىپ تۇرىدىغان سۇزۇك چىرايىدىن قانداقتۇر بىر قەتئىيلىك ۋە جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن تېرەن ئوي ـ پىكىر جىلۋە قىلاتتى. قاڭشىرىغىچە چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان يۇمشاق قالپاقنىڭ تېگىدە تالانتلىق بىر مېڭىنىڭ مىدىرلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

ئۇ ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ سوئالىغا تەمتىرەپ كەتمەيلا جاۋاب بەردى:

— ھۆرمەتلىك جاناب، ھەممە يەرگە داڭقىڭىز كەتكەن بولغاچقا، سىزدىن ئۆگىنەي دەپ قېشىڭىزغا كېلىپ تۇرۇپتىمەن. مەن باشقا بىر ئۆلكىدىن كەلگەن مۆتىۋەر، ئەسلىدە ئۆلىمالارنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتىن بۇرۇنلا ئايىغىمنى سېلىۋېتىشىم لازىم ئىدى. ئېھتىمال، سىز مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىسىز، مېنى تورانگوۋا ئاقساقال دەيدۇ.

«مۆتىۋەر ئادەملەرنىڭمۇ چويلىدا توختىمايدىغان ئىسمى بولىدىكەنە» دەپ ئويلىدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ مۇھىم ۋە جىددىي بىر ئىشقا دۇچ كەلگەنلىكىنى تۇيدى. ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىك كاللىسى تورانگوۋا ئاقساقال كىيىۋالغان تېرە قۇلاقچىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىك بىر كاللىنىڭ بارلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەرەز قىلدى. ئالدىدىكى سۇرلۇك چىرايغا سەپسېلىۋېتىپ، تېخى ئابايا ياكوئىس كوئىكتېرغا تاقابىل تۇرغان چاغدىكى زورغا پەيدا بولغان كۈلۈمسىرەش خۇددى قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولغان شەپەقتەك نەلەرگىدۇر يوقالدى. يۈز ـ كۆزىنى مەيۈسلۈك چۇلغىدى، لام ـ جىم دېمەيلا يۆلەنچۈكى بار سافاغا چۆكۈپ، بىر جەينىكىنى ئادىتى بويىچە شىرەنىڭ ئۈستىگە تىرىدى، يەنە بىر قولى بىلەن پېشانىسىنى تۇتتى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن، تېخىچە ئۆرە تۇرغان ئىككىيلەننى ئولتۇرۇشقا شەرەتلەپ، تورانگوۋا ئاقساقالغا قارىدى.

— جاناب، مەن بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بولسىڭىز، نېمىنى مۇنازىرە قىلىدىغانلىقىمىزنى دەپ بېقىڭ!

— ھۆرمەتلىك جاناب، — دېدى تورانگوۋا ئاقساقال، — مەن ئاغرىپ قالدىم، كېسىلىم ناھايىتى ئېغىر، باشقىلار ماڭا سىزنى دانىشمەن ئائېسكولاپ ① دەپ تەرىپلەپ بەردى. شۇڭا، مەن سىزنى رېتسېپ يېزىپ بېرەرمىكىن دەپ كەلدىم.

— رېتسېپ؟ — ياردەمچى ئېپىسكوپ بېشىنى چايقىدى. ئاندىن بىردەم ئويلىنىۋالدى، — تورانگوۋا ئاقساقال، ئىسمىڭىزنى مۇشۇنداق ئاتىغانلىقىمنى ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، قايرىلىپ قاراپ بېقىڭ، سىزگە بېرىدىغان جاۋابىمنىڭ تامغا يېزىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

تورانگوۋا ئۇنىڭ سۆزى بويىچە كەينىگە قايرىلدى. تامنىڭ ئۈستۈنرەك يېرىگە «مېدىتسىنا دېگەن خام خىيالنىڭ قىزى — يامبلىكوي»② دېگەن خەت ئويۇلغانىدى.

ياكوئىس كوئىكتېر ھەمراھىنىڭ بايىقى جاۋابىنى ئاڭلاپ خاپا بولۇپ تۇرۇۋىدى، كلاۋدېنىڭ تامغا يېزىپ قويغان جاۋابىنى

① ئائېسكولاپ — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى دورا ـ دەرمەك ئىلاھى. قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ ئوغلى.

② يامبلىكوي (مىلادىيەنىڭ 250 — 330 ـ يىللار) — قەدىمكى يۇنان يېڭى ئەپلاتونچىلار مەزھىپىدىكى پەيلاسوپ.

كۆرۈپ تېخىمۇ ئوغىسى قايىندى. ئۇ تورانگوۋا ئاقساقالنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— مەن ئۇنى سىزگە قىپقىزىل ساراڭ دېگەنىدىمغۇ، كۆرۈشمەن دەپ كەلگىنىڭىزگە خوپ بولدى ! — دەپ پىچىرلىدى.

— ياكوئىس كوئىكتېر دوختۇر، بەلكى بۇ ساراڭنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدۇر، — دېدى ئاقساقالمۇ پەس ئاۋازدا ۋە ئاچچىق كۈلۈپ قويدى.

— ئىختىيارىڭىز ! — دېدى كوئىكتېر توك تېگىپ، ئارقىدىنلا ياردەمچى ئېپىسكوپ بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— كلاۋدىي، سىزنىڭ داۋالاش تېخنىكىڭىز بەك قالتىس، سىز خۇددى مايمۇن ياڭاقنى چوڭ نەرسە چاغلاپ كەتمىگەندەك، ھىپپوكرات ① نىمۇ پوش دېمەيدىغاندەك ئەلپازدا گەپ قىلىۋاتىسىز. ناۋادا ھەممە دوختۇر مۇشۇ سورۇندا تۇرۇپ، سىزنىڭ مېدىتسىنا خام خىيال دېگەن سۆزىڭىزنى ئاڭلىسا، سىزنى تاش بوران قىلىۋەتكەن بولاتتى ! دېمەك، سىز غىدىقلىغۇچى دورىلارنىڭ قانغا، مەلھەم دورىلارنىڭ مۇسكۇلغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەنسىز ـ دە ! سىز ئوخشاشلا يەنە گۈل ـ گىياھ بىلەن مېتالدىن تەركىب تاپقان، ئادەملەر تەرىپىدىن دۇنيا دورا ساندۇقى دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دورا ساندۇقىنىڭ كېسەللىكنى داۋالاش ئۈچۈنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدىكەنسىز.

— مەن دوراشۇناسلىقىنىمۇ ئىنكار قىلمايمەن، كېسەل ئادەمنىمۇ ئىنكار قىلمايمەن. مېنىڭ ئىنكار قىلىدىغىنىم دوختۇرلار !

— دېگەنلىرىڭىز بويىچە بولغاندا، — كوئىكتېر قايناپلا كەتتى، — رېماتىزمنىڭ ئىچكى ئەزالاردىكى ئەسۋە ئىكەنلىكى،

---

① ھىپپوكرات (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 460 — 377 ـ يىللار) — قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر دوختۇرى. غەرب مېدىتسىناسىنىڭ ئاتىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

كۆيۈپ چۇچۇلا بولۇپ كەتكەن چاشقاننى ئېزىپ ياسىغان مەلھەم دورا بىلەن زەمبىرەك ئوقىدا زەخىملەنگەن تېرىسىنى ساقايتقىلى بولىدىغانلىقى، ياش ئادەملەرنىڭ قېنىنى ئۇرغاندا قېرىلارنىڭ ياشلىق باھارىنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يالغان گەپ ئىكەن ـ دە! ئىككىنى ئىككىگە قوشسا تۆت بولىدۇ دېگەنمۇ يالغانمۇ؟

ياردەمچى ئېپىسكوپ چىرايىنى مەتمۇ قىلىپ قويماي:

— بەزى شەيئىلەرگە مېنىڭمۇ ئۆز قارىشىم بار، — دېدى.

كوئىكتېر ئاچچىقىدا شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى.

— بولدى! بولدى! كوئىكتېر ئاغىنە، رەنجىش ھاجەتسىز، — دېدى تورانگوۋا ئاقساقال، — ياردەمچى ئېپىسكوپ بىز بىلەن دوست تۇرسا.

كوئىكتېر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، جىم ئولتۇردى، لېكىن پەس ئاۋازدا:

— نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ بىر سارالڭ، — دېدى رەنجىپ.

— كلاۋدىي جانابلىرى، — تورانگوۋا ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى، — مېنى بەكمۇ تەڭلىكتە قويدىڭىز. ئەسلىدە ئىككى قېتىم مەسىلىنى سىزدىن سوراپ بىلىۋالماقچىدىم. ئۇنىڭ بىرى مېنىڭ سالامەتلىكىم، يەنە بىرى مېنىڭ يۇلتۇزۇم ھەققىدىكى ئىش ئىدى.

— ئەپەندى، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، — سىزنىڭ راستىنلا مۇشۇنداق خىيالىڭىز بولسا، شۇنچە جىق پەلەمپەيدىن چىقىپ مېنىڭ قېشىمغا كېلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى، مەن ھەم مېدىتسىناغا ئىشەنمەيمەن، ھەم مۇنەججىملىككە ئىشەنمەيمەن.

— گەپلىرىڭىز راستمۇ؟ — تورانگوۋا ئاقساقال تەئەججۈپلەندى.

كوئىكتېر زورغا كۈلۈمسىرەپ ئاغزىنى تورانگوۋانىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلدى:

— ئەمدى ئوچۇق كۆرۈۋاتقانسىز، ئۇ دېگەن بىر ساراڭ دېمىدىممۇ ! ئۇ ھەتتا مۇنەججىملىكىمۇ ئىشەنمەيدىغان تۇرسا !

— ھەربىر يۇلتۇزنىڭ نۇرى، — دېدى كلاۋدې بايىقى گېپىنى تولۇقلاپ، — سىلەر تەسەۋۋۇر قىلغانغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىگىپ قويۇلغان بىر تال يىپ !

— ئۇنداقتا سىز نېمىگە ئىشىنىسىز؟ — دەپ سورىدى تورانگوۋا ئاقساقال ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ياردەمچى ئېپىسكوپ بىرپەس دېلىغۇل بولدى. ئاندىن قاپىقى چۈشۈپ كەتكەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ، خۇددى ئۆزىنىڭ جاۋابىنى ئىنكار قىلىۋاتقاندەك جاۋاب قايتۇردى:

— خۇداغا ئىشىنىمەن !

— ئىككىمىزگە، — تورانگوۋا ئاقساقال شۇنداق دەۋېتىپ، ئالمان - تالمان چوقۇنۇۋالدى.

— ئامىن ! — دېدى كوئىكتېر.

— ھۆرمەتلىك جاناب، — ئاقساقال يەنە گەپ باشلىدى، — سىزدىكى مۇنداق تەقۋادارلىقنى كۆرۈپ، مەن تولىمۇ تەسىرلەندىم. لېكىن، سىز يەنە شۇنداق چوڭ ئالىم تۇرۇپ، پەنگە ئىشەنمىگىنىڭىز نېمىسى؟

— ئۇنداق ئەمەس، — ياردەمچى ئېپىسكوپ تورانگوۋا ئاقساقالنىڭ بىلىكىنى تۇتتى. خۇنى كەتكەن كۆزىنىڭ قارىچۇقىدىن ئاللىقانداق بىر كۈچلۈك نۇر ئېتىلىپ چىققاندەك بولدى، — ئۇنداق ئەمەس. مەن پەننى ئېتىراپ قىلمايدىغان يەردە ئەمەس. مەن ئۇزاق چاغلاردىن بۇيان، يەر ئۇستىدە ئۆمىلەپ، قورسىقىمنى يەرگە چاپلاپ، تىرناقلىرىمنى لايغا پاتۇرۇپ، يەر ئاستى ئۆيلىرىدىكى ھەددى - ھېسابسىز سوقماق يوللاردا مېڭىپ يۈردۈم. قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ يېقىدا يېنىۋاتقان يورۇقلۇقنى، يالقۇنغا ئوخشاش بىرنەرسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇ چوقۇم مەركىزىي تەجرىبىخانىدىن چىقىۋاتقان، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئەكس نۇر دەپ ئويلىدىم. سەۋر - تاقەتلىك، ئەقىللىك ئادەملەرلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئىچىدىن خۇدانى كۆرەلەيتتى!

— ئاخىرقى ھېسابتا، — دەپ سورىدى تورانگوۋا ئاقساقال، — سىزگە نىسبەتەن چىن ۋە مۇئەييەنلەشتۇرگىلى بولىدىغان نەرسە زادى نېمە ئۆزى؟

— كىمياگەرلىك.

— دەرۋەقە، — دېدى كوئىكتېر ئۆزىنى باسالماي، — كلاۋدىي، كىمياگەرلىكمۇ بولىدىغان ئىش. لېكىن، سىز نېمىشقا مېدىتسىنا بىلەن مۇنەججىملىككە تىل تەگكۈزىسىز؟

— سىز دەۋاتقان ئادەم توغرىسىدىكى پەن مەۋھۇم نەرسە، ئۇ ئالەم توغرىسىدىكى پەنمۇ ئوخشاشلا مەۋھۇم نەرسە، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ قوپاللىق بىلەن:

— ئېپىداۇرۇس ① بىلەن كالدىيە ② دە شۇنداق گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كېلىۋاتىدۇ! — دوختۇر سوغۇق كۈلۈپ ئېتىراز بىلدۈردى.

— قۇلاق سېلىڭ، جانابىي ياكوئىس! مېنىڭ دەۋاتقانلىرىم راست گەپ. مەن پادىشاھنىڭ دوختۇرى ئەمەس، ئۇ ماڭا يۇلتۇزلارنى كۆزەتسۇن دەپ دايىدالوس باغچىسىنى ئىنئام قىلغانمۇ ئەمەس. چېچىلماي تۇرۇڭ، گېپىمنى ئاڭلاڭ. سىز قانداق ھەقىقەتنى بايقىدىڭىز؟ مەنمۇ بۇ يەردە مېدىتسىنانى كۆزدە تۇتمىدىم. ئۇنىڭ بىلەن مەشغۇل بولۇش تولىمۇ ئەخمەقلىق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مۇنەججىملىك. ماڭا سۆزلەپ بېرىڭچۇ. ئەرشئەلاغا تۈز چىقىپ، ئۇ يەردىن يەر يۈزىگە تۈز تارتىلىپ تۇرغان ھېلىقى يىپ ③ لار، زىرۇف سانلىرى ۋە

---

① ئېپىداۇرۇس — قەدىمكى يۇناننىڭ ئېگېي دېڭىزى قىرغىقىدىكى شەھەر. دورا ـ دەرمەك ئىلاھى ئائېسكولاپىنىڭ چېركاۋى مۇشۇ يەردە.

② كالدىيە — ئورنى مېسوپوتامىيەنىڭ جەنۇبىدىكى بابىلون پادىشاھلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇ يەردە ناھايىتى بۇرۇنلا ئاسترونومىيە تەتقىقاتى يولغا قويۇلغان.

③ مۇنەججىملىك ھەربىر ئادەمنىڭ بېشىدا بىر تالدىن يىپ بولىدۇ. ئۇ شۇ ئا ـ دەمنىڭ ئاسماندىكى يۇلتۇزىغا چېگىلگەن بولىدۇ. يۇلتۇزلار مۇشۇ يىپ ئارقىلىق ئادەمنىڭ ھاياتىنى كونترول قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ.

زىفرود سانلىرى ھەققىدىكى يېڭى بايقاشلار زادى نېمىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟

— سىز ئوقۇرەك سۆڭەكنىڭ ئىندۇكسىيەلىك كۈچى ۋە ئۇنىڭ روھقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىقتىدارىغا قايىل ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ — دېدى كوئىكتېر.

— خاتالاشتىڭىز، كوئىكتېر ئەپەندى! سىزنىڭ ئېتىقادىڭىزنىڭ بىرەرىمۇ ئەمەلىيەتكە يېقىن ئەمەس. لېكىن، كىمىياگەرلىكتە بەزى يېڭى بايقاشلار بار. سىزنىڭ بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە تەن بەرگۈڭىز يوقمۇ؟ ئەينەكنى يەر ئاستىغا نەچچە ئون مىڭ يىل كۆمۈپ قويسا خىرۇستالغا ئايلىنىدۇ. قوغۇشۇن جىمىكى مېتالنىڭ بوۋىسى (ئالتۇن مېتال ئەمەس نۇر). قوغۇشۇن ئىككى يۈز يىلنى بىر باسقۇچ قىلىپ، تۆت باسقۇچتىن ئۆتسىلا ئوكۇشلۇق ھالدا زەرنىخ بولىدۇ، زەرنىختىن قەلەيگە، قەلەيدىن كۈمۈشكە ئۆزگىرىدۇ. ئەجەبا، بۇنىڭ راستلىقىدىن گۇمان قىلامسىلەر؟ لېكىن، ئوقۇرەك سۆڭىكىگە ئىشىنىش، يۇلتۇزلارغا ئىشىنىش، يۇلتۇزغا تۇتىشىدىغان يىپقا ئىشىنىش بەئەينى بۇلبۇلنىڭ قارىغۇ چاشقانغا ئۆزگىرىشىگە، بۇغداي دېنىنىڭ سازاڭ بېلىقىغا ئۆزگىرىشىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەردەكلا كۈلكىلىك ئىش!

— مەنمۇ كىمىياگەرلىكنى تەتقىق قىلغان، — دەپ ۋارقىرىدى كوئىكتېر، — شۇنىڭغا جەزم قىلىمەنكى ...

تولا ئەزۋەيلەپ ھاياجانلانغان ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇنىڭ سۆزىنى تۈگىتىشىگە يول بەرمىدى.

— مەن مېدىتسىنانى، مۇنەججىملىكنى، كىمىياگەرلىكنى تەتقىق قىلغان، — دېدى ئۇ كوئىكتېرنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ، — لېكىن بىردىنبىر ھەقىقەت مانا ماۋۇ (ئۇ سۆزلەۋېتىپ تويپا بېسىپ كەتكەن ھېلىقى كىچىك دورا بوتۇلكىسىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى)، بىردىنبىر نۇر دېگەن مانا مۇشۇ. ھېپپوكرات بولسۇن، ئۇرانىيە ① بولسۇن، ھەممىسى خام خىيال، خىرمېسمۇ

---

① ئۇرانىيە — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھەلەرنىڭ بىرى. ئاسترونومىيە بىلەن جۇغراپىيەگە مەسئۇل.

www.uyghurkitap.com

بىر خىل ئىدىيە، خالاس. پەقەت ئالتۇنىلا قوياش دېيىشكە بولىدۇ. ئالتۇن ياسىغاننىڭ ئۆزىلا خۇدا، تەڭداشسىز پەن دېگەن شۇ. مەن مېدىتسىنانى، مۇنەججىملىكنى تەتقىق قىلدىم دېگىنىم بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋھۇم نەرسە بولۇپ چىقتى. ئادەم بەدىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە، يۇلتۇزلارمۇ بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە !

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئۆزىنى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا تاشلىدى. خۇددى ئىلاھتىن ۋەھيي تاپشۇرۇۋالغاندەك گۇلقەقەلىرى ئېچىلدى. تورانگوۋا بىرنېمە دېيەلمەي ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. كوئىكتېر زورغا كۈلۈمسىرەپ مۈرىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويدى ۋە: «ساراڭنىڭ ئۆزىلىغۇ بۇ !» دېدى نەچچە قېتىم پەس ئاۋازدا.

— ئۇنداقتا، — تورانگوۋا ئاقساقال بىردىنلا سوراپ قالدى، — سىز ئۆزىڭىز كۆزلىگەن ھېلىقى سىرلىق مۇددىئاغا يېتەلىدىڭىزمۇ؟ ئالتۇن تاۋلىيالىدىڭىزمۇ؟

— ئالتۇن تاۋلىيالىغان بولسام ئىدىم، — ياردەمچى ئېپىسكوپ بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك، ئالدىرىماي جاۋاب بەردى، — ئۇ چاغدا فرانسىيەنىڭ پادىشاھى لۇئى بولماي كلاۋدې بولغان بولاتتى.

ئاقساقالنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى.

— ئابايا مەن نېمىلەرنى دېدىم؟ — كلاۋدې مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويدى، — ناۋادا شەرقتىكى بۇ ئىمپېرىيەنى يېڭىباشتىن ئۆرە قىلالىغان بولسام، فرانسىيەنىڭ شاھلىق تەختكە كۆڭۈل بۆلەرمىدىم؟

— بەلەن گەپ بولدى، — دېدى ئاقساقال.

— ۋاي، بىچارە ساراڭ ! — دېدى كوئىكتېر ئۆزىچە غوتۇلداپ.

ياردەمچى ئېپىسكوپ مەمەدانلىق قىلىشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس، ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىۋاتقاندەك

ئىدى.

— لېكىن، مەن يەنىلا ئۆمىلەيمەن. يەردىكى شېغىل تاشلار يۈز ـ كۆزۈمنى سۈرۈپ، تىزىمنى يېرىۋەتسىمۇ مەيلى. شۇ چاغدا تىكىلىپ قارىيالمىسامىمۇ، خىرە ـ شىرە كۆرەلەيدىغان بولىمەن. مەن ئوقۇيالمايمەن، لېكىن ھەرپلەرنى بىر ـ بىرىگە ئۇلايمەن.

— ئوقۇيالايدىغان دەرىجىگە يەتكەندە، — دەپ سورىدى ئاقساقال، — ئالتۇننى تاۋلاپ بولغان بولامسىز؟

— سوراپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

— بۇۋى مەريەم ماڭا پۇل لازىملىقىنى بىلىدۇ. ئۇنداقتا، مەنمۇ سىزنىڭ كىتابلىرىڭىزنى ئوقۇغان بولاي. ماڭا دەپ بېرىڭ ھۆرمەتلىك جاناب، سىز دەۋاتقان يەن بۇۋى مەريەمنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئەمەستۇ؟

كلاۋدې ئاقساقال سورىغان بۇ سوئالغا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن جاۋاب بەردى:

— مەن كىمنىڭ ئۆيىدىكى ياردەمچى ئېپىسكوپ؟

— بۇ دېگىنىڭىز توغرا، جانابلىرى. ماڭا ئۆگەتسىڭىز قانداق؟ مەنمۇ بۇ ھەرپلەرنى سىز بىلەن بىللە ئۇلاپ باقاي!

كلاۋدې دەرھال سامۇئېل ① دەك ھەيۋەتلىك، مۇقەددەس بىر خىل قىياپەتكە كىردى.

— ئەپەندى، بۇ سىرلىق نەرسىلەرنىڭ ئىچىدە بىر قېتىم ساياھەت قىلىش ئۈچۈنمۇ تالاي ۋاقىت كېتىدۇ. سىزنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىڭىز بۇنىڭغا يەتمەي قالار! چاچلىرىڭىزمۇ ئاللىقاچان ئاقىرىپ كېتىپتۇ! چاچ ئاقارغاندا ئۇچەكتىن چىققان بىلەن، كىرگەن چاغدا چوقۇم قارا چاچلىق بولۇش كېرەك. يەن دېگەن ئۇنداق ئوڭاي ھەپىلەشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ئادەم ئورۇقلاپ كېتىدۇ، يادايدۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ياشانغان ئادەملەرنىڭ قورۇلۇپ كەتكەن چىرايى لازىم ئەمەس.

---

① سامۇئېل — مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 11 ـ ئەسىردە ياشىغان ئىسرائىلىيەلىك سوتچى، ئالدىن بىلگۈچى.

شۇنداقتىمۇ، ئەگەر سىز مۇشۇنداق ياشتا تەربىيە ئالاي دەپ نىيەت قىلغان بولسىڭىز، ئاقىللارمۇ تەپ تارتىدىغان ھەرپلەرنى تونۇپ باقاي دەپ بەل باغلىغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا مىنىلا ئىزدەڭ. مەنمۇ ئۆرۈنۈپ باقاي. سىزدەك مۇنداق بىر بەختسىز بوۋاينى مەن ھەرگىزمۇ ھېرودوت ① تىلغا ئالغان پىرامىدانىڭ مەخپىي خانىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقا بۇيرۇمايمەن. بابىلوندىكى خىش بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىز مۇنارنى تەكشۈرۈپ بېقىشقىمۇ ئەۋەتمەيمەن. ئېكلىنگادىكى ھىندى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ ئاپپاق مەرمەردىن ياسالغان دۇئا ـ تىلاۋەتخانىلىرىنى زىيارەت قىلىشقىمۇ ئۇندىمەيمەن. سىكرادىكى مۇقەددەس ئۇسلۇبنى دوراپ ياسىغان كالدېيان تاش بىنالىرىنى مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا كۆرۈپ باقمىغان. بۈگۈنكى كۈندە ئاللىقاچان خارابىلاشقان سولومون ئىبادەتخانىسىنىمۇ كۆرمىگەن. ئىسرائىلىيە پادىشاھىنىڭ مەقبەرىسىدىكى ۋەيران بولغان دەرۋازىدىنمۇ خەۋىرىم يوق. خىرمىسنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ قولىمىزدىكى پارچىلىرىغىلا ئېھتىرام بىلدۈرسەك كۇپايە. مەن سىزگە كىرىستوپىنىڭ ھەيكىلىنى چۈشەندۈرۈپ قويىمەن. ئۇ ئىگىن ئەككۇچىلەرنىڭ سىمۋولى. يەنە تېخى ساينت چاپپىل چېركاۋىنىڭ ئەگمە دەرۋازىسى ئۈستىدىكى ئىككى پەرىشتىنى سۆزلەپ بېرىمەن. بىر پەرىشتىنىڭ قولى بوتۇلكىغا، يەنە بىرىنىڭ قولى بۇلۇتقا ئۇزارتىلغان...

ئۇ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، بايىلا ياردەمچى ئېپىسكوپتىن ئەدىپىنى يەپ رەسۋا بولغان كوئىكتىبىرغا جان كىرگەندەك بولدى ـ دە، بىر ئۆلىما يەنە بىر ئۆلىمانىڭ گېپىنى ئوڭلاپ قويىدىغاندەك غالىبلارچە تەلەپپۇزدا گەپ قىستۇرۇشقا

① ھېرودوت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 484 ـــ 420 ـ يىللار) ـــ قەدىمكى يۇنان تارىخچىسى، «تارىخ ئىلمىنىڭ ئاتىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. «گىرىتسىيە ـ پېرسىيە ئۇرۇشى تارىخى» ناملىق كىتابى بار.

تەمشەلدى.

— هەي، كلاۋدي ئاغىنە، سىمۋول دېگەن سان ئەمەس، سىز خاتا هالدا ئورپۇس ① نى خېرمېس قىلىپ سۆزلەپ قويدىڭىز.

— ئۇنداقتا ئۆزىڭىز خاتالىشىپسىز، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ياردەمچى ئېپىسكوپ ئەستايىدىل هالدا، — دېدالوس ② ئۆينىڭ ئۇلى، ئورپۇس ئۆينىڭ تېمى. خىرمېس شۇ بىنانىڭ ئۆزى. ئەهۋال مۇشۇنداق. قاچاندا كەلگۈڭىز كەلسە، شۇ چاغدا كېلىڭ، — ئۇ تورانگوۋا تەرەپكە قايرىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن سىزگە نىكولا فىلامېلىنىڭ قەبرىسىگە كۆمۈلگەن بىر بۆلەك ئالتۇننى كۆرسىتىپ قويىمەن، ئۇنى پارىژدىكى گۇئىللائۇمېنىڭ ئالتۇنلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقسىڭىز بولىدۇ. مەن سىزگە «پېرىستېرا»③ دېگەن سىرلىق گىرېكچە سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىمەن. بىراق، بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن سىزگە شۇ كىتابنىڭ مەرمەر هەرپلىرى بىلەن گىرانىت بەتلىرىنى ئوقۇشنى ئۆگىتىمەن. بىز باش ئېپىسكوپ گۇئىللائۇمىنىڭ دەرۋازىسى بىلەن سايىنت ژاندىكى يۇملاق ئىبادەتخانىدىن ماناۋۇل كوچىسىدىكى نىكولا فىلامېلنىڭ ئۆيىگىچە بارىمىز. ئاندىن ئۇنىڭ مەسۇملار قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىسىگە، مونتىمورنىس كوچىسىدىكى ئىككى دوختۇرخانىغا بارىمىز. مەن سىزگە

---

① ئورپۇس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قەهرىمان. داڭلىق شائىر ۋە ناخشىچى، بۇ يەردە قەدىمكى يۇناندا بارلىققا كەلگەن پانتېئىزم پەلسەپە ئېقىمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ پىفاگورنىڭ هاياتلىق ئايلىنىپ تۇرىدۇ تەلىماتى بىلەن ئىلىچۇسنىڭ تىلسىمشۇناسلىقنى بىرلەشتۇرۇپ، كىمىياگەرلىك قاتارلىق سېھىرگەرلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىرلىق تەلىمات بولۇپ قالغان.

② دېدالوس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى هۈنەرۋەن. گىرېكلار ئۇنى ياغاچچىلىقنىڭ پىرى، هەرە، پالتا قاتارلىق سايمانلارنىڭ كەشپىياتچىسى، سىرلىق ئايۋان - سارايلارنى سالالايدۇ، ئۇچىدىغان سايمانلارنى ياسىيالايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە بىلگىلى بولمايدىغان، چۈشىنىش تەس بولغان شەيئىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ پېرىستېرا — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى تاغ - ئورمان، دەريا - سازلىقلارنى باشقۇرىدىغان ئىلاهە.

تۆمۈرچىلەر كوچىسىدىكى سايىنت گېرۋا دوختۇرخانىسىنىڭ قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان دەرۋازىسىغا يېزىلغان تەسۋىرىي يېزىقلارنى ئوقۇشنى ئۆگىتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز بىرلىكتە سايىنت كوم، سايىنت ژېنېۋيېۋي، سايىنت مارتىن، ساينت ياكوئىس دېلا بوچىر چېركاۋلىرىنىڭ ئالدى تېمىدىكى مەخپىيەتلىكنى تەتقىق قىلىمىز ...

تورانگوۋا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ شۇنچە سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلغىنىغا قارىماي، كلاۋدېنىڭ زادى نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتقانلىقىنى خېلى بىرھازاغىچە ئاڭقىرالمىدى.

— ئاھ خۇدا! — دېدى ئۇ گەپكە قوشۇق سېلىپ، — ئاغزى-ئاغزىڭىزغا تەگمەي دەۋاتقانلىرىڭىز قايسى كىتاب ئۆزى؟

— مۇشۇ يەردىلا بىرى بار، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ.

ئۇ مەخپىي ھوجرىنىڭ دېرىزىسىنى ئېچىپ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى ئىشارەت قىلدى. غايەت زور ئىككى قوشغۇراق مۇنارىنىڭ تاشتىن قوپۇرۇلغان تاشقىرىقى ئايلانما تېمى بىلەن ئۇنىڭ كالانپاي گەۋدىسى ئاستىدىكى قېنىق قارا سارايلارنىڭ سىيماسى شەھەرنىڭ مەركىزىدە زوڭ ئولتۇرغان ئىككى باشلىق سفىنكس ① تەك يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تاقاشقانىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ چېركاۋدىن كۆزىنى ئۈزمەي خېلىغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خورسىنىپ قويدى. ئوڭ قولى بىلەن شىرە ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇرغان كىتابنى، سول قولى بىلەن بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى ئىما قىلىپ، غەمكىن كۆزلىرىنى كىتاب ئۈستىدىن چېركاۋغا يۆتكىدى.

— ھەي، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە، بۇ بىرى يەنە بىرىنى يەۋېتىدۇ!

كوئىكتىر ئالدىراپ-تېنەپ ئېچىقلىق تۇرغان كىتابنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۆزىنى باسالماي:

---

① سفىنكس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ئايال پېرى-خون.

— شۇنداق دېگەنبىلەن، ھەي ! بۇ خەتلەرنىڭ قورقىقۇدەك نېمىسى بار؟ ناھايىتى كەلسە بۇ ئانتونئو كوبۇرگېر 1474 ـ يىلى نەشر قىلىپ تارقاتقان «سېينت پائۇل خەت ـ چەكلىرىنىڭ شەرھى» ناملىق كىتاب ئىكەنغۇ ! بۇ يېڭى كىتاب ئەمەس، ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ ئۇستازى پېررې لومبارد يازغان ئەسەر ! نەشردىن چىققانلىقى ئۇچۇنلا مۇشۇنداق قىلامسىلەر — دېدى.

— سۆزلىرىڭىز ئورۇنلۇق، — دەپ جاۋاب بەردى كلاۋدې. ئۇ چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولغاندەك، مىدىر ـ سىدىر قىلماي، ئېگىلگەن بارمىقىنى داڭلىق نيۇرنبېرگ مەتبەئەسى تەرىپىدىن بېسىلغان يېرىم تاۋاقلىق كىتاب ئۇستىگە تەگكۇزۇپ، بىرقانچە ئېغىز سىرلىق گەپنى دەۋەتتى:

— ھەي ! كىچىك نەرسىلەر كۆپ ھاللاردا يوغان نەرسىدىن غالىب كېلىدۇ. بىر تال چىش بىر پارچە خەرسەڭ تاشنى يېڭىدۇ. نىل دەرياسىدىكى چاشقان تىمساھنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ. شەمشەر بېلىق كىتنىڭ جېنىنى ئالىدۇ. مۇشۇ كىتابمۇ مانا مۇشۇ چېركاۋنى خانىۋەيران قىلىدۇ !

موناستىردا چىراغ ئۆچۈرۈشكە قوڭغۇراق چېلىندى. ياكوئىس كوئىكتېر دوختۇر ھەمراھىغا «ئۇ دېگەن قىپقىزىل سارالڭ !» دېگەن سۆزنى پەس ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. ھەمراھىمۇ «دېگەنلىرىڭىز راست چىقتى !» دەپ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇخلاش ۋاقتى بولغاندا، سىرتتىن كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ موناستىردا لاغايلاپ يۈرۈشىگە بولمايتتى. ئىككى نەپەر مېھمان ئورنىدىن تۇرۇپ، خوشلىشىشقا تەييارلاندى.

— جاناب، — دېدى تورانگوۋا ياردەمچى ئېپىسكوپ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، — مەن ئۆلىمالارغا ۋە ئەقىل ـ پاراسەتلىك كىشىلەرگە چوقۇنىمەن. بولۇپمۇ سىزنى ھەممەيلەندىن بەكرەك ھۆرمەتلەيمەن. سىزنى ئەتە تورنېل سارىيىغا تەكلىپ قىلىمەن. ساينت مارتىن موناستىر باشلىقى تورسىنى ئىزدەيمەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

دېيىشكەنزلا بولىدۇ.

ياردەمچى ئېپىسكوپ ھۆجرىسىغا قايتقاندىن كېيىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى كامارەك ئېچىلىپلا قالدى. ئاخىر ئۇ بايىقى تورانگوۋا ئاقساقالنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. ساينت مارتىن موناستىرى باشلىقىنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە يېزىلغان «ساينت مارتىن موناستىرىنىڭ باشلىقى فىرانسىيە پادىشاھى. ئۇمۇ ساينت ۋىنانتىيوسقا ئوخشاش ئاز مىقداردىكى مائاشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. شۇنداقلا چېركاۋنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدۇ» دېگەن گەپلەر يادىغا كەلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، پادىشاھ لۇئى XI ھەر نۆۋەت پارىژغا كەلگەندە، ياردەمچى ئېپىسكوپنى چاقىرىپ ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولىدىغان بولدى. ھەتتا ئۇنىڭ كلاۋدېغا بولغان ئىشەنچى ئۇلۇغۋىر دايىم بىلەن ياكوئىس كوئىكتىېردىنمۇ ئېشىپ كەتتى. كېيىنكىسى دوختۇر بولغاچقا، داۋاملىق يوسۇندا كونا ھۈنىرىنى بازارغا سېلىپ ياشىدى. پادىشاھقا بولغان مۇئامىلىسى تېخىمۇ ئوساللىشىپ كەتتى.

## 2. «بۇ بىرى يەنە بىرىنى يەۋېتىدۇ»

ئوقۇرمەنلەردىن بىزنىڭ بىردەم تورۇۋېلىپ، ياردەمچى ئېپىسكوپ ئېيتقان «بۇ بىرى يەنە بىرىنى يەۋېتىدۇ، مۇشۇ كىتابمۇ مۇشۇ چېركاۋنى خانىۋەيران قىلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ تېگىگە نېمە مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىشىمىزغا رۇخسەت بېرىشنى ئۆتۈنىمەن.

بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى تەرەپ بار دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ بىرى پوپنىڭ ئىدىيەسى بولۇپ، ئۇ روھانىيلاردا يېڭى شەيئىي ھېسابىدىكى مەتبەئەچىلىك

تېخنىكىسىغا قارىتا پەيدا بولغان ۋەھىمە ۋە ئىلاھىي قەسىرگە كۆنۈپ قالغان كىشىلەردە گۇتېنبېرگ① مەتبەئە بۇيۇملىرى سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن قورقۇنچ بىلەن ئالاقىدارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ دىنىي مۇنبەرنىڭ قول يازما، ئاغزاكى نۇتۇق ۋە قولدا كۆچۈرۈلگەن سۆزلەر بىلەن بىللە مەتبەئە بۇيۇملىرى ئالدىدا ئىپادىلەۋاتقان خاۋاتىرلىنىشى ۋە ئەنسىزچىلىكى ئىدى. بۇ قارلىغاچ ياكى قۇشقاچنىڭ ئالتە مىليون قاناتلىق مالائىك لېگىئونىنى كۆرگەن چاغدىكى ئېسەنگىرەشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىش ئىدى. شۇنداقلا بۇ ئالدىن بىلەرلەر ياكى كارامەت قىلغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا ھۆرلۈككە ئېرىشكەن ئىنسان تەرەپتىن يېتىپ كەلگەن غەلىيان شاۋقۇنلىرى ئىدى. ئۇلار دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ ئورنىغا ئەقىل - پاراسەتنىڭ دەسسەيدىغانلىقىنى، كونا ئېتىقادنىڭ جامائەت پىكرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلىدىغانلىقىنى، ئادەملەرنىڭ رىمنىڭ ئورنىنى تەۋرىتىپ قويىدىغانلىقىنى كۆرەلەيدىغانلار ئىدى. بۇلار پەيلاسوپلاردىكى پەرەز ئىدى. ئۇلار ئىنسانىيەت ئىدىيەسىنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى ئارقىلىق تەرەپ - تەرەپكە يامرايدىغان گازغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئىلاھىي ھاكىمىيەتنىڭ كۆلچەكلىرىدە غايىب بولىدىغانلىقىنى بىلگەن يەردە ئىدى. بۇ لەشكىرىي قوشۇندىكى ساراسىمە ئىدى. ئۇلار بىرونزا بىلەن بولىقىنىڭ سوقۇلۇشىغا قاراپ، «مۇنار ئۆرۈلىدىغان بولدى» دەپ چىرقىرىماقتا ئىدى. قىسقىسى، بۇ مەلۇم بىر ھوقۇقنىڭ يەنە بىر ھوقۇقنى گۇمران قىلىدىغانلىقىدىن بېشارەت ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، «مەتبەئە بۇيۇملىرى چېركاۋنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ» دېگەنلىك ئىدى.

لېكىن، بىرىنچى قاتلامنىڭ يۈزەكى مەنىسى ئاستىدا يەنە بىر

① يوھان گۇتېنبېرگ (1400 — 1468) — گېرمانىيەلىك مەتبەئە ئىشچىسى، مەتبەئە تېخنىكىسىدىكى بېسىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلغان.

www.uyghurkitap.com

يىپىپىگى مەنە بار ئىدى. ئۇ بىرىنچى قاتلامدىكى مەنىدىن كېلىۋاتقان ئەقلىي يەكۈن بولغاچقا، ئۇنداق ئوڭاي ھېس قىلغىلى بولمايتتى، ئەكسىچە تېخىمۇ ئوڭايلا غۇلغۇلغا سەۋەب بولىدىغان تەرەپ ئىدى. شۇنداقلا ئۇ پويىتىن ئىبارەت بىر ئادەمنىڭ كۆزقارىشى ياكى ئالىملار بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ كۆزقارىشى بولۇشتىن قالغان، نوقۇل ھالدىكى پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەر ئىدى. ئۇ ئىنساننىڭ تەپەككۇر شەكلىنى ئۆزگەرتىش بىلەن تەڭلا ۋاقىتتا ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ ئۆزگىرىش ياسىيالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مۇنداق ئەھۋالدا، ھەربىر دەۋرنىڭ تەپەككۇرى ئوخشاش بىر مەزمۇننى يەنىلا ئوخشاش ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلەپ ئولتۇرمايتتى. ئەقەللىيسى، تاشقا ئويۇلغان ھەمدە ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ئەسەرلەرمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك مۇستەھكەم، تېخىمۇ ئۇزاققىچە پايلايدىغان قەغەزگە پۈتۈلگەن ئەسەرلەرگە ئورۇن بىكارلايتتى. شۇڭا، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ سىرلىق سۆزىنىڭ ئىككىنچى قاتلىمىدا مەلۇم بىر سەنئەت يەنە بىر خىل سەنئەتنى گۇمران قىلىدۇ دېگەن مەنە بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى «مەتبەئە تېخنىكىسى بىناكارلىق سەنئىتىنى يوقىتىدۇ» دېگەنلىك ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، بىناكارلىق سەنئىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن تاكى مىلادىيە 15 ـ ئەسىرگە قەدەر ئىزچىل ھالدا ئىنسانلارنىڭ چوڭ ھەجىملىك كىتابى، ئىنسانلارنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىكى ئاساسلىق ئىپادىلىنىش شەكلى بولۇپ كەلگەنىدى.

ئەجدادلار ئۆزلىرىنىڭ خاتىرىسى كۆڭۈلنىڭ سىغىمچانلىقىدىن ھالقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئىنساننىڭ ئەسلىمىلىرى بارغانچە ئېغىرلىشىپ، قالايمىقان يۈك ـ تاقەتكە بولۇپ قالغاندا، بارغانچە ئەدەپ تىلىنىڭ تەلتۆكۈس

يوقىلىپ كېتىش ئېھتىماللىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان چاغدا، ئۇلارنى بىر قاراپلا كۆرگىلى بولىدىغان، ئۇزاققىچە ساقلىنىپ تۇرالايدىغان، شۇنداقلا ئەڭ تەبىئىي شەكىل بىلەن تۇپراقنىڭ يۈزىگە يېزىپ قالدۇرماقچى بولدى. ئادەملەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئادەتلىرىنى كۆپتىن - كۆپ خاتىرە تاشلارغا خاتىرىلەپ قويدى.

ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە تاشلار مۇسا ئەلەيھىسسالام ① ئېيتقاندەك «تۆمۈر - تەسەك تەگمىگەن» ئاددىي قورام تاشلاردىن ئىبارەت بولدى. بىناكارلىق سەنئىتى ئۆزىنىڭ باشلانغۇچ دەۋرىدە باشقا ھەرقانداق يېزىقتا ئوخشاش ھەرپتىن باشلاندى. ئادەملەر تىكلىگەن بىر پارچە تاش بىر ھەرپ بولدى. ھەربىر ھەرپ بىردىن تەسۋىرىي يېزىقتا ئايلاندى. ھەربىر تەسۋىرىي يېزىق تۈۋرۈكنىڭ ئۈچىدىكى ياپراقسىمان نەقىشتەك بىردىن ئۇقۇمغا ۋەكىللىك قىلدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق قىلدى. ئاسىيا قىتئەسىدىكى سىبىرىيەدە، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى پامپاس يايلىقىنىڭ ھەممىلا يېرىدە «تىكلىمە ئابىدە تاش»لارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئادەملەر كېيىنچە يەككە سۆزلۈكلەرنى ئىجاد قىلدى. ئۇلار گىرانىت تاشلارنى دۆۋىلەپ، بۇ تاشلارنىڭ بوغۇمىنى بىر - بىرىگە ئۇلىدى. گەپ - سۆزلەرنىڭ گۇرۇپپىلىشىشى مۇشۇ يوسۇندا روياپقا چىقتى. كېلتىلار ياسىغان تاش كۆلبە ۋە تاش چەمبىرەك، ئېترورىيە ① لىكلەرنىڭ قەبرىسى، ئىبرانىيلارنىڭ گۆرلىرى شۇ خىلدىكى يەككە سۆزلۈكلەر ئىدى. بولۇپمۇ ھېلىقى قەبرىلەرگە مەخسۇس ئىسىم قويۇلاتتى. ئادەملەر بەزىدە كەڭ بىر سەيناغا خېلى جىق تاش دۆۋىلەپ، ئۇنىڭدىن بىر جۈملە سۆزنى

① مۇسا ئەلەيھىسسالام — قەدىمكى دەۋردىكى يەھۇدىيلارنىڭ داھىيسى. «ئىنجىل»دىكى ئالدىنقى بەش باب مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن يېزىلغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

② ئېترورىيە — قەدىمكى ئىتالىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر رايون.

www.uyghurkitap.com

ياساپ چىقاتتى. كارناك ① تىكى تاش دۆۋىسى دەل مۇشۇ خىلدىكى مۇكەممەل بىر جۇملە سۆزنىڭ ئىپادىلىنىشى ئىدى.

ئاخىرىغا كېلىپ، ئادەملەر كىتاب يېزىشنى باشلىۋەتتى. ئەنئەنىۋى سىمۋول بارلىققا كەلدى. ئەنئەنە بىرىپ - بىرىپ سىمۋولنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتتى. دەرەخ شاخلىرى يوپۇرماقلارنىڭ قورشاۋىدا كۆرۈنمەي قالغاندەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى. ئىنسانلار چوقۇنماقچى بولغان بۇ سىمۋوللار كۈنسايىن كۆپەيدى، ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتتى، بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتى. نەتىجىدە ئەڭ باشتىكى بىرنەچچە خاتىرە تاش دېمەكچى بولغان مەقسەتنى ئۆزىگە سىغدۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىمۋولنىڭ تېگىدە بېسىلىپ قالدى. بۇ خاتىرە تاشلار گەرچە قىسقا ۋە ئاددىي ئىپتىدائىي ئەنئەنىلەرنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەن بولسىمۇ، بارا - بارا زورۇقۇپ قالدى. سىمۋول بىنالارغا كۆچمىسە بولمايدىغان ئاقىۋەت يۈز بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىناكارلىق سەنئىتى ئىنساننىڭ تەپەككۇرىغا ئەگەشكەن هالدا راۋاجلاندى. ئۇ خۇددى سان - ساناقسىز بېشى بار، ھەددى - ھېسابسىز قولى بار گىگانت ئادەمدەك، سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە، لېكىن تىنىمسىز رەۋىشتە ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان تەپەككۇرنى تۇۋلىسا ئېتى بار، تۇتسا سىپپى بار، ئەبەدىيلىك شەكىل ئىچىگە بېكىتىۋەتتى.

دېدالوس كۈچ - قۇدرەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۆلچەش بىلەن بولۇۋاتقاندا، ئورپېۇس ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ناخشا توۋلاپ يۈرگەندە، تۈۋرۈكلەر ھەرپ، ئەگمە كارىدورلار بوغۇم، تۆت چاسا مۇنارلار يەككە سۆزلۈك بولۇپ بولدى. گېئومېتىرىيە قائىدىلىرى بىلەن شېئىرنىڭ رىتىمى ئۇلارنى گۇرۇپپىلاشتۇردى، يەر يۈزىگە توپلىدى. بىر - بىرى بىلەن تۇتاشتۇردى، ئارىلاشتۇردى، ياكى يۇقىرىغا بوي

① كارناك — قەدىمكى مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى داڭلىق شەھەر بىدىسىنىڭ خارابىسى ئۈستىگە جايلاشقان ئىككى چوڭ يېزىنىڭ بىرى.

تارتقۇزدى، ياكى تۆۋەنگە چۆكتۈردى، قاتار قىلىپ تىزدى، ئاسمانغا تاقاشتۇردى. تاكى ئۇلار بىر دەۋرنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنى مۇنەۋۋەر بىر پارچە كىتاب قىلىپ يېزىپ بولمىغۇچە، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئېكلىنگادىكى مۇنار، مىسىردىكى رامېسېئون پىرامىداسى ياكى سولومووننىڭ ئىبادەتخانىسىدەك ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان بىنا بولۇپ چىقمىغۇچە توختىمىدى.

ئاساسلىق ئىدىيە ھېسابىدىكى گەپ ـ سۆز يالغۇز بىنالارنىڭ ئىچكى قىسمىدىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئالايلۇق، سولومون ئىبادەتخانىسى ئىلاھىي دەستۇرنىڭ نوقۇل شەكىلدىكى مۇقاۋىسى ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي دەستۇرنىڭ ئۆزى بولدى. پوپلار يۇمىلاق مەركەزدىن سوزۇلغان تاملارنى ياقىلاپ كۆز ئالدىدىكى قاراپلا چۈشەنگىلى بولىدىغان گەپ ـ سۆزلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. ئۇلار بىر مۇقەددەس قەسىردىن يەنە بىر مۇقەددەس قەسىرگە قاتراپ، گەپ ـ سۆزلەردىكى ئۆزگىرىشلەرنى تىنىمسىز رەۋىشتە ئىزدەپ، تاكى ئەڭ ئاخىرقى ئىبادەتخانىنىڭ مۇقەددەس پەردىسىدىن ئۇنىڭ ئەڭ كونكرېت شەكلىنى — تەۋرات ساندۇقى ①نى تاپقانغا قەدەر توختىمىدى. ئۇ ئابايا دېگىنىمىزدەك يەنىلا بىناكارلىق سەنئىتىگە تەئەللۇق نەرسە ئىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، تىل بىنالارنىڭ ئىچكى قىسمىغا مەھكۇم قىلىندى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوبرازلىق كۆرۈنۈشى خۇددى ئادەملەرنىڭ پورترېتى مۇمىيا قاچىلايدىغان مېيىت ساندۇقىدەك، بىنالارنىڭ تاشقى قىياپىتىگە مەنسۇپ بولدى.

① تەۋرات ساندۇقى — «ئىنجىل. مىسىردىن چىقىش»تىكى خاتىرە بويىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام مىسىردا قۇل قىلىنغان يەھۇدىيلارنى باشلاپ كەنئانغا قايتىش سەپىرىدە سىناي تېغىغا كەلگەندە، خۇدا تەرىپىدىن ئىككى پارچە تاشقا يېزىپ قويۇلغان ئون ئىبرەتنى قوبۇل قىلغان. خىرىستىيان دىنى بۇنى «مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئون ئىبرەت» دەپ ئاتايدۇ. چېركاۋدىكى «مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن قالغان ئون ئىبرەت» سېلىنغان ساندۇق كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ چېركاۋدىكى ئەڭ مۇقەددەس ئورۇن.

www.uyghurkitap.com

ئادەملەر بىنالارنىڭ شەكلىنىلا ئەمەس، ھەتتا بىنا سالىدىغان يەرنىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان قىلىپ تاللىدى، يۇنانلىقلار ئىپادىلىمىۋاتقان سىمۋوللۇق نەرسىلەرنىڭ كۆركەم ياكى تۇتۇقلۇقىغا ئاساسەن، ئىبادەتخانىلارنى تاغ چوققىلىرىغا ياسىدى، ھىندىلار تاغ يېرىپ يول ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچكىرى جايلىرىغا گىرانىت تاش پىل كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك مۇنارلارنى قۇرۇپ چىقتى.

ئىش مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملاشتى، دۇنيانىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئالتە مىڭ يىلدا ھىندىستاندىكى ئەڭ قەدىمىي مۇناردىن تارتىپ كولوگنېيدىكى چوڭ چېركاۋغا قەدەر قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىنسانلار تەرىپىدىن يېزىلغان ئۇلۇغ خەتتاتلىق ئىكەنلىكى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت بولۇپ قالدى. يالغۇز دىنغا سىمۋول قىلىنغان نەرسىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ جىمىكى ئىدىيەسى مۇشۇ گىگانت كىتابنىڭ ئىچىدىن شانلىق بىر بەتنى ئىگىلىدى، بۇ كىتاب ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە تېگىشلىك خاتىرە تاشلار بار بولدى.

ھەرقانداق مەدەنىيلىك ئىلاھىي ھاكىمىيەت سىياسىتىدىن باشلىنىپ دېموكراتىيە بىلەن ئاياغلىشىدۇ. ئەركىنلىك مۇستەبىتلىكنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. بۇ قانۇنىيەتمۇ مۇشۇ بىناكارلىق سەنئىتىگە يېزىپ قويۇلدى. بىزنىڭ نۇقتىئىنەزىرىمىز بويىچە بولغاندىمۇ، بىناكارلىق سەنئىتى ئىبادەتخانا سېلىش، رىۋايەت ـ ئەپسانە ۋە دىنغا سىمۋول بولىدىغان نەرسىلەرنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلەنمەسلىكى، قانۇنىيەت سۈپىتىدىكى سىرلىق ئون تەنبىھنىمۇ تاشتىن ياسالغان كىتاب بەتلىرىگە تەسۋىرىي يېزىق بىلەن يېزىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر پاكىت راستتىنلا مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى شۇنداق بىر كۈنگە تويۇقسىز دۈچ كېلىپ مۇقەددەس سىمۋوللار ئەركىن ئىدىيە ئاستىدا ئۆزىنىڭ تەسىرىنى يوقىتىپ كۆزدىن غايىب بولسا، ئۇنداقتا

ئادەملەرمۇ پوپلارنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان، پەلسەپە بىلەن تۈزۈم دىننىڭ ئىناۋىتىنى ئۆسمىگە ئوخشاش چىرىتىپ تۈگەتكەن بولاتتى. شۇنداق چاغلار كەلگەندە، بىناكارلىق سەنئىتى ئىنسان روھىنىڭ يېڭى ھالىتىنى ئىپادىلەشتىنمۇ قالاتتى. ئۇنىڭ ئالدى تېمىغا لىققىدە بىرنېمىلەر يېزىلغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئارقا تېمى قۇپقۇرۇق نەرسىگە ئايلىناتتى. ئەسىرلەر قىسقارتىلاتتى، خەتلەر ئۆزىدىكى مۇكەممەللىكنى يوقىتاتتى. ھالبۇكى، ئەھۋال بىزنىڭ پەرەز قىلغىنىمىزدەك بولمىدى.

ئوتتۇرا ئەسىرنى ئالايلۇق، ئۇ بىزگە نىسبەتەن يېقىن بولغاچقا، بىز ئۇنىڭ توغرىسىدا خېلى ئېنىق بىرنەرسىلەرنى دېيەلەيمىز. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئىلاھىي ھاكىمىيەت پۈتكۈل ياۋروپاغا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان چاغلاردا، ۋاتىكان ① يېڭى بىر رىمنى قايتا ئۆرە قىلىش كويىدا، كاپىتول ② تېغى ئەتراپىدىكى رىم يادىكارلىقلىرى قايتىدىن بەرپا بولدى. خىرىستىيان دىنى تەبىقە تۈزۈمىدىكى يېڭى جەمئىيەتنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، بۇرۇنقى مەدەنىيلىكنىڭ خارابىلىرىدىن ھەر خىل ئىجتىمائىي قاتلاملارنى ئاختۇردى، ھالبۇكى روھانىيلار دەل مۇشۇنداق بىر دۇنيانىڭ ئەگىمە چوققا تېشى ئىدى. ئادەملەر مۇشۇ پەيتتە يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىق، خىرىستىيان دىنىدىكى ئەخلاقسىزلىق، مەدەنىيەتسىز مىللەتلەردىكى بەتقىلىقلىق ئىچىدىن گىرىپتەك ـ رىم ئۇسلۇبىدىكى بىنا قالدۇقلىرىنىڭ بىر ـ بىرلەپ قېزىپ چىقىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. رومانىس ئۇسلۇبىدىكى بۇ سىرلىق قۇرۇلۇشلار مىسىر بىلەن ھىندىستاننىڭ ئىلاھىي ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئاچا ـ

① ۋاتىكان ــ رىمنىڭ غەربىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. دۇنيا كاتولىك دىنىنىڭ مەركىزى، رىمدىكى ۋاتىكان تۇرۇشلۇق جاي.

② كاپىتول ــ رىمدىكى يەتتە تاغنىڭ بىرى، يۇپىتېرنىڭ ئىبادەتخانىسى جايلاشقان ئورۇن.

www.uyghurkitap.com

سىڭىللىرى، نوقۇل كاتولىك دىنىنىڭ مەڭگۈلۈك نامايەندىسى، رىم پاپاسىنىڭ بۈيۈك بىرلىكتىكى ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تەسۋىرىي يېزىق ئىدى. ئادەملەر نەگىلا بارسۇن شۇ يەرنى نوپۇز، مۇشكۇللۇك، مۇتلەقلىق، پوپلار قاپلاپ كەتكەندەك بولدى. ھەممە يەردە ئادەتتىكى ئادەملەرنى كۆرگىلى بولمىدى؛ ھەممە يەردە يۇقىرى قاتلامدىكىلەر لاغايلاپ يۈرگەندەك بولدى، يۇقىرىلار كۆرۈنمىدى. دەل شۇ چاغدا ئەھلىسەلىپ شەرقىقە يۈرۈش قىلىدىغان دەۋر كېلىپ قالدى. بۇ بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئاممىۋى ھەرىكەت ئىدى. ھەرقانداق ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ سەۋەبى، مەقسەت ـ نىشانىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كەلگەندە ھامان ئەركىن روھنى ئاپىرىدە قىلاتتى، يېڭى شەيئى تەۋەللۇت بولاتتى. شۇنداق قىلىپ ياكوئىسلار مەزھىپى، پىراگا مەزھىپى ۋە ئىنتىپاقداشلار باشلىغان بوران ـ چاپقۇنلۇق دەۋر يېتىپ كەلدى. نوپۇزلار تەۋرەپ قالدى. بۈيۈك بىرلىك ۋەزىيىتى چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈپ كەتتى. فېئودال يەر ئىگىلىرى ئىلاھىي ھاكىمىيەت تۈزۈمىگە ھوقۇقتىن تەڭ بەھرىمەن بولىمىز دېگەن تەلەپنى قويدى. ئۇلارغا خەلقنىڭ قوشۇلۇشىمۇ مۇقەررەر ئىدى. خەلقىمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك ھوقۇق بېرىلىشى كېرەك ئىدى. «چۈنكى، ئۇلار ھۆركىرىيەلەيدىغان شىر ئىدى.» فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى روھانىيلارنىڭ ئىسكەنجىسى ئىچىدە ئۆزىنىڭ شانۇشەۋكىتىنى نامايان قىلدى. كوممۇنامۇ يەر ئىگىلىرىنىڭ ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويدى. ياۋروپانىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىش ياسىدى. بىنالارنىڭ ئۇسلۇبى يېڭىلاندى. پۈتكۈل مەدەنىيلىك قاتارىدا ئۈنىڭدىمۇ بىر سەھىپە ئۆرۈلدى. دەۋرنىڭ يېڭى روھىنى يېزىشقا تەييار بولدى. ئەھلىسەلىپ ئۆزىنىڭ قايتىش سەپىرىدە ھەرقايسى مىللەتكە ئەركىنلىك ئېلىپ كەلگەندەك، بىناكارلىق سەنئىتىگىمۇ چوققىلىق قۇببىلەرنى ئېلىپ كەلدى. رىمنىڭ سۈلكىتى بىر ـ

بىرلەپ يىمىرىلىشكە يۈزلەنگەندە، رومانىس ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىمۇ تىنىقتىن قالىدىغان دەرىجىگە چۈشۈپ قالدى. تەسۋىرى يېزىق چېركاۋلارنىڭ قەلئە ـ مۇنارلىرىنى بېزەشتىن ۋاز كېچىپ، فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ چىرايىنى جۇلالاندۇرۇش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئىلگىرى دىنىي ئەھكاملار بىلەن تولۇپ كەتكەن چېركاۋلار ئەمدىلىكتە شەھەر ئاھالىسى، كوممۇنا ۋە ئەركىن ئىدىيەنىڭ دولقۇنىغا غەرق بولدى، پوپلاردىن قۇتۇلۇپ، سەنئەتكارلارنىڭ قولىغا چۈشتى. سەنئەتكارلار ئۇنى قانداق ياسايمەن دېسە، شۇنداق ياسايدىغان بولدى. سىرلىقلاشتۇرۇش، ئەپسانىلەشتۇرۇش ۋە قانۇنلاشتۇرۇش نەلەرگىدۇر كەتتى، خىيالىي تەسەۋۋۇر ۋە ئۆزى بىلگەن سەنەمگە ئويناش ئالدىنقى ئورۇنغا ئۆتتى. پوپلارمۇ ئۆزلىرى تۇرىدىغان چېركاۋ ۋە نەزىر ـ چىراغ سۇپىسى بىلەن قانائەتلىنىپ، باشقا ئىشلارغا چېپىلىشۋالمايدىغان بولدى. تۆت تامنىڭ ھەممىسى سەنئەتكارلارغا قالدى. بىناكارلىق سەنئىتى تەسەۋۋۇرغا، شېئىرغا، خەلققە مەنسۇپ بولدى، روھانىيلارنىڭ، دىنىنىڭ، رىمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدى، ئاران ئۈچ ئەسىر داۋاملاشقان بىناكارلىق سەنئىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش ياساپ، سان ـ ساناقسىز مۆجىزىنى بارلىققا كەلتۈردى. ئالتە ـ يەتتە ئەسىر مابەينىدە جاھان سوراپ كەلگەن رومانىس ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ قالدى. يېڭى سەنئەت چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى، جامائەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە مۇستەقىل ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش بۇرۇنقى ئېپىسكوپلارنىڭ خىزمىتىنى تاماملىدى، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ خېتىنى ئۆزى يازىدىغان بولدى. ئۇلار چېركاۋلارنىڭ ئالدى تېمىدىكى قەدىمىي رومانىس تەسۋىرى يېزىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىدى. پەقەت ئۇلار بىزگە قالدۇرغان يېڭى سىمۋول ئارقىلىق ئۇ يەردىكى كونا دىنىي ئەقىدىلەرنى ئاران ـ ئاران پەرق قىلغىلى بولىدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقتى. دىنىنىڭ ئىسكىلىت

www.uyghurkitap.com

سۆڭەكلىرى ئەل ئىچىدىكى پەردىلەرنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ قالدى. مۇشۇ مەزگىلدىكى ئارختېكتورلار چېركاۋلارنى شۇنچە باشباشتاقلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇردىكى، ئۇلارنىڭ ئالىجوقىلىقى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. تۇۋرۇكلەرنىڭ چوققىسىغا ئەر ـ ئايال موناخلارنىڭ نومۇس قىلماي ئارىلىشىپ ئولتۇرىدىغان كۆرۈنۈشلىرى نەقىش ئورنىدا ئويۇلدى. مۇنداق ئىش پارىژ ئەدلىيە سارىيىنىڭ تام مەشلىك زالىدا، بوۋرگېس چېركاۋىنىڭ پېشايۋىنىغا ھەر خىل يېزىق بىلەن ئويۇپ چىقىرىلغان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەرگۈزەشتىدە، بوچرىۋىل موناستىرىنىڭ يۇز يۇيىدىغان پەشتىقىدا يۈز بەردى. ھەتتا قولىغا قەدەھ ئېلىپ، جامائەتنىڭ كۆز ئالدىدىلا ۋارقىراپ يۈرگەن ئېشەك قۇلاق موناخنىڭ كۆرۈنۈشمۇ پەيدا بولدى.

شۇ دەۋردە تاشقا يېزىلغان ئىدىيەلەردىكى ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان ئىمتىياز بۇگۈنكى نەشرىيات ئورۇنلىرى بەھرىمەن بولۇۋاتقان ئەركىنلىك بىلەن بىر قېلىپتىن چىققاندەكلا ئوخشاش ئىدى. بۇ دەل بىز دەۋاتقان بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئەركىنلىك ئىدى.

بۇ ئەركىنلىك خېلى بىر يەرلەرگىچە باردى، بەزىدە بىرەر پېشايۋان، بىرەر تام، ھەتتا پۈتۈنسۈرۈك چېركاۋلاردىمۇ دىنىي ئېتىقاد بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىدىغان سىمۋوللۇق مەنىلەر ئىپادىلەندى. پارىژدا 13 ـ ئەسىردە ياشىغان گۇئىلائۇم، 15 ـ ئەسىردە ياشىغان نىكولا فىلامېل قاتارلىقلار غەلىيان پۈراپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق يازمىلاردا ئۆزلىرىنىڭ خاتىرىسىنى قالدۇردى. ساينىت ياكوئىس دېلا بوچىر چېركاۋى مۇشۇنداق ئۆكتىچى ئىدىيەنى تەرغىب قىلىدىغان چېركاۋغا ئايلاندى.

شۇ چاغلاردىكى ئىدىيە پەقەت مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىقلا ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرەلەيتتى. شۇڭا، جىمىكى ئىدىيەنى پەقەت قۇرۇلۇشلارغىلا يازغىلى بولاتتى. ناۋادا كىمدىكىم مۇنداق

ئىدىيەنى قۇرۇلۇش شەكلىدە ئەمەس، ئەكسىچە يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ قول يازما ھالىتىدە ساقلاپ قېلىشقا جۈرئەت قىلسا، جاللاتلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. چېركاۋنىڭ پېشايۋىنىغا ئويۇلغان ئىدىيەلەرمۇ كىتاب ــ دەستۇرلارنىڭ قاتتىق جازاسىغا داخىل بولۇشتىن ئامان قالمايتتى. بىناكارلىق سەنئىتى ئىدىيەنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىخەتەر شەكىل بولغاچقا، كونىنىڭ سېرىقىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان بۇ ئىدىيەلەر تەرەپ ــ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، ياۋروپادىكى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان چېركاۋلارنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ چېركاۋلارنىڭ زادى قانچە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ساناپ چىققان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ شۇنچىۋالا كۆپلۈكى ئەقىلگە سىغمايتتى. جەمئىيەتتىكى بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى كۈچ ــ قۇدرەت بىر نۇقتىغا، يەنى بىناكارلىق سەنئىتىگە مانا مۇشۇنداق مۇجەسسەم بولدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەنئەت خۇدا ئۈچۈن چېركاۋ ياسايمىز دېگەننى باھانە قىلىپ، شانلىق تەرەققىياتقا ئېرىشتى.

نەتىجىدە بەزى تالانتلىق شائىرلارمۇ ئارختېكتور بولۇپ كەتتى. ئەل ئىچىگە چېچىلىپ كەتكەن تالانتلىق كىشىلەر فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئىلكىدە بەئەينى بىرونزا قالپاقنىڭ تېگىدە قالغاندەك قاتتىق بېسىم ئاستىدا ياشىغانىدى. ئۇلار پەقەت بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقاندىلا چىقىش يولىنى تاپالايتتى، تالانتىنى جارى قىلدۇرالايتتى. شۇڭا، ئۇلار «ئىلئادا»نى چېركاۋلارنىڭ شەكلى بىلەن ئالماشتۇردى. باشقا ھەممە سەنئەت بىناكارلىق سەنئىتىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بىر تارمىقىغا ئايلاندى. ئۇلار جىمىكى بۈيۈك سەنئەتنىڭ ئۇستىلىرى بولدى. ئارختېكتورلار شائىر ۋە ئالىم بولدى. بىرنەچچە كەسىپنى قوشۇمچە زىممىسىگە ئېلىپ، ھەيكەلتىراشلىق سۈپىتى بىلەن بىنالارنىڭ ئالدى تېمىغا نەقىش چىقاردى؛ رەسسام بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەينەكلىك دېرىزىلەرگە رەڭ

بەردى؛ مۇزىكانت بولۇش سۈپىتى بىلەن سۇنايلىق چالغۇ ئەسۋابى چالدى، بويىنىنى قىسىپ، قىسىلچاقتىن چىقالمىغان شېئىرلار ئۆزىنىڭ قەغەزدىكى يازما ھالىتىنى جاھىللىق بىلەن قوغدىغان بولسىمۇ، ئاخىرىغا بېرىپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇپ بېقىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، چېركاۋنىڭ بىنالىرى ئىچىدىن مۇناجات ياكى نەسرىي شەكلىدە ئورۇن ئالدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۇلار يۇناندىكى ھەدىيە بايرىمىدا ئوينىلىدىغان ئېسكىلوس ① نىڭ تىراگېدىيەلىرى، سولومون ئىبادەتخانىسىدا ئوينىلىدىغان «ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى» ② بىلەن ئوخشاش رول ئوينىدى.

دېمەك، گۇتېنبېرگ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلىشتىن ئىلگىرى، بىناكارلىق سەنئىتى ئىجادىيەتتىكى ئاساسلىق ژانىر بولۇپ قالدى. گىرانىت تاشلىق بۇ كىتاب شەرقتىن باشلىنىپ، قەدىمكى يۇنانلىقلار ۋە رىملىقلار تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلدى، ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە ئەڭ ئاخىرقى بىر بەت يېزىلىپ بولدى. دەرۋەقە، ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلق يولغا قويغان بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ تەبىقىلىق بىناكارلىقنىڭ ئورنىنى ئېلىش ھادىسىسى ئىنسانلارنىڭ باشقا ئەقلىي پائالىيەتلىرى تارىخىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىمۇ بارلىققا كەلگەندى. بىز ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىخچاملاپ تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز: يىراق قەدىمىي دەۋرلەردە، بىناكارلىقنىڭ بۆشۈكى ھېسابىدىكى شەرقتە، يەنى ھىندىستاندىكى بىنالارغا ئۇلىشىپلا يارىشىملىق ئەرەب بىناكارلىقىنىڭ ئانىسى بولغان فىنىكىيە بىناكارلىقى قەد كۆتۈردى؛ قەدىمكى مىسىرنىڭ بىناكارلىقىدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن ۋارىيانتى سۈپىتىدە ئېتروسىيان ۋە مىتىسېنئان

---

① ئېسكىلوس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 525 — 456 - يىللار) — قەدىمىي يۇناندىكى داڭلىق تىراگېدىيە شائىرى. «باغلاقلىق پرومېتېي»نىڭ ئاپتورى.

② «ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» — «تەۋرات» بىرىنچى جىلد. خۇدانىڭ ئالەمدىكى شەيئىلەرنى يارىتالىشى بايان قىلىنىدۇ.

بىناكارلىق ئۇسلۇبى ① دىكى قۇرۇلۇشلار پەيدا بولدى. رىم ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار پەقەت گىرېك قۇرۇلۇشلىرىغا كارفاگېنلارنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىلىرىنى قوشۇپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلدى. يېقىنقى دەۋردە، رومانس ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشتىن كېيىن گوت ئۇسلۇبىدىكى قۇرۇلۇشلار مەيدانغا كەلدى. بىز بۇ ئۈچ گۇرۇپپا قۇرۇلۇشنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلساق، ئاچا ئورنىدىكى ھىندىستان بىناكارلىق سەنئىتى، مىسىر بىناكارلىق سەنئىتى ۋە رومانس بىناكارلىق ئۇسلۇبىدىن ئوخشاش بىر خىل ئالاھىدىلىكنى، يەنى ئىلاھىي ھاكىمىيەت، تەبىقە تۈزۈمى، بۈيۈك بىرلىك، دىنىي ئەقىدە، ئەپسانە ۋە خۇدا قاتارلىقلارنى تاپالايمىز. سىگىل ئورنىدىكى فىنكىيە بىناكارلىق سەنئىتى، گىرېك بىناكارلىق سەنئىتى، گوت ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىدىن، مەيلى ئۇلاردا ئەزەلدىن بار بولغان شەكىللەرنىڭ قانداق پەرقلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز يەنىلا ئوخشاش بولغان بەلگىلەرنى، يەنى ئەركىنلىكنى، ئاۋامنى ۋە ئادەمنى تاپالايمىز.

مەيلى ئۇلارنىڭ ئىسمى بىراخمان ② بولسۇن، زوروئاستىرىزم روھانىيلىرى بولسۇن ياكى پاپا بولسۇن، بىز ھىندىستان، مىسىر ياكى رومانس ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىدىن ئەبەدىلىئەبەد پەقەت «كاھىنىڭ مەۋجۇت» ئىكەنلىكىنى، ئادەملەرنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىمىز. خەلقنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس، بۇ قۇرۇلۇشلار ئۇنچىۋالا مۇقەددەس بولمىغىنى بىلەن، تېخىمۇ ھەشەمەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك. فىنكىيەلىكلەرنىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدە سودىگەرلەرنىڭ پۇرىقى بار، گىرېكلارنىڭكىدە جۇمھۇرىيەت

① مىتىسېنئان بىناكارلىق ئۇسلۇبى ـــ قەدىمىي يۇناندىكى مىكناي دەۋرىدە ياسالغان بىنالار تۈركۈمىنى كۆزدە تۇتىدۇ.

② بىراخمان ـــ ھىندىلاردىكى كاھىن ئاقسۆڭەكلەرنى، ھىندى جەمئىيىتىدىكى يۇقىرى قاتلامنى كۆزدە تۇتىدۇ.

هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى بار، گوت ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتىدە بولسا شەھەر پۇقرالىرىنىڭ پۇرىقى بار.

ئىلاھىي ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكى مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىك، ئالغا ئىلگىرىلەشتىن قورقۇش، ئەنئەنىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇش، بارلىق ئىپتىدائىي شەكىلگە چوقۇنۇش، خىيالغا كەلگەن ھەرقانداق تەسەۋۋۇرنى ئادەملەر بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق فورماتسىيەلىك سىمۋول قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭا، بۇ تېپىقسىز كىتابلارنى پەقەت دىنىنىڭ تىلسىملىرىنى بىلىدىغان ئادەملەرلا ئوقۇپ چۈشىنەلەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، بىناكارلىق سەنئىتى بولمىش بۇ كىتابلار شەكلى قانداق بولۇش ۋە قانداق ئۆزگەرگەن ۋارىيانتقا ئىگە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، پەۋقۇلئاددە مەنىگە ئىگە بولغاچقا، ئادەملەر ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىشتىن باشقا، دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا ھەددى يوق ئىدى. ھىندىستان، مىسىر، رومانس ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى ھەققىدە ئۆزگەرتىش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولمايتتى. ھەرقانداق شەكلىدىكى ئۆزگەرتىش، ئەقەللىيسى نەقىشلەرنى ئۆزگەرتىش ياكى ئويما نەقىشلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشمۇ چېكىدىن ئاشقان دەھرىيلىك بولۇپ، بۇ خىل بىناكارلىق سەنئىتىدە، ھەتتا تاشلارغىمۇ دىنىي ئەقىدىنىڭ قاتماللىقى سىڭىپ كەتكەن، ھەتتا يەنە بىر قېتىم ئېرىتسە قايتىدىن تاغ جىنسقا ئايلىنىدىغاندەك قىلاتتى. بۇ ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە، خەلقنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئۆزگىرىشنى، ئىلگىرىلەشنى، ئۆزگىچە بولۇشنى، رەڭدار بولۇشنى ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھاياتىي كۈچىنى ئومۇمىي ئالاھىدىلىك قىلاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار ئاللىقاچان مۇئەييەن دەرىجىدە دىندىن قول ئۈزگەن، ئۆزىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەيكەللىرىگە ياكى ئەرەب ئۇسلۇبىدىكى بېزەك نەقىشلەرگە تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى ئويلاشقا باشلىغانىدى.



www.uyghurkitap.com

چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئەھلى ئىنسانلارغا يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلاردا ئىنسان تەبىئىتىگە مۇناسىپ تەرەپلەر ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا مۇقەددەس سىمۋوللار بىلەن ئۈزۈكسىز ھالدا بىرىكىپ، ئادەملەر ئەقلىي ۋە تەسەۋۋۇر جەھەتتە قوبۇل قىلالايدىغان قۇرۇلۇشلارنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. گەرچە ئۇلاردا بۇرۇنقىدەكلا سىمۋوللۇق خاراكتېر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى تەبىئەتنى چۈشەنگۈدەك ئوڭاي چۈشەنگىلى بولاتتى. دىنىي ھاكىمىيەت دەۋرىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن بۇ خىل بىناكارلىق سەنئىتى ئارىسىدىكى پەرق دەل ئىلاھلارنىڭ تىلى بىلەن ئادەمزاتنىڭ تىلى، تەسۋىرىي يېزىق بىلەن گۈزەل سەنئەت، سولومون بىلەن فىدىيە ① ئارىسىدىكى پەرق ئىدى.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزنى ھەر خىل دەلىل - ئىسپات ۋە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق قارشى پىكىرلەردىن خالىي ھالدا تۆۋەندىكىلەرگە ئىخچاملايمىز، يەنى بىناكارلىق سەنئىتى تاكى 15 - ئەسىرگە قەدەر ئىنسانلارنىڭ ئاساسلىق خاتىرىسى بولدى. دۇنيا مىقياسىدا مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە يۈز بەرگەن بارلىق مۇرەككەپ ئىدىيەلەر قۇرۇلۇش شەكلى بىلەن ئىپادىلەندى. خەلقنىڭ تەپەككۇرىمۇ دىنىي قائىدىلەرگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ خاتىرە تاشلىرىنى ياراتتى. ئاخىرىدا ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ جىمىكى مۇھىم ئىدىيەلىرىنى بىنالارغا نەقىش قىلىپ ئويدى. بۇنىڭغا نېمىلەر سەۋەب بولدى؟ مەيلى دىنىي ئەقىدىلەر ياكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر بولسۇن، ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كەتمەسلىكىنى، ئادەملەرنىڭ تەپەككۇرىغا تەسىر كۆرسىتىشىنى، شۇنداقلا كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ داۋاملىق ئىلھام بېرىشىنى ئويلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قول يازمىلارنىڭ مەڭگۈلۈك ساقلىنىپ قېلىشى تۇپكى جەھەتتىن ئالغاندا ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى! پەقەت

① فىدىيە (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 490 — 431 - يىللار) — قەدىمىي يۇناندىكى ھەيكەلتىراش، پارتېنون ئىبادەتخانىسىنى زىننەتلىگەن.

قۇرۇلۇشلارلا ئۆزاققىچە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، يىللارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان كىتاب ئىدى ! بىر قېتىملىق ئوت ئاپىتى ياكى بىرەر رەھىمسىز ئادەمنىڭ قول يازمىلارنى يوقىتىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، تىل نەقىش قىلىنغان بىنالارنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن چوقۇم بىر قېتىملىق ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ياكى بىر قېتىملىق دىندىن خالىي ئىسلاھات يۈز بەرمىسە بولمايتتى. قەدىمكى رىم تىياتىرخانىسى ياۋايى ئادەملەر تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغان، قەدىمكى مىسىر پىراميدالىرى كەلكۈننىڭ تېگىدە قالغانىدى.

15 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە بولدى.

ئىنسانلار ئۆزىنىڭ ئىدىيەسىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان ئۇسۇلنى تاپتى. ئۇ بىناكارلىق سەنئىتىگە قارىغاندا كۆپ چىدامىلىق، كۆپ مۇستەھكەم بولۇپلا قالماي، ئىنتايىن ئوڭاي قوللانغىلى بولىدىغان ئۇسۇل ئىدى. نەتىجىدە بىناكارلىق سەنئىتى شاھانە تەختتىن پەسكە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. گۇتېنبېرگنىڭ قوغۇشۇن ھەرپلىرى ئورپۇسنىڭ تاشتىن ياسالغان خەتلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى.

كىتابلار بىنالارنى ۋەيران قىلىشقا ئاتلاندى.

مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئەڭ زور تارىخىي ۋەقە بولدى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ ئانىسى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا پۈتۈنلەي يېڭىلىق ياراتقان ئىنقىلاب بولدى. ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇرى بىر خىل شەكىلدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر خىل شەكىلنى ئالماشتۇردى. ئەقىل ـ پاراسەت يىلنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن بۇيان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم قاسراق تاشلىدى.

ئىدىيەنىڭ تارقىلىشى مەتبەئەچىلىك شەكلىنىڭ ياردىمىدە ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ ئوڭايلاشتى. ئۇ ئۆزىدە كېڭىيەلەيدىغان شەرتنى هازىرلىدى، تىزگىنلىگىلى بولمىدى، ۋەيران قىلغىلىمۇ بولمىدى، ھاۋا بىلەن بىرىكىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ بىناكارلىق

سەنئىتى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان مەزگىلدە تاغنىڭ شەكلىدە تەۋەللۇت بولۇپ، مەلۇم بىر رايوننى زورلۇق ـ زومبۇلۇق بىلەن ئىگىلىگەن، ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ساق بىر ئەسىر يولغا قويغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ قاناتلىق قۇش بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە قاراپ ئۇچتى، ئاسماننىڭ ۋە زېمىننىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقىقىنى ئىشغال قىلدى.

يەنە دېسەك يەنە شۇ، ئۇنى تېخىمۇ يوقاتقىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ شەكلى قاتماللىقتىن جانلىق، تېتىكلىككە، ئۇزاق بەرداشلىق بېرىشتىن مەڭگۈ ئۆلمەسلىككە قاراپ ئۆزگەردى. خوش، توپ ـ توپ بىنالارنىڭ ۋەيران قىلغىلى بولار، ھەممە يەرگە سەلدەك يامراپ كەتكەن كىتابلارنى يوقاتقىلى بولارمۇ؟ تاغلار كەلكۈن سۇنىڭ تېگىدە قالغىنى بىلەن، قۇشلار پەرۋاز قىلىپ يۇرىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ پايانسىز سۇ يۈزىدە بىرلا قېيىق قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ ئۇچار قاناتلار شۇ قېيىققا قونۇپ دېمىنى ئالالايتتى، قېيىق بىلەن بىللە لەيلەپ مېڭىۋېرەتتى، كەلكۈننىڭ يېنىشىنى ئېرىنمەستىن كۈزىتەلەيتتى. ئەلمىساقتىن بۇرۇنقى مانان قويىنىدىن تۇغۇلغان يېڭى دۇنيا ئالەمگە كۆز ئاچقان ھامان ئۆزىدىن ئىلگىرى بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان دۇنيادىكى تەپەككۇرنىڭ قانات قېقىپ پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايتتى.

ئادەملەر مەتبەئەدە بېسىلغان كىتابلارنىڭ ساقلاشقا ئوڭاي ئىكەنلىكىنىلا ئەمەس، ھەجىم جەھەتتىنمۇ ئەڭ چاققان، كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك، كۆرۈپ چىقىشقىمۇ ئىنتايىن قولايلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇنى ئېغىر يۈك ـ تاق قىلىپ باغلاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، يۆتكەپ مېڭىشقا توغرا كەلسە، كالانپاي جابدۇق ـ سايمانلارمۇ كەتمەيتتى. ئىدىيەنى بىنالارنىڭ ياردىمىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى قوللانغان چاغلاردا، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت ـ بەش خىل سەنئەتكە مۇراجىئەت قىلىشقا، تونىنا ـ تونىنا مېتال، تاغدەك دۆۋىلەنگەن تاش، ئورمانلىقتىكى ياغاچ

www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلارنى توشۇپ كېلىشكە، ئىشچىلارنىڭ كۆچىگە تايىنىشقا توغرا كېلەتتى. مەتبەئەدىن چىقىدىغان كىتابلارنىڭ ياردىمى ئازغىنە قەغەز، رەڭ، سىياھ بىلەنلا ھەل بولدى. ئادەملەر مۇشۇنداق سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىناكارلىق سەنئىتىنى تاشلىۋېتىپ، مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانماقچى بولغان بولسا، ئۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ ئېرىق ـ ئۆستەڭنى دەريادىكى سۇنىڭ يۈزىدىن پەس ياساپ، ئاندىن دەريانىڭ سۈيىنى توسۇۋەتسە، دەريا سۈيى ئەسلىدىكى يولىنى تاشلىۋېتىپ، يېڭى ئۆستەڭگە مېڭىۋېرەتتى.

ئەھۋال شۇنداق بولدى. مەتبەئە تېخنىكىسى كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن، بىناكارلىق سەنئىتى تەدرىجىي يوسۇندا كونىراپ، مەززىسى يوق بىرنەرسە بولۇپ قالدى، كۈنسايىن ماغدۇرىدىن كەتتى، قۇرۇدى، ئادەملەرمۇ دەريا سۈيىنىڭ پەسلەۋاتقانلىقىنى، ھاياتىي كۈچىنىڭ يوقىلىۋاتقانلىقىنى، ھەرقايسى دەۋردىكى مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇرى ئۇنىڭدىن چېكىنىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئادەملەر 15 ـ ئەسىردە ئۇنىڭ مۇنچىلىك ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئۇنچە بىلىپ كەتكەن يەردە ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مەتبەئە تېخنىكىسى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنىدى. كۆپ بولغاندىمۇ، ئۇ پەقەت قۇدرەتلىك بىناكارلىق سەنئىتىدىن ئازغىنە بىرنەرسىلەرنىلا ئولجا ئالالايدىغان دەرىجىدە ئىدى. لېكىن، 16 ـ ئەسىردىن باشلاپ، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرى بارغانسېرى ئاشكارىلانغىلى تۇردى. ئىجتىمائىي ئىدىيەنى ئەكس ئەتكۈزۈش جەھەتتە ئارمانغا تۇشلۇق دەرمان بولمىدى. بىرىپ ـ بىرىپ ئېچىنىشلىق يوسۇندا كىلاسسىك سەنئەتكە ئايلىنىپ قالدى. مۇنداقچە ئالغاندا گاللىيەلىكلەرنىڭ، ياۋروپالىقلارنىڭ، يەرلىك ئاھالىنىڭ سەنئىتىدىن گىرېك ۋە رىم ئۇسلۇبىدىكى سەنئەتكە، ھەقىقىي، ھازىرقى زامان سەنئىتىدىن يالغان كىلاسسىك سەنئەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ يەردە زاۋاللىققا

يۇزلىنىۋاتقان نەرسە دەل ئاتالمىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى بولدى. لېكىن، بۇ شانۇشەۋكەتلىك خارابلىشىش ئىدى. چۈنكى، گوت ئۇسلۇبىدىكى بۇ قەدىمىي تالانت، مايىنتز ① نىڭ گىگانت مەتبەئە ماشىنىسى كەينىدە ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياش، ئۆزىنىڭ ئاداقىقى نۇرىنى لاتىن ئۇسلۇبىدىكى ئەگمە پېشايىۋانلار بىلەن كورنىس ئۇسلۇبىدىكى تۈۋرۈكلۈك پېشايىۋانلاردىن تەركىب تاپقان رەتسىز بىنالار ئۈستىگە چۈشۈرۈپ ئۆلگەرگەنىدى.

غەربكە قىيسايغان بۇ قۇياش، بىز ئۈچۈن دەل تاڭ نۇرى ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىناكارلىق سەنئىتى سەنئەتنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى بولۇشتىن، باشقا سەنئەت تۈرلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە ئۇلارنى بىسىۋېتىشتىن قېلىپ، باشقا سەنئەت تۈرلىرى بىلەن تەڭ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندا، باشقا سەنئەت تۈرلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولالىغۇدەك قۇدرەتتىنمۇ مەھرۇم قالدى. ئۇ سەنئەت تۈرلىرى ئۆزلۈكىدىن ئازاد بولدى، ئارختېكتورلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدى، ئايىۋان ـ سارايلار بىلەن ئادا ـ جۇدا بولۇپ، ئۆزىنىڭ يولىنى ئۆزى تاپتى. ئويما نەقىشلەردىكى ماھارەت ھەيكەلتىراشلىق سەنئىتى بولۇپ ئۆزگەردى، چېرتيوژ سىزىش رەسساملىقىقا ئۆزگەردى. مۇزىكا ئاھاڭلىرى تەۋرات ئايەتلىرىدىن مۇستەسنا بولدى. بۇ ئەھۋال خۇددى ئالېكساندىر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىمپېرىيە شىددەت بىلەن بۆسۈلۈپ، ھەرقايسى ئۆلكىلەر مۇستەقىل پادىشاھلىققا ئايلانغىنىغا ئوخشاپ قالدى.

---

① مايىنتز ـــ گېرمانىيەدىكى شەھەرنىڭ نامى، گېرمانىيەنىڭ غەربىدە. رېينلاند ـــ پفالز ئىشتاتىنىڭ مەركىزى.

مۇشۇلارغا كۆرە، رافائىل، مىكېلانجېلو، ژان گاۋيۇن ①، پالېسترىنا ② قاتارلىقلار ئۇتتۇرىغا چىقتى. بۇلار شانلىق 16 ـ ئەسىرنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان مۇنەۋۋەر سەنئەتكارلىرى ئىدى.

ھەرقايسى سەنئەت تۈرلىرى ئازادلىققا ئېرىشىش بىلەن تەڭلا ۋاقىتتا، ئىدىيە ـ تەپەككۇرمۇ ھەرقايسى جەھەتلەردە ھۆرلۈككە ئىگە بولدى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىدئەتلىك كاتولىك دىنىغا غايەت زور دەرىجىدە زەخىم يەتكۈزگەن بولسا، 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە دىندىكى بۈيۈك بىرلىك بۇزۇلدى. مەتبەئە تېخنىكىسى بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى دىنىي ئىسلاھات دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بۆلۈنۈشنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسا، مەتبەئە تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن ئۇ بىر قېتىملىق ئىنقىلاب بولۇپ ئۆزگەردى. مەتبەئە ماشىنىلىرى بولمىغان تەقدىردە، ھېلىقى بىدئەتلىك كۈچى يوق ئاجىز بىر نەرسە بولۇپ قالغان بولاتتى. مەيلى پېشانىغا پۈتۈلگەن قىسمەت بولسۇن، مەيلى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بولسۇن، گۇتېنبېرگ لۇتېرنىڭ پېشۋاسى بولۇپ چىقتى.

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ قۇياشى تاغنىڭ كەينىگە ئولتۇرۇپ، گوت ئۇسلۇبىدىكى تالانت سەنئىتىنىڭ ئۇيۇق سىزىقىدىن مەڭگۈلۈك ئۆچكەن مۇشۇ كۈنلەردە، بىناكارلىق سەنئىتىمۇ كۈنسايىن غۇۋۋالاشتى، رەڭگىدىن كەتتى ۋە ئاخىر پۈتۈنلەي غايىب بولدى. مەتبەئەدىن چىققان كىتابلار بىناغا چۈشكەن مىتىدەك بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئىچىنى قۇرۇقداپ قويدى، ئۇنى يەپ تۈگەتتى. بىناكارلىق سەنئىتى پەسكويغا چۈشتى، گادايلاشتى، ئورۇقلىدى، تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. بىرەر نەرسىنى ئىپادىلەپ بېرىش ئىقتىدارىدىن قالدى، ھەتتا كۆپچىلىكنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىكى سەنئەتكە بولغان

① ژان گاۋيۇن (1510 ــ 1566) ــ فرانسىيەلىك ھەيكەلتىراش، ئارخىتېكتور.

② پالېسترىنا (1525 ــ 1594) ــ ئىتالىيەلىك مۇزىكانت.

ئەسلىمىسىگىمۇ يار ـ يۆلەك بولالمىدى. ئۇ يېتىمسىرەپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ ئىدىيەۋى تەپەككۇرىدىن قوغلاندى بولغاچقا، باشقا سەنئەت تۈرلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، سەنئەتكارلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىيالمىدى، پەقەت ھۈنەرۋەنلەردىن ياردەم تەلەپ قىلىش بىلەنلا قانائەتلەندى. نەتىجىدە رەڭسىز ئەينەكلەر رەڭلىك ئەينەكلەرگە ئورۇن بوشاتتى، تاشچىلار نەققاشلارنىڭ ئورنىغا ئۆتتى، مۇستەقىل ئىجادىيەت، ھاياتىي كۈچ دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

بىناكارلىق سەنئىتى ئىش مەيدانىدىكى بىچارە تىلەمچىلەردەك، بۇرۇنقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە تەقلىد قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. ئەمەلىيەتتە، مىكېلانجېلو 16 ـ ئەسىردىلا بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى بىر ئويىنى، يەنى ئەمەلگە ئاشمايدىغان بىر خىيالنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بۇ گىگانت سەنئەتكار نېمىلا بولسۇن، پارتېنون ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى ئورنىغا جەم ئىلاھ ئىبادەتخانىسى①نى قۇردى، رىمدىكى ساينت پېررى چېركاۋىنى ياساپ پۈتكۈزدى. بۇ مۇشۇ بىناكارلىق سەنئىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى مۇستەقىل ئىجادىيەت، بىر ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ تاماملىنىش ئالدىدىكى گىگانت تاش ئەسەرگە قويۇپ بەرگەن ئىمزاسى بولدى. مىكېلانجېلو ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرۋاھلار ۋە كۆلەڭگە ئاستىدا ئېشىپ قالغان بىناكارلىق سەنئىتى يەنە نېمىگە كارغا كېلەتتى؟ ئەلۋەتتە، ئۇ يەنىلا رىمدىكى ساينت پېررى چېركاۋىغا تەقلىد قىلىش، ئۇنى بۇرمىلاش بىلەن ئاۋارە بولدى. بۇ بىر خىل غەلىتىلىك شۇنداقلا ھەسرەت ـ نادامەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى، بىر پاجىئە دېيىشكە بولاتتى. دېمىسىمۇ ھەممە ئەسىردە بىردىن رىمدىكىدەك ساينت پېررى چېركاۋى سېلىنغانىدى. ئالايلۇق، 17 ـ ئەسىردە

① جەم ئىلاھ ئىبادەتخانىسى — قەدىمىي يۇناندىكى ئىبادەتخانا. رىمدىكى يۇمىلاق مەيدانىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە، ئاۋگۇستىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان.

www.uyghurkitap.com

ۋالدى گراس چىركاۋى، 18 ـ ئەسىردە ساينت چىركاۋى پەيدا بولدى. ھەرقايسى دۆلەتلەرمۇ رىمدىكى ساينت پېررې چىركاۋىدىن قۇرۇق قالمىدى. لوندۇندا بىرى، پېتېربۇرگدا بىرى، پارىژدا ئۈچى قۇرۇلدى. ئۇلۇغ، ئەمما قېرىپ جېنى ئاران قالغان سەنئەتنىڭ سەكرات ئالدىدىكى جان تالىشىشى ئادەملەرگە ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋەسىيەت بىلەن جۆيلۈشتىن باشقا نەرسە قالدۇرمىدى.

ئەگەر بىز ئابايا تىلغا ئالغان ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار، خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە قۇرۇلۇشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ 16 ـ ئەسىردىن 18 ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئەھۋالىنى تەكشۈرسەكلا ئۇنىڭدىكى خارابلىشىش ۋە يىگلەشنىڭ ئوخشاشلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. فرانسۇۋا II دىن باشلاپ، بىناكارلىقنىڭ سەنئەت شەكلى تەدرىجي رەۋىشتە يوقىلىشقا يۈزلەندى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا خۇددى ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىمار سىياقىدىكى گېئومېترىيەلىك شەكىللەر بارلىققا كەلدى. گېئومېترىيەلىك فىگۇرىلارنىڭ سۇرلۇك سىزىقچىلىرى بەدىئىي تۇسكە ئىگە كۆركەم سىزىقچىلار بىلەن ئورۇن ئالماشتۇردى. قۇرۇلۇشلار قۇرۇلۇش بولۇشتىن قېلىپ، كۆپ تەرەپلىمىلىك جىسىم بولۇپ ئۆزگەردى. بىناكارلىق سەنئىتى ئېچىلىپ قېلىۋاتقان جايلىرىنى يېپىشقا ئۇرۇندى. شۇڭا، ھېنرى IV نىڭ بۇلۇڭلىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قىشلىق ئايۋان ـ سارايلىرى، ئوردا مەيدانى، شاھزادە مەيدانى قاتارلىقلار قەد كۆتۈردى؛ يۇمىلاق شەكىللىك ئەگمە تورۇستەك ھەم كالانپاي، ھەم پاكار لۇئى XIII چىركاۋى بىنا بولدى؛ مازارىن ① ئۇسلۇبىدىكى بىناكارلىق سەنئىتى، ئىتالىيە ئۇسلۇبىغا تولىمۇ سەت تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئۇنىۋېرسىتېتلار

① مازارىن (1602 — 1661) — كاردىنال، فرانسىيە پادشاھى لۇئى XIII، لۇئى XIV لەرگە ۋەزىر بولغان.

پەيدا بولدى. لۇئى XIV نىڭ ئوردىسى، ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ سوغۇق تەلەت تۇرالغۇلىرى سېلىندى. ئاخىرىدا لۇئى XV نىڭ خانلىق سارىيى ياسالدى. جۇخارگۇللۇك سىزىقچىلار ۋە ئىنچىكە كېسىلگەن ئۇگرىدەك سوزۇنچاق بېزەكلەر، چىقمايدىغان يەرگە چىققان سۆگەلدەك دىڭگىيىپ تۇرغان ئارتۇقچە نەرسىلەر ۋاقتى ئۆتكەن، كەمتۇك، ئۆزىنى چىرايلىق كۆرسىتىش كويىدا يۈرگەن بۇ بىناكارلىق سەنئىتىنى تولۇق كاردىن چىقاردى. فرانسىۋۋا II دىن لۇئى XV كە قەدەر گېئومېترىيەلىك شەكىلنىڭ چاپىنىدا تەرلىگەن بۇ قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامان بولدى. سەنئەت ياداپ ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالدى، تىنىقى پەسلەپ، ھالاك بولۇش گىردابىغا دۇچ كەلدى.

بۇ مەزگىلدىكى مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟ بىناكارلىق سەنئىتىدىن ئېقىپ كەتكەن ھاياتي كۈچ مەتبەئە تېخنىكىسىغا دەسمايە بولدى. بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ زاۋاللىقا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ، مەتبەئە تېخنىكىسى تەرەققىي تاپتى، زورايدى، قۇدرەت تاپتى. بىناكارلىقا سەرپ قىلىنىدىغان ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى كىتاب ـ دەستۇرلارغا سەرپ قىلىندى. شۇڭا، بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ خارابلىشىشىغا ئەگىشىپ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان مەتبەئە تېخنىكىسى 16 ـ ئەسىردىن ئېتىبارەن بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەش داۋامىدا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. مەتبەئە تېخنىكىسى 17 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ھەممىنى ئىدارە قىلىدىغان ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ شاھانە تەختىدە غەلىبە تەنتەنىسىگە چۆمۈلدى. پۈتۈن دۇنيانى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يېڭى ئەسىرىنى تەبرىكلەيدىغان خۇشاللىق بىلەن تەمىن ئەتتى. لۇئى XIV نىڭ ئوردىسىدا ئۇزاق مەزگىللىك تەرەققىياتنى بېشىدىن كەچۈرگەن مەتبەئە تېخنىكىسى 18 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، لۇتېر ئىشلەتكەن شەمشەرنى قايتىدىن قولغا ئېلىپ ۋولتېرنى قوراللاندۇردى. ئاندىن بىناكارلىق سەنئىتى ئاللىقاچان ۋەيران بولغان قەدىمىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياۋروپاغا ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا ھۇجۇم قىلدى. 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، مەتبەئە تېخنىكىسى ھەممە نەرسىنى بىتچىت قىلدى ۋە ھەممە نەرسىنى يېڭىباشتىن ئىجاد قىلىشقا ھازىرلاندى.

لېكىن، بىز ئۈچ ئەسىردىن بۇيان بۇ ئىككى سەنئەتنىڭ قايسىبىرى ئىنسانلار تەپەككۇرىنى ھەقىقىي يوسۇندا ئىپادىلەپ بەردى دەپ سورىماي تۇرالمايمىز. زادى قايسى سەنئەت ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات بىلەن سخولاستىكىزمغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماي، ئۇلاردىكى كەڭ، چوڭقۇر، ئومۇميۈزلۈك ئۆزگىرىشلەرنىمۇ ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرەلىدى؟ زادى قايسى سەنئەت ئىنساندىن ئىبارەت بۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇق بىلەن كەم ـ كوتىسىز ھالدا، مەڭگۈ ئۆزلۈكسىز قالمايدىغان دەرىجىدە بىرىكەلىدى؟ بىناكارلىق سەنئىتىمۇ ياكى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى؟

مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى! بىز بۇ يەردە بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنلىكىنى، ئۇنىڭ قايتا تىرىلمەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولۇشىمىز كېرەك. ئۇ ئۇزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، شۇنداقلا بەك قىممەت توختايدىغان بولغاچقا، مەتبەئەدىن چىققان كىتابلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. چۈنكى، ھەربىر چېركاۋغا پۈتۈنسۇرۇك بىر شەھەرنى قۇرغىلى بولىدىغان پۇل خەجلەندى. كۆپچىلىك زادى قانچىلىك مەبلەغ سالغاندا، ئاندىن بىناكارلىق سەنئىتىدىن ئىبارەت بۇ كىتابنى قايتا يېزىپ چىققىلى بولىدىغانلىقىنى، مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان چېركاۋلار ئۆرە بولىدىغان سەلتەنەتلىك مەنزىرىنى قايتىدىن كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقسا بولىدۇ.

كىتابلارنىڭ مەتبەئەدىن چىقىشى شۇنچە تېز، باھاسى شۇنچە ئەرزان، تارقىلىش دائىرىسى شۇنچە كەڭ ۋە يىراق بولىدىكى، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرى مۇشۇ يانتۇلۇقتىن يۇمىلاپ چۈشىدىغان ھالەتكە يېتىپ، ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلدى! لېكىن، بۇ ھېچقانداق يەردە ھەرقانداق ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلارنى،

يەككە ـ يېگانە ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يارىتىشقا يول قويۇلمايدۇ دېگەنلىك ئەمەس ئىدى. مەتبەئە تېخنىكىسى دەۋرىدىكى ئادەملەرمۇ خۇددى بىناكارلىق سەنئىتى دەۋرىدە «ئىلىئادا»، «ئوتىللو»، «ماخابخاراتا»①، «نىبېلونگىن ناخشىسى» ② قاتارلىق ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەندەك، يېڭىدىن ـ يېڭى تۇۋرۇكلەرنى پەيدا قىلىپ تۇردى. مېنىڭچە، ئۇ تۇۋرۇكلەر ئولجىغا چۈشكەن زەمبىرەكلەرنى ئېرىتىپ ياسىغان تۇۋرۇكلەردەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەسەرلەر مىللەت ھەققىدىكى ئېپوسلارنىڭ جۇغلانمىسى ئىدى. 20 ـ ئەسىرگە بارغاندا 13 ـ ئەسىردە تۇيۇقسىز دۇنياغا كەلگەن دانتې ③دەك بىر ئۇلۇغ ئارخىتېكتورنىڭ ئوخشاشلا تاسادىپىي يوسۇندا دۇنياغا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن، بىناكارلىق سەنئىتى داۋاملىق يوسۇندا ئىجتىمائىي سەنئەت بولۇشتىن، كوللېكتىپنىڭ سەنئىتى بولۇشتىن، ھۆكۈمرانلىق ئورۇندىكى سەنئەت بولۇشتىن قالىدۇ. ئىنسانلار ياراتقان بۈيۈك داستانلار، سەلتەنەتلىك بىنالار، ئۇلۇغ ئەسەرلەر بىنا بولۇپ ياسالمايدۇ، بەلكى مەتبەئەدە كىتاب بولۇپ بېسىلىدۇ.

مۇشۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بىناكارلىق سەنئىتى قايتىدىن باش كۆتۈرگەن تەقدىردىمۇ، دۇنياغا يېڭىباشتىن خوجايىن بولالمايدۇ. ئىلگىرى ئەدەبىيات ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا ئىتائەت قىلغاندەك، كەلگۈسىدە ئەدەبىياتقا خوش دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان بولىدۇ. بۇ ئىككى سەنئەتنىڭ ئورنىدا بۇرۇلۇش، ئالمىشىش كېلىپ چىقىدۇ. بىناكارلىق سەنئىتى دەۋرىدە، شېئىر بىلەن بىنالارنىڭ

---

① ماخابخاراتا ــ قەدىمىي ھىندىستاندا سانسكرىت يېزىقىدا يېزىلغان ئېپوس. مەنىسى «بۈيۈك پولودۇ خان جەمەتى» دېگەن بولىدۇ. دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ئېپوس ھېسابلىنىدۇ.

② «نىبېلونگىن ناخشىسى» ــ گېرمانىيەنىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسى.

③ دانتې (1265 ــ 1321) ــ ئىتالىيەلىك شائىر. ئىتالىيە «شېئىر ئاتىسى» دەپ تەرىپلىنىدۇ. «ئىلاھ كومېدىيەسى»نىڭ ئاپتورى.

ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېرى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. ھىندىلاردىكى ۋايسا ① بەئەينى بىر مۇنار ئىدى، كۆككە تاقىشىدىغان راۋاق ـ پەشتاقلار بىرنەرسە دېگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگىچە ئىدى؛ مىسىرنىڭ شەرقىي رايونىدىكى شېئىرلارمۇ سەلتەنەتلىك ئىدى. قەدىمكى يۇناننىڭ شېئىرلىرى شۇنچىكى چىرايلىق، خىرامان، تېرەن ئىدى. خىرىستىيان ياۋروپاسىنىڭ شېئىرلىرىدا كاتولىك دىنىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە پۇقرالارنىڭ ساددىلىقى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى رەڭدارلىقنى ۋە ئاۋاتچىلىقنى كۆرگىلى بولاتتى. «ئىنجىل» پىرامىدانىڭ ئۆزىلا ئىدى. «ئىلئادا» پارتېنون ئىبادەتخانىسىغا، گومېر فىدىيەگە ئوخشايتتى. دانتې 13 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى رومانس ئۇسلۇبىدىكى چېركاۋ، شېكىسپىر 16 ـ ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى گوت ئۇسلۇبىدىكى دۇئومو چېركاۋى ئىدى.

شۇڭا، ئەگەر بىز يۇقىرىدىكى ئۇنچىلىك مۇكەممەل بولمىغان شۇنداقلا قىسقارتىلغان بايانلارنى يىغىنچاقلىساق، ئىنسانلاردا ئىككى خىل كىتابنىڭ، ئىككى خىل خاتىرە دەپتەرنىڭ، ئىككى خىل كىلاسسىك دەستۇرنىڭ، يەنى بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بولغانلىقىنى بىلىمىز. ئۇنىڭ بىرى تاش بىلەن قويۇرۇلغان «ئىنجىل»، يەنە بىرى قەغەزگە پۈتۈلگەن «ئىنجىل» بولۇپ چىقىدۇ. ناۋادا بىز ئىنسانلار كۆپ ئەسىر مابەينىدە ۋاراقلاپ ئوقۇغان بۇ ئىككى پارچە مۇقەددەس دەستۇرغا ھۆرمەت بىلەن كۆز يۈگۈرتسەك، گىرانىت تاش بىلەن يېزىلغان يېزىقلارغا چوقۇم ئىچ ئاغرىتىمىز، غايەت زور ھەرپلەردىن شەكىللەنگەن تۈۋرۈكلۈك كارىدورلار، مۇنار دەرۋازىلىرى، چاسا شەكىللىك ئۇچلۇق مۇنارلارنى، پىرامىدادىن تارتىپ قوڭغۇراق

---

① ۋايسا ــ قەدىمىي ھىندىستان ئەپسانىلىرىدىكى ئەۋلىيا. رىۋايەتلەردە «ماخاباخاراتا» ئېپوسىنى شۇ كىشى يازغان دېيىلىدۇ.



www.uyghurkitap.com

مۇنارلىرىغىچە، كېئوپس ① تىنستراسبۇرگ ② قىچە بولغان ئارىلىقتا دۇنياغا ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ئاي ـ يىللارغا سەلتەنەت بەرگەن بۇ سۈنئىي تاغلاردىكى ئوخشايلا كۆزگە چۈشىدىغان ئۇلۇغۋارلىقنى، سۆلەت ـ ھەشەمەتنى ئەسلىمەي تۇرالمايمىز. مەرمەر تاشلىق بەتلەرگە يېزىلغان ئۆتمۈشنى چوقۇم قايتا ـ قايتا ئوقۇش كېرەك، بىناكارلىق سەنئىتى يېزىپ قالدۇرغان بۇ ئەسەرلەرنى زېرىكمەستىن ۋاراقلاش ۋە ئۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىش كېرەك، شۇنداقلا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلى يۈكسەلگەن مەتبەئە تېخنىكىسىدىن ئىبارەت بۇ قورۇلۇشنىڭ ئۇلۇغلۇقىغىمۇ شەك كەلتۈرمەسلىك كېرەك.

بۇ قورۇلۇشنى سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە يۈكسەك دېيىشكە بولاتتى. ئىستاتىستىكا مۇتەخەسسىسلىرى ھېسابلىغان ئەھۋالغا قارىغاندا، گۇتېنبېرگدىن بۇيان نەشردىن چىققان كىتابلارنى بىر پارچە ـ بىر پارچىدىن دۆۋىلىسە ئاي شارىغا تاقىشىدىغانلىقى ھەقىقەت ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ كۆزدە تۇتىدىغىنىمىز باشقا بىر خىل خاراكتېردىكى يۈكسەكلىك، ئەگەر ئادەملەر مەتبەئە ماشىنىسى كەشىپ قىلىنغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە نەشردىن چىققان ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىنى قىياس قىلىپ باقسا، ئۇنىڭدىن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدىغان مەنزىرە پۈتكۈل دۇنيانى قاپلىغان چوڭ ھەجىملىك قورۇلۇش بولماي نېمە بولىدۇ؟ مۇشۇ بىر قورۇلۇش ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۇنىڭ يەنە بىر بېشىنىڭ كەلگۈسىدىكى غوۋا مانان ئىچىگە سوزۇلۇپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قارىماي، ھېرىش ـ چارچاشنى ئۇنتۇغان ھالدا خىش قويدى، كاھىش چاپلىدى. چۈنكى، ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ ئۇۋىسى، جەمىيەت تەسەۋۋۇرنىڭ ھەرە سانداۋقى ئىدى. تەسەۋۋۇرنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بەئەينى ھەسەل ھەرىلىرىدەك،

---

① كېئوپس ــ قەدىمكى مىسىر پادىشاھى. ئەڭ چوڭ پىرامىدانىڭ قۇرغۇچىسى.

② ستراسبۇرگ ــ فىرانسىيەنىڭ شەرق شىمالىدىكى شەھەر. ياۋروپانىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇھىم مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆزىدىكى شىرىن ـ شەربەتلەرنى كۆتۈرۈپ مۇشۇ ساندۇقتا قاراپ ئۇچاتتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ قەۋەتلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىلىم ـ پەننىڭ يوشۇرۇن ئۆڭكۈرلىرى ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ۋە كۆپلىگەن پەلەمپەيلەر بىلەن تۇتاشقانىدى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ سىرتى ئەرەب نۇسخىسىدىكى گۈللۈك بېزەكلەر، ئويما نەقىشلەر ۋە ئويما گۈللۈك دېرىزىلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ھەربىر ئەسەر قارىماققا خىيالىغا كەلگەنچە ئىشلەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىگە يېقىن كەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قىممىتى ۋە ئالاھىدىلىكى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار ئومۇمىي گەۋدە يېقىدىن گارمونىك ئورتاقلىققا ئىگە ئىدى. شېكىسپىرنىڭ دۇئومو چېركاۋىدىن تارتىپ بايروننىڭ مەسچىتىگە قەدەر سان ـ ساناقسىز كىچىك قوڭغۇراقخانىلار مۇشۇ تەپەككۇرنىڭ پايتەختىدە بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەندىكى قەۋىتىگە ئىنسانلارنىڭ بىناكارلىق سەنئىتى ئەزەلدىن خاتىرىلىمىگەن ئۆتمۈشكە ئائىت شەجەرىلەر يېزىلغانىدى. كىرىش ئېغىزىنىڭ سول تەرىپى ئادەملەر ئاق مەرمەرنى پاتۇرۇپ ئىشلىگەن گۈمبىزنىڭ قاپارتما ھەيكىلى بولۇپ، ئۇڭ تەرەپتە ھەر خىل يېزىق بىلەن يېزىلغان «تەۋرات» كۆزگە چېلىقاتتى. يەنە ئازراق ماڭغاندا، ھۆرپىيىپ تۇرغان يەتتە يىلاننىڭ قورشاۋىدىكى «ئوتىللو»نى ۋە باشقا غەلىتە مەخلۇقلارنى ئالايلۇق، «ۋېدا» ① بىلەن «نىبېلونگىن ناخشىسى»نى كۆرگىلى بولاتتى. مۇشۇنداق بولغىنىغا قارىماي، بۇ خاسىيەتلىك قۇرۇلۇش ئوڭايلىقچە تاماملانمايدىغاندەك ئىدى. مەتبەئە ماشىنىسى ئەقىل ـ پاراسەت ئۇرۇقىنى ئىشلەشتىن توختاپ دېمەيتتى. ئۆزىنىڭ ئايۋان ـ سارايلىرىنى ياساپ چىقىش ئۈچۈن يېڭىدىن ـ يېڭى ماتېرىياللارنى پۈركۈپ چىقىراتتى.

---

① «ۋېدا» — ھىندىستاندىكى ئەڭ قەدىمىي دىنىي ۋەسىقىلەر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

پۈتكۈل ئىنسانىيەت تاختىپەر ئۈستىدە ئاۋارە بولاتتى. قورسىقىدا ئازراق ئۈمىچى بار ھەربىر ئادەم تامچى ئۈستاملارىدىن ئىدى. ئەڭ چاكىنا، تۇتۇرۇقسىز ئادەممۇ بۇ بىنانىڭ بوش جايلىرىنى تولدۇرۇشقا، ئۇنىڭغا بىرەر پارچە تاش قويۇشقا تىرىشاتتى. ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بىر قەۋەت تاش قوشۇلاتتى. يازغۇچىلارنىڭ ئۆزى مۇستەقىل ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىدىن باشقا، كوللېكتىپ رەۋىشتە يېزىلغان ئەسەرلەر نەشىردىن چىقاتتى. 18 ـ ئەسىردىكى قامۇس، بۈيۈك ئىنقىلابتىكى «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» مۇشۇ تەرىقىدە روياپقا چىققانىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئۈزۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان، زورىيىدىغان، ئايلىنىپ ئۆرلەيدىغان ئىنشائات ئىدى. ھەر خىل تىل بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچرىشاتتى، ھەر خىل پائالىيەت بىردەممۇ تىنىم تاپمايتتى، ھەر خىل ئەمگەكنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، پۈتكۈل ئىنسان ئۆزئارا ھەمكارلىشاتتى. بۇ يەر شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى يېڭى بالا ـ قازادىن ۋە ياۋايى قىلمىشلاردىن پاناھلىنالايدىغان ماكان ئىدى. بۇ يەر ئىنسانلار ئۈچۈن ئىككىنچى بابىل مۇنارى ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

## 1. قەدىمكى دەۋر ئەدلىيە ساھەسىگە ئادىل باھا بېرىش كېرەك

1482 ـ يىلى روبېرت دېستوتىۋېلىنىڭ بېشىغا ئامەت قۇشى قوندى. شۇ يىلى ئۇ ھەم چەۋەنداز، ھەم بېئىندىكى يەرلىك ئاقسۆڭەك، مانچې ئۆلكىسىگە قاراشلىق دىلۇرى بىلەن سايىنت ئاندىرىيدىكى سۈيۈرغاللىق يەرگە بارون، يەنە تېخى پادىشاھنىڭ مەسلىھەتچىسى، ياساۋۇللار باشلىقى ۋە پارىژنىڭ گۇبېرناتورى بولدى. ئەلۋەتتە، پارىژنىڭ گۇبېرناتورلۇقىدىن ئىبارەت نەپ تېگىدىغان بۇ ئەمەلگە، ئۇ يۇقىرىدىن چۈشكەن يارلىق بويىچە تەخمىنەن ئون يەتتە يىل ئىلگىرى، يەنى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ① كۆرۈنگەن 1456 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىلا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئۇبدانلا مەسئۇلىيىتى بار بۇ ئەمەل ئۇنىڭغا بەئەينى سۈيۈرغال قىلىنغان يەرگە ئىگە بولغاندەكلا ئىش ۋە ياكى ژان لوئىمنوس ئېيتقاندەك «جەمئىيەت ئامانلىقىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۆزىنى كۆرسەتكىلى بولىدىغان، بىر تالاي ئىمتىيازغا ئىگە مۇھىم ۋەزىپە» ئىدى. بىرەر مۆتىۋەرنىڭ پادىشاھنىڭ ئىشەنچىگە نائىل بولۇشى 1482 ـ يىللىرىدىكىدەك چاغلاردا ئىنتايىن قالتىس ئىش ھېسابلىناتتى. ئۇنى ئاز دەپ، پادىشاھنىڭ يارلىقىدا ئۇنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۆھلىتى لۇئى XI

① قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز — ھاللىي قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزى كۆرۈنگەن چاغدا، پاپا گالىست (بولىيانىڭ تاغىسى) ئومۇمىيۈزلۈك دۇئا ـ تىلاۋەتكە بۇيرۇق چۈشۈرگەنىدى. بۇ يۇلتۇز 1835 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم كۆرۈندى. (ئاپتورنىڭ ئىزاھاتى)

نىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان قىزى بىلەن بوربوننىڭ هارامدىن بولغان ئوغلى توي قىلغان كۈندىن ئېتىبارەن كۆچكە ئىگە بولدى. روبېرت دېستوتىۋېل ياكوئىس دىۋىللېرنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ پارىژنىڭ گۇبېرناتورلۇقىغا تەيىنلەنگەن كۈنى ژان داۋىت هالى دىدورىتىنىڭ ئورنىغا پارلامېنت باشلىقى بولدى. ژان يوۋىنىل دىسئورسىن پېررې دىمورۋىللېرنىڭ ئورنىغا ئۆتۈپ، فىرانسىيەنىڭ ئەدلىيە ۋەزىرى بولدى. رىگناۋول دېس دورمان پېررې پوينى چەتكە چىقىرىپ، پادىشاھ ئوردىسىدا تەپتىش بولدى. ئومۇمەن، روبېرت دېستوتىۋېل پارىژنىڭ گۇبېرناتورلۇقىنى زىممىسىگە ئالغان كۈندىن باشلاپ، كاتتىباشلار، سودىيەلەر، ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىملار ئۇياقتىن - بۇياققا موكىدەك ئۆتۈپ تۇردى، بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ ئورنى ئالماشتى. لېكىن، روبېرت دېستوتىۋېل يارلىقتىكى «داۋاملىق ئىشلىسە بولىۋېرىدۇ» دېگەن بۇيرۇققا ئاساسەن، قولىدىكى ئەمەلگە كانىدەك چاپلىشىۋېلىپ، ئۇنى بىردەمگىمۇ بوش قويۇۋەتمىدى. قىسقىسى، ئەمەلنىڭ ئىچىگە بولۇشچە چۆكۈپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇپ كەتتى. شۇڭا، لۇئى XI نىڭ ئەسەبىيلەرچە ئادەم يۆتكەيدىغان سۈيىقەستىدىنمۇ ئامان قالدى.

لۇئى XI تۇغما ھەسەتخور، قورسىقىدا چايان قاترايدىغان، كۆزى كىچىك ۋە ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل ئادەم ئىدى. ئازراقلا بىكار بولۇپ قالسا، هوقۇقىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن، پۈتكۈل ۋاقتىنى ئەمەلدار تەيىنلەش ياكى ئۇلارنى قالدۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. مۇشۇ كاۋاكتىن پايدىلاندىمىكىنتاڭ، باتۇر چەۋەنداز ياكوئىس دېستوتىۋېل ئۆزىنىڭ ئەمىلىگە ئوغلى ۋارىسلىق قىلسا بولىۋېرىدىغان ئالاھىدە رۇخسەتنى قولىغا كەلتۈرۈۋالدى. ئىككى يىل بۇرۇن، پارىژ مەھكىمىسىنىڭ هۆججەتلىرىگە ئىسمى چۈشتى. شاھانە ھىممەتلەرنىڭ بۇ تەرىقىدە بولۇپ كېتىشى ئاز ئۇچرايدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھۋال ئىدى ! دەرۋەقە، ياكوئىس دېستوتىۋېل بىر زامانلاردا لاياقەتلىك جەڭچى ئىدى. ئادالەت بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «جامائەت پاراۋانلىق ئىتتىپاقى»غا قارشى چىققانىدى. 1400 ـ يىلى خانىش پارىژغا قەدەم تەشرىپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا ئىپار پۈرايدىغان بوغا تەقدىم قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئوردا چەۋەندازلىرىنىڭ باش نازارەتچىسى تىرىستىئان ئىمرىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ئىنتايىن قويۇق ئىدى.

روبېرت جانابلىرىنىڭ كۆڭلى كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قولىدىن پۇل كەم بولمايتتى. ئالايلۇق، گۇبېرناتور بىۋاستە بېجىرىدىغان دەۋا ئىشلار دېلوسى بىلەن جىنايى ئىشلار دېلوسىنى ئەنگە ئېلىشتىن كېلىدىغان كىرىم خۇددى تىزىپ قويغان مارجاندەك ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىۋېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە چاتېلې سوتخانىسىدىكى دەۋا ئىشلار دېلوسى بىلەن جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن كېلىدىغان پۇل، مانتېس كۆۋرۈكى بىلەن كورېيىل كۆۋرۈكىدىكى يايمىچىلاردىن يىغىۋالىدىغان بىرمۇنچە ئۇششاق ـ چۈششەك باج، پارىژدىكى تېخنىكومدىن تاپىدىغان تېخنىكا پۇلى، گۇۋاھنامە پۇلى، تۇز جىڭلاش پۇلى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. چەۋەندازلارغا قوشۇلۇپ چارلاشقا چىققاندا ئۆزىنىڭ جەسۇر قامىتىنى كۆز ـ كۆز قىلىشتىن، ئالىيېشىل كىيىنىۋالغان شەھەر ئەمەلدارلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكەندە ئۇچىسىدىكى شىنېلىنى داملىتىشتىن تاپقان خۇشاللىق بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. نورماندىيەدىكى ۋالمون موناستىرى ئالدىغا قوپۇرۇلغان قەبرىلەردىكى ئويما نەقىشلەردىن ئۇنىڭ ھېلىقى شىنېلىنى ھېلىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە چاتېلې سوتخانىسىدىكى ئون ئىككى ئىجرائىيە ئەمەلدارىنى، دېلو بېجىرىدىغان ئىككى نەپەر ياردەمچى خادىمنى ۋە تۈرمىدىكى مۇھاپىزەتچىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ھۆجرا ئۆيلەر بىلەن كۆزىتىش مۇنارى، ئون ئالتە بۆلۈمدىكى ئون ئالتە نەپەر ھەيئەت ئەزاسى، تۆت جايدىكى سۇيۇرغاللىق يەرنىڭ ئىجرائىيە

ئەمەلدارلىرى، بىر يۈز يىگىرمە نەپەر ئاتلىق ئەسكەر، كىچىلىك چارلاش ئەترىتى، ئۆزى قوماندانلىق قىلىدىغان شۆبە چەۋەندازلار ئەترىتى، ئالدىنقى مۇھاپىزەتچى قىسىم، ئارقا مۇھاپىزەتچى قىسىمنى ئۇنىڭ قولىدا؛ باشلانغۇچ سوت بىلەن يۇقىرى سوتنىڭ ھوقۇقى ئۆز ئىلكىدە؛ ئۇنىڭ يەنە سازايى قىلىش، دارغا ئېسىش، سۆرەپ جازالاش ھوقۇقى بار؛ ئۇ يەنە پارىژدىكى ۋىكونتلارنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەر بىلەن ئۇلارغا قاراشلىق يەتتە ئورۇندىكى سۇيۇرغال قىلىنغان يەرنىڭ ئەڭ ئالىي ئەدلىيە ھوقۇقىنىمۇ چاڭگىلىغا ئېلىۋالغان. روبېرت دېستوتىۋېل ھەر كۈنى چاتېلې سوتخانىسى بىلەن فىلىپ ئاۋگۇستىنىڭ يۇمىلاق ئەگمىسىدە ئولتۇرۇپ ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆرەڭلىك بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولامدۇ؟ ئۇ ھەر كۈنى كەچتە، ئادىتى بويىچە ئوردىغا يېقىن جايدىكى گالىلى كوچىسىغا جايلاشقان قورۇسىغا بېرىپ دەم ئالىدۇ. قولىدا تېيىنىنىڭ سۇنۇقى يوق قانداقتۇر بىر نامراتنى تۇرمە كامېرىغا ماڭدۇرۇپ بولۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ.

روبېرت دېستوتىۋېل پارىژ گۇبېرناتورلۇقى بىلەن ۋىكونتنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى ئاز كەلگەندەك، پادىشاھنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغىمۇ چات كىرەلەيتتى. تۆتنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭ قولىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلەتتى. كىنەز نىمۇرسىنى ساينت ئانتونىدىكى باستىلىيە تۇرمىسىدىن ئاچىقىپ كۆكتات بازىرىدىكى جازا سوپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن، مارشال ساينت پولنى گرېفتىكى جازا سۇپىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن دەل مۇشۇ كىشى ئىدى. ساينت پول جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلغاندا جان ـ جەھلى بىلەن ۋارقىراپ، گۇبېرناتورنى خوش قىلىۋەتكەنىدى. بۇ يەردىكى سەۋەب ئىككىيلەن پەقەت چىقىشالمايتتى.

مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئالەمشۇمۇل بەخت ئاتا قىلدى، ئۇنىڭ نامىنى تونۇتتى. ئادەملەر كېيىنكى مەلۇم

كۆنلەردە پارىژ گۆبېرناتورى ھەققىدە يېزىلغان تەرجىمىھالنىڭ باش بېتىدىن ئۆدار دىۋىللىنوپىنىڭ بايىلا قاسساپلار كوچىسىدىكى بىر ئۆيدە بولغانلىقى، گۇئىللائۇم دىگانخىستىنىڭ ساۋۇدىكى قورۇ ـ جايىنى سېتىۋالغانلىقى، گۇئىللائۇم تىبىسىنىڭ كلوپىن كوچىسىدىكى بىرنەچچە ئۆيىنى ساينت ژېنېۋيېۋى چېركاۋىدىكى مۆخلىسلارغا تەقدىم قىلغانلىقى، ھۇگوس ئابۇرېئوتنىڭ ھېلىلا پورىي ـ ئېپىك سارىيىدا بولغانلىقى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى كۆرەلەيدۇ دېسە ھەرگىز ئارتۇق كەلمەيتتى.

روبېرت دېستوتىۋىل ئەركىن ـ ئازادە ياشاشقا پۇتۇنلەي ھەقلىق بولغىنىغا قارىماي، 1482 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقاندا، ئۆزىنى ناھايىتى ئوسال ھېس قىلدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ نېمىشقا مۇشۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنى پەقەت بىلەلمىدى. ھاۋا تۇتۇق بولغانلىقى ئۈچۈنمىدۇ؟ ياكى بولمىسا مونتلېرىدىكى كونا بەلباغ بىلىنى بەك چىڭ قىسىۋەتكىنى ئۈچۈنمىدۇ؟ ياكى ئۇ رەتسىز كىيىنگەن، كۆڭلەك كىيمەيلا ئۈچىسىغا پەلتو يېپىنىۋالغان، شىلەپىلىرىنىڭ چوققىسى ئوچۇق، بېلىگە تىلەمچىلىك خالتىسى بىلەن سۇدان ئېسىۋالغان بىر توپ بىكار تەلەپىنىڭ تۆتتىن قاتار بولۇپ دېرىزىسى يېنىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانلىقى تۈپەيلى شۇنداق بولۇپ قالغانمىدۇ؟ ۋە ياكى پات ئارىدا تەختكە ئولتۇرىدىغان چارلىز Ⅷ نىڭ كېلەر يىلدىن ئېتىبارەن گۆبېرناتورنىڭ مائاشىدىن ئۈچ يۈز يەتمىش لىۋر تۇتۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغانلىقى ئۈچۈنمىدۇ؟ ئوقۇرمەنلەرنىڭ قانداق پەرەز قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئۇنىڭ مۇنداق پاراكەندە بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشى كۆڭلىنىڭ ئارامى بۇزۇلغانلىقىدىن ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دەل بايرامنىڭ ئىككىنچى كۈنى، يەنە كېلىپ ئادەملەر ھېرىپ ـ چارچاپ جاق تويغان كۈن ئىدى. بولۇپمۇ گۆبېرناتور ئالىيلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇ شۇ كۈنى

پارىژ كوچىلىرىنى توشتۇرۇۋاتقان ھەممە ئەخلەتنى، جۈملىدىن جىمىكى ئىجتىمائىي ئەخلەتنى پاك ــ پاكىز ئادالاشقا مەسئۇل بولمىسا بولمايتتى. ئادەمنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ ئۇچۇرىدىغىنى، شۇ كۈنى ئۇنىڭ چاتېلىي سوت كوللېگىيەسىدىكى سوتقا قاتنىشىشى لازىم ئىدى. بىزگە شۇنىسى مەلۇم ئىدىكى، سوتچىلار پادىشاھنىڭ، قانۇننىڭ ۋە سوتنىڭ چاپىنىدا تەرلەپ، نەس باسقان بىرەرنى تېپىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن، سوتنى ئۆزلىرىنىڭ كۆڭلى تازا پاراكەندە بولغان كۈنگە توغرىلاشقا ئامراق ئىدى.

سوت ئۇنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرمايلا باشلانغانىدى. ئادەت بويىچە بۇ ئىشنى دەۋا ئىشلار، جىنايى ئىشلار ۋە پەۋقۇلئاددە سوتنىڭ ياردەمچى خادىملىرى بىر ياقلىق قىلسا بولىۋېرەتتى. نەچچە ئونلىغان ئەر ــ ئايال شەھەر ئاھالىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن باشلاپ چاتېلىي سوت كوللېگىيەسىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا قىستىلىشىپ تۇرغانىدى. ئۇلار دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان رېشاتكا بىلەن يەنە بىر تامنىڭ ئارىلىقىغا قىستىلىپ، چاتېلىي سوت كوللېگىيەسىدىكى تەرگەۋچى فىلورېئان باربىدېننىڭ دېلو بېجىرىشكە قولاق سېلىشقا تەييارلانغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ دېلونى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى تايىنلىق بولغاچقا، ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ، بىر ئوبدان سوتنى ئويۇن قويۇۋاتقاندەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى ــ دە، ئاڭلاپ تۇرغانلارنى خۇش قىلىۋەتتى.

ھەم پەس، ھەم كىچىك ئەگمە تورۇسلۇق يۇمىلاق سوتخانىنىڭ نېرى يېقىغا ماگنولىيەگۈلى ئويۇلغان شىرەنىڭ كەينىدىكى دۇب ياغىچىدىن ياسالغان ئويما گۈللۈك، ئايلانما تۈتقۇچلۇق ئورۇندۇق گۇبېرناتورنىڭ ئورنى ئىدى. سول تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا تەرگەۋچى فىلورېئان ئولتۇراتتى. جامائەتنىڭ قارشىسىدىكى تۆۋەنرەك جايدا خاتىرە يازىدىغان پۈتۈكچىلەر ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە ئىدى. گۇبېرناتورنىڭ مۇھاپىزەت ئەترىتىدىكى ئۈچىسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىرىپىست بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن بېغىر رەڭ ماموق كىيىملەرنى كىيگەن مۇھاپىزەتچىلەر ئىشىكنىڭ ۋە شىرەنىڭ ئالدىدا ئىدى. قوبۇلخانىدىكى قىزىل بىلەن ھاۋا رەڭ ئارىلاش كۆرۈمسىز تىۋىت رەختتىن كالتا پەلتو كىيگەن ئىككى مۇھاپىزەتچى چىلىڭ تاقالغان دەرۋازىنىڭ ئالدىدا پوستتا تۇرغان بولۇپ، ئۇ يەردىن شىرەنىڭ كەينىدىكى سوتخانىنى خېلى بىر يەرگىچە ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. قېلىن تامدىكى پاتۇرۇپ قويغاندەكلا بىلىنىدىغان ئەگمە دېرىزىدىن سىرغىپ كىرىۋاتقان ئاجىز قۇياش نۇرى تولىمۇ سەت، تولىمۇ غەلىتە ئىككى چىرايىنىڭ ئۈستىدە جىمىرلايتتى. ئۇنىڭ بىرى زىننەت ئورنىدا ئەگمە تورۇستىكى تاشقا ئويۇپ ساڭگىلىتىپ قويۇلغان ئىبلىسنىڭ رەسىمى بولۇپ، يەنە بىرى سوتخانىنىڭ نېرى يېقىدىكى ھېلىقى ماگنولىيەگۈلى ئويۇلغان شىرە ئالدىدا ئولتۇرغان سوتچى ئىدى.

سىلەر چاتېلې سوتخانىسىدىكى تەرگەۋ ئەمەلدارى فىلورېئان بارىبدېن جانابلىرىنىڭ چىراي شەكلىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار! ئۇ گۇبېرناتور ئۈچۈن تەييارلانغان شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان بولۇپ، شىرەنىڭ ئۈستىگە ئىككى دۆۋە دېلو ماتېرىيالى تاشلاقلىق تۇراتتى. فىلورېئاننىڭ ئىككى جەينىكى شىرەگە تىرەلگەن، بىر پۇتى سۆرۈلۈپ تۇرىدىغان جىگەر رەڭ تونىنىڭ ئارقا پېشىگە دەسسەكلىك، يۈزى ئاپپاق قوي تېرىسى تۇتۇلغان ياقىسىنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. چىلىڭ يىمىرىلگەن قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزى تىنىمسىز چىمچىقلايتتى. ئىككى قوۋۇزىدىكى ساڭگىلاپ تۇرغان گۆش ئېڭىكىنىڭ تېگىدە بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەندەك ئىدى.

مەزكۇر تەرگەۋچى گاس ئىدى. بۇ ھەرقانداق بىر تەرگەۋ ئەمەلدارى ئۈچۈن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان يېتەرسىزلىك ھېسابلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە فىلورېئان جانابلىرى چىقارغان ھۆكۈمگە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە بولمايتتى. ئۇ ھەرقانداق دېلوغا

بەك جايىدا ھۆكۈم چىقىرالايتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، تەرگەۋ ئەمەلدارى جاۋابكارنىڭ سۆزىگە ئەستايىدىل قۇلاق سېلىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇرۇپ بەرسىلا بولاتتى. بۇ مۇنتىزىم بىر سوت ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر شەرت ھېسابلىناتتى. تېخىمۇ قاملاشمىغىنى، بۇ تەرگەۋچى يۇقىرىدىكى شەرتكە ئىنتايىن لايىق كېلەتتى. چۈنكى، ھەرقانداق تاراق ـ تۇرۇق ئۇنىڭ دىققىتىنى چاچالمايتتى.

لېكىن، بۇگۈن سوتنى ئاڭلاشقا كەلگەنلەرنىڭ قاتارىدا ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىنى مىت قىلماي كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان بىرەيلەن بار ئىدى. ئۇ بىزنىڭ دوستىمىز تۇگمەنچى ژان فروللو ئىدى. بۇ بىز تۇنۇگۈن تىلغا ئالغان، پارىژنىڭ كوچىلىرىدا كۇنبويى لاغايلاپ يۈرىدىغان، ئوقۇشقا قىلچە رايى يوق ھېلىقى چاتاقچىنىڭ ئۆزى ئىدى.

ــ قاراپ تۇر، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا يېنىدىكى خىرىلداپ كۇلۇۋاتقان ھەمراھى روبىن پوسسىپيانغا، ــ ئاۋۇ بىرى يېڭى شەھەر مەيدانىدىكى تەييارغا ھەييار چىرايلىق قىز يوھانتون بىسسون ئەمەسمۇ؟ روھمەنى شېپى كەلتۇرۇپ قەسەم ئىچىمەنكى، ماۋۇ قېرى ئەبلەخ ئۇنى چوقۇم جىنايەتچى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ؟ بۇ ئەبلەختە قۇلاقمۇ يوق، كۆزمۇ يوق دېگىنە! ئىككى تىزىق مەرۋايىتنى ئېسىۋېلىپ، بىرمۇنچە جەرىمانە قويۇۋەتتىغۇ، نېمىدېگەن رەھىمسىز! ئاۋۇ كىم بولدى؟ روبىن چېفدىۋېلغۇ! ھۈنەرۋەن ئىشچىلارغا ئۇستام بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلامدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ سورۇنغا كىرىش راسخوتى بولۇپ يۈرمىسۇن يەنە! ھەي، قارىغىنا ئاۋۇ ئىككى نەپەر قاراقچى مۆتىۋەرگە، بىرى ئايگىلىت دېسونىس، يەنە بىرى ھۇتىن دېمائىل! ئىككى نەپەر قالىقانچى چەۋەنداز! ئاھ، خۇدا! ئۇلار قىمار ئوينىغان بولغىيمىدى؟ بىزنىڭ مەكتەپ مۇدىرىنى مۇشۇ يەردە كۆرگەن بولسام ئوبدان بولاتتى ـ دە! ئۇ پادىشاھقا يۈز لىۋرنى شۇڭغۇتۇۋەتكەنمىش! فىلورېئان گاس ئادەملەردەكلا ئىچى

www.uyghurkitap.com

يامانلىق قىلىۋاتىدۇغۇ؟ نىمە قىلسا قىلمامدۇ ! ئەگەر جەرىمانە قويۇپلا مېنى قىماردىن توسقىلى بولىدىغان بولسا، ئاكامنىڭ قېشىغا بېرىپ ياردەمچى ئېپىسكوپ بولسام بولغۇدەك ! مېنى شۇنىڭغا چىن پۈتىدۇ دەمسەن؟ قىمار دېگەننى كېچە ـ كۈندۈز ئويناپ، تىرىلسەممۇ قىماردا تىرىلىپ، ئۆلسەممۇ قىماردا ئۆلۈپ، قاق سەنەم بولۇپ كەتكۈچە ئوينايمىنا ! ئاھ، تەڭرىم ! نېمانچە كۆپ قىزلار بۇ؟ قوينىڭ قوزىسىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتار بولۇپ كىرگىلى تۇردىغۇ ! ئامبروسى لىكوئىر ! ئىسابىيولا پاينىت ! بېراردى گىرۇنىن ! بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى ماڭا تونۇش. خۇدا ئۆزۈڭ گۇۋاھ بول ! جەرىمانە ! يەنە جەرىمانە ! تاپتىن چىقىپ كەتكەن بۇ جىنلارغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بەلباغلارنى باغلاپ كېلىشنى كىم قويۇپتۇ ! ئون سو جەرىمانە ! قېرى سوتچىنىڭ ئەپتىگە قارىغىنا ھەم گاس، ھەم دۆت ! ھەي، قاپاقباش فىلورىئان ! ئۇ شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، دەۋاگەرلەرنى شۇلۇپ يەيدۇ، قارنى ئېتىلىپ كەتكۈچە يەپ كۆپتەك سەمرىيدۇ، چۆنتىكىنى يوغىنىتىدۇ ! جەرىمانە، دەۋا راسخوتى، باج، زىياننى تۆلىتىش پولى، ئىشكەل پۇلى، تۈرمە پۇلى دېگەنلەر ئۇنىڭغا مىلاد بايرىمىدىكى تورت بىلەن ساينىت ژاننىڭ مېغىزلىق پوشكىلىدەكلا ئىش ! قارىغىنا، ئۇ چوشقىغا ! بولدىلا ! ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان قىزدىن يەنە بىرى كىردىغۇ ! دۇرۇس، تىباۋۇر لاتىباۋۇدقۇ بۇ ! ئۇنى گىلاتىگىن كوچىسىدىن چىقتى دەپ مۇشۇنداق قىلامدۇ؟ ئاۋۇ يىگىت كىم؟ ئوقياچى گېففورى مابۇن، چۈنكى ئۇ خۇداغا تىل تەگكۈزۈپتۇ. لاتىباۋۇدقا جەرىمانە ! گېففورىغا جەرىمانە ! ھەر ئىككىيلەنگە جەرىمانە قويغىنىنى كۆرمەمدىغان، بۇ قېرى پاڭقاشنىڭ ! ئۇ بۇ ئىككى ئىشنى ئۇماچ قىلىۋەتتىغۇ ! ئۇ چوقۇم ئاۋۇ قىزنى خۇداغا تىل تەگكۈزگەن دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ئاۋۇ ئەسكەرنى بولسا شەھۋانىيلىق جىنايىتى بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ. دىققەت قىل، روبىن پوسسىپيان ! ئۇلار بىرىنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ !

ساقچىلار نېمانچە جىق ! كالله‌كىلىشىلا كېتىپتۇغۇ! يۈرۈپتېر ئۈزۈك بار ! ئىت ـ ئېشەكلەرنىڭ ھەممىسى بىراقلا يوپۇرۇلۇپ چىققاندەك ئىش بولۇۋاتامدۇ نېمە؟ ئۇلار يوغانراقتىن بىرنگە يولۇقۇپ قالغان بولسا كېرەك. قاۋاندەكلا بىرى كەلدىغۇ ! راستىنلا يوغان نەرسىدەك قىلىدۇ، روبىن ! ئەجەب تەمبەل نەرسە ئىكەن ! ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، ئۇ بىزنىڭ تونۇگۈنكى شاھزادىمىزغۇ، بىز سايلىغان ئەخمەقلەر پادىشاھى، بىزنىڭ قوڭغۇراق چالغۇچى، يەكچەشمە، دومچەك، ھېلىقى بەتبەشىرە مەخلۇق ! كۋاسىمدو ! ...

ئۇنىڭ دېگىنى دەرھەقىقەت ئىدى.

كېلىۋاتقىنى راستىنلا كۋاسىمدو ئىدى. بىر توپ مۇھاپىزەتچى قولى مەھكەم باغلانغان كۋاسىمدونى شامال ئۆتمىگۇدەك دەرىجىدە ئارىغا ئېلىپ، كېچىلىك چارلاشقا مەسئۇل چەۋەندازنىڭ قوماندانلىقىدا سوتخانىغا يالاپ كىردى. چەۋەنداز ئۇچىسىغا دوبۇلغا كىيگەن، مەيدىسىگە فىرانسىيەنىڭ يوللۇق بەلگىسى، دومبىسىگە پارىژ شەھىرىنىڭ يوللۇق بەلگىسى كەشتىلەنگەنىدى. ھالبۇكى، كۋاسىمدودا سەت چىرايىدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ خۇددى قىل ئۇستىدە تۇرغاندەك مۇنداق جىددىيلىشىپ كېتىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇلار خۇددى بىرنگە ھازا تۇتقان ئادەملەردەك بوشىشىپ كەتكەن، قاپاقلىرى تۇرۇلگەن بولۇپ، زۇۋان سۈرمەي كېلىۋاتاتتى. پەقەت تاسادىپىي يوسۇندا كۋاسىمدونىڭ قولىنى باغلىغان ئارغامچىغا قاراپ قوياتتى، كۆزلىرى ئاچچىقتىن قان قۇيۇلغاندەكلا ئىدى.

كۋاسىمدومۇ ئوخشاشلا نەزەر بىلەن ئەتراپىغا قارىۋالدى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ خۇنى كەتكەنىدى. ئاياللار قوللىرىنى شىلتىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كۈلۈشتى.

تەرگەۋ ئەمەلدارى فىلورىئان پوتوكچىلەرنىڭ قولىدىن كۋاسىمدونى ئەيىبلەيدىغان دېلو ماتېرىياللىرىنى ئېلىپ،

www.uyghurkitap.com

زېھنىنى يىغقان ھالدا ۋاراقلاپ باقتى. كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن خىيالغا چۆمگەندەك بىردەم جىم بولدى. ئۇ ھەر قېتىملىق سوتتىن ئىلگىرى، جىنايەتچىلەرنىڭ ئىسمىنى، كىملىكىنى، سادىر قىلغان جىنايى قىلمىشىنى ئالدىنئالا ئەستە تۇتۇۋېلىش، شۇنداقلا جاۋابكارنىڭ سوراپ قېلىش ئېھتىمالى بولغان سوئاللىرىغا رەددىيە بېرىش ۋە ئۆزىنىڭ گاسلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن خېلىلا زورۇقۇپ باقاتتى. دېلو ماتېرىيالى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەماغا يول باشلايدىغان ئىتنىڭ رولىنى ئوينايتتى. ناۋادا ئۆزىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى كەمتۈكلۈكى ئاشكارا بولۇپ قالسىمۇ، ئالايلۇق بەزى مەسىلىلەرگە جايىدا جاۋاب بېرەلمىسىمۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق ئىدى. بىرلىرى ئۇنى ئۆتۈپ كەتكەن كالۋا بىرنەرسە ئىكەن دېسە، يەنە بىرلىرى ئۇنى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىۋاتىدۇ دەيتتى ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تۈگەيتتى. قانداقلا بولسۇن، سوتچى جانابىنىڭ ئىناۋىتىگە دەخلى يەتمەيتتى. ئۇ سوتچى بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلار ئۇنى قورسىقىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئادەم ياكى ئۆتۈپ كەتكەن دۆت دېسە دەيتتىكى، ھېچكىممۇ ئۇنى سېپى ئۆزىدىن گاس چاغلىمايتتى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇ جامائەت ئالدىدا ئۆزىنىڭ گاسلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ئادەملەرنىڭ پەرەز قىلىدىغىنىدىنمۇ ئوڭاي ئىدى. ھەتتا ئاخىرىغا كەلگەندە، بۇ ئىشنىڭ قانداقلارچە شۇنداق بولغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالاتتى. چۈنكى، ھەرقانداق دوك ئادەم مەيدىسىنى كېرىپ يول مېڭىشقا ئامراق ئىدى. ھەرقانداق گاچا ئادەمنىڭ قۇرۇق گەپنى تولا قىلغۇسى كېلەتتى. ھەرقانداق گاس ئادەم پىچىرلاپ گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇچۇ، ئۇ ناھايىتى كەلسە قولىقىمدا ئازراق چاتاق بار دەپلا قارايتتى. ھالبۇكى، بۇمۇ پەقەت ئۇ تۇۋا قىلىپ گۇناھىنى بويىنغا ئالغاندا ياكى قالپىقىنى ئېلىۋېتىپ ئويلانغاندا جامائەتنىڭ غۇلغۇلىسىغا يول قويۇش يۈزىسىدىنلا قىلىپ قويىدىغان ئىش ئىدى.

ئۇ كۋاسمىدونىڭ دېلوسىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە يادلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى ۋە خالىس ئىش بېجىرىدىغان قىياپىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن غادايغىنىچە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمدى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ھەم گاس، ھەم ئەما سوتچى توققۇزى تەل بولىدىغان سوتچىلاردىكى قوش شەرتنى ئۆزىدە تەلتۆكۈس ھازىرلىغانلار قاتارىغا كىرەلەيتتى. سوتچى دەل مۇشۇ خىلدىكى سۈرلۈك ئەلپازىغا تايىنىپ سوراقنى باشلىۋەتتى.

— ئىسمىڭ؟

بىر گاسنىڭ قاراپ تۇرۇپ يەنە بىر گاسنى سوراق قىلىشى «قانۇن قىياس قىلىپ بولالمايدىغان» غەلىتە بىر ئىش ئىدى.

كۋاسمىدو ئۇنىڭ نېمىلەرنى سوراۋاتقانلىقىنى قىلچە ئاڭلىمىدى. سوتچىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرىۋەردى. سوتچى گاس بولغاچقا، جىنايەتچىنىڭمۇ گاس ئىكەنلىكى خىيالىدىن كەچمىدى. ئۇ كۋاسمىدونى ئابايا سورىغان سوئالغا نورمال دېلو بېجىرىش تەرتىپى بويىچە جاۋاب قايتۇردى دەپ ئويلاپ، خۇددى ئالجىپ قالغان ئادەملەردەك، سوراقنى كونا پەدىسى بويىچە داۋاملاشتۇردى.

— بىلدىم، يېشىڭ؟

كۋاسمىدو بۇ سوئالغىمۇ جاۋاب بەرمىدى. سوتچى ئۇنى ئۆزى سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ بولدى دەپ قاراپ، ئۇنىڭغا يەنە سوئال قويدى.

— كەسپىڭ؟

جاۋابكاردىن يەنىلا سادا چىقمىدى. ئاڭلاۋاتقانلار ئۆزئارا كۇسۇرلىشىپ، تەئەججۇپلەنگەن ھالدا بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

— بولدى، — ئېغىر ـ بېسىق تەرگەۋچى جاۋابكار ھېلىلا سورىغان ئۈچ سوئالغا تولۇق جاۋاب بەردى دېگەن يەرگە كېلىپ، سالماق ھالدا گەپ باشلىدى، — سەن سوتقا ئەيىبلەنگىنىڭ بويىچە، بىرىنچىدىن، كېچىسى كوچىغا چىقىپ، ئامانلىقنى

www.uyghurkitap.com

قالايمىقان قىلدىڭ؛ ئىككىنچىدىن، بىر قىزغا پوخورلۇق قىلدىڭ؛ ئۈچىنچىدىن، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئوقياچىلار ئەترىتى بىلەن قارشىلاشتىڭ. سەن يۇقىرىدىكى قىلمىشلىرىڭنى چوقۇم ئېنىق تاپشۇرۇشۇڭ كېرەك. پۈتۈكچى، جاۋابكارنىڭ ئابايا دېگەنلىرىنى خاتىرىلىدىڭلارمۇ؟

قاملاشمىغان بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پۈتۈكچىلەردىن تارتىپ تىڭشىغۇچىلارغىچە ھەممەيلەن پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى. كۈلكە ئاۋازى شۇنچە قاتتىق، شۇنچە ئەسەبىي، شۇنچە تەسىرلىك بولدىكى، بۇنى ھەتتا ئىككى گاسمۇ ھېس قىلدى. كۋاسىمدو دوك دۈمبىسىنى لىككىدە كۆتۈرۈپ قويۇپ كەينىگە قايرىلدى. فىلورېئانمۇ يۈز بېرىۋاتقان ئىشتىن كۋاسىمدوغا ئوخشاشلا ھەيران بولدى. لېكىن، ئۇ كۋاسىمدونىڭ مۈرىسىنى قىسقان ھەرىكىتىگە قاراپ، ئۇنىڭ بولمىغۇر گەپلىرى، سوئال - سوراقنى مەنسىتمىگەنلىكى ئاڭلاپ تۇرغانلارنىڭ كۈلكىسىگە سەۋەب بولغان دەپ پەرەز قىلدى - دە، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي ئاغزىنى بۇزغىلى تۇردى:

— ئىپلاس! مۇشۇ جاۋابىڭ ئۈچۈنلا سېنى دارغا ئېسىۋەتسە بولغۇدەك! سەن كىم بىلەن تاكاللىشىۋاتقىنىڭنى بىلەمسەن؟

ئۇنىڭ مۇنچىۋالا بوغۇلۇپ كايىپ كېتىشلىرىمۇ ئادەملەرنى كۈلكىدىن توختىتالمىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، سوتچىنىڭ دەۋاتقانلىرى تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرىدىغان گەپلەر ئىدى. ھەتتا قوبۇلخانىدىكى ئەسكەر - ساقچىلارمۇ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇلار قارتىدىكى قاغىنىڭ سالدىتىدەك گومۇش بىرنېمىلەر ئىدى. پەقەت كۋاسىمدولا ئۈندىمەي جىم تۇردى. بۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ سەۋەب، ئۇ ئەتراپىدا سادىر بولۇۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. سوتچى تېخىمۇ قايناپ، قۇيقا چاچلىرى ئۆرە بولدى. ئۇنىڭچە بولغاندا جاۋابكارنى ئۈزۈلدۈرمەي تىللاش، قورقۇتۇش، ئۇنىڭ ئەيمىنىشى ئارقىلىق ئاڭلىغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىش، ئۇلاردىكى سوتچىغا بولغان قايىللىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش لازىم ئىدى.

— دېمەك، سەن ئەبلەخ سوتنى كۆزگە ئىلمىدىڭ، تەپ تارتماستىن چاتىلىپ سوتخانىسىدىكى تەرگەۋ ئەمەلدارىنىڭ چىشىغا تەگدىڭ. پارىژ ساقچى ئىدارىسىنىڭ مەمۇرى باشلىقىنى مەنسىتمىدىڭ! ئۇ دېگەن قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى ۋە جىنايى قىلمىشلارنى تەكشۈرۈشكە، سودا ـ سېتىقنى باشقۇرۇشقا، مەخسۇس سېتىش ھوقۇقىنى چەكلەشكە، ئۆي قۇشلىرى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى يۆتكەپ سېتىشنى توسۇشقا، ياغاچ ـ تاشلارنى ئۆلچەشنى نازارەت قىلىشقا، شەھەر كوچىلىرىدىكى پاتقاقنى ۋە ھاۋادىكى يۇقۇملۇق كېسەللىك تارقىتىدىغان نەرسىلەرنى تازىلاشقا، يوللارنى رېمونت قىلىشقا مەسئۇل ئادەم، ھاردىم ـ تالدىم دېمەي جامائەت پاراۋانلىقى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان، ئەكسىچە تىرناقچىلىك تەمىنات ئالمايدىغان ئادەم! سەن مېنىڭ فىلورېئان باربېدىېن ئىكەنلىكىمنى، گۇبېرناتور جانابلىرىنىڭ خۇسۇسىي ياردەمچىسى، قوشۇمچە ۋالىي، مەمۇرىي مۇپەتتىش، تەكشۈرگۈچى، شۇنداقلا ئەدلىيە، تەپتىش، ئىسكىلاتچى ۋە بىرىنچى قېتىملىق سوتلاش ھوقۇقىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرغان ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلەمسەن؟

بىر گاس يەنە بىر گاسقا توختىماي سۆزلىگەندە، ئۇلارنى توختىتىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا سوتچىنىڭ ئارقىسىدىكى يان ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، پارىژ گۇبېرناتورى زالغا كىرىپ كەلمىگەن بولسا، فىلورېئاننىڭ يەنە قاچانغىچە كاپشىيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ سۆزلەپ قەيەرگە كەلگەندە ئاندىن ئۆزىنىڭ بىمەنە سەپسەتىلىرىنى تۈگىتىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

فىلورېئان گۇبېرناتور جانابلىرىنىڭ زالغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنچە ھودۇقۇپ كەتمىدى. ئەكسىچە تېخى بايىلا كۆاسىمىدوغا ئەزۋەيلىگەن گەپلىرىنى ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— جانابلىرى، — دېدى ئۇ، — مەن سىزدىن سوتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنستىمىگەن بۇ جىنايەتچىگە ئىغىر جازا بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ ئورنىغا قايتتى، پېشانىسىدىن تەپچىرەپ چىققان مونچاقتەك تەرنى ئالدىراپ ـ سالدىراپلا سۈرتتى. ئىقىپ چۈشكەن تەر تامچىلىرى شىرەدىكى تېرە قەغەزنى ھۆل قىلىۋەتكەندى. روبېرت دېستوتۇېل جانابلىرىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. كۋاسىمدوغا تەكەببۇر قىياپەتتە قولىنى شىلتىدى. بۇ گاس بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك ئىدى.

— ئەبلەخ ! — دەپ ۋارقىرىدى گۇبېرناتور تەرىنى بۇزۇپ، — سەن نېمە جىنايىتىڭ ئۈچۈن بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىندىڭ؟

گۇبېرناتور چوقۇم ئالدى بىلەن ئىسمىنى سورايدۇغۇ دەپ ئويلىغان بۇ بايقۇش ئادەتلەنگەن جىمغۇرلۇقىنى بۇزۇپ، خىرىلدىغان ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— كۋاسىمدو.

چەك باسمىغان بۇ جاۋابتىن زالنىڭ ئىچىنى قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى بىر ئالدى. روبېرت جانابلىرىنىڭ يۈزى قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئەبلەخ ! — دەپ تۈۋلىدى ئۇ يەنە بىر قېتىم، — سەن مېنى مەسخىرە قىلىشقا پېتىنىۋاتامسەن؟

— بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى قوڭغۇراق چالغۇچى بولىمەن، — دېدى كۋاسىمدو، ئۇ بۇ سوتچىغا ئۆزىنىڭ كەسپىنى ئىزاھلاپ قويۇش لازىم دېگەن قاراشتا ئىدى.

— قوڭغۇراق چالغۇچى ! — دېدى گۇبېرناتور ئۆز ـ ئۆزىگە، ئۇمۇ بۈگۈن ئەتىگەندە خۇددى بىز باشتا ئەسكەرتكەندەك مىجەزى بۇزۇلۇپ ئورنىدىن تۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە ئىغى بىلەن بېغىنىنىڭ تايىنى يوق بۇ جاۋاب ئۇنىڭغا ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەكتە بولۇۋاتاتتى.

— قوڭغۇراق چالغۇچى ! — دېدى ئۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ، — مەن سېنى سازايى قىلىمەن ! تاسما بىلەن ساۋاپ، يۇلۇنۇڭنى

سۇغۇرۇۋالىمەن! ئەبلەخ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— يېشىمنى بىلگۈڭىز كەلگەن بولسا، ساينت مارتىن بايرىمى يېتىپ كەلگەندە يىگىرمىگە كىرىمەن، — دېدى كۆۋاسىمدو.

ئۇ تولىمۇ ئېشىپ كەتكەندى. گۇبېرناتور ئەمدى چىداپ تۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدى.

— ۋۇي، ئەبلەخ! سەن پېقىر گۇبېرناتورنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ؟ قېنى، كالتەكچىلەر، بۇ كۆكەرمىنى گرىف مەيدانىدىكى جازا سۇپىسىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۆلگۈچە دۇمبالاڭلار، بىر سائەت سازايى قىلىڭلار! خەپ، مەن ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيمەن! بۇيرۇقۇمنى ئاڭلاڭلار، تۆت نەپەر جاكارچى پارىژ ۋىكونتىغا تەۋە يەتتە يەردە مۇشۇ ھۆكۈمنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەممە ئادەمنى خەۋەردار قىلسۇن!

پۈتۈكچىلەر ھۆكۈمنى دەرھال خاتىرىلىدى.

— خۇدانىڭمۇ قارنى بالا ئىككەنغۇ! بۇ ھۆكۈمنىڭ قاملاشقىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى تۇگمەنچى ژان فروللو بىر بۇلۇڭدا غوتۇلداپ.

گۇبېرناتور يېنىغا قايرىلىپ، چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن كۆۋاسىمدوغا ھومايدى.

— مەن بۇ ئۇششۇقنىڭ «خۇدانىڭمۇ قارنى بالا ئىككەنغۇ» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالغاندەك قىلىمەن. پۈتۈكچى، ھۆكۈمنامىگە ئون ئىككى پارىژ دېنىرىس جەرىمانە قويۇلسۇن دېگەن سۆزنى قىستۇرۇپ قوي. ئۇنىڭ يېرىمىنى ساينت ئىئوستاش رايونىدىكى مالىيە كومىتېتىغا ئىئانە قىلىمىز، مەن ساينت ئىئوستاش ئىبادەتخانىسىغا قەۋەتلا چوقۇنىمەن!

قىسقا ھەم ئىخچام يېزىلغان ھۆكۈمنامە ھايال ئۆتمەيلا پۈتتى. ئۇ دەۋردە، پارىژ گۇبېرناتورى بىلەن ۋىكونتنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەردە ئىجرا قىلىنىدىغان ئادەت قانۇنى پارلامېنت باشلىقى تىباۋۇت بايىلىېت بىلەن پادىشاھنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادۋوكاتى روگېر بارمىننىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا سۇنۇلمىغان، بۇ ئىككى قانۇنشۇناس 16 ـ ئەسىردە قوشۇپ قويغان ئوشۇقچە قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇنجۇقۇپ قېلىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭدىكى ماددىلار شۇنچىكى ئېنىق، ئوچۇق، پاكىز ئىدى. ئادەملەر ھۆكۈمنامىنى ئاڭلاپ بولۇپلا، ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن مەنزىلگە شاپاشلاپ يېرىپ، بىر دەمدىلا يولنىڭ بېشىدىكى ئايلانما چىغىرىق، دار، جازالاش سۇپىسى قاتارلىقلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايتتى. ئۇلار ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرىنىڭ نەگە بارسا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

پۇتۇكچى ھۆكۈمنامىنى گۇبېرناتورغا تەڭلىدى. گۇبېرناتور ھۆكۈمنامىگە تامغىسىنى باسقاندىن كېيىن، سوتنى ئاڭلاشقا كەلگەنلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئەلپازىدىن قارىغاندا، پارىژدىكى تۈرمىلەرنىڭ لىققىدە توشۇپ كېتىدىغانلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. ژان فرولو بىلەن روبېن پوسسېپيان بىر ـ بىرىگە قاراپ ئوغرىلىقچە كۈلۈپ قويدى. كۋاسىمدو پەرۋاسىزلىق ۋە ھەيرانلىق ئىلكىدە ئەتراپىغا كۆز يۈگۈرتتى.

فىلورىئان بارىدىن جانابلىرى ھۆكۈمنامىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئىمزا قويىدىغان چاغدا، پۇتۇكچىنىڭ جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان بۇ شور پېشانىغا بىردىنلا ئىچى ئاغرىپ قالدى ـ دە، جازا ئازراق بولسىمۇ قىسقارتىلسا ئەجەب ئەمەس دېگەن نىيەت بىلەن ئاغزىنى تەرگەۋچىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلدى.

— بۇ ئادەم گاس ئىدى، — دېدى ئۇ كۋاسىمدونى ئىما قىلىپ.

«ئۇ دەردمەننىڭ دەردىنى دەردمەن بىلىدۇ» دېگەن گەپ بويىچە فىلورىئاننىڭ ھېسداشلىقى قوزغىلىپ، جىنايەتچىگە ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويار دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن، ئالدى بىلەن بىز باشتىلا گەپ بىر، قۇلاق ئىككى دەپ سەمىڭلارغا سېلىپ قويغاندەك، فىلورىئان ئۆزىنىڭ گاسلىقىنى باشقىلارنىڭ

بايقاپ قىلىشىغا يول قويمايتتى؛ ئىككىنچىدىن، گاسلىنىقىقا كەلگەندە، ئۇ ھەرقانداق گاستىنىمىنۇ بەتتەر گاس بولغاچقا، پۇتۇكچىنىڭ گېپىنى پەقەت ئاڭلىمىدى. لېكىن، ئۇ پۇتۇكچىگە ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئوچۇق ئاڭلىغاندەك قىياپەت بىلەن جاۋاب بەردى.

— ھە ! ھە ! بۇ راستتىنلا ئوخشمايدىغان ئىش. بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق ئىكەن ـ دە. ئۇنداقتا ئۇنى بىر سائەت ئارتۇق سازايى قىلىشقا ھۆكۈم قىلساق بولىدىكەن !

ئۇ شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، بايىلا ئۆزگەرتىلىگەن ھۆكۈمنامىگە ھاپىلا ـ شاپىلا ئىمزا قويۇۋەتتى.

— خوپ بولدى ! — دېدى روبىن پوسسىبىيان كۇۋاسىمىدوغا يان بېسىپ، — ماۋۇ ئەبلەخنى ئەدەپلەپ قويۇش كېرەك ئىدى، كىممۇ ئۇنى مۇنچە ۋەھشىي بولسۇن دەپتۇ !

## 2. چاشقان كامىرى

ئوقۇرمەنلەر بىزنىڭ گرېۋ مەيدانىغا قايتىپ كەلگىنىمىزنى ئەيىبكە بۇيرۇماس، چۈنكى بىز تۈنۈگۈن ئەسمىرالدانىڭ كەينىدىن مېڭىپ، گرېنگورى بىلەن بىللە بۇ يەردىن كېتىپ قالغانىدۇق.

چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئون بولغان ۋاقىت، ھەممە نەرسىدىن بايرامدىن كېيىنكى رەسۋاچىلىقنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يول ئەخلەت ـ چاۋار، يىپەك لېنتا، تىتىلىپ كەتكەن رەخت پارچىلىرى، چۈشۈپ قالغان پەي، مەشئەلدىن تېمىپ چۈشكەن ماي، زىياپەتتىن ئېشىپ قالغان قورۇما، يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تولغانىدى. قىلىدىغان قىلىق تاپالماي لاغايلاپ يۈرگەن شەھەر پۇقرالىرى پۇتلىرى بىلەن گۈلخانىنىڭ كۈلىنى چۇقچىلىماقتا، تۇۋرۇكلۇك قورۇنىڭ ئالدىدا

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى خىيال قىلماقتا. تۇنۇگۇن بۇ ئۆيلەرگە تارتىلغان شۇنچە چىرايلىق پەردىنىڭ ئورنىدا بۇگۈن بىرنەچچە تال مىختىن باشقا نەرسە قالمىغان بولسىمۇ، ئادەملەر يەنىلا پۇخادىن چىقمىغاندەك ئىدى. مېۋە سۈيى بىلەن پىۋا ساتىدىغانلار بوچكىلىرىنى دۇملىتىپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتمەكتە، ھەممەيلەن شۇنچىكى ئالدىراش، سودىگەرلەر دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېيىشمەكتە، بىر ـ بىرىدىن ئەھۋال سورىماقتا ئىدى. ھەممە ئادەم بايرام، ئەلچىلەر، كوپپېنول، ئەخمەقلەر پادىشاھى خۇسۇسىدا گەپ قىلىشماقتا، مۇسابىقىدە كىمنىڭ سۆزى ئەڭ قىزىق بولغانلىقى، كىمنىڭ قانغۇدەك كۈلۈۋالغانلىقى ئۈستىدە گەپ بولماقتا ئىدى. ئاتقا مىنگەن تۆت نەپەر ساقچى كېلىپ، جازا سۇپىسىنىڭ تۆت تەرىپىدە قاراۋۇللۇقتا تۇردى. مەيداندىكى مۇتلەق كۆپ ئادەمنىڭ دىققىتى جازا سۇپىسىغا مەركەزلەشتى. زېرىكىپ ئاران تۇرغان بۇ ئادەملەر بۈگۈن ئىجرا قىلىنىدىغان جازانى تېزرەك كۆرۈۋېلىشقا ئالدىراۋاتقاندەك قىلاتتى.

شۇ ئەسنادا، ئەگەر ئوقۇرمەنلەر مەيداندىكى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنىڭ مەنزىرىنى كۆرۈپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ نەزىرىنى ياندىكى يېرىم گوت ئۇسلۇبى، يېرىم رومانس ئۇسلۇبى بىلەن ياسالغان رولاند مۇنارىغا يۆتكىسە، ئالدى تامنىڭ بۇرجىكىدىكى جامائەت پايدىلىنىدىغان دۇئا رىسالىسىنى كۆرگەن بولاتتى. ئەلۋەتتە، دۇئا رىسالىسى قويۇلغان يەرنىڭ يان تەرىپىگە ئەگمە دېرىزە چىقىرىلغان بولۇپ، كىرىست شەكىللىك ئىككى تۆمۈر رېشاتكا دېرىزىنى توسۇپ تۇراتتى. دېرىزە مەيدان تەرەپكە ئېچىلاتتى. ئىشىك قويۇلمىغان بولغاچقا، بۇ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى پەقەت دېرىزە ئارقىلىقلا ئالماشتۇرغىلى بولاتتى. مەيداندىكى قىيا ـ چىيا قانچە كوچىيگەنسېرى، بۇ ئۆي شۇنچە تىنچ، سۈرلۈك تۇيۇلاتتى.

بۇ ئۆينىڭ ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى پارىژنىڭ يىراق ـ يېقىنغا

داڭقى كەتكەندى، رولاند مۇنارىنىڭ خوجايىنى رولاندې خانىم
ئەھلىسەلىپ يۈرۈشىدە قازا قىلغان دادىسىغا تا ئۆلگۈچە تالا -
تۈزگە چىقماي، بېكىنىپ ئولتۇرۇپ ھازا تۇتۇش ئۈچۈن بۇ ئۆينى
ياساتقانىدى. ئۇ بۇ قورۇدىكى ئۇششاق - چوڭ بىساتىنىڭ
ھەممىسىنى نامراتلارغا سەدىقە قىلىپ ياكى تەڭرىنىڭ يولىغا
ئىئانە قىلىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆزىگە خىش بىلەن
ئېتىۋەتكەن ئىشىك ۋە قىش - ياز ئېچىلمايدىغان دېرىزىدىن
باشقا ھېچ نەرسىنى قالدۇرمىدى. يۈرىكى ھەسرەت - نادامەت
بىلەن زېدە بولۇپ كەتكەن بۇ ئايال يىگىرمە يىلدىن بۇيان
ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان بۇ قەبرىدە ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ
ئولتۇرىۋەردى. كېچە - كۈندۈز دېگۈدەك دادىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ
دۇئا - تىلاۋەت قىلدى. قارا رەڭلىك رەختتىن قارىلىق كىيىپ،
كۈلىنىڭ ئىچىدە ئۇخلىدى، بېشىغا ھەتتا ياستۇق ئورنىدا بىر
پارچە تاشنىمۇ ئىشلەتمىدى. ئۆتكەن - كەچكەنلەر دېرىزىگە
قويۇپ قويغان بولكا بىلەن سۇغا تايىنىپ قورسىقىنى غەملىدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق مال - مۈلكىنى سەدىقە قىلىۋەتكەن
بولغاچقا، باشقىلارنىڭ سەدىقىسىنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇ ئالەمدىن
ئۆتكەندە، يەنى كىشىلەر ئۇنى يەنە بىر قەبرىگە ئۇزىتىپ
ماڭغاندا، ئۇلار بۇ ئۆينىڭ مۇشۇ ئۆيدە ياشاپ ئۆزى ئۈچۈن ياكى
باشقىلار ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلىشنى خالايدىغان، ئۆزىنى
تىرىك پېتى پۈتمەس - تۈگىمەس قايغۇ - ئەلەم ۋە تۇۋا -
ئىستىغپار ئىچىگە كۆمۈشكە رازى بولىدىغان تۇل خوتۇن، قېرى
موماي ياكى قىزلارغا، ئومۇمەن كۆڭلى ئازار يېگەن ئاياللارغا
ئەبەدىيلىك قالدۇرۇلغانلىقى ھەققىدىكى ۋەسىيەتنامىنى كۆردى.
رولاندې خانىم بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان كەمبەغەللەر يىغا -
زار ۋە كۆپتىن - كۆپ ياخشى تىلەكلەر بىلەن ئۇنى يەرلىككە
قويدى. لېكىن، ئۇلارنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى، بۇ پاك ئايال
ھېچقانداق يۆلەنچۈكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن دانىشمەن -
ئەۋلىيالار قاتارىغا تىزىلمىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىكى دىنغا ئۇنچە ئېتىقاد قىلىپ كەتمەيدىغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇممىدىنى تەڭرىگە باغلىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، بۇ ئىشنى رىم پاپاسىغا قارىغاندا جەننەتتە ھەل قىلىش ئوڭايراق ئىدى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملەر رولاندې خانىمنى ئەۋلىيا بىلىپ ياد ئەتتى. ئۇنىڭ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى تەۋەررۇك قىلىپ ساقلىدى. بۇ شەھەرمۇ بۇ ئاقسۆڭەك خان قىزىنىڭ ئارزۇ - ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دېرىزە تەكچىسىگە دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغانلار ئورتاق ئىشلەتسە بولىدىغان، شۇنداقلا يولدىن ئۆتكەنلەر خالىغان ۋاقىتىدا توختاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىغان، بۇ ئارقىلىق بىچارە دۇئاگويلارنىڭ، يەنى رولاندې خانىمنىڭ ماكانىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن خەير - سەدىقە بېرىشنى دۇئا - تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرىدىغان دۇئا رىسالىسىنى قويدى.

مۇنداق قەبرىلەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەرلەردە ئاز ئەمەس ئىدى. ئادەملەر پىيادە ماڭىدىغانلار ئەڭ كۆپ كوچىلاردا، قىستا - قىستاڭ رەستە ياكى شاۋقۇن - سۈرەنلىك بازار مەركەزلىرىدە، ئات - ھارۋىلار ئۆتۈپ تۇرىدىغان جايلاردا بىرەر غار - ئۆڭكۈر، بىرەر قۇدۇق ياكى تېمى قوپۇرۇلغان، رېشاتكا ئورنىتىلغان بىرەر كىچىك ئۆيلەرنى ئۇچرىتىپ قالاتتى. ئۇ يەرلەردە كېچە - كۈندۈز دۇئا - تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئۆزىنى ئايىغى چىقماس مۇسىبەت ۋە چوڭقۇر توۋا - ئىستىغپارغا بەند قىلىۋەتكەن ئادەملەر بولاتتى. بۇ ئاجايىپ مەنزىرە، قورقۇنچلۇق ئۆيلەر بەئەينى ئۆي بىلەن قەبرە، شەھەر - بازارلار بىلەن قەبرىستانلىق ئارىسىدىكى ئۆتكۈنچى ھالقىنىڭ ئۆزى ئىدى. پانىي دۇنيادىن ئايرىلغان، ئۆزىنى ئۆلۈكلەرنىڭ قاتارىغا ھېسابلىۋەتكەن بۇ تىرىك ئادەملەر، قاراڭغۇ كېچىدە ئەڭ ئاخىرقى بىر تامچە مېيىمۇ كۆيۈپ بولغان بۇ چىراغلار، غار -

ئۆڭكۈرلەر ئىچىدە تىترەپ بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلاۋاتقانلار، تاش قۇتىغا قامال بولغان ئارامسىز نەپەس ۋە ئىڭراشلار، ئەبەدىيلىك ھالدا باشقا بىر ئالەمگە يۈزلەنگەن چىرايلار، باشقا بىر ئالەمنىڭ قۇياش نۇرى چاقناۋاتقان جۈپ ـ جۈپ كۆزلەر، زىندانغا مەھكۇم بولغان بەدەن، روھنىڭ بەدەن بىلەن گىرانىت تاش ئىسكەنجىسىدىكى ئازابلىق نىدالىرى، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ خاتىرىمىزنى ئويغىتىدىغان بۇ نەرسىلەرگە شۇ دەۋرنىڭ ئادەملىرى كۆز يۈگۈرتمەي قالمىدى، بىلمىگەنگە سېلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمىدى. لېكىن، ئۇ چاغلاردىكى تەقۋادارلىق ئىدراكى ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنچە نازۇكمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇلار بىرەر دىنىي قىلمىشنىڭ ھەممە تەرىپىنى ئۇنچە تەپسىلىي كۆرۈپ كېتەلمەيتتى. شەيئىلەرگە تومتاق مۇئامىلە قىلاتتى. بىرەر ھەرىكەتكە دەرھال بېرىلەتتى ۋە ئۇنى چوڭ ئىش دەپ بىلەتتى. زورۇر تېپىلغاندا، ئۇنى مۇقەددەس چاغلايتتى ـ يۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېگىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنى تەھلىل قىلمايتتى، ھېسداشلىقمۇ ئىپادىلىمەيتتى. كىمدۇر بىرلىرى بۇ بەختسىز دۇئاگويلارغا ئاز ـ پاز سەدىقە بېرىپ قالاتتى. ئۇنىڭ تىرىك ياكى تىرىك ئەمەسلىكىنى بىلىش مەقسىتىدە دېرىزىدىن مۇنداقلا قاراپ قوياتتى. بىراق، ئۇنىڭ كىملىكىنى، ئۇنىڭ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان مۇشۇ ئەھۋالدا قانچە يىللارنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى بىلمەيلا كېتىپ قالاتتى. بىرەر ناتونۇش ئادەم قوشنا ئۆيدىكىلەردىن ئۆڭكۈردىكى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا، ئۇ ناھايىتى قىسقىلا جاۋاب بېرەتتى. ئەر بولسا، ئۇ چوقۇم راھىب، ئايال بولسا، ئۇ چوقۇم راھىبە بولۇپ چىقاتتى.

ئۇ چاغدىكى ئادەملەر ھەممە ئىشقا مۇشۇنداق مۇئامىلىدە بولاتتى، ئۆزلىرىنى ئەتەي سىرلىق كۆرسەتمەيتتى، پوپاڭ چىقىرىپ مۇبالىغە قىلمايتتى، لوپا ئەينەك ئىشلەتمەيتتى، ھەممە نەرسىگە ئۆزىنىڭ ئاددىي كۆزلىرى بىلەن قارايتتى. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چاغلاردا ماددا بىلەن روھنى كۆزىتىشكە ئىشلىتىدىغان مىكروسكوپ تېخى كەشىپ قىلىنمىغانىدى.

شەھەر مەركىزىدىكى مۇنداق ئىستىقامەتخانىنى خۇددى بىز ئابايا دېگەندەك ھەممىلا يەردە كۆرگىلى بولاتتى. شۇڭا، ئادەملەر ئۇنىڭدىن ھېچقانچە ھەيرانلىق ھېس قىلمايتتى. تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان ۋە تووا ـ ئىستىغپار ئېيتىدىغان مۇنداق كىچىك ئۆي پارىژدا ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئادەم تۇراتتى. دىنىي ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلار بۇ ئۆيلەرنىڭ بىكار تۇرۇشىنى خالىمايتتى، مۇنداق قىلغاندا مۇرىتلارنىڭ قىزغىنلىقى سۇسلاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار تووا ـ ئىستىغپار ئېيتىدىغانلار يوق بولغان ئەھۋالدا ماخاۋ كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنى بولسىمۇ، ئۇ يەرگە جايلاشتۇرۇپ قوياتتى. ئۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆي گرىف مەيدانىدىكىدىن باشقا، مەسۇملار قەبرىستانلىقىدىكى قەبرىلەردىمۇ بولاتتى. يەنە بىرى ئېھتىمال كىلشوندىكى بايلارنىڭ تۇرالغۇسىدا بولسا كېرەك، بۇ تازا ئېسىمدە يوق. رىۋايەتلەردە مۇنداق ئۆيلەرنىڭ يەنىمۇ بارلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ، لېكىن خارابە ئىزلىرىنى تاپماق تەس. ئىنىستىتۇت رايونىدىمۇ بىرى باردەك قىلىدۇ. ساينت ژېنېۋېيۋې تېغىدىكى قۇدۇقنىڭ تېگىدە ھەر كۈنى يەتتە قېتىم تووا ـ ئىستىغپار شېئىرى ئوقۇيدىغان بىر ئادەم ياشىغان دەيدۇ. يوب ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئادەم ئوتتۇرا ئەسىردە ساق ئوتتۇز يىل شېئىر ئوقۇغانىمىش. ئارخېئولوگلار ھېلىمۇ ھەم ئاشۇ «گەپ قىلالايدىغان قۇدۇق»قا كىرىپ، ھېلىقى ئادەم ئېيتقان ناخشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرگۈدەك!

رولاند مۇناردىكى بۇ كىچىك ئۆيدە ئىستىقامەت قىلىدىغان راھىبەلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالمىدى. رولاندي خانىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىرەر ـ ئىككى يىل ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئىش ناھايىتى ئاز يۈز بەردى. بىرمۇنچە قىز ـ ئاياللار بۇ يەرگە

كېلىپ، تا ئۆلۈپ كەتكەنگە قەدەر ئاتا - ئانىسى ئۈچۈن، سۆيۈملۈك كىشىلىرى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كۆز ياش تۆكتى. پارىژلىقلارنىڭ ھەممە نېمىگە قۇشۇق سالغۇسى، ھەتتا ئۆزلىرى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق ئىشلارنىمۇ سۈرۈشتۈرگۈسى كېلىدۇ. ئۇلار راھىبەلەرنىڭ ئىچىدە تۇل خوتۇنلار ئاز ئىدى، دەپ سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرۈشتى.

شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە تامنىڭ ئۈستىگە بىرقۇر لاتىنچە خەت يېزىلىپ، خەت تونۇيدىغان يولۇچىلارغا بۇ ئۆينىڭ دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان ئۆي ئىكەنلىكى ئەسكەرتىلەتتى. ئىشىكنىڭ بېشىغا خەت يېزىلغان تاختاينى مىخلاپ، بۇ قورۇلۇشنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ئىزاھلاپ قويىدىغان ئادەت ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقانىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، فىرانسىيەدە كىشىلەر تورۋىلدىكى يەر ئىگىلىرىنىڭ قورۇ - جايىنىڭ ئىشىكى بېشىدىن «جىم ئولتۇرۇپ ساقلاڭ» دېگەن خەتنى؛ ئېرلاندىيە فورسكويدىكى داچىنىڭ چوقىسىغا چىقىرىلغان يول بەلگىلىرى ئاستىدىن «قۇدرەتلىك قالقان داھىيلارنىڭ نىجاتكارى» دېگەن خەتنى؛ ئەنگلىيەدە گىراف كوپېرنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرىش ئېغىزىدىكى «ئۆزىڭىزنى ئۆيىڭىزگە كەلگەندەك ھېس قىلىڭ» دېگەن خەتنى كۆرەلەيتتى. ئۇ دەۋرلەردە، ھەرقانداق بىر بىنا مەلۇم بىر ئىدىيەدىن خەۋەر بېرەتتى.

رولاند مۇنارىنىڭ تېمىغا ئويۇپلا دېگۈدەك ياسالغان بۇ كىچىك ئۆينىڭ ئىشىكى بولمىغاچقا، كىشىلەر دېرىزىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «دۇئا - تىلاۋەت قىلىڭ» ① دېگەن رومانچە خەتنى يېزىپ قويغانىدى.

لېكىن، ئادەتتىكى پۇقرالار ئەستىن چىقمايدىغان بۇ خەتنىڭ ئۆز ئىچىگە قانداق چوڭقۇر مەنىلەرنى يوشۇرغانلىقىنى

---

① رومانچە يېزىقتىكى TU,ORA نىڭ ئوقۇلۇشى فىرانسۇزچىدىكى «چاشقان كامىرى» دېگەن سۆزگە يېقىن كېلىدۇ.

بىلەلمەيدىغان يەردە ئىدى. ئۇلار ھەتتا ئىمپېراتور لىيوۋدىگ[①] دېگەننى ساينت دېنىس دەرۋازىسى دەپ تەرجىمە قىلىشتىن يانمايتتى. شۇڭا، ئۇلار ھەم قاراڭغۇ، ھەم زەيلەپ كەتكەن بۇ ئۆڭكۈرنى «چاشقان كامىرى» دەپ ئاتىدى. گەرچە بۇ ئاتالغۇ ئەسلىدىكى رومانچە يېزىقتەك سىپايە چىقمىغان بولسىمۇ، لېكىن تېخىمۇ ئەينەن، تېخىمۇ جانلىق بولغاندەك قىلاتتى.

## 3. كۆممىقوناق قوتۇرمىچى ھەققىدە ھېكايە

مۇشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنلەردە، رولاند مۇناردىكى كىچىك ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئادەم بار ئىدى. ناۋادا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلگۈسى كەلگەن بولسا، ئۇنداقتا ماۋۇ ئۇچەيلەننىڭ گېپىگە قۇلاق سالسا كۇپايە. بىز سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى چاشقان كامىرىغا بۇراۋاتقان چاغدا، ئۇلار دەل دەريانى ياقىلاپ مېڭىپ، چاتېلې دەرۋازىسىدىن گرېف مەيدانىغا كېتىپ باراتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىيلەننىڭ پارىژچە كىيىنىشلىرىدىن، نەپىس ئىشلەنگەن ئاق شارپىسى، كاناپ بىلەن يۇڭ ئارىلاش رەختتىن تىكىلگەن ھاۋا رەڭ يوللۇق يوپكىسى، پاچىقى بىلەن پۇتىنىڭ بېغىشىنى چىڭ قىسىپ تۇرغان كەشتىلىك ئاق پايپىقى، تۈز تۈمشۇقلۇق قارا تۇپلىيى، بولۇپمۇ شىلەپىسىدىن ئۇلارنىڭ سودىگەرلەر قاتلىمىدىكى باي ئاياللاردىن، شۇنداقلا دېدەكلەر بىلەن مالايلار «خېنىم» ياكى «خانىم» دەپ ئاتايدىغان ئىككى خىل ئاياللارنىڭ تەۋەسىدىن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلار قوللىرىغا ئۆزۈك

① ئىمپېراتور لۇئى فىرانسىيە پادشاھى لۇئى XIV نى كۆزدە تۇتىدۇ. يەتمىش ئىككى يىل تەختتە ئولتۇرغاچقا، قۇياش پادشاھ دەپ نام ئالغان.

سالمىغان، بويىنغا ئالتۇن كىرىست ئېسىۋالمىغانىدى، لېكىن بۇ ئۇلارنىڭ قولى قىسقىلىقىدىن ئەمەس، بەلكى جەرىمانىدىن قورققانلىقىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يەنە بىر ھەمراھىمۇ ئاساسەن ئوخشاش كىيىنگەنىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ زىبۇ ـ زىننەتلىرىدىن ۋە تەق ـ تۇرقىدىن ياقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بەلباغنى بەلنىڭ ئۈستۈن تەرىپىگىرەك باغلىغانلىقىدىن قارىغاندا، ئۇ پارىژغا ئەمدىلەتىن كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بويىنىدىكى شارپىغا پۈرمە چىقىرىلغان، توپلىيىنىڭ ئۈستىگە بانتىك چىگىلگەن بولۇپ، يوپكىسىنىڭ يولى ئۇزۇنىغا ئەمەس، توغرىسىغا ئىدى. خېلى جىق يەرلىرىدىن ئۇنچە نازاكەتلىك ئەمەستەك قىلاتتى.

ئالدىدىكى ئىككى ئايال پارىژ ئاياللىرىغا خاس سىلىق قەدەم بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ پارىژلىق سالاپىتى بىلەن ماڭماقتا ئىدى. ياقا يۇرتلۇق ئايال سىمىز بىر ئوغۇل بالىنى يېتىلىۋالغان، بالىنىڭ قولىدا بىر پارچە قوتۇرماچ بار ئىدى.

تولىمۇ ئەپسۇس، شۇنى ئىزاھلاپ قويۇش كېرەككى، ھاۋا سوغۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، بالا ئاغزىنى قول ياغلىق بىلەن ئېتىۋالغانىدى. ئۇ ھەدېسىلا كەينىدە قالاتتى. خۇددى ۋېرگىل ① ئېيتقاندەك «ئىككى يېقىغا لىڭشىپ قەدەم ئالاتتى»، ئۇنىڭ ئۈستىگە تولا يىقىلىپ، ئانىسىنى بىئارام قىلاتتى. بالىنىڭ كۆزى قولىدىكى قوتۇرماچتا بولغاچقا، ياپىلاق تاش يېيىتىلغان يول بىلەن قىلچە كارى يوق ئىدى. قولىدىكى قوتۇرماچنى يېمەيدىغانغا بىرەر سەۋەب بارمىكىنتاڭ، قوتۇرماچقا مۇلايىملىق بىلەن قاراپ قويۇپلا بولدى قىلاتتى.

راستىنى ئېيتقاندا، ئانىسى ئۇنىڭ قولىدىكى قوتۇرماچنى ئېلىۋالسىمۇ بولىۋېرەتتى. بالىنى مۇنچىۋالا قىيناپ تانتالۇس②

---

① ۋېرگىل (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 70 ـــ 19 ـ يىللار) ـــ قەدىمكى رىم شائىرى.

② تانتالۇس ـــ زېۋسنىڭ ئوغلى. قەدىمكى لىدىيە پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى. باشقا ئىلاھلارنىڭ چىشىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن دوزاخقا بەند قىلىنغان ۋە مەڭگۈ ئازاب چېكىشكە ھۆكۈم قىلىنغان.

www.uyghurkitap.com

تەك قىلىپ قويۇش، تولىمۇ رەھىمسىزلىك ئىدى.

ئۈچ نەپەر خېنىم (خانىم دېگەن سۆزنى پەقەت ئاقسۆڭەكلەرگىلا قوللانغىلى بولاتتى) ماشىنىغا پاراڭغا چۈشتى.

ئۈچەيلەننىڭ ئىچىدىن يېشى ئەڭ كىچىك، ئەڭ سۆلەتلىك، ياقا يۇرتلۇق ھېلىقى ئايال ئالدى بىلەن گەپ باشلىدى.

— كەچ قالمىغىيدۇق، چاتىلىپ دەرۋازىسىدىكى چاغدىلا ئۇنى جازا سۈپىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ دەپ ئاڭلىغۇدىم.

— ۋوي ! ئۇدادىپ مۇسىنېر خېنىم، نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟ — دېدى پارىژلىق يەنە بىر ئايال، — ئۇنى جازا سۈپىسىدا ساق ئىككى سائەت سازايى قىلىدۇ دەڭە ! بىز ئۇلگۈرۈپ بارالايمىز. سۆيۈملۈك ماھېت، سىز جازا سۈپىسىنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرگەن، — دېدى ياقا يۇرتلۇق ئايال، — رېيمىس① تا كۆرگەن.

— بولدىلا ! سىلەرنىڭ رېيمىستىكى جازا سۈپىسى قانچىلىك بولماقچىدى؟ سەھرالىقنى سولاپ قويىدىغان چۈۋۈق قەپەسنى جازا سۈپىسى دېگىلى بولاتتىمۇ؟

— سەھرالىق ! — دېدى ماھېت، — بىز رېيمىستىكى يىپەك سودا سارىيىنىڭ جازا سۈپىسىدا خېلى يۈز ـ ئابرۇيلۇق جىنايەتچىلەرنى كۆرگەن. تەپ تارتمايلا ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن جىنايەتچى دەڭە، تېخى! سەھرالىق ئىمىش ! سىز بىزنى كىم چاغلاۋاتىسىز، گېرىۋايىس؟

ياقا يۇرتلۇق ئايال ئۆز يۇرتىدىكى جازا سۈپىسىنىڭ نامىنى قوغداش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تەلىيىگە ئۇدادىپ مۇسىنېر گەپنى باشقا ياققا بۇراۋەتتى.

— مۇنداقلا سوراپ باقاي، ماھېت خېنىم، سىزنىڭچە بىزنىڭ فلاندىرلىق ئەلچىلەر قانداقراق؟ سىلەرنىڭ رېيمىستىكى ئەلچىلەرمۇ ئۇلاردەك داڭلىقمۇ؟

---

① رېيمىس — فىرانسىيەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەرنىڭ نامى.

— مەن قايىل، — جاۋاب بەردى ماھىت، — مۇنداق داڭلىق فلاندىرلىقلارنى پەقەت پارىژدىلا كۆرگىلى بولىدىكەن.
— سىز ئەلچىلەرنىڭ قاتارىدىكى ھېلىقى سىمىز پايپاق سودىگىرىنى كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇداردىي.
— كۆردۇم، — دېدى ماھىت، — ئۇ پانىي ئالەمگە چۈشكەن ساتۇرن ① نىڭ ئۆزىلا ئىكەن.
— يەنە بىر بودەكنىچۇ؟ يۈزى قىرىنىغىلا ئوخشايدىغان؟ — دەپ سورىدى گىرۋايس، — يەنە ھېلىقى پاكىنەك، پىت كۆز، قىزىل قاپاق، چاڭگا ساقالىنىچۇ؟
— ئۇلارنىڭ مىنىۋالغان ئاتلىرى قالتىس ئىكەن ! — دېدى ئۇداردىي، — ھەممىسى فلاندىرلىقلارنىڭ ئەڭ مودا كىيىملىرى بىلەن ياسىنىۋاپتۇ !
— ۋاي - ۋۇي، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى ياقا يۇرتلۇق ماھىت، — ئەگەر سىز رېيمىستىكى تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمىنى كۆرگەن بولسىڭىز، يەنە قانچىلىك ئۇھ تارتىپ كېتەتتىڭىز؟ شاھزادە بىلەن ئوردا مۇلازىملىرىنىڭ ئوخشاش رەڭدىكى ئاتلىرى، ھەر خىل، ھەر رەڭدىكى ئېگەر - جابدۇق بىلەن زىننەت بۇيۇملىرى، دەمەشىق رەختلىرى بىلەن تىكىلگەنلىرى، ئالتۇن رەڭلىك نېپىز رەختلەرگە تۇتۇلغان سۆسەر تېرىلىرى، ئاق قۇنىڭ تىۋىتىدىن قىلىنغان كۆڭلەككە تۇتۇلغان تىيىن تېرىلىرى، ئۈنچە - مەرۋايىت تىزىلغانلىرى، ئۇلارغا ئېسىلغان چوڭ - كىچىك ئالتۇن - كۈمۈش قوڭغۇراقلار قانچە پۇلغا يارايدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ دەمسىلەر ! ئاتلىق مۇلازىملار كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ دەڭلار !
ئۇداردىي بوش كەلمەي، داۋاملىق تاكاللاشقىلى تۇردى.
— نېمىلا دېگەنبىلەن يەنىلا تۇنۇگۈنكى فلاندىرلىق

① ساتۇرن — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئورمان مۇئەككىلى، بەدىنىدە قوينىڭ مۈڭگۈزى ۋە تۇيىقى ئۆسكەن، يېرىمى ئادەم، يېرىمى ھايۋان سۈپەتلىك مەخلۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەلچىلەرنىڭ ئېيتىشىغا يەتمەيدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار تونۇغۇچ گۇبېرناتورنىڭ مەھكىمىسىدە زىياپەتكە قاتناشتى. سودىگەرلەر ئۆيۈشمىسىنىڭ باشلىقى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ھارىقى، تاتلىق - تۈرۈم، ھەسەل، بىرمۇنچە مەززىلىك تاماقلارنى تەييارلىدى.

— توغرا ئەمەس، — دېدى گېرۋايىس، — ئۇلار كىچىك بوربون مەھكىمىسىدە، كاردىنال ئالىيلىرىنىڭ قورۇسىدا كەچلىك زىياپەتتە بولدى.

— ياقەي، گۇبېرناتور مەھكىمىسىدە!

— راستىنلا كىچىك بوربوندا!

— يالغان ئېيتمىدىم، گۇبېرناتور مەھكىمىسىدە، — دېدى ئۇدۇردى رەددىيە بېرىپ، — دوكتور سكورابىل قارشى ئېلىش نۇتقىنى لاتىنچە سۆزلەپ، ھەممەيلەننى رازى قىلىۋەتتى. بۇنى مېنىڭ كىتابخانا خوجايىنىم دەپ بەردى.

— چوقۇم كىچىك بوربوندا بولدى، — گېرۋايىسمۇ بوش كەلمىدى، — كاردىنال ئالىيلىرىنىڭ بوغالتىرى ئۇلارغا ئىپخى قىزىلگۇل شەربىتى ئارىلاشتۇرۇلغان ئون ئىككى كۋاتىز ئاق ئۆزۈم ھارىقى، لىئوننىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن يىگىرمە تۆت كىيىم ساندۇقى، ھەربىرى ئىككى قاداق كېلىدىغان نەچچە تال مەشئەل ھەم سۆزۈك، ھەم سوغۇق ئالتە يېرىم تۇڭ بېئاۋۇن ھارىقى سوۋغا قىلدى. بېئاۋۇن ھارىقى ھاراقلارنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىقى دەڭلار! ئېنىقى مانا شۇ، چۈنكى مەن بۇنى ئۇلارنىڭ قاتارىدا كۈتكۈچى بولغان ئېرىمدىن ئاڭلىدىم. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ ئىپخى بۇ مېھمانلارنى پېرىستېر ژان ۋە ئىمپېراتور تىرىبىزوندىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتى. تىرىبىزوندىنىڭ ئەلچىلىرى ئالدىنقى پادىشاھ ھايات چاغدا مېسوپوتامىيەدىن پارىژغا كەلگەن، ئۇلار قۇلىقىغا ئالتۇن ھالقا سېلىۋاپتىكەن.

— ئۇلار راستىنلا گۇبېرناتور مەھكىمىسىدە كەچلىك تاماق يېدى، — گېرۋايىسنىڭ سۆزى ئۇدۇردىنىڭ ئاچچىقىنى

كەلتۈرگەندەك ئىدى، ــ هاراق ـ شاراب، تاتلىق ـ تۈرۈم دېگەنلەر هەددى ـ هېسابسىز بولدى !

ــ شۇنى سەممىڭىزگە سېلىپ قوياي، ئۇلارنى قوغدىغانلار شەهەردىكى ئەسكەرلەر ۋە ساقچىلار، ئۇلار كىچىك بوربوندىكى سارايدا كەچلىك تاماق يېدى !

ــ مەنمۇ سىزگە شۇنى دەپ قوياي، گۇبېرناتور مەهكىمىسى !

ــ كىچىك بوربون، سۆيۈملۈكۈم ! ئىشىكىنىڭ بېشىدىكى «ئۇمىد» دېگەن ئىككى خەت لامپىنىڭ يورۇقىدا شۇنچە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان تۇرسا !

ــ گۇبېرناتور مەهكىمىسى، گۇبېرناتور مەهكىمىسى ! خوسسون لېۋۇئىر نەي چېلىپ بەردى ئەمەسمۇ !

ــ ئۇنداق ئەمەس !

ــ ئۇنداق ئەمەس !

ــ ئۇنداق ئەمەس !

سېمىزلىكىدىن تىقىلىپ كەتكەن ئۇداردېنىڭ يەنە تالاشقۇسى بار ئىدى، لېكىن ماهېت دەرهال ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى:

ــ قاراڭلار ! كۆرۈۋېلىڭلار بېشىدىكى ئادەملەر تىقما ـ تىقماق بولۇپ كېتىپتۇغۇ ! چۆرىدەپ تۇرۇپ بىرنەرسىنى كۆرۈۋاتامدۇ نېمە؟

ــ راست ! ــ دېدى گېرۋايس، ــ دۇمباقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن. كىچىك ئەسمېرالدا بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىقى ئويۇن قويۇۋاتقان ئوخشايدۇ. تېز بولۇڭ، ماهېت ! ئوغلىڭىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ چاققان مېڭىڭ ! سىز پارىژغا تاماشا كۆرۈشكىلا كەلگەن ئەمەسمۇ، تونۇگۈن فلاندېرلىق ئەلچىلەرنى كۆرگەندىڭىز، بۈگۈن مىسىرلىق قىزنى كۆرىدىغان بولدىڭىز !

ــ مىسىرلىق قىز ! ــ ماهېت شۇنداق دېگەچ ئوغلىنىڭ قولىدىن چىڭ تۇتۇپ قەدەملىرىنى تېزلەتتى، ــ خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن ! ئوغلۇمنى ئالداپ كەتمىسۇن يەنە ! يېقىن كەل ئېئوستاش !

ئۇ پىرىستاندىن ئۇدۇللا گىرىف مەيدانىغا قاراپ ماڭدى. كۆۋرۈك خېلى بىر يەردە قالدى. لېكىن، دەل مۇشۇ پەيتتە ئوغلى يەنە يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ توختاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇداردى بىلەن گېرۋايىس ئۇنىڭغا يېتىشتى.
ــ مىسىرلىق قىز ئوغلىڭىزنى ئالداپ كېتەرمۇ ! ــ دېدى گېرۋايىس، ــ غەلىتە خىياللارنى قىلىدىكەنسىز!
ماھېت كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، بېشىنى چايقاپ قويدى.
ــ تېخىمۇ غەلىتە بولغىنى، ــ دېدى ئۇداردى، ــ ئاۋۇ كاناپ خالتىلىق موماي مۇ مىسىرلىق قىزنىڭ كىچىك باللارنى ئالداپ كېتىشىدىن قورقىدۇ.
ــ قايسى كاناپ خالتىلىق مومايىنى دەيسىز؟ ــ دەپ سوراپ قالدى ماھېت.
ــ ئېمىكئانا گۇدۇل ! ــ دەپ جاۋاب بەردى ئۇداردى.
ــ كىم دېدىڭىز؟ ئېمىكئانا گۇدۇل دېگەن كىم ئۆزى؟
ــ سېپى ئۆزىدىن رېيمسلىق ئىكەنسىز، مۇشۇنىمۇ بىلمىگىنىڭىزنى قاراڭ ! ــ دېدى ئۇداردى ماھېتقا جاۋاب بېرىپ، ــ چاشقان كامىرىدىكى راھىبە ئايالچۇ؟
ــ نېمە دېدىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى ماھېت، ــ بىز قوتۇرماچ بەرگەن ھېلىقى ئايالمۇ؟
ئۇداردى جاۋاب ئورنىدا باش لىڭشىتتى.
ــ دەرۋەقە شۇنداق، سىز ھايال ئۆتمەيلا گرېف مەيدانىدىكى دېرىزىدىن ئۇ ئايالنى كۆرەلەيسىز. ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش، دۇمباق چېلىپ كىشلەرگە پال ئاچىدىغان مىسىرلىق سەرگەردانلارغا پەقەت ئىشەنمەيدۇ. ئۇنىڭ سىگانلار بىلەن مىسىرلىقلاردىن نېمىشقا مۇنچە ئەنسىرەيدىغانلىقىنى پەقەت چۈشەنمىدىم. لېكىن، سىزچۇ ماھېت، مىسىرلىقلار بىلەن سىگانلارنىڭ ئىسمى چىقىسلا يۈرەكئالدى بولۇپ كېتىدىكەنسىز، بۇ قانداق بولغىنى؟
ــ ھەي، ــ دېدى ماھېت ئوغلىنىڭ بېشىنى چاڭگاللاپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ، ــ مەن پاكويىت لاشانتىپلوئىردەك يامان كۈنگە قېلىشنى خالىمايمەن.

ــ بەللى، قارىغاندا بىزگە ھېكايە سۆزلەپ بېرىدىغاندەك قىلىسىز، چىرايلىقىم ماھىت، ــ دېدى گېرۋايىس ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ.

ــ قۇللۇق، ــ دېدى ماھىت، ــ لېكىن سىزمۇ ئۆتۈپ كەتكەن پارىژلىق ئىكەنسىز، مۇشۇنچىلىك ئىشتىنمۇ خەۋىرىڭىز يوق ئىكەن! دەپ بەرسەممۇ دەپ بېرەي، بىراق تۇرۇپ قالمايلى، ماڭغاچ مۇڭدىشايلى. بۇ ئون سەككىز يىل بۇرۇنقى ئىش. پاكويىت لاشانتىپلوئىر شۇ چاغدا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن چىرايلىق قىز ئىدى. مەنمۇ شۇ يىلى ئون سەككىزدە ئىدىم. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ماڭا ئوخشاش ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەن، ئېرى بار، بالىسى بار، تولغان ۋە كېلىشكەن ئايال بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنى ئۇ ئۆزىدىن كۆرسە بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇنى تېخى ئون تۆت يېشىدىلا نەس باستى. بەكلا بالدۇر شۇنداق بولۇپ قالدى! بۇ رېيمىستىكى پاراخوتتا ئىسكىرىپكا چالىدىغان گۇبېرتانتىنىڭ قىزى ئىدى. چارلېز VII تاج كىيىپ تەختكە ئولتۇرغاندا، پادشاھ سېللېردىن مۇئىسسۇنغا بېرىش ئۈچۈن شۇ كېمىگە چىقىپ، ۋېسلا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا قاراپ ماڭغان. گوبېرتانت پادشاھقا ئىسكىرىپكا چېلىپ بەرگەن. بىسلى فېنىممۇ شۇ كېمىگە چىققان. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندە پاكويىت كىچىك بولغاچقا، ئانىسى بىلەن بىللە بىر ـ بىرىگە يۆلەك بولۇپ ياشىغان. پاكويىتنىڭ ئانىسى برادون ئەپەندىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ، برادون ئەپەندى پارىژدىكى فارم گارلىن كوچىسىدا مىسكەرچىلىك دۇكىنى ئېچىپ تۇرمۇشىنى قامدىغان. تېخى ئۆتكەن يىلدىلا توگەپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ خېلى ئوبدان ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەنلىكىنى سىلەرمۇ بىلدىڭلار. ئانىسى ئاق كۆڭۈل ئايال بولغاچقا، پاكويىتقا يىڭنە ئىشىنى ۋە ئويۇنچۇق ياساشنى ئۆگەتكەن ۋە ئۇنى بىر ئوبدان چوڭ قىلغان. لېكىن، ھال ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆنى ياخشى بولمىغان. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن رىيمىس شەھىرىنىڭ دەريا ياقىسىدىكى «لېۋىنى چىشلەپ جان باقىدىغانلار كوچىسى»دا تۇرغان. بۇ كوچىنىڭ نامىغا دىققەت قىلىڭلار. مېنىڭچە، دەل مۇشۇ كوچىنىڭ نامى پاكويىتنى بەختسىز قىلىپ قويغانمىكىن دەيمەن. 61 ـ يىلى تەڭرى ئۆز پاناھىغا ئالغان لۇئى XI تەختكە ئولتۇرغان يىلى پاكويىتنىڭ تازا بويىغا يەتكەن چاغلىرى ئىدى. ھەممەيلەن ئۇنى شانتىپلوئىر ① دەپ توۋلايتتى. بىچارە قىز! ئۇنىڭ چىشلىرى بەك چىرايلىق ئىدى. كۈلگۈنچەك بولغاچقىمىكىن، كۈلگەن ھامان ئاپپاق چىشلىرى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. لېكىن، كۈلگۈنچەك قىزلار يىغلاڭغۇ كېلىدۇ، چىرايلىق چىشلارمۇ كۆپ ھالدا كۆزنى كاردىن چىقىرىدۇ. شانتىپلوئىر شۇنداق بولدى، ئانىسى بىلەن بىللە بەكمۇ قىينىلىپ تۇرمۇش كەچۈردى. دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئائىلە ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلاشتى. يىڭنە ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى دېگەنبىلەن، ھەپتىدە ئىككى تەڭگە تاپالايتتى. دادىسى گۇببېرناتنمۇ پادىشاھلار تاج كىيگەندە بىر قېتىم ئىسكىرىپكا چالسا ياكى ناخشا ئېيتسىلا تۆت تەڭگە تاپاتتى. ئەمدىلىكتە مۇنداق كۈنلەرمۇ كەلمەسكە كەتكەندى. 61 ـ يىلىنىڭ قىش پەسلى ناھايىتى سوغۇق كەلدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەندە قالمىغۇدەك ئوتۇن ـ ياغاچ بولمىغاچقا، شانتىپلوئىرنىڭ يۈزى توڭلاپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن چاغلاردا، ئەرلەر ئۇنى «تۇمۇچۇقۇم» دەپ چاقىرىدىغان بولۇۋالدى، بەزىلىرى ھەتتا ئۇنى «تۇمۇچۇق قىز!» دەپ ئەركىلەتتى. بىر يەكشەنبە كۈنى بىز ئۇنىڭ ئالتۇن كىرىست ئېسىپ چېركاۋغا كەلگەنلىكىنى كۆردۇق، ئۇنىڭ تاپتىن چىققانلىقىنىمۇ بىلدۇق! ئەمدى ئون تۆتكە كىرگەن تۇرۇقلۇق، مۇشۇنداق ئىش بولدى دېمەمسىلەر! ئۇنىڭ بىرىنچى ئاشنىسى

① فىرانسۇزچە ناخشا ئېيتالايدىغان، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان گۈل مەنىسىدە.

ۋىكونت كورمانتېيۇئىل بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ قەلئەسى
رېيمىستىن ئۈچ فىرانسىيە چاقىرىمى① نېرىدا ئىكەن.
ئىككىنچى بولۇپ، پادىشاھنىڭ چەۋەندازى ھېنرى تىرېئانورت
بىلەن ئويناپتۇ. ئۈچىنچىسى، ئەمىلى تۆۋەن، ئىزناك تاقاپ
يۈرىدىغان ئىجراچى ئىكەن. كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە،
پادىشاھنىڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان خىزمەتكارى گېئورى
ئابىرگون، ۋەلىئەھد ئالىيلىرىنىڭ چېچىنى ياسايدىغان ساتىراش
ماسى فرېپوس، ئاشپەزلەرنىڭ غوجىدارى تېۋىنېن موئىن
قاتارلىقلار بىلەن يۈرۈپتۇ. بۇنىڭدىن بۆلەك يەنە يېشى تېخىمۇ
چوڭ، سالاھىيىتى تېخىمۇ تۆۋەن ئادەملەر بار ئىكەن. بېرىپ ـ
بېرىپ ياشىنىپ قالغان سەرگەردان ناخشىچى گۇئىللائۇم
راسىن، چىراغچى تېررى دېمىرلارنىڭ قولىغا چۈشتى دەيدىغان
گەپ بار. بىچارە شانتىپلوئىر ھەممە ئادەمنىڭ يوتقىنىنى قۇرۇق
قويمايدىغان پاھىشە بولۇپ كەتتى، تاپقان تىللالىرىمۇ ئۆتمەيدىغان
نەرسىگە ئايلاندى. خېنىملار، سىلەرگە يەنە نېمىلەرنى دەپ
بەرسەم بولار؛ 61 ـ يىلى، يەنى پادىشاھقا تاج كىيدۈرۈش
مۇراسىمى بولغان يىلى، قاراپ تۇرۇپلا بىر تىلەمچىنىڭ ئايىغىدا
چۆرگۈلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى ! تاج كىيدۈرۈش مۇراسىمى
بولغان يىلى دەڭلار !

ماھىت ئۇھسىنىپ قويدى، كۆزلىرى ياشاڭغىرىدى.

— بۇ ھېكايىنىڭ ئۇنچە ۋاي دەپ كەتكۈدەك يېرى يوق
ئىكەن، — دېدى گېرۋايىس، — بۇنىڭ مىسىرلىق ئايال ۋە
باللار بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ ! — دېدى ماھىت، — باللارنىڭ
گېپىنى ھازىرلا ئاڭلايسىز. 66 ـ يىلى سايىنت پائۇل بايرىمى
كۈنى، بۈگۈن ئون ئالتە يىل بولغاندەك قىلىدۇ، پاكويېت بىر
قىز تۇغدى. بۇ بەختسىز ئايالنىڭ خۇش بولۇپ كەتكىنىنى

① فىرانسىيە چاقىرىمى — فىرانسىيەدىكى قەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، بىر فىرانسىيە چاقىرىمى تەخمىنەن تۆت كىلومېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

دېمەيسىلەر، ئۇنىڭ خېلى بالدۇرلا بالىلىق بولغۇسى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سېلىپ يۈرىدىغان ئوڭلۇق ئايال بۇ چاغدا ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەندى. دېمەكچىمەنكى، بۇ دۇنيادا ئەمدى پاكويىتقا كۆيۈنىدىغان بىرەرى قالمىغانىدى، ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا كۆيۈنمەيتتى. ئۇنىڭ يامان يولغا كىرىپ قالغىنىغا بەش يىل بولغانىدى. تىكەندەك يالغۇز قالغان شور پېشانە شانتىپلوئىرنى كۆرگەنلا ئادەم دۆشكەلەيتتى، كوچا ـ كويدىكىلەر ئۇنى ھاقارەتلەيتتى، ساقچى ـ ئەسكەرلەر ئۇنى ئۇچرىغانلا يېرىدە دۇمبالايتتى. ھەتتا جۇلدۇر كىيىپ ئوغۇل باللارمۇ ئۇنى بوزەك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يىگىرمە ياشقا كىردى. يىگىرمە ياش دېگەن پاھىشە ئاياللار ئۈچۈن چۈشۈپ كەتكەن قېرى مومايىنىڭ يېشى ئىدى. بەدىنىنى سېتىش بەدىلىگە تاپقان پۇلمۇ يىڭنە ئىشىغا تايىنىپ تاپقان پۇلچىلىك بولمىدى. چىرايىدا بىر تال قورۇق كۆپەيگەن ھامان كۇمۇش تەڭگىدىنمۇ بىرى ئازىيىپ تۇردى. قىش پەسلى كىرگەندە، ئوچاقتا قالايدىغان ئوتۇن، ئاشخانىدا قولىنى ئۇزارتسىلا ئالىدىغان بولكا قالمىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ يىڭنە ئىشىدىنمۇ يالتايدى. شاللاق تۇرمۇش ئۇنى ھورۇن قىلىۋەتكەنىدى. ھورۇنلاشقاندىن كېيىن ئۇ تېخىمۇ شاللاق بولۇپ كەتتى. سايىنت رىمۇ چېركاۋ تەۋەسىدىكى مىسسىيونېرلار مۇنداق ئاياللارنىڭ يېشى بىر يەرگە بارغاندا نېمىشقا باشقا نامرات ئاياللارغا قارىغاندا بەكرەك توڭغاق بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ۋە ئاچ قالىدىغانلىقىنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرەتتى.

— دەرۋەقە شۇنداق، لېكىن مىسىرلىقلارچۇ؟ — دېدى گېرۋايس ئۇنىڭ سەمىگە سېلىپ.

— سەل ـ پەل تاقەت قىلىڭ، گېرۋايس، — دېدى ئۇداردې سەۋرچانلىق بىلەن، — ناۋادا ھەممە ئىشنى باشتىن تارتىپ سۆزلىسە قاچان تۈگەيدۇ؟ ئۇلاپ دەۋېرىڭ ماھىت، شانتىپلوئىرغا

ئىچىم ئاغرىپ قالدى!

ماھىت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يۇقىرىدىكى ئىشلار تۈپەيلى ئۇ بەكمۇ ئازابلاندى، كۆڭلى يېرىم بولدى، كۆزى ياشتىن قۇرۇمىدى. تولا يىغلاپ ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. گەرچە ئۇ تىل - ھاقارەتكە قالغان، تاشلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇشۇ دۇنيادا بىرەر نەرسىنى ياكى بىرەر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئۇنى ياخشى كۆرەلىگەن بولسا، مۇنداق تىل - ھاقارەتلەرگە، باشقىلارنىڭ كۆزگە ئىلماسلىقلىرىغا پەرۋا قىلماي يۈرىۋەرگەن بولاتتى. پەقەت بىر بالىغىلا، پەقەت ئۇنىڭ ئۆز بالىسىغىلا ئۇنىڭ تېگى - تەكتى نامەلۇم ئىدى. ئۇ بىر يانچۇقچىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئارىدا بۇنى ھېس قىلدى. بۇ يانچۇقچى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغان بىردىنبىر ئەركەك ئىدى. لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي ھەتتا مۇشۇ يانچۇقچىنىڭمۇ ئۆزىنى ياراتمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى. مۇھەببەتنى ھاياتلىق دەپ بىلىدىغان مۇنداق بىر ئايال ئۈچۈن، چوقۇم ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرالايدىغان بىر كىشىنىڭ ياكى بىر پەرزەنتىنىڭ بولۇشى لازىم ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ تېخىمۇ خارلىقتا قالاتتى. سۆيىدىغان ئادەم بولمىغاندىكىن، ئۇ پەرزەنتلىك بولۇشنى ئويلىدى. ئەزەلدىنلا تەقۋادار بولغانلىقى ئۈچۈن، كەرەملىك تەڭرىگە تىنىم تاپماي دۇئا - تىلاۋەت قىلدى. تەڭرىنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كەلدى، ئۇنىڭغا بىر قىز ئاتا قىلدى، ئۇنى شادلىققا چۆمۈلدۈردى. ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي كۆز يېشى قىلدى، بالىسىنىڭ باش - كۆزىنى سىلىدى، ئۇنى پۇرىدى، سۆيدى، ئۆزىنىڭ سۈتى بىلەن باقتى، كارىۋاتتىكى تەئەللۇقاتى بولغان بىردىنبىر يوتقاننى يىرتىپ يۆگەك قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن سوغۇق، ئاچلىق دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان بولدى. چىرايى يېڭىباشتىن سۇزۇلۇپ، قېرى قىزدىن ياش ئانىغا ئايلاندى، قايتىدىن قانات - قۇيرۇق چىقىرىپ، خىرىدارلارنىڭ پېيىگە چۈشتى. تاپقان پۇلىغا كىچىك

www.uyghurkitap.com

جىلىتكە، كىچىك قالپاق، يىپەك لېنتا، يىپەك ياغلىق قاتارلىقلارنى ئالدى. ئۆزىگە بىرەر پارچە يوتقان - كۆرپە قىلىۋېلىش ئېسىگە كەلمىدى. قىز بوۋاقنى ئاگنىس دەپ ئىسىم قويۇلدى، لېكىن فامىلىسى تىلغا ئېلىنمىدى. ئۇنىڭ فامىلىسى بۇرۇنلا يوق ئىدى. ئۇنىڭغا يىپەك لېنتىسى بار، جىيەكىگە گۈل تۇتۇلغان كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ قويىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا مەلىكىلەرمۇ يىپ ئېشەلمەيتتى! بولۇپمۇ ئۇنىڭ پوپۇچچۇ تېخى، ھەتتا پادىشاھ لۇئى XI دىمۇ ئۇنداق ياخشى نەرسىنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى! ئۇنى ئانىسى ئۆز قولى بىلەن تەييارلاپ بەرگەنىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ ئەينى يىللىرى يىڭنە ئىشىنى قىلغاندا ئۆگەنگەن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ پوپۇچىنى تىكىپ چىققانىدى. ئۇنى بۇ دۇنيادا كەمدىن - كەم تېپىلىدىغان ئەڭ چىرايلىق پوپۇچ دېيىشكە بولاتتى. چوڭلۇقى باشمالتاقچىلىك بولغاچقا، ئۇنى بوۋاقنىڭ پۇتىدىن سالدۇرغاندىلا، ئاندىن مۇشۇ بىر جۈپ كىچىك پۇتقا ئاشۇ چاققان ئاياغ كىيىمنى كىيدۈرگىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ پۇتى راستىنىلا بەك كىچىك، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق ئىدى. ئۇداردې خېنىم، سىزمۇ باللىق بولغاندا، ھەرقانداق نەرسىنىڭ بۇ يۇمران پۇت - قوللاردەك چىرايلىق بولالمايدىغىنىنى بىلىسىز!

— ئوغۇ شۇنداق! — دېدى ئۇداردې خورسىنىپ، — ئىلاھىم، ئاندرى مۇسىنيېرنىڭ تەلىيى ئوڭ كەلگەي!

— يەنە دېسەم، — ماھىبت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — پاكويىتتىنىڭ قىزىنىڭ چىرايلىق يېرى يالغۇز ئۇنىڭ پۇتىلا ئەمەس. مەن ئۇنى تۆت ئايلىق بولغان چېغىدا كۆرۈپلا، كۆزۈم چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاغزىدىنمۇ چوڭ ئىدى. تۇغۇلۇشىدىلا بۇدۇر، قارا چاچلىرىنى دېمەيسىز، ئون ئالتە ياشقا كىرگەندە، ئۇنىڭ بىغىر رەڭ چاچ بولىدىغىنى ئېنىق ئىدى. ئانىسى ئۇنى كۈندىن - كۈنگە ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ

بۇ ئامراق قىزنى سىلاپ ـ سىيپاپ، تەۋرىتىپ، سۆيۈپ، يۈيۈپ ـ تاراپ قاتارغا قوشتى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئويىنىدى، ئامراقلىقىدىن ئۇنى ھام ئېتىپ يەۋەتكۈدەك ھالغا يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىدىن سۆيۈندى، قىزى ئۇچۇن تەڭرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ قىزلىگۈلدەك چاققان بىر جۈپ پۇتى ئانا بولغان بۇ ئايالغا ئالەمشۇمۇل خۇشاللىق بېغىشلىدى. ئۇ دائىم دېگۈدەك قىزنىڭ يۇمران پۇتلىرىغا لېۋىنى تەگكۈزەتتى، قويۇپ بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ھېلىقى پوپۇچنى ئۇنىڭ پۇتىغا كىيدۈرەتتى، بىردەم تۇرۇپ سالدۇراتتى، لەۋلىرىنى تەمشىيتتى. ئۇنىڭ ھەر كۈنلۈك ئىشى مانا شۇ تەرىقە داۋاملىشاتتى. ئۇ يەنە شۇ يۇمران پۇتلارنى كارىۋات ئۇستىدىلا مېڭىشقا ئۆگىتەتتى، قاراپ ـ قاراپ ئىچى ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۇ بىر ئۆمۈر مۇشۇ تەخداشسىز ئېسىل پۇتنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، قالغان كۈنلىرىنى پوپۇچنى كىيدۈرۈش، سالدۇرۇش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە رازى ئىدى. بۇ بىر جۈپ پۇت ئۇنىڭغا بەئەينى مەسۇم بوۋاق ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتى بولۇپ كۆرۈنەتتى.

— بەكمۇ تەسىرلىك ھېكايە ئىكەن، — دېدى گېرۋايس پەس ئاۋازدا، — لېكىن ئۇنىڭ مىسىرلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىچۇ؟

— كېلەي دەپ قالدۇق، — دېدى ماھېت، — مەلۇم بىر كۈنى غەيرىي بىر توپ ئاتلىق ئادەم رېيمىس قەلئەسىدە پەيدا بولۇپ قالدى. دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىدە سەرسان بولۇپ يۈرىدىغان بۇ تىلەمچىلەر بىلەن تېجمەللەرنى ئۆزلىرىنىڭ كىنەزلىرى بىلەن گىرافلىرى مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەنىدى. ئۇلار چىرايى قارىداپ كەتكەن، چاچلىرى بۈدۈر، قۇلىقىغا كۈمۈش ھالقا سېلىۋالغان ئادەملەر ئىدى. بېشىدا زىبۇ ـ زىننەت بۇيۇملىرى يوق، يىرتىق كىيىملەرنى كىيگەن، مۈرىسىگە كونا رومال ئارتىۋالغان، چاچلىرى ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك، ئاياللار ئەرلەردىنمۇ بەكرەك سەت، يۈز ـ كۆزى كۆمۈردەك قارا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئايىغىدا

ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆمىلەپ يۈرگەن بالىلار بولۇپ، ناۋادا بۇ بالىلارنى مايمۇنلار كۆرۈپ قالغۇدەك بولسا، مايمۇنلارمۇ قورقۇپ بەدەر تىكىۋەتكەن بولاتتى. ئادەتتىكى ئادەملەرگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغان بۇ بىر توپ ئادەم مىسىردىن ئايلىنىپ پولشاغىچە، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ رىمغىچە كەلگەنلەر ئىدى. باشقىلارنىڭ ئاغزىدا «رىم پاپاسى ئۇلارغا جاھاندا يەتتە يىل جاھانكەزدى بولۇپ يۈرۈش، كارۋاتتا ئۇخلىماسلىق جازاسىنى بەرگەن» دېگەن گەپ بار. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ گۇناھىغا توۋا قىلارمىش. شۇڭا، ئۇلار ئۆزلىرىنى توۋا قىلغۇچىلار دەپ ئاتايدىكەن. ئۇلار بەدەن ـ بەدىنىدىن بىر خىل سىيىق پۇراق چىقىپ تۇرغىنىدىن قارىغاندا ساراسىن①لاردەكمۇ قىلاتتى. شۇڭا، ئۇلار يۇپىتېرغا ئېتىقاد قىلاتتى. پاپانىڭ يەنە بىر يارلىقىدا ئۇلار قەيەردىن ئۆتسە، شۇ يەردىكى ئارخىئېپىسكوپ، ئېپىسكوپ ۋە كىرىست ئاسقان، سودىيە قالپىقى كىيگەن پوپلاردىن ئادەم بېشىغا ئون لىۋردىن پۇل ئالسا بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەنمىش. ئۇلارنى ئالجىرىيە پادشاھى بىلەن گېرمانىيە ئىمپېراتورىنىڭ نامىدا رىيىمىسقا كېلىپ رەھىمدىللىق قىلىدىكەنمۇ دەيدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى قەلئەگە كىرگۈزمەسلىكىكە سەۋەب بولالايتتى.

بۇ ئادەملەرمۇ ئارتۇق تالىشىپ يۈرمەي، برائىن دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى تۈگمەن بار تاغدا ئىلگىرى ھاك ئېلىش ئۈچۈن كولانغان ئازگاللارنىڭ يېنىغىلا قىستىلىپ جىنىنى بېقىشقا باشلىدى. رىيىمىس قەلئەسىدىكىلەر ئۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىرىپ ـ كېلىپ يۈردى. ئۇلارمۇ بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ئالىقىنىغا قاراپ پال ئېچىپ، كارامەت كۆرسىتىدىغان ئىنتايىن كۆلكىلىك گەپلەر بىلەن ئۇلارنى يولغا سېلىپ تۇردى. ئەگەر پال ئاچۇرۇش ئۈچۈن يەھۇدا كېلىپ قالغان تەقدىردە، ئۇلار ئۇنىڭغا

① ساراسىنلار ــ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپالىقلار مۇسۇلمانلارنى مۇشۇ نام بىلەن ئاتايتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەلگۈسىدە پاپا بولىدىكەنسەن دېگەن بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا يەنە ھەممىلا يەردە، ئۇلار كىچىك بالىلارنى ئالداپ ئەپقاچىدىكەن، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بۇلايدىكەن، ئادەم گۆشى يەيدىكەن، دېگەندەك گەپ ـ سۆزلەرمۇ ئېقىپ يۈردى. يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىدىغان ئادەملەر بەزى ئالىجوقىلارغا: «ئۇلارنىڭ قېشىغا بارغۇچى بولماڭلار» دەپ قويۇپ، ئەكسىچە ئۆزلىرى ئوغرىلىقچە بېرىپ كەلگەن بولدى. گەپنى قىسقارتسام، ئادەملەر ساراڭ بولغان، ئالجىغانىدى. ئەمەلىيەتتە، كاردىناللارمۇ ئۇلارنىڭ كارامەتلىك گەپلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، توۋا دەپ ياقىسىنى تۇتقان بولاتتى، مىسىرلىق ئاياللار بالىلارنىڭ ئالىقىنىنى كۆرگەندىن كېيىن غەيرىي دىندىكى ۋە تۈركىيەدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ كارامەتلىك سۆزلەرنى قىلاتتى، ئاڭلاپ تۇرغان ئانىلارنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، شامىسى چاي بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى بويىچە بۇ بالىلارنىڭ بىرى كەلگۈسىدە پادىشاھ بولاتتى، بىرى پاپا بولاتتى، يەنە بىرى گېنېرال بولاتتى. بىچارە شانتىپلوئىرمۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆز تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئاگنېسنىڭ كەلگۈسى بىر كۈنلەردە ئەرمىنىيەگە ئايال پادىشاھ بولالايدىغان ياكى بولالمايدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ بالىسىنى كۆتۈرگەن پېتى ھېلىقى مىسىرلىقلار بىلەن كۆرۈشكىلى باردى. مىسىرلىق ئاياللار ئۇنىڭ قىزىنى ئاغزىغا كەلگەن جىمى ياخشى گەپ بىلەن ماختىدى، باش ـ كۆزىنى سىلىدى، قاپقارا كالپۇكلىرى بىلەن ئۇنى سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭ بۇدرۇق قوللىرىنى، چاققان پۇتلىرىنى، ئادەمنى ھەيرانۇھەس قىلىدىغان پوپۇچىنى پۇۋلەپ كۆككە كۆتۈردى. شانتىپلوئىرمۇ قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى. بېشىغا تۇشمىغان قىزىمۇ ئەمدى چىققان تىلى بىلەن بىرنېمىلەرنى دەپ، ئۇنى قانغۇدەك كۈلدۈردى. خېلىلا ئەت قونۇپ قالغان، ھەر خىل تاتلىق قىلىقلىرى بار، پەرىشتىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئوماق قىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىسرلىق ئاياللاردىن قورقۇپ تازا يىغلىدى. ئىچى ئاغرىغان ئانا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئاران تەستە پەس قىلدى. پالچى ئاگنېسنىڭ بىرمۇنچە ياخشى گېپىنى قىلدى؛ كەلگۈسىدە ئۇ چوقۇم چىرايلىق، سالاپەتلىك، ئەقىللىك قىز بولىدۇ، خانىش بولىدۇ، دېدى. ئانىسى ئۇنى لېۋىنى چىشلەپ جان باقىدىغانلار كوچىسىدىكى بالىخانىغا قايتۇرۇپ كەلدى ۋە خانىش بولىدىغان قىزىم بار بولدى دەپ، خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالمىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە قىزىنىڭ كارىۋاتتا بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئىشكنى ئاستا يېپىپ قويۇپ، تالاغا چىقتى ـ دە، ساشىر كوچىسىدىكى تونۇشلىرى بىلەن مۇڭداشتى، ئۇلارغا ئاگنېسنىڭ ھامىنى بىر كۈنى روناق تېپىپ قالتىس ئادەم بولۇپ كېتىدىغانلىقى، ئەنگلىيە پادىشاھى ياكى ئېفىئوپىيە كىنەزى تەرىپىدىن زىياپەتكە چاقىرتىلىدىغانلىقى، شۇنداقلا ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان باشقا ئىشلار توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقاندا كىچىك بالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاچقا، ئۆز ـ ئۆزىگە: «نېمىدېگەن ئوبدان، تېخىچە ئويغانماپتۇ ـ دە» دەپ قويدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئىشىكنىڭ ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. لېكىن، بىچارە ئانا ئۆيگە كىرەر ـ كىرمەيلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى ... بالا يوق، كارىۋات قۇپقۇرۇق ئىدى. كارىۋاتتا چىرايلىق بىر جۈپ پوپۇچتىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى، يۈگۈرگەن پېتى تالاغا چىقتى، بېشىنى تامغا ئۇرۇپ: «بالام! مېنىڭ بالام قەيەردە؟ ئۇنى كىم ئېلىپ كەتتى؟» دەپ زار ـ زار يىغلىدى. ئادەتتىكى كۆڭۈلدىمۇ بۇ كوچىدا ئادەم ناھايىتى ئاز بولاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئۆيمۇ يالغۇز ئۆي ئىدى. ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا بىرنەرسە دەپ بېرەلمىدى. ئۇ شەھەرنى چالا قويماي ئايلىنىپ چىقتى، كىرمىگەن كوچا قالمىدى، ئېسىنى يوقىتىپ گاراڭ بولۇپ قالغان ئادەملەرگە ئوخشاش، ئۇچرىغانلا ئۆينىڭ ئىشىك ـ

دېرىزىلىرىنى قاقتى. ئۇستىباشلىرى يىرتىلىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ، چىرايى ئادەم قورققۇدەك بولۇپ قالدى. كۆزلىرىدىن يېنىۋاتقان ئوت ئۇنىڭ يېشىنى قۇرۇتۇۋەتتى. ئۇ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «قىزىم ! مېنىڭ قىزىم ! مېنىڭ چىرايلىق قىزىم ! مېنىڭ قىزىمنى كىم ماڭا قايتۇرۇپ بەرسە، مەن ئۇنىڭغا مالاي بولساممۇ، ئىتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالساممۇ مەيلى ئىدى. يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇپ بەر دېسىمۇ بەرگەن بولاتتىم !» دەپ ۋارقىرىدى. سايىنت رىمۇدىكى مىسسىيونېرغا ئۇچراپ، ئۇنىڭغا: «مىسسىيونېر ئەپەندى، قولۇڭ بىلەن يەر كولا دېسىڭىزمۇ كولاپ بېرەي، بالامنى تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز !» دەپ يالۋۇردى. بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولدى، ئۇداردې ! مەن ھەتتا باغرى تاش ئادۋوكات پانىس لاكابىرنىڭمۇ ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي يىغلىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم. ئاھ، بەختى قارا ئانا ! ئۇ كۈن ئولتۇرغاندىلا ئۆيىگە قايتتى. ئايال قوشنىسى ئۇنىڭغا ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن چاغدا تاغار كۆتۈرۈۋالغان مىسىرلىق ئىككى ئايالنىڭ ئەتراپقا ئوغرىدەك قاراپ ئۇستۇنكى قەۋەتكە ماڭغانلىقىنى، ھايال ئۆتمەيلا پەلەمپەيدىن چۈشۈپ شاپاشلىغان پېتى قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇلار كېتىپلا پاكويىتنىڭ ئۆيىدىن كىچىك بالا يىغلىغاندەك ئاۋاز ئاڭلانغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پاكويىتنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، خۇددى قانات چىقارغاندەك ئالدىراپ پەلەمپەيدىن يۈگۈردى، ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى ـ دە، ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆرلەپ، چىپپىدە تۇرۇپ قالدى ! ئۇ ئوماق پەرزەنتى ئاگنېسنى كۆرمىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۆزى تەگرى ئەۋەتكەن يېگى بىر سوۋغاتقا تىكىلدى: كارىۋاتتا خامۇت پۇت، چىرايى سەت، يەكچەشمە، دۈمچەك غەلىتە بىر مەخلۇق تۈگۈلگەن پېتى ئۆمىلىمەكتە ئىدى. ئۇ قورقۇپ كېتىپ، ئىككى كۆزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالدى. «ئاھ، خۇدا، ــ دېدى ئۇ، ــ ھېلىقى ئايال پېرىخونلار مېنىڭ قىزىمنى مۇشۇ قورقۇنچلۇق مەخلۇققا ئۆزگەرتىپ قويغان بولمىسۇن يەنە !»

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە كىرگەنلەر بۇ خاموت پۇتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، ئۇنداق قىلمىغان تەقدىردە، پاكويتنىڭ ئىلىشىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بىرەر مىسىرلىق ئايالدىن تۇغۇلغان بۇ مەخلۇق، مۇنداقلا قاراشقا تۆت ياش ئەتراپىدا ئىدى، قىلىۋاتقان گەپلىرىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. شانتېپلوئىر ھېلىقى چىرايلىق تىكىلگەن پوپۇچنىڭ ئالدىغا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن قىزى ئۇنىڭغا يادىكار قىلغان بىردىنبىر نەرسە ئىدى. ئۇ بىرھازاغىچە ئورنىدىن تۇرمىدى، گەپ - سۆزمۇ قىلمىدى. جامائەت ئۇنى ئۆلدىگە چىقاردى. لېكىن، ئۇ بۇ دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقاندەك لاغىلداپ تىترىدى، خۇددىنى يوقاتقان ھالدا ھېلىقى پوپۇچنى سۆيدى. خۇددى يۈرىكى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك ئۇزاقتىن - ئۇزاققا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. قاراپ تۇرغانلارمۇ يىغلاپ تاشلىدى. «ئامراق قىزىم! چىرايلىق قىزىم! نەلەردە يۈرىدىغانسەن! — دەپ نالە - زار قىلدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭمۇ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەندەك ئىدى، — ھېلىمۇ ئويلىساملا يىغا تۇتىدۇ. سىلەرمۇ بىلىسىلەر، بالا دېگەن ئادەمنىڭ يۈرەك پارىسى! قاراڭلار، مېنىڭ بۇ پاقلىنىم ئىئوستاشقا! نېمىدېگەن كېلىشكەنگۇ! نېمىدېگەن ياۋاش! تۇنۇگۇن ئۇ ماڭا: ‹گىۋاردىيەدە چەۋەنداز بولىمەن!› دەيدۇ تېخى! ئاھ، ئىئوستاش! ناۋادا مەن سېنى يوقىتىپ قويسام، بۇ دۇنيادا قانداقمۇ ياشىيالايمەن!» شانتېپلوئىر شارتتىدە ئورنىدىن تۇردى. رېيمىستىكى كوچىلارنى قويماي ئايلاندى. بىر ياقتىن يۈگۈرۈپ، بىر ياقتىن: «مىسىرلىقلارنىڭ چېدىرىغا بېرىڭلار! مىسىرلىقلارنىڭ چېدىرىغا بېرىڭلار! ئەسكەرلەر، بۇ پېرىخونلارنى كۆيدۈرۈڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن، مىسىرلىقلار ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. قاراڭغۇ چۈشكەن بولغاچقا، ئۇلارغا يېتىشىۋالغىلى بولمايتتى. ئىككىنچى كۈنى ئادەملەر رېيمىستىن ئىككى فىرانسىيە چاقىرىم يىراقلىقتىكى گىيۇكس بىلەن تىلوي ئارىلىقىدا يېيىلىپ ياتقان چاتقاللىقتىن

كۆيۈپ بولالمىغان بەزى نەرسىلەرنى — پاكويىتىنىڭ قىزىنىڭ بىرنەچچە تال يىپەك لېنتىسىنى، بىرنەچچە تامچە قان ۋە ئاتىنىڭ تېزىكى قاتارلىقلارنى بايقىدى. ئالدىنقى ئاخشىمى دەل ھەپتىنىڭ ئالتىنچى كۈنى بولغاچقا، ئادەملەر ھېلىقى مىسىرلىقلار چاتقاللىقتا شەببات مەرىكىسى ئۆتكۈزگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە سېھىرگەر بىلىزىبوب بىلەن بىللە پاكويىتىنىڭ قىزىنى يەۋەتكەن دەپ پەرەز قىلىدى. شانتىپلوئىر ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ئەتىسى يىغلاي دېسىمۇ يىغلىيالمىدى، ئاغزىنى ئۆمەللەشتىن باشقا ئىش بولمىدى، گەپ قىلاي دېسىمۇ ئاغزىدىن گەپ چىقمىدى. چاچلىرى ئاپپاق ئاقىرىپ كەتتى. ئۈچىنچى كۈنى ئۇ غايىب بولدى.

— نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىش، — دېدى ئۇداردې، — بۇرگۇندىلار ئاڭلىسىمۇ يىغلىماي تۇرالمىغۇدەك.

— مىسىرلىقلارنىڭ گېپى چىققان ھامان يۈرىكىمىزنىڭ پوكۇلداپ كېتىشى مۇشۇنىڭدىن ئىكەن ـ دە! — دېدى گېرۋايىس.

— ئابايا سىزنىڭ بالىڭىزنى تارتقۇچلاپ مىسىرلىقلاردىن نېرىراق تۇرغىنىڭىزمۇ توغرا ئىكەن، — دېدى ئۇداردې، — ئاڭلىسام، ئۇلارنىمۇ پولشادىن كەلگەن، دېيىشىدۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى گېرۋايىس، — ئۇلار ئىسپانىيە بىلەن كاتالونىيەدىن كەلگەننىمىش!

— كاتالونىيە؟ — دېدى ئۇداردې، — بۇمۇ ئېھتىمال. مەن كۆپ چاغلاردا كاتالونىيە، پولشا، ۋالوگىنىيەلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىمەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ مىسىرلىق ئىكەنلىكىدە گەپ يوق.

— ئۇلارنى چىشى ئۇزۇن، كىچىك بالىلارنىلا يەيدۇ دەيدۇ، — دېدى گېرۋايىس گەپكە قوشۇلۇپ، — ئەگەر ئەسمېرالدانىمۇ لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا كىچىك بالىلارنى يەيدۇ دېسە، مەنمۇ ھەيران قالمايمەن. ئۇنىڭ ئوغلىقىنىڭمۇ بىر تالاي غەلىتە

ھۈنىرى بار، كۆزۈمگە سىغمايدۇ.
ماھىت لام ـ جىم دېمەي مىڭىشۋەردى. ئوي ـ خىيالى بايىقى ئېچىنىشلىق ھېكايە تۈپەيلى پەيدا بولغان گۇڭگا بىر خىيالنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بارغاندەك بولدى. بەدىنىدىكى تىترەك يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغىچە تارقالدى. گېرۋايىسنىڭ ئۇنى گەپكە سالغۇسى كېلىپ قالدى.
ــ شانتىپلوئىرغا كېيىنچە نېمە بولدى؟
ماھىت جاۋاب قايتۇرمىدى. گېرۋايىس ئۇنىڭ بىلىكىنى ئىتتىرىپ قويدى، توۋلاپ باقتى. شۇ چاغدىلا ماھىت خىيال ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.
ــ شانتىپلوئىرغا كېيىنچە نېمە بولدى؟ ــ بايىقى سوئالنى يەنە بىر مەرتىۋە تەكرارلىدى گېرۋايىس.
ماھىت بۇ گەپنى خۇددى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاندەك، بىرھازا كۆچەپ ئاران تەستە ئېسىنى يىغدى، ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلگەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:
ــ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.
ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:
ــ بىرلىرىنىڭ ئۇنى گۇگۇم چۈشكەن چاغدا فىلشامبوت دەرۋازىسى ئارقىلىق رېيمىستىن چىقىپ كەتتى دېگىنىنى ئاڭلىدۇق. يەنە بىرلىرى ئۇنى تاڭ ئاتارغا يېقىن كونا باسېي دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ شەھەردىن ئايرىلدى، دېدى. نامرات بىر ئادەم بازارغا يېقىن يەردىكى ئېتىزلىقتا ئۇنىڭ بوينىدىكى ئالتۇن كرېستىنىڭ تاش كرېستقا ئىلىنىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى 61 ـ يىلى تۇغەشتۇرۇۋەتكەن نەرسە دەل مۇشۇ زىننەت بۇيۇمى ئىدى. بۇنى ئۇنىڭ تۇنجى ئاشنىسى، ئاشنا دېگۈچىلىكى بار ۋىكونت كورمانتىيوئىل ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىپ بەرگەن. پاكويىت گەرچە قول ئىلىكىدە بولمىسىمۇ، سوۋغا ـ سالامنى سېتىۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ مۇنداق نەرسىلەرنى ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلەيتتى!

مۇشۇلارغا كۆرە، بىز ئۇنىڭ ھەتتا مۇشۇ كىرىستىنىمۇ تاشلىۋەتكىنىدىن ئۇنى ئۆلۈپتۇ دېگەن يەرگە كەلدۇق. بۇ چاغدا بەزى پىيەنچۇكلەر ياپىلاق تاش يېيىتىلغان يولدا يالاڭ ئاياغ كېتىپ بارغانلىقىنى ۋە پارىژنىڭ كوچىلىرىدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى دېيىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى ۋېسلا دەرۋازىسى ئارقىلىق شەھەردىن چىقىپ كەتكەن دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن، گەپلەر ئوخشاش ئەمەس. مەن ئۇنىڭ ۋېسلا دەرۋازىسىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن شەھەردىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە جەزم قىلىمەن. ئۇ مۇشۇ تەرىقە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى.

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— ۋېسلا، — ماھىت ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ جاۋاب بەردى، — دەريانىڭ نامى.

— شور پېشانە شانتىپلوئىر، — ئۇداردېنىڭ بەدىنى جۇغۇلداپ كەتتى، — ئۇنداقتا ئۇ دەرياغا ئۆزىنى تاشلىۋالدىمۇ؟

— سۇغا چۆكۈپ كەتتى، — دېدى ماھىت، — ئىلگىرى ئۇنىڭ دادىسى گۇبېرناتىت ئىسكىرىپكا چېلىپ ناخشا ئېيتقاچ كېمىگە ئولتۇرۇپ، تىنگوكىس كۆۋرۈكىدىن ئېقىننى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭغان. لېكىن، ئۇ كىچىك پاكويتىنىڭ ناخشىمۇ ئېيتماي، كېمىگىمۇ ئولتۇرماي، ھامىنى بىر كۇنى مۇشۇ كۆۋرۈكنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ـ دە !

— ھېلىقى پوپۇچچۇ؟ — سوراپ قالدى گېرۋايىس.

— ئانىسى بىلەن بىللە يوقاپ كەتتى.

— بىچارە پوپۇچ !

تاۋى نازۇك، ئوڭايلا مىشىلدايدىغان سىمىز ئايال ئۇداردې ماھىتقا ھەمدەم بولۇپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. لېكىن، ھەممە نەرسىگە قىزىقسىنىدىغان گېرۋايىسنىڭ گەپ كوچىلىغۇسى كېلىپ كەتكەندى.

— ھېلىقى بەتبەشىرىچۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ تۇيۇقسىز، — پىرىخون ئايال شانتىپلوئىرنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ قىزى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئالماشتۇرۇۋالغان ھېلىقى سەت مەخلۇقنى دەيمەن، سىلەر ئۇنى قانداق قىلدىڭلار؟ ئۇنى سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولساڭلار ئوبدان بولاتتى!

— ئۇنداق بولمىدى، — دېدى ماھىت.

— قانداق بولدى؟ ئوتقا تاشلىۋەتتىڭلارمۇ؟ جاجىسىنى يېسۇن ئىلاھىم! پېرىخونىنىڭ بالىسى دېگەننى مۇشۇنداق ئەدەپلەش كېرەك.

— سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپمۇ ئۆلتۈرمىدۇق، ئوتقا تاشلاپمۇ كۆيدۈرمىدۇق، گېرۋايس، ئېپىسكوپ جانابلىرى مىسىرلىق بۇ بالىغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىپ، بېشىدىن كىرىپست ئۆرۈدى، ئۇنى چوقۇندۇردى. جىسمىدىكى ھاۋايى - ھەۋەسنى قوغلىدى. ئۇنى پارىژغا ئېلىپ بېرىپ، تاشلاندۇق بالا قاتارىدا بۇۋى مەريەم چېركاۋى ئالدىدىكى ياغاچ كارىۋاتقا قويۇپ قويدى.

— بۇ ئېپىسكوپلارنى قارىمامدىغان، — دېدى گېرۋايىس غوتۇلداپ، — قورسىقىدا ئۇمىچى بار ئادەملەر تۇرۇقلۇق، قىلغان - ئەتكەنلىرى باشقىلارنىڭكىگە زادى ئوخشىمايدۇ. سىزدىن سوراپ باقاي ئۇداردي، ئالۋاستىدەك بىر بالىنى يېتىم - يېسىر قاتارىدا كۆرۈش قانداق بولغىنى؟ ئۇ بەتبەشىرە مەخلۇق چوقۇم ئالۋاستى! بولدىلا، ماھىت! پارىژغا كەلگەندىن كېيىن قانداق بولدى؟ ئۇنى بېقىۋالىدىغانغا بىرەر ياخشى نىيەتلىك ئادەممۇ چىقمىغاندۇ؟

— خەۋىرىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ياقا يۇرتلۇق ئايال، — بۇ دەل مېنىڭ ئېرىم بېرىندىكى پوتوكچىلىك قىلىدىغان ئەمەلنى سېتىۋالغان چاغ ئىدى. ئۇ يەر شەھەردىن ئىككى فىرانسىيە چاقىرىم نېرىدا ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ھېلىقى ئىش بىلەن كارىمىز بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېرناي رايونىدىكى ئىككى دۆڭ بېرنىنى توسىۋالغان بولغاچقا، رېيمستىكى چوڭ چېركاۋنىڭ قوڭغۇراقخانىسىنى كۆرمەكمۇ تەس ئىدى.

تەق - تۇرقى سالاپەتلىك بۇ ئۈچ ئايال مۇشۇنداق مۇڭداشقان پېتى گرېۋ مەيدانىغا يېتىپ كەلگىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. گەپ

بىلەن بولۇپ كېتىپ، رولاند مۇناردىكى دۇئا ـ تىلاۋەتكە ئورتاق ئىشلىتىدىغان كىتاب قويۇلغان جايدىمۇ توختىماي، ئۇدۇللا جازا سۇپىسىغا قاراپ ماڭدى. سۇپىنىڭ چۆرىسىدىكى ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە ئىدى. ناۋادا ماھىيەت يېتىلەپ ماڭغان ئالتە ياشلىق سېمىز ئىئوستاش ئۇلارنىڭ سەمىگە سالمىغان بولسا، كۆز ئالدىدىكى بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىمىز دەپ ئۆزلىرى كۆرمەكچى بولغان چاشقان كامىرىنى ئېسىدىن چىقارغان بولاتتى.

— ئانا، — دېدى ئىئوستاش قانداقتۇر بىر غايىب نەرسە ئۇنىڭغا چاشقان كامىرىدىن ئۆتۈپ كەتتۇق دەپ بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، — ئەمدى قولۇمدىكى قوتۇرماچنى يېسەمغۇ بولار؟

ئىئوستاشنىڭ دەل شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا قوتۇرماچنىڭ گېپىنى قىلىشى ماھىيەتنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

— ئاپلا، — دېدى ئۇ، — بىز راھىبەنى ئۇنتۇپ قاپتۇق! مېنى چاشقان كامىرىغا ئېلىپ بېرىڭلار، ماۋۇ قوتۇرماچنى ئۇنىڭغا بېرىۋالاي!

— دەرھال ماڭايلى، — دېدى ئۇدارې، — بۇ ساۋابلىق ئىشقۇ!

ئىئوستاش مۇنداق ئاقىۋەتنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرمىگەنىدى.

— ئىسىت، قوتۇرمىچىم! — دەپ كەتتى ئىئوستاش بېشىنى قاشلاپ ۋە خۇيى تۇتۇپ دولىسىنى قىسىپ قويدى.

ئۈچەيلەن كەينىگە قايرىلىپ، رولاند مۇنارىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇداردې:

— چاشقان كامىرىنىڭ ئىچىگە ئۈچەيلەن تەڭلا قارىمايلى. راھىبە چۆچۈپ كېتىپ يۈرمىسۇن. مەن دېرىزىگە يۈزۈمنى چاپلاپ تۇرۇپ ئاۋۋال قاراپ باقاي. سىلەر دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان قىياپەتتە كىتابقا قاراپ تۇرۇڭلار. مەن ئۇ ئايال بىلەن ئازراق تونۇشلۇقۇم بار. قاچان يېنىمغا كەلسەڭلار بولىدۇ. ئۆزۈم

بىرنېمە دەي، ـــ دېدى.

ئۇ دېرىـزە تۈۋىگە بېرىپ، ئۆيئىچىـگە قاراپلا كـۆڭلى بىـر قىسما بولۇپ كەتتى، خۇددى كۈن نۇرى چۈشـۈپ تۇرغان يەردىـن ئاينىڭ يورۇقى بار يـەرگە كېلىـپ قالغانـدەك، چىرايى بىردىنـلا ئۆزگەردى. كۆزى ياشـاڭغـىراپ، لـەۋلـىرى تـىتـرەپ كـەتـتـى. بىردەمدىن كېيىن بىگىز قولىنى ئاغزىغا تەگكۈزۈپ، ماھىتنىـڭ كېلىشىگە ئىشارەت قىلدى.

ماھىت يۈرىكى پوكۇلداپ، خۇددى سەكـراتتىكى ئادەم ياتقـان كارىۋاتنىڭ ئالدىغا كېتىپ بارغاندەك، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسـەپ كەلدى.

ئىككى ئايال دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، مىدىر ـ سىدىر قىلماي جىم تۇرغان پېتى تۆمـۈر رېشاتكىـدىن ئۆيـىنىڭ ئىچىگە نـەزەر سالدى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرە تولىمۇ ئېچىنىشلىـق ئىدى. ھەم تار، ھـەم ئەگمە شـەكىللىـك بۇ ئۆيـئىچى قـارىماققـا ئېپىسكوپنىـڭ بېشـىدىكى سـودىيە قالپىقـىغىلا ئوخشايتـتى. سىلىقلىنىپ پارقىراپ كەتكەن ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرنىـڭ بۇلۇڭىدىكى ئايالنى ئولتۇرۇپتۇ دېگەندىن كۆرە، تۈگۈلۈپ قاپتـۇ دېگەن تـوزۇك ئىدى. ئۇ قـولـىنى مـەيدىسـىگە قويـۇۋالـغان، ئېڭىكىنى تىزلىرى ئۈستىگە يېقىن قويغان بولۇپ، ئۈستىدىكى ماتادىن تىكىلگەن ئۇزۇن تون پـۇرلىشـىپ كەتكەنىدى. ئۇچىـدەك ئاقارغان ئۇزۇن چىچى پېشانىسـىدىن چۈشـۈپ، ئىككـى پۇتـىنى بويلىغان ھالدا ئوشۇقـىغىچە سۆرىلـىپ تۇراتتى. بىرلا قاراشقـا ئۇنى قاراڭغۇ ئۆيىنىڭ نېرىـقى تېمـىغا ئويـۇپ قويۇلغـان غەلىتە شەكىلـدىكى جىسىم دېيىشكـە بولاتتى، چۈنكى ئۇ راسـتىنـلا قارىداپ كەتكەن ئۈچ بۇرجەك بىرنەرسىگە ئوخشايتتى. دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان قـۇياش نۇرىدا خـۇددى كىشـلەر چۈشىـدە ياكى گويا ① نىڭ غەلىتە ئەسەرلىرىدە كۆرگەن قەبرىستانلىقتا

① گويا (1746 ـــ 1828 ـ يىللار) ـــ ئىسپانىيەلىك رەسسام.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياكى تۈرمىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىرىدا تۈگۈلۈپ يۈرگەن، چىرايىدا قان دىدارى يوق، كۆزلىرىنىڭ خۇنى كەتكەن، تۈرقىدىن ۋەھىمە يېغىپ تۇرىدىغان، خىرە - شىرە ئەرۋاھلارنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

تاش ئۆيگە ھېچ يەملىۋەتكەندەك تۇرغان بۇ بەدەندە نە ھەرىكەت، نە نەپەس دېگەنلەر يوقتەك ئىدى. بۇ سوغۇق جاندىن ئۆتىدىغان يانۋار كۈنلىرىدە، ئۇ تولىمۇ نېپىز ماتا كىيىم بىلەن، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنى ئۇزۇن تونىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، گىرانىت ياپىلاق تاش ئۈستىدە تۈگۈلگەن پېتى ئولتۇراتتى. ئىسسىنىدىغان ئوت بولمىغاچقا، پەقەت مۇشۇ قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئارام تاپالايدىغاندەك ئىدى. دېرىزىدىن قۇياش نۇرىنىڭ ئورنىغا ئىزغىرىن شامال ئۇچۇپ كىرەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئۇ بەجايىكى ھېچقانچە ئازابلانمايدىغاندەك، ئېسىنى يوقاتقاندەك، مۇشۇ ماكان بىلەن بىللە تاشقا ئايلىنىپ كەتكەندەك، مۇشۇ پەسىل بىلەن بىللە مۇز بولۇپ قېتىپ كەتكەندەك ئىدى. ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئولتۇرغان بۇ ئايالنىڭ كۆزلىرى نۇرسىز ئىدى. بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئادەم ئۇنى ئەرۋاھ چاغلىغان بولسا، ئىككىنچى قېتىم كۆرگەندە ئۇنى ھەيكەل دەپ ئويلاپ قالاتتى.

ئۇ كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى يېرىم ئېچىپ نەپەس ئالاتتى. بەزىدە تۇيۇقسىزلا شۈركۈنۈپ كەتكەندەك بولاتتى، لېكىن بوراندا ئۇچۇپ يۈرگەن غازاڭدەك جانسىز ئىدى.

بەزىدە ئۇنىڭ خۇنى كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر خىل غەمكىن، خىرە - شىرە، ئىپادىسىز نۇر لەپپىدە چاقناپ قالاتتى، لېكىن بۇنىڭ نېمە ۋەجىدىن ئىكەنلىكىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلىگىلى بولمايتتى، بەزىدە ئۆينىڭ بىرەر بۇلۇڭىغا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ كېتەتتى، شۇنداق چاغلاردا، ئۇنىڭ كۆزى بۇ بەختسىز ۋۇجۇدنىڭ جىمىكى ھەسرەت - نادامەتلىرىنى قانداقتۇر بىر سىرلىق شەيئى تەرەپكە ئېلىپ كېتىپ بارغاندەك بولاتتى.

ئۇ مۇشۇنداق بىر ماكاندا ياشىغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ئۇنى راھىبە دەپ چاقىراتتى. كىيىنۋالغان كىيىملىرىگە قاراپ، ئۇنى كاناپ خالتىلىق موماي دەپ ئاتايتتى.

گېرۋايىسمۇ ماھىت بىلەن ئۇداردېنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۈچەيلەن ئۆيىنىڭ ئىچىگە تەڭلا كۆز تاشلىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ بېشى كاماردىكى سۇس يورۇقنى تۇسۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيئىچىدىكى ھەممە بىساتىدىن قۇرۇق قالغان بەختسىز ئايال دېرىزە تۈۋىدە ئادەم بارلىقىنى سەزمىگەندەك ئىدى.

— بىز ئۇنى چۆچۈتۈپ قويمايلى، — دېدى ئۇداردې، — ئۇ ئىخلاس بىلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇغۇ دەيمەن!

ماھىت ئۇنىڭ قورايدەك بولۇپ قالغان بەدىنىگە، ياداڭغۇ چىرايىغا، چۈۋۈلۈپ كەتكەن چېچى ۋە مەينەت بولۇپ كەتكەن يۈزىگە قاراپ بەك ئازابلاندى، كۆز چاناقلىرىغا مۆللىدە ياش كەلدى.

— غەلىتە ئىشقۇ بۇ! — دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە غودۇراپ.

ئۇ بېشىنى دېرىزىدىن كىرگۈزۈپ، ئۆيئىچىدىكى شور پېشانە ئايال تىكىلىپ تۇرغان بۇلۇڭغا كۆز يۈگۈرتتى.

ئۇ دېرىزىدىن بېشىنى تارتقاندا، يۈز ـ كۆزى پۈتۈنلەي ياش يۇقى بولۇپ كەتكەنىدى.

— سىلەر بۇ ئايالنى نېمە دەپ چاقىرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇداردېدىن.

— بىز ئۇنى گۇدۇل ئاچا دەپ چاقىرىمىز.

— بىراق مەنچۇ، مەن ئۇنى پاكىيىت شانتىپلوئىر دەپ چاقىرغۇدەكمەن!

ئۇ بىر بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ، ئۇداردېىقا بېشىڭىزنى دېرىزىدىن كىرگۈزۈپ قاراپ بېقىڭ، دەپ شەرەت قىلدى.

ئۇداردې راھىبەگە كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان بۇلۇڭدىن ئالتۇن بىلەن كۈمۈشتىن ھەل بېرىلگەن يىپتا كەشتىلەنگەن، تېشى ئاچ قىزىل دۇخاۋىلىق پوپۇچنى كۆرۈپ قالدى.

گىرۋايىسمۇ ئۇداردىنىڭ كەينىدىنلا بوينىنى سوزدى.
ئۇچەيلەن بۇ بەختسىز ئانىغا قاراپ تۇرۇپ يىغلاپ تاشلىدى.

لېكىن، ئۇلارنىڭ قاراپ تۇرۇشلىرى ۋە تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرى راھىبەگە تەسىر قىلالمىدى. ئۇنىڭ قولى يەنىلا چىڭ يۇمۇقلۇق، كۆزلىرى ئوخشاشلا ئىپادىسىز ئىدى. بۇ سىپتا تىكىلگەن، چاققان پوپۇچنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرنى بىلگەنلەر ئۇنىڭ بۇ ئاياغ كىيىمىگە شۇنچىلىك زارىقىپ قاراپ تۇرۇشلىرىنى كۆرگەندە، كۆڭلى يېرىم بولماي قالمايتتى. ئۇچەيلەن بۇرۇنقىدەكلا ئۇندىمەي جىم تۇردى. ئۇلار بىرنەرسە دېيىشكە، ھەتتا پىچىرلاپ گەپ قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى. ئۇلار مۇنداق چىدىغۇسىز جىمجىتلىق ۋە ئازاب ئالدىدا، پوپۇچتىن بۆلەك ھېچقانداق بىرنەرسىنى ئەسلىيەلمەيدىغان مۇنداق ئۇنتۇلۇش ئالدىدا، ئۆزلىرىنى خۇددى پاسخا بايرىمى ياكى مىلاد بايرىمى كۈنى نەزىر - چىراغ سۇپىسى ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى. ئۇلار ئۇندىمىدى، چوڭقۇر ئوي - خىيال ئىچىگە غەرق بولدى. تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، سەجدە قىلغۇدەك ھالغا يەتتى. ئۇلار شۇ تاپتا ئەيسانىڭ رىيازەت چەككەنلىكىنى خاتىرىلەيدىغان كۈنى چېركاۋغا كىرگەن ئادەملەرگىلا ئوخشايتتى.

ئۇچەيلەننىڭ ئىچىدە گىرۋايىس تەمكىنرەك ئايال ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىرەر ئىشقا ئالدىراپ ئېرىنىپ كەتمەيتتى. ئۇ ئاخىر گەپ باشلاپ راھىبەنى ئېغىز ئاچۇرماقچى بولۇپ:

— راھىبە ئاچا! گۇدۇل ئاچا! — دېدى.

ئۇ ئارقا - ئارقىدىن ئۈچ قېتىم توۋلىدى. راھىبە مىت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ خۇددى تىرىكتاپنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

نۆۋەت ئۇداردىغا كەلدى. ئۇ يۇمشاق، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن توۋلاپ باقتى:

— راھىبە ئاچا! ساينىت گۇدۇل ئاچا!

يەنىلا سادا چىقمىدى. ئۆيئىچى ئوخشاشلا تىمتاس ئىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور ئادرېسى

— مىجەزى غەلىتە ئايالغۇ بۇ! — دېدى گېرۋايىس، — زەمبىرەك ئاتسىمۇ پەرۋا قىلمىغۇدەك!

— قۇلىقى گاس ئوخشايدۇ! — دېدى ئۇدارد ئۇھسىنىپ.

— ئەمما بولسا كېرەك، — دېدى گېرۋايىس قوشۇق سېلىپ.

— ئۆلۈپ قالغان بولمىغىيدى، — دېدى ماھېت.

ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ روھى تېخى بۇ ھاياتتىن كۆچۈپ قالمىغان بىھوش بەدەندىن ئايرىلمىغان، بەلكى تاشقى دۇنيادىن كېلىۋاتقان ھەرقانداق ئاۋاز يېتىپ بارالمايدىغان چوڭقۇرلۇقتا چېكىنگەن پاكى يوشۇرۇنغانىدى.

— قوتۇرماچنى دېرىزىگە قويۇپ قويماقتىن باشقا ئامال يوق، — دېدى ئۇدارد، — لېكىن مۇنداق قىلساق ئۇدۇل كەلگەن كىچىك بالىدىن بىرى ئۇنى ئېلىۋالىدۇ، ئۇنى قانداق قىلىپ ئويغاتقىلى بولار؟

يوغانلا بىر ئىت سۆرەپ ماڭغان ھارۋىدىن كۆزنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان ئىئوستاش چوپچوك ئۈچ ئادەمنىڭ دېرىزىدىن ئۆيىنىڭ ئىچىگە سەپسېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، پاسىل تاشقا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ تۇرۇپ، بۇدرۇق يۈزىنى دېرىزىگە يېقىن ئەكېلىپ:

— ئانا، مەنمۇ كۆردۈم! — دەپ ۋارقىرىدى.

راھىبە كىچىك بالىنىڭ سۈزۈك، يۇمران، جاراڭلىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ئاستا يانغا ئۆرۈلدى، ھەيرانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان، ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان كۆزى بالىغا تىكىلدى. بۇ كۆزلەر بەئەينى چاقماقنىڭ يورۇقىدەك نۇرلۇق ئىدى.

— ئاھ، خۇدا! — دېدى ئۇ بېشىنى ئىككى تىزى ئارىسىغا ئېلىپ، قارىماققا ئۇنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەندەك ئىدى، — سادىغاڭ كېتەي، ماڭا باشقىلارنىڭ بالىسىنى كۆرسەتمىسەڭ!

— ياخشىمۇسىز، مۆھتەرەم خېنىم! — دەپ چاقىردى بالا ساددىلىق بىلەن.

نېرۋىنى غىدىقلايدىغان بۇ سۆز راھىبەنى ئويغاتتى بولغاي، ۋۇجۇدى بىرھازاغىچە تىترەپ توختىمىدى. چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. بېشىنى سەل كۆتۈردى. ئىككى جەينىكىنى تىزىغا قويدى، ئاندىن تاپىنىغا قولىنى تەگكۈزۈپ، ئىسسىق ئۆتكۈزمەكچى بولدى.

— بەك توڭلاپ كەتتىم! — دېدى ئۇ.

— بىچارە ئايال، — دېدى ئۇداردې ئىچ ئاغرىتىپ، — ئوتقا قاقلىناي دەمسىز؟

ئۇ ھاجىتى يوق دېگەندەك بېشىنى چايقىدى.

— ئۇنداقتا، — ئۇداردې قولىدىكى بوتۇلكىنى ئۇنىڭغا ئۇزارتتى، — دورا - دەرمەك چىلانغان بۇ ھاراق سوغۇققا دال بولىدۇ، ئىچىۋېتىڭ!

ئايال يەنىلا بېشىنى چايقىدى، لېكىن ئوداردېدىن كۆزىنى ئالمىدى.

— سۇ بولسىلا بولاتتى!

— ئۇنداق قىلسىڭىز بولماس، راھىبە ئاچا! ئايمۇئاي سۇ ئىچىپلا ئولتۇرغان بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ. ئازراق دورا ھارىقى ئىچىڭ، تاۋىدا پىشۇرغان بۇ قوتۇرماچقا ئېغىز تېگىڭ.

ئۇ ماھېت تەڭلىگەن سوۋغىنى نېرى ئىتتەردى.

— قارا بولكا بەرسىڭىز ئالاي.

— ماۋۇنى، — دېدى گېرۋايىسمۇ ئىچ - ئىچىدىن ئېچىنىپ، ئۇ ئۇچىسىدىكى پوپايكىنى يەشتى، — بۇ سىزنىڭ كىيىۋالغىنىڭىزدىن ئىسسىقراق، دەرھال كىيىۋېلىڭ!

ئايال بوتۇلكا بىلەن قوتۇرماچنى ئالمىدى، پوپايكىنىمۇ رەت قىلدى.

— ماتا كىيىم بولسا مەيلى، — دېدى ئۇ.

— لېكىن، — دېدى كۆڭلى يۇمشاق ئۇداردې، — تۈنۈگۈنكى كۈن بايرام ئەمەسمۇ؟

— بىلىمەن، — دېدى راھىبە، — سۇدانىدا سۇ قالمىغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى كۈن بولدى.

ئۇ بىردەم ئۇن چىقماي جىم تۇرغاندىن كېيىن، گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بايرام دېيىشلەر، لېكىن ئادەملەر بايرامدا مېنى ئۇنتۇپ قالدى. بۇمۇ نورمال ئىش. مەن بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمىگەن تۇرسام، بۇ دۇنيا قانداقلارچە ماڭا كۆڭۈل بۆلسۇن؟ مەشتە سوغۇق كۆلدىن باشقا نەرسە يوق !

ئۇ خۇددى تولا گەپ قىلىپ مادارىدىن كەتكەن ئادەمدەك، بېشىنى يەنە بىر قېتىم تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە قويدى.

ساددا، ئاق كۆڭۈل ئودارچى ئۆزىچە ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزىنى چۈشەندىم دېگەن يەرگە كېلىپ، «ئۇ ھېلىمۇ ئۆزىنىڭ توڭلاپ كەتكەنلىكىگە تاپا ـ تەنە قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئوتقا قاقلانغۇڭىز كەپتۇ ـ دە ! — دېدى ساددىلىق بىلەن.

— ئوت ! — خالتىلىق مومايىنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىپ كەتتى، — سىزنىڭچە يەر ئاستىدا ياتقىنىمغا ئون بەش يىل بولغان جىگەر پارەممۇ ئوتقا قاقلانسا بولىدىكەن ـ دە؟

ئۇنىڭ ۋۇجۇدى، ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئاخىر تۇيۇقسىز تىزلاندى. ئاندىن قېنى قاتقان، قورايدەك بولۇپ قالغان قولىنى شارتتىدە ئۇزارتىپ، ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرغان بالىنى كۆرسەتتى ـ دە:

— ئۇنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىڭلار ! مىسىرلىق ئايالار مۇشۇ يەردىن ئۆتۈپ قالدۇ ! — دېدى.

ئۇ مۇشۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا دۈم يىقىلدى، بېشى ياپلاق تاشقا تېگىپ، خۇددى تاش بىلەن تاش سوقۇلغاندەك ئاۋاز چىقىپ كەتتى. ئۈچ ئايال ئۇنى ئۆلدىگە چىقاردى. لېكىن، ئۇ ھايال ئۆتمەيلا يەنە مىدىرلاپ قالدى. ئايالار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سۆرەپ ئۆمىلىگەن پېتى ھېلىقى پوپۇچ قويۇلغان بۇلۇڭغا كېتىپ

بارغىنىغا قاراپ تۇردى. ئەمدى ئۇلار داۋاملىق قاراۋېرىشكە پېتىنالمىدى. ئاخىر ئۇلار توختىماي چىقىۋاتقان چوكۇلداپ سۆيۈشلەرنى، خورسىنىش ئاۋازىنى، يىغلاپ تۇرۇپ بېشىنى تامغا ئۇرۇۋاتقان چاغدىكى ئاۋازىنىلا ئاڭلىيالىدى. ئاخىرقى ئۇرۇلغان ئاۋاز شۇنداق قاتتىق چىقتىكى، ئۇچەيلەننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمىدى.

— ئۇ ئۆلۈۋالامدۇ نېمە؟ — دېدى گېرۋايس قارامىلىق بىلەن بېشىنى دېرىزىدىن تىقىپ.

— راھىبە ئاچا! راھىبە ئاچا! گۇدۇل ئاچا!

— گۇدۇل ئاچا! — دەپ توۋلىدى ئۇداردېمۇ.

— ئاھ، خۇدا! ئۇ قىمىرلىمايدۇغۇ! — دېدى گېرۋايس، — ئۇ ئۆلۈپ قالدىمۇ يا؟ گۇدۇل، گۇدۇل!

ماھېت ئېسەدەپ ئۇنىنى چىقىرالمىدى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئوڭلاپ، — پاكوپت! پاكوپت شانتىپلوئىر!

پوجاڭزىنىڭ پىلىكىگە ئوت تۇتاشمىغاندا، قانداق ئاقىۋەتنىڭ سادىر بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان بىر بالىنىڭ ئېڭىشىپ پۇۋلىگىنىنى، پوجاڭزا پارتلاپ ئۇنىڭ كۆزىنى زەخىملەندۈرگىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار.

راھىبە لاغىلداپ تىترەپ، ئورنىدىن تىك تۇردى - دە، سەكرىگەن پېتى دېرىزە ئالدىغا كەلدى. ماھېت، ئوداردې، يەنە بىر ئايال ۋە ماھېتنىڭ بالىسى راھىبەنىڭ كۆزىدىكى ئۇچقۇندىن شۇنداق قورقتىكى، كەينىگە داجىغان پېتى پىرىستانىنىڭ رېشاتكىسىغا قىستىلىپ قالدى.

بۇ چاغدا چىرايى ئېچىنىشلىق تۇس ئالدىغان راھىبە يۈزىنى دېرىزىنىڭ رېشاتكىسىغا يېقىن ئەكەلدى.

— ئاھ! — دېدى ئۇ يىرتقۇچ ھايۋاندەك سەت كۈلۈپ، — مېنى توۋلاۋاتقان قايسى مىسىرلىق ئايال؟

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئالاقزادىلىك ئىچىدىكى كۆزلىرى جازا سۇپىسىدىكى مەنزىرىگە يۆتكەلدى. بىرنەرسىدىن يىرگەنگەندەك بولدى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى. ئۇ ئىككى بىلىكىنى تۆمۈر رىشاتكىنىڭ سىرتىغا چىقىرىپ، سەكراتتا جان تالىشىۋاتقاندەك ھاسىرىدى.

— ئەسلىدە سەن ئىكەنسەنغۇ، مىسىرلىق ئايال! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — مېنى توۋلاۋاتقان سەن ئىكەنسەنغۇ، بالا ئوغرىسى! ھۇ ئۆلگۈر! لەنەتگەردى!

## 4. بىر تامچە ياشقا بىر تامچە سۇ

راھىبەنىڭ بايىقى بىرنەچچە ئېغىز گېپىنى تىياتىردىكى ئىككى پەردىنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسى دېيىشكە بولاتتى. سىلەرنىڭ ئابايا ئوقۇغىنىڭلار چاشقان كامىرىدا ئوينالغان بىر پەردە، بىزنىڭ ئەمدى سۆزلىمەكچى بولغانلىرىمىز جازا سۇپىسىدا ئوينىلىدىغان بىر پەردە ئىدى. بۇنىڭدىن سەللا ئىلگىرى، ئىككى پەردىلىك بۇ تىياتىرنىڭ ھەرقايسى پەردىلىرى ئۆزىگە خاس پەۋقۇلئاددە تىياتىرخانىدا ماس قەدەمدە باشلانغانىدى. بىرىنچى پەردىنىڭ گۇۋاھچىلىرى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇش ھېلىقى ئۈچ نەپەر ئايال، ئىككىنچى پەردىنىڭ تاماشىبىنلىرى بۇرۇن بىز گرېۋ مەيدانىدا كۆرگەن، ئەمدىلىكتە جازا سۇپىسى بىلەن دارنىڭ ئەتراپىدا قىستىلىشىپ يۈرگەن جامائەت ئىدى.

تۆت نەپەر ئەسكەر ۋە ساقچى ئەتىگەن سائەت توققۇزدىن باشلاپلا جازا سۇپىسىنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا ھازىر بولغانىدى. جامائەتمۇ بۇ يەردە گەرچە دارغا ئېسىش جازاسى ئىجرا قىلىنمىغان تەقدىردىمۇ، باشقا بىرەر دەھشەتلىك جازانىڭ، يەنى پالاق بىلەن ئۇرۇش، قۇلىقىنى كېسىش ياكى قانداقتۇر بۆلەك بىر يامان جازانىڭ ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا پەرەز

قىلىپ بولغانىدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە ئارىدا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بولغان ئالامان بىر ـ بىرىنى قىستاپ ھېلىقى تۆت نەپەر ئەسكەر ۋە ساقچىنىڭ يېنىغىلا بېرىپ قالدى. قاپسىلىپ مىدىرلىغۇچىلىكى قالمىغان ئەسكەر ۋە ساقچىلار ئالامانىنى ئاتنىڭ ساغرىسى ياكى قولىدىكى قامچا بىلەن بىرنەچچە قېتىم «ھەيدەپ»مۇ ھېچنېمە قىلالمىدى.

جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا تەقەززا بولۇپ كۆنۈپ كەتكەن جامائەت، بۈگۈنمۇ ئۈنچىلىك بىئارام بولۇپ كەتمىدى. ئەكسىچە، ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن جازا سۇپىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتى. ئۇ ئون فىرانسۇز چى ئېگىزلىكتىكى سېمونت سۇپا بولۇپ، باشقىلار «شوتا» دەپ ئاتايدىغان قوپال تاش پەلەمپەي ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈستىگە چىققىلى بولاتتى. سۇپىغا دۈپ ياغىچىدىن ياسالغان چىغرىق ياتقۇزۇپ قويۇلغانىدى. كىشىلەر قولى كەينىگە قايرىپ باغلانغان جىنايەتچىنى مۇشۇ چىغرىققا تاڭاتتى. چىغرىقنىڭ مەركىزىي قىسمىدا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان ياغاچ ئوق بولاتتى. ئوق ئايلانغاندا، چىغرىقمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئايلىناتتى ـ دە، مەيداننى ئورىۋالغان تاماشىبىنلار جىنايەتچىنىڭ چىرايىنى ھەممە تەرەپتىن تەڭ كۆرەلەيتتى. جىنايەتچىلەرنى «سازايى قىلىش» دېگەن مۇشۇ ئىدى.

سىلەرمۇ كۆرگەن بولغىيدىڭلار، گرىۋ مەيدانىدىكى جازا سۇپىسى كۆكتات بازىرىدىكى جازا سۇپىسىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، ئۇنچە ھەيۋەتلىكمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدا نە تۆمۈر كىرېستلىق ئۆگزە، نە سەككىز بۇرجەكلىك زىننەت چىرىغى، ئۆگزىلەرنىڭ يان تەرىپىدىن چوقچىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان گۈلسىمان ۋە ياپراقسىمان بېزەلگەن نەپىس تۈۋرۈكلەر، غەلىتە شەكىلدىكى نور، ئىخلاس بىلەن ئىشلەنگەن ئويما نەقىشلىك كاتەكچە، تۈجۈپىلەپ ياسالغان تاش ھەيكەل دېگەنلەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭدا ئۇششاق تاش بىلەن قوپۇرۇلغان تۆت تام

www.uyghurkitap.com

بىلەن ئىككى تۇۋرۇكتىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. بار نەرسىمۇ پەقەتلا ئۇنىڭ يېنىدىكى ھەم ئىنچىكە، ھەم سېيدام، تەلەتى سۆرۈن، قورقۇنچلۇق دار ئىدى، خالاس!

گوت سەنئىتىنىڭ ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈن ئالغاندا، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلانغۇدەك بىرەر ئالامەتنى تاپقىلى بولمايتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى بىكار تەلەپ ھۈرۈنلار بىناكارلىق سەنئىتىگە پەرۋاسىز قارايدىغان بولغاچقىمىكىن، ئۇلار جازا سۇپىسىنىڭ چىرايلىق ياكى سەت بولۇشىغا ئۇنچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەنىدى.

ھارۋىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويۇلغان جىنايەتچى مەيدانغا يالاپ كېلىندى. كىشىلەر ئۇنى جازا سۇپىسىغا سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ چىقىپ، جازا سۇپىسىدىكى ئايلانما چىغىرىققا ئارقان ۋە تاسما بىلەن چەمبەرچاس تېڭىۋەتتى. مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى جامائەت ئۇنى ئېنىق كۆردى. ئەتراپنى بىر ئالغان كۈلكە ۋە تەنتەنە ئاۋازى مەيداننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. تاماشىبىنلار ئۇنىڭ كۋاسىمدو ئىكەنلىكىنى بىلدى.

ئۇ ھەقىقەتەن كۋاسىمدو ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالەتتە قايتىپ كېلىشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىغانىدى. تېخى تۈنۈگۈن ئاخشام مەيداندىكى ئالامان ئۇنىڭغا بىر ئېغىزدىن ئالقىش ياغدۇرغان، سالام بەجا كەلتۈرگەن، ئۇنى ئەخمەقلەر پادىشاھى قىلىپ سايلىغان، مىسىر كىنەزى، تۇنىس پادىشاھى، ئىمپېراتور گالىلې قاتارلىقلار ئۇنى يول بويى ئۇزىتىپ ماڭغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ جازا سۇپىسىغا باغلىنىپ تۇرماقتا. ئەلۋەتتە، جامائەت ئارىسىدىكى ھېچقانداق ئادەم، ھەتتا بىردەم قەھرىمان، بىردەم مەھبۇس بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۋاسىمدومۇ بۇ ئىككى خىل قىسمەتنىڭ ئۆزئارا قانداق باغلىنىشى بارلىقى ھەققىدە ئوچۇق بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. گرىنگورى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپەسىمۇ مۇنداق ئەھۋالغا يولۇقمىغانىدى.

پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كاناپچىسى مىچېل نوئىرېت

ئادەملەرنى تىنچلىنىشقا ئىشارەت قىلدى، ئارقىدىنلا گوبېرناتورنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن يېزىلغان ھۆكۈمنامىنى ئوقۇدى، ئاندىن فورما كىيگەن مۇلازىملارنى باشلاپ ھارۋىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئەدلىيە ئورۇنلىرىنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتالمىش «ھەم چىڭ، ھەم قاتتىق باغلىشى» ئالدىدا ياكى شۇ چاغدىكى سۆز بىلەن ئالغاندا، ئارقان بىلەن تاسمىنىڭ گۆشنىڭ قېتىغا كىرىپ كېتىشى ئالدىدا كۋاسىمدو مىت قىلىپ قويمىدى، ھەتتا قاشلىرىنىمۇ يىمىرىپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق قارشىلىقمۇ بىكار ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، مۇنداق جازالاش ئەنئەنىسى مۇشۇ كۈنگىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇلمىغانىدى. بىزنىڭ بۇ مەدەنىي، مۆتىدىل، ئىنسانپەرۋەر مىللەت پۈتىغا ئىشكەل، قولىغا كويزا سېلىش (قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ۋە جازا سۈپىتىدا كاللىسىنى ئېلىش) قاتارلىقلارنى بۈگۈنگە قەدەر ئەتىۋارلاپ كېلىۋاتقان مىللەت ئىدى.

كۋاسىمدو ئۇلار نېمە قىلسا شۇنىڭغا ماقۇل دەپ تۇرىۋەردى. سۆرىگەنگىمۇ، ئىتتەرگەنگىمۇ، كۆتۈرگەنگىمۇ، باغلىغانغىمۇ، تاڭغانغىمۇ ئۇنىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ چىرايىدىن ياۋايى ئادەملەردە ياكى دېۋەڭ ئادەملەردىلا بولىدىغان ھەيرانلىقتىن بۆلەك ھېچقانداق ئىپادىنى كۆرمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ گاسلىقىنى بىلەتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ ئەما ئادەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

كىشىلەر كۋاسىمدونى شىللىسىدىن بېسىپ ئايلانما چىغرىق ئالدىغا تىزلاندۇردى. ئۇ قارشىلىق كۆرسەتمىدى؛ كىشىلەر ئۇنى قىپيالىڭاچ قىلىپ، دۈمبىسى بىلەن مەيدىسىنى ئوچۇق قويدى، ئۇ نېمە قىلساڭ قىل دېگەندەك جىم تۇردى؛ كىشىلەر ئۇنى تاسما بىلەن ئايلانما چىغرىققا تېڭىۋەتتى، ئۇ يەنىلا قىلچە نارازىلىق بىلدۈرمىدى. پەقەت قۇشخانىنىڭ ھارۋىسىغا باغلانغان موزايدەك توختىماي ھاسىرىدى، ساڭگىلاپ چۈشكەن بېشىمۇ خۇددى ھارۋىدىكى موزاينىڭ بېشىدەك ئىككى يېقىغا لىڭشىپ تۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— ماۋۇ كالۋانى كۆرمەمدىغان ! — دېدى ژان فروللو ئاغىنىسى روبىن پوسسىبپىيانغا (بۇ ئىككى ئىستۇدېنت جىنايەتچىگە ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلگەندى)، — ئۇ قۇتىغا سېلىپ قويغان تاشپاقىدىنمۇ ئۆتەر كالۋا نەرسە ئىكەنغۇ !

كىشىلەر كۋاسىمدونىڭ ئىچىلىپ قالغان توخۇ تۆش مەيدىسىنى، دۇمچەك دۈمبىسىنى، تېرىلىرى قېتىپ كەتكەن تۈكلۈك مۈرىسىنى كۆرۈپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى، مەيدان گۈرۈلدەپ كەتتى. ئۇلار تېقىملىرىغا ئۇرۇپ، تازا كۈلۈۋاتقاندا، مەھكىمە فورمىسىنى كىيگەن، بەستلىك، پاكار بىر ئەر ئۆملىگەندەكلا مېڭىپ سۇپىغا چىقتى ۋە جىنايەتچىگە يېقىن كەلدى. ئۇنىڭ كىملىكى بىردەمدىلا جامائەتكە مەلۇم بولدى. ئۇ چاتېلې سوتخانىسىدىكى پالاق جازاسىنى ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ كاتتىبېشى پېررات تورتېرو ئىدى.

ئۇ قارا بىر قوم سائەتنى جازا سۇپىسىنىڭ بۇلۇڭىغا قويدى، ئاندىن ئۈچىسىدىكى رەڭلىك توننى يەشتى. جامائەت شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزۈكلۈك تاسمىلىق قامچىنى كۆرۈپ قالدى. پېررات تورتېرو ئوڭ يېڭىنى ھېچنېمە بولمىغاندەك قولتۇقىغىچە تۈردى.

ژان فروللو قوڭۇر چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان موكىدەك ئۈچلۈق بېشىنى توپىتىن ئېگىز چىقاردى. ئۇ يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەنى ئوچۇقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن روبىن پوسسىبپىياننىڭ دولىسىغا چىقىۋالغاندى.

— ئەپەندىلەر، خانىملار ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ جامائەتنىڭ بېشىدىن ئېگىزدە تۇرۇپ، — تېز كۆرۈڭلار ! ئۇلار يوساستىكى ياردەمچى ئېپىسكوپ ئاكامنىڭ قولىدا قوڭغۇراق چالىدىغان كۋاسىمدونى قامچىلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ شەرقنىڭ بىنالىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان غەلىتە مەخلۇق، دۈمبىسى يۇمىلاق ئەگمە تورۇسقا، ئىككى پۇتى ئېگىلىپ كەتكەن تۈۋرۈككە ئوخشايدىغان نەرسە !

جامائەت تولا كۈلۈپ، ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك بولدى. كىچىك بالىلار بىلەن قىزلارنىڭ كۈلكىسى ئەتراپنى بىر ئالدى.

ئاخىر جاللات پۈتىنى چىغرىققا قويدى، چىغرىق ئايلىنىشقا باشلىدى. كۋاسىمىدونىڭ باغلاق ئىچىدە قورۇلۇپ كەتكەن بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ بەتبەشىرە يۈزلىرىدە بىردىنلا چۆچۈپ داڭ قېتىپ قالىدىغان ئالامەت پەيدا بولدى. جامائەت قىن - قىنىغا پاتماي تېخىمۇ قاتتىق كۈلگىلى تۇردى.

ئايلىنىۋاتقان چىغرىق كۋاسىمىدونىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دۈمچەك گەجگىسىنى قېرىشقاندەك پېرراتنىڭ ئۇدۇلىغىلا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئوڭ قولىنى سىلكىشى بىلەن، ئىنچىكە تاسمىلىق قامچا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى - دە، يىلانغا ئوخشاش ۋىشىلدىغان پېتى شور پېشانە كۋاسىمىدونىڭ گەجگىسىگە زەرب بىلەن ئۇرۇلدى.

كۋاسىمىدو چۈشىدىن ئويغىنىپ كەتكەندەك، قامچا بىلەن تەڭلا دىرىڭىدە سەكرەپ كەتتى - دە، دەرھال ئېسىگە كەلدى. باغلاقتا تۇرغىنىغا قارىماي، بوشىنىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. ئالاقزادىلىك ۋە ئازاب دەستىدىن يۈزىنىڭ تېرىلىرى تارتىشتى. تومۇرلىرى كۆپۈپ چىقتى. لېكىن، ئۇ غىڭ قىلماي جىم تۇرىۋەردى. پەقەتلا بېلىگە كۆكۈيۈن قونغان قاۋۇل بۇقىدەك، كاللىسىنى بىردەم ئالدى - كەينىگە، بىردەم ئوڭ - سولغا سىلكىپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەندى.

بىرىنچى قامچىغا ئۇلىشىپلا ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى قامچىمۇ تەگدى. پېررات توختاپ قالىدىغاندەك قىلمايتتى. چىغرىقمۇ توختىماي ئايلىناتتى. قامچا يامغۇر ئاۋازىدەك تاراسلايتتى. كۋاسىمىدونىڭ ئۈچىسى تىتىلىپ، قان چىققىلى تۇردى. توختىماي ئېقىۋاتقان قان دۈمچەكنىڭ ئىسلاپ قويغاندەك قاپقارا دۈمبىسىدىن سىرقىپ چۈشتى. سوزۇلۇپ تۇرغان ئىنچىكە قامچا ھاۋادا توختىماي ئايلىناتتى، ۋىشىلدايتتى. قامچىنىڭ ئۈچىدىكى قان تامچىلىرى قاراپ تۇرغان جامائەتنىڭ باش - كۆزىگە چۈشەتتى.

كۆاسىمدو ئەسلىدىكى پەرۋاسىز ھالەتكە يانغاندەك بولدى. ئۇ تەرنى بۇزمايتتى، ئىگراپمۇ قويمايتتى، بىلىنەر ـ بىلىنمەس سىلكىنىپ قويغاندەك قىلاتتى. لېكىن، كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان، بۇلجۇڭ گۆشلىرى پۈلتىيىپ چىققان، پۈتۈن ئەزايى كىرىشىپ كەتكەن بولغاچقا، بىرلا قاراشقا تاسما بىلەن زەنجىرنى ئۈزۈۋېتىدىغاندەك ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئەقىلگە سىغمىغۇدەك دەرىجىدە كۈچتۈڭگۈر ئىدى! شۇنداقتىمۇ، گۇبېرناتور مەھكىمىسىدىكى كونا ئىشكەللەر يەنىلا ئۇنىڭ پۈتىدا ئىدى. بۇ ئىشكەل كۆاسىمدو ھەربىر سىلكىنگەندە شاراقلاپلا قوياتتى، ئۇنىڭدىن بۆلەك بىر ئىشنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كۆاسىمدو مادارىدىن كەتتى، ماجالى قالمىدى. ئاغرىق ئازابى ۋە چۈشكۈنلۈك چىرايىدىكى ئالاقزادىلىكنىڭ ئورنىنى باستى. يەكچەشمە كۆزلىرى يۇمۇلدى، خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەندەك، بېشى مەيدىسىگە ساڭگىلاپ قالدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قايتا مىدىرلىمىدى. بەدىنىدە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ئۇنىڭدا قىلچىلىكمۇ ئىنكاس پەيدا قىلمىدى. مەيلى توختىماي سىرغىپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قاننى، بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئەسەبىيلەرچە تېگىۋاتقان قامچىنى جازا ئىجرا قىلغۇچىنىڭ دەرغەزەپ بولۇپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئېلى شلىرىنى، ھېلىقى تاسما قامچىنىڭ ھاۋادا لەيلىگەن چاغدىكى ۋىشىلداشلىرىنى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قېتىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى.

چاتېلې سوتخانىسىنىڭ جازا ئىجرا قىلىنغان چاغدىن تارتىپ تاش پەلەمپەينىڭ يېنىدا تۇرغان قارا كىيىملىك، قارا ئاتلىق ئىشىك باقار قولىدىكى قارا كالتەكنى شىلتىپ تۇرۇپ قوم سائەتكە تەڭلىدى. جازا ئىجرا قىلغۇچى قولىنى جىم قىلدى، چىغرىقمۇ ئايلىنىشتىن توختىدى. كۆاسىمدونىڭ يەكچەشمە كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا ئېچىلدى.

قامچىلاش جازاسى تاماملاندى، جازا ئىجرا قىلغۇچىنىڭ قول

ئاستىدىكى ئىككى چاپارمەن جىنايەتچىنىڭ دۈمبىسىدىكى قاننى پاكىز يۇيۇپ، ئۇ يەرگە ھەرقانداق جاراھەتنى بىردەمدىلا ساقايتىۋېتەلەيدىغان بىر خىل مەلھەمنى سۈرتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا پوپلار كىيىدىغان سېرىق توننى كىيدۈردى. پېرات تورتېرو قولىدىكى قان بىلەن بويالغان قامچىنى سىلكىدى. ئۇنىڭدىكى قان تامچىلىرى ياپلاق تاش ياتقۇزۇلغان سۇپىنى بويىۋەتتى.

لېكىن، كۋاسىمدونىڭ بېشىغا كەلگەن دىشۋارچىلىق بۇنىڭ بىلەن تۈگىمەيتتى، ئۇنىڭ روبېرت دېستوتىۋېل تەستىقلىغان ھۆكۈمنامىگە فىلوربىئان باربىدېن تەرىپىدىن ئىنتايىن ئېنىق قىلىپ قوشۇپ قويۇلغان يەنە بىر سائەتلىك جازاغىمۇ چىدىشى كېرەك ئىدى. بۇ ژان دېكومىنىنىڭ ھەم فىزىيولوگىيە، ھەم پىسخولوگىيەگە ئۇيغۇن كېلىدىغان «گاس ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى ھامان بىمەنە ۋە كۈلكىلىك بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى دەل جايىدا ئىسپاتلاپ بېرەتتى. نەتىجىدە قۇم سائەت يەنە بىر قېتىم دۈم قويۇلدى. جازانىڭ ئاخىرىغىچە داۋاملىشىشى ئۈچۈن، كۋاسىمدونىڭ دۈمچەك دۈمبىسى باغلاقتا تۇرىۋەردى.

خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ھالىتى ئۆيدىن تالاغا چىقمايدىغان كىچىك بالىلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئۇزاققىچە ئىپتىدائىي نادانلىقتا قېلىۋېرەتتى، ئەخلاق بىلەن ئەقىل - پاراسەتنىڭ بالىلىق باسقۇچىدا ياشايتتى. ناۋادا كىچىك بالىلارنى تەسۋىرلەيدىغان سۆز بىلەن تەسۋىرلەشكە توغرا كەلسە، ئۇلارنىڭ بۇ يېشىدا ھېسداشلىق بولمايتتى.

ئوقۇرمەنلەر جامائەتنىڭ كۋاسىمدودىن راستتىنلا بەك نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ بولدى. دېمىسىمۇ، توپ ئىچىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ بۇۋۋى مەريەم چېركاۋىدىكى بۇ ئەسكى دۈمچەكتىن نەپرەتلىنىشكە يېتەرلىك ئاساسى بار ئىدى. ئۇلار ئۇنىڭ جازا سۇپىسىدا رەسۋا بولغانلىقىنى كۆرۈپ قانغۇدەك

www.uyghurkitap.com

كۇلۇۋالدى. بۇ ئابايا دەھشەتلىك قىيناقتا بەرداشلىق بەرگەن چاغدىكى ئېچىنىشلىق مەنزىرىدىن ھېچكىمنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار قىزىق بىر ئويۇننى كۆرۈۋاتقاندەك خۇشال بولدى، ئۇلارنىڭ كۋاسىمودودىن يىرگىنىشى تېخىمۇ ئۇچىغا چىقتى، تېخىمۇ زەھەرلىك تۇس ئالدى.

مۇشۇلارغا كۆرە، «ئەيىبلەش» (سودىيەلەر بۈگۈنگە قەدەر قوللىنىپ كېلىۋاتقان كەسپىي ئاتالغۇ) ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆچ ئېلىپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىش نۆۋىتى شەخسلەرگە كەلدى. ئاياللار خۇددى ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن بىر بۇرۇندىن نەپەس ئالغاندەك قىيا ـ چىيا قىلىپ، تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۋاسىمودوغا بىر خىل ئۆچمەنلىك قىلاتتى. بەزىلىرى ئۇنى ھىيلىگەر، قۇۋ دەپ ئۆچلۈك قىلاتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭ سەتلىكىدىن بىزار بولاتتى، كېيىنكىلەرنىڭ تىل ـ ھاقارىتى ھەممىيلەننىڭكىدىن ئېغىر، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئىدى.

— غەيرىي دىندىكى ھايۋان! — دېدى بىرى.

— سۈپۈرگىگە مىنىپ يۈرىدىغان ئىبلىس! — دەپ ۋارقىرىدى بىرى.

— سەت، بىرنى ھىجايغىنا! — دېدى ئۈچىنچى بىرى، — مۇشۇنداق قىلالىساڭ، بۈگۈنمۇ ئەخمەقلەر پادىشاھى بولىسەن!

— خەپ! — دېدى بىر ئايال، — بۈگۈنغۇ جازا سۇپىسىدا كۈلەرسەن، دارغا ئېسىلغان چېغىڭدىكى كۈلكەڭنى بىر كۆرسەم بولاتتى!

— بېشىڭنى يەيدىغان قوڭغۇراق چالغۇچى، سېنى يۈز چى ئېگىزلىكتىكى قوڭغۇراقنىڭ تېگىگە قاچانمۇ كۆمۈۋېتەرمىز؟

— كەچلىك ئىبادەتكە قوڭغۇراق چالىدىغىنى دەل مۇشۇ مۇناپىق!

— تۇفى! لەنىتى گاس! يەكچەشمە! دۇمچەك! دۆيۈز!

— قاراڭلار ئۇنىڭ بەتبەشىرە تۇرقىغا، ھامىلىدار ئايال بىرلا كۆرسە بويىدىن ئاجراپ كېتىدۇ. ھامىلە چۈشۈرۈش دورىسىنى يېگەندىنمۇ تېز دەڭلار !

ئىككى ئىستۇدېنت — تۇگمەنچى ژان بىلەن روبىن پوسسىبېيان كانىينى كىرىپ، «بىر تال سىرتماق تېجىمەلگە قالسۇن ! بىر تال كالتەك بەتبەشىرىنىڭ جېنىنى ئالسۇن !» دەيدىغان قەدىمىي خەلق قوشاقلىرىنى توۋلىدى.

ئەيتاۋۇر، ئىسقىرتىش، كۈلكە - چاقچاق، قارغاش، تىل - ئاھانەت كۋاسىمدونىڭ بېشىغا يامغۇردەك ياغقىلى تۇردى. ئۇنىڭغا قارىتىپ تاش ئېتىۋاتقانلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى.

كۋاسىمدو گاس بولغىنىغا قارىماي، جامائەتنىڭ ئۆز نەپرىتىنى يالغۇز گەپ - سۆز بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قىلچە ئىككىلەنمەي چىرايى ئارقىلىقمۇ ئىپادىلەۋاتقىنىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇردى. ئۇچۇپ كېلىۋاتقان تاشلارمۇ تاماشىبىنلارنىڭ قاقاقلاپ كۈلۈشلىرىدىن قىلچىلىك ياخشى نىيەتنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرەتتى.

دەسلەپ كۋاسىمدو جازا ئازابىغا چىداپ جىم تۇردى. لېكىن، جازا ئىجرا قىلغۇچىنىڭ شىددەتلىك قامچا زەربىسىدىن ئاخىر سەۋر - تاقىتى تۈگەپ ئاستا - ئاستا بولالمىدى، بەل قويۇۋەتتى. ئىسپانىيەدىكى ئاستورى ① بۇقىلىرىمۇ بۇقا بىلەن ئېلىشىدىغان تورېئادورلارنىڭ ھۇجۇمىنى پەسەنت قىلمىغان بىلەن، ئەتراپتىكى ئىتلارنىڭ توختىماي قاۋاشلىرىغا ۋە نەيزىنىڭ كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى.

كۋاسىمدە دەسلەپىدە كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ئادەملەر توپىغا بىر - بىرلەپ كۆز يۈگۈرتتى. بىراق، چىغرىققا

---

① ئاستورى — ئىسپانىيەدىكى بىر ئۆلكىنىڭ كونا نامى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

چەمبەرچاس تېڭمۇېتىلگەن بولغاچقا، جاراھەتكە قونۇپ، باش ـ كۆزىدە گىژىلداپ يۈرگەن چىۋىنلەر ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى. ئاقۋەت ئۇ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي، جان ـ جەھلى بىلەن تىركىشىپ باقتى. كونا ئايالنىما چىغرىق غىچىرلاپ كەتتى. بۇ ئىشقا قاراپ تۇرغان ئالامان ئۇنى تېخىمۇ مازاق قىلدى، تىل ـ ھاقارەت ئەتراپنى بىر ئالدى.

بىچارە شور پېشانە زەنجىردىن بوشىنىشقا كۆزى يەتمىگەن ياۋايى ھايۋاندەك تەقدىرگە تەن بېرىپ جىمىپ كەتتى. مەيدىسى ئېگىز ـ پەس بولدى، پۇشۇلداپ توختىمىدى. شۇنداقتىمۇ يۈزى قىزارمىدى، چىرايىدا خىجىل بولىدىغان ئالامەتلەر كۆرۈلمىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئىجتىمائىي مەدەنىيلىكتىن بەك نېرىدا، تەبىئىي تۇرمۇش ھالىتىگە بەك يېقىن جايدا بولغاچقا، خىجىللىق، ئار ـ نومۇس دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ بۇ سەت يۈزىدە ئىزا ـ ئەلەم دېگەنلەرنىڭ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ غەزەپلەندى، نەپرەتلەندى، بىر ـ بىرلەپ پەيدا بولۇۋاتقان ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق چىرايىغا قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ كەلدى. ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزلىرى چاقماقتەك چاقناشقا باشلىدى.

شۇ ئەسنادا قىچىرغا مىنگەن بىر پوپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئەنسىز قارا بۇلۇت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىدا نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇ مېڭىۋاتقان قىچىرغا ۋە قىچىر ئۈستىدىكى پوپقا يىراقتىن نەزەر سالدى. يۈز ـ كۆزلىرىدە مۇلايىملىق جىلۋە قىلدى. ئۇنى تىزگىنلىۋالغان ھېلىقى غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ ئورنىغا كۆڭۈلچەكلىك، خۇش پېئىللىق بىلەن تولغان غەلىتە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. پوپ يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ چىرايىدىكى بايىقى كۈلۈمسىرەش خۇددى بېشىغا كۈن چۈشكەن ئادەم تېپىۋېلىپ يۈرگەن قۇتقۇزغۇچى ئىلاھ

ئەرشتىن چۈشكەندەك تېخىمۇ ئېنىق بىلىندى. لېكىن، قېچىر جازا سۈپىتىدە يېقىن كېلىپ، ئۈستىدە ئولتۇرغان پوپ جىنايەتچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇغاندا كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي، قېچىرنى دەرھال كەينىگە ياندۇردى. ئۇ بەجايىكى ئار - نومۇسىنىڭ ئىلتىجاسىدىن قېچىپ كەتمەكچى بولغاندەك، قېچىرغا ئايانماي قامچا ئۇردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغان بىر بايقۇشنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قېلىشىنى ۋە ئۆزىگە سالام بېرىشىنى خالىمايتتى.

بۇ پوپ دەل ياردەمچى ئېپىسكوپ دوم كلاۋدې فروللو ئىدى.

كۋاسىمدونىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى، دېمى سىقىلدى. لەۋلىرىگە بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە ياماشقان بولسىمۇ، بۇ كۈلكە شۇنچىلىك ئاچچىق، جانسىز، ئېيتقۇسىز دەرىجىدە غەمكىن ئىدى.

ۋاقىت پەرۋاسىزلىق بىلەن ئۆتىۋەردى. كۋاسىمدونىڭ جازا سۈپىتىدىكى چىغىرىقتا تېڭىلغان پېتى تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىغا بىر يېرىم سائەت بولدى. پۈتكۈل بەدىنى سىرقىراپ ئاغرىپ، قاتتىق قىينالدى. كىشىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلىپ تىنمىدى، ھەتتا قالايمىقان تاش ئېتىپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قالدى.

كۋاسىمدو بىردىنلا مىدىرلاپ، ھەددىدىن زىيادە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە زەنجىر بىلەن يەنە بىر قېتىم تىركەشتى. ئاستىدىكى ياغاچ تاختاي غىرىسلاپ كەتتى. ئۇ جاھىللىق بىلەن ساقلاپ كېلىۋاتقان جىمغۇرلۇقنى بۇزۇپ، خىرىلداپ چىقىۋاتقان غەزەپلىك ئاۋازى بىلەن: «سۇ بېرىڭلار !» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك قىلمايتتى، بەلكى بىرەر ھايۋاننىڭ ھۆركىرىشىگە ئوخشايتتى. بۇ ئاۋاز مەيداندىكى تىل - ئاھانەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بېسىپ چۈشتى.

بۇ ئېچىنىشلىق ئىلتىجا ھېچكىمنىڭمۇ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىدى. ئەكسىچە، جازا سۈپىسىنى چۆرىدەپ تۇرغان پارىژ شەھەر ئاھالىسىنىڭ تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈشكە سەۋەب بولدى. شۇنى ئېزاھلاپ قويۇش كېرەككى، قاراپ تۇرغان جامائەتنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە قارا قورساقلىقى شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرىدىغان سەرگەردان تىلەمچىلەردىن كەم ئەمەس ئىدى. بۇ گەپنى بىز ئوقۇرمەنلەرگە باشتىلا ئەسكەرتكەندۇق. ئەتراپتىن بىچارە جىنايەتچىنىڭ ئۇسساپ كەتكىنىنى زاڭلىق قىلىپ كۈلگەندىن بۆلەك ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئۈنچىلىك ئىچ ئاغرىتىپ كەتكۈدەك ھالدا ئەمەس ئىدى. ئەكسىچە، ئۇ تېخىمۇ غەلىتە، تېخىمۇ كۈلكىلىك، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى چىڭقىلىپ شەلپەردەك قىزاردى، يۈز ـ كۆزىدىن تەر قۇيۇلدى. كۆزلىرىدىن ئەسەبىي نۇر چاقنىدى. تىلىنىڭ يېرىمى ساڭگىلاپ قالدى. يەنە شۇنى تىلغا ئېلىش كېرەككى، ناۋادا شۇ تاپتا جامائەت ئىچىدىكى قانداقتۇر بىر ياخشى نىيەتلىك ئەر ياكى ئايال ئازاب ـ ئوقۇبەت دەستىدە قىينىلىۋاتقان بۇ بىچارە ئادەمگە بىر قاچا سۇ بېرىشكە جۈرئەت قىلغان تەقدىردىمۇ، جازا سۈپىسىنىڭ رەزىل تاش پەلەمپىيىنى قاپلىغان مۇنداق ئېغىر بىر ئاداۋەت ۋە ھاقارەت ئالدىدا يۈرىكى قارتتىدە بولۇپ توختاپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

بىرنەچچە مىنۇت ئۆتتى. كۋاسىمودو ئۈمىدسىز كۆزلىرى بىلەن جامائەت تۇرغان مەيدانغا يەنە بىر مەرتىۋە قارىدى. ئادەمنىڭ يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە قىلىۋېتىدىغان ئاۋازى بىلەن يەنە بىر قېتىم ۋارقىرىدى:

— سۇ بېرىڭلار !

كۋاسىمودونىڭ بۇ گېپىگە پۈتۈن مەيداندىكىلەر قاقاقلاپ

كۆلۈشتى.

— ئىچەي دېسەڭ مانا ! — روبىن پوسىسىبېيان يۈندى ئېرىقىغا چىلانغان بىر پارچە بۆلۈتنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئاتتى، — ئاله، بۇزۇق ! ساڭا قىلغان ياخشىلىقىم بولۇپ قالسۇن !

— بۇ سېنىڭ قاراڭغۇ كېچىدە ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان قوڭغۇراق ئاۋازى بىلەن ئۇيقۇمنى هارام قىلغىنىڭنىڭ جازاسى ! — دېدى بىر ئايال ئۇنىڭ بېشىغا تاش ئېتىپ تۇرۇپ.

— هوي، خۇنپەر ! — دەپ توۋلىدى بىر توكۇر هاسىسىنى تورۇكلىتىپ مېڭىپ، — سېنىڭ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ مۇناردا تۇرۇپ مېنى قارغىغىنىڭنى كۆرەي !

— مۇشۇ قاچىدا سۇ ئىچ ! — دېدى بىر ئەر قولىدىكى ئىدىشىنىڭ سۇنۇقىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئېتىپ، — خوتۇنۇمنىڭ ئالدىدىن ئۆتىۋېتىپ، ئۇ ئىككى باشلىق بالا تۇغۇپ قويدى ئەمەسمۇ !

— ئۇنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇكۇم ئالتە پۈتلۈك ئاسلانلاپ قويدى، — قېرى بىر ئايال ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ، قولىدىكى كاهىشىنىڭ پۇچۇقىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئاتتى.

— سۇ بېرىڭلار ! — كۋاسىمدو هاسىراپ تۇرۇپ ئۈچىنچى قېتىم توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

شۇ ئەسنادا كۋاسىمدو ئادەملەرنىڭ ئىككى تەرەپكە داجىپ ئارىلىقتىن بىرىگە يول بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ يولدىن ئۆزگىچە كىيىنگەن ياش بىر قىز چىقىپ كەلدى. قىزنىڭ قولىدا چاقچان بىر دۇمباق، يېنىدا ئالتۇن رەڭلىك مۈڭگۈزى بار قاردەك ئاپپاق ئوغلاق ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

كۋاسىمدونىڭ يەكچەشمە كۆزى چىمچىقلاپ كەتتى. بۇ قىز ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام بۇلاپ قاچماقچى بولغان بۇخېمىيەلىك قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. كۋاسىمدو دەل مۇشۇ قىز تۈپەيلى ئۆزىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىي ئادرېسى

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردە جاپا چېكىشۋاتقانلىقىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلغانىدەك بولدى. ئەھۋال ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گاس بولغانلىقى، شۇنداقلا گاس بىر سودىيە تەرىپىدىن سوراق قىلىنغانلىقىدىن جازاغا تارتىلغانىدى. كۋاسىمدو ئۆزىگە يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قىزنىڭ ئۈچ ئېلىش، ئۆزىنى باشقىلارغا ئوخشاش ئەدەپلەپ قويۇش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

كۋاسىمدو قىزنىڭ راستىنلا ئىتتىك ـ ئىتتىك مېڭىپ تاش پەلەمپەيگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى، غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىكىدىن ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلدى، جازا سۇپىسىنى كۆمپەيكۆم قىلىۋەتكۈسى كەلدى. ناۋادا ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزىدىن چاقماق ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان بولسا، بۇخېمىيەلىك بۇ قىز سۇپىغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا بېشىغا چاقماق چۈشۈپ، كۆكۆم ـ تالقان بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

قىز لام ـ جىم دېمەيلا يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈپ ئۆزىنى قاچۇرۇش كويىدا بولۇۋاتقان جىنايەتچىگە يېقىنلاشتى ۋە بېلىدىكى قاپاقنى ئېلىپ، بۇ بىچارە ئادەمنىڭ گەز باغلاپ يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىگە مېھرىبانلىق بىلەن ئۇزارتتى.

كىشىلەر دەل شۇ پەيتتە ئۇنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ۋە ئوت يېنىۋاتقان كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ئېقىۋاتقان ياش تامچىسىنىڭ قىيسىيىپ شەكلى ئۆزگىرىپ كەتكەن مەڭزىنى بويلاپ ئاستا ـ ئاستا سىرغىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئېھتىمال بۇ ياش ئۇ بىچارە ئادەمنىڭ كۆزىدىن پۈتۈن ئۆمرىدىكى تۇنجى قېتىم تۆكۈلگەن ياش ئىدى.

كۋاسىمدو سۇ ئىچىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇغانىدەك ئىدى. مىسىرلىق قىز جىلە بولۇپ لەۋلىرىنى پۇرۇشتۇردى ۋە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا قاپاقتىكى سۇنى كۋاسىمدونىڭ چىشلىرى ھىڭگىيىپ تۇرغان ئاغزىغا قارىتىپ قويدى. كۋاسىمدو

چۈشۈۋاتقان سۈنى گۈپۈلدىتىپ ئىچمۇەتتى، دىمىسىمۇ بەكلا ئۇسساپ كەتكەندى.

بىچارە بايقۇش سۈنى ئېچىپ بولغاندىن كېيىن قارىداپ كەتكەن لەۋلىرىنى ئۇمەللىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇ ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان بۇ نازۇك قولنى سۆيۈپ قويماقچى بولغانىدى. بەلكىم بۇ قىزمۇ ئېھتىيات قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ۋە ئۇنىڭ تۇنۇگۇن كەچتىكى مەقسىتىگە يېتەلمىگەن زوراۋانلىقىنى ئەسكە ئالغان بولسا كېرەك، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ چىشلىۋېلىشىدىن قورققان كىچىك بالىدەك چۆچۈپ كەتتى ۋە قولىنى شارتتىدە تارتىۋالدى.

بىچارە گاسنىڭ كۆزى قىزغا قادىلىپلا قالدى. بۇ كۆزلەردىن ئەيىبلەش ۋە ئېيتقۇسىز بىر خىل غەمكىنلىك بىلىنىپ تۇراتتى.

چىرايلىق، غۇبارسىز، جەلپكار ۋە نازۇك بىر قىزنىڭ شۇنچىلىك ياخشى نىيەت بىلەن بېرىپ، مۇشۇنداق بىر مايماق، كۆرۈمسىز، سەت بىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشى ھەرقانداق جايدا يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر تولىمۇ تەسىرلىك ئىش ئىدى. بۇ ئىشنىڭ يەنە كېلىپ جازا سۇپىسىدا يۈز بېرىشى تېخىمۇ تەسىرلىك دېيىشكە بولاتتى.

جامائەت بۇ ئىشتىن بۆلەكچە تەسىرلىنىپ كەتتى، ئارقىدىنلا چاۋاك ۋە ئالقىش سادالىرى پەلەككە يەتتى.

— بەللى ! — دەپ چۇرقىراشتى ھەممەيلەن.

دەل شۇ چاغدا، راھىبە ھېلىقى دېرىزە روجىكىدىن بېشىنى چىقاردى ۋە مىسىرلىق قىزنىڭ جازا سۇپىسىغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئۆلمىگۈر مىسىرلىق ! بېشىڭنى يەيدىغان ! — دېدى ئۇ ئاغزىنى بۇزۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى

# 5. كۆممىقوناق قوتۇرمىچى ھەققىدىكى ھېكايىنىڭ ئاخىرى

ئەسىرلەردا رەڭگى تاتىرىپ، دەلدەڭشىگەن ھالدا جازا سۇپىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. راھىبەنىڭ تىللاپ ـ قارغىشلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى.

ــ چۈشۈپ كەت! مىسىرلىق ئايال يانچۇقچى! يەنە چىقامسەن!

ــ كاناپ خالتىلىق موماينىڭ تۇتقاقلىقى يەنە تۇتۇپتۇ! ــ دېدى ئادەملەر پىچىرلىشىپ، ئاندىن ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. ئۇنىڭدەك ئاياللارنى ئادەملەر ئەزەلدىنلا ئەۋلىيا بىلىپ ئۇلۇغلايتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى. ھېچكىممۇ كېچە ـ كۈندۈز دۇئا ـ تىلاۋەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇنداق كىشىلەرگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىشنى خالىمايتتى.

كۋاسىمودونى قويۇپ بېرىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغانىدى. بىرلىرى كېلىپ ئۇنى باغلاقتىن بوشاتتى. ئادەملەر بىر ـ بىرلەپ تارقىلىشتى.

ماھىيت ئىككى ھەمراھى بىلەن بىللە كۆۋرۈكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قەدىمىنى توختاتتى.

ــ ئىئۇستاش، ــ دېدى ئۇ، ــ ھېلىقى كۆممىقوناق قوتۇرمىچى قېنى؟

ــ ئانا، ــ دېدى ئۇ، ــ سەن چاشقان كامىرىدىكى ھېلىقى خېنىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا، يوغانلا بىر ئىت يۇگۈرۈپ كېلىپ قولۇمدىكى قوتۇرماچقا ئېغىز سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى يەۋەتتىم.

ــ نېمە! سەن ئۇنى يەپ بولدۇڭمۇ؟

ــ ئانا، ئىت ئاۋۋال يېدى. مەن ئۇنى يېمە دېسەم گېپىمنى

ئاڭلىمىدى، ئاندىن مەنمۇ بىللە يىپىشىپ بەردىم. شۇنداق بولدى.

— ئادەم قورقۇتىدىغان بالا بوپسەن، — ئانىسى ئۇنى كۆلۈپ تۇرۇپ ئەيىبلىدى، — بىلەمسەن؟ مەن سىزگە دېسەم ئۇداردې، ئۇ ئۆزى يالغۇزلا باغدىكى گىلاسنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتكەندى، بوۋىسى ئۇنى چوڭ بولغاندا گېنېرال بولغۇدەك دېمەمدۇ، تېخى ! ئەدېپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام ئىئوستاش ! ماڭ، ئاچ كۆز ئاسلان !

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*Notre Dame De Paris*

# ئىككىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

## 1. ئوغلاقچا تايىنىپ سىر ساقلىغانلىقنىڭ خەتىرى

بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى.

ۋاقىت 3 ـ ئاينىڭ باشلىرىغا بېرىپ قالغان، گەرچە كىلاسسىك ئىستىلىستىكا ئىلمىنىڭ پېشۋاسى دۇبارتاس قۇياشنى «شاملارنىڭ ئىچىدىكى چوڭ كىنەز»گە ئوخشىتىشقا ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇياش يەنىلا ئوتقاشتەك تاۋلىناتتى، بۇ باھار پەسلىدىكى ئەڭ چىرايلىق، ئەڭ كۆكۈللۈك كۈنلەر ـــ پارىژلىقلار مەيدانغا بېرىشقا ۋە كوچىلارغا چىقىشقا ئامراق كۈنلەر ئىدى. نۇرانە، قىزغىن، سەلتەنەتلىك مۇنداق كۈنلەردە غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىغا ئۇدۇل چۈشىدىغان مۇنداق چاغدا، كىشىلەر قائىدە بويىچە بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسىغا ھۆرمەت بىلەن قارايتتى. بۇ مەھەلدە، پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى مەيدان ئالدىدىكى يەرنىڭ يۈزىدىن ئاستا ـ ئاستا ئايرىلاتتى ۋە چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىنى بويلاپ ئۇنىڭ چوققىلىق ئۆگزىسىگە قاراپ كۆتۈرۈلەتتى. خىرە ـ شىرە گۈگۈم قوينىدىكى قاپارتما نەقىشلەر تېخىمۇ ئېنىق كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، چېركاۋنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوكلوپ ① نىڭ يەكچەشمە كۆزىدەك كۆرۈنىدىغان يۇملاق شەكىلدىكى ئويما گۈللۈك چوڭ دېرىزىدىن تۆمۈرچىنىڭ ئوچىقىدا كۆيۈۋاتقان ئوتتەك قىپقىزىل ئوت

---

① سوكلوپ ـــ يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى يەكچەشمە گىگانت ئادەم. ئېيتىشىچە، ئۇ يانار تېغىنىڭ قاپتىلىدا ئوت ئىلاھىغا ياردەملىشىپ تۆمۈرچىلىك قىلغان.

ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقاتتى.
ھازىر دەل شۇ چاغ ئىدى.

ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چىركاۋ كەچكى قۇياش نۇرىدا توق قىزىل تۈسكە كىرگەن، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى پارۋى كوچىسىدىن پارۋى مەيدانىغا ئەگىلىدىغان دوقمۇشتا گوت شەكلىدە سېلىنغان ھەشەمەتلىك بىر قورۇ بار ئىدى. قورۇنىڭ دەرۋازىسى ئۈستىدىكى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بالكوندا رەسىدە بولغان بىرنەچچە چىرايلىق قىز بىرنېمىلەرنى دەپ كۈلەتتى ۋە بىر - بىرىگە چاقچاق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدىكى ئۇچلۇق بۆكلىرىگە ئۈنچە - مارجان تاقالغان، بۆكلىرىدىكى شايى لېنتىلار ئۇلارنىڭ تاپىنىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكەنىدى. كەشتىلەنگەن چىرايلىق لېپتىكىدىن كۆكسى سەل - پەل ئېچىلىپ قالغانىدى. يارشىملىق كۆركەم كۆڭلەكلىرىگە بىر تالاي پۆپۈك تۈتۈلغان، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئۈستىدىن چاقىقان كەمزۇل كىيىۋالغانىدى. كەمزۇلنىڭ سىرتىمۇ يىپەك ۋە ماموۇق بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ قاردەك ئاپپاق قولى ئېغىر ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى؛ ئۇلار فلېئور دې لىس گوندىلاۋۇر خان قىز ۋە ئۇنىڭ دىئانا كىرىستوئىل، ئامىلوت مونتمىكىل، كولۇمبى گائىللىفونتايىن ۋە بويىغا يەتمىگەن قىز دىشامپىشوۋىر قاتارلىق دوستلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باي ئائىلىنىڭ قىزلىرى بولۇپ، ئەمدىلىكتە 4 - ئايدا پارىژغا يىغىلىپ، ئاقسۆڭەك قىز مارگىرىت مەلىكىگە قىز قولدىشى بولىدىغانلارنى تاللايدىغان پائالىيەتكە قاتنىشىش ۋە ئارقىدىنلا پىكاردىستىن كەلگەن فلاندىرلىق ئەلچىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ مەلىكىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن تۇل ئايال گوندىلاۋۇرنىڭ ئۆيىدە بىئاۋۇي جانابلىرى بىلەن ئۇنىڭ خانىمى بىئاۋىيەنى ساقلاۋاتاتتى. نەچچە ئون چاقىرىم دائىرىدىكى ھاللىق ئائىلىلەر ئۆز قىزلىرىغا بۇ شان - شەرەپنى ئېلىپ بېرىش كويىدا ئىدى. شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قىزلىرىنى ئاللىبۇرۇن

www.uyghurkitap.com

پارىژغا ئېلىپ كەلگەن ياكى بولمىسا ئۇلارنى پارىژغا يولغا سالغان ھەمدە ئۇلارنى ئېھتىياتچان ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر ئالويىس دې گوندىلاۋۇر خانىمنىڭ باشقۇرۇشىغا ھاۋالە قىلغانىدى. پادىشاھلىق ئوردىدىكى ئوقياچىلار ئەترىتىنىڭ سابىق كوماندىرىدىن تۇل قالغان بۇ ئايال مۇشۇ كۈنلەردە پارىژدىكى پارۋى مەيدانىغا سېلىنغان ئۆيدە قىزى بىلەن بىللە تۇراتتى.

قىزلار ئوينىشىۋاتقان بالكوننىڭ ئىچى تەرىپىدىكى رەڭدار پەردە ئېسىلغان ئۆي تولىمۇ ياسىداق ئىدى. تورۇستىكى قاتار كەتكەن لىملارغا قارىغان ئادەمنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان رەڭلىك ئويما نەقىشلەر چېقىرىلغانىدى. ئويۇپ نەقىشلەنگەن بىرنەچچە كىيىم ئاسقۇچقا بىرمۇنچە چىرايلىق ساۋۇت ئېسىپ قويۇلغانىدى، رەڭلىك ساپالدا ياسالغان قاۋاننىڭ بېشى ئىككى تەكچىلىك قاچا - قۇچا ئىشكاپىنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. ئىككى تەكچىلىك بۇ قاچا - قۇچا ئىشكاپى بۇ ئۆيدىكى خوجايىن ئايالنىڭ چاسا بايراقلىق چەۋەنداز①نىڭ ئايالى ياكى يەسىرە خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئالاھازەل ئەللىك بەشلەر ئەتراپىدىكى گوندىلاۋۇر خانىم چەتكىرەك قويۇلغان شەلپەر رەڭلىك ماموق كىرىپسلودا ئولتۇراتتى. كىرىپسلونىڭ يېنىغا قالقان ۋە ئوردېن ئويۇلغان چوڭ تام مەش جايلاشقانىدى. گىۋاردىيە ئوقياچىلار ئەترىتىنىڭ كاپىتان فورمىسىنى كىيگەن ياش چەۋەنداز گوندىلاۋۇر خانىمنىڭ بىر تەرىپىدە ئېلىپتەك قېتىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپلا ئۇچىغا چىققان ھاكاۋۇر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. قارىماققا سۆيۈق، ھارامزادە ئادەمدەك قىلاتتى. لېكىن، قىز - چوكانلارنىڭ نەزىرىدە يۈرەكنى ئويناتقۇدەك كېلىشكەن يىگىت ھېسابلىناتتى. ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئەرلەر ياكى چىرايىغا قاراپ پال ئاچىدىغانلار ئۇنى كۆرگەن ھامان مەنستىمەسلىك

---

① چاسا بايراقلىق چەۋەنداز — چاسا بايراق كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان يەر ئىگىلىرى يېتەرلىك ياللانما قوشۇن يىغىپ جەڭگە قاتنىشالىسا چەۋەنداز بولالايتتى.

بىلەن مۇرىلىرىنى قىسىپ قويغان بولاتتى.

قىزلار ئۆيدە ياكى بالكوندا، ئۇترېچ[1] نىڭ ئالتۇن رەڭ جىيەك تۇتۇلغان ماموق سېلىنچىلىرى ئۈستىدە ياكى ئادەملەر، گۈل - گىياھلارنىڭ شەكلى ئويۇلغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇراتتى. ئۇلار ھەممىسى بىرلىكتە چوڭ بىر پەردىنى كەشتىلەۋاتقان بولۇپ، پەردىنىڭ يېرىمى ئۇلارنىڭ تىزىدا، يەنە بىر يېرىمى پولنى يېپىپ تۇرغان پاخال بورىنىڭ ئۈستىدە ئىدى.

نەق مەيداندا تۇرغان يىگىت قىز - چوكانلارنى ھاياجانغا سالمايتتى. ئۇلار بۇ يىگىتنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن، بىر - بىرى بىلەن پىچىرلاشقىلى، پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېيىشكىلى تۇردى. بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ، يىگىتكە قاش ئېتىشقا، كۆزنى قىسىپ ئىما - ئىشارەت قىلىشقىمۇ ئۈلگۈردى. لېكىن، چەۋەنداز يىگىت قولىدىكى بۇغا تېرىسى پەلىيى بىلەن كەمىرىدىكى تۈگمىلەرنى سۈرتۈشكە ئالدىراۋاتقاندەك، قىزلارنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، پەرۋاسىز قىياپەتتە تۇرىۋەردى.

گوندىلاۋۇر خانىم ئۇنىڭغا پەس ئاۋازدا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلىپ قوياتتى. لېكىن، يىگىتنىڭ سۆزلىرى تولىمۇ جانسىز، ئاڭلىماققا زورمۇزور جاۋاب بېرىۋاتقاندەك چىقاتتى. خانىم كاپىتان يىگىت بىلەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنى - بۇنى دېيىشكەچ، قىزى فلېئور دې لىس گوندىلاۋۇرغا ئۇستىلىق بىلەن قول ئىشارىتى قىلاتتى، كۆزىنى چىمچىقلىتىپ قوياتتى. بۇ ئىشلار كىشىنى ھە دېگەندىلا بۇ بىر جۈپ يىگىت - قىز ئارىسىدا چاي ئىچۈرۈپ قويغان ئەھۋال بار ئوخشىمامدۇ، دېگەن خىيالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى. لېكىن، يىگىتنىڭ بەكمۇ بوشاڭ، مىجەزى سۇس ئىكەنلىكى، چىرايىدىن ھارغىنلىق، زېرىككەنلىك ئالامەتلىرى مانا مەن دەپلا بىلىنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭدا مۇھەببەت

① ئۇترېچ — گوللاندىيەدىكى شەھەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. مۇشۇنداق چاغدا بىرنىڭ گارنىزوندىكى لېيتېنانتلار ئۇنى كۆرۈپ قالسا، كۆڭلىدە چوقۇم ئۇنى «جالاپ خوتۇنلارغىلا لايىق نەرسە ئىكەنغۇ !» دەپ تىللىغان بولاتتى.

بۇ خانىم قارىغاندا قىزىنى قەۋەت ياخشى كۆرىدىغان، مۇشۇنداق قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان بولسا كېرەك. بىراق، ئۇ ياش كاپىتاندىكى بوشاڭلىقتىن بىخەۋەر ھالدا ئۇنى قىزىنىڭ پەردە تىكىۋاتقان چاغدىكى تەق ـ تۇرقىغا ئوبدانراق سەپسېلىشقا دەۋەت قىلىشتىن توختىمىدى.

— قارىڭا، جىيەنىم، — دېدى ئۇ يىگىتنىڭ يېڭىنى تارتىپ، ئارقىدىنلا ئاغزىنى يىگىتنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكەلدى، — ئۇنىڭ بېشىنى پەسكە قىلىپ ئولتۇرغان تۇرقىغا قاراپ بېقىڭا !

— شۇنداق ! — دەپ قويدى يىگىت سوغۇق تەلەپپۇزدا، ئاندىن بايىقىدەك گەپ قىلماي جىم تۇردى.

بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ گوندىلاۋۇر خانىمنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىش ئۈچۈن، بېلىنى ئېگىپ ئېڭىشىشكە مەجبۇر بولدى.

— سىز بولغۇسى ئايالىڭىزدىنمۇ كېلىشكەن، چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ كىمدىمۇ ئۇنىڭكىدەك سۇزۇك بەدەن، ئۇنىڭكىدەك ئالتۇندەك چاچ بار؟ ئۇنىڭ قوللىرىدىن بىرەر ئېۋەن تېپىلامدۇ؟ ئۇنىڭ بويىنى ئاق قۇنىڭ بويىنىدەك چىرايلىق ئەمەسمۇ؟ مەن سىزگە ھەسەت قىلىۋاتىمەن ! ئۇجمە كۆڭۈللۈك قىلماڭ، ئۇنىڭ ئېرى بولۇش نېمىدېگەن بەخت ! قىزىم فلېئۇر دې لىسقا ھەرقانداق ئادەم بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا مەھلىيا بولمىغاندەك تۇرامسىز؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپ جاۋاب قايتۇردى يىگىت، لېكىن ئۇنىڭ خىيالى باشقا بىر ئىشتا ئىدى.

— ئۇنداق بولسا قىزىم بىلەن پاراڭلىشىڭ، — گوندىلاۋۇر خانىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتىرىپ قويدى، — گەپ قىلىڭ،

ئەجەب قورقۇنچاق ئىكەنسىز !

قورقۇنچاقلىق ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكىمۇ ئەمەس، ئارتۇقچىلىقىمۇ ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خانىمنىڭ دېگىنىدەك قىلماقچى بولدى.

— نەۋرە سىڭلىم، — دېدى ئۇ فلېئور دې لىسقا يېقىن كېلىپ، — بۇ پەردىگە نېمىلەرنى كەشتىلەۋاتىسىز؟

— نەۋرە ئاكا، — فلېئور دې لىس نارازى بولغان ئاھاڭدا جاۋاب بەردى، — سىزگە دېگىنىمىز ئىلاھنىڭ سارىيىنى كەشتىلەۋاتىمىز دەپ نەچچە قېتىم دېدىمغۇ !

فلېئور دې لىس بۇ ياش كاپىتاننىڭ مىجەزىدىكى سوسلۇقنى، كۆڭلىنىڭ بىر جايدا ئەمەسلىكىنى ئانىسىغا قارىغاندا بەكرەك بىلىدىغاندەك ئىدى. يىگىت ئىچىنى تىڭشاپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، بىرھازادىن كېيىن ئاران ئېغىز ئاچتى:

— دېگىنىز ئىلاھنىڭ سارىيى چۇشۇرۇلگەن بۇ پەردىنى كىمگە كەشتىلەۋاتىسىز؟

— شەھەر رايونىدىكى ساينىت ئانتونى چېركاۋىغا كەشتىلەۋاتىمىز، — دېدى فلېئور دې لىس، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈش تۇگۇل قاپىقىنىمۇ ئېچىپ قويمىدى.

ياش كاپىتان پەردىنىڭ بۇرجىكىنى كۆتۈردى.

— سۆيۈملۈك سىڭلىم، قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ بۇرغا پۈۋلەۋاتقان بۇ بودەك جەڭچى كىم؟

— تىس تىرىتون !

فلېئور دې لىس چورتلا جاۋاب بەردى، قارىغاندا ئۇ تېخىچە خاپا ئىدى. ياش كاپىتان نەۋرە سىڭلىسىغا ئازراق خۇشامەت قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى بولغاي، ئاستا بېلىنى ئەگدى. مۆلچەرىمىزچە ئۇنىڭ تېخىمۇ بەكرەك يېقىنچىلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان يۇمشاق گەپلەرنى تاپالىشى ناتايىن ئىدى.

— ئانىڭىز نېمىشقا دائىم يوللۇق بەلگە كەشتىلەنگەن كالتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىيىم كىيىپ يۈرىدۇ؟ بۇ مېنىڭ مومام چارلىز VII نىڭ زامانىسىدىلا كىيگەن كىيىملەردىن ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىمىزنىڭ كىيىملىرىگە كەشتىلەنگەن شارنىر شەكىللىك ۋە ئوسمانتۇس گۈلى شەكىللىك بەلگىلىرى ئانىمىزنى يۆتكىگىلى بولىدىغان ئوچاققىلا ئوخشىتىپ قويىدىكەن. ئوبدان سىڭلىم، شۇنى ھۆددە قىلىمەنكى، تېشىغا كىيىدىغان مۇنداق كالتە كىيىملەرنىڭ مودىدىن قالغىنىغا نەكەم!

فلېئور دې لىس بۇلاقتەك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ نارازى بولغاندەك، ئالىيىپ قويدى.

— سىزنىڭ ماڭا ھۆددە قىلغىنىڭىز مۇشۇلىمۇ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

ئاق كۆڭۈل گوندىلاۋۇر خانىم ئىككىيلەننىڭ كۇسۇلدىشىۋاتقانلىقىنى، قولاقنى قولاققا يېقىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇش بولدى.

— مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتىكى نەقەدەر تەسىرلىك مەنزىرە — ھە! — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا قولىدىكى ئىبادەت رىسالىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ.

ياش كاپىتان خىجىل بولۇپ قالدى بولغاي، پەردىنى سىلاپ تۇرۇپ قىلىدىغان گېپىنى ئۆزگەرتتى.

— ئەجەب قالتىس ھۈنىرىڭىز بار ئىكەن! — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

تېرىلىرى ئاپپاق، چاچلىرى سېرىق، ھاۋا رەڭ دوخاۋا كىيىم كىيىۋالغان كولۇمبى گائىللىفونتايىن بايىقى ماختاشنى ئاڭلاپ فلېئور دې لىسقا قارىدى.

— سۆيۈملۈك گوندىلاۋۇر، — دېدى ئۇ قورقۇمسىراپ، — سەن روچې گۇيون سارىيىدىكى پەردىنى كۆرگەنمۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ بۇ گەپكە يېنىدىكى كېلىشكەن يىگىتنىڭ جاۋاب بېرىشىنى بەكرەك ئارزۇ قىلاتتى.

— سېنىڭ دەۋاتقىنىڭ لوئۇرې سارىيىدىكى باغچىغا يېقىن

ھېلىقى سارايمۇ؟ — دەپ سورىدى دىئانا دې كىرىستوئىل كۆلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ چىشلىرى ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى.

— ئۇ يەردە پارىژنىڭ كونا قەلئەسىدىكى ھەم ئېگىز، ھەم يوغان كۆزىتىش مۇنارى بار، — تېرىسى سۇس قوڭۇر كەلگەن ئاملوت قوشۇمچە قىلىۋېتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى. ئۇنىڭ مەڭزى قىپقىزىل، قاپقارا بۇدۇر چېچى ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك چىرايلىق ئىدى.

— سۆيۈملۈكۈم كولۇمبى، — دېدى گوندىلاۋۇر، — سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭ پادىشاھ چارلىز VI نىڭ دەۋرىدىكى باكوۋىل ئەپەندىنىڭ قورۇسىمۇ؟ ئۇ يەردىكى پەردىلەر نەپىسلىكتە تەڭداشسىز ئىدى!

— چارلىز VI دەۋرىدىكەنسىلەر! — ياش كاپىتان بۇرۇتىنى سىلاپ تاپا - تەنە قىلغىلى تۇردى، — خۇدايا تۇۋا! ھۆرمەتلىك خانىم، بۇ كونىراپ كەتكەن نەرسىلەرنى ئېسىڭىزدە ئەجەب ئېنىق ساقلاپسىز!

گوندىلاۋۇر خانىم:

— دەرۋەقە بەك چىرايلىق پەردىلەردىن ئىدى! ئۇنىڭدىكى ھۈنەرنى كىم كۆرسە شۇ ياخشى كۆرۈپ قالاتتى! — دېدى.

بالكوننىڭ رېشاتكىسىغا مەيدىسىنى قويۇپ مەيدانغا قاراۋاتقان يەتتە ياشلىق ئورۇق قىز بېرانگېردې شامپىشوۋىر تۈيۈقسىزلا توۋلاپ كەتتى.

— قاراڭ، فلېئور دې لىس ھامما! ئاۋۇ جامائەت تەرەپكە قاراڭ، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ھېلىقى چىرايلىق قىز ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولدا دۇمباق چېلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتىدۇ!

دۇمباقنىڭ ئاۋازىنى ھەممەيلەن ئاڭلىدى.

— ھەرقاچان ھېلىقى مىسىرلىق سەرگەردان قىزدۇ! — دېدى فلېئور دې لىس مەيدانغا قايرىلىپ قاراپ خۇشياقمىغاندەك تەلەپپۇز بىلەن.

— يۈرۈڭلار! بېرىپ قاراپ باقايلا! — ئۇنىڭ شوخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دوستلىرى قىيا ـ چىيا قىلىشقان پېتى بالكونغا يۈگۈردى.
فلېئۇر دې لىس بولغۇسى ئېرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان سوغۇق مۇئامىلىسىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەگەشتى. بولغۇسى كۈيئوغۇل بۇ تاسادىپىي ئەھۋالنىڭ تېتىقسىز سۆھبەتنى ئۈزۈپ قويغانلىقىدىن خۇش ئىدى. خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى قىلىپ بولغان ئادەمدەك ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا ئاستا ماڭدى. ياش كاپىتان ئۇچۇن ئالغاندا، چىرايلىق قىز فلېئۇر دې لىستىن خەۋەر ئېلىش ئوينىغاننىڭ ئورنىدىكى ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇ قىزدىن زېرىككۈاتقاندەك ئىدى. توي كۈنى يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ كۆڭلى كۈندىن ـ كۈنگە سوۋۇپ كېتىپ باراتتى.
يىگىتنىڭ ئىرادىسى ئاجىز، بۇنىڭغا گەپ قىلىشنىڭ ئورنى بارمۇ؟ ئۇ گەرچە كاتتا ئائىلىنىڭ بالىسى بولسىمۇ، لېكىن ئەسكەرلەردىكى بۇزۇقچىلىقنى خېلى كۆپ يۇقتۇرۇۋالغانىدى. ئۇ قاۋاقخانىلاردا لاغايلاپ يۈرۈشكە ئامراق ئىدى. پەقەت ئاشۇ قىلىقسىز ئەسكەرلەر بىلەن بىللە بولغان چاغلاردىلا ھەممە ئىشنى قولايلىق ۋە ئازادە ھېس قىلاتتى. ئاشۇلار بىلەن بىللە ئەدەپسىز گەپلەرنى قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئوڭايلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان قىزلار ۋە مۇۋەپپەقىيەت ئىچىدە، ئۆزىنى سۈدىكى بېلىقتەك ئەركىن سېزەتتى. گەرچە ئائىلىسىدە ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئەدەپ ـ قائىدىنى ئۆگەنگەن، ياش ۋاقتىدىلا پۈتۈن مەملىكەتنى ئايلىنىپ بولغان، ھەربىي سەپكە قاتناشقان بولسىمۇ، بىراق ئەدەپ ـ قائىدە تۈپەيلى ئېلىپ بېرىلغان زىيارەتتە بەكرەك قېيىن ئەھۋالدا قالغان ئىش دەل فلېئۇر دې لىسنىڭ ئۆيىدە يۈز بەردى. ئالدى بىلەن ئۇ مۇھەببىتىنى كۆرگەنلا قىزغا ئىزھار قىلىپ فلېئۇر دې لىسقا ئۇنچىلىك كۆڭۈل بەرمىدى. ئىككىنچىدىن، بۇ نازاكەتلىك قىزلارنىڭ ئارىسىدا يامان گەپكە ئۆگىنىپ قالغان بىرەرنىڭ قاۋاقخانىدىكى گەپلەردىن بىرەرنى پوسۇققىدە دەپ سېلىشتىن ئەنسىرەپلا

يۇردى. ئۇنداق مەنزىرىنىڭ نەقەدەر قالتىس بولىدىغانلىقىنى كۆپچىلىك تەسەۋۋۇر قىلىپ باقسا بولىدۇ!

ھالبۇكى، بۇ ئىشلار ئۇنىڭدىكى سالاپەت ۋە پوزۇر كىيىنىشلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. مەن پەقەت ھېكايە سۆزلەيدىغانلا ئادەم بولغاچقا، قالغان تەرەپلىرىنى ئۆزۈڭلار ئويلاپ باقساڭلار بولىدۇ.

ئۇ ئويما نەقىشلىك تام ئوچاقىغا يۆلىنىپ بىرنەرسىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك، سوكوتكە چۆمدى، بىرھازاغىچە ئۇن چىقمىدى.

— سۆيۈملۈك نەۋرە ئاكا، — دېدى فلېئور دې لىس بىردىنلا ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ، — سىز ماڭا ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر ئاخشىمى كېچىلىك چارلاشقا چىققاندا، بۇخېمىيەلىك كىچىك بىر قىزنى ئون نەچچە بۇلاڭچىنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدىم دېگەنىدىڭىز، راست شۇنداق بولغانمىدى؟

— شۇنداق ئىش بولغاندەك ئېسىمدە، نەۋرە سىڭلىم!

— بۇياققا كېلىڭا! — دېدى قىز، — كېلىپ قاراپ بېقىڭ، پارۋى مەيدانىدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان سەرگەردان قىز سىز تونۇيدىغان شۇ قىز بولۇپ چىقىسمۇ ئەجەب ئەمەس. يېقىنىراق كېلىڭا فوبۇس ئاكا!

كاپىتان نەۋرە سىڭلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ يېنىغا چاقىرىۋاتقانلىقىدىن ئەپلىشىپ قالايلى دەۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندە، كاپىتان فوبۇس دې شاتوپېر پۈتىنى تەستە يۆتكەپ بالكونغا كەلمەكتىن باشقا ئامال تاپالمىدى.

— قاراڭ، — فلېئور دې لىس مۇلايىملىق بىلەن فوبۇسنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى، — توپ ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىز سىز دېگەن سەرگەردان قىز شۇمۇ؟

— دەل ئۆزى، مەن ئۇنى يېنىدىكى ئوغلاقنى كۆرۈپلا تونۇدۇم!

— ۋاي - ۋۇي، ئوغلىقى راستتىنلا بەك چىرايلىق ئىكەن! — دەپ ماختاپ كەتتى ئامىلوت ئالىقىنىنى بىر - بىرىگە جۈپلەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ئىككى مۇڭگۈزى راست ئالتۇنمۇ؟ — دەپ سورىدى بېرانگېر.

كىرىپسلودا خىلىدىن بىرى قىممەت قىلىماي ئولتۇرغان گوندىلاۋۇر خانىم:

— ئۆتكەن يىلى گىبارد دەرۋازىسىدىن بىر مۇنچە بۇخېمىيەلىكلەر كىرگەن، بۇ قىز شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرىدەك قىلامدۇ؟ — دېدى.

— ھۆرمەتلىك ئانا، — دېدى فلېئۇر دې لىس پەس ئاۋازدا، — ئۇ دەرۋازىنى بۈگۈنكى كۈندە دوزاخ دەرۋازىسى دەيدۇ.

گوندىلاۋۇر خان قىز ئانىسىنىڭ ھەدېسىلا قەدىمكى نەرسىلەرنىڭ گېپىنى قىلىدىغانلىقىدىن ياش كاپىتاننىڭ تولىمۇ بىزار بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. راست دېگەندەك، ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ زاڭلىق ئېيتىدىغان گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى:

— گىبارد دەرۋازىسى! گىبارد دەرۋازىسى! يەنىلا پادىشاھ چارلىز VI نىڭ دەۋرىدىكى نەرسىلەرغۇ!

— چوقۇندۇرغۇچى ئانا، — دېدى بېرانگېر كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ. ئۇ شارتىىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ مۇنارىغا تىكىلدى، — ئۇ يەردىكى قارا كىيىم كىيىۋالغان ئەر كىشى كىم؟

قىزلارمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ مۇنارغا قارىدى. شىمال تەرىپى گرېۋ مەيدانىغا بېقىشىپ تۇرىدىغان قوڭغۇراقخانىنىڭ ئۈستىدە رېشاتكىغا يۆلىنىپ بۇتتەك تۇرغان بىر ئەر كىشى مەيدانغا ھاڭۋاقفان پېتى قاراپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى كىيىمىدىن ئۇنىڭ پوپ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

ئۇنىڭ تۇرقى پاقلانىنى كۆرۈپ قالغان ئاچ يولۋاسقا ئوخشايتتى. ئۇ بۇ پاقلانغا يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا تىكىلگەندەك قىلاتتى.

— ئۇ يوساستىكى ياردەمچى ئېپىسكوپ، — دېدى فلېئۇر دې

لىس.
— كۆزۈڭ راستتىنلا ياخشى ئىكەن، — دېدى گائىللىفونتايىن، — شۇنچە يىراقتا تۇرۇپمۇ ئۇنى تونۇيالىدىڭ!
— ئۇ ئۇسسۇلچى قىزغا قاراۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى دىئانا كىرىستوئىل.
— ئۇنداقتا مىسىرلىق قىز ھوشيار تۇرمىسا بولمايدۇ، — دېدى فلېئۇر دې لىس، — ئۇ مىسىرلىقلارنى يامان كۆرىدۇ.
— ئۇ قىز ئۇسسۇلنى قەۋەت ياخشى ئوينايدىكەن! — دېدى ئامىلوت، — لېكىن ئاۋۇ ئادەمنىڭ بۇ قىزغا قاراشلىرىدىن ئادەم سەسكىنىدۇ!
— فوبۇس ئاكا، — دېدى فلېئور دې لىس تۇيۇقسىزلا، — سىز بۇ سەرگەردان قىزنى تونۇغاندىكىن، ئۇنى چاقىرىپ كەلمەمسىز، كۆڭلىمىز ئېچىلىپ قالار.
— بەلەن گەپ بولدى، — قىزلار چاۋاك چېلىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى.
— قاملاشمايدىغان ئىشقۇ بۇ! — دېدى فوبۇس، — بۇ قىز مېنى ئالىلىقاچان ئۇنتۇپ قالغاندۇ. ھەتتا مەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدىغان تۇرسام. شۇنداقتىمۇ سىلەر خالىساڭلار، سىناپ باقاي.
ئۇ بالكوننىڭ رېشاتكىسىغا يېقىن بېرىپ توۋلىدى:
— قىزچاق!
ئۇسسۇلچى قىز دەل مۇشۇ پەيتتە دۇمبىقىنى چالمىغان بولغاچقا، بىرىنىڭ ئۆزىنى توۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قايرىلدى، نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن فوبۇسقا قارىدى ـ دە، ئويناۋاتقان ئۇسسۇلدىن چېچىپىدە توختىدى.
— قىزچاق! — دەپ يەنە بىر قېتىم توۋلىدى كاپىتان ھەمدە ئۇنى يېقىن كېلىشكە شەرەتلىدى.
قىز كاپىتاندىن كۆزىنى ئالماي بىردەم قاراپ تۇرغاندىن

كېيىن، مەڭزى ئوت كەتكەندەك ۋىللىدە قىزاردى، ئەپچىل ياسالغان دۇمباقنى قولتۇقىغا قىستۇردى، ئاۋايلاپ ئاستا قوزغالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىككى يېقىغا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. يىلاننىڭ ئېزىقتۇرۇشىدىن قېچىپ قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن چۈجىدەك ئېسەنگىرىدى. ھەيران قالغان توپنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، فوبۇس تۇرغان بىنانىڭ دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى.

ھايال ئۆتمەيلا پەردە قايرىلدى. سەرگەردان قىز ئارىسالدىلىق ئىچىدە بوسۇغىنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى، يۈزلىرى شەلپەردەك قىزاردى، نەپەسلىرى ئېغىرلاشتى، پۇت ـ قولى كالۋالاشتى. كۆزىنى پولغا تىككىنىچە، ئالدىغا قەدەم تاشلاشقا پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى.

بېرانگېر چاۋاك چېلىۋەتتى.

ئۇسسۇلچى قىز بوسۇغىنىڭ ئالدىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قېلىپ، مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا، قىزلاردىمۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ چاغقىچە قىزلارنىڭ ھەممىسى قانداقلا قىلىپ بولسۇن كېلىشكەن كاپىتاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋېلىش كويىدا پايپېتەك بولغان، ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى نەپىس تىكىلگەن فورما قىلىق چىقىرىپ نازلىنىشنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان، ئۇنى كۆرگەندىن باشلاپلا قىزغىنىپ، بىر ـ بىرىگە كۈنداشلىق قىلىدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى. لېكىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ھېس قىلمىغان، پەقەت يۇرۇش ـ تۇرۇش، گەپ ـ سۆزلىرىدىن بىلىنىپ قېلىۋاتقان ئىش ئىدى. ئۇلارنىڭ ھۆسن ـ جامالى بىر ـ بىرىدىن قېلىشمايتتى، ئەگەر گۈزەللىكتە مۇسابىقىگە چۈشىدىغان بولسا ھەممىسىلا ئۇتۇپ چىقىمەن دەيدىغان نىيەتتە ئىدى. ئەپسۇس، بۇ گۈزەللىكتىكى باراۋەرلىك سەرگەردان قىزنىڭ كېلىشى بىلەن بىراقلا بۇزۇلغانىدى.

سەرگەردان قىزنىڭ گۈزەللىكىگە گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، بەجايىكى پەۋقۇلئاددە بىر يورۇقلۇق

ئادەملەر قىستىلىشىپ يۈرگەن ئۆينىڭ ئىچىگە يېپىلغاندەك بولدى ـ دە، پەردە بىلەن توسۇقتىن قايتقان نۇردا ئۇنىڭ چىرايى مەيداندىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە چىرايلىق بولۇپ كەتتى. خۇددى بىر مەشئەل قۇياش نۇرى ئاستىدىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەلگەندەك تېخىمۇ نۇرلىنىپ، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك دەرىجىگە يەتتى، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئېسىلزادە خان قىزلارمۇ ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ كۆزنى ئالاچەكمەن قىلىۋېتىدىغان گۈزەل رۇخسارىنى كۆردى. ئۇنىڭدىكى گۈزەللىك ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ ئازراق بولسىمۇ چېنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئەرلەر ئۆزىنىڭ ئەقلىگە تايىنىدۇ، ئاياللار ئۆزلىرىدىكى بىۋاسىتە تۇيغۇ ئارقىلىق بىر ـ بىرىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋالىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىدىكىنى بىلىۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتە شۇنداق بولدى. قىزلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈك بىر رەقىب بىلەن روبىرو بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. ھوشىنى يىغىپ، يېڭىباشتىن قەددىنى رۇسلاش لازىملىقىنى كۆڭلىگە پۈكتى. دەرۋەقە، بىر قاچا سۇنى شەلپەردەك قىپقىزىل قىلىش ئۈچۈن، بىر تامچە ئۈزۈم ھارىقىنى تېمىتسىلا كۇپايە؛ بىر توپ قىزنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىش ئۈچۈن، تېخىمۇ چىرايلىق قىزدىن بىرى بولسا يېتەرلىك؛ بولۇپمۇ بىر ئەر ئۆزى يالغۇز شۇ سورۇندا ھازىر بولغان بولسا تېخىمۇ شۇنداق.

قىزلارنىڭ سەرگەردان قىزغا ئادەتتىن تاشقىرى سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. ئۇلار بۇ قىزنى بېشىدىن ـ ئايىغىچە قاراپ چىقىپ، ئاندىن بىر ـ بىرى بىلەن كۆز بېقىشىۋالدى ـ يۇ، لام ـ جىم دېيىشمىدى. ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن بولۇۋاتاتتى. لېكىن، سەرگەردان قىز باشقىلارنىڭ ئۆزىگە بىرنېمە دېيىشىنى ساقلاپ تولىمۇ تەڭلىكتە قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭدا ھەتتا قىزلارغا لەپپىدە قارىغۇدەك جۈرئەتمۇ يوق ئىدى.

جىمجىتلىقنى ئالدى بىلەن كاپىتان ئۆزى بۇزدى.

— جەزم قىلمەنكى، ئۇ راستتىنلا تۇغما گۈزەللەردىن ئىكەن، — ئۇ قىلچە تەمتىرىمەي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سىڭلىم، سىز دەپ بېقىڭا!

ئەدەپلىك كىشىلەر ئەسلىدە باشقىلارنى ماختايدىغان مۇنداق سۆزنى ئاۋازىنى بوش چىقىرىپ، ئاۋايلاپ تۇرۇپ دەيتتى. مۇنداق ماختاشلار سەرگەردان قىزنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان خان قىزلاردىكى ھەسەت ئوتىنى ئۆچۈرەلمەيتتى.

فلېئور دې لىس مەنسىتمەسلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— يامان ئەمەستەك تۇرىدۇ!

باشقىلار بىر - بىرى بىلەن قۇلاق قېقىشىشۋالدى.

گوندىلاۋۇر خانىمنىڭمۇ ئىچى ئاداپ كەتتى. ئۇ ئەلۋەتتە قىزى ئۈچۈن بولسىمۇ قىزغانماي تۇرالمايتتى.

— بېرىراق كەلگىنە، قىزچاق! — دېدى ئۇ ئۇسسۇلچى قىزغا.

— بېرىراق كەلگىنە، قىزچاق! — خانىمنىڭ كەينىدە تۇرغان بىرانگىر ئادەم ياراتمايدىغان كۈلكىلىك تەلەپپۇزدا ئۇنىڭ گېپىنى تەكرارلىدى.

سەرگەردان قىز ئېسىلزادە ئاياللىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— گۈزەل قىز، — فوبۇس قىزنىڭ ئالدىغا قاراپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدى، قىلماقچى بولغان سۆزىگە سالاپەتلىك تۈس بەردى، — سەن مېنى تونۇدۇڭمۇ؟ مۇشۇنداق شان - شەرەپكە نائىل بولالامدىمەن، بولالمامدىمەن، شۇنى بىلگۈم بار ...

قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلدى، كۆزلىرىدىن ئاجايىپ بىر مۇلايىملىق بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا كاپىتاننىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى:

— ھە، شۇنداق!

— ئېسى جايىدا ئىكەنغۇ! — دېدى فلېئور دې لىس.

— لېكىن، — فوبۇس سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇ كۈنى كەچتە ناھايىتى تېز يوگۈرۈپ قېچىپ كەتتىڭ، مەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قورقۇتۇۋەتتىمۇ؟

— ھە، ئۇنداق ئەمەس ! — دېدى سەرگەردان قىز.

«ھە، شۇنداق» بىلەن «ھە، ئۇنداق ئەمەس»نىڭ ئارىسىدا يوشۇرغىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىرنەرسە باردەك ئىدى. فىلىپئور دې لىس رەنجىپ قالدى.

— چىرايلىقىم ! — فوبۇس كوچىغا چىقىپ قالغان قىزلارغا دەپ كۆنۈپ قالغان تەلەپپۇز بىلەن سۆز باشلىدى، — سەن كەتكەندىن كېيىن، يىرگىنچلىك بىر لوكچەكنىڭ سەن تۇرغان ئورۇندا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ يەكچەشمە دۇمچەك ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ قوڭغۇراق چالىدىغان ئادىمىغۇ دەيمەن. بىرلىرى ماڭا ئۇنى ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ ئاسراندى بالىسى، تۇغما ئىبلىس دېگەندى. ئۇنىڭ ئىسمىنى «قىرىق كۇنلۇك رامىزان»، «پاسخا بايرىمىدىكى كالىيدوسكوپ»، «رامىزاننىڭ ئالدىدىكى سەيشەنبە» ياكى باشقا بىرنېمە دېدىمۇ، ئەيتاۋۇر ناھايىتى كۈلكىلىك، ھەممىسىلا مۇھىم بايراملارنىڭ نامى بولغاچقا، تازا يادىمدا قالماپتۇ. سەن خۇددى چېركاۋدىكى ھاشارچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېچىشقا تۇغۇلغاندەك، ئۇنىڭ تەپ تارتمايلا سېنى بۇلاپ ماڭغىنىنى قارىمامدىغان ! نەدە مۇنداق ئىش بار ! دەپ باققىنا، ئۇ ھۆۋقۇش سېنى زادى نېمە قىلماقچىدى؟

— كىم بىلىدۇ ! — دېدى قىز.

— قوڭغۇراق چالىدىغان بىرىنىڭ قاراپ تۇرۇپ بىر قىزنى بۇلاشقا پېتىنغانلىقىنى ئويلىساملا ئىچىم ئېلىشىدۇ ! بىر سولتەك پۇقرانىڭ ئەيمەنمەيلا يۇقىرى تەبىقىدىكى ۋىكونتلار قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكى قولاق ئاڭلىمىغان، كۆز كۆرمىگەن بىر ئىش - دە ! لېكىن، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشى ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىدى. پېررات تورتېرودەك ۋەھشىي ئادەم، مۇنداق بىر تېجىمەلنى بوش قويامتى ! ماقۇل دېگەن بولساڭ، ئۇ ھېلىقى قوڭغۇراق چالىدىغان ئەبلەخنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سويۇۋەتكەن بولاتتى !

www.uyghurkitap.com

— بىچارە ئادەم ! — جازا سۈپىتىدىكى بايىقى مەنزىرە سەرگەردان قىزنىڭ كۆز ئالدىدا يەنە ئايان بولغانىدى.

— ئۆزۈڭنى ئۇپراتما ! — دېدى كاپىتان قاقاقلاپ، — مۇنداق ئادەملەرگە ئىچ ئاغرىتىش چوشقىنىڭ قۇيرۇقىغا قوشنىڭ پېيىنى قاداپ قويغاندەك ئىش بولىدۇ ! مەن قورسىقىمنىڭ پاپانىڭ قورسىقىدەك يوغىناپ كېتىشىنى خالايمەن، ناۋادا ...

ئۇ قىلمىۋاتقان گەپىنىڭ يېرىمىنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى.

— كەچۈرۈڭلار، خانىملار، چاتاق گەپتىن بىرنى قىلغىلى تاس ـ تاس قاپتىمەن !

— ئەسكى ئادەم ئىكەنسىز، ئەپەندى، — دېدى گائىللىفونتايىن.

— ئۇ پەقەت ئاۋۇ تېگى پەس دېدەككىلا راست گېپىنى قىلىدۇ، — دېدى فلېئور دې لىس پىچىرلاپ. ئۇنىڭ كۆنداشلىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ كاپىتاننىڭ سەرگەردان قىزغا ئەسىر بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بارغانسېرى كۆرەڭلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەندى. كاپىتان جىم تۇرالماي، ئەسكەرلەردىلا بولىدىغان قوپال ساددىلىق بىلەن، سەرگەردان قىزغا يېنىش ـ يېنىشلاپ خۇشامەت قىلغىلى تۇردى.

— ئەجەبمۇ چىرايلىق قىز ئىكەنسەن ! ۋۇجۇدۇم بىلەن جەزم قىلىمەن !

— ئۇنىڭ ئۇستىبېشى نېمىدېگەن كۆرۈمسىز ! — دېئانا كىرىستوئىل كۈلۈۋىدى سەدەپتەك چىرايلىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

بۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن قىزلارنىڭ كۆزى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. ئۇلار نېمىلا بولسۇن، مىسىرلىق قىزنىڭ ھۇجۇم قىلسا بولىدىغان يېرىنى تېپىۋالغاندەك ئىدى. ئۇنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارىدىن قۇسۇر ـ ئېۋەن ئىزدەش مۇمكىنچىلىكى يوق ئەھۋالدا، كېيگەن كىيىملىرىگە قاراپ بولسىمۇ بىرنېمە

دېگىلى بولاتتى.

— مانا مەن دەپلا تۇرمامدۇ، — دېدى مونتمىكىل، — سەن كۆكسۈڭنى ياپقۇدەك ئىچ كۆڭلەك كىيمەي، شارپىمۇ سالماي كوچىدا نايناقلاپ يۈرۈشنى نەدىن ئۆگەنگەن بولغىيدىڭ؟

— كۆڭلىكىمۇ بەك قىسقا ئىكەن، — دەپ قوشۇپ قويدى گائىلللىفونتايىن.

— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى فىلېئور دې لىس ئىچى قارىلىق قىلىپ، — سەن ئالتۇندىن ھەل يالاتقان بەلباغ بىلەن سىرتلاردا سوكۇلداپ يۈرىدىكەنسەن. ناۋادا چاتېلې سوتخانىسىنىڭ ساقچىلىرى كۆرۈپ قالسا، سېنى چوقۇم تۇتۇپ كېتىدۇ.

— ۋوي قىزچاق، ۋوي قىزچاق! — دېدى كىرىستوئىل سۆرۈن تەلەتى بىلەن ھىجىيىپ، — يەڭلىرىڭ بىلىكىڭنى توسۇپ تۇرغان بولسا، كۇنىنىڭ نۇرىدا كۆيۈپ ئېچىشمىغان بولاتتى.

بۇ مەنزىرىگە فوبۇستىن ئەقىللىك بىرى داخىل بولۇپ سىرتتىن قاراپ تۇرغان بولسا ئوبدان بولاتتى. شۇ چاغدا، ئۇ بۇ قىزلارنىڭ مىسىرلىق قىزغا ئىچى قارىلىق، چىدىماسلىق ۋە زەھەرخەندىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرى ئېرىشمەكچى بولغان ئوۋغا تىلىنى چىقارغان يىلاندەك يامىشىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتى. قىزلار تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر، ئاغزىدا كۈلكە ـ چاقچاق، قوينىدا خەنجەر ـ پىچاق بىلەن ياشايدىغانلاردىن بولغاچقا، مىسىرلىق قىزنى شەپقەتسىزلىك بىلەن سوراققا تارتماقتا، ئۇنىڭ ئاددىي، كۆرۈمسىز كىيىم ـ كېچەكلىرىنى زاڭلىق ئەتمەكتە ئىدى. ئۇلار بۇ سەرگەردان قىزنى بولۇشىچە مازاق قىلدى، يەتكۈدەك كەمسىتتى، مۇزدەك سوغۇق سۆزلىرىنى ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە تۆكتى. ئۆزلىرىنىڭ يالغان مېھىر ـ شەپقىتىنى ۋە يامان غەرىزىنى تەلتۆكۈس كۆرسەتتى. قىسقىسى، ئۇلار قەدىمكى رىمنىڭ خان قىزلىرى كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئايال قۇللارنىڭ كۆكسىگە يىڭنە سانجىيدىغاندەك قىلىقنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خۇددى پۇراش سېزىمى ئۆتكۈر تايغانلاردەك، بۇرۇن تۆشۈكلىرى لىپىلدىدى، كۆز قارىچۇقلىرى كېڭەيدى، ئىگىسىنىڭ چىشلىۋالمىسۇن دەپ توسقىنىغا ئۇنىماي، بىر ئاجىز بۇغىنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ يۈردى.

جەددى ـ جەمەتى كاتتا بۇ خان قىزلارنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى نەھايەت كوچىدا ئۇسسۇل ئويناپ جان باقىدىغان نامرات بىر قىز ئىدى! ئۇ خان قىزلار بۇ قىزنى ھېچنېمە چاغلىمىدى، كۆزگە ئىلمىدى، يۈزىدىن ـ يۈزىگە سۆز ـ چۆچەك قىلدى. شۇنچىلىك پاكىز، قىزىقارلىق، چىرايلىق نەرسىدىنمۇ قۇسۇر، ئېيىب تېپىشقا ئۇرۇندى.

سەرگەردان قىزنىڭ يۈزى ئىزا ـ ئاھانەتتىن قىزاردى. كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ دىلىغا ئازار بېرىدىغان مۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىدا مىت قىلماي تۇرۇۋېرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ قىزلارنىڭ جان ـ ئىمانىنى چىقىرىۋېتىدىغان سۆزلەر نەچچە ـ نەچچە قېتىم ئۇنىڭ ئاغزىغا كەلدى، لېۋىنى پۇرۇشتۇردى، چىرايىدا پىسەنت قىلمايدىغان ھالەت ئىپادىلەندى. شۇنداقتىمۇ تىنمىدى، تۇرغان جايىدا قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھەم ئەلەملىك، ھەم مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن فوبۇسقا قارىدى.

فوبۇسچۇ، يەنىلا ئۆزىنىڭ تومپاي مىجەزى بىلەن، كۇلۇمسىرىگىنىچە بۇ سەرگەردان قىزغا چاپان ياپماقچى بولاتتى.

— قىزچاق! ئۇلار نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئاغزى، — دېدى ئۇ، — كىيىنىشلىرىڭ سەل ـ پەل غەلىتە، ئاددىي بولسا نېمە بوپتۇ! سەن دېگەن ئاجايىپ چىرايلىق قىز تۇرساڭ!

— ئاھ خۇدا! — قوڭۇر چاچلىق گائىللىفونتايىن بويىنىنى سوزۇپ، ئاچچىق كۇلۇمسىرىدى، — پادىشاھ ئوردىسىدىكى ئوقياچى ئەپەندى مىسىرلىق قىزغا ئۇچراپ، كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتىمۇ نېمە؟

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — دېدى فوبۇس. كاپىتاننىڭ

ئويلىمايلا قىلغان بۇ سۆزى، خۇددى نەگە چۈشكەنلىكىنى كۆرگىلى بولمايدىغان تاشقىلا ئوخشاپ قالغانىدى. گائىللىفونتايىن كۇلۇپ تاشلىدى. ئامىلوت بىلەن فلېئور دې لىسمۇ كۈلدى.

گائىللىفونتايىن گەپ قىلىۋاتقاندا، سەرگەردان قىز كۆزىنى پولدىن ئالماي تۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، فوبۇسقا سەپسېلىپ قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ راستتىنلا ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرغان خانىمنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى.

— ۋايجان، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئۇ بىردىنلا، — ماڭا سۈركىشىپ يۈرگەن نېمە بۇ؟ ۋىيەي، ئىپلاس هايۋان!

بۇ هېلىقى ئوغلاق ئىدى. ئۇ ئىگىسىنى ئىزدەپ ئەمدىلەتىن يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇنى كۆرۈپ قىيغىتىپ سەكرىگەن چاغدا ئىككى مۈڭگۈزى ئېسىلزادە خانىم ئولتۇرغان جايدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشكەن يۇڭ ئەدىيالغا تېگىپ كەتكەنىدى.

بۇ ئوبدان پۇرسەت ئىدى. سەرگەردان قىز گەپ قىلمايلا بېرىپ، ئوغلاقنى يېتىلىگەن پېتى يېنىغا ئەكېلىۋالدى.

— ۋاي - ۋۇي! بۇ هېلىقى سېرىق پەنجىلىك ئوغلاقنىڭ ئۆزىغۇ! — بېرانگېر خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى.

سەرگەردان قىز تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئوغلاقنى قۇچىقىغا ئالدى. شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىقىچە ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىغانلىقىغا ئەپۇ سورىغاندەك، مەڭزىنى ئوغلاقنىڭ مەڭزىگە يېقىپ، ئۇنىڭغا ئۆزرىخاھلىق ئېيتتى.

دىئانا كولۇمبىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ۋاي خۇدايىمەي، ئېسىم قۇرۇسۇن! بۇ راستتىنلا هېلىقى ئوغلىقىنى يېتىلەپ يۈرىدىغان سەرگەردان قىزنىڭ ئۆزىغۇ. ئاڭلىسام ئۇنى ئايال پېرىخون دەيدۇ. ئوغلىقىنىڭمۇ ئاجايىپ - غارايىپ هۈنىرى بارمىش!

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

— شۇنداقمۇ، — دېدى كولۇمبى، — ئۇنداقتا بۇ ئوغلاق بىزگىمۇ ھۈنەر كۆرسىتىپ بەرسۇن، كۆزىمىز ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس !

دىئانا بىلەن كولۇمبى ئېچىلىپ - يېيىلىپ تۇرۇپ مىسىرلىق قىزغا مۇراجىئەت قىلدى:

— قىزچاق، ئوغلىقىڭ بىزگە بىرەر ھۈنەر ئورۇنلاپ بەرسۇن !

— نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ئۇسسۇلچى قىز.

— ئويۇن ئويناپ بەرسۇن، سېھىرگەرلىك قىلىپ بەرسۇن، سەن بىلىدىغان سېھىرگەرلىكتىنچۇ !

— مەن بىلمەيمەن ! — ئۇ ئوغلىقىنىڭ بويىنىنى سىلاپ تۇرۇپ، — گالى، گالى، — دەپ توۋلاپ قويدى.

فلېئۇر دې لىس ئوغلاقنىڭ بويىنىغا ئېسىقلىق تۇرغان كەشتىلىك قاپچۇقنى كۆرۈپ، مىسىرلىق قىزدىن سورىدى:

— بۇ قانداق نەرسە؟

مىسىرلىق قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا تىكىلدى - دە، ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى:

— بۇ مېنىڭ مەخپىيىتىم !

«سېنىڭ مەخپىيىتىڭنى بىر كۆرۈپ باقمايدىغان بولسام» دەپ ئويلىدى فلېئۇر دې لىس كۆڭلىدە.

ياشانغان خانىمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى.

— بوخمىيەلىك قىزچاق، ئەگەر سەن بۇ يەرگە ئوغلىقىڭ بىلەن بىللە ئويۇن قويۇپ بېرىشكە كەلمىگەن بولساڭ، ئەمىسە نېمىدەپ كەلدىڭ؟

سەرگەردان قىز بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئاستا ئىشىككە قاراپ ماڭدى. لېكىن، ئىشىككە يېقىنلىغانسېرى خۇددى بىر پارچە ماگنىت ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك، قەدەملىرى ئاستىلاپ قالدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا چىپپىدە توختاپ كەينىگە قايرىلدى - دە، فوبۇسقا قارىدى، ئۇنىڭ نەملەشكەن كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى

لىغىلداپ تۇراتتى.
— خۇدانىڭمۇ كۆزى بار ! — دېدى فوبۇس ۋارقىراپ، — سەن مۇنداقلا كەتسەڭ بولمايدۇ، قايتىپ كەل، قايتىپ كەل، بىزگە بىرەر نەرسە ئورۇنلاپ بەر. توختاپ تۇر، سۆيۈملۈك گۈزەل قىز، ئىسمىڭنى دەپ بەر !
— ئەسمېرالدا، — دېدى ئۇسسۇلچى قىز كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئۈزمەي. بۇ غەلىتە ئىسىمنى ئاڭلاپ، قىزلارنىڭ ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈۋەتتى.
— بىر خان قىزنىڭ مۇنداق قورقۇنچلۇق ئىسمى بولغىنى نېمىسى ! — دېدى دىئانا.
— خۇپسەنلىك قىلما، — دېدى ئامىلوت، — ئۇ پېرىخون تۇرسا !
— سۆيۈملۈكۈم، — دېدى گوندىلاۋۇر خانىم ئەستايىدىل تەلەپپۇز بىلەن، — بۇ ئىسىم چوقۇم سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ سېنى چوقۇندۇرغاندا قويغان ئىسىم ئەمەس !
بىرانگېر باشقىلارنىڭ دىققەت قىلمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئوغلاقنى بىر تال كەمپۈت بىلەن ئالداپ، ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئېلىپ بېرىپ بىردەمدىلا ئىككىسى دوست بولۇپ كەتتى. ھەممە ئىشقا چېپىلىدىغان بۇ قىز ئوغلاقنىڭ بويىنىدىكى قاپچۇقنى يېشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بىرنى قالدۇرماي پولغا تۆكتى. ئەسلىدە بۇلارنىڭ ھەممىسى بىردىن ھەرپ بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا كىچىك تاختاي پارچىلىرىغا ئويۇپ قويۇلغانىدى. بىرانگېر ئويۇنچۇق ھەرپلەرنى پولغا قويغاندىن كېيىن، ئوغلاقنىڭ تاختاي پارچىلىرىنى پۇتى بىلەن ئىتتىرىپ، رەت - تەرتىپى بويىچە تىزىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ تۇردى. ھەرپلەر ئوغلاقتا ئىنتايىن تونۇشتەك قىلاتتى. ئۇ ھېچقانچە كۆچىمەي بىردەمدىلا ھەرپلەرنى رەتلىك تىزىپ چىقتى. بىرانگېر تەئەججۇپ ئىچىدە قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ ۋارقىراپ سالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— فلېئۇر دې لىس چوقۇندۇرغۇچى ئانا ! سىز ئوغلاقنىڭ باياتىن بىرى نېمە قىلغانلىقىغا قاراپ بېقىڭ !

فلېئۇر دې لىس يۈگۈرۈپ بېرىپ شۇنداقلا بىر قارىدى ـ دە، ئاچچىقىدىن تىترەپ كەتتى. پولدىكى ھەرپلەردىن PHOEBUS① دېگەن خەت تىزىپ چىقىلغانىدى.

— بۇنى ئوغلاق يازدىمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بوغۇق ئاۋازى بىلەن.

— شۇنداق، چوقۇندۇرغۇچى ئانا ! — جاۋاب بەردى بېرانگېر، ئەلۋەتتە بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىشقا بولمايتتى. چۈنكى، بېرانگېر خەت يېزىشنى بىلمەيتتى.

— ئەسلىدە ھېلىقى مەخپىيەتلىك مۇشۇ ئىكەن ـ دە ! فلېئۇر دې لىس ھەممىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى.

بېرانگېرنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، گوندېلاۋۇر خانىم، قىزلار، بۇخېمىيەلىك قىز، ھېلىقى ئوفىتسېر ھەممىسى شۇ تەرەپكە يۈگۈردى.

ئوغلاقنىڭ ئەخمىقانە ئىش قىلىپ قويغانلىقىنى بىلگەن سەرگەردان قىز خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغان كىچىك بالىدەكلا بولۇپ قالدى، چىرايى بىردەم شەلپەردەك قىزارسا، بىردەم ئۆڭۈپ شامدەك تاتاردى. ئوفىتسېرنىڭ ئالدىدا لاغىلداپ تىترىدى. لېكىن، ئوفىتسېر ھەم رازىمەنلىك، ھەم ھەيران بولغان ھالدا قاراپ تۇرىۋەردى.

— فوبۇس ! — ھاڭ ـ تاڭ قالغان قىزلار يەنە پىچىرلىشىپ كەتتى، — بۇ ئوفىتسېرنىڭ ئىسمىغۇ؟

— ئېسىڭ راستتىنلا جايىدا ئىكەن ! — دېدى فلېئۇر دې لىس قورققىنىدىن داڭ قېتىپ قالغان سەرگەردان قىزغا. ئارقىدىنلا ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىپ، چىرايلىق ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى، ئاچچىق ئازاب ئىلكىدە «خەپ، سەن

① فوبۇس — قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

پېرىخوننى !» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىدى. لېكىن، شۇ دەمدە ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن «ئۇ سېنىڭ رەقىبىڭ !» دېگەن ئەلەملىك نىدا چىقىۋاتقاندەك.

فلېئور دې لىس ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

— جىگەر پارەم ! ئوبدان قىزىم ! — گوندېلاۋرىيە خانىم قورقۇپ توۋلاپ كەتتى، — يوقال كۆزۈمدىن، سەندەك بۇخېمىيەلىكنى دوۋزاخقا تاشلىسا بولىدۇ !

ئەسمېرالدا ھەش ـ پەش دېگۈچە پولدىكى ھەرپلەرنى يىغىشتۇردى، ئاندىن گالىغا شەرەت قىلىپ، ياندىكى ئىشىكتىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا باشقىلارمۇ يەنە بىر ئىشىكتىن فلېئور دې لىسنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

فوبۇس يالغۇز قالدى. ئىككى ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى بولۇپ بىردەم تۇردى ـ دە، سەرگەردان قىزنىڭ كەينىدىن سىرتقا چىقتى.

## 2. پوپ بىلەن پەيلاسوپ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئادەم

قىزلار قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ رېشاتكىسىغا يۆلەنگىنىچە سەرگەردان قىزنىڭ ئۇسسۇلىغا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھېلىقى پوپ راستتىنلا ياردەمچى ئېپىسكوپ كلاۋدې فروللو ئىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ مۇنارىنىڭ ئۈستىدىن ئۆزىگە قالدۇرغان مەخپىي ئۆي يادىمىزدىن چىقىپ كەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. (بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ ئۆينى كۆرگىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە كېسىپ بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. ئۇ ئىككى مۇنارنىڭ ئۇلىدىن ئۆرە بولغان ئېگىزلىكتىكى سۇپىغا سېلىنغان بولۇپ، شەرق تەرىپىدىكى ئادەم بويى ئېگىز تۆت چاسا

www.uyghurkitap.com

دېرىزىدىن ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. سىيدام، قۇپقۇرۇق، كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بۇ كىچىك ئۆينىڭ تاملىرى تولىمۇ قالايمىقان ئاقارتىلغانىدى. بەئەينى هازىرقى چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىغا ئوخشايتتى. بۇ تام سېرىق رەڭلىك ئويما نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. بۇ مەخپىي ھۇجرىنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا شەپەرەڭ بىلەن ئۆمۈچۈككە ماكان بولغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. شۇڭا، نەس باسقان قۇرت ـ قوڭغۇزلار قوشلاپ زەربىگە دۇچار بولاتتى.)

يارىدەمچى ئېپىسكوپ ھەر كۈنى كۈن ئولتۇرۇشتىن بىر سائەت بۇرۇن قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ شوتىسى ئارقىلىق يۇقىرىغا چىقىپ، مۇشۇ مەخپىي ئۆيگە بېكىنىۋالاتتى، بەزىدە شۇ يەردە قونۇپمۇ قالاتتى. شۇ كۈنىمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە ئۆزى دەم ئالىدىغان بۇ ئۆينىڭ پاكار ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، يېنىغا ئېسىپ يۈرىدىغان قاپچۇقتىن ئاچقۇچنى چىقاردى ـ دە، ئۇنى قۇلۇپنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزۈۋاتقان چاغدا يىراقتىن كېلىۋاتقان دۇمباق ئاۋازىنى ۋە غەلىتە تاراق ـ تۇرۇقنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ئاۋاز پارۋى مەيدانىدىن كېلىۋاتاتتى. بىز سىلەرگە بۇ مەخپىي ئۆينىڭ بىر دېرىزىسى چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىگە تۇتىشىدۇ دېگەنىدۇق. كلاۋدې فروللو ئاچقۇچنى شارتتىدە سۇغۇرۇۋېلىپ، قاپچۇققا سالغاندىن كېيىن، بىردەمدىلا قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى. ئۇنىڭ سۇرلۇك ۋە خىيالغا چۆمگەن تۇرقى دەل قىزلار كۆرگەن چاغدىكى ئەھۋالنىڭ ئۆزى ئىدى.

فروللو بىر خىل جىددىيچىلىك ئىچىدە قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى، زېھنىنى بىر يەرگە يىغىپ پەسكە قارىدى، ئويلاندى. ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا پۇتكۈل پارىژ ۋە ئۇنىڭدىكى مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان بىنالارنىڭ ئۆگزىسى، كۆركەم تۆپىلىكلەرنىڭ سىماسى، سېينا دەرياسىنىڭ شارىلداپ ئېقىۋاتقان سۇلىرى، كوچا ـ كوچىدىن لۆمۈلدەپ ئۆتۈپ تۇرغان ئادەملەر، بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئېگىز ـ پەس ئۆگزىلىرىنى ئەگىپ يۈرگەن

بولۇت ۋە ئاقۇچ تۇمان كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. لېكىن، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ نەزىرىدە، مەيلى پۇتكۇل شەھەر بولسۇن، مەيلى جىمىكى كوچىلار بولسۇن، ھەرقانداق جايمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى پارۋى مەيدانىدەك جەلپ قىلالمايتتى. ھەممە ئادەم ئىچىدە ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتقىنى ھېلىقى سەرگەردان قىزلا ئىدى.

ئۇنىڭ كۆزىدە چاقناۋاتقان نۇرنىڭ قانداق نۇر ئىكەنلىكى خۇسۇسىدا ئېنىق بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆزىدە يېنىۋاتقان نۇرنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىگىمۇ بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. ئۇ كۆزىنى مىت قىلماي تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ كۆزلەر پەرىشانلىق ۋە ئەنسىزلىك بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ پۇتكۇل جىسمى قېتىپ قالغاندەك ئىدى، پەقەت ئاندا ـ ساندا چىقىقان سالقىن شامالدا ئىرغاڭلىغان دەرەخ شېخىدەك ئىختىيارسىز ھالدا تىترەپ قوياتتى. ئۇ جەينىكىنى رېشاتكىغا قويغان ھالدا، مەرمەر تاشتەك مىدىر ـ سىدىر قىلمايتتى. كۆلۈمسىرىگەندە يۈزلىرى تارتىشىپ، چىرايىدىن بىر خىل ھاڭۋاقتىلىق چىقىپ تۇراتتى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم فروللونىڭ جىسمىدا ئۇنىڭ كۆزىلا تىرىك ئوخشايدۇ، دەپ قالاتتى.

سەرگەردان قىز ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. قولىدىكى دۇمباق بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا تىنىمسىز ئايلىناتتى. پرووۋېنسىنىڭ ساراباند ① ئۇسسۇلىنى ئوينىغاندا دۇمباقنى ئاسمانغا قارىتىپ ئاتاتتى. ئۇ شۇنچە يەڭگىل، شۇنچە ئازادە، شۇنچە خۇشال ئىدىكى، لېكىن ئۆزىگە مىختەك قادالغان قورقۇنچلۇق كۆزلەردە زادى نېمە مەقسەت ـ مۇددىئانىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى.

ئادەملەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۆرىتۆپە بولاتتى، ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ئالا ـ بۇلىماچ كىيىنىۋالغان بىر ئەر كىشى ئادەملەر توپىنى چۆرگۈلەپ چىقىپ، ئۇسسۇلچى قىزدىن بىرنەچچە قەدەم

---

① ساراباند ـــ قىزغىن، شوخ ئوينىلىدىغان تانگونىڭ بىر خىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نېرىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى ـ دە، ئوغلاقنىڭ بېشىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا ئېلىۋالاتتى. قارىماققا ئۇ ئەر سەرگەردان قىزنىڭ ھەمراھىغا ئوخشايتتى. كلاۋدې فروللو ئېگىزدە تۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنى پەرق ئېتەلمەيتتى.

ناتونۇش ئەرگە قاراۋېرىپ ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ دىققىتى چېچىلىپ كەتتى، تەلەتى تېخىمۇ سۈرۈنلەشتى. ئۇ شارتتىدە بېلىنى رۇسلاپ ئۆرە بولدى، پۈتكۈل بەدىنىگە تىترەك ياماشتى. «بۇ ئەر كىشى كىم ئۆزى؟ ــ دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، ــ ئۇ قىز دائىملا ئۆزى يالغۇز يۈرەمدۇ؟»

فروللو ئايلانما پەلەمپەي بىلەن پەسكە چۈشۈپ، قوڭغۇراقخانىنىڭ يېرىم ئوچۇق ئىشىكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا يەنە بىر ئىش كۆزىگە چېلىقتى ـ دە، يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى، ئۇ كۋاسىمدونىڭ تاش لەمپىنىڭ ئاستىدىكى دېرىزە ئالدىدا تۇرۇپ، ئۆزىگە ئوخشاشلا مەيدانغا قاراۋاتقانلىقىنى، مەست ئادەمدەك بىر نۇقتىدىن كۆزىنى ئۈزمەيۋاتقانلىقىنى، ھەتتا بېقىۋالغان دادىسىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ياۋايىلىق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە قانداقتۇر بىر خىل غەلىتە ئىپادە بىلىنىپ تۇراتتى. «بۇ ئەمدى نېمە بولغىنى، ــ دېدى فروللو ئۆز ـ ئۆزىگە غوتۇلداپ، ــ ئەجەبا، ئۇمۇ مۇشۇ ئەلپازى بىلەن ئاشۇ مىسىرلىق قىزغا قاراۋاتقانمىدۇ؟» ئۇ داۋاملىق پەسكە قاراپ ماڭدى. كۆڭلى ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قالغان ياردەمچى ئېپىسكوپ بىرنەچچە مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئاستىدىكى ئىشىكتىن چىقىپ، مەيداندا ھازىر بولدى.

ــ بۇخېمىيەلىك قىزغا نېمە بولدى؟ ــ ئۇ توپ ئىچىگە قىستىلىپ كىرىپ، دۇمباقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەنلەردىن سورىدى.

ــ بىلمىدۇق! ــ دەپ جاۋاب بەردى يېنىدىكى بىرى، ــ بايلا مۇشۇ يەردە ئىدى. ئېھتىمال ئۇنى ئۇدۇلدىكى ئۆيدىكىلەر

ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان بولسا، شۇلارنىڭكىگە كەتتىغۇ دەيمەن، ھېلى بىرى ئۇنى توۋلىغاندەك قىلىۋىدى !

مىسىرلىق قىز باياتىن تۇرغان جايدا بىر پارچە گىلەم قالغانىدى، ئۇ شۇ گىلەم ئۈستىدە جەۋلان قىلىپ ئۇسسۇل ئوينىغاندا، گىلەمدىكى چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرىنىڭمۇ رەڭگى ئۆچۈپ كېتىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ ئالا ـ بۇلىماچ كىيىنىۋالغان ھېلىقى ئەرنى كۆردى. بىرنەچچە يارماق پۇل تېپىش نۆۋىتى ئۇنىڭغا كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇ قاراپ تۇرغانلارنىڭ ئالدىدىن بىرنەچچە قېتىم ئايلاندى. قولى بىلەن بېلىنى تىرەپ، بېشىنى ئارقىغا ئەگدى، يۈزلىرى قىزاردى، بوينى سوزۇلدى، ئاغزىدا مەھكەم چىشلىۋالغان ئورۇندۇقتا بايىلا ياندىكى بىر ئايال تاماشىبىنىدىن ئارىيەت ئېلىنغان مۈشۈك باغلاپ قويۇلغانىدى. مۈشۈك قورقۇپ كېتىپ، توختىماي مىياڭلايتتى.

كوچا ـ كويدا ئويۇن كۆرستىپ پۇل تاپىدىغان بۇ ئادەم مۈشۈك بىلەن ئورۇندۇقتىن قۇراشتۇرۇلغان پىرامىدانى كۆتۈرۈپ، باش ـ كۆزىدىن قويۇلۇۋاتقان تەرگىمۇ قارىماي كېتىۋاتقاندا، ياردەمچى ئېپىسكوپ توۋلاپ تاشلىدى:

— ۋاي ـ ۋوي ! پېررى گىرىنگورى ئەپەندى، بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ سۈرلۈك ئاۋازى بىلەن تەڭ، نەس باسقان ئويۇنچىنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. پىرامىدانىڭ تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلدى، ئورۇندۇق بىلەن مۈشۈك گۈلدۈر ـ تاراق قىلغان پېتى ياندىكى ئادەملەرنىڭ بېشىغا چۈشتى، ئارقىدىنلا خەقلەرنىڭ تىللىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

كلاۋدي فروللو ئۇنىڭغا كەينىمدىن «ماڭ» دېگەندەك شەرەت قىلدى. گىرىنگورى ئەپەندى پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ چېركاۋغا كىرىۋالدى. ئۇنداق قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ھېلىقى مۈشۈكنىڭ ئىگىسى، ئەتراپىدىكى قاش ـ قاپاقلىرى

يىرىلغانلار ئارىسىدا چوقۇم بىر مەيدان ئويۇن چىققان بولاتتى.
چىركاۋنىڭ ئىچى قاراڭغۇ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. كىچىك چىركاۋدىكى چىراغنىڭ نۇرى يۇلتۇزلاردەك سۇس چىمىرلايتتى. ئۈيۈقىقا پېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرى چىركاۋنىڭ ئالدى تېمىدىكى ئويما نەقىشلىك يۇمىلاق دېرىزىلەردە سۇس چىمىرلايتتى. بۇ مەنزىرە بەجايىكى قاراڭغۇلۇقتا پارقىراۋاتقان بىر دۆۋە ياقۇتنى ئەسكە سالاتتى. كۆزنى چاقنىتىدىغان ئەكس نۇر چىركاۋنىڭ يىراقتىكى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا جۇلالىنىپ تۇراتتى.
بىرنەچچە قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا كلاۋدې فروللو توختىدى ـ دە، تۈۋرۈككە يۆلىنىپ، هاڭۋاققان هالدا گرىنگورىغا قارىدى. مۇنداق قاراش گرىنگورى ئۈچۈن هېچنېمە ئەمەس، چۈنكى ئۇ مۇشۇ دەقىقىدە تولىمۇ خىجىل ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، مۇنداق سورلۇك، بىلىملىك ئادەمگە قىزىقچىلارنىڭ كىيىمىنى كىيگەن هالدا كۆرۈنمەسلىكى، ئۇنى مۇنچە هەيران قالدۇرماسلىقى لازىم ئىدى. لېكىن، پوپنىڭ چىرايىدا ئۇنى مەسخىرە قىلىدىغان ئالامەتلەر يوق ئىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى جىددىي، تەمكىن ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ سۆز باشلىدى:
ـــ بۇياقىقا كەل، گرىنگورى ئەپەندى ! ماڭا بەزى ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ قويى. ئالاھازەل ئىككى ئاي بولۇپ قالدى. سىزنى كۆرمىدىم، نەلەردە يۈردۈڭ، نېمىشقا مۇنداق غەلىتە كىيىمنى كىيىپ تۇت كوچىنىڭ ئاغزىدا پەيدا بولىسەن؛ شۇنداقمۇ ـ ئەمەسمۇ؟ يېرىمى سېرىق، يېرىمى قىزىل، بەئەينى كادوبىسنىڭ ئالمىسى !
ـــ ئەپەندى، ـــ دەپ جاۋاب بەردى گرىنگورى شۈمشىيىپ، ـــ سىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۇ كىيىمىم دەرۋەقە ئۆزگىچە. مەن ئۇنى كىيگەندە قىسقىسى مۈشۈككە پالمىنىڭ شاكىلىنى كىيدۈرۈپ قويغاندەك تەڭلىكتە قالىمەن. ناۋادا ساقچىلار پىفاگور مەزھېپىدىكى پەيلاسوپنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويسا تېخىمۇ

چاتاق. نېمە ئامال بار دەيسىز، ھۆرمەتلىك ئۇستاز ! بۇنى مەن كىيگەن ھېلىقى كونا توندىن كۆرۈش كېرەك، ئۇ قىش پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا مەندىن ئايرىلغان تۇرسا قانداق قىلاي ! كونىراپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەندىكىن، ئەخلەت يىغىدىغانلارنىڭ سېۋىتىگە تاشلاشتىن بۆلەك چارە يوق ئەمەسمۇ؛ مەدەنىي بولدۇم دەپ قەدىمكى دەۋردىكى دىئوگېن ① ئارزۇ قىلغاندەك قىپيالىڭاچ يۇرسەم بولمايدۇ - دە ! ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ كۇنلەردە سۆڭەكتىن ئۆتكۈدەك سوغۇق شامال بار ئىدى، ئۇنداق ھاۋادا يېڭىياچە بىر ئىشنى قىلىپ باقاي دېگەنىبىلەن قاملاشمايتتى ! بۇ كىيىم قولۇمغا چۈشۈۋىدى، كونا قارا توننى كۆزدىن يوقاتتىم. ئۇنىڭدا مەندەك سىرلىق پەيلاسوپ ئۇچۇن سىرلىق تۇيۇلغۇدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى. مۇشۇ ۋەجىدىن، ئۇچامدىكى جاھانكەزدى ئويۇنچىلاردىلا بولىدىغان بۇ كىيىمنى كىيىپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولدۇم، ساينت گېنېست ② نىڭ ئۆزىلا بولدۇم دەڭە ! بۇنىڭدىن باشقا قولۇمدىن نېمە كېلەتتى؟ بۇنى جان ساقلاشنىڭ ۋاقىتلىق چارىسى دېسەكمۇ بولىدۇ ! ئاپوللو ③ مۇ ئادمېتۇس ④ نىڭ چوشقىسىنى باققانغۇ؟

— جايىدا ئىش قىپسەن ! — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ.

— ئەپەندى، بۇنى ئوبدان بىلىمەن، ئەڭ ياخشىسى ئاندا - ساندا شېئىر يېزىپ، پەلسەپە بىلەن ھەپىلىشىپ ياكى ئوچاقتا ئوت يۇۋۇلەپ، يۇلتۇزنى تاماشا قىلىپ ياشىسىمۇ بولىۋېرىدۇ. بۇ كوچىدا مۇشۇك يېتىلەپ يۇرگەندىن مىنىڭ ئەۋزەل. مېنى

---

① دىئوگېن (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى410 — 323 - يىللار) — قەدىمكى يۇناندىكى ھاياسىزلار ئېقىمىغا مەنسۇپ داڭلىق پەيلاسوپ.

② ساينت گېنېست — قەدىمكى رىمدىكى دىن ئۇچۇن قۇربان بولغان داڭلىق شەخس.

③ ئاپوللو — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى قۇياش ئىلاھى.

④ ئادمېتۇس — قەدىمىي رىۋايەتلەردىكى فېل پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى. ئاپوللو ئورمان ئىلاھەسىدىن قېچىپ فېل پادىشاھلىقىدا پاناھلانغان ھەمدە ئادمېتۇسنىڭ چوشقىسىنى باققان.

توۋلىغىنىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى كاۋاپ زىخىنىڭ ئالدىغا سۈرەپ ماڭغان ئېشەككە ئوخشىتىپ، كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدىم. لېكىن، يەنە نېمە قىلالايتتۇق ئەپەندى ! ئادەم بولغاندىكىن، كۈن ئۆتكۈزۈش كېرەك ـ دە ! مۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئاغزىغا ئالېكساندىر ئۇسلۇبىدىكى شېئىردىن بىر چىشلەم پىشلاق تاتلىق تېتىيدۇ. سىزگە مەلۇم، مەنمۇ فلاندىر مەلىكىسى مارگېرىتنىڭ تويىغا ئاتاپ ئۇبدانلا بىر شېئىر يازغانىدىم. لېكىن، شەھەردىكىلەر ئۇنى ھېچقانچە بىرنەرسە بولماپتۇ دەپ قەلەم ھەققى بەرمىدى. بەئەينى سوفوكلېس ① يازغان تىراگېدىيەگە ئاران تۆت شىللىڭ بەرگەندەك ئىش بولدى. ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتتىم، تەلىيىمگە يارىشا چىشىمنىڭ بىجىرىم ئىكەنلىكىنى بىلدىم ـ دە: «بەرداشلىق بەر، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ باق !» دېدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە. كېيىنچە مېنىڭ بىر توپ تىلەمچى ئاغىنىلىرىم ماڭا يىگىرمە نەچچە خىل ھۈنەر ئۆگىتىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ھەر كۈنى ئاخشىمى كۈندۈزدە پېشانەمدىن ئاققان تەرنىڭ بەدىلىگە تاپقان بولكا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈردۈم. مەن تالانتىمنىڭ ئىسراپ بولۇۋاتقىنىنى ھەقىقەتەن بىر پاجىئە دەپ ئېتىراپ قىلىمەن. چۈنكى، ئادەم دېگەن دۇمباق چېلىپ، ئورۇندۇق چىشلەپلا ياشىسا بولمايدۇ ـ دە، لېكىن ھۆرمەتلىك ئەپەندى، ماڭا تىرىك ياشاشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئەمەس، پۇل تېپىپ تىرىك ياشىشىم كېرەك !

كلاۋدې فروللو ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى. لېكىن، ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرمەكچى بولغاندەك چاقناپ كەتتى، ھەتتا گرىنگورى كۆڭلىدىكىنى ئېنىق بىلىپ بولدى، دېگەندەك بىر ئويغا كېلىپ قالدى.

— بۇنىڭغىمۇ سالاۋات، گرىنگورى ئەپەندى، لېكىن سىزنىڭ

① سوفوكلېس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 496 — 406 ـ يىللار) — قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن شائىر. «ئىدىپوس» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

ئاۋۇ مىسىرلىق قىز بىلەن بىللە يۈرگىنىڭ قانداق ئىش؟
— قانداق ئىش بولاتتى؟ — دېدى گرىنگورى، — ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، — مەن ئۇنىڭ ئېرى !
پوپنىڭ سۇرلۇك كۆزلىرى ئوت ئالغاندەك چاقناپ كەتتى.
— قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىش قىلغان بارمۇ، بايقۇش، — پوپ غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، گرىنگورىنىڭ بىلىكىنى تۇتتى، — سەن ئاشۇ قىزنىڭ ئېرى بولۇش ئۈچۈن خۇدادىنمۇ ۋاز كەچتىڭمۇ؟
— مەن جەننەتكە كىرىدىغان ئىشنى دەۋاتامسىز، جانابلىرى، — گرىنگورى تىترەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى، — ئەگەر سىزنى دەككە - دۈككىگە سېلىۋاتقىنى مۇشۇ ئىش بولىدىغان بولسا، سىزگە شۇنى دەپ قوياي، مەن ئۇ قىزنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىدىم !
— ئۇنداقتا، بىز ئەر - خوتۇن دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سورىدى كلاۋدې فروللو پوپ.
گرىنگورى ئوقۇرمەنلەر ئاللىقاچان بىلىپ بولغان ھېلىقى كەچۈرمىشلەرنى، يەنى ئۆزىنىڭ قاراملىق قىلىپ مراكىل رايونىغا بارغانلىقى ۋە ئىدىش سۇندۇرۇپ ئۆتكۈزگەن نىكاھ مۇراسىمىنى، بۇ نىكاھنىڭ قىلچە مەززىسى يوق نىكاھ بولغانلىقىنى، بۇخېمىيەلىك قىزنىڭ ھەر كۈنى ئاخشىمى تۈنجى ئاخشامدىكىگە ئوخشاشلا ئۇنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدىغانلىقىنى ئېيتماي - تېمىتماي سۆزلەپ بەردى.
— بۇ دەردنى تىل بىلەن ئىزھار قىلماق تەس، — دەپ گېپىنى ئاخىرلاشتۇردى ئۇ، — بۇنىڭ ھەممىسى مەن بىتەلەينىڭ بىر پاك قىز بىلەن توي قىلىپ قويغانلىقىمنىڭ كاساپىتى !
— بۇ قانداق گەپ؟ — دەپ يەنە سورىدى ياردەمچى ئېپىسكوپ. ئۇ گرىنگورىنىڭ بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خېلى تىنچلىنىپ قالغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا تۈگەتكىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب قايتۇردى شائىر گرىنگورى، — خۇراپىيلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش. بىز مىسىر كىنەزى دەپ ئاتايدىغان قىبرى ئەبلەخنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگىنىگە قارىغاندا، مېنىڭ خوتۇنۇم تاشلىۋېتىلگەن ياكى ئۇلار تېپىۋالغان بالا ئىكەن، نېمە بولسا بەربىر! ئۇنىڭ بويىنىدا تىلتۇمار ئېسىقلىق. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، مۇشۇ تىلتۇمار بولسىلا ئۇ ھامىنى بىر كۈنى ئاتا ـ ئانىسىنى ئىزدەپ تاپالايمىش. لېكىن، ئەگەر ئېپپىتىنى يوقىتىپ قويسا، تىلتۇمارنىڭ سېھرىي كۈچى يوقىلىپ كېتەرمىش. شۇڭا، بىز ئىككىمىز پاكلىقىمىزنى ساقلاپ قالدۇق.

— ئۇنداقتا، — كلاۋدېنىڭ تۇتۇق چىرايى ئېچىلىپ كەتتى، — سەن ئۇ نەرسىگە ئەرلەرنىڭ سوغۇق قولى تەگمىگەنلىكىگە ئىشىنەمسەن؟

— كلاۋدې، بىر ئەر كىشى خۇراپىيلىق بىلەن ئېيتىشىپ نېمە قىلىدۇ؟ ئۇ نەرسە ئۇنىڭ مېڭىسىگە قاچىلاقلىق تۇرسا! مەن ئەسلىي بۇخېمىيەلىك شىپتىلە ئاياللارنىڭ ئىچىدە راھىبەلەردەك ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلايدىغانلار ئىنتايىن ئاز دەپ قارايتتىم. لېكىن، ئۇنىڭدا ئۈچ قاتلام مۇھاپىزەت بار بولۇپ چىقتى. بىرى مىسىر كىنەزى، ئېھتىمال ئۇ بۇ قىزنى بىرەر موناستىرغا سېتىۋېتىشكە چوت سوقتى بولغاي؛ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ تەبىقىسىدىكى ئادەملەر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ھۆرمەت قىلىدۇ، ئۇنى مۇقەددەس ئانا قاتارىدا سانايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئۇنىڭ قوينىدىكى خەنجەر، ئەركىن ـ ئازادە ياشايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى گۇبېرناتورنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىغا قارىماي، دائىم دېگۇدەك يېنىدا خەنجەر ئېلىپ يۈرىدۇ. ئەگەر بىرەرى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشسا، خەنجەر شۇ ھامان ئۇنىڭ قولىغا چىقىدۇ. ئۇ ئالدىراپ چېقىلغىلى بولمايدىغان تىكەنلىك ئەترگۈل، بىلىپ قېلىڭ!

ياردەمچى ئېپىسكوپ گرىنگورىدىن كۆپ نەرسىلەرنى

سورىدى.

گرىنگورىنىڭ دېگەنلىرى بويىچە ئەسىرلەردا ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ئەرلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلالايدىغان چىرايلىق قىز. پەقەت لەۋلىرىنى پورۇشتۇرىدىغان ئالاھىدىلىكىلا بىرئاز غەلىتە. ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، لېكىن ھەممە نەرسىگە قىزىقىدۇ. ئۇ ھەتتا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ پەرقىنىمۇ چۈشەنمەيدۇ. چۈش كۆرگەندىمۇ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايدۇ. تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇسسۇلغا ھېرىس، قىزىقچىلىق بىلەن ساپ ھاۋانى ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇنداق بىر ئىنسان، ئۇ ھەسەل ھەرە پادىشاھى، تاپىنىدا كۆرگىلى بولمايدىغان قانات بار، مەڭگۈلۈك پىرقىراش ئىچىدە ياشايدۇ. بۇ ئۇنىڭدىكى سەرگەردانلىق تۇرمۇشتا يېتىلگەن خاراكتېر.

گرىنگورى تاسادىپىي ھالدا ئۇنىڭ كىچىك چېغىدىلا ئىسپانىيە بىلەن كاتالونىيەگە بارغانلىقىدىن، سىتسىلىيەگىچە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ھەتتا بۇ قىزنى سىگان سەرگەردانلىرى ئالجىرىيە پادىشاھلىقىغىمۇ ئېلىپ بارغان، بۇ پادىشاھلىق ئاكايى چېگراسى ئىچىدە، ئۇنىڭ بىر ئۇچى ئالبانىيە بىلەن گىرېتسىيەگە تۇتاش، يەنە بىر ئۇچى سىتسىلىيەنىڭ دېڭىز قىرغىقىغا تۇتاش، ئۇ يەردىن كونستانتىنپولغا بارغىلى بولىدۇ دېگەن يەرگە كەلدى. گرىنگورىنىڭ دېيىشىچە، ئالجىرىيە پادىشاھى مورلارنىڭ ئاقساقىلى بولغان چاغدا، ھېلىقى سەرگەردانلار ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە تۇرغان، ئەسىرلەردا چوقۇم كىچىك ۋاقتىدىلا ۋېنگرىيە ئارقىلىق فىرانسىيەگە كەلگەن بولسا كېرەك.

بۇ قىز ئۆزى بارغان جايلاردىن غەلىتە دىيالېكت، ئۆزگىچە ئاھاڭ، پەۋقۇلئاددە ئوي ـ خىياللارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ تىلى ئۇچىسىدىكى يېرىمى پارىژ ئۇسلۇبىدا، يېرىمى ئافرىقا ئۇسلۇبىدا تىكىلگەن كىيىملەردەك مۇرەككەپ ئىدى. ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، مىجەزىنىڭ بەلەنلىكى، مېڭىش ـ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشتىكى شوخلۇقى، ناخشىلىرىنىڭ يېقىملىقلىقى، ئويىنىغان ئۇسسۇلىنىڭ چىرايلىقلىقىغا كۆرە، نەگىلا بارسا ھەممە ئادەم ئۇنى ياقتۇرۇپ قالاتتى. ئۇ بۇ شەھەردە پەقەت ئىككى ئادەمنىڭلا ئۆزىنى ئۆچ كۆرىدىغانلىقىنى جەزم قىلالايتتى، بۇ ئىككى ئادەم ئېسىگە كەلگەن ھامان قورقۇپ تىترەپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىرى رولاند مۇنارىدىكى رەزىل راھىبە ئىدى، مىسىرلىق قىز ئۇنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۆتۈپلا قالسا، بۇ راھىبە ئۇنى تىل ـ ئاھانەت بىلەن كۆمۈۋېتەتتى؛ يەنە بىرى پوپ، مىسىرلىق قىز ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن، قىلغان گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئەندىشە قىلاتتى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ ئاخىرقى ئەھۋالنى ئاڭلاپ، بەكلا ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى. بىراق، گرىنگورى بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. ئىككى ئايدىن بۇيانقى كەچۈرمىشلەر ئۇنى ئۇنتۇغاق قىلىۋەتكەنىدى. بۇ بىغەم شائىر مىسىرلىق قىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغان ئاشۇ ئاخشامدىكى غەلىتە ۋەقەنى ئۇنتۇپ قالغان، ياردەمچى ئېپىسكوپ بۇ مەيداندا ھازىر بولغان چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئەستىن چىقارغانىدى. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇسسۇلچى قىز ئەندىشە قىلغۇدەك ھېچ ئىش يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئەزەلدىن تارتىپ باشقىلارغا پال ئاچمايتتى. شۇڭا، باشقا سەرگەردان ئاياللاردەك ھەدېسىلا پېرىخونلۇق دېلوسىغا چېتىلىپ قالىدىغان ئىشمۇ يۈز بەرمەيتتى.

گرىنگورىنى ئۇنىڭ ئېرى دېگىلى بولمايتتى، بەك ئېشىپ كەتتى دېگەندىمۇ، پەقەت ئاكىسى قاتارىدا ھېسابلاشقا بولاتتى. بۇ پەيلاسوپ ئۆزىدىكى تەڭداشسىز سەۋر ـ تاقەت ئارقىلىق بۇ خىل ئەپلاتونچە نىكاھقا بەرداشلىق بەردى، تورالغۇغا ۋە بىر بۇردا بولكىغا ئېرىشتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە تىلەمچىلەرنىڭ لاگېرىدىن مىسىرلىق قىز بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، كوچا ـ كويلاردا ئۇنىڭغا پارچە ـ پۇرات تەڭگىلەرنى يىغىشىپ بەردى. ھەر كۈنى كەچتە بىللە بىر ئۆيگە كىردى. مىسىرلىق قىزنىڭ

كىچىك ھوجرىسىغا تەنھا بېكىنىۋېلىشىغا كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇردى، ئۆزى بەخىرامان يالغۇز ئۇخلىدى.

— كۆڭلىرىم يامان ئەمەس، كۆپ ئىشلارنى ئۆگىنىۋالدىم، — دېدى ئۇ، — مەسىلىلەرنى ئويلىشىمغا تازا باب كېلىدۇ.

يەنە شۇنى دەپ قويۇش زۆرۈركى، پەيلاسوپنىڭ بۇ سەرگەردان قىزغا چىن قەلبىدىن مەپتۇن بولغانلىقى ھەققىدە چورتلا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. قارىماققا ئۇ ھېلىقى ئوغلاققا بەكرەك ئامراقتەك قىلاتتى ! ئوغلاق راستىنلا مۇلايىم، ئەقىللىك، ھوشيار، ياخشى مەشىق قىلدۇرۇلغان، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئىچى كۆيىدىغان جانىۋار ئىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە مۇنداق كۆندۈرۈلگەن ھايۋاننى ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولاتتى. ئادەملەرمۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، كۆپ ھاللاردا ئۇنى كۆندۈرگەنلەر ئوتتا كۆيدۈرۈش جازاسىغا ئۇچرايتتى. راستىنى ئېيتقاندا، سېرىق پەنجىلىك بۇ ئوغلاقنىڭ ئويناپ بېرىدىغان ئويۇنى ئىنتايىن ئاددىي ئويۇنلاردىن ئىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ گرىنگورى تەپسىلىي بايان قىلغان بۇ ئەھۋاللارغا ئىنتايىن قىزىقىۋاتقاندەك ئىدى. گرىنگورى يەنە كىچىك دۇمباقنى ئوغلاققا مۇنداقلا تاشلاپ بەرسە، ئۇ ھەر خىل قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ، ئۇ بۇنى ئاشۇ سەرگەردان قىزدىن ئۆگىنىۋالغان دېگەنلەرنى قوشۇپ قويىدى. دېمىسىمۇ بۇ سەرگەردان قىزنىڭ ئىقتىدارى ئالاھىدە ئىدى. ئۇ ئاران ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدىلا ئوغلاققا يۆتكىگىلى بولىدىغان ھەرپلەرنى تەرتىپ بويىچە تىزىپ، ئۇنىڭدىن «فوبۇس» دېگەن خەتنى چىقىرىشنى ئۆگىتىپ بولغانىدى.

— فوبۇس؟ — دەۋەتتى پوپ، — نېمىشقا فوبۇس دېگەن خەتنى چىقىرىدۇ؟

— بۇنى بىلمەيمەن، — جاۋاب بەردى گرىنگورى، — بەلكى سەرگەردان قىز بۇ خەتنىڭ پەۋقۇلئاددە مەنىسى بار دەپ قارايدىغاندۇ. ئۇ ئۆزى يالغۇز قالغان چاغلاردا، پەس ئاۋازدا مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

خەتنى تەكرار ـ تەكرار تىلغا ئالىدۇ.

كلاۋدې فروللو ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرەلەيدىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ:

— سەن ئۇنىڭ ئادەم ئىسمى بولماي، ئادەتتىكى سۆز ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالامسەن؟ — دەپ سورىدى.

— كىمنىڭ ئىسمى بولغۇدەك؟ — دەپ سورىدى شائىر.

— بۇنى نەدىن بىلەي !

— مەنمۇ باش قاتۇرۇپ باقتىم، ئەپەندى. ئېھتىمال بۇ سەرگەردانلار زاراتوستىرا دىنىغا چوقۇنىدىغان، قۇياش ئىلاھى فوبۇسقا ئېتىقاد قىلىدىغانلاردىندۇر.

— بۇنى مېنىڭ ساڭا ئوخشاش چۈشەنگۈم يوق، گرىنگورى ئەپەندى !

— لېكىن ئۇنىڭ مەن بىلەن نىمە چاتىقى؟ ئۇنىڭ «فوبۇس» دەپ ۋاتىلداشلىرى بىلەن نىمە كارىم ! بىراق، گالى مېنى، مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندەكلا ياخشى كۆرىدۇ. بۇ دېگەن ئەمەلىيەت.

— گالى دېگەن كىم؟

— ھېلىقى ئوغلاق !

يارەمچى ئېپىسكوپ خىيال سۈرگەندەك، قولىنى ئېڭىكىگە تىرەپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن شارتتىدە ئۆرۈلدى ـ دە، گرىنگورىغا قوپاللىق بىلەن سوئال قويدى:

— سەن ئۇنىڭغا چېقىلمىدىم دەپ قەسەم ئىچەلەمسەن؟

— كىمگە چېقىلىپتىمەن؟ ئوغلاقىمۇ؟

— ئاۋۇ قىزغا !

— ئۆزۈمنىڭ خوتۇنىغا؟ خۇدا ھەققى، چېقىلمىدىم دەپ قەسەم ئىچەلەيمەن.

— لېكىن سەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە بولىسەنغۇ؟

— ھەر كۈنى ئاخشامدا بىر سائەت !

— بەللى ! بىر ئەر كىشى بىر ئايال بىلەن يالغۇز قالغاندا، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئېسىگە كەلمەيدۇ.

روھىم بىلەن ھۆددە قىلىمەنكى، دۇئا ـ تىلاۋەت ئايەتلىرىنى ئوقۇيمەن. بۇۋى مەريەم ھەققىدىكى مۇناجاتنى ۋە «خۇداغا ئىشىنىمەن، قۇدرەتلىك باشپاناھىمغا ئېتىقاد قىلىمەن» دېگەنلەرنىمۇ ئوقۇيمەن.

— سەن ئاناڭنىڭ روھىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىل، — ياردەمچى ئېپىسكوپ ھەددىدىن ئاشقانىدى، — ئۇ قىزغا قولۇمنىڭ ئۇچىنىمۇ تەگكۈزمىدىم دەپ باقە!

— مەن تېخى دادامنىڭ روھىنىمۇ شېپى كەلتۈرۈپ ھۆددە قىلالايمەن. مۇنداق قىلغاندا مېنىڭ كېپىللىكىم قوش ئۇنۇمگە ئىگە بولىدۇ. لېكىن، ھۆرمەتلىك ئەپەندى، مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىر سوئال سوراپ باقاي.

— مەرھەمەت!

— بۇ ئىشنىڭ سىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قىزلارنىڭ مەڭزىدىكىدەك ۋىللىدە قىزىللىق ئۆرلەپ چىقتى، جاۋاب بېرەلمەي خېلىغىچە تۇرۇپ قېلىپ، ئوڭايسىزلانغان نەزەردە ئېغىز ئاچتى:

— گېپىمگە قۇلاق سال، پېررې گرېنگورى ئەپەندى. مۇشۇ ئەھۋالدىلا مەن سېنىڭ چۈشكۈنلەشمىگەنلىكىڭنى بىلەلەيمەن. بۇ مېنىڭ ساڭا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىم، ساڭا ياخشى بولسۇن دېگەنلىكىم. ناۋادا سەن ئاشۇ ئىبلىس سۈپەت مىسىرلىق قىزغا يېقىنلاشساڭ، گەپ ـ سۆزسىز شەيتاننىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىسەن. بىلىشىڭ كېرەككى، جىسمانىي بەدەن كۆپ ھاللاردا روھنى تۇگەشتۈرىدۇ. ئاشۇ قىزغا يېقىن يولىدىڭمۇ، بالاغا قالغىنىڭ شۇ!

— بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتىم، — دېدى گرېنگورى قۇلىقىنى قاشلاپ، — بۇ توي قىلغان ئاخشىمى ئىدى، لېكىن ئەدىپىمنى يېدىم.

— تەپ تارتماي مۇشۇنداق ئىشنى قىلدىڭمۇ، گرېنگورى

www.uyghurkitap.com

ئەپەندى؟ — پوپىنىڭ چىرايى يەنە تۇتۇلۇپ كەتتى.

— يەنە بىر قېتىمدا، — دېدى شائىر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — ئۇخلاشتىن ئىلگىرى قۇلۇپىنىڭ تۆشۈكىدىن ماراپ باقتىم. ئىچ كىيىم بىلەنلا تۇرغان چىرايلىق بىر قىزغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتى ئاستىدىكى كارىۋات غىچىرلاپمۇ قويمىدى.

— ئىبلىس بىلەن تەڭ يوقال!

پوپىنىڭ كۆزىدىن قورقۇنچلۇق بىر نۇر چاقناپ كەتتى. ئۇ ھۆركىرىگەن پېتى گىرىنگورىنى ئىتتىرىۋەتتى - دە، چوڭ قەدەم تاشلاپ چىركاۋنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

## 3. قوڭغۇراق

ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە يۈز بەرگەن جازا سۈپىتىدىكى جازالاشتىن كېيىن، كىشىلەر كۆۋاسىمودوكى قوڭغۇراق مۇزىكىلىرىنى ئورۇنلايدىغان قىزغىنلىقنىڭ پەسكويغا چۈشۈپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئىلگىرى تاڭ سەھەردىكى تىلاۋەت قوڭغۇرىقى، كەچقۇرۇنلۇق تىلاۋەت قوڭغۇرىقى، يۇقىرى ئاۋازلىق مىسسا قوڭغۇرىقى، نىكاھ قوڭغۇرىقى، چوقۇندۇرۇش قوڭغۇرىقى ... قىسقىسى، بىرەر ئىش بولسىلا قوڭغۇراق چېلىناتتى، قوڭغۇراقنىڭ ئۇزاقتىن - ئۇزاققا ياڭرىغان ئاۋازى ھاۋا بوشلۇقىغا يېيىلاتتى، ھەر خىل ئاۋازلارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن پۈتۈپ چىققان يېقىملىق، مۇڭلۇق مۇزىكا ئاڭلىناتتى. قەدىمىي چىركاۋ تىترەيتتى، ئەكس سادا قايتۇراتتى. ئادەملەر مۇشۇ ئاۋازنىڭ قاينىمىدا تۇرۇپ مەڭگۈلۈك خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا چۆمەتتى. ئۇلار قانداقتۇر بىر پەرىشتە قوڭغۇراقنىڭ مىستىن ياسالغان ئاغزىدا شاۋقۇن - سۈرەن سېلىۋاتىدۇ، ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ ھېس قىلاتتى. ئەمدىلىكتە

ئۇ پەرىشتە نەگىدۇر يوقالغانىدى. چېركاۋمۇ جانسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەيلى توي - بايرام بولسۇن، مەيلى ئۆلۈم - يېتىم بولسۇن، قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى شۇنچىكى يېقىمسىز، قۇلاققا ياقمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنى قانداقتۇر مۇراسىملارنى ئەپلەپ - سەپلەپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈنلا تەييارلانغان نەرسە دېيىشكە بولاتتى. ئىلگىرى بىر چېركاۋدىن ئىككى خىل ئاۋاز ياڭرايتتى، ئۇنىڭ بىرى فىسگارمونىنىڭ ئاۋازى، يەنە بىرى سىرتتىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئەمدى فىسگارمونىنىڭ ئاۋازىلا قالغانىدى. قارىماققا قوڭغۇراقلارنى چالىدىغان ئادەم قوڭغۇراق مۇنارىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. لېكىن، كۋاسىمىدو يەنىلا شۇ يەردە ئىدى. قانداق بىر ئىش ئۇنىڭ ئىچىنى پىشۇرۇۋاتقاندۇ؟ جازا سۇپىسىدىكى ھاقارەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھېلىغىچە بىسەرەمجان قىلىۋاتقانمىدۇ؟ ياكى ئۇنىڭ روھى جازا ئىجرا قىلغۇچىنىڭ قامچىسى تۈپەيلى ئايغى چىقمايدىغان پاراكەندىچىلىك ئىچىدە تۇرۇۋاتقانمىدۇ؟ ئېھتىمال ھېلىقى رەھىمسىز جازا ئۇنىڭ جىمىكى قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىۋەتكەندۇ ياكى ئۇنىڭدىكى قوڭغۇراقلارغا بولغان قىزغىنلىقىنى تۈگەتكەندۇ، يا بولمىسا بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا قوڭغۇراق چالىدىغان بۇ ئادەمنىڭ قەلبىدە مارىيەگە ئۆچمەنلىك پەيدا بولغاندۇ.

مىلادىيەنىڭ 1482 - يىلىدىكى پەرىشتىلەرنىڭ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش بايرىمى كېلىپ قالغانىدى. شۇ كۈنى دەل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، يەنى سەيشەنبە بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق، يېقىملىق ئىدى. كۋاسىمىدو قوڭغۇراقلارغا بولغان مېھىر - مۇھەببىتى سەل - پەل بولسىمۇ ئەسلىگە كېلىۋاتقاندەك، شىمال تەرەپتىكى قوڭغۇراق مۇنارىغا ياماشتى. بۇ چاغدا، چېركاۋدىكى خىزمەتكارلارمۇ تۆۋەندىكى دەرۋازىلارنى يوغان ئېچىۋەتكەنىدى. دۇپ ياغىچىدىن ياسالغان، سىرتى ھايۋان تېرىسى بىلەن قاپلانغان، ئالتۇن يالاتقان تۆمۈر مىخ قېقىلغان بۇ دەرۋازىلار

www.uyghurkitap.com

«ئەڭ نەپىس» ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەنىدى.

كۇۋاسىمىدو قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قەۋىتىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى ئالتە چوڭ قوڭغۇراققا بىرھازا قاراپ تۇردى. قانداقتۇر غەلىتە بىرنەرسە قوڭغۇراقلار بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ تۇرغاندەك ئېچىنىش ئىچىدە بېشىنى چايقىدى. كۇۋاسىمىدو قوڭغۇراقلارنى ئىتتەردى، ئارقىدىنلا قوڭغۇراقلار كەينى ــ كەينىدىن ئىرغاڭلاشقا باشلىدى. تىترەك ۋە سوزۇك ئاۋازلار تەرەپ ــ تەرەپكە تارقالدى. كۇۋاسىمىدو كۆڭلى يايراپ، ھەممە ئىشنى ئېسىدىن چىقاردى، چىرايىغا قايتىدىن كۈلكە يۈگۈردى.

كۇۋاسىمىدو ئۇياقتىن ــ بۇياققا تاقلىدى، چاۋاك چالدى، بۇ ئارغامچىدىن يەنە بىر ئارغامچىغا يامىشىپ ئۆتتى.

ــ سايراڭلار! ــ دېدى ئۇ، ــ سايراڭلار! گابرىللى، ئاۋازىڭنى مەيدانغا يەتكۈز، بۈگۈنكى كۈننىڭ بايرام ئىكەنلىكىنى يادىڭدىن چىقارما! تىباۋۇلد مىدىرلا، بەك ئاستا بولۇپ قالدىڭ. مىدىرلا دەيمەن، ئويغانمىغان ئوخشىمامسەن؟ ھۇرۇن! بولدى، تېزرەك ھەرىكەت قىل! تېزرەك! سۇرئىتىڭ شۇنداق تېز بولسۇنكى، ئىككى تەرەپكە تەۋرەۋاتقىنىڭنى خەقلەر كۆرەلمەي قالسۇن، ئۇلارنىڭ قۇلىقىنىمۇ مېنىڭكىدەك پاڭ قىلىۋەت! مانا مۇشۇنداق، تىباۋۇلد، ئەمدى قاملاشتى! گۇئىللائوم، گۇئىللائوم دەيمەن، سەن قوڭغۇراقنىڭ ئەڭ چوڭى، پاسكوئىر ئەڭ كىچىكى، لېكىن سەن ئۇنىڭچىلىك جاراڭلىيالمايۋاتىسەن، ھۆددە قىلىمەنكى، جامائەتمۇ سېنى ئۇنىڭدەك ئاۋاز چىقىرالمىدى دەيدۇ. بولدى، بولدى، گابرىللى! يەنە ئازراق مەدەت قىل! ۋاي ــ ۋوي، ئىككىڭلار ئۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسىلەر؟ قۇشقاچنىڭ ئۆزىلىغۇ سىلەر! ئۈنۈڭلارنى ئاڭلىيالمىدىم. ناخشا توۋلايدىغان چاغدا ئەسنەپ ئولتۇرغىنىڭلار نېمىسى؟ مۇنداق ئېغىزنىڭ نېمە پايدىسى! ھە، جىم تۇرماڭلار! بۈگۈن دېگەن پەرىشتىلەر خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان بايرام، قۇياش چاراقلاپ كېتىپتۇغۇ،

ياخشىراق مۇزىكىغا ئورۇنلاڭلار. بىچارە گۇئىللائۇم، تىنالمايلا قاپسەنغۇ سىمىز ئاغىنە!

كۋاسىمدو قوڭغۇراق مۇنارىنى توسۇۋالغان چوققا تامنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ تۆۋەنگە قارىدى. غەلىتە كېيىنىپ مەيدانغا كېلىۋاتقان بىر قىزنى، ئۇنىڭ چىپپىدە توختاپ بىر پارچە گىلەمنى يەرگە يايغانلىقىنى، بىر ئوغلاقنى يېتىلەپ گىلەم ئۈستىدە توختاتقانلىقىنى، بىر توپ ئادەمنىڭ چۆرىدەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ مەنزىرە توساتتىنلا ئۇنىڭ خىيالىنى باشقا يەرگە ئەپقاچتى. ئۇنىڭ مۇزىكىغا بولغان قىزغىنلىقى بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مىدىرلىغۇسى كەلمەي قالدى، قوڭغۇراقلار بىلەنمۇ كارى بولمىدى. تاش لەمپىنىڭ كەينىدە تۇگۇلۇپ، ياردەمچى ئېپىسكوپنى ھەيران قالدۇرغان خىيالچان، مۇلايىم كۆزلىرى بىلەن ئۇسسۇلچى قىزغا تىكىلدى. دەل شۇ پەيتتە قوڭغۇراقلار تىمتاس بولۇپ قالدى. قوڭغۇراق ئاۋازىغا كۆيىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۈمىدى يوققا چىقتى. ئۇلار ئەسلىدە ئۈۋچاڭگى كۆۋرۈكىدە تۇرۇپ، قوڭغۇراق ئاۋازىغا خۇشاللىق بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقانلار ئىدى. بۇ خۇددى كانارىغا قۇيرۇق ئېسىپ قويۇپ، كەلگەن خېرىدارلارغا ئۆپكە ساتقاندەك بىر ئىش ئىدى.

## 4. تەقدىر

ئوخشاشلا 3 - ئاي، ئوخشاشلا يېقىملىق بىر تاڭ سەھەر ئىدى، يىگىرمە توققۇزىنچى كۈندىكى شەنبە بولسا كېرەك. بۇ سايىنت ئېئوستاش خاتىرە كۈنى بولغاچقا، بىزنىڭ ياش ئاغىنىمىز، تۈگمەنچى ژان فروللو پەلتوسىنى يېپىنىپ كارىۋاتتىن چۈشىدىغان چاغدا، ئىشتان يانچۇقىدىكى لىققىدە پۇل سېلىنغان قاپچۇقنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بوشاپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قالغانلىقىنى بىلدى.

«بىچارە قاپچۇق، — دېدى ئۇ قاپچۇقنى ئىشتاننىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ، — بۇ قانداق گەپ، بىر تال تەڭگىنىڭمۇ قالمىغىنى نېمىسى؟ قىمار، پىۋا، ۋىناس دەيدىغان نېمىلەر نەقەدەر ۋەھشىي، ئۇلار سېنى قۇرۇتۇپلا قويۇپتۇغۇ! مىجىلىپ، لەپەڭشىپلا قاپسەنغۇ! ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەيۋاتقان ئېغىزغىلا ئوخشاپ قاپسەن. سىسىرو ئەپەندى، سىنېكا ئەپەندى، سىلەرنىڭ ئەسەرلىرىڭلار، خۇرۇم تاشلىق كىتابلىرىڭلار پولغا چىپچىلىپ يېتىپتۇ. سىلەردىن سوراپ باقاي، مېنى پۇل چىقىرىدىغان زاۋۇتنىڭ باشلىقى ياكى ئوۋچاڭگى كۆۋرۈكىدىكى پۇل تېگىشىدىغان يەھۇدىيدىن ئۇستا دېگەن تەقدىردىمۇ، پادىشاھنىڭ تاجى چۈشۈرۈلگەن تىللانى ئوتتۇز بەش ئۇنزايىنغا، بىر ئۇنزايىننى يىگىرمە بەش سو سەككىز دېنىيرىسقا؛ ھىلال ئاي چۈشۈرۈلگەن بىر تەڭگىنى ئوتتۇز ئالتە ئۇنزايىنغا، ھەر ئۇنزايىننى يىگىرمە ئالتە تور ئالتە دېنىيرىسقا ئايرىۋاشلىغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ مەندە قوش ئالتىگە دو چىققۇدەك قارا يارماقنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىسا! كونسۇل سىسىرو جانابلىرى، بۇ بالا — قازادىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسى بارمۇ؟ ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇش ياكى ‹قانداق قىلىمىز›، ‹لېكىن› دېگەن بىرنەچچە سۆز بىلەن ئىش پۈتەمدۇ؟»

ژان فروللو غەمكىن ھالدا كىيىمىنى كىيدى، تۇگمىسىنى ئېتىۋاتقاندا كاللىسىغا تۇيۇقسىزلا بىر خىيال كەچتى، باشتا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئويلىماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، ھايال ئۆتمەيلا ئۇ خىيال يەنە كاللىسىغا كىرىۋالدى. بېشى پىرقىراپ، ئىچ مايكىسىنىمۇ تەتۈر كىيىپ سالدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلىدە قاتتىق كۈرەش بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي، شلەپىسىنى پولغا ئاتتى — دە، ئۆز — ئۆزىگە تووۋلاپ كەتتى: «خەپ! نېمە بولسا بولمامدۇ! ئۆزۈمنىڭ ئاكىسى بولغاندىكىن، ئىزدەپ باقمايمەنمۇ؟ ناھايىتى كەلسە تىللاپ

تويدۇرۇپ قويار شۇ! كۈمۈش تەڭگىدىن بىرنى ئىلىنۋالسامىلا بولغىنى.»

ئۇ يۇڭ ياقىلىق پەلتوسىنى ئالدىراپلا كىيىپ، شىلەپىسىنى يەردىن ئالدى، ئاندىن قورسىقى كۆپكەن هالدا ئۆيدىن چىقتى.

ئۇ چىلتار كوچىسىدىن كونا شەھەر رايونىغا قاراپ ماڭدى. دوقمۇشتىن قايرىلىدىغان چاغدا، هاۋادا لەيلەپ يۈرگەن كاۋاپىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىمىقىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ ئىختىيارسىز هالدا يان تەرەپتىكى كاۋاپخانىغا لەپپىدە قاراپ قويدى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا فرانسىسكانىنىڭ موناخى كالاتاگىرۇنانىڭ كاۋاپخانىغا قاراپ تۇرۇپ شۈمشەيگەن هالدا: «بۇ قاۋاقلار ھەقىقەتەن بولىدىكەن !» دەپ خورسىنغانلىقىنى ئەسكە ئالدى. لېكىن، ژاننىڭ ناشتىلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. مېڭىپ - مېڭىپ كېچىسى چاتېلې دەرۋازىسىدىن ئۆتتى - دە، سېپىل كارىدورىغا كىردى. ئۇ يەر ئۈچقۇلاق شەكىللىك ئېگىز مۇنارنىڭ هىمايىسىدىكى كونا شەھەر رايونى ئىدى.

ژاننىڭ بۇرۇنقىدەك پېرىنىت لېكلېرنىڭ ھەيكىلىگە تاش ئېتىپ ماڭىدىغانغا ۋاقتى يوق ئىدى. دەل مۇشۇ پېرىنىت لېكلېر چارلېز VI نىڭ پارىژنى ئەنگلىيەگە ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئادەملەر ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىمىز دەپ باش - كۆزىنى يېرىۋەتكەن، يۈزىگە پاتقاق لاي سۈرتۈۋەتكەنىدى. ئۇ ئۈچ ئەسىر مابەينىدە خۇددى لەنەت تۈۋرۈكىگە ئەبەدىيلىك مىخلاپ قويۇلغاندەك، چىلتار كوچىسى بىلەن بىس كوچىسىنىڭ ئارىلىقىدا قىينىلىپ كەلگەنىدى.

ئۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، يېڭى ساينت ژېنېۋېيېۋې كوچىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى - دە، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. لېگرىس ئەپەندىنىڭ ھەيكىلى ئەتراپىدا بىردەم چۆرگىلىدى. «تىل ئىشتىدىغىنىم چوقۇم، — دېدى ئۇ ئىچى پۇشۇپ، — تەڭگىنى ئالالىشىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ناتايىن !»

ئۇ موناستىردىن چىقىۋاتقان بىر خىزمەتكارنىڭ ئالدىنى توستى ۋە:

— يوساستىكى ياردەمچى ئېپىسكوپنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ — سورىدى.

— مېنىڭچە، ئۇ مۇنارنىڭ ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا، — دېدى خىزمەتكار، — لېكىن، ئەگەر سىز پاپا ياكى پادىشاھ جانابلىرى ئەۋەتكەن ئادەم بولمىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇنى ئاۋارە قىلماڭ.

«ئوبدان بولدى، — ژان فروللو چاۋاك چېلىپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭ بۇ ئالۋاستى غارىنى بىر كۆرۈشكە پۇرسەت ئىزدەپ يۈرگەن ئەمەسمىدىم !»

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ قەتئىي نىيەتكە كەلدى ــ دە، ئالدىدىكى قاپقاراڭغۇ ئىشىكتىن ئىچىلىپلا كىرىپ كەتتى، ئاندىن ئۈياققا ئەگىلىپ، بۇياققا قايرىلىپ دىگۇدەك قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۆگزىسىگە ئېلىپ بارىدىغان پەلەمپەيگە ياماشتى.

«كۆرۈپ باقايچۇ، — دېدى ئۇ كېتىۋېتىپ، — بۇۋى مەريەمنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، ئۇ يەردە چوقۇم سىرلىق بىر ئىش بار. مەن ھۆرمەتلىك ئاكامنىڭ ئۇ يەرگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن بېكىنىۋېلىپ، بەزىدە جەھەننەمنىڭ ئوچىقىغا ئوت ياقىدىغانلىقىنى، ئالتۇنغا ئايلاندۇرىمەن دەپ تاش كۆيدۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مېنىڭچە، ئۇ كىمىياگەرلىك قىلىپ كۆيدۈرۈۋاتقان تاش چوقۇم ئادەتتىكىچە تاش، ئۇنىڭ ئوچىقىدىن دۇنيادىكى ئالتۇن بولۇپ چىقىدىغان ئەڭ چوڭ تاشنى تاپقاندىن، پاسخا بايرىمىدا يەيدىغان مايلىق تورتنى تاپقىنىم ئەۋزەل !»

ئۇ تۈۋرۈكلۈك كىچىك دەھلىزنىڭ ئالدىدا بىردەم توختاپ دېمىنى رۇسلىۋالدى، مېڭىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان پەلەمپەينى زەھەرخەندىلىك بىلەن قارغىدى. ئاندىن ئۆزىگە مەدەت بېرىپ،

شىمال تەرەپتىكى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ كىچىك ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى. بۇگۈنكى كۈندە ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بۇ يەردىن مېڭىشى چەكلەنگەنىدى. قوڭغۇراق ئېسىلغان رېشاتكىدىن ئۆتۈپ بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن يان تەرەپتىكى تەكچىگە ۋە بېشىنى ئېگىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان ئەگمە ئىشىككە كۆزى چۈشتى. ئۇدۇلىدا ئايالنىڭ پەلەمپەيىنىڭ يان تېمى بىلەن ئوق ئاتىدىغان تۆشۈك بار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىشىككە سىلىقلىق يوغان قۇلۇپنى ۋە تۆمۈر رامكىنى كۆرگىلى بولاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەنلەر ئىستىن قارىيىپ كەتكەن تامدىكى بىرنەچچە ئاق خەتنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشى تۇرغان گەپ. بۇ «مەن گورالىنى سۆيىمەن. 1823 ـ يىلى ئۇگېن ئىمزا قويغان» دېگەن خەت بولۇپ، «يازغان» دېگەن سۆزلەرمۇ ئەسلىدىلا بار ئىدى.

ــ ئۇھ ! ــ دېدى ژان ئىنجىقلاپ، ــ مۇشۇ يەر بولسا كېرەك.

ئوقۇرمەنلەر چوقۇم رېمبراندىنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى كۆرگەن بولۇشى كېرەك، ئۇ رەسساملارنىڭ ئىچىدىكى شېكىسپىر، ئۇنىڭ بىرمۇنچە داڭلىق ئويما رەسىملىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىر پارچە مىس ئويما رەسىمى بار. ئۇ دوكتور فائۇستنىڭ ئوبرازى بولغىنىنى ئۇچۇنمىكىن، كىشىنى ئۆزىگە بەكمۇ مەھلىيا قىلىدۇ. رەسىمدە بىر كىچىك قاراڭغۇ ھۇجرا سىزىلغان، ھۇجرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا بىر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى ئۆلۈكنىڭ باش سۆڭىكى، گىلوبۇس، دەستىلەش سايمىنى، كومپاس، تەسۋىرى يېزىق يېزىلغان تېرە قەغەز قاتارلىق ئادەم چۆچۈتىدىغان بەزى نەرسىلەر بىلەن تولغان. ھېلىقى دوكتور ئۇچىسىدا تون، بېشىدا قېشىغىچە چۈكۈرۈلگەن قالپاق بىلەن شىرە ئالدىدا ئولتۇرىدۇ. قارىغان ئادەمگە ئۇنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرىسىلا كۆرۈنىدۇ. ئۇ قوپال كىرىسلودىن ئۆرە بولۇپ، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتىنى شىرەگە تىرەپ ھەم قىزىقسىنىش، ھەم

ۋەھىمە ئىچىدە بىرمۇنچە سىرلىق ھەرپلەردىن شەكىللەنگەن يورۇق چەمبىرەكلەرگە تىكىلىدۇ. ئۇ نەرسىلەر بۇ ھۇجرىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا خۇددى ئەرۋاھقا ئوخشاش كۆرۈنگەندەك بولىدۇ. قۇياشمۇ جادۇ قىلىنغانغا ئوخشاش كۆز ئالدىڭدا تىترەۋاتقاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ سىرلىق شولىسى ھۇجرىغا چېچىلىپ ھەم چىرايلىق، ھەم قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرە پەيدا قىلىدۇ.

ژان فروللو قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن بېشىنى تىقىۋىدى، كۆز ئالدىدا دوكتور فائۇستىنىڭ مەخپىي ھۇجرىسىغا ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان مەنزىرە پەيدا بولدى: ئوخشاشلا ئادەمنى تىترەك باسىدىغان قاراڭغۇ ئۆي؛ ئوخشاش كىرىسلو ۋە يوغان بىر شىرە؛ بىرنەچچە كومپاس، بىرنەچچە دەستىلەش سايمىنى، ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكى تورۇسقا ئېسىقلىق؛ چۆرگۈلەۋاتقان گىلوبۇس؛ ھەر خىل رەڭدىكى سۇيۇق دورا قاچىلانغان بىرنەچچە بوتۇلكا ئۇ يەر - بۇ يەرگە قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان؛ ئۇنىڭ ئىچىدە ئالتۇندەك ساپسېرىق بىرنەچچە تال غازاڭ تۇراتتى. غەلىتە خەت بىلەن تولۇپ كەتكەن ۋە ئادەملەرنىڭ رەسىمى سىزىلغان تېرە قەغەز ئۈستىگە ئۆلگەن ئادەمنىڭ بىرنەچچە پارچە باش سۆڭىكى قويۇلغان؛ شىرەگە ئاۋايلىمىسا بۇرجىكى قاتلىنىپ ئوڭايلا تىتىلىپ كېتىدىغان تېرە قەغەزگە يېزىلغان قول يازما دۆۋىلەكلىك؛ ئۆيدىن خىمىيەلىك دورىلارنىڭ دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان پۇرىقى بىقىسىپ تۇرىدۇ. رەتسىز قويۇلغان نەرسىلەرنى توپا بېسىپ، ئۆمۈچۈكلەر تور باغلاپ كەتكەن.

بىراق، بۇ كىچىك ئۆيدە ئادەم يوق ئەمەس ئىدى، شىرەگە جەينىكىنى تىرەپ كىرىسلودا بىر ئەر ئولتۇراتتى. ئۇ دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان بولغاچقا، ژان پەقەتلا ئۇنىڭ مۈرىسىنى ۋە بېشىنىڭ كەينىنى كۆرەلەيتتى. ئۇ چېچى چۈشۈپ كەتكەن بۇ باشنى بىر قاراپلا تونۇدى. بۇيۇك تەبىئەت خۇددى

ئادەملەرگە ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ دىنىي ۋەزىپىسى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى تاشقى قىياپىتىدىكى ئالاھىدىلىككە ئاساسەن دەپ بېرىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بېشىغا مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان چاچ شەكلىنى ئاتا قىلغانىدى.

ژان فروللو ئۇنىڭ ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى، لېكىن ئىشىكنى بەكمۇ ئاۋايلاپ ئاچقانلىقى ئۈچۈن، كلاۋدې فروللو ئۇنىڭ قانداق كىرگەنلىكىنى قىلچە تۇيمىدى. ھەممە نەرسىگە قىزىقىدىغان ژان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆيئىچىگە بىرقۇر سەپسالدى، دەسلىپىدە ئورۇندۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى ئوچاققا دىققەت قىلمىدى. كۆن نۇرى ھەم چوڭ، ھەم يۇمىلاق ئۆمۈچۈك تورىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، دېرىزىنىڭ ئەگمىسىدە جۇخارگۇلىدەك ئويما نەقىش ھاسىل قىلغانىدى. ئوچاقنىڭ ئۈستىگە ھەر خىل كىچىك دورا بوتۇلكىلىرى قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغانىدى. ژان فروللو ئوچاقنىڭ ئۈستىدە قازاننىڭمۇ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۇھسىنىپ قويدى.

«بۇ ئاشخانا سايمانلىرى تازىمۇ يېڭى ئىكەنغۇ!» دەپ ئويلىدى ژان فروللو.

يەنە كېلىپ ئوچاقتا ئوت يوق، ئۇزاقتىن بۇيان ئوت قالانمىغاندەك، تاماقمۇ ئېتىلمىگەندەك قىلاتتى. ژان فروللو بىر دۆۋە خىمىيەلىك سايمانلار ئارىسىغا تاشلاپ قويۇلغان ئەينەك نىقابنى كۆرۈپ قالدى. قارىماققا ئاكىسى خەتەرلىك تەجرىبە بىلەن شۇغۇللانغاندا يۈزىنى توسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان بۇ نەرسە بىر بۇلۇڭدا تۇراتتى، ئۈستىگە قېلىن بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قونغان، ئەستىن چىقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ياندىكى شامال ساندۇقىنىمۇ توپا بېسىپ كەتكەنىدى. ئۈستىدىكى مىس تاختايغا «تىنىقلا بولسا ئۈمىد بولىدۇ» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى.

تامدىكى كىمىياگەرلەر دائىم قوللىنىدىغان ئويما يېزىقلارنىڭ بەزىلىرى سىياھ بىلەن يېزىلغان، بەزىلىرى پىچاق بىلەن ئويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە گوت يېزىقىمۇ، ئىبرانىي

يېزىقمۇ، گىرېك يېزىقمۇ، ھەتتا رىم يېزىقمۇ بار ئىدى. بۇ يېزىقلار خۇددى ئۇزۇن ــ قىسقا، ئېگىز ــ پەس دەرەخ شاخلىرى ئۆزئارا ئۆتۈشۈپ كەتكەندەك بىرىنىڭ تۆپىسىگە بىرى مىنگىشىۋالغان، يېڭى يېزىلغانلىرى كونىلىرىنى بېسىۋالغان، بەئەينى جەڭ مەيدانىدىكى يالمان بىلەن نەيزىدەك ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ يېزىقلاردا ئەقىل ــ پاراسەت، خام خىيال ۋە ئىنسانىيەتكە تەئەللۇق جىمىكى بىلىم ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ خەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئادەملەر يازغان بولۇپ، ئۇلار لاتىنلار ۋە گىرېكلاردىكى «قاچاندىن باشلاپ؟ قەيەرگىچە؟»، «بىر ئادەم باشقا بىر ئادەم ئۈچۈن ئالۋاستى»، «يۇلتۇز، يۇلتۇزلار تۈركۈمى، نام ــ شەرىپى، ئىلاھىيەت»، «بىر ئۇلۇغ كىتاب، ئېغىر قايغۇ ــ ھەسرەت»، «ئەقىل ئىزدەشكە بەل باغلاش»، «ئىدىيە ئېھتىياجدىن تۇغۇلىدۇ» قاتارلىق قىسقا ھېكمەتلىك جۈملىلەر ئىدى. بەزىلىرى ھېچقانداق ئېنىق مەنىسى بولمىغان بىرلا گىرېكچە خەت ياكى موناستىرلىق تۈزۈمدىن كېلىۋاتقان ئازاب ــ ئوقۇبەتلىك بېشارەت ئىدى. يەنە بەزىلىرى ئالتە تۇراقلىق شېئىردىن پۈتكەن «سىنىڭ بۇ تۆپىراقتىكى ھۆكۈمرانلىقىڭ تەڭرىنىڭ قۇدرىتىگە تايىنىدۇ» دېيىلگەن پەند ــ نەسىھەت ئىدى. يەنە بەزىلىرى قولىنىڭ ئۇچىدىلا يېزىپ قويغان ئىبرانىيچە تېز يازما بولغاچقا، بۇلار گىرېكچە بىرنەچچە ھەرپىنى ئاران تونۇيدىغان ژان ئۈچۈن ئوقۇغىلى بولمايدىغان تىلسىماتلارنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ خەتلەرنىڭ ئەتراپى يۇلتۇز، ئادەملەرنىڭ رەسمى، ھايۋانلارنىڭ شەكلى ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۈچ بۇلۇڭلۇق شەكىللەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ئۆينىڭ تۆت تېمى خۇددى بىر مايمۇن سىياھقا مىلەنگەن پەلكۈچىنى كۆتۈرۈۋېلىپ قەغەزنى قارىقويۇق بويىۋەتكەندەك رەسۋا بولۇپ كەتكەنىدى.

ئۆينىڭ ئىچى «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك كونىراپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بولۇپ، نەرسە ــ كېرەكلەر

ئىنتايىن قالايمىقانىدى. قارىغاندا ئۆي ئىگىسى ئۇزاقتىن بېرى باشقا ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتىن قولىنى يۇيۇۋەتكەندەك قىلاتتى.

مۇشۇ دەقىقىدە ئۆي ئىگىسى ھەر خىل شەكىل چۈشۈرۈلگەن قول يازمىغا قاراش بىلەن بەند ئىدى. مۇنداقلا قاراشقا ئۇنىڭ كاللىسى ھە دېسىلا كۆڭلىگە بۆسۈپ كىرىۋاتقان تۈرلۈك ـ تۈمەن خىياللار تۈپەيلى قاپاق بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. ژان خىيالىدا ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، خۇددى چۈشەكەپ سۆزلەپ كەتكەن ئادەمدەك بىرنېمىلەرنى غودۇڭشۇۋاتقانلىقىنى جەزم قىلدى: «دۇرۇس، مانۇ مۇنداق دېگەن، زوروئاستىرمۇ بىزگە: ‹ئوتتىن كۈن تۇغۇلىدۇ، كۈندىن ئاي تۇغۇلىدۇ. ئوت جىمىكى شەيئىنىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭ ئاتوملىرى تىنىمسىز رەۋىشتە ھەددى ـ ھېسابسىز ئېقىم بولۇپ شەكىللىنىدۇ، يەر شارىغا قاراپ ئاقىدۇ. ئۇلار ھاۋادا بىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا نۇرغا ئايلىنىدۇ. يەر شارىدا يىر ـ بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ›. ‹نۇر بىلەن ئالتۇن ئەمەلىيەتتە بىر شەيئى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئالتۇن ئوتنىڭ شەكلى. ئوخشىمايدىغان يېرى بىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ، بىرىنى تۇتقىلى بولىدۇ؛ بىرى سۇيۇق ھالەتتە بولىدۇ، بىرى قاتتىق ھالەتتە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى سۇ بىلەن مۇزنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. باشقا مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىنمىدى؟›، ‹بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئادەتتىكى قانۇنىيەت. لېكىن، بۇ ئادەتتىكى قانۇنىيەتنىڭ سىرىنى قانداق قىلغاندا ئىلىم ـ پەنگە تايىنىش ئارقىلىق تاپقىلى بولىدىغاندۇ؟ قولۇمغا چۈشكەن نۇر شارتتىدە ئالتۇن بولۇپ قالىسچۇ؟ بۇ ئاتوملار مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە تارقالغان بولغاندىكىن، يەنە باشقا بىر قانۇنىيەتكە ئاساسەن قاتۇرۇۋالسا بولىدىغاندۇ؟›، ‹قانداق قىلىش كېرەك؟›، ‹بىرلىرى كۈننىڭ نۇرىنى يوشۇرۇپ قويۇش خىيالىدا بولىدۇ›، ‹ئاۋېرروئې !›، ‹شۇنداق، ئاۋېرروئې›،

www.uyghurkitap.com

‹ئاۋىرروئىي بىر چاغلاردا كوردوۋا چىركاۋىدىكى شاھلار قەبرىسىنىڭ سول تەرىپىگە، بىرىنچى تۈۋرۈكنىڭ ئاستىغا كۈن نۇرىنى كۆمۈپ قويغان. لېكىن، بۇ تەجرىبىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ـ بولمىغانلىقىنى سەككىز مىڭ يىلدىن كېيىن دەلىللىگىلى بولىدىغان تۇرسا !›»

— تازا قاملاشمىغان ئىش بولدى ـ دە ! — دېدى ژان بىر چەتتە تۇرۇپ، — بىر تەڭگىنى دەپ يەنە قانچىلىك ساقلارمەن؟

— ... بىرى مۇنداق دېگەن، — ياردەمچى ئېپىسكوپ ھېلىمۇ جۆيلۈمەكتە ئىدى، — ئاسمان بۆرىسى (يۇلتۇزلار تۇركۇمى)نىڭ نۇرىدىن پايدىلىنىپ تەجرىبە قىلىپ باقسا تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولارمىكىن. لېكىن، ئاسمان بۆرىسىنىڭ نۇرىنى تېپىش ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس. باشقا يۇلتۇزلارنىڭ نۇرى ئۇنىڭ نۇرى بىلەن ئارىلاش. فىلامېل دوزاخنىڭ ئوتىنى ئىشلەتسە ئوڭاي بولىدۇ دېگەنىدى.»، «فىلامېل ! بۇ كارامەت كۆرسەتكۈچى كىم بولغىيدى؟ فىلاممې، ھە، فىلاممې ① ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن دەڭلار! ياقۇت كۆمۈرنىڭ ئىچىدە، ئالتۇن نۇرنىڭ ئىچىدە»، «لېكىن ئۇنى قانداق ئالغىلى بولىدۇ؟ بەزى ئاياللارنىڭ ئىسمى ئاجايىپ تاتلىق، سىرلىق بولىدۇ، ئۇلاردا پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچ بار، تەجرىبە قىلغاندا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىسا ئوبدان دېگەندەك قىلىدۇ !

بىز مانۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىگە قاراپ باقايلى: «ئومۇمەن ئايالللار ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان جاي ئىلاھلار رازى بولغان ئورۇن؛ ئايالللار ھاقارەتلەنگەن ئەل چوقۇم تەڭرىنىڭ قارغىشىنى ئالغان ئەل»، «ئايالللارنىڭ لېۋى مەڭگۈ ھالال، ئۇ ئېقىپ تۇرغان سۇ، چاراقلاپ يانغان قۇياش»، «ئايال خەقنىڭ ئىسمى تاتلىق بولۇشى، سۆيۈملۈك بولۇشى، مەۋھۇم بولۇشى، يېقىملىق

① «فىلاممې» — فىرانسۇز تىلىدا Flamel ، «ئوت»نى Flamme دەيدۇ.

ئاڭلىنىدىغان بولۇشى، ئاخىر سوزۇق تاۋۇش بىلەن تۈگىگەن بولۇشى، دۇئا ـ تىلاۋەتتىكى خەتلەردەك بولۇشى لازىم!» بەرھەق، بۇ دانانىڭ سۆزى ئورۇنلۇق، دېمىسىمۇ شۇنداق. مارىيە، سۇفىيە، ئەسمېرالدا ... شورۇم قۇرۇسۇن! نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم!

ياردەمچى ئېپىسكوپ كىتابنى پاققىدە يېپىۋەتتى.

كلاۋدې فروللو ئازابلىق خىياللارنى قوغلىۋەتمەكچى بولغاندەك، ئالقىنى بىلەن پېشانىسىنى باستى. ئاندىن بىر تال مىخ بىلەن كىچىك بولقىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. بولقىنىڭ سېپىغا غەلىتە سىرلىق خەتلەر ئويۇلغانىدى.

— يېقىندىن بۇيان، — ئۇ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — قىلغان تەجرىبىلىرىم مەغلۇپ بولۇپلا تۇردى. بەزى ئوي ـ خىياللار مېنى چىرمىۋېلىپ ئارامىمدا قويمىدى. قىزدۇرۇلغان داغمالدەك مېڭەمگە چاپلاشتى. مېنى كاسىئودورۇنىڭ مەخپىيىتىنىمۇ تاپالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ پىلىكمۇ كەتمەيدىغان، مايمۇ ئىشلەتمەيدىغان، لېكىن يېنىۋېرىدىغان بىر چىراغ ئىجاد قىلغانىدى. بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئاددىي نەرسە ئىدى ـ دە!

— غەلىتە ئىشقۇ بۇ! — دەپ غوتۇلدىدى ژان.

— كارغا كەلمەيدىغان خىيال، — دېدى پوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — يا ئادەمنى لاتا قىلىۋېتىدۇ، يا بولمىسا ساراڭ قىلىۋېتىدۇ. كلاۋدې بېرىنىل نېمە دەپ زاڭلىق ئەتسە ئەتسۇن. مۇنداق خىيالدىن نىكولا فىلامېلنىڭ بېشى قېيىپ باققانمۇ؟ ئۇ ئايالمۇ نېمە دېسە دەۋەرسۇن! قولۇمدا قورقۇنچلۇق ئەۋلىيا ھىسسىپلىنىڭ سېھىرلىك بولقىسى تۇرسا؟ ئۇ ئۆيىدىلا ئولتۇرۇپ بىر تال مىخنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ قويىدىغان بولسا، قارغىش تەگكۈر دۈشمەنلىرى ئون مىڭ چاقىرىم نېرىدا بولسىمۇ، بىر غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتكەن. ھەتتا فىرانسىيەنىڭ پادىشاھىمۇ مەلۇم بىر ئاخشىمى بۇ ئەۋلىيانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشىكنى يەڭگىللىك قىلىپ چېكىپ قويغاچقا، پارىژنىڭ كوچىسىدىلا تىزىغىچە يەرگە كىرىپ كەتكەن. بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگىنىگە ئۈچ ئەسىرمۇ ئۆتمىدى. بولدىلا! مەندىمۇ مىخ بىلەن بولىقا بار، لېكىن بۇ نەرسىلەر مېنىڭ قولۇمدا كاسىپىنىڭ قولىدىكى قەلەمتىراشچىلىكمۇ قورقۇنچلۇق ئەمەس. مۇھىمى ھىسسىپىل مىخنى قاقىدىغان چاغدا ئوقۇيدىغان ئەپسۇننى قولغا چۈشۈرۈشى كېرەك.

«تېتىقسىزلىق!» دەپ ئويلىدى ژان.

— چوقۇم سىناپ باقىمەن، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ تاقىتى تاق بولۇپ، — ناۋادا مۇۋەپپەقىيەت قازانسام، مىخنىڭ ئۈچىدىن چاقنىغان كۆكۈچ يالقۇننى كۆرگەن بولىمەن. ئامېن - ھېتان! ئامېن - ھېتان ① توغرا بولمىدى ... سىگېئانى سىگېئانى! ② ئىلاھىم، بۇ مىخ فوبۇس ئاتلىق بىرىگە گۆر كولىغاي! ... ئۆلمىگۈر، نېماندۇق ... ئوخشاشلا بىر خىيال مېڭەمنى قوچۇيدىغاندۇ!

ئۇ يىرىلغۇدەك بولۇپ بولىقىنى چۈرۈۋەتتى - دە، شىرە ئالدىدىكى كىرېسلوغا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. كىرېسلونىڭ ئېگىز يۆلەنچۈكى ژاننىڭ ئالدىنى توسۇۋالغاچقا، ئاكىسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، شىرەنىڭ ئۈستىدىكى كىتابقا قولىنى قويغىنىغا بىرھازاغىچە قاراپ تۇردى. كلاۋدې فروللو بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچ گەپتىن - ھېچ گەپ يوقلا كومپاسنىڭ يىڭنىسىنى قولغا ئالدى - دە، ئالدىدىكى تامغا ③ «ANALKH» دېگەن گىرېكچە خەتنى يوغان قىلىپ ئويۇپ قويدى.

— ئاكام ئالجىپتۇ، — دېدى ژان فروللو ئۆز - ئۆزىگە، —

---

① فىرانسۇزچىدىكى ئەپسۇننىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى، «بۇ يەردە - ئۇ يەردە» دېگەنلىك بولىدۇ.

② سىگېئانى — رىۋايەتلەردىكى پەرىشتىنىڭ نامى.

③ گىرېكچە سۆز، تەقدىر مەنىسىدە كېلىدۇ.

لاتىنچە يازغان بولسا ئوڭاي ئەمەسمىدى! ھەممە ئادەمنىڭ گىرىك يېزىقىنى چۈشىنەلىشى ناتايىن!

ياردەمچى ئېپىسكوپ كىرىسلوغا ئولتۇردى، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتكەن بىماردەك بېشىنى چاڭگاللىۋالدى.

ژان فروللو ھەيران بولغان ھالدا ئاكىسىغا قارىدى، ئۇ ئەزەلدىن ئاق كۆڭۈل، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان، ھېسسىياتىنىڭ تەبىئىي ئۆرغۇپ چىقىشىغا يول قويىدىغان، لېكىن كەمدىن - كەم ھاياجانلىنىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ گەرچە ھەر كۈنى ئەتىگەندە يېڭى - يېڭى ئېرىقچىلارنى كولاپ، يىغىلىپ قالغان سۇلارنى چىقىرىۋېتىشكە ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنساننىڭ ھېسسىيات دېڭىزى توسۇلۇپ قالسا، ئۇنىڭ قانچە زور ئەسەبىيلىك بىلەن كۆۋەجەپ دولقۇن ئاتىدىغانلىقىنى، شىددەت بىلەن ئوقچۇيدىغانلىقىنى، يۈرەككە نەشتەردەك سانجىلىدىغانلىقىنى، ئادەمنى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشقا مەجبۇرلايدىغانلىقى ۋە ساراڭ قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا ئىنساندىكى ھېسسىيات دېڭىزىنىڭ قىرغىقىنى ئۆرۈپ ئاپەتكە ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيتتى. ژان فروللو كۆپ ھاللاردا كلاۋدې فروللودىكى سۈرلۈك تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ، ئايىغى چىقمايدىغان تارتىنچاقلىقنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيتتى. ئۇ ئېتىنا يانار تېغىنىڭ ئاپپاق قار ئاستىدىكى گىرانىت تاشلارنىڭ تېگىدە كۆۋەجەۋاتقان، ئېغىر ھاسىرايدىغان، ئەقلىدىن ئازغان ماگمىنىڭ بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقى بىزگە نامەلۇم ئىدى. لېكىن، مىجەزى چۇس ژان ئۆزىنىڭ كۆرمەسلىككە تېگىشلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلگەن يەردە ئىدى. ئۇ مۇشۇ دەقىقىدە ئاكىسىنىڭ روھى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر خىلۋەت ماكانغا كىرىپ قالغانلىقىنى پەملىگەنىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ياردەمچى ئېپىسكوپ

كلاۋدې فروللوغا بىلىندۈرمەسلىكى لازىم ئىدى. ئۇ ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ كىرىسلوغا قايتىدىن چۆكۈپ، بۇرۇنقىدەكلا مىدىر - سىدىر قىلماي ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ، شەپە چىقارماي ئارقىسىغا ياندى. ئاندىن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ ھازىرلا كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىپ قويماقچى بولغاندەك يەرگە بىرنەچچىنى تېپىپ قويدى.

— مەرھەمەت ! — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ مەخپىي ھۇجرىسىنىڭ ئىچىدىن، — كىرىۋېرىڭ، ئاچقۇچ قۇلۇپىنىڭ تۆشۈكىگە سېلىقلىق. سىزنى كۈتۈۋاتقىنىمغا خېلى بولدى، ياكۇئىس جانابلىرى !

ژان دادىللىق بىلەن مېڭىپ ئۆيگە كىردى. قامالاشمىغان چاغدا كەلگەن مېھماننى كۆرگەن ياردەمچى ئېپىسكوپ ئارامى بۇزۇلغاندەك قىمىرلاپ قويدى.

— نېمە؟ بۇ سەنمىدىڭ ژان !

— بىز نېمىلا بولسۇن، ئىسمىمىز ئوخشاش ھەرپ بىلەن باشلىنىدىغانلاردىن ئەمەسمۇ؟ — ژاننىڭ يۈزى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ، خۇشاللىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى.

كلاۋدې فروللو سۇرلۇك قىياپەتتە:

— بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — دېدى.

— ئوبدان ئاكا، — ئىستۇدېنت ئىبغىر - بىسىق، بىچارە قىياپەتكە كىردى ۋە ساددا ئادەمدەك قولىدىكى شلەپىسىنى پىرقىرىتىپ گەپ باشلىدى، — مەن سىزدىن ...

— نېمە؟

— مەن سىزدىن ئازراق تەنبىھ ئاڭلاي دەپ كېلىۋېدىم، — ژان «يەنە ئازراق پۇلمۇ لازىم ئىدى» دېگەن گەپنى دېيىشكە پېتىنالمىدى.

— ئەپەندى، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ سوغۇق تەلەپپۇزدا، — مەن سەندىن رازى ئەمەس !

— ھە ! — ژان خورسىنىپ قويدى.

كلاۋدي فروللو كىرىسلونى يېرىم ئايلاندۇرۇپ ژانغا تىكىلدى.

— مېنىڭمۇ سېنى كۆرگۈم كەلگەنىدى.

بۇ ياخشى ئىشتىن دېرەك بەرمەيدىغان گەپ ئىدى. ژان سېسىق گەپ ئاڭلاشقا تەييارلىق قىلىپ قويدى.

— ژان، ئادەملەر ماڭا ھەر كۈنى سېنىڭ ئۈستۈڭدىن ئەرز قىلىدۇ. سېنىڭ گىراف ئالبېرت رامۇنچاپ بىلەن مۇشتلاشقىنىڭ قانداق ئىش؟

— ھە، — دېدى ژان، — بۇ ھېچقانداق ئىش ئەمەس ! ئۇ كاساپەت پاتقاق يولدا ئات چاپتۇرۇپ، ئۈستىبېشىمنى غەرق لاي قىلىۋەتتى !

— سەن ماھىيت خارگىلىنىڭ كىيىمىنى يىرتىۋېتىپ، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، — ئۇ ماڭا كىيىملىرىمنى «كىيگۈسىز» قىلىۋەتتى، دەپ كەلدى. بۇ قانداق بولغىنى؟

— راست گەپ قىلماپتۇ، رومىلىنىڭ بىر بۇرجىكىلا يىرتىلغان تۇرسا !

— ئۇ «يىرتىۋەتتى» دېمىدى، «كىيگۈسىز» قىلىۋەتتى دېدى. سەن لاتىنچىنى بىلەمسەن؟

ژان جىم تۇرۇۋالدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە تىل ئۆگىنىش تازا ئاقمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، — پوپ بېشىنى چايقاپ قويۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — لاتىن تىلىنى چۈشىنەلەيدىغانلارنى تاپماق تەس. سۈرىيە تىلىنى بىلىدىغانلار تېخىمۇ يوق. گرېك تىلىدىنمۇ ئادەملەرنىڭ ئىچى ئېلىشىدىغان بولۇپ قالدى. قورسىقىدا ئۇمچى بارلارمۇ گرېكچە خەتلەرنى كۆرسە ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇۋالدى. تېخى ئۇيالمايلا گرېكچە خەتنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ دەپ باھانە كۆرسىتىدۇ.

ژان جۈرئەتكە ئېلىپ ياردەمچى ئېپىسكوپقا تىكىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— جانابلىرى، سىز مېنىڭ تامدىكى ئاۋۇ گىرېكچە سۆزنى ئەڭ پاكىز فىرانسۇز تىلى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرىشىمگە ماقۇل بولارسىزمۇ؟

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ يۈزىگە ۋىللىدە قىزىللىق ياماشتى ۋە:

— ياخشى گەپقۇ، ژان، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ، — بۇ خەتنىڭ مەنىسى نېمە؟

— تەقدىر !

كلاۋدې فروللونىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ئىستۇدېنت پەرۋاسىز هالدا گېپىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى؛

— تېگىدىكى گىرېكچە سۆزمۇ بار، ئوخشاشلا بىر ئادەم ئويۇپ يازغان بۇ گىرېكچە سۆزمۇ بار، مەنىسى «ئىپلاس» دېگەنلىك بولىدۇ. گىرېك تىلىنى خېلى يامان ئەمەس ئۆگەنگەندەك قىلامدىمەن !

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى، بۇ گىرېك تىلى دەرسى ئۇنى ئويلاندۇرۇپ قويغانىدى. ژان ئەكسىچە ئەركىلەپ ئۆگىنىپ قالغان كىچىك بالىدەك، كۆڭلىدىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى يېتىپ كەلدى، دەپ ئويلاپ، مۇلايىملىق بىلەن يېلىنىشقا باشلىدى:

— ئوبدان ئاكا، سىز مېنىڭ باشقىلار بىلەن مۇشتلاشقىنىمغا خاپا بولۇپ يۈرمىگەنسىز؟ مەن ئۇلار بىلەن ئازراق تاكاللىشىپ قالدىم شۇ، قولۇم تېگىپ كەتكەنمۇ بولىدى. مەندىن ئۈنچىلىك بىزار بولۇپمۇ كەتمىگەنسىز؟ ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇردىڭىز، لاتىنچىنى خېلى ياخشى ئۆگەنگەندەك قىلىمەن !

لېكىن، بۇ يالغان يالۋۇرۇش قايىقىنى تورۇپلا يۈرىدىغان ياردەمچى ئېپىسكوپنى ئىلگىرىكىدەك ئېرىتەلمىدى. تايغاننىڭ تورت يېمەيدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ بۇلۇتتەك تۈتۈلۈپ كەتكەن چىرايى ئېچىلاي دېمەيتتى.

— زادى نېمىدەپ كەلدىڭ، — دېدى ئۇ توك تېگىپ.
— راست گەپنى قىلاي ! — دېدى ژان جۇرئەتكە ئېلىپ، — ماڭا پۇل لازىم !

ئۇنىڭ گەپنى مۇنداق ئوچۇق - يورۇق قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ چىرايىدا دەرھال مېھرىبانلىق ئالامەتلىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭغا ئۇستاز ياكى كۆيۈمچان دادا ئورنىدا گەپ قىلغۇسى كەلدى.

— ژان ئەپەندى، — دېدى ئۇ، — بىزنىڭ تىرىكچىلىكى يەرلىرىمىزدىن كىرىدىغان كىرىمنىڭ تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەسلىكىنى بىلىسەن. يىگىرمە بىر ئۆينىڭ ئىجارىسى بىلەن باشقا ئالۋان - ياساقتىن كېلىدىغان پۇلمۇ ئاران دېگەندە ئوتتۇز توققۇز پارىژ لىۋر ئون بىر سودىن ئاشىدۇ. بۇ پاكلىتتا موناخ بولغان چاغدىكىدىن يېرىم ھەسسە كۆپ. لېكىن، يەنىلا بەك كۆپ ئەمەس.

— ماڭا پۇل لازىم، — دېدى ژان ئاكىسىنىڭ گەپلىرىنى پىسەنتىگە ئالماي.

— ئۆزۈڭگە مەلۇم، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بىزنىڭ ئېپىسكوپنىڭ باشقۇرۇش رايونىغا يېقىن جايدىكى يىگىرمە بىر ئېغىز ئۆيىمىزنى ئېپىسكوپنىڭ رەسمىي سۈيۈرغال قىلىپ بېرىلگەن يەرلىرىگە تەۋە دەپ كېسىم چىقاردى. ئۇنى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئالتە پارىژ لىۋرغا تەڭ كېلىدىغان ئىككى ئالتۇن ماركىنى ھۆرمەتلىك ئېپىسكوپ جانابلىرىغا بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ تاپقان - تەرگەنلىرىم ئىككى ئالتۇن ماركقا يەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بار.

— مەن ئۆزۈمگە پەقەت پۇل لازىملىقىنىلا بىلىمەن، — ژان بىر گەپنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىدى.

— ساڭا بۇ پۇل نېمىگە لازىم بولۇپ قالدى؟

ژاننىڭ كۆزلىرىدىن ئۈمىد ئۇچقۇنى چاقنىدى. ئۇ تېخىمۇ مۇلايىملىشىپ قالغاندەك ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سۆيۈملۈك ئاكا! مەن بەتخەجلىك قىلغىنىم ئۈچۈن سىزدىن پۇل سوراپ كەلمىدىم. سىزدىن پۇل ئېلىپ ھاراقكەشلىك قىلغۇمۇ يوق. گۈللۈك دۇخاۋا كىيىملەرنى ئالاي دەپمۇ ئويلىمايمەن. تىكتىكچىلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كۆرەڭلەپ يۈرگۈمۇ كەلمەيدۇ. ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئاكا! ئازراق پۇل ئېلىپ بىر ياخشى ئىش قىلغۇم بار ئىدى.

— قانداق ياخشى ئىش؟ — كلاۋدىغا بۇ گەپ يېڭىلىق تۇيۇلدى.

— ئىككى ئاغىنەم بوۋى مارىيەنىڭ ئەرش سەپىرى جەمئىيىتىدىكى نامرات راھىبەنىڭ بالىسىغا زاكىلىق رەخت ئالماقچى بولغان. ئۇنىڭغا ئۈچ تەڭگە كېتىدىغان بولغاچقا، مەنمۇ بىر ئۈلۈش پۇل چىقارماقچىدىم.

— ئىككى ئاغىنەڭنىڭ ئىسمى كىم؟

— پىررې لاسومۇر بىلەن باپتىست گروكىيۇ ئۇئىسۇن ①.

— ھە! — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، — بۇ ئىككى ئەبلەخنىڭ ساۋابلىق ئىش قىلىشى نەزىر - چىراغ سۈپىسىدا پوجاڭزا ئاتقاندەك بولمامدۇ؟

ژان ئىككى ئاغىنىسىنىڭ ئىسمىنى توقۇپ چىقىپ ئىشنى بۇزغانىدى. بىراق، ئۇ بۇنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە ۋاقىت ئۆتكەنىدى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — سەگەك كلاۋدى فروللو داۋاملىق سۈرۈشتۈرگىلى تۇردى، — ئۈچ تەڭگىگە توختايدىغان قانداق ئەتىۋارلىق زاكا ئىكەن ئۇ؟ ئاشۇنداق زاكىلىق رەختنى بوۋى مارىيەنىڭ ئەرش سەپىرى جەمئىيىتىدىكى بالىلارغا ئىشلەتكەن نەدە بار؟ راھىبەلەرنىڭ قانداقمۇ زاكىلاپ يۈرگۈدەك بالىسى بولسۇن؟

---

① بۇ ئىككى ئىسمىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جالالات ۋە قىمارۋاز.

ژانغا يۈزىنى سىيرىتۋەتمەي ئامال قالمىدى.

— دۇرۇس، مېنىڭ پۇل سوراپ كېلىشىم بۇگۈن كەچتە مۇھەببەت جىلغىسىغا بېرىپ ئىسابېئو تېررىي بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئىدى.

— ناپاك نەرسە ئىكەنسەن ! — دېدى پوپ ۋارقىراپ.

— «ئىپلاس» نەرسە دېسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى ژان.

ژان تامدىكى سۆزنى قەستەن ئاغزىغا ئالدى، پوپ ئۇجۇقۇپ كەتكىلى تاس - تاس قالدى، لەۋلىرىنى چىشلىدى، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— كەت، — دېدى ئۇ ژانغا، — مېھمانلىرىم هازىرلا كېلىپ قالىدۇ.

ژان يەنە بىر قېتىم ئېيتىشىپ باقماقچى بولدى.

— ئاكا، ھېچبولمىغاندا كەچلىك تامىقىم ئۈچۈن بولسىمۇ بىر تەڭگە بېرىڭ !

— گراتئاننىڭ نەسىھەتلىرىنى قانداقراق ئوقۇۋاتىسەن؟

— مەشىق دەپتىرىمنى چۈشۈرۈپ قويدۇم.

— لاتىن مەدەنىيەت تارىخىنى قەيەرگىچە ئوقۇدۇڭ؟

— خوراتىئۇسنىڭ كونسپېكتىنى باشقىلار ئوغرىلىۋالدى.

— ئارىستوتېلنى ئوقۇپ نەگىچە كەلدىڭ؟

— شۇنداق، ئاكا ! چىركاۋدىكى پوپ بېدئەتچىلەر ئارىستوتېلنىڭ پەلسەپەسىدىن ئەگىتمە گەپ ئىزدەيدۇ، دەيدۇ. ئارىستوتېل دېگەن كىم ئۇ؟ مەن ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ دىنىي ئېتىقادىمنى بۇزۇۋېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايمەن !

— ياش يىگىت، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، — پادىشاھ ئۆتكەن نۆۋەت پايتەختكە كىرگەندە قىلىپ دېكومىنىس ئىسىملىك مۇلازىم مىنگەن ئاتنىڭ ئېگىرىگە كەشتىلەنگەن مۇنداق بىر ھېكمەتلىك سۆزگە كۆزۈم چۈشكەندى. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا! ئۇ «ئىشلىمىگەن چىشلىمەيدۇ» دېگەن سۆز ئىدى.

ژان دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، قولىقىنى ئۈۋۈلىدى، يەرگە قارىدى، چىرايى ئۆڭدى. ئۇ سۆڭگۈچكە ئوخشاش لىككىدە تاقلاپ، كلاۋدىي فروللو تەرەپكە ئۆرۈلدى.

— ئۇنداقتا، ئوبدان ئاكا! بولكىنىڭ ئۇۋىقىنى بولسىمۇ سېتىۋېلىش ئۈچۈن بىر تال تەڭگىنى ئايىمايدىغانسىز؟

— ئىشلىمىگەنلەر چىشلىمەيدۇ.

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ ئۆزگەرمەس جاۋابىنى ئاڭلىغان ژان قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ تۇرقى ھازا ئېچىپ كۆز ياش قىلىۋاتقان ئاياللارغا ئوخشايتتى.

— ئەپەندى، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇنىڭ ئېسەدەشلىرىدىن ھەيران بولۇپ سورىدى.

ژان مۇشتى بىلەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ شەلپەردەك قىزارتتى، يىغلىغان قىياپەتكە كىرىپ بېشىنى كۆتۈردى ۋە:

— نېمە بولدى؟ بۇ گىرېك يېزىقىغۇ! ئېسكىلوسنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇغۇ!

ژان قاقاقلاپ كۈلدى، ياردەمچى ئېپىسكوپمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى. بۇ ئەلۋەتتە كلاۋدىي فروللونىڭ سەۋەنلىكى ئىدى. كىممۇ ئۇنى ئۆز ئىنىسىنى مۇشۇنداق ئەركە ـ نايناق چوڭ قىلسۇن دەپتۇ!

— كلاۋدىي ئاكا، — ئاكىسىنىڭ كۈلگىنىنى كۆرۈپ، ژانغا جان كىرىپ قالغاندەك بولدى، ئاۋازىمۇ خېلى جاراڭلىق چىقتى، — ئۆتۈكۈمگە قاراپ بېقىڭ! چەمى چۈشۈپ قالاي دېدى. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولامدۇ؟

ياردەمچى ئېپىسكوپ بايىقى سۈرلۈك قىياپىتىگە يېنىپ:

— مەن ساڭا بىر جۈپ يېڭى ئۆتۈك بېرەي. لېكىن، بېرىدىغانغا پۇل يوق! — دېدى.

— ئاكا، شۇ بىرلا تەڭگىغۇ! — ژان يېلىنىپ ـ يالۋۇردى، — مەن مىننەتدارلىق ئايەتلىرىنى يادقا ئېيتىپ بېرەي، خۇداغا

ئىشىنىدىغانلىقىمغا ۋەدە بېرەي، لېكىن ماڭا بىر تەڭگە بېرىڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي ! مېنى ئاچلىق دەم تارتىۋەتمىسۇن، بولامدۇ؟ ئاچلىق مېنىڭ ئالدىمدا ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇرنى راھىبەلەر ياكى تاتارلارنىڭكىدىنمۇ قارا، شۇنچىلىك مەينەت، شۇنچىلىك چوڭقۇر.

كلاۋدې فروللونىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.

— ئىشلىمىگەنلەر ...

ژان ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى.

— بەس ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — قۇرۇپ كەتسۇن بۇ گەپلىرىڭىز ! خۇشاللىق ياشىسۇن ! بېرىپ قىمار ئوينايمەن، مۇشتلىشىمەن، قىزلارنى تاپىمەن ! جېنىمنى تىكىپ قويدۇم !

ژان گېپىدىن توختاپ، شىلەپىسىنى تامغا ئاتتى، چىڭ يۇمۇلغان بارماقلىرىدىن قارسىلدىغاندەك ئاۋاز چىقىپ كەتتى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ تەرىنى تۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئالايدى.

— ژان، سەندە ۋىجدان يوق ئىكەن.

— ۋىجدانىنى دەۋاتامسىز؟ ئېپىسكورنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، مەندە نامىمۇ يوق، كارغا كەلمەيدىغان بىرنەرسىلا كەمچىل، خالاس !

— ژان، توۋا - ئىستىغپار ئېيتساڭ ياخشى بولارمىكىن.

— دەيدىغىنىڭىز شۇمۇ، — ژان ئاكىسىغا قارىدى. ئارقىدىنلا قۇتا ئىچىدىكى دىستىلياتورغا كۆز تاشلىدى، — بۇ يەردىكى نەرسىلەر شۇنچىلىك غەلىتە، قىلىۋاتقان خىيال ۋە تىزىپ قويۇلغان بوتۇلكىلارچۇ !

— ژان، قىيانىڭ لېۋىگە كېلىپ قالدىڭ، سىيرىلىپ نەگە كېتىدىغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟

— قاۋاقخانىغا، — دەپ جاۋاب بەردى ژان.

— قاۋاقخانا ئار - نومۇس تۈۋرۈكىگە تۇتىشىدۇ.

— ئوخشاشلا يەنە بىر خىل پانۇس، ھېچقانداق پەرق يوق. دېئوگېن ئېھتىمال مۇشۇ پانۇس ئارقىلىق ھەمراھلىرىنى تاپقان بولۇشى مۇمكىن.
— ئار - نومۇس تۆۋرۈكى سېنى دارنىڭ تۆۋىگە ئېلىپ بارىدۇ.
— دار دېگەن تارازا، ئۇنىڭ بىر ئۇچىدا ئىنسان، بىر ئۇچىدا پۈتكۈل دۇنيا. ئاشۇنداق ئادەم بولۇشمۇ ياخشى ئىش !
— دار سېنى جەھەننەمگە ئېلىپ بارىدۇ.
— جەھەننەم دېگەن گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت.
— ژان، ژان ! ئۇ يەردىكى كۈنۈڭ بەك ئېچىنىشلىق بولىدۇ جۇمۇ.
— لېكىن، باشلىنىشى چوقۇم خەيرلىك بولىدۇ.
پەلەمپەيدىن بىرىنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.
— ئۇنۇڭنى چىقارما ! — ياردەمچى ئېپىسكوپ بىگىز قولىنى لېۋىگە تەگكۈزدى، — ياكوئىس جانابلىرى كېلىۋاتىدۇ، ژان ! گېپىمگە قۇلاق سال، بۇ يەردە كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭنى ئەبەدىلئەبەد ئىنس - جىنغا تىنغۇچى بولما. دەرھال بېرىپ ئوچاقنىڭ ئۇ تەرىپىگە مۆكۈۋال. جىم يات !
ژان ئۆملىگەن پېتى ئوچاقنىڭ ئاستى تەرىپىگە كىرىپ كەتتى. بىردىنلا تاتلىق بىر خىيال كۆڭلىگە كەچتى ۋە:
— بوپتۇ، ئاكا ! ئۇنۇمنى چىقارمىساممۇ مەيلى، لېكىن ماڭا بىر تال تەڭگە قەرزدار ! — دېدى.
— ئۇنۇڭنى چىقارما ! دېگىنىڭدەك بولسۇن.
— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا !
— ئالە، مانا ! — ياردەمچى ئېپىسكوپ جىلە بولۇپ ھەميانىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ تاشلىدى. ژان ئوچاقنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدى، ئارقىدىنلا ئىشىك ئېچىلدى.

# 5. قارا كىيىملىك ئىككى ئادەم

ئۆيگە ئۇزۇن قارا تون كىيگەن، قاپىقى تۈرۈلگەن بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. ئوچاقنىڭ ئاستىغا مۆكۈنۈۋالغان بۇرادىرىمىز ژان كۆپرەك نەرسىنى كۆرۈۋېلىشقا، ئاڭلاپ بېقىشقا ئۇرۇندى. ئۇ باشتا كىرگەن ئادەمنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىمگە ۋە چىرايىدىن مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرغان قايغۇ ـ ئەلەمگە دىققەت قىلدى. لېكىن، بۇ چىرايىدىن ئازراق دىلكەشلىك، پەقەت مۇشۇك ياكى سودىيەلەردىلا بولىدىغان مۇلايىملىق، بىر خىل مېھرىبانلىق ئالامەتلىرى بىلىنىپمۇ تۇراتتى. ئۇ چېچىغا ئاق كىرگەن، يۈزلىرىنى قورۇق باسقان ئاتمىش ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەم بولۇپ، كۆزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. قاشلىرى ئاقارغان، كالپۇكى قېلىن، ئىككى قولىمۇ يوغان ئىدى. ژان بۇ ئادەم دوختۇر ياكى سودىيە بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بۇرنى بىلەن ئاغزىنىڭ ئارىلىقى يىراق بولۇپ، ژاننىڭ نەزىرىدە بۇ دۆت ئادەملەردە بولىدىغان ئالامەت ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىنمىكىن، ژان ئوچاقنىڭ مورىسىغا تۇگۇلۇپ كىرىۋالدى. قارىغاندا كىرگەن ئادەم خېلى بىرھازاغىچە چىقىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئوچاقنىڭ مورىسىدا تۇگۇلۇپ تۇرغان ژان قىينىلىپ كەتتى، ئۆزىنى نەس باسقانلىقىنى جەزم قىلدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ قارا كىيىملىك ئادەمنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرمىدى، پەقەت ئىشىكنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا تەكلىپ قىلىش بىلەن كۇپايىلەندى. خېلى بىرھازادىن كېيىن ئاندىن ئەھۋال سوراپ سالاملاشتى:

— ياخشى تۇرامسىز، ياكوئىس ئەپەندى!

— سىزگە قۇللۇق، جانابلىرى! — دېدى قارا كىيىملىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەم.

بىرىنىڭ «ياكوئىس ئەپەندى» دېيىشىدىن، يەنە بىرىنىڭ تەكەللۇپ بىلەن «جانابلىرى» دېگىنىدىن ئۇلار ئارىسىدا «ئالىيلىرى» بىلەن «ئەپەندى»نىڭ ياكى «خوجايىن بىلەن مالاي» نىڭ مۇناسىۋىتى باردەك ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ئىدى.

— ياخشى، — ياردەمچى ئېپىسكوپ يەنە بىردەم جىمىپ قالدى. ياكوئىس ئەپەندى ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇشقا پېتىنالمىدى.

— ئىشىڭىز ئەپلەشتىمۇ؟

— نېمىسىنى دەيسىز، جانابلىرى، — ياكوئىس ئاچچىق كۈلۈپ قويدى، — پۈۋلەپ توختىمىدىم، پەرەز قىلغىنىمدىنمۇ جىق كۈل چىقتىكى، بىر تال ئالتۇننىڭ ئۇۋۇقىمۇ كۆرۈنمىدى.

كلاۋدې فروللو تاقەتسىزلەنگەندەك بولدى.

— بۇنى سورىغۇم يوق، ئەپەندى. مېنىڭ سوراۋاتقىنىم سىزنىڭ قولىڭىزدىكى پېرىخوننىڭ دېلوسى. مۇپەتتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاشپىزى مارك سىنايىن ئۆزىنىڭ جادۇگەرلىكىنى ئىقرار قىلدىمۇ؟ سوراق قىلىپ بىرنەرسە چىقىرالىدىڭىزمۇ؟

— يوقسۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ياكوئىس يېنىچە ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ، — غەمدىن خالاس بولىدىغان ئىش يوز بەرمىدى. ئۇ ئەبلەخ شۇنچىلىك جاھىل ئىكەنكى، چوشقا بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ قايناتسىمۇ ئاغزىدىن بىر گەپ چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ. ھەقىقىي ئەھۋالنى تاپشۇرۇشقا كۆزىمىز يەتسىلا، ھەرقانداق چارە ـ ئامالنى ئىشقا سېلىشتىن يانمايمىز. ئۇنىڭ سۇنمىغان سۆڭىكىمۇ قالمىدى. ھەممە جازانىڭ تەمىنى تېتىپ باقتى. خۇددى كونا يۇمۇرچى ئەپلاتون ① ئېيتقاندەك: «تاياق ـ توقماق، داغمال، ئىشكەل ـ كويزا، تاسما قامچا، زەنجىر، سىرتماق، قول ـ

① ئەپلاتون (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 427 — 347 ـ يىللار) — قەدىمكى يۇناندا ياشىغان پەيلاسوپ، مۇتەپەككۇر، «غايىۋى دۆلەت» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

پۈتقا سالىدىغان تاقاقنىمۇ ئىشقا سالدۇق. بىراق، يەنىلا نەتىجىسى چىقمىدى. بۇ ئەبلەخ بەكمۇ قورقۇنچلۇق، قىسقىسى بىكار ئاۋارە بولدۇق.»

— ئۆيىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تاپالمىدىڭلارمۇ؟

ياكوئىس ياقىسىنى سىلاپ قويۇپ:

— تېرە قەغەزگە يېزىلغان بىر پارچە ھۆججەتنى تاپتۇق. لېكىن، ئۇنىڭدىكى خەتلەرنى تونۇيالمىدۇق. ھەتتا جىنايى ئىشلار كوللېگىيەسىدىكى فىلىپ لېۋلىرمۇ تونۇيالمىدى. ئۇ كانتېرستېن كوچىسىدىكى بىرنەچچە يەھۇدىينىڭ دېلوسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا يەھۇدىيلارنىڭ يېزىقىنى ئازراق بولسىمۇ ئۆگەنگەنىدى!

ياكوئىس سۆزلەۋېتىپ بىر پارچە تېرە قەغەزنى شىرەنىڭ ئۈستىگە يايدى.

— ماڭا بېرىڭ، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، ئاندىن ھۆججەتكە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى، — جادۇگەرلىك، سېپى ئۆزىدىن جادۇگەرلىك، ياكوئىس ئەپەندى! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — بۇ ئاشۇ ئايال پېرىخونلار شەببات كۈنلىرىدىكى يىغىلىشتا ئوقۇيدىغان ئەپسۇن؛ بۇ ئىبلىسنى جەھەننەمگە نەزەربەند قىلىش بۇيرۇقى. ياكوئىس ئەپەندى، سىز خان جەمەتىنىڭ ۋاتىكان تەپتىش ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن بۇ ھۆججەتنى جەھەننەمگە راۋان قىلىشىڭىز كېرەك.

— بىز ئۇ ئەبلەخنى يەنە سوراق قىلىمىز. بۇنىمۇ كۆرۈپ بېقىڭ، — ياكوئىس يانچۇقىنى كولىدى، — بۇنىمۇ بىز مارك سىنايىننىڭ ئۆيىدىن تاپتۇق.

بۇ كىچىك قۇتا كلاۋدې فروللونىڭ ئوچىقى ئۈستىدىكى قۇتىلاردىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى.

— پاھ، — دېدى كلاۋدې فرولو، — بۇ ئالتۇن تاۋلايدىغان قۇتىغۇ!

— مەن سىزگە راستىنى ئېيتاي، — ياكوئىس ئەپەندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىجىل بولۇپ كۆلۈمسىرىدى، — بۇنى مەن ئوتقا قويۇپ سىناپ باقتىم، لېكىن ئۇ ئۆزۈمنىڭكىدەك ياخشى چىقمىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ قۇتىغا سەپسالدى.

— ئالتۇن تاۋلايدىغان بۇ قۇتىغا ئويۇلغىنى نېمە خەتتۇ؟ «هوي - هوي!» دېگەن بۇ گەپ پىت - بۈرگىلەرنى قوغلايدىغان ئەپسۇنغۇ دەيمەن. مارك سىنايىن راستىنلا ئالجىپ قالغان ئوخشىمامدۇ! مىنىڭچە بۇ قۇتىنى ئىشلىتىپ ئالتۇن تاۋلاش مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. يازنىڭ كۈنى كارىۋىتىڭىزغا قويۇپ قويسىڭىز ئازراق پايدىسى بولامدىكىنتاك! مۇشۇنچىلىكلا ئىشقۇ بۇ!

— مەن ئابايا بىناغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا دەرۋازىنى تەتقىق قىلىپ باقتىم، — دېدى خان جەمەتىنىڭ تەپتىشى، — ئەگەر ھەممىمىز خاتالاشقان بولساق، ئۇنداقتا سىز دوختۇرخانىنىڭ يېنىدىكى بۇ دەرۋازىدا مۇشۇ پەننىڭ ئىچىگە كىرگىلى بولىدىغان سىر بار دەپ جەزم قىلامسىز؟ بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئاستىنقى قاتلىمىدىكى يەتتە يالىڭاچ ھەيكەلنىڭ قايسىسىنىڭ تاپىنىدا قانات بولغان بولسا شۇنى مېركۇرىي دەپ ھۆددە قىلالامسىز؟

— ئەلۋەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى پوپ، — ئىتالىيەلىك دوكتور ئاۋگۇستىن نۇپىھو شۇنداق دەپ يازغان. ئۇنىڭ قولىدىكى بومبا ساقال ئىبلىس ئۇنىڭغا ھەممە ئىشنى ئۆگەتكەن. پەسكە چۈشەيلى، مەن نەق مەيداندىلا شۇ خەتلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سىزگە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن.

— رەھمەت، جانابلىرى! — ياكوئىس ئېگىلىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى، — ۋاي - ۋۈي، ئېسىم قۇرۇسۇن. سىز ماڭا ھېلىقى كىچىك ئايال پىرىخوننى قاچان قولغا ئېلىشقا بۇيرۇق بېرىسىز؟

— قايسى كىچىك ئايال پىرىخوننى دەيسىز؟

— ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىغا قارىماي ھەر كۈنى مەيدانغا بېرىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان ھېلىقى

سەرگەردان قىزچۇ؟ ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان، ئالۋاستىنىڭكىدەك مۈڭگۈزى بار ئوغلاق تېخى خەت ئوقۇيالايدۇ، خەت يازالايدۇ دەڭە! ماتېماتىكىغا پىكاتىردىنمۇ ئۇستا. سەرگەردان قىزنى مۈشۈ ئىشى ئۈچۈنلا دارغا ئاسسىمۇ بولىۋېرىدۇ. ئەيىبنامە ئاللىقاچان تەييار بولدى، ھەممە ئىش پۈتتى، پەقەت سىزنىڭ گېپىڭىزگىلا قاراشلىق تۇرۇۋاتىمىز. ھەي! شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۇسسۇل ئوينايدىغان بۇ سەرگەردان قىز ھەقىقەتەن بەك چىرايلىق جۇمۇ، ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرى مىسىرنىڭ بىر جۈپ ياقۇتى! قاچان قول سالىمىز؟

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ چىرايى شامدەك ئاقىرىپ كەتتى.

— مەن سىزگە خەۋەر قىلىمەن، — ئۇ نېمە دېگىنىنى ئۇقىلى بولمايدىغان ئاۋاز بىلەن كېكەچلەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىنلا ئازراق كۈچەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — يەنىلا مارك سىنايىننى چىڭ تۇتۇڭ!

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ياكوئىس كۈلۈمسىرەپ، — ئۇ ئەبلەخنى ئۆيگە قايتىپ بېرىپلا كارىۋاتقا باغلىۋېتىمەن. لېكىن، ئۇ ئالۋاستىمىكىنتاڭ، پېررات تورتېرونىمۇ ھالىدىن كەتكۈزدى. پېرراتنىڭ قولى مېنىڭكىدىن چوڭ، ئەگەر ئۇنى قىپيالىڭاچ قىلىپ باغلاپ، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ تۇرۇپ جىڭلىسا ساق يۈز قاداق كېلىدۇ. سىرتماققا كەلسەك، ھەرقانداق بىزنىڭ قولىمىزدىكى سىرتماقنىڭ ئالدىدا يىپ ئېشەلمەيدۇ. سىرتماقنىمۇ ئۇنىڭ بوينىغا سالىمىز.

كلاۋدې فروللو يەنە بىر ئىش يادىغا كەلگەندە جىمىپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن قايرىلىپ ياكوئىسقا قارىدى:

— پېررات ئەپەندى، ياق! ياكوئىس ئەپەندى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم يەنىلا مارك سىنايىننىڭ ئىشىغا ئالدىرىغىنىڭىز تۈزۈك.

— شۇنداق! كلاۋدې فروللو، ئۇ بىچارىنىڭ زىيان تارتقىنى تارتقان. شەببات جەمئىيىتىگە قاتنىشىش دېگەن قانداق خىيال

ئۇ ! مۇپەتتىش مەھكىمىسىدىكى ئاشپەز چارلىمانىڭ: «ئۇ ناۋادا جادۇگەر بولمىسا، چوقۇم قان شورايدىغان جىن !» دېگەن پەرمانىنى بىلىشى كېرەك ـ دە ! ئەسىرلەردا دېگەن قىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك، مەن سىزنىڭ تاپىلىشىڭىزنى كۈتىمەن. ھە، ئاۋۇ دەرۋازىنىڭ دەھلىزىدىن ئۆتىدىغان چاغدا ماڭا چۈشەنچە بەرمەكچىدىڭىزغۇ؟ چىركاۋنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى ئاۋۇ قاپارتما ھەيكەلگە كۆز ـ قۇلاق بولىدىغان باغۋەن نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ؟ ھازىرغىچە بىلەلمەي يۈرىمەن. ئۈرۈق چاچقۇچىمۇ؟ جانابلىرى، نېمىنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

كلاۋدىي خىيالغا غەرق بولغاچقا، ئۇنىڭ نېمە داۋاتقىنىنى ئاڭلىمىدى. ياكوئىس ئۇ قاراۋاتقان تەرەپكە نەزەر ئاغدۇرۇپ، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ دېرىزىدىكى توغرىسىغا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورىغا كۆز ئۈزمەي قاراۋاتقانلىقىنى بىلدى. دەل شۇ ئەسنادا، مارت ئايلىرىدىكى قۇياش نۇرىنى ئىزدەپ بېشى ئايلىنىپ قالغان بىر چىۋىن ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ كەلدى ۋە ئېھتىياتسىزلىقتىن تورغا ئىلىنىشىپ قالدى. ئۆمۈچۈك تورىنىڭ تىترىشى بىلەن تەڭ، تورنىڭ مەركىزىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئۆمۈچۈك چاققانلىق بىلەن چىۋىنگە قاراپ ئۆمىلىدى. ئۇ بىرلا سەكرەپ چىۋىننىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئالدى ئىككى پۇتىنى ئىشقا سېلىپ چىۋىننى ئىككى پارچە قىلىۋەتتى.

ــ بىچارە چىۋىن، ــ دېدى خان جەمەتىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى ۋە چىۋىنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزارتتى. ياردەمچى ئېپىسكوپ چۈش كۆرۈۋېتىپ تۇيۇقسىز ئويغىنىپ كەتكەندەك، ئىختىيارسىز ھالدا تەپتىشنىڭ بىلىكىنى تۇتۇۋالدى.

ــ ياكوئىس ئەپەندى، ــ دەپ توۋلىدى ئۇ، ــ تەقدىرگە تەن بېرەيلى !

تەپتىش ئەمەلدارى چۆچۈپ كەينىگە قايرىلدى، بىلىكى

ئامبۇر بىلەن قىسقاندەك سىرقىراپ كەتتى. پوپىنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئىككىلىنىپ قاراشلىرىغا قانداقتۇر بىر خىل قورقۇنچ يوشۇرۇنغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چىۋىن بىلەن ئۆمۈچۈكتىن ئىبارەت ئىككى قورقۇنچلۇق نەرسىگە تىكىلگەنىدى.

— ھە، شۇنداق ! — بۇ سۆز پوپىنىڭ يۈرىكىدىن چىقىۋاتقاندەك ئىدى، — مانا بۇ ھەممە نەرسىگە سىمۋول. ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىن شۇنچىكى خۇشال. تۆرەلگىنىگە ئۇزاق بولمىغاچقا، باھارنى، ھاۋانى ۋە ئەركىنلىكنى ئىزدەيدۇ. شۇنداق، لېكىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ دېرىزىدە جىنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقى پېشانىسىغا پۈتۈلگەندەك، ئۆمۈچۈك ئۆمىلەپ كېلىۋاتىدۇ. رەزىل ئۆمۈچۈك ! بىچارە ئۇسسۇلچى قىز ! تەقدىرى پېشانىسىغا پۈتۈلگەن بىچارە چىۋىن ! ياكوئىس ئەپەندى، مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ ! بۇ دېگەن تەقدىر ـ قىسمەت ! ھەي كلاۋدې ! سەن ئاشۇ ئۆمۈچۈك ! كلاۋدې، سەن ئاشۇ چىۋىنگىمۇ ئوخشايسەن ! سەن ئىلىم ـ پەنگە، يورۇقلۇققا، قۇياشقا قاراپ ئۇچتۇڭ ! ئەركىنلىك ھاۋاسىنىڭ قوينىغا، مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ چەكسىز نۇرى ئىچىگە كىرمەكچى بولدۇڭ. ئىلىم ـ پەنگە، يورۇق نۇرغا تۇتاشقان دۇنياغا يېقىنلاشتىڭ. ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن ئىلىم ـ پەن دۇنياسىنىڭ دېرىزىسىدە چاراقلاۋاتقان يورۇقلۇقنى كۆردۈڭ. ھەي، ئەما چىۋىن، كالۋا ئالىم، سەن تەقدىرنىڭ بىر پارچە ئۆمۈچۈك تورىنى يورۇقلۇق بىلەن سېنىڭ ئاراڭغا يايغانلىقىنى، سېنىڭ ئوتقا ئۆزىنى ئاتقان پەرۋانىدەك شۇ تورغا ئۆزۈڭنى ئاتىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ باقمىدىڭ ! ھەي، بەختسىز سەۋدايى ! ئەمدىلىكتە سەكراتقا چۈشۈپ جان تالىشىۋاتىسەن ! بېشىڭ يېرىلدى. قانىتىڭ سۇندى ! سەن تەقدىر ئىلاھىنىڭ قولىدا تىركىشىۋاتىسەن ! ياكوئىس ئەپەندى، ياكوئىس ئەپەندى، ئۆمۈچۈكنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ !

— سىزگە قەسەم قىلىپ بېرەي، — دېدى ياكوئىس ئۇنىڭغا

بىچارىلەرچە تەلمۈرۈپ، ــــ مەن ئۆمۈچۈككە ھەرگىز چېقىلمايمەن، لېكىن ئۆتۈنۈپ قالاي ! بىلىكىمنى قويۇۋېتىڭ، قولىڭىز ئامبۇرنىڭ ئۆزىلا ئىكەن !

ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىغاندەك، دېرىزىگە تىكىلىپ سۆزلەۋەردى:

ــــ ھەي، ئۆزىنى بىلمەيدىغان ئەبلەخ ! سەن مۇشۇ رەزىل ئۆمۈچۈكنى قانتىنىڭ بىلەن ئۇرۇپ پارە ـ پارە قىلىۋەتكەن ھالەتتىمۇ قۇياشقا قاراپ ئۇچالامتىڭ؟ ئالدىڭدا ئەينەكلىك دېرىزە تۇرۇپتۇ. بۇ رەڭسىز توسۇق، خىرۇستالدەك تام، پەيلاسوپ بىلەن ھەقىقەتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋېتەلەيدىغان بوشلۇق شۇنچىلىك مۇستەھكەم تۇرسا ! ئۇ ھازىرقىدىنمۇ بەكرەك مۇستەھكەم بولالايدۇ ! ئۆتۈپ كېتەلەمسەن؟ ھەي، ئىلىم ـ پەن دېگەن مۇشۇنداق مەۋھۇم نەرسە ! نى ـ نى رەھىمدىل، ئىرادىلىك ئادەملەر يىراق ـ يىراقلاردىن كېلىپ چىۋىنغا ئوخشاش پەرۋاز قىلغان بولسىمۇ، مۇشۇ يەردە باش ـ كۆزى يېرىلىپ، قان بىلەن بويالدى ! بۇ ئەبەدىيلىك دېرىزە ئالدىدا ھەرقانچە ئېيتىشىپمۇ ھەل قىلغىلى بولمايدىغان، جېدەل ـ ماجىرانىڭ ئايىغى چىقمايدىغان مەسىلىنى ئاز دەمسەن؟

يـاردەمچى ئېپىسكوپنىڭ ئاغزى بېسىقتى. بايىقى ئوي ـ خىيال ئۇنى ئىختىيارسىز ھالدا ئىلىم ـ پەننىڭ ئىچىگە سۆرەپ ماڭغاندى، مانا ئەمدى جىمىپ قالغاندەك بولدى. ياكوئىسنىڭ بىر ئېغىز گېپى ئۇنى رېئال دۇنياغا قايتۇرغاندەك ئىدى.

ــــ ئۇنداقتا، جانابلىرى ! مېنىڭ ئالتۇننى تاۋلاپ چىقىشىمغا قاچان ياردەم بېرىسىز؟ مەن مەغلۇپ بولۇپلا كېلىۋاتىمەن !

يـاردەمچى ئېپىسكوپ ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ بېشىنى چايقىدى ۋە:

ــــ مىچېل پىسېللوسنىڭ «ئىقتىدارنىڭ دىيالوگى ۋە ئالۋاستىنىڭ پائالىيىتى» ناملىق كىتابىنى كۆرۈپ باقايلى. بىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمىز تازا پاكىز ئىش ئەمەستەك قىلىدۇ، ــــ دېدى.

— ئۇنىڭغا ئاز ئىش قىلىڭ، جانابلىرى ! — دېدى ياكوئىس، — مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن. لېكىن، مەن ناھايىتى كەلسە پادىشاھ ئوردىسىدىكى تەپتىش، يىللىق مائاشىم ئاران ئوتتۇز تەڭگە. كىمياگەرلىك بىلەن شۇغۇللانمىسام بولمايدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئاۋايلاپ بىر ئىش قىلايلى !

شۇ ئەسنادا ئوچاقنىڭ تېگى تەرىپىدىن بىر نەرسىنىڭ نېمىنىدۇر غاجاۋاتقىنىدەك ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازدىن ياكوئىس چۆچۈپ كەتتى.

— نېمىنىڭ ئاۋازى، — دەپ سورىدى ئۇ.

بۇ ژان ئىدى. ئۇ مۆكۈنۈپ يېتىپ تازا چارچىغان، پۇت - قولىنى سوزالمىغان ئەھۋالدا قېتىپ قاقتەك بولۇپ كەتكەن بىر پارچە بولكا بىلەن كۆكىرىپ كەتكەن پىشلاقنى تېپىۋېلىپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە قارىماي غاجاشقا باشلىغانىدى. مۇنداقتا ھەم ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىلى بولاتتى، ھەم ناشتىدىن قۇرۇق قالمايتتى. قارىغاندا ئېچىرقاپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئاۋاز بەكرەك چىقىپ كەتتى. غاجىغاندا چىقىۋاتقان ئاۋازدىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا كەپلەشكەندەك بولاتتى.

— ئۆيۈمدىكى مۇشۇك، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ ئويلىنىپ تۇرمايلا، — ئۇ چوقۇم چاشقان چايناۋاتىدۇغۇ دەيمەن !

ياكوئىسنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

— شۇنداق، جانابلىرى، — ئۇ خۇشامەت قىلىۋاتقان تەرزدە كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى، — كاتتا پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئەتىۋارلىق نەرسىلىرى بولىدۇ. سېرۋىئۇس ① بىزگە: «ھامىيلىق قىلىدىغان ئىلاھ ھەممىلا يەردە بار» دېگەنىدى.

---

① سېرۋىئۇس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 578 — 537 - يىللار) — قەدىمكى رىمنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ئالتىنچى پادىشاھ. زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، ئۇرۇقداشلىقتىن دۆلەتكە ئۆتۈش جەريانىنى تاماملىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كلاۋدې فروللو ئىنىسىنىڭ يەنە بىر چاتاق ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، بىللە بېرىپ دەرۋازىدىكى ھەيكەلنى تەتقىق قىلىپ باقىدىغان ئىشنى شاگىرتىنىڭ سەمىگە سالدى. ئىككىيلەن ئۆيدىن بىللە چىقتى. ژاننىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىش بولغانىدى. ئۇ تىزىم بىلەن ئېڭىكىم بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ قالامدۇ نېمە دەپ غەم قىلىۋاتقاندا، ئۇلار ئۆيدىن ئايرىلدى.

## 6. كاپىتان فوبۇس شاتوپېر

«مەرھەمىتىڭگە ھەشقاللا، خۇدا ! ـــ ژان ئوچاقنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقتى، ـــ ئىككى قۇزغۇننى يولغا سالغىنىڭغا رەھمەت ! سەكرەپ تىنمايدىغان بۇرگىلەر ! غالجىر ئىتلار ! نەگە بارساڭ بارامسەن؟ ئەيقاچتى گەپلىرىڭدىن قۇلىقىم ياداپ كەتتىغۇ ! مېڭەمنى قوڭغۇراقخانىدەك گۇرۇلدەۋاتىدۇ ! بازاردا غىچلا كۆكىرىپ كەتكەن پىشلاقنى ساتامدۇ نېمە؟ خەپشۇك ! ئاكام بەرگەن ھەميانىنى ئېلىپ، پۇلنىڭ ھەممىسىگە ھاراق ئىچىۋەتمەيدىغان بولسام !»

ژان ھەميانغا زوقلانغاندەك تەرزدە قاراپ قويدى ـ دە، كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى، تۈگمىلىرىنى ئەتتى، ئۈستىبېشىدىكى چاڭ ـ توزاننى قاقتى، ئىسقىرتقىنىچە تاپىنى بىلەن پىرقىرىدى. ئېلىپ ماڭغۇدەك بىرەر نەرسە تېپىلىپ قالارمۇ دېگەن خىيالدا ئۆيئىچىنى ئايلىنىپ چىقتى. ئىسابىئۇ تىررىغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئوچاق بېشىدىن بىرنەچچە ئەپچىل ئەينەك بۇيۇمنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا چىقتى. ئاكىسىنىڭ ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويمىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆزىگە قىلغان غەمخورلۇقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئاخىر ئۇ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئوچۇق قويۇپ، چۈجىدەك دىكىلدىغان پېتى بۇرمىسىمان پەلەمپەيدىن پەسكە ئۆزىنى ئاتتى.

ژان قارىغۇ پەلەمپەيدە نېمىگىدۇر پۇتلىشىپ كەتتى. ئۇ نەرسە كەينىگە داجىپ غىڭشىغاندەك ئاۋاز چىقاردى، بۇ پۇتلاشقان نەرسە كۋاسىمدۇ بولمىغىيدى، دەپ ئويلاپ كۈلۈپ قويدى ۋە شۇ كۈلگىنىچە پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ تاكى مەيدانغا بارغاندىمۇ كۈلكىسىنى توختىتالمىدى.

ئۇ ئاخىر ئۆزىنىڭ يەردە تۇرغانلىقىنى بىلىپ، يەرگە گۈرسۈلدىتىپ تەپتى.

— ئېخ، پارىژنىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر سۆيۈملۈك ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يوللىرى! داۋىخور پەلەمپەيلىرى! ياكوپنىڭ يول باشلاپ ماڭىدىغان پەرىشتىلىرىمۇ ئۇ يەردە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ ئاران ماڭسا كېرەك. كۆكىرىپ كەتكەن پىشلاقنى يەيمەن، دېرىزىنىڭ كامىرىدىن پارىژنىڭ قوڭغۇراقلىرىنى كۆرىمەن دەپ بۇلۇتقا تاقاشقۇدەك تاش دۆۋىلىرىنىڭ ئۈچىگە بېرىپ قالغىنىنى قارىمامدىغان!

ئۇ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا ئىككى قوزغۇننىڭ — كىلاۋدې فروللو بىلەن ياكوئىس شارمولۇينىڭ دەرۋازا ئالدىدا ھەيكەل تاماشا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئۇلارنىڭ كەينىگە كەلدى - دە، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ ياكوئىسقا دەۋاتقان گەپلىرىگە قولاق سالدى.

— پارىژلىق گۇئىللائوم، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ پەس ئاۋازدا، — مۇشۇ ئالتۇن گىرۋەكلىك كۆك تاشقا يوبنىڭ پورترېتىنى ئويۇڭلار دەپ تاپىلىغانىدى. يوب ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان تاشنىڭ سىمۋولى، ئۇنىڭ پورترېتى چۈشۈرۈلگەن تاش سىناقتىن ئۆتەلىسە ۋە ئاز - پاز ھەرەج تارتسا ئاندىن بىز كۈتكەندەك بىرنەرسە بولالايدۇ. بۇ دەل رايموند لۇللىنىڭ «روھ ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە شەكلىنى ساقلاپ قالالىغاندىلا ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالايدۇ» دېگىنىدەك بىر ئىش!

«بۇ سۆز مېنىڭ ئەھۋالىمغىمۇ تازا باب كېلىدۇ، — دېدى ژان ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ، — چۈنكى، ھەميان مېنىڭ قولۇمدا!»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىرىنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىگەمنىڭ قېنى ! ئىگەمنىڭ بەدىنى ! بىلزىبۇتنىڭ كىندىكى ! پاپانىڭ نامى ! ھايۋاننىڭ مۈڭگۈزى، ئاسماننىڭ چاقمىقى !

— روھىمنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىشكە ھۆددە قىلىمەنكى، — دېدى ژان ئۇنلۇك ئاۋازدا، — بۇ چوقۇم مېنىڭ ئاغىنەم كاپىتان فوبۇس !

فوبۇسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغاندا، ياردەمچى ئېپىسكوپ خان جەمەتىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارىغا ئەجدىھانىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ھېكايىدە ئەجدىھانىڭ قۇيرۇقى بىر كۆلچەكتە بولىدۇ، شۇ چاغدا كۆلچەكتىن ئىس چىقىدۇ ۋە پادىشاھنىڭ بېشى كۆرۈنىدۇ دېيدىغان گەپلەر بار ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ فوبۇسنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ سىلكىنىپ كەتتى ۋە سۆزىدىن توختاپ قالدى. ياكوئىسمۇ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلەلمەي تەئەججۈپلەندى. ياردەمچى ئېپىسكوپ كەينىگە قايرىلىپ ئىنىسى ژاننىڭ گوندىلاۋۇر دەرۋازىسى ئالدىدا ئېگىز بويلۇق بىر ئوفىتسېر بىلەن سۆزلىشىۋاتانلىقىنى كۆردى.

بۇ راستىنلا كاپىتان فوبۇس شاتوپېر ئىدى. ئۇ بولغۇسى ئايالىنىڭ ئۆيىنىڭ بۇرجىكىدە تۇرۇپ، خۇددى دەھرىيلەرگە ئوخشاش ئاغزىنى بۇزۇپ كوتۇلداۋاتاتتى.

— ۋاي - ۋۇي كاپىتان فوبۇس، — دېدى ژان ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ، — بەكلا قايناپ كەتتىڭغۇ !

— بەچچىخەرلەر ! — دېدى كاپىتان ئاچچىقىدا.

— بەچچىخەرلىك ئۆزۈڭگە قالسۇن ! — دېدى ژان، — لېكىن كاپىتان، مۇنداق چىرايلىق سۆزلەرنى نەدىن ئۆگەنگەنسەن؟

— مېنى كەچۈر، بۇرادەر ژان، — دېدى فوبۇس قولىنى پۇلاڭلىتىپ، — ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئاتنىڭ بىراقلا توختاپ قالغىنى نېمىسى؟ ئىچىمنى بوشىتىۋالاي دەپ تۇراتتىم

دىگىنە، بايىلا يالغاندىن نومۇسچان بولۇۋالغان بىر ئايالنىڭ ئۆيىدىن چىقىشىم، ھەر قېتىم چىققاندا بىر تالاي سىپسىق گەپ بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالىدۇ، دەۋالمىسام تۇنجۇقۇپ ئۆلگۇدەك بولۇپ كېتىمەن!

— ھاراق ئىچكۈڭ بارمۇ؟ — سورىدى ژان.

بۇ تەكلىپ كاپىتاننى پەسكويىغا چۈشۈردى.

— ئىچكۈم بار، لېكىن پۇلۇم يوق!

— مەندە بار!

— راستمۇ، ئالە، كۆرۈپ باقاي!

ژان تەمەننا قىلىۋاتقاندەك، لېكىن تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن ھەميانىنى چىقىرىپ، كاپىتاننىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلاتتى. دەل شۇ پەيتتە، ياردەمچى ئېپىسكوپ ھاڭۋېقىپ قالغان ياكوئىس بىلەنمۇ كارى بولماي ئۇلار تەرەپكە يۈگۈردى - دە، بىرنەچچە قەدەم نېرىدا توختىدى. ئىككىيلەننىڭ ئەس - يادى ھەميان بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، ئۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرغان ياردەمچى ئېپىسكوپقا دىققەت قىلمىدى.

— ژان، — دېدى فوبۇس ئۈنلۈك ئاۋازدا، — قولۇڭدىكى ھەميان سۇدىكى ئاي، كۆرگىلى بولغان بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەتلا ئاينىڭ شولىسى. باغلىشىمەنكى، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە تال شېغىل تاشتىن باشقا نەرسە يوق!

— خوپ، — دېدى ژان سوغۇق تەلەپپۇزدا، — يانچۇقۇمدىكىسى شېغىل تاش بولسىمۇ بولسۇن! — ئۇ ئارتۇق گەپ قىلماي، خۇددى ئۆز ئېلىنى قۇتقۇزۇۋالغان رىملىقلاردەك، ھەميانىنى يول ياقىسىغا تۆكتى.

— ئاھ، خۇدا! راست ئىكەنغۇ! — ۋارقىراپ تاشلىدى فوبۇس، — ھەممىسى كۈمۈش پۇلغۇ، چوڭ تەڭگە، كىچىك تەڭگە، مىس يارماق، راست ئىكەنغۇ، بۇركۇت سۈرەتلىك تەڭگىلەر ... كۆزۈم ئالاچەكمەن بولۇپ كەتتى!

ژان پېتىنى بۇزماي جىم تۇردى، لېكىن قورۇنۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنىۋاتقاندەك ئىدى. بۇركۇت سۇرەتلىك بىرنەچچە تەڭگە دومىلاپ توپىنىڭ ئىچىگە كۆمۈلۈپ كەتتى. كاپىتان ئىلىنىۋالاي دەپ ئېڭىشىۋىدى، ژان ئۇنى تارتىپ:

— بولدىلا، كاپىتان فوبۇس! — دېدى.

فوبۇس تەڭگىلەرنى ساناپ باقتى.

— بىلەمسەن، ژان، — دېدى ئۇ چوڭ بىر ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك، — ھەممىسى يىگىرمە ئۈچ سو چىقتى! تۈنۈگۈن كەچتە چىراي بۇزۇش كوچىسىغا بېرىپ بىرەرسىنىڭ پۇلىنى بۇلىمىغان بولغىيدىڭ؟

ژان ئالتۇندەك سېرىق بۇدۇر چېچىنى كەينىگە سىلكىۋېتىپ كۆزىنى قىسىپ قويدى ۋە:

— مېنىڭ قاپاقباش ياردەمچى ئېپىسكوپ ئاكامنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسەن؟

— ياپىر! — دەۋەتتى فوبۇس، — ئۇ شۇنداق بىر ئىززەتلىك كىشىغۇ!

— ھاراق ئىچەيلى، قانداق؟

— نەگە بارىمىز؟ — دېدى فوبۇس، — ھاۋا ئانا ئالمىزار قاۋاقخانىسىغا بارساق بولامدۇ؟

— ياق، كاپىتان! ئىلىم - پەن قاۋاقخانىسىغا بارايلى، ئۇ تېپىشماقتەك سىرلىق بىر جاي، مەن بەك ياخشى كۆرىمەن.

— كىشىنى بىزار قىلىدىغان تېپىشماق! ژان، ھاۋا ئانا ئالمىزار قاۋاقخانىسى ئۇنىڭدىن تۈزۈكرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرۋازىسى ئالدىدا كۈنگەيگە قارايدىغان ئۈزۈملۈك بار. ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئىچسەك كۆڭلۈك ئېچىلىپ قالىدۇ.

— بارساق باردۇق. ھاۋا ئانا ئالمىزار قاۋاقخانىسىغا بارايلى! — ژان فوبۇسنى قولتۇقلىدى، — سۆيۈملۈك كاپىتان، ئاپايا چىراي بۇزۇش كوچىسىنىڭ گېپىنى قىلدىڭ، لېكىن خاتالاشتىڭ، ئادەملەر ھازىر ئۇنچىۋالا قوپال ئەمەس، ھەممەيلەن ئۇ يەرنى كاناي كېسىش كوچىسى دەپ ئاتايدۇ.

ئىككى ئاغىنە پۇلنى غەملەپ، ھاۋا ئانا ئالمىزار قاۋاقخانىسىغا قاراپ يولغا چىقتى. ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىۋەردى. قاپاقلىرى ساڭگىلىدى. ئۆتكەن قېتىمدا گرىنگورى بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، فوبۇس دېگەن ئىسىم ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇۋەتكەنمىكىن؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دەپ بولمايتتى، ئۆزىگىمۇ بۇ ئىش تازا ئايان ئەمەس ئىدى. لېكىن، نېمىلا بولسۇن فوبۇستىن بىرى پەيدا بولغان بولغاچقا، ئالۋاستىغا ئوخشايدىغان بۇ نام ياردەمچى ئېپىسكوپنى ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلالايتتى. ئۇ غەمسىز كېتىپ بارغان ئىككى ئاغىنىنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئەنسىزلىك ئىچىدە قۇلاق سېلىپ تۇردى، ئۇلارنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھەرىكەتلىرىنىمۇ كۆزىدىن غەلەت قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش ئۇنداق تەس ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ سۆزلىشەتتى، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىغىمۇ پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن دۇئېل، ئايال، ھاراق بوتۇلكىسى ۋە باشقا ناشايان ئىشلار توغرىسىدىكى گەپلا چىقاتتى.

ئۇلار دوقمۇشتىن قايرىلىپلا، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى دۇمباقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. كاپىتاننىڭ ژانغا دەۋاتقان گېپى كلاۋدېنىڭ قۇلىقىغا كىردى.

— دۇمباق ئاۋازى! تېزرەك ماڭايلىچۇ!

— نېمە بولدى، فوبۇس!

— مەن ئاۋۇ سەرگەردان قىزنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇۋاتىمەن!

— قايسى سەرگەردان قىزنى دەيسەن؟

— ئوغلاق يېتىلەپ يۈرىدىغان مىسىرلىق قىز!

— ئەسمېرالدامۇ؟

— شۇنداق، ژان. بۇ قاملاشمىغان ئىسمىنى دائىم ئۇنتۇلۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قالىمەن. چاقىقان ماڭمىساڭ، ئۇ مېنى تونۇۋالىدۇ. مەن ئۇ قىزنىڭ كوچىدىلا مەن بىلەن سۆزلىشىشىنى خالىمايمەن.

— ئۇنى تونۇمسەن، فوبۇس؟

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ياردەمچى ئېپىسكوپ فوبۇسنىڭ ھىجايغانلىقىنى، ژاننىڭ قولىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغانلىقىنى، ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ، تەكەببۇرانە ھالدا بېشىنى ئىرغاڭلاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى.

— راستمۇ؟ — دەپ سورىدى ژان.

— قەسەم قىلىپ بېرىمەن! — دېدى فوبۇس.

— بۈگۈن كەچتە؟

— بۈگۈن كەچتە.

— سەن ئۇنى چوقۇم كېلىدۇ دەپ جەزم قىلالامسەن؟

— ئەقلىڭ جايىدىمۇ، ژان؟ مۇنداق ئىشمۇ يالغان بولامدۇ؟

— كاپىتان فوبۇس، تەلەيلىك ئەسكەر ئىكەنسەن!

ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېتىپ، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى، مېڭىشتىن توختاپ، خۇددى مەست بولۇپ قالغان ئادەمدەك ياندىكى تۈۋرۈككە يۆلەندى. ھايال ئۆتمەيلا، يەنە ھېلىقى ئىككى يىگىتنىڭ كەينىگە چۈشتى. يىقىن بارايى دېگەندە، ئۇلارنىڭ گەپنى باشقا ئىشلارغا يۆتكەپ، ئاۋازىنىڭ بارىچە قەدىمىي بىر ناخشىنى تووۋلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى:

يول بويىدا يايما ئاچقان بالا،
ئەخمەقلاردەك ئېسىلدى دارغا.

## 7. ئالۋاستى روھانىي

يىراق ـ يېقىنغا داڭقى كەتكەن ھاۋا ئانا ئالمىزار

قاۋاقخانىسى ئۈنىۋېرسىتېت رايونى دائىرىسىدە، رونىدېل كوچىسى بىلەن ئادۋوكات كوچىسىنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدە بولۇپ، بىرىنچى قەۋەتكە جايلاشقان، ئىچى خېلى ئازادە، لېكىن تورۇسى پەس بىر ئۆي ئىدى. ئەگمە تورۇسنى سېرىق سىرلانغان يوغان ياغاچ تۈۋرۈك كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى شىرە بىلەن لىق تولغان، تامنىڭ تۈۋىدە قەلەي بوتۇلكىلار تىزىقلىق ئىدى. دۇكان ھەرقانداق چاغدا پىيەنچۇكلەر ۋە ئويۇننىڭ قېپىنى يارىدىغان شاللاق ئاياللار بىلەن تولغان بولاتتى. ئۇنىڭ كوچىغا قارايدىغان تېمىغا دېرىزە چىقىرىلغان بولۇپ، ئىشىكنىڭ يېنى ئۈزۈم بارىڭى ئىدى. ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان قاڭالتىر قالايمىقان تاراڭلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر تال ئالما بىلەن بىر ئايالنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى. شامال بىلەن يامغۇردا ھەددىدىن زىيادە داتلىشىپ كەتكەن قاڭالتىر بىر تال مىخقا ئىلىنغان پېتى شامالغا ئەگىشىپ ئىرغاڭلايتتى. شامالنىڭ يۆنىلىشىنى بىلدۈرىدىغان بۇ قاڭالتىرنى قاۋاقخانىنىڭ بەلگىسى دېيىشكە بولاتتى.

كەچ، كوچا قاپقاراڭغۇ، پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شام بىلەن تولغان قاۋاقخانا يىراقتىن قاراڭغۇلۇق قوينىدىكى كىمىياگەرلىك ئوچىقىغا ئوخشايتتى. رومكىلارنىڭ ئۆزئارا سوقۇلغاندىكى ئاۋازى، يەۋاتقان، ئىچىۋاتقانلارنىڭ ۋارقىراشلىرى، تىل - ھاقارەت ۋە جېدەل - ماجىرا ئاۋازلىرى ئەينەكى چېقىلغان دېرىزىدىن قىسىلىپ چىقىپ خېلى يەرلەرگىچە ئاڭلىناتتى. ئۆيئىچى ئىسسىق، دېرىزە ئەينىكىگە ياماشقان بىر قەۋەت نېپىز تۇماندىن ئادەملەرنىڭ چىرايىنى خىرە - شىرە پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. ئۆيدىن تۇرۇپ - تۇرۇپلا قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى ئېتىلىپ چىقاتتى. ئالدىراپ ماڭغان ئادەملەر شاۋقۇن - سۈرەنلىك دېرىزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى. كىيىم - كېچىكى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن بىرنەچچە ئوغۇل بالا پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئۆرە

بولۇپ، دېرىزىگە يامىشىپ ئۆيئىچىگە قارايتتى، مەستلەرنى مەسخىرە قىلىپ:

— ئۆلگۈر هاراقكەشلەر! — دەپ ۋارقىرايتتى.

شۇ تاپتا، مۇشۇ قىيا - چىيا چىقىپ تۇرغان قاۋاقخانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا، قاراۋۇلخانىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان قاراۋۇلدەك تۇرغان ئورۇندىن سەل - پەل يىراق كېتىشنىمۇ ئويلىماي، ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ، توختىماي ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ تۇرغان يەنە بىر ئەر بار ئىدى. ئۇستىگە كىيىۋالغان پلاش ئۇنىڭ بۇرنىنىمۇ توسۇپ تۇراتتى. بۇنى ئۇ 3 - ئايدىكى ئىزغىرىن شامالدىن پاناهلىنىش ئۈچۈنمۇ ياكى ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تونۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈنمۇ، ئەيتاۋۇر تېخى هېلىلا يېقىن ئەتراپتىكى بىر ماگىزىندىن سېتىۋالغانىدى. ئۇ بىردەم - بىردەم سىم تورنىڭ كەينىدىكى دېرىزىنىڭ تۆۋىدە توختاپ بىرنېمىگە قۇلاق سالاتتى، بىرنېمىنى كۆزەتكەندەك قىلاتتى، شەپە چىقارماي جىم تۇراتتى.

ئاخىر قاۋاقخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى. ئۇنىڭ ساقلاۋاتقىنىمۇ مۇشۇ ئىشتەك قىلاتتى. ئىككى هاراقكەش دەلدەڭشىپ چىقتى. ئۇلار تولىمۇ خۇشال، ئىشىكتىن چىققان شام يورۇقىدا ئىككىسىنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزارغانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. پلاش كىيىۋالغان ئادەم ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، كوچىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى بىر پېشايۋانغا بېرىپ تۇردى.

— ئاپلا! — دېدى ئىككى هاراقكەشنىڭ بىرى، — سائەت يەتتە بولۇپ قالاي دېدى. كۆرۈشىدىغان ۋاقىت توشتى.

— ساڭا شۇنى دەپ قوياي، — هەمراهى كالۋالىشىپ قالغان تىلىنى ئاران مىدىرلىتىپ جاۋاب بەردى، — مەن تىل - هاقارەت كوچىسىدا ئەمەس، ژان پائىن موللىت كوچىسىدا تۇرىمەن. كاللا دېسە پاقالچاق دېمە. بولمىسا تاق مۈڭگۈزلۈك هايۋاندىنمۇ ئۆتەر بىرنېمە بولۇپ قالىسەن. ئېيىقنىڭ دۈمبىسىگە بىر قېتىم

مېنىڭگەن ئادەمنىڭ خۇدادىنمۇ قورقمايدىغان، يەردىنمۇ قورقمايدىغان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. لېكىن، دوختۇرخانىدىكى ساينت ياكوئىس ئېيتقاندەك، سېنىڭ ھەممە نەرسىنى پۇراپ تاپالايدىغان ئالامەت ياخشى بۇرنۇڭ بار.

— مەست بولۇپ قاپسەن، ژان. ئۇبدان ئاغىنەم! — دېدى يەنە بىرى.

— نېمە دېگۈڭ كەلسە دەۋەر، — دېدى يەنە بىرى ئىككى يېقىغا سەنتۈرۈلۈپ، — لېكىن ئەپلاتونىنىڭ رەسىمگە يان تەرەپتىن قارىسا سېپى ئۆزىدىن تايغانغا ئوخشايدۇ.

ئوقۇرمەنلەر بۇ بىر جۈپ ئاغىنىنى چوقۇم تونۇدى. ئۇلار كاپىتان بىلەن ژان ئىدى. قاراڭغۇدا تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىنى كۆزىتىۋاتقان ھېلىقى ئەر كىشىمۇ ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بولغانىدى. ژان كاپىتاننى سۆرەپ، ئەگرى ـ بۈگرى يوللاردىن ئۆتتى. ھېلىقى ئەرمۇ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. قارىغاندا كاپىتان ئۆزىنىڭ ھەمراھىدىن كۆپرەك ئىچكەندەك قىلىسىمۇ، لېكىن كاللىسى ئۇنىڭدىن سەگەك ئىدى. پلاش كىيىۋالغان ئەر ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىدى. شۇنداقتىمۇ بولۇنۇۋاتقان گەپ ـ سۆزلەردىن مۇنۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپكە بەكرەك دىققەت قىلدى.

— ژان ئەپەندى! ئۇدۇل ماڭساڭ بولمامدۇ، سولتەك؟ ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، سائەت يەتتە بولدى، بىر ئايال بىلەن پۇتۇشۇپ قويغان تۇرسام، كېتىۋەردىم جۇمۇ!

— ئەمىسە مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن! يۇلتۇزلارنى كۆرۈۋاتىمەن، ئوت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن، سەنچۇ! دامپارتىن قەلئەسىدەك چېچەكنىڭ چاي بولۇۋاتىدۇغۇ سېنىڭ!

— موماىنىڭ پوقىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلىمەنكى، ژان! بىمەنە گەپلىرىڭدىن كۆلگۈم كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ژان، دېگىنە، يەنە قانچىلىك پۇل بار؟

— مۇدىر ئەپەندى، پۇل تۈگىدى. ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭغۇ، ئۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ھەميان كىچىككىنە تۇرسا !

— ژان، ئوبدان ئاغىنەم ! مېنىڭ ئۇ قىز بىلەن ساينىت مىچېل كۆۋرۈكىدە كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىمدىن خەۋىرىڭ بار. مەن ئۇنى فالوردىلىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارسام، ئۇنىڭغا پۇل تۆلىشىم كېرەك. ئۇ قېرى پاھىشە ئەزەلدىن نېسى ئىش قىلمايدۇ. ژان، بىر ياخشىلىق قىلغۇەتكىنە ! بىز بىر تۇتام پۇلنىڭ ھەممىسىنى خەجلىۋەتمىگەندىمىز؟ بىرەر ياماقمۇ ئېشىپ قالمىغانمىدۇ؟

— شىرەدىكى مەززىلىك نازۇنېمەتلەرگە خۇش بولۇپ نەچچە سائەتنى ئۆتكۈزگەن تۇرساق !

— قويە، مۇنداق گەپلىرىڭنى ! يوقىلاڭ بىرنېمىلەرنى جۆيلۈيدىكەنسەن ! راستىڭنى ئېيتقىنا، زادى قانچىلىك پۇل بار؟ ئۇنى ماڭا بېرىۋەت، خۇدا ھەققى ! بولمىسا يانچۇقۇڭنى تەتۈر ئۆرۈيمەن ! يوبقا ئوخشاش ماخاۋ كېسەللىكى ياكى قەيسەرگە ئوخشاش قىچىشقاق بولۇپ قالغان بولساڭمۇ كارىم يوق !

— ئەپەندى، گالىياش كوچىسىنىڭ بىر ئۇچى ئەينەك زاۋۇتىغا ، يەنە بىر ئۇچى تىكسىراندىرىيە كوچىسىغا تۇتىشىدۇ !

— توغرا دېدىڭ، سۆيۈملۈك ئاغىنەم ژان، بىچارە بۇرادىرىم، گالىياش كوچىسى دېدىڭمۇ، توغرا، تازا ئوبدان بولدى. خۇدا ھەققى، كۆزۈڭنى ئاچقىنا، ماڭا بىر تەڭگە بولسىلا يېتىدۇ. سائەت يەتتە بولاي دەپ قالدى !

— تولا كاپشىماي جىم تۇر ! ماۋۇ يېقىملىق ناخشىغا قۇلاق سال:

مۇشۇكنى يەپ كۇلىدۇ چاشقان،
ئاخا شەھىرىدە شاھلار ئالماشقان.
ياز پەسلىدە مۇزلايدۇ دېڭىز،
پاناھ ئىزدەپ پۇقرالار قاچقان.

— بولدى بەس، مۇتتەھەم، ئاناڭنىڭ ئۇچىيىدە بوغۇلۇپ

ئۆلسەڭچۇ، ئىلاھىم ! ــ دېدى فوبۇس ۋە بىر كوچەپلا مەست بولۇپ قالغان ژاننى تام تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى. جېنى قالمىغان ژان ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولغا پالاققىدە يىقىلدى. فوبۇس ئۇنى تېپىپ يول بويىدىكى ياستۇقنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى. بۇ مەرھەمەتلىك تەڭرى ھەممە كوچىنىڭ دوقمۇشىدا كەمبەغەللەر ئۈچۈن ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان ياستۇق ئىدى. پۇلى بار ئادەملەر مۇنداق ياستۇققا قاراپمۇ قويمايتتى. ئۇ ياستۇقنىڭ نامى ئەخلەت دۆۋىسى دەپ ئاتىلاتتى. كاپىتان ژاننىڭ بېشىنى بىر تال سېسىق يېسىۋېلەكنىڭ كۆتىكىگە ئەمدىلەتىن جايلاشتۇرۇۋىدى، ئۇ بىلىنەر ـ بىلىنمەس خورۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن، كاپىتان تېخىچە ئاچچىقىدىن يانمىغان بولغاچقا، ئۇخلاۋاتقان ژانغا، ــ ئىبلىسنىڭ ھارۋىسى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە سېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتسە، بۇمۇ ئۆزۈڭنىڭ شورى ! ــ دېگىنىچە يولغا راۋان بولدى.

پلاش كىيىۋالغان ھېلىقى ئەر كىشى كاپىتاننىڭ كەينىدىن ماڭماي، قاتتىق ئۇخلاۋاتقان ژاننىڭ ئالدىغا كېلىپ بىردەم تۇردى. نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەندەك ئارىسالدى بولدى. ئاندىن ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، يەنىلا كاپىتانغا ئەگەشتى.

بىزمۇ يۇلتۇزلارنىڭ پەپىلىشىدە بەخىرامان ياتقان ژانغا ياخشى چۈش تىلەپ، ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ پېيىگە چۈشەيلى !

سايىنت ئاندىرى دىسئارك كوچىسىغا كەلگەندە، كاپىتان فوبۇس بىرىنىڭ تاپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەملىدى، بىرنەچچە قېتىم ئارقىسىغا قاراپ، بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ تامنىڭ تۈۋى بىلەن مېڭىۋاتقىنىنى كۆرۈپ توختىدى. بۇ چاغدا ئۇ قارا كۆلەڭگىمۇ توختىدى. ماڭسا ئۇمۇ ماڭدى. فوبۇس يەنىلا پەرۋاسىز كېتىۋەردى.

«توفى ! ماڭسا ماڭامدۇ؟ ــ دېدى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە، ــ بەربىر يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق !»

ئۇ داۋتۇن ئىنستىتۇتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىردەم توختاپ

دېمىنى ئېلىنىۋالدى. ئۇ ئوقۇشىنى دەل مۇشۇ مەكتەپتىن باشلىغانىدى. ھەر قېتىم مەكتەپنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە كەپسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئادىتىنى دوراپ، دەرۋازىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كاردىنال پېررې بېرترانىنىڭ ھەيكىلىنى ھاقارەتلەپ ئۆتمىسە كۆڭلى تىنمايتتى. بۇ ئەدناسى پىرئاپۇس خوراتىئۇسنىڭ ھەجۋىي شېئىرلىرىدىكى مىسرالاردىن نەقىل كەلتۈرگەندە: «مەن ئىلگىرى ئەنجۈرنىڭ شېخى ئىدىم» دەپ خورسىنغاندەك چىدىماسلىق ئىدى. مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆكتەملىكى تۈپەيلى بۇ ھەيكەلگە يېزىلغان بېغىشلىما سۆزلەر بۈگۈنكى كۈندە كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆگەنگەن كۆڭۈل ئۆلگۈچە دېگەندەك ھەيكەلنىڭ تۈۋىدە توختىدى. كوچىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ئۇ شامالغا يۈزىنى تۇتۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەرزدە كىيىمىنى تۈگمىلەۋاتقاندا، بىرىنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كېلىۋاتقان ئادەم پلاش كىيىۋالغان شلەپىلىك ئادەم ئىدى. ئۇ كاپىتانغا يېقىن كېلىپ توختىدى، بېرترانىنىڭ ھەيكىلىدەك قىمىر قىلماي جىم تۇردى. ئۇنىڭ قوبۇسقا تىكىلگەن كۆزلىرىدىن كېچىدىكى مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك كۆكۈچ نۇر چاقنايتتى.

كاپىتاندا قىلچىمۇ ئېسەنگىرەش بولمىدى. قولىغا تاياق ــ توقماق ئالغان ئۇششاق ــ چۈششەك ئوغرىلار ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر پەشۋاغىمۇ يارىمايتتى، لېكىن مېڭىۋاتقاندەك بىلىنگەن بۇ ھەيكەلنى، ئۆزىگە يەۋېتىدىغاندەك قاراۋاتقان بۇ قورقۇنچلۇق ئەرنى كۆرگەن كاپىتان قورقىنىدىن شۈركۈنۈپ كەتتى. كېچىلىرى پارىژ كوچىسىدا لاغايلاپ يۈرىدىغان ئالۋاستى روھانىي ھەققىدىكى سۆز ــ چۆچەكلەر ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى. ئۇ بىرنەچچە مىنۇتقىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ، ئۆزىنى تەستە رۇسلىۋالغاندىن كېيىن كولۇمسىرىگەن ھالدا ئېغىز ئاچتى:

ــ ئەپەندى، شۇنداق قاراقچىدەك قىلىسەن، ــ دېدى

ئۇ، — ئۇنداقتا سەن ياڭاقنىڭ شاكىلىنى چوقۇيدىغان ئاققۇتاندەك ئاخىرىدا يەنىلا قۇرۇق قول يانىسەن. مەن سۇنغان ئائىلىنىڭ ئوغلى، قەدىرلىكىم! باي بولاي دېسەڭ باشقا يەرگە بار. مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئىبادەتخانا زالىدىكى ئامباردا ئوبدانلا پۇلغا يارايدىغان كىرىستلار بار. ھەممىسى كۈمۈشتىن!

ئۇ ئادەم پلاشنىڭ ئىچىدىن قولىنى چىقىرىپ، خۇددى چۈجىنى قاماللىغان بۈركۈتتەك، فوبۇسنىڭ بىلىكىنى كاپلا تۇتتى.

— كاپىتان فوبۇس شاتوپېر!

— ما ئىشنى كۆرۈڭ! مېنىڭ ئىسمىمنىمۇ بىلىدىكەنسەنغۇ، — دېدى فوبۇس.

— ئىسمىڭنىلا ئەمەس، — پلاش كىيىۋالغان ئادەمنىڭ ئاۋازىنى ئالۋاستىنىڭ ئاۋازى دېيىشكە بولاتتى، — مەن سېنىڭ بۈگۈن كەچتە بىرى بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدىغانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن.

— شۇنداقمۇ، — ھەيران بولۇپ قېتىپلا قالدى فوبۇس.

— سائەت يەتتىدە.

— چارەك ۋاقتتىن كېيىن.

— فالوردېلنىڭ ئۆيىدە.

— توغرا دېدىڭ!

— ساينت مىچېل كۆۋرۈكىدىكى ھېلىقى پاھىشىنىڭكىدە.

— ئۇ دېگەن ساينت مىچېلدىكى پەرىشتە. خۇددى دۇئا - تىلاۋەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك!

— پاھىشىۋاز، — دەپ ۋارقىرىدى، — بىر قىز بىلەن؟

— خاتالاشمىدىڭ.

— ئۇنىڭ ئىسمى ...

— ئەسمېرالدا، — دېدى فوبۇس خۇشاللىق بىلەن، شۇ تاپتا ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم ھالەتكە يانغانىدى.

ھېلىقى كىشى بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ، فوبۇسنىڭ بىلىكىنى سىلكىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ يالغان ئېيتىۋاتىسەن، كاپىتان فوبۇس شاتوپېر !
كىمدىكىم كاپىتاننىڭ مۇشۇ چاغدىكى ئەلپازىنى كۆرگەن بولسا، قورقىنىدىن ئىشتانىغا چىقىرىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ بەقەمدەك قىزىرىپ كەينىگە داجىدى ـ دە، ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىدىن بىلىكىنى بوشىتىۋالدى، ئاندىن مەغرۇر قىياپەتتە بېلىدىكى خەنجەرگە قول ئۇزارتتى. ئۇنىڭ تۇرقى تاش ھەيكەل بىلەن دۇئېلغا چۈشكەن دون جۇئان ① غا ئوخشاپ قالغانىدى.
ــ ئەيسا بىلەن شەيتان ② ، ــ دېدى كاپىتان ھۆركىرەپ، ــ ھېچكىممۇ مەن بىلەن مۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا پېتىنغان ئەمەس ! نوچى بولساڭ يەنە بىر قېتىم دەپ باقە !
ــ يالغان سۆزلەۋاتىسەن ! ــ دېدى ھېلىقى ئادەم تەرىنى تۈرۈپ.
غەزەپتىن كاپىتاننىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى. ئەرۋاھ، خۇراپىيلىق توغرىسىدىكى سۆز ـ چۆچەكلەرمۇ نەلەرگىدۇر غايىب بولدى.
ــ ياخشى، تازا ئوبدان بولدى ! ــ ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولغان كاپىتان قىلىدىغان گېپى بوغۇزىغا تىقىلىپ قېلىپ كېكەچلەپ كەتتى، بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. كالۋالىشىۋاتقان قولى بىلەن خەنجەرنى سۇغاردى، ــ كېلە، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ! چىقىرە خەنجىرىڭنى ! تۇتۇشۇپ باقايلى ! قېنىمىزنى ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولغا ئاقتۇرايلى !
ھېلىقى ئادەم مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى. لېكىن، قارشى تەرەپتىكى ھوشيارلىقنى كۆرۈپ، ئۆزىنى قوغداشقا تەييارلاندى.
ــ كاپىتان فوبۇس، ــ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، ــ ئۇچرىششقا بارىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ

① دون جۇئان ــ ئىسپانىيە رىۋايەتلىرىدىكى شاللاقلىقتا ئۇچىغا چىققان ئاقسۆڭەك ياش. موللېر، بايرۇن، مۇزارت، پۇشكىن قاتارلىقلار دون جۇئاننى تېما قىلىپ كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان.
② شەيتان ــ غەرب ئەپسانىلىرىدىكى ئىبلىس شاھ.

قىلىۋاتىسەن.

فوبۇسقا ئوخشاش مۇنداق ئوڭاي ھاياجانلىنىدىغان ئادەملەرنىڭ ئاچچىقى بىر تامچە سۇ بىلەنلا قايناشتىن توختايدىغان قازاندەك، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا پەسكويىغا چۈشۈپ قالاتتى. بۇ ئاددىي گەپنى ئاڭلىغان كاپىتان ۋالىلداپ تۇرغان خەنجىرىنىڭ تىغىنى يەرگە قاراتتى.

ــ فوبۇس، ــ دېدى ناتونۇش ئادەم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ــ مەيلى ئەتە، ئۆگۈن بولسۇن، مەيلى بىر ئاي ياكى ئون يىللاردىن كېيىن بولسۇن، ماڭا يولۇقۇپلا قالىدىغان بولساڭ، قۇشقاچنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلىۋېتىشىمدىن ھەزەر ئەيلە. بىراق، ھازىر سەن ئالدى بىلەن كۆرۈشىدىغان يەرگە بار.

ــ بۇمۇ بولىدىغان گەپ، ــ دېدى فوبۇس ۋە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئۆزەڭگىدىن چۈشۈۋالدى، ــ قىز بىلەن ياكى خەنجەر بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ھەممىسى قىزىقارلىق. لېكىن، قوش ئامەتكە دۇچ كەلگەندە، نېمىشقا ئالدىنقىسىنى دەپ كېيىنكىسىدىن ۋاز كېچىش لازىملىقىنى ھېچ چۈشەنمىدىم!

ئۇ خەنجەرنى غىلاپقا سالدى.

ــ ئۇچرىشىدىغان يەرگە دەرھال ماڭ! ــ دېدى ناتونۇش ئادەم.

ــ ئەپەندى، ــ دېدى فوبۇس تەڭلىكتە قېلىپ، ــ ياخشى كۆڭلۈڭگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. دەرۋەقە، ئەتە بىرنېمە دېيىشسەكمۇ كېچىكمەيمىز. مۆرىتى كەلگەندە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىزگە بەخشەندە قىلغان تولۇمنى ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىشكە ئۇلگۇرەلەيمىز. يەنە ئون بەش مىنۇتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈشۈمگە يول قويغىنىڭغا تەشەككۈر. ئەسلىدە سېنى قانغا غەرق قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ چىرايلىقنىڭ قېشىغا بېرىشىم كېرەك ئىدى. مۇنداق چاغدا ئاياللارنى ئۇزاقراق ساقلاتقان ئادەمنىڭ تېخىمۇ ئەتىۋارى بولىدۇ. لېكىن، مۇنداق قارىسام خېلى خالىس ئادەمدەك قىلىسەن. ئارىمىزدىكى دۇئېلنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەتىگە قالدۇرساق تېخىمۇ ئوبدان بولىدىغاندەك قىلىدۇ. ئەمدى ماڭاي. كېلىشىۋالغان ۋاقىت سائەت يەتتە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭ، — سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، فوبۇس قولىقىنى تاتىلاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەي، چاتاق بولدى ! يېنىمدا بىر تىيىنمۇ پۇل يوق. ئادەمنى جىلە قىلىدىغان ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگۇدەكمەن. ئۇ قېرى جادۇگەرگە پۇلنى ئالدىنئالا بەرمىسە پەقەت ئۇنىمايدۇ. نېسى بىلەن خۇشى يوق !

— ئالە بۇنى !

فوبۇس مۇزدەك سوغۇق قولىنىڭ چوڭ بىر تەڭگىنى ئالىقىنىغا قويغانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا پۇلنى ئېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

— بۇگۈن راستىنلا تەلىيىم كەلدى ! ئوبدان ئادەم ئىكەنسەن !

— بىر شەرتىم بار، — دېدى ناتونۇش ئادەم، — ماڭا ناتوغرا مۇئامىلە قىلغانلىقىڭنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مېنى بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇپ قوي. ئۇ قىزنىڭ سەن ماڭا ئىسمىنى دەپ بەرگەن قىزنىڭ ئۆزى ياكى باشقا قىز ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باقاي.

— ھە، — دېدى فوبۇس جاۋاب بېرىپ، — بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. بىز ئۇچرىشىدىغان ئۆينى ساينىت مارتا دەيدۇ. سەن ياندىكى ئۆيگە كىرىۋېلىپ، قانداق كۆرگۈڭ كەلسە، شۇنداق كۆر.

— ئۇنداق بولسا ماڭايلى، — دېدى ناتونۇش ئادەم.

— جېكىلەشلىرىڭنى ئاڭلىدىم، — دېدى كاپىتان، — سېنى ئالۋاستىمىكىن دېگۈم كېلىۋاتىدۇ. لېكىن، بۈگۈن كەچتە ئاغىنە بولساقمۇ ئوشۇقلۇق قىلمىغۇدەك. ئەتە ھەممە قەرزىڭنى — پۇلۇڭ بىلەن خەنجەرنى تەڭلا قايتۇرىمەن.

ئۇلار ئالدىراپ يولغا چۈشتى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتۈپ، دەريانىڭ شارقىراشلىرىدىن ئۇلارنىڭ ساينىت مىچېل كۆۋرۈكىگە يېتىپ كەلگەنلىكى مەلۇم بولدى.

— ئاۋۋال سېنى بىللە ئېلىپ كىرەي، ئاندىن ئۆزۈمنىڭ

چىرايلىقىنى ئىزدەپ تاپاي. ئۇ چوقۇم چاتىلىي دەرۋازىسىغا يېقىن يەردە مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ.

ھېلىقى ئادەم ئۈندىمىدى، ئىككىيلەن يانمۇيان مېڭىپ مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە ئارىدا پەقەت گەپ قىلمىدى. فوبۇس بىر ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ ئىشىكنى قاقتى. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن يورۇق چىقىپ تۇراتتى.

— كىم؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— ئىگەڭنىڭ جىسمى! ئىگەڭنىڭ كاللىسى! ئىگەڭنىڭ كىندىكى! — دېدى فوبۇس.

ئىشىك ئېچىلدى. چىراغ كۆتۈرگەن موماي لاغىلدىغان ھالدا ئىشىكنىڭ كەينىدە پەيدا بولدى. ئۇ بېلى پۈكۈلگەن، ئۈستىبېشى جۇل - جۇل، بېشى ئىككى يېقىغا لىڭشىپ تۇرىدىغان، قىيسىق كۆز ئايال بولۇپ، بېشىغا بىر پارچە يىرتىق لاتىنى يۆگىۋالغانىدى. قولىنىڭ دۈمبىسى، يۈز - كۆزى، بويۇنلىرى قورۇق بىلەن قاپلانغان، قوۋۇزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بىر تال چىشىمۇ قالمىغان، ئاپپاق چېچى چۇۋۇلۇپ ئاغزىنىڭ چۆرىسىگىچە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ يۈزى مۇنداقلا قاراشقا بۇرۇتلۇق مۈشۈكنىڭ يۈزىگىلا ئوخشايتتى. ئۆيمۇ خۇددى مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەندەك ۋەيرانە ئىدى. تامنى چاڭ - توزان بېسىپ كەتكەن، تورۇستىكى ۋاسىلارمۇ قارايغانىدى. ئۆيدە كونا ئوچاقلا بولۇپ، ھەممە بۇلۇڭدىن ئۆمۈچۈكنىڭ تورى ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ يەر - بۇ يەرگە بىر پۇتى بولسا، بىر پۇتى يوق بىرنەچچە ئورۇندۇق قويۇلغان، يۈز - كۆزى مەينەت بىر بالا ئوچاقنىڭ ئالدىدا كۈل ئويناۋاتاتتى. نېرىراق تەرەپتە بالىخانىغا چىققىلى بولىدىغان پەلەمپەي بار ئىدى.

فوبۇسنىڭ ھەمراھى ئوغرىلارنىڭ ئۇۋىسىدەك كۆرۈنىدىغان ئۆيگە كىرىپلا پىلاشىنىڭ بۆكىنى كۆزىگىچە چۈشۈرۈپ قويىدى. كاپىتان بىر ياقتىن ئاغزىنى بوزۇپ تىللاپ، بىر ياقتىن ھۆرمەتكە سازاۋەر رېگىنىرنىڭ تەسۋىرىدىكى «قۇياش نۇرىدەك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چاراقلاپ تۇرىدىغان كۈمۈش تەڭگە» نى كۆز ـ كۆز قىلغىلى تۇردى.

ــ سايىنت مارتاننىڭ ئۆيىنى ئىچىپ بەر، ــ دېدى كاپىتان.

قېرى موماي ئۇنى ئابرۇيلۇق مېھمانلارنى كۈتكەندەك كۈتۈۋېلىپ، تەڭگىنى تارتمىغا تاشلىدى، بۇ تەڭگە قارا پلاش كىيگەن ئادەم بايىلا قوبۇسقا بەرگەن تەڭگە ئىدى. موماي قايرىلىپ مېڭىشىغىلا، ئوچاقنىڭ ئالدىدا كۆل ئويناۋاتقان، چاچلىرى گەدىنىگە چۈشكەن جۇلدۇر كىيىمەن بالا تارتمىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ تەڭگىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرمايلا ئېلىۋالدى ـ دە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوچاقنىڭ ئالدىدىكى ئوتۇننىڭ ئارىسىدىن ئالغان قۇرۇپ كەتكەن يوپۇرماقنى قويۇپ قويدى.

قېرى موماي ئىككىيلەننى مۆتىۋەر كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆزىگە ئەگىشىپ مېڭىشقا شەرەتلىدى. ئۇ ئالدىدا مېڭىپ، پەلەمپەي ئارقىلىق ئۆگزىگە چىققاندىن كېيىن، چىراغنى ياغاچ ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇ يەر قوبۇسقا تونۇش بولسا كېرەك، ئۇ ياندىكى قاراڭغۇ ئۆيگە ئۆتىدىغان ئىشىكنى ئېچىپ، ھەمراھىغا: «مۇشۇ ئۆيگە كىر، قەدىرلىكىم» دېدى. پلاش كىيگەن ئادەم ناھايىتى ياۋاشلىق بىلەن لام ـ جىم دېمەيلا كونا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بوسوغىدىن ئاتلىشىغىلا ئۆينىڭ ئىشىكى قايتىدىن تاقالدى. قوبۇسنىڭ ئىشىككە دەم سېلىپ، قېرى موماي بىلەن بىللە پەسكە چۈشۈۋاتقانلىقى ئاڭلاندى، چىراغمۇ ئۆچتى.

## 8. دەرياغا قارايدىغان دېرىزە

كلاۋدې فروللو (ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال قوبۇستىن ئەقىللىك، ئالۋاستى روھانىينىڭ باشقا بىرى ئەمەس، دەل ياردەمچى ئېپىسكوپ ئىكەنلىكىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولدى) قاراڭغۇ ئۆيدە بىرھازاغىچە ئۇياق ـ بۇياقنى تىمىسقىلاپ يۈردى.

كاپىتان ئۇنى سولىۋەتكەن بۇ ئۆي بىناكار ئۇستام يانتۇ ئۆگزە بىلەن توسما تام ئارىسىدىكى بىكار بوشلۇقتا سالغان بالىخانا ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە فوبۇس ئىتتىنىڭ كاتىكى دەپ قارايدىغان بۇ بالىخانا ئۈچ بۇرجەكلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا يا دېرىزە، يا شامال ئۆتىشىدىغان تۆشۈك يوق ئىدى.

ئۆينىڭ ئۆگزىسى ئىككى تەرەپتىن يۇقىرىغا قاراپ قىڭغىيىپ تۇرغاچقا، بالىخانىنىڭ ئىچىدە ئۆرە تۇرغىلى بولمايتتى. كىلاۋدې فروللو باشقا ئامال يوق، شىرىلداپ تۇرغان ھاك بىلەن ئۆلۈك توپىنىڭ ئۇستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بېشى قىزىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئۇ يەرنى سىلاپ يۈرۈپ، بىر پارچە سۇنۇق ئەينەكنى تاپتى ــ دە، ئۇنى پېشانىسىغا باستى. ئەينەكنىڭ سوغۇقى ئۇنىڭغا ئازراق ئارام بەرگەندەك بولدى.

بۇ چاغدا ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ كۆڭلىدە قانداق ئوي ــ خىيالنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى پەقەت بىر خۇدا، بىر ئۆزىلا بىلەتتى.

قانداقتۇر بىر سىرلىق كۈچ ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ كاللىسىدا شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ ئوبرازىنى ۋە غەلىتە نەرسىلەرنى پەيدا قىلغاندۇ؟ ئەسمېرالدا، فوبۇس، ياكوئىس شارمولۇي، ئىنىسى ژان (بىراق ئۇ ئىنىسىنىڭ ئەخلەت توشۇپ كەتكەن پاتقاقتا يېتىپ قالغىنىنى كۆرۈپمۇ، ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى)، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ مۇراسىم كىيىمى ياكى بولمىسا فالوردېلنىڭ ئۆيىدە يەر بىلەن يەكسان بولغان نام ــ شەرىپى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغىمۇ بىرنەرسە دېگىلى بولمايتتى. لېكىن، مۇشۇ ئوي ــ خىياللار ئۇنىڭ مېڭىسىنى قوچۇپ، ئەنسىرىگۈدەك نەرسىگە ئايلانغانىدى.

ئۇ چارەك ۋاقىت تەخىر قىلدى. بىراق، ئۇنىڭغا بۇ ۋاقىت ساق بىر ئەسىردەك بىلىندى. تۇيۇقسىز پەلەمپەينىڭ تاراقشىۋاتقىنى ئاڭلاندى، بىرلىرى ئۆگزىگە چىقىۋاتقاندەك ئىدى. ئۆگزىدىكى قاپقاق ئېچىلىپ، بالىخانىغا ئازراق يورۇق چۈشتى. كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن بالىخانىنىڭ چىرىپ كەتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشىكىدە خېلى چوڭ بىر كامار كۆرۈندى. ياردەمچى ئېپىسكوپ يۈزىنى يېقىپ تۇرسىلا قوشنا ئۆيدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئوچۇق كۆرەلەيتتى. يۈزى مۈشۈكنىڭكىگە ئوخشايدىغان موماي چىراغ كۆتۈرگەن هالدا ئۆگزىگە چىقتى. ئارقىسىدىكىسى فوبۇس ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ساقلىنى سىلاپ كېلىۋاتاتتى. تاپ باستۇرۇپلا ئۈچىنچى بىرەيلەن چىقتى. بۇ ئەسمىرالدا، هېلىقى هەم چىرايلىق، هەم سۆيۈملۈك قىزنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇنى كۆرۈپلا ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، ئىختىيارسىز ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشتى. كۆز ئالدى تۇمانلاشقاندەك بولدى. ئەسمىرالدانىڭ پەيدا بولۇشى قانداقتۇر بىر يارقىن خىيالىي ئوبراز زېمىن يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەندەك، ئەتراپ گۈرۈلدەۋاتقاندەك ۋە تىنىمسىز چۆرگۈلەۋاتقاندەك بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمىدى، قۇلىقىغا هېچقانداق ئاۋازمۇ كىرمىدى.

ئۇ مىڭ تەستە ئېسىگە كەلدى، كۆزىنى ئېچىپ فوبۇس بىلەن ئەسمىرالدانىڭ ياغاچ ساندۇقنىڭ ئۈستىدە يانمۇيان ئولتۇرغانلىقىنى، يېنىدىكى كونىراپ كەتكەن چىراغنى كۆردى. چىراغ نۇرىدىن ئىككى ياشنىڭ چىرايى ياردەمچى ئېپىسكوپقا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، يەنە كونا ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدىكى چۈۋۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان كارىۋاتمۇ كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇراتتى.

كارىۋات يېنىدىكى دېرىزە ئەينىكى خۇددى يامغۇردا قالغان ئۆمۈچۈك تورىدەك تېشىلىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ تۆشۈكلەردىن ئاسماننىڭ بىر بۇرجىكىنى، مامۇقتەك يۇمشاق بۇلۇت قوينىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاينى كۆرگىلى بولاتتى.

قىزنىڭ يۈزى خىجىللىق ئىلكىدە تاۋلىناتتى، پۈت ـ قولىنى قويىدىغان يەر تاپالمىغاندەك قورۇناتتى، تېز ـ تېز نەپەس ئالاتتى، شەلپەردەك قىزارغان ئىككى مەڭزىگە كىرپىكى سايە تاشلاپ تۇراتتى، يېنىدىكى ياش ئوفىتسېرغا بېشىنى كۆتۈرۈپ

لەپپىدە بىر قارىۋېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. ئوفىتسېرنىڭ چىرايىدا بولسا شادلىق ئۇچقۇنلىرى بەرق ئۇراتتى. قىزنىڭ ئولتۇرۇشى كىچىك باللاردەك ساددا ۋە سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ياغىچىغا تىرنىقى بىلەن ھەدەپ بىرنېمىلەرنى سىزاتتى. تىرنىقىغا قاراپ خىيالغا غەرق بولاتتى. ئۇنىڭ پۈتلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلىقى ئايىغى ئالدىدىلا تۈگۈلۈۋالغانىدى.

كاپىتان ناھايىتى مودا كىيىنگەن بولۇپ، ياقىسىغا ۋە يېڭىنىڭ ئۇچىغا كالۋۇتۇن جىيەك تۇتۇلغانىدى.

قېنى قايناپ بولالمايۋاتقان كلاۋدې فروللو ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئېنىق ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈردى. ئېھتىمال، «سېنى سۆيىمەن» دېگەن سۆز مۇھەببەتتىكى مەڭگۈلۈك سۆز بولسا كېرەك، ھېچقانداق پەرداز قىلمىغان ئەھۋالدىمۇ شۇنچىكى تاتلىق، شۇنچىكى يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان بۇ سۆزنىڭ بىر ياندا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرگە ئىنتايىن مەززىسىز تۇيۇلۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بالىخانىدا بۇ سۆزگە قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ تۇرغان كلاۋدې فروللو بىر ياندا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرىدىغان مۇناسىۋەتسىز ئادەمدەك قىلمايتتى.

— مېنى يارىتامسىز، — دېدى قىز كۆزلىرىنى يەردىن ئالماي، — سۆيۈملۈك جاناب، مەن ئۆزۈمنىڭ ياخشى قىلمىغانلىقىمنى بىلىمەن.

— سىزنى ياراتماسمەنمۇ؟ چىرايلىقىم! — ئوفىتسېر كىشىنىڭ غىدىقى كەلگۈدەك مۇلايىملىق بىلەن جاۋاب قايتۇردى، — توۋا، سىزنى ياراتمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟

— چۈنكى مەن سىزگە ئەگىشىۋالدىم.

— مۇشۇ گەپمىدى، چىرايلىقىم. بىز تېخى بىر - بىرىمىزنى بىلىشمەيمىزغۇ؟ مەندە ياراتمايدىغان ئىش يوق. لېكىن، سىزگە ئاچچىقىم بار.

قىز ئۇنىڭغا شۈبھە بىلەن لەپپىدە قاراپ قويدى.
— ماڭا ئاچچىقىڭىز بارمۇ؟ ئاچچىقىڭىزنى كەلتۈرگۈدەك نېمە ئىش قىلدىم؟
— مېنى كۆپ قىيتىم تەلەپ قويدۇردىڭىز!
— ھە! — دېدى قىز، — مۇشۇنداق قىلمىسام لەۋزىمدە تۇرمىغان بولۇپ قالاتتىم. ئەپسۇسمۇ ئۆزىنىڭ كۆچىنى يوقاتقان بولاتتى ... ئاتا - ئانامنى تېپىۋالىدىغان پۇرسەتتىنمۇ مەھرۇم بولغان بولاتتىم ... لېكىن، بۇنىڭ ئەمدى نېمە ھاجىتى؟ ئاتا - ئانامنى ئىزدەپ نېمىمۇ قىلارمەن؟
مۇشۇلارنى دەۋېتىپ قىز ئوفىتسېرغا تىكىلدى. ئۇنىڭ ياش لىغىلداپ تۇرغان قارا كۆزلىرىدىن خۇشاللىق بىلەن مۇلايىملىق نۇرلىرى چاقنىدى.
— سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزدە نېمە مەنە بارلىقىنى كىم بىلىدۇ؟
ئەسمىرالدا بىر دەقىقە جىمىپ قالدى، ئاندىن كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، ئاغزىدىن خورسىنىش ئارىلاش بىر سۆز چىقىپ كەتتى:
— مەن سىزنى سۆيىمەن، جاناب!
قىزنىڭ ۋۇجۇدىدىن شۇنداق پاك، شۇنداق مەسۇم، سەبىيلەردىلا بولىدىغان مەززىلىك خۇش پۇراق تارالدى، چىرايىدا يۈزى ئېچىلمىغان قىزلاردىكى نازاكەت جىلۋە قىلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەزەلدىن قاراملىق قىلىشقا پېتىنالماي كەلگەن فوبۇس مۇشۇ بىر ئېغىز گەپنى ئاڭلاپ خىلىلا يۈرەكلىك بولۇپ قالدى.
— مېنى سۆيەمسىز؟ — فوبۇسنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. بىردىنلا غۇلىچىنى كېرىپ قىزنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىدى، ئۇ تەقەززا بولغان پۇرسەت مۇشۇ ئىدى.
بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرغان پوپ قويىنىغا قولىنى سىلىپ، يوشۇرۇن ئېلىپ يۈرگەن خەنجەرنىڭ بىسىنى تۇتۇپ باقتى.
— فوبۇس، — ئۇنىڭ بېلىگە گىرە سېلىۋالغان سەرگەردان

قىز قولىنى بوشاتتى، — سىز ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، قەددى ـ قامەتلىك، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز ! مەن شۇ تېنەپ ـ تەمتىرەپ بۇخېمىيەلىكلەرنىڭ ئارىسىغا بېرىپ قالغان بىچارە قىز ! مەن سىز بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى سىزنى چۈشۈمدە كۆرگەن. بىر ئوفىتسېرنىڭ مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشىگەن. فوبۇس، سىز شۇ چاغدىمۇ چىرايلىق ھەربىي فورما بىلەن ئىدىڭىز. چىرايىڭىز شۇنداق ئالىيجاناب ئىدى، يېنىڭىزدا خەنجەر بار ئىدى. فوبۇس دېگەن بۇ ئىسىم نەقەدەر چىرايلىق. مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ياخشى كۆرىمەن، خەنجىرىڭىزنى سۆيىمەن. خەنجىرىڭىزنى چىقىرىڭ، كۆرۈپ باقاي.

— بالىدەكلا گەپ قىلىسىزغۇ، — دېدى فوبۇس ۋە كۇلۇپ تۇرۇپ خەنجەرنى چىقاردى. مىسىرلىق قىز خەنجەرنىڭ سېپىغا، ئاندىن تىغىغا كۆز يۈگۈرتتى. خەنجەرنىڭ سېپىدىكى نەقىشلەرگە ماختاش نەزىرى بىلەن قاراپ چىقتى.

— بۇ ئەزىمەتنىڭ خەنجىرى، — دېدى قىز خەنجەرگە لېۋىنى تەگكۈزۈپ، — مەن كاپىتانىمنى سۆيىمەن.

فوبۇس قىز بېشىنى ئەگكەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭ بوينىغا چوككىدە بىرنى سۆيۈپ قويدى. قىز شارتتىدە بېشىنى كۆتۈردى. ئىككى مەڭزى گىلاستەك قىزىرىپ كەتتى. قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان پوپنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلىدى.

— فوبۇس، — دېدى بۇخېمىيەلىك قىز، — گېپىمگە قۇلاق سېلىپ، ئالدىڭىزغا بىرنەچچە قەدەم مېڭىڭ. كېلىشكەن قامىتىڭىزنى قانغۇچە كۆرۈۋالاي، شىپورلىرىڭىزنىڭ جىرىڭلىشىنى ئاڭلىۋالاي. سىز نېمانچە قاملاشقان يىگىت ـ ھە !

ئوفىتسېر ئۇنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن دەرھال ئورنىدىن تۇردى، كېرىلگەن ھالدا كۇلۇمسىرىدى.

— سىز بەكمۇ گۆدەك ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ قېيىدىغاندەك، — راستىنى ئېيتسام چىرايلىقىم، سىز مېنى تېخى مۇراسىم كىيىملىرى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە تور بېكىتى

بولغىيدىڭىز؟

— كۆرمىگەن، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

فوبۇس ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، بايىقىدىنمۇ بەكرەك يېقىنلاشتى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سۆيۈملۈكۈم ...

مىسىرلىق قىز چىرايلىق ئالقىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا يەڭگىل شاپىلاقلاپ قويدى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ كىچىك بالىغا ئوخشاشلا خۇش بولۇپ، قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتاتتى.

— ياق، — دېدى قىز نازلىنىپ، — گېپىڭىزنى ئاڭلىغۇم يوق. سىز مېنى سۆيەمسىز؟ مەن سىزنىڭ مېنى سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقىڭىزنىلا ئاڭلاشنى خالايمەن.

— نېمىشقا سۆيمەيدىكەنمەن؟ ھاياتىمنىڭ پەرىشتىسى! — فوبۇس يېرىم تىزلاندى، — مېنىڭ پۈتكۈل جىسمىم، قېنىم، روھىم ھەممىسى سىزگە تەئەللۇق. ھەممىسى سىز ئۈچۈن! سىزنى سۆيىمەن، مەن ھېلىغىچە سىزدىن باشقا بىرىنى سۆيۈپ باقمىغان!

كاپىتان بۇ گەپنى مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سورۇنلاردا تالاي مەرتىۋە ئېغىزىدىن چىقارغان بولغاچقا، بۇ قېتىممۇ ئۆز ئەينى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ سەممىمىي گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان مىسىرلىق قىز پەرىشتىلەرنىڭكىدەك غۇبارسىز كۆزلىرىنى مەيىنەت تورۇسقا تىكتى.

— ئاھ! — دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازى بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ئادەم مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۆلۈپ كەتسىمۇ بولغۇدەك!

فوبۇس مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ بويىنىغا يەنە بىرنى سۆيۈۋالدى. قاراڭغۇ بۇلۇڭدا قاپسىلىپ تۇرغان ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ يۈرىكى ئېچىشىپ كەتتى.

— ئۆلۈش! — شەھۋانىي نەپسىنىڭ ئوتىدا پۇچۇلىنىۋاتقان كاپىتاننىڭ ئېغىزى ئېچىلدى، — نېمىلەرنى دەۋاتىسىز؟

پەرىشتەم، بۇ دەل ھاياتلىقتىن لەززەت ئالىدىغان ياخشى ۋاقىت تۇرسا ! مۇشۇنداق شېرىن دەقىقىلەر ئەمدى باشلانغان چاغدا ئۆلۈپ كېتىمىزمۇ؟ ئىش دېگەن مۇنداق بولمايدۇ. گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سۆيۈملۈكۈم سىمىلا... ياق، ئەسمىرالدا ... ئەپۇ قىلىڭ ! سىزنىڭ ئىسمىڭىز راستتىنلا غەلىتە، سارا سېنلارنىڭ ئىسمىغىلا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق قىلىپمۇ ئېسىمدە تۇتالمايۋاتىمەن. پالاكەت باستىغۇ مېنى.

— خۇدايىمەي، — دەۋەتتى بىچارە قىز، — مەن ئىسمىمنى ئاز ئۇچرايدىغان چىرايلىق ئىسىم دەپ يۈرسەم ! ناۋادا سىزگە ياقمىغان بولسا گاتون دەپ ئۆزگەرتىۋەتسەممۇ بولىدۇ.

— ياق، مۇنچىۋالا ئىشقا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، چىرايلىقىم ! دېمەكچى بولغىنىم، بۇ ئىسىمغا ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىمەن. بىر قېتىمدىلا يادىمدا تۇتۇۋالسام ياخشى بولغان بولاتتى. ئاڭلاپ تۇرۇڭ، سۆيۈملۈك سىمىلا، سىزگە مەجنۇنلارچە چوقۇنىمەن، سىزنى چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىمەن. بۇ گېپىمنى بىرەر قىز ئاڭلاپ قالسا، چوقۇم ئاچچىقىدا ئۆتى يېرىلىپ كېتىدۇ ...

كۇنداشلىقى تۇتقان قىز ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تەپتى - دە:
— ئۇ كىم؟ — دەپ سورىدى

— بۇنىڭ بىز بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ — دېدى فوبۇس، — سىز مېنى سۆيەمسىز؟

— ھەئە ! ... — دېدى قىز.

— بولدى، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ! سىزمۇ مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلىدىغىز. سىزگە دۇنيادىكى ئەڭ خاتىرجەم ياشايدىغان قىزلارنىڭ خۇشاللىقىنى ئاتا قىلىمەن. لەۋزىمدە تۇرمىسام دېگىنىز ئىلاھى دىۋە نېپتۇننىڭ تۆمۈر ئارىسى ماڭا سانجىلسۇن. بىرەر جايغا بېرىپ چىرايلىق، ئىللىق بىر ئائىلە قۇرىمىز. مېنىڭ ئارغىماقلارنى مىنگەن، قولىغا نەيزە، ئوقيا، مىلتىق تۇتقان ئەسكەرلىرىم دېرىزىڭىزنىڭ

تۈۋىدىن ئۆتۈپ تۇرىدىغان بولىدۇ. كاپىتان مىگنوننىڭ ئەسكەرلىرى ئاچچىق يۇتۇپ تىرىك پېتىلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. مەن سىزنى روللىدىكى ئامبارغا ئېلىپ بېرىپ، پارىژنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلىرىنى كۆرسىتىمەن. سەكسەن مىڭ دۇبۇلغا، ئوتتۇز مىڭ مۇھاپىزەت قالقىنى، زەنجىرلىك ئاق ساۋۇت، ئاتمىش يەتتە خىل تۇغ ـ ئەلەم، پارلامېنت، مۇپەتتىش مەھكىمىسى، گېنېراللار خەزىنىسى، پۇل زاۋۇتى قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسى، نېمىنى كۆرگۈڭىز كەلسە ھەممىسى تېپىلىدۇ. ھارۋىلاپ يۆتكىسىمۇ تۈگىمەيدىغان مالىماتاڭ نەرسىلەر! سىزنى ئۇردا سارىيىغا ئېلىپ بېرىپ ۋەھشىي ياۋايى ھايۋانلارنى تاماشا قىلدۇرىمەن. مۇنداق نەرسىلەرگە ئاياللار بەك ئامراق!

كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان ئارزۇ ـ ئىستەكلەردىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان قىز ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى، شېرىن تەسەللىسىدىن مەست بولۇپ، نۇرغۇن ئىشلار خىيالىدىن كەچتى.

— چوقۇم خۇش بولىسىز، — دېدى كاپىتان ۋە قىزنىڭ كىيىمىنى يېشىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزارتتى.

— نېمە قىلماي دەيسىز؟ — دېدى قىز سەگەكلىشىپ، كاپىتاننىڭ ئۆزىگە چېقىلىشقا تەمشەلگەنلىكى قىزنى خىيالىي دۇنيادىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلگەندى.

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى فوبۇس، — دېمەكچى بولغىنىم، مەن بىلەن بىللە بولغاندا مۇنداق غەلىتە كوچا كىيىملىرىنى قويماي تاشلىۋەتكەن تۈزۈك.

— سىز بىلەن بىللە بولغان چاغدىمۇ؟ فوبۇس! — دېدى قىز مۇلايىملىق بىلەن. ئۇ بىرنەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك، گېپىنىڭ ئايىغىنى بوغۇزىغا يۇتۇۋەتتى.

كاپىتان قىزنىڭ نازاكىتىدىن جۇرئىتىگە كېلىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى، قىزمۇ قارشىلىق كۆرسەتمىدى. كاپىتان ئۇنىڭ كوپتىسىنى ئاستا يېشىپ، شارتتىدە مۇرىسىدىن چۇشۇرۇۋەتتى.

نېپىز شايى رومىلىدىن سەرگەردان قىزنىڭ يالىڭاچ، يۇپيۇمىلاق ئاچ بېغىر رەڭ مۈرىسى كۆرۈندى. بۇ نازۇك بەدەن خۇددى يىراق ئۇپۇقتىكى بۇلۇت قوينىدا يۇيۇنۇۋاتقان تولۇن ئايغا ئوخشايتتى. پوپنىڭ نەپسى قىسىلىپ ھاسىراپ كەتتى.

قىز ھېچ نەرسىنى سەزمىگەندەك، كاپىتاننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇشقا پەرۋاسىز ھالدا تۇرىۋەردى. نەپسى تاقىلىداپ كەتكەن كاپىتاننىڭ كۆزىدىن شەھۋانىيلىق ئۇچقۇنى چاچراپ كەتتى.

قىز شارتتىدە ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كاپىتانغا قارىدى.

— فوبۇس، — دېدى قىز چەكسىز مۇھەببەت بىلەن، — مېنى سىزنىڭ دىنىڭىزغا كىرىشكە تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ!

— مېنىڭ دىنىمغا؟ — كاپىتان كۈلۈپ تاشلىدى، — مەن سىزنى دىنىمغا كىرىشكە تونۇشتۇرامدىمەن! مېنىڭ دىنىم سىزگە نېمىگە كېرەك بولۇپ قالدى؟

— توي قىلىشىمىز ئۈچۈن، — دەپ جاۋاب بەردى قىز.

كاپىتاننىڭ چىرايىدا مۈرەككەپ بىر ئىپادە پەيدا بولدى ھەم ھەيرانلىق، ھەم مەنسىتمەسلىك، ھەم پىسەنت قىلماسلىق، ھەم شەھۋانىيلىق ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ، — چوقۇم توي قىلىش ھاجەتمۇ؟

سەرگەردان قىزنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، بېشى مەيدىسىگىچە ئېگىلدى، كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى.

— تەنھا گۈزىلىم، — دېدى فوبۇس ئۇنى ئەركىلىتىپ، — ئەخمەق بولماڭ. توي قىلىش دېگەن قانداق گەپ؟ مىسسىيونېرلارنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ بىرنەچچە جۈملە لاتىنچە ئايەت ئوقۇمىساق مۇھەببىتىمىز سۇسلاپ قالارمۇ؟

فوبۇس مىسىرلىق قىزغا تېخىمۇ يېقىن كەلدى، كىشىنى مەستخۇش قىلىدىغان تاتلىق ـ شېرىن گەپلەرنى دېدى، قىزنى سىلاپ ـ سىيپاپ تۇرغان قوللىرى ئۇنىڭ مەجنۇنتالدەك ئىنچىكە، ئەۋرىشىم بېلىنى چىڭ تۇتتى. كۆزلىرىدە يېنىۋاتقان

www.uyghurkitap.com

شەھۋانىي ئۇچقۇنلىرى بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى فوبۇسنىڭ ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدىغان دەقىقىگە يېقىنلاشقانلىقىنىڭ دەلىل ـ ئىسپاتى ئىدى. مۇنداق دەقىقىدە ھەتتا پۈپتېرمۇ ئەقلىدىن ئازغان، ياخشى نىيەتلىك گومېرمۇ بۇلۇتتىن ياردەم سورىغان بولاتتى.

ئىشىكنىڭ ھەممە يېرى يېرىق بولغاچقا، كلاۋدىي فروللو بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. ئۇنىڭ بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى ھەممىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇردى. قوڭۇر رەڭگە مايىل، بەستلىك كەلگەن پوپ مۇشۇ كەمگىچە موناستىردىكى پەرھىزنى ئىزچىل ئادا قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. مۇھەببەت، قاراڭغۇ كەچ، كۆڭۈل ئېچىش ئۆزئارا چىرمىشىپ كەتكەن بۇ مەنزىرە ئالدىدا ئۇ تىترەپ كەتتى. ياش يىگىتنىڭ چىرايلىق بىر قىزغا قاراپ تۇرۇپلا پوخۇرلۇق قىلىۋاتقانلىقى پوپنىڭ قان تومۇرىغا قوغۇشۇن ئېرىتمىسى قۇيغاندەك بولدى. ئۇنىڭ كۆزى قىزنىڭ مەيدىسىدىكى مېداليوننىڭ ئاستىغىراق يۆتكەلدى ـ دە، كۆزىدە شەھۋەتپەرەسلىك ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ ئوتى يېنىشقا باشلىدى. ئەگەر كىمدىكىم مۇشۇ دەقىقىدە ئىشىكنىڭ يېرىقىغا چاپلىشىپ تۇرغان بۇ بايقۇشنىڭ چىرايىنى كۆرگەن بولسا، ئۇنى چوقۇم قەپەستىكى ئېچىرقاپ كەتكەن يولۋاس دېگەن بولاتتى. ئەمدىلىكتە بۇ يولۋاس بىر بۆرىنىڭ ئاجىز جەرەننى يەۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن خۇددى ئىشىكنىڭ يېرىقىدا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان شامنىڭ يالقۇنىدەك بىر يالقۇن ئېتىلىپ چىقتى.

ئويلىمىغان يەردىن، فوبۇس بىرلا تارتىپ مىسىرلىق قىزنىڭ لېپتىكىنى ئېچىۋەتتى. بىچارە قىزنىڭ يۈزى شامدەك ئاقىرىپ كەتتى. ئۇ خۇددى چۈش كۆرۈۋېتىپ تۇيۇقسىزلا ئويغىنىپ كەتكەندەك، شەھۋانىي نەپسى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىۋەتكەن ئوفىتسېرنىڭ يېنىدىن نېرىراققا ماڭدى. ئېچىلىپ قالغان

بويىنىغا ۋە مۈرىسىگە قاراپ خىجىل بولدى، يۈزى قىزاردى. قوللىرى بىلەن كۆكسىنى توستى، ئالاقزادىلىكتىن نېمە قىلارىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ چىراغ يورۇقىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ، قىمىرلىماي تۇرۇشلىرى ئىزا تارتقان ھەيكەلگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى.

فوبۇسنىڭ بىر تارتىشى بىلەن قىزنىڭ بويىنىدىكى سىرلىق تۇمار كۆرۈنۈپ قالغانىدى.

— بۇ نېمە؟ — دېدى فوبۇس ۋە تېخى ھېلىلا چۆچۈپ قاچقان چىرايلىق قىزغا يېقىن كەلدى.

— تەگكۈچى بولماڭ! — دېدى قىز ئالدىراپ - تېنەپ، — بۇ مەندىكى تىلتۇمار. ناۋادا مەن ئۆزۈمنىڭ ئېپپەت - نومۇسۇمنى پاك ساقلىيالىسام، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قېرىنداشلىرىمنى ئىزدەپ تاپالايمەن. ئاھ، مېنى قويۇۋېتىڭ، فوبۇس جاناب! ئانا، بەختسىز ئانا! سىز نەدە؟ تېز كېلىپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالسىڭىزچۇ؟ رەھىم قىلىڭ، فوبۇس جاناب! لېپىنكىمنى قايتۇرۇپ بېرىڭ!

— ھە! — دېدى فوبۇس كەينىگە داجىپ قوپال تەلەپپۇز بىلەن، — خان قىز! بىلدىم، مېنى سۆيمەيدىكەنسىز - دە!

— مەن سىزنى سۆيمەيمەن! — بىچارە بەختسىز قىز ۋارقىرىغان پېتى كاپىتاننى چىڭ تۇتۇپ، يېنىغا ئولتۇرغۇزدى، — مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، فوبۇس! سىز نېمىشقا مۇشۇنداق گەپنى قىلىسىز؟ نېمىشقا مېنىڭ كۆڭلۈمگە ئازار بېرىسىز؟ كېلىڭ، مېنى ئېلىپ كېتىڭ! ھەممە نېمەم سىزنىڭ بولسۇن! مېنى قانداق قىلغۇڭىز كەلسە، شۇنداق قىلىڭ. مەن سىزگە تەئەللۇق. تىلتۇمار نېمىگە ئەسقاتاتتى؟ ئانام نېمىگە ئەسقاتاتتى؟ سىز مېنىڭ ئانام، چۈنكى مەن سىزنى سۆيىمەن! فوبۇس، مەن چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرىدىغان فوبۇس، ماڭا قاراڭ! بۇ مەن، ماڭا قاراپ بېقىڭ، مەن سىزنىڭ تاشلىۋەتكۈڭىز كەلمەيدىغان ھېلىقى قىز، مەن كەلدىم، سىزنى دەپ كەلدىم.

www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

روھىم، ھاياتىم، جىسمىم، ھەممە نەرسەم سىزنىڭ! تويلىشنى خالىمىسىڭىز توي قىلمايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن قانچىلىك ئادەم ئىدىم؟ مەن دېگەن كوچا ـ كويدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن شور پېشانە قىز. سىزچۇ، فوبۇس، سىز دېگەن مەرتىۋىلىك ئادەم. ئالجىپ قالغان ئوخشايمەن، بىر ئۇسسۇلچى قىزنىڭ بىر ئوفىتسېر بىلەن توي قىلماقچى بولغىنىنى قارىمامدىغان! ساراڭ بوپتىمەن. ياق، فوبۇس! ياق. مەن سىزنىڭ ئاشنىڭىز بولۇشنى، ئويۇنچۇقىڭىز بولۇشنى، كۆڭلىڭىزنى ئالىدىغان ئادىمىڭىز بولۇشنى چىن قەلبىمدىن خالايمەن. پەقەت سىز رازىلىق بەرسىڭىزلا. مەن سىزگە تەئەللۇق قىز بولۇپ قېلىۋېرىمەن. مېنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتىم مۇشۇنچىلىك. پەقەت سىزنى سۆيسەملا، ھاقارەتلەنسەممۇ، كەمسىتىلسەممۇ كارايىتى چاغلىق! يەنىلا ئەڭ مەغرۇر، ئەڭ خۇشال ئايال بولۇپ ياشاۋېرىمەن! بىر كۈنلىرى قېرىسام، چىرايىم سەتلىشىپ كەتسە، سىزنىڭ سۆيۈشىڭىزگە ئەرزىمەيدىغان ھالغا يەتسەم، جاناب، خىزمىتىڭىزدە بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلىڭ. ئۇردېن، لېنتىلىرىڭىزنى باشقىلار كەشتىلىسۇن. مەن مالاي بولۇپ سىزدىن خەۋەر ئالاي. شپورلىرىڭىزنى سۈرتۈپ قويۇشۇمغا، ساۋۇت ـ دۇبۇلغىلىرىڭىزنى يۇيۇشۇمغا، ئۆتۈكىڭىزنى تازىلاشقا ماقۇل دەڭ. شۇنداق قىلالامسىز، فوبۇس! ماڭا مۇشۇنچىلىك ئىچ ئاغرىتالامسىز؟ كېلىڭ، مېنى ئېلىپ كېتىڭ فوبۇس، مەن سىزنىڭ! پەقەت مېنى سۆيسىڭىزلا كۇپايە! بىزدەك بۇخېمىيەلىك قىزلارغا پەقەت ھاۋا بىلەن مۇھەببەت بولسىلا بولىدۇ!

ئەسمېرالدا مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، كاپىتاننىڭ بوينىدىن گىرە سېلىپ قۇچاقلىۋالدى، كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى. كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان چىرايلىق كۆكسى فوبۇسنىڭ سوكنا پەلتوسىغا سۈركەلدى. بەدىنىنىڭ يېرىم يالىڭاچ ئۈستۈن قىسمى

تولغاندى. كاپىتان مەستخۇشلۇق ئىلكىدە ئۆزىنى باسالمىدى. ئوتتەك لەۋلىرى بىلەن بۇ چىرايلىق ئافرىقىلىق قىزنىڭ مۇرىسىگە چوكۇلدىتىپ سۆيدى. قىزنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشتى، بەدىنى كەينىگە ئېگىلدى. قىز ئوتتەك سۆيۈشلەردىن لاغىلداپ تىترىدى.

قىز تۇيۇقسىزلا فوبۇسنىڭ كەينىدە يەنە بىر باشنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كۆكىرىپ كەتكەن، يۈز مۇسكۇللىرى لىپىلداپ تارتىشۋاتقان بىر چىراي ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە ئالۋاستىنىڭ كۆزىدىن چىقىۋاتقاندەك بىر نۇر چاقنايتتى. يان تەرەپتىن خەنجەر تۇتقان بىر قول كۆتۈرۈلدى. بۇ دەل ھېلىقى پوپىنىڭ يۈزى ۋە قولى ئىدى. ئۇ ئىشىكنى بۇزۇپ كىرگەن بولغاچقا، فوبۇس ئۇنى كۆرەلمەيتتى. مىسىرلىق قىز بۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشتىن داڭ قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ مىدىرلىشى، بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، پەقەت كەپتەرنىڭ باچكىسىدەك شارتىتىدە بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالغان قېرى بۈركۈتنىڭ كەپتەر ئۇۋىسىغا مىختەك قادىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى.

مىسىرلىق قىز ئاۋازىنى چىقىرالمىدى. ئۇ خەنجەرنىڭ فوبۇسنىڭ دۈمبىسىگە سانجىلغانلىقىغا كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇشتىن بۆلەك ئامال قىلالمىدى. خەنجەر سۇغۇرۇلغان چاغدا، ئۇنىڭ تىغى قىپقىزىل قان بىلەن بويالغانىدى.

— ئۆلگۈر! — فوبۇس شۇ گەپنى قىلىپلا يىقىلدى.

مىسىرلىق قىز ھوشىدىن كەتتى.

قىز كۆزى يۇمۇلۇپ، ئېسىنى يوقىتىۋاتقان ئارىدا لەۋلىرى ئوتتا كۆيگەندەك بولدى. بۇ ئوتتەك سۆيۈش ئىدى، ئۇ جاللاتنىڭ قولىدىكى ئوتقا تاشلاپ قىزارتقان تۆمۈر قورالدىنمۇ بەكرەك كۆيدۈرەتتى.

قىز ھوشىغا كېلىپ، كېچىلىك چارلاشقا چىققان

www.uyghurkitap.com

ساقچىلارنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئادەملەر قانغا مىلىنىپ ياتقان كاپىتاننى كۆتۈرۈپ چىقتى. پوپىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۆيىنىڭ بىر يېقىدىكى دەرياغا قارايدىغان دېرىزە ئوچۇق ئىدى. ئادەملەر ئۆيدىن بىر پلاشنى تېپىۋالدى ۋە ئۇنى ئوفىتسېرنىڭ نەرسىسى دەپ جەزم قىلدى. بىچارە قىز ئەتراپىدا ئولىشىپ تۇرغانلارنىڭ: «بۇ مىسىرلىق پېرىخون ئايال كاپىتاننى ئۆلتۈرگەن دەل شۇ !» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

# سەككىزىنچى باب

## 1. خازانغا ئايلىنىپ قالغان تەڭگە

گرىنگورى ۋە مىراكىل رايونىدىكى ھەممە ئادەمنىڭ تەشۋىش ئىچىدە قالغىنىغا ساق بىر ئاي بولسىمۇ، ئۇلار ئەسمېرالدانىڭ قانداق ئىشقا دۇچار بولغانلىقىنى بىلمىدى، ئوغلىقىنىڭ تەقدىرىدىنمۇ خەۋەر ئالالمىدى. شۇ ئىش تۇپەيلى مىسىرلىق كىنەز ۋە ئۇنىڭ تىلەمچى دوستلىرىنىڭ كۆڭلىرىمۇ غەم ـ ئەندىشە ئىچىدە ئۆتتى، گرىنگورىنىڭمۇ بېشى قاتتى. مىسىرلىق قىز ئاشۇ كۈنى كەچتە ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەندىن باشلاپ، ئۇنىڭ تېخى تىرىكلىكىگە ئائىت ھېچقانداق دەلىل ـ ئىسپات قولغا چۈشمىدى. بارلىق ئۇرۇنۇشلار بىكارغا كەتتى. بىرنەچچە تىلەمچى گرىنگورىغا بىر كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە ئەسمېرالدانىڭ بىر ئوفىتسېر بىلەن سايىنت مىچېل كۆۋرۈكى ئەتراپىدا بىللە كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى دەپ بەردى. لېكىن، بۇ ئەر ــ گۇمانخور پەيلاسوپ ھەمدە ئايالىنىڭ مەبۇدىلەردەك پاك ـ ديانەتلىك ئىكەنلىكى ئۆزىگە ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ بەكرەك ئايان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن بۇخېمىيەلىكلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە توي قىلغان بولغاچقا، تىلتۇمارنىڭ سېھرىي كۈچى بىلەن مىسىرلىق قىزنىڭ ديانىتى بىرلىشىپ ھەرقانداق ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىنى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن جەزم قىلالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ بۇ خىل پاكلىقنىڭ يەنە بىر كۈچكە بولغان قارشىلىقىنى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل بىلەنمۇ ئىنتايىن دەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھېساپلاپ باققانىدى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئۇ ئەسىردىن ئالدادىن خاتىرجەم ئىدى.

لېكىن، ئەسىر بىلەن بۇ قېتىم ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىشى بىلەن، بەكلا بېشى قاتقان گرىنگورى غەم - ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئۇ ھەممە نەرسىنى ئېسىدىن چىقاردى. چۈنكى، ئۇ ئەدەبىياتقا بەك قىزىقىدىغان ئادەم ئىدى. مۇشۇ سەۋەبلىك، ۋاندىلاند دىسىبىل تەرىپىدىن تىزىلىدىغان ھەرپ بىلەن بېسىلغان ساينت ۋىكتور ھوگەيىسنىڭ «بىلىم ھەققىدە» ناملىق كىتابىنى كۆرگەندىن كېيىن مەتبەئە تېخنىكىسىغا چوقۇنۇپ يۈرگەن، ئۆزىنىڭ «قانۇنىيەتلىك ۋە غەيرىي قانۇنىيەتلىك ئىستىلىستىكا توغرىسىدا» ناملىق كىتابىنى يېزىپ پۈتكۈزگەن، ئەسلىدە قولى پۇل كۆرگەن ھامان بۇ كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇش كويىدا يۈرگەنىدى. ئەمدىلىكتە بۇ ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇدى.

بىر كۈنى ئۇ كۆڭلى پاراكەندە ھالدا تورنىپلىدىكى جىنايى ئىشلار تۈرمىسىدىن ئۆتۈۋېتىپ، سودىيە دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرغان بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ قالدى.

— نېمە ئىش بوپتۇ، — دەپ سورىدى ئۇ چىقىۋاتقان ياش يىگىتتىن.

— مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن، ئەپەندى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — بىر ئايالنى سوراق قىلىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇ بىر ھەربىي ئەمەلدارنى ئۆلتۈرگەنمىش. لېكىن، بۇ بىر غەلىتە دېلو بولغاچقا، ئېپىسكوپ بىلەن دىنىي سودىيەلەرنىڭ ھەممىسى چات كىرىۋاپتۇ. يوساستىكى ياردەمچى ئېپىسكوپ مېنىڭ ئاكام مەخسۇس مۇشۇ خىلدىكى دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئادەم. مەن ئۇنى ئىزدەپ پاراڭلىشاي، پۇل سوراي دەپ كەلسەم ئادەم بەك جىق بولغاچقا، يېقىنىراقمۇ بارالمىدىم. بەكلا ئاچچىقىم كەلدى!

— ئەپەندى، — دېدى گرىنگورى، — مېنىڭ ساڭا تازا پۇل قەرز بېرىپ تۇرغۇم بار ئىدى. بىراق، يانچۇقۇمنىڭ ھەممە يېرى تۆشۈك. بۇ تۆشۈكلەر تەڭگىلەرنى كۆتۈرەلمەي پەيدا بولغان

تۆشۈكلەر ئەمەس دېگىنە.

گرىنگورى ئۇنىڭ ئاكىسىنى تونۇيتتى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنى ياش يىگىتكە دەپ بېرىشكە كۆڭلى ئۇنىمىدى. گرىنگورى ئۇ كىشى بىلەن چېركاۋدا كۆرۈشكەندىن ئېتىبارەن ئۇنى قايتا ئىزدەپ بارمىغان بولغاچقا، بۇ ھۆرمەتسىزلىكنى ئويلىسىلا خىجىلچىلىقتا قالاتتى.

ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ ئىنىسى يولغا راۋان بولدى. گرىنگورىمۇ توپقا ئەگىشىپ پەلەمپەيگە چىققاندىن كېيىن زال تەرەپكە قەدەم ئالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، دېلو بېجىرىش دېگەندەك ئىشلار ئۇنىڭ دەردىگە داۋا بولالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كالۋا سودىيەلەرمۇ ئۆتۈپ كەتكەن نان قېپىلاردىن ئىدى. ئۇ توپنىڭ كەينىدىن قىستاپ يۈرۈپ كارىدورغا كىردى. بۇ يەردىكى كارىدور قەدىمىي بىنالارنىڭ كارىدورىغا ئوخشاش ئەگرى - توقاي ھەم ئۇزۇن، ھەم قاراڭغۇ بولۇپ، ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئىچىدە ئۆمۈچۈك توردەك تەرەپ - تەرەپكە سوزۇلغانىدى. ئۇ مىڭ تەستە زالغا ئۆتىدىغان بىر قاناتلىق پاكار ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىۋالدى. بويى ئېگىز گرىنگورى مۇشۇ يەردە تۇرۇپمۇ ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى كۆرەلەيتتى.

زال كەڭ ھەمدە گۈڭگا بولغاچقا، ناھايىتى يوغاندەك تۇيۇلاتتى. قۇياش غەربكە يانپاشلىغان چاغ ئىدى. ئۇنىڭ ئاجىز ۋە سۇس كەچكى نۇرى ئەگمە شەكىللىك دېرىزىدىن سىرغىپ، ئەگمە تورۇستىكى لىمنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىرىغا بېرىشتىن بۇرۇنلا غايىب بولاتتى. بۇ چوڭ ئەگمە تورۇستا ھەر خىل نەقىشلەر ئويۇلغان بولۇپ، بۇ ئويما نەقىشلەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مىدىرلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شىرە ئۈستىگە شام يېقىلغانىدى. شام يورۇقىدا بىرنەچچە ئادەمنىڭ بېشى پارقىراپ كۆرۈنەتتى. چۈنكى، بۇ باشلار ئالدىدىكى دۆۋە - دۆۋە قەغەزگە ئېڭىشكەنىدى. جامائەت زالنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى خېلى كۆپ يەرنى ئىگىلەپ بولغانىدى. ئۇزۇن تون كىيىۋالغان بەزى ئەرلەر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىككى تەرەپتىكى شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى، سودىيەلەر بىرنەچچە قاتار بولۇپ زالنىڭ يەنە بىر بېشىدىكى سۇپىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ بولغانىدى. ئەڭ كەينىدىكىلەرنىڭ چىرايىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. تەرى تۈرۈلگەن، قاپىقى سىلىنغان بۇ ئادەملەرنىڭ چىرايىدىن ھېچقانداق ھېسسىيات ئىپادىلەنمەيتتى. تاملارغا ماگنولىيە گۈللۈك نەقىش چىقىرىلغان بولۇپ، سودىيەلەرنىڭ بېشى ئۈستىگە ئەيسانىڭ كىرىستتا مىخلانغان رەسىمى قويۇلغانىدى. زالنىڭ ھەممە يېرىدە قولىغا قورال تۇتقان ئەسكەرلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. شامنىڭ نۇرىدا پارقىراۋاتقان نەيزىلەرنىڭ ئۇچىدىن ئۇچقۇن چاچراۋاتقاندەك ئىدى.

— ئەپەندى، — گىرىنگورى يېنىدىكى بىرەيلەندىن سورىدى، — ئاۋۇ ياقتا تىزىلىپ تۇرغانلار نېمە ئادەملەر؟ قارىماققا مىسسىيونېرلار جەمئىيىتىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مىسسىيونېرلاردەك قىلىدۇ!

— ئەپەندى، — ياندىكى كىشى جاۋاب بەردى، — سول تەرەپتىكىسى مەسلىھەتچى ئەمەلدار، ئوڭ تەرەپتىكىسى پارلامېنت ئەزاسى، قارا تون كىيگىنى گۇۋاھلىق بەرگۈچى، قىزىل تون كىيگىنى ئادۋوكات!

— ياندىكى باش ـ كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان قىزىل يۈزلۈك بودەك كىم ئۇزى؟

— مەھكىمە باشلىقى.

— كەينىدە تۇرغان ئوغلاق بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى گىرىنگورى. بىز باشتىلا ئۇنىڭ ئەمەلدارلار بىلەن خۇشى يوقلۇقىنى ئەسكەرتكەن. ئېھتىمال بۇ ئۇنىڭ غوم ساقلاپ يۈرگەنلىكىدىن دېيىلگەن سۆزلەر بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ يازغان تىياتىر ئەدلىيە سارىيىدا مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقانىدى.

— ئۇ پادىشاھلىق سارايدىكى ھۆججەتلەرنى ئوقۇپ چىققۇچى ئەمەلدار.

— ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئاۋۇ قاۋان كىم؟
— ئالىي سوت مەھكىمىسىدىكى پوتوكچى.
— ئوڭ تەرىپىدىكى تىمساھچۇ؟
— فىلىپ لىۆلىر جانابلىرى. شىكايەتنى نازارەت قىلىدىغان پەۋقۇلئاددە ئادۋوكات!
— سول تەرەپتىكى قارا مۇشۇكچۇ؟
— ياكوئىس شارمولۇي جانابلىرى. خان جەمەتى دىنىي سوت مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى. باشقىلىرى دىنىي سودىيەلەر.
— بىراق، ئەپەندى! — دەپ سورىدى گىرىنگورى، — بۇ ئەبلەخلەر بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— دېلو ئۈستىدە سوراق قىلىدۇ.
— كىمنى سوراق قىلىدۇ؟ جاۋابكارنى كۆرمەيمەنغۇ؟
— جاۋابكار بىر ئايال، ئەپەندى. ئۇ بىزگە كەينىنى قىلىپ تۇرىدۇ. باشقىلار سىزنى توسۇۋالغاچقا، ئۇنى كۆرەلمەيۋاتقان ئوخشايسىز. قاراڭ، ئۇ ئاۋۇ تەرەپتىكى ئەسكەرلەر تىزىلىپ تۇرغان يەردە.
— ئىسمى نېمە ئىكەن ئۇ ئايالنىڭ؟ ئىسمىنى بىلەمسىز؟
— بىلمەيمەن، ئەپەندى. مەنمۇ بايىلا كەلگەن. لېكىن، مېنىڭ پەمىمچە جادۇگەرلىك دېلوسىدەك قىلىدۇ. دىنىي سودىيەلەرمۇ سوراققا داخىل بوپتۇ ئەمەسمۇ!
— بولدىلا! — دەۋەتتى بىزنىڭ پەيلاسوپ، — بىز نېمىلا بولسۇن، ئۇزۇن تون كىيىۋالغان بۇ ئەبلەخلەرنىڭ ئادەم گۆشى يېگەنلىكىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالايدىغان بولدۇق. بۇگۈنكى ھىيلە - نەيرەڭمۇ بۇرۇنقىدىكىدىن پەرق قىلمايدۇ!
— ئەپەندى، — دېدى ياندىكى ئادەم گىرىنگورىنىڭ سەمىگە سېلىپ، — سىز ياكوئىس شارمولۇينىڭ چىرايىدىكى مۇلايىملىقنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ھىم ! — دېدى گرىنگورى، — مەن بۇ مايمۇن چىراي بىرنىمىدە مۇلايىملىقنىڭ بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن.

ياندىكىلەر ئۇلارنى جىم تۇرۇشقا ئىما قىلدى. سوت مۇھىم بىر گۇۋاھچىدىن سوئال سوراشقا باشلىغانىدى.

— جانابلار، — زالنىڭ مەركىزىدىن بىر مومايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. كېيگەن كىيىمى - كېچەكلىرى يۈز - كۆزىنى پۈتۈنلەي يېپىۋالغان بولغاچقا، مۇنداقلا قاراشقا ئۇ خۇددى يول ماڭالايدىغان بىر دۆۋە لاتىغا ئوخشايتتى، — جانابلار، بۇ ئىشنىڭ قىلچە يالغان يېرى يوق، مېنى فالوردېل دەپ ئاتىغانلىغا ئوخشاش ھەقىقەت. مېنىڭ سايىنت مىچېل كۆۋرۈكىدە تۇرۇۋاتقىنىمغا قىرىق يىل بولدى. ھەر يىللىق ئۆي ئىجارىسىنى، باج - خىراجنى ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ ياۋاشلىق بىلەن ئۆز ۋاقتىدا تۆلەيمەن. مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى دەريا بويىدىكى ئۆيگە قارايدۇ. ئۇ دەريانىڭ باش ئېقىنىدىكى بوياقچى سودىگەر تاسسىن كائىللارتىننىڭ ئۆيى. ئىلگىرى مەنمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدىم، ئەمدىلىكتە يالغۇز كۈن ئۆتكۈزىدىغان باشپاناھسىز موماي. جانابلار، بۇرۇن بىرى ماڭا: «قاراڭغۇدا چاق ئېگىرىۋەرسەڭ بولمايدۇ. ئالۋاستى قېرى خوتۇنلار ئېگىرگەن يىپنى مۈڭگۈزى بىلەن تاراشقا ئامراق. ئۆتكەن يىلى چېركاۋنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان ھېلىقى ئالۋاستى روھانىي ئەمدىلىكتە كونا شەھەر رايونىدا پەيدا بولۇپ قالدى. فالوردېل، ئۇنىڭ ئىشىك چېكىشىدىن پەخەس بول» دېگەنىدى. بىر كۈنى كەچتە دەل چاق ئېگىرىۋاتسام، راستتىنلا بىرى ئىشىكىمنى چەكتى. كىم دەپ سورىشىمغىلا، ئۇ مېنى تىللاپ كەتتى. ئىشىكنى ئاچتىم. ئىككى ئەر كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى قارا كىيىم كىيىۋالغان، يەنە بىرى كېلىشكەن ياش ئوفىتسېر ئىدى. قارا كىيىم كىيىۋالغان بىرىنىڭ ئۇچىسىدا پالاش، بېشىدا شىلەپە، پەقەت ئىككى كۆزىلا ئوچۇق قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇددى كۆيۈپ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن چوغدەك ۋالىلدايتتى. ئۇلار

مەندىن سايىنت مارتانىڭ ئۆيىنى سورىدى. بۇ بالىخانىدىكى ئەڭ ياخشى ئۆي ئىدى. ئۇلار قولۇمغا بىر تەڭگىنى تۇتقۇزدى. مەن تەڭگىنى تارتمىغا سېلىۋېتىپ، ئەتىسى گۆش دۇكىنىدىن ئازراق گۆش ئېلىشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم، ئاندىن بىز بالىخانىغا چىقتۇق. بالىخانىغا چىقىپ كەينىمگە قارىسام، ھېلىقى قارا كېيىملىك بىرى ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق، كۆرۈنمىدى. قورقىنىمدىن يۈرىكىم چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى. ھېلىقى ئوفىتسېر تۆرەملەردەك تولىمۇ قامىلاشقان يىگىت ئىكەن، مەن بىلەن بىللە بالىخانىدىن چۈشتى ـ دە، چىقىپ كەتتى. ئاللاھازەل يەنە بىردەم يىپ ئېگىرىۋىدىم، ياش ئوفىتسېر چىرايلىق بىر قىزنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى. ناۋادا ئۇ قىزنى ئوبدانراق كىيىندۈرسە، قۇياشنىڭ نۇرىدەك كۆزىنى چاقنىتار ئىكەندۇق. قىزنىڭ يېنىدىكى ئوغلاقنىڭ ئاق ياكى قارىلىقى يادىمدا قالماپتۇ. بۇنىڭدىن سەل ئارىسالدى بولۇپمۇ قالدىم. قىزچاققۇ ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن ھېلىقى ئوغلاقزە ... مېنىڭ مۇنداق ھايۋان بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ نەرسىنىڭ ساقىلى بىلەن مۈڭگۈزى بار ئىدى، سەل ـ پەل ئادەمگە ئوخشايتتى دېسەممۇ بولىدۇ. تەق ـ تۇرقىدىن بىر شۇملۇق چىقىپ تۇرغاندەك بىلىندى. لېكىن، ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. تەڭگىنى ئېلىشنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ، سوتچى ئەپەندى؟ مەن ھېلىقى قىز بىلەن ئوفىتسېرنى بالىخانىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆزۈم قايتىپ چۈشتۈم. ئۇلار ئىككىسى يالغۇز قالدى. ئوغلاقمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قالدى. مەن تۆۋەندىكى ئۆيدە يىپ ئېگىرىپ ئولتۇردۇم. ئۆيۈم ئىككى قەۋەت، ئارقا تېمى دەرياغا ياندىش بولۇپ، كۆۋرۈكتىكى باشقا ئۆيلەر بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئاستى ـ ئۈستىدىكى دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى دەرياغا قارايتتى. نېمە ئۈچۈنكىن، يىپ ئېگىرىۋاتقاندا ھېلىقى ئوغلاق ھەدېسىلا ئالۋاستى روھانىينى ئېسىمگە سېلىپ، مېنى ئوبدانلا ئاۋارە قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقى قىزمۇ سېھىرگەردەك

ياسىنىۋالغانىدى. شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىزلا بالىخانىدا بىرى ۋارقىرىغاندەك قىلدى. ئارقىدىنلا قانداقتۇر بىرنەرسە پولغا يىقىلغاندەك بولدى. يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بالىخانىغا چىقتىم ــ دە، ئۆيگە كىرىپلا بىر قارا كۆلەڭگىنىڭ ئالدىمدىن لىپپىدە ئۆتۈپ دەرياغا ئۆزىنى ئاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنى بىر ئەرۋاھ، پوپنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ئەرۋاھ دېيىشكە بولاتتى. شۇ چاغ ئايدىڭ كېچە بولغاچقا، مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوچۇق كۆردۈم. ھېلىقى قارا سايە كونا شەھەر رايونى تەرەپكە قاراپ ئۈزۈپ كەتتى. مەن قورقىنىمدىن لاغىلداپ تىترەپ، كېچىلىك چارلاشقا چىققانلارنى چاقىردىم. ئۇلار ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، دەسلەپىدە نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. چۈنكى، ئۇلار غىلىقىدە مەست ئىدى. ئۇلار شۇ مەستلىكىدە مېنى پوخادىن چىققۇچە دومبالىدى. مەن ئۇلارغا ئەھۋالنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، بالىخانىغا بىللە چىقتىم. بالىخانىدىكى مەنزىرە ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئىدى. بىچارە ئۆينىڭ ھەممە يېرى غەرق قان، قان ئىچىدە سۇنايلىنىپ ياتقان ئوفىتسېرنىڭ بويىنىغا خەنجەر قادالغانىدى. قىزىمۇ شۇ يەرگە يىقىلغان، ئوغلاقمۇ قورقۇپ كەتكەنىدى. «تۈگەشتىم» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئىككى ھەپتىدىن كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلمىسام پولنى يۇيۇپ بولغىلى بولمايتتى، پاكىزرەك يۇيۇش تېخىمۇ ئاۋارىگەرچىلىك ئىدى ! كەلگەنلەر بىچارە ئوفىتسېرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى ! قىزنىڭ بېلىنىڭ ئۈستى يالىڭاچ. ئەتىسى تېخىمۇ چاتاق بىر ئىش بولدى. مەن گۆش ئېلىپ كېلەي دەپ ھېلىقى تەڭگىنى ئاختۇرۇۋىدىم، ئۇنى قويغان يەردىن قولۇمغا قۇرۇپ قالغان بىر تال يوپۇرماق چىقتى !

مومايىنىڭ ئاغزى بېسىقتى. توپ ئىچىدە ۋەھىمىلىك غۇلغۇلا ئاڭلاندى.

ــ ئاۋۇ ئەرۋاھ بىلەن ئوغلاقنىڭ ئەپتىدىن قارىغاندا، راستتىنلا جادۇگەرلىكنىڭ ئالامەتلىرى باردەك قىلىدۇ، ــ دېدى

گىرىنگورىنىڭ يېنىدىكى بىرەيلەن.

— قوْروْپ قالغان يوپۇرماقنى دېمەمسىلەر، تېخى! — دېدى يەنە بىرى.

— چوقوْم شوْنداق، — دېدى ئوْچىنچى كىشى، — شوْبھىلەنگىلى بولمايدوْ. ئايال پېرىخون بىلەن ئالۋاستى روھاني ئوْزئارا تىل بىرىكتوْروْپ، ھېلىقى ئوفىتسېرنى قەستلىمەككە كېلىشكەن.

بوْ گەپ ـ سوْزلەر ھەتتا گىرىنگورىغىموْ ھەم قورقوْنچلوْق، ھەم ئەينەندەك تۇيۇلدى.

— فالوردېل خانىم، — دېدى مەھكىمە باشلىقى جىددىي تەرزدە، — سىزنىڭ سوتقا بايان قىلىدىغان باشقا گەپلىرىڭىزموْ بارموْ؟

— توْگىدى، جانابلىرى، — دېدى موماي، — لېكىن موْشوْ ئىشتىن كېيىن خەقلەر مېنىڭ ئوْيوْمنى ھەم پاسكىنا، ھەم شەرمەندە قاتارىغا چىقىرىۋەتتى. ماڭا ئوْۋال بولدى. كوْرۇوْكتىكى ئوْيلەر تېشىدىن قارىسا سەت كوْروْنگىنى بىلەن، ئوْ يەردە ئولتوْرىدىغانلار كوْپ، گوْش ئالىدىغانلار موْشوْ يەرگە كېلىشكە ئامراق، ھەممىسى پوْلدار ئادەملەر، ھەممىسى ئوْزىنى توْتوْۋالغان چىرايلىق ئايالىلار بىلەن توي قىلغانلاردىن ئىدى.

دەل شوْ چاغدا گىرىنگورى تىمساھقا ئوخشاتقان ھېلىقى ئەمەلدار ئورنىدىن توْردى.

— تىنچلىنىڭلار! مەن ئەپەندىلەرگە جاۋابكارنىڭ يېنىدىن چىققان شەمشەرگە دىققەت قىلىش تەكلىپىنى بېرىمەن. تەڭگىدىن ئوْزگىرىپ قالغان قوْروْق يوپۇرماقنى ئەكەلدىڭىزموْ؟

— ئەكەلدىم، جانابلىرى، — دېدى موماي، — مانا بوْ يەردە.

جاكارچى قوْروْپ قالغان يوپۇرماقنى تىمساھقا تەڭلىدى. تىمساھ سوْرلوْك ئەلپازدا بېشىنى چايقاپ، ئوْنى مەھكىمە باشلىقىغا سوْندى. مەھكىمە باشلىقى خان جەمەتى دىنىي سوتىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارىغا ئوْزارتتى. قوْروْپ قالغان يوپۇرماق پوْتكوْل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

زالنى ئايلىنىپ چىقتى.

ــ بۇ قىزىل سۇۋادان دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقى، ــ دېدى ياكوئىس شارمولۇي، ــ جادۇگەرلىكنىڭ كۈچلۈك دەلىلى!

باھالىغۇچى سۆز ئالدى:

ــ ناھايىتى ئېنىق. سىز بىلەن بىللە بالىخانىغا چىققان ئىككى ئادەمنىڭ بىرى سىز باشتا كۆرگەن، كېيىن غايىب بولغان، ئاخىرىدا دەرياغا سەكرىگەن ھېلىقى قارا كىيىملىك ئادەم؛ يەنە بىرى ياش ئوفىتسېر، سىزگە تەڭگە بەرگىنى بۇ ئىككىيلەندىن قايسىسى؟

موماي سەل - پەل ئويلىنىۋېلىپ جاۋاب قايتۇردى.

ــ ئوفىتسېر، ــ ئالامان گۇررىدە بولۇپ كەتتى.

ــ ھەي، ــ دەپ قالدى گرىنگورى، ــ چۈشىنىكسىز ئىشقۇ بۇ!

پادىشاھنىڭ پەۋقۇلئاددە ئادۋوكاتى فىلىپنىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

ــ شۇنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي، ئەپەندىلەر. زەخىملەنگەن ئوفىتسېرنىڭ كېسەل كارىۋىتىدا بەرگەن گۇۋاھلىق خاتىرىسى بويىچە ئالغاندا، ئۇنى ھېلىقى قارا كىيىملىك ئادەم ئازدۇرغان. ئۇنىڭ ھېلىقى ئالۋاستى روھانىي بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن، ئۇ كاللىسى قالايمىقان ئادەم، ئۇنىڭ ئۇستىگە دەل مۇشۇ ئەرۋاھ ئوفىتسېرنى جاۋابكار بىلەن كۆرۈشۈشكە قىستىغان. ئوفىتسېرنىڭ دېيىشىچە، يېنىدا پۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېلىقى ئەرۋاھ ئۇنىڭغا بىر تەڭگە بېرىپ تۇرغان. بۇ تەڭگە بايىقى موماي دەرەخنىڭ قۇرۇپ قالغان يوپۇرمىقىغا ئايلىنىپ قالدى دېگەن تەڭگە شۇ. دېمەك، بۇ تەڭگە ئاخىرەتلىك تەڭگە بولۇپ قالغان.

خۇلاسە تۇسىنى ئالغان بۇ نۇتۇق گرىنگورى بىلەن قولىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلاۋاتقانلارنىڭ كۆڭلىدىكى گۇماننى ھەيدەۋاتقاندەك بولدى.

— ئەپەندىلەرنىڭ ئالدىدا دېلو ماتېرىياللىرى تۇرۇپتۇ، — دېدى پادىشاھنىڭ پەۋقۇلئاددە ئادۋوكاتى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىلەر فوبۇس شاتوپېرنىڭ شىكايەتنامىسىنى قاراپ بېقىڭلار!

بۇ ئىسمنى ئاڭلىغان جاۋابكار لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆرە تۇرغان بولغاچقا، گرىنگورى ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى. ئۇ دەل ئەسمىرالدا ئىدى.

ئەسمىرالدا چىرايىدا قان دىدارى يوق، چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالەتتە ئىدى. لېكىن، ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا چېچىنى چىرايلىق ئۆرۈپ، ئالتۇن ياپراقچىلارنى قىستۇرۇپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى لەۋلىرى كۆكىرىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى، ھەي!

— فوبۇس! — دەپ ۋارقىرىدى ئەسمىرالدا ئەقلىدىن ئازغاندەك، — ئۇ نەدە؟ ئاھ، ئادەملەر. ئۆتۈنۈپ قالاي، سىلەر مېنى دارغا ئېسىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىك ئىكەنلىكىنى ماڭا دەپ بېرىڭلار!

— ئاۋازىڭنى ئۆچۈر، — دېدى مەھكىمە باشلىقى، — ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇ تىرىكمۇ؟ ماڭا دەپ بېرىڭلار! — ئۇ قورايدەك بولۇپ قالغان قوللىرىنى مەيدىسىگە جۈپلىدى.

— ئۇ ئۆلەي دەپلا قالدى. خۇش بولغانسەن؟ — دېدى پادىشاھنىڭ پەۋقۇلئاددە ئادۋوكاتى پەرۋاسىزلىق بىلەن.

بىچارە قىز لاسسىدە بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدى. گەپمۇ قىلمىدى، كۆزىدىن ياشمۇ چىقمىدى، چىرايى تاتىرىپ، شام ھەيكەلدەك بولۇپ قالدى.

مەھكىمە باشلىقى ئالدىدا ئولتۇرغان بىرىگە ئېگىلىشتى. سېرىق شلەپە كىيگەن بۇ ئادەم بويىنىغا تۆمۈر زەنجىر ئاسقان، ئۈچىسىدا قارا تون، قولىدا پالاق بار ئىدى.

— جاكارچى، — دېدى مەھكىمە باشلىقى ئۇنىڭغا، — ئىككىنچى جاۋابكارنى ئېلىپ كەل.

ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى ئوچۇق تۇرغان كىچىك ئىشىككە

تاشلاندى. گرىنگورىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. ئۇ تۇياقلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چىرايلىق بىر ئۇغلاقنىڭ مېڭىپ چىققانلىقىنى كۆردى. بۇ نازۇك ھايۋان بوسۇغىدا بىردەم تۇرۇپ بويىنىنى سوزدى، خۇددى ھاڭنىڭ لېۋىدە تۇرۇۋاتقاندەك پايانسىز كۆككە قارىدى. تۇيۇقسىز لا ئىگىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، شىرە بىلەن پۇتۇكچىنىڭ ئۈستىدىن تاقلاپ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قىزنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئاياغلىرى تۇۋىدە تۇگۇلۇپ، ئۇنىڭ بىرەر ئېغىز گېپىنى ياكى ئەركىلىتىپ سىلاپ قويۇشىنى كۇتكەندەك تەلمۇردى. لېكىن، جاۋابكاردىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندەك ئەمەس ئىدى. قىز بىچارە گالىغا قاراپمۇ قويمىدى.

— بۇ دەل ئادەمنى يىرگەندۇرىدىغان ھېلىقى مەخلۇق، — دېدى فالوردېل موماي، — بۇ ئىككىسىنى مەن ئوبدانلا تونۇيمەن!

ياكوئىس شارمولۇي گەپ باشلىدى:

— ئەپەندىلەر، بىز ئەمدى بۇ ئۇغلاقنى سوراق قىلىمىز.

ئىككىنچى جاۋابكار شۇ ئىدى. شۇ چاغدىكى جادۇگەرلىك دېلوسىدا بىرەر ھايۋاننى سوراققا تارتىش ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىدى. 1466 ـ يىلىدىكى گۇبېرناتور مەھكىمىسىنىڭ ھېسابات دەپتىرىدىن كىشىلەر مۇنداق بىر غەلىتە خاتىرىنى كۆرەلەيتتى، يەنى بۇ دەپتەرگە گىللېت سولارت بىلەن ئۇنىڭ چوشقىسىنىڭ سوراق قىلىنغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن كوربىلدا ئۆلۈم جازاسى ئىجرا قىلىنىشقا كەتكەن خىراجەت خاتىرىلەنگەنىدى. ئۇنىڭدا بەزى ئىشلار ئىنتايىن تەپسىلىي يېزىلاتتى. يەنى «مورسانت پىرىستانىدىن بەش يۈز باغلام ئوتۇن ۋە باشقا نەرسىلەر كېلىنىدى؛ بۇلار جاللات بىلەن جازالانغۇچىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دوستانە زىياپىتى ئۈچۈن ئىشلىتىلدى؛ چوشقىنى نەزەربەند قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىجارە ھەققى، ئون كۈنلۈك قاراش ھەققى ۋە يەم ـ خەشەك ھەققى ئېلىنىدى، ھەر كۈنلۈك خىراجەت سەككىز پارىژ دېنىرىس بولدى» دېگەندەك

گەپلەر بار ئىدى. بەزىدە ھەتتا ھايۋانلارنى سوراق قىلغاندىن باشقا ئەھۋاللارمۇ خاتىرىلىنەتتى. ئىمپېراتور چارلېمان بىلەن كۆڭلى ـ كۆكسى كەڭ لۇئى يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ كۇندۇزدىمۇ لاغىلاپ يۇرىدىغان ئەرۋاھلارنى ئېغىر جازالاڭلار، دەپ بۇيرۇق چۇشۇرگەنىدى.

شۇ ئەسنادا ئوردىدىكى دىنىي سوتنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى ۋارقىراپ قالدى:

ــ بىز شۇنداق ئاگاھلاندۇرىمىزكى، بۇ ئوغلاقنى يېتىلەپ يۇرگەن ئالۋاستى، جىن ـ شەيتانلارنى ئۇجۇقتۇرۇش تەدبىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغان جادۇگەر داۋاملىق سېھىر قىلىپ جامائەتنى قايمۇقتۇرسا، جىنايى قىلمىشىدا چىڭ تۇرۇپ سوت بىلەن قارشىلاشسا، بىز ئوتتا كۆيدۇرۇش ياكى دارغا ئېسىش جازاسى بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

گرىنگورىنىڭ باش ـ كۆزىدىن پۇرقىراپ سوغۇق تەر قۇيۇلدى. شارمولۇي شىرەدىن مىسىرلىق قىزنىڭ دۇمبىقىنى ئېلىپ، ئېگىز كۆتۇردى ـ دە، ئوغلاقنىڭ ئالدىغا ئۆتتى.

ــ ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

ئوغلاق زېرەك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىۋېلىپ، پۇتىنى كۆتۇردى ۋە دۇمباقنى يەتتە قېتىم تەپتى. سائەت دەل يەتتە بولغان ۋاقىت ئىدى. ئالامان ساراسىمىگە چۇشتى.

گرىنگورى چىداپ تۇرالمىدى.

ــ ئۆزىنى تۇگەشتۇرىدىغان بولدى! ــ دېدى ئۇ ۋارقىراپ، ــ سىلەر كۆرۇپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى زادى بىلمەيدۇغۇ!

ــ ئارقىدا تۇرغان شەھەر پۇقرالىرى پاراڭ قىلماڭلار! ــ دەپ ۋارقىرىدى جاكارچى.

شارمولۇي دۇمباقتىن پايدىلىنىپ، ئوخشاش ئۇسۇلنى قوللىنىپ، ئوغلاقتا بۇگۇننىڭ قايسى يىلنىڭ قايسى ئاي نەچچىنچى كۇنى ئىكەنلىكىنى تاپتۇرۇش قاتارلىق خىلى كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئويۇننى ئويناتقۇزدى. مۇنداق ئويۇننى ئوقۇرمەنلەر بۇرۇنمۇ تولا كۆرۈپ ئادەتلىنىپ قالغانىدى. لېكىن، سوتتا ئوينالغان بۇ ئويۇنلار ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويدى. كىشىلەر گاللىنىڭ كوچا ـ كويدا مۇنداق ئويۇننى كۆپ مەرتىۋە ئويناپ بەرگەنلىكىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ ھېچقانداق زىيىنى يوق دېگەن قاراشقا كەلگەنىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئەگمە تورۇسى ئاستىدا قايتىدىن كۆرگەندە دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار بۇ ئوغلاق چوقۇم ئالۋاستى، دەپ ئويلىدى.

تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، ئوردىدىكى دىنىي سوتنىڭ تەپتىشى خۇرۇمدىن تىكىلگەن چاقان بىر قاپچۇقنى چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تىزغىلى بولىدىغان ھەرپلەرنى شىرەگە تۆككەندە، قاراپ تۇرغان ئادەملەر ئوغلاقنىڭ بۇ ھەرپلەرنى تۇيىقى بىلەن ئۇيان ـ بۇيان يۆتكەپ، جىنىدىن ئايرىلغان «فوبۇس» دېگەن ئىسىمنى تىزىپ چىققانلىقىنى كۆردى. ئادەملەر بۇنىڭ كاپىتانغا ئوقۇلغان ئەپسۇن ئىكەنلىكىگە، ئۇنى قۇربانلىق قىلىۋېتىشنىڭ پولاتتەك پاكىتى ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەندى. كۆپچىلىكنىڭ نەزىرىدە، بۇ سەرگەردان قىز، ئىلگىرىكى تەڭداشسىز ساھىبجامال، ئەقىلنى لال قىلىدىغان ئۇسسۇلچى قىز بىكاردىن ـ بىكارغىلا ياۋۇز ئايال پېرىخون بولۇپ چىقتى.

ئەسمېرالدا داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. گاللى ئورۇنلىغان ئويۇنلارمۇ، تەپتىشنىڭ ھەيۋىسىمۇ، ئادەملەرنىڭ پەس ئاۋازدا تىللاشلىرىمۇ ئۇنىڭغا كار قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

بىر ئەسكەر قىزنى ئېسىگە كەلتۈرمەكچى بولغاندەك، ئۇنى كۈچىنىڭ بارىچە سىلكىدى، پارلامېنت باشلىقى گېپىنى قىرىپ قويۇپ سۈرلۈك ئاۋازدا:

— قىزچاق، سەن بوخېمىيەلىك، مەخسۇس جادۇگەرلىك بىلەن مەشغۇل بولىسەن. سەن مۇشۇ دېلو بىلەن چېتىشلىقى بار ئوغلاق بىلەن بىللە 3 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كەچتە قاراڭغۇ زۇلمەتتىكى دىۋە ـ پەرىلەر بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ،

ئادەم ئازدۇرۇش ۋە جادۇ قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق گۋاردىيە ئوفىتسېرلار ئەترىتىنىڭ كاپىتانى فوبۇس شاتوپېرگە قەست قىلدىڭ ۋە ئۇنى ئۆلتۈردۈڭ. ئىقرار قىلامسەن؟

— ئاھ، خۇدا! — قىز قولى بىلەن يۈزىنى تۇتتى، — فوبۇس! جەھەننەمنى كۆرۈۋاتامدىمەن، فوبۇس!

— ئىقرار قىلامسەن؟ — دېدى مەھكىمە باشلىقى تەلەتىدىن مۇز ياغدۇرۇپ.

— ئەلۋەتتە ئىقرار قىلمايمەن! — دېدى قىز قورقۇنچلۇق ئاۋازدا. ئاندىن چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇدۇل قاراپ ئورنىدىن تۇردى.

مەھكىمە باشلىقى گەپنى ئەگىتمەي كەسكىن هالدا:

— ئۇنداقتا ئۇستۇڭدىن قىلىنغان بۇ شىكايەتنىڭ پاكىتنى قانداق چۈشەندۇرىسەن؟ — دېدى.

قىز كەسكىن تەلەپپۇزدا جاۋاب قايتۇردى:

— مەن ئاللىقاچان دەپ بولغان، بىلمەيمەن، بۇ بىر پوپنىڭ قىلغان ئىشى. مەن تونۇمايدىغان، مېنىڭ پېيىمگە چۈشكەن رەزىل بىر پوپنىڭ ئىشى!

— دۇرۇس، — دېدى سوتچى، — ھېلىقى ئالۋاستى روھانىي.

— ئاھ، جانابلار! سىلەردىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مەن بىر بىچارە قىز ...

— مىسىرلىق قىز، — دېدى سوتچى.

— جاۋابكارنىڭ بىچارىلەرچە جاھىللىقىغا ئاساسەن، — دېدى ياكوئىس شارمولۇي مۇلايىم تەلەپپۇزدا، — ئۇنى قىيىن - قىستاقتا ئېلىشنى تەلەپ قىلىمەن.

— قوشۇلىمەن! — دېدى مەھكىمە باشلىقى.

شور پېشانە قىز تىترەپ كەتتى. لېكىن، يەنىلا ئەسكەرلەرنىڭ جېمىلەشلىرىگە بويسۇنۇپ ئورنىدىن تۇردى. ياكوئىس شارمولۇي دىنىي سوتتىكى بىرنەچچە نەپەر پوپ بىلەن ئالدىدا ماڭدى. قوللىرىغا يالمان ئالغان ئىككى قاتار ساقچى شور پېشانە قىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىغا ئېلىپ، گۇرسۇلدەپ چىقىدىغان قەدەملىرى بىلەن يان ئىشىككە قايرىلدى. يان ئىشىك گۇلدۇرلەپ ئاۋاز چىقىرىپ ئېچىلدى. قىزنىڭ كىرىپ بولۇشى بىلەن تەڭ، بايىقىدەكلا گۇلدۇرلەپ يېپىلدى. يۈرىكى زېدە بولۇپ كەتكەن گىرىنگورىغا ئۇنى خۇددى يوغان ئېچىلغان قانلىق بىر ئېغىز دەم تارتىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.

قىز ھېلىقى يان ئىشىكتە كۆزدىن غايىب بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، كىشىلەر ئوغلاقنىڭ ئېچىنىشلىق مەرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئوغلاق ئەلۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىگىسى ئۈچۈن ياش تۆككەندى.

سوت ۋاقتىنچە توختىدى. باھالىغۇچى ئەمەلدار: «ھەممەيلەن چارچىدى، ئۆلۈم جازاسىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يەنە خېلى ۋاقىت بار» دېيىشتى، مەھكىمە باشلىقى: «ئەمەلدار دېگەن ۋەزىپىسىگە سادىق بولۇشى كېرەك، شەخسنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربان قىلالايدىغان بولۇش لازىم» دەپ، ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى.

— لەنىتى بۇزۇق، — دېدى ياشىنىپ قالغان بىر سوتچى، — ئۇنىڭ ئادەم كەچلىك تامىقىنى يەيدىغان چاغدا جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى قارىمامدىغان!

## 2. خازانغا ئايلانغان تەڭگىنىڭ داۋامى

كارىدور سىياھدەك قاراڭغۇ، كۇندۇزدىمۇ چىراغ ياقمىسا بولمايدىغاندەك ئىدى. ئەسىرلەردىلا يەنىلا قورال تۇتقان ئەسكەرلەرنىڭ قورشاۋىدا بىردەم يۇقىرىغا، بىردەم پەسكە مېڭىپ، نۇرغۇن پەلەمپەينى ئارقىدا قالدۇردى. ئاخىرىدا ئەدلىيە سارىيىنىڭ زالىدىكى ساقچىلار ئۇنى ۋەھىمە پۇراپ تۇرىدىغان قورقۇنچلۇق بىر ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋەتتى. بۇ يۇمىلاق

ئۆينىڭ ئورنى ئېگىز مۇنارنىڭ تۆۋەن قەۋىتىگە توغرا كېلەتتى. يېقىندىن كۆللىنىۋاتقان پارىژدا بۈگۈنكى كۈندە سان ـ ساناقسىز زامانىۋى بىنالار قەد كۆتۈردى. مۇنداق بىنالار كونا پارىژنى ئاساسەن توسۇۋالدى. لېكىن، بۇ ئېگىز مۇنار زامانىۋى بىنالارنىڭ قاتارىدا بۇرۇنقىدەك چوقچىيىپ تۇرىۋەردى. گۆرگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى يوق، ئىشىكتىن بۆلەك كىرىپ ـ چىقىدىغان ئېغىزمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا ھەم پەس، ھەم ئېغىر تۆمۈر ئىشىك ئورنىتىلغانىدى. لېكىن، ئۆينىڭ ئىچى يورۇق ئىدى. تام مەشتە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە قىپقىزىل قىلىۋەتكەنىدى. بۇلۇڭدىكى شامنىڭ يورۇقى ئۇنچە ئەمەس ئىدى. تام مەشنىڭ تۆمۈر قاپقىقى ئوچۇق بولغاچقا، مەشنىڭ قىزىرىپ كەتكەن ئاغزىدىن ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆمۈر شالانى كۆرۈشكە بولاتتى. تۆمۈر شالا ھەم ئۇچلۇق، ھەم شالاڭ، قارىداپ كەتكەن چىشقا ئوخشايتتى. تام مەش رىۋايەت ـ ئەپسانىلەردىكى ئاغزىدىن ئوت پۈركۈيدىغان ئەجدىھانى ئەسلىتەتتى. ئەسمېرالدا ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۆينىڭ قورقۇنچلۇق قورال ـ سايمانلار بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. لېكىن، ئۇ بۇلارنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر پارچە خۇرۇم سېلىنچا ئۆينىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ــ يەرنىڭ ئۈستىگىلا قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خۇرۇم تاسمىغا ئۆتكۈزۈلگەن تۆمۈر ئىلمەك ئېسىلغانىدى. خۇرۇم تاسما تۇچ ھالقا ئارقىلىق تورۇستىن پەسكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. تۇچ ھالقا ئەگمە تورۇسنىڭ ئۈستىدىكى غەلىتە بىر مەخلۇقنىڭ ئاغزىغا چىشلىتىكلىك ئىدى. تۆمۈر زىخ، تۆمۈر ئامبۇر، تۆمۈر سوقا دېگەندەك نەرسىلەر مەشتە قىزدۇرۇلماقتا ئىدى.

مەشتىن ئېتىلىپ چىققان قاندەك قىزىل بۇ نۇر ئۆيدىكى قورقۇنچلۇق نەرسىلەرگە چۈشۈپ كىشىنى شۈركۈندۈرەتتى.

ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئۆي قىيناپ سوراق قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئۆي ئىدى. جازا ئىجرا قىلغۇچى پېررات تورتېرو كارىۋاتتا ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئولتۇراتتى. يېنىدىكى ئىككى نەپەر پاكار، دوغىلاق ياردەمچى خورۇم پەرتۇق، كاناپتىن تىكىلگەن كالتە ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ، بەئەينى چاسا يۇزلۇك جىنىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلار ئوتتا قىزدۇرۇلۇۋاتقان تۆمۈر سايمانلارنى ئۇيان - بۇيان ئۆرۈش بىلەن بەند ئىدى.

بەختسىز قىز ئۆزىگە مەدەت بېرىش ئۈچۈن كۈچەپ باقتى، لېكىن بولمىدى. مۇشۇ ئۆيگە قەدەم ئېلىش بىلەنلا ۋەھىمە ئىچىدە قالغانىدى.

ئەدلىيە سارىيىدىكى چاپارمەنلەر بىر تەرەپتە، دىنىي سوتتىكى پوپلار يەنە بىر تەرەپتە تۇردى. پۇتۇكچى قەغەز - قەلەم، سىياھ قاچىلانغان دۇۋەتنى ئېلىپ، ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ياكوئىس شارمولۇي مىسىرلىق قىزنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سۆيۈملۈك بالام، — دېدى ئۇ مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ، — يەنىلا ئىقرار قىلماسلىقتا چىڭ تۇرامسەن؟

— شۇنداق، — دېدى قىز بوش ئاۋازدا.

— ئۇنداقتا مەيلى، — دېدى ياكوئىس شارمولۇي، — بىزنىڭمۇ سىنى بەك قىيناپ سوراق قىلغۇمىز يوق. ئۇنداق قىلساق كۆڭلىمىز يېرىم بولىدۇ. كارىۋاتقا بېرىپ ئولتۇر. پېررات، خان قىزغا ئورۇن بوشىتىپ بار. ئىشىكنى تاقا.

پېررات دومسىيىپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— ئىشىكنى تاقاڭلار، ئوتنى ئۆچۈرۈڭلار !

— مەيلى، سۆيۈملۈكۈم، — دېدى شارمولۇي، — ئىشىك ئوچۇق تۇرسۇن.

ئەسمېرالدا تۇرغان جايىدىن مىدىرلىمىدى. نى - نى ئادەملەرنى قاڭغىر قاقشاتقان خورۇم كارىۋات ئۇنى بەكلا قورقۇنچقا سېلىپ قويۇۋاتاتتى. شۇ تاپتا، قورقۇنچتىن ئىچ - ئىچىدىن تىترەپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ نېمە قىلارىنى

بىلەلمەي جايىدا تۇرىۋەردى. ئىككى نەپەر ياردەمچى ياكوئىس شارمولۇينىڭ قول ئىشارىتى بويىچە ئۇنى تارتىپ كېلىپ كارىۋاتقا يېقىن ئەكەلدى، لېكىن قول تەگكۈزمىدى. ناۋادا ئۇلار ھەرىكەتكە كېلىپ ئەسمېرالدانىڭ بەدىنى خۇرۇم كارىۋاتقا تېگىدىغانلا بولسا، بەدىنىدىكى قان يۇرىكىگە قاراپ قويۇلىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۆينىڭ ئىچىگە بىرقۇر سەپسالدى - دە، بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق جازا قوراللىرى تەرەپتىن ئۆزىگە ئېتىلىپ كېلىۋاتقاندەك بولدى، ئۇنى چىشلەۋاتقاندەك، قىسىۋاتقاندەك، سانجىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، بۇ جازا قوراللىرى ئۇنىڭغا ئۇچار قۇش ۋە ھاشاراتلار ئىچىدىكى شەپەرەڭ، سەكسەنپۇت، ئۆمۈچۈكتەك بىلىندى.

— دوختۇر قېنى؟ — دەپ سورىدى ياكوئىس شارمولۇي.

— بۇ يەردە، — دېدى قارا تون كىيگەن بىرى. ياكوئىس شارمولۇي ئەسمېرالدا بۇ يەردە يەنە بىر ئادەمنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلمىغانىدى.

ئەسمېرالدا لاغىلداپ كەتتى.

— بالام، — دېدى دىنىي سوتنىڭ تەپتىشى بىرىنى ئەركىلىتىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا، — سەندىن يەنە بىر قېتىم سوراپ باقاي، سائا ئارتىلغان جىنايەتكە ئىقرار قىلماسلىقتا يەنە چىڭ تۇرامسەن؟

بۇ نۆۋەت ئەسمېرالدا بېشىنى لىڭشىتىپلا جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدا سۆزلىگۇدەك مادار قالمىغانىدى.

— گېپىڭدىن يانمايسەن؟ — دېدى شارمولۇي، — ئۇمىدىمنى يوققا چىقاردىڭ. ئەمدى مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلمىسام بولمىغۇدەك!

— تەپتىش ئەپەندى، — دەپ سورىدى پىررات قوپال ئاۋازدا، — ئالدى بىلەن قايسى قورالنى ئىشلىتىمىز؟

ياكوئىس شارمولۇي ئىككىلىنىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، خۇددى شېئىرنىڭ رىتىمىنى ئويلىنىپ بېشى قاتقان

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

شائىرلاردەك چىرايىنى پۈرۈشتۈردى.

— ئالدى بىلەن تۆمۈر ئۆتۆكنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئاخىر.

بۇ بەختسىز قىز دەل مۇشۇ دەقىقىدە ئۆزىنى خۇدانىڭمۇ، بەندىنىڭمۇ ئۇزۇل - كېسىل تاشلىۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بېشى خۇددى تىرەكسىز قالغان ئېغىر نەرسىدەك شىلىققىدە مەيدىسىگىچە چۈشتى.

جازا ئىجرا قىلغۇچى بىلەن دوختۇر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككى ياردەمچى ھېلىقى قورقۇنچلۇق قورال - سايمانلارنىڭ ئىچىدىن بىرنىمىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

ۋەھىمىلىك جازا قوراللىرىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ تۇرغان ئەسمېرالدا خۇددى تۈك سوقۇۋەتكەن قۇشقاچتەك لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

«ئاھ، — دېدى ئەسمېرالدا ئۆز - ئۆزىگە، ئاۋازى تولىمۇ زەئىپ بولغاچقا، ئۇنىڭ نىمە دەۋاتقىنىنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى، — ئاھ، فوبۇس!» ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، خۇددى مەرمەر تاشتەك مىدىر - سىدىر قىلمىدى. ئاۋازمۇ چىقارمىدى. مۇنداق ئېچىنىشلىق مەنزىرە ئالدىدا، تاش يۈرەك سودىيەلەردىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن بولاتتى. ئۇ شۇ تاپتا خۇددى جەھەننەمنىڭ شەلپەر رەڭلىك تۆمۈر رىشاتكىلىرى ئىچىدە شەيتان تەرەپتىن سوراقتا تارتىلىۋاتقان گۇناھكار روھ ئىدى. مۇشۇنداق بىر جازىبىدار، مۇلايىم، نازاكەتلىك قىز ئامبۇر، چاقپەلەك، چىغرىق قاتارلىق قورقۇنچلۇق جازا قوراللىرىنىڭ قىيىنىشى بىلەن، جازا ئىجرا قىلغۇچى ۋە ئامبۇرنىڭ قولىغا چۈشۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئەدلىيەنىڭ دەھشەتلىك جازا — تۈگمەنگە ئېزىپ ئۇن قىلىۋېتىش ئۈچۈن يوللاپ بېرىۋاتقىنى ئىنتايىن بىچارە ھالەتتىكى دان ئىدى!

پىررات تورتېرۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسى ئاردەك كۆرۈمسىز قوللىرى بىلەن قىزنىڭ كەشىنى سالدۇرۇۋەتتى، پايپىقىنىمۇ

يېشىۋەتتى. ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك چىرايلىق پۇتى ئۇچۇق قالدى. بۇ شۇنداق نازۇك، شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق چاققان پۇت ئىدىكى، ئۇ پارىژ كوچىلىرىدا تالاي ـ تالاي ئادەمنى مەپتۇن قىلغانىدى.

ئەپسۇس ! بۇ چىرايلىق پۇتقا كۆزى چۈشكەن جازا ئىجرا قىلغۇچى ئىختىيارسىز ھالدا خورسىنىپ، ئىچىنى تىڭشاپ قالدى. ناۋادا ياردەمچى ئېپىسكوپ نەق مەيداندا بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم بىلەن ئۆمۈچۈكنى سېلىشتۇرغان ھېلىقى سۆزلىرىنى چوقۇم يادىغا ئالغان بولاتتى. بەختسىز قىز ھايال ئۆتمەيلا كۆز ئالدىدىكى مانانىڭ ئىچىدىن تۆمۈر ئۆتۈكنىڭ ئۆزىگە شىپقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئىككى پۇتىنىڭ ھەش ـ پەش دېگۈچە بۇ تۆمۈر سايمانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدى. بۇ چاغدا قورقۇنچلۇق ۋەھىمە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزدى.

ــــ ئۆتۈنۈپ قالاي ! ــــ قىز ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى، ئاندىن شارتتىدە ئورنىدىن تۇردى، ــــ بۇ نەرسەڭلارنى نېرى ئاپىرىڭلار !

ئۇ كارىۋاتتىن چۈشمەكچى، تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرماقچى بولدى. لېكىن، ئىككى پۇتى قېيىن ياغىچىنىڭ تۆمۈر بىلەن قاپلانغان تاختىيى ئارىسىدا قىسىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، تۆمۈر ئۆتۈكنىڭ ئۈستىگە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ تاپتا قانىتى سۇنغان قوغۇشۇن ئېسىپ قويغان ھەسەل ھەرىسىدەك ماجالسىز كەتكەنىدى.

شارمولۇي ئادەملىرىگە ئۇنى كارىۋاتقا ياتقۇزۇشقا ئىشارەت قىلدى. قوپال ئىككى قول تورۇستىن ساڭگىلاپ چۈشكەن تاسمىنى تارتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەۋرىشىم بېلىگە باغلىدى.

ــــ ئاخىرقى قېتىم سوراپ باقاي، ــــ دېدى شارمولۇي مېھىر ـ شەپقەتلىك قىياپەتتە، ــــ جىنايىتىڭنى تونۇمسەن؟

ــــ مەن گۇناھسىز !

ــــ ئۇنداقتا خان قىز، ساڭا بولغان ئەيىبلەشنى دەۋاگەرنىڭ گۇۋاھچىسىغا قانداق چۈشەندۈرىسەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقىتىش ئادرېسى

— بۇنى بىلمەيمەن، جانابلىرى.
— ئۇنداقتا، ئىقرار قىلمامسەن؟
— ياق!
— قىيناڭلار! — دېدى شارمولۇي پەرراتقا.
پەررات بۇرما مىخنى تولغىدى. تۇمۇر ئۆتۈك بارغانسېرى قىسىلدى. بىچارە قىز ئېچىنىشلىق ئاۋازدا چىرقىراپ تاشلىدى.
— توختاڭلار! — دېدى شارمولۇي پەرراتقا قاراپ.
— ئىقرار قىلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مىسىرلىق قىزدىن.
— ئىقرار قىلاي! — دېدى بىچارە قىز، — ھەممىنى ئىقرار قىلاي! رەھىم قىلىڭلار كەلسۇن!
قىز مۇنداق ئېغىر قىيناق ئازابىدا جاسارىتىنى پۈتۈنلەي يوقاتقانىدى. ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق خۇشال، شۇنداق ئوچۇق-يورۇق، شۇنداق تاتلىق تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆگەنگەن شور پېشانە قىز بىرلا دەھشەتلىك جازا بىلەن تەڭ ئۇزۇل-كېسىل تۈگەشكەنىدى.
— ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن شۇنى دەپ قوياي، — دېدى پادىشاھلىق ئوردىدىكى دىنىي سوتنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى، — ئىقرار قىلغانىكەنسەن، ساڭا ئەمدى ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق.
— ئۆلۈشكە رازىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى قىز. ئاندىن بېلىگە باغلاقلىق تاسما بىلەنمۇ كارى بولماي خورۇم كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە ئۆلۈكتەكلا تۈگۈلۈپ قالدى.
— چىرايلىق قىز، بۇ يەرگە كەل، يەنە ئازراق غەيرەت قىل، — دېدى پەررات ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ، — چىرايىڭ بۇرگۇندىلىك ئەپەندىلەر بويىنىغا ئېسىپ يۈرىدىغان بىرونزا پاقالاندەكلا بولۇپ قاپتۇ.
— پۈتۈكچى، — دېدى شارمولۇي ئۈنلۈك ئاۋازدا، — خاتىرەڭنى ياز. مىسىرلىق قىز، سەن ئالۋاستى، ئاپال پېرىخون، جادۇگەر خوتۇنلار بىلەن بىللە دوزاختىكى زىياپەتكە، شەببات

يىغىلىشىغا ۋە جىمىكى سىپھرگەرلىككە قاتناشتىڭمۇ؟ جاۋاب بەر !

— شۇنداق، — دېدى قىز. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكلا بوش ئىدى.

— سەن بىلىنزىبوبىنى كۆرگەنلىكىڭنى، ئۇنىڭ شەببات جەمئىيىتىدىكىلەرنى يىغىش ئۈچۈن بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە قوچقارغا ئايلانغانلىقىنى، پەقەت ئايال پىرىخونلار كۆرەلەيدىغان قوچقارغا ئايلانغانلىقىنى ئىقرار قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— سەن چىركاۋ چەۋەندازلىرى پولكىدىكى چەۋەندازلارغا ئوخشاش لەنىتى فامىلىيارنىڭ باش سۆرىتىگە چوقۇنغانلىقىڭنى ئىقرار قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— سەن ئالۋاستى بىلەن ئاپاق - چاپاق بولغانلىقىڭنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا دېلوغا چېتىشلىق ئوغلاق بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولغانلىقىڭنى ئىقرار قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئاخىرقى سوئال، سەن 3 - ئاينىڭ 29 - كۈنى كەچتە، ئالۋاستى روھانىي دەپ ئاتىلىدىغان ئەرۋاھنىڭ ياردىمى بىلەن فوبۇس شاتوپېر ئىسىملىك كاپىتاننى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ۋە بۇنىڭغا توۋا قىلىدىغانلىقىڭنى ئىقرار قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟

قىز ئېپادىسىز يوغان كۆزلىرىنى ئالدىدىكى سوراقچىغا تىكتى - دە، تىترىمەي ياكى ئالاقزادە بولماي، بەئەينى ماشىنا ئادەمدەك:

– شۇنداق ! — دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ روھى پۈتۈنلەي گۇمران بولغانىدى.

— خاتىرىلە، پۈتۈكچى، — دېدى شارمولۇي، ئاندىن جازا ئىجرا قىلغۇچىغا بۇيرۇدى، — مەھبۇسنى يېشىپ، زالغا ئېلىپ چىق !

جاۋابكارنىڭ پۇت ـ قولىنى بوشاتقاندىن كېيىن، پادىشاھلىق ئوردىدىكى دىنىي سوتنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ تېخىچە ئاغرىۋاتقان پۇتىغا قاراپ قويىدى ۋە:

— ھېلىمۇ ياخشى، ھېچقانچە ئىش بولماپتۇ. باياتىن دەل ۋاقتىدا توۋلاپ سالپتىكەنسەن، چىرايلىقىم. ئۇسسۇل ئويۇنىسالڭ بولىۋېرگۈدەك، — دېدى. ئاندىن ئۇ سوتخانىدىكى ھەمراھلىرى تەرەپكە بۇرۇلۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — راستىنلا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى. ئادالەت نىملا دېگەنبىلەن يېڭىپ چىقتى. بەك ئوبدان بولدى. ئەپەندىلەر ! بۇ خان قىزمۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يەڭگىل جازا قوللانغىنىمىزغا گۇۋاھچى بولدى.

## 3. خازانغا ئايلانغان تەڭگىنىڭ ئاخىرى

ئەسىرالدا ئاقساپ، دەلدۇگۇنۇپ، چىرايىدا قان دىدارى قالمىغان ھالدا، زالدىكى كىشىلەر توپى ئىچىگە كەلگەندە ئۇنى خۇشال پىچىرلاشلار قارشى ئالدى. ئادەملەر ئۇنىڭغا خۇددى تىياتىرخانىدىكى پەردە ئارىلىقىدىكى قىستۇرما كۆي تۈگەپ، پەردە قايتا ئېچىلىپ، ئاخىرقى بىر پەردە ئويۇن باشلاندى دېگەن سۆزگە تەقەززا بولغان چاغدىكىدەك سەۋرسىزلىك ئىچىدىكى رازىمەنلىك بىلەن قاراپ قويىدى. سودىيەلەرنىڭمۇ كۆڭلى تىنغانىدى. ئۇلار ئەمدى سوتخانىدىن چىقىپ، كەچلىك تاماق ئۈچۈن ئۆيىگە قايتسا بولىۋېرەتتى. ئوغلاقمۇ خۇشاللىقىدىن تىپىرلاپ كەتتى. ئىگىسىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بارغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئورۇندۇققا باغلاپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن قىمىرلىيالمىدى.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى. زالدىكى شام بۇرۇنقىدىن كۆپەيمىگەن بولغاچقا، خىرە ـ شىرە يورۇقتا زالنىڭ تاملىرىمۇ ئوچۇق كۆرۈنمەيتتى. قاراڭغۇلۇق ھەممە نەرسىنى ئۆز قوينىغا ئالغان، ئادەملەر پەقەت سودىيەلەرنىڭ غۇۋا چىرايىنىلا پەرق ئېتەلەيتتى. ئۇلارنىڭ قارشىسىدا، يەنى زالنىڭ يەنە بىر چېتىدىكى قاراڭغۇلۇقتا گۇڭگا بىر سايە مىدىرلىغاندەك قىلاتتى. ئۇ جاۋابكار ئىدى.

ئەسمېرالدا ئۇياق ـ بۇياققا سەنتۈرۈلۈپ، بەدىنىنى ئاران ـ ئاران سۆرەپ كېلىپ، ئورنىغا لوككىدە ئولتۇرۇپ قالدى. تەلەتىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان شارمولۇي ئورنىغا ئولتۇرۇپ بولۇپ، يەنە ئۆرە بولدى، مۇۋەپپەقىيەتتىن تاپقان خۇشاللىقىنى تەستە بېسىپ:

— جاۋابكار گۇناھىنى بويىنىغا ئالدى، — دېدى.

— بوخېمىيەلىك قىز، — دېدى مەھكىمە باشلىقى، — سەن جادۇگەرلىك جىنايىتىڭنىڭ ھەممىسىنى، يەنى جادۇگەرلىك قىلىپ سۇيىقەست ئويۇشتۇرغانلىقىڭنى، ئىپپەت ـ نومۇسۇڭنى ساتقانلىقىڭنى، فوبۇس شاتوپېر كاپىتاننى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ئىقرار قىلدىڭمۇ؟

ئەسمېرالدانىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ كەتتى. ئادەملەر ئۇنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭدا تۇرۇپ ئېسەدەپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇردى.

— سىلەر مېنى نېمىنى ئىقرار قىل دېسەڭلار ھەممىنى ئىقرار قىلدىم، ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى تېزرەك ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ زەئىپ ئاۋازدا.

— پادىشاھلىق ئوردا دىنىي سوت كوللېگىيەسىدىكى تەپتىش ئەپەندى، — دېدى مەھكىمە باشلىقى، — ئالىي سوت سىزنىڭ سوراق دوكلاتىڭىزنى كۈتىدۇ.

شارمولۇي قېلىن خاتىرە دەپتەرنى ئاچتى. خۇشاللىقىدىن

لاتىن تىلىدا تەييارلانغان نۇتۇقنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى. نۇتۇقتىكى دەلىل ـ ئىسپات مىساللىرى ئۇ ياخشى كۆرىدىغان يۇمۇرىستىك يازغۇچى پلاۋتۇس ① نىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، سۆز ـ جۈملىلەر سىسېروننىڭ ئۇسلۇبىدەك ئۆزۈن ئىدى. مەن بۇ ئالامەت نۇتۇقنى تولۇقى بىلەن كۆچۈرۈپ ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلالمىغىنىمدىن تولىمۇ ئۆكۈنىمەن. ناتىق ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي قالدى. گەپ ـ سۆزلىرى ناھايىتى ئوبرازلىق، رەڭدار چىقتى. كىرىش قىسمىنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا پېشانىسىغا مونچاق ـ مونچاق تەر ئۆرلىدى، كۆزلىرى پۇلتايدى. ئۇ بىر جۈملە سۆزنىڭ قاق ئوتتۇرىغا كەلگەندە چىپپىدە توختىدى. ئادەتتە ئىنتايىن مۇلايىم، ھەتتا دۆترەك كۆرۈنىدىغان كۆزلىرى ئادەم يەيدىغاندەك سۇرلۇك تۇس ئالدى.

— ئەپەندىلەر، — ئەمدىلىكتە ئۇ بۇ سۆزنى فىرانسۇزچە دېگىلى تۇردى. چۈنكى، خاتىرە دەپتەرگە بۇ سۆز يېزىلمىغانىدى، — بۇ دېلودا شەيتان شۇنچىلىك ھەددىدىن ئاشقانكى، ئۇ تەپ تارتماي سوتقا قاتناشتى، سوتخانىمىزنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە ھاقارەت قىلىشقا پېتىندى! قاراڭلار!

ئۇ شۇ سۆزلەرنى دەۋېتىپ ئوغلاق تەرەپكە قولىنى شىلتىدى. ئوغلاق شارمولۇينىڭ ئىشارىتىنى كۆرۈپ، ئويۇن ئويناپ بېرىش كېرەك ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئارقا ئىككى پۇتى بىلەن لىككىدە ئۆرە بولدى. ئالدى ئىككى پۇتى ۋە ساقاللىق بېشى ئارقىلىق پادىشاھلىق ئوردا سوت كوللېگىيەسىنىڭ تەپتىشىنى، ئۇنىڭ سالاپەتلىك تۇرقىنى تازا قاملاشتۇرۇپ دورىدى. بۇ ئۇنىڭ قالتىس ھۈنەرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى چوقۇم ئوقۇرمەنلەرنىڭ

① پلاۋتۇس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 254 – 184 ـ يىللار) — قەدىمكى رىمدىكى كومېدىيەلىك شائىر.

ئېسىدە بار. لېكىن، نەق مەيداندىكى بۇ تاسادىپىي ئىش ئەڭ ئاخىرقى «دەلىل ـ ئىسپات» تەرىقىسىدە غايەت زور ئۇنۇم ھاسىل قىلغانىدى. ئادەملەر گۇررىدە كېلىپ ئوغلاقنىڭ تۆت پۇتىنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. ئوردا سوت كوللېگىيەسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى لەۋلىرىنىڭ گەز باغلاپ كەتكىنىگە قارىماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

نۇتۇق ئۇزۇن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى ئىنتايىن چىرايلىق تۈگىدى. ئوقۇرمەنلەر تۆۋەندىكى بىرنەچچە جۈملە سۆزدىن شارمولۇي ئەپەندىنىڭ خىرىلداپ قالغان ئاۋازىنى ۋە ھاسىراۋاتقان تۇرقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايتتى.

*«ھەرقايسى مۆھتەرەم جانابلار، مۇشۇلارغا كۆرە، جادۇگەرلىك قىلمىش دەلىللەندى. جىنايەتنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلدى. جىنايەت مۇددىئاسى ئىشەنچلىك پاكىت ئارقىلىق ئاشكارىلاندى. ھەر دەرىجىلىك سوت كوللېگىيەلىرىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ نامى بىلەن، مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، قانۇن بويىچە تۆۋەندىكىدەك ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلىمەن:*

*1. جىنايەتچىگە كۆپ مىقداردا جەرىمانە قويۇلسۇن؛*

*2. ئۇنى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇۋا قىلدۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلسۇن.*

*3. مەزكۇر ئايال پېرىخونغا ئوغلىقى بىلەن قوشۇپ ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن ھەمدە ئۆلۈم جازاسى گرېۋ مەيدانىدا ياكى گەۋدىلىكرەك بولسۇن دېيىلسە سېينا دەرياسىدا، پادىشاھلىق ئوردىغا قوشنا باغچىدىكى ئارالدا ئىجرا قىلىنسۇن.»*

ئۇ شىلەپىسىنى كىيىپ، ئورنىدا ئولتۇردى.

— ھەي ! — كۆڭلى يېرىم بولغان گرىنگورى ئۇلۇق ـ كىچىك تىنىدى، — بۇ پوپىنىڭ لاتىن تىلى تايىنلىقلا ئىكەنغۇ !

قارا كىيىملىك بىرەيلەن جاۋابكارنىڭ يېنىدىلا ئورنىدىن

www.uyghurkitap.com

تۇردى. ئۇ ئەسپىرالدانىڭ ئادۇوكاتى ئىدى. قورسىقى ئىچىپ كەتكەن سودىيەلەر غودۇڭشىپ كەتتى.

— ئادۇوكات، — دېدى مەھكىمە باشلىقى، — گېپىڭىزنى قىسقارتىڭ.

— مەھكىمە باشلىقى ئەپەندى، — دېدى ئادۇوكات، — جاۋابكار ھەممە جىنايى قىلمىشىنى تاپشۇرغان ئەھۋالدا، مېنىڭ ھەربىرىڭلارغا ئىزاھلاپ قويىدىغان بىرنەچچە ئېغىزلا گېپىم بار. سالىك قانۇنلار توپلىمىدا: «ئەگەر ئادەم يەيدىغان ئالۋاستىمۇ گۇناھىنى گەدىنىگە ئالغان بولسا، ئۇ ئىككى يۈز ئالتۇن سۇ قىممىتىدىكى سەككىز مىڭ دېنىرىس جەرىمانە تۆلەپ گۇناھىنى تىلىسە بولىدۇ» دەپ يېزىلغان. سوت كوللېگىيەسىدىن مېنىڭ دەۋاگەرلىرىمگە مۇشۇ جەرىمانىنى تۆلەش توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

— بۇ مادىدا ئاللىقاچان ئەمەلدىن قالغان، — دېدى پادىشاھنىڭ پەۋقۇلئاددە ئادۇوكاتى.

— ئۇنداق ئەمەس ! — جاۋابكارنىڭ ئادۇوكاتى رەددىيە بەردى.

— قارار قىلايلى، — دېدى پارلامېنت ئەزاسى، — جىنايەت دەلىللىنىپ بولدى. ۋاقىتمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى.

سوتنىڭ ئۆزىدىلا قارار چىقىرىلىدىغان، سودىيەلەر شىلەپىسىنى ئېلىش شەكلى بىلەن بېلەت تاشلايدىغان بولۇشتى. چۈنكى، ئۇلار ئۆيگە قايتىشقا بەك ئالدىراۋاتاتتى. كوللېگىيە باشلىقى ئۇلاردىن بىر - بىرلەپ پىكىر ئالغاندا، كىشىلەر ئۇلارنىڭمۇ قاراڭغۇلۇقتا بىر - بىرلەپ شىلەپىلىرىنى ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بەختسىز جاۋابكارمۇ شۇلار تەرەپكە قاراۋاتقاندەك ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ گۇنسىز كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرمەيتتى.

پۈتۈكچىنىڭ قەلىمى شىتىرلاپ كەتتى. ئۇ خاتىرىنى تاماملاپ، ئۇزۇن بىر پارچە تېرە قەغەزنى كوللېگىيە باشلىقىغا سۇندى.

بىچارە قىز ئادەملەرنىڭ ئۇپۇر ـ تۇپۇر بولۇۋاتقان ئاۋازىنى، يالمان ـ نەيزىلەرنىڭ سوقۇلۇپ جاراڭلىغانلىقىنى، رەھىمسىز بىر سادانى ئاڭلىدى:

ـــ بۇخىمىيەلىك قىز، پادىشاھ ئالىيلىرى مەلۇم بىر كۈننى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇ كۈنى چىڭقىچۈشتە، سەن ئىچ كۆڭلىكىڭ بىلەن يالاڭ ئاياغ بولۇپ، بويىنۇڭغا ئارغامچا سېلىپ، دۇمباق ئاۋازى ئىچىدە بۇۋى مەريەم چېركاۋى دەرۋازىسى ئالدىدا قولۇڭغا ئىككى قاداق ئېغىرلىقتىكى شامنى كۆتۈرۈپ كەچۈرۈم سورايسەن. ئاندىن سېنى گرېف مەيدانىغا ئېلىپ بېرىپ، مۇشۇ شەھەرنىڭ جازا سۇپىسىدا سېنى دارغا ئاسىمىز. ئوغلىقىڭمۇ ئوخشاشلا دارغا ئېسىلىدۇ. ئۆزۈڭ ئىقرار قىلغان جادۇگەرلىك، باشقىلارنى ئازدۇرۇش، ئىپپەت ـ نومۇسۇڭنى سېتىش، كاپىتان فوبۇس شاتوپىرنى ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلىرىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە شىرنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئۈچ تىللا تۆلەم تۆلەيسەن. خۇدا سېنىڭ روھىڭنى قوبۇل قىلغاي !

ـــ چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن، نېمە ! ـــ دېدى ئەسمېرالدا ئۆز ـ ئۆزىگە، ئارقىدىنلا ئاللىكىملەرنىڭ ئۆزىنى تارتقۇچلاپ، قوپاللىق بىلەن سۆرەپ ماڭغانلىقىنى بىلدى.

## 4. كۆپۈككە ئايلانغان ئارزۇ

ئوتتۇرا ئەسىردە پۇختا سېلىنغان قورۇلۇش دەپ ئاتاشقا بولىدىغان ھەرقانداق بىنانىڭ يەر ئاستىدىكى قىسمى بىلەن يەر ئۈستىدىكى قىسمى ئوخشاش چوڭ بولاتتى. پارىژ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئۇلى قاتار تىزىلغان ياغاچ قوزۇقلاردىن بولۇپ، باشقىلىرى مەيلى ئوردا، قەلئە بولسۇن ياكى چېركاۋلار بولسۇن، ئۇلارنىڭ ئاستىنقى قىسمى ئىككى قەۋەت قىلىپ ياسىلاتتى. چوڭ بىر چېركاۋنىڭ تېگىدە خىلىلا پاكار، قاراڭغۇ، سىرلىق

www.uyghurkitap.com

يەنە بىر چىركاۋ بار ئىدى. بۇ چىركاۋ قۇياش نۇرى چاراقلاپ تۇرىدىغان، كېچە ـ كۈندۈز مۇزىكا ئاۋازىدىن خالىي بولالمايدىغان، قوڭغۇراقلار جاراڭلايدىغان مەركىزىي چىركاۋنىڭ ئاستى گۆر ياكى تۈرمە ۋە ياكى زىندان بولاتتى. سىمونت ئىشلىتىلگەن بۇ قۇرۇلۇشلار خېلى مەزمۇت ئىدى. خۇددى باشقا جايلاردا تەسۋىرلىگەندەك، ئۇلارنىڭ قۇرۇلما شەكلىدە ھەم ئۇل بولاتتى، ھەم زور تۈركۈمدىكى يەر ئاستى ئۆيلىرى خۇددى دەرەخنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاش تەرەپ ـ تەرەپكە يېيىلىپ، دەھلىز ۋە پەلەمپەيلەرنى ھاسىل قىلغان بولۇپ، ئۇستىدىكى قۇرۇلۇش بىلەن ھېچقانچە پەرقلەنمەيتتى. مۇشۇ تەرىقىدە، ئىبادەتخانا، ئوردا ـ ساراي، تۈرمە ـ زىندانلارنىڭ يېرىمى يەر ئاستىدا بولاتتى. بىر بىنانىڭ يەر ئاستىدىكى قىسمى يەنە بىر بىنا ھېسابلىناتتى. ئۇ يەرگە بارغاندا يۇقىرىغا قاراپ مېڭىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. پەقەت تۆۋەنگىلا مېڭىش كېرەك ئىدى. يەرنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى چىركاۋ يەرنىڭ ئۈستىدىكى قۇرۇلۇشنىڭ داۋامى ھېسابلىناتتى. بۇ دەريا قىرغىقىدىكى دەل ـ دەرەخلەر بىلەن تاغ ـ ئېدىرلارنىڭ كۆلدىكى سۇزۇك سۇغا چۈشكەن سايىسىدەكلا بىر ئىش ئىدى.

سايىنت ئانتونى رايونىدىكى باستىلىيە تۈرمىسى، پارىژدىكى ئەدلىيە سارىيى، لوئۇرې سارىيى قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنىڭ يەر ئاستى قىسمى پۈتۈنلەي تۈرمە كامېرى ئىدى. تۈرمىنىڭ بىنا قەۋىتى پەسكە چۈشكەنسېرى تار، قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق بولاتتى. دانتېمۇ ئۇ يەردىن كۆڭلىگە تازا ياقىدىغان، ئەڭ ياخشى دوزاخنى تاپالىغان بولاتتى. يۇقىرى قەۋەتتىن ئايلىنىپ يۈرۈپ تۆۋەنگە چۈشىدىغان يەردە ئۆزگىچە ياسالغان ئۆڭكۈرلەر بولۇپ، زىنداننىڭ مورىسى كۆپىنچە شۇ جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلاتتى. دانتې شەيتاننى شۇ يەرگە جايلاشتۇرسا تازا ئەپلىشەتتى. ئۇ چاغلاردا، پەقەت ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنى مۇشۇنداق يەرگە تاشلايتتى. خارلانغان بىچارە بايقۇشلار مۇشۇنداق يەرگە

تاشلاندىمۇ، بولدى! ئۇلار كۆن نۇرى بىلەن، ساپ ھاۋا بىلەن، ھاياتلىق بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلىشاتتى، جىمىكى ئارزۇ - ئارمانلىرى يوققا چىقاتتى، ئۇلار دارغا ئېسىش ياكى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلمىسىلا، مۇشۇ زىنداندا يېتىپ ئۆلۈپ تۈگەيتتى، سېسىپ كېتەتتى، ئىنسانىيەت ئەدلىيەسى بۇ جاينى «ئۇنتۇلۇش ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتايتتى. بۇ يەردىكى مەھبۇسلار پەقەت ئۈستىدىكى بىر دۆۋە تاشنىڭ، بىر ئوچۇم گۈندىپاينىڭ ئۆزىنى ئىنسانلاردىن ئايرىۋەتكەنلىكىنى، قورقۇنچلۇق زىندان، ۋەھىمىلىك تۈرمىلەرنىڭ ئۆزىنى مۇشۇ يەرگە قۇلۇپلاپ، ئىنسانلاردىن يىراقلاشتۇرغانلىقىنىلا ھېس قىلالايتتى.

دارغا ئېسىش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسمىرالدا مۇشۇنداق بىر ئۆڭكۈرگە تاشلاندى. بۇ سايىنت لۇئى ياساتقۇزغان «ئۇنتۇلۇش ئۆڭكۈرى»، تورنېل جىنايى ئىشلار تۈرمىسىنىڭ ئاستىدىكى زىندان ئىدى. ئۇلار ئەسمىرالدانى قېچىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن مۇشۇ يەرگە قامىدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىلا ھېلىقى ھەيۋەتلىك ئەدلىيە سارىيى بار ئىدى. لېكىن، ئەسمىرالدا بۇ يەردە ئاجىز بىر چىۋىن، ئەڭ كىچىك بىر پارچە داشگالنىمۇ مىدىرلىتالمايدىغان چىۋىن ئىدى!

پانىي دۇنيادىكى ئادالەتسىزلىك نەقەدەر كۆپ. ئاجىز بىر ئىنساننى ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا خورلاش ۋە قىيناش لازىممىدى!

قىزنى زۇلمەت قوينىغا ئالدى. زىنداندىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پۈتۈنلەي ئاداشتى، قاراڭغۇلۇققا يەم بولدى. مۇشۇنداق بىر مەنزىلدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلەر، قۇياش نۇرى ئاستىدىكى كۈلكىسىنى ۋە ئۇسسۇلىنى كۆرگەن ئادەملەر ئۇنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قورقۇپ تىترىمەي قالارمۇ؟ ئەسمىرالدا يەردىكى بىر پارچە بورا ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئېغىر تۆمۈر زەنجىرنىڭ بېسىمى بىلەن قەددى پۈكۈلدى. زىنداننىڭ

www.uyghurkitap.com

تېمىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان سۇ ئايىغى ئاستىدىلا كۆلچەك بولدى. يان تەرىپىدە بىر كومزەك سۇ بىلەن بىر پارچە بولكا تۇرۇپتۇ. ئەتراپ قاراڭغۇ كېچىدەك مۇدھىش، گۆرىستاندەك جىمجىت، چېچىنى يەلپۈپ ئۆتىدىغان مەيىن شامال يوق، قۇلىقىغا ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايدۇ. كۆزىگە زەررىچىلىك قۇياش نۇرىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭدا قىمىرلايدىغان ئىشمۇ يوق، ھەتتا تىنىقىمۇ يوق. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيدۇ. فوبۇس، قۇياشنىڭ نۇرى، چىڭقىچۈش ۋاقتى، كۆك ئاسمان، پارىژنىڭ كوچىلىرى، ئالقىش سادالىرى ئىچىدىكى ئۇسسۇل، ئوفىتسېر بىلەن قىلىشقان مۇھەببەتلىك گەپلەر، پوپ، خەنجەر، دەھشەتلىك قىيناش، دار ... ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. بەزىدە يېقىملىق ناخشا، تەبەسسۇملۇق سۆزلەرنىڭ خىيالىي مەنزىرىسى پەيدا بولدى. بەزىدە قورقۇنچلۇق چۈش يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قارا سىياھدەك قاراڭغۇلۇقتا سىڭىۋاتقان تۇتۇرۇقسىز ئېسەنگىرەش ياكى تولىمۇ يىراق بىر جايدىكى مۇزىكا ئاۋازى ئىدى. شور پېشانە بايقۇش بۇ ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندىن باشلاپ، ئۇ مۇڭلۇق مۇزىكىلارمۇ ئاڭلانمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مۇشۇ يەرگە كەلگەن كۈندىن ئېتىبارەن، ئەسمىرالدا ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىسىدا ياشىدى. بۇ زىنداندا، بۇ مۇدھىش ماكاندا، ئۆزىنىڭ ئويغاق ياتقانلىقى ياكى چۈش كۆرۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ خىيالىي مەنزىرە ياكى رېئاللىق قوينىدا ئىكەنلىكىنى، ئەتراپىنىڭ يورۇق كۈندۈز ياكى قاراڭغۇ كېچە ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. ھەممە نەرسە باش - ئاخىرى يوق گادىرماچ بولۇپ كەتكەن، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كاللىسىدا يەلگە ئوخشاش لەيلەپ يۈرگەن، چېچىلاڭغۇ ھالەتتە ئىدى. ئۇ ھېس - تۇيغۇدىن، پىكىر قىلىشتىن، بىر نەرسىنى پەرق ئېتىشتىن مەھرۇم بولغانىدى. ھەممە نەرسە چۈشكە ئوخشاش غۇۋا تۇيۇلاتتى. ئۇ تەگسىز چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئۇ خارمۇش، بىخۇد، گاراڭ بولۇپ قالدى، بېشى تەرەپتە ئېشىك بارلىقىغا دىققەت قىلمىدى. بۇ ئىشىكنىڭ كۈندە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئېچىلىدىغان چاغدىكى ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدى. ھەتتا بەزىدە كۈن نۇرىنىڭ غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالىدىغانلىقى، مۇنداق ۋاقىتتا كىمدۇر بىرىنىڭ بىر پارچە قارا بولىكىنى تاشلاپ قويىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمىدى. گۈندىپايلار ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كېلىپ ـ كەتكەندىن باشقا، ئۇنىڭ باشقا ھەرقانداق تىرىك ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى.

ئۇنىڭ ئىختىيارسىز ھالدا ئاڭلايدىغىنى سۇنىڭلا ئاۋازى ئىدى. ئۇ سۇ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان ئۆگزىنىڭ ئاراچىلىرىدىن ئېقىپ چىقاتتى ۋە بەلگىلىك ۋاقىتتا پەسكە تېمىپ چۈشەتتى. ئەسىرالدا سۇ تامچىسىنىڭ يېنىدىكى كۆلچەككە بىر خىلدا چىكىلداپ چۈشكەنلىكىگە ھاڭۋاقفان پېتى ئولتۇراتتى.

كۆلچەككە تېمىپ چۈشىدىغان سۇ ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىردىنبىر ئاۋاز ئىدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭغا ۋاقىتتىن خەۋەر بېرەتتى، شۇنداقلا ئۇ بارلىق ئاۋاز ئىچىدىن ئۇنىڭ ئاڭ دۇنياسىغا تەسىر قىلالايدىغان بىردىنبىر ئاۋاز ئىدى.

نېمىلا بولسۇن، ئۇ پاتقاق ۋە قاراڭغۇلۇقتا مۇزدەك سوغۇق سۇ تامچىسىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلالايتتى. بىلىكىگە، پۇتىنىڭ دۇمبىسىگە چۈشۈۋاتقان سوغۇق سۇ ئۇنى ئەندىكتۈرۈۋەتتى.

ئەسىرالدا ئۆزىنىڭ بۇ يەردە زادى قانچە ئۇزۇن تۇرغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ قانداقتۇر بىر جايدا ئۆزىنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقىنى، ئاندىن مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنىلا ئەسلىيەلەيتتى. ئۇ قاراڭغۇ كېچىدە توڭلاپ كېتىپ ئويغىنىپ كېتەتتى، ئەتراپىنىڭ گۆردەك جىمجىتلىقىنى ھېس قىلاتتى. بەدەن ـ بەدىنىنىڭ مۇزلاۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. مىدىرلىغان ھامان قولىدىكى كويزا، پۇتىدىكى كىشەننىڭ زەنجىرى شاراقلاپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئەتراپىدا تۆت تامدىن بۆلەك تامچىپ چۈشكەن سۇ بىلەن ھۆل بولۇپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياپىلاق تاشنىڭ ۋە بىر پارچە بورىنىڭلا بارلىقىنى، چىراغ ياكى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كامارنىڭمۇ يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ بورىدىلا ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بەزىدە ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش ئۈچۈن زىنداننىڭ ئەڭ تۆۋەندىكى تاش پەلەمپىيىگە ئولتۇرۇپ باقاتتى. بەزىدە تامچىپ چۈشۈۋاتقان سۇنىڭ قېتىم سانى ئارقىلىق قاراڭغۇلۇقتا ئۆتۈۋاتقان ۋاقىتنى ھېسابلاپ كۆرمەكچى بولاتتى. لېكىن، مۇنداق ئېچىنىشلىق ئۇرۇنۇش زەئىپلىشىپ ھالىدىن كەتكەن قىزنى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىدا ھالىدىن كەتكۈزۈۋېتەتتى. ئۇ يېڭىباشتىن بىخۇدلۇق قاينىمىغا شۇڭغۇيتتى.

ئاقىۋەت بىر كۈنى، گۆرگە ئوخشايدىغان بۇ يەردە چۈش ۋاقتى بىلەن يېرىم كېچىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمىغاچقا، بىر كۈنى كەچتە، ئۇنىڭ بېشىدىلا تاراقشىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئاۋاز ئادەتتە ئۇنىڭغا بولكا بىلەن سۇ ئەكېلىدىغان گۇندىپايلار ئىشىكنى ئاچقان چاغدىكى ئاۋازدىن چىڭراق ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تىمتاس زىنداننىڭ تورۇسىدىكى قاپقاقنىڭ يوچۇقىدىن چۈشكەن قىپقىزىل يورۇقنى كۆردى. ئارقىدىنلا ھېلىقى ئېغىر ئىشىك تاراقشىدى. داتلىشىپ كەتكەن زەنجىر، ئىشىكنىڭ قانىتى بىرھازا غىچىرلىغاندىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى. چىراغ تۇتقان قول ۋە ئىككى ئادەمنىڭ بېلىنىڭ تۆۋەن تەرىپى كۆرۈندى. ئىشىك بەك پاكار بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بېشىنى كۆرگىلى بولمايتتى. چىراغنىڭ يورۇقى كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈنمىكىن، قىز كۆزىنى يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا ئىشىك ئاللىقاچان تاقىۋېتىلگەن، چىراغ تاش پەلەمپەيگە قويۇلغان بولۇپ، ئالدىدا بىر ئەر كىشى ئۆرە تۇراتتى. بېشىدىن - ئايىغىغىچە قارا كىيىم كىيگەن، يۈزىنىمۇ قارا رومال بىلەن يۆگىۋالغانىدى. يۈز - كۆزى ۋە قولىدىن تارتىپ ئۇچۇق قالغان يېرى يوق ئىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا تۇپتۇز تۇرغان ئۇزۇن كېپەننىڭ ئۆزىلا ئىدى. پەقەت كېپەننىڭ كەينىدە

قانداقتۇر بىرنەرسە مىدىرلاۋاتقاندەك ئىدى. ئەسمىرالدا ئەرۋاھقا ئوخشايدىغان بۇ نەرسىگە قادىلىپ بىرنەچچە سېكۇنتنى ئۆتكۈزدى. ئىككىلەن خۇددى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرغان ھەيكەلدەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي جىم تۇردى. ئۆڭكۈردە تىرىك جان يوقتەك، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. پەقەت نەمخۇش ھاۋانىڭ تەسىرىدە چاراسلاۋاتقان چىراغ پىلىكىنىڭ ئاۋازى بىلەن تورۇستىن تامچىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى.

— سەن نېمە ئادەم؟ — مەھبۇس ئالدى بىلەن ئېغىز ئاچتى.

— مەن بىر پوپ.

سۆزنىڭ ئۇرانى ۋە تەلەپپۇزىدىن قىزنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى.

— تەييارلىقىڭ پۈتتىمۇ؟ — دەپ سوئال قويىدى پوپ سالماق ئاھاڭدا ئوچۇق قىلىپ.

— نېمە تەييارلىق؟

— ئۆلۈم تەييارلىقى!

— ھە، — دېدى قىز، — شۇنچە تېزمۇ؟

— ئەتە.

ئەسمىرالدا خۇشال بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى، ئارقىدىنلا يەنە يەرگە قارىدى ۋە:

— يەنە قانچىلىك ساقلايمەن، — دېدى پەس ئاۋازدا، — نېمىشقا بۈگۈن ئەمەس.

— چىدىيالماي قېلىۋاتامسەن؟ — دېدى پوپ بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن.

— توڭلاپ كېتىۋاتىمەن!

قىز پۈتىنى تۇتتى. بۇ بەختسىز ئادەملەر توڭلىغان چاغدا قىلىشقا ئادەتلەنگەن ھەرىكەت ئىدى. بىز رولاند مۇنارىدىكى راھىبەنىڭمۇ ئاشۇنداق قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدۇق. قىزنىڭ چىشلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ كاسىلداپ كەتتى.

پوپ بېشىغا يۆگىۋالغان ياغلىقىنىڭ ئاستىدىن زىنداننىڭ تۆت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرپىگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى.

— يورۇقلۇق يوق! مېھىر ـ شەپقەت يوق! سۇغا چىلىنىپ ئۆلتۈرۈش نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

— شۇنداق، — دېدى ئەسمىرالدا ھودۇقۇپ، — پۈتۈن دۇنيادا كۈندۈز بار. ئۇلار ماڭا پەقەت قاراڭغۇ كېچىنىلا قالدۇردى.

— سەن بۇ يەرگە نېمە سەۋەبتىن كەلگەنلىكىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى پوپ يەنە بىر دەم سۈكۈتكە چۆمۈپ.

— بىلمەيمەنغۇ دەيمەن! — ئەسمىرالدا خۇددى ئېسىنى تاپماقچى بولغاندەك، ئورۇق قولىنى پېشانىسىغا تەگكۈزدى، — لېكىن يەنىلا بىلەلمەيۋاتىمەن، ئەپەندى، — ئۇ بىردىنلا كىچىك باللاردەك ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى، — بۇ ئېپلاس ماكاندىن كېتىشىم كېرەك. توڭلىدىم، قورقتۇم، ۋۇجۇدۇمدا يىرگىنچلىك نەرسىلەر ئۆمىلەپ يۈرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن بىلەن ماڭ!

پوپ سۆزىنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى. توڭلاپ مۇزدەك بولۇپ كەتكەن قىزغا پوپنىڭ قولى سوغۇق بىلىندى.

— ئاھ، — دەۋەتتى قىز پەس ئاۋازدا، — بۇ «ئەزرائىل»نىڭ مۇزلۇق قوللىرىغۇ، سەن زادى نېمە ئادەم؟

پوپ بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىۋەتتى. قىز بىر قاراپلا ئۇنى تونۇدى. ئۇ ھېلىقى چىراي، ئۇزاقتىن بويان تاپ باستۇرۇپلا ئەگىشىپ يۈرگەن ھېلىقى ئادەمنىڭ مۇدھىش چىرايى، فالوردېلىنىڭ ئۆيىدە ئۇ كۆڭۈل بەرگەن فوبۇسنىڭ بېشىنىڭ تۆۋىدىلا كۆرۈنگەن ھېلىقى كاللا، ھېلىقى كۆز، خەنجەرنىڭ قېشىدا پارقىرىغان كۆزلەر ئىدى.

قىز جىنايەتكە بوغۇلغان بۇ ئەرۋاھنى، ئۆزىنى خاتىرجەم تۇرمۇشتىن تەگسىز ھاڭغا ئىتتىرىۋەتكەن ئەرۋاھنى، ئۇنى قىيىن ـ قىستاققا گىرىپتار قىلغان ئەرۋاھنى كۆرۈپ، بىخۇدلۇق ئىچىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. خاتىرىسىنى توسۇۋالغان

ئىغىر پەردە تۇيۇقسىزلا تارتىۋېتىلدى. بېشىغا چۈشكەن مالامەتلەر، فالوردېلىنىڭ ئۆيىدىكى كەچتىن تارتىپ تورنېل سوتخانىسىدىكى ھۆكۈمگە قەدەر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىدا بىر - بىرلەپ ئايان بولدى. خاتىرىسىدىكى بۇرۇنقى گۇڭگىلىق تۇگىدى. يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ ھەممىسى كۆزىگە ئېنىق كۆرۈندى. قورقۇنچلۇق بىر ئىش سادىر بولۇۋاتقاندەك بەدىنى تىكەنلەشتى. ئالدىدا تۇرغان سۆرۈن تەلەت بۇ ئادەم ئۇنىڭ ئاللىقاچان غايىب بولغان، يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان خاتىرىسىنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى. شەكىل يوشۇرىدىغان سىياھ بىلەن كۆرۈنمەس خەت يېزىلغان ئاق قەغەزنى ئوتقا قاقلىغان ھامان ئۇ خەتلەرنى بىراقلا كۆرگىلى بولغاندەك، بىر مۆجىزە بارلىققا كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئازابلىغان جاراھەتنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئېچىلىپ قان ئاققاندەك بولدى.

— ئاھ، — قىز قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى، تۇتقاقلىقى تۇتقاندەك لاغىلداپ تىترىدى، — ئەسلىدە سەن ئىكەنسەن - دە، مۇناپىق !

ئۇ قولىنى پەسكە تاشلىدى، ماغدۇرسىزلاندى، ئىلگىرىكىدەك بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ، يەردىن بېشىنى ئۇستۇن قىلمىدى، لام - جىم دېمەي، لاغىلداپ تىترىدى.

پوپنىڭ كۆزى قىزغا قادالدى. شۇ دەمدە ئۇنىڭ بۇ كۆزلىرى ئېگىز ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ، بوغدايلىقتا تۇرغان بىچارە تومۇچۇققا يەۋەتكۈدەك تىكىلگەن قۇرغۇيىنىڭ كۆزى ئىدى، قۇرغۇي ئەگىپ ئۇچۇشتىن سەل توختاپ، ئاندىن چاقماق تېزلىكىدە تومۇچۇققا ئېتىلىپ، ئۆتكۈر تىرناقلىرىنى ئۇنىڭغا پاتۇرماقچى بولاتتى.

— ئاخىرلاشسۇن، — دېدى قىز ئاران ئاڭلىنىدىغان ئاجىز ئاۋازى بىلەن، — ئاخىرلاشسۇن ! مۇشۇنىڭلىق بىلەن تۈگىسۇن! — ئۇ قاسساپنىڭ جاننى ئالىدىغان پىچىقىنى ساقلاۋاتقان قوزىدەك

ۋەھىمە ئىچىدە تىترەپ كەتتى، بېشى مۇرىلىرىنىڭ ئارىسىغا چۆكتى.

— سېنى قورقۇتۇۋەتتىمۇ؟ — دېدى پوپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ.

قىز جاۋاب قايتۇرمىدى.

— سېنى قورقۇتۇۋەتتىمۇ؟ — دېدى پوپ يەنە.

قىزنىڭ لەۋلىرى تارتىشقاندەك بولدى. «شۇنداق، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — بۇ جاللاتنىڭ مەھبۇسنى ئەخمەق قىلغىنىمىدۇ؟ ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە مېنىڭ پېيىمگە چۈشتى، ماڭا ھەيۋە قىلدى. تەھدىت سالدى. بۇنىڭغا نەچچە ئاي بولدى. ناۋادا ئۇ بولمىغان بولسا، ئاھ خۇدا، مەن بەختلىك ئۆتمەسمىدىم! مېنى بۇ ھاڭغا تاشلىۋەتكەن ئاشۇ! ئاھ خۇدا! ئۇنى، مېنىڭ فوبۇسۇمنى مۇشۇ ئەبلەخ ئۆلتۈردىغۇ، مۇشۇ ئەبلەخ! ...»

خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قىز يەنە يىغلىۋەتتى، بېشىنى كۆتۈرۈپ پوپقا قارىدى.

— رەزىل مۇناپىق، سەن قانچىلىك نېمە ئىدىڭ؟ سەن ماڭا شۇنچە ئۆچمەنلىك ساقلاپ، مەن ساڭا نېمە قىلغان؟ نېمىشقا ماڭا زىيانكەشلىك قىلىسەن؟

— مەن ساڭا ئاشىق بولۇپ قالدىم، — دېدى پوپ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

قىز يىغىدىن چىپپىدە توختاپ، ھەيرانلىق كۆزلىرى بىلەن پوپقا قارىدى. پوپ تىزلىنىپ تۇرۇپ، قىزغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياناتتى.

— ئاڭلاۋاتامسەن؟ مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم!

— ئۇ قانداق ئاشىقلىق؟ — بىچارە قىز تىترەپ كەتتى.

— دوزاخقا مەھكۇم بولغان بىر ئەرنىڭ ئاشىقلىقى! — دېدى پوپ.

ئىككىيلەن كۈچلۈك ھاياجان ئىلكىدە قالدى، ئۆيئىچىنى بىرپەس جىمجىتلىق باستى. پوپ ئالجىغاندەك، قىز داڭ قېتىپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قالغاندەك ئىدى.

— قۇلاق سال، — پوپ تەمكىنلىكىنى يوقاتتى، — ھەممە نەرسىنى دەپ بېرەي، ھەممە نەرسىنى، ھەتتا بىزنى خۇدامۇ كۆرەلمەيدىغان مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىدە سۆزلەپ بېرەي. بىر چاغلاردا مەيدەمگە مۇشتلاپ تۇرۇپمۇ دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان سۆزلىرىمنى بىرنى قالدۇرماي دەپ بېرەي. شۇ چاغدا ھەممىنى بىلىپ قالىسەن. ئاڭلاپ تۇر، قىزچاق، مەن ئىزچىل رەۋىشتە بەختلىك ئادەم ئىدىم. سېنى كۆرگەن شۇ كۈندىن باشلاپ ...

— ئۇنداقتا؟ — ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەن قىز ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

— گېپىمنى ئۈزۈۋەتمە. مەن ئەسلىدە بەختلىك ئادەم ئىدىم. ھېچبولمىغاندا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېسابلايتتىم. پاك ئىدىم، ۋۇجۇدۇم ئەينەكتەك سۈزۈك نۇر بىلەن تولغانىدى. مەغرۇر ئىدىم، بېشىمنى ھەرقانداق ئادەمدىنمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم. ھەرقانداق ئادەمدىن روھلۇق، جانلىق ئىدىم. پوپلار مەن بىلەن ئار-نومۇس توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى. ئالىملار مەن بىلەن دىنىي ئەھكاملار ھەققىدە سۆزلىشەتتى. ئىلىم-پەن مېنىڭ بارلىقىم، مۇھەببىتىم، مېنى رازى قىلالايدىغان مەشۇقۇم ئىدى. مەندە باشقا ئوي-خىيالمۇ يوق ئەمەس ئىدى. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، قىزلار ئالدىمدىن ئۆتكەندە ئۆزۈمنى تۇتالماي قالغان چاغلىرىم ناھايىتى كۆپ. ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا ئەرلەردىكى فىزىيولوگىيەلىك تەلپۈنۈش بىلەن قېنىمدىكى كۈچ-قۇدرەت تىرىكچىلىك ھەلەكچىلىكىدە تۇنجۇقۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قارايتتىم. ئەمدىلىكتە، بىچارە جىسمىمنى ئىلاھىي مۇنبەرنىڭ مۇزدەك سوغۇق تاشلىرىغا باغلىۋەتكەن زەنجىرنى ئۈزۈۋېتىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. لېكىن، پەرھىز، دۇئا-تىلاۋەت، ئۆگىنىش، موناستىردىكى زاھىتلىق تۈزۈمى روھىمنى ئېگىپ، جىسمىمغا يېڭىباشتىن ھۆكۈمرانلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدى. مۇشۇلارغا كۆرە، ئايال زاتىدىن قاچىدىغان، كىتاب ـ دەستۇرلارنى ئىچىپ قويۇپ، كاللامدا ئايلىنىپ يۈرگەن جىمىكى مەينەت تۇمانلارنى ئىلىم ـ پەننىڭ يۈكسەكلىكى ئارقىلىق يوقىتىشقا تىرىشىدىغان بولدۇم. هايال ئۆتمەيلا، ئۆزۈمنى پانىي ئالەمنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىدىن يىراقلاشقاندەك هېس قىلدىم. مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنىڭ خاتىرجەملىك نۇرى مېنى پەسكويغا چۈشۈرۈپ، سالماق ئادەم قىلىپ قويدى. لېكىن، شەيتان مېنىڭ ئالدىمدا كۆپ قېتىم پەيدا بولدى، ئايال سىياقىغا كىرىپ، چېركاۋدا، كوچىلاردا، ئىبتىزلىقلاردا مېنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇلار مېنىڭ كاللامدىن ئورۇن ئالالمىدى. مەن شەيتاننى ئۇنچە زورۇقمايلا مەغلۇپ قىلدىم. ناۋادا غالىبلىقنى مەڭگۈلۈك هالدا ئۆزۈم تەرەپتە ساقلىيالمىغان بولسام، ئۇنداقتا خۇدا سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئادەمگە شەيتان بىلەن تەڭ تۇرالايدىغان قۇدرەت بەرمىگەن بولۇپ چىقاتتى، قولاق سال ! بىر كۈنى ...

پوپ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۇرۇپ قالدى. مەھبۇس ئۇنىڭ ئۇھ تارتىپ خورسىنغانلىقىنى ئاڭلىدى. بۇ ئاۋاز ئۈمىدسىزلىك ئالدىدىكى ئىگراشقا ئوخشايتتى.

— بىر كۈنى كىچىك هۇجرامنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ئولتۇرۇپ... — دېدى پوپ، — قايسىدۇر بىر كىتابنى ئوقۇۋاتاتتىم. هە، قايسى كىتاب بولغىيدى؟ مۇشۇ ئىشلار كاللامنى داشقايناق قىلىۋەتتى بولغاي ! شۇ چاغدا كىتاب ئوقۇۋاتقاندىم. دېرىزە مەيدانغا قارايتتى. گۈمبۈرلىگەن دۇمباق ئاۋازى چوڭقۇر خىياللىرىمنى بۇزۇۋەتكەچكىمىكىن، ئاچچىقلانغان هالدا مەيدان تەرەپكە قارىدىم. شۇ دەقىقىدە مېنىڭ كۆرگىنىم باشقا ئادەملەرمۇ كۆرۈۋاتقان، لېكىن بىر قىسىم ئادەم كۆرسە بولمايدىغان مەنزىرە ئىدى. چىڭقىچۈش پەيتى بولغاچقا، قوياشنىڭ نۇرى ئالتۇندەك ۋاللىدايتتى. ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بىرى ئۇسسۇل

ئويناۋاتاتتى. ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنى ئىنتايىن چىرايلىق ساھىبجامال بىر قىز ئىدى. خۇدا ئۇنى مەبۇدە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئانىسى قىلىپ تاللىۋالغان بولاتتى. ناۋادا خۇدا دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇ قىز ھايات بولغان بولسا، مېنى شۇ قىز تەۋەللۇت قىلغان دەپ تۇرۇۋېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قىزنىڭ قاپقارا كۆزىدىن نۇر چاقنايتتى، بىرنەچچە تال چېچى قۇياش نۇرىدا ئالتۇن يىپتەك پارقىرايتتى. ئۇنىڭ يەڭگىل قەدەم تاشلاپ ئويناۋاتقان سۇلكەتلىك ئۇسسۇلى كىشىگە تېز سۇرئەت بىلەن ئايلىنىۋاتقان چاقنىڭ شادىسىدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى، چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىكى زىبۇ - زىننەتلەر قۇياش نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى. بۇ كۆرۈنۈش بەجايىكى يۇلتۇزلار ئۇنىڭ بېشىغا قونۇۋالغاندەك ئىدى. بىرمۇنچە پارقىراق پۇرۇچتىن ئۇلاپ تىكىلگەن ھاۋا رەڭ كۆڭلىكى ياز كېچىسىدىكى كۆك ئاسمانىنىڭ ئۆزى ئىدى. كۆڭلەكنىڭ ئېتەكلىرىدە تۇرلۇك - تۇمەن رەڭ يانغاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ يۇمران، ئاچ بېغىر رەڭ بىلەكلىرى ئەۋرىشىم بەدىنىگە شۇنداق ماسلاشقانىدى. ئۇنىڭ قەددى - قامىتى تەسۋىرلىگۇسىز دەرىجىدە چىرايلىق ئىدى. نۇرغا پۇركەنگەن جىسمى گويا قۇياشنىڭ قوينىدا تۇرغاندىمۇ ئۆزگىچە نۇرلىنىپ تۇرىدىغاندەك كۆرۈنەتتى! ... ھەي، قىزچاق، شۇ سەن ئىدىڭ. ھەيران بولدۇم، ئەقىل - ھوشۇمنى يوقاتتىم، مەپتۇن بولدۇم. روھىم ساڭا قاراپ ئۇچتى، مەيلىڭگە قويۇپ بەردىم. ساڭا تەلمۇرۇپ باقتىم. چۆچۇپ، لاغىلداپ تىترىگىنىمنى بىلىپ تۇردۇم. تەقدىر - قىسمەتنىڭ قولى مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانلىقىنى ھېس قىلدىم، — پوپ ھاياجانلانغانىدى. ئۇ بىردەم تىنىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ماڭا جىن چاپلاشقاندەك ئىدى. يىقىلىپ كەتمەسلىكىم ئۇچۇن بىرەر نەرسىگە ئېسىلىۋالغۇم كەلدى. شەيتان ماڭا بىر چاغلاردا يايغان تورنى ئېسىمگە ئالدىم. ئالدىمدا تۇرغان قىز گۇزەللىكتە تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ ياكى ئاسماندىن چۈشكەندەك، ياكى بولمىسا دوزاختىن

www.uyghurkitap.com

چىققاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ پانىي دۇنيادىكى ئاددىي تۇپراقتىن ئايرىدە بولمىغانلىقى ئېنىق ئىدى، قەلبىدىن ئاياللىقىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇچقۇنلىرى بەرق ئۇراتتى. ئۇ شۇنچىكى غۇبارسىز، بەئەينى پەرىشتىنىڭ ئۆزى ئىدى. لېكىن، ئۇ قاراڭغۇ كېچىدىكى پەرىشتە، كۆيۈپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق پەرىشتە ئىدىكى، ھەرگىزمۇ يورۇقلۇق پەرىشتىسى ئەمەس ئىدى. مۇشۇنداق ئويلاۋاتقان چېغىمدا، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوغلاقنىڭ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ پىرىخونلار بىلەن بىللە يۈرىدىغان ھايۋان ئىدى. چىڭقىچۈش مەھەلدىكى كۈنىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ مۈڭگۈزىدە جىلۋە قىلاتتى. بۇ مۈڭگۈزلەردىن يالقۇن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك ئىدى. مەن دىۋە ـ پەرىلەر ماڭا قۇرغان قىلتاقنى كۆرگەندەك بولدۇم. بۇ قىزنىڭ دوزاختىن كەلگىنىگە، مېنى رەسۋا قىلىش ئۈچۈن كەلگىنىگە گۇمان قىلمىدىم، بۇنىڭغا قەتئىي ئىشەندىم، — پوپ مەھبۇس قىزغا قاراپ قويۇپ سۆزلەۋەردى، — مەن بۇنىڭغا ھازىرمۇ ئىشىنىمەن. جادۇگەرلىك ماڭا تەدرىجىي رەۋىشتە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇسسۇل ئوينىغان چاغدىكى قەدەملىرىڭ كاللامنى ئايلاندۇردى. مەن جادۇگەرلىكنىڭ سېھرىي كۈچى مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالغانلىقىنى بىلدىم. ئەسلىدىكى سەگەك ۋۇجۇدۇم ئەمدىلىكتە غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولدى. مەن مۇشۇنداق بىر ئۇيقۇنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتكەن بولساممۇ، ئاخىر قار ئىچىدە ياتقان ئۆلۈككە ئوخشاپ قالدىم. تاسادىپىي يوسۇندا، سېنىڭ ناخشا ئاۋازىڭ قۇلىقىمغا كىردى، نېمە قىلىش كېرەك، راستىنىلا بەختسىز ئادەم ئىكەنمەن، دەپ ئويلىدىم! ناخشاڭ مېنى ئۆزىگە ئۇسسۇلۇڭدىنمۇ بەكرەك رام قىلدى. قاچماقچى بولدۇم، لېكىن قاچالمىدىم. بىرەرى مېنى مىخلىۋەتكەندەك ياكى پۇتلىرىم يەرگە يىلتىز تارتقاندەك ۋە ياكى تاش ئادەمدەك مىدىرلىيالمىدىم. ئورنۇمدا تۇرىۋەردىم. پۇتلىرىم توڭلىدى. كاللام قىزىپ ئوت بولدى. ئاقىۋەت، ئېھتىمال ماڭا ئىچىڭ ئاغرىغاندۇ، ناخشاڭ

توختاپ، يولۇڭغا ماڭدىڭ. جاننى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان ئۇ مەنزىرە، ئۇ يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاھاڭ كۆز ئالدىمدىن يوقالمىدى، قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن كەتمىدى. دېرىزىنىڭ يېنىدىكى بۇلۇڭغا يىقىلدىم، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ھەيكەلدىنمۇ قاتتىقراق چۈشتۇم. چۆل - چۆل بولۇپ كەتكىلى تاس قالدىم. كەچكى دۇئا - تىلاۋەتنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىدىن ھوشۇمغا كەلدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ، قاچماقچى بولدۇم. لېكىن، قەلبىمدىكى قانداقتۇر بىرنەرسە سۇنۇپ كەتكەندەك، پەقەت ئورنۇمدىن تۇرالمىدىم. قانداقتۇر بىرنەرسە مەيدەمدىن بېسىۋالغاندەك، قېچىپ كېتىشكە پەقەت ئامال قىلالمىدىم.

پوپ يەنە بىردەم توختىۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇ كۈندىن باشلاپ، مەن ھېچكىم تونۇمايدىغان ناتونۇش ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. بۇرۇنقى كېسەل داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن، مۇنداقچە دېگەندە، موناستىر، ئىلاھىي مۇنبەر، خىزمەت، كىتاب قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ ئۆزۈمنى داۋالىماقچى بولدۇم. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشمايدىغان خام خىيال بولۇپ چىقتى! قىزغىنلىق بىلەن تولغان كاللام ئۈمىدسىزلىك بىلەن چۇلغانغان چاغدا، ئىلىم - پەن دېگەنلەر ئىچى كاۋاك كامارغا ئوخشاپ قالدى! قىزچاق، شۇنىڭدىن كېيىن كىتاب - دەستۇرلارنىڭ ئىچىدىن ۋە ئۆزۈمنىڭ جىسمىدىن كۆزۈمگە سەن كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ سەن كۆرۈنىدىغان، سېنىڭ ئوبرازىڭ كۆرۈنىدىغان، شۇ كۈندىكى كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان سىياقىڭ كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، بۇ گۈلدەك قەددى - قامىتىڭ ئەسلىي رەڭگى بىلەن ئەمەس، بەلكى كۈنگە ئۇزاق قاراپ تۇرسا ئادەمنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك سۇرلۇك، تۇتۇق، خىرە كۆرۈنىدىغان بولدى. مەن سېنىڭ سىيمايىڭدىن ئۆزۈمنى تارتالمىدىم. ناخشاڭ قۇلىقىم تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇردى. پۈتلىرىڭنىڭ دۇئا - تىلاۋەت كىتابلىرىم ئۈستىدە ئۇسسۇل

www.uyghurkitap.com

ئۈيىنغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم. گۈزەل رۇخسارىڭ چۈشلىرىمدە جىسمىم ئۈستىدىن سىيرىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. سېنى كۆرۈشكە، سىلاپ بېقىشقا تەشنا بولدۇم. سېنىڭ زادى نېمە ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلگۈم كەلدى. رېئاللىقتىكى سەن بىلەن قەلبىمگە ئورناپ كەتكەن يارقىن ئوبرازىڭنى سېلىشتۇرۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوخشاش ياكى ئوخشاش ئەمەسلىكىگە قاراپ باققۇم كەلدى. مۇشۇ ئەھۋالدا، ئەگەر ئەمەلىي پاكىت مېنىڭ خام ـ خىيالىمنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتسىمۇ مەيلى ئىدى. ئومۇمەن، يېڭى بىر ئوبرازنىڭ ئالدىنقى ئوبرازنى كۆزۈمدىن نېرى قىلىشىنى ئۈمىد قىلدىم. چۈنكى، ئالدىنقى ئوبراز بەك مۇكەممەل ئىدى، چىدىيالماي قالغانىدىم. شۇ ۋەجىدىن، سېنى ئىزدەپلا يۈردۈم. دەرۋەقە سېنى يەنە كۆردۈم. بىتەلەي ئىكەنمەن، خۇدا ! چۈنكى سېنى ئىككى قېتىم كۆرگەندىن كېيىن، مىڭ قېتىم كۆرسەم دېگەن يەرگە كەلدىم. سېنى مەڭگۈ كۆرۈپ تۇرۇشنى ئويلىدىم. دوزاخقا بارىدىغان يولدىكى قىيالىقتا هارۋامنى توختىتالايتتىممۇ؟ سېنى سېغىنىپ يۈرگەن كۈنلەردە سېنى ئويلىماسلىقتا ئامال بارمىدى؟ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدىم. شەيتان يېپىنىڭ بىر ئۇچىنى مېنىڭ قانتىمغا، بىر ئۇچىنى سېنىڭ پۇتۇڭغا چىگىپ قويغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ساڭا ئوخشاش سەرسانلىق ـ سەرگەردانلىق يولىغا چۈشتۇم. كۆپتىن ـ كۆپ دەرۋازىلاردا سېنى ساقلىدىم. تالاي كوچا دوقمۇشلىرىدا سېنى مارىدىم. قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ ساڭا ئوغرىلىقچە سەپسالدىم. ئۆيۈمدە ئولتۇرۇپ سېنى خىيال قىلدىم. مەپتۇن بولغانسېرى ئۈمىدسىزلەندىم. ئۈمىدسىزلەنگەنسېرى مەجنۇن بولدۇم. روھىم ئۆزۈل ـ كېسىل ۋەيران بولۇپ كەتتى !

ئاخىرىدا سېنىڭ نېمە ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېنىقلىدىم. مىسىرلىق، بوخېمىيەلىك سەرگەردانلارنىڭ جادۇگەرلىك بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىش نەدە بار؟ گېپىمگە قۇلاق سال. مەن بىر

قېتىملىق سوت بىلەن ماڭا قىلىنغان جادۇدىن قۇتۇلۇشنى ئارزۇ قىلدىم. برونوداستىمۇ بىر ئايال داخانغا ئەسىر بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن جېنى ئامان قالغانىدى. مەن بۇ ئىشنى ئاڭلىغان. شۇڭا، مۇشۇ چارە ئارقىلىق ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. بىر مەزگىلگىچە سېنىڭ بۇۋى مەريەم چېركاۋى تەرەپكە كېلىشىڭنى چەكلىدىم. سەن كەلمىسەڭلا سېنى ئۇنتۇلۇپ كېتىمەن دەپ ئويلىدىم. لېكىن، سەن چەكلەش بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىغاچقا، سېنى بۇلىماقچى بولدۇم. بىر كۈنى كەچتە سېنى تۇتۇۋالدىم. بىز ئىككى ئادەم ئىدۇق. دەل شۇ چاغدا ھېلىقى رەزىل ئوفىتسېر كېلىپ قالدى ۋە سېنى قويۇۋەتتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ باشلاندى. شۇنداقلا مېنىڭ بەختسىزلىكىمۇ، ئوفىتسېرنىڭ بەختسىزلىكىمۇ باشلاندى. مەن قانداق قىلىشىمنى، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئامالىمنىڭ يوقىدىن سېنى ھېلىقى ئوفىتسېرغا تاشلاپ بەرمەكچى بولدۇم. شۇنداق قىلسام برونوداستقا ئوخشاش ئازادلىققا چىقالايمەن دەپ قارىدىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىپ سېنى قولۇمغا كىرگۈزۈۋېلىش كويىدا بولدۇم. سېنى زىندانغا سولىتىۋەتسەملا ساڭا ئىگە بولالىشىم مۇمكىن ئىدى. چۈنكى، سەن ئۇ يەردىن قېچىپ كېتەلمەيتتىڭ. سەن مېنىڭ كۆڭلۈمنى شۇنچە ئۇزاق مالال قىلغانىدىڭ، مېنىڭمۇ سېنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. ئەسكى ئىشتىن بىرنى قىلغان ئادەمنىڭ ھەممە ئەسكى ئىشنى قىلغۇسى كېلىدۇ. پەقەت ساراڭلا ئارا يولدا توختاپ قالىدۇ! جىنايەتنىڭ يەنە بىر بېشىدا ئادەمنى زارىقتۇرىدىغان خۇشاللىق بولىدۇ! بىر پوپ بىلەن بىر ئايال پېرىخون پەقەت زىنداندىكى بورىدا ئۆلتۇرغاندىلا بىر گەۋدىگە ئايلىنالايدۇ، خۇشاللىقتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ!

شۇنداق قىلىپ مەن ئۇستۇڭدىن ئەرز سۇندۇم. شۇنىڭدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كېيىن بىز ھەر قېتىم ئۇچراشقاندا مەندىن قورقىدىغان بولۇپ قالدىڭ. بىراق، مەن ساڭا زىيانكەشلىك قىلىش ئۈچۈن سۈيىقەست پىلانلاشتا، ئەتراپىڭدا تەھدىت ۋە چاقماق پەيدا قىلىشتا، بېشىڭدا بوران چىقىرىشتا سەل ــ پەل ئىككىلەندىم. پىلانىمنىڭ ئىچىدىكى بەزى نەرسىلەر بەك قورقۇنچلۇق بولغاچقا، تولا كەينىمگە داجىپ ئالدىمغا ماڭالمىدىم.

بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىشىممۇ ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئېھتىمال مەلۇم ۋاقىتقا كەلگەندە، بۇ قورقۇنچلۇق خىيالنىڭ ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمەي كاللامدىن غايىب بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەكمۇ ياكى ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەكمۇ، ئىشىنىمەنكى مەن بۇ ھەقتە ئاخىرقى قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم. ھەرقانداق رەزىل خىيالنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانمىغۇچە بولدى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ھەممىنى بويسۇندۇرالايمەن دەپ ئويلايتتىم. لېكىن، تەقدىرنىڭ كۈچى مەندىن قۇدرەتلىكتەك قىلاتتى. ھە، تەقدىر! تۇتۇق بەرمەيدىغان تەقدىر سېنى تۇتۇپ، مېنىڭ ئالىقىنىمغا تاشلاپ بەردى. مەن ئۆز قولۇم بىلەن ياسىغان قورقۇنچلۇق ماشىنىنىڭ چىشلىق چاقى ئاستىغا قويۇپ بەردى. ئاڭلاپ تۇر، تۈگەي دەپ قالدى.

بىر كۈنى قۇياش نۇرى چاقناپ تۇرغان بىر كۈنى، بىر ئەر قاقاقلاپ كۈلگىنىچە ئىسمىڭنى توۋلاپ ئالدىمدىن ئۆتۈپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شەھۋانىيلىق چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم. كېيىنكى ئىشلاردىن خەۋىرىڭ بار.

پوپنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ قىز ۋارقىراپ كەتتى:

ــ ئاھ، مېنىڭ فوبۇسۇم.

ــ بۇ ئىسىمنى تىلىڭغا ئالغۇچى بولما! ــ پوپ قىزنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى، ــ ئۇنىڭ گېپىنى قىلما! بىزدەك بەختسىزلەرنى دەل مۇشۇ ئىسىم ۋەيران قىلدى! ياكى بولمىسا

تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان تەقدىر بىزنىڭ ھەممىمىزنى ۋەيران قىلدى! شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كۆڭلۈڭ يېرىم بولدى، تۇڭلىدىڭ، قاراڭغۇلۇق سېنى قارىغۇ قىلىپ قويدى، زىندان سېنى ئىلكىگە ئالدى. لېكىن، قەلبىڭدىكى ئازغىنە يورۇقلۇق يوقالمىدى. ئۇ ناھايىتى كەلسە سەندىكى نادانلارچە مۇھەببەت، خالاس! سەن ھېلىقى تۈتامى يوق ئەرنىڭ سېنى قانداق ئەخمەق قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمەي قالدىڭ. مېنىڭ قەلبىم ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر تۈرمە، مېنىڭ قەلبىم مۇدھىش سوغۇق بىلەن قاپلانغان قىش پەسلى، ئۇ ئاق قار، كۆك مۇز ۋە ئۈمىدسىزلىك بىلەن تولغان، مېنىڭ قەلبىمدە قاراڭغۇلۇقتىن بۆلەك ھېچنېمە يوق. مەن دۈچ كەلگەن مالامەتلەرنى بىلەمسەن؟ مەن سەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ دېلونىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە قاتناشقان ئادەم. مەن دىنىي سودىيەلەرنىڭ ئورنىدا، ئاۋۇ پوپلارنىڭ قاتارىدا، بېشىغا ياغلىق ئارتىۋالغان پوپلار بىلەن بىللە باش - كۆزۈمنى يۆگەپ، جىنايەتچىگە ئوخشاش ئولتۇردۇم. ئادەملەر سېنى سوتخانىغا ئەكەلگەن چاغدا مەن بار؛ ئادەملەر سېنى سوراق قىلغان جايدا مەن بار؛ ئۇ دېگەن چىلبۆرىلەرنىڭ ماكانىغۇ؟ ئۇ يەردە مېنىڭمۇ جىنايىتىم بار. جازالىنىدىغان ئادەم مەن. لېكىن، مەن كىشىلەرنىڭ بۇ جىنايەتنى ساڭا ئارتىپ قويغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم. ھەر قېتىملىق گۇۋاھلىقنى، ھەر قېتىملىق ئاقلاشنى ئاڭلاپ تۇردۇم. سېنىڭ بۇ جاپالىق يولدىكى ھەربىر قەدىمىڭنى ھېسابلاپ تۇردۇم. رەھىمسىز ياۋايى ھايۋانلارنىڭ — مەنمۇ شۇ نەق مەيداندا — سېنى قىيىن - قىستاققا ئالىدىغانلىقىنى ئالدىنئالا پەرەز قىلالمىدىم. ئاڭلاپ تۇر، مەنمۇ سېنىڭ ئارقاڭدىن سېنى قىينايدىغان ھېلىقى ئۆيگە كىردىم. جازا ئىجرا قىلغۇچىنىڭ ئايىغىڭنى سالدۇرغانلىقىنى، پايپىقىڭنى يەشكەنلىكىنى كۆردۈم. پۇتۇڭ ئوچۇق قالدى. پۇتۇڭنى كۆردۈم. بۇ مەن بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇپلا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئەرزىيدىغان

www.uyghurkitap.com

پۈتلار ئىدى، بېشىمغا دەسسىگەن تەقدىردىمۇ مېنى مەستخۇش قىلىدىغان پۈتلار ئىدى. لېكىن، مەن بۇ پۈتلارغا تۆمۈر ئۆتۈكنىڭ كىيدۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردۇم. بۇ تۆمۈر ئۆتۈك قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ پۇتىنى كاردىن چىقارمىغان! شۇ چاغدا مەن بىر خەنجەرنى كۆڭلىكىمنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇۋالغانىدىم. مەن بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپ سېنىڭ ھەر قېتىملىق ئىڭرىشىڭنى ئاڭلىغاندا، خەنجەرنى مەيدەمگە بىر قېتىم سانجىدىم. ئىككىنچى قېتىملىق ئىڭرىشىڭنى ئاڭلىغاندا، يەنە بىر قېتىم سانجىدىم. قاراپ باق، يارا ئاغزىدىن ھېلىمۇ قان ئېقىپ تۇرۇپتۇ!

پوپ كىيىمىنى يەشتى، مەيدىسى ھەقىقەتەنمۇ يولۋاسنىڭ تىرنىقى پاتقاندەك جاراھەتلەنگەن، ئىككى تال قوۋۇرغىسىنىڭ ئاستىدا يوغانلا بىر يارا ئېغىزى بار ئىدى، ئۇ تېخىچە ساقايمىغانىدى.

ئەسمېرالدا قورقۇپ كەينىگە داجىدى.

— ئاھ، — دېدى پوپ، — ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، قىزچاق! سەن ئۆزۈڭنى بەختسىز چاغلايسەن، لېكىن نېمىنىڭ بەختسىزلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. ئۆزى بىر پوپ تۇرۇقلۇق، ئادەملەر پەس كۆرىدىغان پوپ تۇرۇقلۇق بىر ئايال زاتىنى چىن يۈرىكىدىن ياخشى كۆرۈپ قالسا، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنى سۆيسە، ئۇنىڭ پىسىڭگىدە كۈلۈمسىرىشىنى دەپ ساپ قېنىدىن، ئەخلاق ـ پەزىلىتىدىن، شان ـ شەرىپىدىن، ھەتتا پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەمدىكى ھاياتىدىن ۋاز كەچسە؛ ئۆزىنىڭ پادىشاھ، تالانت ئىگىسى، ئىمپېراتور، پەرىشتە ياكى ئىلاھ بولالمىغىنىدىن نەپرەتلەنسە؛ ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئىناۋەتلىك مالايدەك ئۆمىلىيەلمىسە؛ ئۇنى بىر قۇچاقلاشنى كېچە ـ كۈندۈز خىيال قىلسا، لېكىن ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپلا بىر ئوفىتسېرنىڭ فورمىسىنى ياقتۇرۇپ قالغىنىنى كۆرسە، ئۆزىنىڭ

بۇ قىزغا تەقدىم قىلالايدىغىنى پەقەتلا مىسسىيونېرلارنىڭ ئۇزۇن تونلا بولسا، بۇ قىز جېنى چىققۇدەك قورقىدىغان ۋە ياراتمايدىغان پاسكىنا ئۇزۇن تونلا بولسا؛ بۇ قىز ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى ۋە گۈزەل لاتاپىتىنى بىر رەزىل هاماقەتكە ئىسراپ قىلسا؛ پوپ ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىچى قارىلىق ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولسا؛ بۇ پوپ قىزنىڭ جىسمىنى دەپ شەھۋانىي ئوتتا پۇچۇلانسا، قىزنىڭ يۇمران كۆكسى، گۈلدەك چىرايلىق بەدىنى باشقىلارنىڭ سۆيۈشلىرىدىن تىترىسە! خۇدا، بۇلار ئۇنىڭ قېنىنى قايناتامدۇ؟ ئۇ شۇ ئايال زاتىنىڭ جىلۋىگەر پۇتلىرىنى، قاشتېشىدەك بىلەكلىرىنى، ئەتىر پۇرايدىغان مورىلىرىنى سىغىنىپ، ئۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۆرۈنىدىغان كۆكۈچ تومۇرلىرىنى ئويلاپ، ئاچ بېغىر رەڭ تېرىسىنى خىيال قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىچىك هۇجرىسىدا كېچە ـ كۈندۈزلەپ تۈگۈلۈپ ياتىدۇ. شۇنداقلا ئولتۇرسا ـ قوپسا ئېسىدىن چىقىرالمايدىغان بۇ دىلبەرنىڭ قىيىن ـ قىستاققا دۇچار بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ تېرە بىلەن قاپلانغان كارىۋات ئۈستىدە جازاغا تارتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ! ئاھ، ئۇ دوزاخنىڭ ئوتى بىلەن قىزدۇرۇلغان ئامبۇر ئەمەسمۇ؟ هەرە بىلەن هەرىلەنگەن ياكى ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەممۇ بۇ پوپتىن بەختلىككۇ؟ سەن مۇنداق قىينىلىشنىڭ تەمى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ تاڭ ئاتمايدىغان ئۇزۇن كېچىلەردە، ئۇنىڭ قېنى شىددەت بىلەن مەۋج ئۇرىدۇ. يۈرەك باغرى پارە ـ پارە بولىدۇ. بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قولىنى ئۆزى چىشلەيدۇ. دەھشەتلىك قىيناق تۇپەيلى قىزدۇرۇلغان تۆمۈر تىرنا ئۈستىدە يۇمىلىغاندەك، مۇھەببەت، هەسەتخورلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىلكىدە ئۆرتىنىدۇ! قىزچاق، ماڭا رەھىم قىل! تەسەللى بېرىپ كۆڭلۈمنى ئارامىدا قوي! يارامغا مەلھەم سۈرت! پېشانەمدىن مونچاقتەك تۆكۈلۈۋاتقان تەرىمنى سۈرتۈپ قوي! بىر

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

قولۇڭ بىلەن مېنى جازالاپ، بىر قولۇڭ بىلەن مېنى ئەركىلىتىپ قوي! ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، قىزچاق، ماڭا رەھىم قىل!

پوپ كامىردىكى سۇ كۆلچىكىدە يۇمىلاپ، بېشىنى تاش پەلەمپەيگە ئۇردى. مەھبۇس قىز ئۇنىڭ سۆزىگە باشتىن - ئاياغ قۇلاق سالدى. ئۇنىڭغا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى. پوپنىڭ سۆزى تۈگىدى، چارچىدى، ئۇ مادارىدىن كېتىپ ھاسىراۋاتقان چاغدا، قىز پەس ئاۋازدا:

— ئاھ، مېنىڭ فوبۇسۇم! — دېگەن سۆزنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

پوپ تىزلانغان پېتى ئۆمىلەپ قىزنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، — دەپ توۋلىدى ئۇ، — ئازراقلا ۋىجدانىڭ بولسا، مېنى رەت قىلما! ئاھ، سېنى سۆيىمەن! مەن ھەقىقىي بىچارە! بەختسىز قىز، سەن مۇشۇ ئىسمىنى تىلغا ئالساڭلا راستىنلا يۈرىكىمنىڭ تومۇرلىرىنى قويماي مىجىۋەتكەندەك بولىسەن! رەھىم قىل! ناۋادا سەن دوزاختىن كەلگەن بولساڭ، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە دوزاخقا كېتەي. سەن تۇرىدىغان دوزاخ مەن ئۈچۈن جەننەتنىڭ ئۆزى. سىرلىق بېقىشلىرىڭ ئىلاھەنىڭكىدىنمۇ سۆيۈملۈك! گەپ قىل، مەيدەمدىن ئىتتەرمە! ئەگەر بىر قىز مۇھەببەتنى مۇشۇنداق رەت قىلسا، ئېگىز تاغلارمۇ يىقىلىۋېتىدۇ. خالايدىغانلا بولساڭ! ... بىز بەختلىك بولالايمىز! قېچىپ كېتىمىز، سېنى بۇ رەسۋا جايدىن ئەكېتەلەيمەن. يىراق - يىراقلارغا كېتىپ، يەر يۈزىدىكى قۇياش نۇرى چاراقلاپ تۇرغان، بوك - باراقسان دەرەخلىرى بار، ئاسمىنى شېشىدەك سۈزۈك پاكىز جاينى تاپالايمىز. بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرىمىز، ئۆزئارا روھىمىزنى تولۇقلايمىز، ئارىمىزدا مەجنۇنلارچە سۆيگۈ - مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. تىنىمسىز رەۋىشتە ۋىسال مەيلىرىنى ئىچىمىز!

قىز ئاچچىق كۈلدى - دە، ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ:

— كۆزۈڭنى ئېچىپ قاراپ باقە، ھۆرمەتلىك پوپ! بارماقلىرىڭدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى.

پوپ بۈتتەك بىرھازاغىچە ھاڭۋېقىپ قېلىپ، قولىغا سەپسالدى.

— ھە، راست! — دېدى ئۇ غەلىتە مۇلايىم تەلەپپۇز بىلەن، — مېنى ھاقارەت قىلساڭمۇ مەيلى، مەسخىرە قىلساڭمۇ مەيلى، ۋەيران قىلساڭمۇ مەيلى، لېكىن تېزرەك بول، دەرھال بۇ يەردىن كېتەيلى! ساڭا شۇنى دەپ قوياي، ساڭا بېرىلىدىغان جازا ئەتىلا ئىجرا قىلىنىدۇ. گرېۋ مەيدانىدا دارغا ئېسىلىسەن، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇنىڭ سېنى ساقلاپ تۇرغىنىغا نەكەم! بەك قورقۇنچلۇق، سېنىڭ مەھبۇس ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ سازايى قىلىنغىنىڭنى كۆرۈپ قانداق چىداپ تۇرالايمەن! خۇدا، ماڭا رەھىم قىل! مەن سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ھازىرقىدەك بىلگەن ئەمەس، ئاھ، مەن بىلەن ماڭ! مەن سېنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن مېنى ياخشى كۆرۈپ قالساڭمۇ ئۆلگۈرسەن! ماڭا قانچىلىك نەپرەتلەنسەڭ ئىختىيارىڭ، لېكىن تېز بول، ئەتىچۇ، ئەتە! دار! ئۆلۈم جازاسى! ئاھ، ئۆزۈڭنى قۇتۇلدۇر! مېنى ئەپۇ قىل!

پوپ قىزنىڭ قولىنى قويۇۋەتمىدى. قارىغاندا ئەقلىدىن ئازغاندى. ئۇنىڭ خىيالى قىزنى سۆرەپ بولسىمۇ ئېلىپ مېڭىش ئىدى.

— مېنىڭ فوبۇسۇمغا نېمە بولدى؟ — قىزنىڭ كۆزىدىن سوغۇق نۇر چاقنىدى.

— ئاھ! — پوپ قولىنى ئۇنىڭ بىلىكىدىن بوشاتتى، — سەن بەكمۇ تاش يۈرەك ئىكەنسەن!

— مېنىڭ فوبۇسۇم نېمە بولدى؟ — قىز بۇ سوئالنى قەتئىيلىك بىلەن يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

— ئۇ ئۆلدى! — دېدى پوپ ۋارقىراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۆلدى؟ — قىزنىڭ چىرايى سۇرلۇك تۇس ئالدى، — ئۇنداقتا مېنى تىرىك قېلىشقا ئۇندەپ نېمە قىلماقچى؟

بۇ سۆز پوپنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى.

— ئۇ چوقۇم ئۆلدى، — دېدى پوپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ، — خەنجەر شۇنداق چوڭقۇر سانجىلغانىدى. خەنجەرنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىگە كىرىپ كەتكىنىگە ئىمانىم كامىل. ئاھ، مېنىڭ جىمى كۈچۈم خەنجەرنىڭ ئۇچىغا يىغىلغان تۇرسا!

قىز غەزەپلەنگەن ئانا يولۋاسقا ئوخشاش شىددەتلىك ئېتىلىپ بېرىپ، پوپنى بارلىق كۈچى بىلەن تاش پەلەمپەيگە ئىتتەردى.

— يوقال، ئالۋاستى! كۆزۈمدىن يوقال، خۇنپەر! مېنى ئۆلگىلى قوي! بىزنىڭ قېنىمىز سېنىڭ پېشانەڭگە مەڭگۈلۈك لەنەت تامغىسى باسسۇن! سەن بىلەن؟ سەندەك بىر پوپ بىلەن؟ ئەبەدىلئەبەد مۇمكىن ئەمەس! ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس! مېنى ھېچقانداق نەرسە سەن بىلەن بىر يەرگە جەم قىلالمايدۇ. ئۇ ئىش دوزاخنىڭ قولىدىنمۇ كەلمەيدۇ! يوقال! ئىپلاس! مەڭگۇ مۇمكىن ئەمەس!

پوپ سەنتۈرۈلگەن پېتى تاش پەلەمپەينىڭ ئالدىغا باردى، لام - جىم دېمەي، پۈتلىرىنى ئۇزۇن تونىنىڭ ئىچىگە يىغىپ چىراغنى قولىغا ئالدى. ئاندىن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىشىكنى ئاچتى - دە، غىپپىدە چىقىپ كەتتى.

ئەسمىرالدا ئۇنىڭ يەنە ئىشىكتىن بېشىنى چىقارغانلىقىنى كۆردى. پوپنىڭ چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇراتتى.

— ساڭا دەپ قوياي، ئۆلدى! — دېدى پوپ غەزەپلەنگەن ۋە ئۈمىدسىزلەنگەن ئاۋاز بىلەن.

ئەسمىرالدا يەرگە دۈم يىقىلدى. زىندان تىنچىپ قالدى. قاراڭغۇدا سۇ تامچىسىنىڭ چېكىلداپ چۈشكەن چاغدىكى ئاۋازىدىن بۆلەك ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

# 5. ئانا

مەن دۇنيادا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئانا بولغان ئايال ئۆز پەرزەنتىنىڭ كىچىك چاغدا كىيگەن پوپۇچىغا قاراپ ئولتۇرغاندىنمۇ كۆڭۈللۈك بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. بولۇپمۇ بۇ پوپۇچ بايرام كۈنلىرى ياكى چوقۇندۇرغاندا كىيگەن ئاياغ بولسا ۋە ياكى چەمگە گۈل كەشتىلەنگەن ئاياغ بولغان بولسا، ياكى بۇ بالا تېخى مېڭىشنى بىلمەيدىغان كۈنلەردە كىيگەن ئاياغ بولغان بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. مۇنداق پوپۇچ نەپىس، چاقىقان تىكىلگەن بولىدۇ. مۇنداق پوپۇچنى كىيگەن بالىنىڭ تېخى ئايىغى چىقمىغان بولىدۇ. ئانا بولغان ئايال مۇنداق پوپۇچنى كۆرگەندە، بالىسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. ئاياغقا قاراپ كۈلىدۇ، ئۇنى لەۋلىرىگە بېسىپ كۈلىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىدۇ. ئۆزىدىن «ئىنسان بالىسى مۇشۇنداق پوپۇچنىمۇ كىيەمدۇ؟» دەپ سورايدۇ. مۇشۇنداق چىرايلىق پوپۇچنى كۆرگەن ھامان، بالىسى يېنىدا بولمىغان تەقدىردىمۇ، شۇ يۇمران، مەسۇم يۈرەك پارىسى ئالدىدا تۇرغاندەك بىلىنىدۇ. ئۇ بالامنى كۆردۈم دەپ ئويلايدۇ. ئانا ھەتتا بالىسىنىڭ دىكىلداپ ـ سەكرەپ، كۈلۈپ ئويناۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ بۇدرۇق ئالىقانلىرىنى، يۇپيۇمىلاق بېشىنى، غۇبارسىز لەۋلىرىنى، نۇر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. ناۋادا قىش پەسلى بولۇپ، بۇ بالا گىلەمدە ئۆمىلەۋېتىپ، ناھايىتى تەستە ئورۇندۇققا ياماشقان بولسا، ئانا بولغۇچى ئايال قورقۇپ تىترەپ كېتىدۇ. ئۇنى شۇنداق ئۆمىلەپ يۈرۈپ ئوچاقنىڭ قېشىغا بېرىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. ناۋادا ياز پەسلى بولسا، بۇ بالا تەمتىلەپ ھويلىغا چىقىدۇ، گۈللۈككە كىرىدۇ، ياپىلاق تاش ئاراچىلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلىدۇ، قىلچە ھودۇقماي ئىتلارغا، ئاتلارغا قارايدۇ.

www.uyghurkitap.com

پۇرچاق مايسىلىرى، گۈل شاخلىرى بىلەن ئوينىشىدۇ. تەشتەكلەرگە قۇم چاچىدۇ. چىغىر يوللارغا لاي ئاتىدۇ. باغۋەن تېرىكىپ غوتۇلدايدۇ. ئەتراپتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ بالىغا ئوخشاش كۈلۈمسىرەيدۇ، ۋالىلداپ نۇر چاچىدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ يۇمشاق بۇدۇر چاچلىرى ئارىسىدا ئويناۋاتقان ھاۋامۇ، قۇياش نۇرىمۇ كۈلۈۋاتقاندەك، خۇشال ئويناۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. بالىنىڭ بىر جۈپ پوپۇچى مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئانىنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر قىلىدۇ، ئۇنىڭ يۈرىكىنى شامدەك ئېرىتىدۇ. لېكىن، بالا يوقىلىپ كەتكەن كۈندىن ئېتىبارەن، مۇشۇ پوپۇچ ئېلىپ كەلگەن جىمىكى شادلىق، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان لاتاپەتلىك سىيمالار شەپقەتسىز، قورقۇنچلۇق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. كەشتىلەنگەن پوپۇچ ئانىنىڭ كۆكسىگە مەڭگۈ سانجىلىپ تۇرىدىغان جازا قورالى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خىيالىدا ئوخشاش بىر تار توختىماي تەۋرەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ زىل، ئىنتايىن سەزگۈر تار ئىدى. بىراق، ئۇنى تەۋرىتىدىغىنى كۆڭۈلگە تەسەللى بېرەلەيدىغان پەرىشتە ئەمەس، بەلكى ئادەمنى دەردكە مۇپتىلا قىلىدىغان ئالۋاستى ئىدى.

رولاند مۇنارىدىكى راھىبەنىڭ قۇلىقىغا گىرىۋ مەيدانى تەرەپتىن ھارۋا چاقىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازى، ئات تۇياقلىرىنىڭ ۋە تۆمۈر قورالىلارنىڭ بىر ـ بىرىگە تەگكەن چاغدىكى ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئانا چۆچۈپ كەتتى. بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قۇلىقىنى چېچى بىلەن توسۇۋالدى. ئون بەش يىلدىن بۇيان بېشىغا ئېلىپ ئەتىۋارلاپ كەلگەن ھېلىقى جانسىز نەرسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلاندى. بىز بۇرۇنلا ئېيتقاندەك، بۇ نەرسە ئۇنىڭ پۈتكۈل ئالىمى، پۈتكۈل دۇنياسى ئىدى. ئۇنىڭ ئوي ـ خىيالى مۇشۇ پوپۇچ ئىچىگە ئۆلگەنگە قەدەر چىقمايدىغان دەرىجىدە نەزەربەند قىلىنغانىدى.

بۇ ئويۇنچۇقنى ئوخشاپراق كېتىدىغان، ھال رەڭ دۇخاۋىدىن

تىكىلگەن ئەپچىل پوپۇچ ئىدى. ئۇ ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان مۇشۇ كىچىككىنە پوپۇچنى دەپ، ئۆزىنىڭ بارلىق ئەلەم ـ ھەسرىتىنى خۇداغا قانچە قېتىملاپ ئىزھار قىلغان، نىدا قىلغان، خورسىنغانىدى. مۇشۇ پوپۇچنى دەپ قانچە قېتىملاپ دۇئا قىلغان ۋە يىغلىغانىدى. مۇشۇ پوپۇچتىن سۆيۈملۈك ۋە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان ھەرقانداق نەرسىمۇ ئۇنىڭ دىلىنى مۇنچىۋالا ئەزمىگەن، مۇنچىۋالا نادامەتكە قويمىغانىدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئانا ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ئازابلاندى. ئۇنىڭ يۈرەكىنى مۇجۇيدىغان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشلىرى، چىرقىرىغاندەك ئاۋازدا چىقىۋاتقان ئىلتىجالىرى يىراق ـ يىراقلارغا كەتتى.

«ئوبدان قىزىم! تاتلىق قىزىم! — دېدى ئانا ھەسرەتلىك نىدا قىلىپ، — بىچارە، سۆيۈملۈك جىگەر پارەم! ئەمدى سېنى قايتا كۆرەلمەيدىغان ئوخشايمەن! مەن تۇگەشتىم! بۇ ئىشلار ماڭا تۇنۇگۇنلا يۈز بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ. خۇدا، مەرھەمەتلىك خۇدا، سەن ئۇنى مەندىن مۇشۇنداق تېز ئايرىۋەتكۈچە، باشتىلا بەرمىسەڭ بولماسمىدى؟ ئەجەبا، سەن پەرزەنت دېگەننىڭ مېنىڭ بەدىنىمدىكى بىر بۆردا گۆش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولساڭ، بالىدىن جۇدا بولۇشنىڭ قانچىلىك قاتتىق ئازاب ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بولساڭ! ئاھ، خۇدا! باشپاناھىم! سەن ئۇنى مۇشۇ تەرىقىدە يېنىمدىن ئېلىپ كەتتىڭ، سەن ئۇنىڭ مەن بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا ماڭا قانچىلىك راھەت ـ پاراغەت ئاتا قىلغانلىقىنى كۆرمەپمىدىڭ؟ مەن شۇ چاغلاردا ئۇنى باغرىمغا بېسىپ ئوتقا قاقلانغاچ شۇنچىلىك خۇشال بولغان، ئۇمۇ ئەمچىكىمنى چىشلەپ تۇرۇپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگەن، يۇمران پۇتلىرىنى كۆكسۈمگە، ھەتتا لەۋلىرىمگە تەگكۈزگەنىدى.

ئاھ! سەن بۇلارنى كۆرمىگەنمۇ؟ ناۋادا سەن بۇلارنى كۆرگەن بولساڭ ئىدىڭ، ئۇلۇغ ئىگەم، ماڭا ئىچ ئاغرىتىدىغان، يۈرىكىمدىكى بۇ بىردىنبىر مۇھەببەتنى سوغۇرۇۋالمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولاتتىڭ ! ئەجەبا، مەن راستتىنلا مۇشۇنچىۋالا نەس باسقان، ھەتتا سەن كۆرسەڭمۇ كۆرمەسكە سېلىپ، مۇشۇنچىۋالا ئېغىر جازالىساڭ بولىدىغان ئادەممىدىم؟ ھەي ! مانا ئەمدىلىكتە ئۇ كىيگەن پوپۇچ ئالدىمدا تۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۇتى نەدە؟ پۇتۇنسۇرۇك بىر ئادەم نەگە كەتتى؟ بالام نەگە كەتتى؟ قىزىم، مېنىڭ قىزىم نەگە كەتتى ! خەقلەر سېنى نېمە قىلىۋەتكەندۇ، قىزىم ! ئۇلۇغ ئىگەم، مەن ساڭا تىزلىنىپ ئون بەش يىل دۇئا قىلدىم، ئىككى تىزىم يېغىر بولدى، قىزىمنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟ ھېچبولمىغاندا بىر كۈن بولسىمۇ، بىر سائەت، بىر مىنۇت بولسىمۇ مەيلىدى ! ئاھ، پېشىڭنى قانداق جايدا تۇتسا بولىدىغانلىقىنى بىلسەم، ئۇنى ئىككى قوللاپ تۇتاي، قىزىمنى قولۇمغا بەرگىن دەپ ئۆتۈنەي !

خۇدا، بۇ چىرايلىق پوپۇچ ئۇنىڭ ئايىغى، ئەجەبا سەندە قىلچىلىك ئىچ ئاغرىتىش دېگەن نەرسىمۇ يوقمۇ؟ سەن بىر بىچارە ئانىنى ئون بەش يىلدىن بۇيان مۇشۇنداق رەھىمسىزلىك بىلەن قىيناۋېرىشكە يۈرىكىڭ قانداق چىدايدۇ؟ مېھىر - شەپقەتلىك بۈۋى مەريەم، كۆك ئاسماندىكى مېھىر - شەپقەتلىك بۈۋى مەريەم ! خەقلەر مېنىڭ جانجىگەرىمنى، بالامنى بۇلاپ كەتتى، ئوغرىلىدى، چاتقاللىق ئىچىدە ئۇنى يەۋەتتى، قېنىنى ئىچتى، سۆڭەكلىرىنى چايناپ پۇركۇۋەتتى ! مېھىر - شەپقەتلىك بۈۋى مەريەم، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ! ئاھ، قىزىم ! ماڭا قىزىم كېرەك ! ئۇنى جەننەتتە قالدۇرمىساڭمۇ بولىدۇ، ئۇنى جەننەتتە قالدۇرساڭ ماڭا نېمە پايدىسى؟ ماڭا سېنىڭ پەرىشتىلىرىڭنىڭ لازىمى يوق، بالام بولسىلا بولىدۇ ! مەن بىر ئانا شىر، ماڭا بالا شىر كېرەك ! ئاھ، ساڭا تىزلىناي، ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە بېشىمنى ئۇراي. ئەگەر بالامنى ماڭا قايتۇرمىساڭ، ئۆزۈمنى قارغايمەن، ساڭا لەنەت ئوقۇيمەن! كۆرمەيۋاتامسەن، بىلىكىمنى چىشلەپ يارا قىلىۋەتتىم. مېھىر - شەپقەتلىك خۇدا ئازراق مېھىربانلىق كۆرسەتمەي قالارمۇ؟ ئەگەر بالام يېنىمدا

بولغان بولسا، مېنى قۇياشقا ئوخشاش ئىللىتقان بولاتتى. ئادەملەر سەدىقە قىلغان بىر چىمدىم تۇز، بىر چىشلەم قارا بولكىمۇ ماڭا ئالەمچە قانائەت ئاتا قىلغان بولاتتى!

ئاھ، خۇدا، شەپقەتلىك ئىگەم! مەن نەزىرىڭگە چۈشمەيدىغان شۇنچىلىكلا ئايال، لېكىن قىزىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزۈمنى دىيانەتلىك مۇخلىس ھېسابلايمەن. قىزىمغا بولغان مۇھەببەت تۇپەيلى ئېتىقادىم تولۇق. ئۇنىڭ پىشىكىدە كۇلۇشلىرى مېنى جەننەتكە ئېلىپ بارالايدىغان دەرۋازا، مەن ئۇنىڭدىكى تەبەسسۇمدىن سېنى كۆرەلەيمەن. بۇ پوپۈچنى بىر قېتىم، پەقەت بىر قېتىم بولسىمۇ ئۇنىڭ شۇ چىرايلىق پۇتلىرىغا كىيدۈرۈشۈمگە پۇرسەت بەرگىن، ئاندىن ساڭا ئوقۇيدىغان ھەمدۇ - سانالىرىم ئىچىدە جان تەسلىم قىلسامىمۇ مەيلى. ھەممىگە قادىر خۇدا! ئون بەش يىل بولدى! ئۇ ھازىر چوقۇم بويىغا يەتتى! ئاھ، شور پېشانە قىزىم! ئۇنى راستىنلا قايتا كۆرەلمەيمەنمۇ؟ ئۇ ئالەمدىمۇ كۆرۈش نېسىپ بولمامدۇ؟ ماڭا جەننەتتە ئورۇن يوق، شۇنداقمۇ؟ پاجىئەغۇ بۇ؟ ئۇنىڭ پوپۈچى قولۇمدا بولسىلا، قالغان ئىشلارغا سالاۋات!»

بەختسىز ئانا ئۆزىنى پوپۈچقا ئاتتى. نەپىس تىكىلگەن بۇ پوپۈچ ئون بەش يىلدىن بۇيان ئۇنىڭغا تەسەللى بولۇپ كېلىۋاتقان، شۇنداقلا ئۇنى ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا تاشلىغان بىردىنبىر نەرسە ئىدى. پوپۈچ ھەر قېتىم قارىغىنىدا بالىسى يوقىلىپ كەتكەن ئاشۇ كۈندىكى كۆرۈنۈش كۆز ئالدىدا زاھىر بولاتتى - دە، ئىچ باغرى ئۆرتىلىپ قار - مۇز يىغلاپ كېتەتتى. بالىسىنى يوقىتىپ قويغان ئانا ئۈچۈن، بالىسىنى يوقىتىپ قويغان ئاشۇ كۈن ئەبەدىلئەبەد تۈنۈگۈنكى كۈندەكلا بىلىنەتتى. شۇ ئازابنىڭ تۈگەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇشۇنداق چاغلاردا، شوخ باللار كۈلۈپ ئوينىغان پېتى ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالاتتى. بىچارە ئانا باللارنىڭ كۈلكىسىنى ئاڭلاپلا قالسا، خۇددى قۇلىقىنى ياپىلاق تاش

www.uyghurkitap.com

ياتقۇزۇلغان پولغا چاپلىۋېلىشقا تەييارلانغاندەك، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى خالىماي گۆرگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئۆينىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا بېرىۋالاتتى. لېكىن، بۇ قېتىم ئەكسىچە ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇلىقىنى دىڭ تۇتقان هالدا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئوغۇل بالىنىڭ «بۈگۈن مىسىرلىق بىر ئايالنى دارغا ئاسىدىكەن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ قالغانىدى.

ئۇ خۇددى توردا دىرىلداپ تىترەپ تۇرغان چىۋىنغا ئۆزىنى ئاتقان ئۆمۈچۈكتەك، بىرلا تاقلاپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دېرىزە گرېف مەيدانىنىڭ دەل ئۇدۇلىغا توغرا كېلەتتى. مەيداندىكى دار ياغىچىنىڭ ئالدىغا راستتىنلا بىر شوتا قويۇلغانىدى. دارغا ئېسىش جازاسىنى ئىجرا قىلىدىغان جاللات دات بېسىپ كەتكەن زەنجىرنى ئادالاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىر توپ ئادەملەر دارنىڭ چۆرىسىگە كېلىپ بولغانىدى.

بايىقى ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتكەن باللار يىراقلاپ كەتكەن بولغاچقا، راھىبە بىرەرى كېلىپ قالار دەپ دىققەت قىلدى. ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش كويىدا قالغان ئايال ئۆيىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر پوپنى كۆرۈپ قالدى. پوپ ھەممەيلەن ئورتاق ئىشلىتىدىغان دۇئا رىسالىسىنى ئوقۇۋاتقاندەك قىياپەتتە ئىدى. لېكىن، مۇنداقلا قاراشقا ئۇنىڭ ئەس ـ يادى قولىدىكى دۇئا رىسالىسىدە ئەمەس، بەلكى داردا بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ ھەدېسىلا شۇ تەرەپكە قارايتتى، كۆزلىرىدىن رەزىللىك ۋە ئەسەبىيلىك نۇرلىرى چاقنايتتى. راھىبە ئۇنى تونۇدى. ئۇ يوساستىكى ياردەمچى ئېپىسكوپ، ئىچىدىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان سىرلىق بىر ئادەم ئىدى.

— پوپ، دارغا بۇ نۆۋەت كىمنى ئاسىدىغاندۇ؟

پوپ ئايالغا لەپپىدە قاراپ قويۇپ جاۋاب قايتۇرمىدى. ئايال يەنە بىر قېتىم سورىدى.

— خەۋىرىم يوق، — دېدى پوپ.

— ئابايا بىرنەچچە كىچىك بالىنىڭ مىسىرلىق بىر ئايالنى

دارغا ئاسقۇدەك دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم، — دېدى راھىبە.

— شۇنداقمىكىنتاڭ — دېدى پوپ.

راھىبە دەلدۈشتەك قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— سىڭلىم، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، — سىز مىسىرلىق ئاياللاردىن بەك نەپرەتلىنىدىكەنسىز نېمە؟

— قاتتىق نەپرەتلىنىمەن؟ — توۋلاپ كەتتى راھىبە، — ئۇلار پېرىخون، ئۇلار مېنىڭ بالامنى ئوغرىلىغان! مېنىڭ يۈرەك پارەم قىزىمنى يەۋەتكەن، بىردىنبىر بالامنى! مېنىڭ يۈرىكىم يوق، ئۇلار مېنىڭ يۈرىكىمنىمۇ سۇغۇرۇۋالغان!

ئۇنىڭ تۇرقى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. پوپ ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇردى.

— بولۇپمۇ بىرىدىن بەكلا نەپرەتلىنىمەن، ئۇنى قارغايمەن، — دېدى راھىبە، — ئۇ بىر قىز! ئەگەر ئۇنىڭ ئانىسى قىزىمنى يەۋەتمىگەن بولسا، قىزىممۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشلىق بولۇپ قالاتتى. بۇ زەھەرلىك يىلان ھەر قېتىم ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، قېنىم مېڭەمگە تەپكەندەك بولىدۇ!

— بولدىلا، سىڭلىم! كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — پوپنىڭ چىرايىدىن مۇز ياغاتتى، — سىز ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرەلەيسىز! — پوپ شۇلارنى دەپ بولۇپ، كالىلىسىنى ساڭگىلاتقان پېتى مېڭىپ كەتتى.

— مەن بۇ ئالۋاستى قاچانلا بولسۇن دارغا ئېسىلىدۇ، دەپ بۇرۇنلا ئېيتقان! رەھمەت سىزگە، پوپ! — دېدى راھىبە.

راھىبە تۆمۈر دېرىزىنىڭ ئالدىدا ئۇيانىدىن - بۇيانغا ماڭدى. چاچلىرى چۇۋۇلدى، كۆزلىرىدىن ئوت يانغاندەك بولدى. خۇددى قەپەسنىڭ ئىچىدە ئۇزاق تۇرۇپ ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە يەيدىغان نەرسىنىڭ تەييار بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك، مۈرىلىرىنى تامغا ئۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# 6. ھەر كاللىدا ھەر خىيال

راستىنى ئېيتقاندا ، فوبۇس ئۆلمىگەنىدى. مۇنداق ئەرلەرنىڭ ئاسان جېنى چىقمايتتى. پادىشاھنىڭ پەۋقۇلئاددە ئادۋوكاتى فىلىپ لىۆلىر ئەسمېرالداغا «ئۇ ئۆلدى» دەپ خاتالاشقان ياكى بولمىسا مۇنداقلا دەپ قويغانىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ جازالانغۇچىنىڭ ئالدىدا ئۇنى ھەدەپ «ئۆلدى» گە چىقىرىشىمۇ، ئۇنى ئۆلدۈ دەپ ئويلىغانلىقىدىن، شۇنداق پەرەز قىلغانلىقىدىن، ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە ئىشەنگەنلىكىدىن، ئۆلۈشىنى تىلىگەنلىكىدىن ئىدى، ئەمەلىيەتتە، فوبۇسنىڭ ئۆلگەن ياكى ئۆلمىگەنلىكىنى پەقەت بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئايالغا رەقىبىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ بېرەمتى؟ ئېپىسكوپنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم بولسىمۇ، ئارىسالدى بولۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

فوبۇسنىڭ يارىسى خېلىلا ئېغىر ئىدى. لېكىن، ياردەمچى ئېپىسكوپ كۆپتۈرگەندەك ئۇنچىلىك ئېغىر دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. ئەسكەر ـ ساقچىلار ئۇنى تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغاندا، دوختۇر ئۇنى كۆپ بولغاندىمۇ بىر ھەپتە ئۆمۈر كۆرەرمىكىن، دەپ مۆلچەرلىدى ھەمدە بۇ گەپنى لاتىن تىلىدا ئۇنىڭغا ئېيتتى. شۇنداقتىمۇ فوبۇسنىڭ ياشلىقى، تىمەنلىكى غالىب كەلدى. ئادەتتىكى ئەھۋالغا ئوخشاش، گەرچە ھەر خىل دىياگنوز قويۇلغان ۋە ھەر خىل پەرەز قىلىنغىنىدىن قەتئىينەزەر، خۇدا بۇ بىمارنى دوختۇرنىڭ قولى ئارقىلىق قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ماقۇل بولدى. فوبۇس تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرىنىڭ ئەبجەق چىقىپ كەتكەن كارىۋىتىدا ياتقان بىرنەچچە كۈندە، فىلىپ لىۆلىر ئۇنىڭدىن نەچچە قېتىملاپ گەپ سورىدى. دىنىي سوت كوللېگىيەسىدىكى سودىيەلەر ئۇنىڭ ئۈستىدىن خېلى كۆپ

تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. بۇ ئىشلاردىن ئۇ ئىنتايىن تېرىكتى. ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگەنلىكى، ئۇ ئۆزىنى خېلى ياخشى ھېس قىلىپ، ئالتۇن شىپۇرنى دورا پۇلى ئورنىدا قالدۇردى ـ دە، ھېچكىمگە بىلىندۇرمەي غىپپىدە چىقىپ كەتتى. دېلونى تەرگەۋ قىلىشمۇ بۇنىڭلىق بىلەن يېرىم يولدا ئاقساپ قالمىدى. ئۇ چاغدىكى ئەدلىيە ئورگانلىرى دېلونىڭ دەل بولۇشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى. جىنايەتچىنى دارغا ئېسىۋەتسىلا ئۇلار قىلىدىغان ئىش تۈگىگەنگە ھېساب بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سودىيەلەر ئەسىرالداغا پايدىسىز يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتنى قولغا چۈشۈرگەنىدى. ئۇلار فوبۇس ئۆلگەن بولسا، ئىشنىڭ ئوخشۇشلۇق تاماملىنىدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى.

فوبۇسقا كەلسەك، قېچىپ بەكمۇ يىراققا كەتمىدى. پەقەت پارىژغا بىرنەچچە بېكەت كېلىدىغان فرانسىي ئارىلىدىكى قىسىمغا قايتىپ كەلدى. ئۇ تۇرۇشلۇق قوشۇن ئارالدىكى كۆۋرۈك بىرىي بازىرىدا مۇداپىئەدە تۇراتتى.

قىسقىسى، ئۇنىڭ سوتقا چىققۇسى يوق ئىدى. بۇ دېلودا ئۆزىنىڭ بىر كۈلكىلىك شەخس ئىكەنلىكىنى گۇڭگا ھېس قىلاتتى. يۈز بەرگەن ئىشلارغا قانداق قاراشقىمۇ پەمى يەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئېتىقادى يوق، خۇراپىي ئىشلارغا چوقۇنىدىغان، كاللىسى ئاددىي ھەربىي ئىدى. بۇ غەلىتە ۋەقەنى تولا ئويلايتتى ـ يۇ، پۈتكۈل جەرياننىڭ ئېغى بىلەن بېغىنى پەرقلەندۈرەلمەيتتى. ئوغلاقتىن، ئەسىرالدا بىلەن تۈنجى كۆرۈشكەن چاغدىكى ئەھۋالىدىن، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغاندىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئۇسۇلدىن، مىسىرلىق قىزنىڭ خۇلق ـ مىجەزىدىن، ھەتتا ھېلىقى سىرلىق راھىبتىن ئوخشاشلا گاڭگىراپ قالغانىدى. بۇ مەزگىلدىكى كەچۈرمىشلەرنىڭ شاھىتى بولغان مۇھەببەتمۇ ئويلىغانسېرى جادۇگەرلىكتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ قىز جادۇگەر ياكى ئالۋاستى بولسا ـ ھە؟ يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر كومېدىيە ياكى شۇ چاغدىكى ھەممەيلەن كۆنۈپ قالغان سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىلەن ئېيتقاندا، بىر قېتىملىق تېتىقسىز مىراكىل تىياتىرى ئىدى. ئۇ ئالغان رولمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەقنىڭ رولى ئىدى. ئۇ ھەممەيلەننىڭ كۆز ئالدىدا سەت كۆرۈنگەن، مەسخىرە قىلىنغان نىشانغا ئايلانغانىدى. كاپىتان خىجىل بولاتتى، لاپونتايىننىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك، ئۇ «مېكسىيانىنىڭ قولىغا چۈشكەن تۈلكىدەك شەرمەندە بولدى» دېگەن ئەھۋالنىڭ ئۆز بېشىغا كەلگەنلىكىدىن بەكلا نومۇس قىلاتتى.

ئۇ بۇ ئىشنىڭ قول سۇنسا يەڭ ئىچىدە، باش يېرىلسا بۆك ئىچىدە بولۇشىنى بەك خالايتتى. سوتقا چىقمىسىلا، باشقىلار ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرمايتتى. ھېچبولمىغاندا، تورنېل سوتخانىسىدىكى مۇنازىرىدە ئۇنىڭ گېپى بولمايتتى. مۇشۇ بىر ئىشتا ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى توغرا ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ تەلىيىگە ئۇ چاغلاردا سوت ھەققىدە ئاخبارات ئېلان قىلىنمايتتى. پارىژدىكى چوڭ - كىچىك سوت ناھايىتى كۆپ ئىدى. ساختا پۇل ياسايدىغان بىرەرسىنى قايناۋاتقان قازانغا تاشلىمايدىغان ياكى ئايال پېرىخوندىن بىرەرىنى دارغا ئاسمايدىغان ۋە ياكى بىرەر بىدئەتچىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرمەيدىغان بىرمۇ ھەپتە بولمايتتى. قېرىپ پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان، فېئودال تېمىس ① نىڭ يېڭىنى شىمايلىغان ھالدا دار، شوتا ۋە جازا سۇپىسى ئارىلىقىدا ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن شاپاشلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز دەپ ھەرقايسى جامائەت سورۇنلىرىغا بېرىش پارىژ ئاھالىسىگە ئادەت بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار كىمنىڭ دارغا ئېسىلىدىغانلىقىغا، نېمە سەۋەبتىن دارغا ئېسىلىدىغانلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇ چاغدىكى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ كوچا دوقمۇشلىرىدىن ئۆتۈۋاتقان جىنايەتچىنىڭ ئىسمى - فامىلىسى بىلەن كارى بولمايتتى. پارىژ ئاھالىسى تولا كۆرۈپ ھۆ بولۇپ كەتكەن مۇنداق ئىشلارغا پەرۋاسىز قارايتتى.

---

① تېمىس ــ يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئەدلىيە ۋە ئادالەت ئىلاھەسى.

ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغىمۇ خۇددى بولكا پىشۇرىدىغان چوڭ دۇخوپكىغا ياكى قاسساپلارنىڭ قۇشخانىسىغا قاراۋاتقاندەك، ئەجەبلەنمەي قاراپ تۇرۇۋېرەتتى. ئادەملەر قاسساپ بىلەن جاللاتنى سېلىشتۇرۇپ، جاللاتنىڭ قاسساپقا قارىغاندا سەل ـ پەل ۋەھشىي ئىكەنلىكىنىلا ھېس قىلاتتى، خالاس!

شۇڭا، فوبۇس پېرىخون ئەسمېرالدانى بولسۇن ياكى ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سىملا بولسۇن، سەرگەردان قىزنىڭ ياكى ھېلىقى ئالۋاستى روھانىينىڭ قولىدىكى خەنجەرنى بولسۇن، خەنجەرنىڭ كىمنىڭ خەنجىرى ئىكەنلىكىنى چوڭ ئىش چاغلاپ كەتمىدى. شۇنداقتىمۇ، كاللىسى ئازراقلا قۇرۇقدىلىپ قېلىۋىدى، فلېئور دې لىسنىڭ سىياقى كۆز ئالدىغا كەلدى.

بۇمۇ ئاز كەلگەندەك، كۇۋېن برې بەك زېرىكىشلىك، قىزىققۇدەك ھېچنېمىسى يوق بىر مەھەللە ئىدى. مەھەللىنىڭ نەرىگە قارىساڭلا تۆمۈرچىلەر بىلەن كالا باقىدىغان ئىسكەتى يوق ئاياللاردىن بۆلەك ئادەم كۆرۈنمەيتتى. يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كەپىلەر، خىشتىن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر كالىنىڭ قۇيرۇقىدەك خېلى بىر يەرلەرگىچە سوزۇلغانىدى.

فوبۇسنىڭ مۇھەببەت دۇنياسىدا فلېئور دې لىس ئىككىنچى ئورۇندا ئىدى. ئۇ چىرايلىق قىز بولغاندىن سىرت، تويى قىلىسا راۋرۇس تويى مېلى كۆتۈرۈپ كېلەلەيدىغانلاردىن ھېسابلىناتتى. ھاۋا ئوچۇق بىر ئەتىگىنى، فوبۇس ئۆزىنى سەللىمازا ساقىيىپ قالغاندەك ھېس قىلدى، ھەتتا ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى، سەرگەردان قىزنىڭ دېلوسىمۇ ئاياغلاشتى، خەقلەرنىڭ ئېسىدىنمۇ كۆتۈرۈلدى، دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ ئۆلگۈردى. مۇھەببەتتە شاپتۇللۇق باغقا كىرىپ قالغان بۇ چەۋەنداز ئەمدىلىكتە ھېچنېمىنى بىلمەسكە سېلىپ، گوندىلاۋۇرنىڭ ئىشىكىنى قاققىلى ماڭدى.

پارۋى مەيدانىدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسى

www.uyghurkitap.com

ئالدىغا بىرمۇنچە ئادەم توپلىشىپ قالغانىدى. 5 ـ ماي بولغاچقىمىكىن، فوبۇس ئۇلارنى دىنىي مۇراسىم ئۆتكۈزۈشكە ياكى بايرام پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا كەلگەنلەر بولسا كېرەك، دەپ ئارتۇق بىرنېمىلەرنى ئويلىمىدى. ئاتنى دەرۋازىنىڭ يېنىغا باغلاپ قويۇپ، خۇشال ھالدا بولغۇسى ئايالى تۇرىدىغان ئۆيگە قاراپ قەدەم ئالدى.

ئۇنىڭ بولغۇسى ئايالى فلېئور دې لىس ئانىسى بىلەن بىللە ئىدى.

فلېئور دې لىسنىڭ تېخىچە ئېسىدە بار ئىدى: ئۇ ھېلىقى ئايال پېرىخون ئۆيگە كىرگەن چاغدىكى كۆرۈنۈشنى، ئوغلاقنى، ھېلىقى ئۆلگۈر ھەرپنى ئۇنتۇيالمايتتى، فوبۇس بىلەن ئۇزاقتىن بېرى كۆرۈشمىگەن بولغاچقا، كاپىتان ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ كېلىشكەن قەددى ـ قامىتىگە، يېپيېڭى ھەربىي فورمىسىغا، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پاگونلىرىغا، يۈرۈش ـ تۇرۇشىدىكى قىزغىنلىقىغا قاراپ خۇشاللىقىدىن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئاقسۆڭەك خان قىزمۇ بۇرۇنقىدىن بەكرەك نازاكەتلىك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلىدىغان ئالتۇندەك سېرىق چېچىنى قاملاشتۇرۇپ ئۆرۈگەن، بېشىدىن ئايىغىغىچە ھاۋا رەڭ كىيىم بىلەن پۇركەنگەنىدى. بۇ رەڭ ئۇنىڭ ئاپپاق تېرىسى بىلەن تازا ماسلاشقانىدى. كولۇمبى ئۇنىڭغا ناز ـ كەرەشمە قىلىشنى ئوبدان ئۆگىتىپ قويغان بولسا كېرەك، كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇرغان مۇھەببەتتىن پەيدا بولغان شېرىن ئازابلىق چىرايى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەنىدى.

فوبۇس كۈۋېن بىرېدىكى مۇداپىئەدىن بۇيان تۇزۇكرەك بىر ئايال بىلەن دەرقەمتە بولمىغاچقا، فلېئور دې لىسنىڭ ھۆسن ـ جامالى ئۇنى رام قىلىۋالغانىدى. مۇشۇ سەۋەبلىك، بىزنىڭ ئوفىتسېرنىڭ مۇئامىلىسى بىردەمدىلا مۇلايىملىشىپ، ئۆزىنى قىزغىن ۋە خاتىرجەم تۇتقۇسى كېلىپ قالدى. گوندىلاۋۇر خانىم چوڭ كىرېسلودا بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. ئۇ قىزى ئۈچۈن ئانىلىق

بۇرچىنى تەلتۆكۈس ئادا قىلىدىغان ئانىلاردىن ئىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بۇ كۈيۇ ئوغۇلنى ئەيىبلەشكە تەييارلىغان سۆزلىرى ئايىغى چىقمايدىغان غوتۇلداش بىلەن بېسىقىپ قالدى.

فلېئور دې لىس تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە بىر يىڭنە - بىر يىڭنىدىن دېڭىز مۇئەككىلى نېپتۇننىڭ ئۆڭكۈرىنى كەشتىلەش بىلەن بەند ئىدى. كاپىتان ئۇنىڭ ئورۇندۇقىغا يۆلەندى.

— ئەسكى جۇمۇ سىز، — دېدى قىز ئەركىلەپ، ئۇنىڭ پەس ئاۋازدا دەۋاتقان سۆزلىرىدىن ھەم نازلىنىش، ھەم قېيىداش چىقىپ تۇراتتى، — ئىككى ئايدىن بۇيان نەلەردە يۈردىڭىز؟

— قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، — قىزنىڭ گەپلىرىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قالغان فوبۇس ئۇدۇل جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، باغدىن سورىسا، تاغدىن جاۋاب بەرگەندەك گەپ باشلىدى، — گۈزەل ھۆسنىڭىزنى كۆرگەن مىسسىيونېرلارمۇ داڭ قېتىپ قاراپ قالىدۇ جۇمۇ!

قىز كۈلۈۋەتتى.

— ئەپەندى، گۈزەل ھۆسنۈمنى قويۇپ تۇرۇپ، گېپىمگە جاۋاب بېرىڭ. چىرايلىق - چىرايلىق دەۋېرىدىكەنسىز!

— ۋاي - ۋۇي، سۆيۈملۈك سىڭلىم. بۇيرۇققا بىنائەن مۇداپىئەدىكى قىسىمغا كېتىپ قالدىم.

— ئۇنىڭ نەدىلىكىنى ماڭا دېمىدىڭىزغۇ؟ نېمىشقا خوش دېمەيلا كەتتىڭىز؟

— كۇۋېن برې.

فوبۇس گەپ يورغىلىتىپ، نەق جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.

— يېقىنلا يەردىكەنغۇ، نېمىشقا بىرەر قېتىممۇ يوقلاپ كېلەي دېمىدىڭىز؟

— چۈنكى ... مەسئۇلىيەت ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، — فوبۇس دۇدۇقلاپ قېلىۋاتاتتى، — سۆيۈملۈك سىڭلىم، ئاغرىپ يېتىپ

قالدىم.

— ئاغرىپ ! — قىز چۆچۈپ كەتتى.

— شۇنداق ... يارىلاندىم.

— يارىلاندىم دەمسىز؟

بىچارە قىز ھەيران قالدى.

— ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى فوبۇس پەرۋاسىز ھالدا، — شۇنچىلىكلا ئىش. ناھايىتى كەلسە بىرەر قېتىملىق تاكاللىشىش، مۇشتلىشىش دېگەندەك گەپ. سىز بىلەن مۇناسىۋەتى يوققۇ؟

— مەن بىلەن مۇناسىۋەتى يوق؟ — فلېئور دې لىس لىككىدە بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى، — نېمە دەۋاتقىنىڭىزنى بىلمىدىم. دۇئېلغا چىققان بولماڭ يەنە؟ ئەينەن ئەھۋالنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ.

— ھەي، سۆيۈملۈك چىرايلىقىم ! ماشا فېد بىلەن تەگىشىپ قالدىم، بىلەمسىز؟ ئۇ ساينت گېرمائىن ئېينلايدىكى قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنىڭ پود پولكوۋنىكى، ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرى سۈرۈلگەن بولدى. ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق !

يالغان گەپ قىلىشقا ئامراق كاپىتان شەرەپ بىلەن ياربدار بولغان ئەرلەرنىڭ قىزلارنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. فلېئور دې لىس راستىنلا ھەم تەسىرلەندى، ھەم قورقتى، ھەم خۇشال بولدى، ھەم ئۇنى ماختىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ، ئۆزىنى باسالماي قالغىلى تاس قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ تازا خاتىرجەم بولالمايۋاتقىنى ئېنىق ئىدى.

— ھېلىمۇ ياخشى، ساقىيىپ قاپسىز، قەدىرلىكىم ! — دېدى قىز، — مەن ئۇ ماشا فېد دېگەننى تونۇمايمەن. قارىسام بىشەم نەرسىدەك قىلىدۇ. نېمىدەپ ئۇرۇشۇپ قالدىڭىز؟

كاللىسى ئىشلىمەيدىغان فوبۇس گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە يالغان سۆزنى قانداق داۋاملاشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالدى.

— ھەي، مەن نەدىن بىلەي ! ... چاغلىقلا ئىش، ئات تالىشىپ ياكى بىرەر ئېغىز قۇرۇق گەپنى دەپ بولغان ئىش ! سىڭلىم، — دېدى فوبۇس گەپنىڭ تېمىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈچۈن ئۇنلۇك ئاۋازدا، — پارژى مەيدانى قايناپ كېتىپتۇغۇ؟ خۇدايا توۋا، سىڭلىم، — ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغىراق باردى، — مەيداندا نېمىدېگەن جىق ئادەم !

— بۇنىڭدىن خەۋىرىم يوق، — دېدى فلېئور دې لىس، — لېكىن بۇگۈن بىر ئايال پېرىخوننى چىركاۋ ئالدىدا توۋا - ئىستىغپار ئېيتقۇزۇپ، ئاندىن دارغا ئاسقۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلىۋىدىم.

كاپىتان ئەسمېرالدانىڭ دېلوسى ئاللىقاچان تۈگىدى دەپ قارىغاچقا، فلېئور دې لىسنىڭ سۆزىنى قىتىغىمۇ ئالماي، يەنىلا ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلاتقىلى تۇردى.

— ئۇ ئايال پېرىخون كىم ئىكەن؟

— ئۇنى بىلمەيمەن، — دېدى فلېئور دې لىس.

— ئۇلار ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى دېمىدىمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى قىز، بۇرۇنقىدەكلا قاردەك ئاپپاق ئىككى مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— ئاھ، خۇدا ! — دېدى قىزنىڭ ئانىسى گەپ باشلاپ، — مۇشۇ كۈنلەردە، ئايال پېرىخون نېمانچە كۆپ - ھە ! دىنىي جەمئىيەت ئۇلارنى كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرگىنىنى بىلەن، ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇلارنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمەيدۇغۇ دەيمەن. ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلىش ئاسماندىكى ھەربىر بۇلۇتنىڭ ئىسمىنى بىلىشتىنمۇ تەس. بىراق، بۇ ئىش بىلەن بىزنىڭ چاتىقىمىز يوق. نېمىلا دېگەنبىلەن، بەندىنىڭ ھايات - ماماتى مېھىر - شەپقەتلىك خۇدانىڭ ئىلكىدە ! — ئاقسۆڭەك ئايال سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — شەپقەتلىك ئىگەم، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — راست دەپسەن، فوبۇس ! ئۇ يەردە ئادەم بەكلا

جىققۇ. خۇدايىمەي، ئۆينىڭ ئۆگزىلىرىمۇ توشۇپ كېتىپتۇغۇ! بىلەمسەن، فوبۇس! بۇ مېنىڭ ياش ۋاقتىمدىكى بىر ئىشنى يادىمغا سالدى. ئۇ پادىشاھ چارلىز Ⅶ پايتەختكە كىرگەن چاغ ئىدى. شۇ چاغدىمۇ ئادەم كۆپ ئىدى. قايسى يىلى ئىكەنلىكى ئېسىمدە يوق. بۇ ئىشلارنى ساڭا سۆزلەپ بەرسەم، مېنى كونا خامانني سورۇۋاتىدۇ دەپ قالارسەن، لېكىن ماڭا تېخى تۇنۈگۈنلا سادىر بولغان ئىشتەك تۇيۇلىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئاھ، شۇ چاغدىكى ئادەم بۈگۈنكىدىنمۇ كۆپ ئىدى. ھەتتا ساينت ئانتونى دەرۋازىسىنىڭ سېپىلىمۇ ئادەم بىلەن لىققىدە تولۇپ كەتكەنىدى. پادىشاھ مىنگەن ئاتنىڭ كەينىدە خانىش، ئەگىشىپ كېلىۋاتقان ئېسىلزادە ئاياللار چەۋەندازلارنىڭ كەينىگە مىنگەشكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇلار ئۇچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشەتتى. چۈنكى، تەق ـ تۇرقى بەستلىك كەلگەن چەۋەنداز ماتېفېلوننىڭ يېنىدىكىسى پاكار بويلۇق ئامانيون گارلاند ئىدى. ماتېفېلون ئۆز ۋاقتىدا ئىنگلىزلارنى ئايىماي قىرىۋەتكەن ئادەم ئىدى! فىرانسىيەنىڭ مۆتىۋەرلىرى سەپ تارتىپ ماڭغان، ئۇلار كۆتۈرۈۋالغان تۇغ ـ ئەلەملەر كۆك يۈزىنى بىر ئالغانىدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى نەيزىۋازلار بايرىقى بولۇپ، ئاندا ـ ساندا ئارمىيە بايرىقىمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. ژان شاتومورانتىننىڭ قولىدىكىسى ئۇچ بۇرجەكلىك تۇغ، كورسىنىڭ قولىدىكىسى ئارمىيە بايرىقى ئىدى. بوربون كىنەزىدىن باشقىلىرى ئىنتايىن روھلۇق ئىدى ... ھەي ! شۇ يىللاردىكى كاتتا مەرىكىنى بۈگۈنكى كۈندە تاپقىلى بولمايدۇ. راستتىنلا پاجئە !

بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق ئاقسۆڭەك تۇل خوتۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپمۇ قويمىدى. فوبۇس بولغۇسى ئايالى ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يېقىن كەلدى، بۇ ئادەمنى ئۆزىگە شۇنداق تارتىدىغان ئورۇن ئىدىكى، ئۇ يەردە تۇرۇپ فلېئۇر دې لىسنىڭ بويىندىن قارىسا، ئۇنىڭ ئېچىلىپ قالغان كۆكسىنى كۆرگىلى بولاتتى. قىز كىيىۋالغان كۆڭلەكنىڭ ياقىسى خۇددى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇ يەردىكى يارىشىملىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى فوبۇسنىڭ قانغۇدەك كۆرۈۋېلىشى ۋە بۇ ئارقىلىق باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئۇنىڭ پەرەز قىلىشى ئۈچۈن پەسرەك ئويۇلغاندەك ئىدى. فلېئور دې لىسنىڭ قاشتېشىدەك تېرىسى فوبۇسنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتتى. «مۇشۇنداق بېلىقتەك چىرايلىق بىرى تۇرغان يەردە، باشقا بىرىگە كۆڭۈل بېرىپ نېمە كەپتۇ !» دەپ ئويلىدى فوبۇس. ئىككىيلەن خېلىغىچە بىر نەرسە دېيىشمىدى. قىز بىرنەچچە قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى. كۆلۈپ تۇرغان كۆزلىرىدىن نازاكەت ئۇرغۇدى. چاچلىرى باھار قۇياشىدا بۆلەكچە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

— فوبۇس، — دېدى فلېئور دې لىس پەس ئاۋازدا، — يەنە ئۈچ ئايدىن كېيىن توي قىلىمىز. سىز ماڭا پەقەت سىزنىلا سۆيدۇم، باشقا بىرىگە كۆز قىرىمنىمۇ سالمىدىم، دەپ قەسەم ئىچىپ بېرىڭ !

— قەسەم ئىچىپ بېرەي، ئەلۋەتتە سىزنى ياخشى كۆرىمەن، پەرىشتەم ! — دەپ جاۋاب بەردى فوبۇس. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قىزغىنلىق بەرق ئۇردى، تەلەپپۇزىدىن سەممىيلىك نامايان بولدى. قىزنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. ھەتتا فوبۇسمۇ ئۆزىنىڭ گېپىگە ئۆزى ئىشىنىپ قالغاندەك بولدى.

بولغۇسى ئەر - خوتۇن ئىككىيلەننىڭ نىيەت - ئىقبالىنى كۆرگەن مېھرىبان ئانا خۇددى بىر قوشۇق ھەسەل ئىچكەندەك تاتلىق سېزىم ئىچىدە قەۋەتلا خوش بولۇپ كەتتى - دە، باشقا ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. فوبۇس ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. ئىككىيلەن يالغۇز قالغانىدى. غەيرىي ئادەم يوق بۇ سورۇن تەۋەككۈل قىلىشقا ئامراق كاپىتاننى غەيرەتكە كەلتۈرگەندەك بولدى، كاللىسىدىن نۇرغۇن ئىشلار كەچتى. فلېئور دې لىس ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، فوبۇسنىڭ قىزغا تېخىمۇ ھەۋىسى كەلدى. فلېئور دې لىس كۆزىگە گۈل كۆرۈندى، قەلبىدىكى قىزغىنلىقمۇ سۇسلاپ قالغاندەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلمايتتى. پىشمىغان بۇغدايىنى تېتىپ باقسا ھېچقانچە چوڭ گۇناھ ھېسابلانمايتتى! شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئاددىي كاللىسىدا قانداق بىر خىيالنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. لېكىن، جەزم قىلىشقا بولاتتىكى، فلېئور دې لىس ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپلا يۈرىكى قارتىتىدە قىلىپ قالدى. ئەنسىزلىك ئىچىدە تۆت تەرىپىگە كۆز يۈگۈرتتى. ئانىسى كۆرۈنمەيتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي! — ئۇنىڭ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ يۈرىكى پوكۇلداپ كەتتى، — نېمانچە ئىسسىق!

— شۇنداقتەك قىلىدۇ، — دېدى فوبۇس، — چۈش بولاي دەپ قالدى. قۇياشنىڭ قىزدۇرغىنىنى قارىمامدىغان، پەردىنى چۈشۈرۈۋېتەيلى!

— ياق، بولمايدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى بىچارە قىز، — تىنالمايۋاتىمەن.

ئۇ خۇددى تايغاننىڭ پۇرىقىنى ئالغان مارالدەك دىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردى - دە، دېرىزىنى ئېچىپ، ئۆزىنى بالكونغا ئاتتى.

فوبۇس خاپا بولغان ھالدا كەينىدىن ئەگەشتى.

بالكون پارۋى مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. لېكىن، شۇ ئەسنادا مەيدان ئادەم قورققۇدەك تۇسكە كىرگەنىدى. توخۇ يۈرەك فلېئور دې لىس بىردىنلا شۈمشىيىپ قالدى.

ئادەملەر مەيداننىڭ ئەتراپىنى كەلكۈن كەلسىمۇ كىرەلمىگۈدەك دەرىجىدە قاپسىۋالغان، يېقىن ئەتراپتىكى كوچىلارمۇ ئادەم بىلەن لىق ئىدى. ئەگەر ئىككى يۈز يىگىرمە ئەسكەر - ساقچى ۋە قولىغا مىلتىق بىلەن قىلىچ تۇتقانلار نەچچە سەپ بولۇپ توسۇپ تۇرمىسا، پارۋى مەيدانىدىكى پاكار قاشا تام ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولاتتى. ھېلىمۇ شۈكۈر، قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ ھەيۋىسى بىلەن، پارۋى مەيدانىغا ھېچكىم كىرەلمىگەنىدى. ئېپىسكوپنىڭ نەيزە تۇتقان تەمبەل لەشكەرلىرى كىرىش ئاغزىنى ساقلىماقتا ئىدى. چېركاۋنىڭ دەرۋازىلىرى

چىڭ تاقالغان، ئەكسىچە، مەيداننىڭ ئەتراپىدىكى سان ـ ساناقسىز ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن، دېرىزىلەردە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ بېشىلا كۆرۈنەتتى.

قاراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ يۈز ـ كۆزى كۈل سۈركىۋەتكەندەك مەينەت ئىدى. ھايال ئۆتمەيلا روي بېرىدىغان ئەھۋال ئاددىي پۇقرالار ئارىسىدىكى ھېچكىم ياراتمايدىغان بۇ بىر توپ ئادەمنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان چاغدىكى پەۋقۇلئاددە كۈچ ـ قۇدرىتىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ قويىدىغاندەك ئىدى. چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، سېرىق قالپاقلىق بۇ ئادەملەر قاتارىدىن قىيقاس ـ سۈرەن كۆتۈرۈلەتتى. جاھاندا بۇنىڭدىنمۇ قورقۇنچلۇق ئىش يوقتەك قىلاتتى. ئالامانىنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ۋارقىراش ـ جارقىراشلارنى بېسىپ چۈشەتتى. ئەرلەرنىڭ ئاۋازى ئاياللارنىڭ ئاۋازىدىن كۆپتەك ئىدى.

قىيقاس ـ سۈرەننىڭ ئىچىدىن ئاندا ـ ساندا تىترەك ئاۋازدىكى چىرقىراشلار ئاڭلىنىپ قالاتتى.

— ھەي، ماھىيت بالىفرى! ئۇ قىزنى مۇشۇ يەردە دارغا ئاسامدىكەن؟

— كالۋا! بۇ يەرگە كۆڭلەكچان قىلىپ قويۇپ تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتقۇزىدىغان جاي! شەپقەتلىك خۇدا ئۇنىڭغا لاتىنچە سۆزلەپ لەنەت ئوقۇيدۇ! بۇ ئىش بۇ يەردە ئەزەلدىن تارتىپ چىڭقىچۈش پەيتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. دارغا ئاسقاننى كۆرگۈڭ كەلسە، گرېۋ مەيدانىغا بار!

— راست دەيسەن، سەل تۇرۇپلا ماڭىمەن.

— دېگىنە، بوسانىبرۇ! ئۇ راستىنىلا تۇۋا ـ ئىستىغپارغا مەسئۇل بىر پوپنى رەت قىپتۇمۇ؟

— شۇنداقتەك قىلىدۇ، بىشايگىن خېنىم!

— مانا، مانا! دەھرىي دېمىدىممۇ؟

— ئەپەندى، بۇ دېگەن رەسىم ـ قائىدە. ئەدلىيە مەھكىمىسى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئادەم ئەگەر ئاددىي پۇقرا

بولسا، مەھكىمە ئۇنى پارىژنىڭ گۇبېرناتورىغا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ئەگەر مىسسىيونېر بولسا، دىنىي سوت كوللېگىيەسىنىڭ سوتچىلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

— ھە، شۇنداقمىدى، رەھمەت ئەپەندى.

— ئاھ، خۇدا ! — دەۋەتتى فلېئور دې لىس، — ئۇ نېمىدېگەن بىچارە !

ئۇ ئالامانغا قارىدى. كۆزلىرىدىن ئازابلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈندى. كاپىتاننىڭ مەيدانىدىكىلەر بىلەن كارى يوق، ئۇنىڭ خىيالى ئالدىدىكى قىزدىلا ئىدى. ئۇ كۆڭلى ئېغىپ، فلېئوردې لىسنى مېھىر - مۇھەببەتتى بىلەن بېلىدىن تۇتۇپلا قۇچاقلىدى. قىز كەينىگە قايرىلىپ كۈلۈمسىرىدى.

— قويۇۋېتىڭ، — دېدى قىز يالۋۇرۇپ، — ئانام كىرىپ قالسا، قولىڭىزغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ !

دەل شۇ چاغدا بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى چوڭ قوڭغۇراق چۈش ۋاقتى ئون ئىككىگە ئېرىنچەكلىك بىلەن جاراڭلىدى. ئادەملەر خۇشاللىقىنى باسالماي، پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشىۋالدى. قوڭغۇراقنىڭ ئون ئىككىنچى قېتىملىق ئاۋازى ئۆچمەي تۇرۇپلا، ئالامان ئوپۇر - توپۇر بولغىلى تۇردى. مەيىن شامال سۆيۈپ ئۆتكەن سۇنىڭ يۈزىدەك داۋالغۇدى. ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولدىن، دېرىزىلەردىن، ئۆگزىلەردىن «ئۇ كەلدى !» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ، قولاق - مېڭىنى يەپ كەتكۈدەك بولدى.

فلېئور دې لىس قاراپ تۇرۇۋېرىشكە پېتىنالماي، قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدىم.

— چىرايلىقىم، ئۆيگە كىرىپ كەتكۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟

— ياق، — قىز ئانايا قورقۇپ كۆزىنى ئېتىۋالغانىدى، ئەمدىلىكتە قىزىقسىنىپ يەنە كۆزىنى ئاچتى.

نورماندى ئېتى قوشۇلغان ئىككى چاقلىق ھارۋا ساينت پېررى ئاۋبوف كوچىسىدىن مەيدانغا كىرىپ كەلدى. ئات ھارۋىسىنىڭ ئالدى - كەينىدە مەيدىسىگە ئاق كىرىيست ئېسىپ، قىزغۇچ

بىنەپشە رەڭ فورما كىيگەن چەۋەندازلار هارۋىنى پەخەس بولۇپ قوغداپ كېلىۋاتاتتى. ئەسكەر ـ ساقچىلار قامچىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، توپ ئارىسىدىن هارۋىغا يول ئاچاتتى. هارۋىنىڭ يېنىدا ئاتلىق سودىيەلەر، ساقچى ئەمەلدارلار بار ئىدى. ئادەملەر ئۇلارنىڭ قارا رەڭلىك فورمىلىرى ۋە ئات ئۈستىدىكى قورال ئوينىتىپ پوپوزا قىلىۋاتقان هالىتىدىنلا ئۇلارنىڭ نېمە ئادەملەر ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرەلەيتتى. هەممىنىڭ ئالدىدا سۈر كۆرسىتىپ، هەيۋە بىلەن كېلىۋاتقىنى ياكوئىس شارمولۇي ئىدى.

نەس باسقان هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان قىزنىڭ ئىككى قولى كەينىگە قىلىپ باغلانغان، يېنىدا پوپ يوق ئىدى. ئۇچىسىدا كۆڭلەك، چۇۋۇلۇپ پاخپىيىپ كەتكەن قاپقارا چاچلىرى بويىنىغا ۋە يېرىم يالىڭاچ مۈرىسىگە يېپىلغانىدى. شۇ چاغدىكى قائىدە بويىچە، ئۇنىڭ چېچى دارنىڭ ئالدىغا كەلگەن چاغدا كېسىۋېتىلەتتى.

ئۇنىڭ قاغىنىڭ قانتىدىنمۇ قاپقارا توم چاچلىرى مەيىن شامالدا بىلىنەر ـ بىلىنمەس يەلپۈنەتتى. چاچلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ يۇمران بەدىنىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ بەختسىز قىزنىڭ بويىنىدىكى بىرنەچچە يېرىدىن چېگىلگەن كۆل رەڭ ئارغامچا قارىغان ئادەمگە ئۆمىلەپ مېڭىۋاتقان سازاڭدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۇمران تېرىسىگە سۈركىلىۋاتقان ئارغامچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر پارچە يېشىل رەڭلىك ئەينەك دەممۇدەم پارقىرايتتى. بۇ هېلىقى چاققان ئىشلەنگەن تىلتۇمارنىڭ ئۆزى ئىدى. قارىغاندا، تۈرمىدىكى گۇندىپايلار ۋاقىت ـ سائىتى يېقىنلاپ قالغان گۇناهكارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشقا پېتىنالماي، بۇ تىلتۇمارغا تەگمىگەندەك ئىدى. هارۋىغا يېقىنراق يەردىكى جامائەت ئۇنىڭ يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىنىمۇ كۆرۈپ ئۈلگۈردى. لېكىن، مەهبۇس قىز خىجىللىق ۋە نومۇسنىڭ كۈچىدىن، ئېچىلىپ قالغان پۇتلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى

بىلەن يېپىۋېلىشقا تىرىشاتتى. چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن ئوغلاقمۇ ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى. گۇناھكار قىز تۇگمىلەنمىگەن كۆڭلەكنىڭ ياقىسىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئىزا تارتىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىمۇ، ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئوچۇق قالغان جايلىرىغا تىكىلىپ قاراشلىرىدىن ئەلۋەتتە قورۇناتتى. رەسىدە بولغان بىر قىزدىكى ئۇياتچانلىق مۇشۇنداق قىيناشقا بەرداشلىق بېرەلەيتتىمۇ؟

— ئاھ، خۇدا! — دەۋەتتى فلېئور دې لىس ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالماي، — تېز قاراڭە! ئۇ ھېلىقى ئوغلاق يېتىلەپ يۈرىدىغان سەرگەردان قىز شۇغۇ!

ئۇ شۇ گەپنى دەۋېتىپلا فوبۇس تەرەپكە قايرىلدى ۋە فوبۇسنىڭ مەھبۇس هارۋىسىغا قاراپ، چىرايىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

— ئوغلاق يېتىلەپ يۈرىدىغان سەرگەردان قىز، — دېدى ئۇ تىلى كالۋالىشىپ.

— نېمە؟ — دېدى فلېئور دې لىس، — ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ...

فوبۇس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمىدىم، — دېدى.

فوبۇس ئۆيگە كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ، ئالدىغا بىر قەدەم ماڭدى. دەل بۇ چاغدا، مىسىرلىق قىزنىڭ تېخى يېقىندىلا ئۆزىنى قاتتىق بىسەرەمجان قىلغانلىقى فلېئور دې لىسنىڭ يادىغا كەلدى ـ دە، ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان ھەسەتخورلۇق يېڭىباشتىن باش كۆتۈردى. سىنچى كۆزلىرى بىلەن فوبۇسقا قارىدى، فوبۇسنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ لەۋزىدە تۇرمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ قالغاندەك بولدى. كىمدۇر بىرلىرىنىڭ پېرىخون ئايالنىڭ دېلوسى بىر كاپىتان بىلەن چېتىشلىق ئىكەن دېگەنلىرى خىرە ـ شىرە ئېسىگە چۈشكەندەك بولدى.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى ئۇ فوبۇسقا، — ئۇ قىز سىزنى

جىنىڭىزدىن جۇدا قىلىغاندەكلا بولۇپ قالدىڭىزغۇ؟
فوبۇس ئېرەنسىزلىك بىلەن ھىجىيىپ قويدى.
— مېنىمۇ؟ نېمە ھەددى ئۇنىڭ؟
— ئۇنداقتا مۇشۇ يەردە تۇرۇڭ، — دېدى فىلېئور دې لىس بۇيرۇق قىلىپ، — ئىككىمىز بۇ ئىشنى تاماملانغۇچە بىللە كۆرىمىز!
كاپىتان جايىدا جىم تۇردى، مەھبۇسنىڭ ھارۋىنىڭ تەگلىك تاختىيىدىن كۆزىنى ئالماي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى سەل - پەل جايىغا چۈشتى. ئۇ قىز راستتىنلا ئەسمېرالدا ئىدى. ھەتتا بەختسىزلىك ۋە ئار - نومۇسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ، ئۇ يەنىلا شۇنداق چىرايلىق ئىدى. ئورۇقلاپ ئىككى مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەچكىمىكىن، قاپقارا كۆزلىرى تېخىمۇ چوڭ كۆرۈنەتتى. كۆكىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدىن پاكلىق، ئالىيجانابلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىھەم ئاۋۋالقىدەك، بەئەينى ماسساسىئو ① ياكى رافائېل سىزغان بۈۋى مەريەمنىڭ رەسىمىدەك گۈزەل ئىدى. بىراق، ئەسمېرالدا تېخىمۇ زىلۋا، ئورۇق كۆرۈنەتتى. ئار - نومۇستىن باشقا ھەممە نەرسىگە پەرۋا قىلمىغاندەك بىخۇد ھالەتتە ئىدى. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان بۇ قىز مەھبۇس ھارۋىسى ھەربىر سىلكىنگەندە خۇددى ئۆلۈك ئادەمدەك ياكى بولمىسا چېقىلىپ كەتكەن قانداقتۇر بىر نەرسىدەك تەۋرىنىپ قوياتتى، غەمكىن كۆزلىرىنىڭ خۇنى قاچقانىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز چانىقىدىن سىرغىپ چىققان بىر تامچا ياشنى كۆردى. لېكىن، بۇ بىر تامچە ياشمۇ مۇزلاپ قېتىپ قالغاندەك ئىدى.
شۇ ئەسنادا، ئادەمنى دەككە - دۈككىگە سالىدىغان ئاتلىقلار تەنتەنە قىلىشقان ئاجايىپ - غارايىپ توپنىڭ ئارىسىدىن ئۆتكىلى تۇردى. بىراق، بىز تارىخىي پاكىتقا ھۆرمەت قىلىش

---

① ماسساسىئو (1401 — 1428) — ئىتالىيەلىك رەسسام.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈزىسىدىن شۇنى ئىزاھلىماي تۇرالمايمىزكى، شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ تىكەندەك يالغۇز ھالىتىنى كۆرگەن كۆپ ساندىكى ئادەملەر، ھەتتا ئەڭ باغرى تاش ئادەملەرنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىدى، مەھبۇس ھارۋىسى پارۋى مەيدانىغا كىرىپ كەلدى.

مەھبۇس ھارۋىسى چىركاۋنىڭ قاق ئوتتۇرىدىكى چوڭ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. يالاپ كەلگەنلەر ھارۋىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇردى. ئالامان تىنچىپ قالدى. كىشىنى ئەيمەندۇرىدىغان سۈرلۈك تىمتاسلىق ئىچىدە، چىركاۋنىڭ چوڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. ئادەملەرنىڭ ئالدىدا چىركاۋنىڭ تولۇق قىياپىتى نامايان بولدى. ئۇنىڭ ئىچى تەرەپتىكى قاراڭغۇلۇق، دىماقنى بوغىدىغان بۇرۇقتۇرما ھاۋادىن ماتەم مۇراسىمىنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقاندەك ئىدى. چىركاۋنىڭ ئىچىگە پەردە تارتىلغان، ئىلاھىي مۇنبەردە پىلىلداپ ئاران ـ ئاران يېنىپ تۇرغان بىرنەچچە تال شام قويۇلغانىدى. قۇياش نۇرى چاراقلاپ تۇرغان مەيداننىڭ مەركىزىدىن قارىغاندا، چىركاۋ بەئەينى قارا ئۆڭكۈرگىلا ئوخشايتتى. ئادەملەر چىركاۋنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى يېرىم يۇملاق شەكىلدىكى قاراڭغۇ پەشتاقتا ئېسىقلىق كۈمۈش يالتىلىغان كىرېستنى كۆرەلەيتتى. ئۇنىڭ كەينى تەرىپىگە يەرگىچە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان قارا پەردە تارتىلغانىدى. شۇنچە يوغان زالدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، تېخىمۇ نېرىدىكى قەسىدىچىلەر ئۆيىنىڭ پوپلار ئولتۇرىدىغان يېرىدە بىرنەچچە ئادەم لەلەڭشىپ يۈرەتتى. دەرۋازا ئېچىلىشى بىلەن تەڭ چىركاۋدىن ھەيۋەتلىك، ياڭراق، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇناجاتنىڭ دىلنى ئېزىدىغان پارچىلىرى مەيىن شامالغا ئەگىشىپ مەھبۇس ھارۋىسىدىكى گۇناھكار قىزنىڭ بېشىغا چۇشۇۋاتقاندەك بولدى:

*... مەن ئەتراپىمدىكى مىغ ـ مىغ ئادەملەر توپىدىن ھەرگىز قورقمايمەن. خۇدا، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال!*

*... مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋال، خۇدا! مەن سۇغا غەرق بولاي دەپلا قالدىم.*

ئىلاھىي مۇنبەرنىڭ پەلەمپىيىدىن خوردىن باشقا يەنە بىر ھەسرەتلىك ناخشا ئاڭلاندى:

*... مەن تۇمەن مىلڭ گەز چوڭقۇر ھاڭغا يىقىلدىم. ئايىغىمدا دەسسىۋالغۇدەك تۇپراق يوق. كىمدىكىم مېنىڭ گەپلىرىمگە قۇلاق سالسا، مېنىڭ يوللاپ بەرگەن ئادىمىم ئىككەنلىكىگە شەك كەلتۇرمىسە، ئۇ چوقۇم ئۆلمەيدۇ. مەھشەر كۈنى سوراققا تارتىلمايدۇ، ئۆلۈمدىن ئەبەدلىك ھاياتلىققا قاراپ ماڭىدۇ.*

نېرىدىكى قاراڭغۇلۇق قويىنىدا تۇرغان قىزلار ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر جانلىق ئۈچۈن ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. بۇ جانلىق، بۇ قىز گەرچە باھارنىڭ ئىللىق ھاۋاسىنىڭ پەپىلەشلىرىگە، چاراقلاپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى قىزلارنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىۋاتقىنى ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتايدىغان رېكۋىئېم ئىدى.

كىشىلەر بۇ ناخشىنى ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئاڭلىدى.

شور پېشانە قىز قورققىنىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. تاتارغان لەۋلىرى دۇئا ـ تەكبىر ئېيتىۋاتقاندەك مىدىرلىدى. جاللاتنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇنى تارتقۇشلاپ مەھبۇس ھارۋىسىدىن پەسكە چۈشۈرۈۋاتقاندا، ئادەملەر ئۇنىڭ «فوبۇس» دېگەن سۆزنى پەس ئاۋازدا بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىغانلىقىنى ئېنىق ئاڭلىدى.

ئۇنىڭ قولىدىكى باغلاق يېشىۋېتىلدى، ھارۋىدىن چۈشۈرۈلدى. ئۇلار ئوغلاقنىمۇ بوشىتىپ، ئۇنى گۇناھكار قىزنىڭ كەينىدىن ھەيدەپ ماڭدى. ئوغلاق ئەركىنلىككە چىققىنىدىن ئويلىدىمىكىن، خۇشاللىقىدىن مەرەپ قويدى. گۇناھكار قىز باشقىلارنىڭ يالاپ مېڭىشى بىلەن، يالاڭ ئاياغ مۇزدەك سوغۇق

تاش ياتقۇزۇلغان يولنى دەسسەپ، دەرۋازا ئالدىدىكى تاش پەلەمپەينىڭ تۆۋىگىچە كەلدى. بويىندىكى ئارغامچا خۇددى زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

چېركاۋدىكى ناخشا شېپىدە توختاپ قالدى، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن غايەت يوغان كىرېست، قاتار كەتكەن شاملار قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يۆتكىلىشكە باشلىدى. رەڭلىك كىيىم كىيگەن چېركاۋ مۇلازىملىرىنىڭ قولىدىكى يالمانلار جاراڭلىدى. بىردەمدىن كېيىن، مۇراسىم كىيىمى كىيگەن پوپلار، كاھىنلار قەسىدە ناخشىلىرىنى توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى كۆز ـ كۆز قىلغان ھالدا گۇناھكارغا قاراپ ماڭدى ۋە گۇناھكار بىلەن ئالامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەپ بولۇپ تىزىلدى. گۇناھكار قىزنىڭ كۆزى كىرېستنىڭ كەينىدە باشلامچى بولۇپ تۇرغان ھېلىقى پوپقا تىكىلدى

ــ ئاھ، ــ دەۋەتتى قىز پەس، تىترەڭگۈ ئاۋازدا، ــ يەنىلا شۇغۇ، ھېلىقى مىسسىيونېرغۇ!

بۇ راستتىنلا ھېلىقى ياردەمچى ئېپىسكوپ ئىدى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى قولىغا دىرىژورلۇق تايىقىنى تۇتقان ناخشىچى، سول تەرىپىدىكىسى ياردەمچى ناخشىچى ئىدى. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە، ئىپادىسىز كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ناخشا توۋلاپ ميڭۋاتاتتى:

ناخشامغا قۇلاق سال دەپ توۋلايمەن سېنى،
دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر جايىدا تۇرۇپ.
لېكىن سەن لەھەتكە تاشلايسەن مېنى،
دولقۇنلۇق دېڭىزمۇ كېتىدۇ يۇتۇپ.

ئۇچىسىغا ئازادە كۈمۈش رەڭ مۇراسىم كىيىمى كىيگەن، مەيدىسىگە قارا كىرېست كەشتىلەنگەن، يۈزىدە قان دىدارى يوق

پوپ چېركاۋنىڭ چوققىلىق ئەگمە دەرۋازىسىنىڭ دەھلىزىدە پەيدا بولدى. ئادەملەر ئۇنى قەستىدىچىلەر ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا ئورنىتىلغان مەرمەر تاشلىق ئېپىسكوپ ھەيكەللىرى ئىچىدىكى بىرەرى ئوخشايدۇ دەۋاتقاندا، ئۇ ئۆلۈمى يېقىنلاپ قالغان گۇناھكارنى قۇياش نۇرى ئاستىدىن باقىي ئالەمگە ئېلىپ مېڭىشقا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغالدى.

گۇناھكار قىزمۇ تاش ھەيكەلگە ئوخشاش تاتىراڭغۇ ئىدى. ئۇ كىمدۇر بىرىنىڭ كۆيۈۋاتقان سېرىق شامنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنىمۇ تۇيمىدى. پۈتۈكچى جانىغا زامىن بولىدىغان توۋىنامىنى چىرقىراق ئاۋازى بىلەن ئوقۇدى. لېكىن، قىزنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. بىرلىرى ئۇنىڭغا «ئامىن» دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى تاپىلىدى، ئۇلارنىڭ دېگىنىنى قىلدى. ئۇ ھېلىقى پوپنىڭ ئۆزىگە قارانچۇق بولۇپ تۇرغانلارنى ماڭدۇرۇۋېتىپ، يالغۇز ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىلا ئېسىگە كەلدى ۋە ۋۇجۇدىغا ئازراق ماغدۇر كىرگەندەك بولدى.

قىزنىڭ قېنى قايناپ مېڭىسىگە ئۇرۇلغاندەك بولدى، غەزەپ ـ نەپرەت ئوتى مۇزلاپ قېتىپ قالغان روھىي دۇنياسىدا يېڭىباشتىن يالقۇنلىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قىزغا يېقىنلاشتى، بۇ چاغدا ئەسىرالدا يېرىم يالىڭاچ بەدىنىگە پوپنىڭ كۆز يۈگۈرتۈۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىدە شەھۋانىي ھەسەتخورلۇق ۋە بىر خىل ئۈمىدۋارلىق نۇرى چاقناۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— قىزچاق، — دېدى پوپ ئۇنىلۇك ئاۋازدا، — سەن كېرەملىك خۇدادىن سەۋەنلىكىڭنى ۋە جىنايىتىڭنى كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنمەمسەن؟ — ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. قاراپ تۇرغانلار ئۇنى گۇناھكار قىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى توۋىسىغا قۇلاق سېلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى، — ماڭا ماقۇل بولامسەن؟ ماقۇل بولساڭ سېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش قولۇمدىن كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يوقال، خۇنپەر ! — دېدى قىز پوپنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ، — بولمىسا ئۇستۇڭدىن ئەرز قىلىمەن !

— سېنىڭ گېپىڭگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، — دېدى ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن ھىجىيىپ، — بۇ قىلىقىڭ بىلەن جىنايىتىڭنىڭ ئۇستىگە جىنايەت يۈكلىۋالىسەن. تېز جاۋاب بەر! ئۇنامسەن - ئۇنىمامسەن؟

— سەن مېنىڭ فوبۇسۇمنى نېمە قىلدىڭ؟

— ئۇ ئۆلدى، — دېدى پوپ.

دەل شۇ چاغدا، نەس باسقان يادەمچى ئېپىسكوپ ئۆزىچە بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەيداننىڭ ئۇ يېقىدىكى گوندىلاۋۇرنىڭ قورۇسىنىڭ بالكونىغا قارىدى. بالكوندا ھېلىقى كاپىتان فلېئۇر دې لىسنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلىۋاتاتتى. ياردەمچى ئېپىسكوپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، قولىنى پېشانىسىغا سايىۋەن قىلىپ، بىردەم قاراپ تۇردى، ئاندىن بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلدىدى. يۈزىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى تۈيۇقسىز تارتىشىپ كەتتى.

— ئۆلمىگۈر ! جاجاڭنى يەيسەنغۇ ئاخىر ! — دېدى پوپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — ھېچكىممۇ ساڭا ئېرىشەلمەيدۇ، — پوپ قولىنى مىسىرلىق قىزنىڭ بېشىغا قويۇپ، كىشىنى قورقۇتىدىغان ئاۋازى بىلەن قوشۇپ قويدى، — ئەمدى كېلىڭلار، بۇ جىنايى روھقا خۇدا رەھىم قىلغاي!

بۇ مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق مۇراسىم سورۇنىدا ئادەتكە ئايلانغان ئاخىرلاشتۇرۇش سۆزى، شۇنداقلا پوپنىڭ جاللاتلارغا بەرگەن بېشارىتى ئىدى. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى تىزلاندى.

— خۇدا، گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىلغايسەن ! — دېدى چوققىلىق ئەگمە دەھلىز ئاستىدا ھېلىغىچە ئۆرە تۇرۇۋاتقان پوپلار ئۇنلۇك ئاۋازدا.

— خۇدا، گۇناھىمىزنى مەغپىرەت قىل ! — دېدى ئادەملەرمۇ بىر ئېغىزدىن، ئۇلارنىڭ ئاۋازى خۇددى كۆۋەجەپ مەۋج

ئۇرۇۋاتقان دېڭىز دولقۇنىدەك گۈرۈلدىدى.

— ئامىن، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ.

ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بېشىنى تۆۋەن قىلدى - دە، قولىنى جۈپلەپ، پوپلارنىڭ قاتارىغا كەلدى. ھايال ئۆتمەيلا، چېركاۋنىڭ قاپقاراڭغۇ ئەگمە تورۇسى ئاستىدا كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ ئېيتىۋاتقان: «خۇدا، مېنى گۈركىرەپ كېلىۋاتقان دولقۇنلىرىڭنىڭ ئىچىگە غەرق قىلىۋەت» دېگەن مۇڭلۇق مىسرالار بىرىپ - بىرىپ ئاڭلانماي قالدى.

چېركاۋ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ قولىدىكى يالمانلارنىڭ بىر - بىرىگە سوقۇلغان چاغدىكى ئاۋازىمۇ خۇددى گۇناھكار ئۈچۈن چېلىنغان ئەڭ ئاخىرقى ماتەم قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازىدەك گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ داۋاملىشىپ، چېركاۋنىڭ تۈۋرۈكلۈك كارىدورلىرى ئىچىدە ئاستا - ئاستا يىراق - يىراقلارغا كەتتى.

لېكىن، بۈۋى مەريەم چېركاۋىدىكى ھەممە دەرۋازا ئۆلۈغ ئوچۇق ئىدى. چېركاۋنىڭ ئىچى قۇرۇقدىلىپ قالغان، شامنىڭ يورۇقىمۇ كۆرۈنمەيتتى، بىرەر ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. چېركاۋنى گۆرىستان جىمجىتلىقى باسقانىدى.

مەھبۇس ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى بىر تەرەپ قىلىشىنى كۈتۈپ، ئورنىدا مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرىۋەردى. ئىجرا قىلغۇچىلاردىن بىرى شارمولۇي جانابلىرىغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن يۈگۈردى. شارمولۇي شۇ ئەسنادا دەرۋازىنىڭ ئەگمە تورۇسىدىكى قاپارتما نەقىشلەرنى تەتقىق قىلىش بىلەن بەند بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ قاپارتما نەقىشلەرگە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پىداكارلىق كۆرسەتكەنلىكى ئويۇلغانىدى. بەزىلىرى ئۇنى كىمىياگەرلىكنىڭ شەرھى دەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مالائىكىلەر قۇياشقا، باغلاقلىق ئوتۇنلار يالقۇنغا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى كىمىياگەرلەرگە ۋەكىللىك قىلاتتى.

كىشىلەر پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاپارتما نەقىشلەرگە بېرىلىپ

كەتكەن شارمولۇينى مەڭ تەستە ئېسىگە كەلتۈردى. شارمولۇي كەينىگە قايرىلىپ، جاللاتنىڭ سېرىق كىيىملىك ئىككى نەپەر ياردەمچىسىگە قاراپ قول ئىشارىسى قىلدى. ئۇلار دەرھال بېرىپ، مىسىرلىق قىزنىڭ قوللىرىنى قايتىدىن باغلىدى.

بەختسىز قىز هارۋىغا قايتىدىن يالاپ چىقىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئاخىرقى بېكەتكە قاراپ يولغا چىقىشى لازىم ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە پاجىئەلىك هاياتىغا نىسبەتەن ئەپسۇسلىنىش پەيدا بولدىمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، قىزارغان كۆزلىرى بىلەن پايانسىز ئاسمانغا، چاراقلاپ يېنىپ تۇرغان قۇياشقا، ئاپپاق بۇلۇتلارغا قارىدى، ئاندىن ئەتراپىغا سەپسالدى. زېمىننى، ئادەملەرنى، ئۆيلەرنى كۆرگۈسى كەلدى ... سېرىق كىيىملىك كىشىلەر كېلىپ قولىنى باغلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا قورقۇنچلۇق ئاۋازى بىلەن چىرقىرىۋەتتى. لېكىن، ئۇ خۇشاللىق ساداسى ئىدى. شۇ ئەسنادا، ئۇ مەيداننىڭ دوقمۇشىدىكى بالكونغا قاراپ، ئۇ يەردە تۇرغان بىرىنى، ئۆزىنىڭ دوستىنى، ئۆزىنىڭ ئىگىسىنى، ئۆزىنىڭ فوبۇسىنى كۆرۈپ قالدى ! ئۇ ھېلىھەم تىرىك ئىدى ! سودىيەلەر يالغان سۆزلىگەندى ! ھېلىقى پوپمۇ يالغان سۆزلىگەندى ! ئۇ ھەقىقەتەن فوبۇس ئىدى ! گۇناھكار قىز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. فوبۇس يەنىلا شۇنداق كېلىشىملىك، شۇنداق روھلۇق ئىدى، يېپيېڭى ھەربىي فورما كىيگەن، بېشىغا پەي قاداقلىق، بېلىگە خەنجەر ئېسىقلىق ئىدى !

— فوبۇس ! — دەپ توۋلىدى، — مېنىڭ فوبۇسۇم!

قىزنىڭ بىلەكلىرى مۇھەببەت ۋە شادلىقنىڭ كۈچىدىن تىترەپ كەتتى. ئۇ فوبۇس تەرەپكە قولىنى ئۇزارتماقچى بولدى، لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ بىلىكى باغلاقتا بولغاچقا، مىدىرلاتقىلى بولمايتتى.

شۇ ئەسنادا قىز فوبۇسنىڭ قوشۇمىلىرىنىڭ تۈرۈلگەنلىكىنى، يېنىدىكى چىرايلىق بىر قىزنىڭ مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ، فوبۇسقا



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. فوبۇس بىر نېمىلەرنى دېدى. لېكىن، ئارىلىق يىراق بولغاچقا، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغىلى بولمىدى. شۇ ئارىدا، گۇناھكار قىز ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئۇچقاندەك مېڭىپ، بالكوننىڭ كەينىدىكى ئەينەكلىك دېرىزىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئاندىن دېرىزىنى يېپىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى.

— فوبۇس! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئەسەبىيلىك بىلەن، — ئەجەبا، سىزمۇ چىن پۈتكەن بولسىڭىز ـ ھە!

شۇ چاغدىلا بىر قورقۇنچلۇق ئىش ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى، ئۆزىنىڭ فوبۇس شاتوپېرنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى بىلدى.

ئىلگىرى ئۇ ھەممە كەلگۈلۈككە زورغا چىداپ كەلگەنىدى. لېكىن، ئاخىرقى بۇ زەربىگە بەرداشلىق بەرگىلى بولمايتتى. ئاخىر قىز ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يول ئۈستىگە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى.

— كېلىڭلار، — دېدى شارمولۇي، — ئۇنى مەھبۇس ھارۋىسىغا سېلىڭلار، بۇ ئىشنى دەرھال تۈگىتىڭلار!

شۇ ئارىدا، چېركاۋنىڭ چوقچىلىق ئەگمە دەرۋازىسى ئۈستىدە، تارىختىن بۇيانقى پادىشاھ، خانلارنىڭ ھەيكىلى ئارىسىدا غەلىتە بىر مەخلۇقنىڭ تۇرغانلىقىغا، ئۇنىڭ يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنى سوغۇققانلىق بىلەن ئېرىنمەي كۆزىتىۋاتقانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى. ئۇ بوينى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، چىرايى ھەددىدىن زىيادە سەت بىر ئادەم ئىدى. ناۋادا ئۇ تەلىيىگە يېرىمى قىزىل، يېرىمى جىگەر رەڭ كىيىم كىيمىگەن بولسا، كىشىلەرنى ئۇنى تاش بىلەن ئويۇپ ياسالغان غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بىرى دەپ قالغان بولاتتى. چۈنكى، ئالتە يۈز يىلدىن بېرى، چېركاۋنىڭ لەمپىسىدىكى سۇ ئاشۇنداق غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ئاغزىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. چەتتە قاراپ تۇرغان بۇ ئادەم بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدا چۈشتىن تارتىپ بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇردى. دەسلىپىدە ئادەملەرنىڭ دىققەتسىزلىكىدىن پايدىلىنىپ، چوڭ بىر ئارقاننى دەھلىزدىكى تۈۋرۈككە چىڭ باغلاپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى چېركاۋنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تاش پەلەمپەيگە ساڭگىلىتىپ قويغانىدى، بۇ ئىشلارنى تاماملىغاندىن كېيىن بەخىرامان ھالدا كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. بەزىدە ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قاغىلارغا ئىسقىرتىپمۇ قوياتتى. جاللاتنىڭ ئىككى نەپەر ياردەمچىسى شارمولۇينىڭ شەپقەتسىزلىك بىلەن چۈشۈرگەن بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشقا تەمشىلىۋاتقاندا، ئۇ غەلىتە ئادەم كارىدورنىڭ رىشاتكىسىدىن شارتتىدە ئاتلاپ ئۆتتى ـ دە، ساڭگىلاپ تۇرغان ئارغامچىغا ئېسىلدى. كىشىلەر شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ خۇددى ئەينەكتىن سىرغىغان سۇدەك ئالدى تامنى بويلاپ يامىشىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، مۈشۈكتەك چاققانلىق بىلەن ھېلىقى ئىككى نەپەر ياردەمچىگە قاراپ يۈگۈردى، بازغاندەك ياپىلاق مۇشتلىرى بىلەن ئۇ ئىككىسىنى يەرگە چاپلىۋەتتى. ئاندىن مىسىرلىق قىزنى خۇددى كىچىك بالا قورچىقىنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ، چېركاۋنىڭ ئىچىگە غىپپىدە كىرىپ كەتتى. ئارقىدىنلا مىسىرلىق قىزنى كۆتۈرۈپ بېشىغا ئالدى ـ دە، قورقۇنچلۇق ئاۋاز بىلەن:

ـــ مۇقەددەس جاي! مۇقەددەس جاي! ـــ دەپ توۋلىدى.

بۇ ئىش شۇنداق تېز سۈرئەتتە يۈز بەردىكى، خۇددى قاراڭغۇ كېچىدە چاقماق چاققاندەك، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ۋاقىت ئىچىدە بولغان بولسىمۇ، ئادەملەر ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆردى.

ـــ مۇقەددەس جاي! مۇقەددەس جاي! ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئالامان. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئادەم خۇشاللىقىدىن قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ چاۋاك چېلىشتى. كۋاسىمودونىڭ يەكچەشمە كۆزىدىن مەغرۇر بىر نۇر چاقنىدى.

ئايال مەھبۇس بۇ گۇلدۇر - قاراس ئاۋازلاردىن ئېسىگە كەلدى. كۆزىنى ئېچىپ، كۋاسىمدونى كۆردى - يۇ، خۇددى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان ئادەمدىن قورقۇپ كەتكەندەك، كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

قورقىنىدىن ئالاقزادە بولغان شارمولۇينىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ تۇرۇپلا قالدى. جاللات بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىلىرىمۇ نىمە قىلارىنى بىلەلمىدى. دەرۋەقە، بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قورۇق تېمى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئايال مەھبۇسقا دەخلى - تەرۇز قىلغىلى بولمايتتى. چېركاۋ پاناھلىنىدىغان جاي بولغاچقا، ئىنسانىيەت ئەدلىيە ھوقۇقىنىڭ قانۇنى كۇچى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆتمەيتتى.

كۋاسىمدو دەرۋازىنىڭ تۇۋىدە توختىدى. چېركاۋنىڭ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە دەسسەپ تۇرغان پۇتى رومانىس ئۇسلۇبىدىكى تۈۋرۈكلەردىنمۇ مۇستەھكەمدەك قىلاتتى. ئىككى مۇرىسى ئىچىگە چۆكۇپ كەتكەن پاخما چاچلىق بېشى پەقەت يالى بار، لېكىن بوينى يوق ئەركەك شىرنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇ قوپال قوللىرى بىلەن مەھبۇس قىزنى ئېگىز كۆتۈردى. قىز ھاسىراپ - ھۆمۇدىگىنىچە ھاۋا بوشلۇقىدا ئېسىلىپ قالدى. كۋاسىمدو شۇ تۇرقىدا خۇددى بىر پارچە ئاق رەختنى كۆتۈرۈۋالغان ئادەمگە ئوخشايتتى. ئۇ قىزنى زەخىملەندۈرۈپ ياكى ئۇنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن بەكمۇ ئېھتىيات قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇ قىز كۋاسىمدو ئۈچۈن ئېيتقاندا، تولىمۇ نازۇك، تولىمۇ نەپىس، تولىمۇ قىممەتلىك بۇيۇم ئىدى. ھەتتا ئۇ بۇ قىزغا قول تەگكۇزۇشكىمۇ پېتىنالمايتتى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ نەپەس ئېلىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايتتى. كۋاسىمدو بىردىنلا ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى، شۇ تاپتا، مەھبۇس قىز خۇددى ئۇنىڭ يۈرەك پارىسىدەك، ئۆزى بۇ قىزنىڭ ئانىسىدەك ئىدى. ئۇ يەكچەشمە كۆزلىرى بىلەن قىزغا قاراپ ئېگىشتى، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مېھرىبانلىقىنى يەتكۇزدى، ئۆزىنىڭ ھەسرەت -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نادامەتنى، ئاچچىق ئازابلىرىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك بولدى. ئارقىدىنلا شارتتىدە بېشىنى كۆتۈردى، كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەزى ئاياللار كۆز يېشى قىلدى، بىرلىرى كۈلدى، جامائەتنىڭ شادلىقى، رازىمەنلىكى پەلەككە يەتتى. چۈنكى، شۇ تاپتا كۋاسىمودو راستتىنلا ئىنتايىن چىرايلىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇنداق چىرايلىق، شۇنداق سۆيۈملۈك كۆرۈندىكى، شۇ ئەسنادا ئادەملەر ئۇنىڭ يېتىم بالا ئىكەنلىكىنى، تاشلىۋېتىلگەن بالا ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئېسىدىن چىقارغانىدى. كۋاسىمودومۇ ئۆزىنى قۇدرەتلىك، كۈچتۈڭگۈر ھېس قىلدى. بىر چاغلاردا ئۆزىنى چۆرۈۋەتكەن، ئەمدىلىكتە ئۆزى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان جەمئىيەتكە، غەنىيمەت ئالغان ئۇلجا ھېسابىدىكى ئىنسانىيەت ئەدلىيەسىنىڭ ئادىللىقىغا، ئاغزىدا ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ بىر نەرسىنى چايناۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغان يولۋاسلارغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ساقچى ئەمەلدارلىرى، سودىيەلەر، جاللاتلار ۋە پادىشاھنىڭ جىمىكى ھوقۇقى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئاددىي بىر ئادەم تەرىپىدىن قۇدرەتلىك خۇدانىڭ ياردىمى ئارقىلىق كۇكۇم ـ تالقان بولغانىدى.

بەتبەشىرە بىر ئادەمنىڭ خالايىقنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىر بەختسىز قىزنى ئۆزىنىڭ ھامىيلىقىغا ئالغانلىقى، يەنى كۋاسىمودونىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بىر قىزنى تەپ تارتمايلا قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقى كىشىنى ئىنتايىن تەسىرلەندۇرىدىغان ئىش ئىدى! بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ۋە ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىنتايىن بەختسىز ئىككى ئادەمنىڭ ئۆزئارا ئۇچرىشىشى ۋە ئۆزئارا ياردەملىشىشى ئىدى!

بىرنەچچە مىنۇتلۇق غەلىبىدىن كېيىن، كۋاسىمودو گۇناھكار قىزنى كۆتۈرۈپ چىركاۋنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. پىداكارلىققا ئامراق جامائەت قاراڭغۇ زالدىن ئۇنىڭ قارىسىنى ئىزدەپ ئۇيان ـ بۇيان قارىدى، ئۇنىڭ مۇنداق تېز كېتىپ قېلىشىدىن

خورسىندى. چۇنكى، ئۇلار قانغۇدەك تەنتەنە قىلىشقا ئۇلگۇرەلمىگەنىدى. ئادەملەر ئۇنىڭ تويۇقسىزلا فىرانسىيە تارىخىدىكى پادىشاھلارنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان زالنىڭ ئۇ يېقىدا پەيدا بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كارىدوردىن قۇيۇندەك تېزلىكتە ئۆتۇۋېتىپ، مىسىرلىق قىزنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا، «مۇقەددەس جاي !» دەپ ۋارقىراپ قويدى. خالايىقنىڭ ئارىسىدىن گۇلدۇرمامىدەك ھەيۋەتلىك ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. كۋاسىمىدو كارىدور ـ دەھلىزلەردىن ئۆتۈپ، چېركاۋنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۆگزىنىڭ ئېگىز يېرىدىن مىسىرلىق قىزنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرگەن پېتى يۇگۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ «مۇقەددەس يەر !» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان جامائەت ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم تەنتەنە قىلدى. ئاخىرىدا ئۇ خۇددى ئۆزى قۇتقۇزۇۋالغان قىزنى پۈتكۈل پارىژلىقلارغا كۆرسەتكۈسى كەلگەندەك، ئەڭ چوڭ قوڭغۇراق ئورنىتىلغان مۇنارنىڭ چوققىسىدا پەيدا بولدى. باشقىلار ناھايىتى ئاز ئاڭلىغان، ئۆزى ئەزەلدىن تارتىپ ئاڭلاپ باقمىغان جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن «مۇقەددەس جاي !» دېگەن سۆزنى ئۇدا ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاۋازى ئەرشئەلاغا يەتكەندەك بولدى.

— ئوبدان بولدى، بەك ئوبدان بولدى! — دېيىشتى جامائەت. غايەت زور ئالقىش ساداسىنى دەريانىڭ قارشى قىرغىقىدىكى گرېۋ مەيدانىدا تۇرغانلارمۇ ئېنىق ئاڭلىدى، گۇناھكار قىزنىڭ دارغا ئېسىلىشىنى ساقلاپ، داردىن كۆزىنى ئالماي قاراپ تۇرغان راھىبەمۇ ئاڭلىدى. بۇ يەردە سادىر بولغان ئىشلار ئۇلارنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى.

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

## 1. قىزىتما

بىچارە كلاۋدې فروللو مىسىرلىق قىزغا سالغان تەقدىر كىرمىكى تەڭلا ۋاقىتتا ئۆزىنىڭمۇ سىلىنىدى. لېكىن، ئاسرىۋالغان ئوغلى بۇ كىرمەكنى ئېلىۋەتكەن چاغدا، كلاۋدې فروللو بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئاۋۋال كىيىم يەڭگۈشلەيدىغان ئۆيگە بېرىپ، مۇراسىم تونىنى، شارپىسىنى، پلاشنى ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرغان خىزمەتكارغا تاشلاپ بېرىپ، موناستىرنىڭ يان ئىشىكىدىن ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ كەتتى - دە، تېررائىسىندىكى كېمىچىدىن سېينا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. قىرغاققا چىقىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى ئەگرى - بۈگرى بىر كوچىغا كىردى، لېكىن نەگە بېرىشىنى بىلەلمىدى، ئالدىغا ماڭسىلا ئايال پېرىخوننىڭ دارغا ئېسىلغانلىقىنى كۆرۈشكە «ئۈلگۈرەلەيمىز» دېگەن ئۈمىد بىلەن خۇشال ھالدا سايىنت مىچېل كۆۋرۈكىگە قاراپ سەلدەك ئاقىۋاتقان ئەر - ئايال جامائەت بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىشى تۈرغانلا گەپ ئىدى. ئۇ تاتىرىپ، بىردەمدىلا يادىاپ كەتكەندەك بولدى. ئۇششاق باللار تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن يەنىلا كەينىدىن قالماي قوغلاپ يۈرگەن قۇرغۇيدەك بېشى ئايلىنىپ، بارماقچى بولغان نىشانىدىن ئازدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى ئەھۋالى تېخىمۇ ئوسال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ نەدىلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. بۇ ئىشلارنى ھەممىسى چۈشۈم بولمىسۇن يەنە دەپمۇ گۇمانلاندى. بەجايىكى

كاللىسى ئۈزۈلۈپ كەتكەن چىۋىندەك ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇسۇپ، قايسى كوچىغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي، بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ مېڭىۋەردى. لېكىن، كاللىسىغا كىرىۋالغان ۋەھىمىلىك گىرىق مەيدانى ئۇنىڭغا زادىلا ئارام بەرمىدى. ئۇ گىرىق مەيدانى مېنىڭ ئارقامدا دەپ ئويلىدى بولغاي، ئالدى تەرەپكە قاراپ، ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈردى.

ئۇ مۇشۇ تەرىقىدە ساينىت ژېنېۋيېۋ تېغىنى بويلاپ مېڭىپ، ئاخىر ساينىت ۋىكتور دەرۋازىسىدىن چىقىپ بۇ رايوندىن ئايرىلدى. لېكىن، كەينىگە قايرىلىپ ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى قوڭغۇراق بىنالىرىنى، شەھەر ئەتراپىدىكى چېچىلاڭغۇ ئۆي - ئىمارەتلەرنى كۆرۈپ توختىماي بەدەر قاچتى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل ئېدىرلار ئادەمنىڭ ئوغىسىنى قايىنىتىدىغان پارىژنى پۈتۈنلەي توسۇۋالغان چاغدىلا ئۆزىنىڭ يۈز نەچچە چاقىرىم نېرىدا ئىكەنلىكىگە، سەھرا ياكى قاقاس مەھەللىلەرگە كېلىپ قالغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، قەدىمىنى ئاستىلاتتى. كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى.

بۇ چاغدا تۈرلۈك ئوي - خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى، ئۆزىنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئەينەكتە كۆرگەندەك ئوچۇق كۆرۈپ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ھېلىقى شور پېشانە قىزنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ۋەيران قىلغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ شۇ قىز تۈپەيلى ۋەيران بولغانلىقىنى ئويلىدى. شۇ قىز بىلەن بىللە بېسىپ ئۆتكەن يوللارنى، تەقدىر - پېشانە ئىككىيلەننى ماڭدۇرغان بۇ يولنىڭ شۇنچىۋالا ئېگىز - پەس ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ھەتتا ئىككىيلەن ئايرىم - ئايرىم ماڭغان بۇ يولنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈتۈشۈش نۇقتىسىنىمۇ كۆرگەندەك بولدى. دەل مۇشۇ تۈتۈشۈش نۇقتىسىدا، ئۇلارنىڭ بىرى يەنە بىرىنى دەپ يەر بىلەن يەكسان بولغانىدى. ئۇ ھېلىقى مەڭگۈلۈك ۋەدىلەرنىڭ قانچىلىك ساراڭلىق ئىكەنلىكىنى، ئېپپەت -

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نومۇسىنىڭ قانچىلىك نادانلىق ئىكەنلىكىنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ روھىي دۇنياسىنى يەتكۈچە قازدى، سۆيۈملۈك تەبىئەت ئۆزگە تەييارلاپ قويغان بىر پارچە زېمىننى، بۇ زېمىننىڭ شۇنچىلىك كەڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئازابلىق ھالدا قاقاقلاپ كۈلدى. ئۇ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى جىمىكى ئۆچمەنلىكنى ۋە ئىچى قارىلىقنى قوچىدى. بۇ نەرسىلەرنى خۇددى بىر دوختۇر بىمارنى كۆزەتكەندەك كۆزىتىپ، جىمىكى ئۆچمەنلىك بىلەن ئىچى قارىلىقنىڭ زىيان ـ زەخمىتىكە مۇپتىلا بولغان ھېلىقى مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى تونۇدى. مۇھەببەت ـــ ئەرلەرنىڭ قەلبىدىكى پۈتكۈل ھەقىقەتنىڭ مەنىسى بولغان بۇ مۇھەببەت ئۇنىڭ نەزىرىدە قورقۇنچلۇق بىر نەرسە بولۇپ چىقتى. دەل مۇشۇ مۇھەببەت مۇشۇنداق بىر ئادەمنى يوپتىن ئالۋاستىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كىشىنى شۈركۈندۈرگۈدەك قاقاقلاپ كۈلدى. ئارقىدىنلا پېشانىسىغا پۈتۈلگەن بۇ پاجىئەلىك مۇھەببەتنى يەنە بىر قېتىم خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. روھنى چىرىتىدىغان، زەھەرلىك، نەپرەتلىك بۇ مۇھەببەتنى تىزگىنلەش تولىمۇ تەس ئىدى. ئۇ تولا ئويلاپ چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. دەل مۇشۇ مۇھەببەت بىر ئادەمنى دارغا سۆرەپ بارغان، يەنە بىر ئادەمنى دوزاخقا يېتىلەپ ماڭغان، ئۇلارنىڭ بىرى مۇشۇ مۇھەببەت تۈپەيلى دارغا ئېسىلغان، يەنە بىرى دوزاخقا سەپەر قىلغانىدى.

ئۇ فوبۇسنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ئەبلەخنىڭ ئۆلمەي ساق قالغىنىدىن يەنە بىر قېتىم كۈلۈپ تاشلىدى. كاپىتان تېخى تىرىك، تىرىك بولۇپلا قالماي شۇنداق ئەركىن ـ ئازادە، شۇنداق خۇشال، ئەزەلدىن كىيىپ باقمىغان چىرايلىق ھەربىي فورمىسىنى كىيگەن ھالدا، يېڭى مەشۇقىنى قولتۇقلاپ، كونا مەشۇقىنىڭ دارغا ئېسىلىۋاتقانلىقىنى تاماشا قىلدى. پوپ ئۆلتۈرۈۋەتمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدىغان جىمىكى تىرىك

ئادەملەر ئىچىدە ھېلىقى بىردىنبىر مىسىرلىق قىزنىڭ، ئۆزى نەپرەتلەنمەيدىغان مۇشۇ بىر جاننىڭ قېرىشقاندەك ئۆز قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگىنىنى ئويلاپ تېخىمۇ قاتتىق كۇلۇۋەتتى.

ئۇنىڭ خىيالى كاپىتاندىن ئەتراپىنى چۆرىدەپ مىسىرلىق قىزغا قاراپ تۇرغانلارغا يۆتكەلدى، كۆڭلىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل ھەسەتخورلۇق پەيدا بولدى. ئۇ بۇ ئادەملەرنىڭ يوپ ياخشى كۆرىدىغان بىر قىزغا قىلچە ھېيىقماي قاراۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئىچ كۆڭلىكىلا كىيگەن يېرىم يالىڭاچ بەدىنىگە يەۋېتىدىغاندەك تىكىلگەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاشۇ قاراڭغۇ كېچىدە ئوغرىلىقچە بىرلا قاراپ قويغانغا ئۆزىنى ئالەمشۇمۇل بەختكە چۆمۈلدۈرگەن بۇ قىزنىڭ ئەمدىلىكتە كۈپكۈندۈزدىلا ۋىسال ئاخشىمى كىيىدىغان كۆڭلەك بىلەن ئاشۇ كىشىلەر ئالدىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئويلاپ، ئاچچىقىدا بىلەكلىرىنى مۇجۇپ - مۇجۇپ قويدى. بىھۆرمەتلىك قىلىنغان، ئاياغ ئاستى قىلىنغان، ھاقارەتلەنگەن مۇھەببەت ئۇچۇن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ يىغلىۋەتتى، مەيدىسىگە مۇشتلىدى. شەھۋانىيلىق ئۇرغۇپ تۇرغان شۇنچىۋالا كۆپ كۆزنىڭ تۇگمىلەنمىگەن كۆڭلەككە قاراپ بولمىغۇر خىياللارغا بەند بولغانلىقىغا چىداپ تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۇ شۇنداق بىر چىرايلىق قىزنىڭ، ئەمدىلا رەسىدە بولغان، ماگنولىيە گۈلىدەك لاتاپەتلىك بىر قىزنىڭ، لېۋىگە لەۋ تەگكەن ھامان ئادەمنىڭ يۈت - قولىدا جان قالمايدىغان بىر قىزنىڭ، ئۇياتچان، يۈزى تۆۋەن، كۈلۈپلا تۇرىدىغان، بىر قەدەم تاتلىق مەينىڭ ھەممە ئادەم باستۇرۇپ كېلىپ تېتىپ باقسا بولىدىغان داش قازاننىڭ تامىقى بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، پارىژدىكى ئوغرى - يانچۇقچى، تىلەمچى، تېجىمەللەر ۋە تەبىئىتى ئەڭ پەس ئادەملەرنىڭمۇ بۇ خۇشاللىقتىن نومۇسسىزلارچە، ئىپلاسلارچە بەھرىمەن بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

كلاۋدې فروللو ناۋادا ئۇ قىز بۇخېمىيەلىك بولمىغان، ئۆزىمۇ پوپ بولمىغان، فوبۇسىمۇ مەۋجۇت بولمىغان بولسا؛ ئۇ قىزمۇ پوپنى سۆيگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭغا تەئەللۇق قۇياش نۇرىدا بۇ مۇھەببەتلىك هايات نەقەدەر تاتلىق بولاتتى ـ هە؛ جاهاننىڭ هەممە يېرىدە بەختلىك ئاشىق ـ مەشۇقلار بار، كەچكى قۇياش نۇرىدا، يۇلتۇزلۇق كېچىدە، دەريا ساهىلىدا، ئالمىزارلىقتا بىر ـ بىرىگە كۆڭلىنى ئىزهار قىلىدىغانلار بار؛ ئەگەر خۇدا راۋا كۆرسە، مەنمۇ ئاشۇ قىز بىلەن شۇ بەختلىك ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ قاتارىدىكى بىر جۈپلەردىن بولۇپ قالغان بولاتتىم، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ۋۇجۇدىغا تاتلىق بىر سېزىم يامرىدى.

ئاھ ، دەل شۇ قىز! شۇنىڭ ئۆزى! ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئېچىشقان يېرىگە تۇز قۇيۇپ، يىلىكىنى شوراپ، يۈرىكىنى زەرداب قىلىۋەتكەن هېلىقى جاهىل ئەرۋاھ دەل شۇ قىز ئەمەسمۇ! يوقسۇ، پوپ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىدىغانلاردىن ئەمەس. ئۇ ئەمدى خىجالەتچىلىك ئىچىدە ياشىمايدۇ. بۇرۇن قانداق قىلغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىدۇ، ئۇ بۇ قىزنىڭ جاللاتلارنىڭ قولىدا دارغا ئېسىلىشقا قاراپ تۇرسا تۇرىدۇكى، ئۇنىڭ شاللاق كاپىتاننىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرمايدۇ. لېكىن، پوپنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، دەردىنى ئالىدىغان يەر تاپالماي، بىرنەچچە تال چېچىنى شارتتىدە يۇلۇۋېلىپ، ئاقىرىپ كەتتىمۇ ـ قانداق، دەپ قاراپ قويدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئەتىگەن كۆرگەن ئىش كىرىۋالدى. ئۇ هېلىقى قورقۇنچلۇق چەمبەرسىمان سىرتماقنىڭ ئىنچىكە، چىرايلىق بىر بويۇنغا سېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ خىيالىدىن چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدى.

شۇ ئەسنادا، ئۇ ئۆزىنى ئۆزى قارغىش تەگكۈر ئالۋاستىلاردەك مەسخىرە قىلىشقا، بايراملىق كىيىم كىيىپ، شۇنچە تېتىك،

شۈنچە سادداا، شۈنچە غەمسىز، شامالدەك يەڭگىل، لەرزان ئۈسسۈل ئوينىۋاتقان ئەسمىرالدانى ئۈچراتقان تۈنجى كۈنى ئويلاشقا ئۈلگۈردى. ئىچ كۆڭلەك كىيگەن، بوينىغا سىرتماق سېلىنغان ئەسمىرالدانىڭ دار ئورنىتىلغان سۇپىغا يالاڭ ئاياغ پېتى ئالدىرىماي مېڭىپ چىقىۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئاخىرقى قېتىم لەپپىدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئىككى خىل مەنزىرە ئۈنىڭ كاللىسىدا خۇددى چاقماقتەك ھەش - پەش دېگۈچە پەيدا بولدى. يوپ ئاخىر چىدىيالماي ۋارقىراپ تاشلىدى.

ئۈمىدسىزلىك بورىنى ئۈنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۈزۈل - كېسىل گۇمران قىلدى، مەنۋىيىتىدىكى ھەممە نەرسىنى ئۈجۈقتۈردى، سۇغۇرۇپ چىقتى، يىلتىزى بىلەن قوشۇپ قومۇردى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئەتراپىدىكى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە نەزەر ئاغدۇردى. ئايىغى ئاستىدىكى چاتقاللىق ئىچىدە دانلاپ يۈرگەن بىرنەچچە مېكىيانىنى كۆردى، قۇياش نۇرىدىن قېپى ئالتۇندەك پارقىراپ كەتكەن تاشپاقا قاياقتىدۇر ئۆمىلەپ ماڭدى؛ بەزى جايلىرى كۈل رەڭ، بەزى جايلىرى قاردەك ئاق توپ - توپ بۇلۇت بېشى ئۈستىدىن لەيلەپ ئۆتتى. يىراقتىكى ئۈپۈق يۈزىدىن ساينت ۋىكتور موناستىرىنىڭ قوڭغۇراقخانىسى ئېنىق كۆرۈندى. ئۈنىڭ چاسا مۇنارى دۆڭنىڭ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرماقتا ئىدى. گوئىپاۋ ئېدىرلىقىدىكى تۈگمەننىڭ خوجايىنى ئىسقىرتىپ تۇرۇپ، شامالدا چۆرگۈلەۋاتقان چاقپەلەكنىڭ شادلىرىغا قارىماقتا، سۇرەتتەك چىرايلىق كۆرۈنۈشلەر، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆزدەك ياراشقان رەڭگارەڭ مەنزىرە شۇ قەدەر كۆركەم، شۇ قەدەر جىمجىت، ئەتراپتا ھەر خىل شەكىل بىلەن نامايان بولۇۋاتقان ھاياتلىق كارتىنىسى شۇ قەدەر گۈزەل، يوپ ئىچ - ئىچىدىن ئازابلىنىپ جاندىن تويغاندەك بولدى، ئۇ يەنە يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

ئۇ تاكى گۈگۈم چۈشەي دەپ قالغۇچە يۈگۈردى. تەبىئەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ھاياتلىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ئۆزىدىن قاچۇرۇش، ئىنسانلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، خۇدادىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇش كويىدا ساق بىر كۈن چېپىپ يۈردى. يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئەمدىلەتىن بىخ سۈرگەن بۇغدايلىقتا بىرنەچچە قېتىم دۈم چۈشتى. چۆلدەرەپ قالغان مەھەللىلەرنىڭ قايسىسىدۇر بىر كوچىلىرىدا بىرنەچچە قېتىم توختىدى، بىئارام بولۇپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە قىينالدى، بېشىنى مۈرىسىدىن تۈتۈپلا يۇلۇۋېلىپ يەرگە ئاتقۇسى، كۇكۇم - تالقان قىلىۋەتكۈسى كېلىپ، قولى بىلەن بېشىنى قامااللىدى.

ئۇ كۈن ئولتۇراي دېگەندە ئۆزىگە كەلدى، ئۆزىنىڭ ساراڭ بولۇشقا ئازلا قالغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ھېلىقى مىسىرلىق قىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈمىدى يوقـا چىققاندىن باشلاپلا ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتكەن قارا قۇيۇن تېخىچە ھەدەپ ئۇنىڭغا ئېسىنى يىغالايدىغان پۇرسەت قالدۇرمىغانىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسىتى تولۇقى بىلەن گۇمران بولغان، قەلبىدىكى ئەقىل - ئىدراك پۈتۈنلەي ئۆلگەنىدى. دەل مۇشۇ چاغدا ئۇنىڭ خىيالىغا ئەسىرالدا بىلەن دارنىڭ كۆرۈنۈشى كىرىۋالدى. قالغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىدى. ئىككى نەرسە ئۆزئارا بىرىكىپ، بىر دۆۋە قورقۇنچلۇق نەرسىگە ئۆزگەردى. ئۇ كۆز ئالدىنى ۋە كالللىسىنى ئىگىلىۋالغان بۇ ئىككى نەرسىگە تىكىلگەنسېرى ئۇلار ئاجايىپ سۈرئەت بىلەن يوغىنىغىلى، باشقا بىرنەرسىگە ئايلانغىلى تۇردى. بىرى تېخىمۇ چىرايلىق، نازاكەتلىك، كۆزنىڭ يېغىنى يېگۈدەك گۈزەل، چاراقلاپ تۇرىدىغان قۇياشتەك نۇرلۇق بولۇپ كەتتى. بىرى تېخىمۇ ۋەھىمىلىك تۈس ئالدى. ئاخىرىغا بېرىپ، ئەسىرالدا ئۇنىڭ ئالدىدا چولپان يۇلتۇزدەك چاقناپ زاھىر بولدى. تىك تۇرغان دار بەئەينى بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىلەكتەكلا كۆرۈندى.

ئۇ قاتتىق ئازابقا بەرداشلىق بەرگەن مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدىمۇ مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى خىيالىغا

كەلتۈرمىدى. بۇ راستتىنلا ئادەمنى ئويلاندۇرىدىغان ئەھۋال ئىدى. لېكىن، بۇ بەختسىز ئادەمنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى مۇشۇنداق ئىدى. ئۇ جېنىنى ئاياپ، ئۆلۈمدىن قورقمىغانلاردىن ئىدى. ئېھتىمال ئۇ دوزاخنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىلا ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

بۇ چاغدا ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قويىنىغا ئالدى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى تۇغما ئىقتىدار ئۇنى قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ ئۆزىنى پارىژدىن كۆپ ئۇزاققا كەتتىم دەپ چاغلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ نەدە تۇرغانلىقىغا سەپسالغاندىن كېيىن، ئۇنىۋېرسىتېت رايونىدىكى قەلئە سېپىلىنى بىر قېتىم چۆرگىلىگەنلىكىنى بىلدى. ساينت سۇلپىس چېركاۋىنىڭ ئۈچلۈك مۇنارى بىلەن ساينت گېرمائىن دېسپېرېس موناستىرىنىڭ بۇلۇتقا تاقىشىدىغان ئۈچلۈك ئۈچ ئۆگزىسى ئوڭ تەرەپتىلا ئىدى. ئۇ مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. موناستىر باشلىقىنىڭ قوراللىق ساقچىلىرى ساينت گېرمائىننىڭ يېنىدىلا پارولنى سورىدى. ئۇ غىپپىدە كەينىگە قايرىلىپ، موناستىردىكى تۈگمەن بىلەن ماخاۋ كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى تار كوچا ئارقىلىق، ھايال ئۆتمەيلا مىسسىيونېرلار چىمەنلىكىنىڭ يېنىغا كەلدى. بۇ كاھىنلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى ئۆتكۈزىدىغان كېچىلىكتىكى ۋارقىراش - جارقىراشلىرى بىلەن نامى چىققان چىمەنلىك ئىدى. ئادەملەر ئەزەلدىن تارتىپ رىۋايەتلەردىكى توققۇز باشلىق ئالۋاستى يىلاندىن يىرگىنىدىغان بولغاچقا، ساينت گېرمائىن موناستىرىدىكى كاھىنلار ئۈچۈن بۇ چۆپلۈك پوپلارنىڭ ئىچىدىكى قايسىدۇر بىر توققۇز باشلىق يىلاننىڭ خۇددى ئۆزىگىلا ئوخشايتتى. چۈنكى، بۇ يەردە ئوقۇۋاتقان كاھىنلار «كۈنبويى مۇشۇ يەرگە يىغىلىپ جېدەل - ماجىرا تېرىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلىۋالغانلار» دىن ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ بىرەرىگە يولۇقۇپ قېلىش خىيالى يوق ئىدى. كىمگە يولۇقۇپ

www.uyghurkitap.com

قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەممەيلەندىنلا قورقىدىغان ھالەتتە ئىدى. ئۇ تېخى بايىلا ئۇنىۋېرسىتېت رايونى بىلەن سايىنت گېرمائىن بازىرىدىن ئەگىپ ئۆتكەن بولغاچقا، چوڭ يولغىمۇ كەچ بولغاندىراق چىقىشنى نىيەت قىلدى ۋە چىمەنلىكنى ياقىلاپ مېڭىپ، يېڭى دوختۇرخانا ئارىلىقىدىكى چىغىر يولغا چىقتى-دە، ئاقىۋەت سېينا دەرياسىنىڭ بويىغا كەلدى. فروللو كلاۋدې كىمىچىنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ قولىغا ئازغىنە پۇلنى تۇتقۇزغاندىن كېيىن، كىمىچى تا قەلئە ئارىلىنىڭ يەنە بىر بېشىغىچە ئېقىمغا قارشى مېڭىپ، ئۇنى ئۇزۇنچاق يېرىم ئارالغا كەلگەندە قىرغاقتا چىقىرىپ قويدى. بۇ يېرىم ئارال پادىشاھلىق باغنىڭ سىرتى ئارقىلىق نېئوف ئارىلى بىلەن ياندىشاتتى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ يادىدىن چىقمىغان بولسا، بۇ دەل گرىنگورى ئەپەندى چۈش كۆرگەن ھېلىقى قاقاس يېرىم ئارالنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

تەلىيى ئوڭدىن كەلمەيدىغان كلاۋدې زېرىكىشلىك پالاق ۋە سۇنىڭ ئاۋازىدىن ئازراق بولسىمۇ خاتىرجەملىك ھېس قىلدى. كىمىچى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، گرىۋ مەيدانىدا بىرھازا ھاڭۋېقىپ تۇردى. بېشىنى كۆتۈرۈپ بىرنېمىلەرگە قارىدى. لېكىن، ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتراپتىكى مەنزىرە غەلىتە بىر مەخلۇقتا ئوخشاش كۆز ئالدىدىلا سەكرەيتتى، كېڭىيەتتى. ھەممىلا نەرسە خۇددى ئالۋاستىنىڭ سايىسىدەك خىيالىي كۆرۈنۈشكە ئايلانغاندەك ئىدى.

قۇياش نېسىلدىكى ئېگىز مۇنارنىڭ كەينىگە ئۆتۈپلا كۆزدىن غايىب بولدى، ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېپىلدى. دەريا سۈيى ئۈستىدە يورۇق نۇر ئەكس ئېتىۋاتقاندەك بولدى. پوپنىڭ كۆزى سېينا دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا تىكىلدى. سىياھدەك قاپقارا زېمىن يىراق بىر يەرلەرگىچە سوزۇلغانىدى. سوزۇلغانسېرى ئىنچىكىلەپ، ئاخىرىدا ئۇيۇقتىكى بۇلۇت قاتلىمىنىڭ ئىچىگە خۇددى يانىڭ ئوقىدەك كىرىپ كەتتى. دەريا بويىدىكى قاتار-

قاتار ئۆيلەرنىڭ گۈڭگا سىماسىنى ئاران ـ ئاران ئىلغا قىلغىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيلەر سۇ بىلەن ئۇيۇقنىڭ گىرەلەشكەن نۇقتىسىدىكى يورۇق تۇپەيلى يەنىلا ئېنىق كۆزگە چېلىقاتتى. چىراغ نۇرى پىلىلداپ تۇرغان دېرىزىلەر ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنىڭ ئاغزىغىلا ئوخشايتتى. قارىيىپ تۇرغان چوققىلىق چاسا مۇنار ئاسمان بىلەن دەريا ئارىلىقىدا قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى مۇنداقلا قاراشقا ئىنتايىن كەڭ بىلىنەتتى. كلاۋدې تۇيۇقسىزلا بولمىغۇر بىر ئىشلارنى خىيالىغا كەلتۈردى، ئۆزىنى ستراسبۇرگ چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراق بىناسى ئاستىدا ئوڭدا يېتىۋاتىمەن دەپ چاغلىدى. بۇلۇتقا تاقىشىپ تۇرغان غايەت زور ئۇچلۇق مۇنار گۈگۈم قاراڭغۇسىدا غۇۋا كۆرۈنگەندەك بولدى. ئۇچلۇق چاسا مۇنار دەريا سۈيىدە ئەكس ئېتىۋاتقان ئاسمان بوشلۇقىدا دەرياغا سانجىلىپ قالغاندەك تۇيۇلاتتى. كلاۋدې دەريا سۈيىنىڭ تەگسىز ھاڭغا ئوخشاش چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بىنانىڭ بۆلەكچە چوقچىيىپ تۇرغان بۆلىكىمۇ چېركاۋنىڭ ئۇچلۇق ئۆگزىسىدەك بوشلۇقتا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئېگىزلىكى ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان قوڭغۇراق بىناسى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىگە كۆز يەتمەيتتى. ئىنسان كۆزى ئۇنى تولۇق كۆرۈپ يېتىشكە بىقادىر ئىدى. ئۆيلەرنىڭ تۇرخۇنلىرى، تامدىكى كۇنگۇرىلەر، ئۆگزىدىكى ئۇچ بۇرجەك تاملار، ئاۋگۇستىنىنىڭ بالىخانىلىرى، نېسلى مۇنارى قالايمىقان بولسىمۇ تەسەۋۋۇرغا باي ئويما نەقىشلەر پوپىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ، ئۇنىڭ خىيالىي تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. خىيالىي تۇيغۇ دەرياسىغا غەرق بولغان كلاۋدې نېمىلا بولسۇن دوزاخنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم، دېگەن ئويغا كەلدى. قورقۇنچلۇق ئېگىز مۇناردا جىمىرلاپ تۇرغان رەڭگارەڭ نۇر ئۇنىڭ نەزىرىدە دوزاختىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ئوچاقنىڭ ئاغزى ئىدى. ئۇ يەردىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ۋە شاۋقۇن ـ

سۇرەن گاھ زارلىنىشقا ئوخشايتتى، گاھ غاراسلاۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. ئۇ قورققىنىدىن شاۋقۇن ـ سۇرەنلەرنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن قولى بىلەن قۇلىقىنى چىڭ ئېتىۋالدى. ئاخىر يوپ قەدىمنى چوك ـ چوك ئېلىپ، بۇ خىيالىي مەنزىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالماقچى بولدى.

لېكىن، بۇ خىيالىي كۆرۈنۈش ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئىدى.

ئۇ چوك يولغا چىققاندىن كېيىن دۇكاننىڭ ئالدىدا قىستىلىپ يۈرگەن ئادەملەرنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كەينىدىن مەڭگۈ ئەگىشىپ ماڭىدىغان ئەرۋاھلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى. قۇلىقىغا كىرىۋاتقان ئاۋازلارمۇ غەلىتە تۇيۇلدى. كۆز ئالدىدا غەلىتە خىيالىي ئەرۋاھلار غەلىيان كۆتۈرگەندەك بىلىندى. ئۇ ئۆيلەرنى، يوللارنى ئوچۇق كۆرەلمىدى. هارۋىلارنى، ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئۆتۈۋاتقان پىيادىلەرنى پەرق ئېتەلمىدى. ئاكېپىيە كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى مىلىچماللار دۇكىنىنىڭ لەمپىسىگە كونا ئادەت بويىچە بىر تالاي تۆمۈر ھالقىلار ئېسىقلىق بولۇپ، تۆمۈر ھالقىلارنىڭ ھەربىرىگە بىر تالدىن ياغاچتا ياسىغان يالغان شام چىگىلگەنىدى. بۇ نەرسىلەر شامال چىققان ھامان بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، شاقىلداقتەك ئاۋاز چىقىراتتى. كىلاۋدىي مۇشۇ ئاۋازلاردىن لاچىنتاغدىكى جازا مەيدانىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئۇ يەردىكى ئىسكىلىت سۆڭەكلەرنىڭ قاراڭغۇدا بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

«ئاھ، — دەۋەتتى يوپ پەس ئاۋازدا، — كەچكى شامال ئۇلارنى قوغلاپ يۈگۈرتىدۇ. تۆمۈر زەنجىرنىڭ شاراق ـ شۇرۇقى سۆڭەكلەرنىڭ ئۆزئارا سوقۇلغان چاغدىكى ئاۋازى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ! ھېلىقى قىزنىڭ سۆڭىكىمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن!»

كىلاۋدىنىڭ بېشى قېيىپ، قاياققا مېڭىشىنى بىلەلمەي قالدى.

لېكىن، ئۇ بىرپەس مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ساينىت مىچېل كۆۋرۈكىدە ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئالدىدىكى ئۆينىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىكى دېرىزىدىن چىققان چىراغ نۇرىنى كۆرۈپ، شۇ تەرەپكە قەدەم تاشلىدى. ئۇ يېقىنراق بېرىپ، چېقىلىپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن ئەينەك دېرىزىدىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۆينىڭ ئىچى ئىنتايىن مەينەت ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى غۇۋا بىر ئەسلىمىنى ئېسىگە سالغاندەك بولدى. سۇس چىراغ نۇرى ئاران يورۇتۇپ تۇرغان بۇ ئۆيدە يۈزلىرى ئۆپكىدەك قىزارغان، چىرايىدىن كۆرەڭلىك چىقىپ تۇرغان بىر ياش يىگىت خىرىلداپ كۈلگەن هالدا كىيىم - كېچەكلىرى چاكىنا بىر ئايالنى قۇچاقلىماقتا ئىدى. ئارقىدىنلا چىراغقا يېقىن ئولتۇرۇپ، بىر ياقتىن چاق ئېگىرىپ، بىر ياقتىن تىترەك ئاۋازى بىلەن قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئېيتىۋاتقان مومايغا كۆزى چۈشتى. يىگىت بىلەن قىز گاھ كۈلەتتى، گاھ توختايتتى. مومايىنىڭ ناخشىسى گاھ ئۈزۈلۈپ قالاتتى، گاھ داۋاملىشاتتى. ناخشىنىڭ بىرنەچچە مىسراسىنى يوپ ئېنىق ئاڭلىدى. بۇ مىسرالار تۇتۇق بولسىمۇ، لېكىن ناهايىتى قورقۇنچلۇق ئىدى:

توۋلىغىن گىرىۋ، قاۋىغىن گىرىۋ،
ئېگىرگىن ئۇرچۇقۇم، ئېگىر - توقۇۋەر.
توۋلىغىن گىرىۋ، قاۋىغىن گىرىۋ
زىندان هويلىسىدا ئىسقىرتىپ يۈرگەن،
جاللاتلارغا سىرتماق توقۇپ بەر !

كەندىردىن توقۇلغان چىرايلىق سىرتماق !
دىلىسىدىن تاكى ۋانۇرېغىچە
بوغداي تېرىماي تېرىيمىز كەندىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەندىردىن توقۇلغان مۇنداق ئارقاننى،
ئوغرى ئوغرىلاپ كەتمەيدۇ ھەرگىز !

تۇۋلىغىن گىرىف، قاۋغىن گىرىف،
پاھىشە قىزنىڭ پاسكىنا دارغا ـــ
ئېسىلغىنىنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن،
دېرىزىلەرمۇ ئوخشاپ قالىدۇ كۆزگە،
قاۋغىن گىرىف، تۇۋلىغىن گىرىف !

بۇ موماي دەل فالوردېلىنىڭ ئۆزى ئىدى. ياش يىگىت بىر ياقتىن ھېجىياتتى، بىر ياقتىن ھېلىقى ئايالنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى سىلايتتى. بۇ ئايال پاھىشە ئىدى، ئاۋۇ ياش يىگىتچۇ ! ئۇ دەل كلاۋدېنىڭ ئىنىسى ژان ئىدى.

پوپ كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرىۋەردى. بۇ كۆرۈنۈش ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تونۇش ئىدى.

ئۇ ژاننىڭ ئۆيىنىڭ بىر بېشىدىكى دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېرىزىنى ئاچقانلىقىنى، يىراقتىكى پىرىستانىغا قارىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇ يەردىكى دېرىزىلەرنىڭ كۆپىنچىسى يورۇق ئىدى. ئۇ ژاننىڭ دېرىزىنى ياپىدىغان چاغدا: «روھىم بىلەن ھۆددە قىلىمەنكى، ئەمدى كەچ بولۇپ كەتتى. شەھەر پۇقرالىرى شام ياقتى. مېھىر ـ شەپقەتلىك خۇدا يۇلتۇزلارنى يورۇتتى» دېگەنلىرىنى ئاڭلىدى.

ژان پاھىشە ئايالنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاندىن شىرەدىكى بوتۇلكىنى قولىغا ئالدى ۋە:

ـــ تۈگەپتۇغۇ، ئاناڭنى، ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ـــ لېكىن مېنىڭ يانچۇقۇمدا پۇل قالمىغان تۇرسا ! ئىسابېئو، سۆيۈملۈكۈم، يۇپىتېر دېگەنمۇ تايىنلىق نەرسە ئىكەنغۇ، ئۇ مۇشۇ قاردەك ئاپپاق ئەمچىكىنى قارا رەڭلىك ھاراق بوتۇلكىسى قىلىپ بەرگەن بولسا، ئۇنىڭدىن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ

ببائۇن ھارىقىنى ئىچىپ تۇرغان بولسام بولماسمىدى !

بۇ چاقچاق پاھىشە ئايالنى خۇش قىلىپ كۈلدۈرۈۋەتتى. ژان ئۆيدىن چىقتى.

كلاۋدې فروللو ئويلاپ تۇرمايلا يەرگە دۇم ياتتى. مۇنداق چاغدا ئىنىسى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىش بىئەپ ئىدى. راستىنلا دوقۇرۇشۇپ قالسا، ئىنىسىنىڭ ئۇنى تونۇپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. تەلىيىگە كوچا بەك قاراڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ژانمۇ غەرق مەست ئىدى. شۇنداقتىمۇ قىرىشقاندەكلا ئىش بولدى. ژان پاتقاقتا مىلىنىپ دۇم ياتقان ياردەمچى ئېپىسكوپنى كۆرۈپ قالدى.

— بەللى، بەللى، — دېدى ئۇ، — بۇ ئەبلەخ بۈگۈن پۈخادىن چىققۇدەك ئويناپتۇمۇ نېمە !

ئۇ كلاۋدېنىڭ بېقىنىغا بىرنى تەپتى. كلاۋدې دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، جىم يېتىۋەردى.

— ئۆلمىگۈر پىيەنچۈك، — دېدى ژان، — بوپتۇ، ئۆپكىسى چىلاشقۇدەك ئىچكەن ئوخشايدۇ. ھاراق قاچىلانغان كۆپتىن سۈزۈۋالغان سۈلۈكنىڭ ئۆزىلا بوپتۇ. يەنە كېلىپ تاقىر باش نەرسە ئىكەن، — ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ يەنە بىر مەرتىۋە قاراپ باقتى، — ئەسلىدە، قېرى ئەبلەخ ئىكەن - دە ! تەلەيلىك تاقىر باش قېرى !

كلاۋدې ئۇنىڭ: «ئىككى سەككىز ئون ئالتە، ئىدراك دېگەن بەلەن نەرسە، مېنىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپ ئاكام نېمىلا قىلغان بىلەن پېشانىسى ئوڭ ئادەم ھەم بىلىمى بار، ھەم پۇلى بار» دېگىنىچە يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ياتتى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بۈۋى مەريەم چېركاۋىغا قاراپ يۈگۈردى، سان - ساناقسىز ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن چېركاۋدىكى ئىككى چوڭ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۇ ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ يۈگۈرگەن پېتى پارۋى مەيدانىغا كەلگەندىلا قەدەملىرىنى توختاتتى، لېكىن سۇرلۇك بىنالارغا قاراشقا پېتىنالمىدى.

«ھەي، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — دەل بۈگۈن، دەل بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، دەل مۇشۇ يەردە، ھېلىقى ئىش راستىنلا يۈز بەرگەن بولغىيمىدى؟»

شۇ چاغدىلا ئۇ غەيرەتكە كېلىپ چېركاۋغا كۆز يۈگۈرتتى. چېركاۋنىڭ ئالدى تەرىپى ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قاراڭغۇ ئىدى. كەينى تەرىپىدىكى ئاسمان بوشلۇقىدا يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. ئۇپۇقتىن بايىلا كۆتۈرۈلگەن ھىلال ئاي ئوڭ تەرەپتىكى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ دەل چوققىسىدا توختىغان بولۇپ، قارىماققا ئۇچقۇلاق شەكىللىك نەقىش ئويۇلغان رېشاتكا يېنىدىن ئۇچۇپ چىققۇاتقان پارقىراق قۇشقا ئوخشايتتى.

موناستىرنىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ھۇجرىنىڭ ئاچقۇچىنى يېنىدىن ئايرىمايدىغان بولغاچقا، دەرۋازىنى ئېچىپلا چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

چېركاۋنىڭ ئىچىمۇ قاراڭغۇ، خۇددى ئۆڭكۈرگە ئوخشاش تىمتاس ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ، چېركاۋنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىن پالاستەك ساڭگىلاپ تۇرغان كېلەڭسىز قارا سايىلارنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندىكى توۋا ـ ئىستىغپار مۇراسىمىدا ئېسىلغان پەردىلەر ئىكەنلىكىنى، بۇ پەردىلەرنىڭ ھازىرغىچە ئېلىۋېتىلمىگەنلىكىنى بىلدى. تولىمۇ چوڭ ياسالغان كۆمۈش كىرىست قاراڭغۇلۇق ئىچىدە پارقىرايتتى، يۇزىدىكى يورۇق چېكىتلەر قورقۇنچلۇق كېچە ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايتتى. ئاي يورۇقىدا رەڭدار دېرىزە ئەينىكىدە ئەكس ئېتىۋاتقان گۈڭگا رەڭلەر پەقەت ئۆلگەن ئادەمنىڭ يۈزىدىلا بولىدىغان بىغۇبار رەڭ، ئاقۇچ، سۆسۈن رەڭلەرنىڭ ئۆزى ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ مۇناجاتخانىنىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەتراپىدىكى ئەگمە تورۇسلارغا قاراپ، دوزاختا چۇشۇپ كېتىۋاتقان ئېپىسكوپلارنىڭ شىلەپىسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئاچتى، خىيالىدا چىرايى شامدەك ئاقىرىپ كەتكەن بىرى ئوغرىلىقچە ماراۋاتقاندەك ئىدى.

ئۇ قەدىمىنى تېزلىتىپ، چېركاۋنى كېسىپ ئۆتتى. چېركاۋ مىدىرلاۋاتقاندەك، مېڭىۋاتقاندەك، تىترىلىۋاتقاندەك بىلىندى، قۇچاق يەتمەيدىغان چوڭ تۈۋرۈكلەر تاشتىن ياسالغان پۇتقىلا ئوخشايتتى، بۇ پۇتلار يەرنىڭ ئۈستىدىن مېڭىۋاتقاندەك بولدى. بۇ غايەت زور چېركاۋ ھەش ـ پەش دېگۈچە شۇنداق يوغان بىر پىلغا ئايلاندى، ھېلىقى تۈۋرۈكلەرنى پۇت قىلىپ، پوشۇلدىغان پېتى ماڭغىلى تۇردى. ئىككى قوڭغۇراق مۇنارى ئۇنىڭغا مۈڭگۈز، قارا پەردە ئۈستىدىكى يوپۇق بولدى.

پوپنىڭ قىزىتمىسى ياكى ئەسەبىيلىكى چېكىگە يەتتى. بۇ بەختسىز ئادەمنىڭ نەزىرىدە پۈتكۈل تاشقى دۇنيا كۆرگىلى بولىدىغان، قول تەگكۈزگىلى بولىدىغان، قورقۇنچلۇق، كىشىنى شۈركۈندۈرىدىغان ئاخىر زامانىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى.

ئۇنىڭ كۆڭلى سەل ـ پەل ئارام تاپقاندەك بولدى. ئۇ كارىدورغا كىرىپ، قاتار كەتكەن تۈۋرۈكلەرنىڭ كەينىدىن چۈشۈۋاتقان غۇۋا يورۇقنى كۆردى ـ دە، يۈلتۈزنى قوغلاپ ماڭغاندەك شۇ تەرەپكە يۈگۈردى، ئاخىر ئۇ سۇس يېنىۋاتقان چىراغ بولۇپ چىقتى. بۇ تۆمۈر رېشاتكا ئاستىدىكى بۈۋى مەريەم چېركاۋىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلار ئورناتقان ئىشلىتىدىغان ئىبادەت رىسالىسىنى كېچە ـ كۈندۈز يورۇتۇپ تۇرىدىغان چىراغ ئىدى. پوپ ئىچ ـ ئىچىدىن سۆيۈنۈپ، ئىبادەت رىسالىسىدىن ئۆزىگە تەسەللى ياكى ئىلھام بولىدىغان بىرنەرسىنى تېپىش كويىدا، ئىبادەت رىسالىسىگە ئۆزىنى ئاتتى، رىسالىنىڭ «يوب»قا ئائىت بىر سۈرىسىنى ئېچىپلا تۆۋەندىكى سۆزلەرگە كۆزى چۈشتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*«مەن ئالدىمدىن مېڭىپ ئۆتكەن بىر روھنى كۆردۈم، ئۇنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس تىنغىنىنى ئاڭلىدىم، قۇيقا چاچلىرىم تىك بولۇپ كەتتى.»*

بۇ سۈرلۈك جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇ تۇيۇقسىزلا كالتەكلەنگەن ئەما ئادەمدەك پۈتكۈل بەدىنى سىرقىراپ كەتتى، پۇتلىرى پىلىكتەك ئېگىلىپ، ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولغا يىقىلىپ چۈشتى. كۈندۈزى ئۆلۈپ كەتكەن ھېلىقى ئادەمنى ئېسىگە ئالدى. كاللىسىدىن پۇرقىراپ تۈتۈن چىقىۋاتقاندەك، بېشى دوزاخنىڭ مورىسىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بىلىندى.

ئۇ كاللىسى قۇيقۇرۇق شۇ ھالەتتە خېلىغىچە ياتتى، تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندە ياكى ئالۋاستىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندەك مىدىر - سىدىر قىلالمىدى. ئاخىر سەل ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، چېركاۋدىكى قوڭغۇراق مۇناردا پاناھلانماقچى بولدى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ يەردە ساداقەتمەن كۋاسىمدو بار ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى. قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئىبادەت رىسالىسىنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان چىراغنى قولىغا ئېلىۋالدى. بۇ ئىلاھىي نەرسىلەر ئۈچۈن ھاقارەت ئىدى. لېكىن، پوپتا بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرغۇدەك تاقەت يوق ئىدى.

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ تاش پەلەمپىيىگە چىقتى، لېكىن كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك قاپلىدى. يېرىم كېچە بولغاندا، پارۋى مەيدانىدىن ئاندا - ساندا ئۆتۈپ قالىدىغان كىشىلەرنىڭ قوڭغۇراق بىناسىنىڭ ئۇچ ئاتىدىغان تۆشۈكتىن چىقىۋاتقان سىرلىق چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ يۇزىگە ئۇرۇلغان سوغۇق شامالدىن سەگىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۈستۈن قەۋەتتىكى ئۆينىڭ كارىدورىدىكى ئىشىككە كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. سوغۇق شامالنىڭ خېلىلا جېنى باردەك

قىلاتتى. ئاسمان بوشلۇقىدىكى بۇلۇتلار ھەر خىل رەڭدە تاۋلىناتتى. يېيىلىپ كەتكەن بۇلۇتلار بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ، بىر يەرگە يىغىلاتتى. بۇلۇتنىڭ گىرۋەكلىرى قىش پەسلىدىكى دەريانىڭ ئەگىز بولغاندا پارچىلانغان مۇزلىرىدەك پارچىلىناتتى. بۇلۇتنىڭ ئىچىگە پاتۇرۇپ قويغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان ھىلال ئاي مۇز بىلەن قاپلانغان سۇ يولىدا تۇرۇپ قالغان كېمىگە ئوخشايتتى.

پوپ ئىككى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ دەھلىزىدىكى تۈۋرۈكلەرنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۆمۈر رېشاتكىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئاراچىلىرىدىن يىراققا نەزەر سالدى ـ دە، تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇلۇتلۇق تۇماننى، ھەدەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئىس ـ تۈتەكنى كۆردى. ھەممىلا يەر ئىس ـ تۈتەك، پارىژدىكى نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرى چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك ھالدا جىمجىت ئىدى. چوققىلىق ئۆگزىلەر كىچىك بولغىنىغا قارىماي بىر ـ بىرىنى قىستاۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ھەددى ـ ھېسابسىز ئۆگزىلەر ياز كېچىسىدىكى تىمتاس دېڭىز يۈزىدە جىمىرلاۋاتقان مەيىن دولقۇنلارغا ئوخشايتتى.

ئايدىن چۈشۈۋاتقان ئاجىز، گىرىمسەن يورۇقتا، ئاسمان بوشلۇقى بىلەن يەرنىڭ يۈزى كۆل رەڭ تۈسكە كىرگەنىدى.

دەل شۇ ئەسنادا چېركاۋدىكى چوڭ قوڭغۇراقنىڭ بوغۇق بوش ئاۋازى ئاڭلاندى. يېرىم كېچىگە قوڭغۇراق ئۇرۇلغانىدى. پوپ چىڭقىچۈش ۋاقتىنى يادىغا كەلتۈردى. شۇ چاغدىمۇ قوڭغۇراق ئون ئىككى قېتىم جاراڭلىغانىدى. «ھەي، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا ئۆز ـ ئۆزىگە، — بۇ كەمگىچە ئۇ قىزنىڭ بەدىنى مۇزلاپ قېتىپ كەتكەندۇ!»

شۇ چاغدا، نەدىندۇر كەلگەن شامال ئۇنىڭ قولىدىكى چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويدى. ئۇ چىراغنىڭ ئۆچۈشى بىلەن تەڭلا قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇرجەكتىن چىققان بىر سايىنى، ئاق كىيىمگە ئورالغان بىر ئادەمنى — بىر ئايالنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ قالدى. پوپ ئۆزىنى تۇتالماي، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. ئايالنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئوغلاقمۇ بار ئىدى. قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا، ئوغلاق ئۆزىچە مەرگىلى تۇردى.

پوپ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، ئۇ تەرەپكە يەنە قارىدى، كۆرۈۋاتقىنى راستىنىلا شۇ قىز ئىدى.

ئۇ قىز چىرايى تاتارغان، چۈشتىن ئىلگىرىكىدەك چاچلىرى چۇۋۇلۇپ مۈرىسىگىچە چۈشكەن هالەتتە ئىدى. لېكىن، بوينىدىكى ئارقان يوق، قولىمۇ باغلاقسىز ئىدى. ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشكەنىدى، چۈنكى ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغان قىز ئىدى.

ئاپپاق كېيىنگەن، بېشىغىمۇ ئاق داكا رومال ئارتىۋالغان بۇ قىز كۆزلىرىنى ئاسماندىن ئۈزمەي، ئاستا قەدەم تاشلاپ پوپ تەرەپكە ماڭدى. ئادەمگە سىر بەرمەيدىغان هېلىقى ئوغلاقمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. پوپ ئۆزىنى تاش ئادەمگە ئايلىنىپ قالغاندەك هېس قىلدى، پۇتلىرى ئېغىرلاشتى، قېچىپ كېتەي دەپ ئويلىدى ـ يۇ، پۇتلىرىنى مىدىرلىتالمىدى، قىز ئالدىغا بىر قەدەم ئالسا، ئارقىغا بىر قەدەم داجىشتىن باشقىغا كۈچى يەتمىدى. ئۇ مۇشۇ هالەتتە تاكى پەلەمپەينىڭ قاراڭغۇ ئەگمىسىگە كەلگۈچە چېكىندى، ئالدىدىكى قىزنى پەلەمپەيگىچە كېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ، ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى، قىز راستىنىلا يېقىن كېلىدىغان بولسا، پوپ قورققىنىدىن جان ـ پېنى چىقىپ كەتكەن بولاتتى.

قىز قېرىشقاندەك پەلەمپەينىڭ ئاغزىغا كېلىپ بىردەم توختىدى، قاراڭغۇلۇقتا تىكىلدى. لېكىن، پوپنى كۆرمىدى بولغاي، ئۆتۈپ كەتتى. پوپ ئۇنى هايات ۋاقتىدىكىدىن بويى ئېگىزلەپ قالغاندەك هېس قىلدى، ئاي نۇرى ئۇنىڭ ئاپپاق كىيىمىدىن ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك، ئۇنىڭ تىنىقىنىمۇ ئاڭلىغاندەك بولدى.

قىز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پوپ مىڭ تەستە پەلەمپەيدىن

پەسكە چۈشتى، قەدەملىرى ئابايا يولۇققان ئەرۋاھتەك ئاستىلىدى، ئۆزىنىمۇ ئەرۋاھ چاغلىدى، جان ـ ئىمانى چىقىپلا كەتتى، قەلبىنى ۋەھىمە قاپلىۋالدى، چاچلىرى بىر تال ـ بىر تالدىن تىك بولدى. لېكىن، شامالدا ئۆچۈپ قالغان چىراغنى چىڭ سىقىملاپ قويۇۋەتمىدى. ئەگرى ـ بۈگرى پەلەمپەيدىن چۈشۈۋاتقاندا، قانداقتۇر بىر ئاۋازنىڭ ئەسەبىيلەرچە توختىماي تەكرارلاۋاتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلىغاندەك بولدى:

*«مەن ئالدىمدىن مېڭىپ ئۆتكەن بىر ئەرۋاھنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىنغىنىنى ئاڭلىدىم. قۇيقا چاچلىرىم تىك بولۇپ كەتتى.»*

## 2. دۈمچەك، يەكچەشمە، توكۇر

ئوتتۇرا ئەسىردىكى فىرانسىيەدە تاكى لۇئى VII نىڭ دەۋرىگە قەدەر ھەربىر شەھەردە بېشىغا كۈن چۈشكەنلەر پاناھلىنىدىغان جاي بار ئىدى. جىنايى ئىشلار قانۇنى بۇ شەھەرلەرنى كەلكۈن سۈدەك بېسىپ كەتكەن بولغاچقا، ۋەھشىيلەرچە يولغا قويۇلۇۋاتقان سوتلاش ھوقۇقى بىلەن جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ يوچۇقىدىن تۆرەلگەن مۇنداق پاناھلىنىدىغان جايلار ئىنسانىيەت ئەدلىيە تۈزۈمىنىڭ شىللىسىدا ئارالغا ئوخشاش چوقچىيىپ تۇرىۋەردى. ھەرقانداق جىنايەتچى بۇ جايغا بېرىۋالالىسىلا جېنى ئامان قالاتتى. ھەرقايسى رايوندىكى مۇنداق پاناھ جاينىڭ سانى دارغا ئوخشاش كۆپ ئىدى. بۇ ئەھۋال جىنايى جازا بىلەن كەچۈرۈم قىلىشنى قالايمىقان قوللانغانلىقنىڭ ھەمدە بۇ ئىككى قاملاشمىغان ئىشنىڭ ئۆز ئارا ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى ئىدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنى ئەيىبلەشكە ئۇرۇناتتى. شاھلارنىڭ ئوردىسى، باي ـ تۆرىلەرنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى، بولۇپمۇ چېركاۋ قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئۆز دائىرىسىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقەددەس جاي قىلىپ، پاناھلىق تەلەپ قىلغانلارغا پاناھلىق بېرىش ھوقۇقى بار ئىدى. بەزىدە ئايرىم شەھەرلەرنى ئاھالىسىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن مۇقەددەس جاي دەپ بېكىتمۇۋېتىدىغان ئىشلارمۇ بولاتتى. لۇئى IX 1467 ـ يىلى پارىژنى مۇقەددەس جاي دەپ ئېلان قىلىۋەتكەندى.

جىنايەتچى بۇنداق مۇقەددەس جايغا كىرىۋالسىلا قانۇن ئۇنى سوراق قىلالمايتتى، لېكىن، پەخەس بولۇشقا، بۇ يەردىن ھەرگىز چىقىپ كەتمەسلىككە توغرا كېلەتتى. ناۋادا كىمدىكىم قارامىلىق قىلىپ بۇ مۇقەددەس جايدىن بىر قەدەم ئايرىلسىلا، ئۇنىڭ جازا قايىنىمىغا يېقىنلاشتىن غەرق بولۇشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. دار ۋە قىيناپ سوراق قىلىدىغان سۇپىلار خۇددى پاناھ جاينىڭ ئەتراپىغا پوست ئورۇنلاشتۇرغاندەك جايلاشقان بولۇپ، ئۇلار ئۆزى ئوۋلىماقچى بولغان ئولجىنى خۇددى پاراخوتنىڭ يېنىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئاكۇلىدەك ماراپلا تۇراتتى. پاناھلانغان جىنايەتچىلەر بەزىدە موناستىرغا ، بىرەر سارايىنىڭ پەلەمپىيىگە، ئىبادەتخانىنىڭ ئېتىزلىقىغا ياكى بىرەر چېركاۋنىڭ كارىدورىغا يوشۇرۇنغان پېتى چېچىغا ئاق كىرىپ كەتكۈچە تۇرۇۋېرىۋالاتتى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مۇقەددەس جاي بىلەن تۈرمىنىڭ ئارىلىقىدا ھېچقانداق پەرق يوق ئىدى. ئالىي سوت مەھكىمىسى چىقارغان شەپقەتسىز پەرمان تۈپەيلى، مۇقەددەس جاي دەپسەندە بولىدىغان، پاناھلىنىدىغان ئورۇن دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرايدىغان، جىنايەتچىنى قولغا ئېلىپ جاللاتلارغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئىشمۇ يۈز بېرىپ قالاتتى. لېكىن، مۇنداق ئەھۋال يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. پارلامېنت ئەزالىرى ئېپىسكوپلاردىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. ھوقۇق ئېگىلەپ تۇرغان بۇ ئىككى خىل كۈچ ئارىسىدا توقۇنۇش كېلىپ چىققاندا، سودىيەلەر كۆپ چاغلاردا ئېپىسكوپلارغا ئۇتتۇرۇۋېتەتتى. بەزى ھاللاردا ئالايلۇق، پارىژدىكى جاللات كىچىك ژاننى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش دېلوسى، ئېمېرى روسسۇنىڭ دېلوسى قاتارلىق دېلولاردا، ئەدلىيە

ئورگانلىرى دىنىي جەمئىيەتنى پىسەنتىگە ئالماي، ئۆزلىرى ھۆكۈم قىلغان دارغا ئېسىش جازاسىنى ئۆز ئالدىغا ئىجرا قىلىۋېرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ پەرمانى بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا، مۇقەددەس جايغا قوراللىق باستۇرۇپ كىرگەنلەرنى چوقۇم نەس باساتتى! كىشىلەر فىرانسىيە مارشالى روبېرت دې كلېرمونتنىڭ نېمىشقا ئۆلگەنلىكىنى، چامپاگنېدىكى مارشال ژان شارونىنىڭ نېمىشقا ئۆلگەنلىكىنى بىلەتتى. ئىككى نەپەر مارشال ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان بىر قاتىلنى — پۇل ئايرىباشلايدىغان بىر سودىگەرنىڭ ئوغلى پېررىن ماركنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ سايىنت مېرى چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسىنى چېقىپ كىرگەن. بۇ ئەلۋەتتە چېكىدىن ئاشقان جىنايەت ـ دە.

شۇ چاغدىكى ئادەملەر مۇقەددەس جايدىن ئىنتايىن ئەيمىنەتتى. ھەتتا ھايۋانلارمۇ تەپ تارتىدۇ دېگەن گەپ بار ئىدى. ئايمورى سۆزلىگەن بىر ھېكايىدە، داگوبېرت ① قوغلاپ ماڭغان قىزىل بۇغا قېچىپ يۈرۈپ سايىنت دېنىس قەبرىستانلىقىغا بارغاندا، كەينىدىن تاپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان تايغان چېپپىدە توختاپ قالغان، قوغلاش ئۈياقتا تۇرسۇن، قاۋاشتىن باشقىغا جۈرئەت قىلالمىغان.

پاناھلىنىدىغان ئادەملەر ئۈچۈن چېركاۋلاردا بىر ئېغىز كىچىك ئۆي بولاتتى. نىكولا فىلامېل 1407 ـ يىلى سايىنت ياكوئىس دىلا بوچېر چېركاۋىنىڭ ئۆگزىسىگە ئاشۇنداق بىر ئۆينى سالدۇرغان ھەمدە بۇ ئۆي ئۈچۈن خېلى كۆپ پۇل سەرپ قىلغانىدى.

كۋاسىمىدو قوڭغۇراق مۇنارى بىلەن بىنانىڭ دەھلىزى

---

① داگوبېرت (600 – 638) — فىرانسىيە پادىشاھى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە دىنىي جەمئىيەتنى بارلىق كۈچى بىلەن قوغدىغان ھەمدە سايىنت دېنىس چېركاۋىنى ياسىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدا غالىبلارچە تەلۋىلىك بىلەن بىرھازا يۇگۇرگەندىن كېيىن، ئەسمىرالدانى ئابايا بىز دېگەن ئۆيگە جايلاشتۇردى. ئۇ تىنىماي يۇگۇرۇپ يۈرگەن ئارىلىقتا، ئەسمىرالدا پەقەت ئويغانمىدى، ئۇيقۇچىلىقتا ھېچنېمىنى تۇيماي يېتىۋەردى. ئۆزىنى خۇددى ئەرشئەلاغا كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇۋاتقاندەك، لەيلەۋاتقاندەك، قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنى كۆتۈرۈپ يەر يۈزىدىن يىراق بىر يەرگە ئېلىپ كېتىپ بارغاندەك ھېس قىلدى. كۋاسىمودونىڭ كۈلگەن قوپال ئاۋازى ھەدېسىلا قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. ئۇ كۆزىنى بىلىنەر - بىلىنمەس ئېچىپ، تۆۋەندە ئۆگزىسى ياپىلاق تاش ۋە كاھىش بىلەن يېپىلغان نۇرغۇن ئۆيلەرنى، كۋاسىمودونىڭ ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم كۈلكە يېغىپ تۇرغان چىرايىنى خىرە - شىرە كۆرگەندەك بولدى. ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگىشىپتىمەن دېگەن يەرگە كېلىپ، كۆزىنى چىڭ يۇمدى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەندە، ئادەملەر ئۇنى دارغا ئاستى. قىزىق، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تەقدىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان سەت بىر ئەرۋاھ ئۇنى ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى. ئەسمىرالدا ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالمىدى، تەقدىرگە تەن بەردى.

بىراق، قوڭغۇراق چالىدىغان بۇ ئادەم چاچلىرى چۇۋۇلغان، ھاسىرىغان ھالدا ئۇنى گۇناھكارلار جېنىنى ساقلاپ قالىدىغان ھېلىقى ئۆيگە جايلاشتۇرۇۋاتقاندا، ئۇ قوپال بىر جۈپ قولنىڭ بىلىكىنى زېدە قىلىۋەتكەن ئارقانىنى ئاۋايلاپ تۇرۇپ يېشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ھەيران بولدى. خۇددى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەم قاراڭغۇ كېچىدە تاسادىپىي يوسۇندا دەريا قىرغىقىدا ھوشىغا كەلگەن چاغدىكىدەك ھەيران قالدى. بىرمۇنچە ئىشلار كاللىسىغا كىرىۋالدى، ئۇ ئېسىگە كەلدى، ئۆزىنىڭ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا ئىكەنلىكىنى بىلدى، شۇ ئەسنادا جاللاتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى. فوبۇسنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئەمدى ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى.

يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دەرد ـ ئەلەم ۋە ئازاب بىچارە گۇناھكار قىزنىڭ يۈرىكىنى تاتىلىماقتا ئىدى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ، كۋاسىمدونىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆردى، شۇنداقتىمۇ قورقۇمسىراپ تۇرۇپ كۋاسىمدودىن سورىدى:

ـــ مېنى نېمىشقا قۇتۇلدۇردۇڭ؟

كۋاسىمدو قىزنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭغا ئەنسىزلىك بىلەن قارىدى. ئەسمېرالدا سوئالىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، كۋاسىمدو ئۇنىڭغا تولىمۇ ئېچ ئاغرىتقان قىياپەتتە يەنە قاراپ قويۇپ، دەرھال نېرى كەتتى. ئەسمېرالدا ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قالدى.

كۋاسىمدو بىردەمدىلا قايتىپ كەلدى ـ دە، بىر بولاق نەرسىنى ئەسمېرالدانىڭ ئالدىغا قويدى. بولاق ياخشى نىيەتلىك بىر ئايال چېركاۋنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا قويۇپ قويغان كىيىم ـ كېچەك ئىدى. ئەسمېرالدا قاراپلا، ئۆزىنىڭ كىيىم كىيمىگەندەك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، يۈزى ۋىللىدە قىزىرىپ، ئوت كەتكەندەك بولدى.

كۋاسىمدو ئەسمېرالدادىكى مەسۇم قىزلاردىلا بولىدىغان خىجىللىقنى ھېس قىلىپ، يوغان ئالىقانلىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى ـ دە، يەنە بىر قېتىم كېتىشكە تەمشەلدى. لېكىن، بۇ نۆۋەت ناھايىتى ئاستا ماڭدى.

ئەسمېرالدا كىيىم ـ كېچەكلەرنى ئالدىراپ ـ تېنەپ كىيدى. ئۇزۇن ئاق خالات، ئاپپاق داكا رومال قاتارلىق بۇ نەرسىلەر چوڭ دوختۇرخانىلاردىكى پىراكتىكانت سېسترالار كىيىدىغان كىيىم ئىدى.

ئۇ كىيىملەرنى كىيىپ بولۇشىغا، كۋاسىمدو يەنە يېنىپ كەلدى. ئۇ بىر قولىغا كۆرپە، يەنە بىر قولىغا بىر بوتۇلكا سۇ، بىرنەچچە پارچە بولكا ۋە باشقا يېمەكلىك سېلىنغان سېۋەتنى ئېلىۋالغانىدى، سېۋەتنى يەرگە قويۇپ: «يەڭە» دېدى، ئاندىن كۆرپىنى يەرگە سېلىپ: «ئۇخلاڭ» دېدى. قوڭغۇراق چالىدىغان

www.uyghurkitap.com

بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ يېمەكلىرى بىلەن كارىۋىتىدىكى كۆرپىنى ئەسمىرالداغا ئېلىپ كەلگەنىدى.

مىسىرلىق قىز مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن دەرھال بېشىنى كۆتۈردى، لېكىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. بىچارە كۋاسىمودونىڭ چىرايى راستىنلا قورقۇنچلۇق ئىدى. قورققىنىدىن تىترەپ كەتكەن قىز دەرھال يەرگە قارىۋالدى.

— سىزنى قورقۇتۇۋەتتىممۇ؟ — دېدى كۋاسىمودو، — مەن بەك سەت، شۇنداقمۇ؟ سىز ماڭا قارىماي، گېپىمنى ئاڭلىسىڭىزلا بولىدى، كۈندۈزى مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇڭ، كېچىلىرى چېركاۋنىڭ ئىچىدە نەگە بارسىڭىز مەيلى. لېكىن، مەيلى كۈندۈزى ياكى كېچىسى بولسۇن، چېركاۋدىن بىر قەدەممۇ چىققۇچى بولماڭ. بولمىسا، شۇ ھامان پېشكەللىككە يولۇقىسىز. ئادەملەر سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. سىز ئۆلۈپ كەتسىڭىز، مەنمۇ ئۆلۈپ كېتىمەن.

ئەسمىرالدا بۇ سۆزدىن بەك تەسىرلەندى، جاۋاب قايتۇرماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈردى. لېكىن، كۋاسىمودو شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا كېتىپ قالغانىدى. ئەسمىرالدا يالغۇز ئولتۇرۇپ، كۋاسىمودونىڭ باياتىن دېگەن سۆزلىرىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ تۇرقى قورقۇنچلۇق، ئاۋازى بوغۇق بولسىمۇ، بىراق ئۇ مېھرىبان ئادەمدەك قىلاتتى. بۇ ئەھۋال ئەسمىرالدانى تەئەججۇپلەندۈردى.

ئارقىدىنلا ئەسمىرالدا ئۆيىنىڭ ئىچىگە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسالدى. ئۇزۇنلۇقى ئالاھازەل ئالتە چى ئەتراپىدا كېلىدىغان بۇ ئۆيدە دېرىزە ئورنىدىكى كامار بىلەن بىر قاناتلىق ئىشىكتىن بۆلەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇدۇل تەرەپ سەل ـ پەل يانتۇ، ياپىلاق تاش بىلەن يېپىلغان ئۆگزە ئىدى. ئۇ يەردىكى غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ بېشى ئويۇلغان نور قىزغا يېقىن كېلىپ، بوينىنى سوزۇپ، دېرىزە ئورنىدىكى كاماردىن ئۇنىڭغا قاراۋاتقاندەك تۇيۇلدى. قىز ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىدىن نۇرغۇن ئېگىز تۇرخۇنلارنى كۆردى. بۇ تۇرخۇنلاردىن پۇرقىراپ ئىس

چىقىشۋاتاتتى. شور پېشانە، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مىسىرلىق قىز، يۇرتى يوق، ئۆيى يوق، ئوچىقىمۇ يوق بۇ بەختسىز ئىنسانىنىڭ مۇشۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى يېرىم بولدى.

قىز دەل مۇشۇ چاغدا ئۆزىنىڭ يەككە ـ يېگانە تىكەندەك يالغۇز قارا يېتىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ بەكرەك ھېس قىلدى، مۇشۇ خىيال ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئادەتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئاغرىتتى. ئۇ بىردىنلا قانداقتۇر ساقىلى بار، يۇڭلۇق بىر باشنىڭ قولىغا سۈركەلگەنلىكىنى، تىزىغىمۇ سۈركىلىۋاتقانلىقىنى تۇيدى. ئۇ ئەندىكىش ئىچىدە (مۇشۇ كەمدە ئۇ ھەرقانداق نەرسىدىن ئەندىكىدىغان بولۇپ قالغانىدى) مۇنداقلا قاراپ، ئۇنىڭ ھېلىقى بىچارە ئوغلاق ئىكەنلىكىنى، ھوشيار گالى ئىكەنلىكىنى كۆردى. كۋاسىمىدو شارمولۇيىنىڭ ئادەملىرىنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلغاندا، ئۇمۇ ئىگىسىگە ئەگىشىپ قېچىپ كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ پۇتىغا يۆلىنىپ ياتقىنىغا بىر سائەت بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىگىسى ئۇنىڭغا بىر قېتىممۇ قاراپ قوياي دېمەيۋاتاتتى. مىسىرلىق قىز ئۇنى سۆيۈپلا كەتتى.

— ئاھ، گالى، — دېدى ئۇ، — مەن قانداقسىگە سېنى ئۇنتۇپ قالغاندىمەن! سەن ئەكسىچە مېنى يادىڭدىن چىقارماپسەن! ۋاپاسىزلىق قىلمايدىكەنسەن ئەمەسمۇ؟

دەل شۇ ئەسنادا قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەس بىر قول ئۇنىڭ يۈرىكىنى قىسىۋاتقان نەرسىنى ئېلىۋەتكەندەك بولدى، قىز ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. كۆز يېشى بېغى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تورۇكلاپ چۈشۈۋاتقاندا، ئاچچىق، ئېغىر ئازابلىرىمۇ يېشى بىلەن بىللە ئېقىپ كەتكەندەك بولدى.

قاراڭغۇ چۈشتى، كېچە ئۇنىڭغا شۇنچە چىرايلىق، ئاسماندىكى ئايمۇ شۇنچە مۇلايىم تۇيۇلدى. ئۇ ئەتراپقا قارىغاچ، بىنانىڭ كارىدورىنى بويلاپ پۈتكۈل چېركاۋنى ئايلىنىپ چىقتى، كۆڭلى تەسەللى تاپتى، ئېگىزدىن پەسكە نەزەر سېلىپ، زېمىننىڭ شۇنچە خاتىرجەم، شۇنچە سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 3. گاس

ئەسىرلەردە ئەتىسى ئەتىگەندە ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ قانغۇدەك ئۇخلىۋالغانلىقىنى بىلدى ۋە ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۇخلىماي ئادەتلەنگەنلىكىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغانىدى. ئۇيۇقتىن كۆتۈرۈلگەن قۇياشنىڭ كۈچلۈك نۇرى دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇتتى. ئۇ قۇياش نۇرىغا قاراۋېتىپ، دېرىزىدە ئۆزى قورقىدىغان يەنە بىر نەرسىنىڭ بارلىقىنى — كۋاسىمودونىڭ بەتبەشىر چىرايىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئىختىيارسىز قوللىرى بىلەن كۆزىنى توسۇۋالدى. لېكىن، بۇ ئىش كارغا كەلمىدى. ئۇ يەكچەشمە، شالاڭ چىش، يېرىق كالپۇك، ئالۋاستىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايىنى كۆردى. كۆزىنى تېخىمۇ چىڭ يۇمدى، قۇلىقىغا بوغۇق، لېكىن مۇلايىم بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— قورقماڭ، مەن سىزنىڭ دوستىڭىز، سىزنى ئۇخلىدىمۇ، يوق؟ كۆرەي دەپلا كەلدىم. سىزنى چۆچۈتۈپ قويمىغاندىمەن؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ كۆزىڭىزنى يۇمۇۋالغاندا قاراپ قويغانىنىڭ نېمە يامىنى؟ قاراپ تۇرۇڭ، مەن تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كېتەي، كۆزىڭىزنى ئېچىۋېرىڭ.

بۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلىماققا تولىمۇ زارلانغاندەك، لېكىن تەلەپپۇزىدىن بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى. مىسىرلىق قىز قەلبى لەرزىگە كېلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى، لېكىن كۋاسىمدو دېرىزىدىن ئاللىقاچان كېتىپ قالغانىدى. قىز دېرىزىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، بىچارە دۈمچەكنىڭ تامنىڭ بۇلۇڭىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ چىرايىدىن قانداقتۇر بىر ئازاب ۋە ئىتائەتمەنلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. مىسىرلىق قىز ئۇنىڭدىن يىرگەنگەنلىكىنى تەستە بېسىپ، يېقىملىق ئاۋازى

بىلەن ئۇنى يېنىغا كېلىشكە چاقىردى. كۋاسىمىدو قىزنىڭ لەۋلىرى مىدىرلىغاننى كۆرۈپ، ئۆزىنى نېرى كەت دەۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى ـ دە، دەرھال ئورنىدىن تۇردى. بېشىنى ئېگىپ، ئاقسىغان پېتى تامنىڭ تۈۋىدىن يىراقلاشتى، ھەتتا قىزغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. كۆزلىرىدىن ئۈمىدسىزلىك نۇرى چاقنىغاندەك بولدى.

— يېنىمغا كەل ! — دەپ توۋلىدى مىسىرلىق قىز يەنە بىر قېتىم، لېكىن كۋاسىمىدو مېڭىشتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قىز ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردى ۋە بىلىكىدىن كاپپىدە تۇتتى. كۋاسىمىدو بىلىكىگە قىزنىڭ قولى تېگىشى بىلەن تەڭلا لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. يېلىنىش بىلەن تولغان كۆزلىرىنى قىزغا تىكىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى يېنىغا تارتىۋاتقانلىقىغا ئۇندىمەي قاراپ تۇردى، چىرايىغا خۇشاللىق بىلەن مۇلايىملىق تەپتى. مىسىرلىق قىز ئۇنى ئۆيگە سۆرەپ كىرمەكچى بولدى، لېكىن كۋاسىمىدو بوسۇغىدا تىرەجەپ تۇرۇۋالدى.

— ياق، — دەپ توۋلىدى ئۇ، — مۈشۈكياپىلاق بوز تورغاينىڭ ئۇۋىسىغا كىرگەن نەدە بار؟

مىسىرلىق قىز كۆرپىگە يانپاشلىدى، شۇ تۇرقىدا ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ئوغلاقمۇ پۇتىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ياتتى. ئىككىيلەن بىرھازاغىچە ئۇندىمەي بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇشۇۋەردى. ئۇلارنىڭ بىرى قانچىلىك چىرايلىق دېسە، شۇنچىلىك چىرايلىق، يەنە بىرى قانچىلىك سەت دېسە، شۇنچىلىك سەت ئىدى. مىسىرلىق قىز قارىغانسېرى كۋاسىمىدونىڭ جىسمىدىكى سەت جايلارنىڭ شۇنچىلىك كۆپ ئىكەنلىكىنى بىلدى! ئۇنىڭ كۆزلىرى كۋاسىمىدونىڭ خامۇت پۇتىدىن دۈمچەك دۈمبىسىگە، دۈمبىسىدىن يەكچەشمە كۆزلىرىگە يۆتكەلدى. ئۇ بەدىنى شۇنچىلىك غەلىتە بۇ ئادەمنىڭ قانداقلارچە ھايات ياشاۋاتقانلىقىنى پەقەت چۈشىنەلمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ چىرايىدىن

www.uyghurkitap.com

يەتكۈچە تارتقان دەرد ـ ئەلەم، ھەسرەت ـ نادامەت بىلىنىپ تۇراتتى. قىز قاراۋېرىپ يۈرىكى پۇچۇلىنىپ كەتكەندەك بولدى.

— سىز مېنى قايتىپ كېلىشكە چاقىرغانمىدىڭىز؟ — كۋاسىمدو ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ھەئە، — دېدى مىسىرلىق قىز جاۋاب ئورنىدا بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ھەي ! — كۋاسىمدو قىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن يەردە ئىدى. لېكىن، ئۇ ئىككىلىنىپ قېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، — مېنىڭ ... قۇلىقىم ئاڭلىمايدۇ.

— بىچارە، — مىسىرلىق قىز ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ ئۇھسىنىپ قويدى.

— سىز مەندىكى ئەيىپ ـ نۇقسانىنىڭ مۇشۇنچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ، — مېنىڭ قۇلىقىم گاس، تۇغۇلۇشۇمدىلا مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق. سىزچۇ، ئادەم ئەقلىنى لال قىلغۇدەك چىرايلىق ئىكەنسىز، — بۇ بەختسىز ئادەمنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ ئۆز جىسمىدىكى بەختسىزلىككە بولغان خورسىنىش مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇراتتى. مىسىرلىق قىز ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب قايتۇرۇشقا پېتىنالمىدى. جاۋاب قايتۇرغان بىلەنمۇ ئۇ بەربىر ئاڭلىمايتتى، — مەن ئۆزۈمنىڭ بەتبەشىرە چىراي ئىكەنلىكىمنى ئەزەلدىن تارتىپ بۈگۈنكىدەك مۇنداق چوڭقۇر بىلىپ يەتمىگەنىدىم، — كۋاسىمدو سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆزۈمنى سىز بىلەن سېلىشتۇرۇپ باققان چېغىمدىلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ئىچىم ئاغرىدى. مەن نېمىدېگەن بەختسىز، تەتۈر پېشانە مەخلۇق ـ ھە ! ئەپتىمگە قاراپ مېنى ياۋايى ھايۋان چاغلاپ قالدىڭىز بولغاي. سىزچۇ، سىز دېگەن قۇياشنىڭ نۇرى، شەبنەمدەك پاك، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازى! مەن بولسام ئادەم سىياقى يوق، ھايۋانغىمۇ ئوخشىمايدىغان، قورقۇنچلۇق بىر نەرسە، پۇتىڭىزنىڭ تېگىدىكى تاشتىنمۇ قوپال، كۆرۈمسىز،

شەكلىنىڭ تايىنى يوق ئويۇنچۇق !

كۋاسىمىدو مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى. بۇ كۈلكە دۇنيادىكى يۈرەكنى ئېزىۋېتىدىغان كۈلكە ئىدى. ئۇ گەپتىن توختىمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن گاس. لېكىن، سىز ماڭا چىراي ئىپادىڭىز بىلەن قولىڭىزنىڭ ئىشارىتىنى قوشۇپ گەپ قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇ. بۇنى خوجايىنىم بىر چاغلاردا ئۆگىتىپ قويغان. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، مەن لېۋىڭىزنىڭ مىدىرلىشى بىلەن كۆزىڭىزدىكى ئالامەتكە قاراپ، سىزنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭىزنى تېزلا بىلىۋالىمەن.

— ماقۇل، — دېدى مىسىرلىق قىز كۈلۈمسىرەپ، — مېنى نېمىشقا قۇتۇلدۇرۇۋالغىنىڭنى دەپ بېرەلەمسەن؟

كۋاسىمىدو ئۇنىڭ گەپ قىلىۋاتقان چاغدىكى قىياپىتىگە دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى.

— چۈشەندىم، — دېدى ئۇ، — سىز مەندىن مېنى نېمىشقا قۇتۇلدۇردۇڭ دەپ سورىدىڭىز. ئېسىڭىزدىن كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولسا كېرەك، بىر كۈنى كەچتە بىر ئەبلەخ سىزنى بۇلاپ كەتمەكچى بولدى. بىراق، ئۇ ئەتىسىلا ئادەمنى نومۇسقا قويىدىغان جازا سۇپىسىغا باغلاندى. سىز ئەكسىچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلدىڭىز. ماڭا نىسبەتەن ناۋادا زەررىچە ھېسداشلىق بولىدىغانلا بولسا، مەن بۇ ھېسداشلىقنى كىچىك ئىش بىلمەي، ھاياتىمنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرەلمەيمەن. سىز ئۇ ئەبلەخنى ئۇنتۇپ كەتتىڭىز، لېكىن ئۇ سىزنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

مىسىرلىق قىز بۇ گەپلەردىن قاتتىق ھاياجانلاندى. قوڭغۇراق چالىدىغان ئادەمنىڭ كۆزىدە بىر تامچە ياش لىغىرلىدى، لېكىن ئېقىپ چۈشمىدى. ئۇ مۇشۇ ياشنىڭ تورۇكلاپ ئېقىپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن تىرىشىۋاتقاندەك ئىدى.

— گېپىمنى ئاڭلاڭ، — كۋاسىمىدو كۆزىنىڭ چانىقىدىكى ياشنىڭ ئېقىپ چۈشمەيدىغانلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن يەنە

گەپ باشلىدى، — ئاۋۇ تەرەپتە ئىگىز ئىككى قوڭغۇراق مۇنارى بار. ئەگەر بىرەرى شۇ مۇناردىن يىقىلىپ كەتسە، يەرگە چۈشمەي تۇرۇپلا جان ئۈزىدۇ. ئەگەر سىز مېنىڭ شۇ مۇناردىن چۈشۈپ كېتىشىمنى خالىسىڭىز، گەپ قىلىمەن دەپ ئاۋارە بولماي، كۆزىڭىز بىلەن ئىشارەت قىلىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ.

غەلىتە مەخلۇق ئورنىدىن قوزغالدى. يەتكۈچە بەختسىزلىككە گىرىپتار بولغان مىسىرلىق قىزنىڭ قەلبىدە ئۇنىڭغا ئوبدانلا ھېسداشلىق پەيدا بولدى ۋە بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىدىن كەتمەسلىككە ئىشارەت قىلدى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — بۇ يەردە تۇرىۋەرسەم بولمايدۇ. مۇنداق قاراۋەرسىڭىز، قورۇنۇپ قالىدىكەنمەن. سىز ماڭا ئىچ ئاغرىتىۋاتىسىز، شۇڭا ماڭا قارىماي دېسىڭىزمۇ كۆڭلىڭىز ئۇنىمايۋاتىدۇ. مېنىڭ ئورنۇم باشقا يەردە، مەن ئۇ يەردە تۇرۇپ سىزنى كۆرەلەيمەن، سىز مېنى كۆرەلمەيسىز. مۇشۇنداق قىلساق ئوبدانراق بولىدۇ، — ئۇ يانچۇقىدىن بىر پۇشتەكنى چىقاردى، — ئېلىڭ، ماڭا قاچاندا ئېھتىياجىڭىز چۈشسە، مېنى قانداق چاغدا چاقىرغۇڭىز كەلسە، ياكى مەندىن ئۇنچە قورقمايدىغان بولۇپ قالغان چېغىڭىزدا مۇشۇ پۇشتەكنى چېلىڭ. پۇشتەكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايمەن.

كۋاسمودو پۇشتەكنى يەرگە قويۇپلا مېڭىپ كەتتى.

## 4. ساپال بىلەن خىرۇستال تەشتەك

كۈنلەر ئېقىن سۇدەك ئۆتكىلى تۇردى.

ئەسمېرالدانىڭ خاتىرجەملىكى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى. چېكىدىن ئاشقان ئازابمۇ ئۇچىغا چىققان خۇشاللىققا ئوخشاش ۋاقىتلىق نەرسە، چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى زىيادە شىددەتلىك بولغاچقا، ئىنسان كۆڭلىنىڭ ھەرقانداق

چەكسىزلىكتە ئۇزاق ۋاقىتقىچە تۇرىۋېرىشى مۇمكىن ئەمەس. سەرگەردان قىز يەتكۈچە ئازاب ـ ئوقۇبەتنى باشتىن كەچۈرگەچكە، ئەمدىلىكتە ئۇنىڭدا قورقۇشتىن باشقا نەرسە قالمىغانىدى.

خاتىرجەملىككە ئەگىشىپ، ئەسمېرالدانىڭ كۆڭلىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىمۇ چاقناشقا باشلىدى. ئۇ جەمئىيەتتىن، ھاياتلىقتىن يىراقتا قالغان بولسىمۇ، لېكىن جەمئىيەتكە، ھاياتلىققا يېڭىباشتىن قايتىش مۇمكىنچىلىكىنى، بۇنىڭ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئەمەسلىكىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلاتتى. بۇ خۇددى ئۆلگەن ئادەملەردە ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى ئۆزى ئاچىدىغان ئاچقۇچ باردەك بىر ئىش ئىدى.

ئۇ ھېلىقى ئۇبرازلار ئەمدىلىكتە مەندىن نېرى كەتتى، دەپ ئويلايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە كىرىۋالغان ۋەھىمىلىك ئوبرازلار، مۇدھىش ئەرۋاھلار، پېررات تورتېرو، ياكوئىس شارمولۇي، ھەتتا ھېلىقى پوپمۇ ئۇنىڭ خىيالىدىن غايىب بولغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە فوبۇس تېخى ھايات، ئەسمېرالدا ئۇنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلمايتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ تىرىك تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدى. فوبۇسنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ بارلىقى ئىدى. ئۈزۈكسىز ئەجەللىك زەربە يېگەندىن كېيىن، قەلبىدە يەنىلا ئۆرۈلۈپ كەتمەي قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىردىنبىر نەرسە ئۇنىڭ ئاشۇ كاپىتانغا بولغان مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى، مۇھەببەت بىر تۈپ دەرەخكە ئوخشايتتى. ئۆزى بىلەن ئۆزى باراقسان كۆكلەپ، چوڭ بولالايتتى، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يىلتىز تارتالايتتى، ھەتتا كۆڭۈلنىڭ خارابىلىكىدىمۇ داۋاملىق بىخ سۈرۈپ، بوي تارتالايتتى.

ئەقىلگە سىغمايدىغىنى، مۇھەببەتتە ھېسسىياتنىڭ كۆزى قارىغۇ بولۇپ قالسا، مۇنداق مۇھەببەت تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى، يولسىزلىق قىلىدىغان، گەپ يېگۈزگىلى بولمايدىغان ھالغا يەتكەن ۋاقتى ئۇنىڭ دەل ئەڭ بۇزۇلمايدىغان ۋاقتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولاتتى.

ئەسىرالدا كاپىتاننى ئويلىغانسېرى، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئېچىشقاندەك بولاتتى. ئۇنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئىش باشقىسى ئەمەس، بەلكى كاپىتاننىڭمۇ ئالدىنىپ قېلىۋاتقانلىقى، يۈز بېرىش مۇمكىنچىلىكى يوق بىر ئىشقا ئىشىنىپ قېلىۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈن جېنىنى مىڭ قېتىم پىدا قىلىشقا رازى بولىدىغان ئادەمنى مېنى خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى، دەپ ئويلاپ قالغانلىقى ئىدى. لېكىن، راستىنى ئېيتقاندا كاپىتاننى ئەيىبلىگىلى بولمايتتى. چۈنكى، ئەسىرالدانىڭ ئۆزىمۇ «جىنايەت»نى ئىقرار قىلغانىدى. ناتىۋان بىر قىز دەھشەتلىك قىيناقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي تىز پۈكۈشكە مەجبۇر بولدىغۇ؟ ھەممە سەۋەنلىك قىزنىڭ ئۆزىدە! ئۇ ھېچ نەرسىنى دېمەسلىكى، تىرناقلىرىنى يۇلۇۋەتكەن تەقدىردىمۇ ھېلىقىدەك سۆزنى قىلماسلىقى لازىم ئىدى ـ دە! لېكىن، قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، فوبۇسنى يەنە بىر مەرتىۋە كۆرۈش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالىسا، ئۇنى بىر مىنۇت بولسىمۇ كۆرەلىسە، بىر ئېغىز گەپ قىلىۋالالىسا ياكى كۆز بېقىشىۋالالىسا، ئۇ فوبۇسنىڭ بىراقلا ئېسىنى تاپالايدىغانلىقىغا، پەيلىدىن يانىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، فوبۇسنى چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يەنە بىرنەچچە ئىش بار ئىدى: شۇ كۈنى تۇۋا ـ ئىستىغپار ئېيتىۋاتقاندا، فوبۇسنىڭ تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالغىنى نېمىسى؟ يەنە بىرى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرغان قىز كىم؟ ئەسىرالدا ئۇ قىزنىڭ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ قېرىندىشى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. لېكىن، بۇ كۆڭۈلنى ئازايدىغان چۈشەندۈرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ مۇنداق چۈشەندۈرۈشتىن رازى ئىدى. چۈنكى، ئۇ مۇنداق بىر نۇقتىغا، يەنى فوبۇسنىڭ ئۇنى ھېلىمۇ سۆيىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭدىن بۆلەك ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى

خالايتتى. فوبۇس ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ قەسەم ئىچىپ بەرگەن ئەمەسمۇ؟ باشقىلارغا ئوخشايلا رام بولۇپ كېتىدىغان مۇشۇنداق بىر ساددا قىزدا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە خىيال بولۇشى مۇمكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھېلىقىدەك ئىش ئاشكارىلىنىپ كەتسە، قىز بالىدىن كۆرە، ئۇنىڭغا تېخىمۇ پايدىسىز ئەمەسمۇ؟ شۇنداق قىلىپ قىز فوبۇسنى ساقلىماقچى، ئۇنىڭدىن ئۈمىد كۈتمەكچى بولدى.

تېخىمۇ ياخشى بولغىنى، ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىپ يوشۇرغان، ئۇنى قۇتۇلدۇرغان چېركاۋنىڭ ئۆزىلا ئاغرىق توختىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى ئىدى. سەلتەنەتلىك بۇ بىنانىڭ مۇقەددەس سىزىقچىلىرىدىن، ئەسىرلەرنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن تەقۋادارلىقنىڭ ھىدى تارقىلىۋاتقاندەك، تاشتىن ياسالغان بىنالارنىڭ ھەربىر تۆشۈكىدىن غۇبارسىز ئارامبەخش ئوي ـ خىياللار سىرغىپ چىقىۋاتقاندەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا تۇيدۇرماي تەسىر كۆرسىتىۋاتقاندەك ئىدى. بۇ بىنادىن ئاڭلىنىۋاتقان شۇنچىلىك بەختلىك، شۇنچىلىك دەبدەبىلىك سادالار ئۇنىڭ زەئىپ روھىغا تەسەللى بېرىۋاتقاندەك بولاتتى. نۆۋەتچى مىسسىيونېرنىڭ ئادەمنى زېرىكتۈرىدىغان ناخشىسى، جامائەت پوپنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەن چاغدىكى گاھ ئۈزۈلۈپ، گاھ ئۇلىنىۋاتقان، گاھىدا گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك بىلىنىدىغان ئاۋازلار، دېرىزىدىكى ئەينەكلەرنىڭ تەكشى ۋە رىتىملىق تەۋرىنىشلىرى، نەچچە يۈز بۇرغىدەك بىراقلا ياڭراپ كېتىدىغان فىسگارمونىنىڭ ئاۋازى، ھەسەل ھەرىسىنىڭ ئۇۋىسىدەك غوڭۇلدايدىغان ئۈچ قوڭغۇراق بىناسى بىر تۇتاش ئوركېستىر ئىچىدە، تولىمۇ يوغان بىر نوتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يۇقىرى ـ تۆۋەن سەكرەيتتى. ئۇنىڭ گامماسى تۆۋەن قەۋەتتىكى جامائەتتىن تاكى ئۆگزىدىكى قوڭغۇراقخانىغىچە كۆتۈرۈلەتتى ياكى پەسلەيتتى. بۇ ئاۋازلار ئەسىرلەرنىڭ ئەسلىمىسىنى، ئوي ـ خىياللىرىنى، دەرد ـ ئەلەملىرىنى مەست قىلاتتى. بولۇپمۇ

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى قوڭغۇراقلاردىن ئۇنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپاتتى. غايەت زور ئۇسكۇنىلەردىن ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ چىقىۋاتقان مۇزىكىلار مەۋج ئۇرۇپ يىراق ـ يىراقلارغا كېتەتتى، ئۇنى ماگنىت مەيداندەك ئۆزىگە تارتاتتى.

مۇشۇلارغا كۆرە، ھەر قېتىملىق تاڭ قۇياشىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ ئارامىغا چۈشتى، نەپەسلىرىمۇ راۋانلاشتى، مەڭزىگە قىزىللىق يۈگۈردى. يۈرىكىدىكى جاراھەت ساقايغاندىن كېيىن يۈزلىرىدىن نۇر ياغىدىغان بولدى. لېكىن، تېخىمۇ ئېغىر ـ بېسىق، تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ قالدى. بېرىپ ـ بېرىپ ئەسلىدىكى خۇلق ـ مىجەزى، خۇشال يۈرۈشلىرى، ئوغلاققا بولغان مېھرىبانلىقى، لېۋىنى پۈرۈشتۈرىدىغان، ئۆمەللەيدىغان قىلىقلىرى، ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئادىتى، مەسۇم قىزلارغا خاس ئۇياتچانلىقى ئەسلىگە كەلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم كىيگەندە ئېھتىيات قىلىدىغان، ياندىكى بىنانىڭ دېرىزىسىدىن بىرەرى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ قالمىسۇن ئۈچۈن ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋالىدىغان بولدى.

فوبۇس خىيالىغا كەلمىگەن چاغلىرىدا، مىسىرلىق قىز كۋاسىمىدونى ئويلاپ قالدى. كۋاسىمىدو ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار ۋە تىرىك ئادەملەر ئارىسىدىكى بىردىنبىر ئالاقە قىلالايدىغان ۋە بېرىش ـ كېلىش قىلالايدىغان ئادەم ئىدى. مىسىرلىق قىز نېمانچە بەختسىز ! ئۇنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى كۋاسىمىدونىڭكىدىنمۇ ئاز تۇرسا ! لېكىن، ئۇ تەقدىر – پېشانە سەۋەبلىك تونۇشۇپ قالغان بۇ دوستىنىڭ ئەھۋالىنى پەقەت بىلمەيتتى. ھېچبولمىغاندا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن بولسىمۇ ئۇنىڭ بەتبەشىرە چىرايىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسلىككە سالالمىغىنىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى، مەيلى نېمىلا بولسۇن، بۇ بىچارە قوڭغۇراق چالغۇچىنى كۆرەرگە كۆزى يوق ئىدى. دەرۋەقە ئۇ بەكلا سەت ئىدى.

قىز كۋاسىمىدو يەرگە قويۇپ قويغان پۈشتەكنى ئالمىدى.

شۇنداقتىمۇ دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە كۋاسىمىدو بۇ يەرگە ئىلگىرىكىدەكلا كېلىپ تۇردى. ئۇ يېمەكلىك قاچىلانغان سېۋەتنى ياكى سۇ قاچىلانغان كوزىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن چاغدا، ئەسمېرالدا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرماسلىقۇقا تىرىشتى. لېكىن، كۋاسىمىدو ئۇنىڭ ئازراق بولسىمۇ چاندۇرۇپ قويۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ھامان كۆڭلى غەش بولغان ھالدا كېتىپ قالاتتى.

كۋاسىمىدو بىر قېتىم مىسىرلىق قىز گالىنى سىلاپ ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە سۈركىشىپ يېقىن ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىر ئىش خىيالىغا كەلگەندەك خېلىغىچە قاراپ تۇردى، ئاندىن ئاران كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان غەلىتە شەكىلدىكى كاللىسىنى ئىرغاڭلىتىپ:

— مېنىڭ بەختسىزلىكىم ئادەمگە بەكرەك ئوخشىغانلىقىمدا بولسا كېرەك. مۇشۇ ئوغلاققا ئوخشاش ھايۋان بولغان بولسام بوپتىكەن، — دېدى.

مىسىرلىق قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى.

— ھە، مەن بۇ يەردىكى سەۋەبنى بىلدىم، — دېدى ئۇ مىسىرلىق قىزغا، ئاندىن دەرھال ئارقىسىغا ياندى.

يەنە بىر قېتىمدا كۋاسىمىدو ئەزەلدىن ئاياغ باسمىغان كىچىك ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئەسمېرالدا ئىسپانىيەنىڭ كونا بىر ناخشىسىنى ئېيتىماقتا ئىدى. ئۇ بۇ ناخشىنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. لېكىن، كىچىك چېغىدا بۆخپىيەلىك ئايال ئۇنى مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ تۇرۇپ ئۇخلىتىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئېسىدە قالغانىدى. ئۇ ناخشىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ھېلىقى بەتبەشىر چىرايىنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ـ دە، ناخشىدىن توختىۋالدى. بەختسىز قوڭغۇراق چالغۇچى بوسۇغىغا تىزلىنىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرۈمسىز ئالىقانلىرىنى جۈپلىدى.

— ئۆتۈنۈپ قالاي، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ، تەلەپپۇزىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى، — ناخشىڭىزنى ئېيتىۋېرىڭ، مېنى ھەيدىمەڭ!

ئەسىرلەردىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقان ھەسرەتلىك ناخشا ئېرىق ياقىسىدا ياڭرىدى...

ئەسىرالدا ئۇنى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قويماسلىق ئۈچۈن، تىترەپ تۇرغان ئاۋازى بىلەن ناخشىنى داۋاملاشتۇردى. كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئەنسىزچىلىك نەلەرگىدۇر يوقالدى، ئاخىر ناخشىدىن بىلىنىۋاتقان مۇڭلۇق كەيپىياتنىڭ ئىچىگە غەرق بولدى. كۇاسىمدو خۇددى دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ئادەمدەك ئىككى قولىنى جۈپلەپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، ئۇنىڭ ناخشىغا دىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بارلىق زېھنى بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇ گويا بۇ ناخشا مىسىرلىق قىزنىڭ كۆزىدىن چىقىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ نۇر يېغىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

يەنە بىر قېتىم كۇاسىمدو تولىمۇ خىجىلچىلىق ئىچىدە مىسىرلىق قىزنىڭ ئالدىغا ئاران ـ ئاران مېڭىپ كەلدى. شۇنچە زورۇقۇپ، مىڭ تەسلىكتە:

— سىزگە ئازراق گېپىم بار ئىدى، — دېيەلىدى. مىسىرلىق قىز ئاڭلاۋاتىمەن دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. كۇاسىمدو ئاغزىنى يېرىم ئېچىپ، گەپ قىلىشقا تەمشەلدى ـ يۇ، لېكىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى چايقىدى ـ دە، قولى بىلەن يۈزىنى تۇتقان پېتى كېتىپ قالدى. مىسىرلىق قىز زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

چېركاۋ تېمىنىڭ خېلى كۆپ جايلىرىغا ئادەملەرنىڭ باش رەسىمى ئويۇلغان بولۇپ، كۇاسىمدو ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىنى قەۋەت ياخشى كۆرەتتى، كۆپ چاغلاردا شۇ رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشاتتى. مىسىرلىق قىز بىر قېتىم ئۇنىڭ شۇ رەسىمگە قاراپ: «مەنمۇ ساڭا ئوخشاش تاشتىن ياسالغان بولسامچۇ» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئەسمىرالدا بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىگە يېقىن كېلىپ، سايىنت ژان چېركاۋىنىڭ چوققىلىق ئۆگزىسى تەرەپتىن مەيدانغا قارىدى. كۋاسىمدو ئۇنىڭ كەينىدە تۇردى. ئۇ تاۋى نازۇك بۇ قىزنىڭ ئۆزىنى كۆرۈپلا رەنجىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى، كۆپ ھاللاردا ئۆزىنى سوراپ بىر ياندىراق تۇراتتى. مىسىرلىق قىز بىردىنلا لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئۇچقۇنى ياندى، كۆزلىرىنىڭ چانىقىدا سۈزۈك ياشلىرى لىغىرلاپ قالدى. ئۇ ئۆگزىنىڭ گىرۋىكىدىلا تىزلىنىپ، ئازابلانغان ھالدا ئىككى قولىنى مەيدان تەرەپكە سوزۇپ ۋارقىرىدى:

— فوبۇس، — دېدى ئۇ، — قېشىمغا كەلسىڭىزچۇ! خۇدا ھەققى گەپ قىلسىڭىز، ماڭا بىر ئېغىز گەپ قىلسىڭىزچۇ! فوبۇس!

ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئاۋازى، چىرايىدىكى ئالامەتلەر، ئۇنىڭ قىياپىتى كېمە چۆككەن چاغدا سۇغا چۆشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ ئۇپۇقتىكى قۇياش نۇرىدا بەخىرامان لەيلەۋاتقان قېيىقنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراۋاتقان چاغدىكى ھالىغا ئوخشايتتى.

كۋاسىمدومۇ مەيدان تەرەپكە قاراپ، بۇ نازلىق، قىزغىن ئىلتىجاغا سەۋەب بولغان كىشىنىڭ ئەسلىدە قەددى - قامىتى كېلىشكەن ياش بىر چەۋەنداز ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇنىڭ قورال - ياراغلىرى، ئۇستىبېشىدىكى زىبۇ - زىننەتلەر كۈن نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ پارقىرايتتى. ئۇ دەل گۋاردىيە كاپىتانى فوبۇس ئىدى. ئۇ ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، مەيداننىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىپىپ كەلدى - دە، ئۇدۇلىدىكى بىر قىزغا مۇغەمبەرلىك بىلەن سالام بەردى. ئۇ خان قىز دەل ئۆز ئۆيىنىڭ بالكونىدا تۇرۇپ، كاپىتانغا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى. كاپىتان يەنە بىر قىزنىڭ ئۆزىنى تووۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، ئارىلىق بەك يىراق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن، بۇ بىچارە گاس ئاۋازنى «ئاڭلىدى»، ئىچ ـ ئىچىدىن خورسىنىدى، شارتتىدە ئۆرۈلۈپ، كەينىگە ياندى. ئىچكىگە سىڭگىرىۋەتكەن كۆز يېشىدىن يورىكى ئۆرتەندى، كىرىشىپ قېلىشقان مۇشتلىرى بىلەن بېشىغا نەچچىنى مۇشتلىدى. تەستە قولىنى پەسكە چۈشۈردى، بارماقلىرى ئارىسىدىن بايىلا يۇلۇۋالغان بىر تۇتام بېغىر رەڭ چاچ كۆرۈندى.

مىسىرلىق قىز كۋاسىمدوغا قىلچە دىققەت قىلمىدى. كۋاسىمدونىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، ئاغزى بۇزۇلدى:

— خۇدانىڭمۇ كۆزى يوق ئىكەنغۇ! ئادەم دېگەن كۆرۈنۈشكىلا چىرايلىق بولسا بولامدۇ؟

ئەسىبىرالدا تېخىچە تىزلانغان پېتى ئىدى. ئۇ ھاياجانلىنىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي توۋلاپلا كەتتى:

— ئۇ ئاتتىن چۈشتىغۇ! ئۇ ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى! فوبۇس! فوبۇس! مېنىڭ توۋلىغىنىمنى ئاڭلىمىدىمۇ؟ ئاۋۇ ئىپلاس ئۇنىڭغا نېمىلەرنى بىلجىرلاۋاتقاندۇ! فوبۇس!

كۋاسىمدو ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ، بۇ تىلسىز تىياتىرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى، كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى، لېكىن كۆز ياشلىرىنىڭ ئېقىپ چۈشۈشىگە يول قويمىدى. شارتتىدە بېرىپ، مىسىرلىق قىزنىڭ يېڭىدىن تارتتى. قىز كەينىگە قايرىلىپ، كۋاسىمدونىڭ ھېچنېمە بولمىغاندەك خاتىرجەم تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— مەن بېرىپ ئۇنى چاقىرىپ كېلەيمۇ؟ — دېدى كۋاسىمدو تەمكىنلىك بىلەن.

— ماڭ! يۈگۈرۈپلا ماڭ! — قىز خۇشاللىق بىلەن ۋارقىرىدى، — چاققان بول! كاپىتاننى مېنىڭ قېشىمغا ئەكەل! خۇش بولۇپ قالاي!

قىز كۋاسىمدونىڭ تىزىنى قۇچاقلىۋالدى. كۋاسىمدو ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ بېشىنى چايقاپ قويدى.

— مەن ئۇنى سىزگە ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى كۋاسىمدو

پەس ئاۋازدا، ئۇ كەينىگە قايرىلىپ، ئېقىپ چۈشەي دەپ قالغان كۆز ياشلىرىنى ئىچىگە سىڭگىرىۋەتتى ـ دە، قەدىمىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كەتتى.

كۋاسىمىدو مەيدانغا بارغاندا، ئۆزى ئىزدىمەكچى بولغان ئادەم ئۇ يەردە يوق بولۇپ چىقتى. پەقەت ھېلىقى ئاتلا گوندىلاۋۇر سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا باغلاقلىق تۇراتتى. قارىغاندا كاپىتان ھېلىلا بۇ قورۇغا كىرىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

كۋاسىمىدو بېشىنى كۆتۈرۈپ چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىگە قاراپ باقتى. ئەسمېرالدا تېخىچە شۇ يەردە، ئابايا قانداق تۇرغان بولسا، يەنە شۇ پېتى تۇراتتى. كۋاسىمىدو ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ بېشىنى چايقىدى. ئاندىن گوندىلاۋۇر سارىيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تۈۋرۈككە يۆلىنىپ، كاپىتاننىڭ چىقىشىنى ساقلاپ تۇردى.

گوندىلاۋۇر سارىيىنىڭ ئىچىدە تويىنىڭ ئالدىدىكى تەبرىكلەش مۇراسىمى بولۇۋاتاتتى. كۋاسىمىدو بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ كىرىپ كەتكىنىنى كۆردى، لېكىن ھېچكىمنىڭ قايتىپ چىققىنىنى كۆرمىدى. چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىگە پات ـ پات قاراپ، مىسىرلىق قىزنىڭ قېقىپ قويغان قوزۇقتەك مىدىر ـ سىدىر قىلماي تۇرغىنىنى كۆرۈپ تۇردى. ئات باقار كېلىپ ئاتنى يەشتى ـ دە، قورۇنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئاتخانىغا يېتىلەپ كەتتى.

كۈندۈز شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. كۋاسىمىدو تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرىۋەردى. ئەسمېرالدا ئۆگزىدىن نېرى كەتمىدى. فوبۇسچۇ، ئۇ ئەلۋەتتە فلېئور دې لىسنىڭ ئايىغى ئالدىدا ئىدى.

ئاخىر قاراڭغۇ چۈشتى. بۇ ئاي چىقمىغان، ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان زۇلمەتلىك كېچە ئىدى. كۋاسىمىدو ئەسمېرالدانى ئامال بار كۆزدىن نېرى قىلمىدى. ئاق چېكىتتەك بىرنەرسە ئاستا ـ ئاستا كۆرۈندى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىدى، ھەممە نەرسە غايىب بولدى. قاراڭغۇلۇقتىن باشقا ھېچنېمە قالمىغاندەكلا ئىدى.

كۋاسىمىدو گوندىلاۋۇر سارىيىنىڭ ئالدى تېمىدىكى يۇقىرى ـ

www.uyghurkitap.com

تۆۋەن دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىدىن چىراغ يورۇقى چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەيداندىكى باشقا ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىدىمۇ چىراغ يېقىلدى. بۇ چىراغلار ھايال ئۆتمەيلا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆچكىلى تۇردى. كۋاسىمىدو تۇۋرۇككە يۆلەنگىنىچە ساق بىر ئاخشام ئۆرە تۇردى. لېكىن، كاپىتان چىقاي دېمىدى. يولدىن ئۆتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئادەممۇ ئۆيىگە قايتىپ بولدى. باشقا ئۆيلەردىكى ئەڭ ئاخىرقى چىراغمۇ ئۆچتى. كۋاسىمىدو قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرىۋەردى. ئۇ شۇ تاپتا سېپى ئۆزىدىن تەنها ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاغلاردا بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا چىراغ يوق ئىدى.

گوندىلاۋۇر سارىيىنىڭ دېرىزىلىرى يورۇق ئىدى. ۋاقىت يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن كۋاسىمىدو تۇرغان ئورنىدىن قىمىرلىمىدى. ئەينەكلىك دېرىزە ئىچىدىكى رەڭدار كىيىنگەن ئادەملەرنىڭ ھاردىم دېمەي ئويناۋاتقان ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ تۇردى، ناۋادا گاس بولمىغان بولسا ئىدى، ھەممە ئادەم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن پارىژدا، ھەممە غەلۋە ـ غوۋغا بېسىقىپ قالغان بۇ مەھەلدە، ئۇ گوندىلاۋۇر سارىيىنىڭ بايرام كۈنلىرىدىكىدەك شادلىق سادالىرى ۋە مۇزىكا ئاۋازلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىيالىغان بولاتتى.

تاڭ ئاتاي دەپ قالغاندا، مېھمانلار خوشلىشىپ قايتىشقا باشلىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مۆكۈنۈپ تۇرغان كۋاسىمىدو ئۇلارنىڭ چىراغ نۇرى چاراقلاپ تۇرغان دەھلىزدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ بىرەرىمۇ كاپىتان ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ كاللىسىنى ھەسرەتلىك خىياللار چۇلغىۋالغانىدى. بەزىدە چارچاپ ھالىدىن كەتكەن ئادەملەردەك پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىغا كۆز تىكەتتى.

دەل شۇ چاغدا، كۋاسىمىدو بالكوندىكى ئاستى تەرىپى يەرگىچە تېگىپ تۇرىدىغان دېرىزىنىڭ ھېچكىمگە بىلىنمىدۇرمەي بىراقلا

ئىچىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بالكونىنىڭ تاش رىشاتكىسى ئۇنىڭ بېشىغىلا توغرا كېلەتتى. ئىككى قاناتلىق سوزۇنچاق دېرىزىدىن ئىككى ئادەم چىقىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى دېرىزە ھېچقانداق شەپە چىقارمايلا يېپىلدى. بالكونغا چىققىنى بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئىدى. كۋاسىمىدو بالكوندىكى ئەرنىڭ دەل ھېلىقى قەددى ـ قامەتلىك كاپىتان ئىكەنلىكىنى، ئايال كىشىنىڭ ئۇ ئەتىگەندە كۆرگەن، دەل مۇشۇ بالكوندا ھەربىي يىگىتكە سالام بەرگەن ھېلىقى قىز ئىكەنلىكىنى خورسىنىش ئىچىدە تونۇدى. مەيدان قاراڭغۇ ئىدى. دېرىزە يېپىلغاندىن كېيىن، شەلپەر رەڭلىك قوش پەردىمۇ چۈشۈرۈۋېتىلدى. بالكون قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى.

بىزنىڭ گاس بۇرادىرىمىز يىگىت بىلەن خان قىزنىڭ گەپ ـ سۆزىنى ئاڭلىيالمىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ نازلىق، مۇھەببەتلىك پىچىرلاشلار ئىچىدە بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەنلىكىنى چوقۇم پەملىدى. بالكوندىكى قىز يىگىتنىڭ قۇچاقلىشىغا مەيلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سۆيۈۋېلىشىنى مۇلايىملىق بىلەن رەت قىلىۋاتقاندەك ئىدى.

كۋاسىمىدو پەستە تۇرۇپ يوقىرىدىكى غۇۋا مەنزىرىنى كۆردى. مۇنداق مەنزىرىنى ھېچكىممۇ باشقىلارغا كۆرسەتمەيتتى. بىراق، كۋاسىمىدو لەۋنى تەمشىتىدىغان تاتلىق بىر پەردە ئويۇنغا كۆزىنى مىت قىلماي قاراپ تۇرۇپ ئىچى ئاچچىق بولدى. بىچارىنىڭ قان بىلەن كەلگەن تۇغما خۇي ـ مىجەزى ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولغاندەك ئىدى. ئۇ گەرچە دوك، كۆرۈمسىز ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ باشقىلاردەك ھاياجانلىق مىنۇتلارغا يولۇققاندا ئىختىيارسىز تىترەپ كېتەتتى. ئۇ تەقدىر ـ قىسمەت ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئىچىنىشلىق كەچۈرمىشلەرنى يادىغا ئالدى. قىزلارنىڭ، مۇھەببەتنىڭ، تاتلىق تۇيغۇلارنىڭ ئەبەدىلئەبەد كۆز ئالدىدىن لەيلەپ ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەبەدىلئەبەد باشقىلارنىڭ بەختىگە بىر چەتتە قاراپ

تۇرىدىغان ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇشۇ مەنزىرە ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇردى، ئۇنى تېخىمۇ يىرگەندۇردى ۋە غەزەپلەندۈردى. ناۋادا مىسىرلىق قىز مۇشۇ ئىشلارنى كۆرۈپ قالغان بولسا قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر - ھە، دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. كېچە ھەقىقەتەنمۇ بەك قاراڭغۇ ئىدى. ناۋادا ئەسمېرالدا ھازىرغىچە ئۆز ئورنىدا تۇرغان بولسىمۇ — كۋاسىمدو ئۇنىڭ شۇ يەردىلىكىنى جەزم قىلالايتتى — ئارىلىق يەنىلا يىراقلىق قىلاتتى. بالكوندىكى بۇ بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنى كۆرۈش كۋاسىمدودىن بۆلەك ئادەمگە نېسىپ بولمايتتى. ئۇ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، كۆڭلى سەل - پەل تەسەللى تاپقاندەك بولدى.

بۇ چاغدا بالكوندىكى ئىككيلەننىڭ گېپى قىزىپ بىر يەرگە بارغاندى، خان قىز كاپىتاندىن ئەمدى ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ دەپ ئۆتۈنۈۋاتقاندەك قىلاتتى. كۋاسىمدو ئۇنىڭ كاپىتاننىڭ ئالىقىنىدا مىجىلىپ كېتەي دەپ قالغان چىرايلىق قولىنى، ياش يۇقى كۆزى بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا تىكىلگەن مەسۇم كۆزلىرىنى، شۇنداقلا كاپىتاننىڭ شەھۋانىيلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزغا يەۋېتىدىغاندەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى.

بالكوندىكى قىز نازلىنىپ تۇرۇپ ماقۇل دەۋاتقاندا دېرىزە تۇيۇقسىزلا ئېچىلىپ، بىر موماي چىقىپ كەلدى. قىز تولىمۇ ئوڭايسىزلاندى، كاپىتاننىڭ كۆڭلى چۈشۈپ يەۋالغاندەك غەش بولدى. ئارقىدىنلا ئۈچەيلەن بىرلىكتە ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ھايال ئۆتمەيلا ئاتنىڭ سەكرەپ ئويناقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھېلىقى قامەتلىك ئوفىتسېر كېچىسى كىيىدىغان پلاشقا يۆگەنگەن پېتى كۋاسىمدونىڭ ئالدىدىن تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ كوچىنىڭ دوقمۇشىغا بارغاندىلا، قوڭغۇراق چالىدىغان بۇ

ئادەم ئاندىن قوزغىلىپ، مايمۇنغا ئوخشاش چەبدەسلىك بىلەن كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى.

— كاپىتان، — دەپ توۋلىدى ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ.

— سەن تېجىمەل مېنى توۋلاپ نېمە قىلاي دەيسەن؟ — كاپىتان قاراڭغۇ كېچىدە كالانپاي، غەلىتە بىر مەخلۇقنىڭ دوڭغاسلاپ ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

كۋاسىمىدو ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپلا قالغان بولغاچقا، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ كاپپىدە يۈگەنگە قول ئۇزارتتى.

— مەن بىلەن ماڭ، كاپىتان! بىرىنىڭ ساڭا قىلىدىغان گېپى باردەك قىلىدۇ.

— ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟ — دېدى فوبۇس ھۆركىرەپ، — سەن بەتبەشىرە مۇشۇكياپىلاقنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ. ھەي، ئەبلەخ! يۈگەننى قويۇۋەت!

— كاپىتان، — دېدى گاس ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، — سەن بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى بىلگۈڭ بارمۇ؟

— مەن ساڭا ئاتنىڭ يۈگىنىنى قويۇۋەت دەۋاتىمەن! — كاپىتانىنىڭ تاقىتى تاق بولدى، — سەن ئەبلەخ ئېتىمنىڭ يۈگىنىدە ئىللەڭگۈچ ئۇچۇپ نېمە قىلماقچى؟ ياكى ئېتىمنى دار قىلىپ ئېسىلغۇڭ كېلىۋاتامدۇ؟

كۋاسىمىدو ئاتنىڭ يۈگىنىنى قويۇۋېتىش بۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ئاتنىڭ بېشىنى قايرىپ، ئۇنى كەلگەن يولىغا ماڭدۇرۇش كويىدا ئىدى. ئۇ كاپىتانىنىڭ نېمىشقا ئۇنىڭ تەلپىنىنى رەت قىلىۋاتقىنىنى چۈشەنمەيتتى.

— كاپىتان، بىر قىز سېنى ساقلاۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ، ئارقىدىن يەنە قوشۇپ قويدى، — سېنى ياخشى كۆرىدىغان بىر قىز!

— سەن تېجىمەلنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق! — دېدى كاپىتان، — بىرەر قىزنىڭ ياخشى كۆرىمەن دەپ قويغىنىغا سوكۇلداپ بېرىۋېرىدىغان ئىش نەدە؟ ناۋادا ئۇمۇ ساڭا ئوخشاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇشۇكياپىلاق چىراي بولسىچۇ؟ سىنى ئىشقا بۇيرۇغان قىزغا دەپ قوي، مېنىڭ توي قىلىش ئالدىدا تۇرغىنىمنى سۆزلەپ بەر، ئۇ ئېسىنىڭ بارىدا ئېتىكىنى يىغىپ، يولىغا راۋان بولسۇن!

— گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى كۋاسىمدو ۋارقىراپ، ئۇنىڭچە پەقەت بىر ئېغىز گەپلا ئۇنى ئازىسالدىلىقتىن خالاس قىلالايتتى، — ئۇ سەن تونۇيدىغان ھېلىقى مىسىرلىق قىزنىڭ ئۆزى شۇ!

بۇ سۆزدىن فوبۇسنىڭ يۈرىكى راستتىنلا قارتتىدە قىلىپ قالدى. لېكىن، نەتىجە قوڭغۇراق چالغۇچى گاسنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولۇشى كېرەك، كۋاسىمدو مەھبۇس قىزنى شارمولۇينىڭ قولىدىن ئەپقېچىشتىن سەل ئىلگىرىلا، بىزنىڭ بۇ كېلىشكەن ئوفىتسېرىمىز فلېئۇر دې لىس بىلەن بىللە بالكوندىكى دېرىزىنىڭ كەينىگە غىپپىدە ئۆتۈۋالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گوندىلاۋۇر سارىيىغا يوقلاپ بېرىپلا قالسا، مىسىرلىق قىزنى تىلغا ئېلىشتىن ئېھتىيات قىلىدىغان بولدى، يادىغا كېلىپ قالغان چاغدىكى خىجىلچىلىقنىمۇ چاندۇرماي يۈردى. فلېئۇر دې لىس ئۈچۈنمۇ مىسىرلىق قىزنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىدەك مۇنداق پاكىتتىن فوبۇسنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇش تازىمۇ بىر ئەخمەقلىق ئىدى. فوبۇس مۇشۇلارغا كۆرە، بىچارە «سىمىلا»نى ئۆلۈپ كەتتى، ئۆلۈپ كەتكىنىگە بىر ـ ئىككى ئاي بولۇپ قالدى دەپ يۈرىۋەردى. ئەلىيات قۇ بولغان يېرىم كېچىدىكى قاراڭغۇلۇق، ئالدىدا تۇرغان ناتونۇش ئادەمنىڭ ھەددىدىن زىيادە سەتلىكى ۋە ئۇنىڭ خەۋەر يەتكۈزگەن چاغدىكى ئاۋازىنىڭ قورقۇنچلۇقى، كوچىدا باشقا بىرەر ئادەمنىڭمۇ يوقلۇقى، يېرىم كېچىنىڭ ھېلىقى ئالۋاستى راھىبقا ئۇچراپ قالغان كېچە بىلەن ئوخشاپ كەتكەنلىكى، ئاستىدىكى ئاتنىڭمۇ كۋاسىمدونى كۆرۈپلا ئېغىر پۇشۇلداۋاتقانلىقى... كاپىتاننى دەككە ـ دۈككىدە قويۇۋاتاتتى.

— مىسىرلىق قىز! — كاپىتان خۇدىنى يوقىتىپ قويغان

ئادەمدەك ۋارقىراپ سالدى، — ئۇنداقتا، سەن ئۇ دۇنيادىن كەلدىڭمۇ؟
كاپىتان خەنجەرنىڭ دەستىسىگە قول ئۇزارتتى.
— تېز بول، تېزرەك! — گاس ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتتى، — بۇ تەرەپتىن ماڭ!
فوبۇس ئۆتۈك كىيگەن پۇتىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ مەيدىسىگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى تەپتى.
كۋاسىمدونىڭ كۆزلىرىدىن ۋەھىمىلىك بىر نۇر چاقنىدى. ئۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ، كاپىتانغا ئېتىلماقچى بولدى - يۇ، دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.
— ھەي، — دېدى ئۇ، — بىرلىرى سېنى ياخشى كۆرگەندىكىن، تەلىيىڭ بار يىگىت ئىكەنسەن!
ئۇ «بىرلىرى» دېگەن سۆزنى قەستەن ھالدا ئۇنلۇكرەك دەۋېتىپ، ئاتنىڭ تىزگىنىدىن قولىنى بوشاتتى.
— كۆزۈمدىن يوقال!
فوبۇس شپۇرلۇق ئۆتۈكى بىلەن ئاتنى بىقىنداپ، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. كۋاسىمدو ئۇ ئاقۇچ تۇمان ئىچىگە سىڭىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى.
— ئىست، — دېدى بىچارە گاس پەس ئاۋازدا، — مۇشۇنداق ياخشى ئىشقىمۇ بويۇنتاۋلىق قىلغىنىنى قارىمامدىغان!
ئۇ بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا قايتىپ چىراغنى ياققاندىن كېيىن قوڭغۇراق مۇنارىغا چىقتى. سەرگەردان قىز ئۇنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك تېخىچە ئەسلىدىكى ئورنىدا ئىدى.
قىز كۋاسىمدونى يىراقتىنلا كۆرۈپ، يۈگۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى.
— ئۆزۈڭ يالغۇز كەپسەنغۇ؟ — دېدى قىز ئېغىر خورسىنغان ھالدا.
— ئۇنى تاپالمىدىم، — دېدى كۋاسىمدو تەمكىنلىك بىلەن.
— تاڭ ئاتقۇچە ساقلىساڭ بولماسمىدى؟ — قىزنىڭ

www.uyghurkitap.com



رەنجىۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

كۋاسىمىدو قىزنىڭ ئاچچىقلانغان چىرايىغا قاراپ، ھەممە ئىشنى ئۆزىدىن كۆرۈۋاتقانلىقىنى پەملىدى.

— كېيىنكى قېتىمدا ھەرگىز قاچۇرۇپ قويمايمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى ساڭگىلىتىپ.

— يوقال، — دەپ ۋارقىرىدى قىز ئۇنىڭغا.

كۋاسىمىدو نېرى كەتتى. ئەسىرلەردا ئۇنىڭدىن بەكلا خاپا بولدى. مىسىرلىق قىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خورلاشلىرىغا، ھەممە دەرد ـ ئەلەمنى ئۆزى تارتىشقا رازى ئىدى.

مىسىرلىق قىز شۇ كۈندىن باشلاپ خېلى كۈنلەرگىچە ئۇنى كۆرمىدى. ئۇمۇ مىسىرلىق قىز تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا كەلمىدى. مىسىرلىق قىز بۇ بەختسىز قوڭغۇراق چالغۇچىنىڭ قوڭغۇراق بىناسىنىڭ ئۇستىدە ھەسرەت بىلەن ئۆزىدىن كۆز ئۈزمەي ئولتۇرغىنىنى بىرنەچچە قېتىم كۆردى. لېكىن، قىز كۋاسىمىدونى كۆرۈپ قالغان ھامان ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مىسىرلىق قىز بۇ بىچارە دۈمچەكنىڭ ئۆزىنى سوراپ ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ يۈرۈشلىرىدىن پەقەت ئازابلانمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا زاھىر بولمىغىنىغا كۆڭلىدە مىڭ قەتلە مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ھالبۇكى، كۋاسىمىدو بۇ ئىشتا ھېچ نەرسىنى خاتا قىلمىغانىدى.

مىسىرلىق قىز ئۇنى قايتا ئۇچراتمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىدا قانداقتۇر بىر ئەرۋاھنىڭ چۆرگۈلەپ يۈرگەنلىكىنى تۇيدى. چۈنكى، ئۇ ئۇخلاپ قالغان چاغدا، كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر قول ئۇنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىنى يېڭىسى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قوياتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ دېرىزىسىدە بىر قەپەس پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا ئۇدۇل ئۆگزىدىكى بىر ھەيكەلدىن بەك قورقاتتى. بۇ ئەھۋالنى كۋاسىمىدوغىمۇ بىرنەچچە قېتىم دېگەنىدى. بىر كۈنى تاڭ

سەھەردە (مۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسى كېچىسى يۈز بېرەتتى) ئۇ ھېلىقى ھەيكەلنىڭ يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. كىمدۇر بىرلىرى ئۇنى چېقىۋەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنداق ئېگىز جايدىكى ھەيكەلنىڭ يېنىغا ئۆملەپ چىقىش ئۈچۈن، ھاياتىنىڭ خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىشىغا قارىماي تەۋەككۈل قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

مىسىرلىق قىز كىمدۇر بىرىنىڭ قوڭغۇراق بىناسىنىڭ يانتۇ لەمپىسى ئاستىدا ئولتۇرۇپ، خۇددى ئۆزىنى ئەللەيلەپ ئۇخلاتماقچى بولغاندەك، يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇڭلۇق بىر ناخشىنى ئېيتىۋاتقانلىقىنى بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىدى. بۇ رىتىمسىز ناخشا بولسىمۇ، ئۇنى پەقەت گاس ئادەملا ئېيتالايتتى:

ئادەمنىڭ چىرايىغىلا قارىما قىزچاق،
نىيەت - ئىقبالىغا ئەيلىگىن دىققەت.
سۆلەتمەنلەر كۆپىنچە سۈيۈق كۆڭۈل،
بولمايدۇ بەزىسىدە چىن مۇھەببەت.

شەمشاد قارىماققا جىلۋىدار ئەمەس،
ھەم كۆركەم بولمايدۇ تال تېرەكتەك.
لېكىن قەھرىمان سوغۇق چاغدىمۇ،
ياپرىقى يېشىل، ئاجايىپ قامەت.

ئاھ ! مۇنداق ئەزۋەيلەش نەھاجەت،
سەت ئادەم تۇغۇلۇشتىلا ئۆزىگە ئاپەت !
چىرايلىقلار چىرايلىقلىقىلا ئامراق،
ئاپرېل يانۋارنى كۆزگە ئىلمايدۇ پەقەت.

چىرايلىقلارنىڭ توققۇزى تەل،
چىرايلىق بىردىنبىر ھاياتلىق ئەبەد.
قارغا كۈندۈزدىلا قىلىدۇ پەرۋاز،
ھۇۋقۇشلارغا كېچىسى راھەت.
ئاق قۇلار ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرسىمۇ،
كېچە - كۈندۈز بىلەن كارى يوق پەقەت.

www.uyghurkitap.com

ئەسمىرالدا بىر كۈنى ئەتىگەندە ئويغىنىپ، دېرىزىدە گۈل بىلەن لىققىدە تولغان ئىككى تەشتەكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. تەشتەكنىڭ بىرى خىرۇستالدىن ياسالغان بولۇپ، ئىنتايىن چىرايلىق، ئىنتايىن سۈزۈك ئىدى. لېكىن، يېرىلىپ كەتكەن بولغاچقا، سۈيى ئېقىپ كېتىپ، ئىچىدىكى گۈل سولىشىپ قالغانىدى. يەنە بىرى ئادەتتىكىچە بۇدۇر - چوقۇر ساپالدىن ياسالغان بولسىمۇ، بىر تامچە سۈيىمۇ زايە بولمىغان، ئىچىدىكى گۈلمۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئويناتقۇدەك كۆركەم، شۇنچىلىك چىرايلىق ئىدى.

ئەسمىرالدا قەستەن قىلغان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىسىمۇ، لېكىن سولىشىپ قالغان گۈلنى مەيدىسىگە چىڭ يېقىپ، كۈنبويى كۆتۈرۈپ يۈردى.

شۇ كۈنى قوڭغۇراق مۇنارىدىن ناخشا ئاڭلانمىدى.

قىز بۇ ئىشلارنى كۆڭلىگە ئالماي كۈندۈزلىرى گاللىنىڭ بېشىنى سىلاپ، گوندىلاۋۇرنىڭ سارىيىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، پەس ئاۋازدا ئۆزى بىلەن ئۆزى فوبۇسنىڭ نامىنى تەكرارلاپ يۈردى، يا بولمىسا ئۈچۈپ ئۆتكەن قارلىغاچلارغا بولكىنىڭ ئۇۋۇقىنى تاشلاپ بېرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى.

ئۇ كۋاسىمودونى ئىككىنچىلەپ كۆرمىدى، ناخشىسىنىمۇ قايتا ئاڭلىمىدى. قوڭغۇراق چالغۇچى چىركاۋنىڭ ئىچىدە ئەمەستەك ئىدى. لېكىن، مىسىرلىق قىز بىر كۈنى كەچ سۈيۈملۈك فوبۇسنىڭ نامىنى دىلىدا زىكىر قىلىپ ئۇياندىن - بۇيانغا ئۆرۈلۈپ ياتالمايۋاتقاندا، ئۆيىنىڭ يېنىدىلا بىرىنىڭ ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاينىڭ يورۇقىدا قانداقتۇر سەت بىرنەرسىنىڭ ئىشىك سىرتىدىلا تۈگۈلۈپ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئەسلىدە ئۇ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەردىلا ئۇخلاۋاتقان كۋاسىمودو ئىدى.

# 5. قىزىل دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچى

ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇزاققا قالمايلا جامائەت ئىچىدە غۇلغۇلا بولۇپ يۈرگەن گەپ ـ سۆزلەردىن مىسىرلىق قىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن كارامەت كۆرسەتكەندەك قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغانلىقىنى بىلدى. ئۇ مۇشۇ خەۋەردىن كېيىن ئۆزىنىڭ زادى قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقى ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ تىنمىدى. ئەسمېرالدانىڭ راست ئۆلگەنلىكىگە كۆزى يەتكەندىن كېيىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانىدى، چۈنكى ئۇ يەتكۈچە ئازاب چەكتى ـ دە، كلاۋدې فروللونىڭ ئوي ـ پىكرىچە بولغاندا، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسى مۇئەييەن دەرىجىدىكى ئۈمىدسىزلىككىلا بەرداشلىق بېرەلەيتتى. بىر پارچە بۇلۇتنى مىسال ئالساق، ئۇ سۇنى يەتكۈچە سۈمۈرۈپ تويۇنغان دەرىجىگە يەتكەندە، ئۇنى دېڭىزغا چىلاپ قويغان تەقدىردىمۇ بىر تامچە سۇنىمۇ ئۆزىگە سىڭدۈرەلمەيتتى.

كلاۋدې فروللومۇ ئەسمېرالدا ئۆلدى دەپ سۇنى يەتكۈدەك سۈمۈرگەن بۇلۇت بولۇپ بولغانىدى. بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭلىق بىلەن تۈگىگەنىدى. بىراق، ئۇ ئەسمېرالدانىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى، فوبۇسنىڭمۇ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، يۈرىكىدىكى ئاغرىق يېڭىباشتىن قوزغالدى. ئەگىشىپلا كەلگەن روھىي داۋالغۇش، خۇشاللىق ۋە قايغۇ ـ ھەسرەت يەنە كۈچەيگىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ، كلاۋدې فروللو بۇ ئىشلاردىن ئاللىقاچان جاق تويغان يەردە ئىدى.

شۇڭا، ئۇ موناستىردىكى ھېلىقى ھۇجرىغا مەھكەم بېكىنىۋېلىپ ياتتى، مىسسىيونېرلارنىڭ قۇرۇلتىيىغا قاتناشمىدى، كۈندىلىك ئىشىغىمۇ چىقمىدى. ئىشىكنى چىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تاقاپ، ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلەرنى ياخشى گەپ بىلەن قايتۇرىدى، باش ئېپىسكوپىمۇ شۇنداق قىلدى. ئۇدا بىر نەچچە ھەپتە ئۆزىنى ئۆزى تۈرمىگە ئالدى. كۆپچىلىك ئۇنى ئاغرىپ قاپتۇغا چىقاردى، دېمىسىمۇ ئۇ راستتىنلا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

ئۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ نېمە ئىش قىلغاندۇ؟ نەس باسقان يارەمچى ئېپىسكوپ قانداقتۇ بىر ئوي ــ خىيال بىلەن كۈرەش قىلغانمىدۇ؟ ئۇ ھېلىقى قورقۇنچلۇق مۇھەببەتنىڭ قوينىدا سەكراتقا چۈشۈپ جان تالاشتىمۇ يا؟ ياكى يېڭى جىنايى سۇيىقەستلەرنى پىلانلاپ، ھېلىقى قىزنى كۆزدىن يوقىتىش، ئۆزىنىمۇ ۋەيران قىلىشنىڭ رېجىلىرىنى تۈزۈۋاتقانمىدۇ؟

ژان ئۇنىڭ بىر قورساق سۆيۈملۈك ئىنىسى، ئۆزى ئەركە ــ نايناق چوڭ قىلىپ قويغان بۇ بالا بىر قېتىم ھۇجرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئىشىكنى ئون نەچچە مەرتىۋە چەكتى. ئۇنى جان ــ جەھلى بىلەن تىللىدى، يالۋۇردى، ئۆزىنىڭ ئىسمىنى مەلۇم قىلىپمۇ باقتى، كلاۋدې فروللو ئىشىكنى ئاچمىدى.

ئۇ كۈنبويى يۈزىنى ئەينەككە يېقىپ، موناستىردىكى بۇ ھۇجرىنىڭ دېرىزىسىدىن ئەسمېرالدانىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ تۇردى. ئۇنىڭ بەزىدە ھېلىقى ئوغلاق بىلەن، بەزىدە كۋاسىمدو بىلەن بىللە يۈرگەنلىكىنى دائىم كۆرۈپ تۇردى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرىدىغان گاسنىڭ مىسىرلىق قىزنىڭ ئالدىدىكى ئېھتىياتچانلىقىغا، ئۇنىڭغا ئىززەت ــ ئىكرام بىلەن قىلىۋاتقان مۇئامىلىسىگە دىققەت قىلدى. كلاۋدې فروللونىڭ خاتىرىسى ياخشى ئىدى. ئۇ قايسىدۇر بىر كۈنى قاش قارايغان مەھەلدە ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قىزغا مەھلىيالىق بىلەن نەزەر سالغانلىقىنى كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. بۇ ئەسلىمە كلاۋدېنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغىدى. ئۇ «زادى قانداق مۆددىئا كۋاسىمدونى بۇ قىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا زورلىغان بولغىيدى» دېگەنلەرنى ئويلىدى، ئۇ سەرگەردان قىز بىلەن گاسنىڭ ئارىسىدىكى بىرمۇنچە لىرىكىلىق دەقىقىلەرنىمۇ ئۆز كۆزى بىلەن

كۆردى. ئۇ يىراقتا تۇرۇپ كۆزەتكەن بۇ تىلسىز تىياتىر ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى كۈچەيتتى، ئايال خەقلەردىكى غەلىتە خۇلق ـ مىجەزنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئاۋارە بولدى. كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن كۈنداشلىقى غەلىيان كۆتۈرگەندەك بولدى. «ئۇ كاپىتانغۇ مەيلى، لېكىن بۇ گاس قانداق نەرسە؟» دەپ ئويلىدى. مۇشۇ خىياللار ئۇنى تازا پاراكەندە قىلدى.

كلاۋدې فروللو شۇ كېچىلەرنى يۈرىكى پوكۇلداپ، بىئارام بولۇپ ئۆتكۈزدى. مىسىرلىق قىزنىڭ تېخى تىرىك ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن باشلاپ، كۈنبويى ئۇنىڭغا چىرمىشىپ يۈرگەن ئەرۋاھ، قەبرىستانلىقتىكى گۆر دېگەنلەر ئۇنىڭ خىيالىدىن تەلتۆكۈس يوقالدى. ھاۋايى ـ ھەۋەس ئۇنى قايتىدىن ئىلكىگە ئالدى. تېرىسى بېغىر رەڭگە مايىل قىز كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇپلا قالسا، كېچە ـ كېچە ئۇخلىيالماي چىقىدىغان بولدى.

ھەر كۈنى ئاخشىمى ئۇ ئەسىېرالدانىڭ ھەر خىل قىياپىتىنى سىراڭلارچە ئويلاپ ياتىدىغان بولدى. تاتلىق كۆرۈنۈشلەردىن تومۇرلىرى ئېسىلىپ چىڭقىلدى. مانا، ئەسىېرالدانىڭ ياردار بولغان كاپىتاننىڭ يېنىدا كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ توغرىسىغا ياتقان ھالىتى، ئېچىلىپ قالغان كۆكسىدە فوبۇسنىڭ يارىسىدىن چاچراپ چىققان قان. كلاۋدې ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن لېۋىگە بىرنى سۆيگەن چېغىدا ئۆزىنى قانچىلىك بەختلىك ھېس قىلغان ئىدى ـ ھە! بەختسىز قىز شۇ دەقىقىدە ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ ئوتتەك ئىسسىق سۆيۈشىنى تۇيغان يەردە ئىدى. ئۇ جازا ئىجرا قىلغۇچىلارنىڭ ئۇنى ياۋايى ھايۋاندەك تارتقۇشلاپ، كەشىنى، پايپىقىنى قوپاللىق بىلەن سالدۇرۇۋەتكىنىنى، ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان پۇتىنى، يۇپيۇمىلاق، نازۇك پاچاقلىرىنى، قاردەك ئاپپاق، يۇمشاق تىزلىرىنى ئۆلارنىڭ ھېلىقى تۆمۈر ئۆتۈككە سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئاخىر، قىزنىڭ ئىچ كۆڭلەك بىلەنلا، بوينىغا سىرتماق سېلىنغان، مۈرىسى ئېچىلىپ قالغان، يالاڭ ئاياغ، ئۇچىسىدا

ھېچ نەرسە يوق دېگۈدەك ھالەتتە تۇرغان قىياپىتى كۆز ئالدىغا كەلگەندەك بولدى. بۇ كۆرۈنۈشلەردىن كلاۋدې فروللو مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگدى. ئىچ - ئىچىدىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

بىر كۈنى كېچىسى مۇشۇ ئىشلار كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا پەقەت ئارام بەرمىدى. ئۇ چىداپ بولالماي ياستۇقنى چىشلىۋەتتى، كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشتى، كۆڭلىكىنىڭ ئۇستىگە مۇراسىم تونىنى يېپىنىپ ھۇجرىدىن چىقتى، قولىغا چىراغ ئالدى. ئۇنى يېرىم يالىڭاچ، ئەقىل - ھوشىنى يوقاتقان دېۋىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يانغاندەك ئىدى.

كلاۋدې ئاچقۇچنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، موناستىردىن چېركاۋغا ئۆتىدىغان قىزىل دەرۋازىنى قانداق ئاچىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئۇ يېنىدىن ئايرىمايدىغان بىر تۇتام ئاچقۇچ ئىچىدە قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان بىر تال ئاچقۇچمۇ بار ئىدى.

## 6. قىزىل دەرۋازا ئاچقۇچىنىڭ داۋامى

شۇ كۈنى كېچىسى ئەسمېرالدا ئۆيىدە تاتلىق ئۇيقۇدا، ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغان، قەلبى تاتلىق ئۈمىد - ئارزۇلار ئىلكىدە ئىدى. ئۇخلىغانغا بىرھازا بولغان ھەمدە ئادىتى بويىچە فوبۇسنى چۈشەۋاتقان ئەسمېرالدا تۇيۇقسىزلا يان تامدىكى بىر شەپىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئەزەلدىنلا ئۇچار قۇشلاردەك سەگەك ئۇخلايدىغان، ئازراقلا تاراق - تۇرۇقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغانلاردىن بولغاچقا، شارتتىدە كۆزىنى ئاچتى. ئۆيئىچى قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ بىرىنىڭ دېرىزىدىن ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى، قولىدىكى چىراغ يورۇقىنىڭ دەل ئۇ ئادەمنىڭ يۈزىگە چۈشكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئادەممۇ ئەسمېرالدانى كۆرۈپ قالدى -

دە، بىر پۇۋلەپلا چىراغنى ئۆچۈردى. ئەسىبىرالدا دىرىزىدىكى ئادەمنى كۆرۈپلا كۆزلىرىنى چىڭ يۇمدى، يۈرىكى جىغغىدە قىلدى، ئىختىيارسىز پەس ئاۋازدا! «بۇ ھېلىقى پوپقۇ!» دەۋەتتى.

بېشىغا كەلگەن ئىلگىرىكى بەختسىزلىك دەل شۇ ئەسنادا ئەسىبىرالدانىڭ ئېسىگە كەلدى. كېچە ئاسمىنىدا چاقماق چاقناندەك بولدى. ئۇ پوت ـ قولى بوشاپ، ماتراسىنىڭ ئۈستىگە پوكلا چۈشتى، بەدىنى بىردەمدىلا مۇزلاپ كەتكەندەك بولدى.

ھايال ئۆتمەيلا ئۇ بىرىنىڭ ئۆزىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانلىقىنى سەزدى. بەدىنى جۇغغىدە قىلدى ـ دە، دەرھال ئېسىگە كەلدى، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، شارتتىدە ئولتۇردى ـ دە، غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى.

بايىلا غىپپىدە ئۆيگە كىرىۋالغان پوپ ئەسىبىرالدانى قۇچاقلىۋالغاندى.

قىز ۋارقىرىماقچى بولدى، لېكىن ئاۋازى چىقمىدى.

— يوقال ئىپلاس ! قاتىل ! — دېدى ئۇ تىترەك ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازى غەزەپ ۋە قورقۇنچ بىلەن تولغانىدى.

— ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن ! — پوپ ئۇنىڭ مورىسىگە ساراڭلارچە سۆيۈپ تۇرۇپ، بىرنېمىلەرنى دەپ غوتۇلدىدى.

ئەسىبىرالدا ئالدىدىكى پاينەكباشنىڭ ئاران ـ ئاران قالغان بىر تۇتام چېچىنى ئىككى قوللاپ چىڭ تۇتتى ـ دە، بەئەينى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۆزىنى چېقىۋېلىشىدىن قورقۇپ كەينىگە داجىغاندەك، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى سۆيدۈرمەسلىككە تىرىشتى.

— ماڭا رەھىم قىل ! — دېدى نەس باسقان پوپ گېپىنى تەكرارلاپ، — سەن مېنىڭ سىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلمەيسەن. مۇھەببەت دېگەن كۆيۈۋاتقان ئوت، ئېرىۋاتقان قوغۇشۇن، يۈرىكىمگە قادالغان پىچاق !

پوپ بارلىق كۈچى بىلەن ئەسىبىرالدانىڭ بىلىكىنى چىڭ قامالىدى. ئەسىبىرالدا دەرغەزەپكە كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

— مېنى قويۇۋەت! بولمىسا يۈزۈڭگە تۈكۈرىمەن!
— مېنى تىللا! مېنى ئۇر! مېنى نابۇت قىل! — پوپ ئۇنى قويۇۋەتتى، — نېمە قىلغۇڭ كەلسە شۇنداق قىل، لېكىن ماڭا رەھىم قىل، مېنى سۆيگىن!
ئەسمېرالدا ئۇنى ئالجىپ قالغان كىچىك بالىدەكلا ئۇرۇپ كەتتى، بارماقلىرىنى ئېگىپ يۈزىنى مورلىغىلى تۇردى.
— يوقال، ئالۋاستى!
— مېنى سۆيگىن! مېنى ياخشى كۆر! ماڭا رەھىم قىل! — شۇمشىيىپ قالغان پوپ بىر ياقتىن ئەسمېرالدانىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە قول ئۇزارتىپ، بىر ياقتىن ئۇنىڭ ئۇرۇشلىرىغا سۆيۈۋېلىش بىلەن جاۋاب بەردى.
ئەسمېرالدا بىردىنلا ئۆزىنىڭ قانداق قىلغان بىلەنمۇ پوپقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.
— بىر ياقلىق قىلىۋېتەيچۇ! — دېدى ئۇ چىشلىرىنى كىرىشتۇرۇپ.
ئەسمېرالدا پوپقا تەڭ كېلەلمىدى، پوپنىڭ قۇچىقىدا ئۇنىڭ قانداق قىلىمەن دېسە شۇنداق قىلىشىغا يول قويماقتىن باشقا ئامال قالمىدى. چارچىدى، ھاسىرىدى. پوپنىڭ شەھۋانە قولىنىڭ قالايمىقان سوزۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ ۋارقىرىۋەتتى:
— قۇتۇلدۇرۇڭلار! ئادەم بارمۇ؟
ھېچكىم كەلمىدى، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن ئوغلاق مەرىگىلى تۇردى.
— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ تولغىدى پوپ ئىنجىقلاپ.
ئېلىشىپ يۈرگەن پومداقلاشقان پېتى يەرگە يىقىلىپ چۈشتى. مىسرلىق قىزنىڭ قولى تۇيۇقسىزلا مۇزدەك سوغۇق بىر نەرسىگە تېگىپ كەتتى. تۆمۈردىن ياسالغان بۇ نەرسە كۋاسىمىدو بەرگەن پۇشتەك ئىدى. ئۇ ئاخىرقى ئۈمىدىنى شۇنىڭغا باغلاپ، پۇشتەكنى شارتتىدە ئالدى ـ دە، لېۋىگە يېقىن قىلدى، ئاران

قالغان كۆچىنى يىغىپ، جىنىنىڭ بارچە پۆۋلىدى. پۆشتەكتىن چىرقىراق، زىل ئاۋاز ئىتىلىپ چىقتى.

— نېمە بۇ؟ — دەپ سورىدى پوپ.

شۇ ئەسنادا كۆچلۈك بىر بىلەك پوپنى يەردىن يۇلۇۋالدى. ئۆي قاراڭغۇ بولغاچقا، پوپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەمنىڭ كىملىكىنى كۆرەلمىدى، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئاچچىقىدا چىشىنى غۇچۇرلىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. نەدىندۇر خىرە - شىرە يورۇق كىرگەندەك بولدى. پوپ بېشى ئۈستىدىلا پارقىراۋاتقان كالتە ساپلىق خەنجەرنى كۆرۈپ قالدى.

پوپ ئۆيگە كىرگەن ئادەمنى كۋاسىمىدو بولمىغىيدى، دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ پەرەز قىلىشىچە، ئۇ چوقۇم كۋاسىمىدو ئىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىۋېتىپ بىر دۆۋە نەرسىگە دەسسەپ سالغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى. كىرگەن ئادەمنىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايۋاتقىنىدىن قارىغاندا ئۇنى كۋاسىمىدو دەپ جەزم قىلىشقا بولاتتى. ئۇ قولىدا كالتە ساپلىق خەنجەر تۇتقان ئادەمنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ: «كۋاسىمىدو!» دەپ چاقىرىپ باقتى. لېكىن، ئۇ جان ھەلقۇمىغا يەتكەن بۇ دەقىقىدە، كۋاسىمىدونىڭ گاس ئىكەنلىكىنى يادىدىن چىقارغانىدى.

ھېلىقى ئادەم كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پوپنى يەرگە ئېتىۋەتتى، ئارقىدىنلا پوپ قوغۇشۇندەك ئېغىر تىزىنىڭ مەيدىسىگە نىقتاۋاتقانلىقىنى سەزدى - دە، بۇ تىزنىڭ ئۇستىدىكى ئادەمنى كۋاسىمىدو دەپ جەزم قىلدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ كۋاسىمىدوغا ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قانداق بىلدۈرۈش كېرەك؟ قاراڭغۇ بۇ گاسنى ئەمامۇ قىلىپ قويغانىدى.

پوپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. غەزەپلەنگەن مىسىرلىق قىز شۇ تاپتا چىشى يولۋاسنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئىچ ئاغرىتىشتىن قىلچە ئەسەر يوق بۇ قىزنىڭ ئۇنى قۇتۇلدۇرمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. كالتە ساپلىق خەنجەر پوپنىڭ مېڭىسىگە يېقىنلاپ كەلدى، پوپنىڭ جېنى قىلنىڭ ئۇستىدە ئىدى. قارشى تەرەپ بىردىنلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىلىنىپ قالغاندەك بولدى.

— قاننى قىز بالىنىڭ بەدىنىگە چاچرىتىۋەتمەسلىك كېرەك! — دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋازى بىلەن.

بۇ دەرھەقىقەت كۋاسىمدونىڭ ئاۋازى ئىدى.

قوپال بىر قول پوپنىڭ ئىككى پۇتىدىن سۆرەپ، ئۇنى ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئاچىقتى. بۇ پوپنى ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ قويۇشنىڭ تەييارلىقى ئىدى. بىراق، پوپنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قالدى، ئاينىڭ كۆتۈرۈلگىنىگە ئۇنچە ئۇزاق بولمىغانىدى.

ئۇلار ئۆينىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇرۇشىغا، ئاينىڭ سۇس يورۇقى پوپنىڭ چىرايىنى يورۇتتى. كۋاسىمدو پوپنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا تىترەپ كەتتى ـ دە، ئۇنى قويۇۋېتىپ كەينىگە داجىدى.

ئەگىشىپ چىققان مىسىرلىق قىز بوسۇغىدا توختاپ، ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. ئەمدىلىكتە پوپنىڭ ئەلپازى بۇزۇلغان، كۋاسىمدو يۇمشاپ، يىلىنىپ ـ يالۋۇرۇشقا ئۆتكەنىدى.

پوپ ئالدىدىكى گاسنى ئۆتى يېرىلغۇدەك تىللاپ كەتتى، كۆزدىن يوقىلىشقا ئىشارەت قىلىپ قولىنى سىلكىدى.

گاس بېشىنى ساڭگىلاتتى، ئاندىن مىسىرلىق قىزنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتىدىلا تىزلاندى.

— جانابلىرى، — دېدى ئۇ ھەم ھۆرمەت، ھەم ئىتائەتمەنلىك ئاۋازى بىلەن، — سىز ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرۈڭ، ئاندىن قانداق قىلىمەن دېسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى.

ئۇ شۇنداق دەۋېتىپلا، كالتە ساپلىق خەنجەرنى پوپقا تەڭلىدى. جان ئاچچىقىدا ئۆرتىنىۋاتقان پوپ دەرھال خەنجەرگە قول ئۇزارتتى. لېكىن، مىسىرلىق قىز ئۇنىڭدىنمۇ چاققان كەلدى، خەنجەرنى كۋاسىمدونىڭ قولىدىن شارتتىدە ئېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى.

— يېقىن كېلە ! — دېدى ئۇ پوپقا.

ئەسىرالدا خەنجەرنى ئېگىز كۆتۈردى. پوپ ئارسالدى بولدى، مىسىرلىق قىزنىڭ قولىدىكى خەنجەر ئۇنى ئايىمايدىغاندەك قىلاتتى !

— ئەمدى قورقۇۋاتامسەن، توخۇ يۈرەك ! — دەپ ۋارقىرىدى قىز ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ. ئاندىن شەپقەتسىزلىك بىلەن قوشۇپ قويدى، — مەن فوبۇسنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.

قىز مۇشۇ سۆزنىڭ ئوتتا قىزدۇرۇلغان مىخلىغان پولات چىۋىقتەك پوپنىڭ يۈرەك باغرىغا سانجىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

پوپ بىر تېپىك بىلەن كۋاسىمودونى ئوڭدىسىغا چۈشۈردى ۋە لاغىلداپ تىترىگىنىچە تەرى بۇزۇلۇپ، بىنا پەلەمپىيىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

پوپ كەتكەندىن كېيىن، كۋاسىمدو بايىلا مىسىرلىق قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغان پۇشتەكنى يەردىن ئالدى.

— داتلىشىپ قاپتۇ ! — دېدى ئۇ پۇشتەكنى قىزغا بېرىپ، ئاندىن ئۇنى يالغۇز قالدۇردى.

بايىقى خەتەرلىك ئەھۋالدىن ئەنسىزچىلىكتە قالغان قىز پۈت - قولى بوشىشىپ، ماتراسنىڭ ئۈستىگە پالاقىدە يىقىلدى - دە، ئۆھ تارتىپ يىغلاپ تاشلىدى. ھاياتلىق ئاسمىنى يېڭىباشتىن قاراڭغۇلۇق ئىچىگە قايتىپ كەلگەندەك بىلىندى.

پوپ تېنەپ - تەمتىرەپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلدى.

ئىش مۇشۇنداق ئاياغلاشتى. كلاۋدې فروللونىڭ كۆڭلىدە كۋاسىمدوغىمۇ ھەسەت پەيدا بولدى.

پوپ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە جانغا زامىن بولىدىغان بىر جۈملە سۆزنى خېلىغىچە تەكرارلىدى:

— ئۇ قىزغا ئىگە بولىمەن دەپ ھېچكىم خىيال ئەيلىمىسۇن !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئونىنچى باب

## 1. گرىنگورى بىرناردىن كوچىسىدا ئويلاپ تاپقان ئەپچىل چارە

گرىنگورى دېلونىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تەھقىقلەنمەيۋاتقانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بۇ تىياتىردىكى باش رولچى دارغا ئېسىلمىغان تەقدىردىمۇ ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ، يا بولمىسا شۇنىڭغا ئوخشاپراق كېتىدىغان ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدۇ، دېگەن يەرگە كەلدى، قاراپ تۇرۇپلا ئۆزىنى بالا ـ قازاغا ئىتتىرىپ بېرىشتىن ۋاز كەچتى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاقتىن بۇيان ئاپاق ـ چاپاق بولۇپ ئۆتكەن تىلەمچىلەر ئۇنداق ئويلىمىدى. ئۇلار مىسىرلىق قىز قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزلىرىنىڭ پارىژدىكى ئەڭ ياخشى دوستى ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارمىدى، ئۇنى داۋاملىق ئەسلەپ، غېمىنى يېدى. گرىنگورىنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ مۇنداق قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تىلەمچىلەر بىلەن مىسىرلىق قىزنىڭ ئوخشىمايدىغان ھېچ يېرى يوق، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى شارمولۇي بىلەن جاللاتلارغا باغلىغاندىن باشقا بىرەر چارە ـ ئامال قىلالمايدۇ، دەپ ئويلىدى. گرىنگورىنىڭ نەزىرىدە، تىلەمچىلەرگە ھەرگىز ئوخشىمايتتى. ئۇ دېگەن پېگاسۇس① نىڭ قاناتلىرى ئارىسىدا ئولتۇرۇپ، ئوي ـ خىياللارنىڭ ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىدىغان يازغۇچى ئىدى. ئۇ تىلەمچىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزىدىن ئىدىشنى چېقىپ

① پېگاسۇس ــ قاناتلىق دۇلدۇل، يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى باشقۇرىدىغان توققۇز نەپەر ئىلاھ مىنىپ ماڭىدىغان ئات.

تۇرۇپ نىكاھلانغان ئايالىنىڭ بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا يوشۇرۇنغاند-
ىلىقىنى ئاڭلاپ، كۆڭلى ئەمىن تاپقاندەك بولدى. لېكىن، ئۇ شۇ
يەرگە بېرىپ ئايالىنى كۆرۈپ كېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىدى. پەقەت
ھېلىقى ئوغلاقنىلا بىرنەچچە قېتىم ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ
ئۈستىگە، كۈندۈزلىرى كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە
ئالدىراش، ئاخشاملىرى چىراغ يورۇقىدا ئىشلەش بىلەن ئاۋارە
ئىدى. ئۇ پارىژدىكى باش ئېپىسكوپىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىش
ئۈچۈن ئەرزنامە تەييارلىمىسا بولمايتتى. ئېپىسكوپىنىڭ شامال
تۈگمىنىنىڭ سۇ چاچرىتىپ، ئۇنى سۇغا چۈشكەن توخۇدەك
قىلىۋەتكىنىنى ئۇ ھەرگىز كەچۈرمەيتتى. ئۇ يەنە نايون بىلەن
تورتايدىكى باش ئېپىسكوپ باۋدرى لىروگىنىڭ «تاش ئويما
ھەققىدە» ناملىق كىتابىغا ئىزاھات يازمىسا بولمايتتى. بۇ كىتاب
ئۇنىڭدا بىناكارلىق سەنئىتىگە بولغان كۈچلۈك قىزىقىشنى
قوزغىغان. شۇ تۈپەيلى ئۇ كىمياگەرلىك تەتقىقاتىنى تاشلاپ
قويغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ يەنىلا ئالدىنقىسى كېيىنكىسىنىڭ
تەبىئىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، كىمياگەرلىك
بىلەن خىش - تاش قۇرۇلۇشى ئارىسىدا ئىنتايىن يېقىن مۇنا-
سىۋەت بار، دەپ قارايتتى.

بىر كۈنى ئۇ ساينت گېرمائىن دوكىسىر چېركاۋى تەرەپكە
بېرىپ، ئېپىسكوپ سوت كوللېگىيەسىنىڭ دوقمۇشىدا
توختىدى. بۇ بىنا پادىشاھلىق سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئۇدۇلىغا
جايلاشقان بولۇپ، ئىچىدىكى چىرايلىق كىچىك چېركاۋ 14 -
ئەسىردە سېلىنغانىدى. ئۇنىڭ مۇناجاتخانىسى چوڭ يولغا
قارايتتى. گرىنگورى بىنانىڭ تېمىدىكى ئويما نەقىشلەرنى
قىزىقسىنىپ تاماشا قىلدى. بارلىق سەنئەتكارلارغا ئوخشاش بۇ
دۇنيادا پەقەت سەنئەتنىلا كۆرەتتى، شۇنداقلا ئۇلار پەقەت سەنئەت
قوينىدىنلا دۇنيانى كۆرەلەيتتى. گرىنگورى شەخسىيەتچىلىكنىڭ
ۋەسۋەسىسىدە بارلىق ئوي - پىكرىنى بىر يەرگە يىغىپ،
گىدەيگەن پېتى قاراۋاتقان شۇ ئەسنادا بىردىنلا مۈرىسىگە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى

بىرىنىڭ قولى تەگكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ شارتتىدە قايرىلىپ، قەدىناس دوستى، ئوقۇتقۇچىسى، ياردەمچى ئېپىسكوپىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

بۇ تولىمۇ تاسادىپىيلىق ئىدى. ئۇنىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپ بىلەن كۆرۈشمىگىنىگە خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولغانىدى. كلاۋدې فروللو ھەم سۈرلۈك، ھەم قىزغىن ئادەم بولغاچقا، گۇمانخورلار ئېقىمىدىكى ھەرقانداق پەيلاسوپ مۇنداق ئادەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا، پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كېتەتتى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ بىرھازاغىچە ئېغىز ئاچمىدى. گرىنگورىمۇ پۈرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكىلىك بىلەن سەپسېلىپ ئۈلگۈردى. كلاۋدې فروللونىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى بايقىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، چېچى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئاقىۋەت يەنىلا پوپ گەپ باشلىدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى شۇنچىلىك مۇلايىم، لېكىن سوغۇق ئىدى.

— يېقىندىن بېرى ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن، پېررې گرىنگورى ئەپەندى؟

— مېنى دەمسىز؟ — گرىنگورى جاۋاب قايتۇردى، — ھەي، ئوبدان دېسەكمۇ بولىدۇ، ئوبدان ئەمەس دېسەكمۇ بولىدۇ. نېمىلا بولسۇن، ئوبدان دېيىش كېرەك. مېنىڭ ھەرقانداق ئىشقا زىيادە تەلىپىم يوق. بىلىسىزغۇ، ئۇستاز! ھىپپوكرات مۇنداق ئېيتقان: «سالامەتلىكنى ئاسراشنىڭ سىرى يېمەك ـ ئىچمەكنى، ئۇيقۇنى، مۇھەببەتنى مۇۋاپىق تىزگىنلەش»تە!

— غېمىڭ يوقمۇ سېنىڭ، پېررې گرىنگورى ئەپەندى؟ — ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئەلۋەتتە يوق.

— نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ئۇستاز، بىر دۆۋە تاشنى تەتقىق

قىلىۋاتىمەن، بۇ قاپارتما نەقىشلەرنىڭ قانداق چىقىرىلغانلىقىنى كۆرۈۋاتىمەن.

پوپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلۈمسىرىدى.

— ئۇنىڭغا بەك قىزىقىدىغان ئوخشىمامسەن؟

— بۇ دېگەن جەننەتنىڭ ئۆزى! — دېدى گىرىنگورى قاپارتما نەقىش تەرەپكە ئۆرۈلۈپ، خۇددى چۈشەندۈرگۈچى قانداقتۇر بىر غەلىتە ھادىسىنى كۆرۈرمەنلەرگە چۈشەندۈرۈۋاتقاندەك روھلىنىپ كەتتى، — ماۋۇ شەكلى ئۆزگەرگەن نېپىز قاپارتما نەقىشنى ئالايلى، سىز بۇنى ئۆزگىچە ئۇستاتلىق بىلەن ياسالغان دەپ قارىمامسىز؟ يەنە بۇ كىچىك تۈۋرۈككە قاراڭ، سىز باشقا تۈۋرۈكنىڭ چۆرىسىدىكى ياپراقچىلارنىڭ مۇشۇنداق چىرايلىق ئويۇلغانلىقىنى كۆردىڭىزمۇ؟ بۇنىڭدا ژان مائىللىۋېن ئويۇپ چىقارغان يۇمىلاق شەكىللىك ئۈچ پارچە بېزەك نەقىش بار، بۇ ئاشۇ تالانت ئىگىسىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسىرى دەڭە! ئاۋۇ سەممىي، مۇلايىم چىرايلارغا قاراڭ، ئۇلارنىڭ خۇشال سىياقىغا قاراڭ. ئاۋۇ پەردىلەرنىڭ تۇتۇشىدىغان جايلىرىغا ئېنىق دەپ بەرگىلى بولمايدىغان بېزەك نەقىشلەر ئارىلاشتۇرۇلغان. بۇ بېزەك نەقىشلەر ئۇلارنىڭ شەكلىگە جان كىرگۈزگەن، ئۇلارنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرگەن، ھەددىدىن زىيادە جانلىق، چىرايلىق قىلىۋەتكەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزگە قىزىقارلىق تۇيۇلمامدۇ؟

— دېگەنلىرىڭىز توغرىدەك قىلىدۇ، — دېدى پوپ.

— سىز تېخى كىچىك چېركاۋنىڭ ئىچىنى كۆرمىدىڭىز، — خۇش مۇئامىلىلىك شائىر ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ۋاتىلداپلا كەتتى، — ئۇ يەردىكى ئويما نەقىشلەر دۆۋىلەپ قويغان گۈللۈك كاپۇستىدىن قېلىشمايدۇ! مۇناجاتخانىدىكى ئويما نەقىشلەرنىڭ ياسىلىشى ئالاھىدە، تېخىمۇ كۆركەم، مەن باشقا جايدا بۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىرەر ئەسەرنىمۇ كۆرمىدىم.

كلاۋدې فروللو ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:

— ئۇنداقتا سەن بەك بەختلىك ئىكەنسەن - دە؟

— راست دېدىڭىز، — گرىنگورى خۇش پېئىللىق بىلەن جاۋاب بەردى، — مەن ئۆزۈمنىڭ شان ـ شۆھرىتىم بىلەن قەسەم ئىچىپ بەرسەممۇ بولىدۇ؟ ئەڭ باشتا قىزلارنى ياخشى كۆردۈم، كېيىنچە ھايۋاناتلارنى ياخشى كۆردۈم، ئەمدىلىكتە تاشلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلارمۇ قىزلاردەك، ھايۋانلاردەك ئوخشاشلا سۆيۈملۈك، لېكىن ئۇنداق ساختا ئەمەس.

پوپ قولىنى پېشانىسىغا قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئادەتلىنىپ قالغان قىلىقى ئىدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، ئۇستاز، بۇ يەردىكىسى تېخىمۇ قىزىق ! — گرىنگورى پوپنىڭ بىلىكىدىن قولتۇقلىۋالدى. پوپمۇ ئۇنى رەت قىلمىدى. گرىنگورى پوپنى ئېپىسكوپ سوتخانىسىنىڭ بۇرجىكىدىكى ئۆيگىچە ئېلىپ باردى، — بۇ يەردە بىر پەلەمپەي بار. ھەر قېتىم كۆرگەندە بۆلەكچە خۇش بولۇپ كېتىمەن. ئۇ خېلىلا ئاددىيدەك قىلىسمۇ، لېكىن پارىژدا بەك ئاز تېپىلىدۇ. ھەربىر پەلەمپەينىڭ ئاستى يۇمىلاق چىقىرىلغان، ئۇلاردىكى گۈزەللىك بىلەن ئاددىيلىق دەل ئۇلارنىڭ ئۈست ـ ئۈستىگە دەستىلەنگەن جايىدا، ھەربىر پەلەمپەينىڭ ئارىلىقى ئۈچ چى ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۆزئارا چىشلەشكەن، ھىملەشكەن، ئۇلانغان. ئۇلارنىڭ ماسلىشىش ھالىتى شۇنچىلىك مەھكەم، شۇنچىلىك چىرايلىق.

— باشقا بىرەر ئىش خىيالىڭغا كىرىپ چىقمامدۇ؟

— ياق.

— پۇشايمىنىڭ يوقمۇ؟

— پۇشايمىنىممۇ يوق، ئارزۇيۇممۇ يوق. تۇرمۇشۇمنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇۋالغان بولۇپ !

— ئادەملەر ئورۇنلاشتۇرغاننى، — دېدى كلاۋدې فروللو، — بەزى ئىشلار بۇزۇۋېتىدۇ.

— مەن دېگەن گۇمانخور پەيلاسوپ، — گرىنگورى جاۋاب قايتۇردى، — ھەرقانداق ئىشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا

ئېتىبار بېرىدىغان ئادەم.
— ئۇنداقتا نېمىگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىسەن؟
— بەزىدە ئېپوس يازىمەن، بەزىدە تىراگېدىيە يازىمەن، لېكىن ئەڭ كۆپ پۇل تاپىدىغان كەسپىم دەل سىز كۆرگەن ھېلىقى ئورۇندۇقنى چىشىم بىلەن چىشلەپ تۇرۇپ پىرامىدا ياساش.
— ئەپسۇس، بۇ كەسىپ بىر پەيلاسوپ ئۇچۇن ئالغاندا بەك چاكىنا ئىش.
— بۇمۇ بىر خىل تەڭپۇڭلۇق، — دېدى گرىنگورى، — كاللىڭىزدا مەلۇم بىر ئوي - خىيال پەيدا بولغاندا، ھەرقانداق بىر ئىشتىمۇ شۇ ئوي - خىيالنى كۆرگەندەك بولىسىز.
— بۇنى چۈشىنىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى يارەدەمچى ئېپىسكوپ.
— ئۇنداقتا ھازىر مۇشۇنداق نامرات ياشاۋاتامسەن، — دەپ سورىدى پوپ.
— نامراتلىق دېسە ئاز - پاز بار. لېكىن، ئۇنىڭمۇ يامان يېرى يوق.
دەل شۇ چاغدا يىراق بىر جايدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككىيلەن شۇ تەرەپكە بويۇنداپ، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن كېلىۋاتقان خان جەمەتى گۋاردىيەسىدىكى ئوقياچىلارنى كۆردى. ئۇلار يالمان - نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقىنى ئاتنى دېۋىتىپ ئۇچقاندەك چېپىۋاتقان بىر ئوفىتسېر ئىدى. چەۋەندازلار قوللىرىنى ئوينىتىپ، پوپوزا قىلىۋاتقاندەك ئىدى. ئات تۇياقلىرى ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولدىن تاراقلاپ ئاۋاز چىقىراتتى.
— سىز ئاۋۇ ئوفىتسېرغا دىققەت قىلدىڭىزغۇ دەيمەن، — گرىنگورى كلاۋدې فروللوغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى.
— مەن ئۇنى تونۇيدىغان بولغاچقا شۇنداق قىلدىم.
— ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟
— مېنىڭچە، — دېدى كلاۋدې فروللو، — ئۇنىڭ ئىسمى

فوبۇس شاتوپىرغۇ دەيمەن.

— فوبۇس؟ غەلىتە بىر ئىسىمغۇ بۇ! يەنە بىر فوبۇسنىڭ بارلىقى ئېسىمدە، ئۇ فوئىكىستىكى گىراف بولىدىغان. مەن تونۇيدىغان بىر قىزنىڭ ھە دېسىلا فوبۇس دېگەن بۇ ئىسىمنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم ئىچىدىغانلىقى يادىمغا كېلىۋاتىدۇ.

— بۇياققا كەل، — دېدى پوپ، — ساڭا دەيدىغان گېپىم بار.

چەۋەندازلار قوشۇنى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ مۇزدەك چىرايىغا ئازراق قان يۈگۈرگەندەك بولدى. ئۇ قەدەممۇقەدەم چوڭ - چوڭ ئېلىپ ئالدىدا ماڭدى. گرىنگورى ياردەمچى ئېپىسكوپقا بويسۇنىدىغان ئادىتى بويىچە كەينىدىن ئەگەشتى. مەيلى كىملا بولسۇن، نام - ئاتىقى چىققان بۇ ئادەمگە يېقىنلاشسىلا شۇنداق قىلماي قالمايتتى. ئۇلار لام - جىم دېمەي مېڭىۋېرىپ، بىر چەتتىكى ئانچە كۆپ ئادەم ماڭمايدىغان بىرنەرسە كوچىسىغا كەلدى. كلاۋدىي فروللو مۇشۇ يەرگە كەلگەندىلا مېڭىشتىن توختىدى.

— ماڭا قىلىدىغان گېپىڭىز بارمىدى، ئۇستاز، — دەپ سورىدى گرىنگورى.

— ئاپايا ئالدىمىزدىن ئۆتكەن چەۋەندازلارنىڭ، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۆزىگە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتقاندەك تۇس بېرىپ، — كىيىۋالغان كىيىملىرىنىڭ سەن بىلەن مېنىڭ كىيىمىمدىن رەتلىك، چىرايلىق ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلمىدىڭمۇ؟

— نېمە بوپتۇ؟ — گرىنگورى بېشىنى چايقىدى، — مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ئالا - چىپار كىيىملىرىنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ئاۋۇلارنىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغىلىرى ئالدىدا قىلچە چېنىپ قالمايدۇ. نەگىلا بارمايلى، ئۇلارنىڭ ئۇستىدىكى كىيىملەر قاڭالتىر مەيداندا يەر تەۋرىگەندەك جاراڭلاپ تۇرىدۇ. كۈلكىلىك ئىش ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداقتا، سەن ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن ئاشۇ

يىگىتلەرگە ئەزەلدىن ھەۋەس قىلىپ باقمىغانمۇ؟

— ھەۋەس قىلغۇدەك نېمىسى بار، ياردەمچى ئېپىسكوپ؟ ئەجەبا، ئۇلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىگە، ئۇلارنىڭ قوراللىرىغا، ئۇلارنىڭ مەشىق قىلىشلىرىغا ھەۋەس قىلىپ نېمە كەپتۇ؟ مەن ئەكسىچە پەيلاسوپلارنى، ئۆتمىتۆشۈك كىيىم كىيگەن ئادەملەرنى تېخىمۇ قىممەتلىك دەپ قارايمەن. ئۇلار دۇنيادىكى ئەڭ بىغەم ئادەملەر، چىۋىنىنىڭ كاللىسى بولۇشقا رازىمەنكى، شىرنىڭ قۇيرۇقى بولۇشنى خالىمايمەن.

— غەلىتە مىجەزىڭ بار ئىكەن، — دېدى پوپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك گەپ قىلىپ، — نېمىلا دېگەنبىلەن چىرايلىق ھەربىي كىيىملەر يەنىلا چىرايلىق - دە!

گرىنگورى ئۇنىڭ بىر ئىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېقىنراق باردى، ياندىكى ئۆينىڭ دەھلىزىنى تاماشا قىلىپ، قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرغان پېتى قايتىپ كەلدى.

— ياردەمچى ئېپىسكوپ جانابلىرى، كۆزىڭىز ئاشۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئۈستىبېشىدىلا بولمىغان بولسا، مەن سىزنى مۇشۇ دەھلىزىنى كۆرۈپ بېقىشقا تەكلىپ قىلغان بولاتتىم. مېنىڭچە ئاۋىرىنىڭ دەرۋازىسى دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق دەرۋازا.

— گرىنگورى، — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، — ھېلىقى مىسىرلىق ئۇسسۇلچى قىز بىلەن ئاراڭلاردا بىرەر ئىش ئۆتتۇلگەنمۇ؟ ئەسمېرالدانى دەمسىز؟ گەپنى تۇيۇقسىزلا باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتىڭىزغۇ؟ دەرۋەقە، بىز ئىدىشنى چېقىش ئۇسۇلى بىلەن نىكاھلاندۇق، ھەمدە تۆت يىل ئەر - خوتۇن بولۇشقا كېلىشتۇق، — گرىنگورى ياردەمچى ئېپىسكوپقا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى، — مۇشۇ ئىشنىلا ئويلاپ يۈرىدىكەنسىز - دە؟

— سەنچۇ، سەن ئويلىمامسەن؟

— ئاندا - ساندا ئويلايمەن. ئىشىم چىچىمدىنمۇ جىق!... ئۇنىڭ ئوغلىقى نېمىدېگەن چىرايلىق!

— ئۇ چىرايلىق قىز سىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇۋالغانغۇ؟
— بۇ دەرھەقىقەت !
— ئۇنداقتا، ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ياردەم قولۇڭنى سۇنۇپ باققانمۇ؟
— سىزگە دەيدىغان گېپىم يوق. مېنىڭچە، ئۇ ئاللىقاچان دارغا ئېسىلىپ بولدى !
— مۇشۇنداق ئىش بولغانلىقىغا ئىشىنەمسەن؟
— جەزم قىلالمايمەن. باشقىلارنىڭ ئۇنى دارغا ئېسىش كويىدا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپلا كېتىپ قالغانىدىم.
— سەن بىلىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسى مۇشۇمۇ؟
— توختاڭ، بىرلىرى ماڭا ئۇنىڭ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇ يەردە بىخەتەر ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئاڭلاپ قەۋەتلا خۇش بولدۇم. لېكىن، ئوغلاقنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. مەن بىلىدىغاننىڭ ھەممىسى مۇشۇ.
— مەن يەنە بەزى ئىشلارنى ساڭا دەپ بېرەي، — كلاۋدېنىڭ بوغۇق، ئاستا، خىرقىراپ چىقىدىغان ئاۋازى بىراقلا يوغىناپ كەتتى، — ئۇ ھەقىقەتەن بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا يوشۇرۇنۇپ يۈردى. لېكىن، ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سوت ئۇنى قايتا تۇتماقچى ۋە گرېۋ مەيدانىدا دارغا ئاسماقچى. ئالىي سوت مەھكىمىسى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولدى !
— بۇ سىپپى ئۆزىدىن رەزىللىك، — دېدى گرىنگورى. پوپنىڭ چىرايى ھەش ـ پەش دېگۈچە پەرۋاسىز ۋە خاتىرجەم ھالەتكە ياندى.
— قەستەن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدىغان قايسى ئالۋاستىنىڭ ئىشى؟ — دېدى گرىنگورى، — ئۇلار يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنى يوقىلاڭ ئىشلار بىلەن كارى بولماسلىققا بۇيرۇسا بولمامدۇ؟ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ لەمپىسىدىكى قارلىغاچ ئۇۋىسىنىڭ يېنىدا مۆكۈنۈپ يۈرگەن



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىچارە بىر قىز ئۇلارنىڭ نېمىسىگە كاشىلا بوپتۇ؟
— بۇ دۇنيادا شەيتان بار ئەمەسمۇ؟
— كۇندۇزدە جىن كۆرگەندەك غەلىتە ئىشقۇ بۇ، قاملاشمىغان ئىش بوپتۇ ـ دە!
— ئۇنداقتا ئۇنىڭ سىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغىنى ياخشى ئىش بوپتىكەن ـ دە؟ — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ.
— ئاشۇ تىلەمچى ئاغىنىلەر مېنى دارغا ئېسىۋېتىشكە قىل قالغاندا شۇنداق ئىش يۈز بەرگەنىدى. ئۇلار ئەمدى ئويلىسا چوقۇم كۆڭلى يېرىم بولىدۇ.
— سەن ئۇ قىزغا ئازراق بولسىمۇ ياردەم بېرىشنى ئويلىمامسەن؟
— ئەلۋەتتە ئويلايمەن. بۇنى مەندىن بەكرەك ئويلايدىغان ئادەم يوق. بىراق، ئەگەر شۇنداق قىلسام، مېنىڭ بوينۇمغىمۇ سىرتماق سېلىنىدۇ ـ دە!
— ئۇنىڭ نېمە كارايىتى؟
— نېمە! نېمە كارايىتى؟ كۆڭلىڭىز ئەجەب ياخشى ئىكەن، ئۇستاز! مۇشۇ كۇنلەردە ئىككى پارچە ئۇلۇغ ئەسەرنى يازىمەن دەپ شاپاشلاپ يۈرگەن تۇرسام!
پوپ پېشانىسىغا پاقىقىدە بىرنى ئۇردى. قارىماققا ئۇ خاتىرجەمدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن تۇرۇپ ـ تۇرۇپ قىلغان قىلىقلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمە بىلەن ئەنسىزچىلىكنى ئاشكارا قىلىپ قويۇۋاتاتتى.
— ئۇنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرغىلى بولار؟
— مەن دەپ بېرەي، ئۇستاز، — دېدى گرىنگورى، — تۈركىيەلىكلەردە: «ئاللا بار يەردە ئۇمىدمۇ بولىدۇ» دېگەن گەپ بار.
— ئۇنى قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇرغىلى بولار، — دېدى پوپ قاتتىق باش قاتۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ.

بۇ نۆۋەت گرىنگورى پېشانىسىغا پاققىدە بىرنى سالدى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ ئۇستاز، مېنىڭمۇ ئاز - پاز تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىم باردەك قىلىدۇ. سىزگە ياردىمى تەگكۈدەك بەزى پىلانلارنى تاپالايدىغاندەك قىلىمەن. پادىشاھتىن كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنسەك بولمامدۇ؟

— لۇئى XI دىن كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنىمىزمۇ؟

— نېمە يامىنى بار؟

— بۇ يولۋاسنىڭ ئاغزىدىن پاقلاننى تارتىۋالىمىز دېگەندەك ئىش بولمامدۇ؟

گرىنگورى باشقا بىر چارىنى ئويلاپ تاپتى:

— مۇنداق قىلايلى ! ئۇ قىزنى ھامىلىدار بولۇپ قالغانغا چىقىرىش ئۈچۈن، تۇغۇت ئانىسىدىن بىرنى تەكلىپ قىلسام قانداق قارايسىز؟

پوپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىمانى ئۇچتى. كۆزلىرىدىن ئوت يانغاندەك بولدى.

— ھامىلىدار؟ قارا، ھاماقەتنىڭ دېگەن گېپىنى ! بىرەر ئىشنى بىلەمسەن نېمە؟

گرىنگورى پوپنىڭ ئەلپازىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كەتتى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ، — ئۇ ئىككىمىزنىڭ تويى سىپىي ئۆزىدىن يالغان توي، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن يولاپ باقمىدىم. لېكىن، نېمىلا بولسۇن، جازانى كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلساق بولىدۇغۇ؟

— نومۇس قىلمايدىغان ! سەندە چوقۇم چاتاق بار ! زۇۋانىڭنى يىغ !

— ئاچچىقىڭىز كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى گرىنگورى، — ئاشۇنداق قىلالىساق، جازانى كېچىكتۈرەلىسەك، ھېچكىمگە زىيان بولمايدۇ. تۇغۇت ئانىسىمۇ مۇشۇ باھانە بىلەن تېگىشلىك ھەق ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى نامرات ئاياللار.

— مەيلى نېمىلا بولسۇن، ئۇ قىز ئۇ يەردىن ئايرىلىشى

كېرەك، — پوپ گرېنگورىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، پەس ئاۋازدا ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دېگىلى تۇردى، — بۇيرۇق ئۈچ كۈندىن كېيىن ئىجرا قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇيرۇق يوق دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ يەردە كۇۋاسىمىدو بار. ئايال خەق دېگەننىڭ ئۇندەككە كېلىشى ئوڭاي ئىش! گرېنگورى ئەپەندى، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — مەن ئەستايىدىل ئويلاپ باقتىم. بىزدە ئۇنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىرلا ئامال بار.

— نېمە ئامال؟ مېنىڭ ھېچقانداق چارە - ئامالغا ئەقلىم يەتمىدى.

— ئاڭلاپ تۇر، گرېنگورى. سەن ھاياتىڭنى قۇربان قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش لازىملىقىنى ئۇنتۇپ قالما. مەن ئۆزۈمنىڭ ئويلىغانلىرىمنى ساڭا سەممىيلىك بىلەن دەپ بېرەي. چېركاۋدىن كېچە - كۈندۈز نېرى كەتمەيدىغان پايلاقچىلار پەقەت چېركاۋدىن چىقىدىغانلارغىلا دىققەت قىلىدۇ. سەن ئۇ يەرگە كىرىپ كېتەلەيسەن. مەن سېنى مىسىرلىق قىزنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، سەن ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيگىن، ئۇ سېنىڭ مۇنۇ ئالا - چىپار كىيىملىرىڭنى كىيسۇن، سەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىمۇ كىيىۋال.

— مۇشۇ يەرگىچە ئىنتايىن ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى گرېنگورى، — كېيىنچۇ؟

— كېيىن قانداق بولماقچىدى؟ ئۇ قىز سېنىڭ كىيىملىرىڭنى كىيىپ چېركاۋدىن چىقىپ كېتىدۇ. سەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ چېركاۋدا قېلىۋېرىسەن. دارغا ئېسىلىشىڭمۇ مۇمكىن ياكى ئۇنداقمۇ بولماس، لېكىن ئۇ قىز قۇتۇلۇپ قالغان بولىدۇ!

گرېنگورى چىرايى جىددىي تۈس ئېلىپ، قۇلاقلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ قالدى.

— بولدىلا، — دېدى ئۇ، — مەن ھەرقانچە قىلسامۇ مۇنداق بولمىغۇر چارىنى ئويلاپ تاپالمىغۇدەكمەن!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كلاۋدىي فـرولـلونىـڭ تۇلۇمدىـن توقماق چـىققانـدەك غەلـىتـە تەكلـىپىنـى ئاڭلىـغان شائىـرنىڭ ئـەزەلـدىن ئوچۇق - يورۇق تۇرىدىغان چىرايى خۇددى ئـىتالـيـەنىڭ ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىسى بىراقلا قويۇننىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەنـدەك، خۇددى قۇياشنىـڭ يۈزىـنى قارا بۇلـۇت توسۇۋالغـاندەك تۇتۇلـۇپ كەتتى.

— گرىنگورى ! بۇ ئامال بولـىدىغاندەكمۇ؟

— ماڭا قاراڭ ئۇستاز ! بىز مىنىـڭ دارغا ئېسىـلماسلىقىم پەقەتلا ئېھتىماللىق، دەپ قارايمىز، لېكىن ئۇلارنىڭ مىنى دارغا ئاسىدىغىنى ئېنىق.

— بۇنىڭ بىز بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.

— تازىمۇ بىر نەس باسقانلىقىقۇ! — دېدى گرىنگورى.

— ئـۇ قـىـز سـىـنـى ئۆلـۈمـدىـن قـۇتـۇلـدۇرغـان، سـەن ھېچبولمىغاندا قەرز قايتۇرغان بولىسەن.

— مىنىڭ پەقەت قايتۇرالمايدىغان نۇرغۇن قەرزىم بار !

— گرىنگورى ئەپەندى، بۇ قەرزنى سەن چوقۇم قايتۇرۇشۇڭ كېرەك.

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ سۆزلىرىـڭ ئۇرانـدىـن بىر خىـل كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

— گېپىمگە قۇلاق سىلىڭ، كلاۋدىي فرولـلو ئەپەنـدى، — شـائىر ئالاقزادە بولۇۋاتاتتى، — سـىز بـۇ پىكـرىڭىزدە چىڭ تۇرىۋېرىڭ. لېكىن، پىكرىڭىز ئورۇنلۇق ئەمەس. مەن نىمە زۆرۈرىيەت تۈپەيلى باشقىلار ئۈچۈن دارغا ئېسىلىشىم كېرەكلىكىنى ھېچ چۈشەنمەيۋاتىمەن.

— مەنمۇ سىنىڭ نىمە سەۋەبلەرگە كۆرە ھاياتلىقىقا مۇنچە تارتىشىدىغانلىقىڭنى چۈشەنمىدىم.

— تۇمەن مىڭ سەۋەب بار !

— نىمە سەۋەبلىكىنى ماڭا دەپ بېرەلەمسەن؟

— نىمە سەۋەب دەپ سوراۋاتامسىز؟ ھاۋا، ئاسمان، تاڭ

سەھەر، گۇگۇم، ئاي نۇرى، يەنە مېنىڭ تىلەمچى دوستلىرىم، كۆڭۈل خۇشلۇقى قىلىشىدىغان مىجەزى ئوڭلۇق قىزلار بار، مەن يەنە پارىژنىڭ كۆركەم بىنالىرىنى تەتقىق قىلىشىم، ئوقۇرمەنلەرنى ۋاھ دېگۈزگۈدەك ئۈچ پارچە ئەسەرنى يېزىپ تۈگىتىشىم لازىم، ئۇلارنىڭ بىرى ئارخىئېپىسكوپ ۋە ئۇنىڭ شامال تۈگمىنىگە قارشى ... يەنە قانچىلىك سەۋەبلەر بارلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ئاناكساگور ① مەن بۇ دۇنيادا قۇياشنى مەدھىيەلەش ئۈچۈنلا ياشايمەن، دېگەندى. ئۇ يەنە، مەن ئەتىگەندىن - كەچكىچە قورسىقىدا ئۇممىچى بار تالانت ئىگىسى بىلەن بىللە بولسام، كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرگەن بولىمەن، دېگەن. بۇ يەردىكى تالانت دەل مەن.

— سېنىڭ كاللاڭدىن قوڭغۇراق ياسىسا بولغۇدەك! — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ غودۇراپ، — دەپ باقە، بۇ سۆيۈملۈك ھاياتلىقنى ساڭا كىم بەرگەن؟ سەن ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالىسەن، كۆك ئاسمانغا تەلپۈنىسەن، تورغايىنىڭكىدەك روھىڭنى بىمەنە ۋە ئەخمىقانە قىلىقلىرىڭ بىلەن خۇش قىلىسەن، بۇلارنى ساڭا كىم بەرگەن؟ ئۇ قىز بولمىسا، سەن بولالامتىڭ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە، ساڭا جان ئاتا قىلغان ئاشۇ قىزنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرۇپ رازى بولامسەن؟ ئاشۇ چىرايلىق، مۇلايىم قىز ئۆلۈپ كەتسە مەيلىمۇ؟ بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا قۇياشقا ئىنتىزار بولغاندەك ئىنتىزار بولۇۋاتقان يەردە ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە قاراپ تۇرامسەن؟ خۇدادىنمۇ مۇقەددەس بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن كارىڭ يوقمۇ؟ ئەقىلسىز ساراڭ، قىلچە كارغا كەلمەيدىغان ئوت - خەسكە ئوخشاش يارىماس ئەپتىڭ بىلەن ئۆزۈڭنى يول ماڭالايدىغان، پىكىر قىلالايدىغان گۈل - گىياھ چاغلايسەن تېخى! لېكىن، ھاياتلىقنى شۇ قىزنىڭ جىسمىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ ئۆلۈش -

① ئاناكساگور (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 500 — 428 - يىللار) — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى.

تىرىلىشى بىلەن كارىڭ بولماي، كۈن ئۆتكۈزۈشىڭلا كويىدا بولۇۋاتىسەن، بۇ كۈندۈزى شام يورۇتقاندەك تېتىقسىزلىققۇ؟ بولدى قىلغىن، ساۋابلىق ئىش قىلىشنى ئويلا، گىرىنگورى! ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قويىدىغان ۋاقىت كەلدى. ئۇ قىز ئاللىقاچان شۇنداق قىلدى ئەمەسمۇ!

گىرىنگورى پوپنىڭ مەردانە سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، دەسلىپىدە سەل ئارىسالدى بولدى، كېيىن يۇمشىدى، ئاخىر تۇغۇتى يېقىنلاشقان ئايال تولغاق ئازابىدىن قىينالغان چاغدىكىدەك تۈگۈلۈپلا كەتتى.

— گەپلىرىڭىزدىن بەك تەسىرلەندىم، — دېدى ئۇ كۆزىنىڭ چانىقىدىكى بىر تامچە ياشنى سۈرتىۋېتىپ، — بوپتۇ، سىز دەۋاتقان بۇ چارە كۈلكىلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئويلىنىپ باقاي، — ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كىم بىلىدۇ؟ ئۇلار مېنى دارغا ئېسىپمۇ يۈرمەس. چاي ئىچۈرۈپ قويغانلارنىڭ چوقۇم توي قىلىشى ناتايىن. ئۇلار مېنىڭ ئاشۇ ئۆيدە خوتۇن كىشىنىڭ كۆڭلىكىنى، باش كىيىمىنى كىيگەن تۇرقۇمنى كۆرسە ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشۈپ كېتەر. ئەگەر ئۇلار مېنى دارغا ئېسىۋەتسىچۇ؟ ھەي، سىرتماق بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈشمۇ بەربىر ئۆلۈم، ئۇنىڭ باشقا خىلدىكى ئۆلۈش بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ياكى قۇلاققا ياققۇدەك گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ باشقا خىلدىكى ئۆلۈم بىلەن ئوخشىمايدىغان يېرىمۇ بار. ئۇ ئۆمۈرۋايەت ئارىسالدى بولۇپ ياشىغان بىر ئاقىلنىڭ ئۆلۈمى، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر گۇمانخورغا ئوخشاش ئەرزىمەس بىر ئۆلۈم بولىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، پەيلاسوپنىڭ ئۆلۈمى بولىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئۆلۈش پېشانەمگە پۈتۈلگەن بولسا، مۇنداق ئۆلۈمنى پەسەنتىمگە ئالمايمەن. ئۇنداق ئۆلۈمنى تىللاردا داستان قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

پوپ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— ئۇنداقتا، گېپىمىز بىر يەردىن چىقتىمۇ؟ — دېدى.

— راستىنى ئېيتقاندا، ئۆلۈم دېگەن چاغلىق ئىش! — گرىنگورىمۇ ئۆزىنىڭ مەردانە سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇردى، — قارىماققا كۆڭۈلسىز ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن بارلىقتىن يوقلۇققا ئۆتىدىغان شۇنچىلىكلا بىر گەپ. بىرلىرى شەھەر پۇقرالىرىدىن: «سىرسىداس ئۆلۈمگە تەن بېرەرمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇنىڭ ئۆزىلا: «نېمىشقا تەن بەرمىگۈدەكمەن؟ ئۆلۈپ كەتسەم پەيلاسوپلار قاتارىدىكى پىفاگور، تارىخشۇناسلار قاتارىدىكى ھىكاتوس①، شائىرلار قاتارىدىكى گومېر، مۇزىكانتلار قاتارىدىكى ئولىمپۇستەك ئۇلۇغ شەخسلەر بىلەن كۆرۈشەلەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۇنىڭ قولىنى سىقتى ۋە:

— ئۇنداقتا گېپىمىز گەپ؟ ئەتە كېلىسەن! — دېدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گېپى چۈش كۆرۈۋاتقان ئادەمنى چۈشىدىن ئويغىتىۋەتكەندەك، گرىنگورىنى رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى.

— ۋاي - ۋۇي، مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس! — دېدى ئۇ ئېسىگە كېلىپ، — دارغا ئېسىلىمەنمۇ؟ قاملاشمىغان گەپ بولدى - دە، بۇنىڭغا قانداق ماقۇل دېگىلى بولىدۇ!

— ئۇنداقتا مەن ماڭاي! — ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كەتتى، — مەن سېنى يەنە ئىزدەيمەن!

— «سەندەك ئالۋاستىنىڭ مېنى ئىزدەۋېرىشىگە ئۇنايدىغان ئادەم يوق» دەپ ئويلىدى گرىنگورى كۆڭلىدە. ئارقىدىنلا كلاۋدې فروللوغا يېتىشىۋالدى - دە:

— توختاپ تۇرۇڭ، ياردەمچى ئېپىسكوپ ئەپەندى! قەدىناسلارغا ماي تارتىپ يۈرۈش كەتمەيدۇ! سىز ئاۋۇ قىزغا، يەنە كېلىپ مېنىڭ ئايالىمغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىسىز، بۇ بەك ئوبدان ئىش. لېكىن، سىزنىڭ ئۇنى بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىن

① ھىكاتوس — قەدىمكى يۇناندا ئۆتكەن تارىخشۇناس، جۇغراپىيە ئالىمى.

www.uyghurkitap.com

قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن تۈزگەن پىلانىڭىز ماڭا نىسبەتەن نوغۇچتا ئوت پۈۋلىگەندەك بولىدۇ. مەن ئاپايا باشقا بىر ئامالنى تاپتىم. شۇنداق قىلغاندا ھەم ئۇنى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ، ھەم ئۆزۈممۇ دارغا ئېسىلىشتىن ئامان قالىمەن، سىزنىڭچە قانداق؟ ياكى مەن دارغا ئېسىلسام كۆڭلىڭىز تىنامدۇ؟

— قورۇق گەپنى ئاز قىل، — دېدى پوپ جىلە بولغاندەك كىيىمىنىڭ تۈگمىسىنى تارتىپ تۇرۇپ، — چارە - ئامالنىڭ ئۆزىنىلا - دە!

— ئوبدان، — دېدى گرىنگورى ئۆزگىچە، ئاندىن تۇجۇپىلەپ ئويلىنىۋاتقان قىياپەتتە بىگىز بارمىقىنى تۇمشۇقىغا تەگكۈزدى، — مۇنداق گەپ! مېنىڭ ئاۋۇ تىلەمچى دوستلىرىم ھەرقانداق ساخاۋەتلىك ئىشقا مەيدىسىنى كېرىپ چىقالايدىغانلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مىسىرلىقلار ئۇ قىزنى بەك ياخشى كۆرىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىنمۇ ئوڭاي چارىنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئوغرىلىقچە بېسىپ كىرىمىز - دە، پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ، ئۇ قىزنى بۇلاپ قاچىمىز، ئەتە گۈگۈم چۈشكەندىلا باشلىساق بولىدۇ ...ئۇلار بۇ ئىشنى قىلىشقا چوقۇم ئۇنايدۇ.

— قانداق قىلىدىغانلىقىنى سۆزلە، — پوپ ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— بوش گەپ قىلىپ، قولۇمنى قويۇۋېتىڭ! ئويلىنىۋاتقى-نىمنى كۆرمەيۋاتامسىز؟ — گرىنگورى تەمكىنلىك بىلەن كەينىگە ئۆرۈلدى. بىردەم باش قاتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قالتىس بىر چارىنى تاپقانلىقىدىن خۇش بولۇپ، ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە ئۇردى، — تازا ئوبدان بولدى، بەك قاملاشتى، بىز چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمىز!

— قانداق قىلىپ؟ — دېدى كلاۋدې فروللونىڭ ئاچچىقى كېلىپ.

— يېقىن كېلىڭ، دەپ بېرەي، — گرىنگورىنىڭ چىرايى

پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى، ــ بۇ ئىشتا بىز قاپ يۈرەكلىك قىلىۋاتىمىز، ئۇنى ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېسەكمۇ بولىدۇ. ئەمەلگە ئاشۇرالىساق ھەممىمىز ئامان قالىمىز. تەڭرى گۇۋاھ! ئېتىراپ قىلىشىڭىز كېرەككى، مەن ئۇنداق دىتى يوقلاردىن ئەمەس!

ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ تۇرۇپلا قالدى.

ــ ھەي، ئوغلاقمۇ ئاشۇ قىز بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان بولغىيدى؟

ــ شۇنداق، ئىبلىس ئەدىپىڭنى بەرگەي ئىلاھىم!

ــ ئۇلار ئوغلاقنىمۇ دارغا ئاسىدۇ، شۇنداقمۇ؟

ــ بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى؟

ــ راست دەيسىز، ئۇلار ئوغلاقنىمۇ دارغا ئاسىدۇ. ئۇلار ئۆتكەن ئايدىلا بىر مېكىججىننى دارغا ئاسقاندا، جاللاتلار خۇش بولۇپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن، ھايال ئۆتمەيلا ئۇنىڭ گۆشىنى پاك ـ پاكىز يەۋەتكەندى. ئۇلار قىلچە ھېيىقماي، مەن ياخشى كۆرىدىغان ئاشۇ چىرايلىق گالىنىمۇ دارغا ئېسىۋېتىدۇ، دەڭ! ئاھ، بىچارە پاقلىنىم!

ــ قارغىش تەگكۇر ئەبلەخ! ــ دېدى كلاۋدې فىروللو ۋارقىراپ، ــ سەنمۇ دەل جاللاتنىڭ ئۆزى ئىكەنسەن، چارە ـ ئامالىڭنىڭ ئۆزىنىلا دېمەمسەن؟ ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەمدىن ئىكەنسەن! خىيالىڭدىكىنى ئامبۇر بىلەن سۇغۇرۇپ چىقسا بولغۇدەك!

ــ بەك بەلەن بولدى، ئۇستاز! بۇ مۇنداق چارە!

گرىنگورى ئاغزىنى ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلىپ، پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېدى، ھەدەپ كوچىدا بىرمۇ ئادەم بولمىسىمۇ، ئەنسىزلىك بىلەن كوچىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە قاراپ چىقتى. گېپى تۈگىگەندىن كېيىن، كلاۋدې فىروللو ئۇنىڭ قوللىرىنى مەھكەم سىقىپ:

ــ بولىدۇ، ــ دېدى خۇشياقماسلىق بىلەن، ــ ئەتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈشەيلى.

— ئەتە كۆرۈشەيلى، — دەپ جاۋاب قايتۇردى گرىنگورى. ئۇ ياردەمچى ئېپىسكوپ يىراقلىغاندىن كېيىن، كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.

«پەخىرلەنگۈدەك ئىشتىن بىرنى قىلىدىغان بولدۇق پېررى گرىنگورى ئەپەندى، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — كېرەك يوق. ئەمدى ھېچكىممۇ ئاددىي شەخسلەر چوڭ ئىشلارنى قىلىشتىن ئەيمىنىدۇ دېيەلمەيدۇ. بىتو ① بىر چاغلاردا يوغان بىر ئۆكۈزنى مورىسىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ماڭغان، سىغىزخان، بۇلبۇل، قارلىغاچلارمۇ دېگىز - ئوكياندىن ئۇچۇپ ئۆتكەن.»

## 2. تىلەمچى بولۇپلا كەتكىنە!

ياردەمچى ئېپىسكوپ موناستىرغا قايتىپ، تۇگمەنچى ئىنىسى ژاننىڭ ھۇجرا ئالدىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ژان تولا ساقلاپ زېرىككەن چېغى، ئاكىسىنىڭ يان كۆرۈنۈشىنى تامغا كۆمۈر پارچىسى بىلەن سىزغان، لېكىن ئاكىسىنىڭ بۇرنىنى تولىمۇ يوغان سىزىپ قويغانىدى.

كلاۋدىي فروللو ئىنىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ خىيالى باشقا ئىش بىلەن بەند ئىدى. قارىماققا تېجىمەل ئىنىسى بۇگۈن بولەكچىلا خۇشال كۆرۈنەتتى. ئىلگىرىمۇ ئۇ كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ غەلىتە قىلىقلىرى بىلەن چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان پوپ ئاكىسىنى كۈلدۈرەلىگەنىدى. لېكىن، ھازىر ئۇنداق قىلغىلى بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئاكا، — دېدى ژان قورۇنۇپ، — سىزنى يوقلاپ كېلىۋىدىم.

---

① بىتو — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى كاھىنەنىڭ ئوغلى.

— يەنىچۇ؟ — ياردەمچى ئېپىسكوپ ئىنىسىغا قاراپمۇ قويمىدى.
— ئاكا، — دېدى ئىككى يۈزلىمىچى ئىنىسى، — سىز مەندىن بەك ئوبدان خەۋەر ئالدىڭىز، شۇنچە كۆپ نەرسىنى ئۆگەتتىڭىز، شۇڭا ئىختىيارسىز يوسۇندا سىزنى ئىزدەپ تۇرغۇم كېلىدۇ.
— ئاندىن كېيىنچۇ؟
— ھەي، ئاكا! دېگەنلىرىڭىز بەكمۇ توغرا ئىكەن. سىز ماڭا دائىم دېگۈدەك، ژان، ئۇستاز بولغانلار قاتتىق قول بولمىسا، شاگىرتلارنىڭ ئىنتىزامى بوشاپ كېتىدۇ. ژان، ئەقىللىك بول، ژان، قېتىرقىنىپ ئۆگەن! سەۋەبسىز ياكى ئۇستازنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتمە، پىكاردلار بىلەن ئۇرۇشما، مەكتەپنىڭ چىملىقىدا ئېلىپنى تاياق دېيەلمەيدىغان ئېشەكتەك ئىرغىناپ ياتما، ئۇستازنىڭ جازاسىنى قوبۇل قىل. ھەر كۈنى كەچتە ئىبادەتخانىغا بېرىپ، شەۋكەتلىك بۈۋى مەريەم ھەققىدە مۇناجات ئېيت، سۈكۈتتە تۇر، دۇئا قىل، دەپ نەسىھەت قىلاتتىڭىز. ئالتۇندەك قىممەتلىك گەپلەرنى قىلغانىدىڭىز.
— دەيدىغانلىرىڭ يەنە بارمۇ؟
— ئاكا، مەن ئۇرسىڭىزمۇ، ئەدىپىمنى بەرسىڭىزمۇ بولىدىغان ئىپلاس بىر ئادەم، شاللاق، چۈشكۈنلىشىپ تۈگەشكەن ئادەم. سۆيۈملۈك ئاكا، ئىنىڭىز سىزنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان پەند - نەسىھەتلىرىڭىزنى تېزەكنى دەسسىگەندەك دەسسەپ يۈردى، تېگىشلىك جازاغا دۇچار بولدى، مېھىر - شەپقەتلىك خۇدانىڭ تارازىسى بەكمۇ ئادىل ئىكەن. پۇلۇم بار چاغدا قانغۇدەك يەپ - ئىچىپ، كۆڭلۈمنى خۇش قىپتىمەن. خۇشال - خۇرام ياشاپتىمەن. لېكىن، ھاراق - شاراب، ناز - كەرەشمىلىك خوتۇنلار قارىماققا ئادەمنى مەھلىيا قىلغۇدەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

چىرايلىق بولغىنىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئادەمنى كاردىن چىقارغۇدەك رەزىل نەرسىلەردىن ئىكەن ! ئەمدىلىكتە چۈنتىكىمدە تىيىنىنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق. شىلەپەمنى سېتىۋەتتىم. كۆڭلىكىمدىن، ھەتتا قول ياغلىقىمدىنمۇ ئايرىلدىم. ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرىدىغان كۈنلەر مەندىن يىراقلىدى ! كۆزۈمگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغان شام ئۆچتى. شامنىڭ ئېرىپ چۈشكەن ئازغىنە يېغى، ئەتراپىمدا ئەگىپ يۈرىدىغان سېسىق پۇراقتىن بۆلەك ھېچ نەرسە قالمىدى. قىزلار مېنى مەسخىرە قىلىدىغان بولدى. سوغۇق سۇ ئىچىپلا كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمەن. پۇشايمان بىلەن قەرز ئىگىلىرىدىن قۇتۇلالمايدىغان ھالغا يەتتىم !

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟

— ھەي، قەدىرلىك ئاكا ! تۇزۇكرەك تۇرمۇش كەچۈرەي دېگەن خىيال بىلەن سىزنى پاناھ تارتىپ مۇشۇ يەرگە كەلدىم. پۇشايمان ۋە ئۆزۈمگە بولغان نەپرەت مېنى ئالدىڭىزغا سۆرەپ كەلدى. مەن سىزنىڭ قېشىڭىزغا توۋا قىلىش ئۈچۈن كەلدىم. توۋا ـ ئىستىغپار ئېيتمىسام بولمايدىغانلىقىغا ئۆزۈم ئىقرار. ئۆزۈمنى كېلىشتۈرۈپ ساۋىسام دەيمەن. ھامىنى بىر كۈنى ئىنستىتۇتنىڭ باكلاۋۇرى، مۇئاۋىن نازارەتچىسى بولارمەن دەيدىغان ئارزۇلىرىم بار ئىدى. مۇشۇ پەيتتە، مەن ئۆزۈمدە ئاشۇ ئىشلارنى قىلالايدىغان قابىلىيەتنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلىۋاتىمەن. لېكىن، قولۇمدا سىياھ قالمىدى، ئۇنى ئالمىسام بولمايدۇ؛ قەلىمىم يوق، ئۇنى ئالمىسام بولمايدۇ؛ قەغىزىم يوق، ئۇنى ئالمىسام بولمايدۇ؛ كىتابىم يوق، ئۇنىمۇ ئالمىسام بولمايدۇ. مۇشۇلار ئۈچۈن ئازراق پۇلغا ھاجەتمەن بولۇۋاتىمەن. قېشىڭىزغا كېلىشىمدىكى سەۋەب مۇشۇ، مەن پۇشايمان ۋە ئۆزۈمگە بولغان نەپرەت بىلەن سىزنى ئىزدەپ كەلدىم.

— تەلەپلىرىڭنىڭ ھەممىسى مۇشۇمۇ؟

— شۇنداق، ماڭا ئازراق پۇل لازىم.

— مەندە پۇل يوق.

— ياخشىغۇ، — ژاننىڭ پوزىتسىيەسى دەرھال ئۆزگەردى. چىرايىدىن ئەستايىدىللىق ۋە قەتئىيلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلدى، — كۆڭلۈمنى يەردە قويۇۋاتىسىز، ئاكا! سىزگە شۇنى دەپ قوياي، باشقىلار ماڭا ناھايىتى ئوبدان تەكلىپلەرنى بەردى، ئوبدان يوللارنى كۆرسەتتى. ماڭا پۇل بەرگۈڭىز يوق، شۇنداقمۇ؟ خالىمامسىز؟ ئۇنداقتا، مەن تىلەمچى بولۇپ كېتىمەن!

ژان ئېغى بىلەن بىغىننىڭ تايىنى يوق بۇ گەپلەرنى دەپ بولغاندىن كېيىن، گۇلدۇرمامىنى تۇتۇپ تۇرغان ئاياكس ① تەك جىم بولدى.

— ئۇنداقتا تىلەمچى بولۇپلا كەت! — دېدى ياردەمچى ئېپىسكوپ، ئۇنىڭ سۆرۈن چىرايىدا ھېچقانداق باشقا ئالامەت بولمىدى.

ژان كېلىشتۈرۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى ـ دە، ئىسقىرتقان پېتى بىنادىن چۈشۈپ كەتتى.

ئۇ موناستىرنىڭ دەھلىزىدىن ئۆتۈپ، ئاكىسى تۇرىدىغان ھۇجرىنىڭ دېرىزىسى يېنىغا كەلگەندە، دېرىزىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ مۇز يېغىپ تۇرىدىغان چىرايىنى كۆردى.

— كۆزۈمدىن يوقال! — دېدى كلاۋدې، — بۇ ساڭا بېرىدىغان ئاخىرقى پۇل. ئەمدى مەندىن ئۈمىد كۈتكۈچى بولما!

پوپ قاپچۇقنى ئاتتى. قاپچۇق ژاننىڭ بېشىغا تېگىپ، دەرھاللا بىر مونەك پەيدا قىلدى. ژان خۇددى خەقلەر تاشلاپ بەرگەن سۆڭەككە ئىگە بولغان ئىتقا ئوخشاش ھەم ھۇرپەيگەن، ھەم رازى بولغان تەلەت بىلەن مېڭىپ كەتتى.

---

① ئاياكس — يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ترويا ئۇرۇشىغا قاتناشقان يۇنان سەركەردىلىرىنىڭ بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى www.uyghurkitap.com

# 3. ياشىسۇن خۇشاللىق !

ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە بولۇشى كېرەك، مىراكىل رايونىنىڭ بىر بۆلىكى شەھەر رايونىدىكى كونا سېپىللارنىڭ قورشاۋىدا بولۇپ، ئۇنىڭدىكى راۋاقلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ چاغدىلا ئۆرۈلگىلى تۇرغانىدى. بۇ راۋاقلارنىڭ بىرى تىلەمچىلەر تەرىپىدىن كۇلۇب قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، تۆۋەن قەۋەتتىكى چوڭ زال قاۋاقخانا قىلىنغان، ئۈستىدىكى بىرنەچچە قەۋەت باشقا ئىشلارغا ئىشلىتىلگەنىدى. تىلەمچىلەرنىڭ بۇ راۋاقتىكى يىغىلىشى قايناق بازارنىڭ ئۆزى ئىدى، شۇڭا ئۇنى يەنە ھەددىدىن زىيادە قورقۇنچلۇق جاي دېيىشكە بولاتتى. ئۇ جاي ئەيتاۋۇر كېچە - كۈندۈز ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئۆكسۈمەيدىغان ھەرە ئۇۋۇسى ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن تەڭلا، تىلەمچىلەر پادىشاھلىقىدىكى ئادەملەر ئۇيقۇغا تۇتۇش قىلاتتى، چىدىغۇسىز دەرىجىدە مەينەت بولۇپ كەتكەن ئالدى تامنىڭ دېرىزىلىرىدىكى چىراغلارنىڭ بىرى قالماي ئۆچەتتى. ئالداپ ئوغرىلاپ كېلىنگەن ياكى ھارامدىن تۇغۇلغان بالىلارنىڭ قىيا - چىيالىرى قايتا ئاڭلانمايتتى. لېكىن، ئادەملەر دەل مۇشۇ چاغدا ئۇزۇلمەي چىقىۋاتقان قىيقاس - چۇقان ئاۋازىدىن خۇشاللىق قاينىمىدا تۇرغان ھېلىقى راۋاقنى پەرق قىلالايتتى؛ ئوچاقنىڭ يېنىدىكى دېرىزىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن شەلپەردەك قىپقىزىل تاۋلىنىۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

دېمەك، يەر ئاستىدىكى ئۆي قاۋاقخانا ئىدى. يەر ئاستىدىكى بۇ ئۆيگە بېرىش ئۈچۈن پاكار ياسالغان بىر ئىشىك ئارقىلىق تىك پەلەمپەيدىن چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. ئىشىكنىڭ بېشىدىكى ۋىۋىسكىغا يېڭىپىڭى بىرنەچچە تەڭگە ۋە بوغۇزلانغان توخۇنىڭ رەسمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىغا «يېڭىدىن قۇيۇلغان تەڭگە، بوغۇزلانغان توخۇ» دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

بىر كۈنى كەچ، پارىژدىكى ھەممە قوڭغۇراق مۇنارلىرىدىن چىراغ ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇلغان قوڭغۇراق ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ئاۋادا كېچىلىك چارلاشقا چىققان ساقچىلار مۇشۇ كەچتە بۇ قورقۇنچلۇق مىراكىل رايونىغا كىرگەن بولسا، تىلەمچىلەر قاۋاقخانىسىنىڭ ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك ۋاراڭ - چۇرۇڭ بولۇپ كەتكىنىنى، ئۇلارنىڭ ھاراقنى ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە قارىغاندا جىق ئىچىۋاتقانلىقىنى، تىل - ئاھانەت، سېسىق گەپلەرنىڭمۇ ئەتراپنى بىر ئالغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى. تاشقىرىدىكى مەيداندا تۆت - بەشتىن بولۇپ توپلىشىۋالغانلار قانداقتۇر مۇھىم بىر ئىشنى پىلانلاۋاتقاندەك، پەس ئاۋازدا كۇسۇرلاشماقتا ئىدى، تاش پارچىلىرىنىڭ ئۈستىدە زوڭ ئولتۇرۇپ دات باسقان پىچاقنى بىلەۋاتقانلارنى كۆرگىلى بولاتتى.

قاۋاقخانىغا كېلىپ چىلاشقۇدەك ھاراق ئىچىش بىلەن قىمار ئويناش تىلەمچىلەر ھەر كۈنى ئاخشىمى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان ئاساسلىق پائالىيەت ئىدى. لېكىن، ھاراق ئىچىۋاتقانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپلا، ئۇلارنىڭ زادى نېمە پىلاننى تۈزگەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار پەقەت باشقا ھەرقانداق چاغدىكىدىن جانلىق، خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەلباغلىرىغا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىراپ تۇرىدىغان قوراللىرىنى — بىردىن خەنجەر، پالتا، كالتەك ياكى كونا بەردەنگە مىلتىقلارنىڭ پايىنىكى قاتارلىقلارنى ئېسىۋالغانىدى.

يۇملاق شەكىللىك زال ئوبدانلا ئازادە ئىدى. لېكىن، شىرە بىلەن شىرە بىر - بىرىگە تاقىشىپ قالغان، ھاراق ئىچىۋاتقانلار كۆپ بولغاچقا، قاۋاقخانىدىكى ھەممە نەرسە قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى. ئورۇندۇقلار، ھاراق بوتۇلكىلىرى، ئاياللار، ئەرلەر، ھاراق ئىچىۋاتقانلار، مۈگدەۋاتقانلار، ئوينىشىۋاتقانلار، ساقلار، مەجرۇھلار رەتسىز تاشلاپ قويغان قۇلۇلە قېپىدەك بىر يەرگە يىغىلىپ قالغانىدى. شىرە ئۈستىدە بىرنەچچە تال شام يورۇپ تۇراتتى، لېكىن قاۋاقخانىنى ئوپىرا ئوينايدىغان زالدەك

www.uyghurkitap.com

يورۇتۇۋەتكىنى شام ئەمەس، بەلكى ئوچاق ئىدى. يەر ئاستىدىكى بۇ ئۆي بەك زەي بولغاچقا، ھاۋا ئىسسىق كۈنلىرىدىمۇ ئوچاقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈشكە بولمايتتى.

تىلەمچىلەر شۇنچىلىك نامرات بولغىنى بىلەن، لېكىن ئۇلار خۇشال ئىدى.

ئويما نەقىشلىك ئوچاقنىڭ چۆرىسىگە ئوتۇن تىزىلغان ۋە قاچا - قومۇچلار قويۇلغان بولۇپ، گۇرۇلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتۇن بىلەن كۆمۈرنىڭ قىپقىزىل يورۇقى ئۇدۇلدىكى تامغا چۈشۈپ تۇراتتى. سەھرا - مەھەللىلەردە كېچىسى يولدىن ئۆتكەن ئادەم مۇشۇنداق ئوتنى كۆرسە تۆمۈرچىلىك دۇكىنى ئوخشايدۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئوچاقتىن تارتىۋەتكەن كۆلىنىڭ ئۈستىدە ئەلپازى يامان بىر ئىت زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئوتنىڭ ئالدىدا، گۆش ئۆتكۈزۈلگەن تۆمۈر زىخ بىر خىلدا ئايلانماقتا ئىدى.

ئۆيئىچى ئىنتايىن قالايمىقان بولسىمۇ، قارىماققا ئادەملەرنىڭ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇش ئۈچ ئادەمنىڭ ئەتراپىدا قىستىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇچەيلەننىڭ كونىراپ كەتكەن شەرق پاسونىدىكى غەلىتە كىيىمگە ئورىنىۋالغىنى ماتىياس ھونگادى سىبىگالى بولۇپ، ئۇ مىسىرلىقلار بىلەن بۇخېمىيەلىكلەرنىڭ كىنەزى ئىدى. ئۇ شىرەنىڭ ئۈستىدە پۇتىنى ئالماپ ئولتۇرۇپ، بىر بارمىقىنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا ئەتراپىدىكىلەرگە ئىبلىسنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ياكى ئىبلىسنىڭ ياردىمىگە تايانماي قىلغىلى بولىدىغان بىر تالاي سېھىرگەرلىكنى سۆزلىمەكتە ئىدى. ئولتۇرغانلار ھاڭ - تاڭ بولغان ھالدا قۇلاق سالاتتى. تولۇق قوراللانغان يەنە بىر باتۇر، بىزنىڭ قەدىناس دوستىمىز، كلوپىن تروللېفۇنىڭ ئەتراپىغا يەنە بىرمۇنچە ئادەم ئولاشقان بولۇپ، ئۇ بۇ ئادەملەرگە پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. ئالدىدىكى قاپقىقى ئېچىۋېتىلگەن يوغان بوچكىنىڭ ئىچى قورال - ياراغ بىلەن تولغانىدى. ئۇ بۇ

قوراللارنى قانداق تەقسىم قىلىشنى ئورۇنلاشتۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن پالتا، خەنجەر، ساۋۇت، ئوۋ پىچىقى، مىلتىق پايىنىكى، ھەرە، ئۇشكە قاتارلىقلارنى ئالاتتى. بۇ نەرسىلەر بەئەينى مول ھوسۇل مۇڭگۈزى① نىڭ ئىچىدىكى ئالما ـ ئۈزۈملەردەك كۆپ ئىدى. ئەتراپتىكىلەر ئۆزى نېمىنى خالىسا، شۇنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى. بەزىلىرى دۇبۇلغىنى، بەزىلىرى ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك قىلىچنى، بەزىلىرى كىرىست ساپلىق خەنجەرنى ئالاتتى. ھەتتا كىچىك بالىلارمۇ قوراللانماقتا ئىدى. پۈتى بولمىسىمۇ، ئۇستىگە ساۋۇت ـ دۇبۇلغا كىيىۋالغان بىرنەچچىسى ئادەملەرنىڭ ئايىغى تۈۋىدە قوڭغۇزغا ئوخشاش ئۆمىلەپ يۈرمەكتە ئىدى.

يەنە بىر توپتىكى ئادەملەر ھەممىدىن كۆپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن، قىيا ـ چىيا ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. خۇشاللىقى چېكىگە يەتكەن بۇ ئادەملەر شىرە ـ ئورۇندۇقلارنى قىستايتتى، سېپىق گەپلەرنى بىر ـ بىرىگە يامغۇردەك ياغدۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى شۇنچە جىق قورال ـ ياراغنى ئېسىۋالغانىدىكى، بەدىنىنىڭ بىر يېرىنىمۇ ئوچۇق كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت تۇشۇكى ئاسمانغا قاراپ تۇرىدىغان قىزغۇچ بۇرنىنى، بىر تۇتام قوڭۇر رەڭ چېچىنى، قان سۈرتۈپ قويغاندەك قىزىل ئاغزىنى، قۇۋۇلۇق ـ شۇملۇق چىقىپ تۇرغان كۆزىنىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇنىڭ بەلبېغى خەنجەر ۋە كالتە ساپلىق پىچاق بىلەن تولغان، ئۇنىڭغا يەنە ئۇزۇن قىلىچ ئېسىلغانىدى. سول تەرىپىدە دات بېسىپ كەتكەن كامالەك، ئالدىغا ھاراق بوتۇلكىلىرى دۈۋىلەنگەن، ئوڭ يېقىدا كىيىملىرى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن پاھىشە ئايال، ئەتراپتىكىلەر ئۇنى مەسخىرە قىلاتتى، تىللايتتى، خالىغانچە ئىچەتتى.

ئالاھازەل يەنە يىگىرمە توپ ئادەم بار بولسىمۇ، لېكىن

① ياۋروپادىكى قەدىمىي رىۋايەتلەردە مېۋە ـ چېۋە، ئاشلىق بىلەن لىق تولدۇرۇلغان قوي مۇڭگۈزى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇ مول ھوسۇلنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە تەرىپلىنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ سانى ئاز ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كوزىنى بېشىغا ئېلىپ، ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەن خىزمەتكارلار ئىدى. بەزىلىرى ئېگىلىپ تۇرۇپ شارىك ياكى شىشخال ئويناۋاتقانلار ئىدى. ياندىكى بۆلۈكىدا بىرلىرى تاكاللىشىۋاتاتتى، بىرلىرى يەنە بىر بۆلۈكىدا سۆيۈشۈۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىنى يورۇتۇپ تۇرغان ئوتنىڭ يورۇقى قاۋاقخانىنىڭ تۆت تېمىدا ھەددى ـ ھېسابسىز كالانپاي مەخلۇق قالايمىقان ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلاتتى.

ھەرقانداق ئادەم بۇ يەردىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدا ئۆزىنى قوڭغۇراق بىناسىنىڭ ئىچىدە تۇرغاندەك، قوڭغۇراقلارنىڭ بىراقلا جاراڭلىغىنىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى.

كاۋاپنىڭ يېغى قازانغا تېمىپ چۈشەتتى، قايناۋاتقان ياغ ئۇستىدىكى لەيلەپ تۇرغان كۆپۈكىنى ئۇياندىن ـ بۇيانغا ھەيدەيتتى. چۇچۇكەن ياغنىڭ پاراسلىغان ئاۋازى زالدىكى بارغانسېرى ئاۋۇپ كېتىۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭنىڭ كەم قالغان جايلىرىنى تولۇقلاۋاتقاندەك بولاتتى.

مۇشۇ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئىچىدە، قاۋاقخانىنىڭ بىر بېشىدىكى ئوچاقنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئورۇندۇقتا، ئىككى پۇتىنى كولگە پاتۇرۇپ، كۆزىنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتۇندىن ئۈزمەي، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان بىر پەيلاسوپ بار ئىدى. ئۇ دەل پېررى گرىنگورى ئىدى.

— ھەي، تېز بولۇڭلار! — كلوپىن ترولليېف تىلەمچىلەرگە بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، — ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ تەييارلىنىڭلار! بىر سائەتتىن كېيىن ھەرىكەتنى باشلايمىز!

بىر قىزنىڭ تىترەك ئاۋاز ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ئاڭلاندى:

دادا، ئانا، كەچلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن،
كېيىن ماڭغانلار چىراغ بىلەن ئوتنى ئۆچۈرسۇن.

قارتا ئويناۋاتقان ئىككىيلەن ئۇرۇشۇپ كەتتى.

— ئىتنىڭ ئۆزىلىغۇ سەن ! — ۋۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن بىرى ئالدىدىكىسىنىڭ تۇمشۇقىغا مۇشتىنى تەڭلىدى، — قولۇڭدىكى قارتا چىلىكنىڭ بەلگىسىنى بىسىپ قويسام، ئۇنى مىستىگىرى ① نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىپ پادىشاھ ئالىيلىرى ئۇيۇشتۇرغان قارتا مۇسابىقىسىگە قاتنىشالايدىغان بولىسەن.

— ئىشىڭنى قىلە! — دەپ توۋلىدى يەنە بىرى، — ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن نورماندىيەلىك ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، — بىز بۇ يەردە تويغۇچە يەپ - ئىچىپ كىيكىرىپ كەتتۇق ! كائىللۇۋىلىنىڭ ئەۋلىيالىرىدەك دىگىنە !

— باللىرىم، — مىسىر كىنەزى جامائەتكە قاراپ ۋارقىرىدى، — فىرانسىيەدىكى ئايال پىرىخونلار شەببات جەمئىيىتىگە بارغاندا سۇپۇرگە ئىلىپ يۇرمەيدۇ، ياغ ئالمايدۇ، ئات مىنمەيدۇ، بىرنەچچە ئىغىز ئەپسۇننىلا ئىلىپ باريدۇ. ئىتالىيەلىك ئايال پىرىخونلار قوچقاردىن بىرنى يىتىلەپ، دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇريدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۇرخۇن ئىچىدىن چىقىدۇ.

— بەلەن گەپ بولدى ! — تولۇق قورالانغان بىر ياش يىگىتنىڭ ئاۋازى ھەممىنى بىسىپ چۇشتى، — بۇگۇن مىنىڭ تۇنجى قىتىم قوراللىنىشىم ! تىلەمچى بولۇشۇم ! مەن بۇگۇندىن باشلاپ تىلەمچى ! ئەيسانىڭ قورسىقى ! ماڭا ھاراق قۇيۇڭلار، ئاغىنىلەر ! مەن بىر مۆتىۋەر، ئىسمىم تۇگمەنچى ژان فروللو! قىرىنداشلار، بىز بۇ قىتىملىق جازا يۇرۇشىگە رازىمەنلىك بىلەن ئاتلىنىمىز، ھەممىمىز باتۇر ئەزىمەتلەردىن بولغاندىكىن، چىركاۋغا ھۇجۇم قىلىپ، موناستىرنىڭ ھەممە ئىشىكلىرىدىن بۆسۇپ كىرىمىز. ئاۋۇ چىرايلىق قىزنى سودىيەلەرنىڭ قولىدىن، پوپنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىمىز. موناستىرنى ۋەيران قىلىمىز، ئىپىسكوپنى ئۆزىنىڭ قورۇسىدىلا كۆيدۇرۇۋىتىمىز.

---

① مىستىگىرى — قارتىدىكى مۇلازىم، چىلىك J نى كۆزدە تۇتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىز بۇ ئىشنى ھايالسىزلا پۈتكۈزىمىز، ھەتتا ئۇنىڭغا شەھەر ئەمەلدارلىرى بىر قوشۇق شورپا ئىچكەنچىلىك ۋاقىتمۇ كەتمەيدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز ئادىل ئىش، بۇۋى مەريەم چىركاۋىنى تالان ـ تاراج قىلىشنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ. كۋاسىمودونىمۇ دارغا ئاسىمىز. خانىملار، سىلەر كۋاسىمودونى تونۇمسىلەر؟ سىلەر پىنتىكوست بايرىمى بولغاندا ئۇنى كۆرگەن، ئۇ قوڭغۇراققا ئېسىلىپلا يۈرىدىغان ئەبلەخ! بۇنىڭ قانچىلىك قىزىق ئىش ئىكەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ! ئۇ خۇددى بىر ئالۋاستى تاپ يەيدىغان جىنىنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالغاندەكلا بىر ئىش. بۇرادەرلەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، مەن سىپى ئۆزىدىن تىلەمچى، ۋۇجۇدۇمنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن قارا گەپ تۆكۈلۈپلا تۇرىدۇ. شۇڭا، مەن زاكامدىن باشلاپلا قەلەندەر. بىر چاغلاردا تازا پۇلدار ئادەملەردىن ئىدىم. لېكىن، بارلىق بىساتىمنى يەپ تۈگەتتىم. ئانام مېنىڭ ئوفىتسېر بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى. دادام مېنىڭ دېئاكون مىسسىيونېرى بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى. ھاممىلىرىم دىنىي سوتنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى. مومام مېنىڭ پادىشاھقا باش كاتىپ بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى. چوڭ مومام كالتە تونلۇق خەزىنىچى بولۇشۇمنى ئۈمىد قىلدى. مەنچۇ، ئۆزۈم خالاپ تىلەمچى بولدۇم. بۇ ئەھۋالنى دادامغا دېۋىدىم، سېسىق گەپ بىلەن تازا تىللىدى. ئانامغا دېۋىدىم، ماڭقىسى بىلەن كۆز يېشىنى ئېقىتىپ مىشىلداپلا كەتتى، ياشىسۇن خۇشاللىق! قىنى ئايال خوجايىن، ھارىقىڭنى قۇي! تۆلىگۈدەك پۇلۇم بار. بۇنىڭدىن كېيىن سۇرىن ھارىققا قاراپمۇ قويمايمەن، ئادەمنىڭ گېلىدىن تۈتۈن چىقىرىۋېتىدىغان ھاراق ئىكەن. ئۆلگۈدەك خۇش بولدۇم، بىر سېۋەت ھاراقنى ئىچىپ تۈگەتتىم!

جامائەت قاقاقلاپ كۈلدى، چاۋاك چالدى.

— پاھ! — دېدى ژان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى چۆرىدەپ تۇرغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ، — بۇ قىيا ـ چىيالار نەقەدەر يېقىملىق ـ

ھە ! بۇ شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ تەلۋىلىكى بولماي نېمە !

ژان مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپلا ناخشا ئېيتقىلى تۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەرق مەست ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ناخشا ئېيتقان چاغدىكى ئاۋازى مىسسىيونېرلار كەچلىك دۇئا - تىلاۋەتتە ئېيتىدىغان ناخشىدەك چىققىلى تۇردى.

— نېمىدېگەن تاتلىق مۇناجات ! نېمىدېگەن چىرايلىق چالغۇ ! يېقىملىق ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ناخشا قانداق ناخشىدۇ؟ ئۇنىڭ رىتىملىرى نەقەدەر ماسلاشقان ! ۋولىنكىنىڭ راۋان ئاھاڭلىرى شەپقەتلىك خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇۋاتىدۇغۇ؟ بۇ ئىنسانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ گۈزەل ئاھاڭ ئەمەسمۇ؟ بۇ ئاھاڭلار ئەرشئەلادىلا بولاتتى، ئىنسانلار ئارىسىدا ئاڭلىنىۋاتقىنى نېمىسى؟ بۇ جىمى قەسىدىلەر ئىچىدىكى پەۋقۇلئاددە گۈزەل قەسىدىنىڭ بىرىغۇ ! ... — ئۇ بىردەم جىم بولۇۋېلىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — نەس باسقان خوجايىن ئايال قېنى، كەچلىك تاماقنى كەلتۈرمەمسەن؟

ئەتراپ بىردەملىككە بولسىمۇ تىنچىدى. سەرگەردانلارغا بۇيرۇق چۇشۇرۇش نۆۋىتى ھېلىقى يىرتىق كانىيى بىلەن كاكىراپ گەپ قىلىدىغان مىسىرلىق كىنەزگە كەلگەنىدى:

— ... ئاغىمخانىنىڭ ئىسمى ئادرۇن، تۇلكىنىڭ ئىسمى ھاۋا رەڭلىك يۇت ياكى ئورمانلىقتا يۇگۇرگۇچى، بۆرىنىڭ ئىسمى كۇل رەڭ ئاياغ ياكى ئالتۇن پۇت، ئىتئېيىقنىڭ ئىسمى قېرى ياكى بوۋاي، يەر مۇئەككىلىنىڭ قالپىقىنى كىيىۋالغانلارنى باشقىلار كۆرەلمەيدۇ، لېكىن ئۇلار باشقىلارنى كۆرەلەيدۇ. چوقۇندۇرۇلغان چار پاقىلارنىڭ ھەممىسى بىغىر رەڭ ياكى قارا رەڭلىك كىيىم كىيىدۇ. بوينىغا بىر قوڭغۇراق، ئىككى پۇتىغا بىردىن قوڭغۇراق ئاسىدۇ. پەقەت سىدرا گاسۇم قىزلارنى يالىڭاچ ئۇسسۇلغا چۇشۇشكە مەسئۇل بولىدۇ. بوۋاڭلار يول باشلايدۇ. موماڭلار كەينى تەرەپنى قوغداپ ماڭىدۇ.

— قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى ژان گەپكە قوشۇق سېلىپ، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ئالۋاستى سىدرا گاسوم بولۇشقا رازى.

بۇ چاغدا قالغان تىلەمچىلەر قاۋاقخانىنىڭ يەنە بىر بېشىدا پىچىرلىشىپ پىلان تۈزگەچ ئۆزلىرىنى قوراللاندۇرماقتا ئىدى.

— بىچارە ئەسمىرالدا، — دېدى بۇخىمىيەلىك بىرەيلەن، — ئۇ بىزنىڭ سىڭلىمىز، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

— ئۇنداقتا، ئۇ تېخىچە بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى يەھۇدىيغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر يايمىچى.

— شۇنداق، خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن!

— ھەي، بۇرادەرلەر، — دەپ توۋلىدى يايمىچى، — بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا بارايلى! ئەڭ مۇھىمى ئۇ يەردىكى سايىنت فېرېئول چېركاۋى بىلەن سايىنت فېرروتىئون چېركاۋىغا قويۇلغان ئىككى بۇت، بىرى سايىنت ژان باپتىستىنىڭ، يەنە بىرى سايىنت ئانتونىنىڭ، ھەر ئىككىلىسى ئالتۇندىن قۇيۇلغان، ئومۇمىي قىممىتى ئون يەتتە ئالتۇن مارك ئون بەش ئېستېرلىڭغا توغرا كېلىدۇ. كۈمۈش يالىتىلغان ئىككى تەگلىكمۇ ئون يەتتە مارك بەش ئۇنسىيەگە تەڭ. مەن دېگەن زەرگەر، بۇنى ئوبدان بىلىمەن.

بۇ چاغدا بىرى ژاننىڭ كەچلىك تامىقىنى ئېلىپ كەلدى.

— سايىنت ۋولت دېلوكيۇسنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى ژان يېنىدىكى ئايالنىڭ مەيدىسىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ، — ئادەملەرنىڭ ئۇنى سايىنت گوگىلۇ دەپ ئاتىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن يەنىلا ئىنتايىن خۇشال! ئالدىمدىكى ماۋۇ قاپاقباش كىنەزگە ئوخشاش ھارامزادە ئەپتى بىلەن ماڭا قاراۋاتىدۇ. سول تەرىپىمدىكى ئەبلەخنىڭ چىشلىرى ئېغىزىغىچە ساڭگىلاپ چۇشۇپتۇ. مەن ئۆزۈم پانتوئىسقا ھۇجۇم قىلغان مارشال دېگەي ① دەك ئوڭ تەرىپىمدىكى بىر دۆڭگە — راستىنى ئېيتقاندا، بىرىنىڭ كۆكسىگە يۆلىنىپ تۇرۇۋاتىمەن.

---

① مارشال دېگەي (1451 — 1513) — فىرانسىيەدە لۇئى XI بىلەن چارلىز VIII دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق سەركەردە.

بۇرادەر، سىياقىڭدىن سۆڭەك قورالىلارنى ساتىدىغان سودىگەرگىلا ئوخشايدىكەنسەن، قانداقلارچە ئالدىمدا ئولتۇرغۇدەك كېلىپ قالدى! مەن دېگەن ئاقسۆڭەك جۇمۇ، پۇل بىلەن ئالىيجانابلىق بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان تۇرسا! ئالدىمدىن نېرى كەت. ۋاي ـ ۋۇي، يوتقانىنىڭ تېشىدىن بولغان ھارامتاماقلار! ئۇرۇشماڭلار! باپتىست گروكىيو ئايسون، بۇرنۇڭ نېمانچە چىرايلىق، قارامىلىق قىلىپ ئۇدۇلۇڭدىكى ئاۋۇ ھاماقەتنىڭ مۇشتىغا تەگكۇزۇۋالما، كالۋا! لېكىن، ھەممىلا ئادەمنىڭ بۇرنى بولىۋەرمەيدۇ. ھەي، قۇلاق كەستى ياكولىن، بولىدىغاندەك تۇرسەن، لېكىنزە بېشىڭدا بىر تال تۈكمۇ يوق ئىكەن. ھا، ھا! مېنىڭ ئىسمىم ژان فروللو، ئاكام ياردەمچى ئېپىسكوپ، خۇدا ئۇرسۇن ئۇنى! دەۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، تىلەمچى بولۇش ئۈچۈن، جەننەتتەك تۇرالغۇ جايىمدىن ئۆز رازىلىقىم بىلەن ۋاز كەچتىم، ئاكام ئاشۇ تۇرالغۇ جاينىڭ يېرىمىنى ماڭا بەرمەكچى بولغانىدى. مەن تېخى لاتىنچىدىن نەقىل كەلتۇرەلەيمەن، تىرچاپتا كۆز ـ كۆز قىلىشقا ئەرزىگۇدەك ۋەخپە يەر بار، ئاياللارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئاشنىلىرىم ئىدى. بۇ ئىشلار خۇددى ساينت ئېلوينىڭ زەرگەر بولغىنىدەك، يەنە خۇددى پارىژدەك مۇشۇنداق شەھەردە موزدۇز، كۆنچى، تاسمىچى، ھەميان ساتقۇچى ۋە قارا ئىشلەمچىدىن ئىبارەت بەش خىل كەسىپلا بولغاندەك راست! ساينت لاۋرېنتنىڭ تۇخۇم شاكىلىدا كۆيۈپ ئۆلگىنىدەكلا راست ئىش! قەسەم ئىچىپ بېرەي، بۇرادەرلەر!

بىر ئېغىز يالغان گەپ بولۇپ قالسا گېپىمدە،
ساق بىر يىل مۇچ سۈيى قۇيسۇن ئىچىمگە.

— چىرايلىقىم، ئايمۇ كۆتۈرۈلدى! دېرىزە تەرەپكە قاراپ باق! شامالنىڭ بۇلۇتنى قانداق يىرتىۋاتقىنىنى كۆر! مەنمۇ لېپىتىكىڭنى يىرتىپ، شامال بۇلۇتنى پۇۋلىگەندەك

www.uyghurkitap.com

پۈۋلىۋېتىمەن. قىزلار، ئاۋۇ ئۇششاق شۇملارنىڭ ماڭقىسىنى سۈرتۈۋېتىڭلار، شامنىڭ پىلىكىنى كېسىڭلار! ئەيسا! يەۋاتقانلىرىم نېمە بولدى؟ يۇپيۇتېر، مەن بۇ ئەبلەخلەرنىڭ كاللىسىدا بىر تال چاچمۇ كۆرمىدىم، ئەكسىچە پىشۇرۇلغان تۇخۇملارنىڭ ھەممىسىنى تۈك بېسىپ كېتىپتۇغۇ! ھەي، قېرى جادۇ، تۈكى بار تۇخۇم بىلەن خۇشۇم يوق، ئىلاھىم، ئىبلىس بۇرنۇڭنى مىجىۋەتكەي! ھەي، بىلزىبوبتىكى سەتەڭ قۇشناچىم، پەيلى يامان ئەرلەر دۇكىنىڭدا ۋىلكا بىلەن چىچىنى تاراپ يۈرگەن بولمىسۇن، يەنە!

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، قولىدىكى تەخسىنى ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە ئېتىپ چۇل - چۇل قىلىۋەتتى. ئاندىن قولاققا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ئاۋازدا ناخشا ئېيتقىلى تۇردى:

خۇدانى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىمەن،
چاتىقىم يوق قانۇن بىلەن،
ئېتىقاد - ئەقىدە مەندە بولمىغان،
ئىسسىنىشقا ئۆيۈمدە مەش يوق،
يۈرتۇم يوق شۇڭا يۈرىمەن سەرسان.
نېمە قىلالايدۇ مېنى پادىشاھ؟
پادىشاھ بىلەن خۇدا بىر تۇغقان!

كلوپىن تروللېف قورال - ياراغلارنى تەقسىم قىلىپ بولغاندىن كېيىن گرىنگورىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككى پۇتىنى ئالماپ قويۇپ ئولتۇرغان گرىنگورى ئۇخلاپ قالغاندەك ئىدى.
— گرىنگورى ئەپەندى، — دېدى تونېس پادىشاھى، — بولمىغۇر بىر ئىشنى خىيال قىلىۋاتامسەن، نېمە؟
گرىنگورى بېشىنى بۇرىدى چىرايىدىن بىرخىل غەمكىن كۈلكە چىقىپ تۇراتتى.

— مەن ئوچاقنىڭ ئوتىغا ئامراق، جانابلىرى! مۇنداق قىلىشىم ئىككى پۇتۇمنى ئوچاقنىڭ ئوتىغا قاقلاپ ئىسسىتىۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس ياكى شۇ ئوتتا شورپا قاينىتىش ئۈچۈنمۇ ئەمەس، مېنىڭ پەقەت ئۇنىڭدىن چاچرىغان ئۇچقۇنىنى كۆرگۈم كېلىدۇ، خالاس. بەزىدە مۇشۇ ئۇچقۇنلارغا قاراپ، نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ كېتىمەن، ئوچاقنىڭ ئۆڭكۈردەك ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان ئۇچقۇنلارغا كۆز تىكىپ، جىق ئىشلارنى بىلگەندەك بولىمەن. بىر تال ئۇچقۇن بىر ئالەمدەك بىلىنىدۇ.

— قورسىقىڭدىكىنى بىلەلىگەن بولسام، بېشىمغا چاقماق چۈشسۇن، ئىلاھىم! — دېدى تونېس پادىشاھى، — سائەت نەچچە بولغىنىنى بىلدىڭمۇ؟

— بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى گرىنگورى.

كلوپىن مىسىر كىنەزى تۇرغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— بۇرادەر ماتىياس، — دېدى ئۇ، — پەيتنى تازا ياخشى تاللىمىغاندەك قىلىمىز. ئاڭلىسام پادىشاھ لۇئى XI نى پارىژدا دەيدۇ.

— ئۇنداقتا، سىڭلىمىزنى ئۇلارنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىش تېخىمۇ زۆرۈر، — دېدى پېشقەدەم سەرگەردان.

— ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، ماتىياس، — دېدى تونېس پادىشاھى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئىشنى تېزلا بىر تەرەپ قىلالايمىز، بىرەرلىرىنىڭ چېركاۋدا قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. كېڭەش ئارقىلىق بىرنەرسە دەيدىغانلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كارغا يارىمايدىغان توخۇ يۈرەكلەر، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ھەم ساغلام، ھەم كۈچلۈك. ئالىي سوت مەھكىمىسىدىكىلەر ئەسىرالدانى ئەتە ئېلىپ ماڭىدۇ. بۇ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى! ئۇ ئەبلەخلەرنىڭ شۇنداق بىر چىرايلىق قىزنى دارغا ئېسىشىغا قاراپ تۇرالمايمەن!

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

كلوپىن ترولليف قاۋاقخانىدىن چىقتى.
بۇ چاغدا ژان خىرقىراپ قالغان ئاۋازى بىلەن يەنە بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى:
— ئىچەي، يەي، مەست بولاي يۈپيتېر! ھەي، قاساپ پيررې، ماڭا ئۇنداق سەت قارىما. ئەگەر يەنە شۇنداق قارايدىغان بولساڭ، بۇرنۇڭنى تىرنىقىم بىلەنلا كۆرگۈسىز قىلىۋېتىمەن!
ئۇنىڭ گەپلىرى گرىنگورنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇ ئىسىنى يىغىپ، ئەتراپىدىكى شاۋقۇن - سۈرەنلىك مەنزىرىگە نەزەر سالدى.
— ھاراق ئادەمنى يولدىن چىقىرىدۇ، — دېدى ئۇ غوتۇلداپ، — ھەي، مېنىڭ ھاراق ئىچمىگىنىممۇ بىر ھېساباتا توغرا بوپتۇ. ساينت بېنوئىتنىڭ: «ھاراق - شاراب پاراسەتلىك ئادەملەرنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا ئاسىيلىق قىلدۇرىدۇ» دېگەنلىرى راست ئىكەن.
دەل شۇ چاغدا كلوپىن قايتىپ كەلدى.
— يېرىم كېچە بولدى! — دېدى ئۇ گۈلدۈرمامىدەك ھەيۋەتلىك ئاۋازى بىلەن.
قاۋاقخانىنىڭ سىرتىدىكى تىلەمچىلەر، ئەرلەر - ئاياللار، قېرىلار - ئۆسمۈرلەر ھېلىقى بىر ئېغىز گەپ بىلەن خۇددى كانايىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئاتلىق قوشۇندەك ئۇيۇر - توپ بولۇپ كەتتى. قاۋاقخانىنىڭ ئىچى - سىرتىدىكى ساۋۇت - دۇبۇلغىلارنىڭ، قورال - ياراغلارنىڭ بىر - بىرىگە تېگىپ جاراقشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.
ئاي ئاستا - ئاستا بۇلۇتنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى.
مىراكىل قورۇسىنى بىردىنلا قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. لېكىن، ئادەملەر ئاز ئەمەس، توپ - توپ ئەرلەر - ئاياللارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇرۇپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. لېكىن، شۇنچىلىك تۆۋەن ئاۋازمۇ ھويلىدا سەلدەك گۈرۈلدەيتتى. قورال - ياراغلارنىڭ قاراڭغۇلۇقتا ۋال - ۋۇل

قىلىپ پارقىراشلىرى كۆزگە چېلىقاتتى. كلوپېن ترولليېف يوغان بىر پارچە تاشنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

— تىزىلىڭلار، ئەزىمەتلەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — مىسىرلىقلار، گالىلېلار، قاتار بولۇڭلار!

قاراڭغۇلۇقتا ئۆرتۆپە بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر خېلى بىر يەرگە بارغۇدەك ئۇزۇن قوشۇن بولۇپ شەكىللەندى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتەر - ئۆتمەيلا تونېس پادىشاھىنىڭ كانىيىنى كىرىپ توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— پارىژنىڭ كوچىلىرىدىن شەپە چىقارماي ئۆتىمىز. پارول: «يېنىدا كىچىك مەشئەل بار!» بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا بارغاندىلا مەشئەللەرگە ئوت يېقىشقا بولىدۇ! قەدەملەپ مارش!

ھايال ئۆتمەيلا، مىغىلدىغان ئادەملەر توپى ئوۋچاڭگى كۆۋرۈكى تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. كېچىلىك چارلاشقا چىققان ئاتلىقلار ئۇلارنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولدى، كۆكتات بازىرىدىن ئۆتۈپ، ئەگرى - بۈگرى چوڭ - كىچىك كوچىلار ئارقىلىق تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى.

## 4. كالانپاي ئاغىنە

شۇ كۈنى ئاخشىمى كۋاسىمدو ئۇخلىمىدى. ئۇ چېركاۋنىڭ ئىچىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ چىقىپ دەرۋازىنى تاقايدىغان چاغدا ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرە ئالامەتلىرىنىمۇ سەزمىدى. يوپ قوڭغۇراق چالىدىغان بۇ ئادەمنىڭ تۆمۈر دەرۋازىنى چىڭ يېپىپ، ئۇنىڭغا تۆمۈر دەم سالغانلىقىغا قاراپ تۇردى. ئىككى قاناتلىق دەرۋازا تۆمۈر دەم سېلىنغان ھامان سېپىلنىڭ تېمىدەك مۇستەھكەم بولۇپ كېتەتتى. كلاۋدې فروللو ئادەتتىكىدىن بەكرەك غەمكىن ئىدى. ئۇ ئاشۇ كۈنى كېچىسى ھېلىقى كىچىك ئۆيىدە قاراملىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغاندىن كېيىن، كۋاسىمىدونى قىيناپلا يۈردى. لېكىن، ئۇنىڭ تەھدىت سېلىشلىرى، تىل ـ ھاقارىتى، دۇمبالاشلىرى بۇ ساداقەتمەن قوڭغۇراق چالغۇچىنى ھېچنېمە قىلالمىدى، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى، سەۋر ـ تاقىتىنى، ئىرادىسىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىدى. كۋاسىمىدو ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ قارغاشلىرىنى، قورقۇتۇشلىرىنى، تېپىكلىرىنى، مۇشتلىرىنى پىسەنتىگە ئالمىدى، خورسىنىپمۇ قويمىدى. لېكىن، ياردەمچى ئېپىسكوپ ھەر قېتىم قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ پەلەمپىيىدىن چىقىدىغان چاغدا، ئۇنى ئەنسىزلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇردى. ياردەمچى ئېپىسكوپمۇ مىسىرلىق قىزنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلدى.

كۋاسىمىدو قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، ياكولىن، مارىيە، تىباۋولد قاتارلىق تاشلىنىپ قالغان ئۈچ قوڭغۇراققا بىرەر قۇر قاراپ قويۇپ، شىمال تەرەپتىكى قوڭغۇراق مۇنارىغا ياندىشىپ تۇرىدىغان ئۆگزىگە چىقتى ـ دە، قاپقىقى چىڭ ئېتىلگەن، ئۈستىگە يورۇقنى توسىدىغان قالپاق كىيدۈرۈلگەن پانارنى لەمپىگە قويۇپ، كېچە قاراڭغۇلۇقىدىكى پارىژغا نەزەر سالدى. بىز باشتىلا ئېيتقاندەك، بۇ ئاخشام ھەددىدىن زىيادە قاراڭغۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، دەل مۇشۇ چاغدا ھېچقانداق يەردىن چىراغنىڭ يورۇقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەقەت ئاقۇچ جىمىرلاۋاتقان سېينا دەرياسى كۆزگە چېلىقاتتى. كۋاسىمىدو قىلچىلىك يورۇقنىمۇ كۆرمىدى. يىراقتىكى بىر بىنانىڭ دېرىزىسىدىلا پىلىلداپ تۇرغان چىراغ نۇرى باردەك قىلاتتى. شۇ نۇر ئارقىلىق يەنىلا شۇ بىنانىڭ ساينت ئانتونى دەرۋازىسى تەرەپتىكى ئۆگزىلەر ئۈستىدە خىرە ـ شىرە چوقچىيىپ تۇرغانلىقىنىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئۇ يەردىمۇ كېچە ـ كېچىلەپ ئۇخلىمايدىغان ئادەملەر بار ئىدى.

قوڭغۇراق چالغۇچىنىڭ يەككە شەمە كۆزى كېچە قاراڭغۇلۇقىدىكى تۇمانلىق ئۇپۇق تەرەپكىچە تىكىلدى. كۆڭلىدە

ئۆزىمۇ ئېنىق دەپ بىرەلمەيدىغان غەلىتە ئەنسىزچىلىك پەيدا بولدى. ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، قانداقتۇر بىر ئادەملەرنىڭ چېركاۋنىڭ ئەتراپىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا توختىماي مېڭىپ يۈرگەنلىكىنى، چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان بۇ ئادەملەرنىڭ مىسىرلىق قىز يوشۇرۇنۇپ ياتقان كىچىك ئۆيگە ئوغرى مۇشۇكتەك تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ خاۋاتىرلىنىپ قالغانىدى. مۇشۇ ئەھۋالغا كۆرە، ئۇ بۇ ئادەملەر چوقۇم بىرەر سۇيىقەستنى پىلانلاۋاتىدۇ، ئۇلاردا يوشۇرۇنۇپ ياتقان قىزغا چوقۇم بىر يامان نىيەت بار، ئۇلار بۇ قىزدىنمۇ نەپرەتلىنىدۇ، دەپ پەرەز قىلدى. يات ئاردا بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، قوڭغۇراق بىناسىدىلا پوستقا تۇرىدىغان، رابېلاس ئېيتقاندەك «چۈشىدىمۇ چۈش كۆرىدىغان»، گاھ كىچىك ئۆي تەرەپكە، گاھ پۈتكۈل پارىژغا قاراپ باقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. ئۇ بەئەينى ئىگىسىگە سادىق ئىتقا ئوخشاش، تۇرغان جايىدىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمىدى.

تەبىئەت دۇنياسى كۋاسىمودونىڭ نېسۋىسىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزىگە، ھەتتا باشقا كەمتۈك ئەزالىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلىگۈدەك قالتىس ئۆتكۈرلۈكنى ئاتا قىلغانىدى. ئۇ مۇشۇ ئۆتكۈر يەكچەشمە كۆزى بىلەن ئالدىدا يېيىلىپ ياتقان شەھەرگە چالا قويماي قاراۋېتىپ، تۇيۇقسىزلا كونا تېرە دۇكىنىنىڭ يېنىدىكى پىرىستانىنىڭ بۇرۇنقى شەكلىگە ئۇنچە ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى خىرە ـ شىرە پەرق ئەتتى. ئۇ يەردە نېمىدۇر بىرنەرسە مىدىرلاۋاتقاندەك ئىدى. ئاقۇچ جىمىرلاۋاتقان دەريا يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان رېشاتكىنىڭ قاپقارا سىياقىمۇ باشقا پىرىستاندىكى رېشاتكىلاردەك تۈز ئەمەستەك قىلاتتى، دەريانىڭ دولقۇنىدەك ئېگىز ـ پەس تەۋرىنەتتى، ھەتتا ئۇنى مېڭىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كاللىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى. كۋاسىمدو ھەيران بولدى، ئەندىكىپ كەتتى. دولقۇندەك مىدىرلاۋاتقان ئادەملەر توپى مۇشۇ تەرەپتىكى كونا

www.uyghurkitap.com

شەھەر رايونىغا قاراپ يۆتكىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. لېكىن، ئازراقمۇ يورۇق يوق ئىدى، يۆتكىلىۋاتقان ئادەملەر پىرىستاندا بىردەملىككە توختىغاندەك قىلدى، ئاندىن ئاستا ــ ئاستا مېڭىپ كىچىك ئارالغا ئۆتتى، شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا چىپپىدە توختىدى. پىرىستانىنىڭ رېشاتكىسى ئاۋۇالقى ھالىتىگە قايتىپ تۇزلەنگەندەك بولدى.

كىۋاسىمىدو دەرگۇمان بولۇۋاتقان شۇ ئارىدا، ئورنىدىن يۆتكەلگەن بۇ ئادەملەر پارۋى كوچىسىغا كىرگەندەك قىلدى. بۇ كوچا ئارقىلىق بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كونا شەھەر رايونىغا بارغىلى بولاتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا، بىر توپ ئادەمنىڭ پارۋى كوچىسىنىڭ بىر بېشىدىن چىققانلىقىنى، پارۋى مەيدانىنىڭ ھايال ئۆتمەيلا ئادەملەر بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆردى. قاراڭغۇلۇق قوينىدا قالغان مەيداندا ئادەملەردىن باشقا نەرسىنى كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ مەنزىرە ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. غەلىتە تىزىلىپ مېڭىۋاتقان بۇ ئادەملەر ئاشكارا بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەۋاتقان بولسا كېرەك، ھېچقانداق شەپە چىقارماسلىققا تىرىشاتتى. بىراق، ئادەم ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، شىرىق ــ شىرىق ئاۋازلاردىن خالىي بولغىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ پەقەت ئاياغلارنىڭ شىپىرلىغان ئاۋازىلا ئىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ بۇ گاس بۇرادىرىمىزنىڭ قۇلىقى بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىمايتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ھېچقانداق ئاۋاز كىرمەيتتى. ئۇ پەقەت توپ ــ توپ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە يېقىنلا جايدا ئۆرىتۆپە بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇياندىن ــ بۇيانغا مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيتتى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا خۇددى بىر دۆۋە ئۆلۈك تۇماننىڭ ئىچىدە تېۋىش چىقارماي يوشۇرۇنۇپ تۇرغاندەك بىلىندى. دەل شۇ پەيتتە ئۇ بۇ تۇماننىڭ ئۆزى تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى، تۇماننىڭ ئىچىدە لىققىدە ئادەم بارلىقىنى، بىر توپ ئادەمنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە مىدىرلاۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلدى.

كۋاسىمدو قورقۇپ كەتتى، مىسىرلىق قىز يامان كۈنگە قالىدىغان بولدى دېگەن خىيال كۆڭلىدىن كەچتى. ئۇ چوڭ بىر بالا ـ قازانىڭ دەرھال يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى، قىلىنىڭ ئۈستىدە قالغان مۇشۇ دەقىقىدە، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ پىلانىنى تۈزمەكچى بولدى. ئۇ شۇنچىكى سەگەك، ئويلىغانلىرى شۇنچىكى توغرا ئىدى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ كەمتۈك كاللىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقىلگە سىغمايدىغان ئىش ئىدى. كۋاسىمدو دەرھال بېرىپ مىسىرلىق قىزنى ئويغىتىپ قويسۇنمۇ؟ ئۇنى قاچۇرۇۋەتسۇنمۇ؟ قەيەردىن قاچىدۇ؟ قېچىپ نەگە بارىدۇ؟ كوچا قورشاۋدا قالغان، چېركاۋنىڭ كەينى دەريا، كېمە يوق، چىقىپ كېتەلىگۈدەك كامارمۇ يوق! پەقەت بىرلا چارە بار، چېركاۋنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇپ، يەككە ـ يېگانە ھالدا جان پىدالىق بىلەن ئۆلگۈچە ئېلىشىش تاكى ياردەمچى قوشۇن كەلگەنگە قەدەر قارشىلىق كۆرسىتىش كېرەك. شۇنداقتىمۇ ئەسمېرالدانىڭ ئۇيقۇسىغا ھالاقىت يەتكۈزمەسلىك لازىم. ئۆلۈم بۇ بەختسىز قىزنىڭ بېشىغا راستىنلا قىستاپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ قانغۇدەك ئۇخلىۋالسۇن ـ دە. كۋاسىمدو مۇشۇ قارارغا كەلگەندىن كېيىن، كۆز ئالدىدىكى «دۈشمەن ئەھۋالى»نى تېخىمۇ خاتىرجەم ھالدا كۆزىتىشكە تۇتۇش قىلدى.

پارۋى مەيداندىكى ئادەملەر بارغانسېرى كۆپەيگىلى تۇردى. بىردىنلا مەشئەل يورۇپ كەتتى. يەتتە ـ سەككىز مەشئەل ئادەملەرنىڭ بېشى ئۈستىگە كۆتۈرۈلدى. ئوتنىڭ يورۇقى ئەلەڭگۈدى. ئەتراپتىكى قاراڭغۇلۇق يوقالدى. كۋاسىمدو شۇ چاغدىلا مەيداندىكى غەلىيانىنى، قولىغا ئورغاق، مىلتىق، نەيزە، ئوتىغۇچ قاتارلىقلارنى كۆتۈرگەن جۇلدۇر كېپەن ئەر ـ ئاياللارنى، پارقىراۋاتقان ھەر خىل قورال ـ ياراغلارنى ئېنىق كۆردى. ھەممىلا يەردە ئادەملەرنىڭ باشلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ تۇرغان مۈڭگۈزگە ئوخشاش ۋەھىمىلىك قاپقارا تۈمۈر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئاربلار بار ئىدى. كۋاسىمىدو ئاستا ــ ئاستا بۇ ئادەملەرنى تونۇۋاتقاندەك بولدى، ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇلار بىرنەچچە ئاينىڭ ئالدىدىلا ئۇنى ئەخمەقلەر پادىشاھى سايلاپ ھىمايىسىگە ئالغانلار ئىدى.

بىر قولىغا مەشئەل، بىر قولىغا قىسقا كالتەك ئالغان بىرەيلەن ياندىكى تۇۋرۇكنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئالامانغا بىرنېمىلەرنى دېگەندەك قىلدى. ئارقىدىنلا بۇ غەلىتە قوشۇن شەكىل ئۆزگەرتىپ، توپ ــ توپى بىلەن چېركاۋنىڭ ئەتراپىدا تەييار بولدى. كۋاسىمىدو پانارنى كۆتۈرۈپ، ئىككى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئارىلىقىدىكى تۈز سۇپىغا كەلدى. بۇ يەر مەيداندىكىلەرنى تېخىمۇ يېقىنراقتىن كۆزىتىشكە، قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈستىدە ئويلىنىشقا ئەپلىك ئىدى.

كلوپىن ترولليېف بوۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئېگىز دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ، قوشۇننى سەپكە تۇرغۇزدى. گەرچە ئۇ ھېچقانداق قارشىلىق بولمايدۇ دەپ مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، لېكىن زۆرۈر تېپىلغاندا دەرۋازىۋەنلەر ياكى ئىككى يۈز يىگىرمە كىشىلىك كېچىلىك چارلىغۇچىلاردىن كېلىدىغان ھەرقانداق ھۇجۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، ئېھتىياتچان گېنېرالـلاردەك تەخ بولۇپ تۇرۇشنى لايىق كۆرگەنىدى. ئۇ قوشۇننى شۇنداق رەتلىك تىزدىكى، ئۇلار ئېگىز جايدىن ياكى يىراقتىن قارىغاندا ئېكنومۇس جېڭىدىكى رىملىقلارنىڭ ئۈچ بۇرجەكلىك سېپىگە، ياكى ئالېكساندىرنىڭ چوشقا بېشىغا ئوخشايدىغان سېپىگە ياكى گۇستاف ئادولفىنىڭ مەشھۇر شىنا شەكىللىك سېپىگە ئوخشايتتى. ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تەگلىك ئۇلى مەيداننىڭ يىراق بېشىدا بولۇپ، بىر تەرىپى دوختۇرخانىغا، يەنە بىر تەرىپى ساينت پېررې ئاۋكىس بوف كوچىسىغا ئۇدۇل كېلەتتى. ترولليېف، مىسىرلىق كىنەز، قەدىناس بۇرادىرىمىز ژان، يەنە بىرنەچچە ئەڭ باتۇر تىلەمچى ئۈچ بۇرجەكلىك سەپنىڭ ئالدىدا ئىدى.

ئوتتۇرا ئەسىردىكى شەھەرلەردە، تىلەمچىلەر دەل مۇشۇنداق

ۋاقىتتا بۇۋى مەريەم چىركاۋىدەك جايلارغا ھۇجۇم قىلىدىغان ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئاتالمىش «ساقچى ئىدارىسى» يوق ئىدى. ئاھالىسى كۆپ شەھەرلەردە، بولۇپمۇ پايتەختلەردە كونترول قىلىش رولىغا ئىگە مەركىزىي ھاكىمىيەتمۇ بولمايتتى. فېئوداللىق تۈزۈم ئۆزىدىكى غەلىتە ئۇسۇللارغا تايىنىپ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق شەھەر ـ بازارلارنى شەكىللەندۈرگەن، ھەربىر شەھەر نەچچە مىڭلاپ سۈيۈرغاللىق يەرلەرگە بۆلۈنگەن، بۇ سۈيۈرغاللىق يەرلەر شەھەر ـ بازارلارنى ھەر خىل شەكىلدىكى بىرمۇنچە چوڭ ـ كىچىك رايونلارغا بۆلۈۋەتكەنىدى. بۇ شەھەر ـ بازارلاردا بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايدىغان مىڭلاپ ساقچى ئىدارىلىرى بولاتتى، دەل مۇشۇنىڭ ئۆزىدىنلا بىرمۇ ساقچى ئىدارىسى يوق دېيىشكە بولاتتى. پارىژنىلا ئالىدىغان بولساق، بىر يۈز ئەللىك كوچىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان پارىژ ئېپىسكوپىدىن تارتىپ ئاران تۆت كوچىغىلا كۈچى يېتىدىغان بۇۋى مەريەم چىركاۋىنىڭ ئاقساقىلىغا قەدەر، ئۇنىڭدا ئۆزى بىلگىنىچە ئىش كۆرىدىغان ساق بىر يۈز قىرىق نەپەر فېئودال يەر ئىگىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىگە تېگىشلىك سۈيۈرغاللىق يەر ھوقۇقىنى تەلەپ قىلاتتى. يەنە يىگىرمە بەش نەپەر فېئودال يەر ئىگىسى ئۆزلىرىدە ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن خان جەمەتىنىڭ ھوقۇقى بولۇش لازىملىقىنى تىلغا ئالاتتى. فېئوداللىق دەۋردىكى ئەدلىيە ئەمەلدارلىرى پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئالىي نوپۇزىنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ، ئۇ ئاتاقتىكى ئېتىراپ قىلىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلار قاتناشنى كونترول قىلالايتتى، ئۆز ئالدىغا ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلەيتتى. ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان لۇئى XI فېئوداللىق تۈزۈمىنىڭ قەسىر ـ ئايۋانلىرىنى زور كۆلەمدە ۋەيران قىلىشنى باشلاپ بەردى. رىچېلىيۇ بىلەن لۇئى XIV خان جەمەتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بۇ ئىشنى داۋاملاشتۇردى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىرابېئو ① خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا بۇ ئىشنى تاماملىغان بولدى. لۇئى XI پارىژغا مىتىدەك يامراپ كەتكەن فېئودال يەر ئىگىدارلىق تورىنى بۇزۇش ئۈچۈن، ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم يارلىق چۈشۈردى، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، جىمىكى تەپرىقىچىلىكنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا، بىرلىككە كەلگەن ئامانلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. 1456 ـ يىلىغا كەلگەندە، پۇقرالار قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەنلا شام يېقىش كېرەك، بېقىۋاتقان ئىتلارنى كاتەككە سولاش كېرەك، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى دارغا ئېسىش كېرەك، دەپ بۇيرۇق چىقاردى، شۇ يىلى يەنە پۇقرالار ھەر كۈنى كەچتە ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كوچىنى تۆمۈر زەنجىر بىلەن قامال قىلىش لازىم، قاراڭغۇ چۈشكەندە پىچاق ياكى باشقا قوراللارنى ئېلىپ كوچىغا چىقماسلىق لازىم، دەپ پەرمان قىلدى. لېكىن، شەھەر مەمۇرىيىتىنىڭ بۇ قانۇن ـ تۈزۈملىرى ئۈستىدىكى بۇ سىناق ئۆزاقا بارمايلا تاشلىنىپ قالدى. شەھەر پۇقرالىرى شامال پۈۋلەپ ئۆچۈرمەمدۇ، دەپ دېرىزىدىكى شاملارنىڭ قاچاندا ئۆچۈشى بىلەن كارى بولمىدى. ئۇلارنىڭ سىرتتا لاغايلاپ يۈرگەن ئىتلىرىنىمۇ ھېچكىم باشقۇرمىدى. تۆمۈر زەنجىر پەقەت ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەندىلا تارتىلىدىغان بولدى. قورال ئېلىپ كوچىغا چىقىشنى مەنئى قىلىش بۇيرۇقى ھېچ نەرسىنى ئۆزگەرتەلمىدى. ئاغزىنى كېسىۋېتىش كوچىسىنىڭ ئىسمى بوغۇزلىۋېتىش كوچىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزى روشەن ئالغا باسقانلىق ھېسابلاندى. ھەر خىل فېئوداللىق سوت قىلىش ھوقۇقىنىڭ بۇرۇتىمۇ تەۋرەپ قويمىدى. فېئودال يەر ئىگىلىرى شەھەرنى بىر ـ بىرىگە پۇتلىكاشاڭ بولىدىغان، ئۆزئارا سۈركىلىش چىقىرىدىغان، ئۆزئارا جېدەل ـ ماجىرا تېرىيدىغان، ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ھەددى ـ ھېسابسىز كۆپ رايونغا بۆلۈۋەتتى. قوغداش ئەترەتلىرى، چارلاش

① مىرابېئو (1749 ـــ 1791) ـــ فرانسىيەدىكى داڭلىق سىياسىيون، ناتىق.

ئەترەتلىرى، گۋاردىيە ئەترەتلىرى تۈركۈملەپ پەيدا بولۇۋاتقان ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، توپىلاڭ قاتارلىق دېلولارنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدىغان بولدى. مۇشۇنداق قالايمىقانچىلىق تۈپەيلى، ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردە ئوغرى - قاراقچىلار ئوردا سارايلىرىغا، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە باستۇرۇپ كىرىدىغان ئىشلار ھەدېسىلا قۇلاققا يېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ بېشىغا كۈن چۈشمىگەن ھەرقانداق ئادەم بۇنداق ئىشقا چات كەرمەيدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار قۇلاقلىرىنى يوپۇرۇپ، مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىمغۇسى كەلمەيدىغان، دېرىزىلىرىنى توسۇۋېتىدىغان، ئىشىكلىرىنى تاقىۋېتىدىغان دەرىجىگە يەتتى. كېچىلىك چارلاشقا چىقىدىغانلار بار بولسۇن ياكى يوق بولسۇن، ئۇلار ھەرقانداق ئىشقا ئۆزى بىر تەرەپ بولار، دەپ چەتتە قاراپ تۇرىدىغان بولدى. ھەتتا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە پارىژنىڭ كوچىلىرىدا ئېقىپ يۈرگەن «تۈنۈگۈن كەچتە ئېتىن باربىتىنىڭ ئۆيىنى بۇلاپ كېتىپتۇ» ياكى «مارشال كلورمونتىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ» دېيىدىغان گەپلەرگىمۇ ئېرەن قىلمايدىغان بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالغا كۆرە، خانلىق جەمەتكە قاراشلىق ئايۋان - سارايلار، ئالايلۇق، لوئۇرې سارىيى، پادىشاھ ئوردىسى، باستىلىيە تۈرمىسى، تورنېل سارىيى قاتارلىقلاردىن باشقا ئادەتتىكى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ، مەسىلەن، كىچىك بوربون سارىيى، سېنىس مېھمانخانىسى، ئانگولېمنىڭ قورۇسى قاتارلىق جايلارنىڭ تاملىرىغا كۈنگۈرە چىقىرىلدى، راۋاقلارنىڭ تېمىدىن ئېتىش تۆشۈكى تېشىلدى. چېركاۋلار ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىگە تايىنىپ ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بولدى. بەزى چېركاۋلار قوغدىنىش ئەسلىھەلىرىنى تەييارلىدى. بىرلا بۇۋى مەريەم چېركاۋى ئۇنداق قىلمىدى. سايىنت گېرمائىن دېسپىرىس چېركاۋىنىڭمۇ بارۇنلارنىڭ قەلئەسىدىكىدەك ئادەتتىكى كۈنگۈرىلىرىلا بار ئىدى. ئۇنىڭ قوڭغۇراق قۇيۇشقا

ئىشلىتىدىغان مىسلىرى زەمبىرەك ياسايدىغان مىستەك كۆپ ئەمەس ئىدى. 1610 ـ يىلى ئۇنىڭ شۇ قەلئەسى تېخى بار ئىدى، لېكىن ئەمدىلىكتە چېركاۋدىن بۆلەك نەرسىسى قالمىدى، قالغانلىرى كۆزدىن غايىب بولدى.

گەپنى يەنە بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىن باشلايلى.

شۇنى دەپ قويۇش زۆرۈركى، تىلەمچىلەر ئىنتىزامىنىڭ چىڭلىقىغا كۆرە، دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، كلوپىن ترولىېفىنىڭ بۇيرۇقىنى ھېچقانداق شەپە چىقارماي دەل جايىدا ئىجرا قىلدى. ئەڭ ئالدىدا ماڭغانلار پارۋى مەيدانىدىكى رېشاتكىغا يامىشىپ، خىرقىراپ چىقىدىغان بوغۇق ئاۋازلىرى بىلەن قىيقاس ـ چۇقان سالدى، قولىدىكى مەشئەللىرنى بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى. مەشئەلنىڭ ئوتى سوقۇۋاتقان شامالدا گاھ گۇرۇلدەپ كۆيەتتى، گاھ پەسكويغا چۈشەتتى، مەشئەل يورۇقىدا چېركاۋنىڭ ئاچ قىزىل رەڭلىك ئالدى تېمى ئارىلاپ ـ ئارىلاپ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ـــ ساڭا ئېيتىپ قوياي، پارىژنىڭ باش ئېپىسكوپى، ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ سودىيەسى لۇئى دې بېئامونت، مەن تونىس پادىشاھى، قارا گەپ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى، ئەخمەقلەرنىڭ باش ئېپىسكوپى كلوپىن ترولىېف بولىمەن. شۇنى دەپ قوياي، بىزنىڭ سىڭلىمىزغا ئۇۋال قىلدىڭلار. ئۇنى سېھىرگەرلىك جىنايىتى بىلەن خاتا ھۆكۈم قىلدىڭلار. ئۇ ھازىر سىلەرنىڭ چېركاۋىڭلاردا پاناھلىنىۋاتىدۇ. سىلەر ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىشىڭلار ھەمدە ئۇنى قوغدىشىڭلار كېرەك. لېكىن، ئالىي سوت مەھكىمىسى ئۇنى قايتىدىن قولغا ئالماقچى بولغاندا، سىلەر بۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ سۈكۈت قىلدىڭلار. ئەگەر خۇدا بولمىغان بولسا، بىزدەك تىلەمچىلەر بولمىغان بولسا، ئەتە ئۇنىڭ گرېۋ مەيدانىدا دارغا ئېسىلىشى تۇرغانلا گەپ. مۇشۇ ۋەجىدىن سېنى ئىزدەپ كەلدۇق. باش ئېپىسكوپ! ئەگەر سېنىڭ چېركاۋىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس جاي بولسا،

بىزنىڭ سىڭلىمىزمۇ دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس جان ! ناۋادا بىزنىڭ سىڭلىمىزنىڭ هاياتى دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس جان هېسابلانمىسا، ئۇنداقتا سىېنىڭ چېركاۋىڭمۇ دەخلى - تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس جاي دېگەن سالاهىيىتىدىن قالىدۇ. شۇڭا، بىز ساڭا بۇ قىزنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەر دەپ نەسىهەت قىلىۋاتىمىز. چېركاۋنى قۇتۇلدۇرۇپ قالغۇڭ بولسا، مۇشۇنداق قىل. ناۋادا ياق دېسەڭ، بىز ئۇ قىزنى ئېلىپ كېتىش بىلەنلا قالماي، چېركاۋىڭنىمۇ تالان - تاراج قىلىمىز. ئىشنىڭ چوڭى شۇ چاغدا چىقىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك، بىز قولىمىزدىكى تۇغنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قەسەم بېرىمىز. خۇدا سېنى ئۆز پاناهىدا ساقلىغاي، پارىژنىڭ باش ئېپىسكوپى !

كەسكىن تەلەپپۇزدا دېيىلگەن بۇ سۆزلەر شۇنچىكى مەردانە، ۋەزنى ئېغىر سۆزلەر ئىدى. ئەپسۇسكى، كۋاسىمىدو بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئاڭلىمىدى. بىر تىلەمچى قولىدىكى تۇغنى كلوپىنغا سۇندى. كلوپىن ئۇنى سۇرلۇك قىياپەت بىلەن ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدىكى يېرىقىقا قىستۇردى. تۇغ - ئەلەمگە هايۋاننىڭ بىر پارچە گۆشىگە سانجىلغان تۆمۈر ئارىنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى.

تونېس پادىشاهى تۇغنى قاداپ بولغاندىن كېيىن كەينىگە قايرىلىپ، قوشۇننى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ قوشۇن غەزىپىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان ئادەملەر توپى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن قوللىرىدىكى نەيزىدىن چىقىۋاتقان نۇردەك سوغۇق نۇر چاقنايتتى. كلوپىن سەل دېمىنى ئېلىۋېلىپ، ئۇلارغا تووۋلىدى:

— هۇجۇمغا ئۆتتۇق، بۇرادەرلەر ! باشلاڭلار، ئەزىمەتلىرىم !

پاقالچاقلىرىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشى بۆرتۈپ چىققان، يۇز - كۆزى تۆمۈرنىڭ داشقىلىدەك قاپقارا ئوتتۇز نەپەر قاۋۇل يىگىت مۇرىلىرىدە يوغان بولقا، ئۇزۇن ساپلىق ئوتىغۇچ، تۆمۈر لوم كۆتۈرگەن پېتى سەپتىن چىقتى. ئۇلار چېركاۋنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى دەرۋازىغا ئېتىلىپ بېرىپ، پەلەمپەينى بويلاپ

ئۈستىگە چىقتى. ھايال ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ چوققىلىق ئەگمىنىڭ ئاستىدا زوڭ ئولتۇرۇپ، ئوتىغۇچ ۋە تۆمۈر لوم بىلەن دەرۋازىنى ئۇرۇپ قومۇرۇۋاتقانلىقى كۆرۈندى. يەنە بىر توپ تىلەمچى ياردەمگە ماڭدى. بەزىلىرى قاراپ تۇردى. دەرۋازا ئالدىدىكى ئون بىر پەلەمپەي ئادەملەر بىلەن سۇ چاچسا يەرگە چۈشمىگۈدەك ھالدا لىق تولدى.

لېكىن، دەرۋازا ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى.

— خۇنپەر، — دېدى بىر تىلەمچى، — ھەم چىڭ، ھەم جاھىل نەرسىغۇ بۇ!

— قىرىغاندىكىن، سۆڭىكى چىقىپ كېتىدۇ - دە! — دېدى يەنە بىرى.

— غەيرەت قىلىڭلار، ئاغىنىلەر! — دەپ ۋارقىرىدى كلوپىن، — كاللام ۋە بىر پاي كەشىم بىلەن باغلىنىشىمەنكى، بىرەر مالاي ئويغىنىپ بولغۇچە دەرۋازىنى ئېچىپ، ئۇ يەردىكى قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ بولالايسىلەر. باش كاھىننىڭ نەزىر - چىراغ سۇپىسىنىمۇ پاك - پاكىز ئادالاپ بولىسىلەر، غەيرەت قىلىڭلار! قۇلۇپنىڭ بوشاپ قالغانلىقىغا كۆزۈم يېتىدۇ!

ئارقا تەرىپىدىن تۇيۇقسىزلا ئاڭلانغان گۈلدۈر - تاراق كلوپىننىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ، ئاسماندىن چۈشكەن ياغاچ لىمنىڭ چىركاۋ پەلەمپىيىدىكى ئون نەچچە سەرگەرداننى مجىپ ياتقۇزۇۋەتكەنلىكىنى كۆردى. يوغان لىم ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يول ئۈستىدە قاڭقىپ، يومىلاپ، زەمبىرەكنىڭ ئاۋازىدەك سادا چىقىرىپ، يەنە بىرنەچچەيلەننىڭ پۇتىنى زەخىملەندۈردى. ئۇلار ۋەھىمە ئىچىدە قىيا - چىيا قىلىپ ئۆزلىرىنى بىر يانغا ئالدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە پارۋى مەيداندا ئادەم قالمىدى. دەھلىزنىڭ ئىچكىرىسىگە مۆكۈنۈۋالغان ھېلىقى قاۋۇل يىگىتلەرمۇ دەرۋازىدىن بەدەر قاچتى. كلوپىن ئۆزىمۇ چىركاۋدىن خېلى يىراق يەرگە بېرىۋالدى.



www.uyghurkitap.com

— جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس قالدىم، — دېدى قورقۇپ ئادەم سىياقى قالمىغان ژان، — دو چىقسامىمۇ چىقاي، بوران ئۇچۇپ كەلگەندەك بولدى دەڭلار ! قاسساپ پېررې ئۇنىڭ تېگىدە قېلىپ ئۆلۈپ كەتتى !

ياغاچ لىم تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ، شۇنچىلىك قاتتىق ۋەھىمە پەيدا قىلدىكى، ئۇلار خېلىغىچە ئېسىگە كېلەلمىدى. ئۇلارنىڭ ئەپتىدىكى قورقۇنچنى تەسۋىرلەپ بەرگىلىمۇ بولمايتتى. ئۇلار بىرھازاغىچە ئاسمان بوشلۇقىدىن كۆزىنى ئۈزەلمىدى. ياغاچ لىم ئۇلارنى پادىشاھلىقنىڭ يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ئوقياچىلىرىدىنمۇ بەكرەك قورقۇتۇۋەتكەنىدى.

— بۇ شەيتاننىڭ ھۈنىرى، — دېدى مىسىرلىق كىنەز غودۇڭشىپ، — بۇنىڭدا سېھىرگەرلىك باردەك قىلىدۇ.

— بۇ ئايدىن چۈشكەن بىر تال ئوتۇن بولمىسۇن، يەنە، — دېدى قىزىل يۈزلۈك ئاندىرى.

— ئۇنداقتا، — دېدى فرانسىس چانتېپېرۇن، — ئاي بۈۋى مەريەمنىڭ دوستى بولۇپ چىقىدۇ.

— مىڭلاپ پاپا گۇۋاھ بولسۇن ! — دەپ توۋلىدى كلوپىن، — ھەممىڭلار كارغا يارىماس نېمىلەردىن ئىكەنسىلەر.

لېكىن، كلوپىن ئۆزىمۇ نېمىشقا ئاسماندىن يوغان لىمنىڭ چۈشكەنلىكىنى بىلەلمىدى.

چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىدىن ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مەشئەلنىڭ يورۇقىمۇ چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىنى يورۇتالمايتتى. قورقۇنچلۇق لىم مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. پەقەت لىم تېگىپ كەتكەنلەرنىڭ ياكى قورسىقى تاش پەلەمپەينىڭ قىرىغا تېگىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىڭراپ ناله قىلغان ئاۋازىنىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى.

تونېس پادىشاھى بىردەملىك ئالاقزادىلىكتىن كېيىن ھەمراھلىرىنى قايىل قىلىدىغان بىر گەپنى تاپقان بولدى:

— قارغىش تەگكۈرلەر ! مىسسىيونېرلار ئۆزىنى قوغداپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



يۈرگەن بولمىسۇن، يەنە! كېلىڭلار، ئۇلارنى ئەدەپلەپ قويايلى!
— ئەدىپىنى بېرەيلى! — كىشىلەر ئەقلىدىن ئازغاندەك تۇۋلىغىلى تۇردى. يانىڭ ئوقى، بەردەنگە مىلتىقلاردىن چىققان ئوق چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىغا قاراپ ئۇچتى.
شاۋقۇن - سۈرەن ئەتراپتىكى ئۆيلەردە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان ئادەملەرنى ئويغىتىۋەتتى. بەزىلەر دېرىزىسىنى ئاچتى، قولىغا شام ئېلىپ، ئۇخلىغاندا كىيىدىغان باش كىيىمى بىلەنلا دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقاردى.
— دېرىزىگە قارىتىپ ئېتىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى كىلوپېن. بىچارە ئەرلەر ئاچچىقى كېلىپ خۇدىنى يوقاتقان بۇ ئالامانىنى كۆرۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ۋەھىمە ئىچىدە چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگەن ھالدا خوتۇنلىرىنىڭ يېنىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇلار پارۋى مەيدانىدا جىن - ئالۋاستىلارنىڭ يىغىلىشى بولۇۋاتامدۇ ياكى 64 - يىلىدىكىدەك بۇرگۇندىلار باستۇرۇپ كىردىمۇ دەپ، بىر - بىرىدىن سوراشتى. ئەرلەر بۇلاڭ - تالاڭنى، خوتۇنلار زورلاۋانلىقنى ئويلىدى، ئاندىن يوتقانغا چىڭ يۆگىنىپ، لاغىلداپ تىترىدى.
چوڭ - كىچىك تىلەمچىلەر «ئۇلارنى ئەدەپلەپ قويايلى» دەپ ھۆركىرىگىنى بىلەن قارامىلىق قىلىپ ئالدىغا مېڭىشقا پېتىنالمىدى. بىردە چېركاۋغا، بىردە يەردە سوزۇلۇپ ياتقان لىمغا قاراپ جىم تۇردى. بىنا بۇرۇنقىدەكلا تىپتىنچ، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، قانداقتۇر بىر ئىش بولىدىغاندەك، تىلەمچىلەرنىڭ تېنى جۇغۇلدايتتى.
— ئالغا، ئەزىمەتلەر! — دەپ توۋلىدى كىلوپېن، — دەرۋازىنى بۇزۇڭلار!
ھېچكىممۇ ئالدىغا بىر قەدەم ماڭمىدى.
— ھەي چاڭگا ساقال، سامان قورساق، — دەپ ۋارقىرىدى كىلوپېن، — ھوي، ھارامزادىلەر، ئۆزۈڭنى ئەركەك چاغلىشىسەنۇ، بىر تال ۋاسىدىن قورقىسەن.

ياشانغان بىرەيلەن جاۋاب قايتۇردى:
— باشلىق، بىزنى غەمدە قويغىنى ئۇ ۋاسا ئەمەس، دەرۋازىنى تۆمۈر دەم بىلەن ئېتىۋېتىپتۇ. ئوتتىغۇچ، بولقا دېگەنلەر بىلەن ھېچ ئىش قىلغىلى بولمىدى.
— دەرۋازىنى نېمە بىلەن ئاچقىلى بولار؟ — سورىدى كلوپىن.
— ھەي، سېپىل بۇزىدىغان ئومۇت بولغان بولسا ئىدى!
تونېس پادىشاھى باتۇرلۇق بىلەن يۇگۈرگەن پېتى ياغاچ لىمنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر پۇتىنى قويدى.
— مانا بۇ ئومۇتنىڭ نەق ئۆزى. ئۇنى مىسسىيونېرلار بايىلا بىزگە تاشلاپ بەرگەن، — ئۇ چېركاۋغا قاراپ قىزىقچىلاردەك سالام بەردى، — رەھمەت، مىسسىيونېر ئەپەندىلەر!
ئۇنىڭ باتۇرلۇقى كۆپچىلىكنى ئىلھاملاندۇردى، ياغاچ لىمنىڭ سېھرىي كۈچى تۈگىدى. تىلەمچىلەر قايتىدىن غەيرەتكە كەلدى. ھايال ئۆتمەيلا ھېلىقى كېلەڭسىز ياغاچ لىم ئىككى يۈزگە يېقىن مەزمۇت بىلەكنىڭ ئۈستىدە پەيگە ئوخشاش كۆتۈرۈلدى - دە، دەرۋازىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى. مەشئەللەرنىڭ ئاجىز نۇرى مەيداننى يورۇتۇپ تۇراتتى. قاراڭغۇلۇقتىن قارىغاندا ھېلىقى تۈۋرۈك بىلەن ئۇنى كۆتۈرۈۋالغان ئادەملەر بېشىنى ئېچىگە تىقىپ تاشتىن قوپۇرۇلغان گىگانت ئادەمگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن كۆپ پۇتلۇق ياۋايى ھايۋانغىلا ئوخشايتتى.
چوڭ ياغاچ لىمنىڭ ئۇرۇلۇشى تۇپەيلى، مېتال بىلەن قاپلانغان دەرۋازا خۇددى دۇمباقتەك تاراقشىپ، قۇلاق - مېڭىنى يەپلا كەتتى، گەرچە پۇتكۈل چېركاۋ تىترەۋاتقاندەك، بىنانىڭ مەيدىسىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىق ئاڭلىنىۋاتقاندەك بىلىنسىمۇ، لېكىن دەرۋازا مىت قىلىپمۇ قويمىدى. دەل شۇ ئەسنادا، سان - ساناقسىز تاش پارچىلىرى دەرۋازىغا ھۇجۇم قىلىۋاتقانلارنىڭ بېشىغا يامغۇردەك چۈشكىلى تۇردى.
— بەچچىغەرلەر! ئىككى قوڭغۇراق مۇنارى رېشاتكىلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇۋرۇكىنى بىشىمىزغا قارىتىپ ئېتىۋاتامدۇ، نېمە؟ ــ دەپ ۋارقىرىدى ژان. لېكىن، بۇ چاغدا قوشۇندىكىلەرنىڭ كەيپى چاغ، ئەھۋالدىمۇ ئىلگىرىلەش بولۇۋاتقاچقا، ژاننىڭ گېپى ھېچكىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. تونىس پادىشاھى خاتا سۆزلىمىگەن، ئېپىسكوپ راستتىنلا مۇداپىئەگە ئۆتكەنىدى. تونىس پادىشاھى باشلامچىلىق بىلەن ئالدىغا ئۆتتى، ئادەملەر ئوڭ ۋە سول ئىككى تەرىپىدىن باش ـ كۆزىگە چۈشۈۋاتقان تاشلارغا قارىماي، دەرۋازىغا تېخىمۇ شىددەتلىك يوسۇندا ھۇجۇمغا ئۆتتى.

ھەيران قالارلىقى، تاشلارنىڭ چۈشۈشى ئىنتايىن تېز، كەينى ـ كەينىدىن توختىماي چۈشەتتى. تىلەمچىلىك گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرىغا بەزىدە ئىككى پارچە تاش بىراقلا تېگەتتى، بىرى پۇتىغا ئۇرۇلسا، يەنە بىرى بېشىغا ئۇرۇلاتتى. تاش تەگمىگەنلەر ناھايىتى ئاز ئىدى. ھۇجۇمغا ئۆتكەنلەرنىڭ ئاياغ ئاستى ئۆلگەنلەر ياكى يارىلانغانلار ۋە ياكى قان ئېقىۋاتقان، ئاران ـ ئاران مىدىرلاۋاتقانلار بىلەن تولغانىدى. ئۇلار غەزەپلىنەتتى، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلەتتى. يوغان ياغاچ لىمنى بىر خىل رىتىم بىلەن ئۇراتتى. تاش پارچىلىرى يامغۇردەك تۆكۈلەتتى، دەرۋازا ھۆركىرەپ ئاۋاز چىقىراتتى.

تىلەمچىلەرنىڭ تەلىيى كاج بولۇۋاتاتتى. چۈنكى، بۇ پۇرسەت باتۇر گاسقا پايدىلىق ئىدى.

كۋاسىمدو ئىككى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئارىلىقىدىكى سۇپىغا كەلگەن چاغدا كاللىسى ئېلىشىپلا كەتتى. ساراڭ ئادەمدەك، بىنانىڭ دەھلىزىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈردى. تىلەمچىلەرنىڭ چېركاۋغا ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى تىت ـ تىت بولدى. بىچارە مىسىرلىق قىزغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن خۇداغا ئىلتىجا قىلىش كېرەكلىكىنى ياكى ئالۋاستىغا ئىلتىجا قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەلمەي تەمتىرىدى. شۇ ئەسنادا ئۇ ئوتتۇرىدىكى قوڭغۇراق بىناسىغا يامىشىپ چىقىپ، ئەڭ چوڭ قوڭغۇراقنى ئۇرسام بولارمۇ، دېگەن خىيال كاللىسىدىن لەپپىدە

ئۆتكەنمۇ بولدى. لېكىن، يەنە قوڭغۇراقنى چالغۇچە چېركاۋنىڭ دەرۋازىسى چېقىلىپ بولارمىكىن دەپ ئەنسىرىدى. بۇ چاغدا تىلەمچى ئەزىمەتلەر ئورۇندۇق ئارقىلىق دەرۋازىغا يامىشىپ بولغانىدى. كۋاسىمىدو نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى.

ئۇنىڭ ئېسىگە تۇيۇقسىزلا تامچىلارنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى جەنۇب تەرەپتىكى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ تېمىنى، لىملىرىنى، ئۆگزىسىنى رېمونت قىلغانلىقى كەلدى. «خۇدا بەرسە قولىغا، ئەكېلىپ بېرەر يولىغا» دېگەن مۇشۇ ـ دە. ئۇنىڭ كۆزى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. تاملار تاشتىن قوپۇرۇلغان، ئۆگزە قوغۇشۇن قاڭالتىر بىلەن يېپىلغانىدى. ئۆيلەرنىڭ لىمى پۇتۇنلەي ياغاچ ئىدى. تۇۋرۇكلەر شۇنداق زىچ، شۇنداق يوغان ئىدىكى، قىسقىسى ئۇلارنى «ئورمان» دېيىشكە بولاتتى.

كۋاسىمىدو قوڭغۇراق مۇنارىغا قاراپ يۈگۈردى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئىچىگە ھەر خىل قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، دۆۋە ـ دۆۋە تاش، يۆگەكلىك قوغۇشۇن قاڭالتىر، ھەرىدەپ باغلاپ قويغان ئوتۇن ـ ياغاچ، سىماب ئارىلاشتۇرۇلغان قۇم دۆۋىلەگلىك ئىدى. ئۇ يەرنى ماتېرىيال زاۋۇتى دېسە ئارتۇق كەتمەيتتى.

ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ئوتىغۇچ بىلەن تۆمۈر بولقىنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭ قىلغان ئاۋازى ئۈزۈلمەيتتى. شىپقاپ كېلىۋاتقان خەۋپ ـ خەتەر كۋاسىمىدوغا جان كىرگۈزدى. ئۇ يەردىكى بىر دۆۋە تۇۋرۇكنىڭ قاتارىدىن ئەڭ يوغان، ئەڭ ئۇزۇن بىرىنى تاللاپ، ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى دېرىزىدىن چىقاردى، ئاندىن سىرتقا چىقىپ، ئۇنى دېرىزىدىن تارتتى، سۇپىدىكى رېشاتكىنىڭ بۇرجىكىنى بويلاپ سىيرىلدۇردى، ئاخىرىدا ئۇنى ئېگىز بوشلۇقتىن تۆۋەنگە قارىتىپ دومىلىتىۋەتتى. تۇۋرۇك بىر يۈز ئاتمىش چى ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ بولغۇچە بىر قىسىم ھەيكەلنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى، شامال تۈگمىنىنىڭ چاقىدەك نەچچە قېتىم ئايلاندى، ئاخىرىدا يەرگە ئۇرۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقاردى، پەستە قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى. قاپقارا تۈۋرۈك ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان مەيداندا بەجايىكى بوغما يىلاندەك سوزۇلۇپ، بىرنەچچە قېتىم قاڭقىدى.

تىلەمچىلەر پۇلاڭلاپ چۈشۈۋاتقان تۈۋرۈكنى كۆرۈپ، خۇددى ئۇششاق باللار پۈۋلەپ ئويناۋاتقان قۇمدەك تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. كۋاسىمودو ئۇلار ئالاقزادە بولغان بۇ پەيتتىن تازا ئوبدان پايدىلاندى. تىلەمچىلەر كۆكتىن چۈشۈۋاتقان ياغاچ تۈۋرۈككە خۇراپىي كۆزلىرى بىلەن ھاڭۋېقىپ قاراۋاتقاندا، ئۇلار ئوقيا ۋە بەردەنگە مىلتىق بىلەن ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ تاش ھەيكەللىرىنى يەكچەشمە قىلىپ قويۇش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقاندا، دۆۋە ـ دۆۋە تاش، كاھىش، شېغىلنى، ھەتتا تامچىلارنىڭ سايمان ـ جابدۇقلىرى سېلىنغان خالتىلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ھېلىقى ياغاچ تۈۋرۈكنى چۈشۈرۈۋەتكەن جايدىكى رېشاتكىنىڭ بۇرجىكىگە دۆۋىلىدى.

تىلەمچىلەر دەرۋازا بىلەن ھەدەپ ھەپىلىشىۋاتقاندا، تاش پارچىلىرى يامغۇردەك تۆكۈلگىلى تۇردى. ئالاقزادە بولغان تىلەمچىلەر چېركاۋنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ چۈشتىمۇ نېمە دەپ ئويلاشتى.

شۇ چاغدا كىمدىكىم كۋاسىمودو بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالسا، قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكەن بولاتتى . ئۇ رېشاتكىنىڭ بۇرجىكىگە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى دۆۋىلەش بىلەنلا قالماي، سۇپىغىمۇ بىر دۆۋە تاشنى دۆۋىلەپ قويدى. ناۋادا سۇپىنىڭ لېۋىدىكى تاش تۈگەپ كەتسە، بۇ يەردىكى تاشنى خالىغانچە ئىشلەتكىلى بولاتتى. كۋاسىمودو گاھ زوڭزىياتتى، گاھ ئۆرە بولاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى چاققانلىقىغا گەپ توغرا كەلمەيتتى. ئۇ پاپىلارنىڭكىدەك كاللىسىنى سوزۇپ، رېشاتكىنىڭ تۆۋىنىگە بىرنەچچە قېتىم قاراپ ئۈلگۈردى. لېكىن، ھەر قارىغاندا بىردىن يوغان تاشنى ئېتىپ تۇردى، ئۇ بىر تاشنى ئېتىپ بولۇپ، يەنە بىرنى ئاتاتتى، ئۈچىنچىسىنىمۇ ئاتاتتى. تاش تۆۋەندە بىرەرىگە

تەگكەن هامان نەرە تارتقاندەك توۋلاپ قوياتتى.

تىلەمچىلەرمۇ بوش كەلمىدى. نەچچە يۈز ئادەمنىڭ قولىدىكى ھېلىقى يوغان لىم بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسىغا شىددەت بىلەن توختىماي ئۇرۇلغىلى تۇردى. ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلىگەن قېلىن دەرۋازا يىگىرمە نەچچە قېتىم مىدىرلىدى، تاختىيى يېرىلدى، ئويما نەقىشلەر ئاجراپ چۈشتى. ياغاچ لىم ھەر قېتىم تەگكەندە، دەرۋازىنىڭ ئىچىدىكى زەنجىر ئىلگەكتىن چىقاي - چىقاي دەپ قالدى، دەرۋازىنىڭ قانىتى سىلكىندى، تۆمۈر چىۋىقچىلارنىڭ ئىچىگە ئېلىنغان ياغاچ ئۇۋۇلۇپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ دەرۋازىدىكى تۆمۈر ياغاچ ماتېرىيالدىن كۆپ ئىدى. كۋاسىمدونىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىۋاتاتتى.

كۋاسىمدو دەرۋازىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە تاس - تاس قېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى. گەرچە ئۇ ئاڭلىيالمىسىمۇ، لېكىن ياغاچ لىم ھەر قېتىم ئۇرۇلغاندا، چېركاۋنىڭ ئىچىدە بىر قېتىم قاتتىق سىلكىنىش يۈز بېرەتتى. كۋاسىمدومۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، بىر قېتىم سىلكىنەتتى. ئۇ ئېگىزدە تۇرۇپ غەزىپى تاشقان تىلەمچىلەرنىڭ جەزمەن ئۆتۈپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچى بارلىقىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، غەزەپلەنگەن بۇ تىلەمچىلەر چېركاۋنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى تېمىغا قارىتىپ مۇشتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ قوياتتى. كۋاسىمدو بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن مۇشۇكياپىلاقتا ئوخشاش قاناتلىرىمنى كېرىپ، مىسىرلىق قىزنى ئۈستۈمگە قوندۇرۇپ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتسەم، دەپ ئويلىدى.

يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان تاش پارچىلىرى ھۇجۇمچىلارنى چېكىندۈرەلمىدى.

دەل مۇشۇ جىددىي پەيتتە، رېشاتكىنىڭ تۈۋىدىن ئۇنچە يىراق ئەمەس يەردە، ھېلىقى ياغاچ لىمنى سىيرىلدۇرۇپ تىلەمچىلەرنىڭ بېشىغا تاشلىغان يەردە تاشتىن ئويۇپ ياسالغان ئۇزۇن ئىككى نورنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ ئويانغىمۇ ئەمەس، بۇيانغىمۇ ئەمەس،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دەرۋازىنىڭ قاق بېشىغىلا توغرا كېلىدىغانلىقى كۋاسىمىدونىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. بۇ ئىككى نورنىڭ ئاغزى دەل سۇپا بىلەن گورىزونتال تەكشىلىكتە ئىدى. كۋاسىمىدو قالتىس بىر چارىنى تاپتى. ئۇ ئۆزى تۇرىدىغان ئۆيگە بېرىپ بىر باغلام ئوتۇن كۆتۈرۈپ كەلدى. بىرنەچچە پارچە ياغاچ تاختاي بىلەن قوغۇشۇن قاڭالتىرنى ئوتۇننىڭ ئۈستىگە قويدى. بۇ تېخىچە ھېچكىم ئىشلەتمىگەن قورال ئىدى. كۋاسىمىدو ھېلىقى نەرسىلەرنى نورنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ، قولىدىكى پانارنىڭ ئوتى بىلەن ئوتۇنغا ئوت تۇتاشتۇردى.

شۇ ئەسنادا يۇقىرىدىن چۈشىدىغان تاش توختىدى. دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالغان تىلەمچىلەر ئاسمانغا قارىمىدى. خۇددى بىر توپ تايغان ئۆڭكۈرگە كىرىۋالغان ياۋا توڭگۇزغا قاراپ قاۋىغاندەك، ھەممىسى بىرلىكتە دەرۋازىغا قىستاپ كەلدى. دەرۋازا ياغاچ لىمنىڭ زەربىسىدە ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپلا قالغانىدى. ھەممە ئادەم دەرۋازا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ھامان، ئىچكىرىگە بىرىنچى بولۇپ كىرىش ئۈچۈن دەرۋازىغا يېقىنراق تۇرۇشنىڭ كويىدا ئىدى. بۇ چېركاۋ ئۈچ يۈز يىل مابەينىدە جىمىكى قىممەتلىك بۇيۇملار توپلانغان چوڭ خەزىنە ئىدى، ئەمەسمۇ ! تىلەمچىلەر خۇشال بولۇپ ۋارقىرايتتى، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ھۆركىرەيتتى. چۈنكى، چېركاۋنىڭ ئىچىدە كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان چىرايلىق كۈمۈش كىرېست، رەڭگارەڭ، كۆركەم توقۇلما بۇيۇملار، گىرۋەكلىرىگە كۈمۈش قويۇلغان قەبرە تاش، ھەشەمەتلىك مۇناجاتخانا قاتارلىقلار بار ئىدى. چېركاۋدىكى شامدانلار، مۇبارەك تەن قۇتىسى، بۇت تەكچىسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ياكى ياقۇت بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، بۇلار شام يورۇقى بەس ـ بەستە چاقنايدىغان مىلاد بايرىمى بىلەن قۇياش نۇرى چاراقلاپ تۇرىدىغان پاسخا بايرىمى قاتارلىق شانلىق بايرام كۈنلىرى ئىلاھىيەت مۇنبىرىگە تىزىپ قويۇلاتتى. تىلەمچىلەر مۇشۇ سەلتەنەتلىك مەنزىرىنى ئەسكە ئالغان ۋاقتى

دەل ماخاۋ كېسەللىكى، سۇلۇق ئىششىق كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇۋاتقانلار، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجراچى بولۇپ نىقابلىنىۋالغانلار، كۆيۈپ كەتكەن بولۇپ ياسىنىۋالغانلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن ۋاقتى ئىدى. ئۇلارنى مىسىرلىق قىزنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئالدىراۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى تالان ـ تاراج قىلىشقا ئالدىراۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈك ئىدى. كېيىنكى ئارزۇ چوقۇم ئالدىنقىسىدىن كۈچلۈك ئىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ مىسىرلىق قىزنى قۇتۇلدۇرىمىز دېگەنلىرىنى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى تالان ـ تاراج قىلىشنىڭ باھانىسى دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، تالان ـ تاراجغىمۇ باھانە لازىم ـ دە.

تىلەمچىلەر دەل ئاخىرقى تىركىشىشكە ئۆتكەندەك، ئۇلارنىڭ ھەربىرى دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇيۇشۇپ جان ـ جەھلى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ، جىمىكى كۈچ ـ قۇدرىتىنى بىر نۇقتىغا يىغىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلغۇچ زەربىدە نامايان قىلماقچى بولۇۋاتقاندا، ئالامانىنىڭ ئىچىدىن ۋەھىمىلىك قىيا ـ چىيا كۆتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى ھېلىقى يوغان لىم چۈشكەن چاغدىكىدىنمۇ دەھشەتلىك بولدى. ۋارقىرىمىغانلار، ئۆلمەي ئامان قالغانلار كۆزى ئالىيىپ، تۆت ئەتراپىغا تەلمۈردى. ئۇلار ئىككى قېتىملىق قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنىڭ چېركاۋ ئۈستىدىن سىغدىلىپ تۇرغان ئادەملەر توپىغا تۆكۈلۈۋاتقىنىنى كۆردى. قوغۇشۇن ئېرىتمىسى ئېقىپ چۈشكەن ئىككى جايدا خۇددى قار ئۈستىگە قايناق سۇ تۆكۈلگەندەك، ئىككى قارا ئۆڭكۈر پەيدا بولدى. قايناپ لۆمۈلدەپ كەتكەن قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنى كۆرگەن ئادەملەر قورقۇپ تىرىپىرەن بولدى. بەدىنىنىڭ يېرىمى كۆيگەنلەرنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاچچىق چىرقىراشلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنىڭ قورقۇنچلۇق چاچراندىلىرى ھۇجۇمدىكىلەرنىڭ ئۈستىبېشىغا قىزدۇرۇلغان ئۇشكىدەك

تەگدى، بىچارە تىلەمچىلەر ئوت ئاپتىنگە دۇچ كەلگەندەك، كۆيۈك ئازابىغا چىدىيالماي تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى.

ۋەھىمىلىك داد ـ پەرياد پەلەككە يەتتى. تىلەمچىلەر مەيلى يۈرىكى تومراقلىرى بولسۇن، مەيلى توخۇ يۈرەكلەر بولسۇن، لىمنى ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىگە چۆرۈۋېتىپ، ئۆزىنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە قالدى، پارۋى مەيدانىدا يەنە بىر قېتىم ھېچكىم قالمىدى.

ئادەملەرنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىگە قارىدى ۋە ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بىر مەنزىرىنى كۆردى. ئەڭ ئۇستۈن قەۋەتتىكى كارىدورنىڭ ئۆگزىسىدىن، ئىككى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن سان ـ ساناقسىز ئۇچقۇن چاچرىتىۋاتقان، ئەسەبىيلىك بىلەن يۇلقۇنۇپ شىددەت بىلەن ئۆرلەۋاتقان بىر ئوت كۆرۈندى. قاراڭغۇ كېچىدە غۇرۇلداپ سوقۇۋاتقان شامال كۆيۈۋاتقان ئوتۇننىڭ كۆيۈندىلىرىنى پۇرقىراۋاتقان ئىس ـ تۈتەكنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرەتتى. رېشاتكىنىڭ تۈۋىدىكى ئىككى نوردىن توختىماي ئېقىۋاتقان قىزىق ئېرىتمە خۇددى قورقۇنچلۇق ياۋايى مەخلۇقنىڭ گېلىدىن چىقىۋاتقاندەك شارقىرايتتى. كۈمۈش رەڭلىك سۇيۇقلۇق چېركاۋنىڭ تۆۋەن قەۋىتىدىكى قاراڭغۇلۇققا قاراپ تۆكۈلەتتى. سۈزۈك، رەڭسىز قوغۇشۇن ئېرىتمىسى يەرگە تېگىشى بىلەن تەڭ بەئەينى مىڭلاپ كاماردىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك تۆت تەرەپكە چاچرايتتى. ئوت يالقۇنى يورۇتۇپ تۇرغان ئىككى چوڭ مۇنارنىڭ سىيماسى شۇنچىكى مەردانە ۋە ئوچۇق ئىدى. بىرى قىپقىزىل نۇرغا پۈركەنگەن، بىرى پۈتۈنلەي قارا كۆرۈنەتتى. ئۇلارغا ئويۇپ چىقىرىلغان ھەددى ـ ھېسابسىز جىن ـ ئالۋاستى، ئەجدىھا ـ يىلانلارنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن مۇدھىش، سۈرلۈك ئىدى. ئۇلار ئەلەڭگۈلەپ تۇرغان ئوتنىڭ يورۇقىدا تىرىك نەرسىلەردەك مىدىرلايتتى. تاشقا ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن تالاي يىرگىنچلىك

مەخلۇقلار سەت ھىجىياتتى، نور داد ـ پەرياد كۆتۈرگەندەك، سەمەندەر ئوتنى كۈچەيتكەندەك، ئاق باشلىق دېڭىز بۈركۈتى ئىس ـ تۈتەكتىن قېقىلىپ چۇشكۈرگەندەك قىلاتتى. ئوتنىڭ يورۇقى ۋە چاراسلىغان ئاۋازى مەخلۇقلارنى ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغاتقاندەك بولاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىپ يۈرگەندەك ئىدى. ئادەملەر ئۇنىڭ شام يورۇقىدىكى شەپەرەڭدەك، گاھ ئوتنىڭ يورۇقىغا ئۆزىنى ئۇرغانلىقىنى، گاھ يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى.

قورقۇپ كەتكەن تىلەمچىلەر چوڭراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئەتراپنى قورقۇنچلۇق جىمجىتلىق ئىلكىگە ئالغانىدى. موناستىرغا يوشۇرۇنغان مىسسىيونېرلارنىڭ ئەنسىز چىرقىراشلىرى ئاڭلىناتتى. دېرىزىسىنى ھېلىدىن ـ ھېلىغا ئېچىپ يەنە ئالدىراپ ـ تېنەپ يېپىۋەتكەندىكى ئاۋازلار، ئەتراپتىكى ئۆيلەردىن ۋە دوختۇرخانىلاردىن چىقىۋاتقان تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازى، ئوت يالقۇنىنىڭ شامالغا قوشۇلۇپ گۇرۇلدىگەن ئاۋازى، ئۆلەي دەپ قالغانلارنىڭ سەكراتتىكى ئىنجىقلىغان ئاۋازى، قوغۇشۇن ئېرىتمىسىنىڭ توختىماي ئاققاندىكى ئاۋازى، ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ چاچرىغان چاغدىكى ئاۋازى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى.

تىلەمچىلەر تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىلىرى ئۈستىدە مەسلىھەت قىلىشىۋېلىش ئۈچۈن تاكى گوندىلاۋۇر سارىيىنىڭ دەرۋازىسىغىچە چېكىنىدى. مىسىر كىنەزى پاسىل تاشنىڭ تۆپىسىدە ئولتۇرۇپ، قورقۇنچ چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئىككى يۈز چى ئېگىزلىكتە كۆيۈۋاتقان غەلىتە ئوتقا تىكتى. كلوپىن تروللېپ قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ، چىڭ تۈگۈلگەن مۇشتىنى چىشلىۋەتتى.

ــ كىرەلمەمدۇق، نېمە ! ــ دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

ــ ئادەمنى ۋەسۋەسىگە قويىدىغان جىن ـ ئالۋاستىلارنىڭ ماكانىغۇ بۇ ! ــ دېدى پېشقەدەم سەرگەردان ماتىياس ھونگادى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نارازى بولۇپ.

— پاپانىڭ ساقلىنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى بۇرۇن ئەسكەر بولغان، چاچلىرىغا ئاق سانجىغان قىزىقچى، — چېركاۋدىكى نوردىن ئېقىپ چىققان قوغۇشۇن ئېرىتمىسى شۇنداق دەھشەتلىك ئىكەنكى، لېكتوردىكى مىلتىق ئاتىدىغان تۆشۈكتىن ئۇچۇپ چىققان ئوقمۇ ئۇنىڭ ئالدىدا يىسىپ ئېشەلمىگۈدەك!

— سىلەر ئوتنىڭ يورۇقىدا سەكرەپ يۈرگەن ئالۋاستىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى مىسىرلىق كىنەز.

— كۆردۇق، — دېدى كلوپىن، — ئۇ ئاشۇ قوڭغۇراق چالىدىغان لەنىتى كۋاسىمدو!

— مەن سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، — دېدى سەرگەردان بېشىنى چايقاپ، — ئۇ ماركىز كابىناسىنىڭ ئەرۋاھى، قەلئەنىڭ ئالۋاستىسى. ئۇنىڭ ئۇستىخىنى قوراللانغان ئەسكەردەك مەزمۇت، كاللىسى شىرنىڭ كاللىسىغا ئوخشايدۇ. بەزىدە بەتبەشىرە ئاتنى مىنىپ يۈرىدۇ، بەزىدە ئادەمنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن مۇنار ياسايدۇ. بىرلەشمە ئارمىيەگە قوماندانلىق قىلىدۇ، ئۇ چوقۇم شۇ. مەن ئۇنى تونۇيمەن. بەزىدە چىرايلىق تونىنى كىيىپ، تۈركىيەلىكلەردەك ياسىنىۋالىدۇ.

— بېللېۋىگنى دېلىئېتوئىل قېنى؟ — دەپ سورىدى كلوپىن.

— ئۇ ئۆلدى! — دەپ جاۋاب بەردى بىر تىلەمچى.

قىزىل يۈزلۈك ئاندىرى ساراڭلاردەك كۈلۈپ:

— بۇۋى مەريەم دوختورخانىلارغا خېلى جىق ئىش تېپىپ بەردى دەڭلار! — دېدى.

— بىز بۇ دەرۋازىدىن بۆسۈپ كىرىشكە باشقا ئامال قىلالماسمىزمۇ؟ — دېدى تونىس پادىشاھى ئاچچىقلاپ.

مىسىر كىنەزى چېركاۋنىڭ ئالدى تېمىدىن پارقىرايدىغان ئىككى يۆگەم داكىدەك سوزۇلۇپ چۈشۈۋاتقان قوغۇشۇن

ئېرىتمىسىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويدى ۋە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— قىرىق يىل ئىلگىرى، كونىستانتىن① شەھىرىدىكى ساينت سوفىيە چېركاۋىمۇ ئۆزىنىڭ يۇملاق ئۆگزىسىنى مۇنداقچە ئېيتقاندا، بېشىنى ئۈچ قېتىم لىڭشىتىپ ئىسلام دىنىنىڭ ھىلال ئايلىق بايرىقىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەن ئۆگزە دەل ئۇنىڭ كاللىسى ئىدى. بۇ چېركاۋنى ياسىغان ئارختېكتور گۇئىللائۇمنىڭ ئۆزىمۇ بىر سېھىرگەر.

— ئەجەبا، بىز كوچا - كويدىكى توخۇ يۈرەكلەردەك نومۇسسىزلارچە قېچىپ كەتسەك - ھە؟ — دېدى كلوپىن، — بىز ئۆزىمىزنىڭ سىڭلىسىنى مۇشۇ يەردە قويۇپ كېتىشكە، چىلبۆرىلەرنىڭ ئۇنى ئەتە تۇتۇپ كېتىپ دارغا ئېسىشىغا چىداپ تۇرىمىزمۇ؟

— ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇقەددەس بۇيۇملار ئۆيىدە نۇرغۇن ئالتۇنلار تۇرسا ! — دېدى بىر تىلەمچى. ئەپسۇسكى ئۇنىڭ ئىسمى بىزگە نامەلۇم ئىدى.

— بەچچىغەر ! — دەپ ۋارقىرىدى كلوپىن.

— يەنە بىر نۆۋەت سىناپ باقايلى، — دېدى ھېلىقى تىلەمچى.

ماتىياس بېشىنى چايقاپ:

— بىز دەرۋازىدىن كىرەلمەيدىغاندەك قىلىمىز. شۇنداقتىمۇ قوراللانغان بۇ قېرى بۇۋى مەريەمنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزدەپ باقايلى. بىرەر كامار ياكى بىرەر يان ئىشىك ئۇچراپ قالار.

— مەن بىلەن ماڭىدىغانلار بارمۇ؟ يەنە بىر قاراپ باققۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى كلوپىن، — لېكىن، ھەممە يېرىگە قورال - ياراغ ئېسىۋالغان ئوقۇغۇچى ژان نەگە كەتتى؟

① كونىستانتىن — ھازىرقى تۈركىيەنىڭ پايتەختى ئىستانبۇل.

— باياتىن ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى، ئۇنىڭ كۆلگىنىنى ئاڭلىمىدۇق.
تونېس پادىشاھىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى.
— ئىست، ئۇنىڭ پولاتتەك جىسمىدا باتۇرلارنىڭكىدەك سوقۇپ تۇرىدىغان يۈرەك بار ئىدى - دە ! شائىر پېررى گرىنگورى ئەپەندى كۆرۈنمەيدۇغۇ؟
— سەركەردە كلوپىن، — دېدى قىزىل يۈزلۈك ئاندىرى، — بىز ئۇۋچاڭگى كۆۋرۈكىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگەنىدى.
— ئۆلگۈر، — دېدى كلوپىن يەرگە پۈتىنى ئۇرۇپ، — بىزدىن مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆتۈنگەنمۇ شۇ، ئاخىرىغا بېرىپ بېرىم يولدا غىپپىدە تىكىۋەتكەنمۇ شۇ ! ئىمزا تارتمايدىغان قورقۇنچاق ! تەرەت كەشنى دۇبۇلغا قىلىدىغان مۇناپىق !
— سەركەردە كلوپىن، — قىزىل يۈزلۈك ئاندىرى پارۋى كوچىسىغا قاراپ توۋلىغىلى تۇردى، — ھېلىقى ئوقۇغۇچى ئاۋۇ يەردە تۇرغاندەك قىلىدۇ !
— باقىي ئالەمدىكى پلوتون ① نىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر! — دېدى كلوپىن، — بىراق، ئۇنىڭ كەينىدىن سۆرۈلۈپ كېلىۋاتقىنى نېمە؟
كېلىۋاتقىنى دەرۋەقە راستتىنلا ژان بولۇپ چىقتى. ئۇ سەرگەردان مۇھاپىزەتچىلىرىدەك كىيىنىپ، ئۆزۈن بىر شوتىنى سۆرىگەن پېتى يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بەدىنىدىن يىگىرمە ھەسسە ئۇزۇن يوپۇرماقنى سۆرەپ كېلىۋاتقان چۈمۈلىدەك ھاسىراپ كەتكەنىدى.
— ياشىسۇن غەلىبە! خۇداغا رەھمەت ! — دەيتتى ئۇ ۋارقىراپ، — بۇ ساينت لاندرۇ پورتىدىكى يۈك چۈشۈرىدىغان چاغدا ئىشلىتىدىغان شوتا !

① پلوتون — رىم ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھ.

كلوپىن ئۇنىڭ قېشىغا يېقىن كەلدى.
— شۇمتەك، ئاھ خۇدا ! بۇ شوتا بىلەن نېمە قىلاي دەيسەن؟
— ئۇنى ئاران تەستە قولغا چۈشۈردۇم، — دېدى ژان ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، — مەن ئۇنىڭ شۇ يەردىلىكىنى، لېيتېنانتنىڭ ھويلىسىدىكى لاپاسقا قويۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ يەردىكى مەن تونۇيدىغان قىز مېنى مۇھەببەت ئىلاھى يۇپىتېردەك كېلىشەڭگۇ دەپ ماختايدىغان. بۇ شوتىنى شۇنىڭ ياردىمى بىلەن ئاچىقتىم. ھەي، بىچارە قىز، ماڭا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىدىغان چاغدا قارىسام ئىچ كىيىمى بىلەنلا ئىكەن !
— بولدى ! — دېدى كلوپىن، — بۇ شوتىنى نېمىگە ئىشلىتىمەن دەيسەن؟
ژان ئۇنىڭغا قولۇمدىن ئىش كېلەمدىكىن، دېگەندەك مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى، بارماقلىرىنى پوكۇپ قارسىلداتتى. شۇ تاپتا ئۇ راستتىنلا ئىنتايىن قالتىس بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. بېشىغا 15 - ئەسىرنىڭ ئېغىر دۇبۇلغىسىنى كىيىۋالغان بولۇپ، گومېرنىڭ داستانىدىكى نېستور ① نىڭ كېمىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنى «ئون مۈڭگۈزلۈك يالماۋۇز» دەيدىغان قورقۇنچلۇق سۆز بىلەن تەسۋىرلىسە ئارتۇق كەتمەيتتى.
— ئۇنى نېمىگە ئىشلىتىسەن دەپ سوراۋاتامسىز، سۆيۈملۈك تونىس پادىشاھى؟ ئۈچ دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى قاتار تۇرغان بولۇمسىز ھەيكەللەرنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟
— كۆرسەم نېمە بولماقچىدى؟
— كاردىورنىڭ ئىچىگە فرانسىيە پادىشاھلىرىنىڭ ھەيكەللىرى تىزىلغان.
— مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟
— ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! كاردىورنىڭ ئۇ بېشىدا بىر

① نېستور — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەتلىك پادىشاھ.

uyghurkitap.com

ئىشىك بار، ئادەتتە دەم سىلىپ تاقىمايدۇ. شوتىغا چىقىپ تۇرۇپ ئاشۇ ئىشىكتىن ئۆتۈپ كەتسەكلا چېركاۋنىڭ ئىچىگە كىرەلەيمىز!

— مەن بىرىنچى بولۇپ چىقاي.

— يوقسۇ، بۇرادەر! شوتىنى مەن تېپىپ كەلگەن. سىز مېنىڭ ئارقامدىن ئىككىنچى بولۇپ چىقىسىز.

— بىلىزبوب بوغۇپ ئۆلتۈرسۇن سىنى! — كلوپىننىڭ پەيلى بۇزۇلدى، — مەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ كەينىدە قىلىشنى خالىمايمەن.

— ئۇنداقتا كلوپىن، ئۆزىڭىز شوتىدىن بىرنى تېپىڭ، — ژان شوتىنى سۆرىگەن پېتى مەيداندا يۈگۈرۈپ، — ئاغىنىلەر، مەن بىلەن مېڭىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ژان بىردەمدىلا ياندىكى يەنە بىر دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، شوتىنى ئىككىنچى قەۋەت كارىدوردىكى رىشاتكىنىڭ يېنىغا يۆلىدى. تىلەمچىلەرمۇ ۋارقىراپ ئالقىش ياڭراتقان پېتى شوتىغا قاراپ ئېتىلدى. لېكىن، ژاننىڭ ئالدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بولغاچقا، شوتىغا بىرىنچى بولۇپ پۇت قويدى. شۇ چاغلاردا، فىرانسىيە پادىشاھلىرىنىڭ ھەيكەللىرى تىزىلىدىغان كارىدور يەر يۈزىدىن ئالاھازەل ئاتمىش چى ئەتراپىدا ئىگىز ئىدى. دەرۋازا ئالدىدىكى ئون بىر باسقۇچلۇق پەلەمپەي ئۇنى تېخىمۇ ئېگىز كۆرسىتەتتى. ژان ئاۋايلاپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ياماشتى. بىر قولىدا شوتىنى، بىر قولىدا قونداقلىق ئوقيانى تۇتتى. كىيىۋالغان دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلار بەك ئېغىر بولغاچقا، ھەرىكىتى تازا چاققان بولمىدى. شوتىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا پەلەمپەيدە دۆۋىلىشىپ ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. «ھەي، — دېدى ئۇ، — بۇ جەسەتلەرنى ‹ئىلىيادا›نىڭ بەشىنچى بابىدىن پايدىلىنىپ مەدھىيەلىسە بولغۇدەك!» ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، داۋاملىق ياماشتى. قالغان تىلەمچىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. شوتىنىڭ ھەربىر

ۋاخىنىسىدا ئادەم بار ئىدى. ساۋۇت كىيىۋالغان بۇ كىشىلەرنىڭ، بىردە ئۆرە، بىردە پەس بولۇپ يامىشىشلىرى ئۇلارنى چېركاۋنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرغان قاسراقلىق يىلانغا ئوخشىتىپ قويغانىدى. ژان شۇ يىلاننىڭ بېشى ئىدى. ئادەملەر ئۇنىڭ پۇشۇلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئۇنى راست يىلانمۇ نېمە دەپ قالاتتى. ژان ئاقىۋەت كارىدوردىكى بالكونغا يەتتى. تىلەمچىلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى ئىچىدە ئاۋايلاپ تۇرۇپ پۇتىنى بالكونغا قويدى. ئۇ قەلئە سىياقىدىكى بالكوندا ئۆرە بولۇپ، بىرنى تووۋلاپلا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ھەيكەل كەينىدىكى قاراڭغۇلۇققا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان كۋاسىمودونى كۆرۈپ قالغانىدى. قاراڭغۇدىكى كۋاسىمودونىڭ يەككەشمە كۆزىدىن ئوت چاقناۋاتقاندەك ئىدى.

ھۇجۇمغا ئۆتكەنلەرنىڭ ئىككىنچى تۇركۇمى بىنانىڭ كارىدورىغا پۇتىنى قويار ـ قويمايلا، ھېلىقى يەككەشمە دۈمچەك ئوقتەك ئۇچۇپ بېرىپ، تامغا يۆلەكلىك شوتىنىڭ ئالدىغا كەلدى، گەپمۇ قىلماي، رېپىدىدەك يوغان ئىككى ئالقىنى بىلەن شوتىنىڭ ئىككى بېشىنى چىڭ قامالالاپ تامغا يۆلەكلىك يەردىن ئاجراتتى، مىدىرلىتىپ باقتى. ئاڭلىنىۋاتقان ۋەھىمىلىك قىيا ـ چىيالارغىمۇ قارىماي، يۇقىرىدىن ـ تۆۋەنگىچە تىلەمچىلەر بىلەن لىق تولۇپ كەتكەن شوتىنى بارلىق كۈچى بىلەن مەيدان تەرەپكە قارىتىپ ئىتتەردى. مۇشۇ دەقىقىدە ئۆزىنى تەمكىن تۇتالايدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭمۇ يۈرىكى ئاغماي قالمايتتى. تامدىن ئاجرالغان شوتا ھاۋا بوشلۇقىدا تىكلىنىپ، ئۆرۈلگەن بىلەن ئۆرۈلمىگەننىڭ ئارىلىقىدا بىردەم توختاپ قالدى، ئاندىن سەل ـ پەل چايقالدى. ئاخىر سەكسەن چى ئۇزۇنلۇقتىكى ياي شەكلىدە يانتۇ بولۇپ، ئۈستىدىكى تىلەمچىلەر بىلەن بىللە يايپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭ گۈلدۈر ـ قاراس ئاۋاز چىقىرىپ يەرگە تېگىشى زەنجىرى ئۈزۈلگەن ئاسما كۆۋرۈكنىڭ چۈشكىنىدىنمۇ تېز ۋە دەھشەتلىك بولدى. دەسلەپتە ئادەملەرنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى، تىل ـ ئاھانەتلىرى

ئاڭلانغاندەك بولدى. ھايال ئۆتمەيلا ھەممە نەرسە تىمتاس بولۇپ قالدى. يارىلانغان بىرنەچچەيلەن دۈۋىلىشىپ ياتقان جەسەتلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقىپ، كەينىگە داجىدى.

دەسلەپكى شاۋقۇن ـ سۈرەن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، تىلەمچىلەر ئارىسىدىن نالە ـ پەرياد، ئاچچىق ۋارقىراشلار ئاڭلاندى. كۋاسىمدو ئىككى جەينىكىنى رىشاتكىغا تىرەپ، چىرايىنى ئۆزگەرتمەي قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تۇرقى چاچلىرى چۇۋۇق پېتى دېرىزىدە تۇرغان قىرى پادىشاھقا ئوخشايتتى.

ژان فروللو ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالدا قالدى، ئۆزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز ھالدا بۇ قورقۇنچلۇق قوڭغۇراق چالغۇچى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. سەكسەن چې ئېگىزلىكتىكى تاش تام ئۇنى ھەمراھلىرىدىن ئايرىۋەتكەندى. كۋاسىمدو شوتىنى ئىتتىرىش بىلەن بولۇۋاتقاندا، ژان چوقۇم دەم سېلىنمىدى دەپ جەزم قىلغان يان ئىشىككە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن، ئۇ ئىشىككە ئاللىقاچان دەم سېلىنغانىدى. ئەسلىدە كۋاسىمدو كارىدوردىن ئۆتۈۋېتىپ، ئۇ ئىشىكنى دەم سېلىپ تاقىۋەتكەنىدى. ژان باشقا ئىلاج قىلالماي، پادىشاھنىڭ ھەيكەللىرىدىن بىرىنىڭ كەينىگە مۈكتى، قورققىنىدىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئۇنىڭ خۇنى قاچقان كۆزلىرى بىلەن بۇ غەلىتە دۈمچەككە قاراشلىرى خۇددى ياۋايى ھايۋانغا قارايدىغان بىرىنىڭ خوتۇنى بىلەن تونۇشۇپ قالغان بىر ئەرنىڭ ئۇ خوتۇن بىلەن يېرىم كېچىدە كۆرۈشۈشكە ۋەدىلىشىپ، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈش بىلەن تەڭ ۋەھشىي ئاق ئېيىققا ئۇچراپ قالغان چاغدىكى ئەھۋالغا ئوخشاپ قالغانىدى.

بۇ گاس دەسلەپ ژانغا دىققەت قىلمىدى، ئارقىدىنلا بېشىنى قايرىپ، شارتتىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ژاننى كۆرۈپ قالدى.

ژان شىددەتلىك بىر زەربىنى قوبۇل قىلىشقا تەييارلاندى.

بىراق، قوڭغۇراق چالغۇچى گاس تۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىمىدى، بىرھازاغىچە ژانغا قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن ژان تەرەپكە ماڭدى.

— ھەي، ھەي ! — دەپ توۋلىدى ژان، — ھەسرەت ـ نادامەت بىلەن تولغان كۆزلىرىڭدە ماڭا قاراپ نېمە قىلاي دەيسەن؟

ئۇ شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ، مۇغەمبەرلىك بىلەن قولىدىكى قونداقلىق ئوقيانى تۈزەشتۈرگىلى تۇردى.

— كۋاسىمدو، — دېدى ئۇ يەنە، — مەن سېنىڭ لەقىمىڭنى ئۆزگەرتىپ، خەقلەر قارىغۇ دەپ ئاتايدىغان قىلىۋېتىمەن !

ژان شۇنداق دەپلا ئوق ئۈزدى. يا ئوقى ۋىشىلداپ بېرىپ قوڭغۇراق چالغۇچىنىڭ ئوڭ مۈرىسىگە سانجىلدى. كۋاسىمدو خۇددى پادىشاھ پاراموندنىڭ ھەيكىلىگە زەخمەت يەتكەندەك، يا ئوقىغا ئېرەن قىلمىدى. يا ئوقىنى مۈرىسىدىن سۇغۇرۇپ چىقاردى ـ دە، ئۇنى تىزىغا ئېرىنچەكلىك بىلەن قويۇپ سۇندۇرۇۋەتتى. ژان ئىككىنچى يا ئوقنى ئېتىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. كۋاسىمدو يا ئوقىنى سۇندۇرۇپ بولۇپ، پۇشۇلدىغان پېتى شىددەت بىلەن ژانغا تاشلاندى. ژاننىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرى تامغا تېگىپ جاراڭلاپ كەتتى.

مەيداندىكى مەشئەل ئەتراپنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئادەملەر ئەلەڭگۈلەپ تۇرغان ئوت يورۇقىدا قورقۇنچلۇق بىر پەردە ئويۇننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

كۋاسىمدو سول قولىدا ژاننىڭ ئىككى بىلىكىنى تۇتتى. ژان ئاسمان پىرقىراۋاتقاندەك، يەر چۆرگۈلەۋاتقاندەك بولۇپ، تېپىرلىغۇدەكمۇ ھالى قالمىدى. ئۇ ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ئويلاپ، پەقەت قارشىلىق كۆرسەتمىدى. قوڭغۇراق چالىدىغان گاس قىلچە ھودۇقماي، ژاننىڭ ھەممە قورال ـ جابدۇقلىرىنى — خەنجىرىنى، پىچىقىنى، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىنى خۇددى مايمۇن ياڭاق سويغاندەك، ئوڭ قولى بىلەنلا پاك ـ پاكىز ئېلىپ، ئايىغى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاستىغا تاشلىدى.

ژان ئۆزىنىڭ قورالسىزلاندۇرۇلغانلىقىنى، كىيىملىرىنىڭمۇ سالدۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى، قىيپالىڭاچ بولۇپ قالغانلىقىنى، كۋاسىمدونىڭ ئۆزىنى ھېچقانچە كۈچىمەيلا مەھكەم تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ قوڭغۇراق چالغۇچى گاسقا يالۋۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭغا ئەقلىدىن ئازغان ئادەمدەك ھېجىيىپ، قانداقتۇر بىر ناخشىنى ئېيتقىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇن ئالتە ياش ۋاقتىدىكىدەك غەمسىز ـ ئەلەمسىز ئىدى:

كامبراي ئىدى داڭلىق شەھەر،
قورالى كۆپ، مەزمۇت، بىخەتەر.
مۇستەبىت مارافىن كەلسە بۇلاپ،
ئىدى ياۋۇز، شەپقەتسىز بەتتەر.

ناخشا تۈگىمەيلا ئادەملەر كۋاسىمدونىڭ كارىدورنىڭ تۈتقۇچىدا ئۆرە تۇرغانلىقىنى، ژاننى ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ ساڭگىلىتىپ، ئۇنى ھاۋا بوشلۇقىدا كامالەكنى ئايلاندۇرغاندەك ئايلاندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئارقىدىنلا كوكۇس ياغىقى تامغا تېگىپ يېرىلغاندەك بىر ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇلار شۇ ئاۋازغا ئەگىشىپلا مونەك بىر نەرسىنىڭ ئاسماندىن ئۇچۇپ چۈشكەنلىكىنى، شۇ ئارىدا بىنانىڭ چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قىرىغا ئىلىنىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى. ئۇ تۈگۈلۈپلا قالغان جەسەت بولۇپ، بېلى ئۈزۈلگەن، بېشى يېرىلغان، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقىپ كەتكەنىدى.

— ئىنتىقام ئالايلى! — دەپ ھۆركىرىدى تىلەمچىلەر ئەلپازىنى بۇزۇپ.

— ھۇجۇم! — دەپ ۋارقىرىدى كلوپىن.

— ئالغا، ھۇجۇمغا ئۆتەيلى! — دەپ جاۋاب قايتۇردى تىلەمچىلەر.

بۇ غەلىتە قىيقاس ـ چۇقانغا ھەر خىل تىل، ھەر خىل شېۋە، ھەر خىل تەلەپپۇز ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. بىچارە ژاننىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى ئالامانىنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان، ئۇلارنى ئەسەبىي ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. چېركاۋ ئالدىدا شۇنچە ئۇزاققىچە ھەپىلىشىپ بىر دۆمچەكنىڭ قولىدا مەغلۇپ بولۇش ئۇلار ئۈچۈن ھاقارەت ئىدى. بۇنىڭغا تاقەت قىلىپ تۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇلار غەزەپتىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي نەدىندۇر يەنە بىرنەچچە شوتىنى تېپىپ كەلدى. مەشئەللەرمۇ كۆپەيدى. بىرنەچچە مىنۇت ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا، كۈاسىمدو بۇ قورقۇنچلۇق ئالامانىنىڭ بۈۋى مەريەم چېركاۋىغا تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالاقزادىلىك ئىچىدە قالدى. شوتا ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلەر ئارغامچىغا ئېسىلىپ يۇقىرىغا ياماشماقتا؛ ئارغامچىسى يوقلار قاپارتما نەقىشلەرنى بويلاپ يۇقىرىغا ياماشماقتا؛ ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ يىرتىق كىيىملىرىنى تارتقۇچلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئەپتىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدىغان بۇ تىلەمچىلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ھەرقانداق قىلىپمۇ تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئادەملەر يۇقىرىغا دولقۇندەك ئۆرلەيتتى. مەردانە چىرايلار ئاچچىق غەزەپ تۈپەيلى شەلپەردەك قىزارغان، ئۇلارنىڭ كىشىنى چۆچۈتىدىغان كەڭ پېشانىلىرىدىن تەر قۇيۇلغان، كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق نۇر چاقنايتتى. ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل سىياقتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى كۈاسىمدونى قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ مەنزىرە بەجايىكى باشقا بىر چېركاۋ بۈۋى مەريەم چېركاۋىغا ھۇجۇمغا ئۆتكەندەك، ئۇ يەردىكى جىن ـ ئالۋاستىلار، ئاجايىپ ـ غارايىپ ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى سەپكە ئاتلانغاندەك، بەجايىكى بىر توپ تىرىك غەلىتە مەخلۇقلار ئالدى تامدىكى تاشتىن ياسالغان مەخلۇقلارغا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

مەيداندا كۆيۈۋاتقان مىڭلاپ، ئونمىڭلاپ مەشئەل قاراڭغۇلۇق قوينىغا يوشۇرۇنۇپ قالغان قالايمىقان كۆرۈنۈشنى بىراقلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاشكارا قىلىنغانىدى. پارۋى مەيدانى كۆندۈزگە ئوخشاش يورۇپ كەتتى. بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئوت تېخىچە كۆرۈلۈپ كۆيۈۋاتقان بولغاچقا، پۈتكۈل شەھەر ھەرقانچە يىراقتىن قارىغاندىمۇ ئوچۇق كۆرۈنگۈدەك ھالەتتە ئىدى. ئىككى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ غايەت زور گەۋدىسى ھەددى ـ ھېسابسىز ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىدىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇ تاپتا شەھەر ئىنتايىن ئالدىراشتەك ئىدى. قەيەردىدۇر بىر يەرلەردە سىگنال قوڭغۇرىقى جاراڭلايتتى. تىلەمچىلەر بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ۋارقىرايتتى، ھاسىرايتتى، ئاغزىنى بۇزاتتى، بىرى يىقىلسا، بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ چېركاۋ تېمىغا يامىشاتتى. كۋاسىمودونىڭ ھەرقانداق چارە ـ ئامال بىلەنمۇ مۇنچىۋالا كۆپ دۈشمەنگە كۈچى يەتمەيتتى. ئۇ مىسىرلىق قىزنى يادىغا ئېلىپ تىترەپ كەتتى. بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان غەزەپلىك چىرايلارغا قاراپ، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئالىققانلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركىدى، خۇدادىن كارامەت كۆرسىتىشنى ئۆتۈندى.

## 5. فىرانسىيە پادىشاھى لۇئىنىڭ تىلاۋەتخانىسى

كۋاسىمودونىڭ قارا چۇمۇلىدەك مىغىلداپ يۈرگەن بۇ بىر توپ تىلەمچىلەرنى بايقاپ قېلىش ئالدىدا، ئېگىز قوڭغۇراق بىناسى ئۈستىدىن پارىژغا نەزەر سالغانلىقى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. ئۇ شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك بىر بىنانىڭ بالىخانىسىدىكى دېرىزىدە جىمىرلاۋاتقان يورۇقنى كۆرگەنىدى. سايىنت ئانتونى دەرۋازىسىغا يېقىن يەردىكى بۇ بىنا باستىلىيە تۈرمىسى بولۇپ، ھېلىقى يورۇق لۇئى XI نىڭ ئۆيىدىكى شامنىڭ يورۇقى ئىدى.

لۇئى XI راستىنلا پارىژغا كەلگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭ كەلگىنىگە ئىككى كۈن بولغانىدى. يەنە بىر كۈندىن كېيىن مونتىلىز لېس توردىكى قەلئەگە كەتمەكچىدى. ئۇ بۇ چىرايلىق شەھەر پارىژغا بەك ئاز كېلەتتى، كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنچە ئۇزاق تۇرمايتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەتراپتىكى تۇزاق، دارغا ئېسىش جازاسى ۋە شوتلاندىيە ئوقياچىلىرى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى.

ئۇ لوئۇرې سارىيىنى ياقتۇرمايدىغان بولغاچقا، شۇ كۈنى باستىلىيە تۈرمىسىدە قونۇپ قالدى. لوئۇرې سارىيىدىكى ياتاق ئۆينىڭ چوڭلۇقى يۈز كىۋادرات چې ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئون ئىككى ياۋايى ھايۋان بىلەن ئون ئۈچ نەپەر كاتتا ئەختەرشۇناسنىڭ رەسمى ئويۇلغان تام مەش بار ئىدى، ئۇخلايدىغان كارىۋىتىمۇ ئون ئىككى چې ئۇزۇنلۇقتا ۋە ئون بىر چې كەڭلىكتە ئىدى. لېكىن، مۇنداق توققۇزى تەل چوڭ ئۆيدە، ئۇ خۇددى بىرنېمىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ئەركىن ـ ئازادە بولالمايتتى. مېشچانلارنىڭ خۇي ـ مىجەزى بار بۇ پادىشاھ باستىلىيە تۈرمىسىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ يەردىكى چاققان كىچىك ئۆيدە ئاران بىر كارىۋاتلا بولسىمۇ، لېكىن باستىلىيە تۈرمىسى لوئۇرې سارىيىدىن مۇستەھكەم ئىدى.

پادىشاھنىڭ بۇ داڭلىق تۈرمىدىكى قونالغۇ ئۆيى كاتەكتەك كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇنى يەنىلا چوڭ ئۆي دېيىشكە بولاتتى. قەلئەنىڭ كىچىك مۇنارىدىكى بالىخانىغا جايلاشقان بۇ ئۆي يۇمىلاق سېلىنغان بولۇپ، پولغا سىلىق بورا ياتقۇزۇلغان، تورۇستىكى ۋاسىلار ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ماگنولىيە گۈلى بىلەن بېزەلگەن، ۋاسىلارنىڭ ئارىلىقى رەڭدار تاياقچىلار بىلەن بۆلۈنگەن، ياسىداق تاملار ئاق قەلەيدىن قىيىپ چىقىرىلغان ئەتىرگۈل بىلەن لىق تولغان شۇنداقلا نىل رەڭ بىلەن مايىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن چىرايلىق ۋە قېنىق يېشىل رەڭدە بويالغانىدى.

ئۆيدە پەقەت بىرلا دېرىزە بولۇپ، چوققىلىق ئەگمە شەكىلدە

www.uyghurkitap.com

چىقىرىلغان بۇ دېرىزىگە مىس سىمدىن چاقماق كاتەكچىلىك تور قويۇلغان، پولات چىۋىق ئورنىتىلغانىدى.

ئۆيدە بىرلا ئىشىك بار ئىدى. ئىشىك بولغاندىمۇ يۇمىلاق ئەگمە شەكىلدە ياسالغان مودا ئىشىك، ئىچىگە پەردە تارتىلغان بولۇپ، تاشقىرىسى شوتلاندىيە ياغىچىدىن ياسالغان دەھلىز ئىدى. ئۇمۇ بۇنىڭدىن بىر يۈز ئەللىك يىل ئىلگىرى قەدىمكى قورۇ ـ جايلارنىڭ دەھلىزىدەك تۈجۈپلەپ ياسالغانىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سائۇۋىل بىر چاغلاردا تولىمۇ ئېچىنغان هالدا: «بۇلار گەرچە ئۇنچىلىك كۆركەم بولمىسىمۇ، شۇنداقلا كىرىپ ـ چىقىشقا تۇسالغۇ بولسىمۇ، لېكىن ئەجدادلىرىمىز ئۇنى يەنىلا چىقىۋېتىشنى خالىمىدى، ھېلىمۇ ھەم ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇندى» دېگەنىدى.

بۇ ئۆيدىن ھەرقانداق ئادەتتىكى ئۆيلەردە بولىدىغان بىرەر ئۆي جاھازلىرىنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئورۇندۇقمۇ يوق، ئۈستەلمۇ يوق، كىيىم ئىلغۇچمۇ يوق، ساندۇققا ئوخشاپ كېتىدىغان چاسا ئورۇندۇقمۇ يوق، پەقەت ھەشەمەتلىك، كۆركەم بىرلا كىرىسلو بولۇپ، قىزىل سىر بىلەن سىرلانغان ياغاچتىن ياسالغان بۇ كىرىسلوغا بىر تالاي قىزىلگۈلنىڭ رەسىمى سىزىلغانىدى، چۆرىسىگە مەشۇتتىن جىيەك چىقىرىلغان، كوردوۋا ① دىن كەلتۈرۈلگەن قىزىل خۇرۇم بىلەن قاپلانغان، تۆت تەرىپى ئالتۇن رەڭلىك مىخ بىلەن مىخلانغانىدى. ئۆيدىكى بۇ بىردىنبىر يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا پەقەت بىرلا ئادەمنىڭ ئولتۇرۇش لاياقىتى بارلىقىنى قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. كىرىسلونىڭ يېنىدا، دېرىزىگە يېقىنىراق جايغا بىر شىرە قويۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە قۇشلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن دۇخاۋا داستىخان سېلىنغان، ئۇنىڭغا سىياھ چاچراپ كەتكەن

---

① كوردوۋا ــ ئىسپانىيەنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر.

ھۆججەت پاپكىسى، بىرنەچچە ۋاراق تېرە قەغەز، بىرنەچچە تال پەي قەلەم ۋە گۈل ئويۇلغان چوڭ كۈمۈش ئىستاكان تىزىلغانىدى. شىرەنىڭ يېنىغا سەندەل قويۇلغان، ئىبادەت سۇپىسىغا كەشتىلەنگەن قىزىل كىمخاب ئەديىال يېپىلغانىدى. ئۆينىڭ بىر چېتىگە قويۇلغان كارىۋات قارىماققا خېلى ئاددىي ئىدى. كارىۋاتقا دۇخاۋا پەردە تارتىلغان بولۇپ، پەردىدە يا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش يىپتىن تۇتۇلغان جىيەك، يا ئالتۇن بىلەن كۈمۈش يىپتىن توقۇلغان كەشتە يوق ئىدى. چۈچىلىرىمۇ ئۈنچە ئىنچىكە ئىشلەنمىگەنىدى. لۇئى XI ئۇخلايدىغان ياكى ئۇيقۇسى قاچقاندا ئىرغىناپ ياتىدىغان بۇ كارىۋات يىراق ـ يېقىنغا داڭلىق ئىدى. ئىككى يۈز يىلنىڭ ئالدىدا، بىرلىرى ئىچكى كابىنېت ۋەزىرلىرىنىڭ سارىيىدا مۇشۇ كارىۋاتنى كۆرگەنىدى. ئارىسىد ۋە «تىرىك ئەخلاق» تەخەللۇسى بىلەن «سىروس» ناملىق كىتابنى يازغان قېرى پىلو خانىممۇ بۇ كارىۋاتنى كۆرگەنىدى.

«فىرانسىيە پادىشاھى لۇئى جانابلىرىنىڭ «تىلاۋەتخانىسى» دەپ نام ئالغان ئۆي دەل مۇشۇ ئۆي ئىدى.

بىز ئوقۇرمەنلەرگە بۇ ئۆينى تونۇشتۇرۇۋاتقان چاغدا، ئۆيئىچى خېلىلا قاراڭغۇ ئىدى. چىراغ ئۆچۈرۈش قوڭغۇرىقى بىر سائەتنىڭ ئالدىدىلا چېلىنغان، كېچە بەكمۇ قاراڭغۇ، شىرە ئۈستىدىكى پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان شام يورۇقىدا ئۆيدە تۇرغان بەش ئادەمنى كۆرگىلى بولاتتى.

شامنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۈستىبېشى پۈزۈر بوۋاي بەدىنىگە چاپلىشىپلا تۇرىدىغان، كۈمۈش رەڭ سىزىقچىلىرى بار، تېگى قىزىل جىلىتكە كىيىۋالغان، سىرتىدىن قارا رەڭلىك گۈل بىلەن كەشتىلەنگەن، تېگى سېرىق پلاش يېپىنىۋالغانىدى. شامنىڭ يورۇقىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ كىيىمنىڭ ھەربىر قاتلىقىدىن نۇر چاقناۋاتقاندەك بولاتتى. بوۋاينىڭ مەيدىسىگە ئوچۇق رەڭلىك ئىزناك قادالغان بولۇپ، ئىزناكنىڭ ئاستىغا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان چىپار بۇغىنىڭ رەسىمى، سول تەرىپىگە

زەيتۇن شېخى، ئۆلۈك تەرپىگە بۇغىنىڭ مۈڭگۈزى چۈشۈرۈلگەندى. بەلبېغىدا چىرايلىق خەنجەر، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن دەستىسى تاغنىڭ چوققىسىغا ئوخشىتىپ ياسالغان بولۇپ، بۇ چوققا بىرلا قاراشقا گىرافلارنىڭ باش كىيىمىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، تەكەببۇر، ئەپتىدىن ھېيلىگەر ۋە ياۋۇزلۇقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئىككىنچى قېتىم قارىغاندا ئۇنىڭ ئىنتايىن قۇۋ، مەككار ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

بۇ تاقىر باش ئادەم قولىغا بىر تۇتام قەغەزنى تۇتقان پېتى كىرېسلونىڭ يېنىدا قېتىپ قالغاندەك تۇراتتى. كىرېسلودا ئولتۇرغىنى ئۆزىنى ئۇنچە تۈزەشتۈرۈپ يۈرمەيدىغان ئادەمدەك قىلاتتى. ئۇ بېلىنى ئېگىپ، پۇتلىرىنى ئالماپ، بىلىكىنى شىرەگە قويۇپ ئولتۇراتتى. قورايدەك ئىنچىكە پاقالچىقىنى كوردوۋادىن كەلتۈرۈلگەن خۇرۇم سىلىنچىغا قويغان بولۇپ، گۆشى قاچقان پۇتلىرىغا قارا يۇڭ پايپاق تارتىۋالغان، تۈكلىرى چۈشۈپ كەتكەن تېرە ياقىلىق، يانتۇ يوللۇق شىنىل كىيىۋالغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا كۆزگە چېلىقىدىغىنى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن قارا لاتىدىن تىكىلگەن ھەم كونا، ھەم مەينەت باش كىيىمى بولۇپ، بۇ باش كىيىمنىڭ چېكىلىكى قوغۇشۇندا قۇيۇلغان پورترېتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئۇ باش كىيىمنىڭ ئىچىگە يەنە بىر بۆك كىيىۋالغان، چاچلىرىنى بۆك بىلەن مەھكەم ياپقانىدى. كىرېسلودا ئولتۇرغان ئادەمنىڭ ئۈستىبېشىدىن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەر مۇشۇنچىلىكلا ئىدى. ئۇنىڭ بېشى مەيدىسىگە دېگۈدەك ساڭگىلاپ چۈشكەن، چىرايى تۇتۇلۇپ كەتكەنىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ يۈز - كۆزىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن شام يورۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تومشۇقىنى پەرق قىلغىلى بولاتتى. قارىغاندا ئۇنىڭ بۇرنى چوقۇم ئۇزۇن ئىدى. قولىنىڭ دومبىسىدىكى قورۇقلاردىن ئۇنىڭ قېرى ئادەم ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشقا

بولاتتى. بۇ لۇئى XI ئىدى.

ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە فلاندېرلارچە كىيىنگەن ئىككى ئادەم پەس ئاۋازدا بىرنېمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى. شامنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنى خېلى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى. ناۋادا گرىنگورىنىڭ تىياتىرى ئويىنالغان چاغدا نەق مەيدانغا بارغانلاردىن بىرەرى مۇشۇ سورۇنغا ھازىر بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم بۇ ئىككىيلەننىڭ فلاندېرلىق ئەلچىلەرنىڭ قاتارىدىكىلەردىن ئىكەنلىكىنى، بىرىنىڭ بولغۇسى ئىشلارغا پەمى يېتىدىغان، پېنسىيە پۇلىغا تايىنىپ جان باقىدىغان گۇئىللائۇم روم ئىكەنلىكىنى، يەنە بىرەيلەننىڭ پايپاق دۇكىنىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر خوجايىن ياكوئىس كوپپېنول ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولاتتى. بۇ ئىككىيلەننىڭ لۇئى XI نىڭ سىياسىي مەخپىيىتىگە ئىشتىراك قىلغانلاردىن ئىكەنلىكى ئادەملەرنىڭ ئېسىدىن چىقمىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى.

تېخىمۇ نېرىدا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئىشىككە يېقىن يەردىكى قاراڭغۇدا تاش ھەيكەلدەك مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇۋاتقان بويى پاكار، دوغىلاق كەلگەن يەنە بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇ ھەربىي كىيىم كىيگەن، كەشتىلەنگەن پلاش يېپىنىۋالغان بولۇپ، كۆزلىرى پۇلتىيىپ چىقىپ تۇراتتى. ئوچۇق ئاغزى پەقەت يۇمۇلمايدىغاندەك قىلاتتى. قۇلاقلىرى ساڭگىلاپ چۈشكەن چاچلىرىنىڭ ئاستىدا قالغان، پېشانىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. مۇشۇ تۇرقىدا ئۇ ھەم يولۋاسقا، ھەم ئىتقا ئوخشايتتى.

پادىشاھتىن باشقىلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان بوۋاي ئۇنىڭغا پالاستەك ئۇزۇن ھېسابات تالونىنى ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. پادىشاھمۇ قارىماققا كۆڭۈل قويۇپ تىڭشاۋاتقاندەك ئىدى. فلاندېرلىق ئىككىيلەن تېخىچە كۇسۇلدىشىۋاتاتتى.

— خۇدانىڭ كىرىستىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىمەنكى ! — غوتۇلدىدى كوپپېنول، — ئۆرە تۇرغۇچىلىكىمۇ قالمىدى ! بۇ يەردە ئورۇندۇق بولمىسا ـ ھە !

گۇئىللائۇم روم بېشىنى چايقاپ، ئەنسىز كۈلۈپ قويدى.

— خۇدانىڭ كىرىستىنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلىپ بېرەي ! — دېدى كوپپېنول پەس ئاۋازدا. ئۇ بىرى ئۆزىگە ئۇۋال قىلىۋاتقاندەك قورسىقى كۆپۈپ كەتكەندى، — پۇتۇمنى ئالماپ، يەردە ئولتۇرسامىمۇ بولىۋېرەتتى. مەن خوجايىنلىق سۈپىتىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ پايپاق دۇكىنىدا شۇنداق ئولتۇراتتىم.

— جىم بولۇڭ، كوپپېنول خوجايىن !

— نېمە دەيسىز ! گۇئىللائۇم روم ئەپەندى، ئەجەبا بۇ يەردە ئۆرە تۇرىۋېرىمىزمۇ؟

— چىدىمىسىڭىز، تىزلىنىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى گۇئىللائۇم روم.

بۇ چاغدا پادىشاھ گەپ باشلاپ قالدى. ئىككىيلەن ئاغزىنى يۇمدى.

— خىزمەتكارلىرىمنىڭ كىيىمىگە ئەللىك سو، ماڭا تاج تىككەن ئادەمنىڭ شىنېلىغا يىگىرمە سو ! بۇ تونىنلاپ ئالتۇننى تالاغا تۆكۈۋەتكەندەكلا ئىشقۇ؟ ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ ئولىۋېر !

قېرى ئادەم مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ بېشىنى كۆتۈردى. بويىنىدىكى ساينت مىچېل زەنجىرىنىڭ ئالتۇن مونچىقى پارقىراپ كەتتى. شامنىڭ يورۇقىدا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن ياغاق يۈزى ئېنىق كۆرۈندى. ئۇ ئالدىدىكى بوۋاينىڭ قولىدىن بىر تۇتام قەغەزنى شارتىدە تارتىۋالدى.

— سەن مېنى ۋەيران بولسۇن دېمەكچىمۇ؟ — ئۇ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن قولىدىكى ھېسابات تالونلىرىغا قارىدى — بۇ نېمە نەرسىلەر؟ مۇنداق ھەشەمەتلىك، ياسىداق ئۆيلەرنى نېمە قىلىمىز؟ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان ئىككى پوپنىڭ ھەربىرىگە ئايدا ئون لىۋر ! ھەربىر ئىبادەتخانىدىكى پوپقا ئايدا يۈز سو ! ياتاق ئۆيدىكى خىزمەتچىگە

يىلدا توقسەن لىۋر ! تۆت ئاشخانىدىكى تاماق تەييارلىغۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە يىلدا يۈز يىگىرمە لىۋر ! بىر كاۋاپچى ئۇستامغا، بىر باغۋەنگە، دورا - دەرمەكنى باشقۇرغۇچىغا، بىر باش ئاشپەزگە، بىر تاماق تىزغۇچىغا، ئىككى ياردەمچىگە ئايدا ئون لىۋر ! ئاشخانا خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەربىرىگە ئايدا ئون سەككىز لىۋر ! ئات باقار بىلەن ئىككى ياردەمچىسىنىڭ ھەربىرىگە ئايدا يىگىرمە تۆت لىۋر ! بىر ھاممالغا، تورت ياسايدىغان بىر ئۇستامغا، بولكا ياسايدىغان بىر ئۇستامغا، ئىككى ھارۋىكەشكە ھەربىرىگە ھەر يىلدا ئاتمىش لىۋر ! تۆمۈرچىخانىدىكى باشقۇرغۇچىغا ھەر يىلدا بىر يۈز يىگىرمە لىۋر ! دۆلەت خەزىنىسىنى باشقۇرىدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقىغا ھەر يىلدا بىر مىڭ ئىككى يۈز لىۋر ! تەپتىش ئەمەلدارىغا ھەر يىلى بەش يۈز لىۋر ! يەنە نېمىلەر بارلىقىنى نەدىن بىلەي ! مۇنداق كېتىۋەرسە، لۇئۇرې سارىيىدىكى زىخچە ئالتۇن - كۈمۈشلەرمۇ ئىسراپچىلىقنىڭ ئوتىدا ئېرىپ تۈگىگۈدەك ! مۇشۇلارغا كۆرە، ھامىنى بىر كۈنى قازان - قومۇچلىرىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالغۇدەكمىز ! كېلەر يىلى، خۇدا بىلەن بۈۋى مەريەم (گەپ قىلىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ قالپىقىنى بېشىدىن ئالدى) بىزگە يەنە ئۆمۈر بەرسە، قەلەي قاچىدا دورا ئىچمەكتىن ئۆزگە ئامال بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ !

ئۇ سۆزلەۋېتىپ شىرە ئۈستىدىكى ئىستىكانغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى. ئاندىن قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئولىۋېر ئەپەندى ! پادىشاھ بىلەن ئىمپېراتوردەك چوڭ بىر دۆلەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھۆكۈمرانلار ئۆز ئائىلىسىدىكى ئىسراپخورلۇقنا ھەرگىز يول قويمايدۇ. مۇنداق قىلمىغاندا، ئوردىدىكى قىلمىش - ئەتمىشلەر چوقۇم ھەممە ئۆلكىگە يامرايدۇ. يەنە كايىپ يۈرۈشكە ۋاقتىم يوق، ئولىۋېر ئەپەندى ! بىزنىڭ چىقىممىز يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ،

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ مۇنداق ئىش بىلەن خۇشۇم كەلمەيدۇ. خۇدا ئۆزى بىلىدۇ! 79 ـ يىلىدىن ئىلگىرى يىللىق چىقىم ئوتتۇز ئالتە مىڭ لىۋردىن ئاشمىغان، 80 ـ يىلىغا كەلگەندە، قىرىق ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز ئون توققۇز لىۋر بولدى. بۇ سان شۇنداق ئېنىق يادىمدا تۇرۇپتۇ. 81 ـ يىلى ئاتمىش ئالتە مىڭ ئالتە يۈز سەكسەن لىۋر ئىدى. بۇ يىلچۇ، باغلىشىمەنكى چوقۇم سەكسەن مىڭ لىۋردىن ئېشىپ كېتىدۇ! تۆت يىل ئىچىدە بىر قاتلانسا، قورقۇنچلۇق ئىش بولمامدۇ؟ — ئۇ بىردەم توختاپ، سەل ـ پەل دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەنسىزلىك ئىچىدە يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەتراپىمدىكىلەر، مەن كۆرۈپ تۇرغان ئاشۇ بىر قىسىم ئادەملەر، مېنىڭ ئورۇقلۇقۇمنى پەش قىلىپ، ئۆزلىرىنى سەمرىتىۋاتىدۇ. سىلەر مېنىڭ بەدىنىمدىكى ھەربىر تۆشۈكچىدىن پۇل سۈمۈرۈۋالسام دەپ يۈرۈۋاتىسىلەر!

ھېچكىم ئۈندىمىدى. مۇنداق ئاچچىقنى ئۆزىنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىش ئەڭ ياخشى چارە ئىدى. ئۇ يەنە گەپ باشلىدى:

— بۇ فرانسىيەدىكى ئاقسۆڭەكلەر لاتىن يېزىقىدا يوللىغان مۇراجىئەتنامە بىلەن ئوخشاش گەپ. ئۇلار ئوردا جەمەتىنىڭ زىممىسىدىكى ئېغىر يۈكنى كەڭ كۆلەمدە قايتىدىن بېكىتكەن بولساق، دەيدۇ. يۈك دەرۋەقە ئېغىر! ئادەمنى ئېزىپ، مىجىقىنى چىقىرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە ئېغىر! ئەپەندىلەر! ئېيتىڭلارچۇ، مەن پادىشاھقا ئوخشامدىمەن، يا غوجىدارىم يوق، يا مەسلىھەتچىم يوق، ماڭا قاراپ بېقىڭلار، مەن زادى پادىشاھمۇ، ئەمەس؟

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى يادىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئاچچىقىمۇ پەسكويىغا چۈشكەندەك بولدى ـ دە، يېنىغا قايرىلىپ فلاندىرلىق ئىككىيلەنگە قارىدى ۋە:

— كۆردۈڭمۇ، بۇرادەر گۇئىللائۇم، بولكىچى، غوجىدار، نۆكەر، كاتىپ دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى نان قېپى نەرسىلەر. گېپىمنى ئېسىڭدە تۇت گۇئىللائۇم، ئۇلارنىڭ پوققا پايدىسى

يوق، پادىشاھنىڭ ئالدىدا بىزىرىپ تۇرغىنى تۇرغان. ئۇلارنى كۆرسەملا ئوردىدىكى تام سائەتنى ئويلاپ قالىمەن. فىلىپ برىللى يېقىندا بۇ سائەتنىڭ چۆرىسىدىكى خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچى تۆت مۇئەككەلنى رېمونت قىلىپ يېڭىلىدى. ئالتۇندىن ھەل بەردى. لېكىن، ئۇلار ۋاقىتنى كۆرسىتەلمەيدۇ، سائەت ئىستىرېلكىسىنىڭمۇ ئۇلارغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ، — دېدى.

ئۇ خىيالىغا بىر ئىش كەلگەندەك سەل تۇرۇۋېلىپ، قېرىلىق يەتكەن بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ھەي! مەن فىلىپ برىللى ئەمەس، ۋەزىر - ۋۇزرالارغا ئالتۇندىن ھەل بېرىپمۇ يۈرمەيمەن. مېنىڭ پىكرىم پادىشاھ ئېدۋارد بىلەن ئوخشاش: ئاقسۆڭەكلەرنى ئۆلتۈرۈپ، پۇقرالارنى قۇتقۇزۇش! ئايغىنى ئوقۇغىنا، ئولىۋېر!

ھېلىقى بوۋاي ھېسابات تالونىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

— پارىژ گۇبېرناتورىنىڭ يامۇلىدىكى تامغا تۇتىدىغان ئەمەلدار ئادام تېنونىنىڭ تامغا ئويۇش ۋە ئۇنىڭغا ھەل بېرىش ھەققىنى تۆلىۋېتىش كېرەك، بۇ تامغا يېڭىدىن ياسالغان، چۈنكى ئىلگىرى ئىشلەتكەن تامغا كونىراپ كېتىپ، داۋاملىق ئىشلىتىشكە مۇمكىن بولمىغان، پۇلى يىگىرمە لىۋر. گۇئىللائۇم فىدېرغا تۆت لىۋر تۆت سو بېرىش كېرەك. ئۇ بۇ يىل يانۋار، فېۋرال، مارت ئايلىرىدا تورنېل سارىيىغا بېرىپ، ئۇ يەرگە قويۇلغان ئىككى قەپەستىكى كەپتەرلەرنى باققان. ئۇنىڭغا يەتتە قاداق بۇغداي بېرىش كېرەك. باشقا مەزھەپتىكى راھىبقا تۆت سو بېرىش كېرەك. ئۇ بىر نەپەر جىنايەتچىگە توۋا - ئىستىغپار ئېيتقۇزغان.

پادىشاھ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئاغلاپ ئولتۇردى، ئاندا - ساندا يۆتىلىپمۇ قويدى. ئىستاكاننى لېۋىگە تەگكۈزۈپ بىر يۇتۇم دورا ئىچتى. ئوزايىي بۇزۇلغاندەك بولدى.

— بۇ يىل ئەدلىيە ئەمەلدارىنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئوردىنىڭ

www.uyghurkitap.com

پەرمانىدىن ھەممە ئادەمنى خەۋەرلەندۈرۈش ئۈچۈن، پارىژنىڭ كوچا دوقمۇشلىرىغا سۇناي چالدىغانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ئەللىك ئالتە ئادەم قېتىم سۇناي چالدى. بۇ ھېسابىنىمۇ ئۆزۈۋېتىش كېرەك ئىدى. پارىژ بىلەن باشقا جايلاردا يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش بار دېگەن گەپ بويىچە، ئۇنى ئىزدەش ۋە يەرلەرنى كولاش قانات يايدۇرۇلغانىدى. ئەڭ ئاخىرىدا ھېچ نەرسە تېپىلمىغان بولسىمۇ، يەنىلا قىرىق بەش لىۋر ھەق بېرىش كېرەك.

— بىر ياماقنى تېپىشقا بىر سو كېتىدىكەن ـ دە! — دېدى پادىشاھ.

— تورنېل سارىيىدىكى چوڭ تۆمۈر قەپەسنى قويىدىغان جايغا ئالتە پارچە ئاق ئەينەك تاختا ئورنىتىلدى. ئۇنىڭغا ئون ئۈچ سو بېرىمىز. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، مەخلۇقاتلار بايرىمىدا ساۋۇتلارغا ئېسىش ئۈچۈن تۆت دانە پادىشاھلىق ئىزناك ياسىتىلدى، چۆرىسى قىزىلگۈل بىلەن بېزەلدى، بۇنىڭغا ئالتە لىۋر بېرىمىز. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كونا كىيىمىنىڭ ئىككى يېڭىنى يېڭىلىدۇق. ئۇنىڭغا يىگىرمە سو كېتىدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ كەشىنى مايلاش ئۈچۈن ئالغان بىر قۇتا مايغا ئون بەش دېنىرىس بېرىمىز. پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ قارا چوشقىسىنى بېقىش ئۈچۈن يېڭىدىن بىر ئېغىل سېلىندى. ئۇنىڭغا ئوتتۇز لىۋر بېرىمىز. ساينت پائۇل سارىيىدىكى بىر توپ شىرنى بېقىش ئۈچۈن ياسالغان تام ۋە ئىشىك ـ دېرىزىلەر ئۈچۈن يىگىرمە ئىككى لىۋر لازىم.

— بۇ ياۋايى ھايۋانلار نېمىدېگەن بەتخەج! — دېدى لۇئى XI، — ھېچ ۋەقەسى يوق! بۇ دېگەن پادىشاھنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سارغۇچ قىزىل رەڭلىك چوڭ بىر شىر بار، ئۇنىڭ ياۋاش مىجەزىنى بەك ياقتۇرىمەن. سەن كۆرگەنمۇ، گۇئىللائۇم ئەپەندى؟ پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا مۇشۇنداق تېپىلماس گۆھەر، قىممەتلىك ھايۋانلاردىن بولۇشى كېرەك. بىزدەك

پادىشاھلارنىڭ قولىدا شىرغا ئوخشاش ئىت، يولۋاسقا ئوخشاش مۈشۈكلەرنىڭ بولۇشى زۆرۈر. شۇ چاغدىلا پادىشاھنىڭ ئوبرازىغا مۇناسىپ ئىش قىلغان بولىمىز. يۇپىتېرغا ئېتىقاد قىلىدىغان غەيرىي دىن دەۋرىدە، پۇقرالار چېركاۋغا يۈز تۇياق قوي ـ كالا تەقدىم قىلسا، پادىشاھلار يۈز شىر، يۈز بۈركۈت تەقدىم قىلاتتى. پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان ئىش دېگەن مۇنداق بولىدۇ. يۈز ـ ئابرۇي دېگەن مانا مۇشۇ. ئىلگىرى فرانسىيە پادىشاھلىرىنىڭ ئەتراپىدا توپ ـ توپ ياۋايى ھايۋانلار بولىدىغان، مۇنداق بولمىسا، پۇقرالار مېنى ئەجدادلىرىغا قارىغاندا ئاز پۇل خەجلەيدىكەن، شىر، ئېيىق، پىل، يىلپىزلارغا تولىمۇ بېخىللىق قىلىدىكەن دېمەمدۇ! داۋاملىق ئوقۇ، ئولىۋېر! مېنىڭ مەقسىتىم بۇ ئەھۋاللارنى فالانىېرلىق ئاغىنىلەرگە دەپ بېرىش، خالاس! ئۇلارمۇ ئاڭلاپ قالسۇن.

گۇئىللائۇم روم ئېگىلىپ سالام بەردى. كوپپېنولنىڭ چىرايىدىن پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ بايىلا تىلغا ئالغان ئېيىقنىڭكىگە ئوخشاش نارازىلىق پەيدا بولدى. لېكىن، پادىشاھ بۇ ئىشلارغا دىققەت قىلمىدى. ئۇ ئىستاكاننىڭ گىرۋىكىگە لېۋىنى تەگكۈزۈپ، ئەمدىلەتىن ئىچكەن دورىنى تۈكۈرۈۋەتتى.

— تۇفى! — دېدى ئۇ، — بۇ قانداق دورا ئۆزى!

ھېلىقى بوۋاي ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— ئالتە ئايدىن بېرى، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغان بىر جىنايەتچى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى كۈتۈپ قۇشخانىدا يېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا بېرىشكە تېگىشلىك تاماق راسخوتى ئالتە لىۋر تۆت سو.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى پادىشاھ سۆز قىستۇرۇپ، — دارغا ئاسىدىغان ئادەمنى باقمىز دەۋاتامسەن! توۋا قىلدىم! مۇنداق نېمىلەرگە بىر سومۇ چىقىم قىلمايمەن. ئولىۋېر، سەن بېرىپ دېستوتىۋېل بىلەن مەسلىھەت قىل، بۈگۈن كەچتىلا تەييار بولسۇن، دارغا ئېسىشقا تېگىشلىك بۇ ئەبلەخنىڭ دار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن تويىنى قىلىپ قويۇڭلار! داۋاملىق ئوقۇ!
— پارىژ سوتخانىسىدىكى جازا ئىجرا قىلغۇچى باش ئەمەلدار ھېنرىت كوسىنغا ئالتە سو بېرىش كېرەك. بۇ پارىژ گۇبېرناتورىنىڭ تەستىقلىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سېتىۋالغان نېپىز تىغلىق خەنجەرگە چىقىم قىلىنىدىغان پۇل. ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنى مۇشۇ خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرىمىز. بۇ خەنجەرگە قوشۇپ يەنە غىلاپ ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ ئېلىنغان. بۇنىڭ سىرتىدا كونا خەنجەرنى رېمونت قىلغاندا كەتكەن پۇلمۇ بار. دې لۇئى لىيۇكسىمبۇرگنى قەتل قىلىدىغان چاغدا بۇ خەنجەرنىڭ تىغى قايرىلىپ كەتكەن. بۇ خەنجەرنى قايتا ئىشلىتىشنى كۆزدە تۇتۇپ ...
پادىشاھ گەپنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:
— بەس، بۇ چىقىمغا پۇتۇنلەي قوشۇلىمەن. مۇنداق ئىشقا پەرۋايىم پەلەك. پۇشايمان قىلىپمۇ يۈرمەيمەن. داۋاملىق ئوقۇۋېرىڭلار!
— مەھبۇسلارنى سولايدىغانغا يېڭى بىر قەپەس ياساش ئۈچۈن...
— ھە! — پادىشاھ ئىككى قولى بىلەن كىرىسلونىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتتى، — شۇنى بىلىشىڭ كېرەك، مەن باستىلىيەگە دەل مۇشۇ ئىشنى دەپ كەلگەن. توختاپ تۇر، ئولىۋېر ئەپەندى، مەن ئۇ قەپەسنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىسەم بولمايدۇ. سەن ئۇ قەپەسنىڭ باھاسىنى مەن دەل ئۇنى كۆرۈۋاتقاندا دەپ باق. فلاندىرلىق ئەپەندىلەر، بۇ نەرسىنى سىلەرمۇ كۆرۈپ باقامسىلەر، قالتىس چىرايلىق دەڭلار.
ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزى بىلەن سۆزلىشىۋاتقان ئادەمنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى، ئاندىن مىڭىشقا ئىشارەت قىلدى. خىلىغىچە زۇۋان سۈرمەي، ئىشىكنىڭ ئالدىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك تۇرغان ئۇ ئادەم يول باشلاپ ماڭدى. فلاندىرلىق ئىككىيلەن كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار بىرلىكتە ئۆيدىن چىقتى.

پادىشاھنىڭ ياساۋۇللىرى ئىشىك ئالدىدا دەرھال تەخ بولدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قولىغا ئېغىر تۆمۈر قوراللارنى تۇتقان، شام كۆتۈرۈۋالغان، بەزىلىرى شىلىۋەتكەندەك ئورۇق، ھەممىسى دېگۈدەك ياش نۆكەرلەردىن ئىدى. ئۇلار قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، قەلئە ھويلىسىنى چالا قويماي چارلاپ چىقتى. قەلئەدىكى پەلەمپەيلەر، دەھلىز ـ كارىدورلار قىلىن تامغا كىرىشتۈرۈپ ياسالغانىدى. تۈرمە باشلىقى مۆكچىيىپ قالغان قېرى پادىشاھنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ئىشىكلەرنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ تۇردى. پادىشاھ يول بويى يۆتىلىپ توختىمىدى.

ئۇلار ھەممىلا ئىشىكتىن بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. پەقەت قېرى پادىشاھلا ئۇنداق قىلمىدى. چۈنكى، ئۇ ياشىنىپ قالغان ھەمدە بېلى ئېگىلىپ، دوك ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى، ھەتتا يېشىنىڭ چوڭلۇقىدىن چىشلىرىمۇ تۆكۈلۈپ بولغانىدى.

— ھەممىمىز گۆرنىڭ ئاغزىدىن ئۇنچە يىراقتا ئەمەستەك قىلىمىز، — دېدى ئۇ چىشى قالمىغان مىلىكلىرىنى بىر ـ بىرىگە تەگكۈزۈپ، — پاكار ئىشىكلەردىن ئۆتكەندە بېلىمىزنى ئەگمەكتىن باشقا ئامال يوقتەك قىلىدۇ.

ئۇلار ئاخىرىدا بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا بېرىپ توختىدى. ئىشىككە بىرنەچچە قۇلۇپ سېلىنغانىدى. ئۇلار چارەك ۋاقىت ھەپىلىشىپ، ئاران دېگەندە قۇلۇپلارنى ئېچىپ بولدى. ھەممەيلەن ئەگمە تورۇسلۇق ئېگىز زالغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار شام يورۇقىدا زالنىڭ مەركىزىگە قويۇلغان ئىچى كاۋاك كۇب شەكىلدىكى بىر جىسىمنى كۆردى. بۇ كۇب جىسىم پىششىق خىش، تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇ مەھبۇسلارنى سولايدىغان، «پادىشاھنىڭ كىچىك قىزى» دەپ ئاتىلىدىغان داڭلىق قەپەسنىڭ ئۆزى ئىدى. قەپەسنىڭ تاملىرىغا بىرنەچچە كىچىك دېرىزە قويۇلغان، ھەربىر دېرىزىگە زىچ تۆمۈر چىۋىق بېكىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئەينەكنى كۆرگىلى بولمايتتى. قەپەسنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئىشىكى يوغان تاش تاختايدىن ياسالغان، بەئەينى قەبرىنىڭ ئىشىكىگە ئوخشايتتى. بۇ ئىشىكتىن كىرىپ كەتكەن ھەرقانداق ئادەم ئۇ يەردىن مەڭگۈ چىقالمايتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭغا ئۆلۈك ئەمەس، بەلكى تىرىك ئادەم سولاپ قويۇلاتتى.

پادىشاھ ئۆيگە ئوخشاپ كېتىدىغان قەپەسنى چۆرگۈلەپ مېڭىۋېتىپ، ئۇنىڭغا زەن سېلىپ قارىدى. ئولىۋېر ئەپەندى ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭغاچ قولىدىكى ھېسابات تالونىنى ئوقۇدى:

— يېغىدىن ياسالغان ياغاچ قەپەس كەڭلىكى سەككىز چى، ئۇزۇنلۇقى توققۇز چى، ئېگىزلىكى يەتتە چى، ساينىت ئانتونى دەرۋازىسىغا يېقىن جايدىكى باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ بىر ئۆيىگە قويۇلغان، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمىتىگە بىنائەن، كونىراپ كەتكەن باشقا بىر قەپەستىكى مەھبۇسنى مۇشۇ قەپەسكە سولىدۇق، يېغىدىن ياسالغان بۇ قەپەسكە توقسەن ئالتە تال تۆمۈر رېشاتكا، ئەللىك ئىككى تال تۈۋرۈك، ئون سەككىز گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئون تال لىم كەتتى. تەكلىپ قىلىنغان ئون توققۇز ياغاچچى باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ ھويلىسىدا ئاشۇ ياغاچلارنى كېسىپ، رەندىلەپ ساق يىگىرمە كۈن ئىشلىدى ...

— بۇ سېپى ئۆزىدىن دۇب ياغىچىكەنغۇ! — دېدى پادىشاھ قەپەسنى چېكىپ بېقىپ.

— مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەكسەن توققۇز چى ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى يۈز يىگىرمە تاختا قېلىن تۆمۈر قاڭالتىر كەتتى، — ئولىۋېر ئوقۇۋەردى، — يەنە باشقا مۇھىم ماتېرىياللارمۇ بار. بولارنىڭ ھەممىسى ئۈچ مىڭ يەتتە يۈز ئوتتۇز بەش قاداق. قەپەسنى مىخلاشقا سەككىز تۆمۈر ئىلمەك، بىر تالاي تۆمۈر مىخ ئىشلىتىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى يۈز ئون سەككىز قاداق. قەپەسنىڭ دېرىزىسىگە ئىشلىتىلگەن تۆمۈر رېشاتكىلار بۇنىڭ ئىچىدە يوق. تۆمۈر ئىشىك ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەر ...

— تايىنى يوق بىر ئادەمنى سولاش ئۈچۈن، — دېدى

پادىشاھ، — قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنچىۋالا تۇمۇر ئىشلىتىپسىلەر !
— قوشۇپ ھېسابلىغاندا ئۈچ يۈز ئون يەتتە لىۋر بەش سو!
— كىم بىلىدۇ ! — دەپ قويدى پادىشاھ غوتۇلداپ.
لۇئى XI نىڭ ئاغزىدىن ئۆزى ئەڭ ئامراق بۇ قوپال گەپنىڭ چىقىشى بىلەن تەڭ، قەپەسنىڭ ئىچىدىكى كىمدۇر بىرى ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. تۆمۈر زەنجىرنىڭ يەردە سۆرىلىپ شاراقلىغان ئاۋازىدىن كېيىن خۇددى گۆردىن چىقىۋاتقاندەك ئاجىز بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:
— ئالىيلىرى، مەرھەمەت قىلىڭ ! ئالىيلىرى، — گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى.
— ئۈچ يۈز ئون يەتتە لىۋر بەش سو يەتتە دېنىرس ! — دەپ تەكرارلىدى لۇئى XI .
قەپەستىن چىققان ئېچىنىشلىق ئاۋازنى ئاڭلىغان ئولىۋىر ۋە زالدا تۇرغان ھەممەيلەننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ قالدى. لېكىن، پادىشاھلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇنى ھەتتا بۇ گەپنى ئاڭلىمىدى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئولىۋىر پادىشاھنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە قولىدىكى ھېسابات تالونىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇۋەردى. پادىشاھ ئالىيلىرى مىتمۇ قىلىپ قويماي قەپەسنى كۆزدىن كەچۈرۈشنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.
— بۇنىڭدىن باشقا، دېرىزىدىكى پولات چىۋىقلارغا تۆشۈك تېشىش، مەھبۇسنى ئورۇنلاشتۇرۇش، قەپەسنىڭ ئىچىگە تاختاي ياتقۇزۇش ئۈچۈن تامچىلارغا يىگىرمە يەتتە لىۋر ئون تۆت سو بېرىلدى. ئەسلىدىكى تاختاي قەپەسنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەيدىغان دەرىجىدە ئىدى.
قەپەستىن ئىڭرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى:
— رەھىم قىلىڭ، ئالىيلىرى ! سىزگە قەسەم ئىچىپ بېرەي، ئىسيان كۆتۈرۈشنى پىلانلىغان ئادەم مەن ئەمەس، ئانگېردىكى كاردىنال !
— تامچىدا قىلچىلىك ئىنساب يوق ئىكەن ! ئوقۇۋەر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆلـۈپ !

ئۆلـۈپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى:

— دېرىزە، كارىۋات، ئورۇندۇق، ئۈستەل ۋە باشقا نەرسە - كېرەكلەر ئۇچۇن ياغاچچىغا يىگىرمە لىۋر ئىككى سو ...

قەپەستىكى ئادەم يەنە سۆزلىگىلى تۇردى:

— ھەي، ئالىيلىرى ! گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتامسىز؟ قەسەم قىلىپ بېرىمەنكى، ھېلىقى خەتنى گۈئىننى جانابلىرىغا بەرگەن ئادەم راستتىنلا مەن ئەمەس، بۇ ئىشنى كاردىنال بالۇي قىلغان !

— تامچى بىلەن ياغاچچى قارنى بالا نەرسىلەر ئىكەن، — دېدى پادىشاھ، — تۈگىدىمۇ؟

— يەنە بار، ئالىيلىرى، ئەينەك سالغان ئەينەكچىگە قىرىق سو سەككىز دېنىرىس...

— رەھىم قىلىڭ، ئالىيلىرى ! ئۇلار مېنىڭ ھەممە مال - مۈلكۈمنى مېنى سوتلىغان سوتچىغا بەردى. قاچا - قۇچىلىرىمنى تورىسى ئەپەندىگە بەردى. كىتابلىرىمنى پېررى دورئولىلى ئەپەندىگە بەردى. كىگىز - كېچەكلىرىمنى روسىللون ھەزرەتكە بەردى، مۇشۇمۇ ئاز كەلگەندىمۇ؟ ماڭا ئۇۋال بولدى ! تۆمۈر قەپەستە ياتقىنىمغا ئون تۆت يىل بوپتۇ ! رەھىم قىلىڭ ئالىيلىرى ! مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار !

— ئۆلـۈپ ئەپەندى، — دېدى پادىشاھ، — ھەممىسى قانچە؟

— ئۈچ يۈز ئاتمىش يەتتە لىۋر سەككىز سو ئۈچ دېنىرىس!

— ياشاپ كەت ! — جىلە بولدى پادىشاھ، — نېمىدېگەن قىممەت قەپەس بۇ، ئادەمنى قاق سەنەم قىلىپ قويىدىكەنغۇ !

ئۇ ئۆلـۈپنىڭ قولىدىن ھېساب تالونىنى تارتىۋېلىپ، بارماقلىرىنى پۈككەن ھالدا ئۆزى ھېسابلاپ باقتى. ھەربىر تالوننى ۋاراقلىغاندا، قەپەسكە بىر قېتىم قارىدى. ئەتراپتىكىلەر مەھبۇسنىڭ يىغلاۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. قاراڭغۇلۇقتىكى يىغا تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى، ھەممەيلەن چىرايى تاتىرىپ، بىر - بىرىگە قارىۋالدى.

— ئون تۆت يىل بولدى، ئالىيلىرى، ساق ئون تۆت يىل ئۆتۈپ كەتتى! ئۇ 1469 ـ يىلى 4 ـ ئاي ئىدى! مۇقەددەس بۇۋى مەريەم بېشىمىزدا تۇرۇپتۇ، ئالىيلىرى، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ! مۇشۇ مەزگىلدە سىز قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرىدىن بەھرىمەن بولدىڭىز، بەختلىك ياشىدىڭىز، مەنچۇ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، مەن مەڭگۈ كۈننىڭ سېرىقنى كۆرمەي ئۆتەرمەنمۇ؟ رەھىم قىلىڭ، ئالىيلىرى! ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! ئەپۇچان، رەھىمدىل بولۇش پادىشاھلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئۇ ھەرقانداق ئاچچىقنى تىنچىتالايدۇ. ئالىيلىرىمۇ ئەلنى باشقۇرىدىغانلار جىنايەتچىلەرنى بىرىنى قويماي جازالىغاندىلا جەننەتنىڭ دەرۋازىسىغا خۇشاللىق بىلەن قەدەم قويىدۇ، دەپ قارامدىغانسىز؟ ھالبۇكى، مەن سىزگە ئاسىيلىق قىلمىدىم. ئالىيلىرى، بۇ كاردىنالنىڭ قىلغان ئىشى. پۇتۇمغا ئىنتايىن يوغان زەنجىر سېلىنغلىق، ئۇنىڭ بىر ئۇچىغا چوڭ بىر تۆمۈر شار چىگىلگەن. ئېغىرلىقى ئەقىلگە سىغمايدۇ. ھەي، ئالىيلىرى، ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن!

— ئولىۋېر، — پادىشاھ بېشىنى چايقىدى، — مەنمۇ ھېسابلاپ باقتىم. بۇ يەردە بىر چېلەك ھاك يىگىرمە سو دەپ يېزىلىپتۇ، لېكىن نەق نەرخى ئون ئىككى سو. سەن بۇلارنى قايتىدىن ھېسابلاپ چىق.

پادىشاھ كەينىگە قايرىلىپ، قەپەستىكى مەھبۇسقا دۈمبىسىنى قىلغان ھالدا سىرتقا قاراپ ماڭدى. بىچارە مەھبۇس شامنىڭ ئۆچكەنلىكىنى كۆردى. قەدەم ئاۋازلىرىنىڭ يىراقلىغانلىقىنى ئاڭلىدى، پادىشاھنىڭ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئالىيلىرى، ئالىيلىرى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئۈمىدسىزلىك بىلەن، شۇ چاغدا ئىشىك يېپىلدى. ئۆينىڭ ئىچى قاراڭغۇلۇققا چۆمگەنىدى. گۈندىپاينىڭ بوغۇق ئاۋاز بىلەن ئېيتىۋاتقان ناخشىسى مەھبۇسنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى:

ژان بالۋي ئەپەندى،
بىر چاغلاردا كاردىنال ئىدى.
ۋېردۈن ئەپەندىگە ئوخشاش
نەۋاق بولدى، بېشىنى يېدى.
ئۆلۈپ تۈگىدى ھەر ئىككىلىسى،
بۇلۇت قاچتى، تۇمان تارقىدى.

پادىشاھ ئۈندىمەستىن تىلاۋەتخانىغا قايتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ياساۋۇللار قەپەستىكى مەھبۇسنىڭ ئاخىرقى ئېچىنىشلىق نىداسىنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالدى. پادىشاھ شارتتىدە قايرىلىپ، باستىلىيە تۈرمىسىنىڭ باشلىقىغا قارىدى ۋە.

— ھەي، قەپەستە بىرى باردەك قىلامدۇ، نىمە؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئالىيلىرى! — تۈرمە باشلىقى بۇ سوئالدىن گاڭگىراپ قالغاندەك بولدى.

— ئۇنداقتا، ئۇ كىم؟

— ۋېردۈن رايونىدىكى ئېپىسكوپ.

ئەمەلىيەتتە پادىشاھ بۇ ئىشنى ھەرقانداق ئادەمدىن ئېنىق بىلەتتى، مۇنداق سوراپ قويۇشى ئۇنىڭدىكى كونا مىجەز ئىدى.

— مۇنداق دە! — ئۇ خۇددى بىر ئىشنى تۇنجى مەرتىۋە ئويلاپ قالغاندەك، چىرايىدا سەمىمىيلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، — ئەسلىدە گۇئىللائۇم دې ھارانگورت ئىكەن ـ دە. كاردىنال بالۇينىڭ دوستى، ئۇ بولىدىغان ئېپىسكوپ ئىدى.

ھايال ئۆتمەيلا تىلاۋەتخانىنىڭ ئىشىكى قايتا ئېچىلدى. بىز مۇشۇ بابنىڭ بېشىدا ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرغان بەشەيلەن ئۆيگە كىردى. ئىشىك يەنە يېپىلدى. ئۇلار ئاۋايا ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ، شۇ چاغدىكى ھالىتىگە ياندى ـ دە، كۇسۇرلاشلىرىنى يەنە باشلىدى.

پادىشاھ تىلاۋەتخانىدىن ئايرىلغاندا، كىمدۇر بىرلىرى

شىرەگە جىددىي بېجىرىشكە تېگىشلىك بىرنەچچە ھۆججەتنى قويۇپ قويغانىدى. پادىشاھ كونىۋېرتلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى خەت ـ چەكلەرنى تېزلىك بىلەن ۋاراقلاپ كۆرۈپ چىقتى. ئاندىن يېنىدا كابىنېت ۋەزىرىدەك قېتىپ تۇرغان ئولىۋېرغا ئىشارەت قىلىپ، قولىغا قەلەم ئېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭغا خەت ـ چەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى دەپ يۇرمەي، بېرىلىدىغان جاۋابنىلا بوش ئاۋازدا سۆزلىگىلى تۇردى. ئولىۋېر قورۇنغان ھالدا شىرەنىڭ ئالدىغىلا تىزلاندى ـ دە، شىتىرلىتىپ يېزىشنى باشلىۋەتتى.

گۇئىللائۇم روم سەگەكلىك بىلەن دىققەت قىلىپ تۇردى.

پادىشاھنىڭ ئاۋازى بەك بوش بولغاچقا، فلاندېرلىقلار ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى تۇزۇكرەكمۇ ئاڭقىرالمىدى. پەقەت ئۇنىڭ قولاشمايۋاتقان بەزى سۆزلىرىلا ئاندا ـ ساندا قۇلاققا كىرەتتى:

ـــ ... باي رايونلارنى سودىغا تايىنىپ قامداش، نامرات رايونلارنى قول ـ ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن قامداش ... ئىنگىلاندلىق جانابلارغا بىزدىكى لوندون، برابانت، بورگىن برېس، سايىنت ئومېر ... قاتارلىق تۆت زەمبىرەكنى كۆرسىتىپ قويۇش ... زەمبىرەك ھازىرقى زامان جەڭلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇستۇنلۇككە ئىگە قىلالايدۇ. ئاغىنىمىز برېسسۇئىرغا دەپ قويايلى ... تەمىنات بولمىسا ئارمىيەنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ ...

بىر يەرگە كەلگەندە ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋەتتى:

ـــ بۇ قانداق گەپ ! سىتسىلىيە پادىشاھى ئۆزى يازغان خەتنىڭ كونىۋېرتىنى تەپ تارتماي فىرانسىيە پادىشاھلىرىدەك شامدا چاپلاپتۇ، بۇنىڭغىمۇ بوپتۇ دەيلى. لېكىن، مۇنداق قىلىش توغرا ئەمەس. نەۋرە ئاكام دې بۇرگۇندىمۇ ئۆزىنىڭ تامغىسىغا قىزىل سۇرۇخ ئىشلەتمەپتۇ ! خان جەمەتىنىڭ ھەيۋىسىنى مۇكەممەل قانۇن ـ قائىدە ئارقىلىق قوغداش كېرەك. بۇنى خاتىرىلەپ قوي، بۇرادەر ئولىۋېر !

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەي، ھەي ! — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ئاۋۇ پادىشاھ ئاكامنىڭ يەنە نېمە تەلىپى باردۇ؟ مۇھىم خەۋەرغۇ بۇ ! — ئۇ قىلىۋاتقان گېپىدىن توختاپ، ئالدىدىكى بىر دۆۋە ھۆججەتكە كۆز يۈگۈرتتى، — دەرۋەقە، گېرمانىيەنىڭ قۇدرەت تاپقىنى ۋە گۈللەنگەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. لېكىن، بىز «ئەڭ چىرايلىق بەگلىك فلاندېر، ئەڭ چىرايلىق كىنەزلىك مىلان، ئەڭ چىرايلىق پادىشاھلىق فىرانسىيە» دېگەن بۇ گەپنى ئەستىن چىقارمايمىز. شۇنداقمۇ ئەمەس؟ فلاندېرلىق ئەپەندىلەر !

بۇ نۆۋەت كوپپېنول بىلەن گۇئىللائۇم تەزىم بەجا كەلتۈردى. ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە بولغان مۇھەببەت پايپاق دۇكىنىنىڭ خوجايىنىنى تەسىرلەندۈرگەنىدى.

ئەڭ ئاخىرقى ھۆججەتكە كەلگەندە، لۇئى XI نىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ توۋلاپ سالدى ئۇ، — مۇداپىئەدە تۇرۇش ئۈچۈن پىكاردىغا ئەۋەتكەن قوشۇنىڭ ئۈستىدىن نارازىلىق چىقىپتۇغۇ ! ئولىۋېر، مارشال رووۋا ئولتىقا دەرھال خەت ياز، ئۇلارغا قوشۇننىڭ ئىنتىزامى بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيت! گۋاردىيە ئەسكەرلىرى، سۈيۈرغال ئاقسۆڭەكلەر، ئەركىن ئوقياچىلار، ياللانما رىتسارلار پۇقرالىرىمىزغا تىنىم تاپماي زىيان - زەخمەت يەتكۈزۈپتۇ. ئۇلار دېھقانلارنىڭ ئۆيىدىكى مال - مۈلۈكنى بۇلاپتۇ. بۇمۇ ئاز كەلگەندەك، ئۇلارنى كالتەكلەپ ئۆيلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. شەھەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ھاراق - شارابلارنى، بېلىق گۆشلىرىنى، كۆزىگە ئوبدان كۆرۈنگەنلىكى زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى خالىغانچە ئېلىۋاپتۇ. ئۇلارغا پادىشاھنىڭ بۇ ئىشلارنى بەش قولدەك بىلىدىغانلىقىنى دەپ قوي! مەن ئۆزۈمنىڭ پۇقرالىرىمنى قوغداشقا تەييار. مەن ئۇلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتتە قېلىشىغا، بۇلاڭ - تالاڭغا، زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىشىغا قاراپ تۇرالمايمەن. خۇدا گۇۋاھ بولسۇنكى، بۇ مېنىڭ ئىرادەم. مەن

سەھەرالىق بىر ئىسكىرىپكىچىنىڭ، ساتىراشنىڭ، ئۇ يەردىكى بىرەر ئەسكەرنىڭ پادىشاھلارغا ئوخشاش ياسىنىۋېلىشىغا — ئۇستىباشلىرىنى ماھۇق، دۇخاۋا - كىمخابلاردىن قىلىشىغا، قولىغا ئالتۇن ئۈزۈكلەرنى سېلىشىغا ھەرگىز يول قويمايمەن. مۇنداق ئابرۇيپەرەسلىكنى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلارغا يۇقىرى تەبىقىدىكى مەندەك ئادەمنىڭمۇ مېتىرى ئون ئالتە سو كېلىدىغان ئاددىي رەختتىن كىيىم كىيىش بىلەن قانائەتلىنىدىغانلىقىمنى دەپ قوي. قوشۇن بىلەن ماڭغان خىزمەتكارلارمۇ كاللىسىنى سىلىكىۋەتسۇن، مۇشۇنچىلىك پۇلغا كېلىدىغان رەختلەردىن كىيىم كىيىپ باقسۇن، شۇنداق دەپ ياز. مېنىڭ دېگەنلىرىم ۋە بۇيرۇقۇم بويىچە ئىش قىلىڭلار.

ئۇ بۇ خەتنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېغىزچە ئېيتىپ بەردى. ھەربىر سۆزنى شۇنداق جاراڭلىق سۆزلىدى. تەلەپپۇزىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى، بۇ گەپلەرنى ئەمدى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا ئىشىكنى ئىتتىرىپلا بىرى كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم ساراسىمىگە چۈشكەن، ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ دېگۈدەك ئاران يېتىپ كەلدى - دە:

— ئالىيلىرى ! ئالىيلىرى ! پارىژدىكى پۇقرالار توپىلاڭ كۆتۈردى ! — دېدى.

لۇئى XI نىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا تارتىشىپ كەتكەندەك بولدى. لېكىن، چىرايىدىكى بىردەملىك ھودۇقۇش چاقماقتەك يالت قىلىپلا ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ، ئۆزىنى زورغا بېسىۋالدى. سۇرلۇك ئاۋازى بىلەن ئۆزىدىكى نارازىلىقنى بىلدۈردى:

— ياكوئىس كوئىكتېر بۇرادەر، كالىدەك ئۇسۇپلا كىردىڭغۇ !

— ئالىيلىرى ! ئالىيلىرى ! ئىسيان بولۇۋاتىدۇ ! — ياكوئىس كوئىكتېر تولا يۈگۈرۈپ ھاسىراپ كەتكەنىدى.

پادىشاھ ئورنىدىن تۇردى، دەرغەزەپ بولدى. ياكوئىسنىڭ بىلىكىدىن كاپلا ئېلىپ، فلاندېرلىق ئىككىيلەنگە قاراپ قويدى.

ئۇلارنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئاغزىنى ياكوئىسنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ دېدى:

— ئۈنۈڭنى پەس قىل! بولمىسا زۇۋانىڭنى ئۈچۈر!

كىرىپ كەلگەن ئادەم پادىشاھنىڭ غەزىپىنى چۈشەندى بولغاي، يۈز بەرگەن قورقۇنچلۇق ۋەقەنى پادىشاھقا پەس ئاۋازدا ئاران ئاڭلانغۇدەك دەپ بەردى. پادىشاھمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى. گۇئىللائۇم روم كوپپېنولغا كىرگەن ئادەمنىڭ چىرايىغا ۋە كىيىنىشلىرىگە زەن سېلىپ باق دېگەندەك ئىما قىلدى. بېشىغا كىيگەن خۇرۇم قالپاق، يېپىنىۋالغان پلاشىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى.

— بىراق، ئالىيلىرى ...

— چىڭراق سۆزلىگىنە!

ياكوئىس كوئىكتىر «بۇرادەر» غىققىدە بولۇپ قالدى، ھەيران قالغىنىدىن گەپ قىلالماي قالدى.

— دېمەك، — پادىشاھ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سۆزلەۋەر، ئەپەندى. شەھىرىمىز پارىژدا بىر بۆلەك پۇقرا ئىسيان كۆتۈردى، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى!

— ئۇلارنىڭ قارشى تۇرۇۋاتقىنى ئەدلىيە سارىيىدىكى باش سودىيە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداقتەك قىلىدۇ، — پادىشاھنىڭ ئۆز پىكرىنى ئەجەبلەنگەندەك دەرىجىدە تۈيۈقسىزلا ئۆزگەرتكىنىگە قاراپ، ھەيران قالغان «بۇرادەر»جاۋاب بەرگەندە كېكەچلەپ قالدى.

— كېچىلىك چارلاشتىكىلەر توپىلاڭچى ئۇنسۇرلارنى قەيەردە يولۇقتۇرۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى لۇئى XI.

— تىلەمچىلەرنىڭ قاراركاھىدىن ئۇۋچاڭگى كۆۋرۈكىگىچە بولغان ئارىلىقتا. مەن بۇيرۇققا بىنائەن ئالىيلىرىنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىۋېتىپ، يېرىم يولدا ئۇلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ

قالدىم. بىرنەچچە ئادەمنىڭ «ئەدلىيە سارىيىدىكى سودىيەنى يوقىتايلى !» دەپ توۋلىغىنىنى ئاڭلىدىم !

— ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ ئەدلىيە سارىيىدىكى سودىيەگە نېمە نارازىلىقى ۋە قانداق ئۆچمەنلىكى بار ئىكەن؟

— ھە، — دېدى ياكوئىس كوئىكتېر بۇرادەر، — سودىيە ئۇلارنىڭ فېئودال يەر ئىگىسى !

— دۇرۇس !

— شۇنداق، ئالىيلىرى ! ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىراكىل رايونىدىكى تىلەمچىلەر. ئۇلار ئۇزاقتىن بىرى سودىيەلەردىن نارازى. ئۇلار سودىيەلەرنىڭ پۇقرالىرى ئەمەسمۇ؟ لېكىن، ئۇلار سودىيەلەرنىڭ ئەدلىيە ھوقۇقى بىلەن يولغا باج ئېلىش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

— مۇنداق دېگىنە ! — پادىشاھ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— ئۇلار ئالىي سوت مەھكىمىسىگە سۇنغان ھەربىر پارچە مۇراجىئەتنامىدە، — دېدى ياكوئىس كوئىكتېر، — پەقەت سىز ئالىيلىرىنى ۋە خۇدانىلا ئۆزلىرىنىڭ ئىگىسى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خۇداسى ئالۋاستى بولۇشى مۇمكىن.

— ھىم ! — دېدى پادىشاھ.

ئۇ قوللىرىنى ئىشقىلىدى، چىرايىغا قەلبىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى خۇشاللىق يامرىدى. ئۇ گەرچە سىلىق ـ سىپايە ھالدا ھەيۋە كۆرسىتىشكە ئامراق بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا كۆڭلىدىكى خۇشاللىقنى يوشۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەيتتى. بۇ ھەتتا «ئولىمۋېر ئەپەندى»گىمۇ سىر ئىدى. پادىشاھ ئالىيلىرى بىرھازاغىچە گەپ قىلمىدى، بىرنەرسىنى ئويلاۋاتقاندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ ئىنتايىن خۇشال كۆرۈنەتتى.

— ئۇلارنىڭ ئادىمى كۆپمۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ بىردىنلا.

— ئەلۋەتتە كۆپ، ئالىيلىرى، — ياكوئىس جاۋاب قايتۇردى.

— قانچىلىك؟
— ئالاھازەل ئالتە مىڭچە بار.
— ياخشى، — دېدى پادىشاھ ئىختىيارسىز، ئاندىن گېپىنى داۋام قىلدى، — ئۇلاردا قورال بارمۇ؟
— شۇنداق، ئۇلار ئىككى ئۇشكە، نەيزە، پالتا قاتارلىق ئەڭ يامان قوراللار بىلەن قوراللانغان.
پادىشاھ ئۇنىڭ كۆپتۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرىدىن ئازراقمۇ ئالاقزادە بولمىدى. ياكوئىس كوئىكتېر پادىشاھ ئوچۇق ئاڭلىمىدى دەپ قالغان چېغى، ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغاش ئۈچۈن:
— ناۋادا ئالىيلىرى ئەسكەر چىقىرىپ قۇتقۇزۇۋالمىسا، سودىيە چوقۇم تۈگىشىدۇ، — دېدى.
— بىز ئەلۋەتتە قۇتقۇزۇشقا ئەسكەر ئەۋەتىمىز، — پادىشاھنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، — مۇشۇنداق قىلغىنىمىز تۈزۈك، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چوقۇم ئەسكەر چىقىرىش كېرەك. سودىيە ئەپەندى مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم. بۇ بىرنېمىلەر جىنىدىن جاق تويغانلار، قىسقىسى ئادەمدىنمۇ، خۇدادىنمۇ قورقمايدىغانلار، بۇ ئىشقا بەكلا ئاچچىقىم كېلىدۇ. لېكىن، قولۇمدا بۈگۈن كېچىدە ئەۋەتكۈدەك بىرمۇ ئادەم يوق. بۇ ئىشنى ئەتە ئەتىگەندىلا قىلغىلى بولىدۇ.
ياكوئىس كوئىكتېر ۋارقىراپ كەتتى:
— ئالىيلىرى، قۇتۇلدۇرىدىغانغا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەسكەر ئەۋەتىش كېرەك. بولمىسا ئۇلار سودىيەنىڭ ئۆيىنى ئوت قېتىممۇ بۇلاپ ئۇلگۈرىدۇ. سۈيۈرغاللىق يەرلىرىنىمۇ پاك - پاكىز ئادالىۋېتىدۇ. سودىيەنىڭ دارغا ئېسىلىشىمۇ تۇرغانلا گەپ. خۇدا ھەققى، ئالىيلىرى، تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرىلا قۇتۇلدۇرىدىغانغا ئەسكەر ئەۋەتسەك بولاتتى!
پادىشاھ ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ:
— مەن ساڭا بۇ ئىشنى پەقەت ئەتە ئەتىگەندىلا قىلغىلى

بولىدۇ، دەپ ئېيتتىمغۇ، ــ دېدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاغزىغىنى ئۇپراتما، دېگەن ئالامەت چىقىپ تۇراتتى.

لۇئى XI بىردەم جىمىپ كېتىپ، يەنە پوسۇققىدە گەپ باشلىدى.

ــ ياكوئىس كوئىكتېر بۇرادەر، سەن ئوبدان بىلىسەن، ئەدلىيە سارىيىنىڭ قارىمىقىدىكى يەرلەر قايسى رايوندا ... ــ ئۇ قىلىۋاتقان سۆزىنى قايتا تەكرارلىدى، ــ سودىيەنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى قايسى رايونغا توغرا كېلىدۇ؟

ــ ئالىيلىرى، ئەدلىيە سارىيىنىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرلەر كالانت كوچىسىدىن كۆكتات بازىرىغىچە ئارىلىقتا بولۇپ، ئۇز ئىچىگە ساينت مىچېل مەيدانى، شەھەر ئەتراپىدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋى (پادىشاھ دەرھال شىلەپىسىنى قولىغا ئالدى) يېنىدىكى سېپىل تېمى دەپ ئاتىلىدىغان دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ يەرلەردە ئون ئۈچ چوڭ ساراي، ئۇنىڭدىن بۆلەك مىراكىل رايونى، شەھەرنىڭ سىرتى دەپ قارىلىدىغان ماخاۋلار دوختۇرخانىسى، يەنە شۇ ماخاۋلار دوختۇرخانىسىدىن تارتىپ ساينت ياكوئىس دەرۋازىسىغىچە بولغان چوڭ يول بار. بىز دەۋاتقان سودىيە جانابلىرى مۇشۇ دائىرىدىكى يوللاردىن باج ئالىدىغان باجگىر، يۇقىرى دەرىجىلىك، ئوتتۇرا دەرىجىلىك، باشلانغۇچ دەرىجىلىك سودىيەلەرنىڭ ھەممىسى شۇ بىر ئادەم. ئۇ تولۇق ھوقۇقلۇق فېئودال يەر ئىگىسى!

ــ نېمە دېدىڭ؟ ــ پادىشاھ ئوڭ قولى بىلەن سول قۇلىقىنى تۇتتى، ــ بۇ مېنىڭ شەھىرىمدىكى ئەڭ ياخشى بىر پارچە يەرغۇ! سودىيە ئەپەندى مۇشۇ دائىرىدە ئۆزى بەگ - ئۆزى خان ئىكەن - دە!

بۇ قېتىم ئۇ ئىچىنى تىنىشاپ جىم بولۇپ قالدى. ئارقىدىنلا بىر ئىش كۆڭلىدىن كەچتى بولغاي: «بەللى، سودىيە ئەپەندى، يالغۇز بىر جېنىڭغا پارىژنىڭ ئەڭ ياخشى يېرىنى چاپىناپ يۇتۇۋېتىپسەن - دە!» دېدى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاپ.

— خۇدا ئۆزۈك بار ! — دېدى ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى بېسىۋالالماي، — بىزنىڭ بۇ يەردىكى يول باشقۇرغۇچى، سودىيە، ھۆكۈمران، خوجايىن بولۇپ يۈرگەن ئەبلەخلەر قانداق نېمىلەر ئۆزى؟ كىم ئۇلارنى دائىم يول ئېغىزلىرىغا، يۈرۈش بېجى ئالسۇن، دەپتۇ. كىم ئۇلارنىڭ سوتخانا بىلەن جاللاتلارنى يول ئېغىزلىرىغا، خەلقىمىزنىڭ ئارىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىپتۇ؟ گېرېكلار بىرنەچچە بۇلاقنى كۆرۈپ، خۇدا مۇشۇنچىلىك كۆپ دېگەندەك، پارسلار بىرنەچچە يۇلتۇزنى كۆرۈپ، ئىلاھلار مۇشۇنچىلىك كۆپ دېگەندەك، فىرانسىيەلىكلەر شۇنچە كۆپ جازا سۇپىلىرىنى كۆرگەندە، بۇ يەردىمۇ شۇنچىلىك كۆپ پادىشاھ بار ئىكەن، دەپ قالامدۇ ! توۋا قىلدىم ! نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق، مۇنداق قالايمىقانچىلىق بىلەن خۇشۇم يوق، شانۇشەۋكەتلىك خۇدا پارىژدا پادىشاھتىن بۆلەك يەنە بىر يول باشقۇرغۇچى ئەمەلدارنىڭ بولغىنىغا؛ ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن بۆلەك يەنە بىر ئەدلىيە ئورگىنىنىڭ بولغىنىغا؛ بۇ ئىمپېرىيىدە مەندىن بۆلەك يەنە بىر ئىمپېراتورنىڭ بولغىنىغا خۇش بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى بەك بىلگۈم بار ! جىنىمنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلىمەن ! ھامىنى بىر كۈنى مۇشۇنداق پۈرسەت يېتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا جەننەتتە بىرلا خۇدا بولغاندەك فىرانسىيەدە بىرلا پادىشاھ بولىدۇ، بىرلا فېئودال يەر ئىگىسى بولىدۇ، بىرلا سودىيە بولىدۇ، جىنايەتچىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا ھوقۇقلۇق بىرلا ئادەم بولىدۇ.

ئۇ يەنە شىلەپىسىنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى. تەق - تۇرقى، تەلەپپۇزى بىر توپ تايغاننى ئۇۋنى قوغلاشقا كۇشكۇرتۇۋاتقان ئوۋچىغا ئوخشاپ قالدى. پادىشاھ خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ياخشى بولدى ! پۇقرالىرىم، تازا ياخشى بولدى ! يالغان فېئودال يەر ئىگىلىرىنى بىرنى قويماي يوقىتىڭلار! نېمىنى خالىساڭلار، شۇنى قىلىڭلار ! ھۇجۇمغا ئۆتۈڭلار ! ئۇلارنى

يوقىتىڭلار، ئۆلتۈرۈڭلار، دارغا ئېسىڭلار! ھەممىڭلارنىڭ پادىشاھ بولغۇڭلار كېلەمدۇ؟ بەگلىرىم! ئىشنى باشلاڭلار، يۇقرالىرىم، باشلاڭلار!

سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پادىشاھ گېپىدىن چىپپىدە توختىۋالدى ـ دە، نەگىدۇر قېچىپ كەتمەكچى بولغان ئوي ـ خىيالىنى تۇتۇۋالماقچى بولغاندەك، ئەتراپىدىكى بەشەيلەننىڭ ھەربىرىگە سەپسېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىگىزدەك ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا قولىدىكى شلەپىنى ئىككى قوللاپ قامالىدى، ئۇنىڭغا يەۋېتىدىغاندەك تىكىلدى ۋە:

— ئەگەر، — دېدى ئۇ شلەپىگە ۋارقىراپ، — كاللامدا قانداق خىيالنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قالغان بولساڭ، سېنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىمەن!

ئاندىن ئۇ ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قارىدى، نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى ئاران تەستە كامارغا كىرىۋالغان تۆلكىنىڭ كۆزلىرىدەك سەگەكلەشتى ۋە ئەنسىزچىلىك بىلەن تولدى.

— كېرەك يوق! — دېدى ئۇ، — بىز سودىيە ئەپەندىگە چوقۇم ياردەم قولىمىزنى سۇنىمىز. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، مۇشۇ دەمدە، مۇشۇ يەردە بىزنىڭ قوشۇنىمىز ناھايىتى ئاز، توپىلاڭ كۆتۈرگەن مۇنچە كۆپ ئادەمگە تەڭ كېلەلمەيدۇ. ئەتە بىر نەرسە دەيلى. ۋاقتى كەلگەندە، كونا شەھەر رايونىنىڭ تەرتىپى ئەسلىگە كېلىدۇ، قولغا ئېلىنغانلارنىڭ ھەممىسى دەھشەتلىك يوسۇندا دارغا ئېسىلىدۇ.

— ئالىيلىرى، — دېدى ياكوئىس كوئىكتېر، — كېچىلىك چارلىغۇچىلار توپىلاڭچىلاردىن ئىككىنى تۇتۇپتۇ. جىددىيلىشىپ كېتىپ، ئۇنتۇپ قالغىلى تاس ـ تاس قاپتىمەن. ئالىيلىرىنىڭ ئۇ ئىككىيلەننى كۆرۈپ باققۇسى بارمىكىن، ئۇلار ياندىكى ئۆيدە.

— كۆرۈپ باققۇڭىز بارمىكىن دەپ سورىغىنىڭنى قارا! — ۋارقىرىدى پادىشاھ، — توۋا قىلدىم! قاراپ تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشنىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالامدىغان! تېز يۈگۈر، ئولىۋېر، دەرھال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

بېرىپ ئۇ ئىككىسىنى ئەكەل!

ئولتۇرۇپ ئەپەندى ھايال ئۆتمەيلا ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى ئادەمنى ئەكەلدى. گۋاردىيەدىكى ئوقياچىلار يەلپۈگۈچتەك يېيىلىپ، ئىككىيلەننىڭ يېنىغا ئۆتتى. ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ بىرى ناغرا يۈز، كىيىملىرى جۇل - جۇل، بەدىنىدىن قاڭسىق ھاراق پۇراپ تۇرىدىغان، ئەس - ھوشىنى يوقاتقان، سەنتۈرۈلۈپ ئاران ماڭىدىغان ئادەم ئىدى. يەنە بىرەيلەن ھېچبىر ئىسىپلا تۇرىدىغان، يۈزىدە قان دىدارى يوق، ئوقۇرمەنلەر بۇرۇنلا بىلىدىغان بىر ئادەم ئىدى.

پادىشاھ ئۇلارغا سوغۇق نەزەر تاشلىدى، بىرھازاغىچە گەپ قىلمىدى، ئاندىن تۇيۇقسىزلا بىرىنچى ئادەمگە سوئال قويدى:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— گېففورو پىنسبورد.

— نېمە ئىش قىلىسەن؟

— تىلەمچىلىك.

— سەن بۇ توپىلاڭدا نېمە قىلماقچىدىڭ؟

تىلەمچى گاڭگىراش ئىلكىدە پادىشاھقا تىكىلدى، گاراڭ بولۇپ قالغاندەك بىلەكلىرىنى سىلىكىدى. ئۇنىڭ كاللىسى پەقەت ئىشلىمەيدىغان كاللىدىن ئىدى.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ، — باشقىلار ماڭغاندىكىن، مەنمۇ ئەگىشىپ ساپتىمەن.

— سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ ئىگىسى بولمىش ئەدلىيە سارىيىدىكى باش سودىيەگە ھۇجۇم قىلماقچى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى بۇلىماقچى ئەمەسمۇ؟

— مەن ئۇلارنىڭ كىمدۇر بىرىنىڭكىگە بېرىپ، ئۇ يەردىن قانداقتۇر بىرنېمىلەرنى ئالماقچى ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن.

ئەسكەرلەردىن بىرى بىر قىڭراقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ پادىشاھقا كۆرسەتتى. ئۇلار بۇ قىڭراقنى مۇشۇ تىلەمچىنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ تېپىۋالغانىدى.

— بۇ قورالنى تونۇمسەن؟
— تونۇيمەن، ئۇ مېنىڭ قىلىچىم. مەن ئۇنى ئۆزۈم تىككەندە ئىشلىتەتتىم.
— سەن ماۋۇ شېرىكىڭنى تونۇمسەن؟ — لۇئى XI ئۇنىڭغا يەنە بىر ئەسىرنى كۆرسەتتى.
— ياق، ئۇنى تونۇمايمەن.
— بولدى، — دېدى پادىشاھ. ئاندىن ئىشىكنىڭ يېنىدا تۇرغان ئادەمگە قارىدى. بۇ ئادەممۇ باشتىلا ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇلغانىدى.
— بۇرادەر ترىستان، بۇ ئادەمنى ئۆزۈڭ بىر تەرەپ قىل.
ترىستان لېرمىت تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىككى ئوقياچىغا بۇ بىچارىنى ئېلىپ مېڭىشنى تاپىلىدى.
پادىشاھ ئىككىنچى ئەسىرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئەسىر چىلىق - چىلىق تەرلەپ كەتكەنىدى.
— ئىسمىڭ نېمە؟
— ئالىيلىرى، مېنىڭ ئىسمىم پېررې گرىنگورى.
— نېمە قىلىدىغان ئادەمسەن؟
— مەن پەيلاسوپ، ئالىيلىرى.
— خۇنپەر! سەن قانداقلارچە ئۇلار بىللە بىللە مېنىڭ دوستۇم سودىيە ئەپەندىگە ھۇجۇم قىلىشقا ماڭدىڭ؟ سېنىڭ بۇ قېتىمقى توپىلىشىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە گېپىڭ بارمۇ؟
— ئالىيلىرى، مەن بۇ توپىلاڭغا قاتناشمىدىم.
— مۇتتەھەم! چارلىغۇچىلار سېنى ئاشۇ ئوغرى - قاراقچىلارنىڭ قاتارىدىن تۇتۇۋالغان ئەمەسمۇ؟
— ئۇنداق ئەمەس، ئالىيلىرى، ئۇلار خاتالىشىپتۇ، ئادەمنى بۇنداقمۇ نەس باسقان بارمۇ؟ مەن ئەسلىدە تىراگېدىيە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، ئالىيلىرى، گېپىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن مۇشۇ ئادەملەردەك كېچىسى يول مېڭىشقا ئامراق شائىر. بۈگۈنمۇ دەل شۇ يەردىن كېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باراتتىم. تاسادىپىي تۇغرا كېلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشتۈم. مېنىڭ تۇپىلاڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىم يوق. ئالىيلىرى، ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، ئۇ تىلەمچىمۇ مېنى ھەرگىز تونۇمايدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ئالدىدا قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن ...

— ئاغزىڭنى يۇم! — پادىشاھ ئالدىدىكى دورىدىن بىر ئوتلام ئىچتى، — تولا كوتۇلداپ بېشىمنى يېرىۋېتەي دېدىڭ!

ترىستان لېرمىت كىرىپ گرىنگورىنى شەرەت قىلدى ۋە:

— ئالىيلىرى، بۇ ئەبلەخنىمۇ دارغا ئېسىۋېتەمدۇق؟ — دېدى.

بۇ ئۇنىڭ ئېسىگە كەلگەن تۇنجى سۆز ئىدى.

— مەيلى، — دېدى پادىشاھ ئېرەنسىزلىك بىلەن، — مېنىڭچە شۇنداق قىلساقمۇ بولىدىكەنغۇ.

— ئۇنداق قىلساق بولماس، — دېدى گرىنگورى.

شائىرىمىزنىڭ چىرايى زەيتۇن دەرىخىدىنمۇ بەكرەك كۆكىرىپ كەتتى. ئۇ پادىشاھنىڭ سۆرۈن تەلەتىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايۋاتقانلىقىنى قاراپ، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالماقتىن بۆلەك ھېچقانداق ياخشى ئامالنىڭ يوقلۇقىنى ئويلاپ يەتتى. ئۇ لۇئى XI نىڭ ئالدىدا شارتتىدە تىزلاندى، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈپ سۆزلەپلا كەتتى.

— ئالىيلىرى، رەھىم قىلىڭ. كۆڭلۈمدىكىنى دەپ بېرىشكە يول قويۇڭ. ئالىيلىرى، مەندەك تىلغا ئېلىشقا ئەرزىمەيدىغان ئادەمگە مۇنچىۋالا قەھىر ـ غەزەپ قىلماڭ، سىز دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئابرۇيى ـ ئىناۋىتىڭىز بار پادىشاھ. مەندەك ساداقەتمەن پېقىر ـ مىسكىنگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن. مەن ئىسيان كۆتۈرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. بۇ خۇددى مۇزدىن يانغىن چىقمايدىغاندەكلا ئىش! مېھرىبان شاھ، كۆڭۈل ـ كۆكسىنىڭ كەڭ بولۇشى شىر بىلەن شاھلاردىلا بولىدىغان گۈزەل ئەخلاق. ھەي! قاتتىق قول بولۇش ئادەمنى ئىنتىلىپ تۇرۇپ ئارقىغا داجىيىدىغان،

ئەيمىنمىدىغان قىلىپ قويىدۇ. گۇرۇلدەپ سوقۇۋاتقان شىمال بورىنى يۇلۇچىنىڭ تونىنى ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. قۇياشنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ بەدىنىگە چۈشكەندەك قىلغىنىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدۇ، ئۇلار ئۇچىسىدىكى تونىنى ئۆزلۈكىدىنلا سېلىۋېتىدۇ. ئالىيلىرى، سىز قۇياشنىڭ ئۆزى. مەن ئالىيلىرىغا، دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئىگەمگە ۋە شاھىمغا قەسەم ئىچىپ بېرىمەنكى، مەن ئوغرى ـ يانچۇقچى، تىلەمچىلەرنىڭ خىلى ئەمەس. ئاسىيلىق ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ، ئاپوللوغا ئەگىشىپ ماڭغانلاردا يۈز بەرمەيدۇ. مەن ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ، توپىلاڭنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان قارا ئىس ـ تۈتەكلەرنىڭ ئارىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس. مەن ئالىيلىرىنىڭ ئەڭ سادىق مالىيى. ئەر بولغان ئادەم ئايالىنىڭ ئىناۋىتىنى دەپ كۈنداشلىق قىلىدۇ. ئوغۇل بولغان ئادەم ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزىنى تەقدىم قىلىش كويىدا ئۇلارنى سۆيىدۇ. بىر مالايمۇ ئۆز پادىشاھىنىڭ شان ـ شەرىپىگە سادىق بولۇشى، خان جەمەتىگە سادىق بولۇشى، پادىشاھىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن ئىت ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئەجىر قىلىشى، خان جەمەتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن سۇغا دېسە سۇغا، ئوتقا دېسە ئوتقا كىرەلەيدىغان بولۇشى، باش تارتماسلىقى لازىم. ئادەم پەقەت ساراڭ بولۇپ قالغان ئەھۋالدىلا، باشقا ئىشلارغا قىزىقىدۇ. ئالىيلىرى، مېنىڭ سىياسىي ھېكمەتلىرىم مۇشۇ. ئۇنداقتا، يېڭىم تىتما ـ تالاڭ بولۇپ، بىلىكىم كۆرۈنۈپ قالغان ئەھۋالغا قاراپلا، مېنى ئاسىيلىق قىلىش بىلەن بۇلاڭ ـ تالاڭنى پىلانلىغانلارنىڭ قاتارىغا چىقىرىۋەتمەڭ. ئەگەر ئالىيلىرى بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسە، مەن كېچە ـ كۈندۈز خۇدادىن ئالىيلىرى ئۈچۈن بەخت تىلەيمەن! چۈنتىكىمدە راستىنلا پۇل يوق، مەن ھېلىمۇ ھەم خېلىلا نامرات. لېكىن، بۇ ھېچقانداق ئەيىبلىك ئىش ئەمەس، مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ ئەمەس. ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئېسىل يېزىلغان ماقالىلەر ئادەمنى غايەت زور بايلىققا ئىگە قىلالمايدۇ. قورسىقىدا ئۈمچى بار ئادەمنىڭمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىش كۈنلىرى مەشكە ئوت قالىيالىشى ناتايىن. ئادۋوكاتلار ھەممە داننى پاك ـ پاكىز ئېلىپ كېتىپ، ئىلىم ـ پەن بىلەن مەشغۇل بولىدىغان باشقا ئادەملەرگە ئۇنىڭ پاخىلىنىلا قالدۇرىدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ يىرتىق كىيىمى توغرىسىدىكى ماقال ـ تەمسىلدىن قىرىق نەچچىنى ئالىيلىرىغا دەپ بەرگۈم بار. ئاھ، ئالىيلىرى، پەقەت رەھىمدىللىكىلا ئۇلۇغۋار روھنى يورۇتالايدۇ. جىمىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ئالدىدا رەھىمدىللىكنىڭ مەشئىلى ماڭىدۇ. چۈنكى، بىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خۇدانى ئىزدەيدىغان ئەمالار. مېھرىبانلىقمۇ رەھىمدىللىككە ئوخشاش، ئۇ پادىشاھ ـ خانلارنى پۇقرالارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر قىلىدۇ، مۇنداق ھۆرمەت پادىشاھ ـ خانلارنى قوغدايدۇ. ئالىيلىرىنىڭ ئابرۇي ـ ئىناۋەت نۇرى شەيئىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدۇ. زېمىندىكى مەندەك بىر گاداي ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە كاشىلا بولالامدىغان؟ مەن نىھايەت بىر بىگۇناھ نامرات پەيلاسوپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ قاراڭغۇ جاڭگىلىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ ئالغا ماڭىمەن، قورساقلىرىم ئاچلىقتىن كۆرۈلداپ كېتىدۇ، قولۇمدا پۇلنىڭ تايىنى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئالىيلىرى، مەن بىر ئەدىب. ھەرقانداق بىر ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ تاجىدا مەدەنىيەتنى قوغدايدىغان بىر تال گۆھەر بولىدۇ. گېراكىل «مۇسې يول باشلىغۇچى» دېگەن ئاتاقتا سەل قارىمىغان؛① ماتىياس كورۋىن② ماتېماتىك ژان مونروياللىنىڭ مېھىر ـ شەپقىتىنى ئەتىۋارلىغان. شۇڭا، ئەدىبلەرنى دارغا ئېسىشنى مەدەنىيەتنى قوغداشنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش تولىمۇ رەزىللىك. ناۋادا ئالېكساندىر ئارىستوتېلنى دارغا ئاسقان بولسا، بۇ ئۇنىڭدىكى ئەڭ چوڭ نۇقسان بولغان بولاتتى. ئۇنداقتا بۇ ئىش ساھىبجامالارنىڭ نام ـ ئاتىقىنى چىقىرىدىغان خالغا ئەمەس، بەلكى ئىناۋەتنى

---

① «مۇسې يول باشلىغۇچى» ـــ قۇياش ئىلاھى ئاپوللونىڭ لەقىمى، «شېئىر-يەتنىڭ ھامىيسى» دېگەن مەنىدە.

② ماتىياس كورۋىن (1440 ـــ 1430) ـــ ۋېنگرىيە پادىشاھى. ئوتتۇرا ياۋروپا-دىكى زوراۋان.

تۆكىدىغان جاراھەتكە ئوخشاپ قالاتتى. ئالىيلىرى، مەن ئىلگىرى بىر پارچە توي مۇبارەكنامىسى يازغان ۋە ئۇنى فلاندىيرلىق خان قىز بىلەن ۋەلىئەھد جانابلىرىغا تەقدىم قىلغانىدىم، ئۇنىڭدا ئاسىيلىقنىڭ دېيى چېلىنمىغانىدى. ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، مەن ئۇنداق كالانپاي يازغۇچىلاردىن ئەمەس، رەسمىي تەلىم ئالغان، بىلىملىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان تالانت ئىگىسى. ماڭا رەھىم قىلىڭ، ئالىيلىرى ! مۇشۇنداق قىلسىڭىز بۈۋى مەريەم ئۈچۈن ساۋابلىق ئىش قىلغان بولىسىز. ئالىيلىرىغا قەسەم قىلىپ بېرەيكى، دارنى كۆرسەملا ئۆلگۈدەك قورقۇپ كېتىمەن.

ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتەنگەن گرىنگورى سۆزلەۋېتىپ لېۋىنى پادىشاھنىڭ پۇتىدىكى كەشىنىڭ باشلىقىغا تەگكۈزدى. گۇئىللائۇم روم پەس ئاۋازدا كوپپېنولغا پىچىرلىدى:

— ئۇنىڭ يەردە ئۆمىلىگىنى ئاقىلانە ئىش بولدى. مۇشۇ كەمدىكى پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى كرېتدىكى يۇپىتېرغا ئوخشاش، قۇلىقى پۇتىنىڭ ئۈچىدا، — پايپاق دۇكىنىنىڭ خوجايىنى كرېتدىكى يۇپىتېرغا ئۇنچە دىققەت قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆزىنى گرىنگورىدىن ئۈزمىدى.

— ئوبدان بولدى ! — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — مەن ئۆزۈمنىڭ شۇ تاپتا ۋەزىر ھيۇگونېنىڭ ماڭا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتقانلىقىمغا ئىشىنىمەن !

گرىنگورى گەپ ـ سۆزىنى لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، قورقۇمسىرىغان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ پادىشاھقا قارىدى. پادىشاھ بولسا ئىشتىنىنىڭ تىزىدىكى داغنى تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئىستاكاندىكى دورىدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپلا جىمىپ قالدى، گەپمۇ قىلمىدى. پادىشاھنىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشى گرىنگورىنى جازاغا تارتىلغاندىنمۇ بەكرەك ئازابلىدى. پادىشاھ ئاقىۋەت بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— ئادەمنى بىزەۋتە قىلىدىغان ۋالاقتەككۈرنىڭ ئۆزىلا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى

ئىكەنغۇ ! ــ ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا كەينىگە قايرىلىپ
ترىستان لېرمىنتقا قارىدى، ــ بولدىلا، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار !
گرىنگورى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدا ھوشىدىن كەتكىلى
تاس قالدى.

ــ ئۇنى قويۇۋېتىڭلار ! ــ دېدى ترىستان رەنجىگەن ھالدا، ــ
ئالىيلىرى، ئۇنى مەھبۇس قەپەسىدە بىر مەزگىل قاماپ
تۇرۇشنى ئويلىمىدىڭىزمۇ؟

ــ بۇرادەر، ــ دېدى پادىشاھ، ــ سېنىڭچە بىز ئۈچ يۈز
ئاتمىش يەتتە لىۋر سەككىز سو ئۈچ دېنىرىس پۇل خەجلەپ،
مۇشۇنداق زەيپانە نىمىلەرنى قامايدىغانغا قەپەس ياساتقانمۇ؟ بۇ
ئەبلەخنى قويۇپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇبدان كالتەكلەپ ھەيدەپ
چىقىرىڭلار !

ــ ئاھ ! ــ دەۋەتتى گرىنگورى، ــ نېمىدېگەن دانا، ئۇلۇغ
پادىشاھ بۇ !

گرىنگورى پادىشاھنىڭ بايىقى گېپىدىن پېنىۋېلىپ، ئۇنىڭ
تەتۈرچە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدى ـ دە، دەرھال
ئىشىك تەرەپكە داجىدى. ترىستان خاپا ھالدا ئىشىكنى ئېچىپ
بەردى. ئەسكەرلەر ئۇنى ئۆلگۈدەك تېپىپ، دۈمبىلاپ، ئاندىن
قوغلاپ چىقاردى. گرىنگورى بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە چىدىدى،
ستوئىك ئېقىمى① دىكى ھەقىقىي پەيلاسوپلاردەك لېۋىنى چىڭ
چىشلەپ بەرداشلىق بەردى.

پۇقرالار سودىيەنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ دېگەن
خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىنلا پادىشاھنىڭ مىجەزى ھەممە
تەرەپتىن ئوڭلىنىپ كەتكەنىدى. بايىقى ئاز ئۇچرايدىغان كەڭ
قورساقلىق شۇنىڭ روشەن بەلگىسى بولدى. ترىستان چىرايىنى
پۈرۈشتۈرۈپ، بىرەر نەرسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئالالمايدىغان لالما

① ستوئىك ئېقىمى ــ قەدىمكى يۇناندىكى پەلسەپە ئېقىمى، گالىرىيە ئېقىمىدىكىلەر دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا شەكىللەنگەن.

ئىتقا ئوخشاش بۇلۇڭدا بۇتتەك قېتىپ تۇرىۋەردى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كۆڭلى تولىمۇ خۇش ئىدى. ئۇ كىرېسلوغا يۆلىنىپ، بارماقلىرى بىلەن پونت ئاۋدېمېر مارشىغا چەككىلى تۇردى. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ پادىشاھ ياسالمىلىق قىلىپ ھال تارتىدىغان، ئۆزىنىڭ خۇشلۇقىنى ئۇستىلىق بىلەن پەردازلىيالايدىغان، ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنىمۇ يوشۇرالايدىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭدا ئوچۇق ئىپادىلىنىدىغان بۇ خۇشاللىق بىرەر ياخشى خەۋەرنى ئاڭلىغاندا تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. ئالايلۇق، باتۇر چارلېز ئالەمدىن ئۆتكەندە، ئۇ كۈمۈشتىن ياسالغان رېشاتكىنى ساينت مارتىن ئىبادەتخانىسىغا تەقدىم قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالغان، پادىشاھلىق تەختكە ئولتۇرۇشقا ئاز قالغاندا، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا تاس قالغانىدى.

— ھىم، ئالىيلىرى، — دېدى ياكوئىس كوئىكتېر تۇيۇقسىزلا بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك، — ئالىيلىرى، سىز ماڭا داۋالاتقان ھېلىقى يامان كېسىلىڭىز ئەمدىلىكتە ياخشى بولۇپ قالغاندۇ؟

— ھە، — دېدى پادىشاھ، — مەن راستىنىلا بەك قېينىلىمەن، بۇرادەر. قۇلىقىم غوڭۇلدايدۇ، مەيدەم قىزدۇرۇلغان تۆمۈر تىرنىنى سۆرىگەندەك ئېچىشىدۇ.

ياكوئىس كوئىكتېر پادىشاھنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇپ، ئۆزىگە ئىنتايىن ئىشەنگەن قىياپەتتە ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى.

— قاراڭ، كوپپېنول، — دېدى گۇئىللائوم روم پەس ئاۋازدا، — ئۇنىڭ بىر يېنىدا كوئىكتېر، بىر يېنىدا ترىستان، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوردىسى مانا شۇ. بىرى دوختۇر، ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىشلەيدۇ. بىرى جاللات، باشقىلارغا تاقابىل تۇرىدۇ.

ياكوئىس كوئىكتېر پادىشاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇۋېتىپ، چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى. لۇئى XI ئۇنىڭ چىرايىغا غەم ـ ئەندىشە بىلەن قارىدى. كوئىكتېرنىڭ چىرايى بارغانسېرى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۇتۇلغىلى تۇردى. بۇ بىر نېمىنىڭ جان باقىدىغان باشقا ھۈنىرى بولمىغاچقا، پادىشاھنىڭ كېسىلى ئۇنىڭغا قالدۇرۇق يەر ئىدى. ئۇنىڭ بۇ يەرنى ئامال بار تېرىپ تۇرۇشى كېرەك ـ دە.

— ۋاي ـ ۋۇي ! — دەۋەتتى ئۇ ئاخىر ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ، — ئەھۋال راستىنىلا ئېغىردەك قىلىدۇغۇ.

— بەك ئېغىرمۇ؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ خاۋاتىرلىنىپ.

— تومۇرنىڭ سوقۇشى تېز، رىتىمى قالايمىقان ... — دېدى دوختۇر گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ.

— خۇدا ئۆزۈڭ بار !

— ئۇچ كۈن ئىچىدە ھاياتىڭىزغا خەۋپ يەتكۈدەك.

— ئاھ خۇدا! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى پادىشاھ، — قانداق قىلىمىز، داۋالىغۇدەك دورا بارمۇ؟ بۇرادەر !

— ئويلىنىۋاتىمەن، ئالىيلىرى.

پادىشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىلىنى چىكىلداتتى، بېشىنى چايقىدى، چىرايى غەلىتە بولدى. ئەمدى دوختۇرغا پۇرسەت يېتىپ كەلگەنىدى.

— ئاھ، خۇدا ! — دېدى ئۇ بىردىنلا، — ئورۇندا بىر بوش ئورۇن بارلىقىنى سەمىڭىزگە سېلىپ قوياي. جىيەنىمنىڭ ئىشىنى ئويلاپ قويارسىز.

— مەن ئاشۇ بوش ئورۇننى جىيەنىڭگە بېرەي، ياكوئىس كوئىكتېر، — دېدى پادىشاھ، — لېكىن، مەيدەم كۆيۈپ كېتىپ بارىدۇ، شۇ ئوتنى ئادالىغۇەتسەڭ بولاتتى.

— ئالىيلىرى ھەقىقەتەن مېھرىبان، شەپقەتلىك، — دېدى دوختۇر، — ساينت ئاندىرى ئارك كوچىسىدا سېلىۋاتقان ئۆيۈمگە ئاز ـ ماز ياردەم بېرىڭ دېسەم رەت قىلمايدىغىنىڭىزغا كۆزۈم يېتىدۇ.

— دەۋەر ! — دېدى پادىشاھ.

— پۇلۇم قالمىدى، — دېدى دوختۇر گەپنى ئۇلاپ، — لېكىن، ئۆيىنىڭ تورۇسىنى يېپىپ بولالمىغىنىمغا بەك ئىچىم

پۇشىدۇ. راستىنى ئېيتقاندا، گەپ ئۆينىڭ ئۆزىدە ئەمەس، ئۇ ئىنتايىن ئاددىي، كۆرۈمسىز بىر ئۆي، كۆزۈم قىيمايدىغىنى ئۆينىڭ تېمىغا باشقىچە گۈزەللىك بېغىشلىغان ژان فورباۋۇلتىنىڭ رەسىملىرى. بىر رەسىمدە ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان دېئانا سىزىلغان، رەسىمدىكى دېئانا شۇنچىلىك نەپىس، شۇنچىلىك مۇلايىم، شۇنچىلىك نازۇك، ھۆسن - جامالى شۇنچىلىك تەبىئىي، بېشىدىكى زىبۇ - زىننەتلەر شۇنچىلىك چىرايلىق، ھىلال ئايدەك شىلەپىسى، سۈتتەك پاكىز تېرىسى، رەسىم ئەمەسمۇ كاساپەت، يېقىنراق بېرىپ كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتىدۇ. يەنە بىرى سېرېس ① نىڭ رەسىمى، ئۇمۇ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق ئىلاھە. رەسىمدىكى سېرېس بىر باغلام بۇغداي ئۈنچىسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان، بېشىدا بۇغداي باشاقلىرىدىن ياسالغان تاج. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ كۆزلىرىدەك مۇھەببەتلىك كۆزدىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ، ئۇنىڭ پاقالچىقىدەك يۇملاق، سىلىق پاقالچاقتىن يەنە بىرى تېپىلمايدۇ، ئۇنىڭدەك رەڭگى - رۇخسارى بار قىز تېخىمۇ تېپىلمايدۇ، ئۇ كىيگەن كۆڭلەكنىڭ رەختىدىن ياخشى رەختمۇ تېپىلمايدۇ. ئۇ پەلكۈچتە سىزىپ چىققىلى بولىدىغان گۈزەللەر ئىچىدە ئەڭ گۈزەللەرنىڭ بىرى !

— ئېچىرقاپ كەتكەن ئەبلەخ ! — دېدى لۇئى XI غوتۇلداپ، — زادى نېمە دېمەكچى سەن؟

— مۇشۇ رەسىملەرنى تورۇس بىلەن توسۇپ تۇرۇش لازىم ئىدى، ئالىيلىرى. بۇ سىز ئۈچۈن شۇنچىلىكلا بىر كىچىك ئىش. لېكىن، مېنىڭ پۇلۇم قالمىدى.

— بۇ تورۇسنى يېپىش ئۈچۈن تەخمىنەن قانچىلىك پۇل كېتەر؟

— ئۇنىڭغا ... ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن تۇچ گۈللۈك

① سېرېس — قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئاشلىق ئىلاھەسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تورۇسقا، ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئىككى مىڭ لىۋر كېتەر.
— بۇلاڭچى، — دېدى پادىشاھ ئىڭراپ، — بۇ بىر تال چېشىمنى تارتىۋەتمەي تورۇپلا بىر تال ياقۇت تەلەپ قىلىدىغان كاززاپ ئىكەنسەنغۇ !
— تورۇسنى ياپالامدىمەن؟ — سورىدى ياكوئىس كوئىكتېر.
— ياپالايسەن ! ئۆلگۈر ! ئالدى بىلەن كېسىلىمنى ساقايت.
ياكوئىس كوئىكتېر ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:
— ئالىيلىرى، سىزنىڭ كېسىلىڭىزنى ياللۇغ قايتۇرۇش دورىلىرى بىلەن پۈتۈنلەي ساقايتقىلى بولىدۇ. شام مەلھىمى، ئەرمىنىيەنىڭ سېغىز توپىسى، تۇخۇمنىڭ ئېقى، ماي ۋە ئاچچىقسۇ ئارىلاشتۇرۇلغان پەۋقۇلئاددە ئۈنۈمى بار دورىنى بىلىڭىزگە چاپلايمىز. قولىڭىزدىكى سۈيۈق دورىنى توختاتماي ئىچىۋېرىسىز. سىزنى سەللىمازا ساقايتىۋېتىشنى ھۆددىگە ئالىمەن.
كۆيۈۋاتقان شام بىرلا پەرۋاننى جەلپ قىلمايدۇ. ئولىۋېر ئەپەندى پادىشاھنىڭ پەرۋاسىز قىياپەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلمەكچى بولدى ـ دە، ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ دېدى:
— جانابلىرى ...
— بىرەر ئىشىڭ بارمۇ؟ — سورىدى لۇئى XI.
— ئالىيلىرىنىڭ سىمون رادىننىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى بارمىكىن؟
— ئۆلۈپ كەتسە نېمە بولماقچى؟
— ئۇ ئالىيلىرىنىڭ مال ـ مۈلۈك ۋاكالەتچىسى ئەمەسمىدى !
— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟
— ئۇنىڭ ئورنى ھازىر بوش.
گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئولىۋېر ئەپەندىنىڭ تەكەببۇرانە چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىدى. بۇ ئوردىدىكى ۋەزىر ـ ئاكابىرلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئوچۇق كۆرۈۋېلىشنىڭ

ئەپلىك پۇرسىتى ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا تازا ئالىيىپ قارىدى ـ دە، سوغۇقلا جاۋاب بېرىپ:

— بىلدىم، — دېدى، ئاندىن گەپ باشلىدى، — ئولىۋېر ئەپەندى، مارشال بوسكاۋۇتنىڭ «بېلىق تۇتاي دېسەڭ دېڭىزغا بار، ئىنئام ئالاي دېسەڭ پادىشاھنىڭ يېنىغا» دەيدىغان سۆزى بار. شۇنداق قارىسام، سېنىڭ ئوي ـ پىكرىڭمۇ ئۇنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن. قۇلىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، مېنىڭ خاتىرەم تېخى جايىدا: 68 ـ يىلى مەن سېنى ئىچكى مۇلازىملىققا تەيىنلىدىم؛ 69 ـ يىلى سايىنت كىلودتىكى قورۇققا مۇھاپىزەتچىلىككە قويدۇم. يىللىق مائاشىڭ يۈز لىۋر بولدى، ئۇ چاغدا سەن تېخى پارىژ لىۋرى ئالىمەن دەپ تۇرۇۋالغانىدىڭ؛ 73 ـ يىلى نويابىردا گېرگېئولغا خەت ئېلىپ بارغان تۆھپەڭ ئۈچۈن سېنى چەۋەنداز قالقانچى گېلىبېرت ئاكىلىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ۋىنسىننىس ئورمانلىقىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار قىلىپ قويدۇم؛ 78 ـ يىلى مەردلىكىم تۇتۇپ كېتىپ، خوتۇنۇڭ بىلەن ئىككىڭلارغا ھەر يىلى سايىنت گېرمائىن سودا مەيدانىدا ئون پارىژ لىۋرى بېرىدىغان ئىمتىيازنى ھەدىيە قىلدىم؛ 79 ـ يىلى سېنى سېنارت ئورمانلىقىنىڭ ئورمان مۇھاپىزەتچى ئەمەلدارلىقىغا تەيىنلەپ، بىچارە ژان دائىزنى قالدۇرۇۋەتتىم، كېيىنچە لوچېس قەلئەسىنىڭ كاپىتانى قىلىپ ئۆستۈردۈم. ئۇزاق ئۆتمەي يەنە سايىنت كوئېنتىنغا باشلىق قىلىپ تەيىنلىدىم. يەنە بىرمەھەل ئۆتۈپ مىئولاندا كاپىتان بولدۇڭ. تېخى باشقىلارغا ئۆزۈڭنى گىراف دېگۈزدۈڭ. ھەربىر ساتىراش بايرام كۈنلىرى تاپشۇرىدىغان بەش سونىڭ ئۈچى سېنىڭ قالغىنى مېنىڭ بولدى. بەزىدە سېنىڭ ئىسمىڭنى «ئالدامچى» دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇشنىمۇ ئويلىدىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئۇ سېنىڭ ئەپت ـ بەشىرەڭگە تازا مۇناسىپ كەلگەن بولاتتى. 74 ـ يىلى، ساڭا رەڭدار ساۋۇت كىيدۈردۈم، مەيدەڭدە قانات كەرگەن تۇز

ھەممەيلەننىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇۋەتكەنىدى. لېكىن، ئۆزۈم بۇ ئىشنى تازا بەك خالاپ كەتمىگەنىدىم. خۇدا ئۆزۈڭ بار ! سەن قىيامەتنىڭ مۇشۇكىدەك كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ، يەنىلا بولدى قىلاي دېمەيۋاتىسەن. بىلىق تۇتىدىغان كارامىتىڭ بەك قالتىس ئوخشىمامدۇ؟ سالمۇ بىلمىگەندىن بىرنى ئارتۇق قاچىلىساڭ، كېمەڭنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەنسىرىمەمسەن؟ ئاتىكارچىلىق سېنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ، بۇرادەر ! ئاتىكارچىلىقنىڭ كەينىدىن كۆپ ھاللاردا ۋەيران بولۇش بىلەن تىل - ھاقارەت ئەگىشىپ كېلىدۇ. كاللاڭنى سىلكىۋەت، ئاغزىڭنى ئۇپراتما.

پادىشاھنىڭ قاتتىق گەپلىرىدىن كېيىن، ئولىۋېر ئاۋۋالقى ھالىتىگە يېنىپ، شۈكلەپ كەتتى.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ غوتۇلداپ، — ئالىيلىرىنىڭ بۈگۈن تازا تاۋى يوقتەك قىلىدۇ. ئۇ ھەممە ئىمكانىيەتنى دوختۇرغىلا بېرىۋېتىپتۇ.

بىئەدەپلىك بىلەن قىلىنغان بۇ گەپلەردىن لۇئى XI خاپا بولمىدى. ئەكسىچە خۇش پېئىللىق بىلەن:

— ھەي، يەنە بىر ئىشنى يادىمدىن چىقىرىپتىمەن. مەن تېخى سىنىڭ ماريې خانىمنىڭ يېنىدىراق تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن، سېنى گېنت شەھىرىگە ئەلچى قىلىپ تەيىنلىگەن ئەمەسمۇ ! شۇنداق بولغان، ئەپەندىلەر، — دېدى ۋە كەينىگە قايرىلىپ فلاندېرلىق ئىككىيلەنگە قارىدى، — بۇ ئادەم ماڭىمۇ ئەلچى بولغان دەڭلار ! — ئارقىدىنلا ئولىۋېر ئەپەندىگە ئەسكەرتىپ قويدى، — بولدى، بۇرادەر. ئىككىمىز مۇشۇ ئىشنى دەپ ئازارلىشىپ قالمايمىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىز دېگەن قەدىناس ئاغىنىلەردىن. قىلىدىغان ئىشلىرىم تولىدى. ساقىلىمنى ئېلىپ قويۇڭلار !

ئوقۇرمەنلىرىمىز ئولىۋېر ئەپەندى بىلەن ئەمدىلەتىن تونۇشۇپ يۈرمىگەندۇ؟ ئۇ بىر چاغلاردىكى ئۆزىگە «تەقدىر -

قىسمەت» دەپ تەخەللۇس قويغان ئۇلۇغ دىراماتورگ ① تەرىپىدىن لۇئى XI ھەققىدىكى پايتىمىدەك ئۇزۇن يېزىلغان، قان پۇراپ تۇرىدىغان تىياتىرغا كىرگۈزۈلگەن قورقۇنچلۇق پېرسوناژ فىگارو ئىدى. بىزنىڭ بۇ يەردە بۇ غەلىتە پېرسوناژ ئۇستىدە ئۇنچە كۆپ ئەزۋەيلەپ ئولتۇرغىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ پادىشاھنىڭ ساقىلىنى ياسايدىغان بۇ ساتىراشنىڭ ئۈچ ئىسمى بارلىقىنى دەپ قويۇش كېرەك؛ ئۇ ئوردىدىكى چاغدا، ئادەملەر ئۇنى تەكەللۇپ يۈزىسىدىن ئولىۋېر لېدايىم دەپ ئاتايتتى؛ پۇقرالار ئالۋاستى ئولىۋېر دەپ چاقىراتتى؛ ئۇ ئۆزىنى ئۆزى مۇناپىق ئولىۋېر دەيتتى.

مۇناپىق ئولىۋېر ئورنىدىن تۇردى، مىدىر - سىدىر قىلماي جىم بولۇپ، پادىشاھقا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. كۆزىنى سىگار يان قىلىپ، ياكوئىس كوئىكتېرغا قارىۋالدى.

— دەرۋەقە ! — دېدى ئۇ چىشىنى چىشلەپ، — دوختۇر ھەممىگە قابىل !

— شۇنداق، — دېدى لۇئى XI ، — ئونىڭ ئوزايىدىن نېمە ئويلاۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى، — دوختۇر ساڭا قارىغاندا كۆپ ئىشەنچلىك، بۇ تولىمۇ ئاددىي بىر ئىش، دوختۇرنىڭ تۇتۇۋاتقىنى مېنىڭ جىسمىم، سەن بولساڭ ئەمدىلەتىن مېنىڭ ئېڭەكىمگە ئۇلاشتىڭ. يېقىن كەل، بىچارە ساتىراش، نېسۋەڭگە شۈكۈر قىل. ناۋادا مەن شىلپېرىك② قا ئوخشاش باشقىلارنىڭ ساقىلىمنى سىلاپ قويغىنىدىن ئېرىپ كېتىدىغان ئادەم بولسام، ئۇ چاغدا سەن نېمە بولۇپ قالار ئىدىڭ؟ كەسپىڭ نېمىگە ئۆزگىرىپ كېتەتتى؟ بولدى قىل، بۇرادەر، قىلىدىغان ئىشىڭنى ياخشى قىل. ساقىلىمنى ئال. لازىملىق نەرسە - كېرەكلىرىڭنى

---

① ئۇلۇغ دىراماتورگ — فىرانسىيەلىك دىراماتورگ بۇمارشىس (1732 — 1799)، فىگارو «فىگارونىڭ تويى» ناملىق دىرامىدىكى باش پېرسوناژ.

② شىلپېرىك (539 — 584) — فىرانسىيە پادىشاھى، ئىنىسى بىلەن يەر - زېمىن تالىشىپ، كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان. ئاخىرىدا قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن.

ئېلىپ كەل.

ئولتۇۋېر پادىشاھنىڭ كۆلگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قېيداۋېرشىنىڭ مەززىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى بولغاي، كاپىلىغۇچىلىرىنى ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن غوتۇلدىغان پېتى ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

پادىشاھ ئورنىدىن قوزغىلىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا باردى، تۇيۇقسىز ھاياجانلىنىپ قىن ـ قىنىغا پاتمىغاندەك بولۇپ دېرىزىنى ئېچىۋەتتى.

— ھە، راست، — ئۇ بىر ياقتىن ۋارقىراپ، بىر ياقتىن ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇرۇپ كەتتى، — كونا شەھەر رايونىنىڭ ئاسمىنى قىپقىزىل بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ چوقۇم سودىيەنىڭ ئۆيىدە كۆيۈۋاتقان ئوت، چوقۇم شۇنداق! بەللى، يۇقرالىرىم! سىلەر ئاقىۋەت ماڭا ياردەملىشىپ فېئوداللىق تۈزۈمنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدىغان بولدۇڭلار!

ئۇ فلاندېرلىق ئىككىيلەنگە قاراپ:

— ئەپەندىلەر، يېقىنىراق كېلىپ قاراپ بېقىڭلار، ئۇ يەردە قىپقىزىل بولۇپ يېنىۋاتقىنى ئوتمۇ، ئەمەس! — دېدى.

گېنت شەھىرىدىن كەلگەن ئەلچىلەر دېرىزىگە يېقىنلاشتى.

— راست، ئوت كۆيۈۋاتىدۇ، — دېدى گۇئىللائۇم روم.

— ياھ، — كوپپېنولنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چاقناپ كەتتى، — بۇ ئاقسۆڭەك ھېمبېركورتنىڭ قورۇ ـ جايىنى كۆيدۈرگەن چاغدىكى ئوتنى يادىمغا كەلتۈردى. بۇ تەرەپتە توپىلاڭ كۆتۈرۈلگەندەك قىلامدۇ نېمە؟

— شۇنداق دەپ جەزم قىلىۋاتامسىز؟ كوپپېنول ئەپەندى! — لۇئى XI نىڭ قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى. چىرايىغا پايپاق دۇكىنىنىڭ خوجايىنىغا ئوخشاشلا خۇشاللىق تەپتى، — شۇنداق ئىش يۈز بەرگەن بولسا، تاقابىل تۇرۇش تەسكە توختارمۇ؟

— خۇدانىڭ كىرىستىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىمەنكى، ئالىيلىرى! بۇنىڭ ئۈچۈن بىرنەچچە پولك ئەسكەر

بولۇشى كېرەك !

— ھە، بۇ باشقا گەپ ! پەقەت مەن خالىسامىلا ...

پايپاق دۇكىنىنىڭ خوجايىنى يۈرەكلىك ھالدا:

— ئەگەر بۇ قىيمىتى توپىلاڭ مەن ئويلىغاندەك بولغان بولسا، سىز خالىغان بىلەنمۇ بىكار ! ئالىيلىرى ! — دېدى.

— بۇرادەر، — دېدى لۇئى XI ، — گۋاردىيە پولكىدىن ئىككىنىلا چىقارسام، ئۇنىڭغا چوڭ زەمبىرەكتىن بىرنى قوشسام، توپىلاڭچىلارنى ۋەيران قىلىۋېتىمىز.

گۇئىللائۇم روم كوپپېنولغا ھەدەپ ئىما قىلدى. پايپاق دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ پادىشاھ بىلەن ئاخىرىغىچە ئېيتىشىپ باقىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى.

— ئالىيلىرى، چېركاۋدىكى نۆكەرلەرمۇ ئاددىي پۇقرا. بۇرگوندى كىنەزى بىر مۆتىۋەر. مۇنداق ئالامانىنى ئەزەلدىن پىسەنتىگە ئالمىغان. ئالىيلىرى، گراندسوندىكى جەڭدە كىنەز جانابلىرى: «زەمبىرەكچىلەر ئاۋۇ خۇنپەرلەرگە قارىتىپ ئېتىڭلار !» دەپ توۋلىغان ھەم ئۇلارنى ئەۋلىيا گېئورگېنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ھاقارەتلىگەن. بىراق، ئىنتىقام ئالغۇچى شارناختال قولىغا كالتەك ئېلىپ، ئۆزىنىڭ قوشۇنىدىكىلەرنى يېتەكلەپ بۇ چىرايلىق كىنەزگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن. سەرخىل قوراللار بىلەن قوراللانغان بۇرگوندى ئارمىيەسى تېرە رەڭگى سۇكالىسىنىڭكىدەك سەھرالىقلار بىلەن تۇتۇشۇپلا تاشقا تەگكەن ئەينەكتەك چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن. چەۋەندازلارنىڭ خېلى بىر قىسمى تېگى پەس سەھرالىقلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. بۇرگوندىدىكى ئەڭ چوڭ فېئودال چاتوگۇيون بىلەن ئۇنىڭ ئېگىز كۈل رەڭ جەڭ ئېتى شۇ جايدىكى بىر پاتقاقلىقتا جېنىدىن جۇدا بولغان.

— ئاغىنە، — دېدى پادىشاھ، — سىزنىڭ دەۋاتقىنىڭىز بىر قېتىملىق جەڭ، بۇ يەردىكىسى بىر قېتىملىق توپىلاڭ. مەن خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا، ئۇلارنى ھەش - پەش دېگۈچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىغىشتۇرۇۋېتەلەيمەن.

— شۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئالىيلىرى! ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇ خەلققە تەئەللۇق زاماننىڭ كەلمىگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

گۇئىللائۇم رومنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

— كوپپېنول ئەپەندى! سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئابرۇيى ـ ئىناۋەتلىك پادىشاھ بىلەن سۆزلىشىۋاتقىنىڭىزنى بىلەمسىز؟

— ئەلۋەتتە بىلىمەن، — دېدى پايپاق دۇكىنىنىڭ خوجايىنى كەسكىن جاۋاب قايتۇرۇپ.

— ئۇنى سۆزلىگىلى قويۇڭ، روم ئەپەندى، — دېدى پادىشاھ، — مەن مۇشۇنداق تۈز گەپ قىلىشقا ئامراق. دادام چارلىز VII ماڭا دائىم ھەقىقەت ئاغرىپ قالدى دەيدىغان. مەنچۇ، مەن ھەقىقەت ئۆلدى دەپ قارايمەن. چۈنكى، ھەقىقەت توۋا ـ ئىستىغپارنى ئاڭلايدىغان بىرەر پوپنىمۇ تاپالماي يۈرىدۇ. كوپپېنول ئەپەندى مېنى سەگەكلەشتۈرۈپ قويدى.

پادىشاھ قىزغىنلىق بىلەن قولىنى كوپپېنولنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— كوپپېنول ئەپەندى، سىزنىڭچە بولغاندا ...

— ئالىيلىرى، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بەلكى سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىز توغرىدۇر. سىزنىڭ يۇرتىڭىزدا خەلققە تەئەللۇق بولىدىغان كۈنلەر تېخى كەلمىگەندەك قىلىدۇ.

لۇئى XI ئۇنىڭغا تىكىلدى، كۆزلىرىدىن ئوت يانغاندەك بولدى.

— ئۇنداقتا بۇ كۈنلەر قاچان كېلىدۇ، ئەپەندى!

— ئاز قالدى، سىز جاراڭلىغان قوڭغۇراق ساداسىنى پات ئارىدىلا ئاڭلىيالايسىز.

— ئۇنىڭ قانداق قوڭغۇراق ئىكەنلىكىنى سورىسام بولامدۇ؟

كوپپېنولنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى. ئۇ تەمكىن بولۇپ، پادىشاھنى دېرىزىگە يېقىنراق تۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، ئالىيلىرى ! مۇشۇ يەردە بىر قەلئە بىلەن بىر ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى بار دەيلى، يەنە بىرمۇنچە زەمبىرەك، شەھەر ئاھالىسى ۋە نۇرغۇن ئەسكەرمۇ بار بولسۇن، قەلئە ئۈستىدە ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى جاراڭلاپ، زەمبىرەكلەردىن گۈلدۈرلەپ ئوق ئېتىلغاندا، قەلئە شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرنىڭ ئىچىدە ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. ئاددىي پۇقرالار ئەسكەرلەر بىلەن بىللە ۋارقىراپ ـ جارقىرايدۇ. ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىدۇ. ئۇ كۈن شۇ چاغدا يېتىپ كېلىدۇ.

پادىشاھنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، چۈش كۆرگەندەك بىرھازاغىچە گەپ قىلمىدى. ئاندىن قېلىن قەلئە تېمىغا ئاتنىڭ بوينىغا ئۇرغاندەك ئۇرۇپ قويدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئۇ، — سەن ئۇنداق ئوڭاي ئۆرۈلۈپ كەتمەيدىغانسەن، سۆيۈملۈك باستىلىيە تۇرمىسى؟

ئۇ شارتتىدە ئۆرۈلۈپ، قاپ يۇرەك فلاندېرلىققا قارىدى.

— سەن توپىلاڭنى كۆرۈپ باققانمۇ، ياكوئىس ئەپەندى؟ — دېدى.

— ئۆزۈممۇ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ باققان.

— سەن توپىلاڭنى قانداق كۆتۈرگەن؟ — سورىدى پادىشاھ.

— ھەي، — دېدى كوپپېنول جاۋاب بېرىپ، — بۇنى ئۇنچە تەس ئىش دېگىلىمۇ بولمايدۇ. سەۋەب قىلسا سېۋەتتە سۇ توختايدىغاندەكلا ئىش. بىرىنچىسى، شەھەرلىكلەرنىڭ كۆڭلىدە نارازىلىق بولغان بولۇشى كېرەك، مۇنداق ئەھۋال قەدەممۇ ـ دەملا ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەنە بىرى، پۇقرالارنىڭ خۇي ـ پەيلىنىڭ قانداقلىقىغا قاراش لازىم. مېنىڭ قارىشىمچە، گېنت شەھىرىدىكىلەر توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە تازا باب كېلىدىغانلاردىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پادىشاھىنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ساداقەتمەنلىك ئىزھار قىلىدۇ. لېكىن، پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە ئۇلارنىڭ ئورنى يوق. مەسىلەن، مەلۇم بىر ئەتىگەنلىكى دەيلى، ئادەملەر دۇكىنىمغا كىرگەن بولىدۇ، ماڭا ھەرقانداق يەردە نېمە

ئىش سادىر بولغانلىقىنى، ئالايلۇق فلاندىرلىق خان قىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغانلىقىنى، غوجىدارنىڭ ئۇن تارتىش ھەققىنى بىر ھەسسە ئۆستۈرۈۋالغانلىقىنى ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگەن بولىدۇ. مەن قولۇمدىكى ئىشىمنى تاشلاپ قويۇپ دۇكاندىن چىقىمەن، كوچىغا بارىمەن، «بۇلاڭلار !» دەپ توۋلايمەن. ئادەتتە كوچىلاردا قۇرۇق بوچكا كۆپ، مەن بىرەرىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئىسىمگە كەلگەن گەپنى كاركىراپ تۇرۇپ دەۋېتىمەن. مۇنداق گەپلەر مېنىڭ كۆڭلۈمدە بۇرۇنلا بولغان بولىدۇ. پۇقرالار تەرەپتە تۇرغان چاغدا، ئالىيلىرى، كۆڭلىمىزدە ھامان ئۇلارغا دېيدىغان بەزى گەپلەر بار بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ بىز سەپكە تىزىلىمىز، ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقىنى چالىمىز. پۇقرالارنى ئەسكەرلەرنىڭ قولىدىكى قوراللارنى تارتىۋېلىشقا دەۋەت قىلىمىز. بازارغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قاتنىشىدۇ. ئىشنى باشلىۋېتىمىز ! توپىلاڭ دېگەن مۇشۇ. سۇيۇرغال قىلىنغان يەرلەردە يەر ئىگىلىرى بولسىلا، شەھەر - بازارلاردا پۇقرالار بولسىلا، سەھرا - مەھەللىلەردە دېھقانلار بولسىلا كۇپايە !

— ئۇلار كىمنىڭ ئۈستىدىن توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ؟ سودىيەلەرنىڭ ئۈستىدىنمۇ ياكى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ئۈستىدىنمۇ؟

— بەزىدە شۇلارنىڭ ئۈستىدىن، بەزىدە كىنەزلەرنىڭ ئۈستىدىن.

لۇئى XI كىرېسلوغا ئولتۇردى - دە، كولۇمسىرەپ دېدى:

— بۇ يەردىكىلەر پەقەت سودىيەنىڭ ئۈستىدىنلا توپىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ !

دەل شۇ چاغدا ئولىۋىر كىرىپ كەلدى، كەينىدىن كىرگەن ئىككى نۆكەرنىڭ قولىدا پادىشاھنىڭ چېچىنى تارايدىغان، ئېغىزىنى چايقايدىغان لازىمەتلىكلەر بار ئىدى. لۇئى XI نى ھەيران قالدۇرغىنى ئۇلار بىلەن بىللە كىرگەن پارىژ

گۇبېرناتورى بىلەن كېچىلىك چارلىغۇچى ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقى بار ئىدى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئۆزگىسۇلى يوق، ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەندەك ئىدى. قېيداپ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن ساتىراشمۇ قورقۇۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى.

— ئالىيلىرى، — دېدى ئۇ ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ، — سىزگە بىر شۇم خەۋەرنى دوكلات قىلغىنىمدىن ئەپۇ سورايمەن!

پادىشاھ ئالدىراپ ـ تېنەپ كەينىگە قايرىلدى. كىرېسلونىڭ پۇتى پولدا سۆرىلىپ غىچىرلاپ كەتتى.

— نېمە خەۋەر؟

— ئالىيلىرى، — كېلىشتۇرۇپ ئۆچ ئېلىۋالغانلىقىدىن خۇشال بولۇۋاتقان ئولىۋېرنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان گەپ ناھايىتى زەھەرلىك ئىدى، — بۇ قېتىمقى توپىلاڭ سودىيەنىڭ ئۇستىدىن كۆتۈرگەن ئىسيان ئەمەس ئىكەن!

— ئۇنداقتا، ئۇلار كىمنىڭ ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ؟

— سىزنىڭ ئۇستىڭىزدىن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، ئالىيلىرى.

قېرىپ قالغان پادىشاھ ياش يىگىتلەردەك شاققىدە تۇرۇپ كەتتى ۋە:

— ئولىۋېر، بۇرادەر! كاللام ئۆز ئورنىدا تۇرسۇن دېسەڭ، گەپنى ئوچۇق قىل! ساينت لىتخاتىنىڭ كىرېستىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىمەنكى، ئەگەر ماڭا يالغان ـ ياۋىداق گەپلەرنى توشۇپ كەلگەن بولساڭ، لېۇكسېمبۇرگنىڭ كاللىسىنى ئالغان خەنجەر سېنىڭ كاللاڭنى ئالالمىغۇدەك دەرىجىدە گاللىشىپ قالغان بولىۋەرمەيدۇ! — دېدى.

بۇ قەسەم ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. لۇئى XI ئۆز ئۆمرىدە ساينت لىتخاتىنىڭ كىرېستىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئىككى قېتىملا قەسەم قىلغانىدى.

ئولىۋېر كېكەچلەپ قالدى.

— ئالىيلىرى ...

— تىزلان! — پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، — تىرىستان، بۇ ئەبلەخكە كۆز قۇلاق بول!
ئولىۋېر تىزلاندى، چىرايى شامدەك ئاقىرىپ كەتتى.
— ئالىيلىرى، سىزنىڭ ئالىي سوت مەھكىمىڭىز بىر ئايال پېرىخوننى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئۇ بوۋۋى مەريەم چېركاۋىغا يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. جامائەت ئۇنى قوراللىق باستۇرۇپ كىرىپ قۇتقۇزۇۋالماقچى بوپتۇ. گۇبېرناتور ئەپەندى بىلەن كېچىلىك چارلىغۇچى ئەترەتنىڭ باشلىقى توپىلاڭ يۈز بەرگەن جايدىن بايلا كەپتۇ. مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ راست ياكى يالغانلىقىغا ئۇلار گۇۋاھ بولالايدۇ. توپىلاڭچىلار بوۋۋى مەريەم چېركاۋىغا قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقۇدەك.
پادىشاھنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.
— بوۋۋى مەريەم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مېنىڭ مېھرىبان ئىگەم! ئەسلىدە ئۇلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىۋاتقىنى سىزنىڭ چېركاۋىڭىز ئىكەن ئەمەسمۇ! ئورنۇڭدىن تۇر، ئولىۋېر، دېگەنلىرىڭ توغرا، سىمون رادىننىڭ ئورنىنى ساڭا ئىنئام قىلدىم، ئۇلار ماڭا ھۇجۇم قىپتۇ - دە! ئايال پېرىخوننى چېركاۋ قوغدىغىنى بىلەن، چېركاۋنى مەن قوغدايمەن ئەمەسمۇ؟ مەن تېخى ئۇلارنى سودىيەنىڭ ئۈستىدىن توپىلاڭ كۆتۈردى دەپ يۈرۈپتىمەن، ئۇلار ئەسلىدە مېنىڭ ئۈستۈمدىن توپىلاڭ كۆتۈرگەنىكەن - دە!
پادىشاھ ئاچچىق غەزەپتىن ياشىرىپ كەتكەندەك بولدى، قەدىمىنى چوڭ - چوڭ ئېلىپ، ئۇيان - بۇيانغا ماڭدى. كۈلمىدى، چىرايى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق تۈس ئالدى، مېڭىۋېرىپ تۈلكىدىن بۆرىگە ئۆزگەردى، بوغۇلۇپ قېلىۋاتقاندەك خىلىغىچە گەپ قىلمىدى، پەقەت لەۋلىرىنى ئۈمەللەش بىلەنلا كۆپايىلەندى. بىر تېرە - بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان مۇشتلىرىنى چىڭ تۈگدى. مانا، ئۇ شارتتىدە بېشىنى كۆتۈردى. كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقتى، ئاۋازى كانايىنىڭ ئاۋازىدەك

جاراڭلىق چىقتى:

— ئۇلارنى قىيما - چىيما قىلىۋېتىڭلار، تىرىستان ! بۇ ئەبلەخلەرنى بىرنى قالدۇرماي توغرىۋېتىڭلار ! بېرىڭلار، دوستۇم تىرىستان، ئۇلارنى قىرىپ تاشلاڭلار ! قىرىۋېتىڭلار ! — پادىشاھ بىرپەس چېچىلىپ جايىغا ئولتۇردى ۋە ئاچچىقىغا ھاي بېرىپ سوغۇق تەلەپپۇزدا، — بۇ يەردە، تىرىستان، مېنىڭ يېنىمدا، باستىلىيەدىكى ۋىكونتىنىڭ ئەللىك تال مىلتىقى، ئۈچ يۈز ئېتى بار، ھەممىسىنى ئېلىڭلار، كاپىتان شاتوپىرنىڭ ئوقياچىلىرىنىمۇ ئېلىۋال. سەن دېگەن ژاندارما باشلىقى، ئۆزۈڭنىڭ قول ئاستىدىمۇ ئادەملىرىڭ بار. ھەممىسىنى ئېلىپ ماڭساڭ بولىدۇ. ساينت پولغا بېرىپ، ۋەلىئەھدىنىڭ يېنىدىكى گۋاردىيەدىن قىرىق نەپەر ئوقياچىنى يۆتكەپ، مۇشۇ ئادەملەرنى باشلاپ، بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا قاراپ يولغا چىق. ھەي، پارىژنىڭ مەككارلىرى، سىلەر ئەيمەنمەستىن فىرانسىيە خان ئوردىسىنى ئاغدۇرۇش كويىدا بوپسىلەر - دە ! قىلچە ھېيىقماستىن بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بوپسىلەر - دە ! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دۆلەتنىڭ تىنچلىقىنىمۇ بۇزماقچى بوپسىلەر ! بىرنى قويماي قىرىپ تاشلاڭلار ! تىرىستان، ئۇلارنى بىرنى قويماي قىرىۋەت ! بىرمۇ ئادەم قېچىپ كەتمىسۇن ! لاچىنتاغقا قېچىپ كېتىدىغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا ! — دېدى

— پەرمانبەردارمەن، ئالىيلىرى، — تىرىستان ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، ئاندىن سەل - پەل تۇرۇۋېلىپ سورىدى، — ئايال پېرىخوننى قانداق بىر تەرەپ قىلىمىزكىن؟

بۇ سوئال پادىشاھنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

— ھە، — دېدى ئۇ، — ئايال پېرىخوننى ! دېىستوتمۇپىل ئەپەندى، جامائەت ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟

— ئالىيلىرى، — جاۋاب قايتۇردى پارىژ گۇبېرناتورى، — مېنىڭچە، جامائەت ئۇنى بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى پاناھلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن سۆرەپ چىقماقچى. بۇ شاللاق ئايال ئۇلارنى غەزەپلەندۈرگەچكە، ئۇلار ئۇنى دارغا ئاسماقچى.

پادىشاھ چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندەك بولۇپ، تىرىستانغا تاپىلىدى:

— بوپتۇ، بۇرادەر! مەككار پۇقرالارنى قىرىپ تاشلاڭلار! پىرىخون ئايالنى دارغا ئېسىڭلار!

— قالتىس، — دەپ پىچىرلىدى گۇئىللائۇم كوپپېنولنىڭ قۇلىقىغا، — ھەم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن تۇپىلاڭچىلارنى جازالاش، ھەم ئۇلارنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىش!

— خوپ، ئالىيلىرى، — دېدى تىرىستان، — ئەگەر پىرىخون ئايال ھېلىمۇ بۇۋى مەريەم چېركاۋىدا بولغان بولسا، ئۇنىڭ مۇقەددەس جاي ياكى ئەمەسلىكىگە قارىمايلا ئۇ ئايالنى تۇتۇپ چىقىرىمىزمۇ؟

— ئۇنىڭ قانداق مۇقەددەس جاي ئىكەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، — پادىشاھ قۇلىقىنى قاشلىدى، — پىرىخون ئايالنى دارغا ئېسىۋەتسەڭلەرلا بولدى!

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭ كاللىسى پاللىدا يورۇپ كەتتى. خۇددى بىر ئىش ئېسىدىن كەچكەندەك، كىرىېسلودىن يىقىلغان پېتى يەرگە تىزلاندى، شلەپىسىنى ئېلىپ كىرىېسلوغا قويدى. شلەپىدىكى قوغۇشۇن بىلەن قۇيغان پورترېتقا ئىخلاسمەنلىك بىلەن تىكىلدى.

«ئاھ، — دېدى ئۇ ئىككى قولىنى جۈپلەپ، — پارىژنىڭ مۇقەددەس ئانىسى! مەن ئىززەتلەيدىغان ساھىبە! مېنى كەچۈرۈڭ! مەن سىزگە مۇشۇ بىر قېتىملا ھۆرمەتسىزلىك قىلغان بولاي. ئاۋۇ ئايال جىنايەتچى چوقۇم جازاغا تارتىلىشى كېرەك. ئېيتىپ قويايكى، مەبۇدە! ماڭا ھاميلىق قىلغۇچى ئاق كۆڭۈل پەرىشتە! سىزگە شۇنى ھۆددە قىلىمەنكى، ئۇ سىزنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىڭىزغا ئەرزىمەيدىغان ئايال پىرىخون، خەۋرىڭىزدە

بار، مۇقەددەس ئانا، خۇدانىڭ شان ـ شەرىپى ۋە دۆلەتنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، نى ـ نى ئىخلاسمەن پادىشاھلار چېركاۋنىڭ ئىمتىيازىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ قويغان. ئېنگلاند ئېپىسكوپى سايىنت ھيۇگوس پادىشاھ ئېدۋاردنىڭ چېركاۋىغا كىرىپ بىر نەپەر سېھىرگەرنى قولغا ئېلىشىغا رۇخسەت قىلغان؛ فىرانسىيەدىكى سايىنت لۇئى، مېنىڭ ئۇستازىم ئوخشاشلا بىر مۇددىئادا سايىنت پائۇل چېركاۋىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان: يېرۇسالېم پادىشاھىنىڭ ئوغلى، ۋەلىئەھد ئالفونسې تېخىمۇ بەكرەك قاراملىق قىلىپ سايىنت سېپىلكىر چېركاۋىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان. مۇشۇ بىر قېتىملىق ئىش ئۈچۈن مېنى ئەپۇ قىلىڭ. پارىژنىڭ مۇقەددەس ئانىسى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىمغا ئۆزۈم كېپىل. مەن سىزگە خۇددى ئۆتكەن يىلى سايىنت دىكويدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا تەقدىم قىلغاندەك چىرايلىق كۈمۈش ھەيكەلدىن بىرنى تۇرغۇزىمەن. مېنى ئۆز پاناھىڭىزدا ساقلاڭ.»

ئۇ چوقۇنۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى، شىلەپىسىنى باشقىدىن كىيدى، ئاندىن تىرىستانغا بۇرۇلدى:

— دەرھال يولغا چىق، بۇرادەر! كاپىتان شاتوپېرنى ئېلىۋال، ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقى چېلىنغان ھامان مەككارلارنى مەغلۇپ قىلىپ، ئايال پېرىخوننى دارغا ئاس، گېپىم تۈگىدى! غەلىبە بىلەن قايتىپ كېلىشىڭنى كۈتىمەن، شۇ چاغدا ماڭا ھەممە نەرسىنى دوكلات قىلىسەن. ئولىۋېر، مەن بۈگۈن كەچ ئۇخلىمايمەن، ساقىلىمنى ئېلىشنى باشلا!

تىرىستان تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ يېنىپ چىقتى. پادىشاھمۇ گۇئىللائۇم بىلەن كوپپېنولغا قايتىشقا ئىجازەت بەردى.

— سىلەرنى خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى پادىشاھ، — مېنىڭ فلاندىيىلىق دوستلىرىم! ئازراق دېمەڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار، كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەتىگەندىكى تاڭ نۇرىمۇ جىلۋە قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىككىيلەن خوشلىشىپ ياندى. باستىلىيە تۇرمىسىنىڭ باشلىقى ئىككىيلەننى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

— بۇ پادىشاھ تولا يۆتىلىپ ئارام بەرمىدى، — دېدى كوپپېنول گۇئىللائۇمغا، — مەن ھاراقنى تولا ئىچىپ لايدەك مەست بولۇپ كەتكەن چارلېز دې بۇرگۇندىنىمۇ كۆرگەن. لېكىن، ئۇمۇ تېخى كېسەل كۆرپىسى بولۇپ كەتكەن لۇئى XI دەك يىرگىنچلىك ئەمەس ئىدى.

— ياكوئىس كوپپېنول ئەپەندى، — دېدى گۇئىللائۇم، — بۇنىڭ سەۋەبى پادىشاھلار ئىچىدىغان ھاراق ئۇلار ئىچىدىغان دورىدەك يامان ئەمەس.

## 6. كىچىك مەشئەل

گرىنگورى باستىلىيە تۇرمىسىدىن چىقىپ، يۈگەنسىز قالغان ئاتتەك ناھايىتى تېز ماڭدى ـ دە، بىردەمدىلا ساينت ئانتونى كوچىسىدا ئۆزىنى كۆردى. باۋدويىر دەرۋازىسىغا بارغاندىن كېيىن ئۇدۇللاپ تاش كىرېستقا قاراپ ماڭدى. كىرېست مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، قاراڭغۇلۇقتا كىرېست سۈپىسىدا ئولتۇرغان قارا كىيىملىك، قارا شىلەپىلىك ئادەمنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى.

— بۇ سىزمۇ، ئۇستاز؟

قارا كىيىملىك ئادەم ئورنىدىن تۇردى.

— قارغىش تەگكۇر، گرىنگورى! ئەجەب ئەنسىرەتتىڭ، ئۇبدانلا قىينىدىڭ ـ دە، مېنى! ساينت گېرۋائىس چېركاۋىدىكى قوڭغۇراق ئەتىگەن سائەت بىر يېرىمغا جاراڭلاپ بولدى.

— شۇنداق، — دېدى گرىنگورى، — بۇنى مەندىن كۆرمەي، كېچىلىك چارلىغۇچىلار بىلەن پادىشاھتىن كۆرۈڭ. مەن بايىلا ئۇلارنىڭ ئىبلىس تىرنىقىدىن قۇتۇلۇپ قالدىم! مۇشتۇمدەك جېنىمدىن ئايرىلغىلى تاس ـ تاس قالدىم تېخى. تەقدىر ـ پېشانەم راستتىنلا شۇنداق ئوخشايدۇ. دائىم دېگۈدەك دارغا

ئېسىلىشقا تاس قالىمەن.

— نېمە ئۇ تاس قالىمەن دېگەنلىرىڭ، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — تېزرەك بول، يولدىن ئۆتكىلى بولىدىغان پارولنى بىلەمسەن؟

— ئويلاپ بېقىڭ، ئۇستاز! مەن ئابايا پادىشاھنى كۆردۈم دەڭە! مەن دەل ئۇنىڭ يېنىدىن كېلىۋاتىمەن. ماتا رەختتىن چاپان كىيىۋاپتۇ، مۆجىزە بولىدىغۇ بۇ!

— تولا كاپشىيدىغان نەرسە ئىكەنسەن! سېنىڭ مۆجىزىلىك ئۇچرىشىشلىرىڭنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ سەندە تىلەمچىلەر قوشۇنىنىڭ يولدىن ئۆتكەندە ئىشلىتىدىغان پارولى بارمۇ دەپ سوراۋاتىمەن!

— بولمامدىغان، ئازراق تەخىر قىلىڭا! پارول «كىچىك مەشئەل!»

— ياخشى، بۇنى بىلمىسەڭ چېركاۋغا كىرەلمەيسىز ئەمەسمۇ؟ تىلەمچىلەر ھەممە كوچىنى قامال قىلىپ بوپتۇ. تەلىيىمىزگە ئۇلار ئازراق قارشىلىقتا دۇچ كەلگەندەك قىلىدۇ. ئۇلگۇرەلىشىمىز مۇمكىن.

— شۇنداق، ئۇستاز. بىراق، بىز بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا قانداق كىرىمىز؟

— مەندە قوڭغۇراق بىناسىنىڭ ئاچقۇچى بار.

— قانداق چىقىمىز؟

— موناستىرنىڭ كەينىدىكى يان ئىشىك بىلەن تېررائىنغا بارغىلى بولىدۇ. تېررائىندىن ئۇدۇل مېڭىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا بارىمىز. ئۇ يەرنىڭ ئاچقۇچىمۇ قولۇمدا. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇ يەرگە بىر قېيىقنى باغلاپ قويدۇم.

— دارغا ئېسىلمىغىنىمغا مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر، — دېدى گرىنگورى.

— تېز بولايلى، ماڭايلى، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

ئىككىيلەن كونا شەھەر رايونىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 7. شاتوپىر ياردەمگە كەلدى !

ئوقۇرمەنلەر كۋاسىمىدونىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى يادىدىن چىقارمىغاندۇ؟ بۇ قورقۇمسىز گاس راستىتىنلا تەرەپ ـ تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىدى. گەرچە پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا چۈشۈپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن مىسىرلىق قىزنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈمىدى يوقىقا چىقىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىگە كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەرگە كۆپ باش قاتۇرماي، قوڭغۇراق بىناسىنىڭ كارىدورىدا ئالجىپ قالغان ئادەمدەك يۈگۈرۈپ يۈردى. تىلەمچىلەر بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا بۆسۈپ كىرىشكە ئازلا قالغاندەك ئىدى. دەل شۇ ئەسنادا قوشنا كوچىدىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا سوزۇلغان مەشئەللەر كۆرۈندى. زىچ سەپ تارتقان ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاتنىڭ يۈگەنلىرىنى چىڭ تارتىپ، ئۇزۇن نەيزىلەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇيۇنغا ئوخشاش گۇركىرىگەن پېتى مەيدانغا قاراپ ئات سالدى. «فىرانسىيە ! فىرانسىيە ! مەككار پۇقرالارنى قىرىپ تاشلايمىز ! شاتوپىر ياردەمگە كەلدى ! ژاندارما قوماندانى ! ژاندارما قوماندانى !» دېگەن ئاۋازلار ئەتراپنى بىر ئالدى.

تىلەمچىلەر قورقۇپ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتتى.

كۋاسىمىدو قىيا ـ چىيانى ئاڭلىمىدى، لېكىن يالت ـ يۇلت قىلىۋاتقان قىلىچلارنى، مەشئەللەرنى، نەيزىلەرنى ۋە سەپ تارتىپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئەسكەرلەرنى كۆردى. قوشۇننى باشلاپ ماڭغان كاپىتاننىڭ فوبۇس ئىكەنلىكىنى تونۇدى. تىلەمچىلەرنىڭ پاتىپاراق بولۇۋاتقانلىقىنى، يۈرىكى تومراقلىرىنىڭمۇ ھودۇقۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. تاسادىپىي يوسۇندا يېتىپ كەلگەن ياردەم ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بىنانىڭ كارىدورىغا پۈتنى قويغان بىرنەچچە ھۇجۇمچىنى تۇتۇۋېلىپ،

پەسكە ئېتىۋەتتى.

پادىشاھنىڭ قوشۇنى ئەرشتىن چۈشكەندەك بولدى.

تىلەمچىلەر يەتكۈچە قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. ئۇلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرۇپمۇ ئۆزىنى قوغدىدى. ساينت پىررې ئاۋكىسبوف كوچىسىدىكىلەر يان تەرەپتىن، پارۋى مەيدانىدىكىلەر ئارقا تەرەپتىن بۈۋى مەريەم چىركاۋىغا قاراتقان ھۇجۇمىنى بىر پەسمۇ توختاتمىدى. كۋاسىمودومۇ قارشىلىق كۆرسەتتى. تىلەمچىلەرنىڭ ھازىرقى ئورنى پەۋقۇلئاددە بولۇپ، ئۇلار ھەم ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار، ھەم قورشاۋدا قېلىۋاتقانلار ئىدى. بۇ ئەھۋال 1640 ـ يىلىدىكى «تاۋرىنوم جېڭى» بىلەن پەرق قىلمايتتى. شۇ چاغدىمۇ گىراف ھېنرې ھاركورت ساۋوي ئۆلكىسىدىكى توما جانابلىرىنى قورشاۋغا ئالغاندا، ماركىز لېگانېزنىڭ قورشاۋىدا قالغانىدى. ئەھۋال ھاركورتنىڭ قەبرە تېشىدىكى «تاۋرىنومغا قورشاپ ھۇجۇم قىلغانلار ئۆزى قورشاۋغا چۈشۈپ قالدى» دەپ يېزىلغاندەك بولغانىدى.

ئەمدىكى جەڭمۇ راستتىنلا بەك شىددەتلىك بولدى. ماتىئو ئېيتقاندەك «ئىتنىڭ چىشى بۆرىنىڭ گۆشىگە پاتتى.» باتۇر كاپىتان شاتوپېرنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر ئاجايىپ جەڭگىۋارلىق كۆرسەتتى... تىلەمچىلەرنىڭ قولىدىكىسى كارغا كەلمەيدىغان قوراللاردىن بولسىمۇ، لېكىن دەرغەزەپ بولغان ئالامان لېۋىنى لېۋىگە چىشلەپ بەرداشلىق بەردى. ئەرلەر، ئاياللار، كىچىك بالىلار ئاتنىڭ كەينىدىن ياكى بىقىنىدىن ئېتىلىپ چىقىپ چەۋەندازلارنى چىشلىدى، بارماقلىرى بىلەن مورلىدى، بەزىلىرى مەشئەلنى ئوقياچىلارنىڭ يۈزىگە قارىتىپ ئاتتى. يەنە بەزىلىرى تۆمۈر ئىلمەكلەرنى چەۋەندازلارنىڭ بويىنىغا سانجىدى، ئۇلارنى ئالدىغا تارتىپ يىقىتالىسىلا ئۇلاش ـ چۇلاش كېلىپ، ئاتتىن چۈشكەن چەۋەندازلارنى چاناپ پارە ـ پارە قىلىۋەتتى.

تەق ـ تۇرقى ۋەھىمىلىك، قولىغا ۋالىلداپ تۇرغان قىڭراق

www.uyghurkitap.com

تۇتقان بىر ئەر ئالدىغا كەلگەنلا ئاتىنىڭ پۇتىغا چىپىپ مىڭىۋاتاتتى. ئۇ دىمىقىدا ناخشا توۋلايتتى، قىڭراقنى بىر مەرتىۋە شىلتىپ بولۇپ، دەرھال تارتىۋالاتتى. قىڭراقنى ھەربىر شىلتىغاندا، ئەتراپىغا قان ۋە گۆش پارچىلىرى چاچرايتتى. ئايىغى ئاستىغا ئاتنىڭ پۇتلىرى دۆۋىلىنىشەتتى. ئۇ مۇشۇ يوسۇندا تىنماي ـ تەمتىرىمەي ئاتلىق قوشۇننىڭ ئىچىگە كىرىپ، بېشىنى بىر ئېگىشتۇرۇپ، بىر كۆتۈرۈپ، بۇغداي ئورۇۋاتقان دېھقاندەك رىتىملىق ھەرىكەت قىلدى، ھاسىراپمۇ قالمىدى. بۇ كلوپىن ترولليېف ئىدى. بەردەنگىدىن ئېتىلغان بىر پاي ئوق ئۇنى يەرگە يۇمىلىتىۋەتتى.

بۇ چاغدا ئەتراپتىكى دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسى ئېچىلدى. گىۋاردىيەدىكىلەرنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلىغان شەھەر ئاھالىسىمۇ جەڭگە قاتناشتى. بىنا دېرىزىلىرىدىن ئېتىلغان ئوق تىلەمچىلەرنىڭ ئۈستىگە يامغۇردەك تۆكۈلدى. پارۋى مەيدانى مىلتىق ۋە زەمبىرەكتىن چىققان ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە قالدى. لېكىن، بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئالدى تېمىنى، ۋەيران بولغان دوختۇرخانىنىمۇ كۆرگىلى بولاتتى. بىمارلار دوختۇرخانىنىڭ بالىخانىسىدىكى دېرىزىلەردىن بېشىنى چىقىراتتى، ئۇلار سارغايغان، يۈزلىرىدە قان دىدارى يوق ئادەملەر ئىدى.

كۋاسىمدو قارشىلىق كۆرسىتىشنى بىردەممۇ توختاتمىدى، بۇۋى مەريەم چېركاۋىنى قورشاۋغا ئالغانلارنىڭ تارمار بولۇپ چېكىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، لاسسىدە تىزلاندى، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، ئاندىن خۇشاللىقىدىن خۇدىنى يوقىتىپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ قۇشتەك تېز يۈگۈرۈپ، ئۆزى قەھرىمانلارچە قوغدىغان، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىر قەدەم يېقىنلىشىشىغىمۇ يول قويمىغان كىچىك ئۆيگە يېتىپ كەلدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئابايا جان پىدالىق بىلەن قوغدىغان قىزنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇشتىن باشقا خىيال يوق ئىدى.

ئۇ ئۆيگە كىردى، لېكىن ھېچكىم يوق ئىدى.

# ئون بىرىنچى باب

## 1. پوپۇچ

تىلەمچىلەر چېركاۋغا ھۇجۇم قىلىۋاتقاندا، ئەسمېرالدا تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى.

ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەيلا، چېركاۋ ئەتراپىدىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن بارغانسېرى كۈچەيدى. ئوغلاق ئويغىنىپ كېتىپ، مەرىڭگىلى تۇردى. ئەسمېرالدامۇ شۇ ئاۋازلاردىن چۆچۈپ ئويغاندى، ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئاڭلىنىۋاتقان قىيا ـ چىياغا ئەستايىدىل قۇلاق سالدى، ئەتراپىغا قاراپ باقتى، ئوتنىڭ يورۇقى ۋە ۋارقىراش ـ جارقىراشلاردىن قورقۇپ، سىرتتا زادى نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئىشىكتىن چىقتى. قاراڭغۇ مەيداندىكى كۆرۈنۈشنى ئاران ـ ئاران ئىلغا قىلدى. ئۇ يەردە بىرنەرسە لۆمۈلدەۋاتقاندەك ئىدى. كېچىدىكى ھۇجۇم قارىماققا بەك قالايمىقان، پاقىدەك سەكرەپ يۈرگەنلەر كىشىنى ۋەھىمىگە سالاتتى. ئالامانىڭ خىرىلداپ بىر ـ بىرىنى تۇۋلىغانلىرى ئاڭلىناتتى. شەلپەردەك قىپقىزىل ئوت يالقۇنى كۆلنىڭ يۈزىدىكى تۇماندا چاقناۋاتقان ئاقار يۇلتۇزغا ئوخشايتتى. ئەسمېرالدا كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ، بۇنى شەببات جەمئىيىتىنىڭ جىن ـ ئالۋاستىلىرى بىلەن چېركاۋدىكى تاشتىن ئويۇلغان مەخلۇقلار ئارىسىدىكى جەڭ بولمىغىيدى، دەپ ئويلىدى. ئۇ بالا چېغىدىن باشلاپ بۇخېمىيەلىكلەرنىڭ ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرىنى تولا ئاڭلاپ، خۇراپىي ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى تولا كۆرۈپ چوڭ بولغاچقا، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى پەقەت قاراڭغۇ كېچىدىلا پەيدا

www.uyghurkitap.com

بولىدىغان غەلىتە مەخلۇقلارنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن دەپ ئويلايتتى. ئۇ كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنىمۇ مۇشۇ چېغى دېگەن يەرگە كەلدى - دە، قورققىنىدىن پۇت - قولىدا جان قالمىدى، ئۆرۈلۈپ - سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئۆيگە كىرىۋالدى. يوتقاننىڭ ئىچىدە تۈگۈلۈپ يېتىپ، كونىراپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىنىڭ ئۆزىنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق چۈشكە گىرىپتار قىلماسلىقىنى خۇدادىن تىلىدى.

دەسلەپكى ۋەھىمىنىڭ تۇمانلىرى ئاستا - ئاستا تارقىغاندىن كېيىن، ئۇ ئۈزۈكسىز كۈچىيىۋاتقان شاۋقۇن - سۈرەننى يەنە ئاڭلىدى. رېئال تۇرمۇشنىڭ بەلگىسى تەرىقىسىدىكى بىرنەچچە ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. چېركاۋنى قورشىۋالغانلارنىڭ جىن - ئالۋاستى ئەمەس، ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدى. كۆڭلىدىكى ۋەھىمە كۈچەيمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ خاراكتېرى پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ئۇ «مەيداندىكى بۇ ئىش بىر قېتىملىق توپىلاڭ بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار مېنى بۇ مۇقەددەس ماكاندىن تۇتۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى. ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتى ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن، فوبۇس بىلەن يەنە بىر قېتىم ئادا - جۇدا بولىدىغان، فوبۇسنى قايتا كۆرەلمەيدىغان ئاقىۋەتكە دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ ئاجىز، بارار يېرى يوق، يۆلەنچۈكى يوق، يەككە - يېگانە بەندە ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. باش - ئايىغى يوق بۇ خىيال ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىدى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بېشىنى چاڭگاللىدى، تۆشەككە يۆلىنىپ لاغىلداپ تىترىدى، ئازابلاندى. گەرچە بۇتقا چوقۇنىدىغان مىسىرلىق قىز، غەيرىي دىننىڭ مۇخلىسى بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە يىغلاپ - ئېسەدەپ، خۇدادىن ئۆزىنى پاناھىغا ئېلىشنى ئۆتۈندى، بۈۋى مەريەمگە يالۋۇرۇپ دۇئا قىلدى. ھېچ نەرسىگە ئېتىقاد قىلمايدىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھايات - ماماتلىق بوسۇغىسىغا كەلگەندە، ئۆزىگە ئەڭ يېقىن چېركاۋغا كىرىپ خۇدادىن نىجاتلىق تىلىشى

تۇرغان گەپ ئىدى.

ئەسمىرالدا مۇشۇ ھالەتتە بىرھازاغىچە تىزلىنىپ ئولتۇردى، راستىنى ئېيتقاندا، بىرياقتىن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، بىرياقتىن لاغىلداپ تىترىدى، ۋارقىراش ـ جارقىراشلارنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تېخىمۇ ئالاقزادىچىلىك ئىچىدە قالدى، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ تىنالمىدى. بۇ توپىلاڭنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئادەملەرنىڭ نېمە قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئاقىۋەتنىڭ خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى.

ئەسمىرالدا ئامالسىز تۇرغان شۇ ئەسنادا، كەينى تەرىپىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇ قايرىلىپ قاراپ، ئۆيگە كىرىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئەر كىشىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىرى قولىغا پانار ئېلىۋالغانىدى. ئەسمىرالدا زەئىپ ئاۋازى بىلەن تۇۋلاپ تاشلىدى.

— قورقماڭ، — دېدى بىر تونۇش ئاۋاز، — بۇ مەن.

— كىم؟ سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى ئەسمىرالدا.

— پىيرري گىرىنگورى.

بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ راستتىنلا ھېلىقى شائىر ئىكەنلىكىنى بىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ يېنىدىكى قارا كىيىملىك ئادەم يۈز ـ كۆزىنى مەھكەم ئورىۋالغان بولغاچقا، ئەسمىرالدا قورقۇپ كېتىپ، باشقا گەپ قىلالمىدى.

— ھەي، — دەپ قويدى گىرىنگورى نارازى بولۇپ، — مېنى تونۇمىغىنىڭىزنى قاراڭ؟ گالى جىنىدا مېنى سىزدىن بالدۇر تونۇۋالدى.

ئوغلاق گىرىنگورى ئۆزىنى مەلۇم قىلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنى تونۇغانىدى. شائىر ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن پۇتىنى ئالغاندىلا، ئوغلاق ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ پۇتلىرىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇمشۇقلىرىنى ئۇنىڭغا سۇركىگەن، كىيىملىرىنى ئاپپاق تۈك بىلەن بۇلغىۋەتكەنىدى. بۇ ئۇنىڭ دەل تۈك تاشلاۋاتقان ۋاقتى ئىدى. گرىنگورى ئوغلاقلا يېقىنچىلىق قىلىپ سىلاپ قويغانىدى.

— سىز بىلەن كەلگەن نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى مىسىرلىق قىز پەس ئاۋازدا.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى گرىنگورى، — ئۇ مېنىڭ ئاغىنەم.

پەيلاسوپ پانارنى يەرگە قويۇپ زوڭ ئولتۇردى ـ دە، گالىنى قۇچىقىغا ئالدى ۋە:

— ئاجايىپ ئوبدان جانىۋار، — دېدى ئۇ كۆرەڭلىگەن هالدا، — جۇغى كىچىك بولسىمۇ، پاكىز يۇرۇشكە ئامراق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەقىللىق، ناهايىتى هوشيار، گىراماتىكىلارغا ئوخشاش بىلىملىك! گالى، ئويۇنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ـ قالمىدىڭمۇ، كۆرۈپ باقايلىچۇ، ياكوئىس شارمولۇينى دوراپ باققىنا ...

قارا كىيىملىك ئادەم گرىنگورىنىڭ سۆزلەپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇرماي ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، مۇرىسىگە قوپاللىق بىلەن بىرنى سالدى. گرىنگورى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— هە راست، دەرهال ماڭمىساق بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپتىمەن. لېكىن، ئۇستاز! مۇنچىۋالا كايىشىڭىزنىڭ هاجىتى يوق! سۆيۈملۈك گۈزەل قىز، هاياتىڭىز خەتەر ئىچىدە. گالىمۇ شۇنداق. بىز سىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ كويىدا. بىز سىزنىڭ دوستلىرىڭىز، سىزنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن، بىز بىلەن مېڭىڭ.

— راستمۇ؟ — ئەسمېرالدا تەمتىرەپ كەتتى.

— راست، راست شۇنداق، تېز بولۇڭ!

— بولىدۇ ئەمىسە، — ئەسمېرالدا دۇدۇقلاپ قالدى، — لېكىن سىزنىڭ دوستىڭىز نېمىشقا گەپ قىلمايدۇ؟

— ھەي، — دېدى گرىنگورى، — ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇي - مىجەزى ئۇسال بولغاچقا، ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا تولا گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالغان.

ئەسىرالدا ھەرھالدا بۇ گەپلەردىن قانائەت ھاسىل قىلغان بولدى. گرىنگورى ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى. ھەمراھى پانارنى كۆتۈرۈپ، ئالدىدا يول باشلىدى. ۋەھىمىدىن گاڭگىراپلا قالغان مىسىرلىق قىز ئۈزىنى ئۇلارنىڭ ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. ئوغلاق ئويناقلىغان پېتى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، گرىنگورىنى كۆرۈپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەچكىمكىن، پۇتىغا تولا سۈركىلىپ، ئۇنى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى.

— ھايات دېگەن شۇ، — دەپ ماڭدى پەيلاسوپ ھەر قېتىم مۇدۇرگەندە، ئۇ ئىچ - ئىچىدىن خۇشال ئىدى، — بىزنى يىقىتىدىغىنى دەل بىزنىڭ دوستلىرىمىز!

ئۇلار ئالدىراپ - تېنەپ ماڭغان پېتى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ، چېركاۋنىڭ گۈردەك قاپقاراڭغۇ ھويلىسىدىن ئۆتتى. بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. بۇ ئەھۋال مەيداندىكى قۇلاق - مېڭىنى يەپ گۇرۇلدەۋاتقان شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن ئادەمنى ئەيمەندۈرگۈدەك سېلىشتۇرما بولالايتتى. ئۇلار قىزىل دەرۋازىدىن چىقىپ، موناستىرنىڭ ھويلىسىغا كەلدى. بۇ ھويلىدىمۇ ئادەم يوق ئىدى. پوپلار ئېپىسكوپنىڭ قورۇسىغا يوشۇرۇنغان، بىر يەرگە توپلىشىپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقان بولسا كېرەك، قورقۇپ جان - ئىمانى چىقىپ كەتكەن بىرنەچچە خىزمەتكارلا ھويلىنىڭ بۇلۇڭىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ھويلىدىكى تېررىئان قاقاسلىقىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىشىك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قارا كىيىملىك ئادەم يېنىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. بىزگە مەلۇم، تېررىئان سوزۇنچاق كەلگەن بوش يەر بولۇپ، ئەتراپى كونا شەھەر رايونىنىڭ يېنىدىكى سېپىل تاملىرى بىلەن ئورالغانىدى. بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىكى پوپلار ئۇيۇشمىسىغا قارايدىغان بۇ يەر

www.uyghurkitap.com

چېركاۋنىڭ كەينىگە جايلاشقان بولۇپ، دەرىيادىكى كىچىك ئارالنىڭ شەرقىي تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. ئۇلار بۇ يەردىمۇ ئادەم يوقلۇقىنى، مەيداندىكىدەك ئۇنچە كۆپ شاۋقۇن - سۈرەننىڭمۇ يوقلۇقىنى بايقىدى. تىلەمچىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىۋېتىپ تووۋلاشقان ئاۋازلىرى ئاران - ئاران يېتىپ كېلەتتى. پەقەت سۇ يۈزىدىكى شامالنىڭ تېررىئان قىرغىقىدىكى قۇرۇپ كەتكەن دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى شىلدىرلىتىشىۋاتقانلىقىلا ئاڭلىناتتى. شۇ تاپتا ئۇلارنى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدى، دېگىلى بولمايتتى. ئۇلارغا ئەڭ يېقىن جايدىكى بىنا دەل ئېپىسكوپنىڭ قورۇ - جايى ئىدى. قارىيىپ تۇرغان ئالدى تامغا تىنىمسىز رەۋىشتە چۈشۈۋاتقان يورۇقتىن ئېپىسكوپنىڭ قورۇسىدىكىلەرنىڭ پاتىپاراق بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يورۇۋاتقان دېرىزىلەر كۆيۈۋاتقان قەغەزگە ئوخشايتتى. لەيلەپ يۈرگەن چاڭ - توزان سان - ساناقسىز يۇلتۇز بىلەن ئىرماش - چىرماش بولۇپ ئوينىشىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

پارىژنىڭ كۆپ جايلىرى مۇنداقلا قاراشقا قاپقارا سايىنىڭ ئۆزى ئىدى. قارا سايە قوينىدىن ئاندا - ساندا يورۇق نۇر جىمىرلايتتى. مۇنداق كۆرۈنۈشنى پەقەت رېمبراننىڭ رەسىملىرىدىنلا تاپقىلى بولاتتى.

پانار كۆتۈرۈۋالغان ئادەم تېررىئاننىڭ چېتىگىچە باردى. سۇنىڭ بويىدىكى بىر قاتار چىتلاق ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ياغاچ - تاشلار چىتلاقنى بېسىۋالغانىدى. پاكار ئۆسكەن بىر تۈپ دەرەخنىڭ سوزۇلۇپ تۇرغان شېخى ئادەمنىڭ بارمىقىغىلا ئوخشايتتى. چىتلاقنىڭ كەينىدىكى قاراڭغۇغا كىچىك بىر قېيىق يوشۇرۇپ قويۇلغانىدى. قارا كىيىملىك ئادەم گرىنگورى بىلەن مىسىرلىق قىزنى قېيىققا چىقىشقا بۇيرۇدى، گالىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قېيىققا چىقتى. قارا كىيىملىك ئادەم قېيىققا ھەممىنىڭ كەينىدە چىقىپ، ئارقاننى يەشتى، ئاندىن قولىغا ئۇزۇن خادىنى

ئېلىپ قىرغاققا تىرىدى. قېيىق بىرلا كۆچەش بىلەن قىرغاقتىن ئايرىلدى. ئۇ ئادەم قېيىققا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىككى پالاقنى ئېلىپ، قېيىقنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا قارىتىپ ھەيدىگىلى تۇردى. سېينا دەرياسى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ناھايىتى تېز ئاقىدىغان بولغاچقا، قېيىق دەريا ساھىلىدىن ناھايىتى تەستە ئايرىلدى.

گرىنگورى قېيىققا چىققاندىن كېيىن گالىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇپ، قېيىقنىڭ كەينىدە ئولتۇردى. مىسىرلىق قىز دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ، ئەركىن ـ ئازادە بولالمىدى. ئالدىدىكى ناتونۇش ئادەم ياخشى ئادەم ئەمەستەك قىلاتتى. مىسىرلىق قىز ئورنىدىن يۆتكىلىپ شائىرنىڭ يېنىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭغا چىڭ يۆلىنىپ ئولتۇردى.

بىزنىڭ پەيلاسوپ قېيىقنىڭ قوزغالغىنىنى كۆرۈپ چاۋاك چېلىۋەتتى. گالىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سۆيۈپ قويدى ۋە:

— پاھ، — دېدى ئۇ، — تۆتەيلەن تەڭلا قۇتۇلدۇق! — ئاندىن يەنە بىر جۈملە پەلسەپىۋى گەپنى قوشۇپ قويدى، — ئۇلۇغۋار پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەزىدە تەلەيگە، بەزىدە ئەقىل ـ پاراسەتكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

قېيىق ئاستىلاپ بېرىپ ئوڭ قىرغاققا يېقىنلاشتى. مىسىرلىق قىز شۈركۈنگەندەك بولدى ۋە ناتونۇش ئادەمگە زەن سالدى. ئۇ گىرىمسەن چىراغ يورۇقىدا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋاتقاندەك ئىدى. قېيىقنىڭ بېشىدا ئولتۇرغان بۇ ئادەم قاراڭغۇدا ئەرۋاھقىلا ئوخشايتتى. ساڭگىلاپ چۈشكەن رومال يۈزىنى يېپىپ تۇرغان چۈمپەردىدەك كۆرۈنەتتى. ئۈستىدىكى پلاشنىڭ كەڭ يېڭى بىلىكىنى سوزۇپ پالاق ئۇرۇۋاتقاندا، شەپەرەڭنىڭ ئىككى قانىتىدەك يېيىلاتتى. ئادەمنى تېخىمۇ تەئەججۈپلەندۈرىدىغىنى، بۇ ئادەم يا لام، يا جىم دېمەيتتى، تىنىقمۇ چىقارمايتتى. ئەتراپتا باشقا ئاۋاز

www.uyghurkitap.com

بولمىغاچقا، ئالدى ـ كەينىگە ھەرىكەت قىلىۋاتقان پالاقنىڭ ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى. كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان سۇ قىيىقتا ئۇرۇلۇپ شالاقلايتتى.

— روھىمنى شىپى كەلتۈرۈپ قەسەم ئىچىمەنكى، — گرىنگورى تووۋلاپ كەتتى، — بىز مۇشۇكياپىلاقتەك يەڭگىل، خۇشال ـ خۇرام بولىمىز دېيىدۇق، ئەمدىلىكتە نېمە بولدى؟ پىفاگور ئېقىمىدىكى پەيلاسوپلاردەك ياكى بولمىسا سۇدىكى بېلىقتەك زۇۋان سۈرمەي ئولتۇرىمىزغۇ؟ تووۋا قىلدىم! ئاغىنىلەر، بىرەرىڭلارنىڭ مەن بىلەن گەپلەشكۈڭلار يوقمۇ؟ ئىنساننىڭ قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغاندا، ئىنساندىن چىققان ھەربىر ئاۋاز مۇزىكا ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەن ئويدۇرۇپ چىققان سۆز ئەمەس، بۇنى ئالېكساندرىيەدىكى دېدىمۇس ئوتتۇرىغا قويغان ئالتۇندەك سۆز. دەرۋەقە، دېدىمۇس ئادەتتىكى پەيلاسوپلاردىن ئەمەس. گەپ قىلىڭچۇ، چىرايلىق قىز، ئۆتۈنۈپ قالاي. مەن بىلەن بىر ـ ئىككى ئېغىز بولسىمۇ مۇڭدىشىڭ. توغرا، سىز لېۋىڭىزنى پورۇشتۇرۇشكە ئامراقسىز! دائىم شۇنداق قىلاتتىڭىزغۇ؟ ھەي، سۆيۈملۈك دوستۇم، ئالىي سوت مەھكىمىسى پاناھلىنىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق، بۇنى ئوبدان بىلىسىزغۇ؟ بۆۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ كاتەكتەك ئۆيىدە تۇرۇش نەقەدەر خەتەرلىك، ھەي! بۇنىڭ كىچىك قۇش تىمساھنىڭ چىشىغا ئۇۋا سالغان بىلەن نېمە پەرقى بار؟ ئۇستاز، ئايمۇ چىقتى، باشقىلارنىڭ بىزنى كۆرۈپ قالمىغىنى ياخشى. بىز بۇ خان قىزنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاز بولمىغان خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدۇق. ناۋادا ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالسا، بىزنى پادىشاھنىڭ نامىنى شىپى كەلتۈرۈپ دارغا ئېسىۋېتىدۇ. ھەي، ئىنسانلار ھەرقانداق ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىشكە ئامراق: بىرى بىر پەردە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ. يەنە بىرلىرى بىر پەرلەردە تىل ـ ھاقارەتكە قالىدۇ. بىرلىرى سىسىپرۇغا

چوقۇنىدۇ، ئەكسىچە كاتىلىنىي ① نى ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، ئۇستاز؟ سىزنىڭچە، بۇ پەلسەپە بولىدىغاندەكمۇ؟ مەنچۇ، مەن دېگەن پەلسەپىنى تۇغۇلۇپلا بىلىدىغانلاردىن، مېنىڭ پەلسەپە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ھەسەل ھەرىسى بىلەن گېئومېترىيەنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. ھەي، مەن بىلەن كارىڭلار بولمايۋاتىدۇغۇ؟ غەلىتە مىجەزىڭلار بار ئىكەن، ئىككىڭلارنىڭ! ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم سۆزلەشسەم بولغۇدەك. بىز يازغان تىراگېدىيەدە بۇنى مونولوگ دەيدۇ. توۋا! سىلەرگە دەپ قوياي، مەن بايىلا لۇئى XI نى كۆردۈم. بۇ گەپلەرنى مەن شۇ يەردە ئۆگىنىپ كەلگەن. توۋا قىلدىم! كونا شەھەر رايونىدا نېمە تۈگىمەيدىغان غەلۋە - غوۋغا بۇ! لۇئى XI ئۆتۈپ كەتكەن رەزىل، قاقباش پادىشاھ، ئۆزىنى قارا خۇرۇم بىلەن يۆگىۋاپتۇ. ئۇ تېخى ماڭا تويغا ئاتاپ يازغان شېئىرىمنىڭ قەلەم ھەققىگە قەرزدار. مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇ مېنى بۈگۈن ئاخشام دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى. مەن دارغا ئېسىلىشتىن بەك قورقىمەن. ئۇ ئادەملەرگە بەكمۇ شەپقەتسىز، رەھىم قىلىشنى بىلمەيدىغان نەرسە ئىكەن. سالۋېن كولوگنى يازغان «بېخىللىققا قارشى تۇرۇش» قاتارلىق تۆت كىتابنى ئوقۇمىسام بولمىغۇدەك، تازىمۇ بىر ئىش بولدى! ئۇنىڭ ئەدىبلەرگە بولغان باغرى تاشلىقىنى قارىمامدىغان، شۇڭا ئۇ شۇنچىلىك ياۋايى، شۇنچىلىك ۋەھشىي، ئۇنى خەلقنىڭ تېنىدىن ئۈزۈلدۈرمەي بايلىق شورايدىغان بۈلۈت دېسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ جۇغلىۋالغان نەرسىنىڭ ھەممىسى خەلقنىڭ قان - تەرى. لېكىن، مۇشۇ تۈپەيلى جامائەت ئارىسىدىن كېلىۋاتقان ئەلەملىك نىدا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ سۆزلىگەنچىلىكمۇ ئاڭلانمايدۇ. مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈل، تەقۋادار بىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا دارنىڭ ئەتراپى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم

---

① كاتىلىنىي (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 109 — 62 - يىللار) — قەدىمكى رىمدىكى ئاقسۆڭەك. ئاقساقاللار مەھكىمىسىنى ئاغدۇرۇشقا سۇيىقەست ئۇيۇشتۇرغان، پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىنغانلار بىلەن تولدى، تۈرمىلەر سولاپ قويۇلغان مەھبۇسلار بىلەن تولدى، جازا سۈپىسىدا ئاققان قانلار دەريا بولدى، بۇ ھۆكۈمرانلىق تولا يەپ ئىچىلىپ كېتەي دەپ قالغان قورساقنىڭ ئۆزىلا بولدى. پادىشاھ بىر قولىدا مال ـ مۈلۈك توپلىسا، بىر قولىدا ئادەم ئۆلتۈردى. ئاجىز ـ پېقىرلار يىغىدىن ـ يىغى ئىزىلىشكە دۇچ كەلدى. بۇ پادىشاھ ھەقىقەتەن ئاشۇرۇۋەتتى، ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. سىزچۇ، ئۇستازىم؟

شائىر ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي كاپشىپ ھارمىدى. قارا كىيىملىك ئادەم شىددەتلىك ئىقىم بىلەن توختىماي ئىبىلىشتى. دەل مۇشۇ مەۋج ئۇرۇپ ئىقىۋاتقان ئىقىم ئارال شەھەرنىڭ بىر بېشى بىلەن بۈگۈنكى كۈندە ساينت لۇئى ئارىلى دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇۋى مەريەم ئارىلىنىڭ يەنە بىر بېشىنى ئايرىپ تۇرىدىغان جاي ئىدى.

— ئاھ، ئۇستاز، — دېدى گىرىنگورى تۇيۇقسىز، — تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ پارۋى مەيدانىغا بارغاندا كاللىسى ئالۋاستىنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر بىچارە گاسنى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ كاللىسىنى پادىشاھلارنىڭ ھەيكىلى قويۇلغان كارىدورنىڭ رىشاتكىسىغا ئۇرۇۋاتقاندىغۇ؟ مەن تۆۋەندە تۇرۇپ كۆردۈم، كىم ئىكەنلىكىنى ئوچۇق كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىز؟

بىر ئىغىز گەپ قىلماي كېلىۋاتقان ناتونۇش ئادەم پالاق ئۆرۈشنى بىراقلا توختاتتى. ئىككى بىلىكى سۇنۇپ كەتكەندەك پەسكە چۈشتى، بېشى ساڭگىلىدى. ئەسىرالدا ئۇنىڭ ئىغىر خورسىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھودۇقىنىدىن تىترەپ كەتتى. مۇنداق خورسىنىشنى ئەسىرالدا بۇرۇنمۇ ئاڭلىغانىدى.

پالاق ئۇرىدىغان ئادەم بولمىغاچقا، قېيىق سۇنىڭ ئىقىشىغا قاراپ خېلىغىچە لەيلەپ ماڭدى. قارا كىيىملىك ئادەم قايتىدىن جان كىرگەندەك بولۇپ پالاقنى قولىغا ئالدى ـ دە، داۋاملىق ئىقىمنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ پالاق ئۇردى. ئۇلار بۇۋى مەريەم

ئارىلىنىڭ تۇمشۇقىدىن ئايلىنىپ، پوئىن پورتى تەرەپكە ماڭدى.

— ھەي، — دېدى گرىنگورى، — بارىبىئونىڭ سارىيىغا كېلەي دەپ قالدۇق. قاراڭ، ئۇستاز! ئاۋۇ ياقتا، قالايمىقان بۇلۇتلارنىڭ ئارىسىدىن كەمتۈك ئاي ساڭگىلاپ چۈشۈپتۇ، بىرلا قاراشقا چېقىق تۇخۇمنىڭ سېرىقىغىلا ئوخشايدۇ. قارىيىپ تۇرغان ئۆگزىلەرنىڭ بۇرجىكى نېمانچە سەت. باشقىلار ئۇنى ناھايىتى چىرايلىق قورۇ - جاي دېگەندەك قىلىشىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە كىچىك بىر چېركاۋ بار، بۇ چېركاۋنىڭ ئەگمە تورۇسىغا ئويما نەقىشلەر چېقىرىلغان، ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىن ئىنتايىن نەپىس ياسالغان قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. قورۇنىڭ ھويلىسىدا ساپ ھاۋالىق بىر گۈللۈك بار. گۈللۈكنىڭ ئىچىدە بېلىق كۆلچىكى، قۇش باقىدىغان لاپاس، ئورمان ئىلاھەسىدىن ئۆزگەرگەن خەرسەڭ تاش ① ، دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان چوڭ يول، يەنە بىر چىغىر يول، ياۋايى ھايۋانلارنى باقىدىغان ئۆي قاتارلىقلار بار. بۇ كىچىك يوللار ۋېناسنىڭ سەيلە - ساياھەت قىلىشىغا شۇنداق مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەڭە! ئۇ يەردە «پوخۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بىر توپ بۇزۇقلار دەرىخى بار. بىر چاغلاردا مۇشۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە داڭلىق بىر مەلىكە بىلەن خۇشال ياشايدىغان ئەقىللىك فىرانسىيە مارشالى كۆرۈشكەن. ھەي، بىزدەك شور پېشانە پەيلاسوپلارنىڭ ئۆزىمىزنى بىر مارشال بىلەن سېلىشتۇرغىنىمىز بەئەينى بىر چۆنەك يېسىۋېلەكنى ياكى بىر چۆنەك تۇرۇپنى لوئۇرې سارىيىدىكى گۈللۈك بىلەن سېلىشتۇرغاندەك ئىش بولمامدۇ! لېكىن، بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار؟ ئۇ چوڭلارنىڭ تۇرمۇشىمۇ ناھايىتى كەلسە بىزنىڭكى بىلەن ئوخشاش، بەزىدە ياخشى، بەزىدە يامان، شېئىرنىڭ

---

① خەرسەڭ تاش — قەدىمكى رىم ئەپسانىلىرىدە تاغ - ئورمان ئىلاھەسى يالغان گەپنى كۆپ قىلغانلىقى ئۈچۈن جونو تەرىپىدىن جازالانغان ۋە خەرسەڭ تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن، قايتا يالغان گەپ قىلالمايدىغان بولغان دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەھرىدىكى قاپىيە ـ تۇراقلار بىر ـ بىردىن ئايرىلالمىغاندەك، خۇشاللىقنىڭ يېنىدىمۇ ئازاب بولىدۇ. ئۇستاز، باربىئو قوروۇسى توغرىسىدىكى ھېكايىنى سىزگە سۆزلەپ بېرىش مەجبۇرىيىتىم بار دەپ ئويلايمەن. ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق. ئۇ 1319 ـ يىلى فىلىپ V ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بولغان ئىش، ئۇ فىرانسىيە پادىشاھلىرى ئىچىدە تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق پادىشاھ. بۇ ھېكايە بىزگە تەننىڭ ئېزىقتۇرۇشى زىيانلىق، بەزىدە ھەتتا زەھەرلىك بولىدۇ؛ قوشنىمىزنىڭ خوتۇنىغا يەۋىتىدىغاندەك تىكىلىپ قاراۋەرسەك بولمايدۇ، ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا مەپتۇن بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ؛ پاھىشىۋازلىقنىڭ كويىدا بولۇش ئىنتايىن ئىپلاس خىيال، يەڭ ئىچىدە كېلىشىۋېلىپ بۇزۇقچىلىق قىلىش ... دېگەنلەرنى ئۇقتۇرۇپ قويىدۇ. ھەي، ئاۋۇ ياقتىكى شاۋقۇن ـ سۈرەن بارغانسېرى چېكىگە چىقىپ كېتىۋاتىدۇغۇ!

بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئەتراپىنى ئورىۋالغان ئادەملەر راستتىنلا كۆپىيىپ قالغانىدى. ئۇلار دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىپ، ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان غەلىبىنىڭ تەنتەنە سادالىرىنى ئوچۇق ئاڭلىدى. نەچچە يۈزلىگەن مەشئەلنىڭ يورۇقىدا ئادەملەرنىڭ يېنىدىكى قورال ـ ياراغلار يالت ـ يۇلت قىلىپ پارقىرىدى. مانا، مەشئەللەر بىردىنلا ھەيۋەتلىك چېركاۋنىڭ ئۆگزىسىدە، قوڭغۇراق مۇنارىدا، بىنا كارىدورىدا، لەمپە ئاستىدا پەيدا بولدى. مەشئەل كۆتۈرۈۋالغانلار قانداقتۇر بىرنەرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئىدى. ھايال ئۆتمەيلا، يىراقتىكى ۋارقىراش ـ جارقىراشلارنى جېنى ئامان قالغان بۇ ئۇچەيلەن ئېنىق ئاڭلىدى.

—— مىسىرلىق قىز! ئايال پېرىخون! مىسىرلىق قىزنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، —— دەپ توۋلايتتى ئۇلار.

بەختسىز مىسىرلىق قىز يەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، قولى بىلەن يۈزىنى توسۇدى. ناتونۇش ئادەم قېيىقنى قىرغاق تەرەپكە تېخىمۇ كۈچەپ ھەيدىدى. بىزنىڭ پەيلاسوپ تېگىگە يەتكىلى

بولمايدىغان چوڭقۇر خىيال ئىلكىدە ئوغلاقنى قۇچىقىغا چىڭ باستى ـ دە، مىسىرلىق قىزنىڭ يېنىدىن سەل ـ پەل نېرىغا ئورۇن يۆتكىدى. لېكىن، مىسىرلىق قىز خۇددى بىردىنبىر پاناھلىنىدىغان ماكان مۇشۇ دەپ جەزم قىلغاندەك، گرىنگورىغا يېقىن كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا سىغدالدى.

گرىنگورى ھەقىقەتەن تەڭلىكتە قالغانىدى. مۇشۇ كۈنلەردە يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن بويىچە ئوغلاقنىڭ قولغا چۈشكەن ھامان دارغا ئېسىلىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىچارە گالىغا راستىنلا بەك ئۇۋال بولىدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئىككى مەھبۇسقا غەمخورلۇق قىلىدىغان مۇنداق ئېغىر مەسئۇلىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاۋۇ دوستى مىسىرلىق قىزدىن خەۋەر ئېلىشنى چىن كۆڭلىدىن خالايتتى. گرىنگورىنىڭ كاللىسىدا «ئىلىيادا» داستانىدىكى يۇپىتېرغا ئوخشاش كەسكىن ئىدىيەۋى كۈرەش پەيدا بولدى. بىردە ئوغلاققا، بىردە مىسىرلىق قىزغا قارىدى، كۆزلىرى ياشاڭغىرىدى، چىشلىرى ئارىسىدىن: «بىر قېتىمدا ئىككىڭلارنى تەڭ قۇتۇلدۇرالمىغۇدەكمەن» دېگەن گەپ چىقتى.

قېيىقنىڭ لەپەڭشىگىنىدىن ئۇلار قىرغاققا كەلگەنلىكىنى بىلدى. كونا شەھەر رايونى يەنىلا شاۋقۇن ـ سۈرەننىڭ ئىچىدە ئىدى. ناتونۇش ئادەم ئورنىدىن تۇردى، مىسىرلىق قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى يۆلىگەن ھالدا قېيىقتىن چۈشمەكچى بولدى. مىسىرلىق قىز ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ گرىنگورىنىڭ يېڭىغا ئېسىلدى، چۈنكى گرىنگورى ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى، بىراق گرىنگورى ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى ۋە ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئوغلاق بىلەن بولۇپ كەتتى. مىسىرلىق قىز قېيىقتىن ئۆزى چۈشتى، لېكىن نېمە قىلارىنى، قاياققا قاراپ مېڭىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى، تۇرغان ئورنىدىن مىدىرلىماي، شارىلداپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىگە قاراپ خىيالغا چۆمدى، سەل ـ پەل ئېسىگە كەلگەندىن كېيىن، قىرغاقتا

www.uyghurkitap.com

ھېلىقى ناتونۇش ئادەم بىلەنلا قالغانلىقىنى بىلدى. گىرىنگورى قىرغاقتا چىقىپلا بەدەر تىكىۋەتكەن، ھېلىقى ئوغلاقنى ئېلىپ دەريا ياقىسىدىكى ئاشلىق كوچىسىنىڭ تۇتاش كەتكەن ئۆيلىرى ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولغانىدى.

بىچارە مىسىرلىق قىز ھېلىقى ناتونۇش ئادەم بىلەن يالغۇز قالغانلىقىنى بىلىپ، ئىختىيارسىز لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، گەپ قىلغۇسى، ۋارقىرىغۇسى، گىرىنگورىنى توۋلىغۇسى كەلدى، لېكىن تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندەك، ئاغزىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. شۇ ئەسنادا ئۇ قولىنىڭ ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالىقىنىدا ئىكەنلىكىنى تۇيدى. ناتونۇش ئادەمنىڭ ئالىقىنى مۇزدەك سوغۇق، لېكىن بەك كۈچلۈك ئىدى. مىسىرلىق قىزنىڭ چىشلىرى كاراسلاپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى. ناتونۇش ئادەم بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقان پېتى گرېۋ مەيدانى تەرەپكە ماڭدى. مىسىرلىق قىز شۇ دەقىقىدە تەقدىر دېگەن نەرسىگە ئارا تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدى. ئۇنىڭ پۇت - قولىنىڭ مادارى قالمىغانىدى. ناتونۇش ئادەمنىڭ تارتىشى ياكى سۆرەشلىرىگە پەرۋا قىلماي كېتىۋەردى. ناتونۇش ئادەم ئالدىغا ماڭسا، ئۇمۇ سۆرىلىپ تۇرۇپ ئالدىغا يۈگۈردى. پىرىستان تەرەپ ئېگىز بولسىمۇ، لېكىن مىسىرلىق قىز ئۆزىنى قىيادىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقاندەك سەزدى.

مىسىرلىق قىز ئەلەڭلەپ ئەتراپىغا نەزەر سالدى، كۆزىگە بىرەر ئادەممۇ چېلىقمىدى، ھەممە يەر شۇنچىكى قاقاس، ئادەمنى شۈركۈندۈرگۈدەك تىمتاس ئىدى. پىرىستان تەرەپتىنمۇ ھېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. كۆكنى يالاۋاتقان ئوت يانغىنى ئىچىدىكى كونا شەھەر رايونىدا بولۇۋاتقان توپىلاڭنى دېمىسە، بۇ يەردە بىرەر ئادەمنىڭمۇ ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. پەقەت سېينا دەرياسىنىڭ سۇيىلا ئاقىرىپ تۇرىدىغان كونا شەھەر رايونىدىكى شاۋقۇن - سۈرەندە يەنىلا مىسىرلىق قىزنىڭ ئىسمى

تىلغا ئېلىنماقتا ئىدى. ئۇلار بۇ قىزنى ئۆلتۈرمەكچىدى. مىسىرلىق قىز ئەتراپىغا قاراپ پۈتكۈل پارىژنىڭ قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ناتونۇش ئادەم ھېلىمۇ ھەم زۇۋان سۈرمەي، مىسىرلىق قىزنى سۆرەپ ئۇچقاندەك ماڭماقتا ئىدى. مىسىرلىق قىز ئۆزىنىڭ نەلەردىن ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى. ياندىكى بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىگە كەلگەندە، پىلىلداپ چىقىۋاتقان چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ناتونۇش ئادەمدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن قولىنى سىلكىدى، يۇلقۇنۇپ باقتى، بىردىنلا جىمى كۈچىنى يىغىپ:

ـــ قۇتۇلدۇرۇڭلار ! ـــ دەپ توۋلىدى.

ئۆيدىكى ئادەم دېرىزىنى ئاچتى. جىنچىراغنى كۆتۈرۈپ، مايكىسى بىلەنلا دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى. گۇمانلىق كۆزلىرى بىلەن پىرىستان تەرەپكە قارىدى، بىرنېمىلەرنى دېدى، لېكىن مىسىرلىق قىز ئۇنىڭ بىر ئېغىز گېپىنىمۇ ئوچۇق ئاڭلىيالمىدى. ئۇ ئادەم دېرىزىنى يېپىۋەتتى. مىسىرلىق قىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ كۆپۈككە ئايلانغانىدى.

قارا كىيىملىك ئادەم تېخىچىلا گەپ قىلمايۋاتاتتى. ئۇ مىسىرلىق قىزنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ، قەدىمىنى بارغانسېرى تېزلەتتى. قىزنىڭ بەدىنىدە قارشىلىق كۆرسەتكۇدەك مادار بولمىغاچقا، مۇدۇرۇپ ـ سوقۇلۇپ ماڭماقتىن بۆلەك چارە يوق ئىدى.

يول تۈز بولمىغاچقا، مىسىرلىق قىز ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ، تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشماي كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىگە مەدەت بېرىپ، يېنىدىكى قارا كىيىملىك ئادەمگە سۆز قىلىپ باقتى:

ـــ سەن نېمە ئادەم؟ زادى كىم ئۆزۈڭ؟

قارا كىيىملىك ئادەمدىن سادا چىقمىدى.

ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە پىرىستاننى بويلاپ خېلى چوڭ بىر مەيدانغا كەلدى. مىسىرلىق قىز خىرە ـ شىرە ئاينىڭ يورۇقىدا بۇ يەرنىڭ گرېۋ مەيدانى ئىكەنلىكىنى بىلدى. مەيداننىڭ

مەركىزىدە، كىرىستتا ئوخشايدىغان قارا بىرنەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ دار ئىدى. بۇ يەر ئۇنىڭغا بەش قولدەك تونۇش. شۇ چاغدىلا بىچارە قىز ئۆزىنىڭ نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى.

ناتونۇش ئادەم مېڭىشتىن توختاپ ئۇنىڭغا قايرىلدى، بېشىدىكى رومالنى ئېلىۋەتتى.

— ئاھ، — دېدى مىسىرلىق قىز قورقىنىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، ھەتتا تىلىمۇ ئەيۋەشكە كەلمەي، كېكەچلەپ قالدى، — بۇ راستتىنلا شۇغۇ؟

بۇ دەل شۇ پوپنىڭ ئۆزى ئىدى. ئېھتىمال ئاينىڭ يورۇقىدىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ تۇرقى نەق ئالۋاستىغا ئوخشايتتى. مۇنداق كېچىدە، ھەممە نەرسىنى ئەرۋاھ دېيىشكە بولاتتى.

— ئاڭلاپ تۇر! — دېدى ئۇ مىسىرلىق قىزغا. ئاڭلىمىغىنىڭغا ئۇزاق بولغان بۇ سۈرلۈك تەلەپپۇزدىن مىسىرلىق قىزنىڭ بەدىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. پوپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ھاياجانلانغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ھاسىرايتتى، گەپنى قىسقا قىلىشقا تىرىشاتتى، — ئاڭلاپ تۇر! كەلگەن يېرىمىز مۇشۇ. ساڭا دېسەم بۇ يەر گرېف مەيدانى، بىز بارىدىغان يەرنىڭ ئاخىرى. تەقدىر ئىككىمىزنى بىر ئارغامچىغا باغلىدى. مەن سېنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىڭگە ئىگە، سەنچۇ، سەن مېنىڭ روھىمغا ئىگە. بۇ يەردە مەيدان بىلەن قاراڭغۇدىن بۆلەك ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. گېپىمگە قۇلاق سال، ساڭا دەۋاتىمەن ... ئالدى بىلەن، فوبۇس دېگەن بۇ ئىسىمنى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما، — مۇشۇ گەپنى قىلىۋېتىپ، ئۇ بىر جايدا جىم تۇرالمايدىغان ئادەمدەك ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭغىلى تۇردى، ئارقىدىنلا قىزنى ئالدىغا تارتتى، — ئۇنىڭ گېپىنى قىلما، بىلدىڭمۇ؟ ناۋادا ئۇنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالساڭ، ئۆزۈمنىڭ قانداق بىمەنە ئىشنى قىلىپ قويىدىغىنىمغا بىرنەرسە دېيەلمەيمەن. لېكىن، ئۇنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىش



www.uyghurkitap.com

بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

پوپ شۇ گەپلەرنى دەپ بولۇپ، خۇددى ئۆزىنىڭ ئىغىرلىق مەركىزىنى تېپىۋالغاندەك، مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى، ھاياجىنىنى باسالمىدى بولغاي، ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ كەتتى.

ــ تەتۈر قارىماي گېپىمنى ئاڭلا ! بۇ ناھايىتى جىددىي گەپ. ئالدى بىلەن، بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ سادىر بولغانلىقىدىن سېنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇش كېرەك. بۇنىڭ كۆلگۈدەك ھېچ يېرى يوق، ساڭا قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن. نېمىلەرنى دەپ كەتتىم ! توختاپ تۇر ! ھە، يۇقىرى سوت مەھكىمىسى سېنى دارغا ئېسىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. ئابايا مەن سېنىڭ ئۇلاردىن قۇتۇلۇشۇڭغا ياردەم بەردىم. لېكىن، ئۇلار سېنى يەنىلا تۇتماقچى، ئۆزۈڭ قاراپ باق !

ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ كونا شەھەر رايونىنى شەرەت قىلدى. ئۇ يەردىكىلەر راستتىنلا ئىزدەشتىن توختىمىغاندەك ئىدى. ۋارقىرىغان، توۋلىغان ئاۋازلار يېقىنلا يەردىن ئاڭلىناتتى. گرېۋ مەيدانىنىڭ ئۇدۇلىدا، قورۇقلۇق ئارمىيە لېيتېنانتىنىڭ ئۆگزىسىدىكى مۇناردا يەنىلا ئوتنىڭ يورۇقى بار ئىدى. شاۋقۇن ـ سۈرەن ئۈزۈلمەيتتى. مەشئەل كۆتۈرگەن ئەسكەرلەرنىڭ بېرياقتىن يۈگۈرۈپ، بىر ياقتىن: «مىسىرلىق قىز كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ ئۇ نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇنى ئۇچۇقتۇرۇش كېرەك» دەپ توۋلىغانلىرى ئاڭلىناتتى.

ــ ئېنىق كۆردۈڭ، ئۇلار سېنى قوغلاپ يۈرىدۇ. مەن يالغان سۆزلىمىدىم. مەن، مەن سېنى سۆيىمەن. گەپ قىلما، ناۋادا مەندىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىڭنى دېمەكچى بولساڭ، ئەڭ ياخشىسى ئېغىز ئاچما. مەن ئۇنداق گەپنى زادى ئاڭلىغۇم يوق. مەن بايىلا سېنى قۇتۇلدۇردۇم، گېپىمنى دېگىلى قوي. مەن سېنى پۈتۈنلەي قۇتۇلدۇرالايمەن. ھەممە تەييارلىقىمنى پۈتكۈزدۈم. گەپ سېنىڭ خالاش ـ خالىماسلىقىڭدىلا قالدى. خالايدىغانلا بولساڭ،

www.uyghurkitap.com

مەن سېنى يەنە قۇتۇلدۇرىمەن، — پوپ قەدىمىنى شارتتىدە توختاتتى، — ياق، گەپنى مۇنداق قىلماسلىق كېرەك ئىدى!

ئۇ مىسىرلىق قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يۇگۈردى، قولىنى قويۇپ بەرمىگەچكە، قىزمۇ ئىلاجسىز ئۇنىڭ كەينىدىن يۇگۈردى. پوپ يۇگۈرۈپ دارنىڭ ئاستىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا دارنى كۆرسەتتى.

— ياكى ئۇنىڭغا تۇر، — دېدى ئۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن، — ياكى ماڭا تۇر!

مىسىرلىق قىز پوپنىڭ قولىدىن بوشىنىپ دارنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، دارنىڭ ۋەھىمە يېغىپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكىنى قۇچاقلىدى، ئارقىدىنلا چىرايلىق بېشىنى يېرىم ئايلاندۇرۇپ پوپقا قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئېپپەت - نومۇسغا داغ تەگمىگەن بىر قىز كىرېستىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ھالەتتە ئىدى. پوپ بىر قولىدا دارنى كۆرسەتكەن پېتى قىمىر قىلمىدى. ئۇ شۇ تاپتا ھەيكەلگىلا ئوخشايتتى.

قىز پوپقا:

— دار ماڭا سەندەك قورقۇنچلۇق ئەمەس! — دېدى.

پوپ ئاستا - ئاستا قولىنى چۈشۈردى، ئىنتايىن چۈشكۈن ھالدا ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە تىكىلدى.

— ئەگەر مۇشۇ تاشلارنىڭ زۇۋانى بولغان بولسا، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — ئۇلار چوقۇم مۇشۇ يەردە تۇرغان ئەر نەقەدەر بەختسىز دېگەن بولاتتى.

ئۇ يەنە گەپ قىلغىلى تۇردى. مىسىرلىق قىز دارنىڭ تېگىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇزۇن چېچى مەڭزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن يەسكە ساڭگىلاپ چۈشتى. پوپنى نېمە دېسەڭ دە، دېگەندەك مەيلىگە قويۇپ بەردى. پوپنىڭ ئاۋازى تولىمۇ ئېچىنىشلىق، ئەمما تولىمۇ مۇلايىم، تەكەببۇر چىرايى بىلەن سېلىشتۇرغاندا روشەن سېلىشتۇرما ئىدى.

— مەن، سېنى سۆيىمەن! بۇ قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت.

سىرتىمدىن قارىغاندا ھېچنېمە بولمىغاندەك كۆرۈنگىنىم بىلەن، ئىچىمدە لاۋۇلداپ ئوت كۆيىدۇ. ئاھ، قىزچاق، مەيلى كۈندۈز، مەيلى كېچىسى بولسۇن، ئاشۇنداق ياشايمەن. مۇشۇ ئىشلار سېنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىڭغا ئازراقمۇ ئەرزىمەمدۇ؟ بۇ قانداق مۇھەببەت! قەلبىمنى كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئەسىر قىلىۋالغان قانداق مۇھەببەت بۇ! مېنىڭچە، بۇ دەھشەتلىك جازانىڭ ئۆزى. مەن بەك قىينالدىم، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسا بولاتتى! مۇنداق ئىشقا ھېسداشلىق قىلىش كېرەك ئىدى. قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەن. ماڭا قارا، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن، شۇنچىلىك يۇمشاق گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن. مەندىن ئۈنچىۋالا قورقۇپ كېتىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر ئەرنىڭ بىر قىزنى ياقتۇرۇپ قېلىشى ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەس. ئاھ، خۇدا! سەن مېنى مەڭگۈ ئەپۇ قىلماسسەنمۇ؟ يەنىلا مۇشۇنداق نەپرەتلىنىپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟ مۇشۇ تۇپەيلى، ھەممە ئىش تۈگىگەن بولامدۇ؟ مەنمۇ مۇشۇ تۇپەيلى مۇشۇنچىلىك ۋەھشىيلىشىپ كەتتىم. قارا، مۇشۇ تۇپەيلى، شۇنداق قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتتىم! سەن ماڭا قاراپمۇ قوياي دېمەيسەن! ئالدىڭدا تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتساممۇ، ئىككىمىز بىرلىكتە مېڭىۋاتقان ئەبەدىيلىكنىڭ چېگراسىدا تىترەۋاتقان بولساممۇ، قاراپ قويغۇلۇك كەلمەيدۇ! ھازىر بەلكىم باشقا بىر ئىش كۆڭلۈڭدىن كېچىۋاتقاندۇ، لېكىن سەن ھېلىقى ئوفىتسېرنى ماڭا دېگۈچى بولما، ئاھ! راستىمنى دېسەم، ئالدىڭغا تىزلانغۇم بار، پۇتۇڭنىڭ ئاستىدىكى تۇپراقنى سۆيگۈم بار. پۇتۇڭنى سۆيەي دېمىدىم، ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز ئۇنىمايسەن. كىچىك باللاردەك يىغلىۋېتەي دەپ قالدىم. ئاغزىمدىن چىقىۋاتقانلىرى گېپىم ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئىچ باغرىم، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن! لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاقمىدى، كارغا كەلمىدى! سېنىڭ قەلبىڭدە مېھرىبانلىق بار، ھېسداشلىق بار، بەدەن ـ بەدىنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

گۈزەللىكىنىڭ، مۇلايىملىقىنىڭ نۇرى بەرق ئۇرىدۇ. سەن شۇنچىلىك ئالىيجاناب، ئاق كۆڭۈل، رەھىمدىل، سۆيۈملۈك، لېكىن بىر ماڭىلا ئېرىيدىغان يېرىڭ يوق. ئاھ، بۇ تەقدىرنىڭ ئادەم ئەخمەق قىلغىنى ئەمەسمۇ !

يوپ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى چاڭگاللىدى. مىسىرلىق قىز ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئەزەلدىن يىغلاپ باقمىغان، بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىملىق يىغلىشى ئىدى. ئۇ ئۆزۈپ - ئۆزۈپ ئېسەدەيدى، مۈرىلىرى تىترەيدى. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ يىغلىشى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ يالۋۇرغاندىنمۇ ئازابلىق، تەسىرلىك ئىدى. ئۇ بىرھازا يىغلاپ، ئاران تەستە ئۆزىنى توختاتتى.

— دەيدىغان گېپىمنى تاپالمايۋاتىمەن، — دېدى ئۇ يامغۇردەك تۆكۈلۈپ بولغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ساڭا دېگەن بۇ گەپلەرنى مەن ئەستايىدىل ئويلىنىپ بولغان. ئەمدىلىكتە دىرىلداۋاتىمەن، تىترەۋاتىمەن ! مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە ئەقلىمدىن ئېزىپ قېلىۋاتىمەن، بىز تاقابىل تۇرالمايدىغان بىر كۈچ - قۇدرەتنىڭ بىزنى كونترول قىلىۋاتقانلىقىنى، مېنى ئېنىق سۆزلىگىلى قويمايۋاتقانلىقىنى تۇيۇۋاتىمەن. ئۇ ھەر ئىككىمىزنى ۋەيران قىلىۋەتمىسۇن ! مېنىڭ سېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىشىڭ كېرەك ! مېنىڭ يۈرىكىم قانداق يۈرەك ئۆزى ! مەن ھەقىقەتتىن قېچىپ، ئۆزۈمنى ئۇمىدسىزلىك پاتقىقىغا تاشلىدىم ! ئۆلىما تۇرۇقلۇق ئىلىم - پەنگە ھاقارەت قىلدىم؛ مۆتىۋەر تۇرۇقلۇق نام - ئابرۇيۇمنى يوقاتتىم؛ يوپ تۇرۇقلۇق مىسسا كىتابلىرىنى ھاۋايى - ھەۋەسكە ياستۇق قىلدىم. تۆكۈرۈكۈمنى خۇدانىڭ يۈزىگە قارىتىپ تۈكۈردۈم ! بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سېنى دەپ قىلدىم، ئالۋاستى ! ھەممىسى تېخىمۇ تېزلىك بىلەن سېنىڭ دوزىخىڭغا غەرق بولۇش ئۈچۈن بولدى ! بىراق، سەن مەندەك بىر گۇناھكارنى شەپقەتسىزلىك بىلەن تاشلىۋەتتىڭ ! ئاھ، بۇ ئىشلارنى ساڭا ئېيقىتماي - تېمىتماي دەپ بەرگۈم كەلدى. يەنە بار، تېخىمۇ

قورقۇنچلۇق يەنە بىر ئىش بار، ئاھ، تېخىمۇ قورقۇنچلۇق! ...

پوپ سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پۈتۈنلەي ئېلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ بىردەم جىم بولۇپ، ئاندىن ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەۋاتقاندەك، ئۇنلۇك ئاۋازدا توۋلاپلا كەتتى:

— قابىل ①، ئىنىڭنى نېمە قىلدىڭ؟ — ئۇ يەنە ئازراق دېمىنى ئېلىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىنىمنى نېمە قىلىپ قويدۇم؟ خۇدا، مەن ئۇنى يەپىلەپ چوڭ قىلدىم، تەربىيەلىدىم، بېقىپ بالاغەتكە يەتكۈزدۇم. ئۇنىڭغا تېۋىنىپ كەلدىم، ئۇنى ئەتىۋارلىدىم، لېكىن ئاخىرىغا كەلگەندە ئۇنى ئۆلتۈردۇم ! خۇدا، سېنىڭ چېركاۋىڭنىڭ تاش تاملىرى ئۈستىدە، بىرلىرى ئۇنى مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا يەرگە ئېتىپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى، بۇنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سەۋەبىمدىن، مۇشۇ ئايالنىڭ سەۋەبىدىن بولدى، چۈنكى ئۇ ...

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياۋۇزلۇق ئەكس ئەتتى، ئاۋازىمۇ قوڭغۇراقنىڭ ئاخىرقى تىترىشىدەك بىرىپ - بېرىپ پەسلەپ قالدى. بىر گەپنى خۇدنى يوقاتقاندەك بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىدى. ھەر قېتىم تەكرارلىغاندا بىرھازا توختىدى.

— چۈنكى بۇ ئايال ... چۈنكى بۇ ئايال ...، — ئاخىرىغا كېلىپ پوپنىڭ تىلى كالۋالاشتى، ئاۋازى چىقمىدى. لېكىن، كالپۇكى بىرنەچچە قېتىم بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىدى. ئاندىن خۇددى قانداقتۇر بىرنەرسە ئۆرۈلۈپ كەتكەندەك پالاقىدە قىلىپ يىقىلدى. كاللىسى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا ساڭگىلاپ، تىزلىنىپ ئولتۇرغان پېتى مىدىرلىمىدى.

پوپ تىزلىنىپ يىقىلغان چاغدا، بەدىنى مىسىرلىق قىزنىڭ پۇتىنى بېسىۋالدى. قىز پۇتىنى تارتىپ چىقىرىشى بىلەن تەڭ، پوپ ھوشىغا كەلدى ۋە چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن قولىغا گاراڭ بولغان ئادەملەردەك قاراپ قالدى.

---

① قابىل — «ئىنجىل»دا ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ چوڭ ئوغلى دېيىلىدۇ، ئىچى قارىلىق قىلىپ ئىنىسى ھابىلنى ئۆلتۈرگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى تورى

— ئاھ، — دېدى پوپ پەس ئاۋازدا، — يىغلىدىمىمۇ؟
ئۇ شارتتىدە بۇرۇلۇپ، مىسىرلىق قىزغا قارىدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىتىنى تەسۋىرلىگىلى بولمايتتى.
— ئاھ، يىغلىغىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ، كۆڭلۈڭ ئازراقمۇ ئېرىمىدى! قىزچاق، بىلەمسەن؟ ئېقىۋاتقان بۇ كۆز ياش يانار تاغنىڭ ماگمىسى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئادەملەر ئۆزى نەپرەتلەنگەن ئادەمنىڭ ئاھۇپەريادىغا نېمىشقا پەرۋا قىلمايدىغاندۇ؟ سەن مېنىڭ ئۆلۈمۈمدىن كۈلىسەن، مەن ئەكسىچە سېنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىڭنى خالىمايمەن! بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىل، مېنى ئەپۇ قىلىدىغان بىر ئېغىز گەپنىلا قىل، مېنى سۆيىدىغانلىقىڭنى دېمەيلا قوي! پەقەت ماقۇل دېسەڭلا كۇپايە، مەن سېنى دەرھال قۇتۇلدۇرىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا ... ئاھ، ۋاقىت ئادەمنى ساقلاپ تۇرمايدۇ. بارلىق مۇقەددەس شەيئىلەرنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم بېرەي، مېنىڭ قايتىدىن شەپقەتسىز بولۇپ كېتىشىمنى كۈتۈپ ئولتۇرما، ئەھۋال سېنىڭ جېنىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىشنى ساقلاپ تۇرغان داردەك بولمىسۇن! ئويلاپ باق، مېنىڭ قولۇمدا ھەر ئىككىمىزنىڭ تەقدىرى بار. بېشىڭنى سىلكىۋەت، مەن ئەقلىمنى يوقىتىپ بولدۇم، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا قورقۇنچلۇق ئىش! ھوشۇڭنى يىغ، مەن ھەممىنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيمەن. سەگەك بول، بىزنىڭ ئاستىمىزدا تەگسىز بىر ھاڭ تۇرۇپتۇ. بەختسىز قىز، مەن ئۇنىڭغا سەن بىلەن بىللە چۈشۈپ كېتىشكە رازى، ياخشى تىلەكلىرىڭ بىلەن بىر ئېغىز گەپ قىل، پەقەت بىر ئېغىزلا!
مىسىرلىق قىز جاۋاب بېرىشكە تەييارلاندى. پوپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزنى ئوچۇق ئاڭلاش ئۈچۈن، تەقۋادارلىق بىلەن ئۆمىلەپ ئۇنىڭ ئالدىغىچە باردى. مىسىرلىق قىزنىڭ سۆزلىرى ھەرھالدا يۈرەكنى ئويناتقىدىغان سۆز بولۇشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، قىزنىڭ ئاغزىدىن:
— سەن قاتىل! — دېگەن سۆز پوسۇقىدە چىقىپ كەتتى.

پوپ غەزەپتىن ئۆزىنى يوقاتتى. ئۇ مىسىرلىق قىزنى تارتىپ قۇچىقىغا ئالدى، رەزىل قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ، قاقاقلاپ كۈلدى.

— دۇرۇس ئېيتتىڭ، مەن قاتىل! — دېدى ئۇ، — مەن سېنى چوقۇم قولۇمغا كەلتۈرۈشۈم كېرەك. مېنىڭ ساڭا قۇل بولۇشۇمنى خالىمىغانىكەنسەن، مەن سېنى ئۆزۈمگە قۇل قىلىمەن. مەن سېنى چوقۇم ئۆز ئىلكىمگە ئالىمەن. سېنى چوقۇم ئۆزۈمنىڭ ئۇۋۇامغا سۆرەپ ئەكىرىمەن. مەن بىلەن بىللە بولۇشۇڭ، چوقۇم مەن بىلەن بىللە بولۇشۇڭ كېرەك. ماقۇل دېمىسەڭ، سېنى تۇتۇپ بېرىمەن! چىرايلىق قىز، سەن ياكى ئۆلىسەن ۋە ياكى مېنىڭ بولىسەن، سەن بىر پوپقا، بىر ئاسىي گۇناھكارغا، بىر قاتىلغا تەئەللۇق بولىسەن! ئاڭلاۋاتامسەن! ماڭايلى، كۆڭۈل ئاچايلى! ماڭدۇق! مېنى سۆيۈپ قوي، كالۋا! ئۆزۈڭ تاللىۋال، گۆر دېگەن مېنىڭ كارىۋىتىم!

پوپنىڭ كۆزلىرىدىن شەھۋەتپەرەسلىكنىڭ نۇرلىرى چاقنىدى، لەۋلىرىدىن ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ يانغىنى ياندى، مىسىرلىق قىزنىڭ بوينىغا تەلۋە ئادەملەردەك توختىماي سۆيدى. قىز ئۇنىڭغا بوي بەرمەستىن تېپىرلىدى. يۈز - كۆزى پوپنىڭ شالۋاقلىرى بىلەن مەينەت بولدى.

— مېنى چىشلىمە، ئالۋاستى! — دەپ تۇۋلىدى قىز، — ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان ئىپلاس! مېنى قويۇۋەت! مەن سېنىڭ رەزىل ئاق چاچلىرىڭنى يۇلۇپ، بىر تۇتام، بىر تۇتامدىن يۈزۈڭگە ئاتىمەن!

پوپ بىردە قىزىرىپ، بىردە تاتىرىپ، ئاخىر قىزنى قويۇۋەتتى. سۆرۈن تەلەتى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى. قىز ئۆزىنى غالىب ھېسابلاپ:

— ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مەن پەقەت فوبۇسقىلا تەئەللۇق. مەن فوبۇسنى سۆيىمەن. قەددى - قامىتى كېلىشكەن، سۈمباتلىق فوبۇسنى ياخشى كۆرىمەن! ئۆلمىگۈر قېرى، ئەپتىڭگە

www.uyghurkitap.com

قاراپ باق ! مۇشۇ يېشىڭ بىلەن، مۇشۇ سەت چىرايىڭ بىلەن ماڭا شىلتىڭ ئاتقىنىڭنى قارا ! كۆزۈمدىن يوقال، ــ دېدى.

پوپ بىر يېرى داغمالدا كۆيگەندەك ئېچىنىشلىق چىرقىرىۋەتتى.

ــ ئۆل ! ــ دېدى ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ. مىسىرلىق قىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ياۋۇزلۇقنى كۆرۈپ قاچماقچى بولدى، لېكىن پوپ ئۇنى دەرھال تۇتۇۋالدى، سىلكىدى، ئىتتىرىپ يىقىتتى. ئاندىن ئۇنىڭ چىرايلىق، يۇمران بىلەكلىرىدىن سۆرەپ، رولاند مۇنارىنىڭ دوقمۇشىغا قاراپ ماڭدى.

دوقمۇشقا بارغاندا پوپ ئۇنىڭغا قاراپ:

ــ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم سوراپ باقاي: سەن ماڭا تەئەللۇق بولۇشنى خالامسەن، ــ دېدى.

ــ ياق ! ــ دەپ جاۋاب قايتۇردى مىسىرلىق قىز.

ــ گۇدۇل، ــ دەپ توۋلىدى پوپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، ــ گۇدۇل ! مىسىرلىق قىز مۇشۇ يەردە ! تېز كېلىپ ئۆچۈڭنى ئال !

مىسىرلىق قىز بىرىنىڭ تۇيۇقسىزلا بىلىكىدىن كاپ قىلىپ تۇتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ سەپسېلىپ قاراپ، بۇ قولنىڭ تامدىكى دېرىزىدىن چىققانلىقىنى بىلدى. دېرىزىدىن سوزۇلغان قول گەرچە بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مىسىرلىق قىزنىڭ قولىنى ئامبۇردەك چىڭ تۇتۇۋالغانىدى.

ــ مەھكەم تۇت ! ــ دېدى پوپ، ــ بۇ قېچىپ كەتكەن مىسىرلىق ئايال شۇ. قولۇڭنى بوشاتما. ھازىرلا بېرىپ چارلىغۇچىلارنى باشلاپ كېلىمەن. سەنمۇ ئۇنى دارغا قانداق ئاسقانلىقىنى كۆرىسەن.

تامنىڭ ئىچىدىن پوپنىڭ قان پۇراپ تۇرغان گېپىگە جاۋاب ئورنىدا خىرىلداپ چىققان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى. مىسىرلىق قىز پوپنىڭ بۇۋى مەرىيەم كۆۋرۈكى تەرەپكە يۈگۈرۈپ

ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئۇ تەرەپتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

قىز يىرگىنچلىك راھىبەنى تونۇپ قورققىنىدىن تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاس قالدى، قولىنى بوشىتىشقا تىرىشتى، بىلىنى ئېگىپ تۇرۇپ، ئازاب ئىچىدە ئۈمىدسىزلىك بىلەن جان تالىشىپ باقتى. لېكىن، ئۇ ئايال ئاجايىپ كۈچلۈكتەك قىلاتتى. ئۇ مىسىرلىق قىزنى مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرمىدى. ئۇنىڭ مۇشتىقا ئوخشاش تۈگۈلگەن بارماقلىرى گەرچە قورايدەك ئورۇق بولسىمۇ، لېكىن تۆمۈر زەنجىردەك ياكى تۆمۈر چەمبەردەك چىڭ ئىدى. تامدىن سوزۇلۇپ چىققان بۇ قولنى جىنى بار ياكى سېزىمى بار تۆمۈر قىسقۇچ دېيىشكە بولاتتى.

مىسىرلىق قىز ھالىدىن كېتىپ تامنىڭ تۈۋىگە يىقىلدى، كاللىسىدا خىرە ـ شىرە ئۆلۈم ۋەھىمىسى پەيدا بولدى، ھاياتلىقنىڭ گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ياشلىقنى، كۆپكۆك ئاسماننى، تەبىئەتنىڭ رەڭدار مەنزىرىسىنى، مۇھەببەتنى ئويلىدى، فوبۇسنى، يوقىلىپ بېرىۋاتقان ۋە يېقىن كېلىۋاتقان ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى، ئۆزىنى سېتىۋەتكەن پوپنى، يېتىپ كېلىش ئالدىدىكى جاللاتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، ئاللىقاچان تەييارلانغان دارنى يادىغا ئالدى. ۋەھىمىسىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىلكىگە ئالغانلىقىنى ھېس قىلدى، راھىبەنىڭ ئەلەملىك كۈلكىسىنى، «ئەمدىغۇ دارغا ئېسىلارسەن!» دېگەنلىرىنى ئاڭلىدى.

ئۇ جان تالىشىۋاتقان ئادەمدەك قايرىلىپ دېرىزىگە قارىدى، تۆمۈر رېشاتكىنىڭ ئارىلىقىدىن موماينىڭ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان ئەلپازىغا سەپسالدى.

— مەن سىزنى رەنجىتكۈدەك نېمە گۇناھ قىلغان؟ — دەپ سورىدى قىز پەس ئاۋازدا.

راھىبە جاۋاب بەرمىدى. بىرنېمىلەرنى دەپ غودۇڭشىدى. ئۇنىڭ: «مىسىرلىق ئايال! مىسىرلىق ئايال! مىسىرلىق ئايال!»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دېگەنلىرى مەسخىرە قىلىنىۋاتقاندەك، ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك، غەزەپلىنىۋاتقاندەك ئىدى.

شور پېشانە ئەسمېرالدا ئۆزىنىڭ تونۇش بىر ئادەم بىلەن مۇلاقات بولمايۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېشىنى ساڭگىلاتتى، چۈۋۈلغان چاچلىرى يۈزىنى توسۇۋالدى.

راھىبە بىرھازادىن كېيىن مىسىرلىق قىزنىڭ سوئالىنى ئېسىگە كەلتۈرگەندەك، تۇيۇقسىزلا سۆزلەپ كەتتى.

— مېنى قانداق رەنجىتكىنىڭنى سوراۋاتامسەن؟ سەن مېنىڭ ئالدىمدا راستتىنلا گۇناھكار. ئاڭلاپ تۇر، مىسىرلىق ئايال! مېنىڭمۇ بىر بالام بار ئىدى. بىلەمسەن؟ مېنىڭمۇ بىر بالام بار ئىدى، بىر كىچىك بالا، ساغلام دەپ بېرەي! ئۇ شۇنداق چىرايلىق قىز بالا ئىدى! ئاھ، بالام ئاگنىس! — ئۇ قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قانداقتۇر بىرنېمىنى سۆيگەندەك قىلدى، ئۇلاپلا ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا سۆزلەپ كەتتى، — بىلەمسەن، مىسىرلىق ئايال! بىرلىرى مېنىڭ بالامنى كۆتۈرۈپ كەتتى. مېنىڭ بالامنى ئوغرىلىدى، مېنىڭ بالامنى يەۋەتتى. مېنىڭ ئالدىمدا ئۆتكۈزگەن گۇناھىڭ مۇشۇ!

قىز ئۇنىڭغا يېلىنىپ تۇرۇپ، خۇددى يېتىم قالغان ئوغلاقتەك جاۋاب قايتۇردى:

— بەلكى ئۇ چاغدا مەن تېخى تۇغۇلمىغان بولغىيدىم!

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، تۇغۇلغان! — دېدى راھىبە، — ئۇ چاغدا سەن چوقۇم تۇغۇلۇپ بولغان، سەن دەل ئاشۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى. قىزىمنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى سەندىن پەرق قىلمايتتى! مېنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمغا ئون بەش يىل بولدى. ئون بەش يىل ئازاب چەكتىم، ئون بەش يىل دۇئا قىلدىم، بېشىمنى مۇشۇ تامغا ئون بەش يىل ئۇردۇم. ساغلام دەپ قوياي، قىزىمنى بىرنەچچە مىسىرلىق ئايال ئوغرىلاپ كەتتى! بىلىۋاتامسەن؟ ئۇلار ئۇنى يەۋەتتى. سەندە كۆڭۈل دېگەن نەرسە بارمۇ؟ ئويلاپ باقمامسەن، پاقلاندەك ئويناقلاپ يۈرىدىغان بىر

بالا، تېخى يۆگەكتە يېتىۋاتقان سەبىي بالا، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان، سەبىي بوۋاق ئىدىغۇ ئۇ ! ھەي، مۇشۇنداق بىر بوۋاقنى ئۇلار ئوغرىلاپ كەتتى. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى ! مېھرىبان خۇدا بۇ ئىشنى ئېنىق بىلىدۇ ! بۇگۇن مەنمۇ مىسىرلىقلاردىن بىرىنى يەيدىغان بولدۇم. ئەگەر مۇشۇ تۆمۈر رىشاتكىلار مېنى توسىۋالمىغان بولسا، سېنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. بېشىم يېرىلىپ كېتەي دەپ قالدى. مېنىڭ بىچارە قىزىم شۇ چاغدا ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇلار ئۇنى ئوغرىلاپ ماڭغاندا تاراق ـ تۇرۇقتىن ئويغىنىپ كەتكەن، قىرقىراپ يىغلىغان تەقدىردىمۇ، بۇلار ھېچنېمىگە ئەسقاتمايتتى. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن قىزىمنىڭ يېنىدا ئەمەس ئىدىم ! ئاھ، مىسىرلىق قىزنىڭ ئانىلىرى، سىلەر مېنىڭ قىزىمنى يەۋەتتىڭلار ! بۇگۇن سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ بالىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرۈپ قويۇڭلار !

ئۇ قاقاقلاپ كۇلدى، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ئۇنىڭ ئاچچىقتىن پۇرلىشىپ كەتكەن يۇزىگە قاراپ كۇلۇۋاتقانلىقىنى ياكى چىشىنى غۇچۇرلىتىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولمايتتى. تاڭ يورۇشقا باشلىغانىدى. ئاقۇچ بىر نۇر شەرق تەرەپتىن ئۆرلەپ كېلىۋاتاتتى. مەيداندىكى دارنىڭ ياغاچلىرى خىرە ـ شىرە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بىچارە جىنايەتچى ئاتلىقلارنىڭ بۇۋى مەريەم كۆۋرۈكى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاۋازىنى، بۇ ئاۋازنىڭ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى.

ـــ خانىم، ـــ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن مىسىرلىق قىز قولىنى جۇپلەپ تىزلاندى، ئۇ ئالاقزەدە بولۇۋاتاتتى، ـــ خانىم، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ئۇلار كېلىپ قالاي دېدى. مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ئېغىر كەلگۇدەك ھېچقانداق يامان ئىش قىلمىدىم. سىز مېنىڭ كۆز ئالدىڭىزدىلا ئاشۇنداق قورقۇنچلۇق رەۋىشتە ئۆلۈپ كېتىشىمنى خالامسىز؟ ھۆددە قىلىمەنكى، سىز ئۇنداق باغرى تاش ئادەملەردىن ئەمەس. قورقۇۋاتىمەن، مېنى

قاچۇرۇۋېتىڭ. مېنى قويۇۋېتىڭ! رەھىم قىلىڭ! مېنىڭ مۇنداقلا ئۆلۈپ كەتكۈم يوق!

— بالامنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدى راھىبە.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن! رەھىم قىلىڭ!

— بالامنى قايتۇرۇپ بەر!

— خۇدا ھەققى، مېنى قويۇۋېتىڭ!

— بالامنى قايتۇرۇپ بەر!

مىسىرلىق قىز يەنە بىر قېتىم يىقىلىپ چۈشتى، ئۈستىخان ـ ئۈستىخىنى ئاجراپ كەتكەندەك قىلچىلىك مادارى قالمىغانىدى. كۆزلىرى گۆردىكى ئۆلۈكنىڭ كۆزىدەك خۇنى قاچقانىدى. ئۇ دۇدۇقلاپ دېدى:

— سىز بالىڭىزنى ئىزدەۋاتىسىز، مەن بولسام ئانامنى تاپالماي ئاۋارە!

— بالام ئاگنېسنى قايتۇرۇپ بەر! — دېدى راھىبە، — ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇنداق بولسا بېشىڭنى يە! ساڭا شۇنى دەپ قوياي، مەن ئىلگىرى پاھىشە ئايال ئىدىم، لېكىن بىر بالام بولۇۋىدى، ئۇنى خەقلەر ئوغرىلاپ كەتتى. بۇ ئىشنى ئاشۇ مىسىرلىق خوتۇنلار قىلدى. ئەگەر سېنىڭ ئاناڭمۇ پالاقشىپ كېلىپ مەندىن سېنىڭ نەدىلىكىڭنى سورىسا، مەنمۇ ئۇنىڭغا: «سەن ئانا بولغاندىكىن، ئاۋۇ دارغا قاراپ باق! بولمىسا بالامنى قايتۇرۇپ بەر! سەن مېنىڭ بالامنىڭ نەدىلىكىنى بىلەمسەن؟» دەپ جاۋاب بېرىمەن. مەن ساڭا بىر نەرسىنى كۆرسىتىپ قوياي، بۇ ئۇنىڭ بىر پاي پوپۇچى، بۇ ماڭا ئۇنىڭدىن قالغان بىردىنبىر نەرسە. سەن بىرەر جايدا مۇشۇ پوپۇچقا ئوپمۇئوخشاش يەنە بىر پاي پوپۇچنى كۆرۈپ باققانمۇ؟ بىلسەڭ ماڭا دەپ بەر. زېمىننىڭ يەنە بىر يېقىدا بولسىمۇ، ئۆمىلەپ بېرىپ تېپىپ كېلىمەن!

ئۇ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ يەنە بىر قولىنى تۆمۈر كاتەكچىدىن چىقاردى ـ دە، كەشتىلەنگەن بىر پاي پوپۇچنى مىسىرلىق قىزغا كۆرسەتتى. تاڭ يورۇغانىدى، پوپۇچنىڭ شەكلى

ۋە رەڭگىنى ئوچۇق كۆرگىلى بولاتتى.

— ماڭا بېرىڭ! — مىسىرلىق قىز تىترەپ كەتتى، — ئاھ، خۇدا! — ئۇ ھېچقانچە ئويلىنىپ تۇرماي، بوش قالغان يەنە بىر قولى بىلەن بوينىدىكى چىرايلىق زىننەتلەنگەن قاپچۇقنى ئاچتى.

— ھەي، ئاۋۇ تۇمارنى ئال! — راھىبە تىلى تۇتۇلغاندەك بىراقلا جىم بولدى، لاغىلداپ تىترىدى، ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ ۋارقىرىۋەتتى، — قىزىم!

مىسىرلىق قىز قاپچۇقتىن بىر پاي پوپۇچقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان يەنە بىر پاي پوپۇچنى چىقاردى. پوپۇچنىڭ ئۈستىگە چاپلاقلىق تېرە قەغەزگە «مۇشۇ پوپۇچ جۈپتىنى تاپقاندا، ئانا - بالا بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

راھىبە ئىككى پاي پوپۇچنى چاقماق تېزلىكىدە سېلىشتۇرۇپ چىقتى. تېرە قەغەزدىكى خەتنى ئوقۇدى. چىرايىدا پەقەت جەننەتتىلا كۆرگىلى بولىدىغان شادلىق نۇرى جىلۋە قىلدى، يۈزىنى تۆمۈر رېشاتكىغا يېقىنلاشتۇردى.

— قىزىم، ئوبدان قىزىم! — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— ئانا! — دەپ جاۋاب قايتۇردى مىسىرلىق قىز ھاياجانلىنىپ.

بۇ مەنزىرىنى تەسۋىرلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا ئۇلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان تام بىلەن تۆمۈر رېشاتكا بار ئىدى.

— ئاھ، تام! — دەۋەتتى راھىبە، — كۆرۈپ تۇرۇپمۇ قۇچاقلاشقا مۇمكىن بولمىسا! قولۇڭنى سوز قىزىم! قولۇڭنى سوزغىن!

قىز قولىنى سوزۇپ دېرىزىدىن كىرگۈزدى. راھىبە ئېتىلىپ بېرىپ، قىزنىڭ قولىغا لەۋلىرىنى ئۇزاققىچە ياقتى. پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنى سۆيدى، يىغلىدى، مەيدىسىنىڭ بىر

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرغىنىنى دىمىسە، ئۇ ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولغان ئادەمگىلا ئوخشايتتى. ئۇ قاراڭغۇ ئۆيدە تۇرۇپ ئۇنىنى چىقارماي كۆز يېشى قىلدى. ياشلىرى بۇلاق سۈيىدەك لۆمۈلدىدى، يامغۇر سۈيىدەك تۆكۈلدى، توختىماي ئاقتى. بىچارە ئايال ئون بەش يىل مابەينىدە يۈرىكىدىن سىرغىپ چىققان كۆز ياشلىرى بىلەن ھەم قاراڭغۇ، ھەم چوڭقۇر ياش قۇدۇقىنى تولدۇردى. مۇشۇ دەقىقىدە، بۇ كۆز يېشى ئۇ كىچە ـ كۈندۈز ئىنتىزار بولغان، زارىقىپ كۈتكەن يۇمران بىر قولغا تۆكۈلمەكتە ئىدى.

ئۇ شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، پېشانىسىغا چۈشكەن ئاپپاق چاچلىرىنى كەينىگە قىلىۋېتىپ، گەپ ـ سۆز قىلماي‌ىلا دېرىزىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىسىنى ئىككى قوللاپ مىدىرلاتتى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئەلپازى غەزەپلەنگەن شىرغا ئوخشايتتى. تۆمۈر رېشاتكا مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى. ئۇ ئۆينىڭ بۇرجىكىدىن ياستۇق ئورنىدا ئىشلىتىدىغان تاش تاختاينى كۆتۈرۈپ كېلىپ، تۆمۈر رېشاتكىغا بارلىق كۈچى بىلەن ئۇرۇپ باقتى. تۆمۈر چىۋىقلاردىن ئوت چاچرىدى، ئېگىلدى. ئۇ يەنە ئۇردى. دېرىزىدىكى داتلىشىپ چىرىگەن تۆمۈر رېشاتكا ئۈزۈلۈپ چۈشتى. ئىككىنچى قەدەمدە ئۇ دېرىزىدىكى تۆمۈر چىۋىقلارنىڭ بىرىنى قويماي چىقىرىۋەتتى. ئاياللارنىڭ كۈچى بەزى ھاللاردا شۇنداق كۈچلۈك بولاتتى.

بىر مىنۇتمۇ ئۆتمىدى، ئۆيگە كىرىدىغان يول ئادالاندى. راھىبە قولىنى ئۇزارتىپ، قىزىنى بېلىدىن قۇچاقلاپ‌لا ئۆينىڭ ئىچىگە ئەكىردى ۋە:

— ئەمدى بولدى، — دېدى پەس ئاۋازدا، — مەن سېنى جەھەننەمدىن قۇتۇلدۇرىمەن!

ئۇ قىزىنى ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئاۋايلاپقىنا يەرگە قويدى، ئاندىن خۇددى گۆدەك ئاگىنىستەك ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ قۇچاقلىدى. راھىبە قىزىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن ـ

بۇياققا ماڭدى. ئۇنىڭغا ئىچ ـ ئىچىدىن مەستلىكى كەلدى، چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمۈلدى، ئۇنى سۆيۈپ قانمىدى، ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىپ بەردى، گەپ قىلدى، قاقاقلاپ كۈلدى، ھۆركىرەپ يىغلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ بىر دەقىقىدە ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ چىقتى.

— قىزىم ! — دېدى ئۇ، — سۆيۈملۈك قىزىم ! ئاقىۋەت مېنىڭ يېنىمغا كەلدىڭ ! شەپقەتلىك خۇدا سېنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى ! سىلەر ھەممىڭلار كېلىڭلار ! قىزىمنى تېپىۋالغىنىمنى كۆرۈڭلار ! ئىگەم ئەيسا ! قاراڭ، ئۇ نېمىدېگەن چىرايلىق ! شەپقەتلىك خۇدا، سەن ماڭا ئۇنى ساق ئون بەش يىل ساقلاتتىڭ، لېكىن بۇ ئىشلارنى سەن ئۇنى چىرايلىق چوڭ قىلىپ ئاندىن ماڭا قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن قىلدىڭ ! مىسىرلىق ئاياللار ئۇنى يەۋەتمەپتۇ ! بۇنى ماڭا كىملەر دېگەن بولغىيدى؟ ئاھ، تاتلىق قىزىم، مېنى سۆيۈپ قوي. ئۇ مىسىرلىق ئاياللارمۇ بولىدىكەن، ئۇلاردىن ئاغرىنغىنىم نېمىسى؟ بۇ راست سەنمۇ، قىزىم ! ھەر قېتىم دېرىزەمنىڭ تۈۋىدىن ئۆتكەندە يۈرىكىمنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشلىرى بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە ! مەن ئۇنى ئۆچمەنلىكتىن دەپتىكەنمەن ئەمەسمۇ ! مېنى ئەپۇ قىل، ئاگنېس، مېنى ئەپۇ قىل ! ئەلپازىمنى بەك يامان دەپ قالغانمىدىڭ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مەن سېنى سۆيىمەن، قىزىم. بوينۇڭدىكى قارا مەڭ بارمۇ؟ كۆرۈپ باقاي، ئۇ ھېلىمۇ سېنىڭ بوينۇڭدىمۇ؟ نېمانچە چىرايلىق قىز بولغانسەن ! كۆزلىرىڭنى ئەجەب چوڭ تۇغۇپتىكەنمەن، خان قىز، مېنى سۆيۈپ قوي، مەن ساڭا ئامراق. باشقا ئانىلارنىڭمۇ باللىرى بار، لېكىن ئۇنىڭ مەن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى؟ ئەمدىلىكتە مەنمۇ ئۇلارنى مەسخىرە قىلالايدىغان بولدۇم. ئۇلار كېلىپ قاراپ باقسۇن، مېنىڭ بالام مۇشۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ بوينى، مانا بۇ ئۇنىڭ چاچلىرى، مانا بۇ ئۇنىڭ قوللىرى. سىلەر مۇشۇنداق چىرايلىق بالىدىن يەنە بىرنى ئىزدەپ تاپالامسىلەر، سىناپ بېقىڭلار ! ئاھ، ئۇنىڭچۇ، ھۆددە

www.uyghurkitap.com

قىلىمەنكى، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلار سان ـ ساناقسىز! ئۇن بەش يىل يىغلىدىم، گۈزەل چىرايىمدىن كەتتىم، ھەممىنى ئۇنىڭغا بەردىم. مېنى سۆيۈپ قوي، قىزىم!

ئۇ قىزىغا پەقەت ئۆزىلا چۈشىنىدىغان بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنچىكى تەسىرلىك ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ كىيىمىنى يەشتى. مىسىرلىق قىز خىجىل بولۇپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. راھىبە ئۇنىڭ يىپەكتەك تالا ـ تالا چاچلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تارىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرىغا، تىزلىرىغا، پېشانىسىغا، كۆزلىرىگە سۆيدى. قىزىمۇ ئانىسى نېمە قىلىمەن دېسە جىم تۇرۇپ بەردى. پەقەت ئىنتايىن مۇلايىم، پەس ئاۋازدا «ئانا!» دەپلا توۋلىيالىدى.

— قارا، قىزىم، — دېدى راھىبە، ئۇ قىزىنى ھەر قېتىم سۆيگەندە، قىلىدىغان گېپى بىر قېتىم ئۈزۈلۈپ قېلىۋاتاتتى، — مەن سېنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىمەن. بىز بۇ يەردىن كېتەيلى، بىز چوقۇم بەختلىك ياشايمىز. رىيىمىستا ماڭا مىراس قالغان ئاز ـ پاز نەرسە بار. رىيىمىس بىزنىڭ يۇرتىمىز. رىيىمىسنى بىلەمسەن؟ ياق، سەن بىلمەيسەن! ئۇ چاغلاردا سەن تېخى كىچىك ئىدىڭ! تۆت ئايلىق ۋاقتىڭدا قانچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيسەن. ئادەملەر يەتتە چاقىرىم نېرىدىكى ئېپېرنادىن سېنىڭ بۇدرۇق پۇتلىرىڭنى كۆرگىلى كېلەتتى! بىر پارچە يېرىمىز بولىدۇ، ئۆيىمىز بولىدۇ. كارىۋىتىمدا ئۇخلايسەن! ئاھ، خۇدا! مېنىڭ شەپقەتلىك ئىگەم! ئالەمدە مۇنداق ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىغا كىم ئىشىنىدۇ؟ بالامنى تېپىۋالدىم ئەمەسمۇ؟

— ئانا! — ھاياجانلىنىپ كەتكەن قىزدا مىڭ تەستە ئىككى ئېغىز گەپ قىلغۇدەك جان پەيدا بولدى، — مىسىرلىق بىر ئايال ماڭا ئوچۇق سۆزلەپ بەرگەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇنداق كۆڭلى ياخشى بىر ئايال بار ئىدى. ئۇ ئۆتكەن يىلى ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ ماڭا ئۆز ئانامدەك قارىغانىدى. ھېلىقى قاپچۇقنى بوينۇمغا ئېسىپ قويغانمۇ دەل شۇ ئايال. ئۇ ماڭا پات ـ پات: «قوزام، بۇ نەرسىنى

ئوبدان ساقلا، بۇ بىر تەۋەررۇك بۇيۇم، ئۇ سېنىڭ ئاناڭنى تېپىۋېلىشىڭغا ياردەم بېرىدۇ، بۇنى بويىنۇڭدا ئېسىپ يۈرگىنىڭ، ئاناڭنى بويىنۇڭغا ئېسىپ يۈرگەن بىلەن ئوخشاش» دەيتتى. بۇ مىسىرلىق ئايال ماڭا بۇ ئىشتىن بالدۇرلا بېشارەت بەرگەنىدى.

راھىبە قىزنى يەنە بىر قېتىم باغرىغا چىڭ باستى.

— كېلە قىزىم، مەن سېنى يەنە سۆيۈۋالاي! بەك تاتلىق گەپلەرنى قىلدىڭ. يۈرتىمىزغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، بىز بۇ پوپۇچنى چېركاۋغا بېرەيلى، ئۇلار ئۇنى مەسۇم بوۋاق ۋاقتىدىكى ئەيسانىڭ پۇتىغا كىيدۈرۈپ قويسۇن. بىزدىكى ھەممە ھەمدۇسانا بۇۋى مەريەم ئانىمىزغا بولسۇن. ئاۋازىڭ ئەجەب يېقىملىق! قىلىۋاتقان گەپلىرىڭ مۇزىكىدەك ئاڭلىنىدۇ! ئاھ خۇدا! نېمىلا بولسۇن، قىزىمنى تېپىۋالدىم! ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئادەم بىكاردىن - بىكار ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، شۇ تاپتا مەن خۇشاللىقىمدىن ئۆلۈپ كېتىدىغاندەكلا تۇرىمەن!

راھىبە خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىۋەتتى.

— چوقۇم بەختلىك بولىمىز! — دېدى ئۇ ئۇنلۇك توۋلاپ.

دەل شۇ چاغدا، ئانا - بالا ئىككىيلەن قورال - ياراغلارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىنى، ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ئاۋازلار بۇۋى مەريەم كۆۋرۈكى تەرەپتىن كېلىۋاتقاندەك ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بارغانسېرى يېقىنلاۋاتاتتى. مىسىرلىق قىزنىڭ ئىچى تىت - تىت بولدى ۋە راھىبەنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ ئانا! ئۇلار كەلدى!

راھىبەنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— ئاھ، خۇدا! نېمە دەۋاتىسەن؟ بىرلىرىنىڭ سېنى تۇتماقچى بولغانلىقىنى نېمىشقا ئېسىمدىن چىقاردىم؟ نېمە قىلىپ قويغاندىڭ؟

— بىلمەيمەن، — دېدى بىچارە قىز، — لېكىن ئۇلار مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئۆلۈمگە ! — راھىبە ئوچۇق ئاسماندا چاقماق چاقىغاندەك دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. ئۇ دەرگۇمان بولۇپ «ئۆلۈم» دېگەن گەپنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى. قىزىغا كۆزىنى ئۇزمەي قارىدى.

— شۇنداق، ئانا ! — دېدى چۆچۈپ ئاران تۇرغان قىز، — ئۇلار مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى، ئۇلار مېنى تۇتقىلى كەلدى. مەيداندىكى دار دەل مېنى ئېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان. مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ ! مېنى قۇتقۇزۇڭ ! ئۇلار كېلىپ قالدى ! مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭ !

راھىبە تاش ھەيكەلدەك قېتىپ قېلىپ، خېلىغىچە زۇۋان سۈرمىدى. ئارقىدىنلا شۇبھىلىنىپ بېشىنى چايقىدى، كۈلۈپ كەتتى، ھايال ئۆتمەيلا ئەسلىدىكى قورقۇنچلۇق كۈلكىسى ئاڭلاندى.

— ھىم، ئۇنداق بولمايدۇ ! چۈش كۆرۈۋاتىسەن، قىزىم ! مەن سېنى يوقىتىپ قويۇپ ئون بەش يىل ئۆتتى ! سېنى قايتىدىن تېپىۋالغىنىمغا بىر مىنۇتمۇ بولمىدى ! بىرلىرى يۈرىكىمنى قايتىدىن قىلىپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم تارتىۋالماقچىمۇ؟ مۇشۇ كەمدە ئۇ شۇنچىكى چىرايلىق، شۇنداق جازىبىدار چوڭ بولغان تۇرسا ! ئۇ مەن بىلەن مۇڭدىشىۋاتسا، مېنى ياخشى كۆرۈۋاتسا، ئۇلار يەنە ئۇنى يەيمىز دەپ كېلەمدىكىن ! تەپ تارتماي مەندەك بىر ئانىنىڭ كۆز ئالدىدىلا شۇنداق قىلامدىكىن؟ ياق، مۇمكىن ئەمەس ! مۇنداق ئىشنىڭ بولۇشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ! مەرھەمەتلىك خۇدامۇ مۇنداق ئىشنى راۋا كۆرمەيدۇ !

ئاتلىق ئەسكەرلەر توختىغاندەك قىلدى. بىرىنىڭ خېلى يىراقتىن: «تىرىستان جانابلىرى ! بۇياقتا مېڭىڭ، ھېلىقى پوپ بىزگە ئۇنى چاشقان كامىرىنىڭ ئالدىدىن تاپالايسىلەر، دېگەنىدى» دېگىنى ئاڭلاندى.

ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان راھىبە ئىختىيارسىز ۋارقىرىدى:

— قاچ قىزىم ! قېچىپ كەت ! مەن ھەممىنى ئېسىمگە

كەلتۇردۇم، گەپلىرىڭ توغرا، ئۇلار سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ! بېشىڭنى يەيدىغانلار ! جېنىڭنى قۇتقۇز !

راھىبە دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، شارتتىدە كەينىگە ياندى.

— تۇرىۋېرەيلى ! — ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، زەئىپ ئاۋازى بىلەن شۇ گەپلەرنىلا دېيەلىدى. مىسىرلىق قىزنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى. ئۇنىڭ قولى ئۆلۈكنىڭ قولىدەك سوغۇق ئىدى، — تۇرىۋېرەيلى. بەرداشلىق بېرەيلى ! ھەممىلا يەر ئەسكەر بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ ! چىقالمىغۇدەكسەن. تالامۇ يورۇپ كېتىپتۇ !

ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ياندى. گەپ قىلماي بىردەم تۇردى. ئۆيئىچىدە ئۇياندىن - بۇيانغا ماڭدى، بىر تۇتام ئاق چېچىنى يۇلۇۋېلىپ، چىشلەپ پارچە - پارچە قىلىۋەتتى.

— ئۇلار كەلدى، — دېدى ئانا بىردىنلا، — مەن ئۇلار بىلەن سۆزلىشىمەن. سەن بۇلۇڭدا تۇرىۋەر، ئۇلار سېنى كۆرمەيدۇ. مەن ئۇلارغا سېنى قېچىپ كەتتى دەيمەن. مەن ئۇنى قويۇپ بەردىم دەپ ئېيتىمەن. شۇنداق قىلىمەن !

راھىبە تېخىچە قۇچاقلاپ تۇرغان قىزنى ئۆينىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىغا يوشۇردى، ئۇنى زوڭ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى كۆرسەتمەسلىككە بۇيرۇدى. ئۆيدە بار بولغان ھەممە بىساتىنى — چەينەكنى، تاش پارچىلىرىنى قىزنىڭ ئالدىغا دۆۋىلىدى. چەينەك بىلەن تاش پارچىلىرى ئۇنى توسۇۋالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىدى. مۇشۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ دۇئا - تىلاۋەتكە كىرىشتى. تالا يورۇپ كەتكەن بولسىمۇ، چاشقان كامىرىنىڭ ئىچى تېخى قاراڭغۇ ئىدى.

دەل شۇ چاغدا، ھېلىقى پوپنىڭ سۇرلۇك ئاۋازى ئۆيدىن ئۇنچە يىراق بولمىغان جايدىلا ئاڭلاندى:

— بۇياققا مېڭىڭ، كاپىتان فوبۇس شاتوپىر !

بۇلۇڭغا مۆكۈنۈپ ياتقان ئەسمېرالدا بۇ ئىسمنى، بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— قىمىرلىما ! — دېدى راھىبە.

ئۇ مۇشۇ گەپنى دەپ بولۇشى بىلەن تەڭ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئانا دەرھال ئورنىدىن تۇردى، دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، تولۇق قوراللانغان بىر توپ ئەسكەرنى كۆردى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاتلىق، بەزىسى پىيادە بولۇپ، گرېۋ مەيدانىغا تىزىلىپ تەخ بولغانىدى.

— قېرى، — دەپ توۋلىدى ئەپتىدىن ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرغان بىرى، — بىز بىر ئايال پېرىخوننى ئىزدەپ يۈرىمىز. ئۇنى تېپىپ دارغا ئاسماقچى بولۇۋاتىمىز. بىرى ئۇنى مۇشۇ يەردە دېيدۇ.

بىچارە ئايال ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك جاۋاب بەردى:

— سېنىڭ نېمە دەۋاتقىنىڭنى تازا بىلەلمىدىم.

— خۇدا ھەققى ! — دېدى ئۇ ئادەم، — ياردەمچى ئېپىسكوپ يالغان سۆزلەپ نېمە قىلماقچى؟ ئۇ ئۆزى قېنى؟

— جانابلىرى، — دېدى بىر ئەسكەر، — ئۇ كۆرۈنمەيدۇ.

— مۇنداق دەڭلار ! ھەي، ساراڭ موماي، — دېدى ئۇ ئادەم يەنە، — يالغان گەپ قىلما، بىرى ئايال پېرىخوننى سېنىڭ قاراپ تۇرۇشۇڭغا ھاۋالە قىلغانىكەن. سەن ئۇنى نېمە قىلدىڭ؟

راھىبە ئۇلارنى گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ھەممە نەرسىدىن تېنىۋالماسلىق قارارىغا كەلدى. ئۇ ھەم سەمىمىيلىك بىلەن، ھەم ئاچچىقلاپ تۇرۇپ جاۋاب قايتۇردى:

— سىلەر باشقىلار مېنىڭ قاراپ تۇرۇشۇمغا تاپشۇرغان ھېلىقى قىزنى دېمەكچىمۇ؟ سىلەرگە شۇنى دەپ قوياي، ئۇ قولۇمنى بىر چىشلىۋېدى، مەنمۇ ئىلاج قىلالماي ئۇنى قويۇۋەتتىم. ئەھۋال شۇنداق، مېنى ئارامىمدا قويۇڭلار !

قوشۇننى باشلاپ كەلگەن ئادەمنىڭ چىرايىدا ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— يالغان گەپ قىلغۇچى بولما، قېرى جادۇگەر، — دېدى ئۇ، —

مېنىڭ ئىسمىم ترىستان لېرمىت. پادىشاھنىڭ قەدىناس دوستى.
ترىستان لېرمىت، ئاڭلاۋاتامسەن؟ — ئۇ گرىڭ مەيدانى تەرەپكە قاراپ قويدى، — بۇ ئەتراپتا مېنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق.

— سېنىڭ ئىسمىڭ شەيتان لېرمىت بولسىمۇ مەيلى، — راھىبە ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دېگەندەك گەپ ياندۇردى، كۆڭلىدە ئازراق ئۈمىد پەيدا بولغاندەك بولدى، — مېنىڭ باشقا گېپىم يوق. سەندىن قورقۇپ قالمايمەن.

— خۇدا ھەققى ! — دېدى ترىستان، — سۆزمەن نەرسىدەك قىلىدۇغۇ، بۇ قېرى ئەبلەخ ! پېرىخون ئايال قاچقان بولسا، قايسى تەرەپكە قاچتى !

راھىبە پەرۋاسىز ھالدا جاۋاب بەردى:

— مەن ئۇنىڭ مال بازىرى تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىنى كۆرۈپ تۇردۇم.

ترىستان كەينىگە قايرىلىپ، ئەسكەرلەرنى چېكىنىشكە بۇيرۇدى. راھىبە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

— جانابلىرى، — دېدى بىر ئوقياچى تۇيۇقسىز، — ئۇ قېرى جادۇگەردىن دېرىزىدىكى تۆمۈر رېشاتكىلارنىڭ نېمىشقا مۇنداق بۇزۇلۇپ كەتكىنىنى سوراپ باقمامدۇق؟

بۇ سوئال راھىبەنى سەل ئالدىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، ئۇ تېخى ئەقلىنى يوقىتىپ قويغۇدەك ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى.

— ئۇ ئەسلىدىلا شۇنداق، — دېدى راھىبە دۇدۇقلاپ.

— ياق، — دېدى ئوقياچى، — ئۇ تۈنۈگۈنلا تېخى ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك قارا كىرېست شەكلىدە تۇراتتىغۇ؟

ترىستان راھىبەگە ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— قورسىقىڭدا جىن باردەك قىلامدۇ ـ نېمە؟

بىچارە ئايال ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىنىڭ تەمكىنلىكىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، گەرچە كۆڭلىدە قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە ھاي بېرىپ، سوغۇق كۈلدى. ئانىلاردا كۆپىنچە مۇشۇنداق ئىقتىدار بولاتتى.

www.uyghurkitap.com

— تۇفى ! مەستمۇ نېمە بۇ ئادەم؟ بىر يىل ئىلگىرى تاش باسقان بىر هارۋا دېرىزەمگە سوقۇلۇپ، رېشاتكىلارنى بۇزۇۋەتكەنىدى. هارۋىكەشنى تىللاپ رەسۋا قىلغانىدىم تېخى !

— راست، — دېدى يەنە بىر ئوقياچى، — شۇ چاغدا مەنمۇ بار ئىدىم.

نەدىمۇ ھەممىلا ئىشنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدىغان ئادەم بار. ئوقياچىنىڭ ئويلىمىغانلا يەردىن بەرگەن گۇۋاھلىقى راھىبەگە يەنە بىر قېتىم ئۈمىد بېغىشلىدى. بولۇۋاتقان سوئال ـ سوراق ئۇنىڭ ئۈچۈن پىچاقنىڭ بىسىغا دەسسەپ چوڭقۇر ھاڭنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈۋاتقاندەك ئىش ئىدى.

لېكىن، زەررىچە ئۈمىد نۇرى چاقناۋاتقاندا يەنە بىر مەرتىۋە قورقۇپ كېتىش ئۇنىڭ تەقدىر پېشانىسىغا پۈتۈلگەندەك قىلاتتى.

— ئەگەر هارۋا سوقۇۋەتكەن بولسا، — دېدى ئالدىنقى ئوقياچى، — سۇنۇپ كەتكەن تۆمۈر چىۋىقلار ئىچىگە ئېگىلگەن بولاتتى. ئۇنىڭ سىرتىغا قاراپ ئېگىلىپ كەتكىنى نېمىسى؟

— ۋاي ـ ۋۇي ! — دېدى تىرىستان ھېلىقى ئەسكەرگە قاراپ، — بۇرنۇڭ چاتىلىپ سوتخانىسىدىكى سودىيەلەرنىڭ بۇرنىدەكلا ئۆتكۈر ئىكەنغۇ. ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەر، قېرى !

— توۋا ! — راھىبە بۇ قېيىن ـ قىستاقتا باشقا ئىلاج قىلالماي، ئىختىيارسىز ھالدا كۆزىگە ياش ئالدى، — جانابلىرى، ئالدىڭىزدا قەسەم ئىچىپ بېرەي. بۇ تۆمۈر چىۋىقلارنى بىر ھارۋا سوقۇپ ئۈزۈۋەتكەن. ئاتايا ھېلىقى بىرىنىڭ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىڭىز. بۇ ئىشلارنىڭ مىسىرلىق ئايال بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

— ھىم ! — دەپ قويدى تىرىستان غوتۇلداپ.

— يوقىلاڭ گەپ ! — دېدى باشلىقىنىڭ ماختىشىغا نائىل بولغان بىرىنچى ئەسكەر مەيدىسىنى كېرىپ، — بۇ تۆمۈر چىۋىقلارنىڭ ئۈزۈلگەن يېرى يېپيېڭى تۇرمامدۇ؟

تىرىستان بېشىنى چايقىدى. راھىبەنىڭ چىرايى شامدەك ئاقىرىپ كەتتى.
— سەن دەپ باقە، سېنىڭ دېرىزەڭنى ھارۋا سوقۇۋەتكەنگە قانچە ئۇزاق بولدى؟
— بىر ئاي، ياكى ئىككى ھەپتە بولغاندۇر. جانابلىرى، تازا ئېسىمدە يوق !
— ئۇ ئابايا بىر يىل ئىلگىرى دەۋاتاتتىغۇ، — دېدى ھېلىقى ئەسكەر سەمىگە سېلىپ.
— بۇ يەردە چاتاق باردەك قىلىدۇ، — دېدى ژاندارما باشلىقى.
— جانابلىرى، — راھىبە تىترەپ تۇرۇپ دېرىزىگە چاپلاشتى. گۇمان قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن، بېشىنى سوزۇپ ئۆينىڭ ئىچىگە قارىدى، — جانابلىرى، ھارۋىنىڭ دېرىزە كاتەكچىلىرىنى بۇزۇۋەتكىنىگە ھۆددە قىلالايمەن. جەننەتتىكى مالائىكىلەرنىڭ نامىنى شېپى كەلتۈرۈپ قەسەم قىلىپ بېرەلەيمەن. ئەگەر بىر ھارۋا شۇنداق قىلمىغان بولسا، دوزاختا مەڭگۈلۈك بەند بولسامۇ رازى. خۇداغا ئاسىيلىق قىلغىنىمغا ھېساب !
— بۇ قەسەمگە بەك زورۇقۇپ كەتتىڭ ! — تىرىستان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە شۈبھە بىلەن قارىدى.
بىچارە ئايال ئۆزى بەرگەن كاپالەتنىڭ ھېچقانچە رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى، بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ تولىمۇ پەرۋاسىزلىق قىلغانلىقىنى تۇيدى، كۆڭلىنى ئەنسىزلىك قاپلىدى. ئابايا ھېلىقىدەك گەپلەرنى قىلىشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى بىلىپ يەتتى.
شۇ چاغدا، بىر ئەسكەر ۋارقىرىغان پېتى يۈگۈرۈپ كەلدى:
— قېرى جادۇگەر يالغان ئېيتىپتۇ. ئايال پېرىخون مال بازىرى تەرەپتىن قاچمىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ كوچىدىكى تۆمۈر زەنجىر تۇنبويى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. تۆمۈر زەنجىرگە قارايدىغان ئادەممۇ بىرەرىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى كۆرمىدىم دەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

تىرىستاننىڭ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتتى. ئۇ يەنىلا راھىبقا تەرەپكە يۈزلىنىپ:

— يەنە قىلىدىغان گېپىڭ بارمۇ؟ — دېدى.

بۇ كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدىن بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا قالغان راھىبە:

— مەن نېمىمۇ دەيمەن، جانابلىرى. ئېھتىمال، يادىمدا چىڭ تۇتمىغاندىمەن. بەلكى ئۇ ئايال دەريادىن ئۆتۈپ كەتكەندۇ، — دېدى.

— ئۇ دېگەن قارىمۇقارشى يۆنىلىش، — دېدى باشلىق، — ئۇ قانداقلارچە كونا شەھەر رايونى تەرەپكە كەتكەن بولىدۇ؟ ئۇ يەردە ھەممەيلەن ئۇنى ئىزدەپ يۈرگەن تۇرسا! يالغان ئېيتىۋاتىسەن، قېرى دەللە!

— ئۇنىڭ ئۈستىگە، — دېدى بىرىنچى ئەسكەر، — دەريانىڭ بۇ قىرغىقىدىمۇ، ئۇ قىرغىقىدىمۇ كېمە يوق!

— سۇ ئۈزۈپ ئۆتۈپ كەتكەندۇ؟ — دېدى راھىبە ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

— ئايال خەقمۇ سۇ ئۈزەلەمدۇ؟ — دېدى ھېلىقى ئەسكەر.

— خۇدا ھەققى، يالغان ئېيتىۋاتىسەن! — غەزەپلەنگەن تىرىستان ئۆتە يېرىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىرىدى، — ئايال پىرىخوننى قويۇپ تۇرۇپ، سېنىلا تۇتساق بولغۇدەك دەپ ئويلاۋاتىمەن. بىرنەچچە مىنۇت ئەدەپىڭنى بەرسەك، راست گەپنى دەيدىغان بولىسەن. كېلىڭلار! بۇنى بىز بىلەن ئېلىپ مېڭىڭلار!

راھىبە ئىشنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بۇ گەپكە چىڭ ئېسىلدى - دە:

— قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلىڭ جاناب! مېنى تۇتۇڭ! جازالىسىڭىزمۇ رازى بولىمەن. مېنى ئېلىپ مېڭىڭلار، تېز بولۇڭلار، تېز! ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ماڭايلى! — دېدى ۋە مۇشۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ، شۇنداق قىلسامغۇ قىزىم پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قۇتۇلۇپ قالار، دېگەنلەرنى ئويلىدى.

— توۋا قىلدىم، — دېدى باشلىق، — ئۇنىڭ جازالىنىشقا شۇنچىلىك ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان ! ئۇ ئالجىغان قېرىنىڭ نېمە كويدا يۈرگەنلىكىنى پەقەت چۈشەنمىدىمغۇ !

چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بىر قېرى ئەسكەر سەپتىن چىقىپ:

— جانابلىرى، — دېدى ئۇ باشلىققا، — ئۇ راستتىنلا ئالجىپ قاپتۇ ! ئايال پېرىخوننى ھەقىقەتەن ئۇ قويۇۋەتكەن بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن كۆرگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ مۇنداق مىسىرلىق ئايالنى ياخشى كۆرمەيدۇ. مېنىڭ بۇ ئەتراپتا كېچىلىك چارلاشتا بولۇۋاتقىنىمغا ئون بەش يىل بولدى. ھەر كۈنى كەچتە ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئالغىلى بولمايدىغان سۆزلەر بىلەن مىسىرلىق ئاياللارنى تىللاپ يۈرگىنىنى تولا ئاڭلىدىم. بىزنىڭ تۇتماقچى بولغىنىمىز راستتىنلا ھېلىقى ئوغلاق يېتىلەپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان قىزنىڭ ئۆزى بولسا، ئۇ بۇ ئايالنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان مىسىرلىق ئاياللارنىڭ بىرى شۇ دېگەن گەپ.

— مەن ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىم بىلەن ئۆچ، — دېدى راھىبە.

ژاندارمىلارنىڭ ھەممىسى قېرى چارلىغۇچىنىڭ دېگەنلىرى راست دەپ گۇۋاھلىق بەردى. تىرىستان راھىبەنىڭ گەپ - سۆزلىرىدىن قىلچە يىپ ئۇچىغا ئىگە بولالمىغىنىدىن بەك ئۆكۈندى - دە، كېتىشكە تۇتۇش قىلدى. راھىبە ژاندارما باشلىقىنىڭ ئاستا مېڭىپ ئېتى تەرەپكە كېتىپ بارغانلىقىغا قاراپ تۇردى.

— كارىڭلار بولمىسۇن، — دېدى ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، — ماڭىۋېرىڭلار ! يەنە ئىزدەپ باقايلى ! مىسىرلىق قىزنى دارغا ئاسمىسام، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كىرمەيدۇ.

ئۇ ئاتقا مىنىش ئالدىدا سەل - پەل ئىككىلەندى، خۇددى بىر تۇقۇچ ھايۋاننىڭ ھىدىنى ئالغان تايغان ئولجىسىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك، مەيداننى بىرقۇر كۆزدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەچۈردى. ھايات ـ مامات بوسۇغىسىدا تۇرغان گۆدۈلىنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز ھالدا گۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. ئاخىر ژاندارما باشلىقى ئاتقا مىندى. قاراپ تۇرغان گۆدۈلىنىڭ يۈرىكى شۇ چاغدىلا جايىغا چۈشتى. ئەسكەرلەر كەلگەندىن باشلاپ، ئۇ قىزى تەرەپكە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىغان بولغاچقا، ئەمدىلىكتە قىزى مۆكۈۋالغان يەرگە لەپپىدە قاراپ قويۇپ، بوش ئاۋازدا:

— نېمىلا بولسۇن قۇتۇلۇپ قالدىڭ، — دېدى.

بىچارە قىز شۇ تاپتا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا جىم ياتاتتى. ئۆلۈم قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىلا بولغاچقا، تۈزۈكرەك تىنىشقىمۇ پېتىنالمىدى. مىدىرلاشقىمۇ رايى بارمىدى، لېكىن راھىبە بىلەن ترىستاننىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردى. ئانىسىنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرى ۋۇجۇدىنى چىرمىغان، ئۇ ھەتتا قىيادىكى ئۆزى ئېسىلىپ تۇرغان ئارغامچىنىڭ بىر قات ـ بىر قاتتىن كېسىلىۋاتقىنىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئاخىرىغا كەلگەندە «ئۇھ !» دەپ يېنىك تىندى، ئىككى پۇتى يەرگە تەگكەندەك بولدى. دەل مۇشۇ ئەسنادا، ئۇ بىرەيلەننىڭ ژاندارما باشلىقىغا دەۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ قالدى:

— خۇدا ئۇرسۇن ! ژاندارما باشلىقى، ئايال پېرىخوننى دارغا ئېسىش ئارمىيەدىكىلەرنىڭ ئىشى ئەمەس. قول ئاستىمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋۇ ياقتا، سىز نېمە ئىش قىلاي دېسىڭىز، شۇنى قىلىۋېرىڭ. قوشۇنغا قايتمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز. ئۇياقتا ئۇلارنى باشلاپ ماڭىدىغان ئادەم يوق، — بۇ كاپىتان فوبۇس شاتوپېرنىڭ ئاۋازى ئىدى. مىسسىرلىق قىزنىڭ يۈرىكى ئىرغىپ كەتتى. ئۇنىڭ دوستى، ئۇنىڭ يۆلەنچۈكى، ئۇنىڭ ھامىيسى، ئۇنىڭ پاناھگاھى، ئۇنىڭ فوبۇسى مۇشۇ يەردە ئىكەن ـ دە ! قىز ئورنىدىن تۇردى، ئانىسى ئۇنى توسۇۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. قىز بىراقلا ئېتىلىپ دېرىزە ئالدىغا باردى ـ دە:

— فوبۇس، مەن بۇ يەردە ! — دەپ توۋلىدى.

فوبۇس ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئاتنى دېۋىتىپ، بىر كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلغاندا، ترىستان تېخى ئۆز ئورنىدىن مىدىرلىمىغانىدى.

راھىبە ئانا شىردەك ھۆركىرەپ، قىزنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى، ئۇنى جان - جەھلى بىلەن كەينىگە تارتتى، بەك كۈچەپ ئەمەس ئىدى تىرناقلىرى قىزنىڭ بوينىغا پاتتى. ئانا شىرغا ئوخشايدىغان بۇ ئايال مۇنداق تاسادىپىيلىقنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. بىراق، ئۇ ئۆلگۈرەلمىدى، ترىستان ئۇلارنى كۆرۈپ قالدى.

— ھا - ھا - ھا! — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، بۆرىگە ئوخشاش چىشلىرىنى چىقىرىپ ۋارقىرىدى، — چاشقان كامىرىدا ئەسلىدە ئىككى چاشقان بار ئىكەن - دە!

— دېمىدىممۇ! — دېدى ھېلىقى ئەسكەر.

ترىستان ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدى.

— بولىدىغان مۈشۈك ئىكەنسەن! — دېدى ئۇ، — بولىدىكەنسەن، ھېنرىيت كوسىن قېنى؟

سەپنىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىپ كەلدى. ئۇ ھەربىي فورما كىيگەن، ئەسكەرگىمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇچىسىدا يېرىمى كۈل رەڭ، يېرىمى بېغىر رەڭ كىيىم بولۇپ، چېچىنى تارىۋالغان، كىيىمىگە خۇرۇم يەڭ ئورناتقان، قولىغا بىر باغلام ئارغامچا ئېلىۋالغانىدى. بۇ ئادەم سايىغا ئوخشاش ترىستاندىن ئايرىلمايتتى. ترىستان بولسا دائىم دېگۈدەك لۇئى XI نىڭ يېنىدىن كەتمەيتتى.

— بۇرادەر، — دېدى ترىستان، — مېنىڭچە بىز تۇتماقچى بولغان ئايال پېرىخون مۇشۇ. بېرىپ ئۇنى باغلاپ كەل. شوتا ئېلىۋالغانمۇ؟

— تۇۋرۇكلۇك ئۆينىڭ پېشايۋىنى ئاستىدا بىر شوتا بار، — دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، — بىز ئىشىمىزنى ئاشۇ يەردە قىلامدۇق؟ — ئۇ قولىنى سوزۇپ تاش بىلەن قوپۇرۇلغان دارنى

كۆرسەتتى.

— شۇنداق.

— ياھ، ئوھوي — ئۇ ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۈلكىسى ژاندارما باشلىقىنىڭ كۈلكىسىدىن دەھشەتلىك ئىدى، — كۆپ ئاۋارە بولمايمىز.

— چاققان بول، — دېدى ترىستان، — ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن كۈلۈۋالارسەن.

ترىستان ئەسمېرالدانى كۆرۈپ قالدى، شۇندىلا بارلىق ئارزۇ ـ ئۈمىدىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلگەن راھىبەنىڭ ئۇنى ئېچىگە چۈشۈپلا كەتتى. چالا ئۆلۈك بولۇپ قالغان قىزنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، قونداقنى قاماللىغان بۇركۈتتەك دېرىزە تەكچىسىنى مەھكەم تۇتتى. خۇنى قاچقان، ئاداشقان كۆزلىرى بىلگەن ژاندارمىلارغا تىكىلدى. ھېنرىت كوسىن دېرىزىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ئەلپازىنى بۇزۇپ ھۆرپەيدى. ئۇ قورققىنىدىن كەينىگە داجىدى.

— جانابلىرى، — دېدى ھېنرىت قايرىلىپ ژاندارما باشلىقىغا، — قايسىنى تۇتىمىز؟

— ياشراقىنى.

— خوپ، بىراق ئاۋۇ قېرىسى ئاسان بوي بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

— ئوغلاق يېتىلەپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بىچارە قىز، — دېدى قېرى چارلىغۇچى.

ھېنرىت كوسىن دېرىزە ئالدىغا كەلدى ۋە بىر قاراپلا، راھىبەنىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرغاندەك قورقۇمسىراپ دېدى:

— خانىم ...

— نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دەپ سورىدى راھىبە غەزەپ بىلەن.

— سىزنى ئەمەس، يەنە بىرىنى تۇتىمىز.

— يەنە بىرى كىم؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئاۋۇ ياشراقى.

— ھېچكىم يوق، — دېدى راھىبە بېشىنى چايقاپ، — ھېچكىم يوق.

— ئادەم بار، — دېدى جاللات، — سىزگە بەش قولدەك ئايان. ماڭا ئاۋۇ ياش بىرىنى تۇتقىلى قويۇڭ. سىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمىز.

— سىزگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمىز دەيسەنغۇ ! — دېدى راھىبە سوغۇق تەلەپپۇزدا.

— ئاۋۇ ياش قىزنى ئېلىپ مېڭىشىمغا يول قويۇڭ، خانىم! بۇ، باشلىقنىڭ بۇيرۇقى !

راھىبە ئېلىشىپ قالغاندەك جاۋاب بەردى:

— بۇ يەردە بىرمۇ ئادەم يوق !

— يەنە بىر ئادەم بار، — دېدى جاللات، — سىلەرنىڭ ئىككى ئادەم ئىكەنلىكىڭلارنى ھەممەيلەن كۆردۇق.

— يەنە قاراپ باق، — دېدى راھىبە سوغۇق كۈلۈپ، — بېشىڭنى دېرىزىدىن تىقىپ يەنە بىر قاراپ باق !

جاللات راھىبەنىڭ تىرنىقىغا بىر قارىۋېلىپ، ئالدىغا مېڭىشقا پېتىنالمىدى.

— تېز بول، — دەپ ۋارقىرىدى تىرىستان. ئۇ قوشۇننى يېرىم دائىرە قىلىپ تىزىپ، چاشقان كامىرىنى قورشاپ بولغاندىن كېيىن، ئاتنى مىنگەن پېتى دارنىڭ ئالدىغا كەتكەندى.

ھېنرېت كوسىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ باشلىقنىڭ قېشىغا باردى، ئارغامچىنى يەرگە قويۇپ، شلەپىسىنى ئىككى قولى بىلەن قالايمىقان پىرقىراتتى.

— جانابلىرى، — دەپ سورىدى ئۇ، — نەدىن كىرىمىز؟

— ئىشىكتىن.

— ئىشىك يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن تارقىتىش بېكىتى

— دېرىزىدىن.

— بەك تار.

— ئۇنداقتا ئۇنى كېڭەيتىڭلار ! — دېدى ترىستان ئاچچىقلاپ، — كولايدىغان بىرەر نەرسە ئالماي كەلگەنمۇ؟

دېرىزىدە تۇرغان ئانا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ ئۇممىدسىزلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ باشقىلارنىڭ قىزنى ئەكېتىشىگە ھەرگىز يول قويمايتتى.

ھېنرېت كوسىن تۇۋرۇكلۇك ئۆيىنىڭ پېشايۋىنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ قورال ـ سايمانلىرىنى قاچىلايدىغان ساندۇقىنى، قاتلىنىدىغان بىر شوتىنى كۆتۈرۈپ كەلدى ـ دە، بۇ نەرسىلەرنى دارنىڭ ياغىچىغا يۆلەپ قويدى. بەش ـ ئالتە ئەسكەر جوتۇ، لوم تۆمۈر قاتارلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ترىستان ئۇلار بىلەن بىللە دېرىزىگە قاراپ ماڭدى.

— قېرى قاقباش، — دېدى ژاندارما باشلىقى قوپاللىق بىلەن، — ئاۋۇ قىزنى ياۋاشلىق بىلەن تاپشۇرۇپ بەر.

راھىبە ھېچنېمىنى ئۇقمىغاندەك قاراپ تۇرىۋەردى.

— خۇدا ھەققى، — دېدى ترىستان، — سەن نېمىشقا بىزنىڭ پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە ئۇ قىزنى دارغا ئېسىشىمىزغا يول قويمايسەن؟

بەختسىز ئايال ئېچىنىشلىق كۈلدى.

— نېمىشقا ! چۈنكى ئۇ مېنىڭ قىزىم !

ئۇنىڭ گەپ قىلىۋاتقاندىكى تەلەپپۇزىدىن ترىستان تىترەپ كەتتى.

— مەن ناھايىتى خىجىل، — دېدى ژاندارما باشلىقى، — لېكىن بۇ پادىشاھنىڭ ئىرادىسى.

راھىبە بەكمۇ قورقۇنچلۇق كۈلۈۋەتتى ۋە:

— مېنىڭ قانداقتۇر پادىشاھ دېگەنلىرىڭ بىلەن كارىم يوق. ساڭا شۇنى دەپ قوياي، ئۇ مېنىڭ قىزىم ! — دېدى ۋارقىراپ.

— تامنى تېشىڭلار، — دېدى ترىستان.

دېرىزىنىڭ تېگىدىكى تاشتىن بىر قەۋەتنى ئېلىۋەتسىلا، ئۆيگە كىرگىلى بولغۇدەك يوغان بىر ئېغىز ئېچىلاتتى. راھىبە جوتۇنىڭ، لوم تۆمۈرنىڭ ئۆزى تۇرۇشلۇق قەلئەگە قىلىۋاتقان ھۇجۇمى ئالدىدا، يەر - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئەلپازى بىلەن ۋارقىرىدى، ئاخىر مۇشتۇمچىلىك ئۆيىدە ئۇزاقتىن بۇيان قەپەسكە سولاپ قويۇلغان ياۋايى ھايۋاندەك ئۇياندىن - بۇيانغا ئايلاندى، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. كۆزلىرىدە غەزەپ يالقۇنى لاۋۇلدىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ يۈرىكى بىر قىسما بولۇپ كەتتى.

ئۇ بىردىنلا ئايىغى ئاستىدىكى تاشنى كۆتۈرۈپ، كوچەپ ئىشلەۋاتقانلارغا قارىتىپ ئاتتى. قولى تىترەپ كەتكەچكە، تاش دەل جايىغا تەگمىدى. ھېچكىم يارىدار بولمىدى. تاش پەقەت تىرىستاننىڭ ئېتىنىڭ پۇتىغىچە دومىلاپ باردى. ئۇنىڭ ئاچچىقتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى.

قۇياش كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەتراپ ئاللىقاچان يورۇغانىدى، بۇ چاغ بالدۇرراق ئورنىدىن تۇرغان شەھەر ئاھالىسى بالىخانىسىدىكى دېرىزىلەرنى ئاچقان ۋاقىت ئىدى. مانا، بىرنەچچە ئادەم، بىرنەچچە باققال ئېشەكلىرىنى مىنىپ بازارغا ماڭدى. ئۇلار گرېۋ مەيدانىدىن ئۆتۈۋېتىپ، چاشقان كامىرىنى چۆرىدىۋالغان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىدا بىردەم توختىدى، ئۇلارغا ھەيران بولۇپ نەزەر سالدى، ئاندىن ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

راھىبە قىزنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ. ئۇنى گەۋدىسى بىلەن توستى. ئايالنىڭ كۆزى چەكچىيىپلا كەتتى، كۆزىنىڭ خۇنى قاچتى. مىدىر - سىدىر قىلماي ياتقان شور پېشانە قىز ئاران - ئاران چىقىۋاتقان ئاۋازى بىلەن «فوبۇس !» دېگەن بىر ئىسىمنى تەكرارلايتتى. تامنى كولاۋاتقانلار بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلدى. ئانا ئىختىيارسىز كەينى تەرەپكە چېكىندى، قىزنى تامغا بارغانسېرى چىڭ قىستىدى، كۆزىنى تامدىن باشقا يەرگە

www.uyghurkitap.com

يۆتكىمىدى. راھىبە بىر پارچە تاشنىڭ مىدىرلىغىنىنى كۆردى. تىرىستاننىڭ ئەسكەرلىرىگە مەدەت بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۆزىدىكى بايىقى ئاجىزلىقنى قاياقىدۇر چۆرۈپ تاشلىدى ـ دە، بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بەزىدە ياغاچ كېسىۋاتقان ھەرىنىڭ ئاۋازىدەك چىرقىراپ، قۇلاق ـ مېڭىنى يەپ كېتەتتى، بەزىدە كېكەچلىگەندەك ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ بارلىق قارغىش ـ لەنەتلىرىنى بىراقلا بوغۇزىدىن چىقىرىپ، ھەممىسىنى بىر يولى تۆكۈۋەتمەكچىدەك بولاتتى.

— ھەي، نىمانچە قورقۇنچلۇق! سىلەر قاراقچىلار! سىلەر راستتىنلا مېنىڭ قىزىمنى بۇلاپ كەتمەكچىمۇ؟ سىلەرگە دەپ قوياي، ئۇ دىگەن مېنىڭ قىزىم! مۇتتەھەملەر! جاللاتلار! يالاقچىلار! رەزىل قاتىللار! قۇتۇلدۇرۇڭلار! قۇتۇلدۇرۇڭلار! سىلەر نىمىشقا مېنىڭ قىزىمنى بۇلاپ كەتمەكچى بولىسىلەر؟ مېھىر ـ شەپقەتلىك خۇدا، سەن قەيەردە!

ئۇ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يەردە ئۆمىلەپ قالدى، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق، لەۋلىرى گەز باغلاپ كەتكەنىدى.

— قىزىمنى يېقىنراق كېلىپ بۇلىمامسەن! — دىدى ئۇ تىرىستانغا، — سەن بۇ قىزنى مېنىڭ قىزىم دىگەنلىكىمنى چۈشەنمەيۋاتامسەن؟ سەن بالىنىڭ نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ھەي، قىيامەت مۈشۈكى؟ سەن ئۆزۈڭنىڭ چىشى مۈشۈكۈڭ بىلەن بىللە ئۇخلاپ باقمىغانمۇ؟ سىلەر سىرىق ئاسلانلارنى تۇغۇپ باقمىغانمۇ؟ سىرىق ئاسلانلىرىڭلار يىغا ـ زار قىلغاندا، يۈرىكىڭلار مۇجۇلمىغانمۇ؟

— ئاۋۇ تاشنى ئېلىۋېتىڭلار، — دىدى تىرىستان، — ئاللىقاچان بوشاپ بولدى.

تۆمۈر لومنىڭ بىرنەچچە قېتىم تېگىشى بىلەن تاش ئورنىدىن ئاجرىدى. باشتا دىگىنىمىزدەك، بۇ راھىبەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قەلئەسى ئىدى. ئۇ بۇ تاشنى ئەسلىدىكى ئورنىغا قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتتى، تاشنى تۇتۇۋالماقچى بولدى. لېكىن، ئالتە

ئادەم بىللە بولۇپ ئىتتىرىۋاتقان ئېغىر تاش ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، تۆمۈر لومنى بويلاپ سىيرىلغان پېتى يەرگە چۈشتى.

راھىبە ئېچىۋېتىلگەن ئېغىزنى كۆرۈپ، ئۇ يەرگە توغرىسىچە يېتىۋالدى، بېشىنى يەرگە ئۇردى. چارچاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، ئاۋازى پۈتۈپ خىرقىراپ قالدى. ئوچۇق ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ئاۋازى بىلەن «قۇتۇلدۇرۇڭلار !» دەپ توۋلىدى.

— ئەمدى بېرىپ ئاۋۇ قىزنى تۇتۇڭلار، — دېدى ترىستان شەپقەتسىزلىك بىلەن.

راھىبە ئەسكەرلەرگە قارىدى، ئۇنىڭ ئەلپازى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئەسكەرلەر ئەيمىنىپ، ئالدىغا ماڭالماي، كەينىگە داجىغىلى تۇردى.

— مېڭىڭلار، — دېدى ژاندارما باشلىقى، — سەن ماڭ ! ھېنرېت كوسىن.

ھېچكىممۇ بىرقەدەم مىدىرلىمىدى.

ژاندارما باشلىقى ئاغزىنى بۇزۇپ:.

— توۋا قىلدىم ! ئەسكەر تۇرۇپ قىلىغان قىلىقىنى قارىمامدىغان ! خوتۇن كىشىدىن قورققىنىنى بۇ نېمىلەرنىڭ ! — دېدى.

— جانابلىرى، — دېدى ھېنرېت كوسىن، — سىز ئۇنى ئايال دەۋاتامسىز ؟

— ئۇنىڭ شىرنىڭكىدەك يالى تۇرسا، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— يوقال، — دېدى باشلىقى، — تېشىلگەن ئېغىز چوڭ بولغاندىكىن، پونتوئىسقا بۆسۈپ كىرگەندەك، ئالدى بىلەن ئۈچ ئادەم كىرىڭلار ـ دە، ئىشنى تۈگىتىڭلار ! كىم كەينىگە ياندىكەن، ئىككى پارچە قىلىۋېتىمەن !

ئەسكەرلەر ژاندارما باشلىق بىلەن راھىبەنىڭ ئارىلىقىدا بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپتىن تەھدىتكە دۇچ كەلگەنىدى. ئەسكەرلەر بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن قەتئىي

www.uyghurkitap.com

نىيەتكە كەلدى ــ دە، چاشقان كامىرىغا قاراپ ماڭدى.

راھىبە بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن شارتتىدە تىزلىنىپ ئولتۇردى، يۈز ـ كۆزنى يېپىۋالغان چېچىنى ئىككى تەرەپكە قايرىۋەتتى، قورايدەك ئورۇق قولىنى تۆۋەنگە ساڭگىلاتتى، مونچاقتەك ـ مونچاقتەك كۆز ياشلىرى كۆز چانقىدىن ئېتىلىپ چىقتى، ئىككى مەڭزىنى بويلاپ، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۈيىدەك توختىماي ئاقتى. ئۇ يەنە گەپ باشلاپ قالدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەمدىكى سۆزلىرى شۇنچىلىك مۇڭلۇق ۋە سەمىمىي، شۇنچىلىك يۇمشاق ۋە مۇلايىم، شۇنچىلىك كەمتەر ۋە تەقۋادار، شۇنچىلىك تەسىرلىك ئىدىكى، تىرىستاننىڭ چۆرىسىدىكى ئادەم گۆشىنى پۇۋلىمەي يەيدىغان ئەبلەخلەرمۇ مىشىلداپ يىغلاپ تاشلىدى.

— غوجاملار، چەۋەندازلار! مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار، بۇنى سىلەرگە چوقۇم دەپ بېرىشىم كېرەك، ئۇ مېنىڭ قىزىم. سىلەر بىلەمسىلەر؟ ئۇ مەن بۇرۇن يوقىتىپ قويغان قىزىمنىڭ ئۆزى شۇ. ئاڭلاپ تۇرۇڭلار، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىش. ئويلاپ بېقىڭلار، مەن تۆرە ـ ئەپەندىلەرنى كۆپ تونۇيدىغان پاھىشە ئايال ئىدىم، ئۇششاق باللار مېنى تاش ئېتىپ بوزەك قىلغاندا، ھەممىڭلار مەندىن ئوبدان خەۋەر ئالغانىدىڭلار. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ بىلەمسىلەر؟ بىلىپلا قالساڭلار، مېنىڭ بالامنى قالدۇرۇپ قويىسىلەر. مەن شور پېشانە پاھىشە ئايال بولغاچقا، ئاۋۇ مىسىرلىق ئاياللار مېنىڭ قىزىمنى ئوغرىلاپ كەتتى. لېكىن، مەن ئۇنىڭ بىر پاي پوپۇچىنى ساق ئون بەش يىل ساقلىدىم. قاراڭلار، مانا مۇشۇ بىر پاي پوپۇچ! قىزىمنىڭ شۇ چاغلاردا مۇشۇنداق چىرايلىق پۇتى بولغان. بىز رېيىمىستا، نازىنىنلار كوچىسىدا ياشايتتۇق. سىلەر ئۇ ئايالنى تونۇشۇڭلار مۇمكىن. ئۇنىڭ ئىسمى شانتېفلۇر ئىدى! ئۇ دەل مەن شۇ. ئۇ چاغدا سىلەرمۇ ياش ئىدىڭلار، ئۇ چاغلار ياشلىقىمنىڭ ئالتۇندەك گۈزەل چاغلىرى ئىدى. ئىشقىۋازلىق، شاد ـ خۇراملىق بىلەن

تولغان كۈنلەر ئىدى. سىلەر چوقۇم ماڭا ئىچ ئاغرىتىسىلەر، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ غوجاملار! مىسىرلىق ئاياللار قىزىمنى ئۆيۈمدىنلا ئوغرىلاپ كەتتى، ئون بەش يىل ماڭا كۆرسەتمىدى. مەن ئۇنى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتتىگە چىقىرىپ ياشىدىم. ئويلاپ بېقىڭلار، قېرىنداشلار! مەن ئۇنى ئەمدى يوق دەپ ئويلىدىم. ئۇۋامدا ئون بەش يىل تۇردۇم. قىش كۈنلىرى ئىسسىنىدىغانغا ئوت يوق، بۇ بەك تەس ئىشقۇ! سۆيۈملۈك بىچارە پوپۈچ! يەر - ئاسمانغا يالۋۇرۇپ نالە قىلدىم، مېھىر - شەپقەتلىك خۇدا چوقۇم ئاڭلىدى بولغاي، تۈنۈگۈن كەچتە ئۇنى مېنىڭ يېنىمغا ئەكېلىپ قويدى. بۇ شەپقەتلىك خۇدانىڭ كارامىتى! قىزىم ئۆلمىگەن بولۇپ چىقتى. مەن سىلەرنىڭ ئۇنى مېنىڭ يېنىمدىن ئېلىپ كەتمەيدىغانلىقىڭلارغا ئىشىنىمەن. ناۋادا سىلەر تۇتماقچى بولساڭلار، مېنى تۇتۇڭلار، قىلچىلىك ئاغرىنمايمەن. لېكىن، ئۇچۇ؟ ئۇ تېخى بالا، ئەمدىلەتىن ئون ئالتە ياشقا كىرگەن! ئۇنىڭغا ۋاقىت بېرىڭلار، ئۇمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسۇن! ئۇ زادى نېمە گۇناھ ئۆتكۈزۈپ سىلەرنى خاپا قىلدى؟ ھېچ ئىش قىلمىدى، مەنمۇ شۇنداق، سىلەر مېنىڭ ئۇنىڭدىن بۆلەك ھېچنېمەم يوقلۇقىنى بىلىسىلەر. مەن قېرىپ قالدىم، ئۇ بۈۋى مەريەم ئانىمىز ماڭا ئىنئام قىلغان بىردىنبىر بايلىق. ھەممىڭلار كۆكسى - قارنىڭلار كەڭ ئادەملەر، ئۇنىڭ ئەسلىدە مېنىڭ قىزىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر، ئەمدى بىلدىڭلار. مەن ئۇنى سۆيىمەن. باشلىق غوجام، مەن ئۆز كۆكسۈمدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىشنى خالايمەنكى، ئۇنىڭ بەدىنىدە تېرىقچىلىك زىبدە پەيدا بولۇشىنى خالىمايمەن. قارىسام، مېھرىبان غوجاملاردەك قىلىسىز! مېنىڭ دەپ بەرگەنلىرىم ئەينەن ئەھۋال! سىزنىڭمۇ ئانىڭىز باردۇ، غوجام! سىز قوشۇننىڭ كاتتىبېشى، مېنىڭ قىزىمنى ئېلىپ كەتمەڭ! قاراپ قويۇڭ، مەن سىزدىن خىرىستوستىن ئۆتۈنگەندەك ئۆتۈنۈۋاتىمەن! مەن ھېچكىمدىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلىپ باقمىغان، مەن رېيىمسىلىق ئايال،

www.uyghurkitap.com

غوجاملار، كىچىك دادام ماھىيەت پرادون ماڭا بىر پارچە يەر قالدۇرغان. باشقا تەلىپىم يوق، قىزىمغا تەگمەڭلار! ياخشى نىيەتلىك خۇدا قىزىمنى ماڭا بىكاردىن ـ بىكار قايتۇرۇپ بەرمىگەن! پادىشاھ، پادىشاھ دەپ قالدىڭلار! قىزىمنى ئۆلتۈرۈپ بەرسەڭلارمۇ ئۇنىڭ خۇشال بولۇپ كېتىشى ناتايىن! ئۇنىڭ ئۈستىگە، پادىشاھىنىڭمۇ كۆڭلى ياخشى! ئۇ مېنىڭ قىزىم، ئۇ مېنىڭ! پادىشاھىنىڭ ئەمەس! سىلەرنىڭمۇ ئەمەس! بىز بۇ يەردىن كېتىمىز! نېمىلا بولسۇن، ئىككى ئايال بىلەن ماڭغان بولسا، بىرى ئانىسى، بىرى قىزى بولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مېڭىشىغا يول قويۇڭلار! بىزنىڭ كېتىشىمىزگە يول قويۇڭلار! بىز رېيىمسىلىق، ئاھ، سىلەر ئاق كۆڭۈل، مەن ھەممىڭلارنى ياخشى كۆرىمەن. سىلەر مېنىڭ قىزىمنى تۇتۇپ كەتمەيسىلەر، مۇمكىن ئەمەس! پۈتۈنلەي مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ قىزىم، مېنىڭ قىزىم!

بىز شۇ تاپتا ئۇنىڭ قىياپىتىنى، ئاۋازىنى تەسۋىرلەشكە ناقابىل. ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى يۇتۇۋەتتى، قوللىرىنى بىر ـ بىرىگە سۈركىدى. ھەسرەتلىك كۈلدى. كۆزىدىكى يېشىدا كۈننىڭ نۇرى چاقنىدى، ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئۇھسىندى، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرى باش ـ ئايىغى قولاشمايدىغان سۆزلەرگە ئارىلىشىپ كەتتى، قىلىۋاتقان گەپلىرى باغلاشمىدى، ئىچى ئازاب ۋە ئېچىنىش بىلەن لىق تولدى، ئادەملەرنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ئۇ ئاخىر تىنچىپ قالدى. تىرىستان كۆز يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمىسىنى تۈرۈۋالدى. ئاقىۋەت، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئاجىزلىقتا بەردەم بەرمەكچى بولۇپ گەپنى چورتلا ئۈزدى:

ـــ بۇ پادىشاھنىڭ ئىرادىسى، ـــ دېدى ئۇ، ئاندى ھېنرېت كوسىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، ـــ چاققانراق قول سېلىڭلار! جاللاتلار ۋە ئەسكەرلەر ھېلىقى كىچىك ئۆيگە يوپۇرۇلۇپ كىردى. راھىبە قىلچىلىك قارشىلىق كۆرسەتمىدى. پەقەت

قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ، ھېچ نەرسىگە قارىمايلا ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى. مىسىرلىق قىز شۇنچە كۆپ ئەسكەرنىڭ ئالدىدىلا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە پۇچۇلاندى.

— ئانا ! — دەپ چىرقىرىدى ئۇ ئېچىنىشلىق ئاۋازى بىلەن، — ئوبدان ئانا ! ئۇلار كەلدى ! مېنى قوغداپ قېلىڭ !

— شۇنداق قىزىم، مەن سېنى قوغدايمەن، — دېدى ئانا ھېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك زەئىپ ئاۋازدا ۋە دەرھال قىزنى قۇچاقلىدى، يۈز - كۆزىگە توختىماي سۆيدى. ئىككىيلەن مۇشۇ تەرىقىدە يەردىلا يېتىپ قالدى. راھىبە قىزنىڭ ئۇستىگىلا يېتىۋالدى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ پاجىئەلىك تىراگېدىيە ئىدى.

ھېنرىت كوسىن قىزنىڭ مۈرىسى ئاستىدىن قولىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى بېلىدىنلا قۇچاقلاپ تۇتتى. قىز ئۇنىڭ قولى تېگىشى بىلەن بىرلا ۋارقىراپ ھوشىدىن كەتتى. جاللاتنىڭ كۆز يېشى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك قىزنىڭ بەدىنىگە تورۇكلاپ چۈشتى. ئۇ قىزنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈش ئۈچۈن راھىبەنى كۆچەپ بىر يانغا ئىتتىرىۋەتتى. لېكىن، ئانىنىڭ قولى قىزنىڭ بېلىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغان بولغاچقا، ئۇنى پەقەت ئاجراتقىلى بولمىدى. ھېنرىت كوسىن باشقا ئامال قىلالماي، مىسىرلىق قىزنى ئۆينىڭ سىرتىغا سۆرەپ چىقتى. ئانىسىمۇ سۆرىلىپ بىللە چىقتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى مەھكەم يۇمۇلغانىدى.

قۇياش كۆتۈرۈلگەن، مەيدانغا خېلى جىق ئادەم توپلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار جاللاتنىڭ ئىككى ئايالنى دارقىرىتىپ سۆرەپ دارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلگىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇردى. ژاندارما باشلىقى ترىستان جازا ئىجرا قىلىدىغان چاغدىكى كونا بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ دار قېشىغا يېقىن كېلىشىنى قەتئىي مەنئى قىلدى.

ئەتراپتىكى دېرىزىلەردە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى، كىشىلەر پەقەت يىراقتىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارى

www.uyghurkitap.com

ئۈستىدە خۇددى ئەتىگەنلىكى ئوچۇق ھاۋادا، مەيداندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك ئىككى ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆردى.

ھېنرىيت كوسىن ئىككى ئايالنى جانغا زامىن بولىدىغان شوتىنىڭ ئاستىغىچە سۆرەپ كەلدى، ئاندىن قەدىمىنى توختاتتى، پاجىئەلىك مەنزىرىدىن يۈرىكى ئېرىغىپ، پەقەت چىدىيالمىدى، تىنىقى پېتىشمەيۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ئارغامچىنى ئايلاندۇرۇپ، قىزنىڭ چىرايلىق بوينىغا يۆگىدى. شور پېشانە قىز ئارغامچىنىڭ بوينىغا يۆگەلگەنلىكىنى تۇيۇپ شۈركۈنۈپ كەتتى، كۆزىنى ئېچىپ، تاشتىن ياسالغان دارنىڭ بېشى ئۈستىدىلا سۇرلۇك گىدىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، لاغىلداپ تىترىدى، يۈرەكنى ئېزىدىغان چىرقىراق ئاۋازى بىلەن: «ياق، مەن ئۆلۈشكە رازى ئەمەس !» دەپ ۋارقىرىدى. راھىبە بېشىنى قىزنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىگە تىقىپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدى. لېكىن، ئۇ تىترەيتتى، ئادەملەر ئۇنىڭ قىزنى توختىماي سۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. جاللات پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ ئىككى قولىنى قىزدىن ئاجرىتىۋەتتى. راھىبە ھېرىپ – چارچاپ مادارىدىن كەتتىمۇ ياكى ئارزۇ – ئارمانلىرى ئۈزۈل – كېسىل بەربات بولغانلىقىنى بىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر، ئۆزىنى جاللاتنىڭ ئىختىيارىغا قويدى. جاللات قىزنى مۈرىسىگە ئېلىپ ماڭدى، چىرايلىق قىزنىڭ پۈكلەنگەن گەۋدىسى ئۇنىڭ مۈرىسىدە ساڭگىلاپ قالدى. جاللات شوتىغا پۇتىنى قويۇپ، يۇقىرىغا قاراپ ياماشتى.

شۇ ئەسنادا، يەردە ياتقان ئانا لەپپىدە كۆزىنى ئاچتى، لام – جىم دېمەيلا ئورنىدىن تۇردى، چىرايى ئۆلجىغا تاشلانغان ياۋايى ھايۋاندەك قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇ جاللاتنىڭ قولىغا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ باردى – دە، قولىنى چىشلىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چاقماق تېزلىكىدە يۈز بەردى. جاللات چىرقىراپ كەتتى، ئەتراپتىكىلەر يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ قان بىلەن

بويالغان قولىنى ئاران تەستە ئانا بولغۇچى ئايالنىڭ چىشلىرىدىن ئاجرىتىپ چىقاردى. ئانا چىشىنى چىڭ چىشلەپ، باشتىن ـ ئاخىرىغىچە گەپ قىلمىدى. ئادەملەر ئۇنى كۆچەپ ئېتتەردى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بېشىنىڭ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەرگە قاتتىق تەگكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى، ئۇلار ئۇنى يۆلىدى، لېكىن ئۇ يەنە يىقىلىپ چۈشتى، بىچارە ئايال ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى.

جاللات مىسىرلىق قىزنى بوش قويۇۋەتمەي، شۇ كۆتۈرگەن پېتى شوتىدىن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى ئۆرلىدى.

## 2. «ئاق كىيىملىك پەرىزات»

كۋاسىمدو كىچىك بىر ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىچىدە مىسىرلىق قىزمۇ يوق ئىدى. ئۇ مىسىرلىق قىزنى قوغداش بىلەن بولۇۋاتقاندا، بىرلىرى ئۇنى ئالداپ ئاچىقىپ كەتكەنىدى. كۋاسىمدو چاچلىرىنى يۇلۇپ ـ يۇلۇۋەتتى، كۆڭلى بۇزۇلۇپ تېپىرلاپ كەتتى، ئالجىپ قالغاندەك چېركاۋنىڭ ھەممە يېرىنى ئايلىنىپ چىقتى. مىسىرلىق قىزنى ئىزدەپ باقمىغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقمۇ قالمىدى. غەلىتە ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى، يۇلۇۋالغان چاچلىرىنى يەرگە ئاتتى. دەل شۇ چاغدا، مىسىرلىق قىزنى تۇتقۇن قىلماقچى بولغان ئوردا ئوقياچىلىرى بۇۋى مەريەم چېركاۋىغا غەلىبە بىلەن كىرىپ كەلدى. كۋاسىمدو ئۇلارغا ياردەملىشىپ ئىزدىشىپ بەردى. بىچارە گاس ئۇلارنىڭ مىسىرلىق قىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئاۋۇ تىلەمچىلەر مىسىرلىق قىزنىڭ دۈشمەنلىرى ئىدى. ئۇ ھەتتا ترىستاننى مۆكۈنۈۋېلىشقا بولىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېلىپ باردى، مەخپىي ئىشىكلەرنى ئېچىپ بەردى. نەزىر ـ

www.uyghurkitap.com

چىراغ سۈپىسىنىڭ قىسىلچاقلىرىنى، ئارقا ھويلىدىكى مۇقەددەس بۇيۇملار ئۆيىنى كۆرسەتتى. ناۋادا بەختىسىز قىز راستتىنلا مۇشۇ يەرلەرگە مۆكۈنۈۋالغان بولسا، ئۇنى بىرىنچى بولۇپ تۇتۇپ بەرگىنى دەل كۋاسىمدونىڭ ئۆزى بولغان بولاتتى.

تىرىستان ئىشەنچنى ئۇنداق ئاسان يوقىتىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېرىپ - چارچاپ، پۇت - قولى سىرقىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن جىلە بولغىلى تۇردى. كۋاسىمدو بولدىلا دەپ ئۆزى يالغۇز ئىزدەش بىلەن بولدى. پۈتكۈل چېركاۋنى نەچچە ئون قېتىم ئايلاندى، ئۇياندىن - بۇيانغا نەچچە يۈز قېتىم ماڭدى. شەرقتىن غەربكە، جەنۇبتىن شىمالغا، يۇقىرىدىن - تۆۋەنگە، ئىچىدىن - تېشىغا بولۇپ، بىردەم پەلەمپەيدىن چىقتى، بىردەم پەلەمپەيدىن چۈشتى. يۈگۈردى، تۈۋلىدى، ئاختۇردى، ھەممە يەرگە قاراپ باقتى، قىلمىغان قىلىقى قالمىدى. بېشىنى كۆرگەنلىكى كامارنىڭ ھەممىسىگە تىقىپ باقتى، مەشئەل كۆتۈرۈپ ئەگمە تورۇسلارنى يورۇتتى، ئاخىر پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزۈپ تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتى. ئۆزىنىڭ جۈپتىنى يوقىتىپ قويغان ئەركەك ھايۋانمۇ مۇنچىۋالا ئالاقزەدە بولۇپ كەتمىگەن، مۇنچىۋالا ۋەھشىيلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. ئاخىر مىسىرلىق قىز چېركاۋدا ئەمەس دەپ جەزملەشتۈردى. ھەممە ئىش تۈگىگەن، مىسىرلىق قىزنى ئاللىقاچان بىرلىرى تۇتۇپ كەتكەنلىكىدە گەپ يوق. كۋاسىمدو بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ پەلەمپىيى ئارقىلىق ئۆگزىگە چىقتى، ئاشۇ كۈنى قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ چېركاۋغا ئېلىپ كىرگەن چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلىدى. شۇ كۈنى ئۇ مۇشۇ جايلاردىن ئۆتۈۋاتقاندا شۇنچىلىكى خۇشال بولغان، شۇنچىلىكى پەخىرلەنگەنىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇ شۇ چاغدا ماڭغان يەرلەردىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ، گەپمۇ قىلماي، ياشمۇ ئېقىتماي ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغانىدى. چېركاۋ ئۇنىڭغا ھەددىدىن زىيادە قاقاس،

زېرىكەرلىك تۇيۇلغىلى تۇردى. ئوقياچىلار چېركاۋدىن ئايرىلىپ، مىسىرلىق قىزنى قوغلاپ تۇتۇش مەقسىتىدە كونا شەھەر رايونى تەرەپكە كەتكەنىدى. ھېلىلا شاۋقۇن ـ سۈرەن ئىچىدە ھۇجۇمغا دۇچ كەلگەن بۇۋى مەريەم چېركاۋى ئەمدىلىكتە تىپتىنچ بولۇپ قالدى. چېركاۋدا تىكەندەك يالغۇز قالغان كۋاسىمىدو ھېلىقى كىچىك ئۆيگە قاراپ ماڭدى. مىسىرلىق قىز مۇشۇ ئۆيدە، كۋاسىمىدونىڭ ھىمايىسىدە بىرنەچچە ھەپتە ئۇخلىغان، ئارام ئالغانىدى. ئۆيگە بېرىپ دەپ قالغاندا، كۋاسىمىدو سەل ئۇمىدلەندى ـ دە، مىسىرلىق قىزنى مۇشۇ ئۆيدىن تېپىۋالسامچۇ، دېگەن بىر خىيال لەپپىدە كۆڭلىدىن كەچتى. ئۇ چېركاۋنىڭ ئىككى قاسىنقى ئارىسىدىكى كارىدور ئۆگزىسىنىڭ دەھلىزىدىن قايرىلىدىغان چاغدا ئالدىدىكى ھېلىقى ئۆيگە، ئۇنىڭ دېرىزىسىگە قارىدى. كۋاسىمىدو ئەگمە شەكىللىك تۇۋرۈكنىڭ ئاستىدا خۇددى دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىكى قۇش ئۇۋىسىدەك تۈگۈلۈپ ئولتۇردى. بىچارە كۋاسىمىدو ئاخىر پەقەت بولالمىدى، يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن تۇۋرۈككە يۆلىنىۋالدى. ئۇ مىسىرلىق قىزنىڭ بۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەن بولۇشىنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتى ـ ھە! ئۇ ھەتتا بىرەر پەرىشتىنىڭ ئۇنى ئۆيگە ئەكېلىپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلدى. ئۆي شۇنچىكى پىنھان، شۇنچىكى پۇختا، شۇنچىكى سۆيۈملۈك ئىدى. مىسىرلىق قىزنىڭ ئۇ يەردە بولماسلىقى مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇ ئالدىغا قەدەم ئېلىشقا پېتىنالمىدى، كۆرۈۋاتقان تاتلىق چۈشىنىڭ بەربات بولۇپ كېتىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

«شۇنداق، — دېدى كۋاسىمىدو ئۆز ـ ئۆزىگە، — ئېھتىمال، ئۇ ئۇخلاۋاتقان ياكى دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، ئۇنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق كېرەك.»

ئاخىر ئۇ جۈرئەتكە ئېلىپ پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، شەپە چىقارماي ماڭغىنىچە ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدى. تۆت ئەتراپىغا قارىۋالغاندىن كېيىن بوسۇغىدىن ئاتلىدى. ئۆي قۇپقۇرۇق ئىدى!

بۇ ئۆيدە يەنىلا ھېچكىم يوق ئىدى! بىچارە گاس قەدىمىنى ئاستىلىتىپ، ئۆيئىچىنى بىر قېتىم ئايلاندى. مىسىرلىق قىزنى پالاس، تۆشەك تېگىدىن ياكى بىرەر بۇلۇڭ ــ پۇچقاقتىن تېپىۋالىدىغاندەك سىنچىلاپ قاراپ باقتى. ئاخىر ئىلاجسىز بېشىنى چايقىدى، جېنى چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بىردىنلا، ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەي، قولىدىكى مەشئەلنى دەسسەپ ئۆچۈردى، گەپ قىلمىدى، ئۇلۇغ ــ كىچىك تىنمىدى، بېشىنى تامغا ئۇرۇپ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ھوشىدىن كەتكەنىدى.

كۋاسىمدو ھوشىغا كېلىپلا ئۆزىنى تۆشەككە ئاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدە دومىلىدى. مىسىرلىق قىز ياتقان، بەدىنىدىكى ھارارەت ساقلىنىپ قالغاندەك بىلىنگەن جايلارنى خۇددى يوقاتقان ھالدا پۇردى، سۆيدى. بىرھازا ئۆتۈپ، خۇددى جېنى چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك مىدىر ــ سىدىر قىلمىدى. چىلىق ــ چىلىق تەرگە چۈمۈلدى، ھاسىراپ ــ ھۆمۈدەپ كەتتى، گاراڭ بولغاندەك ئورنىدىن تۇردى، بېشىنى ھەدەپ تامغا ئۇردى. ئاخىر بارا ــ بارا ماداردىن كەتتى ــ دە، پولغا يىقىلىپ چۈشتى، ئاندىن تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئۆينىڭ سىرتىغا قاراپ ئۆمىلىدى، ئىسىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، ئىشكىنىڭ ئۇدۇلىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇ ئولتۇرغان جايىدا مىدىر ــ سىدىر قىلماي بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئولتۇردى، خۇددى يېتىمسىرەپ قالغان ئانىدەك ئالدىدىكى كىچىك ئۆيگە مىختەك قادالدى، كۆزلىرى ھەسرەت ــ ئەلەم بىلەن تولدى، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قېتىپ قالدى. ئۇ گەپ ــ سۆز قىلماي بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. ئىچ ــ ئىچىدىن جالاقلاپ تىترىدى. لېكىن، بۇ ياز پەسلىدىكى ئاۋازسىز چاقماققا ئوخشاش، ياش تۆكۈلمىگەن يىغا ئىدى.

كۋاسىمدو ئىپتىقۇسىز بىر قايغۇ ــ ھەسرەتلىك خىياللار قاينىمىغا غەرق بولدى. مىسىرلىق قىزنىڭ زادى قانداق قىلىپ بۇلاپ كېتىلگەنلىكىنى بىلمەكچى بولدى. ئۇ تۇيۇقسىزلا ياردەمچى ئېپىسكوپنى ئېسىگە ئالدى. پەقەت شۇ پوپتىلا

قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ پەلەمپىيىگە ئۆتىدىغان ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بارلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى. كۋاسىمىدو ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ بىر كېچىسى مىسىرلىق قىزغا ئوغرىلىقچە چېقىلماقچى بولغانلىقىنى يادىغا ئالدى. بىرىنچى قېتىمدا كۋاسىمىدو ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان، ئىككىنچى قېتىمدا ئۇنى توسقانىدى. تالاي ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى ئۇنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدا بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ مىسىرلىق قىزنى بۇلاپ كېتىش ياردەمچى ئېپىسكوپتىن بۆلەك ھېچقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. لېكىن، ئۇ پوپنى چەكسىز ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا بولغان مىننەتدارلىق بىلەن ساداقەتمەنلىك قەلب چوڭقۇرلۇقىدا يىلتىز تارتقانىدى. كۋاسىمىدو ھەتتا ئۆزى جان تالىشىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدىمۇ، ھەسەتخورلۇق بىلەن ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئۆزىنى بويسۇندۇرۇۋېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

بېچارە گاس بۇ ئىشنى چوقۇم ياردەمچى ئېپىسكوپ قىلغان دېگەن يەرگە كەلدى. ئەھۋال كلاۋدې فروللوغا تاقاشقان ھامان، ئۇنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ ۋە نەپرەت پۈتمەس - تۈگىمەس ئازابقا ئايلاندى.

كۋاسىمىدونىڭ كاللىسىغا پوپنىڭ كۆلەڭگىسى كىرىۋالدى، تاڭ نۇرى ئەگمە تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى. ئۇ بۇۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئۆگزىسىدە، يۇملاق سارايىنىڭ سىرتىدىكى رېشاتكىدىن قايرىلىدىغان جايدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. كۋاسىمىدو بۇ قارا سايىنىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپ ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتتى. كلاۋدې فروللونىڭ قەدىمى سالماق ۋە ئاستا ئىدى. ئۇ ئالدى تەرەپكە ئەمەس، شىمالدىكى قوڭغۇراق مۇنارى تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن، سېينا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، قانداقتۇر بىر نەرسىنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتقاندەك، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۈرقى خۇددى مەلۇم بىر نىشانغا قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇۋېتىپمۇ كۆزىنى يەنە بىر يەردىن ئۈزمەيۋاتقان مۇشۇكياپىلاققا ئوخشايتتى. پوپ مۇشۇنداق مېڭىپ، كۋاسىمودونىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەتلىك بىنادىن ئۆتۈپ كەتتى، كۋاسىمودونى كۆرمىدى.

كۋاسىمودو پوپنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، ئۇنىڭ شىمالدىكى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ پەلەمپىيىدىن پەسكە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم، ھېلىقى قوڭغۇراق مۇنارىدىن قارىغاندا گۇبېرناتور مەھكىمىسىنى كۆرگىلى بولاتتى.

كۋاسىمودونىڭ پوپنىڭ ئۇ يەردىكى قوڭغۇراق مۇنارىغا نېمە ئىشنى دەپ بارىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى. شۇنداقتىمۇ، بۇ بىچارە قوڭغۇراق چالغۇچى ئۆزىنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، بىردەمدىن كېيىن قانداق گەپلەرنى دەيدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە غەزەپ بىلەن ئالاقزەدىلىكتىن بۆلەك نەرسە يوق ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ بىلەن مىسىرلىق قىزنىڭ سىماسى ئۇنىڭ كۆڭلىدە شىددەتلىك توقۇنۇش پەيدا قىلماقتا ئىدى.

ئۇ قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۆگزىسىگە بېرىپ، پەلەمپەيدىكى قاراڭغۇلۇقتىن چىقىپ بولمىغان، ئۆگزىدىكى تۈز سۇپىغا ئاياغ باسمىغان ئەھۋالدا پوپنىڭ نەدىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتراپىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارىدى. پوپ ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇراتتى. قوڭغۇراق مۇنارىدىكى سۇپىنىڭ تۆت ئەتراپىغا شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان رېشاتكا بېكىتىلگەنىدى. پوپنىڭ كۆزى شەھەر ئاھالىسى رايونى تەرەپتە بولۇپ، مەيدىسىنى بۈۋى مەريەم كۆۋرۈكىگە قارايدىغان تەرەپتىكى رېشاتكىغا قويۇۋالغانىدى.

كۋاسىمودو ئاۋايلاپ مېڭىپ پوپنىڭ كەينىگە كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ زادى نېمىگە مۇنچىۋالا زەن سېلىپ ئالدى تەرەپكە

شۇنچىلىك بېرىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدى. شۇ تاپتا پوپ ئالدى تەرەپكە شۇنچىلىك بېرىلىپ قاراۋاتاتتىكى، گاسنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيمىدى.

بۇۋى مەريەم چىركاۋىنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىدىن ياز پەسلىدىكى پارىژنىڭ ئەتىگەندىكى يېڭى قىياپىتىنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ مەنزىرە ئاجايىپ گۈزەل ۋە يېقىملىق ئىدى. مۇشۇنداق بىر پەيتتە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. 7 ـ ئايدىكى پارىژ ئاسمىنى ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. ئۇ يەر ـ بۇ يەردىكى بىرنەچچە يۇلتۇز سۇس جىمىرلايتتى، گاھ يوقىلىپ، گاھ كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئەڭ يورۇق بىر يۇلتۇز شەرق تەرەپتىكى ئۇپۇق يۈزىدە كۆزنى چاقنىتىپ ۋالىلدايتتى. قۇياش ئەمدىلەتتىن كۆتۈرۈلگەن، ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان پارىژ مىدىرلاشقا باشلىغانىدى. ئۆرلەۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدا، شەرققە قارىغان ئۆيلەرنىڭ سىماسى ناھايىتى ئېنىق كۆزگە چېلىقاتتى. قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۇزۇن سايىسى بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن يەنە بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە سوزۇلاتتى. بەزى رايونلار شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن تولغان، بىر يېرىدە قوڭغۇراق جاراڭلىسا، يەنە بىر يېرىدىن بولقىنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭى ئاڭلىناتتى. يىراقراق جايلاردىن يۈك باسقان ھارۋىلارنىڭ غىچىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئاھالە رايونىنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن تۈتۈن گۈڭگۈرت كانىدىن چىقىۋاتقان ئىسقا ئوخشايتتى. بىر تالاي كۆۋرۈكلەرنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتكەن، بىرمۇنچە كىچىك ئاراللارنىڭ تۇمشۇقىنى ئايلىنىپ ئاققان سېنا دەرياسىدا سان ـ ساناقسىز ئاق بۇژغۇن كۆۋەجەيتتى. شەھەر ئەتراپىدىكى قەلئەلەرنىڭ سىرتىدا ئەتىگەنلىك تۇمان لەيلەيتتى. قاتمۇقات تۇماننىڭ ئۇ يېقىدىن پايانسىز ئېتىز ـ ئېرىقلار خىرە ـ شىرە كۆرۈنەتتى. چىرايلىق تاغ ـ ئېدىرلار گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسلىگەندەك بولاتتى. يەلگە ئوخشاش ئۇچۇپ يۈرگەن ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئەمدىلا ئويغانغان شەھەر ئۈستىگە تارقىلاتتى. مەيىن

سوقـۇۋاتـقان تاڭ شـامـلى تـۇمـان بىـلـەن پۈركـەنـگـەن تـاغ ـ ئېدىرلاردىكى پارچە ـ پۇرات ئاق بۇلۇتنى شەرق تەرەپتىكى هـاۋا بوشلۇقىغا هەيدەيتتى.

سۈت قاچىـلانغـان ئـىدىشـنـى كۆتۈرۈپ پـارۋى مـەيدانـىدىـن ئۆتـۇۋاتـقـان بـىـرنـەچـچە ئـايـال بـۇۋى مەريـەم چـېـركاۋىـنـىـڭ دەرۋازىـسـىـدىـكى غـەلـىـتـە جـاراهـەت ئـىـزلـىـرىـنـى ۋە قـەۋم ـ شېغىللارنىڭ ئارىلىقىـدا ئۈيۈپ قالـغان ئىككى دۆۋە قوغۇشۇن ئېرىتـمىسىنى كۆرۈپ ياقىلىرىنى تۇتتى. بۇ جاراهـەت ئىزلىـرى كېچىدىكى تـوپىلاڭـنىـڭ خاتىـرىسى ئـىـدى. كۋاسىمـىدو ئىـكـكى قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئارىلىقىدا تۇتاشتۇرغان ئوتمۇ ئاللىبـۇرۇن ئـۆچكەنـىدى. تىرىسـتـان مەيدانـىنى پاك ـ پاكـىـز ئادالاپ بولغـان، جەسەتلەرنى سېىنا دەرياسىغا تاشلاپ تۈگەتكەنىدى. لۇئى XI دەك پادىشـاهلارنىڭ هـەممىـسى هـەر قېتـىمـلىق قىرغىـنچىـلـىـقتىـن كـېـيىن كوچـا يوللـىـرىنى يۇيـۇپ تازىلاشقـا ئالاهـىـدە ئـېـتـىـبـار بېرەتتى.

قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ رىشاتكىسىنىڭ سىرتـىدا، پوپ تۇرغـان يەرنىڭ ئاستى تەرىپىدە گوت ئۇسـلۇبىدا سـىـلـىـنـغان هەرقانـداق بـىـنـادا بولـىـدىـغان تـاش نـور بـار ئـىـدى. سۇ ئـاقـتـۇرۇشـقا ئىشلىتىلىدىغان بۇ نور ئىنتايىن كۆركەم، رەڭدار ياسالغانىدى. نورنىڭ يېرىقىدا چىرايلىق ئىككى تۈپ رۇخسارگۈل ئېچىلغـان بولۇپ، ئۇنىڭ مەيىن تاڭ شاملىدىكى ئىرغاڭلاشلىرى بەئەينى ئويناپ ـ كۈلۈپ، بىرنەرسىگە سالام بېرىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئۈستىدىن، يىراقتىكى هاۋا بوشلۇقىدىـن قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاپ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

پوپ بۇلارنى كۆرمەيتتى، هېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىمايتتى. مـۇنداق ئادەملـەر بۇ دۇنيادا تـاڭ سەهەرنىـڭ بارلىقىنى، ئۇچـار قۇشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى، گۈللەرنىڭ هۇپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئەتراپىدىكى ئالەم شۇنچە پايانسىز، ئۈزۈق شۇنچە كەڭرى، ئۇنىڭ قۇچىقىدا تۈمەن مىڭ خىل شەيئى

بولسىمۇ، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزى بىرلا نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.

كۋاسىمدونىڭ ياردەمچى ئېپىسكوپتىن مىسىرلىق قىزغا نېمە بولدى، دەپ بەك سورىغۇسى كەلدى. لېكىن، ياردەمچى ئېپىسكوپ مۇشۇ تۇرقىدا، روھىي تېنىدىن چىقىپ كەتكەنىدەك ئىدى. ئۇ يەر شارى ئايىغى ئاستىدىلا يېرىلىپ كەتسىمۇ سەزمەيدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزى مۇئەييەن بىر يەرگە تىكىلگەن، ئۇ يا مىدىرلىمايتتى، يا ئاۋاز چىقارمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتى شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدىكى، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايدىغان قوڭغۇراق چالغۇچىمۇ بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ، ئۇنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشتىن ئۆزىنى تارتتى ـ دە، پەقەت ياردەمچى ئېپىسكوپ قاراۋاتقان تەرەپكە قاراش بىلەن كۇپايىلەندى. بۇمۇ ياردەمچى ئېپىسكوپتىن سوراپ بېقىشنىڭ ئەپچىل چارىسى ئىدى. ئاخىر بەختسىز گاسىنىڭ نەزىرى گرېف مەيدانىدا توختىدى.

شۇنداق قىلىپ، ياردەمچى ئېپىسكوپ كۆرگەننى ئۇمۇ كۆردى. مانا، دارنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەپ قويۇلۇق شوتا؛ مەيداندىكى بىرنەچچە شەھەر پۇقراسى؛ بىر توپ ئەسكەر. بىر ئەر كىشى ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يەردىن رەڭگى ئاق بىرنەرسىنى سۆرەپ ماڭدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە قارا رەڭلىك يەنە بىر نەرسە ئېسىلغاندەك ئىدى. ئەر كىشى دارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدى.

ئۇ يەردە قانداقتۇر بىر ئىش يۈز بېرىۋاتقاندەك ئىدى. لېكىن، كۋاسىمدو ئېنىق كۆرەلمىدى. بۇ ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزىنىڭ يىراقنى كۆرەلمەيدىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىر توپ ئەسكەرنىڭ ئۇنىڭ كۆز ئالدىنى توسۇۋالغانلىقىدىن ئىدى. شۇڭا، مەيداندىكى ئەھۋالنى تولۇق كۆرەلمەيۋاتاتتى. بۇ قۇياش ئاللىقاچان كۆتۈرۈلۈپ بولغان، ئۇنىڭ ئالتۇندەك نۇرلىرى ئەتراپىنى يورۇتقان ۋاقىت ئىدى. پارىژدىكى چوققىلىق ئەگمە

www.uyghurkitap.com

بىنالار، ئالايلۇق قوڭغۇراق بىنالىرى، تۇرخۇن، چوققا تام قاتارلىقلار كۆيۈۋاتقان ئوتتەك قىپقىزىل تۇسكە كىرگەنىدى.

دەل شۇ ئەسنادا ھېلىقى ئەر كىشى شوتىغا ياماشتى. كۋاسىمودو ئۇنىڭ مۇرىسىگە بىر ئايالنى ئېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆردى. ئۇنىڭ مۇرىسىدە كۆتۈرۈۋالغىنى بىر ئايال، ئاپپاق كىيىم كىيگەن بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ بوينىغا ئارغامچىدىن سىرتماق سېلىنغانىدى. كۋاسىمودو ئۇنى تونۇدى. ئۇ ئەسمېرالدا ئىدى.

ھېلىقى ئەر كىشى شوتىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، سىرتماقنى ئاز ـ پاز ئوڭشاپ قويدى. پوپ ئېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈش ئۈچۈن، رېشاتكىنىڭ ئالدىغا ئىككى تىزى بىلەنلا تىزلاندى.

ئەر كىشى شوتىنى تۇيۇقسىزلا تېپىۋەتتى. كۋاسىمودونىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. بەختسىز قىزنىڭ ئارغامچىنىڭ ئۇچىدا ئىككى تەرىپىگە ئىرغاڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. دار يەرنىڭ يۈزىدىن ئىككى دوۋاس ① ئېگىزلىكتە بولغاچقا، ھېلىقى ئەر كىشى مىسىرلىق قىزنىڭ مۇرىسىنى پۇتى بىلەن نىقتىدى. ئارغامچا بىرنەچچە قېتىم چۆرگۈلىدى. كۋاسىمودو مىسىرلىق قىزنىڭ بەدىنىنىڭ تارتىشىۋاتقىنىنى، ئادەم قورققۇدەك سىلكىنىۋاتقىنىنى كۆردى. پوپ بوينىنى سوزۇپ، كۆز قارىچۇقى پۇلتىيىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قاراپ تۇرىۋەردى. مەيداندىكى قورقۇنچلۇق مەنزىرىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن نەزەر سالدى. ھېلىقى ئەر كىشى بىلەن بىچارە قىز ئارىسىدىكى قانلىق كۆرۈنۈش ئۆمۈچۈكنىڭ چىۋىنىنى تۇتۇۋاتقان چاغدىكى كۆرۈنۈشنىڭ نەق ئۆزى ئىدى.

ئادەم ئۈجۈقۈپ كېتىدىغان بۇ قورقۇنچلۇق دەقىقىدە، پوپنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا ئىبلىسلارنىڭكىدەك مۇدھىش كۈلكە پەيدا بولدى. بۇ ئادەم زاتىدا بولىدىغان كۈلكە ئەمەس ئىدى.

---

① دوۋاس ــ فرانسىيەدىكى قەدىمكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. بىر دوۋاس بىر مېتىر توقسەن بەش سانتىمېتىرغا تەڭ كېلىدۇ.

كۋاسىمدو كۆلكە ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىسىمۇ، لېكىن بۇ كۆلكە چىرايىنى كۆرگەندەك بولدى. كۋاسىمدو ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ ئارقىسىدىن بىرنەچچە قەدەم كەينىگە ياندى، ئاندىن ۋۇجۇدىنى ئۆرتەۋاتقان غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلدى، كلاۋدې فروللونىڭ دۈمبىسىدىن ئىككى قوللاپ ئىتتىرىپ، چوڭقۇرلۇققا چۈشۈرۈۋەتتى.

پوپ «هوي لەنەتگەردى» دەپ ۋارقىرىغىنىچە پەسكە غۇلاپ چۈشتى.

بىز ئابايا ئېيتقاندەك، ئۇ يۆلىنىپ تۇرغان يەرنىڭ ئاستىدىلا نور بار ئىدى. ئۇ غولاپ چۈشۈۋاتقاندا، دەل شۇ نورغا ئىلىنىشىپ قالدى. ئۇ نورنىڭ گىرۋىكىگە ئىككى قولى بىلەن مەھكەم ئېسىلىپ، يەنە بىر قېتىم توۋلىماقچى بولدى. لېكىن، شۇ ئەسنادا رېشاتكىنىڭ تۈۋىدە تۇرغان كۋاسىمدونى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ ۋەھىمە، نەپرەت، ئىنتىقام بىلىنىپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ، پوپنىڭ زۇۋانى ئۆچتى.

ئۇنىڭ ئاستى تەرىپى تېگى يوق هاڭ دېيىشكە بولاتتى. ناۋادا چۈشۈپ كەتسە، ئىككى يۈز نەچچە چى ئارىلىقتىن ئۆتۈپ ئاندىن يەرگە چۈشەتتى. ياردەمچى ئېپىسكوپ مۇشۇنداق يامان ئەھۋالدا بىر ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدى، ئىنجىقلاشقىمۇ مادارى يەتمىدى. ساڭگىلاپ تۇرغان بەدىنىنى ئىككى يانغا تولغاپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تۆپىگە چىقىۋېلىشقا ئۇرۇندى. لېكىن، ئۇ يەردىكى گىرانىت تاشنى تۇتۇۋېلىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىدى. قارىيىپ تۇرغان تامنىڭ يۈزىدىمۇ پۇتىنى قويغۇدەك يەر يوق ئىدى. بۈۋى مەريەم مۇنارىغا بارغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى رېشاتكا ئاستىدىكى تاشنىڭ تۆۋەندىن يۇقىرىغا قاراپ تەدرىجىي رەۋىشتە سىرتى تەرەپكە كۆپۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ياردەمچى ئېپىسكوپ هالىدىن كەتكۈچە جان تالىشىۋاتقان يەر دەل ئىچى تەرەپكە كىرىپ كەتكەن بۇرجەك ئىدى. ئۇنىڭ تاقابىل تۇرىدىغىنى يالغۇز تىك ۋە تۈپتۈز تاملا ئەمەس، بەلكى يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچىگە قاراپ ئېگىلگەن يەرمۇ بار ئىدى.

كۋاسىمىدو قولىنى ئۇزارتسىلا ئۇنى بۇ ھاڭدىن تارتىۋالالايتتى. لېكىن، ئۇ ياردەمچى ئېپىسكوپقا قاراپمۇ قويمىدى، پۇتۇن دىققىتى بىلەن گرېۋ مەيدانىغا، دارغا، مىسىرلىق قىزغا تىكىلدى. بۇ گاس پوپ ئابايا يۆلىنىپ تۇرغان رېشاتكىنىڭ قېشىدىلا ئىدى. لېكىن، ئۇ ئالدى تەرەپكە كۆز ئۈزمەي قارايتتى. شۇ تاپتا، ئالدى تەرەپ كۋاسىمىدو بۇ دۇنيادا بىردىنبىر كۆڭۈل بۆلىدىغان نىشان ئىدى. ئۇ چاقماق سوقۇۋەتكەن ئادەمدەك قىمىر قىلماي جىم تۇراتتى، شەپە چىقارمايتتى، ئىلگىرى ئۇنىڭ يەكچەشمە كۆزىدىن بىر تامچىلا ياش ئاققانىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئاۋازىنى چىقارماي يىغلاپ تاشلىدى، كۆز يېشى ئېرىق سۈيىدەك ئاقتى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ ھاسىرىدى، تاقىر بېشىدىن تەر قۇيۇلدى، تاشنى تولا تاتىلاپ، بارماقلىرى قانىدى، ئىككى تىزى تامغا سۈركىلىپ، تېرىلىرى تىتىلدى. ئۇ نورغا ئىلىنىشىپ قالغان مۇراسىم كىيىمىنىڭ جارت قىلىپ يىرتىلغان ئاۋازىنى ئاڭلىدى. جان تاللىشىپ ھەربىر مىدىرلىغاندا، كىيىمى تېخىمۇ بەكرەك يىرتىلغىلى تۇردى. تېخىمۇ چاتاق بولغىنى، نورنىڭ بىر ئۇچىدىكى قوغۇشۇن تۇرۇبا ئېگىلىشكە باشلىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ قوغۇشۇن تۇرۇبىنىڭ ئېگىلىپ سۇنۇپ كېتەي دەۋاتقانلىقىنى بىلدى. ھېرىپ ــ چارچاشتىن قولى بوشاپ كەتسىلا، مۇراسىم كىيىمى پۈتۈنلەي يىرتىلىپ، ئۈزۈلۈپ كەتسىلا، قوغۇشۇن تۇرۇبا ئېگىلىپ سۇنۇپ كەتسىلا ئۆزىنىڭ چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇلارنى ئويلاپ، كۆز ئالدىدىكى قورقۇنچلۇق ۋەھىمىدىن مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئون نەچچە چى تۆۋەندىكى سۇپىغا ئوخشاش تۈز، لېكىن تار بىر جاينىڭ بارلىقىنى خىرە ــ شىرە پەرق ئېتىپ، بىرنەچچە قېتىم قارىغانمۇ بولدى. بۇ تار جاي چېركاۋنى

ياسغاندا تاسادىپىي چىقىپ قالغان بۇرجەكتەك قىلاتتى.
ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە تۇرۇپ، ئۇلۇغ خۇداغا چىن قەلبىدىن نالە قىلدى، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئاشۇ سۆيىنى بولسىمۇ بېرىشىنى، ئۇ يەردە يۈز يىل تۇرۇپ قالسىمۇ رازى بولىدىغانلىقىنى تىلىدى. شۇ ئارىدا ئۇ پۈتىنىڭ تېگىدىكى مەيدانغا قاراپ سالدى، ئۇ يەردىكى قۇپقۇرۇق، تەگسىز ھاڭنى كۆردى. لېكىن، دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، چاچلىرى بىر تال ـ بىر تالدىن تىك بولدى.
ئىككى ئادەمنىڭ ئۇندىمەي تۇرۇشى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ يەنە بىرەيلەندىن بىرنەچچە قەدەم نېرىدا، قورقۇنچلۇق سەكرات ئىچىدە قالغانىدى. كۋاسىمىدو زار ـ زار يىغلاپ، گرىۋ مەيدانىغا قارايتتى.
بۇ چاغدا ھەرقانداق ئۇرۇنۇشنىڭ ئۆزى ئېسىلىپ تۇرغان يەرنى تېخىمۇ بوشىتىۋېتىدىغانلىقىنى بىلگەن ياردەمچى ئېپىسكوپ قىمىرلىماي جىم تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى، نورنى قوچاقلاپ مىدىر ـ سىدىر قىلمىدى، تىنىقى توختاپ قالغاندەك بولدى. ۋەھىمە ئىچىدە ئازابلىنىۋاتقاندەك كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىقتى. لېكىن، ئۇ ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمىدى، بارماقلىرى نوردىن ئاستا ـ ئاستا پەسكە سىيرىلدى. ئىككى بىلىكىدە بارغانسېرى ماغدۇر قالمايۋاتقانلىقىنى، بەدىنىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقىنى، ئېسىلىپ تۇرغان قوغۇشۇن تۇرۇبىنىڭ ئاستا ئېگىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ پەسكە قاراپ قورقۇپ كەتتى. چېركاۋنىڭ يۇمىلاق ئۆگزىسى يىرتىپ ئىككى پارچە قىلىنغان قارتىدەك كۆرۈندى، قوڭغۇراق مۇنارىدىكى ھەيكەللەرگە بىر ـ بىرلەپ كۆز يۈگۈرتتى. ئۇلارمۇ ئۆزىگە ئوخشاش تىك قىيادىن ساڭگىلاقلىق ئىدى، لېكىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەنسىرىمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلچىلىكمۇ ئىچ ئاغرىتمايتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تاش ئىدى، ئۇ قاراپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان مەخلۇقلار ئىدى، پوپنىڭ ئاستى، ئەڭ تۆۋەندىكى جاي مەيداننىڭ ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان جايى، ئۇنىڭ باش ئۇستىدە يىغلاۋاتقان ئادەم كۋاسىمدو ئىدى.

پارۋى مەيداندىكى ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ باققۇسى كېلىدىغان يۈرىكى توم بىرنەچچەيلەن مۇنداق غەلىتە ئۇسۇل بىلەن كۆڭلىنى خۇش قىلىۋاتقان كىمدۇ دەپ، بىر - بىرى بىلەن دەتالاش قىلىشتى. ئەقلىدىن ئازغان بۇ نوچى كىم بولغىيدى، دەپ باش قاتۇردى. بۇ گەپ - سۆزلەرنى پوپ ئېنىق ئاڭلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ: «ئەگەر ئۇ يىقىلىپ چۈشسە، چوقۇم بويىنى ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ» دېگەنلىرىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىدى.

كۋاسىمدو تېخىچە يىغلىماقتا ئىدى.

ياردەمچى ئېپىسكوپ ھەم غەزەپلەندى، ھەم قورقتى. ئاخىر ھەرقانداق چارە - ئامالىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شۇنداقتىمۇ جىمىكى كۈچىنى يىغىپ يەنە بىر قېتىم تىركىشىپ باقتى. نورغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، ئىككى تىزىنى تامغا تىرىدى. ئىككى قولىنى تاشنىڭ يېرىقىغا كىرگۈزۈپ، يۇقىرىغا ئالاھازەل بىر چىدەك ئۆرلىدى. مۇشۇ ئۇرۇنۇش بىلەن تەڭ، ئۇنىڭغا تايانچ بولۇپ تۇرغان قوغۇشۇن تۇرۇبىنىڭ بىر ئۇچى ئۈزۈلۈپ كەتتى. مۇراسىم كىيىمى يىرتىلىپ ئىككى پارچە بولدى. شۇ چاغدا قېتىپ تارىشىدەك بولۇپ قالغان ئىككى قولى تۇتۇپ تۇرغان يەردىن بۆلەك، پۇتىنىڭ ئاستى پۇتۇنلەي بوش - بىكار ئىكەنلىكىنى، دەسسىۋالغۇدەك يەرنىڭ قالمىغانلىقىنى بىلدى. تەلىيى ئۆڭدىن كەلمىگەن بۇ ئەبلەخ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ نورنى قويۇۋەتتى، پەسكە يىقىلدى.

ھەرقانداق نەرسىنىڭ مۇنداق ئېگىزلىكتىن تۈز سىزىقنى بويلاپ تىك چۈشۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ياردەمچى ئېپىسكوپ

ھاۋا بوشلۇقىدىن دەسلەپتە بېشى يەرگە، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ چۈشتى، قولى ئىككى تەرەپكە يېيىلدى، ئاندىن بىرنەچچە قېتىم موللاق ئاتتى. شامال ئۇنى ئۇچۇرۇپ بىر ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە تاشلىۋەتتى، سۆڭىكى بىرنەچچە جايدىن سۇندى. ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چۈشكەندە تېخى جېنى چىقىپ كەتمىگەنىدى. قوڭغۇراق چالغۇچى ئۇنىڭ ئۆگزىنىڭ بىرەر جايىنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقىنى كۆرۈپ تۇردى. بىراق، ئۆگزە ئىنتايىن يانتۇ ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە پۇپىنىڭ ھېچ ماجالى قالمىغانىدى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىدا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىن بىر پارچە ساپالغا ئوخشاش ياپىلاق تاش ياتقۇزۇلغان يولغا چۈشتى - دە، جىممىدە سۇنايلىنىپ ياتتى.

كۋاسىمدو يەنە بىر قېتىم بېشىنى كۆتۈرۈپ، مىسىرلىق قىزغا قارىدى. ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، ئۇنىڭ دارغا ئېسىلغان بەدىنىنى، قاردەك ئاپپاق كۆڭلىكى ئىچىدە جان تالىشىپ، ئازابلىق تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئاندىن بېشىنى ئېگىپ، قوڭغۇراق مۇنارىنىڭ ئاستىدىكى يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان، يۈز - كۆزى كۆرگۈسىز بولۇپ كەتكەن ياردەمچى ئېپىسكوپنى كۆردى، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىرىدىن: «ئاھ، بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن سۆيگەن نەرسىلەر ئىدى!» دېگەن ھەسرەتلىك ندا ئېتىلىپ چىقتى.

## 3. فوبۇسنىڭ تويى

شۇ كۈنى كەچتە، ئېپىسكوپنىڭ ئەدلىيە ئىجراچىلىرى پارۋى مەيدانىغا كېلىپ ياردەمچى ئېپىسكوپنىڭ جەسىتىنى يىغىشتۇردى، كۋاسىمدو بۇۋى مەريەم چېركاۋىدىن غايىب بولدى. يۈز بەرگەن بۇ غەلىتە ئىش ھەققىدە نۇرغۇن سۆز - چۆچەك

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولدى. ئادەملەر بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە يېتىپ كېلگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ ئولتۇرمىدى. ئالدىنئالا قىلىشىۋالغان مەلۇم ۋەدىگە ئاساسەن سېھىرگەر كۇۋاسىمىدو پېرىخون كلاۋدىي فروللونى ئېلىپ كەتكەنىدى. ئادەملەر ئۇ جەسەتنى مايمۇن مېغىزىنى ئېلىش ئۈچۈن ياڭاقنىڭ شاكىلىنى سويغاندەك سويۇپ، روھىنى سۇغۇرۇۋالدى، دەپ پەرەز قىلدى.

مۇشۇ تۇپەيلى، ياردەمچى ئېپىسكوپ مۇقەددەس جايغا دەپنە قىلىنمىدى.

لۇئى XI ئىككىنچى يىلى، يەنى 1483 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

پېررې گرىنگورىغا كەلسەك، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھېلىقى ئوغلاقنى قۇتۇلدۇرۇپ چىققاندىن كېيىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا بىرنەچچە تىراگېدىيە يازدى. ئاسترولوگىيە، پەلسەپە، بىناكارلىق ۋە كىمىياگەرلىك قاتارلىقلارغا قىزىقىپ يۈردى. ھەر خىل بىلىملەرنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىنى سىناپ باقتى، كېيىنچە يەنە ئۆزىنىڭ تىراگېدىيەلىرىگە قايتتى. بۇ ئۇنىڭ سارائىلىقتا ئۈچىغا چىققانلىقى ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى «تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.» ئۇنىڭ دىراماتورگىيە جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا خان جەمەتىنىڭ 1483 ـ يىلىدىكى سودا ئوبوروتىدىكى ھېسابات دەپتىرىدە مۇنداق يېزىلغانىدى:

*ژان مارچاند بىلەن پېررې گرىنگورىنىڭ ئالدىنقىسى ياغاچچى، كېيىنكىسى دىراماتورگ، مىنىستىر ئەپەندى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان چاغدا ھەر ئىككىلەن دىنىي دىراملارنى رەتلىدى ۋە پارىژ چاتېلې سوتخانىسىدا ئويناپ چىقتى. دىرامىدىكى پېرسوناژلارنىڭ كىيىمى، سەھنە سايمانلىرى ۋە سەھنە ئۈچۈن يۈز لىۋر چىقىم قىلىندى.*

فوبۇس شاتوپېرمۇ ئۆزىنى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇردى، يەنى ئۇ توي قىلدى.

# 4. كۋاسىمىدونىڭ تويى

بىز ئابايا ئەسكەرتكەندەك، مىسىرلىق قىز بىلەن ياردەمچى ئېپىسكوپ ئۆلۈپ كەتكەن كۈندىن ئېتىبارەن كۋاسىمىدو چېركاۋدىن غايىب بولۇپ كەتتى. دەرۋەقە، ئۇنى ھېچكىم كۆرمىدى، نەگە كەتكەنلىكىنىمۇ بىلمىدى.

ئەسمېرالدا دارغا ئېسىلغان كۈنى كەچتە، جاللاتنىڭ ياردەمچىلىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى داردىن چۈشۈرۈپ، شۇ چاغدىكى ئادەت بويىچە لاچىنتاغدىكى قەبرىستانلىققا قويۇۋەتتى.

سائۇۋالنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، لاچىنتاغ «پادىشاھلىقتىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ سۈرلۈك جازا مەيدانى» ئىدى. ئىبادەتخانا بازىرى بىلەن ساينت مارتىن ئارىسىدا، پارىژ شەھەر سېپىلىدىن ئاتمىش نەچچە دوۋاس كېلىدىغان يەردىكى كورتىلدىن نەچچە قەدەم نېرىدا، نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىن قارىسىنىمۇ كۆرگىلى بولىدىغان بىر ئېدىرلىق بار ئىدى. ھەم ئېگىز، ھەم جىمجىت ئېدىرلىقنىڭ ئۈستىدىن غەلىتە شەكىلدە سېلىنغان بىر بىنا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ بىنا مۇنداقلا قاراشقا كېلتى ئارىلىدىكى تاشتىن قوپۇرۇلغان ئايلانما شەكىللىك سەھنىگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ئېدىرلىق دەل ئادەم ئۆلتۈرىدىغان جايلارنىڭ بىرى ئىدى.

كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، كەڭ كەتكەن ھاك دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە پىششىق خىشتىن قوپۇرۇلغان، تۆپى تەرىپى تۈز، ئالتە تەرەپلىك ھەم يوغان، ھەم ئېگىز نەرسە ئېگىزلىكى بەش چى، كەڭلىكى ئوتتۇز چى، ئۈزۈنلۈقى قىرىق چى كېلىدىغان يوغان ئۆي. بۇ ئۆينىڭ بىرلا ئىشىكى بار، سىرتقى تەرىپى قاشالانغان، يەنە بىر پېشايۋانمۇ بار ئىدى. بۇ پېشايۋان ئۈستىدە ئوتتۇز چى ئېگىزلىكتىكى ئون ئالتە تال تاش

www.uyghurkitap.com

تۈۋرۈك بار ئىدى. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈچى توغرا ياغاچ لىم ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەممە لىمغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆمۈر زەنجىر ئېسىلغان، ھەربىر زەنجىردە بىردىن جەسەت ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. ئەتراپىدىكى تۈز يەردە تاشتىن قوپۇرۇلغان بىر دار ۋە ئىككى جازا سۇپىسى بار. بۇلار خۇددى جازا سۇپىسىدىن تۆت تەرەپكە شاخلاپ چىققاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا مەڭگۈ توختىماي ئۇچۇپ يۈرىدىغان قاغا - قۇزغۇنلار بار، مۇشۇ يەر دەل بىز دەۋاتقان لاچىنتاغ.

15 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئالدىغا 1328 - يىلى ياسالغان دەپ خەت يېزىلغان بۇ قورقۇنچلۇق جازا سۇپىسى ئوبدانلا كونىراپ قالغانىدى. توغرا لىملار چىرىپ كەتكەن، تۆمۈر زەنجىرلەرمۇ داتلاشقان، تۈۋرۈكلەرمۇ يېشىل مۇخ بىلەن قاپلانغان، شېغىل تاشلىق يول يېرىلغان، ئۇزاقتىن بېرى ھېچكىم مېڭىپ تۇرمىغاچقا، ياۋا ئوت - چۆپلەر پېشايۋانغا قەدەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى. كۆككە تاقاشقاندەك تۇرىدىغان بۇ بىنانىڭ تۇرقى تولىمۇ سۈرلۈك ئىدى. كېچىلىرى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ئاينىڭ يورۇقىدا ئاقىرىپ كەتكەن باش سۆڭەكلىرى پارقىرايتتى. كېچىدىكى ئىزغىرىن شامالدا تۆمۈر زەنجىر بىلەن قۇرۇپ كەتكەن جەسەتنىڭ سۆڭىكى بىر - بىرىگە سوقۇلاتتى، قاراڭغۇ كېچىدە توختىماي مىدىرلايتتى. جازا سۇپىسى بولغاچقا، بۇ ئەتراپ ئىنتايىن سۈرلۈك كۆرۈنەتتى.

ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان بۇ بىنانىڭ ئۇلى بوش بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە گەمە قېزىلغانىدى. ئىشىك ئورنىغا ئېگىلىپ كەتكەن مايماق - سايماق تۆمۈر كاتەكچە ئورنىتىلغان، ئۇنىڭ ئىچىگە تاشلانغانلىرى يالغۇز لاچىنتاغدىكى تۆمۈر زەنجىرلەردىن چۈشۈرۈلگەن جەسەتلەرلا ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭغا پارىژنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ئورنىتىلغان داردا ئۆلتۈرۈلگەن بەختسىز ئادەملەرنىڭ جەسەتمۇ تاشلىناتتى. بۇ چوڭقۇر

گەمىنىڭ ئىچىدە تالاي ـ تالاي جەسەت چاڭ ـ توزانغا ئايلىناتتى. دۇنيادىكى نى ـ نى ئۇلۇغ شەخسلەر، تالاي گۇناھسىز ئادەملەر ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان جىنايەت بىلەن بىللە چىرىپ تۈگەيتتى. ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى ئۆزۈكسىز رەۋىشتە مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنەتتى. بىرىنچى بولۇپ لاچىنتاغدىكى بۇ گوداڭغا تاشلانغىنى ئېنگۇئېراندې مارىگنى ① بولۇپ، ئۇ ھەق گەپنى قىلىدىغان راستچىل بىر ئادەم، ئەڭ ئاخىرىدا ئېلىپ كېلىنگىنى ئادمىرال گولىگنى ② بولۇپ، ئۇمۇ ئوخشاشلا پەزىلەتلىك، ھەققانىي ئادەم ئىدى.

كۋاسىمدونىڭ سىرلىق ھالدا غايىب بولۇپ كەتكەنلىكى دەل بىز بۇ يەردە بايقىغان يەنە بىر ۋەقە ئىدى:

ئالاھازەل مۇشۇ ھېكايە سادىر بولۇپ، ئىككى يىل ياكى ئون سەككىز ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئادەملەر گەمىدىن ئولىۋېر دايمىنىڭ جەسىتىنى ئىپىشقا باردى. ئۇ ئىككى كۈن ئىلگىرى دارغا ئېسىلغان، كېيىن چارلېز Ⅷ نىڭ مەرھەمىتى بىلەن ساينت لاۋرېنتقا يۆتكەپ، ياخشى ئادەملەر بىلەن بىر يەرگە كۆمۈشكە كەچۈرۈم قىلىنغانىدى. ئادەملەر قورقۇنچلۇق ئىسكىلىت سۆڭەكلەرنىڭ ئارىسىدىن يەنە بىر جەسەتنى مەھكەم قۇچاقلىغان پېتى ياتقان بىر جەسەتنى ئۇچراتتى. ئۇ بىر قىزنىڭ جەسىتى ئىدى. تىتىلىپ كەتكەن كىيىمىنىڭ پارچە ـ پۇرات يىرتىقلىرىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئاق رەختتىن تىكىلگەن كىيىم ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇلار قىزنىڭ بوينىغا مەرۋايىت مارجان ئېسىلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يېشىل يىپەك قاپچۇقنىڭ چىگىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار قاپچۇقنى ئېچىپ قاراپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچ نەرسە يوق ئىدى. بۇ نەرسىلەر

① مارىگنى (1260 ــ 1315) ــ فىلىپ زامانىسىدا فىرانسىيەنىڭ مالىيە ئەمەلدارى بولغان. كېيىن لاچىنتاغدا ئۆلتۈرۈلگەن.

② گولىگنى ــ چارلېز Ⅸ پروتېستانتلارنى قىرغىن قىلغاندا ئۆلتۈرۈلگەن ۋە جەسىتى لاچىنتاغقا تاشلىۋېتىلگەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھېچقانچە پۇلغا يارىمايدىغان بولغاچقا، جاللاتلار شۇ پېتى قويۇپ قويغاندەك قىلاتتى. بۇ جەسەتنى قۇچاقلاپ ياتقىنى ئەر كىشىنىڭ جەستى بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ مايماق ئىكەنلىكىنى، بېشىنىڭ ئىككى مۈرىسىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى، بىر پۇتىنىڭ يەنە بىر پۇتىنىڭكىدىن قىسقىلىقىنى بىلدى. ئۇنىڭ بويىدا ھېچقانداق زەخىم ئىزى يوقلۇقىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ دارغا ئېسىلمىغانلىقىنى جەزم قىلىشقا بولاتتى. بۇ ئەر ئۆزى مۇشۇ يەرگە كەلگەن ۋە مۇشۇ يەردە ئۆلۈپ قالغاندەك ئىدى. ئادەملەر ئۇنى ئۇ قۇچاقلىۋالغان قىزنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرىدىن ئاجرىتىۋەتمەكچى بولۇپ بىر ياققا ئۆرۈۋىدى، جەسەت چاڭ ـ توزانغا ئايلىنىپ كەتتى.

بۇ كىتاب گۇاڭجۇ نەشرىياتىنىڭ 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2006 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据广州出版社2006年12月第1版，2006年12月第1次印刷本翻译出版。

# پارىژ بۈۋى مەريەم چىركاۋى

ئاپتورى: ھيۇگو (فىرانسىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئىمىن ئەھمىدى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئازات ئالماس
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر ، زەمىرە
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 27.5
نەشرى: 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2011 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 3000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 14230 - 9
باھاسى: 73.00 يۈەن